«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (0392)
"东风工程" 图书出版项目之 0392

شى نەيئەن  لو گۇەنجۇڭ

# سۇبويىدا

1



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شى نەيئەن
لو گۇەنجۇڭ

# سۇبويدا

1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

水浒传：插图版.1：维吾尔文 /（明）施耐庵著；《水浒传》翻译小组译. — 2版. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.8
ISBN 978 - 7 - 228 - 15829 - 4

Ⅰ.①水… Ⅱ.①施… ②水… Ⅲ.①章回小说—中国—明代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.① I242.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第201891号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾尔肯·希力甫 |
| 编　　辑 | 包维汉、阿布力米提·伊明 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提 |
| 特约校对 | 伊里亚斯·热依弥 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐市科恒彩印有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 25.25 |
| 插　　页 | 16 |
| 版　　次 | 2012年9月第2版 |
| 印　　次 | 2012年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-13600 |
| 定　　价 | 43.00 元（第一册） |




ئۇندەكچى سۇڭ جياڭ

www.uyghurkitap.com



بوز تۆلپار لۆ جۆنيى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



موللا تاپقاق ۋۇ يوڭ




پەلەك ئەجدىھاسى گوڭسۇن شېڭ

www.uyghurkitap.com




ئۇزۇن قىلىچ گۇەن شېڭ




قاپلانباش لىن چۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




قوش يارما دەستىلىك خۇ يەنجو



كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ

www.uyghurkitap.com




كىچىك قۇيۇن چەي جىن



گۆلدار شەيخ لۇ جىشېن



دەرۋىش ۋۇ سۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




قوش نەيزىلىك پالۋان دۇڭ پىڭ




www.uyghurkitap.com


武行者醉打孔亮
錦毛虎義釋宋江
成偉繪

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى (تۆۋەندە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دېيىلىدۇ) دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تەدبىر ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى. «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» نى داۋاملىق يولغا قويۇش مەركەزنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى نەشرىياتچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئىلغار ئىدىيەنى تەشۋىق قىلىدىغان، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان، زامانىۋى مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان، ئاساسىي قاتلام ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسى قۇرىدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

نەشر بۇيۇملىرىنى ھەقسىز تەقدىم قىلىش «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر (بازار) مەھەللىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق ئالتە خىل تىل ـ يېزىقتا سىياسىي ـ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، بالىلار ئوقۇشلۇقى ۋە

باشقىلاردىن ئىبارەت ئالتە چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەم ئاساسىي قاتلامغا تەقدىم قىلىندى. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىي لىنىيە، «ۋەتەننى - شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش - تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش - ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش - ئىلگىرىلەش» نى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت شىنجاڭ روھى نىشان، «ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت، ھەر مىللەت ئاممىسى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، قوللىنالايدىغان بولۇش پىرىنسىپ قىلىندى. بىز بۇ نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، رەسىملىك ھەم ئاۋازلىق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتۇق، ئىلمىي، قوللىنىشچان، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشنى گەۋدىلەندۈردۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەنزىل، يېڭى نەزەر دائىرىسىنى قوزغاپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنى ئىجتىمائىي ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلدۇق.

بىز «شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» نەشر بۇيۇملىرىنى ھەقسىز تارقىتىش تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھەقسىز تەقدىم قىلىنىدىغان تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى يەنىمۇ قاندۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى «شەرق شاملى
قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# نەشرىياتتىن

«سۇ بويىدا» رومانىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى ئەخمەت پاسار، غۇلام غوپۇر، پېك زوڭلۇ، تيەن شىباۋ، كې پېيلىن، غۇپۇرجان، ئابلەخەت ئىبراھىم قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپتى.

بۇ رومانىنى تەرجىمە قىلىشقا يەنە ئەنۋەر لېتىپ، ئالىمجان قادىر، ئىسمائىل ئىبراھىم، ياسىن، لوقمان، تۇرسۇن پالتا، جۇجيەنخۇا، ۋەلى، ئابدۇراخمان مۆمىن، دىڭ شېڭخۇا، مەمتىمىن، ئەسخەت، ئابدۇرۇسۇل راخمان، بېيەن يۈفۇ، ئابلا جۇمە، ئىبراھىم نىياز، ئوبۇلقاسىم، ۋايىتجانلارمۇ قاتناشتى.

بۇ رومانىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، مىللەتلەر نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئادەم ۋە ماتېرىيال جەھەتتىن قىزغىن ياردەم بەردى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ ئورۇنلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

1985 ـ يىلى، ئىيۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

## نەزم

خالىي ـ پىنھان شۇ قىرائەتخانىغا سالساڭ نەزەر،
جەم بولۇشقان شۇندا كۆپلەپ ئەھلى موللا مۆتىۋەر.
شانۇ شۆھرەت، مالۇ دۇنيالارغا بەرمەي مەيلىنى،
تەۋرىتىپ قەلەم، ياراق ئەھلىنى مازاق ئەيلىشەر.
كونا ھەم يېڭى ۋە يا چىن ـ ساختا شاھلار ئۈستىدە،
ئورتا ئىقلىمنى سوراپ، ئالەمنى مالەم ئەيلىگەن ــــ
يەتتە شەھرىيات ھەققىدە قىسسە ـ چۆچەك سۆزلىشەر.
ھالى ئەلنىڭ خۇددى زىلۋا تال ـ چىۋىقلارغا مىسال،
ئەمدى چوكانلار دېگەندە سارغىيىپ بولدى بەتتەر.
سەل ئېلىپ كەتكەن تۇراقسىز سال ـ قېيىقلاردەك گويا،
تاپمىدى شاھلار ئەمىنلىك، ئەگىشىپ ھەردەم خەتەر.
بەزىلەر بولدى سازاۋەر نامۇ شۆھرەت بەھرىگە،
بەزىلەر بولدى تەمەگەر نامۇ شۆھرەت ۋەسلىگە.
نامۇ شۆھرەتتىن ۋە لېكىن كۆپ كىشى قىلدى ھەزەر،
ئولتۇرۇپ ئاي ئەلدە بىردىن قالمىدى نۇردىن ئەسەر.
ئۆزگىرىپ زامان، قۇرۇپ سۇ، قالدى چۆلدەپ ھەممە يەر،
كىمدۇر ئاخىر ئۇۋۇلماق بولدى دەرەخلەردىن بېلىق①.
ئۇركۈگەن مايمۇنغا ئوخشاش قالدى مەڭدەپ بەزىلەر ــــ
كۆرسىلا ئەگمەچ ياغاچنى قاچتى ئوقيا دەپ بەدەر.
شۇڭا ئەۋزەل كۆردى مەينى، بولدى خۇشتار نەغمىگە،

① دەرەختكە چىقىپ بېلىق ئۇۋلاش ــــ خەنزۇ خەلقىنىڭ تەمسىلى.

كەيپ ـ ساپا سۇرمەكچى بولدى ھەممىدىن قەتئىينەزەر.

## غەزەل

يېغىلىق سۇردى بەش دەۋران[1]، قىلىپ ئەلنى تولا سەرسان،
تاراپ ئاخىر بۇلۇت ـ مانان، چۈمۈلدى نۇرغا يەر ـ ئاسمان.
گىياھ ـ ئورمان ئېمىپ زۇمرەت، ياشاردى باشقىدىن ھەيۋەت،
ياساندى كەڭ ۋەتەن باغرى تېپىپ بىرلىك بىلەن ئىمكان.
يۇرەر ئارقا كوچا ئەھلى كېيىپ يەكسەر تاۋار ـ دۇردۇن،
ئۇچار قەسىر ـ بىنالاردىن خۇشال نەغمە ـ ناۋا ھەريان.
زامان بولدى ئاسايىشلىق، ئۇرۇش ـ جاڭجال تۈگەپ ئاخىر ——
گۈلىستاندا كۈلەر بۇلبۇل، پاراغەتتە جىمى ئىنسان.

ئەلقىسسە، بۇ سەككىز مىسرا غەزەلنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىقۇتى سۇڭ شېنزۇڭ ئوردىسىدىكى شاھ ئۇرۇقىدىن بولغان، تەرىقەت بابىدا تەقۋادار تەقسىر دەپ نام ئالغان ياۋ فۇ ئاتلىق بىر داڭدار ئۆلىما يازغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بەش دەۋردە ئەل ئارىسىدا توختىماي بولۇۋاتقان يېغىلىقتىن نالە قىلغان. چۈنكى، ئۇ زامانلار ئەتىگەنلىكى لياڭ خانلىقى ھۆكۈم سۇرسە، كەچلىكى جىن خانلىقى دەۋران سۈرىدىغان زامانلار بولۇپ، بەئەينى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرگە لايىق ئىكەن:

ئۆتتى شاھلار جۇ، لى، شى، ليۇ، گو ئاتلىق،
قۇرۇپ لياڭ، تاڭ، لىن، خەن، جۇ دەپ خاقانلىق؛
دەۋران سۇردى ئىلگىرى ـ ئاخىر ئون بەش شاھ،
تېرىپ ئەلگە ئەللىك يىللىق سەرسانلىق !

كېيىنكى چاغلاردا تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، چەۋەنداز

① بەش دەۋران —— كېيىنكى لياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ سۇلالىلىرى.

ئەزىمەتلەر بارگاھىغا بوۋا كالان ۋۇدىي خاننى ئاتا قىلغان. بۇ مۇقەددەس زات دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئالەم نۇرغا چۆمۈلگەن، كېچەيۇ كۈندۈز ئاجايىپ ئېسىل خۇش پۇراقتا تولغان، ئەرشتىن گۈلدۈرماما مالائىكىسى چۈشكەن، ئۆزى باتۇر ھەم غەيۇر، ئەقلى دېڭىز، پەمى چەكسىز بۇ تەڭرىقۇتقا تەڭداش بولالىغۇدەك خان ـ پادىشاھ تائەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بويىچىلىك بىر گۈرزە بىلەن جەڭ قىلىپ، سان ـ ساناقسىز يۇرت ـ ئايماقنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان. بۇ تەڭرىقۇت ئالەمنى تازىلاپ ئوتتۇرا ئىقلىمنى تىنچىتقان، ئۇلۇغ سۇڭ دۆلىتىنى قۇرۇپ، بيەنلياڭ شەھىرىنى ئاستانە قىلغان، توققۇز خانلىقتىكى سەككىز پادىشاھنىڭ چوڭى بولغان بۇ زات تۆت يۈز يىللىق پادىشاھلىقنىڭ ئۇلىنى قۇرغۇچى شاھىنشاھ بولۇپ ئۆتكەن. شۇ ۋەجىدىن يۇقىرىدىكى شاۋ ياۋفۇ ھەزرەت گويا شۇ زاماندا پۇقرالار قايتىدىن كۈن نۇرىنى كۆردى، دېگەندەك قىلىپ: «تاراپ ئاخىر بولۇت ـ مانان، چۆمۈلدى نۇرغا يەر ـ ئاسمان» دەپ مەدھىيە ئوقۇغان. شۇ كەملەردە كۈنپېتىشتىكى خۋاشەن دېگەن تاغدا پەلەكنىڭ ئۆرگۈلۈپ ـ چۆرگۈلۈشىگە ھۆكۈم قىلالايدىغان چېن تۇەن ئاتلىق بىر پەرزانە زاھىت ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئېشەكلىك تاغدىن چۈشۈپ، خۋايىنداۋ يولىدا كېتىۋاتسا، يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە: «ھازىر كۈنچىقىش ئاستانىدە پادىشاھ چەي شىزۇڭ ئۆز تەختىنى مۇپەتتىش جاۋ كۇاڭيىنغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ» دېيىشىۋاتقۇدەك. چېن تۇەن ھەزرەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي قاپتۇ، ئۇ پېشانىسىنى تۇتۇپ، شۇنداق كۈلۈپتۇكى، ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشكىنىنى تۇيماي قاپتۇ. خەقلەر ۋاي، نېمە بولدىلا دېسە، بۇ ھەزرەت: «مانا ئەمدى جاھان تىنچىيدىغان بوپتۇ، بۇ دەل تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە، تەرىقەت يولىغا، پۇقرانىڭ كۆڭلىگە باب كېلىدۇ» دەپتۇ.

جاۋ كۇاڭيىن مايمۇن يىلى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغان،

ئون يەتتە يىل دەۋر سۈرۈپ، جاھان تىنچىغاندىن كېيىن تەختنى ئۆز ئىنىسى تەيزۈڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. تەيزۈڭ خان يىگىرمە ئىككى يىل دەۋر سۈرۈپ، تەختنى جېنزۇڭ خانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. جېنزۇڭ بولسا رېنزۇڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

رېنزۇڭ خان ئەرشتىكى يالاڭ ئاياغ مالائىكىنىڭ ئۆزى بولۇپ، دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ كېچەيۇ كۈندۈز توختىماي يىغلاپتۇ، شۇڭا ئوردا ئۈنى داۋالايدىغان تېۋىپ ئىزدەپ خانلىق ئېلانى چىقىرىپتۇ. تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، زۆھرە يۇلتۇزنى بىر قېرى بوۋاينىڭ قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، زېمىنغا ئەۋەتىپتۇ. بوۋاي ئېلاننى سويۇپ ئېلىپلا: «شاھزادىنىڭ يىغىسىنى مەن توختىتالايمەن» دەپتۇ. ئېلاننى باقىدىغان سىپاھ ئۇنى ئوردىغا باشلاپ بېرىپ، جېنزۇڭنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ، تەڭرىقۇت ئۇنى چاھارباغقا كىرىپ شاھزادىنى كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. بوۋاي ئۇدۇل چاھارباغقا كىرىپ، شاھزادىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. شاھزادە شۇ زامان يىغلاشتىن توختاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بەرمەي، سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ نېمىلەرنى پىچىرلىغان؟ ئۇ: «قەلەمدارلىق ئىشلىرىدا قەلەم مالائىكى يار بولغۇسى، ئەلەمدارلىق ئىشلىرىدا ئەلەم مالائىكى» دېگەن گەپلەرنى پىچىرلىغانىكەن. دەرۋەقە، تەڭرىتائالا كەۋكەبىستان① دىن ئىككى يۇلتۇز مالائىكىنى بۇ تەڭرىقۇتقا يار قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. قەلەم مالائىكىسى جەنۇبتىكى كەيفېڭ دىيارىنىڭ ئامبىلى ھەم شاھ دىۋانىنىڭ باش مىرزىسى باۋچىڭ، ئەلەم مالائىكىسى بولسا توبباقلار② ئېلىنى ئىستېلا قىلغان باش سەركەردە دى چىڭ ئىكەن. بۇ ئىككى دانىشمەننىڭ يار –

① كەۋكەبىستان — يۇلتۇزلار دۇنياسى، كۆچمە مەنىدە تەڭرى ۋە پادىشاھنىڭ دەرگاھى.

② توبباقلار — سۇڭ دەۋرىدە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدا ۋە گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان شەنبى قەبىلىسى. ئۇلار ئۆزىنى «توبباق» (توپا، تۇپراق پەرزەنتى) دەپ ئاتىغان.

ھەمدەملىكىدە، بۇ خان قىرىق ئىككى يىل دەۋران سۈرۈپ، يىلنامىنى توققۇز قېتىم ئۆزگەرتكەن. تيەن شېڭنىڭ بىرىنچى (توڭگۇز) يىلى سەلتەنەت تەختى تىكلەنگەندىن تارتىپ، تيەن شېڭنىڭ توققۇزىنچى يىلىغىچە ئەلگە ئامانلىق، يۇرتقا ئاۋاتلىق يار بولۇپ، ئاشلىق ـ زىرائەتتە ئەلۋەكچىلىك، پۇقرادا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، يولدا ئالتۇن ياتسا ھېچكىم كۆز قىرىنى سالمايدىغان، كېچىسى ئىشىكلەر تاقالمايدىغان بولغان. بۇ توققۇز يىل «بىرىنچى مەمۇرچىلىق زامان» دەپ ئاتالغان؛ مىڭداۋنىڭ بىرىنچى يىلىدىن خۇاڭيۇنىڭ ئۈچىنچى يىلىغىچە بولغان توققۇز يىلمۇ باياشاتلىق يىللىرى بولغاچقا، «ئىككىنچى مەمۇرچىلىق زامان» دەپ ئاتالغان؛ خۇاڭيۇنىڭ تۆتىنچى يىلىدىن جيايۇنىڭ ئىككىنچى يىلىغىچە بولغان توققۇز يىل ئىچىدە زىرائەتلەر تازا ئوخشىغاچقا، «ئۈچىنچى مەمۇرچىلىق زامان» دەپ ئاتالغان. ئۇدا ئۈچ يەردە توققۇز يىگىرمە يەتتە يىل «ئۈچ مەمۇرچىلىق زامان» دەپ ئاتالغان.

شۇ زامانلاردا پۇقرالار شاد ـ خۇرام كۈن كەچۈرگەن، بىراق ئۇن كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بارلىقىنى كەم ئويلىغان دېيىسىز. جيايۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئەتىيازدا ئەلگە ۋابا تارقىلىپ، جياڭنەندىن تاكى ئىككى ئاستانە① گىچە خەلققە ۋابا تەگمىگەن بىرمۇ جاي قالمىغان، ۋابا توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كۈنچىقىش ئاستانىگە يۇرت ـ يۇرتتىن خۇددى قار ئۇچقۇنىدەك ئۈست ـ ئۈستىلەپ كېلىپ تۇرغان. ئەمدى كۈنچىقىش ئاستانىگە كەلسەك، شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ تەڭ نىسپىدىن كۆپرەكى ھالاك بولغان. كەيفېڭ دىيارىنىڭ ئامبىلى، خان مەسلىھەتچىسى باۋ چېڭ ئۆزى پۇقراغا خەيرخاھلىق قىلغان ۋە دورا قەغىزى تارقاتقان، ئۆز ھەققىگە دورا تەييارلىتىپ، پۇقرانى داۋالىتىپ ساقايتماقچى بولغان

① ئىككى ئاستانە ـــ سۇڭ دەۋرىدە كەيفېڭ كۈنچىقىش ئاستانە، لوياڭ كۈنپېتىش ئاستانە ئىدى.

بولىسمۇ، نەدىكىنى، ۋابا تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەن. ھەممە قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلار ئاتايىتەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ۋابانى تۈگىتىش توغرىسىدا تەڭرىقۇتقا ئەرز ئېيتىش مەسلىھەتىگە كېلىپ، قوبۇلخانىغا جەم بولۇپ، ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىمگە ھازىر بولۇشقان. مۇبادا ئاشۇ ۋەقە بولمىغان بولسا، ئوتتۇز ئالتە ساماۋى ئەختەر، يەتمىش ئىككى زېمىنىي ئەپتەر① ئەرشتىن چۈشۈپ سۈك پادىشاھلىقىنىڭ ئىقلىمىنى زىلزىلىگە سالمىغان، چاۋ خانىدانلىقىنىڭ تەخت ـ بەختىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلمىغان بولاتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

بارچە بەندە ئېرىشىپ ئاللا ئىگەمنىڭ رەھمىگە،
ئۈچ زامان مەمۇرچىلىق يەتكەندە شادلىق چېكىگە.
كۆنۈكۈپ قالغاندا ئەل ئەدەپ ۋە ئەردەم نەغمىگە،
جەڭ ـ تالاشمۇ چىقتى بىردىن سالدى ئەلنى رەنجىگە.
سۇ بويىغا توپلىنىشتى مەردۇمەردانلار كېلىپ،
ئەزىمەتلەر بولدى جەم لياڭشەن كۆلىنىڭ لېۋىگە.
يا ئامانلىق ـ يا يېغىلىق، يا روناقلىق ـ خارابلىق —
بارچە قىسمەت خاس ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ ئىلكىگە.

---

① ئەپتەر — تويىن بۇددا ۋە داۋ دىنلىرىنىڭ ئادىتىدە ئاسماندىكى ھەربىر يۇلتۇزغا بىر مالائىكە سۈپىتىدە بەيئەت قىلىنىدۇ. «سۇ بويىدا» رومانىدىكى بىر يۈز سەككىز شەخس شۇ دىنىي ئادەت بويىچە ساماۋى ئەختەر (ئاسماندىكى غەزەپ يۇلتۇزى) ۋە زېمىنىي ئەپتەر (يەردىكى قەھرلىك يۇلتۇز) دەپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
جاڭ ئەۋلىيانىڭ ۋاباغى دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن تۈگەتكەنلىكى
خۇڭ ئەمىرنىڭ ئۇقۇشماي دىۋىلەرنى قاچۇرىۋەتكەنلىكى
ئىككىنچى باب ........................................ 22
ۋاڭ مەشقاۋۇلنىڭ يەنئەن دىيارىغا قېچىپ كەتكەنلىكى
ئەجدىھا يىگىتنىڭ شىجاسۇندا پوپاڭ كۆتۈرگەنلىكى
ئۈچىنچى باب ........................................ 70
غوجىزادە شى جىننىڭ كېچىلەپ خۇايىن ناھىيەسىدىن قاچقانلىقى
باقاۋۇل لۇ داناڭ غەرب غوجىسىنى ئۇرۇپ دۇمبالىغانلىقى
تۆتىنچى باب ........................................ 97
جاۋ تۆرىنىڭ مانجۇسرى بۇتخانىسىنى ئوڭلىتىپ بەرگەنلىكى
لۇ جىشىننىڭ ۋۇتەيشەن تېغىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلغانلىقى
بەشىنچى باب ........................................ 137
سولتەك زومىگەرنىڭ قىز كۆشۈگىگە مەست كىرگەنلىكى
گۈلدار شەيخىنىڭ شاپتۇللۇقنى مالىماتاڭ قىلغانلىقى
ئالتىنچى باب ........................................ 165
ئەجدىھا يىگىتنىڭ قىزىل قارىغايلىقتا يول توسۇپ
بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكى
لۇ جىشىننىڭ چىنە تاۋۇت بۇتخانىسىغا ئوت قويۇپ
كۆيدۈرىۋەتكەنلىكى
يەتتىنچى باب ........................................ 190
گۈلدار شەيخىنىڭ مەجنۇنتالنى يۇلۇپ تاشلىغانلىقى
قاپلانباشنىڭ شىرمەتلەر سارىيىغا كىرىپ قالغانلىقى
سەككىزىنچى باب ........................................ 215
لىن مەشقاۋۇلنىڭ ساڭجۇ ئايمىقىغا پالانغانلىقى

لۇ جىشىنىڭ قاۋانلىقتا كارامەت كۆرسەتكەنلىكى
توققۇزىنچى باب ........................................ 235
چەي جىنىنىڭ جاھان نوچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى
لىن چۇڭنىڭ خۇڭ مەشقاۋۇلىنى دۇمبالىغانلىقى
ئونىنچى باب ........................................ 262
لىن مەشقاۋۇلىنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى
پايلاقچى لۇ چيەنىنىڭ سامانلىقتا ئوت قويۇۋەتكەنلىكى
ئون بىرىنچى باب ........................................ 282
جۇگۇيىنىڭ سۇ بويىدىكى شىپاڭدا بەلگە ئوقى ئاتقانلىقى
لىن چۇڭنىڭ شىۋىرغانلىق كېچىدە لياڭشەنگە چىققانلىقى
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 305
لىن چۇڭنىڭ لياڭشەن كۆلىدە غەلىميانچى بولۇپ قالغانلىقى
ياڭ جىنىڭ كۇنچىقىش ئاستانە بازىرىدا زۇلپىقار ساتماق
بولغانلىقى
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 323
چاپاۋۇلىنىڭ كۇنچىقىش دەرۋازىدا شۆھرەت تالاشقانلىقى
مەڭلىك ياۋىنىڭ يۇقىرى ئاستانىدە گۇمپا سىناشقانلىقى
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 343
قىزىل چاچ شەيتاننىڭ شاپائەت بۇتخانىسىدا مەست بولۇپ
يېتىپ قالغانلىقى
چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ كۇنچىقىش مەھەللىسىدە مەرد ئوغلان
بىلەن تېپىشقانلىقى
ئون بەشىنچى باب ........................................ 364
ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ رۇەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقاننى تويقا
قېتىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقى
گۇڭسۇن شېڭنىڭ يەتتە تىكەن بېشارىتى بىلەن ئۆزىنى مەردلىككە
ئاتىغانلىقى
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 389
ياڭ جىنىڭ ئالتۇن - كۇمۇش كارۋىنىنى ئېلىپ ماڭغانلىقى
ۋۇ يۇڭنىڭ مەۋلۇت سوۋغىسىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 417

گۇلدار شەيخنىڭ ئېرلۇڭشەن تېغىنى يەكتەن ئالغانلىقى
مەڭلىك ياۋىنىڭ مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنى جۇيپتەن ئالغانلىقى

ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 445
كۆركە ساقالنىڭ قاناتلىق يولۋاسنى مەلىكە قىلغانلىقى
سۇڭ دانىشنىڭ چاۋ گەي ھەزرەتنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكى

ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 471
لىن چۇڭنىڭ كۆل تۇرادا سوقۇشقانلىقى
چاۋ گەينىڭ لياڭشەندە كۆل تۇرانى ئىلكىگە ئالغانلىقى

يىگىرمىنچى باب ........................................ 497
لياڭشەن كۆلى بويىدىكى مەردلەرنىڭ چاۋ گەينى تەختكە چىقارغانلىقى
ليۇ تاڭنىڭ يۈنچېڭ ناھىيەسىدىن ئايدىڭ كېچىدە يولغا سېلىنغانلىقى

يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 527
قېرى دەللالنىڭ مەستلىكتە تاڭ نيۇرنى ئۇرغانلىقى
سۇڭ جياڭنىڭ ئاچچىقىدا يەن پوشىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................................ 555
يەن كەمپىرنىڭ يۈنچېڭ يامۇلىدا غوۋغا چىقارغانلىقى
جۇ تۇڭنىڭ مەردلىك قىلىپ سۇڭ دانىشنى قويۇۋەتكەنلىكى

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 577
خېڭخەي تەۋەسىدە چەي جىنىنىڭ مېھماندارچىلىق قىلغانلىقى
جىڭياڭ داۋىنىدا ۋۇ سۇڭنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەنلىكى

يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................................ 601
ۋاڭ كەمپىرنىڭ پۇل ـ مالنى دەپ دەللاللىق قىلغانلىقى
يۈن گېنىڭ ئاچچىقىغا چىدىماي چايخانىدا جېدەل چىقارغانلىقى

يىگىرمە بەشىنچى باب ........................................ 659
ۋاڭ كەمپىرنىڭ شى مېنچىڭغا يامانلىق ئۆگەتكەنلىكى
پاھىشە خوتۇننىڭ ۋۇ دا چوڭغا ئوغا بەرگەنلىكى

يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................................ 681
خې جيۇشۇنىڭ دەپنە ئۈستىدە جەسەت سۆڭىكىدىن بىر پارچىنى سۇقۇۋالغانلىقى

كەنجىۋاي ۋۇ سۇڭنىڭ كېسىك باش بىلەن نەزىر - چىراغ قىلغانلىقى
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................................ 712
چىشى يەكشانىڭ مېڭجۇ ئۆتىڭدە ئادەم گۆشى ساتقانلىقى
ۋۇ سۇڭنىڭ چاسا داۋاندا جاڭ چىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقى
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................................ 732
ۋۇ سۇڭنىڭ ئامانتۇرانى ھەيۋە بىلەن ئالغانلىقى
شى ئېنىنىڭ ئارامجاڭگالنى مەردلىك بىلەن تارتىۋالغانلىقى
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................................ 750
شى ئېنىنىڭ مېڭجۇ ئۆتىڭنى يېڭىباشتىن ئىلكىگە ئالغانلىقى
ۋۇ سۇڭنىڭ جياڭ مېنشىننى كەيپلىكتە دۇمبالىغانلىقى
ئوتتۇزىنچى باب ........................................ 768
شى ئېنىنىڭ ۋۇ سۇڭنى يوقلاپ ئۈچ قېتىم زىندانغا كىرگەنلىكى
ۋۇ سۇڭنىڭ بۇلۇتلۇق كۆلدە ئىنتىقام ئالماقچى بولغانلىقى

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## جاڭ ئەۋلىيانىڭ ۋاپاتى دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن تۈگەتكەنلىكى
## خۇڭ ئەمىرنىڭ ئۇقۇشماي دىۋىلەرنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، ئۇلۇغ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىقۇتى رېنزۇڭ جىيا يۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلگەن ۋاقىتتا ئالىي قەسرىدىن شاھانە ئورۇن ئېلىپ ھەممە بەگ ـ سىپاھلارنىڭ تاۋاپ ـ تەزىمىنى قوبۇل قىلدى.

### نەزم

شۇڭغۇغان قۇتلۇق بۇلۇتلارغا راۋاق،
قاپلىغان ئالىي قەسرىنى خۇش پۇراق.
تالۇ تۇغلار جور بولۇپ لىغشىتتى مانان ئىچىدە،
يالتىراپ چاقنار ياراغ، شەبنەم كۆلەر گۈل بەرگىدە.
سۇپا تولغان خۇش پۇراق، زىننەت بىلەن،
شاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى تۇردى كېلىپ سۆلەت بىلەن؛
شادىيان نەغمە ـ ناۋا ياڭرار ئىدى،
شاھىغا نۆكەرلىرى ھەميان بولۇپ تۇرار ئىدى.
ئۈنچە پەردە قايرىلىپ بىردىن شۇئان،
قەسىر ئالىي ئىچرە شاھ تەختى ئېنىق بولدى ئايان؛
يەلپۈگۈچ سۇمۇرغ قانات يايغاندا،
تۇردى شاھنىڭ مەپىسى مەرمەر پەلەمپەي ئالدىدا.
شۇك بولۇشقا ئۈچ قېتىم قاققاندا نىزام قامچىسى،
ئىككى رەت تۇردى شۇئان قەلەم ـ ئەلەمدار بارچىسى.

شۇ ئەسنادا دىۋانبېگى جاكارلىدى:
— ئىش - كۈش بولسا بايان ئەيلەڭلار، بولمىسا يېنىڭلار.
ئارىدىن باش ۋەزىر جىياۋجې، مۇشاۋىر ۋېن يەنبو ئالدىغا چىقىپ:
— ھازىر ئاستانىدە ۋابا تارقىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەر ۋە پۇقراغا زىيان - زەخمەت سالدى. ھەزرىتى ئالىيلىرىدىن شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمىزكى، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايلا، جازانى ئازايتىپ، باج - سېلىقنى يېنىكلەتكەيلا، دۇئا - تەكبىر بىلەن بالايىئاپەتنى دەپئى ئېتىپ، پۇقرانى قۇتقۇزغايلا، — دەپ بايان ئەيلىدى.
تەڭرىقۇت بۇ بايانىنى ئاڭلاپ، شۇدەم مىرزىخانىغا پەرمان چۈشۈردى، مىرزىخانا پەرمانغا بىنائەن، يۇرتتىكى بارلىق گۇناھكار - مەھبۇسلارنى كەچۈرۈم قىلىش، پۇقرانى بارلىق ئالۋان - سېلىقتىن ئازاد قىلىش توغرىسىدا يارلىق يېزىپ تارقاتتى، يەنە بىر ياقتىن ئاستانىدىكى خانىقا - ئىبادەتخانىلارغا ئاپەتنى دەپئى ئېتىش يولىدا دۇئا - تىلاۋەت، خەير - ساخاۋەت قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. كىم بىلسۇن، شۇ يىلى ۋابا تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى، تەڭرىقۇت رىنزۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، مۇبارەك كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى، ئۇ دەرھال بەگ - سىپاھلارنى چاقىرىپ، يەنە مەسلىھەت سورۇنى تۈزدى. ئارىدىن بىر ۋەزىرئەزەم ئىلتىجا قىلماق بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. تەڭرىقۇت قارىدى، ئۇ مۇشاۋىر فەن جۇڭيەن ئىدى. مۇشاۋىر ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:
— ھالا بۇگۈنكى كۈندە ئاپەت ئۇلغىيىپ، لەشكەر ۋە پۇقرانى نابۇت قىلماقتا، ئۇلارنىڭ كۈن ئۆتكۈزمەككە ئامالى، جان بېقىشقا مادارى قالمىدى. كەمىنىلىرى كالتە پەم بولسامۇ بىر تەكلىپىم بار: بۇ بالايىئاپەتنى دۇئا - تىلاۋەت بىلەن دەپئى قىلماق ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋارىسى بولغان ئەۋلىيانى كېچىلەپ ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئاستانىدىكى خاس ھەرەمدە

www.uyghurkitap.com

ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز مالائىكىگە ئاتاپ كاتتا دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈپ، تەڭرىگە مۇناجات قىلساق، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بەندىلەرنى ۋابادىن خالاس قىلغىلى بولارمىكىن، ـــ دەپ ئىلتىجا قىلدى.

تەڭرىقۇت رىنزۇڭ بۇ ئىلتىجانى ماقۇل كۆرۈپ، دەرھال باش مىرزىغا پەرمان چۈشۈردى، ئۇ پەرمانغا بىنائەن بىر يارلىق يېزىپ چىقتى، تەڭرىقۇت شاھانە قەلىمى بىلەن يارلىققا نامىشەرىپىنى پۈتتى. بىر باغلام شاھانە كۈجە كەلتۈرۈلدى، ئىچكى ـ تاشقى ئىشلار قازىكالانى ۋە دىۋان ئەمىرى خۇڭ شىننى ئەلچىلىككە تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا جياڭشىنىڭ شىنجۇ ئايمىقىدىكى لۇڭخۇشەن تېغىغا بېرىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋارىسى بولغان دەرۋىش كالان ئەۋلىيا جاڭ داۋلىننى كېچىلەپ ئوردىغا كېلىپ، ۋابانى دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن دەپئى قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى تاپىلىدى، پادىشاھ شاھانە كۈجە ـ ئىسرىقلار يېقىلغان ئالتۇن قەسىردە ئولتۇرۇپ، شاھانە يارلىقنى ئۆز قولى بىلەن خۇڭ ئەمىرگە تاپشۇردى ۋە يولغا راۋان بولۇشقا ئىجازەت بەردى.

خۇڭ شىن مۇقەددەس پەرماننى ئىلكىگە ئېلىپ، تەڭرىقۇت بىلەن خوشلاشتى ۋە يارلىقنى كۆتۈرۈپ، شاھانە كۈجىنى قولىدا تۇتقىنىچە نۇرغۇن كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلاندى ـ دە، كۈنچىقىش ئاستانىدىن تويتوغرا شىنجۇ ئايمىقىنىڭ گۈيشى ناھىيەسىگە قاراپ يول ئالدى.

## نەزم

ياپيېشىل تاغلار يىراقتىن كۆرۈنەر،
سۈپسۈزۈك سۇلارمۇ كۆزگە ئىلىنەر.
لالىزار ئورمان ئىچى خۇددى قويۇلغان كەشتىلەپ،
زەر كالۋۇتۇندەك چىۋىق سىيپايدۇ يەرنى ئەركىلەپ.
شۇنچە ئىللىق ھەم يېقىملىق ئاب ـ ھاۋا،

گاھى دەڭ، گاھ مەلىلەر ئۇچرايدۇ كۆزگە تاغ ئارا؛
يوللىرى تۈپتۈز بۇ يەرنىڭ شۇنچىلىك،
بار ئۇنىڭ ئۆتەڭلىرى، لەڭگەرلىرى قونساڭ كېلىپ.
ساپ تاۋار - دۇردۇن كىيىپ يۈرگەن كىشى لىق رەستىدە،
ئارغىماقلار يورغىلار ئاستانە يولى كۆكسىدە.

شۇنداق قىلىپ، ئەمىر خۇڭ شىن شاھانە يارلىقنى ئېلىپ، ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن جياڭشىنىڭ شىنجۇ ئايمىقىغا يېتىپ باردى. ئايماقتىكى چوڭ - كىچىك بەگ - سىپاھلار ئۇنى سېپىل سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىشتى ۋە لۇڭخۇشەن تېغىدىكى ئىلاھىيەت خانىقاسىنى باقىدىغان دەرۋىشلەرگە يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەخمۇتەخ تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن شۇ زامان ئادەم چاپتۇردى. ئەتىسى بەگ - سىپاھلار ئەمىرنى لۇڭخۇشەن ئېتىكىگە باشلاپ باردى. ئىلاھىيەت خانىقاسىدىكى نۇرغۇن دەرۋىش داڭ ئۇرۇپ، دۇمباق چېلىپ، كۈجە - ئىسرىق ۋە شام - چىراغلار يېقىپ، تۇغ - ئەلەملەر كۆتۈرۈپ، كۈنلۈكلەرنى تۇتۇشۇپ، ئېسىل شادىيانە نەغمە - ناۋالار بىلەن شاھ يارلىقىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشۈشتى. ئەمىر خانىقانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە خانىقاغا نەزەر سالدى، بۇ دەرھەقىقەت ئىلاھىيەت خانىقاسى دېيىشكە لايىق خانىقا ئىدى!

## نەزم

ئەگرى - بۈگرى قارىغايلار، بۈك - باراقسان ئارچىلار،
ئىشىكىنىڭ بېشىدا شاھانە خەتلىك تاختىلار،
يۈتۈلۈپتۇ قىرغىقىغا تىلتۇمارلىق نامىلار.
گۈل ۋە مەجنۇنتال ئارا پىل - پىل چىقىپ پەشتاقلىرى،
ئارچا - شەمشاد ئىچرە پىنھان دورىگەر ئوچاقلىرى.

www.uyghurkitap.com

سولدا هازىر قوشتۇرۇپ قول پالۋانلار تەگرىگە،
ئوڭدا تەختۇر هۆر ـ غىلمان كەۋكەبىستان ئەمرىگە.
قولىغا شەمشەر ئېلىپ، دەسسەپ يىلان ـ تاشپاقىنى،
تۇرىدۇ شىمال ئىلاھ، پاخما قىلىبان چىچىنى.
كەش ـ ئاياغ كىيگەن پۇتىغا، باشقا كىيگەن كۇلا،
ئەسىر ئەيلەپ ئەپ ئەجدىهانى تۇرىدۇ جەنۇب ئىلاھ.
يىگىرمە سەككىز مالائىكە ئالدى رەتتە سەپ تۈزۈپ،
ئوتتۇز ئىككى تەڭرىقۇت ئارتتا تۇرار قاتارلىشىپ.
سۇپا ئالدىدىن ئۆتەر ئۆستەڭدە سۇلار شارقىراپ،
خانىقانى تۇرىدۇ سۆگەت، گۈزەل تاغلار ئوراپ.
تاجىسى قىزىل ئاناردەك تۇرنىلار پەرۋاز ئېتەر،
قاپلىرى يېشىل گىياھتەك تاشپاقا ھەريان ئۈزەر.
تۇرىدۇ نىمەت بىغىشلاپ شاختا مايمۇنلار قاراپ،
چىشلىگەچ مېھرىگىياھ ئاق بۇغىلار ئوتلار تاراپ.
ئۈچ ئىلاھىيەت خانىقاسى ئىچرە بارچە ئۆلىما،
چالدى ئالتۇن قوڭغۇراقلار، ئوقۇشۇپ ھەمدۇسانا.
«تۆت مۇقەددەس زات» ئويى ئالدىدا بىر دەرۋىش كالان ــ
چالدى سەدەپ چاقچۇقىن باشلاندى تائەتلەر ھامان.
قىپقىزىل چوغدەك يېلىنجاپ ئىسرىقدان سۈپىسى،
چىنە خىش تاملارغا ۋال ـ ۋۇل چۈشتى چاقناپ شولىسى.
بەگ ـ سىپاھلار مۇنبىرى ياقۇت مىسەللىك پارقىراپ،
قىپقىزىل كۈن نۇرى چۈشتى كەھرىۋادەك يالتىراپ.
ئەۋلىيا غۇۋسىلىئەزەمنى ئۈزىتىپ قويغان كەبى،
كۆكتە لەيلەيتتى سەھەردە بەخت ـ سائادەت بۇلۇتى.

شۇ ئەسنادا دەرۋىش كالاندىن تارتىپ بالا دەرۋىش ۋە مۇلازىملارغىچە ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇنى ئۈچ ئىلاھىيەت ئىبادەتخانىسىغا باشلاپ كىردى، ئاندىن پادىشاھ يارلىقىنى ئىززەت بىلەن مېھرابقا ئېلىپ قويۇشنى تەۋسىيە

قىلدى، خۇڭ ئەمىر نازارەتچى دەرۋىش كالاندىن:

— ئەۋلىيايىمىز ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى.

دەرۋىش كالان ئالدىغىراق كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— ئەمىرىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى، بۇ پىر - ئۇستاز پىنھان ئەۋلىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەككە - يېگانە — پىنھان تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. باردى - كەلدى بىلەن خۇشى يوق. شۇڭا، خانىقايىمىزدا تۇرماي، ئۆزى تەنھا لۇڭخۇشەن تېغىنىڭ تۆپىسىدە بىر كەپىنى پاناھ تۇتۇپ، شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنى تەگرىقۇت چاقىرتقانىدى، — دېدى ئەمىر، — قانداق قىلساق كۆرۈشكىلى بولار؟

— ئىجازەت بولسا، — دېدى دەرۋىش كالان، — يارلىق ھازىرچە مۇشۇ ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ تۇرسۇنمىكىن، بىزنىڭ ئۇنى ئېچىپ كۆرۈش ھەددىمىز ئەمەس. مالال كەلمىسە، ئاۋۋال خاناكالاندا داستىخانغا داخىل بولسىلا، ئاندىن مەسلىھەت قىلساق.

شۇ گەپ بىلەن ئەمىر شاھ يارلىقنى ئېلىپ ئۈچ ئىلاھىيەت ئىبادەتخانىسىدا قالدۇرۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ كاتتىلىرى بىلەن بىللە خاناكالانغا كىردى. ئەمىر تۆردە ئولتۇردى، خىزمەتكارلار چاي كەلتۈردى، قۇرۇقلۇقتىن ۋە سۇدىن چىقىدىغان ھەممە نازۇنېمەتلەردىن تەييارلانغان تائام تارتىلدى، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئەمىر دەرۋىش كالاندىن يەنە سورىدى:

— ئەۋلىيايىمىز تاغ تۆپىسىدىكى كەپىدە تۇرىدىغان بولسا، بىرەر كىشىنى چىقىرىپ، چىللاپ چۈشۈرۈپ يارلىقنى كۆرسەتسەك بولمامدۇ؟

— بۇ پىر - ئۇستازىمىز تاغدا بولغىنى بىلەن ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئۇ بۇلۇت - تۇمانلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. بىر ئىزىدا تۇرمايدۇ، بىز پېقىر راھىبلارغىمۇ ئادەتتە ئوڭايلىقچە كۆرۈنۈش بەرمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئادەم

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتىپ چىللاپ چۈشكىلى بولسۇن؟ ــ دېدى دەرۋىش كالان.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى ئەمىر، ــ قانداق قىلساق كۆرۈشكىلى بولار؟ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئاستانىدە ۋابا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. پېقىر تەڭرىقۇتنىڭ ئەمىر - پەرمانىغا بىنائەن، ئەۋلىيانى ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز مالائىكە ھەققىدە كاتتا دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بالايىئاپەتنى دەپئى قىلىپ، پۇقرانى قۇتقۇزۇپ بىرەرمىكىن دېگەن نىيەتتە شاھ يارلىقى ۋە شاھانە ئىسرىق ئېلىپ، چىللىغىلى كەلگەنىدىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ــ تەڭرىقۇت پۇقرانى قۇتقۇزۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئەمىر جانابلىرىمۇ نىيەتلىرىنى ساپ تۇتۇپ، غۇسۇل تاھارەت قىلسىلا، ئاندىن پەرھىز تۇتۇپ، كىيىملىرىنى ماتا كىيىمگە يەڭگۈشلەپ، ھەمراھ ئەگەشتۈرمەي، شاھانە ئىسرىق يېقىپ، شاھ يارلىقىنى ئۆزلىرى كۆتۈرگىنىچە تاغقا پىيادە چىقىپ سەجدە ـ تاۋاپ قىلسىلا، ئاندىن ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشەلەيلا، نىيەتلىرىنى ساپ تۇتمايدىغان بولسىلا، ماڭغان يوللىرى زايە كېتىپ، كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمايلا، ــ دېدى دەرۋىش كالان.

ئەمىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

ــ مەن ئاستانىدىن بۇ يەرگە پەرھىز تۇتۇپ كەلگەن تۇرسام، قانداقسىغا نىيىتىم ساپ بولمىغاي؟ بولىدۇ. سىز دېگەندەك قىلىپ، ئەتە قاق سەھەردە تاغقا چىقاي، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاخشىمى ئەمىرمۇ، باشقىلارمۇ ئارام ئېلىشتى. ئەتىسى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن، دەرۋىشلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، خۇشبۇي سۇ راپ تەييارلاپ، ئەمىرنى يۇيۇنۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. ئەمىر بويىنى سۇغا سېلىپ، يېپيېڭى ماتا كىيىملەرنى كىيدى، پۇتىغا چىگە چورۇق تارتتى، پەرھىز تائام بىلەن ناشتا قىلدى، شاھ يارلىقى ئورالغان ھىلھىلە بوغجۇمىنى يۈدۈپ ۋە شاھانە ئىسرىق پۇرقۇپ تۇرغان كۈمۈش ئىسرىقدانىنى كۆتۈرگىنىچە يولغا چىقتى. دەرۋىشلەر ئۇنى تاغ ئارقىسىغىچە

ئۆزىتىپ بېرىپ، بارار يولىنى كۆرسىتىپ قويىدى.

— ئەمىر، — دېدى دەرۋىش كالان تەكەللۇپ بىلەن، — جىمى پۇقرانى قۇتقۇزماقچى بولغانىكەنلا، ھەرگىز شۇ نىيەتلىرىدىن يانماي، نىيەتلىرىنى ساپ تۇتۇپ مېڭىۋەرسىلە.

ئەمىر دەرۋىشلەر بىلەن خوشلىشىپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، تاغ سايان راۋان بولدى. ئەمىر تاغنىڭ قاپ بېلىگە چىققاندا كۆز ئالدىدا ئاسمانىڭ قەرىگە بوي سوزغان شۇنداق گۈزەل بىر تاغ نامايان بولدى!

## نەزم

تاغ ئاستى پاتقان يەرنىڭ تەكتىگە،
چوققىسى تۇتاش ئاسمان قەرىگە.
كۆرۈنەر چوققا يىراقتىن مىسلى باسقاندەك تۇمان،
ياندىشىپ كەلسەڭ كۆرۈنگەي ئاي پۇتۇپ كەتكەنسىمان.
بىر ئېگىز، بىر پەس كۆرۈنگەن يېرىنى تاغ دەر ئىكەن،
تاش قىيالىق يولىنى ھاڭلىق - چېقىل يەر دەر ئىكەن.
يولى ئەگرى، ساپ گىلاڭ، يالغۇز تۇيۇمدەك تاغلىرى،
ئۈستى تۇپتۇز تۆپىلىك، نامى تاغ چوققىلىرى.
بېشى دۈگىلەك، تۈۋى يايپاڭ تۈرغىنى تاغ تىزمىسى،
خالىي پىنھان جايلىرى يىلپىز ۋە يولۋاس ئۈۋىسى.
ھۇشقىتىپ بوران چىقار جاينى دەيدىكەن قىيا،
خالىي خىلۋەت جايلىرىكىم ئەنبىيالارغا بىنا.
تۆت تامانىدا توسۇق - پاسىلى بار جاي قەسرىكەن،
تاغ جىرا ئوتتۇنچىغا بارار - كېلەر جىم يولىكەن.
كەڭ راۋان يول دەپ ئاتاپتۇ ئات - ھارۋا يولىنى،
شارقىراپ ئاقسا سۇلار جىلغا ئاتاپتۇ غولىنى.
تا قەدىمدىن توختىماي سۇ ئاقسا ئاپتۇ نام ئېرىق،
تاغ قىيادىن تامچىلاپ ئاقار بۇلاق شىرىق - شىرىق.
سول تەرەپ تەسكەي، ئوڭ تەرەپ كۈنگەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

تارقالسا بۇلۇت، يىپلار تۇمان.
بەزى يەرلىرى بىگىزدەك ئۇچلۇق،
بەزى يەرلىرى تىك قىيا داۋان.
بەزى يەرلىرى مۇئەللەق گويا،
بەزى يەرلىرى سىپسىلىق راۋان.
بىرىدىن ـ بىرى كۆركەم چوققىلار،
سۇلار ئويناقلاپ ئاقىدۇ لەرزان.
شارقىراتمىلار شارقىرار تىنىماي،
چىڭگىلىكلەر ساڭگىلاپ تۇرغان.
خىرىس قىلىپ ھۆركىرىسە يولۋاس خۇددى چىقغاندەك بوران،
چىقىرار چىلپەڭزە مايمۇن ئاينى ئۆرىگەندەك يامان.
تاغۇتاشلار سۇرمە سۇركەلگەن بەئەينى قاشتېشى،
قاپلىنىپتۇ كۆك تۇتەككە پەردىدەك ھەممە تامان.

خۇڭ ئەمىر ئۆزى يالغۇز داۋانلار ئاشتى، تۇمشۇقلارنى ئەگىپ ئۆتتى، چىڭگىلىكلەرگە ئېسىلىپ ـ يامىشىپ، ئالاھازەل بىرنەچچە چوققىدىن ئۆتۈپ، ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن پۇتلىرى ئاغرىپ، مادارسىزلىنىپ ھېچ ماڭغۇچىلىكى قالمىدى. ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئىككىلىنىپ: «ئوردىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتىم بار بىر بەگ ئىدىم، ئاستانىدىكى چېغىمدا قاتمۇقات تاۋار كۆرپىلەردە ياتاتتىم، يېيىشىم بەتتە پولۇ ئىدى، ھېچقاچان مۇنداق ھېرىپ ـ چارچاپ، چورۇق كىيىپ، تاغ يوللىرىدا مېڭىپ باققان ئەمەس ئىدىم! ئۇلار ئەۋلىيانىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەندەك بىر بەگ ـ سىپاھنى مۇشۇنچىۋالا جاپاغا سالغىنىنى قاراڭ!» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە قىرىق ـ ئەللىك قەدەم يەرگە بارار ـ بارمايلا غوللىرى كىرىشىپ، دىمى سىقىلىپ ھاسىراپ كەتتى. شۇ ئەسنادا جىلغىدىن قويۇن چىقتى، قويۇن بىلەن تەڭ قارىغايلىقنىڭ ئۇ

تەرىپىدىن ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر سادا چىقتى ـ دە، كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىققان، ئاق قاشقىلىق، توكلىرى يالتىراق بىر يولۋاس ئىتىلىپ چىقىپ كەلدى. خۇڭ ئەمىر قاتتىق چۆچۈپ، «ۋايجان!» دەپ ئۈگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يەر تېگىدىن يولۋاسقا قارىدى، كۆردىكى:

مويلىرى پارقىراق ئەينى ئالتۇن ـ زەر،
ئۇن سەككىز تىرنىقى قاماقتەك شەمەر.
كۆزلىرى چاقماقۇ قۇيرۇقى دەررە،
ئاغزى گوداڭدەك، چىشلىرى خەنجەر.
سوزۇلۇپ دەۋرەيدۇ، ئەلپازى ياۋۇز،
تولغىنىپ ھۆركىرىشى گۈلدۈردىن بەتتەر.
ھەيۋىدىن تاغدىكى تۈلكە ـ توشقانلار،
سايدىكى كېيىكتىن قالمىغاي ئەسەر.

ھېلىقى يولۋاس خۇڭ ئەمىرگە تىكىلىپ، ئۇيان ئىرغىپ، بۇيان ئىرغىپ بىر ھازا خىرىس قىلغاندىن كېيىن تاغ ئارقىسىدىن يەسكە غۇيۇلداپ چۈشۈپ كەتتى. دەرەخ تۈۋىدە يىقىلىپ ياتقان خۇڭ ئەمىر غال ـ غال تىترەپ، چىشلىرى قاراسلاپ كەتتى، يۈرىكى بولسا قاتتىق دۈپۈلدەپ سىيلىپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى كېسەل تەگكەندەك لەقۋالىشىپ قالدى، پۇتلىرى سوقۇشتا يېڭىلگەن خورازنىڭكىدەك ئەيۋەشكە كەلمەي قالدى. ئۆزى ھەدەپ نالە ـ پەرياد قىلدى.

يولۋاس غايىب بولۇپ بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئەمىر ئۈمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەردە ياتقان ئىسرىقدانىنى تۇزەشتۇردى ـ دە، ئىسرىق ياندۇرۇپ ئەۋلىيانى تېپىش نىيىتىدە يەنە تاغقا ياماشتى. يەنە قىرىق ـ ئەللىك قەدەم يەرگە بارار ـ بارمايلا بىرنەچچە ئۇھ تارتىپ: «پادشاھ مېنى بۇ يەرگە مۇشۇنداق كويلارغا سالاي دەپ ئەۋەتكەنىكەن ـ دە» دەپ پادىشاھتىن

www.uyghurkitap.com

ئاغرىندى. شۇئان يەنە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، گۈپۈلدەپ سىپسىقچىلىق پۇراپ كەتتى. ئەمىر سىنچىلاپ قارىۋىدى، تاغ ئېتىكىدىكى بامبۇكزارلىقتىن شاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تومىلۇقى چىپلەكتەك كەلگەن ئاپپاق بىر يىلان كۆرۈندى. ئەمىر قاتتىق چۆچۈپ قولىدىكى ئىسرىقدان يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ: «ۋاي ئۆلىدىغان بولدۇم !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە بىر قورام تاش تۈۋىگە ئوگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئاستا كۆزىنى ئېچىپ يىلانغا كۆز تاشلىغانىدى، كۆردىكى:

باش كۆتۈرسە كېتىدۇ بوران چىقىپ،
كۆزلىرىنى لۆمشىتەر ئوت چاقنىتىپ.
ئۆرۈلەر ھەتتا قورام تاش سىلكىنىپ تەۋرەنسە گەر،
تىنىقىدا ئاغزىدىن قاپقارا بۇس پۇركۈلەر.
خۇددى سەدەپتەك ۋاللداپ كۆز چاقار قاسراقلىرى،
ئەينى بىر پاتمان كۈمۈشتۇر تولغىماش قۇيرۇقلىرى.

ھېلىقى يىلان تويتوغرا قورام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەمىرنىڭ ئالدىدا تۈگۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، يوغان ئاغزىنى ئېچىپ تىلىنى چىقاردى ـ دە، ئەمىرنىڭ يۈزىگە زەھەرلىك بۇسىنى كۈشۈلدىتىپ چاچتى. قورقۇنچلۇقتا ئەمىرنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. يىلان ئەمىرگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن تاغدىن پەسكە شىرىلداپ چۈشتى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمىر شۇنىڭدىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ: «ياپىرا! قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالغىلى قىل قالدى !» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسىلىپ، ئەتيانلىرىنى پۇرچاقتەك ـ پۇرچاقتەك مۇدۇرچاقلار قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ھېلىقى دەرۋىشنى تىللاپ: «خەپ، بۇ بەھۆرمەت مېنى كولدۇرلىتىپتۇ ـ دە ! مېنى شۇنچىۋالا ۋەھىمىگە سالامدىغان! مۇبادا تاغدا ئەۋلىيانى تاپالمايدىغان بولسام، قايتىپ چۈشۈپ كۆرگۈلۈكىنى

كۆرسەتمىسەم ھېساب ئەمەس !» دېدى. ئاندىن ئىسرىقدانىنى ئېلىپ، ئۆشنىسىدىكى يارلىقنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، تاغقا يەنە ياماشماقچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا قىمىرلاي دەپ تۇرۇشىغا، قارىغايلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس چېلىنغان نەي ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بارا ـ بارا يېقىنلىششقا باشلىدى، ئەمىر زەن قويۇپ قارىدى، بىر دەرۋىش بالا بىر سېرىق كالىغا تەتۈر مىنگىنىچە تۆمۈر نەينى چېلىپ، جىلغىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئەمىر دەرۋىش بالىغا كۆز سالسا ئۇ كۆرۈندىكى:

چاچلىرىنى كۆلا قىلىپ ئۆرۈۋالغان،
ئۈچىسىغا كۆك رەڭ كىيىم كىيىۋالغان.
بېلىگە ئۇ كۆلا بەلباغ باغلىۋالغان،
پۇتلىرىغا چىگە چورۇق تارتىۋالغان.
چىشى ئۈنچە، چەشمە يەڭلىغ جۈپ كۆزى،
گويا قىزىل ئالما ئىدى ئۈنىڭ يۈزى.
ئەپتىدىن خىسلەت يېغىپ تۇرار ئىدى،
تۇرقىدىن دانالىقى ئىزھار ئىدى.

بۇرۇنىسىدا ئۆتكەن لۇ دۇڭبىنىنىڭ غەزىلىدە پادىچى بالا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ياپيېشىل كىمخاب يېپىنغان كەڭ دالا،
كەچقۇرۇن ياڭرايدۇ نەي سەلكىن ئارا.
قايتىدۇ گۇگۇم بىلەن يەيدۇ تائام،
ياتىدۇ جەندە كىيىپ ئايدىڭدىلا.

ھېلىقى دەرۋىش بالا كۇلۇمسىرىگەن ھالدا كالىسىغا مىنىپ، تۆمۈر نېيىنى چالغىنىچە تاغقا چىقىۋاتاتتى. خۇڭ ئەمىر ئۇ بالىنى كۆرۈپ چاقىردى ۋە:

— نەدىن كېلىشىڭ؟ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

دەرۋىش بالا پەرۋامۇ قىلماي نەيىنى چېلىۋەردى. ئەمىر بىر قانچە قېتىم يېنىشلاپ سورىۋىدى، دەرۋىش بالا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە تۆمۈر نەي بىلەن خۇڭ ئەمىرنى چېنەپ تۇرۇپ:

— سىز بۇ يەرگە تايىنلىق ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— سەن پادىچى بالا تۇرساڭ، — دېدى ئەمىر ھەيران بولۇپ، — بۇنى قانداق بىلدىڭ؟

— ئەتىگەن كەپىدە، — دېدى دەرۋىش بالا كۈلۈمسىرەپ، — ئەۋلىيانىڭ خىزمىتىدە بولغىنىمدا، ئەۋلىيا: «تەڭرىقۇت مېنى ئاستانىگە بىرىپ، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز مالائىكىگە ئاتاپ، كاتتا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، يۇرتنىڭ ۋابانى دەپئى ئېتىشكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن خۇڭ ئەمىرنى شاھانە يارلىق ۋە شاھانە كۈجە بىلەن تاغقا ئەۋەتتى. مەن لەيلەك قۇشقا مىنىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ شۇ يەرگە بارىمەن» دەۋاتقان. ھەرقاچان شۇ يەرگە كەتتى بولغاي. ھازىر كەپىدە يوق، سىز تاغقا چىقمايلا قويۇڭ، تاغدا زىياندىش يىرتقۇچ ھايۋانلار تولا، ھاياتىڭىزغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن.

— يالغان گېپىڭنى قويساڭچۇ؟ — دېدى ئەمىر.

دەرۋىش بالا يېسىسىڭدە كۈلۈپ جاۋابمۇ بەرمەستىن، تۆمۈر نەينى چالغىنىچە يولىغا راۋان بولۇپ داۋاندىن ئېشىپ كەتتى. ئەمىر: «بۇ شۇمتەك بۇ ئىشنى قانداقسىغا ئۈجۈر - بۈجۈرىغىچە بىلىۋالدىكىنە؟ ئۇنىڭغا ئەۋلىيانىڭ ئېيتقانلىقى راست ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى، ئۇ تاغقا چىقمۇۋېرىش نىيىتىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن رايىدىن قايتىپ: «ھېلىلا قورقۇپ شۇنچە پەرياد چەكتىم، جېنىمدىن جۇدا بولۇشقا تاس قالدىم، ئۇنىڭدىن كۆرە قايتىپ كەتكىنىم تۈزۈك» دېگەن يەرگە كەلدى.

ئەمىر ئىسرىقدانىنى كۆتۈرۈپ، باشتا ماڭغان يولى بىلەن تاغدىن قايتىپ چۈشتى. دەرۋىشلەر ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى



كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

خاناكالانغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دەرۋىش كالان ئەمىردىن:

— ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشكەنلا؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بولسام ئوردىدا ئىززەت - ئابرۇيلۇق بىر بەگ تۇرسام، — دېدى ئەمىر، — نېمىشقا مېنى مۇنداق تاغ يولىدا ماڭدۇرۇپ، شۇنچە رىيازەت چەكتۈرىسىلەر، جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم! دەسلەپ قىلىپ تاغنىڭ قاق بېلىگە چىقىشىم بىلەنلا، كۆزلىرى پۈلتىيىپ تۇرغان ئاق قاشقىلىق بىر يولۋاس ماڭا ئېتىلىپ، جان - پېنىمنى ئالدى. يەنە مېڭىپ بىر تۇمشۇقتىن ئۆتەر - ئۆتمەيلا، بامبۇكزارلىقتىن بىر ئاق يىلان چىقىپ، غۇژمەك بولۇۋېلىپ يولۇمنى توسۇۋالدى! ھېلىمۇ يۈرىكىم چوڭ يارىلىپتىكەن، بولمىسا ئاستانىگە قانداق تىرىك قايتالايتتىم! سىلەر — دەرۋىشلەر مېنى كولدۇرلىتىپسىلەر!

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا، — دېدى دەرۋىش كالان جاۋابەن، — بىھۆرمەتلىك قىلىش بىزدەك پېقىر راھىبلارنىڭ ھەددى ئەمەس! بۇلار پىر - ئۇستازىمىزنىڭ سىلىنىڭ نىيەتلىرىنى چېكىپ كۆرگەنلىكى، بۇ تاغدا يىلان، يولۋاسلار بولغىنى بىلەن ئادەمزاتقا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ.

— ماڭغۇدەك مادارىم قالمىغان بولسىمۇ، — دېدى ئەمىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تاغقا يامىشىۋېرەي دەپ تۇرسام، قارىغايلىق تەرەپتىن كالا مىنگەن بىر دەرۋىش بالا نەي چېلىپ چىقىپ كەلدى. «نەدىن كېلىشىڭ؟ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ھەممىدىن خەۋىرىم بار» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەۋلىيا تاڭ سەھەردە ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇپ، لەيلەك قۇشقا مىنىپ، بۇلۇتلار ئۇستىدە پەرۋاز قىلىپ كۇنچىقىش ئاستانىگە كېتىپتۇ، شۇڭا مەن قايتىپ كەلدىم.

— ئەمىر، — دېدى دەرۋىش كالان، — ئامەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىلا! — ئاشۇ پادىچى بالا ئەۋلىيانىڭ ئۆزى شۇ!

— ئۇنى ئەۋلىيا دەيسىلەر، ئەمىسە ئۇ نېمانچە چاكىنا؟ —

دېدى ئەمىر.

— بۇ ئەۋلىيانى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى دەرۋىش كالان، — ئۆزى ياش بالا بولغىنى بىلەن ھېكمەتنى قالتىس، ئۇ تەخدىشى يوق زات، ھەممىلا يەردە كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدىغان، غايىبنى بىلىدىغان ئادەم، ئۇنى كامالەتكە يەتكەن پىر - ئۇستاز دەپ ئاتىشىدۇ.

— ئىسىت، — دېدى ئەمىر، — كۆزۈم تۇرۇقلۇق راست ئەۋلىيانى تونۇماي ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن!

— ئەمىر، — دېدى دەرۋىش كالان، — خاتىرجەم بولسىلا. پىر - ئۇستازىمىز كەتتىم دەپ خىتاب قىلغان بولسا، سىلى ئاستانىگە يېتىپ بارغۇچە ئۇ بۇ قېتىمقى دۇئا - تىلاۋىتىنى تۈگىتىپ بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ كۆڭلى تىندى. دەرۋىش كالان ئەمىرنىڭ ھۆرمىتىگە زىياپەت داستىخىنى ھازىرلاتتى ۋە شاھ يارلىقىنى شاھانە جىلتىغا سېلىپ، ئىلاھىيەت خانىقاسىدا قويۇپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلدى، شاھانە كۇجە ئۈچ ئىلاھىيەت ئىبادەتخانىسىغا يېقىپ قويۇلدى، شۇ كۈنى خاناكالاندا ھەممە تائام، نازۇنېمەتلەر تەخلىنىپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەت كەچ ئاخىرلاشتى. زىياپەت ئەھلى تاڭ يورۇغىچە ئۇخلاشتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن دەرۋىش كالان، قازىكالان، دەرۋىش ۋە خىزمەتكارلار ئەمىرنى تاغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلدى، ئەمىر خۇشال بولۇپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا خاناكالاندىن چىقتى، ئالدىدا ئىككى دەرۋىش بالا يول باشلاپ، خانىقانىڭ ئالدى - كەينىدىكى نۇرغۇن گۈزەل مەنزىرىلەرنى سەيلە - تاماشا قىلدۇردى. ئۈچ ئىلاھىيەت ئىبادەتخانىسى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھەشەمەتلىك ئىدى، سول تەرەپتىكى ئۈزۈن ئايۋان بويىغا توققۇز ئاسمان ئىبادەتخانىسى، كەۋكەبىستان ئىبادەتخانىسى، قۇتۇپ يۇلتۇز ئىبادەتخانىسى جايلاشقان؛ ئوڭ تەرەپتىكى ئۇزۇن ئايۋان

بويىغا قابىس يۇلتۇز ئىبادەتخانىسى، ئۈچ مۇئەككەل ئىبادەتخانىسى، شاياتۇنلارنى تېزىتىش ئىبادەتخانىسى جايلاشقان. خۇڭ ئەمىر ھەممە ئىبادەتخانىلارنى تاماشا قىلىپ، ئوڭ ياندىكى ئۇزۇن ئايۋاننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر جايغا بارغاندا، باشقا بىر سارايغا كۆزى چۈشتى: سارايىنىڭ تۆت تېمى خۇددى قىزىلمۇچ رەڭگىدە قىپقىزىل ئىدى. ئالدىدا ئىككى قىزىل پەنجىرىلىك ئىشىكى بار ئىدى، ئىشىككە بىلەكتەك شادا قۇلۇپ سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىرەلەشتۈرۈپ ئون نەچچە پېچەت چاپلانغان، پېچەت ئۈستىگە تۆپە - تۆپىلەپ مۆھۈرلەر بېسىلغان؛ پېشايۋانغا ئالتۇن ھەل بىلەن خەت يېزىلغان بىر قىزىل لەۋھە ئېسىقلىق تۇراتتى؛ ئۇنىڭغا «دىۋىلەر بەند قىلىنغان ساراي» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

ئەمىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ:

— بۇ نېمە ساراي؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ، — دېدى دەرۋىش كالان، — پېشۋا ئەۋلىيالار دىۋىلەرنى بەند قىلىپ قويغان ساراي.

— نېمىشقا ئۇنىڭغا قاتمۇقات پېچەتلەر چاپلانغان؟ — دەپ سورىدى ئەمىر يەنە.

— بۇ يەرگە، — دېدى دەرۋىش كالان، — ئۇلۇغ تاڭ زامانىدا ئۆتكەن دۇڭ شۈەن ئەۋلىيا دىۋىلەرنى بەند قىلىپ قويغانىكەن، كېيىنكى ئەۋلىيالار نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز ئېچىپ سالمىسۇن دەپ ئۆز قوللىرى بىلەن پېچەت چاپلاپ قويغانىكەن. چۈنكى، دىۋىلەر قېچىپ كەتسە بالا - قازا تۇغۇلىدىكەن، ھازىرغىچە ئۆتكەن سەككىز - توققۇز ئەۋلىيانىڭ ھېچقايسىسى بۇنى ئېچىشقا پېتىنىغان ئەمەس. قۇلۇپىنىڭ ئىچىگە مىس قۇيۇۋېتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى كىم بىلسۇن؟ پېقىرنىڭ مۇشۇ خانىقانى باشقۇرۇۋاتقىنىمغا ئوتتۇز نەچچە يىل بولدى، مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن باشقا ھېچنېمە كۆرگىنىم يوق.

ئەمىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە «دىۋە دېگەننى بىر كۆرۈپ باقمايمۇ» دېگەن يەرگە كېلىپ، دەرۋىش كالانغا:

— ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭلار، دىۋىنىڭ قانداقلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

— ئەمىر، — دېدى دەرۋىش كالان ئىلتىجا قىلىپ، — بۇ سارايىنى ئېچىشقا زادى بولمايدۇ. پىشۋا ئەۋلىيالار: بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئاچقۇچى بولمىسۇن، دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلىگەنىكەن.

— بىكار گەپ! — دېدى ئەمىر كۈلۈپ، — سىلەر يوق يەردىن سېھىر ـ جادۇ پەيدا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ كۆزىنى باغلاپ كەلگەن، ئۆزۈڭلارنى ھېكمەت ئىگىسى قىلىپ كۆرسەتمەك ئۈچۈن، ئەتەي مۇشۇنداق جاينى راسلاپ، دىۋىلەرنى بەند قىلدۇق دەپ يالغان ئېيتىپ كەلگەن. مەن سېھىرگەرلىك كىتابلىرىنى شۇنچە كۆپ ئوقۇغان، ئۇنىڭدا نەدىمۇ دىۋىنى بەند قىلىش سېھىرى بولسۇن؟ جىن ـ شەيتانلار ئادەمزاتتىن يىراق پىنھان جايلاردا يۈرىدۇ، مەن بۇ سارايدا دىۋە بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، دەرھال ئىشىكنى ئېچىڭلار، قېنى، دىۋە دېگىنىڭلارنى بىر كۆرۈپ باقاي.

دەرۋىش كالان قايتا ـ قايتا ئىلتىجا قىلدى:

— بۇ سارايىنى ئېچىپ سالساق بولمايدۇ، بالا تېرىلىپ، ئادەمزاتقا زىيان ـ زەخمەت يېتىدۇ.

ئەمىر قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەرۋىشلەرگە قول شىلتىپ:

— ئېچىپ بېرىشمەيدىغان بولساڭ، ئوردىغا قايتىپ بېرىپ پادىشاھقا ئالدى بىلەن سەن دەرۋىشلەرنىڭ شاھ يارلىقىنى يەتكۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلغان، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان، مېنى ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەن گۇناھىڭلارنى مەلۇم قىلىمەن، ئاندىن كېيىن سەنلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مۇشۇنداق بىر ساراي راسلاپ، دىۋىلەرنى بەند قىلدۇق دېگەن يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن لەشكەر ۋە پۇقرالارنى

ئالداپ كەلگەنلىكىڭلارنى مەلۇم قىلىپ، ھەممىڭنىڭ دەرۋىشلىك دەستەكلىرىڭنى تارتقۇزۇۋالىمەن، يۈزلىرىڭگە خەت چەكتۈرۈپ، جاپالىق ياقا يۈرتتىكى پالاندىلار كۆرەسىگە پالاندى قىلىپ، كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىتىمەن، — دېدى.

دەرۋىش كالان ۋە دەرۋىشلەر ئەمىرنىڭ ھوقۇق ـ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، بىرقانچە چاكار دەرۋىشنى چاقىرىپ، ئاۋۋال پېچەتلەرنى سويدۇرۇۋەتتى ۋە بولقا بىلەن قۇلۇپنى چاقتۇردى. كۆپچىلىك ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ غاردەك كۆرۈندى.

## نەزم

قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە زۇلمەت قوشۇلغان،
كۈن نۇرىنى كۆرمىگەن ئەسىرلەپ ھامان.
ئۆتكەن ئۇزاق ئەسىرلەر — يىللار ئارىدا،
ئاي شولىسى چۈشمىگەن زادى ھېچقاچان.
قايسى جەنۇب، قايسى شىمال ئايرىپ بولمايدۇ،
ھېچقانداق بىرنەرسىنى پەرقلەپ بولمايدۇ.
قارا تۈتەك ۋەھىمىدىن جۇغۇلدايدۇ تەن،
سوغۇق ھاۋا دەستىدىن تىترەيدۇ بەدەن.
ئادەمىزات ئايىغى يېتىپ باقمىغان،
جىن ـ شاياتۇنلار ئۇنى ماكان قىلغان.
كۆزنى ئاچساڭ كۆرمەيدۇ قارىغۇسىمان،
قولنى سوزساڭ كۆرۈنمەس ھەتتا ئالىقان.
ئوتتۇز كۈننىڭ ھەممىسى كېچىدەك ئۆتەر،
گويا بەش جېسەك ۋاقىتىدەك تاڭ ئاتماي كېتەر.

كۆپچىلىك دۈرۈلدەپ بىراقلا ساراي ئىچىگە كىردى، قاپقاراڭغۇچىلىقتا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمىر ئۆز

ھەمراھلىرىغا ئون نەچچە تال ئوتقاش ئەكەلدۈرۈپ ياندۇردى. ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا قارىۋىدى، ئەتراپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، پەقەت ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى بەش - ئالتە چى كېلىدىغان بىر تاش پۈتۈك بولۇپ، ئۇ تاشپاقا شەكلىدىكى تاشقا ئولتۇرغۇزۇلغان، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى توپىغا پاتۇرۇقلۇق تۇراتتى. تاش پۈتۈككە ئادەم تونۇمايدىغان سەلتەنەتلىك شاھانە خەتلەر بىلەن تەڭرى ۋەھىيلىرى ئويۇلغان. تاشنىڭ ئارقا يۈزىدە «خۇڭ كېلىپ ئاچقاي» دېگەن يوغان خەتلەر كۆرۈندى، مانا بۇ بىرىنچىدىن، ساماۋى ئەختەرلەرنىڭ ئاپىرىدە بولىدىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، سۇڭ سۇلالىسىدە سادىق ئەزىمەتلەرنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقى، ئۈچىنچىدىن، خۇڭ شىننىڭ بۇ يەرگە كۈتكەندەكلا كېلىپ قالغانلىقى تەقدىرنىڭ ھۆكمى ئەمەسمۇ؟ خۇڭ ئەمىر بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ تازا خۇش بولدى ۋە دەرۋىش كالانغا قاراپ:

— سەنلەر مېنى توسقىنىڭ بىلەن، نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا مېنىڭ نامىم بۇ تاشقا پۈتۈلگەنىكەنغۇ؟ «خۇڭ كېلىپ ئاچقاي» دېگىنى تايىنلىق مېنى ئاچسۇن دېگىنى ئەمەسمۇ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېيىشىسەن؟! پەمىمچە، بۇ دىۋىلەر تاش پۈتۈكنىڭ تېگىدە ئوخشايدۇ. قېنى ماڭا چاكارلاردىن جىقىراق چاقىرىپ بېرىڭلار، لوم - گۈرجەكلەرنى ئەكېلىپ تاشنى ئاچسۇن، — دېدى.

— ئەمىر، — دېدى دەرۋىش كالان دەرھال ئىلتىجا قىلىپ، — بۇنىڭغا چېقىلمايلى، بالا تېرىلىپ، ئادەمزاتقا زىيان - زەخمەت يېتىپ، چاتاق چىقىدۇ.

— سەن دەرۋىشلەر نېمىنى بىلىشىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمىر قاتتىق كايىپ، — تاشقا مېنى ئاچىدۇ دەپ ئاپئاشكارا پۈتۈلگەن تۇرسا، يەنە نېمىدەپ توسماقچى بولۇشىسەن؟ چاققان بولۇش، ئادەم چاقىرىپ قازدۇر!

دەرۋىش كالان: «ياخشى بولماسمىكىن» دەپ قايتا - قايتا ئىلتىجا قىلىپ باقسىمۇ، ئەمىر نەدە قۇلاق سالسۇن. ئاخىر

ئىلاجسىز ئادەم يىغىپ ئاۋۋال تاش پۇتۇكنى يىقىتقاندىن كېيىن ھەممەيلەن بار كۈچى بىلەن تاشپاقىنى قېزىشقا كىرىشتى، بىر ھازادىن كېيىن قېزىپ چىقىرىپ تېگىنى يەنە قازدى، بەل بويى قازغاندىن كېيىن ئېنى بىر غۇلاچ كېلىدىغان يوغان بىر پارچە يېسسىماق كۆك تاش چىقتى، ئەمىر ئۇنىمۇ قومۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— ئۇنى قومۇرساق بولمايدۇ! — دېدى دەرۋىش كالان يەنە يالۋۇرۇپ.

ئەمىر نەدە قۇلاق سالسۇن، كۆپچىلىك نائىلاج يېسسىماق تاشنى ھە - ھۇ بىلەن بىردىنلا كۆتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ تېگىدىن بىر كۇھىقاپ كۆرۈندى. كۇھىقاپتىن شۇنداق بىر كۈچلۈك سادا كۆتۈرۈلدىكى، ئۇنىڭ ھەيۋىسى بۆلەكچىلا ئىدى. ئۇنىڭ شىددىتى شۇنداق ئىدىكى:

كۆمتۈرۈلۈپ ئاسمان - پەلەك، يەر ئۆڭتۈرۈلگەندەك گويا،
ئۆرۈلۈپ يار، تاغ يېرىلغاندىنمۇ ھەيۋەتلىك يەنە.
تاكى چەنتاڭجياڭ سۈيى دولقۇنلىنىپ تاشقان چېغى،
يا كۇكۇم - تالقان بولۇپ خۇاشەن بىلەن تەيشەن تېغى.
ياكى گۇڭگۇڭ[1] بىر ئۇسۇپ جۇشەن تېغىنى ئۆرۈگەنمىدۇ؟
كۆتۈرۈپ ھەيۋەت بىلەن ئۇمۇتنى پىرقىرىتىپ ئۇرۇپ —
چىن شىخۇاڭ تەختىراۋانىن بىر پالۋان چاققانمىدۇ،
كۇھىقاپ ئاغزى ئېچىلىپ، خۇددى دەھشەتلىك بوران —
سۇندۇرۇپ بامبۇك - قومۇش، تاللارنى قىلغاندەك سامان —
چىقتى لەك - لەك جەڭگە لەشكەر نەرىسى شۇنداق يامان.

شۇ قاتتىق سادادىن كېيىن كۇھىقاپتىن قاپقارا بۇس پۇرقۇپ چىقىپ، سارايىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئۇچۇرۇۋەتتى - دە، ئۇدۇل ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماندا تالا - تالا نۇر چاقناتقاندىن كېيىن تۆت تەرەپكە تارقاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خالايىق قاتتىق

① گۇڭگۇڭ — دىۋسىمان پالۋان.

چوّچۇپ، قىيا ـ چىيا قىلىشقىنىچە لوم ـ گۇرجەكلىرىنى تاشلاپ، سارايدىن بەدەر قېچىشقا باشلىدى، بىر ـ بىرىگە پۇتلىشىپ ئوڭدا ـ دۈمدە بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن چوّچۇگەن خوّك ئەمىر كۆزى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقېتىپ قالدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، قاچقان پېتى ئۆزۈن ئايۋانغا كېلىۋالدى، دەرۋىش كالان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ نالە ـ پەرياد قىلدى.

ـــ ھېلى قاچقىنى قانداق دىۋە ئۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئەمىر.

دەرۋىش كالان ۋەقەنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا بايان قىلدى، ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئاموّخاس ! شۇ زاماندىكى پادىشاھ كېچىسى كوّزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، كۈندۈزى غىزا يېيەلمەي ئۆتكەن.

دالدا قورغاننى تۇتۇپ يولۋاسۇ يىلپىزلار ماكان،
قومۇشلۇق كوّلگە كېلىپ ئالغان لەھەڭلەر شۇ زامان.

لۇڭخۇشەن تېغىدىكى دەرۋىش كالانىنىڭ زادى نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئىككىنچى باب

## ۋاڭ مەشقاۋۇلنىڭ يەنئەن دىيارىغا قېچىپ كەتكەنلىكى ئەجدىھا يىگىتنىڭ شىجاسۇندا پوپاڭ كۆتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ چاغدا دەرۋىش كالان خوڭ ئەمىرگە دېدىكى:

— ئەمىر، سىلى بىلمەيلا، بۇ سارايدا ئەينى زاماندا پىركامىل دۇڭ شۇەن ئەۋلىيا بىر تۇمار قالدۇرۇپ: «بۇ سارايغا ئوتتۇز ئالتە ساماۋى ئەختەر، يەتمىش ئىككى زېمىنىي ئەپتەر، جەمئىي بىر يۈز سەككىز دىۋە قاماقلىق؛ كۆھقاپ ئۈستىگە ئۇلارنى بەند قىلىپ تۇرىدىغان تاش پۈتۈك قاداقلىق، ئۇنىڭغا سەلتەنەتلىك شاھانە خەتلەر ۋە تەڭرى ۋەھىيلىرى پۈتۈكلۈك، مۇبادا ئۇلار قويۇپ بېرىلسە، جىمى خالايىققا مالامەت كەلتۈرۈلىدۇ» دەپ جېكىلىگەنىكەن، مانا ئەمدى جانابلىرى ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتسىلە، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

بۇ پىنھانە تىلسىمات ئېچىلسا ئەگەر،
چىقۇر تەھتىسسەرادىن ئەختەرۇ ئەپتەر.
تىنچلىق تۈگەپ تۇغۇلمىش غوۋغايۇ جېدەل،
تالاۋەتكە قارشى تۇغۇلمىش خەتەر.
پالاكەتتىن قۇتۇلماس ئەمدى سەلتەنەت،
ئۇرۇش ـ جاڭجال ئېچىدە قېلىپ ھەممە يەر.
گاۋ چىۋۇ مەككار زۇلمىغا تاشقاندا غەزەپ،
خوڭ شىن بۇگۈن تېرىدى بالايۇ بەتتەر.

خوڭ ئەمىر دەرۋىش كالاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن تېنى جۇغۇلداپ غال - غال تىترەپ كەتتى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھەمراھلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ، ئاستانىگە قاراپ يول ئالدى. دەرۋىش كالان ۋە دەرۋىشلەر ئەمىرنى ئۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن خانىقاغا قايتىپ بېرىپ، سارايىنى تۈزەشتۈردى، تاش پۈتۈكنى تىكلەپ قويدى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى. خۇڭ ئەمىر تەڭرىقۇت بىلىپ قالسا ئەيىبكە بۇيرۇلمىسۇن دەپ، يولدا كېتىۋېتىپ ھەمراھلىرىغا دۇئىلەرنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلىدى، بۇلار سەپەردە كېچىلەپ يول يۈرۈپ پايتەختكە قايتىپ كەلدى، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن باشقىلاردىن: «ئەۋلىيا ئاستانىدىكى خاس ھەرەمدە يەتتە كېچە - كۈندۈز دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ھەممىگە ئاغرىق ۋە بالايىئاپەتتىن خالىي قىلىدىغان تۇمار پۈتۈپ بېرىپ، ۋابانى تۈگەل دەپئى قىلىپ، لەشكەر ۋە پۇقرانى ئەمىن تاپتۇرۇپ، پادىشاھ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن لەيلەك قۇشقا مىنىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، لۇڭخۇشەن تېغىغا قايتىپ كەتتى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. خۇڭ ئەمىر ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاۋاپ ۋاقتىدا تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئەۋلىيا لەيلەك قۇشقا مىنىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، ئاستانىگە بالدۇر يېتىپ كەلدى، كەمىنە مۇلازىملىرى ئۆتەڭلەردە قونۇپ، مانا ئەمدىلا يېتىپ كەلدىم، — دېدى ھۆرمەت بىلەن.

رېنزۇڭ خان خۇڭ شىننىڭ ھۆرمىتىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنى تارتۇقلىدى، كونا مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ گەپمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

تەڭرىقۇت رېنزۇڭ ئىلگىرى - ئاخىر قىرىق ئىككى يىل يۇرت سوراپ، ئاخىر قازا تاپتى، شاھزادىسى بولمىغانلىقتىن، ئورنىغا يەزلەتلىك پۈئەن بەگ — يۈڭ راڭنىڭ ئوغلى، تەيزۇڭ

www.uyghurkitap.com

خانىنىڭ نەۋرىسى ۋارىسلىق قىلىپ، پادىشاھلىق نامىنى يىڭزۇڭ دەپ ئاتىدى. ئۇ تۆت يىل دەۋر سۈرۈپ، سەلتەنەت ۋارىسلىقىنى شاھزادە شىنزۇڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى. شىنزۇڭ ئون سەككىز يىل دەۋر سۈرۈپ، سەلتەنەتنى شاھزادە جېزۇڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇ زامان جاھان تىنچىپ، ئەل مالىمانچىلىقتىن خالاس تاپقان زامان بولدى.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. شۇ چاغلاردا كۈنچىقىش ئاستانە كەيفېڭ دىيارىنىڭ، يەنى ئاستانىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئالىقانات يېتىم ئوغلاق بار ئىدى، ئۇ گاۋ جەمەتىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولغاچقا، گاۋئېر دەپ ئاتىلاتتى. كىچىكىدىن تارتىپلا ئىش ـ ئوقەت قىلماي، روناق تاپالماي، پەقەت نەيزە ـ قىلىچۋازلىق بىلەنلا مەشغۇل بولغان؛ بولۇپمۇ تەپكۈچ توپ تېپىشكە ئۇستا ـ باشى ئىدى. شۇڭا ، ئاستانە ئەھلى ئۇنى گاۋئېر دەپ ئاتىماي، توپ تېپەر گاۋ چيۇ دەپ ئاتىشىۋالغان، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ يۈز ـ ئابرۇي تېپىپ كەتكەچكە، ئۆزىنى توپ تېپەر گاۋ چيۇ دېمەي، گاۋ چيۇ تەخسىر دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغان. بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن سازەندىلىك، ھەپىزلىك، ئۇسسۇل ـ ئويۇن، نەيزە ـ قىلىچۋازلىق ۋە چېلىشۋازلىق قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، ئانچە ـ مۇنچە نەزم ـ داستانلارنىمۇ ئوقۇغانىدى. لېكىن، رەھىمدىللىك، ئىنساب، ئەدەپ، پاراسەت، ئېتىقاد، ۋاپا، ساداقەت، ۋىجدان دېگەنلەردىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ كۈنچىقىش ئاستانە شەھىرىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بىكار تەلەپلەرگە گۈپپاڭچىلىق قىلىپلا يۈرەتتى. ئۇ ۋاڭ تۆرە دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۆمۈر ھۆپىگىرىنىڭ ئوغلىنى ئازدۇرۇپ، پۇل خەجلىتىپ ھەر كۈنى پاھىشىخانا ۋە ئىشرەتخانىلاردا ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ يۈرگەچكە، ھېلىقى بالىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن كەيفېڭ دىيارى مەھكىمىسىگە بىر پارچە ئەرز يازغان، دىيار بېگى گاۋ چيۇنى يىگىرمە پالاق ئۇرۇپ، يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىپ قوغلاپ چىقارغان، شۇڭا

www.uyghurkitap.com

كۆنچىقىش ئاستانە شەھىرىدىكى خالايىق ئۆنى ئۆز ئۆيىگە يولاتماس بولغان، جان بېقىشقا ئامالسىز قالغان گاۋ چيۇ ئىلاجسىز خۇەيخې دەرياسىنىڭ كۆنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان لىنخۇەي ئايمىقىدىكى قىمارخانا جەزخورى، بىكار تەلەپ ليۇ شىچۇەننىڭ ئالدىغا پاناھ تارتىپ بارغان. بۇ جەزخور كەلدى - باردى ۋە بىكار تەلەپلەر بىلەن ھەپىلىشىشكە ئامراق ئىدى، ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېنەپ كېلىپ قالغان سولتەكلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىۋالاتتى. گاۋ چيۇ ئەنە شۇ جەزخور ليۇ شىچۇەننى پاناھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە تەڭرىقۇت جېزۇڭ شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىبادەتخانىغا بېرىپ تائەت - ئىبادەت قىلدى، تەڭرى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، يامغۇرنى راۋان، ھاۋانى زىلال قىلىپ، يۇرتقا مەمۇرچىلىق كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت رەھىم - شەپقەت ئەيلەپ، ئەل ئارىسىدا كەچۈرۈمنى كەڭ يولغا قويدى، شۇنداق قىلىپ لىنخۇەي ئايمىقىدا گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنغان گاۋ چيۇ كۆنچىقىش ئاستانىگە قايتىپ كېتىش كويىغا چۈشتى. ليۇ شىچۇەن گاۋ چيۇغا سوۋغا - سالام، يول خىراجىتى تەييارلاپ بېرىپ ۋە قولىغا بىر پارچە مەكتۇپ تۇتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ كۆنچىقىش ئاستانە شەھىرىنىڭ جىنلياڭ كۆۋرۈكى يېنىدىكى دورىپۇرۇش تۇغقىنى دۇڭ جياڭشىنىڭ پاناھىدا كۈن كەچۈرۈشكە يولغا سالدى.

گاۋ چيۇ جەزخور ليۇ شىچۇەن بىلەن خوشلىشىپ، يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈپ، لىنخۇەي ئايمىقىدىن يولغا چىققانچە، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ، كۆنچىقىش ئاستانىگە قايتىپ كەلدى ۋە توپتوغرا جىنلياڭ كۆۋرۈكى يېنىدىكى دورىپۇرۇش دۇڭ جياڭشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خەتنى تاپشۇردى. دۇڭ جياڭشى گاۋ چيۇ بىلەن كۆرۈشۈپ ليۇ شىچۇەن ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ئوقۇپ، ئىچىدە: «بۇ گاۋ چيۇنى قانداقمۇ ئۆيۈمگە سىغدۇراي؟ ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم كىشى بولغان بولسىغۇ ئۆيۈمگە كىرىپ -

چىقىپ يۈرسە، بالىلىرىمغىمۇ ياخشىلىقى يۇقاتتى؛ شۇغىنىسى ئۇ بىر يېتىم ئوغلاق گۈپپاڭچى، ئىچىدە ئالىسى بار بىرنېمىكەن؛ يەنە كېلىپ ئۆز ۋاقتىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، پالاندى بولغان نەرسە ئىكەن، كونا خۇي - پەيلىنى بەربىر تاشلىغۇسى كەلمەيدۇ. مۇبادا ئۇنى ئۆيۈمدە تۇرغۇزىدىغان بولسام، بالىلىرىمغا چوقۇم يالىسى يۇقىدۇ، تۇرغۇزماي دېسەم، لىيۇ شىچۈەن ئاكىغا يۈز كېلەلمەيۋاتىمەن» دەپ ئويلىدى. ئاخىر ئۇنى ئىلاجىسىز خۇش چىراي قارشى ئېلىپ ۋاقتىنچە ئۆيىدە ياتقۇزۇپ، ھەر كۈنى ئىچىملىك - يېمەكلىكلەر بىلەن كۈتتى. ئون نەچچە كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن دۇڭ جياڭشى بىر يول تاپتى - دە، بىر قۇر كىيىم جايلاپ، بىر پارچە دۇئايىسالام يېزىپ، گاۋ چيۇغا: «پېقىرنىڭ ياققان چىرىغىم باشقىلارغا تۈزۈك يورۇق چۈشۈرەلمەيدۇ. ئەتە - ئۆگۈن جانابىڭىزنىڭ ۋاقتى زايە كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، شۇڭا سىزنى مىرزا شياۋسۇغا تونۇشتۇرۇپ قوياي دەيمەن، شۇ يەردە كېيىنكى كۈنلەردە بىرەر ئەمەللىك بولۇپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس، قانداق دەيسىز؟» دېدى.

گاۋ چيۇ تازا خۇش بولۇپ، دۇڭ جياڭشىغا تەشەككۈر بىلدۈردى، دۇڭ جياڭشى دۇئايىسالام مەكتۇپىنى ئېلىپ، ئۇنى باشلاپ بېرىشقا بىر ئادەم تەيىنلىدى، ئۇ ئادەم گاۋ چيۇنى توپتوغرا مىرزىخانىغا باشلاپ باردى. ئىشىككىئاغىسى خەۋەر يەتكۈزگەندىن كېيىن مىرزا شياۋ سۇ چىقىپ گاۋ چيۇ بىلەن كۆرۈشتى، مەكتۇپنى ئوقۇپ گاۋ چيۇنىڭ ئەسلى بىر ئالىقانات گۈپپاڭچى ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە، كۆڭلىدە: «بۇنى بۇ يەرگە قانداقمۇ سىغدۇرارمەن! ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، ئۇنى شاھنىڭ كۈيئوغلى ۋاڭ جياڭنىڭ مەھكىمىسىگە خاس يىگىتلىككە تونۇشتۇراي. كىچىك ئەمىر بېگىم، دەپ نام ئالغان بۇ ۋاڭ جىنچىڭ مۇشۇنداق ئادەملەرنى يارىتىدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال دۇڭ جياڭشىغا جاۋاب مەكتۇپ يېزىۋېتىپ، گاۋ چيۇنى

www.uyghurkitap.com

ئۆيىدە بىر كېچە ياتقۇزدى. ئەتىسى بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، بىر خىزمەتكارنى قوشۇپ، گاۋ چيۈنى ھېلىقى كىچىك ئەمىر بېگىمنىڭ قېشىغا يولغا سالدى.

بۇ كىچىك ئەمىر بېگىم پادىشاھ جېزۇڭنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى، پادىشاھ شېنزۇڭنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ ئىشقىۋاز ئادەملەرنى ياخشى كۆرگەچكە، گاۋ چيۇدەك ئادەملەرنى بەكمۇ يارىتاتتى. ئۇ مىرزا شياۋسۇ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ خەت ئېلىپ، گاۋ چيۈنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى ۋە خۇرسەن بولدى. دەرھال جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ بېرىپ، گاۋ چيۈنى مەھكىمىگە خاس يىگىتلىككە ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئامىتى ئوڭ كەلگەن گاۋ چيۇ ۋاڭ ئەمىرنىڭ مەھكىمىسىگە خۇددى ئۆز ئۆيىدەك كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان بولدى. كۆڭۈللەرنىڭ: «ئارا يىراق ـــ كۆڭۈل يىراق، ئارا يېقىن ـــ كۆڭۈل يېقىن» دېگىنىدەك بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋاڭ ئەمىر ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەھكىمىدە زىياپەت تەييارلىتىپ، قېيىنئىنىسى دۇەن ۋاڭنى تەكلىپ قىلدى، دۇەن ۋاڭ دېگەن كىشى تەڭرىقۇت شېنزۇڭنىڭ ئون بىرىنچى ئوغلى، جېزۇڭ خاننىڭ ئىنىسى، ئوردا قاتناش بېگىمنىڭ توققۇزىنچى شاھزادىسى بولۇپ، ناھايىتى چېچەن، كېلىشكەن ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئالىقاناتلارنىڭ پىتىنە ـ پاسات، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە گۆپپاڭچىلىقلىرىدىن بىلمەيدىغىنى، ئۇقمايدىغىنى ۋە زوقلانمايدىغىنى يوق ئىدى. ساز چېلىشمۇ، شاھمات ـ قاتار ئويناشمۇ، يېزىشمۇ، سىزىشمۇ قولىدىن كېلەتتى. تەپكۈچ توپ تېپىش، ساقا ئويناش، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، رەققاسچىلىقلارنىمۇ ئابايلا بىلەتتى. شۇ كۈنى ۋاڭ ئەمىر ئۆز مەھكىمىسىدە زىياپەت تەييارلىدى، ھەممە نازۇنېمەتلەر تەل قىلىندى. ھايھات:

ئېسىل لاجىگەر① قاچا ئىچرە يانار خۇشبۇي كۆجە ـ ئىسرىق،
سېرىق ئالتۇن غۇنچىلار② ئىچرە تۇرار گۇللەرمۇ سانجىقلىق.
ھەپىزلەر خانىسىدىن خۇش نەپىس نەغمە ـ ناۋا ياڭرار،
ئۇسسۇلخانا ئارا قىزلار ئۇسسۇلنى چەرخ ئۇرۇپ ئوينار.
بىللۇر خۇمىلاردا كەۋكەبىستانىنىڭ گۇلابلىرى،
تۇرار كىم كەھرىۋا جاملاردا زەمزەمدەك شارابلىرى.
كۇمۇش پەتنۇستا ھەر خىل سەي تۇرار كۆزنىڭ خۇمارىن يەپ،
ئاجايىپ خۇش پۇراق چايلار قۇيۇلغان قىپقىپنىق دەملەپ.
قىزىل دۇردۇنغا پۈركەنگەن رەققاس قىزلار قىلار جەۋلان،
چېلىنغان سازۇ نەغمىگە بېقىبان تولغىنار ھەر يان.
يېشىل تون ناخشىچى قىزلار شېرىن ئاۋازىنى رۇسلاپ،
نەپىس نەي، بالىمانغا جور بولار ناخشا ـ غەزەل توۋلاپ.
ئېسىپ زۇننار، كىيىپ دۇردۇن تىزىلغان ئالدىغا جۇپ قىز،
زىياپەت ئەھلىنى مەپتۇن قىلىشتى ئاشۇ جۇپ ھەپىز.

ئەمدى دۇەن ۋاڭغا كەلسەك، ئۇ ۋاڭ ئەمىرنىڭ مەھكىمىسىدىكى زىياپەتكە كەلگەندىن كېيىن ئەمىر ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، ئۆزى بولسا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. بىرقانچىدىن قەدەھ كۆتۈرۈلۈپ ئىككى يۇرۇش غىزا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇەن ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەتكە چىقىپ كىرىپ قىرائەتخانىدا بىر پەس دەم ئالدى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بىردىنلا شىرەدىكى خەت يېزىش ۋاقتىدا قەغەز باستۇرۇپ قويىدىغان سۇزۇك ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان بىر جۇپ شىرغا كۆزى چۈشتى، ئۇ شىرلار ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن نەپىس ياسالغانىدى. دۇەن ۋاڭ بۇ شىرلارنى قولىغا ئېلىپ، يەرگە قويغۇسى كەلمەي، بىر ھازاغىچە كۆز ئۈزمەي قارىدى ۋە «ئەجەبمۇ ياخشى ئىكەن!» دەۋەتتى. دۇەن ۋاڭنىڭ مەپتۇن

① مىسقا گۇل چېكىلگەن قاچا.
② غۇنچا ـــ گۇل لوڭقىسى بەزى جايلاردا شۇنداقمۇ ئاتىلىدۇ.

بولغانلىقىنى كۆرگەن ۋاڭ ئەمىر:
— تېخى قاشتېشىدىن ئەجدىھا شەكلىدە ياسالغان ئېسىل بىر قەلەمدانىمۇ بار، ئۇمۇ شۇ بىر ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققان، شۇغىنىسى، ھازىر بۇ يەردە يوق، ئەتىلىككە ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنىمۇ، شىرنىمۇ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىپ بېرەي، — دېدى.
— ھىممىتىڭىزگە تەشەككۇر، — دېدى دۈەن ۋاڭ خۇش بولۇپ، — پەممىچە، ئۇ قەلەمدان تېخىمۇ نەپىس بولسا كېرەك.
— ئەتە، — دېدى ۋاڭ ئەمىر، — ئەكېلىپ ئوردىغا ئەۋەتكەندە كۆرۈپ باقارلا.
دۈەن ۋاڭ يەنە بىر قېتىم تەشەككۇر ئېيتتى. ئىككىيلەن بايىقى ئورنىغا كىرىپ، گۈگۈم چۈشكۈچە زىياپەت داستىخىنىدا بولۇپ، كەيىپ بولغۇچە ئىچىشكەندىن كېيىن زىياپەتنى ئاخىرلاشتۇردى، دۈەن ۋاڭ خوشلىشىپ ئوردىغا قايتىپ كەتتى.
ئەتىسى ۋاڭ ئەمىر ئېسىل قەلەمداننى ئاچىقىپ، ئۇنىڭغا بىر جۈپ قەغەز باسقۇچ شىرنى قوشۇپ، بىر ئالتۇن قۇتىغا قاچىلىدى، ئۇستىدىن سېرىق ھىلھىلە رومال بىلەن ئورىدى، بىر پارچە مەكتۇپ يازدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاپىرىپ بېرىشكە گاۋ چيۇنى تەيىنلىدى. گاۋ چيۇ ۋاڭ ئەمىرنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلىپ، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ھېلىقى بىزەكلەرنى كۆتۈرۈپ، مەكتۇپنى قوينىغا سېلىپ، تۈپتوغرا دۈەن ۋاڭنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ باردى. ئىشىككىغىسى ساراي بېگىگە خەۋەر قىلدى. بىردەمدىن كېيىن ساراي بېگى چىقىپ:
— قايسى خانىداندىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— پېقىر، — دېدى گاۋ چيۇ سالام بەرگەندىن كېيىن، — ۋاڭ كۆرەگان①نىڭ خانىدانىدىن، غوجامغا قاشتېشىدىن ياسالغان ئېسىل بىزەك ئەكەلدىم.
— شاھزادە ھويلىدا ياش ئاغۋاتلار بىلەن توپ تېپىشىپ

① كۆرەگان — پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى.

ئويناۋاتىدۇ، ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرۈشۈڭ، — دېدى ساراي بېگى.
— مالال كەلمىسە باشلاپ كىرگەن بولسىلا، — دېدى گاۋچيۇ.
ساراي بېگى هويلىغا باشلاپ كىردى، گاۋ چيۇ كۆردىكى، دۈەن ۋاڭ بېشىغا نېپىز شايىدىن بوغمىچا ئورىغان، ئۈستىگە سۆسۈن دۈردۈندىن ئەجدىها تون كىيگەن، بېلىگە رەڭدار قۇش چۈچىلىق شايى پوتا باغلاپ، توننىڭ ئالدى پېشىنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ قويغان؛ پۇتىغا زەردىن زىغزىق قويۇلغان سۇمۇرغ شەكىللىك كۆسەي ـ ئۆتۈك كىيگەن؛ ئۈ تۆت ـ بەش كىچىك ئاغۋات بىلەن توپ تېپىشىپ ئويناۋېتىپتۇ. گاۋ چيۇ دوقۇرۇپ ئالدىغا بېرىشقا پېتىنالماي، خىزمەتكارلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇردى. گويا گاۋ چيۇنىڭ ئامىتى كېلىپ، بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغاندەك، هېلىقى توپ بىر قاڭقىپ دۈەن ۋاڭغا تۇتۇق بەرمەي، كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇدۇل گاۋ چيۇنىڭ ئالدىغا دومىلاپ كەلدى، توپنى كۆرۈپ تۇرالماي قالغان گاۋ چيۇ يۈرىكىنى تۇم قىلىپ، توپنى كاللا چىقىرىپ، تازا كېلىشتۈرۈپ بىر تېپىپ دۈەن ۋاڭغا يەتكۈزۈپ بەردى. دۈەن ۋاڭ ناهايىتى خۇرسەن بولۇپ:
— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— پېقىر، — دېدى گاۋ چيۇ تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ، — ۋاڭ ئەمىرنىڭ خاس يىگىتى بولىمەن، ئەمىرىمنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۆزلىرىگە ئېسىل قاشتېشى بېزەكلىك ئەكەلگەنىدىم. يازغان مەكتۇپىمۇ بار مانا، قوبۇل قىلسىلا.
دۈەن ۋاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ:
— قېيىنئاغام بەكمۇ جۆۋاپتۇ، — دېدى.
گاۋ چيۇ مەكتۇپنى سۇندى. دۈەن ۋاڭ قۇتىنى ئېچىپ بېزەكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن باش مەهرەمگە تۇتقۇزدى.
دۈەن ۋاڭ بېزەكلەر بىلەن كارى بولماي، گاۋ چيۇدىن گەپ سوراشقا باشلىدى:
— سەن توپ تېپىشنى ئوبدان بىلىدىكەنسەن ـ دە ! ئېتىڭ

نېمە؟
گاۋ چيۇ ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تەزىم بىلەن جاۋاب بەردى:
— پېقىرنىڭ ئىتى گاۋ چيۇ، توپنى ئانچە ـ مۇنچە تېپىپ كۆرگەن.
— ياراپسەن، — دېدى دۈەن ۋاڭ، — قېنى سورۇنغا چۈشۈپ تېپىپ باققىنا.
— مېنىڭدەك بىر پېقىر، — دېدى گاۋ چيۇ تەزىم بىلەن، — غوجام ھەزرەتلىرى بىلەن توپ تېپىشكە قانداقمۇ ھەددى!
— بۇ دېگەن، — دېدى دۈەن ۋاڭ، — «ئاسمىنى كەڭ سورۇن»، «خەلقئالەم سەيناسى»، بۇ يەردە تەپسەڭ يامان كېتەمتى؟
— ھەددىم ئەمەس! — دېدى گاۋ چيۇ يەنە تەزىم بىلەن.
ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا ئىيتقان ئۆزرىسىگە قارىماي، دۈەن ۋاڭ ئۇنى تەپكىن دەپ تۇرۇۋالدى. گاۋ چيۇ ئىلاجسىز تىز پۈكۈپ تەزىم بىلەن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سورۇنغا چۈشتى. بىرقانچىنى تېپە ـ تەپمەيلا دۈەن ۋاڭغا ياراپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ بالىلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ دۈەن ۋاڭنى خۇش قىلماق بولدى. ئۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تەپتىكى، توپ گويا ئۇنىڭ ئەزايىغا چېپىپ قويۇلغاندەك، زادى قاچمىدى. بۇنىڭغا قالتىس زوقلانغان دۈەن ۋاڭ گاۋ چيۇنىڭ قايتىشىغا نەدە يول قويسۇن؟ ئۇنى ئوردىدا بىر كېچە قوندۇرۇپ قالدى.
ئەتىسى زىياپەت تەييارلاپ، ۋاڭ ئەمىرنى ئوردىغا مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدى.
ۋاڭ ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ شۇ كۈنى كەچتە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن دەرگۇمان بولۇپ قالغانىدى. ئەتىسى دەرۋازىۋەن: «ئەمىرىم، دۈەن ۋاڭ غوجام ئۆزلىرىنى ئوردىغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ۋاڭ ئەمىر تالاغا چىقىپ، چاپارمەن بىلەن كۆرۈشۈپ،

پەرمانىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئاتلىنىپ، دۇەن ۋاڭ خاندانىنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ خاندانغا كىرىپ دۇەن ۋاڭ بىلەن كۆرۈشتى. دۇەن ۋاڭ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، قاشتېشى بېزەكلىرى ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇ زىياپەت ئۈستىدە دېدى:

— بۇ گاۋ چيۇ توپنى ناھايىتى ياخشى تېپىدىكەن، ئۇنى خاس يىگىتلىككە سورىۋالغۇم بار، قانداق دەيسىز؟

— شاھزادەمگە يارىغان بولسا، — دېدى ۋاڭ ئەمىر جاۋابەن، — ئوردىدا قېلىپ، جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن.

دۇەن ۋاڭ خۇشاللىقىدا قەدەھ كۆتۈرۈپ، تەشەككۇر بىلدۈردى. ئىككىسى يەنە بىر ھازا پاراڭلىشىپ، كەچ بولغاندىلا تارقاشتى. ۋاڭ ئەمىر ئۆز مەھكىمىسىگە قايتىپ كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

دۇەن ۋاڭ گاۋ چيۇنى سورىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئوردىدا تۇرغۇزدى. گاۋ چيۇ دۇەن ۋاڭنىڭ پېشىنى تۇتقاندىن كېيىن كۈنبويى ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەيدىغان بولدى. ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، جېزۇڭ خان قازا تاپتى. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىغاچقا، ئەلەمدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلار مەسلىھەت تۈزۈپ، دۇەن ۋاڭنى پادىشاھلىق تەختكە چىقىرىش، ئۇنىڭغا خۇيزۇڭ خان يەنى داۋ دىنىنىڭ ماشايىخى، كامالەتلىك دانىشمەن پادىشاھ دەپ نام بېرىش قارارىغا كەلدى، ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەل ئۇدا جېدەل - غوۋغاسىز ئۆتتى. پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە گاۋ چيۇغا:

— مەن سېنىڭ مەرتىۋەڭنى كۆتۈرەي دېۋىدىم، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن جەڭدە خىزمەت كۆرسىتىشىڭ لازىم، ئاۋۋال لەشكىرىي ۋازارەت سېنى رويخەتكە ئېلىپ قويسۇن، ھازىرچە ماڭا پۇت - قول بولۇپ يېنىمدا ئىشلەيسەن، — دېدى.

كېيىن ئاردىن يېرىم يىل ئۆتمەيلا، گاۋ چيۇنى بىراقلا ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىنىڭ ئەمىرلىكىگە كۆتۈردى.

www.uyghurkitap.com

## غەزەل

ئاسمىنى كەڭ شۇ سورۇننىڭ ئەھلىدۇر ھەر كىم ئەگەر،
مەن ئۇلۇغ، سەن خار دېمەستىن ئوينىغاي دەرقەم تۇرۇپ.
خەلقىئالەم سەيناسىدا جەۋلان قىلىبان ئەركىچە،
توپ بىلەن يۇز تاپتى گاۋ چيۇ، پۇت - قولى نۇسرەت قۇچۇپ.

گاۋ چيۇ ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىنىڭ ئەمىرلىكى مەرتىۋىسىگە ئۇلاشقاندىن كېيىن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىگە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى، مەھكىمە تەۋەسىدىكى بارلىق بەگ - سەركەردىلەر، ياساۋۇل - قاراۋۇللار، نۆكەر - چۆكەرلەر ۋە چەۋەنداز يىگىتلەر سالام بېرىپ كۆرۈشۈشكە كېلىپ، خىزمەت دەستۇرلىرىنى سۇندى، ساناق - يوقلىما دەپتەرلىرىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. گاۋ ئەمىر بىر - بىرلەپ ساناقتىن ئۆتكۈزدى، ساناق دەپتىرىدە بىرلا سەككىز لەك① ئوردا ياساۋۇلىنىڭ مەشقاۋۇلى ۋاڭ جىن يوق ئىدى، ئۇ مۇندىن يېرىم ئاي ئىلگىرى كېسەل ئەھۋالىدىن ئەرزنامە يازغان، كېسىلى ساقايمىغاچقا، مەھكىمىگە ئىشقا كېلەلمىگەنىدى. گاۋ ئەمىر بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ:

— قۇرۇق گەپ! خىزمەت دەستۇرىنى ئەۋەتسۇنۇ، ئۆزى كەلمىسۇن، بۇ ئۇ ئەبلەخنىڭ مەھكىمە بىلەن تېپىشىپ، مېنىڭ كۆزۈمنى بويىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇ بىرنېمە كېسىلىنى باھانە قىلىپ ئۆيىدە يېتىۋاپتۇ، دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ئەكېلىڭلار! — دېدى ۋە شۇ ھامان ۋاڭ جىننى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

ئەمدى ۋاڭ جىنغا كەلسەك، ئۇنىڭ خوتۇنى يوق، ئاتمىشتىن ھالقىغان بىرلا قېرى ئانىسى بار ئىدى. چاپارمەن كېلىپ

---

① لەك — ئىككى يۈز مىڭ.

مەشقاۋۇل ۋاڭ جىنغا دېدى:

— ھازىر گاۋ ئەمىر مەنسەپكە ئولتۇردى، ئۇ لەشكەر بەگ - سىپاھىلىرىنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى بىلدى، لەشكەر مەھكىمىسى سىزنى: «كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ، كېسەل ئەھۋالىدىن يازغان ئەرزى بار» دەپ مەلۇم قىلدى، گاۋ ئەمىر ئاچچىقلاپ نەدە ئىشەنسۇن دەيسىز؟ تۇتۇپ كېلىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆزىڭىز بارمىسىڭىز بولمىغۇدەك، بارمىسىڭىز، مەن بىچارە بالاغا قالغىنىم قالغان.

ۋاڭ جىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىلاجسىز كېسەل ھالىتىدە ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىگە كەلدى ۋە مەھكىمىگە كىرىپ ئەمىرلەشكەر بىلەن كۆرۈشتى. تۆت قېتىم ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئېگىشىپ قۇللۇق قىلىپ بىر چەتتە تۇردى.

— ھەي ئەبلەخ، — دېدى گاۋ چيۇ، — سەن سابىق ئاستانە لەشكەرلەر مەشقاۋۇلى ۋاڭ شېڭنىڭ ئوغلىمۇ سەن؟

— شۇنداق تەخسىر، — دېدى ۋاڭ جىن.

— ھەي ئەبلەخ ! — دېدى گاۋ چيۇ كايىپ، — سېنىڭ داداڭ كوچىلاردا چامباشچىلىق بىلەن خېرىدار تاپىلاپ، دورا سېتىپ يۈرگەن بىرنېمە تۇرسا، سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە ھۈنەر كېلەتتى؟ بۇرۇنقى بەگ - سىپاھلار كور ئىكەن، سەندەك بىرنېمىنىمۇ مەشقاۋۇل قىلىپ قويغىنىنى قارا، مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، نېمىشقا ساناقتىن ئۆتۈشكە كەلمەيسەن؟ سەن كىمنىڭگە ئىشىنىپ، كېسەل دەپ ئۆيۈڭدە راھەتلىنىپ يېتىۋالدىڭ؟!

— يوقسۇ تەخسىر! — دېدى ۋاڭ جىن ھال ئېيتىپ، — گەپنىڭ راستى، كېسىلىم ساقايمىدى.

— پالاندى مۇناپىق ! — دەپ تىللىدى گاۋ چيۇ، — كېسەل بولساڭ، ئەمىسە بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟

— ئەمىر جانابلىرى چاقىرتقان يەردە، — دېدى ۋاڭ جىن ھال ئېيتىپ، — كەلمەسكە نېمە ھەددىم.

www.uyghurkitap.com

گاۋ ئەمىرنىڭ ئوغىسى قايناپ، چاپارمەنلىرىگە ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئاچىق بۇنى ! بۇ ئەبلەخنى كالتەككە باس !

سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭ جىن بىلەن چىقىشاتتى. شۇڭا، ئۇلار لەشكىري مەھكىمە بېگى بىلەن بىللە ئىلتىجا قىلىپ:

— ئەمىر جانابلىرى، بۈگۈن ئۆزلىرى مەنسەپكە ئولتۇرغان خاسىيەتلىك كۈن، بۇنىڭ بىر قېتىملىق گۇناھىنى تىلىۋالساق، — دېدى.

— ھۇ پالاندى مۇناپىق ! — دەپ ۋارقىرىدى گاۋ ئەمىر، — سەركەردىلەرنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىپ، بۈگۈنچە گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم، ئەتىلىككە سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن !

ۋاڭ جىن باش ئۇرۇپ قۇللۇق قىلغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، شۇنداق بىر قاراپلا گاۋ چيۇنى تونۇدى. مەھكىمىدىن چىققاندىن كېيىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «ئەمدى جان ساقلىمىقىم تەس بولىدىغان بولدى ! گاۋ ئەمىر دېسە كىمكىن دەپتىمەن، ھېلىقى كۈنچىقىش ئاستانىدە كۆپپاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن «سەينا - سورۇن» بەندىسى گاۋ ئېر ئىكەنغۇ ! بۇرۇن چامباشچىلىقنى ئۆگىنىپ يۈرگەندە، دادامدىن پەشۋا يەپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۈچ - تۆت ئايغىچە ئورنىدىن تۇرالماي ياتقانىدى، ئەنە شۇ ئۆچى بار. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يۈز تېپىپ، ئوردا ئەمىرى بولۇپ قاپتىكەن، ئەمدى ئاشۇ ئۆچىنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئەجەبمۇ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم ! «ئەمىلىدىن قورقما، ئەلىمىدىن قورق» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ ئېلىشالايمەن؟ قانداق قىلسام بولىدىكىن؟» دەپ ئويلىدى ۋە شۇ دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئۆيىگە قايتىپ، بولغان ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپ بەردى. ئانا - بالا ئىككىيلەن ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغا - زار قىلىشتى.

— بالام، — دېدى ئانىسى، — «ئوتتۇز ئالتە چارىدىن،

كەچمەك تۈزۈك باردىن» دېگەن گەپ بار. شۇغىنىسى كەتكۈدەك يېرىمىز يوق !

— توغرا ئېيتىسىز، ئانا، — دېدى ۋاڭ جىن، — مەنمۇ شۇنداق خىيالغا كېلىۋاتىمەن. بىرلا يەر بار، ئۇ يەنئەن دىيارىنىڭ پېشقەدەم باسقاقبېگى قورۇقداۋاتقان بىر ياقا يۇرت، ئۇ باسقاقبەگنىڭ قول ئاستىدىكى بەگ - سىپاھلارنىڭ تولىسى كۆنچىقىش ئاستانىگە كەلگىنىدە مېنىڭ چامباشچىلىقىمنى يارتىپ قالغان، شۇلارنىڭ ئالدىغا پاناھ تىلەپ بارمايلىمۇ؟ ئۇ يەر ئادەمگە موھتاج جاي، شۇ يەردە جانىنى ئارامخۇدا پاناھلىغىلى بولىدۇ.

## غەزەل

ئىشلىتەر ئادەمنى ئادەم ھاجىتى كۆرسە راۋا،
ھەر كىشى قويسا تەمەننا ئۆزىگە تاپماس ۋاپا.
گاھ ئۇيان ئامەت قۇچارۇ، گاھ بۇيان خارلىق كۆرەر،
قوغلىنىپ مىسكىن بولارۇ، يۈز تېپىپ غەمدىن جۇدا.

ئانا - بالا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كەلدى.

— ئوغلۇم، — دېدى يەنە ئانىسى، — ئىككىمىز قاچىدىغان بولساق، ئىشىك ئالدىدا ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىدىن ساقچا پايلاقچىلىققا ئەۋەتىلگەن ئىككى چاپارمەن بار، ئۇلار بىلىپ قالسا، قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز جۇمۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ۋاڭ جىن، — خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا ، ئۇلارنى بابلاشنى ئوغلىڭىزغا قويۇپ بېرىڭ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ۋاڭ جىن چاپارمەن جاڭنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

— سەن، — دېدى ئۇ جېكىلەپ، — ئاۋۋال كەچلىك غىزا يېگىن، ئاندىن كېيىن سېنى بىر جايغا ئىشقا بۇيرۇيمەن.

www.uyghurkitap.com

— مەشقاۋۇل بېگىم، پېقىرنى نەگە بۇيرۇيلا؟ — دېدى چاپارمەن جاڭ.

— مەن، — دېدى ۋاڭ جىن، — ئاغرىپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، شۇڭا ئالدىنقى كۈنى ياۋا چىلان دەرۋازىسى سىرتىدىكى بەش تاغ بۇتخانىسىغا بېرىپ، ياغ پۇرىتىشنى نىيەت قىلىپ قويغانىدىم، ئەتە ئەتىگەندە شۇ يەرگە بېرىپ، بىرىنچى كۈجىنى ياقمىسام بولمايدۇ. سەن بۈگۈن ئاخشاملا بېرىپ، شەيخقا جېكىلەپ قوي، ئۇ ئەتە بۇتخانىنىڭ ئىشىكىنى بالدۇرراق ئېچىپ كۈتۈپ تۇرسۇن، لېۋ، لى، ۋاڭ ناملىق ئۈچ ئەۋلىياغا ئۈچ تۇياق مال سەدىقە قىلىمەن، سەن شۇ يەردە يېتىپ قېلىپ مېنى ساقلاپ تۇرغىن.

چاپارمەن جاڭ ماقۇل بولۇپ، ئاۋۋال كەچلىك غىزا يېدى، نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇتخانىغا قاراپ ماڭدى.

ۋاڭ جىن ئانا - بالا ئىككىسى شۇ كېچىسى يۈك - تاق، كىيىم - كېچەك، ئېرىغ مال ۋە كۈمۈش تەڭگىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، بىر ئەپكەشلىك يۈك تەييارلىدى. ئاندىن يەنە ئاتقا ئارتىش ئۈچۈن ئىككى خالتا ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - بوغۇز تەييارلىۋالدى، تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەن مەھەلدىلا، ۋاڭ جىن چاپارمەن لىنى ئويغىتىپ:

— سەن، — دېدى جېكىلەپ، — ماۋۇ تەڭگە پۇلنى ئېلىپ بۇتخانىغا بارغىن - دە، چاپارمەن جاڭ بىلەن ئۈچ تۇياق مال ئېلىپ پىشۇرۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرغىن، مەن ئەرۋاھلار ھەققىگە يېقىش ئۈچۈن بىرئاز قەغەز، شام سېتىۋېلىپ كەينىڭدىن بارىمەن.

چاپارمەن لى كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېلىپ، بۇتخانىغا يۈرۈپ كەتتى.

ۋاڭ جىن ئاتنى ئۆزى جابدۇدى، ئېغىلدىن يېتىلەپ چىقىپ خالتىلارنى ئارتتى ۋە ئوبدان غانجۇغىلاپ، ئارقا ئىشىكنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كېلىپ ئانىسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا

مىندۇردى، ئۆيدىكى قاتتىق - قۇرۇق، قېقىر - چۇقۇر، لاقا - لۇقىلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ئالدى - ئارقا ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىۋەتتى، ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ، ئاتنىڭ كەينىدىن ماڭدى. تاڭ قاراڭغۇسىدا شەھەرنىڭ كۈنپېتىش دەرۋازىسىدىن چىقىپ يەنئەن دىيارىغا قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى ھېلىقى ئىككى چاپارمەن نەزىرلىك مالنى سېتىۋالغاندىن كېيىن سويۇپ پىشۇرۇپ، بۇتخانىدا چاشكا ۋاقتىغىچە كۈتۈپ ئولتۇردى، لېكىن ۋاڭ جىن كەلمىدى. چاپارمەن لى تىت - تىت بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، قارىسا، ئىشىكلەر قۇلۇپلاقلىق تۇرۇپتۇ. بىر ھازاغىچە ۋاڭ جىننى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئادەم قارىسى كۆرۈنمىدى، بۇتخانىدا كەچ كىرگۈچە ساقلاپ، دەرگۇمان بولغان چاپارمەن جاڭ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇمۇ چاپارمەن لى بىلەن بىللە گۇگۇم ۋاقتىغىچە ئىزدەشتۇردى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ جىن كېچىدىمۇ قايتىپ كەلمىدى، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئىككى چاپارمەن ئەتىسى ۋاڭ جىننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈۋىدى، ئۇ يەردىنمۇ تېپىلمىدى. ئىككى چاپارمەن بالاغا قالمايلى دەپ ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىگە بېرىپ:

— ۋاڭ جىن مەشقاۋۇل ئۆي - تەئەللۇقلىرىنى تاشلاپ، قېچىپ كېتىپتۇ، ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى.

گاۋ ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ، قەھر - غەزەپ بىلەن:

— پالاندى مۇناپىق قاچقان بولسا، قېنى ئۇ ئەبلەخ نەگە بارالايدىكەن، بىر كۆرۈپ باقاي! — دېدى ۋە شۇ ھامان ئالاقە يېزىپ، ھەرقايسى ئايماق - دىيارلارغا قاچقۇن ۋاڭ جىننى تۇتۇشنى ئۇقتۇردى. خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاپارمەنلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى، بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ۋاڭ جىن مەشقاۋۇل ئانا - بالا ئىككىيلەن كۈنچىقىش

www.uyghurkitap.com

ئاستاندىن يولغا چىققاندىن كېيىن ھېرىپ ـ ئېچىپ، كېچىسى يېتىپ، كۈندۈزى مېڭىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك يول يۈردى، كۈنلەرنىڭ بىرى، كۆز باغلانغان بىر چاغدا ۋاڭ جىن ئەپكەش كۆتۈرۈپ، ئاتىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ، ئانىسىغا مۇنداق دېدى:

— تەڭرىگە شۈكۈر! ئانا ـ بالا ئىككىمىز تەلىيىمىز ئوڭ كېلىپ، بالا ـ قازانىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇق! ئەمدى يەنئەن دىيارىغا يېقىنلىشىپ قالدۇق، گاۋ ئەمىر ئەمدى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتسىمۇ تۇتالمايدۇ!

ئانا ـ بالا ئىككىسى خۇشاللىقتىن ماڭا ـ ماڭا قونالغۇ ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ كېتىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. «بۇ قاراڭغۇ كېچىدە مېڭىۋەرسەك، بىرەر مەھەللە ئۇچرىمىسا، نەدىمۇ ياتارمىز» دەپ تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، يىراقتىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن پىل ـ پىل چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. ۋاڭ جىن ئۇنى كۆرۈپ: «بەختىمىز بار ئىكەن! نېمىلا بولسۇن ئاشۇ يەرگە بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ، بىر كېچە قونايلى ـ دە، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ كېتەيلى» دېدى. ئۇلار دەرەخلىككە كىرىپ قارىسا، چوڭ بىر جاڭزا، ئۇنىڭ ئەتراپى سوقما تام، تام بويلاپ ئىككى ـ ئۈچ يۈز تۈپ يوغان سۆگەت تۇراتتى. بۇ شۇنداق جاڭزا ئىكەنكى، ھاي ـ ھاي:

ئالدى يول تۈپتۈز راۋان،
كەينىدە ئۆستەڭ داۋان.
ئاسمىنى شالاڭ تۇتەك،
چۆرىسى يېشىل ئېتەك.
مىغىلدايدۇ قوي ـ كالا،
خاماندا ئۆردەك ـ غاز تولا.
چەكسىز ئېتىز دالاسى،
مىڭغا يېتەر چاكاسى؛

خېنىملارنىڭ كۆڭلى توق،
چۆرە ـ غۇلامنىڭ سانى يوق.
ئەلۋەك ئاشلىق ـ يەملىرى،
سېمىز توخۇ ـ ئىتلىرى.
جىقتۇر كىتاب ـ قامۇسى،
موللا بالا ـ نەۋرىسى.

مەشقاۋۇل ۋاڭ جىن جاڭزىدىكى قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، دەرۋازىنى خېلىغىچە قاقىقاندىن كېيىن ئىچىدىن بىر ئوتاقچى چىقتى. ۋاڭ جىن ئەپكىشىنى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى.

— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئوتاقچى.

— يوشۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، — دېدى ۋاڭ جىن جاۋابەن، — ئانا ـ بالا ئىككى بىچارە يول ئاۋۇتىمىز دەپ مېڭىۋېرىپ، ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىزنى تۇيماي قاپتۇق، ئاشۇ يەرگە كەلگەندە، ئالدىمىزغا ماڭايلى دېسەك، مەھەللە كۆرۈنمىدى، كەينىمىزگە يانايلى دېسەك، ئۆتەڭ كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر كېچە قونۇپ ئەتە سەھەر مېڭىپ كەتسەك دېگەن ئۈمىد بىلەن مۇبارەك جاڭزىلىرىغا كېلىپ قالدۇق، ئۆي ھەققىنى تۆلىسەك، ئىلتىپاتلىرىنى ئايىماسلىقلىرىنى سورايمىز!

— ئۇنداق بولسا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىپ غوجىمىزدىن سوراپ باقاي، ماقۇل دېسە قونۇپ قېلىڭلار.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ئاكا.

ئوتاقچى كىرىپ كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ چىقتى ۋە:

— غوجام ئىككىڭلارنى كىرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

ۋاڭ جىن ئانىسىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتنى يېتىلىگەن پېتى ئوتاقچىنىڭ كەينىدىن

مىڭىپ، جاڭزا ئىچىدىكى خامانغا يېتىپ بارغاندا، ئەپكەشنى يەرگە قويۇپ، ئاتنى سۆگەتكە باغلاپ، ئانا ـ بالا ئىككىسى دالانغا كىرىپ غوجا بىلەن كۆرۈشتى.

غوجا ئاتمىشلاردىن ھالقىغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئاپپاق ئاقارغان كىشى ئىدى، ئۇ بېشىغا سەرپۇش تۇماق، ئۈستىگە كەڭ كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە قارا پوتا باغلىغان، پۇتىغا كۆن ئۆتۈك كىيگەندى، ۋاڭ جىن ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— مېھمان، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى غوجا دەرھال، — سىلەر سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم ئىكەنسىلەر، يول ئازابىنى تارتىپسىلەر، قېنى ئولتۇرۇڭلار.

ۋاڭ جىن ۋە ئانىسى ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئولتۇردى.

— قاياقتىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى غوجا، — ئەجەب كەچ قاپسىلەرغۇ؟

— كەمىنىلىرى جاڭ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، — دېدى ۋاڭ جىن جاۋابەن، — تېگىم كۇنچىقىش ئاستانىدىن. يېقىندىن بۇيان قولىمىز قىسقىراپ، تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي تاسقاقچىلىق تارتىپ قالدۇق، شۇڭا يەنئەن دىيارىدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ قېشىغا پاناھ تارتىپ كېتىۋاتىمىز. بۈگۈن يول ئاۋۇتىمىز دەپ مېڭىۋېرىپ، ئېسىمىزدە يوق، ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇق، شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىنىڭ قورۇسىدا بىر كېچە قونۇپ قالساق دەپ كەلگەندۇق. ئەتە سەھەر يۇرۇپ كېتىمىز، ئەلنەرخى ئۆي ھەققى تۆلىسەك.

— بولىدۇ، جاھاندا ھېچكىم ئۆز ئۆيىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدۇ! ئانا ـ بالا ئىككىڭلار ھەرقاچان ئىسسىق ـ سەلەڭ بىرنەرسە يېمىگەنسىلەر؟ — دېدى غوجا ۋە ئوتاقچىنى تاماق تەييارلاشقا بۇيرۇدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە مېھمانخانىغا شىرە قويۇلدى. ئوتاقچى بىر پەتنۇستا تۆت خىل كۆك ـ گېزەك، بىر تەخسە كالا گۆشى

ئاچىقىپ شىرەگە تىزدى. ئاۋۋال ئىسسىتىلغان مەي قۇيدى.

— يېزا يېرىدە، — دېدى غوجا، — سىلەرنى لايىقىدا كۈتۈۋالغۇدەك بىرنەرسە يوق، ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار.

— بىز ئانا - بالا، — دېدى ۋاڭ جىن ئورنىدىن تۇرۇپ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، — ئۆزلىرىنى بىمەھەل ئاۋارىچىلىككە سالدۇق. مۇشۇ ئىلتىپاتلىرىنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئۇنداق دېمىدىغان، قېنى، مەيگە باقايلى، — دېدى غوجا ۋە بەش - ئالتە قەدەھ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن غىزا كەلتۈرۈلدى. غىزا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن چىنە - قاچىلار يىغىشتۇرۇلدى. غوجا ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاڭ جىن بىلەن ئانىسىنى دەم ئېلىش ئۈچۈن ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى.

— ئانام بىچارە بىر ئاتقا مىنىپ كەلگەنىدى، — دېدى ۋاڭ جىن، — مالال كەلمىسە بوغۇز بېرىپ قويسا، بۇنىڭ ھەققىنىمۇ ئۆي ھەققىگە قوشۇپ تۆلىسەك.

— بولىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئات - قېچىرلىرى بار، ئوتاقچىلار ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، تەڭ يەم بېرىپ قويسۇن.

ۋاڭ جىن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا كىردى. ئوتاقچى چىراغ ياندۇرۇپ، پۇت يۇيۇشقا ئىسسىق سۇ ئەكىرىپ بەردى، غوجا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

ۋاڭ جىن ئانىسى بىلەن ئوتاقچىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئىشىكنى يېپىپ، ئورۇن سېلىپ يېتىشتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقان بولسىمۇ ئۇلار ئورنىدىن تۇرمىغاندەك ئىدى. غوجا ھۇجرىنىڭ ئالدى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ۋاڭ جىننىڭ ھۇجرىدا ئانىسى بىلەن ئاھ - ئۇھ قىلىپ زارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— مېھمان بېگىم، — دېدى غوجا، — تاڭ ئاتقىلى نەكەم، قوپسىلا ئەمدى.

ۋاڭ جىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىك تالاغا چىقتى، غوجىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— كەمىنىلىرى ئورنىدىن تۇرغىلى خېلى بولدى، كېچىدە

كېلىپ كۆپ بىسەرەمجان قىلدۇق، — دېدى.

— ھەي، قايسىڭلار شۇنچە ئاھ - ئۇھ قىلغان؟

— ئۆزلىرىدىن يوشۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، ئانام ئاتتا ئولتۇرۇپ بەك چارچاپ كەتكەچ كېچىدە يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا بېشىڭىزنى قاتۇرماڭ، ئانىڭىز بىزنىڭكىدە بىرقانچە كۈن تۇرسۇن. مېنىڭ يۈرەك كېسىلىگە داۋايىم بار، ئوتاقچىلار ناھىيەگە بېرىپ ئانىڭىزغا دورا ئەكېلىپ بەرسۇن، ئانىڭىز خاتىرجەم ئارام ئالسۇن.

ۋاڭ جىن رەھمەت ئېيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ جىن ئانىسى بىلەن بىللە غوجىنىڭ جاڭزىسىدا بەش - ئالتە كۈن تۇرۇپ قالدى. دورا ئىچىپ، ئانىسىنىڭ ئاغرىقى ئوڭشالغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقماقچى بولدى. شۇ كۈنى ئۇ ئاتقا قاراپ باقاي دەپ ئېغىل تەرەپكە كېتىۋېتىپ، بىر يىگىتنى كۆرۈپ قالدى. قىپيالىڭاچ، ئەتىيانلىرىغا ئەجدىھا سۈرىتى گۈل قىلىپ چېكىلگەن، چىرايى سۈپسۈزۈك، يېشى ئون سەككىز - ئون توققۇزلارغا كەلگەن بۇ يىگىت كالتەك تۇتۇپ چامباشچىلىق قىلىۋاتاتتى. ۋاڭ جىن بىر پەس قاراپ تۇرۇپ ئىختىيارسىزلا:

— كالتەكنى يامان ئەمەس ئوينىتىدىكەنسەن، شۇغىنىسى ھۈنىرىڭ تېخى چالا ئىكەن، جەڭ پالۋانلارنى ئۇتالمىغۇدەكسەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان يىگىت:

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى، — قايسى ھەددىڭ بىلەن مېنى مازاق قىلىۋاتىسەن؟! يەتتە - سەككىز داڭدار ئۇستا كۆرگەنمەن، سەندىن قېلىشسام ھېساب ئەمەس! نوچى بولساڭ قېنى كەل، مەن بىلەن ئېلىشالامسەن؟

ئۇنىڭ شۇ گەپلىرى ئۇستىگە كېلىپ قالغان غوجا:

— بىئەدەپلىك قىلما! — دەپ ۋارقىرىدى يىگىتكە.

— بۇ بىرنېمە نېمىشقا مېنىڭ چامباشچىلىقىمنى مازاق قىلىدۇ ئەمىسە ! — دېدى يىگىت.

— مېھمان، چامباشچىلىقتىن خەۋەرلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى غوجا.

— ئانچە - مۇنچە، — دېدى ۋاڭ جىن، — تەخسىر، بۇ يىگىت ئۆزلىرىنىڭ نېمىلىرى بولىدىكەن؟

— مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، غوجىزادە ئىكەن - دە، ئەگەر خالىسىلا، كەمىنىلىرى دۇرۇس ئويناشنى كۆرسىتىپ قويسا قانداق دەيلىكىن؟

— ۋاي بولمامدىغان، — دېدى غوجا ۋە يىگىتنى بۇ ئادەمنى ئۇستاز تۇتۇشقا بۇيرۇدى.

يىگىت نەدە ئۇنىسۇن؟ ئۇنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايناپ:

— دادا، — دېدى ئۇ، — ئۇ بىرنېمىنىڭ قۇرۇق گېپىگە ئىشەنمەڭ ! ئەگەر مېنى ئۇتىۋالسىلا، مەن ئۇنى باش ئۇرۇپ ئۇستاز تۇتاي!

— غوجىزادەم، — دېدى ۋاڭ جىن، — ئەگەر ئېغىر ئالمىسىلا، ئويۇن قاتارىدا سىنىشىپ باقايلى !

يىگىت كالتەكنى كۆكتە چاقپەلەكتەك پىرقىرىتىپ ئوينىتىپ تۇرۇپ ۋاڭ جىنغا:

— كېلە ! كېلە ! قورققان باتۇر ئەمەس، — دېدى.

ۋاڭ جىن ئورنىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرىۋەردى.

— مېھمان، — دېدى غوجا، — بۇ تەنتەككە ئۆگىتىپ قويۇش خىيالىڭىز بولسا، نەيزىۋازلىقىڭىزنى بىرەر مەرتەم كۆرسىتىپ قويمامسىز؟

— غوجىزادەمگە قاتتىق تېگىپ كەتسە، سەت بولارمىكىن، — دېدى ۋاڭ جىن كۈلۈمسىرەپ.

— ھېچقىسى يوق، مۇبادا پۇت - قولى ئەيىبناق بولۇپ قالسا، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە، — دېدى غوجا.

— بىئەدەپلىك قىلىپ سالسام كەچۈرۈشىسلە ئەمسە، — دېدى ۋاڭ جىن ۋە ياراقدانىدىن بىر دانە كالتەكنى ئېلىپ، دېۋەيلەپ مەيدانغا چۈشتى، يىگىت بىر قاراپ قويۇپ، كالتىكىنى ئوينىتىپ، توپتوغرا ۋاڭ جىنغا ئېتىلىپ كەلدى. ۋاڭ جىن كالتىكىنى سۆرەپ قاچتى، يىگىت كالتىكىنى ئوينىتىپ قوغلاپ ماڭدى. ۋاڭ جىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، كالتىكىنى بوشلۇققا قارىتىپ ئۇردى! يىگىت ئۇرۇلۇۋاتقان كالتەكنى ئۆز كالتىكى بىلەن توسۇشقا تەمشەلدى. ۋاڭ جىن كالتىكىنى شاققىدە تارتىۋېلىپ، يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە شۇنداق بىر تۇرتۇپ قويۇۋىدى، يىگىت ئۆڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، يىگىتنىڭ كالتىكى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ جىن كالتىكىنى شاقىلا تاشلاپ، ئىتتىك كېلىپ يىگىتنى يۆلىدى ۋە:

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ! كەچۈرۈڭ! — دېدى.

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر چەتتە تۇرغان ئورۇندۇقنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ۋاڭ جىننى ئولتۇرغۇزدى ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئۆزۈمچە، نۇرغۇن ئۇستا كۆردۈم دەپ كۆرەڭلەپ يۈرۈپتىكەنمەن، ئەسلىدە قىلچىلىك كارغا يارىمايدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي! ئۇستازىم، ئەمدى سىزگە ئىلتىجا قىلماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق، ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭ! — دېدى.

— بىز ئانا - بالا ئىككىيلەن، — دېدى ۋاڭ جىن، — شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ھەربىرلىرىنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتۇق، ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرۇشقا باشقا ئامالىم يوق، خىزمەتلىرىگە مەن تەييار!

غوجا بەكمۇ خۇشال بولۇپ، بالىسىنىڭ چاپىنىنى كىيدۈرۈپ، ۋاڭ جىن بىلەن بىللە ئىچكىرىكى ھوجرىغا كىرىپ ئولتۇردى ۋە ئوتاقچىلارغا قوي سويدۇرۇپ، مەي - شاراب، غىزا - تاماق، مېۋە - چېۋە تەييارلىتىپ، ۋاڭ جىننىڭ ئانىسىنىمۇ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. تۆتەيلەن ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرغاندىن

كېيىن قەدەھلەرگە مەي قۇيۇلدى، ئاندىن غوجا قولىغا قەدەھنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھكە تەكلىپ قىلدى ۋە:

— ئۇستام، ماھارەتلىرى قالتىس ئۇستۇن ئىكەن، سىلى مەشقاۋۇل ئوخشايلا، «كۆز دېگەن كۆرمىسە تامىنىڭ تۆشۈكى» دېگەندەك، ئوغلۇم سىلىدەك دانانى تونۇماپتۇ، — دېدى.

— «نائەھلىلەرگە بوزەك بولما، ياخشىلارغا يالغان ئېيتما» دەپتىكەن، پېقىر جاڭ ئۇرۇقىدىن ئەمەس، كۈنچىقىش ئاستانىدىكى توققۇز لەك ئوردا ياساۋۇلىنىڭ مەشقاۋۇلى ۋاڭ جىن دېگەن مەن بولىمەن. كۈنبويى نەيزىۋازلىق بىلەن ھەپىلىشىمەن، يېڭىدىن گاۋ ئەمىر دېگەن بىرسى مەنسەپكە ئولتۇردى. ئۇ دادام رەھمەتلىكتىن نەيزىۋازلىق قىلىمەن، دەپ پەشۋا يېگەن ئادەم ئىدى، ھازىر ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىگە ئەمىر بولغاندىن كېيىن كونا ئىنتىقامىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دەردىنى مەندىن ئالماقچى بولدى. قارا باسقاندەك ئۇنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قاپتىمەن، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي، ئانام بىلەن ئىككىمىز يەنئەن دىيارىدىكى پېشقەدەم باسقابەگ جۇڭ ئېنىڭ ئالدىغا پاناھ تارتىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن خىيالىمىزدا يوقلا بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، ھەربىرلىرى شۇنچە ئادەمگەرچىلىك قىلىشتىلا، يەنە تېخى ياشانغان ئانامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتىلا، شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشتىلا، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن كۆپ كايىتتۇق. غوجىزادەم ئۆگىنىشنى خالىغان يەردە، ئۆگىتىپ قويۇش پېقىرنىڭ بۇرچى، غوجىزادەم نەيزە ـ كالتەكنى ياڭزا چىقىرىپ ئويناشىلا ئۆگىنىپتىكەن، ئۇ چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن سورۇنغا چۈشكەندە ئەسقاتمايدۇ، پېقىر ئەمدى بىر باشتىن ئۆگىتىپ چىقاي.

غوجا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، تەن ئالغانسەن! كەل، كەل، ئۇستازىڭغا قول بەر، — دېدى.

يىگىت ۋاڭ جىنغا يەنە بىر قېتىم قول بەردى.

www.uyghurkitap.com

## غەزەل

قۇرۇق سۆلەت، ياغاچ پەشمەت ــــ بىلەرمەنلىك ئىللىتى،
دىلنى قايىل ئەيلىيەلمەس قارا كۆچنىڭ قۇدرىتى.
بولسا كىمنىڭ چىن ـ ھەقىقىي بىگىسى ھەم گۇمپىسى،
كاجمۇ ئېگىپ كاللىسىنى شۇنى ئۇستاز تۇتقۇسى.

ــــ جانابىي مەشقاۋۇل، ــــ دېدى غوجا، ــــ بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ خۇاين ناھىيەسى تەۋەسىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئالدىمىز تەرەپتىكىسى شاۋخۇاشەن دېگەن تاغ، بىزنىڭ مەھەللىمىز شىجياسۇن دەپ ئاتىلىدۇ. مەھەللىمىزدىكى ئۈچ ـ تۆت يۈز ئۆيلۈك ئاھالىنىڭ ھەممىسى شى ئۇرۇقىدىن. ئوغلىمىز كىچىكىدىن دېھقانچىلىققا يېقىن يولىماي، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن، ئانىسى تولا دەپ يۈرۈپ ھېچ گەپكە كىرگۈزەلمەي، خاپىغان بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئىلاجسىز ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇستا كۆرگۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىدىم، يەنە تېخى ئەڭ ماھىر ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئەزايى ـ بەدىنىگە گۈل چەككۈزدۈم، ئۇنىڭ مۈرە، بىلەك ۋە كۆكرەكلىرىدە جەمئىي توققۇز ئەجدىھا سۈرىتى بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئەجدىھا يىگىت شى جىن» دەپ ئاتىشىدۇ. جانابلىرى بەرىبىر بۇ يەرگە كەلگەندىكىن، ئۇنىڭغا كامالەتكە يەتكۈچە ئۆگىتىپ قويسىلا، مەن سىلىنى ئالاھىدە رازى قىلىمەن.

ــــ خاتىرجەم بولسىلا غوجام ! ــــ دېدى ۋاڭ جىن خۇشال بولۇپ، ــــ گەپ شۇنداق بولسا، غوجىزادەمگە بىراقلا ئۆگىتىپ قويۇپ ئاندىن كېتەي.

شۇ كۈندىن باشلاپ، غوجا مەي ـ تائاملار بىلەن مېھمان

قىلىپ، مەشقاۋۇل ۋاڭ جىننى ئانىسى بىلەن جاڭزىدا تۇرغۇزۇپ قالدى. شى جىن ھەر كۈنلۈكى مەشقاۋۇلدىن دەرس ئېلىپ، ئون سەككىز خىل جەڭ ماھارىتىنى باشتىن بىر - بىرلەپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. بۇ ئون سەككىز خىل ماھارەت قايسىلار؟

تەبەر، ئومۇت، ئوقيا، كامالەك، بەردەنكە،
قامچا، شەمشەر، چوقماق، چوماق، يارما دەستە.
پالتا، يالمان، ناچەخ ھەم تەبەرتىشە،
قالقان، گۇرزە، تىرنا ھەم نەيزە.

شى جىن ئۆز جاڭزىسىدا ھەر كۈنلۈكى مەشقاۋۇل ۋاڭ جىننى ئانىسى بىلەن بىللە كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن جەڭ ماھارىتىنى ئۆگەندى. غوجا خۇايىن ناھىيەسىدە مەھەللە ئاقساقىلى بولۇپ يۈرىۋەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى.

## غەزەل

غۇي قىلىپ كۈن شولىسى قاچتى روجەكتىن دالدىغا،
بەزمىگە گۈل سايىسى جور بولدى سىلجىپ ئالدىغا.
نەغمىگە دىل زوقلىنىپ، تارتقاندا مەيگە ئىشتىھا،
ۋاقتىنى كۈن سائىتى قىلدى ئايان تام ئالدىدا.

يېرىم يىل ئىچىدىلا ۋاڭ جىننىڭ بار ئىشتىياقى بىلەن ئۆگىتىشى ۋە كۆرسىتىپ قويۇشى ئارقىسىدا شى جىن ئون سەككىز خىل ماھارەتنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىپ تازا كامالەتكە يەتكۈزدى، ھەممە ھۈنەردىن گۈل كەلتۈرەلەيدىغان بولدى. ۋاڭ جىن ئۇنىڭ پىششىق ئۆگىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ «مەشەدە تۇرۇپ قالسامغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق تۇرىۋېرىشكە بولماسمىكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. بىر كۈنى ئۇلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

خوشلىشىپ يەنئەن دىيارىغا كېتىش خىيالىنى ئېيتتى. شى جىننىڭ ئۇنى نەدىمۇ قويۇۋەتكۇسى كەلسۇن؟ ئۇ:

— ئۇستازىم، مەشەدە تۇرۇپ قالسىلا، پېقىر شاگىرتلىرى ئانا ـ بالا ئىككىلىرىنى ئۆمۈر بويى باقسام، مۇرادتىكىدەك ئىش بولاتتى، — دېدى.

— ئەزىز ئىنىم، — دېدى ۋاڭ جىن، — ياخشى نىيەتلىرىڭگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، بۇ يەردە تۇرسامغۇ بەك ياخشى بولاتتى، شۇغىنىسى گاۋ ئەمىر تۇتمەن دەپ كېلىپ قالسا، سىلىگە كاشىلا يېتىپ، قاملاشمىغان بىر ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ تەشۋىشتە قېلىۋاتىمەن. شۇڭا، يەنئەن دىيارىغا بېرىپ، پېشقەدەم باسقاقبەگ جۇڭ ئېنىڭ سايىسىدا بىرەر ئىشقا ئۇلىشىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇ يەر قورۇقدىلىۋاتقان ياقا يۇرت، ئادەمگە موھتاج جاي، جاننى ئارامخۇدا پاناھلىغىلى بولىدۇ.

شى جىن بىلەن غوجا ئۇلارنى شۇنچە يالۋۇرۇپمۇ تۇتۇپ قالالمىغاچقا، ئاخىر ئۇنى زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر پەتنۇستا ئىككى توپ تاۋار، يۈز سەر كۇمۇشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى رازى قىلدى. ئەتىسى ۋاڭ جىن ئەپكەشنى جۇندىدى، ئېتنى جابدۇدى، ئاندىن ئانا ـ بالا ئىككىيلەن غوجا ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ۋاڭ جىن ئانىسىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، يەنئەن دىيارىغا قاراپ يولغا چىقتى. شى جىن ئەپكەشنى ئوتاقچىسىغا كۆتۈرتۈپ ئون چاقىرىم يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى، شى جىننىڭ كۆڭلى ئايرىلىشقا زادى قىيمايتتى، ئۇ ئاخىر ئۇستازىنى تەزىم بىلەن ئۇزىتىپ، كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشقاندىن كېيىن ئوتاقچىسى بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. مەشقاۋۇل ۋاڭ جىن ئەپكەشنى كۆتۈرگىنىچە ئاتنىڭ كەينىگە چۇشۇپ، ئانىسى بىلەن بىللە كۇنپېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ۋاڭ جىن باسقاقبەگ ئالدىغا كېتىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى! شى جىن جاڭزىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

كۆنلەرنى قاتتىق مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى، ئۇ بالاغەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمىغاچقا، يېرىم كېچىلەردە تۇرۇۋېلىپ جەڭ ماھارىتىنى مەشىق قىلدى. كۈندۈزى بولسا جاڭزىنىڭ كەينىدە ئات چاپتۇرۇپ، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتمەيلا شى جىننىڭ ئاتىسى كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، نەچچە كۈنلەرگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شى جىن يىراق ـ يېقىنلارغا ئات چاپتۇرۇپ، تېۋىپلارنى چاقىرتىپ ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ساقىيالماي، ئاخىر ئەجىلى يېتىپ قازا تاپتى. شى جىن ئاتىسىنى سېلىشقا بىر تەرەپتىن جەسەت ساندۇقى تەييارلىدى، راھىبلارنى تەكلىپ قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزدى، يەتتە كۈن ھازا ئېچىپ جامائەتتىن رىزالىق ئالدى. يەنە بىر تەرەپتىن دەرۋىشلەرنى تەكلىپ قىلىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلدۇرۇپ، قىيامەتلىككە يول ئاچتى، ئون نەچچە قېتىم ئاش تارتىپ، مۇسىبەت يارىشىقىنى قىلىپ، ئۇنى خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەپنە قىلدى. پۈتۈن مەھەللىدىكى ئۈچ ـ تۆت يۈز ئۆيلۈك كىشىنىڭ ھەممىسى قارىلىق تۇتۇپ، مېيىت ئۇزاتتى، مېيىت مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغقا جايلاشقان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ شى جىننىڭ روزىغارىنى باشقۇرىدىغان ئادەم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شى جىن دېھقانچىلىق قىلىشنى خالىماي، باشقىلارنى تېپىپ، نەيزىۋازلىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

شى غوجا ۋاپات بولۇپ ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتتى. ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تولا زېرىكىپ كەتكەن شى جىن بىر قاتلىما ئورۇندۇقنى ئېلىپ، خامانىنىڭ يېنىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا سايىداپ ئولتۇراتتى. ئۇدۇلدىكى قارىغايلىقتىن سەلكىن شامال كېلىشكە باشلىدى. شى جىن: «نېمىدېگەن سالقىن شامال ـ ھە !» دەپ ھۇزۇرلىنىپ كەتتى، شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرىنىڭ قارىغايلىقتىن بېشىنى

چىقىرىپ مارىغانلىقىنى كۆردى.

— ۋاھ! بىراۋ جاڭزامنى ماراۋاتىدىغۇ، ئۇ كىم بولغاي؟ — دەپ شى جىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قارىغايلىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىدى، قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى توشقان ئوۋچىسى لى جى ئىكەن.

— لى جى، — دەپ ۋارقىرىدى شى جىن، — مېنىڭ جاڭزامنى ماراپ نېمە قىلماقچىسەن؟ ئايغاقچىلىق قىلىپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

— غوجام، — دېدى لى جى يېقىن كېلىپ تەزىم بىلەن، — كەمىنىلىرى جاڭزىدىكى چىۋىيى پەتەكنىڭكىدە بىرەر قەدەھ مەي ئىچىپ كېتەي دەپ كەلگەنىدىم، قارىسام ئۆزلىرى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ سايىداۋېتىپتىلا، شۇڭا ئۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەي تۇرىمەن.

— مەن سەندىن بىر گەپ سوراي، ئىلگىرىلەردە ئوۋلىغان نەرسىلىرىڭنى جاڭزىمىزغا ئەكېلىپ سېتىپ يۈرەتتىڭ، مەنمۇ ئوۋلىغان نەرسىلىرىڭنى ئالسام ھەققىڭنى قالدۇرماي بېرىپ كەلگەنىدىم. ئەجەبا، يېقىندىن بۇيان ماڭا سېتىپ بەرمەس بولۇۋالدىڭا؟ مېنى پۇلى يوق دەپ كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتامسەن يا؟

— مەن بىچارىنىڭ ئۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددى! — دېدى لى جى جاۋابەن، — خېلى چاغلاردىن بېرى ئوۋلىيالمىدىم، شۇڭا كېلەلمىدىم.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي! ئۆزى شۇنچە چوڭ، ئېتىكى شۇنچە كەڭ شاۋخۋاشەن تېغىدا بۆكەن - توشقان تېپىلمىدى دېسەڭ كىممۇ ئىشىنىدۇ؟

— غوجام، خەۋەر تاپمىغان ئوخشايلا، شۇ كۈنلەردە تاغدا بىر توپ قاراقچى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار بىر تاغ تۆراسى بىنا قىلىپ بەش - ئالتە يۈز ئاتارمەن - چاپارمەننى شۇ يەرگە توپلىۋاپتۇ، بىرەر يۈزدىن ئوشۇق ياراملىق ئېتىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر چوڭىنى چېچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇ، ئىككىنچىسىنى

ئۈچار يولۋاس چىن دا، ئۈچىنچىسىنى چار يىلان ياڭ چۈن دەپ ئاتىشىدىكەن. قاراقچىلار ئاشۇ ئۈچەيلەننىڭ باشلامچىلىقىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرۈشىدىكەن، خۇايىن ناھىيەسى ئۇلارنى باشقۇرالماي، كىم تۇتۇپ بەرسە ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام بەرمەكچى بولۇپ ئېلان چىقىرىپتۇ. بىراق، ئۇلارغا كىم چېقىلالىسۇن! بىزدەك ئاجىز - پېقىرلار ئۇۋۇ قىلىشقىمۇ چىقالمايۋاتساق، نېمىنى سېتىپ بېرەتتۇق!

— قاراقچىلار پەيدا بوپتۇ دېگەن گەپنى مەنمۇ ئاڭلىغان، — دېدى شى جىن، — بىراق ئۇ بىرنېمىلەرنىڭ شۇ قەدەر ھەددىدىن ئېشىپ، خەقنى قاتتىق پاراكەندە قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. لى جى، بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەرسە ئوۋلىساڭ ئەكەلگىن.

لى جى خوش، خوش دەپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

شى جىن مېھمانخانا ئالدىغا قايتىپ كېلىپ: «بۇ ھەددىدىن ئاشقان بىرنېمىلەرنىڭ مەھەللىمىزگە كېلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشى تۇرغان گەپ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ...» دەپ ئويلىدى - دە، ئوتاقچىلىرىنى جورۇپ سېمىز سۇ كالىسىدىن ئىككىنى ئەكەلدۈرۈپ سويدۇردى، جاڭزىدا ئۆزلىرى چىقارغان ياخشى مەي بار ئىدى، ئاۋۋال ئامان - ئېسەنلىك يولىغا ئاتاپ بىر توپ قەغەز كۆيدۈردى، ئوتاقچىلىرىغا مەھەللىدىكى ئۈچ - تۆت يۈز ئۆيلۈك شى جەمەتلىك قوۋم - قېرىنداشلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى، جامائەت دالانغا يىغىلىپ، ھەر كىم ياش قۇرامى بويىچە رەت - رەت ئولتۇرۇشتى، شى جىن ئوتاقچىلارنى قەدەھلەرگە مەي قۇيۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى جامائەتكە قاراپ سۆز قىلدى:

— ئاڭلىشىمچە، شاۋخۇاشەن تېغىدا ئۈچ قاراقچى پەيدا بوپتۇ، بەش - ئالتە يۈز ئاتارمەن - چاپارمەننى توپلىۋېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يۈرگۈدەك. بۇ بىرنېمىلەرنىڭ پەيل - تۇرقىغا قارىغاندا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىمىزگە كېلىپ

جېدەل تېرىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا ، ھەرقايسىڭىزلارنى ئەھلى كېڭەشكە چاقىرتتىم. بۇ بەدرەكلەرنىڭ كېلىپ ـ تارتىپ قېلىشىغا تەخلىنىپ تۇرغىنىمىز تۇزۇكتەك تۇرىدۇ. جاڭزىدا تاك ـ تاك چېلىنغان ھامان نەيزە ـ توقماقلىرىڭلارنى ئېلىپ، بىزگە بولۇشقىلى كېلىڭلار، ئەگەر باشقىلارنىڭكىگە كېلىپ ـ تارتىپ قالسىمۇ شۇنداق قىلايلى. بىر ـ بىرىمىزگە بولۇشۇپ يۇرت ـ مەھەللىمىزنى ساقلايلى. مۇبادا قاراقچىلارنىڭ باشلىقلىرى كەلسە ئۇنىڭ جاجىسىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

— غوجام، — دېيىشتى جامائەت، — بىز سەھەرلىقلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان كىشى سىلى ئۆزلىرى، شۇڭا تاك ـ تاك چېلىنىدىغانلا بولسا، كەلمەسكە ھېچقايسىمىزنىڭ ھەددى ئەمەس!

جامائەت سورۇندىن كەچ تارقاپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى تەخلەپ قويۇشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ، شى جىن ئىشىك ـ دەرۋازا ۋە سوقمىلارنى پۇختىلاپ، بىرقانچە يەرگە تاك ـ تاك جايلاشتۇردى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى راسلاپ، قىلىچ ـ ياراغ ۋە ئاتلارنى تەخلەپ، قاراقچىلاردىن ئېھتىيات قىلىپ تۇردى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى شاۋخۇاشەن تېغىدىكى تۇرانىڭ ئاتامانلىرىدىن ئاڭلايلى. ئۈچ ئاتامان بىر يەرگە باش قوشۇپ مەسلىھەت تۈزدى. ئۇلارنىڭ چوڭى چېچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇنىڭ تېگى دىڭيۈەنلىك ئىدى، ئۇ ئىككى قولىدا ئىككى قىلىچ ئوينىتالايتتى، ماھارەتتە تازا كامالەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن جەڭ سېپى تۈزۈشكە كامىل، چارە ـ تەدبىردە ئاقىل ئىدى. جۇ ۋۇ تەرىپلىنىدىغان مۇنداق سەككىز مىسرا نەزم يېزىلغان:

جەندىسى پالمىنىڭ ياپرىقى گويا،
بۇغا تېرىسىدىن كىيگىنى كۆلا.
مەڭزىدە قىزىللىق، كۆزلىرى شەھلا،
ئاق يۈزلۈك، كېلىشكەن ساقىلى سالا.

جەڭدىكى گۆمپىسى جۇگې لياڭ سۆپەت،
پاراسەت، ئەقىلدە فەنلىدىن دانا.
خۇاشەندە چېچەنلىك ـ پەملىك بابىدا،
بولالماس ھېچ كىشى جۇ ۋۇدىن ئەلا.

ئىككىنچى پالۋان بولسا چېن ئۇرۇقىدىن بولۇپ، چېن دا دەپ ئاتىلاتتى، تېگى يېچىڭلىق ئىدى، ئۇ ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ تۇرىدىغان قۇيۇچ نەيزە تۇتاتتى، ئۇنىمۇ تەرىپلەپ مۇنداق نەزم يېزىلغان:

قارا كۆچ، بوم ئاۋاز، مىجەزى سوغۇق،
ئالتە گەز نەيزىسى پىرقىرار ۋىژىلداپ.
خۇايىننى سورىغان يېچىڭلىق باتۇر ـــ
چېن دانى يولۋاس دەر، ئۇچقان غۇيۇلداپ.

ئۈچىنچى پالۋان بولسا ياڭ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ياڭ چۇن دەپ ئاتىلاتتى، تېگى فۇجۇ ئايمىقىنىڭ شىبلياڭ ناھىيەسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ يوغان بىر ئۇزۇن ساپلىق قىلىچى بار ئىدى. ئۇنىمۇ تەرىپلەپ مۇنداق نەزم يېزىلغان:

ئېگىز بوي، ئۇزۇن قول، كۆچلۈك ـ بەقۇدرەت،
ئوينىتار قىلىچىنى ماھىرۇ ھەيۋەت.
خۇاشەننىڭ تۆۋرۈكى ـــ باتۇر، ئەزىمەت،
ئەل ئۇنى ئاتايدۇ: چار يىلان سۆپەت.

جۇ ۋۇ چېن دا بىلەن ياڭ چۇنغا:
ـــ ئاڭلىشىمچە، خۇايىن ناھىيەسى ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام پۇل چىقىرىپ، باشقىلارغا بىزنى تۇتقۇزماقچى بولۇۋېتىپتۇ، ئۇلار كېلىپ قالسا، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق تاغ تۇرامىزدا خەج ـ خىراجەت ۋە ئاشلىق ـ

www.uyghurkitap.com

تۇلۇك قىس، ئاز ـ تولا بىرنېمە بۇلاپ كېلىپ، ئۆزىمىزنى قامدىساق بولارمىكىن؟ ئاز ـ پاز ئاشلىق توپلىۋالايلى، خان لەشكەرلىرى كېلىپ قالسا، ئۇلار بىلەن ئېلىشقاندا لازىم بولىدۇ، — دېدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئۇچار يولۋاس چېن دا، — هازىرچە خۇاين ناهىيەسىگە بېرىپ، ئاۋۋال ئۇلاردىن قەرزگە ئاشلىق سوراپ باقايلى، قېنى نېمە دەيدىكىن.

— خۇاين ناهىيەسىگە بارساق بولمايدۇ، — دېدى چار يىلان ياڭ چۈن، — ئالىمادىس ئۇ يەردە بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالمايلى، شۇڭا پۇچېڭ ناهىيەسىگە بارغىنىمىز تۈزۈك.

— پۇچېڭ ناهىيەسىدە، — دېدى چېن دا، — ئادەم ئاز، پۇل، ئاشلىق كەم، خۇاين ناهىيەسىگە بېرىپ بۇلىغانغا يەتمەيدۇ، ئۇ يەرنىڭ خەلقى باي، پۇلى ۋە ئاشلىقى تولا.

— ئاغا، گەپىمنىڭ تېگىنى چۈشەنمەيۋاتىسىز: خۇاين ناهىيەسىگە بارىدىغان بولساق، شىجياسۇندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، هېلىقى ئەجدىھا يىگىت شى جىن بەئەينى چوڭ يولۋاسنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭغا چېقىلمىغان ياخشى، ئۇ قانداقمۇ بىزنى ئۆتكىلى قويسۇن؟

— تازىمۇ توخۇ يۈرەكسەن ـ دە، ئۇكا، — دېدى چېن دا، — بىرەر مەھەللىدىنمۇ ئۆتەلمىسەك، خان لەشكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟

— ئاغا، ئۇنى سەل چاغلىماڭ! — دېدى ياڭ چۈن، — ئۇ بەك قالتىس ئادەم!

— مەنمۇ، — دېدى جۇ ۋۇ، — ئۇنى قالتىس باتۇر دەپ ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ راستتىنلا بىڭسىسى بارئىمىش، ئۇ يەرگە بارمايلى.

— شۇم ئېغىزلىق قىلماڭلار! خەقنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزۈڭلارنىڭ هەيۋىسىنى يەرگە ئۇرىدىكەنسىلەر! ئۇمۇ بىر ئادەمدۇ، ئۈچ بېشى، ئالتە بىلىكى يوقتۇ؟ مەن

ئۇنداقلىقىغا زادى ئىشەنمەيمەن ! ــ دېدى چېن دا چىچاڭشىپ ۋە چاپارمەنلىرىگە ۋارقىراپ، ــ چاپسان بولۇش، ئېتىمنى جابدۇپ بېرىش ! ئاۋۋال شىجياسۇڭگە تېگىپ، ئاندىن خۇايىن ناھىيەسىنى ئالمىسام ھېساب ئەمەس !

جۇ ۋۇ بىلەن ياڭ چۇن قايتا ـ قايتا ھاي بەرسىمۇ، چېن دا قۇلاق سالمىدى. ئۇ شۇئان ياراغلىرى بىلەن جابدۇنۇپ ئېتىغا مىندى ـ دە، يۈز ئەللىكتەك چاپارمەننى باشلاپ، بۇرغا ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە تاغدىن چۈشۈپ شىجياسۇڭگە قاراپ كەتتى.

ئەمدى شى جىنغا كەلسەك، ئۇ جاڭزىسىنىڭ ئالدىدا قورال ـ ياراغ، ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى راسلاۋاتقاندا، ئوتاقچىسى كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى. شى جىن شۇ ھامان جاڭزىدىكى تاك ـ تاكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. جاڭزىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئوڭ ـ سولىدىكى شى جەمەتلىرىدىن ئۈچ ـ تۆت يۈز كىشى تاك ـ تاكنى ئاڭلىغان ھامان، نەيزە ـ توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ، شى جىننىڭ جاڭزىسىغا توپلاشتى. شى جىن بېشىغا بوغمىچا چىگكەن، ئۇچىسىغا قىزىل ساۋۇت، ئىچىگە قارا تاۋار پەشمەت، پۇتىغا يېشىل كۆسەي ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە تاسما باغلىغان، مەيدىسى بىلەن دۇمبىسىگە تۆمۈردىن ياسالغان قالقان تاقىۋالغان، يېنىدا بىر ئوقيا، بىر ساداق ئوق، قولىدا ئۈچ بۇرجەك ئۈچلۈق، ئىككى بىسلىق، تۆت كۆزلۈك، سەككىز ئۆگىلىك قىلىچ تۇراتتى. ئوتاقچىسى ئۇنىڭ قىپقىزىل چوغدەك تورۇق ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى، شى جىن ئېتىغا مىنىپ، قىلىچىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇز ـ قىرىق زەبەردەس ئوتاقچىلىرى، كەينىدە سەكسەن ـ توقسان قارىتۇرۇك سەھرالىق سەپراس بولدى، ئۇلارنىڭ كەينىدە شى جەمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەگىشىپ ماڭدى، بۇلار نەرە تارتقىنىچە مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى يول ئاغزىغا باردى.

ھېلىقى شاۋخۇاشەن تېغىدىن كېلىۋاتقان چېن دا ئۆز چاپارمەنلىرىنى باشلاپ تاغ ئېتىكىگە ئۇچقاندەك چۈشكەندىن

كېيىن سەپ تارتىپ تۇردى. شى جىن بىر قاراشتىلا بايقىدىكى، چېن دا بېشىغا قىزىل بوغمىچا چىگكەن، ئۇچىسىغا سىرىق ھەل بېرىلگەن چويۇن ساۋۇت، ئىچىگە قىزىل شىرىق پەشمەت، پۇتىغا قوشما تۇمشۇق ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە يەتتە چى ئۇزۇنلۇقتا قۇرۇ پوتا باغلاپ، بىر بوز ئارغىماققا مىنگەن، قولىدا سەككىز گەز كېلىدىغان پولات تەبەر تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئىككى تەرەپنىڭ چاپارمەنلىرى چۇقان سالدى، ئىككى پالۋان ئات ئۇستىدە ئۇچراشتى.

چېن دا ئاتتا ئولتۇرۇپ شى جىنغا ئېگىلىپ سالام بەردى. شى جىن ۋارقىراپ:

— سەنلەر جان قىيىپ، ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ھەددى - ھېسابسىز چوڭ گۇناھ قىلغان، ئۆلۈمگە مەھكۇم ئادەملەر! مېنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ، قورقماستىن ئاكاڭ قارىغايغا يۇت ئېتىشقا كەلگىنىڭنى قارا! — دېدى.

— بىزنىڭ تۇرايمىزدا، — دېدى چېن دا ئاتتا تۇرۇپ جاۋابەن، — ئاشلىق سەل قىسلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، خۇايىن ناھىيەسىگە بېرىپ ئاشلىق قەرز ئالايلى دېگەن نىيەتتە مۇبارەك جاڭزاڭلار ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، بىرەر يول چىقىرىپ بېرىڭلار، بىر تال گىياھلىرىڭلارغىمۇ تەگمەيمىز، بىزنى ئۆتكۈزۈۋېتىڭلار، قايتىشىمىزدا سىلەرنى رازى قىلىمىز.

— گەپ بويىتۇ - دە! — دېدى شى جىن، — مەن بولسام بىر مەھەللە ئاقساقىلى، بىزنىڭ ئىشىمىز سەندەك ئوغرىلارنى تۇتۇش، سەن مەھەللىمىزدىن ئۆتىمەن دەپ ئۇزۇڭچىلا ئالدىمىزغا كېلىپ قالغىنىڭدا، تۇتماقتا يوق، تېخى قويۇۋېتەمىزما؟ ئامبال بىلگىم خەۋەر تاپسا مەن بالاغا قالمامدىمەن؟

— «كۆللى ئىنسان قېرىنداشتۇر» دېگەن گەپ بار، — دېدى چېن دا، — مالال كۆرمەي يول بېرىڭلار.

— قورۇق گېپىڭنى قوي، — دېدى شى جىن، — مەن

ئۇنىغان بىلەن، ئۇنىمايدىغان بىرسى بار، شۇنىڭدىن سوراپ باق، ئۇنىتالىساڭ كېتىۋەر !

— ھەي باتۇر يىگىت، كىمدىن سورا دەۋاتىسەن؟

— ماۋۇ قولۇمدىكى قىلىچتىن، شۇ ئۇنىسا، مەن يول بېرەي !

چېن دا دەرغەزەپ بولۇپ:

— كۆزۈڭنى ئېچىپ گەپ قىل! نوچىلىقىمنى كۆرسىتىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە ! — دېدى.

شى جىنمۇ غەزەپكە كېلىپ، قولىدىكى قىلىچنى ئوينىتىتى ـ دە، چېن دا بىلەن ئېلىشىشقا بىردىنلا ئات سالدى، چېن دامۇ ئېتىنى قامچىلاپ، نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە شى جىنغا تاقابىل تۇردى. ئىككىسى ئاتلىق ئېلىشتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە شۇنداق ئېلىشتىكى:

بىرى دەۋرەپ ئېتىلغاندى، بىرى باردى ئۇچۇپ يانغا،
تۆۋەن چۈشمەي تۇرۇپ نەيزە، قىلىچ ئۆرلىدى ئاسمانغا.
دېۋەيلەپ بىرى كەلگەندە، بىرى دەۋرەپ چىقار ئالغا،
گۆھەر تاشنى تالاشقاندەك دېگىز تەكتىدە ئەجدىھا.
ئۇرۇشتى تىغنى نەق چەنلەپ، بىرىدىن بىرى ئەزۋەيلەپ،
گوياكى يەم تالاشقاندەك يامان يولۋاس ئېگىز تاغدا.
غەزەپ ئوتى بىلەن ھەملە قىلىپ «ئەجدىھا يىگىت» شۇندا،
رەقىب باشىنى چەنلەيتتى ئۇچ تىغلىق قىلىچ قولدا.
غەزەپلەندى «ئۇچار يولۋاس» تېنىگە سىغمىدى قەھرى،
سالار كۆكرەككە سەككىز گەز تەبەر ـ نەيزىنى ھەر يولدا.
چىۋەرلىك بابىدا ماھىر بولۇپ بىر ـ بىرىدىن ھەردەم،
تالاشتى بەس كامالەتتە باھادىرلار شۇ مەيداندا.

شى جىن بىلەن چېن دا بىر ھازا ئېلىشتى، شى جىن چاندۇرغاندەك بىر ھىيلە ئىشلىتىۋىدى، چېن دا ئېپىپ كەلدى دېگەندەك، نەيزىسىنى شى جىننىڭ كۆكرىكىگە سانجىدى، شى

جىن شارتلا تولغىنىۋىدى، چېن دا نەيزىسى بىلەن بىللە شى جىنىنىڭ قويىنىغا كىرىپ قالدى، شى جىن ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن قامالاپ، قاتتىق بىر قورۇپ، چېن دانى كۆللۈك ئېگەردىن لىككىدە يۇلۇۋالدى ۋە پوتىسىدىن تۇتۇپ بىرلا سىلكىپ يەرگە تاشلىۋەتتى، چېن داننىڭ ئېتى بولسا قويۇندەك تىكىۋەتتى. شى جىن ئوتاقچىلىرىغا چېن دانى چەمبەرچاس باغلاتتى. ئەھلى جامائەت چېن داننىڭ چاپارمەنلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ قوغلىۋەتتى. شى جىن جاڭزىسىغا قايتىپ كېلىپ، چېن دانى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى ۋە قاراقچىلارنىڭ ھېلىقى ئىككى كاتتىبېشىنىمۇ قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ھەممىسىنى بىر يولى ئاپىرىپ يامۇلغا تاپشۇرۇپ، ئىنئام ئالماقچى بولدى. ئۇ ئەھلى جامائەتنى مەي بىلەن رازى قىلغاندىن كېيىن ۋاقتىنچە تارقىلىشقا ئىجازەت بەردى. جامائەت:

— غوجىزادىمىزنىڭ شۇ قەدەر باھادىرلىقىغا ئاپىرىن! — دەپ ماختاشتى.

جامائەتنىڭ شاد - خۇراملىقتا چۆمۈلۈپ، مەي ئىچىشكەنلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى جۇ ۋۇ بىلەن ياڭ چۇندىن ئاڭلايلى. جۇ ۋۇ بىلەن ياڭ چۇن تۇرادا دىلىغۇل بولۇپ قالغانلىقتىن، تىڭتىڭلاپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتمەك بولۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا چېن دا بىلەن بىللە كەتكەنلەر سالتاڭ ئاتلارنى يېتىلىشىپ قايتىپ كېلىپ قالدى ۋە:

— ئىش چاتاق بولدى! چېن دا ئاغىمىز ئىككىلىرىنىڭ گېپىگە كىرمەي، ئۆز جېنىغا زامىن بولدى! — دەپ نالە قىلىشتى.

جۇ ۋۇ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى، چاپارمەنلەر ئېلىشىش ئەھۋالىنى، شى جىنىنىڭ قالتىس باتۇر ئىكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي، — دېدى جۇ ۋۇ، — ئاخىر شۇ

بالاغا يولۇقۇپتۇ ـ دە.

ــ بىز ھەممەيلەن ئۇلاش ـ چولاش بىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشساق قانداق دەيسىز؟ ــ دېدى ياڭ چۈن.

ــ ئۇنداق قىلغان بىلەنمۇ بولمايدۇ، ــ دېدى جۇ ۋۇ، ــ چېن دا يېڭىلىپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئېلىشالايسەن!

مېنىڭ بىر ھىيلە ئىشلەتكۈم بار، شۇ ھىيلە بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالمىساق، بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگەيدۇ.

ــ قانداق ھىيلە ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى ياڭ چۈن.

جۇ ۋۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

ــ پەقەت ... شۇنداق قىلىمىز، ــ دېدى.

ــ قالتىس ھىيلە ئىكەن ! ــ دېدى ياڭ چۈن، ــ مەن سىز بىلەن باراي ! كېچىكسەك بولمايدۇ!

ئەمدى شى جىنغا كەلسەك، ئۇ ئۆز جاڭزىسىدا غەزىپىنى باسالماي ئولتۇرغان بىر پەيتتە، ئوتاقچىسى ئۇچقاندەك كىلىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

ــ ئەمدى تۇرادىكى جۇ ۋۇ بىلەن ياڭ چۈننىڭ ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ!

ــ بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ ! ــ دېدى شى جىن، ــ بۇلارنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ، بىراقلا يامۇلغا تاپشۇرمىسام قاراپ تۇر ! چاپسان بول، ئاتنى ئەكەل !

شى جىن تاڭ ـ تاڭ ئۇرغۇزدى، ئەل ـ جامائەت بىردەمدىلا يىغىلدى. شى جىن ئېتىغا مىنىپ، دەرۋازىدىن چىقاي دەپ تۇرغاندا، جۇ ۋۇ بىلەن ياڭ چۈن ياياق مېڭىپ، دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار تەڭلا تىزلاندى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياش ئىدى. شى جىن ئېتىدىن چۈشۈپ ۋارقىرىدى:

ــ ئىككىڭ تىزلىنىپ نېمە دېمەكچى؟

ــ بىز ئۈچ بىچارە، ــ دېدى جۇ ۋۇ يىغلامسىراپ، ــ بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئىلاجسىز تاغقا چىقىپ غەلىيانچى

بولۇپ قالغانىدۇق، باشتىلا «كۆرگۈلۈك بولسا تەڭ كۆرىمىز، ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشكەنىمىز. مەردلىكتە گۇەن گۇڭ، جاڭ فېي، ليۇ بېلارغا يەتمىسەكمۇ، لېكىن دىلىمىز بىر. ئىنىمىز چېن دا مەسلىھەتكە كۆنمەي، ئادىشىپ، تاج ـ دۆلەتلىرىگە چېقىلىپ قالغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. تىلىۋېلىشقا ئامالىمىز بولمىغاچقا، بىللىلا ئۆلەيلى دەپ كەلدۇق. باتۇر جانابلىرى، بىز ئۈچەيلەننى تەڭلا يامۇلغا يالاپ ئاپىرىپ بىرىپ ئىنئام ئالسىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە زارلانمايمىز. بىز سىلىدەك پالۋاننىڭ قولىدا ئۆلسەك، زادى ئارمىنىمىز يوق.

شى جىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «بۇلار ھەقىقەتەن مەرد ئىكەن! مۇبادا بۇلارنى يامۇلغا تۇتۇپ بىرىپ ئىنئام ئالىدىغان بولسام، جاھاندىكى ئەزىمەتلەر مېنى نامرات ئىكەن دەپ مازاق قىلمامدۇ؟! ‹تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس› دېگەن گەپ بار» دەپ ئويلىدى ۋە:

— بۇ ياققا كېلىڭلار! — دېدى.

جۇ ۋۇ بىلەن ياڭ چۈن قىلچە تەپ تارتماي، شى جىننىڭ كەينىگە چۈشۈپ ماڭدى، مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، يەنە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىزنىمۇ باغلىسىلا دەپ تۇرۇۋالدى، شى جىن ئۇلارنى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، دەپ قايتا ـ قايتا ئېيتسىمۇ نەدىكىنى، ئۇلار زادى ئۇنىمىدى. «دانانىڭ قەدرىگە دانا يېتەر، باتۇرنى باتۇر بىلەر» دېگەندەك، شى جىن ئۇلارغا:

— سىلەر ئاجايىپ مەرد ـ ۋاپادار ئىكەنسىلەر، مۇبادا سىلەرنى تۇتۇپ بېرىدىغان بولسام، نامەردلىك قىلغان بولىمەن. چېن دانى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرەي، بولامدۇ؟

— باتۇر، ئۆزلىرىگە كاساپىتىمىز تەگمىسۇن، — دېدى جۇ ۋۇ، — ئۇنىڭدىن كۆرە، بىزنى يامۇلغا يالاپ ئاپىرىپ بىرىپ، ئىنئام ئالغانلىرى تۈزۈك.

— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى شى جىن، —

سىلەرگە مەي تۇتسام ئىچەمسىلەر؟

— ئۆلۈمدىن قورقمىغان يەردە، مەي ئىچىش دېگەن قانچىلىك گەپ دەيلا؟ — دېدى جۇ ۋۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

نامىلىرى باشقا ۋە لېكىن تەقدىرى ئوخشاش تۇرۇپ،
ئۆزلىرى ئاۋارە بولدى مەردكە جىق قاپقان قۇرۇپ.
نا سېخىي - نامەردچىلىكنى تاجدارلاردىن سوراڭ،
بىلىسىڭىز مەردلەر تۇرۇپتۇ ئەسلىي سەھراغا تولۇپ.

شى جىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، چېن دانى بوشاتتى، ئىچكىرىكى مېھمانخانىدا زىياپەت تەييارلاپ، ئۇچەيلەننى مېھمان قىلدى. جۇۋۇ، ياڭ چۇن، چېن دالار بۇ چوڭ ئىلتىپاتقا تەشەككۇر بىلدۈرۈشتى. ئۇلار بىرقانچە قەدەھ كۆتۈرۈشكەندىن كېيىن خېلى ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتىشتى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، ئۇچەيلەن شى جىنغا رەھمەت ئېيتىپ، تاغقا قايتىپ مېڭىشتى، شى جىن ئۇلارنى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى.

ئەمدى جۇ ۋۇ باشلىق ئۇچەيلەن ئۆز تۇراسىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— بىز، — دېدى جۇ ۋۇ، — مۇشۇنداق ھىيلە ئىشلەتمىگەن بولساق، ھازىرقىدەك ھايات ئولتۇرۇشىمىز نەدە دەيسىلەر؟ ئەگەر شى جىن مەردلىك قىلمىغان بولسا، بىرەيلەننى قۇتقۇزىمىز دەپ بېرىپ، ھەممىمىزلا تۇتۇلغان بولاتتۇق، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە سوۋغا - سالام تەييارلاپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ جېنىمىزنى ئامان قويغان ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتايلى.

ئاردىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە، جۇ ۋۇ باشلىق ئۇچەيلەن ئوتتۇز سەر زىخچا ئالتۇن تەييارلاپ، ئىككى چاپارمەندىن ئاي قاراڭغۇسىدا شى جىننىڭ جاگىزىسىغا ئەۋەتتى، ئۇلار ئەلياتقۇ مەھەلدە كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى، ئوتاقچى خەۋەر يەتكۈزدى، شى

جىن شاق ـ شۇق كىيىندى ـ دە، جاڭزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ چاپارمەنلەردىن سورىدى:

— نېمە گېپىڭلار بار؟

— ئۇچ ئاتامانىمىز قايتا ـ قايتا سالام يوللىدى: ئۆزلىرىنىڭ جان قىيمىغانلىقلىرىغا تەشەككۇر ئېيلەپ ئاتايىن كەمىنىلىرىدىن ئاز بولسىمۇ سوۋغا ـ سالام ئەۋەتتى، قايتۇرماي كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمىز، — دېدى چاپارمەن ۋە ئالتۇننى چىقىرىپ شى جىنغا تۇتتى، دەسلىپىدە ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى، كېيىن ئىچىدە: «ياخشى نىيەت بىلەن ئەۋەتكەندىكىن، ئالغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپ، ئالتۇننى ئالدى ۋە ئوتاقچىلارغا زىياپەت تەييارلىتىپ، چاپارمەنلەرنى تۇن نىسپىگىچە مەي بىلەن مېھمان قىلدى ۋە ئاز ـ پاز كۈمۈش پۇل بېرىپ، تاغقا قايتۇردى. ئاردىن يەنە يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، جۇ ۋۇ باشلىق ئۇچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇلاپ كەلگەن بىر تىزىق خىل مەرۋايىتنى يەنە چاپارمەنلەردىن كىچىلەپ شى جىننىڭ جاڭزىسىغا ئەۋەتتى. شى جىن تاپشۇرۇۋالدى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئاردىن يەنە يېرىم ئاي ئۆتتى، شى جىن: «بۇ ئۇچەيلەن مېنى شۇنچە ئىززەتلەۋاتقان يەردە، مەنمۇ ئاز ـ پاز سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى ياندۇراي» دەپ ئويلىدى. ئەتىسى ئوتاقچىسىدىن بىر تىككۈچىنى چاقىرتتى، ئۆزى ناھىيەگە بېرىپ ئۇچ توپ قىزىل كىمخاب سېتىۋېلىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن ئۇچ كىشىلىك كەمزۇل تىكتۇردى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بورداق قويدىن ئۇچىنى سويدۇرۇپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ، بىر چوڭ قاچىغا قاچىلىتىپ، ئىككى ئوتاقچىسىدىن ئەۋەتمەكچى بولدى. شى جىننىڭ ۋاڭ سى دەيدىغان بىر ئوتاقچىلار چوڭى بار ئىدى، بۇ ئادەم يامۇلدىكىلەرنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش تۇتالايدىغان، ياغلىما ئېغىز ئادەم بولغانلىقتىن جاڭزىدىكىلەر ئۇنى قەدىمدە ئۆتكەن «بوداڭ مىسال گەپدان» دەپ ئاتىشاتتى. شى جىن ئۇنىڭغا باشقا

بىر قاۋۇل ئوتاقچىنى ھەمراھ قىلىپ، سوۋغىنى كۆتۈرتكۈزۈپ، تاغنىڭ تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ قويدى. تاغ تۈۋىدىكى چاپارمەنلەر بۇلارنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن تۇرادىكى جۇ ۋۇ باشلىق ئۈچ ئاتامانىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقتى، ئۇلار ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئەكەلگەن كىمخاب قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنى تاپشۇرۇۋالدى، ئوتاقچىلارغا ئون سەر كۈمۈش ئىنئام بەردى. ئوتاقچىلار ئون نەچچە جامدىن مەي ئىچكەندىن كېيىن تاغدىن جاڭزىغا قايتىپ كېلىپ، شى جىن بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— تاغدىكى ئاتامانلار كۆپتىن - كۆپ سالام ئېيتتى، — دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ شى جىن جۇ ۋۇلار بىلەن دائىم باردى - كەلدى قىلىپ يۈرۈشتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ۋاڭ سى ئۆزى يالغۇز تاغ تۇراسىغا سوۋغا ئاپىرىپ تۇردى. تۇرادىكى ئاتامانلارمۇ چاپارمەنلەردىن شى جىنغا ئارقا - ئارقىدىن ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغا ئەۋەتىپ تۇردى.

كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى تاۋۇز چاغىنى يېتىپ كەلدى. شى جىن ھېلىقى ئۈچەيلەن بىلەن ئون بەشىنچى كۈنى تولۇن ئاي كېچىسى ئۆز جاڭزىسىدا ئاي تاماشىسى قىلىپ، مەي - شاراب ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشقا ۋەدىلەشتى. جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۈنلارنى زىياپەتكە چاقىرىش ئۈچۈن، ئوتاقچىسى ۋاڭ سىنى بىر پارچە باغاق بىلەن شاۋخۇاشەن تېغىغا ئەۋەتتى. ۋاڭ سى باغاقنى ئېلىپ، ئۇدۇل تاغ تۇراسىغا بېرىپ، ئۈچ ئاتامان بىلەن كۆرۈشۈپ، باغاقنى سۇندى، جۇ ۋۇ باغاقنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ئۈچىلىسى قوبۇل كۆرۈپ، شۇئان بىر پارچە مەكتۇپ يازدى ۋە ۋاڭ سىغا بەش سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئون نەچچە جام مەي ئىچۈردى. ۋاڭ سى تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، ئىلگىرى دائىم سوۋغا ئەكېلىپ يۈرگەن چاپارمەنلەرنىڭ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ چاپارمەن

ئېسىلمۇۋېلىپ، ۋاڭ سىنى زادى قويۇۋەتكىلى ئۇنىمىدى ۋە يول بويىدىكى مەيخانىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇن نەچچە جام مەي ئىچۈردى. ۋاڭ سى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، جاڭزا تەرەپكە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، سالقىن تاغ شامىلى سوقۇش بىلەن مەي كۆچى تۇتتى ـ دە، دەلدەڭشىپ قالدى. ئۇن چاقىرىم يىراقتا بارمايلا دەرەخلىك كۆرۈندى، دەرەخلىك ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ياپيېشىل قىياقلىقتا ئۆزىنى گۈپپىدە ئېتىۋەتتى. شۇ پەيتتە داۋاننىڭ ئاستىدا توشقان ئوۋلاۋاتقان ئوۋچى لى جى شىجياسۇن جاڭزىسىدىكى ۋاڭ سىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئەسلىدىن ۋاڭ سىنى تونۇيتتى، شۇڭا يۈگۈرگىنىچە دەرەخلىككە كىلىپ ئۇنى يۆلىدى، نەدىمۇ قىمىرلىتالىسۇن؟ ئۇنىڭ ۋاڭ سىنىڭ پوتىسىدا تومپىيىپ تۇرغان كۈمۈش پۇللىرىغا كۆزى چۈشۈپ: «بۇ بەدرەڭ مەست بولۇپ قاپتۇ ... مۇنچە جىق كۈمۈش پۇلنى نەدىن تاپتىكىنە؟ بىر قىسمىنى ئېلىۋالمايمۇ؟ ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى، گويا ساماۋى ئەختەرلەرنىڭ ئۇچرىشىشى نېسىپ ئەتكەندەك، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئامەتكە يولۇقتى. لى جى ۋاڭ سىنىڭ بېلىدىكى پوتىنى يېشىپ بىرلا سىلكىگەنىدى، پوتىنىڭ قېتىدىكى جاۋاب خەت بىلەن كۈمۈش پۇللار بىراقلا يەرگە چۈشتى. لى جى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئانچە ـ مۇنچە خەت ساۋاتى بولغاچقا، خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، خەتكە شاۋخۇاشەن تېغىدىكى جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۈنلارنىڭ ئېتى يېزىقلىق ئىدى، ئۇ شۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئېتىنى ئوقۇغاندىن باشقا، قالغان ئەلەمدار ـ قەلەمدارلارغا خاس يېزىلغان خەتلەرنى تونۇيالمىدى. ئۇ: «مەن ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ قاچانمۇ دۆلەت يۈزى كۆرەرمەن؟ دەپ رەممالغا رەم باقتۇرسام، ‹بۇ يىل قولۇڭغا بايلىق كىرىدۇ› دېگەنىدى، شۇ بايلىق مۇشۇ ئىكەن ـ دە! خۇايىندىن ئاشۇ ئۈچ قاراقچىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام بېرىش توغرىسىدا ئېلان چىقىرىلغان. ئەستاغپۇرۇللا، شى جىن دېگەن بەدرەككە لەنەت، ئاۋۇ كۈنى ئۇنىڭ جاڭزىسىغا چيۇ يى

پەتەكنى ئىزدەپ بارغىنىمدا، ئايغاقچىلىق قىلغىلى كەپسەن دەپ سوروشتە قىلىپ كەتكەنىدى، ئابايا قاراقچىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگەن ئۆزى ئىكەنغۇ !» دېدى ـ دە، كۈمۈش پۇلنىمۇ، خەتنىمۇ ئېلىپ ناھىيەگە مەلۇم قىلىشقا ماڭدى.

ئەمدى ئوتاقچى ۋاڭ سىغا كەلسەك، ئۇ ياتقان يېرىدە بىر ئۇخلىغىنىچە، ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە ئويغاندى، ئۇ خىرە چۈشكەن ئاي شولىسىنى كۆردى ـ دە، چۆچۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قارىسا ئەتراپى ساپلا قارىغايلىق كۆرۈندى. ئۇ بېلىنى سىلىغۇىدى، پوتىسىمۇ، جاۋاب خەتمۇ قولىغا ئۇرۇنمىدى، ئەتراپقا سەپسېلىپ پوتىسىنىڭلا قىياقلىقتا تاشلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ۋاي داد سېلىپ: «كۈمۈش پۇلنىڭغۇ كارى چاغلىق، خەتنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە نېمە دەرمەن؟ كىم ئەكەتكەندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپلا بىر ئەقىل تاپتى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىچە: «مۇبادا جاڭزىغا بېرىپ جاۋاب خەتنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېيتىدىغان بولسام، غوجىزادەم چوقۇم كايىپ مېنى قوغلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە جاۋاب خەتنىڭ گېپىنى چىقارمايلا قوياي، ئۇ نەدىن بىلەتتى؟» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ ئەنە شۇ قارارغا كەلدى ـ دە، ئۇچقاندەك مېڭىپ، تاڭ ئاتار چاغدا جاڭزىغا قايتىپ كەلدى. شى جىن ۋاڭ سىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

ــ ئەجەب كېچىكتىڭغۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىرى شاراپىتىدىن، تۇرادىكى ئۈچ ئاتامان زادى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىماي، مېنى تۈن نىسپىگىچە مەي بىلەن مېھمان قىلىپ تۇرۇۋالدى، شۇ ۋەجىدىن كېچىكىپ قالدىم، ــ دېدى ۋاڭ سى.

ــ خەت ـ پەت بەرمىدىمۇ؟ ــ يەنە سورىدى شى جىن.

ــ ئۈچ ئاتامان، ــ دېدى ۋاڭ سى، ــ خەت يازىمىز دېگەنىدى، كەمىنىلىرى ئۈچ ئاتامانغا: «زىياپەتكە چوقۇم بارىدىغاندىكىن، خەت يېزىپ نېمە قىلىشالا، ئۇنىڭ ئۈستىگە

پېقىر مەي ئىچىپ قويدۇم، يول ئۈستىدە ئالىمادىن بىرەر هادىسىگە يولۇقۇپ يوقىتىپ قويسام ياخشى بولماس، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس» دېدىم.

شى جىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ:

— خالايىق سېنى: «بوداڭ مىسال گەپدان» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن! راستلا قالتىس ئىكەنسەن! — دېدى.

— كەمىنىلىرى، — دېدى ۋاڭ سى جاۋابەن، — خىزمەتلىرىگە كېچىكىپ قالماي دەپ، يول بويى توختىماي، پالاقشىپ قايتىپ كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى شى جىن، — ناھىيەدىن مېۋە - چېۋە، كۆك - گېزەك، مەي - پەي ئەكەلدۇرۇپ، تەييارلىق قىلىپ قويايلى.

هايت - هۇيت دېگۈچە تاۋۇز چاغىنىمۇ يېتىپ كەلدى. چاغان هاۋا ئوچۇق ياخشى كۈنگە توغرا كەلدى، شى جىن ئوتاقچىلىرىغا بىر دانە بورداق قوي، يۈزدىن ئارتۇق توخۇ - غاز سويدۇرۇپ، مەي - شاراب، نازۇنېمەتلەر بىلەن زىياپەت راسلاتتى. تۈن پەردىسى يېيىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقاندا كەلگەن بۇ تاۋۇز چاغىنى شۇنداق پەيزى تۈس ئالدىكى:

نىسپىي شەن ئايدىڭ كېچە - تۈن ئېغىپ يەتكەن مەهەل،
ئېسىلىپ كۆك بويىنىغا تۇرغان قەمەر بىر تەڭگە دەل.
كۆرۈنەر ئالتۇن لېگەن چاقناپ تولۇن ئاينىڭ يۈزى،
هۆسنىدىن دىل زوقلىنىپ، تويماس قاراپ ئادەم كۆزى.
شولىسى شۇنداق زىلال، تاپقان مۆراد ئۆز ۋەسلىگە،
بېقىشار ئەنبەر - قەمەر ئىپار چېچىپ گۈل بەستىگە.
قايرىلىپ گۈل پەردىلەر، ئالتۇن قەدەھ سۇرگەندە مەي،
توختىماس شاد كۈلكىلەر، تىنماس كۆڭۈل قۇتلۇق دېمەي.
هەر يىلى بۇ مەرىكىدە مەستلىك ئېشىپ قايناپ تاشار،
بەزمىنى پۈتتى دېمەڭ، ئاي پاتسا يۇلتۇز يۈز ئاچار.



www.uyghurkitap.com

ئەمدى شاۋخۇاشەن تېغىدىكى ئۈچ ئاتامان — جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۈنلار ئۆز چاپارمەنلىرىنى تۇراغا قارىتىپ قويۇپ، تۆت - بەش چاپارمەننىلا ئەگەشتۈرۈپ، قول قىلىچلىرىنى ئېلىشقان، يان قىلىچلىرىنى ئېسىشقان ھالدا، تاغدىن ئاتمۇ مىنمەستىن پىيادە چۈشتى ۋە ئۇدۇل شى جىننىڭ جاڭزىسىغا كېلىشتى. شى جىن ئالدىغا چىقىپ، سالاملاشقاندىن كېيىن مېھمانلىرىنى قورۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى باغچىغا باشلىدى، زىياپەت تەخمۇتەخ قىلىپ قويۇلغانىدى. شى جىن ئۈچ ئاتاماننى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئوتاقچىلىرىغا قورۇنىڭ ئارقا ئىشىكى ۋە ئالدى دەرۋازىسىنى تاقىتىۋەتتى. زىياپەت باشلىنىپ، ئوتاقچىلار نۆۋەتلىشىپ مەي تۇتتى، گۆشكە تەكلىپ قىلدى، بىرقانچە قەدەھ مەي ئىچىلگەندە، كۈنچىقىشتىن تولۇن ئاي كۆتۈرۈلگەنىدى.

## نەزم

تاغ - دېڭىزلار قەرىنى چىقتى بويلاپ گۈل قەمەر،
شوخ بۇلۇتلار زوقلىنىپ، كۆك يۈزىنى سەيرىتەر.
تەڭگە چاچتى نۇر شەپەق كەڭرى ئالەم ھۆسنىگە،
كۆلدى نۇردىن ئېلىقىپ تاكى تاغدىن سۇ قەدەر.
بارچە سەھرا - كەڭ دالا قالدى نۇرنىڭ ئىلكىدە،
ئۇخلىغاق شۇم قاغىنىڭ قاچتى ئۇيقۇ ھەم بەدەر.
نەيزە سانجىپ كۆلگىمۇ چۈشتى ئاينىڭ شولىسى،
كۆل بويىنىڭ جۈپتىكى — ئىككى غازمۇ چاپتى زەر.
جاھان بويلاپ تۈشمۇتۈش ئاي جامالى ئاچتى يۈز،
چۆمدى نۇرغا ھەممە يەر — تاغۇدەشت، سەھرا، شەھەر.

شى جىن باغچىدا ئۈچ ئاتامان بىلەن مەي ئىچىپ، سۆتتەك ئايدىڭدا ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ تاۋۇز

چاغىنىنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتقاندا، تالادا بىردىنلا چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيان ـ بۇيانغا نۇر چاچقان ئوتقاش يورۇقى كۆرۈندى، شى جىن چۆچۈپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە:

ــــ ئەزىز بۇرادەرلەر، سىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن قاراپ باقاي، ــــ دېدى ۋە ئوتاقچىلىرىغا: «ئىشىكنى ئاچماڭلار» دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن تامغا شوتا قويۇپ ئۇستىگە چىقىپ قارىدى، كۆردىكى، خۇايىن ناھىيەسىنىڭ چېرىك يامۇلىنىڭ لەشكەر بېشى باشچىلىقىدا ئىككى* نەپەر يۈزبېشى، ئۈچ ـ تۆت يۈز يۇرت چېرىكىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ، قورۇنى قورشىۋاپتۇ. شى جىن بىلەن ئۈچ ئاتامان ۋاي سېلىپ كەتتى. تالادا ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا چاڭگاق، قول قىلىچ، چارمىخ، ئىلمەك، نەيزە سانجاق ـ سانجاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىككى نەپەر يۈزبېشى بولسا: «قاراقچىلار قېچىپ كەتمىسۇن!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئەيىۋھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! مۇبادا بۇ بىر توپ ئادەم شى جىن بىلەن ئۈچ ئاتاماننى تۇتىمىز دەپ كەلمىگەن بولسا، شى جىن دەسلىپىدە بىر ـ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئون نەچچە باتۇر بىلەن تونۇشمىغان، ساماۋى ئەختەرلەر بىلەن زېمىننى ئەپتەرلەر ئۇچراشمىغان، قومۇشلۇقتا ئەسكەر توپلاپ، سۇ لەيلىسى ئارىسىدا ئۇرۇش كېمىلىرىنى تەييارلىمىغان بولاتتى. شى جىن بىلەن ئۈچ ئاتاماننىڭ قانداق قىلىپ قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## غوجىزادە شى جىننىڭ كېچىلەپ خۇايىن ناھىيەسىدىن قاچقانلىقى
## باقاۋۇل لۇ دانىڭ غەرب غوجىسنى ئۇرۇپ دۇمبالىغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا شى جىن:
— ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى يېنىدىكىلەردىن.
ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان جۇ ۋۇ باشلىق ئۈچ ئاتامان تىز پۈكۈپ ئېيتتىكى:
— ھەي ئاغا، ئۆزلىرى پاك - پاكىز بىر ئادەم، بىزنىڭ كاساپىتىمىزگە كەتمىسىلە يەنە، شۇ تاپتا بىز ئۈچىلىمىزنى باغلاپ تاشقىرىغا ئاچىقسىلا - دە، بۇ نېمىلەرگە بىزنى ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ بېرىپ يامۇلنىڭ ئىنئام - ئىلتىپاتىغا ئېرىشسىلە، بىزنى دەپ ئۆزلىرى يەرگە قاراپ قالمىسىلا.
— ياق! — دېدى شى جىن، — ئۇنداقتا سىلەرنى ئالداپ كېلىپ ئۆزۈم تۇتۇپ بەرگەن بولمامدىمەن، خەلقئالەم ئالدىدىمۇ كۈلكە - لەنەتكە قالىمەن. سىلەر بىلەن ئۆلۈكۈمۇ بىر، تىرىكىمۇ بىر، قېنى، تۇرۇڭلار، خاتىرجەم بولۇڭلار، ھودۇقماي - تەمتىرىمەي، باشقىچە بىر ئامال قىلىپ كۆرەيلى. مەن ئاۋۋال بۇ نېمىلەرنىڭ نەدىن ۋە نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سوراپ كۆرەي.
شى جىن شوتىغا ئارتىلىپ، پەستە تۇرغان ئىككى نەپەر يۈزبېشىدىن:
— ھەي يۈزبېشىلار، يېرىم كېچىدە جاڭزامىغا بېسىپ كىرىپ زادى نېمە قىلماقچىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي غوجىزادە، خۇپسەنلىك قىلماي راستىنى ئېيتىڭ! سىزنى مەلۇم قىلغان لى جى دېگەن ئادەممۇ يېنىمىزدا تۇرۇپتۇ مانا، — دېدى ئىككى نەپەر يۈزبېشى.

— ھەي لى جى، سەن نېمە ۋەجىدىن ساپساق بىر ئادەمگە قارا چاپلايسەن؟ — دېدى شى جىن ۋارقىراپ.

— نەدىن بىلەي، ۋاڭ سى ئەكەلگەن جاۋاب خەتنى دەرەخلىكنىڭ ئىچىدىن تېپىۋېلىپ، ناھىيەگە ئاپىرىپ بېرىپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا - قازا تېرىلدى، — دېدى لى جى.

— ھوي ۋاڭ سى، خەت بەرمىدى دېگەنتىڭغۇ، ئەمدى بۇ خەت نەدىن كەلدى؟ — دەپ سورىدى شى جىن ۋاڭ سىنى ئالدىغا چاقىرىپ.

— پىقىر مەست بولۇپ قېلىپ خەتنى تاشلاپ كېتىپتىمەن بىلگەم، — دېدى ۋاڭ سى.

— ھەي ھايۋاندىن تۆرەلگەن، ئەمدى نېمە قىلسام بولىدۇ سېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى شى جىن غەزەپلىنىپ.

تاشقىرىدا تۇرغانلار بىلەن ھېلىقى ئىككى نەپەر يۈزبېشى شى جىندىن قورقۇپ، قورۇنىڭ ئىچىگە تۇت - تۇت قىلىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى.

— ھازىرچە ئۇلارغا ماقۇل دەپ تۇرسىلا، — دېدى ئۈچ ئاتامان قولى بىلەن تاشقىرىدىكىلەرنى كۆرسىتىپ، شى جىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى - دە، يەنە شوتىدا تۇرۇپ:

— ئىككىڭلار بىر قەدەم چېكىنىپ، جايىڭلاردىن قىمىرلىماي تىپتىنچ تۇرۇڭلار، بۇلارنى ئۆزۈم باغلاپ ئالدىڭلارغا ئاچىقىمەن - دە، يامۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىنئام ئالىمەن، — دېدى.

شى جىندىن قورقۇپ تۇرغان ھېلىقى ئىككى نەپەر يۈزبېشى دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— سىز بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچ گەپ يوق، ئۇ

نىمىلەرنى ئۆزىڭىز باغلاپ ئاچىقسىڭىز، بىللە ئاپىرىپ يىلمۇلدىن ئىنئام ئالىمىز، — دېدى.

شى جىن شوتىدىن چۈشۈپ مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئالدى بىلەن ۋاڭ سىنى چاقىرىپ، ئۇنى قورۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى باغچىغا باشلاپ كىردى - دە، قىلىچى بىلەن شارتلا قىلىپ چېپىپ تاشلىدى. ئاندىن ئوتاقچىلارغا بار - يوق ئېرىغ ماللىرىنى يىغىشتۇرغۇزۇپ، پۇختىلاپ تاڭدۇردى. ئوتتۇز - قىرىق ئوتقاشنى ياقتۇرۇپ، تەخ قىلىپ قويدى. شى جىن بىلەن ئۈچ ئاتامان دۇبۇلغا - قۇياقلىرىنى كىيىپ ياراقدانىدىن يان قىلىچ ۋە قول قىلىچلىرىنى ئېلىپ راسلاندى؛ قورۇنىڭ ئارقىسىدىكى كەينىگە ئوت قويۇۋەتتى، ئوتاقچىلار بوغجۇملىرىنى تېڭىشتى. تاشقىرىدا تۇرغانلار قورۇنىڭ ئىچىدە يېنىۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ، گۇررىدە ئارقىغا ئۆتۈپ قاراشتى، شى جىن ئارا دالانغا ئوت قويۇۋېتىپ، دەرۋازىنى ئاچتى - دە، چۇقان سېلىپ تاشقىرىغا ئېتىلىپ چىقتى.

ھەممىنىڭ ئالدىدا شى جىن، ئوتتۇرىدا جو ۋۇ بىلەن ياڭ چۈن، ئارقىسىدا بولسا چېن دا بىلەن چاپارمەنلەر ۋە ئوتاقچىلار بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن چاپقۇنغا ئۆتتى. شى جىن شۇنداق بىر قاپلان ئىدىكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ بەس كېلەلمەيتتى! ئارقا تەرەپتە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەننى چاپقىنىچە قۇيۇندەك ئېتىلىپ كېلىۋەردى، ئۇ دەل بايىقى ئىككى نەپەر يۈزبېشى بىلەن لى جىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. «ئۆچمەن ئۆچمەننى كۆرسە كۆزلىرى چاقناپتۇ» دېگەندەك، شى جىن بۇلارنى كۆرۈپ غەزەپكە كەلدى. ئىككى نەپەر يۈزبېشى ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى پەملەپ دەررۇ ئارقىغا بۇرۇلدى. لى جىمۇ ئارقىغا بۇرۇلاي دەپ تۇرۇۋىدى، شى جىن چاققان كېلىپ قىلىچىنى كۆتۈردى - دە، شارتلا قىلىپ چېپىپ لى جىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، ئىككى نەپەر يۈزبېشى قېچىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، چېن دا بىلەن ياڭ

چۆن نەق ئۆستىدىن چۆشۆپ، تىغلىرىنى شۆنداق ئۆردىكى، ھەر ئىككىسىنىڭ جىنىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدى، چۆچۆپ كەتكەن چىرىك يامۆلنىڭ لەشكەر بېشى ئىتىنى دېۋىتتى ـ دە، بەدەر قاچتى. چىرىكلەر ئالدىغا ئىلگىرىلەش ئۆياقتا تۇرسۇن، جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باشلىرى قايغان، پۇتلىرى تايغان ياقلارغا قاراپ قېچىشتى. شى جىن بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ، ئالدىغا ئۈچرىغاننى چېپىپ ـ سوقۇپ ماڭدى. ئۇلارنى قوغلاشقا پېتىنالمىغان چىرىكلەرمۇ تۇشمۇتۇشتىن تارقىلىپ كېتىشتى. شى جىن باشلىق جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۈن ۋە بىرمۇنچە ئوتاقچىلار توپتوغرا شاۋخۇاشەن تېغىدىكى تۇراغا بېرىپ توختاپ، دەم ـ ئارامىلىرىنى ئېلىشتى. جۇ ۋۇ، چېن دا ۋە ياڭ چۈنلار تۇراغا يېتىپ بارغان ھامان چاپارمەنلەرنى بۇيرۇپ، ئات ـ كالا سويدۇرۇپ، خۇشاللىق زىياپىتى بەردى. بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شى جىن: «ئۇچەيلەننى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن دەپ قورۇ ـ جايلىرىمنى كۆيدۇرۇۋەتتىم، ئانچە ـ مۇنچە ئېرىغ ماللىرىمدىن باشقا، قاتتىق ـ قۇرۇق بىساتلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلدىم» دەپ ئويلىدى ـ دە، كۆڭلى بىئارام بولۇپ، بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەي، جۇ ۋۇلارغا سۆز ئاچتى:

ـــ مېنىڭ ئۇستازىم مەشقاۋۇل ۋاڭ جىن كۇنپېتىش باسقاق يامۇلىدا ئىشلەيدۇ، مەن ئۇ كىشىنى ئىزدەپ باراي دېۋىدىم، شۇغىنىسى ئاتامنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن بارالماي قالدىم. ھالا بۇگۈنكى كۈندە قورۇ ـ جايلىرىممۇ، دۇنيا ـ تەئەللۇقاتىممۇ كۆيۈپ تۈگىدى، ئەمدى بېرىپ ئۇ زاتنى تاپمىسام بولمايدۇ.

ـــ بارمىسىلا، ئاغا، تۇرامىزدا بىرنەچچە ۋاق تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن كېتىشىپ كۆرسەك. ئەگەر بىز بىلەن بىللە غەلىيانچى بولۇشنى خالىمىسىلا، ئەل ـ يۇرت بىر ئاز تىنچىغاندىن كېيىن جانابلىرىغا يېڭىباشتىن قورۇ ـ جاي

سىلىپ بەرسەك، ئەنە شۇ چاغدا مۆمىن پۇقرا بولۇپ ئۆتەرلا، — دېدى جۇ ۋۇ باشلىق ئۈچەيلەن.

— بۇغۇ سىلەرنىڭ ياخشى نىيىتىڭلار، لېكىن قىلىپ قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، ئۇستازىمنى تاپمىسام، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بىرەر ئىش - ئەمەلگە ئۇلىشىپ، كېيىنكى ئۆمرۈمنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزسەم دەيمەن، — دېدى شى جىن.

— ئاغا، بۇ يەردە قېلىپ، تۇرامىزغا باش بولۇپ بەرسىلە نېمىدېگەن ياخشى ئىش بولاتتى، بەلكىم تۇرامىز كىچىك بولغانلىقتىن، مۇناسىپ كۆرمەيۋاتسىلا كېرەك، — دېدى جۇ ۋۇ.

— مەن بولسام پاك - پاكىز بىر ئوغلانىمەن. رەھمەتلىك ئاتا - ئانامنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈشكە قانداقمۇ كۆڭلۈم بارسۇن؟ مېنى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش غەلىيانچىلاردىن بولۇشقا ئەسلا سايە قىلماڭلار، — دېدى شى جىن.

ئۇ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېتىمەن دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. جۇ ۋۇ باشلىق ھەممىسى ھەرقانچە يېلىنىپمۇ ئۇنى سۆزگە كۆندۈرەلمىدى. شى جىن ئۆزى بىللە كەلگەن ئوتاقچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاغ تۇرادا قالدۇردى. ئۆزىگە بىر ئاز كۈمۈش - تەڭگە ئېلىپ، ئۇنى بىر بوغجۇمىغا ئورىدى، قالغان - قاتقان نەرسىلىرىنى تۇرادىكىلەرگە ئامانەت قويدى. ئۇ بېشىغا فەنياڭدا ئىشلەنگەن قىزىل پۆپۈكلۈك ئاق كىگىز قالپىقىنى كىيىپ، قالپىقىنىڭ ئىچىگە تۇم قارا بوغمىچىنى ئوراپ، ئۇنى توق سېرىق بوغقۇچ بىلەن ئېڭىكىدىن چىگدى، بەدىنىگە ئاق مەشۇتتىن قوش ياقىلىق قۇياق تون كىيدى، بېلىگە ھەپىرەڭ گۈللۈك، بەش ئىلىك كەڭ قۇر باغلاپ، پاچىقىغا ئالا - بالداق گوجەي يۆگىدى، پۇتىغا كۆپ قۇلاقلىق چىگە چورۇقنى كىيىپ، بېلىگە غاز قانىتىغا ئوخشىتىپ سوقۇلغان مىس دەستىلىك قىلىچىنى ئېسىپ، ئۆشنىسىگە بوغجۇمىسىنى ئارتتى، ئاندىن قول قىلىچىنى ئېلىپ، جۇ ۋۇ باشلىق ئۈچ ئاتامان بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. چاپارمەنلەرمۇ ئۇزىتىپ تاغدىن

چۇشتى. جۇ ۋۇ، چىبن دا ۋە ياڭ چۇنلار كۆزىگە ياش ئېلىپ خوشلاشقاندىن كېيىن تۇراغا قايتىشتى.

شى جىن قول قىلىچىنى ئېلىپ شاۋخۇاشەن تېغىدىن چىققاندىن كېيىن كۇنپېتىشتىكى بەش يۇرتنى كۆزلەپ يەنئەن دىيارىغا راۋان بولدى.

## نەزم

ئەگرى ـ بۈگرى قاتمۇقات تاغ، بەل داۋانلاردىن ئېشىپ،
ئۆتتى خىلۋەت كەنتتىن هالقىپ، دەشتۇ چۆللەرنى كېزىپ.
ئىس ـ تۇتەكلىك كېچىلەردە قوندى جاڭگاللار ئارا،
سۇزۇك ئايدىڭ تاڭ سەھەردە چىقتى يادىن يامىشىپ.
پاتسىمۇ كۈن يۇردى تىنماي، قالدى ئىتلار قاۋشىپ،
تاغدا خوراز چىللىغاندا ماڭدى ئاۋۇن يول بېسىپ.

شى جىن يوللاردا گاھ ئاچ، گاھ ئۇسسىز قېلىپ، كېچىسى قونۇپ، كۈندۈزى مېڭىپ، تەنها ئۆزى يىرىم ئايچە يول يۈرۈپ، ئاخىر ۋېيجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىمۇ بىر باسقاق يامۇل بار ئىدى. ئۇ: «ئۇستازىم ۋاڭ جىن مەشقاۋۇل مۇشۇ يەردە بولۇپ قالمىغىيدى يەنە؟» دەپ ئويلىدى ۋە شەھەر ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ شۇنداق كېلىشكەن، كوچىلىرى رەتمۇرەت ، بازار دېگەن قايناپ تۇرىدىغان بىر ئاۋات شەھەر ئىكەن. چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كىچىككىنە بىر چايخانا ئېچىقلىق تۇراتتى. ئۇ چايخانىغا كىرىپ، ئالاھىدە بىر ئورۇننى تۇتۇپ ئولتۇردى.

— مېھمان قانداق چاي ئىچىدىكىن؟ — دەپ سورىدى چايچى.

— دەملىگەن چېيىڭىز بولسا كەلتۈرۈڭ، — دېدى شى جىن.

چايچى بىر چەينەك چاينى دەملەپ، شى جىننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى.

— بۇ يەردىكى باسقاق يامۇل قەيەردە؟ — دەپ سورىدى شى جىن.
— ئەنە، ئاشۇ ئۇدۇلىمىزدىكى جاي شۇ، — دەپ كۆرسەتتى چايچى.
— بۇ يامۇلدا كۇنچىقىش ئاستانىدىن كەلگەن ۋاڭ جىن مەشقاۋۇل دېگەن كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى شى جىن.
— بۇ يەردە مەشقاۋۇللار كۆپ. ۋاڭ پالانى، ۋاڭ پۈستانى دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ - تۆتىسى بار، بۇلارنىڭ قايسىسى ۋاڭ جىنكىن - تاڭ، — دېدى چايچى.
چايچىنىڭ سۆزى تېخى تۈگە - تۈگىمەيلا، تاشقىرىدىن ئاجايىپ بەستلىك بىر ئەزىمەت گۈرسۈلدەپ چايخانىغا كىرىپ كەلدى. شى جىن قارىغۇدەك بولسا، ئۇ شۇنداق ھەيۋەتلىك بىر سىپاھبەگ ئىدىكى:

بېشىدا بۇددا كىرىست گۈللۈك تاۋاردىن بوغمىچا،
كەينىدە تەيىۋەنگە خاس بىر جۈپ كالۋۇتۇن ھالقىچا.
كىيگىنى شاتۇت رەڭ يېشىل قۇياق توندۇر ئۈنىڭ،
بېلىدە ئىككى ئۆرۈش رەڭگى قارا بەلباغ ئۈنىڭ.
پۇتىدا زىغزىقى بار قۇش تىرنىقىدەك كۆن ئاياغ،
ئۇل ئاياغنىڭ ئۇستىدە پارقىراپ تۇرار سېرىق بوياق.
قۇلىقى سالپاڭ قۇلاق، يۈزى ئۈنىڭ كەڭ، يۇمىلاق،
تىك بۇرۇن، يايپاڭ ساقال، ئاغزى ئىدى گويا يالاق،
ئۆزى بىر كاداڭ سۈپەت، بەللىرى باداڭ سىياق.

بۇ ئادەم چايخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، چايچى ئېيتتىكى:
— ھەي مېھمان، ۋاڭ جىن مەشقاۋۇلنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، مانا مۇشۇ باقاۋۇل بېگىمدىن سوراڭ، بۇ بېگىم ھەممىنى بىلىدۇ.
شى جىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ:

— چايغا كەلسىلە بېگىم، — دەپ چايغا تەكلىپ قىلدى.

بۇ ئادەممۇ شى جىننىڭ قەددى ـ قامەتلىك، ئەزىمەتلەرچە تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ، دەرھال سالاملىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئىككىسى بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— جانابلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى سوراشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن بېگىم، — دېدى شى جىن.

— مەن باسقاق يامۇلىنىڭ باقاۋۇلى بولىمەن، — دېدى بۇ ئادەممۇ، — ئۆزۈم لۇ جەمەتىدىن، ئېتىم لۇ دا بولىدۇ. ئۆزلىرى قايسى جەمەتتىن بولىلاكىن؟

— پېقىر خۇاجۇ ئايمىقىنىڭ خۇايىن دېگەن ناھىيەسىدىن بولىمەن، ئۆزۈم شى جەمەتىدىن، ئېتىم شى جىن بولىدۇ. پېقىرنىڭ سەككىز لەك ئوردا ياساۋۇلىغا مەشقاۋۇل بولغان بىر ئۇستازىم بار ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ۋاڭ ئۇرۇقىدىن، ئېتى ۋاڭ جىن. بۇ يەردىكى باسقاق يامۇلىدا شۇ كىشى بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى شى جىن.

— ئاغا، ئۆزلىرى ھېلىقى شىجياسۇندىكى ئەجدىھا يىگىت شى جىن غوجىزادىم بولۇپ قالمىسىلا يەنە؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل.

— خوش، پېقىر شۇ بولىمەن، — دېدى شى جىن تەزىم بىلەن.

— «ئاڭلىغان كۆرگەنگە يەتمەيدۇ، كۆرگەن ئاڭلىغاندىن ئەۋزەل» دەپتىكەن، سىلى دەۋاتقان ۋاڭ جىن مەشقاۋۇل ھېلىقى كۇنچىقىش ئاستانىدە گاۋ ئەمىرنىڭ جېنىغا تەگكەن كىشى شۇ بولۇپ قالمىغاي يەنە؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل دەرھال ئېھتىرام بىلەن.

— نەق ئۆزى شۇ.

— مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغاندىم. ئۇ ئاغىمىز بۇ يەردە ئەمەس. ئاڭلىشىمچە، ئۇ كىشى ھازىر يەنئەن دىيارىدىكى پېشقەدەم باسقاقبېگىمىنىڭ قولىدا ئىشلىگۈدەك ئىمىش. بىزنىڭ بۇ ئايمىقىمىزنى كىچىك باسقاقبېگىم سورايدۇ. ئۇ كىشى بۇ

يەردە ئەمەس. ھە، شى جىن غوجىزادەم دېگەن سىلى ئىكەنلا ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ خوش مۇبارەك نامىشەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. قېنى، يۈرسىلە، كوچىغا چىقىپ ئانچە ـ مۇنچە مەي ـ شاراب ئىچىپ كېلەيلى.

لۇ دا باقاۋۇل شى جىننى چايخانىدىن كوچىغا باشلاپ ماڭدى ۋە كەينىگە قاراپ:

ـــ چاي پۇلى ماڭا تەن، ـــ دەپ قويدى چايچىغا ئەسكەرتىپ.

ـــ ھېچقىسى يوق باقاۋۇلبېگىم، كارى چاغلىق، كېتىۋەرسىلە، ـــ دېدى چايچى.

ئىككىيلەن قولتۇقلىشىپ چايخانىدىن چىقتى ۋە كوچا بويلاپ ئوتتۇز ـ قىرىق قەدەم ماڭغاندىن كېيىن كوچىدىكى بىر بوشلۇقتا ئولىشىۋالغان بىر توپ ئادەمنى كۆردى. شى جىن:

ـــ قاراپ باقايلى ئاغا، ـــ دېدى ـ دە، ئولىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قارىدى، قارىغۇدەك بولسا، توپنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئىچىگە ئون نەچچە مەلھەم دورا سېلىپ، ئۈستىدىن قەغەز بەلگىلەر قىستۇرۇپ قويۇلغان بىر تەخسىنى يەرگە يېيىۋېلىپ، قولىغا ئون نەچچە كالتەكنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. بۇ ئەسلىدە ئەل ـ يۇرتنى ئارىلاپ چامباشچىلىق قىلغاچ، مەلھەم دورا سېتىپ يۈرىدىغان بىر ئادەم ئىدى، شى جىن بىر كۆرۈپلا ئۇنى تونۇۋالدى، ئەسلىدە ئۇ شى جىننىڭ چامباشچىلىقنى تۇنجى قېتىم ئۆگىتىپ قويغان ئۇستازى بولۇپ، خەقلەر ئۇنى يولۋاس سوقار لى جۇڭ دەپ ئاتىشاتتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستازىم، بارمۇ سىلى، ـــ دەپ كۆرۈشتى كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ شى جىن.

ـــ سىزنى بۇ ياقلارغا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ئەزىز ئىنىم؟ ـــ دەپ سورىدى لى جۇڭ.

ـــ ھە، سىز شى جىن غوجىزادەمنىڭ ئۇستازى بولىدىكەنسىز ـ دە، سىزمۇ يۈرۈڭ، ئۈچىمىز بىللە بېرىپ ئاز ـ

www.uyghurkitap.com

تولا ئىچىشىپ كېلەيلى، ـــ دېدى باقاۋۇل لۇ دا.

ـــ توختاپ تۇرۇشسىلا، پېقىر ئاۋۋال دورىلىرىمنى سېتىپ بىرئاز پۇل قىلىۋالاي، ئاندىن بىللە بارايلى، ـــ دېدى لى جۇڭ.

ـــ نەۋاقىقا ساقلاپ تۇرىمىز سىزنى؟ بارسىڭىز يۈرۈڭ، بىللە بارايلى، ـــ دېدى لۇ دا.

ـــ پېقىرنىڭ كۆنى مۇشۇنىڭغىلا قاراشلىق، بۇنىڭدىن ئايرىلسام جان باقمىقىم تەس. ئۆزلىرى بارغاچ تۇرسىلا باقاۋۇل، پېقىر كەينىلىرىدىن يېتىپ بارىمەن، ئەزىز ئىنىم، سىزمۇ باقاۋۇل بېگىم بىلەن بىللە بېرىپ تۇرۇڭ، ـــ دېدى لى جۇڭ شى جىنغا.

لۇ دا كايىپ ھېلىقى ئولىشىپ قاراپ تۇرغان ئادەملەرنى ئۇيان ـ بۇيان ئىتتىرىپ تىللاشقا باشلىدى:

ـــ قۇيرۇقۇڭنى قىسىپ دەرھال بۇ يەردىن كېتىش، خۇمسىلار، كېتىشمىسەڭ ھېلى ئەدىپىڭنى بېرىمەن بىكار.

كىشىلەر ئۇنىڭ باقاۋۇل لۇ دا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، گۇررىدە قېچىشتى. لۇ دانىڭ ئاچچىقى چۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەن لى جۇڭمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ: «ياپىر، نېمىدېگەن سەپرا مىجەز ئادەم بۇ» دەپ ھەجىيىپلا قويدى ـ دە، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ۋە دورا خالتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، نەيزە ـ كالتەكلىرىنى ئامانەت قويۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى.

ئۇچەيلەن بىرنەچچە دوقمۇشتىن ئۆتۈپ، كۆۋرۈك يېنىدىكى پەن جەمەت مەيخانىسى دېگەن ئاتاقلىق بىر مەيخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، مەيخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇلغان خادىغا ئېسىقلىق مەي تۇغى① لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇ مەيخانا شۇنداق كېلىشكەن مەيخانا ئىدىكى، ئۇنى تەرىپلەپ مۇنداق بىر نەزم يېزىلغان:

مەي تۇغى مەيىن شامالدا يەلپۈنەر،
ئەل ئارا مەمۇرچىلىق دەۋران سۈرەر.

① مەي تۇغى ـــ مەيخانىنىڭ بەلگە بايرىقى.

ئىچسە مەي باتۇردا جۇرئەت ئۇلغىيىپ،
كۆڭلى غەش زىبا ـ گۈزەل خەندان كۈلەر.
سەرۋى تال جىلۋىلەنسە تاڭ نۇرىدا،
كەچقۇرۇن تۇغ سايىسى گۈلگە چۈشەر.
يەتمىگەن ئارمانىغا ھەربىر يىگىت،
كۆڭلىنى مەي ھەم ناۋادا خۇش ئېتەر.

ئۈچەيلەن يەن جەمەت مەيخانىسىنىڭ بالىخانىسىغا چىقىپ، چىرايلىق بىر ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. لۇدا باقاۋۇل تۆردە، لى جۇڭ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا، شى جىن بولسا تاپسا تەرەپتە ئولتۇردى. مەيپۇرۇش لۇ دا باقاۋۇلنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن:
— مەيدىن قانچىلىك كەلتۈرەي باقاۋۇل بېگىم؟ — دەپ سورىدى قول باغلاپ تۇرۇپ.
— ھازىرچە تۆت كاسا مەي كەلتۈر، — دەپ بۇيرۇدى لۇ دا.
مەيپۇرۇش كۆك ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە ۋە مەي ـ شارابلارنى تەييارلاپ قويۇپ يەنە سورىدى:
— بېگىم، نېمە يېيىشىدىلىكىن؟
— سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ نېمەڭ بولسا شۇنى ئەكېلىۋەر، پۇلۇڭنى بىراقلا ئالىسەن، ئەجەبمۇ كوتۇلداپ كەتتىڭغۇ بۇ بىر نېمە؟ — دېدى لۇ دا.
مەيپۇرۇش پەسكە چۈشۈپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئىسسىتقان مەي ئاچىقتى، ئارقىدىن گۆش ـ تائاملارنىمۇ كەلتۈرۈپ، شىرەنىڭ ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتتى. ئۈچەيلەن ئولتۇرۇپ بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشكەچ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ۋە چامباشچىلىق ماھارەتلىرى ئۈستىدە تازا قىزىق سۆزلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئارىتام ھۇجرىدىن بىرسىنىڭ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىغان ئۈنى ئاڭلاندى. لۇ دانىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ تەخسە ـ پەخسە، قەدەھ ـ پەدەھلەرنى پەگاغا ئاتتى. مەيپۇرۇش ئاڭلاپ پايپاسلاپ چىقىپ قارىسا، باقاۋۇل تازا ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ

تۆرۈپتۇ.

— ئۆزلىرىگە نېمە كېرەككىن بېگىم، بۇيرۇغانلىرىنى دەرھال بەجا كەلتۈرەي، — دېدى قول قوۋۇشتۇرۇپ مەيپۇرۇش.

— مەن بىرنەرسە كېرەك دەۋاتقىنىم يوق! مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلسەن، يېنىمىزدىكى ئۆيدە خىتىلدىتىپ يىغلىتىۋاتقىنىڭ كىم ئۇ، بىزنى ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى قويماي، نېمىدەپ يىغلىتىۋاتىسەن ئۇلارنى؟ پۇلۇڭنى بەرمەي قويغان يېرىم بارمۇ يا؟ دېدى لۇدا قايناپ.

— كايىمىسىلا بېگىم، خەقنى يىغلىتىپ، بېگىمنىڭ ئولتۇرۇشىغا مالاللىق كەلتۈرۈش يېقىرنىڭ ھەددى ئەمەس. بۇ يەردىكى مەيخانىلاردا غەزەلچىلىك بىلەن جان باقىدىغان بىر بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ بىر قىزى بار، شۇلار يىغلاۋاتىدۇ. ئۇلار بەگلىرىمنىڭ بۇ يەردە مەي ـ شاراب ئىچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەي، ئۆز دەردىگە يىغلاۋاتقىنى بېگىم، — دېدى مەيپۇرۇش.

— قىزىق گەپ ـ ھە؟ ئۇلارنى بۇ يەرگە چاقىر، — دېدى باقاۋۇل.

مەيپۇرۇش چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىنلا ئىككىيلەن كىردى: ئالدىنقىسى ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر چوكان، ئارقىدىكىسى بولسا ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلارغا كىرگەن بىر بوۋاي ئىدى. ئۇلار قوللىرىدا چىكىلداقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە لۇ دانىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چوكان بەكمۇ ساھىبجامال دېگۈدەك بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنداق مېھرى ئىسسىق بىر چوكان ئىدىكى:

قاشتېپشى جىغا قىسىلغان چاچلىرى قۇندۇز كەبى،
ئەۋرىشىم بويىدا دۇردۇن قىپقىزىل بەل كۆڭلىكى.
بەدىنى سۈتتىن سۈزۈك، كۆڭلەك كىيىپتۇ داكىدا،
سۇس سىرىق پايپاق بىلەن ياي كېپىش بار پۇتىدا.

تۇرۇلۇپتۇ قاپقارا قىيغان قەلەمدەك قاشلىرى،
ئۈنچە - مەرۋايىتقا ئوخشاش تۆكۈلەر كۆز ياشلىرى.
خۇش پۇراق ئەت - يانى تۇزغان، يۈزى سولغۇن زەپىران،
يا كېسەل دەستىدە ۋەيران، يا ئەلەم كۆپ قىيىنىغان.

چوكان كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ، لۇ داغا ئۈچ قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، بوۋايمۇ كېلىپ كۆرۈشتى.

— قەيەردىن كېلىشتىڭ؟ نېمىشقا يىغا - زار قىلىشىسەن؟ — دەپ سورىدى لۇ دا ئۇلاردىن.

— ئۆزلىرى بىلمەيدىغان چېغى بېگىم، رۇخسەت قىلسىلا، كەمىنە قۇللىرى ئەرزىمنى بايان ئەيلىسەم، مېنىڭ تېگىم كۇنچىقىش ئاستانىدىن. جەددى - جەمەتلىرىمنى پاناھ تارتىپ، ئاتا - ئانام بىلەن بۇ ۋېيجۇ ئايمىقىغا كەلگەنىدىم، بىز كەلسەك، جەمەتلىرىمىز تۆۋەن ئاستانىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئانام بىچارە سارايدا ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ قازا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئىككىمىز مۇشۇ يەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق. بۇ يەردە بىر باي بار ئىكەن، ئۇنى خەقلەر غەرب غوجىسى جېن بېگىم دەيدىكەن، ئۇ كىشى مېنى كۆرۈپ قېلىپ، زورلۇق بىلەن ئۆزىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماق بولۇپ، ئۈست - ئۈستىگە ئەلچى قويۇپ تۇرۇۋالدى. كىم بىلسۇن، بەرمىگەن پۇلغا مېنىڭ نامىمدا ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق تاپشۇرۇۋالدىم دېگەن بىر قۇرۇق تىلخەت يېزىپ، مېنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى چاياندەك بىرنېمىكەن، ئۈچ ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا مېنى پاتقۇزماي ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى گۆرۈ ھېسابىدىكى ئۈچ مىڭ تىزىق يارماقنى تۆلەپ بولمىغۇچە بۇلارنى ماڭغۇزمايسەن دەپ، سارايۋەنگە جېكىلەپ قويۇپتۇ. ئاتام بولسا قورقۇنچاق ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن تاقارىشىپ تۇرۇشتىن قورقتى، چۈنكى باي دېگەننىڭ پۇلىمۇ بولىدىكەن، يۈزىمۇ بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن بىر يارماقمۇ

ئالماي تۇرۇپ نەدىكى پۇلنى تۆلەرمىز دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجىنىڭ يوقىدىن، ئاتام كىچىككىمدە ئۆگىتىپ قويغان بەزى ناخشىلارنى مەيخانىلاردا ئېيتىپ يۈرۈپ، غەزەلچىلىك بىلەن جان بېقىۋاتىمىز. ھەر كۈنى تاپقان - تەرگىنىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ قەرزگە كېتىدۇ، قالغىنىنى ئىككىمىز خىراجەت قىلىمىز، ئىككى - ئۈچ كۈن بولدى، ئىچكۈلۈك قىلىدىغانلارمۇ ئازىيىپ قالدى، تاپاۋەت يوق، ناۋادا پۇلنىڭ سۈرۈكى ئۆتۈپ كېتىپ، پۇل دەپ كېلىپ قالسا، ئىزا - ئاھانەتكە قالىدىغان بولدۇق دەپ، ئاتا - بالا ئىككىمىز ئاھ ئۇرۇپ، دەرد - ئەھۋالىمىزنى كىمگە دەپ، كىمگە ئېيتىشىمىزنى بىلەلمەي، يىغا - زار قىلىپ ئولتۇرۇپتۇق. ئوقۇشمىغانلىقىمىزدىن بېگىملەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇپتۇق، رەھىم - شەپقەت قىلىپ گۇناھىمىزدىن ئۆتسىلە بېگىم، — دەپ ئەرز - ھال ئوقۇدى چوكان.

— قايسى ئۇرۇقتىن بولىسەن؟ چۈشكەن سارىيىڭ نەدە؟ ھېلىقى غەرب غوجىسى دېگەن ئادەم نەدە ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ دا باقاۋۇل بوۋايدىن.

— پېقىر بولسام جىن ئۇرۇقىدىن، ئوتتۇرانچى ئوغۇل بولىمەن، قىزىمنى جىن سۈيلەن دەپمۇ قويىمىز؛ غەرب غوجىسى دېگىنىمىز جۇاڭيۇەن كۆۋرۈكىنىڭ بېقىنىدا گۆش ساتىدىغان جېن قاسساپ دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى شۇ. غەرب غوجىسى دېگەن ئۇنىڭ لەقىمى ئىكەن. بىز ئاتا - بالا ئىككىمىز ئۇدۇلدىكى كۈنچىقىش دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى لۇ جەمەت سارىيىدا يېتىپ - قوپۇۋاتىمىز، — دېدى بوۋاي.

— تۇفى! قايسى جېن بېگىم ئىكەن دەپتىمەن! ھېلىقى چوشقا گۆشى ساتىدىغان جېن قاسساپ ئىكەنغۇ. بۇ ئىپلاس مۆتتەھەم كىچىك باسقاقبېگىمنىڭ دۆلىتىدە قاسساپلىق دۇكىنىنى ئاچاتتى، قاراڭلار بۇنىڭغا، خەقنى شۇنداقمۇ بوزەك ئەتكەن بارمۇ! — دېدى لۇ دا ۋە كەينىدىكى لى جۇڭ بىلەن شى

جىنغا قاراپ:

— ئىككىڭلار بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ بۇ ئەبلەخنى جايلىۋېتىپ كېلەي، — دېدى.

— ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، ئاغا، ئەتە بىرنەرسە دېيىشەيلى ! — دەپ ئىككىسى كۆپ هاي بېرىپ، ئاران تەسلىكتە توسۇۋالدى.

— بېرى كەل، بوۋاي، — دەپ چاقىردى بوۋاينى يەنە لۇ دا، — مەن ساڭا بىر ئاز يول خىراجىتى بېرەي، ئەتىلا كۇنچىڭدىن ئاستانىگە كېتىۋالساڭلار قانداق؟

— ئەگەر يۇرتىمىزغا كېتىۋالالىساق، ئۆزلىرىنى ئۆز ئاتا - ئانىمىزدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتۇق، بىراق سارايۋەن قويۇپ بېرەرمۇ؟ جېن بېگىم ئۇنىڭغا پۇلنى تۆلىتىۋېلىشنى تاپىلىغانىكەن، — دەپ ئەرز - هالىنى ئېيتتى بوۋاي بىلەن قىز.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، قالغان ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىش، — دېدى باقاۋۇل ۋە يېنىدىن بەش سەرچە كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ شىرەگە قويدى، ئاندىن شى جىنغا قاراپ، — مەن بۈگۈن ئازراقلا پۇل سېلىپ چىقىپتىمەن. پۇلىڭىز بولسا بىر ئاز بېرىپ تۇرسىڭىز، ئەتىلا ئۆتنىسىنى ياندۇراي، — دېدى.

— قانچىلىك بىرنەرسە ئىدى قايتۇرغۇدەك، — دېدى شى جىن ۋە بوغجۇمىسىدىن ئون سەرلىك كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. لۇدا ئەمدى لى جۇڭغا قاراپ:

— سىزمۇ بىر ئاز بېرىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

لى جۇڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئىككى سەرچە كۈمۈش پۇل چىقاردى. باقاۋۇل بۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ:

— تازا پىخسىق ئوخشىمامسىز، — دەپ قويدى.

لۇدا ئون بەش سەر كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ، جىن بوۋايغا بەردى ۋە:

— بۇنى ئىككىڭ خىراجەت قىلىش، يۈك - تاقلىرىڭنى تېڭىپ تەييار بولۇپ تۇرۇش، ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ سەنلەرنى

ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن، سارايۋەننىڭ توسقىنىنى شۇ چاغدا كۆرەي قېنى، — دەپ جېكىلىدى.

جىن بوۋاي بىلەن قىزى يۈزمىڭ رەھمەتلەر ئېيتىپ تەزىم بىلەن چىقىپ كەتتى.

لۇ دا ھېلىقى ئىككى سەر كۈمۈش پۇلنى لى جۇڭغا تاشلاپ بەردى. ئۇچەيلەن يەنە ئىككى كاسا مەي ئىچكەندىن كېيىن بالىخانىدىن پەسكە چۈشۈپ:

— مەيپۇرۇش، پۇلۇڭنى ئەتىلا بېرىۋېتىمەن، — دېدى.

— كېتىۋەرسىلە باقاۋۇل بېگىم، پۇلنىڭ كارى چاغلىق، پات - پات كېلىپ تۇرسىلا، نېسى قالسا ھېچ گەپ يوق، — دېدى دەرھال مەيپۇرۇش.

ئۇچەيلەن مەيخانىدىن چىقىپ، رەستىدە خەيرلەشتى، شى جىن بىلەن لى جۇڭ ئۆز چۈشكۈنلىرىگە قايتىشتى. باقاۋۇل بولسا باسقاق يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى چۈشكۈنگە قايتىپ، ياتاققا كىردى - دە، كەچكى تامىقىنىمۇ يېمەستىن، خاپىلىق بىلەن يېتىپ قالدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى.

ئەمدى جىن بوۋايغا كەلسەك، جىن بوۋاي بايىقى ئون بەش سەر كۈمۈش پۇلنى ئالغاندىن كېيىن سارايغا قايتىپ كېلىپ، قىزىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يىراق بىر جايغا بېرىپ بىر ھارۋىنى سۆزلىشىپ قويدى، قايتىپ كېلىپ يۈك - تاقلىرىنى تېڭىشتۇردى ۋە سارايۋەن بىلەن ياتاق ھەم تاماق پۇللىرىنى ھېسابلىشىپ، تاڭ ئاتار ۋاقىتنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بۇ كېچە تىنچ - ئامان ئۆتتى. تاڭ ئېتىشىغا ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق - پامىقىنى يەپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەخلەپ تۇردى. تاڭ سەل يورۇغاندىن كېيىن باقاۋۇل تاشقىرىدىن گۈس - گۈس دەسسەپ سارايغا كىرىپ كەلدى ۋە:

— ھەي سارايۋەن، جىن بوۋاينىڭ ھۇجرىسى قايسى؟ — دەپ

سورىدى ئۇ.
— جىن ئاتا، سىزنى باقاۋۇل بىگىم ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپ قىچقاردى سارايۋەن بالا.
— قىنى ئىچكىرىگە ئىلتىپات قىلسىلا، بىگىم، — دەپ ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى جىن بوۋاي ئىشىكنى ئىچىپ.
— ئىلتىپاتىڭىنى قوي، تېخىچە ماڭماي ئولتۇرامسەن؟ — دېدى لۇ دا.
بوۋاي قىزنى باشلاپ، ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ، باقاۋۇلغا رەھمىتىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، سارايۋەن بالا توسۇۋېلىپ:
— نەگە بارىسىز، ئاتا، — دېدى.
— ساراي ھەققىنى قىلىپ قالدىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى بۇنىڭدىن لۇدا دەرھال.
— ساراي ھەققىنى ئاخشاملا ھېسابلىشىپ بولغان تەخسىر. ئەمما، بۇ كىشىنىڭ گەدىنىدە جېن بىگىمنىڭ گۆرۈتەن پۇلى قېلىپ قالغانىكەن، شۇ پۇلنى تۆتۈپ قېلىشنى بىزگە تاپشۇرۇپ قويغانىدى ! — دېدى سارايۋەن بالا جاۋابەن.
— جېن قاسساپنىڭ پۇلىغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. سەن بۇ بوۋاينى قويۇۋەت. يۇرتىغا كېتىۋالسۇن، — دېدى باقاۋۇل.
سارايۋەن بالا نەدىكىنى ئۇنىسۇن، لۇ دانىڭ شۇنداق ئوغىسى قايىنىدىكى، شاپىلاق بىلەن ئۇنى بىرنى سىلىۋىدى، سارايۋەن بالىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى؛ ئارقىدىن يەنە بىر مۇشت سىلىۋىدى، ئۇتتۇر چىشلىرى تۆكۈلۈپ چۈشتى. سارايۋەن بالا ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، سارايىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى. سارايۋەن ئۆزى چىقىپ توسۇشقا پېتىنالمىدى. بوۋاي بىلەن قىزى سارايدىن چىقتى ـ دە، تونۇگۇن سۆزلىشىپ قويغان ھارۋىنى ئىزدەپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى.
ئەمدى لۇ داغا كەلسەك، ئۇ سارايۋەن بالا ھېلىقىلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ توسۇۋالمىسۇن دەپ، نەدىندۇر بىر ئورۇندۇقنى

www.uyghurkitap.com

تېپىپ، سارايدا ئىككى سائەتچە تۇسۇپ ئولتۇردى. بوۋاينىڭ خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى پەملىگەندىن كېيىن ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۈپتوغرا جۇاڭيۇەن كۆۋرۈكى تەرەپكە ماڭدى.

ئەمدى گەپنى جېن قاسساپتىن ئىشىتەيلى. جېن قاساپ بىردىن چاچەپ قويۇلغان قوش بۆلمىلىك بىر گۆش دۇكىنى ئاچاتتى، كانارىدا تۆت ـ بەش يارتا چوشقا گۆشى ئېسىقلىق تۇراتتى. جېن قاساپ ئۆزى ئۇن نەچچە پوكانچىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ، پوكەينىڭ ئىچىدىكى ئورۇندا ئولتۇراتتى. لۇدا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جېن قاساپ ! — دەپ چاقىردى.

جېن قاساپ شۇنداق بىر قاراپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى لۇدا باقاۋۇلنى تونۇپ، ئالمان ـ تالمان پوكەيدىن چىقىپ:

— كايىمغايلا باقاۋۇل بېگىم، — دەپ خوش ـ خوش قىلىپ كەتتى ۋە قولدىشىغا ئورۇندۇق ئەكەلدۈرۈپ، — ئىلتىپات قىلسىلا باقاۋۇل، — دەپ لۇدانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

لۇدا ئولتۇرۇپ ئېيتتىكى:

— باسقاقبېگىمنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ئون جىڭ قارا گۆشنى قىيما قىلىپ توغرايسەن، بىر تالمۇ ماي ئارىلىشىپ قالمىسۇن.

— خوپ، ئوبدان بىردىن تاللاپ، غاچ ـ غۇچ ئون جىڭ قىيما تەييارلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى جېن قاساپ پوكانچىلارغا.

— بۇ مەينەتلەرگە تۇتقۇزما، ئۆز قولۇڭ بىلەن توغراپ بەر، — دېدى باقاۋۇل.

— ئېيتقانلىرى بولسۇن. كەمىنىلىرى ئۆز قولۇم بىلەن توغراپ بېرەي، — دېدى جېن قاساپ ۋە چاچەپنىڭ قېشىغا بېرىپ ئون جىڭ گۆشنى تارتىپ، تازا ئۇششاقلاپ توغرىدى. دەل شۇ پەيتتە، ھېلىقى سارايۋەن بالا بېشىنى ياغلىقى بىلەن تاڭغان پېتى جىن بوۋاينىڭ ۋەقەسىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن جېن قاساپنى ئىزدەپ كەلگەندى، بىراق چاچەپنىڭ يېنىدىكى ئىشىكنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان لۇدا باقاۋۇلنى كۆرۈپ قېلىپ،

يېقىن كېلەلمەي، لەمپىنىڭ ئاستىدا يىراقتىن قاراپ تۇردى. جېن قاساپ گۆشنى ئالاھازەل يېرىم ئاش پىشمىغىچە توغراپ، قىيمىنى سۇ لەيلىسىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئورىغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن ئۆزۈم ئەۋەتىپ بېرەي باقاۋۇل.

— ئەۋەتىپ بېرەي؟ ئالدىرىما! يەنە ئون جىڭ توغرا، بۇنىڭ ھەممىسى غىچلا ياغ بولسۇن، بىر تالمۇ قارا گۆش ئارىلىشىپ قالمىسۇن، بۇنىمۇ قىيما قىلىپ توغرايسەن، — دېدى لۇدا.

— ھېلىلا قارا يېرىدىن بولسۇن، دېۋىدىلە، يامۇلدىكىلەر ئۇنىڭدا چۆچۈرە ئەتمەكچى بولسا كېرەك، سىمىز يېرىدىن توغرالغان قىيمىنى نېمىگە ئىشلىتەر؟ — دېدى جېن قاساپ.

— باسقاقبېگىمنىڭ بۇيرۇقى، ماڭا شۇنداق تاپشۇرغان. ئۇ كىشىدىن سوراپ يۈرۈش كىمنىڭ ھەددى؟ — دېدى لۇدا چەكچىيىپ.

— خوپ، تەخسىر، قاندىقى يارىسا، شۇندىقىنى توغراپ بېرەي، — دەپ يەنە ئون جىڭ ياغنى تاللىدى جېن قاساپ ۋە ئۇنىمۇ تازا ئۇششاقلاپ توغراپ يوپۇرماققا ئورىدى. ئۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئەنە شۇنداق كاشىلىغا قالدى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى سارايۋەن بالىمۇ يېقىن كېلەلمىدى، ھەتتا خېرىدارلارمۇ يېقىن كېلەلمىدى.

— باقاۋۇل بېگىم، مەن بىر ئادەم تەيىنلەي، بۇ گۆشنى يامۇلغا ئاپىرىشىپ بەرسۇن، — دېدى جېن قاساپ.

— ياق يەنە ئون جىڭ كىمىرچەك كېرەك، ئۇنىمۇ ئاشۇنداق ئۇششاقلاپ قىيما قىل، ئىچىگە بىر تالمۇ گۆش ئارىلىشىپ قالمىسۇن، — دېدى لۇدا.

— بۇ ئادەم ئەخمەق قىلغانلىق ئەمەسمۇ! — دېدى جېن قاساپ ئاچچىق ھىجىيىپ.

لۇدا بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە جېن قاساپقا قاتتىق بىر چەكچىيىپ:

— ھە ... سېنى راستلا ئويناتماقچىمەن، قانداق — دېدى ـ دە،

ھېلىقى ئىككى ئورام قىيمىنى قولىغا ئېلىپ، جېن قاسساپنىڭ يۈزىگە ئاتتى، قىيمىلار خۇددى ئاسماندىن گۆش ياغقاندەك يەرگە چۈشۈپ جاھاننى بىر ئالدى. جېن قاسساپنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، خۇددى بىر پارچە ئوت تاپىنىدىن كىرىپ، مېڭىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، سەپرايى ئون گەز ئۆرلەپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، چاچەپتىن قولىغا ئۇچلۇق بىر پوكانچى پىچىقىنى ئالدى ــ دە، سەكرەپ مەيدانغا چۈشتى. لۇ دامۇ ئاللىقاچان كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ رۇسلىنىپ تۇراتتى. قولۇم ــ قوشنىلارمۇ، ھېلىقى ئون نەچچە پوكانچىمۇ بۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توسۇشقا پېتىنالمىدى، ئۇياق ــ بۇياقتا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرمۇ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. سارايۋەن بالىمۇ ھاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

جېن قاساپ ئوڭ قولىدا پىچاقنى تۇتۇپ، سول قولى بىلەن لۇداغا ئېسىلىشقا تەمشىلىۋىدى، لۇدا كاپ قىلىپ ئۇنىڭ سول قولىدىن ئالدى ــ دە، تارتىپ كېلىپ دوۋسۇنىغا بىرنى تەپتى، جېن قاساپ گۇپ قىلىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. لۇدا يەنە بىر قەدەم شىپقاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە دەسسىدى ۋە بازغاندەك يوغان مۇشتۇمىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

ـــ بىلىپ قويىكى، مەن بۇرۇن پېشقەدەم باسقاقبېگىمنىڭ قولىدا ئىشلىگەن ۋە كوپېيتىشتىكى بەش يۇرتنىڭ چارلىغۇچىسى بولغان، غەرب غوجىسى دېسە مېنى دېسە بولىدۇ. سەن بولساڭ بىر پوكانچى، ئىت مەسەل بىرنېمىسەن، ئۆزۈڭنى تېخى غەرب غوجىسى چاغلاپ يۈرەمسەنا! جىن سۆيلىيەننى نېمىدەپ بوزەك قىلدىڭ؟ ـــ دېدى ــ دە، قاڭشىرىغا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى، قاسساپنىڭ بۇرنى ــ مۇرنى ماكچىيىپ، ئاغزىدىن ماغزاپ، كۆزلىرىدىن ياش، بۇرنىدىن ماڭقا ــ قان ئوقچۇپ چىقىپ، خۇددى ئاچچىقسۇچىنىڭ دۇكىنىدىن پۇرقۇپ چىققان ئاچچىق ــ چۈچۈك، قېرىق ــ قاڭسىق بىرنېمىلەر ئۇنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقاندەك بولدى. كۈچى يەتمىگەن جېن

قاسساپ قولىدىكى پىچىقنى بىر چەتكە تاشلىغان ھالدا داردىيىپ يېتىپ: «خەپ !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ھۆ ئاناڭنى ... ساڭا نېمە قويۇپتۇ گەپ ياندۇرۇشنى، — دەپ تىللىدى لۇدا ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە بىر مۇشت سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قاپىقى يېرىلىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ، خۇددى گەزمالچىنىڭ دۇكىنىدىكى ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل شايى - شەلپەردەك پارقىراپ، ئالىپاساق بولۇپ كەتتى. يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاراپ تۇرغان كىشىلەر باقاۋۇلدىن قورقۇپ، سۇلھى - سالا قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. جېن قاسساپ تەڭ كېلەلمەي، ئاخىر يېلىنىشقا باشلىدى. لۇدا ۋارقىراپ:

— كۆتۈر قاسقىنىڭنى ! ھۇ، جۆندەك. ئەگەر مەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشالىغان بولساڭ، ئاندىن سېنى كەچۈرگەن بولاتتىم. مۇشۇ ھالىڭ بىلەن كەچۈرۈم سورىساڭ، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، — دەپ ئۇنىڭ چېكىسىگە يەنە بىر مۇشت سالدى. بۇ چاغدا خۇددى نەزىر - چىراغ، دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن بىر سورۇننى ئەھياغا كەلتۈرگەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ، چىكاڭ - چۇكۇڭ، زىل - بوم ئاۋازلىرىدەك، جېن قاسساپنىڭ باش - كاللىسى ۋىڭىلداپ - زىڭىلداپ كەتتى. لۇ دا باقاۋۇل شۇنداق قارىسا، جېن قاسساپ دېمى كېسىلىپ، قىمىرلىيالماي يەردە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. باقاۋۇل سىنىماقلىققا «ئۆلۈكۈڭنى ساتىدىغان بولساڭ، يەنە سالىمەن» دەپ ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، بارا - بارا ئۆچۈپ كېتىۋاتاتتى. لۇدا «ئەسلىدە مەن بۇ ئوغرىنى ئۆلمەيدىغان يېرىگە سېلىپ تازا بىر ئەدىپىنى بېرەي دەپتىمەن، نەدىن بىلەي، ئۈچ مۇشتقا پايلىماي جېنى چىقىپ كېتىپتۇ، ئەمدى سوراقتا تارتىلىپ، قاماقتا چۈشىدىغان بولدۇم، ماڭا ئاش - تاماق ئاپىرىپ بېرىدىغان كىشىمۇ يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردىن تېزرەك كەتكىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلىدى - دە، كەتمەك بولدى ۋە ئارقىغا

ئۆرۈلۈپ جىن قاسساپقا قول شىلتىپ:

— سەن ئۆلۈكۈڭنى ساتماقچى. خەپ، سەن بىلەن ئالدىرىماي سۆزلىشۋالىمەن، — دەپ تىللىغىنىچە، گۆس - گۆس دەسسەپ كېتىپ قالدى. ئەھلىمەھەللىلىكلەر ۋە جىن قاسساپنىڭ دۈكىنىدىكى پوكانچىلار نىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى توسۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. لۇدا باقاۋۇل ئۆز چۈشكۈنىگە قايتىپ بېرىپ، كىيىم - كېچەك، خەج - خىراجەت، كۈمۈش پۇل ۋە ئېرىغ ماللىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ يىغىشتۇرۇپ، قاتتىق - قۇرۇق لاقا - لۇقىلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ كېلىدىغان بىر كالتەكنى ئېلىپ، تۆۋەن دەرۋازىدىن چىقتى - دە، غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى.

ئەمدى گەپنى جىن قاسساپنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ئىشىتەيلى. جىن قاسساپنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن خېلى ئامال قىلىپ كۆردى، جىن قاسساپ ئاخىر بولالماي جان ئۈزدى. ئۇنىڭ يالىچاقلىرى ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرى ئايماق ياملۇلىغا بېرىپ ئەرز قىلىشتى، دىۋاندا ئولتۇرغان ئايماق ئامبىلى ئەرزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن «لۇدا بولسا باسقاق ياملۇلىنىڭ باقاۋۇلى، شۇڭا بۇ قاتىلنى يۇقىرىدىن بىسوراق تۇتۇپ يۇرمەي» دەپ، دەرھال تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل باسقاق ياملۇلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشتى، قوۋۇقچى چېرىك ئىچكىرىگە كىرىپ مەلۇم قىلدى، باسقاقبەگ ئۈچۈر تاپقاندىن كېيىن ئامبالنى دىۋانغا چاقىرتتى، ئىككىسى سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن باسقاقبەگ سورىدى:

— ھە، نىمە گەپ؟

ئايماق ئامبىلى مەلۇم قىلىپ ئېيتتىكى:

— ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ياملۇللىرىدىكى لۇ دا باقاۋۇل شەھەر ئىچىدىكى ھىلىقى جىن قاسساپنى بىكاردىن - بىكارغا مۇشتلاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلماي تۇرۇپ، بۇ قاتىلنى ئۆز ئالدىمغا تۇتۇشقا ئاجىز

كەلگەنلىكىمدىن، ئالدىلىرىغا ئىجازەت سوراپ كەلدىم.

باسقاقبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئىچىدە: «لۇدا مىجەزىنىڭ چۇسلۇقىنى دېمىگەندە، خېلى ماھارىتى بار بىرنەرسە ئىدى، ئەمدى ئۇ قاتىللىق قىلىپ قويۇپتۇ، بۇنى قانداقمۇ قانىتىم ئاستىغا ئالاي؟ بۇ ئىشنى بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا سوراپ بىر تەرەپ قىلغىنى ياخشى» دەپ ئويلىدى ــ دە، ئايماق ئامبىلىغا جاۋابەن دېدى:

ــ لۇدا ئەسلىدە ئاتامنىڭ باسقاق يامۇلىدا ئىشلەيدىغان سىپاھبەگ ئىدى، بۇ يەردە ماڭا قارىشىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ باقاۋۇل قىلىپ قويغانىدىم، ئەمدى ئۇ بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىپ، گۇناھكار ــ قاتىل بوپتۇ. ئۇنى ئۆزىڭىز تۇتقۇنغا ئېلىپ، قانۇن بويىچە سوراقىقا تارتىۋېرىڭ، ئەگەر ئىقرار قىلدۇرۇپ، گۇناھىنى بېكىتسىڭىز، ئالدى بىلەن ئاتامنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن جازاغا ھۆكۈم قىلغايسىز. بولمىسا، كېيىنلىكتە ئاتامنىڭ چېگرادىكى ئىشلىرىغا بۇ ئادەم كېرەك بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئالدۇرماقچى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا چاتاق بولىدۇ.

ــ كەمىنىلىرى ئاۋۋال سوراق قىلىپ، ۋەقەنى پىشقەدەم باسقاقبېگىمگە مەلۇم قىلىپ، ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ھۆكۈم قىلاي.

ئايماق ئامبىلى باسقاقبەگ بىلەن خوشلىشىپ، يامۇلدىن چىقتى ۋە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، يامۇلغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى ــ دە، ئوغرى ــ يالغانچى تۇتىدىغان ۋاڭ دورغىنى چاقىرتىپ گۇناھكار لۇدانى تۇتۇپ كېلىش قەغىزىنى يازدۇرۇپ ئۇنىڭغا بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەغەزنى ئېلىپ، يىگىرمە نەچچە خادىمنى باشلاپ، ئۇدۇل لۇدا باقاۋۇلنىڭ چۇشكۇنىگە باردى.

ــ باقاۋۇل ھېلىراقتا بوغجۇمىسىنى يۇدۇپ، كالتىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنى بىرەر خىزمەت بىلەن

ماڭغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، نەگە باربدىغانلىقىمنى سوراشقا ئاجىزلىق قىلدىم، — دېدى ئۆي ئىگىسى.

ۋاڭ دورغا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ياتقان ئۆيىنى ئاچتۇرۇپ كۆردى. ئۆيدە كونا كىيىم - كېچەك ۋە يېپىنچا - سېلىنچىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دورغا ئۆي ئىگىسىنى باشلاپ چىقىپ، تۇش - تۇشتىن ئىزدىدى. ئايماقنىڭ تۆۋىنىدىن كىرىپ، يۇقىرىدىن چىقتى، لېكىن دېرىكىنى ئالالمىدى. ۋاڭ دورغا ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قوشنىسىنى ئېلىپ يامۇلغا قايتتى ۋە دىۋانغا كىرىپ:

— لۇ دا باقاۋۇل ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۆي ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قوشنىسىنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئايماق ئامبىلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھېلىقىلارنى نەزەربەند قىلىپ قويۇشنى تاپشۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر تەرەپتىن جىن قاسساپنىڭ قولۇم - قوشنا ۋە ھەقەمسايىلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۆلۈك تەكشۈرگۈچىلەرنى بازار بېگى ۋە مەھەللە ئاقساقاللىرى بىلەن بىللە قوشۇپ ئەۋەتىپ، ئۆلۈكنى قايتا - قايتا تەكشۈرتتى. جىن قاسساپنىڭ بالىچاقىلىرى بولسا ئۇنى بىر جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ، بۇتخانىغا جايلاشتۇرۇپ قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن يامۇلدا ئەنگە ئېلىنىپ، قاتىلنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن مۆھلەت بىلەن كىشى ئەۋەتىلدى؛ دەۋاگەرلەر كېپىل بېرىپ ئۆيلىرىگە قايتتى؛ قولۇم - قوشنىلىرى قۇتقۇزمىغانلىقى ئۈچۈن دەررىگە تارتىلدى؛ لۇدا چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ قولۇم - قوشنىلىرىمۇ پەرۋاسىزلىق قىلغان دەپ ئەيىبلەندى. لۇدا قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىددىي ئۇقتۇرۇشلار چىقىرىلىپ، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە كىشى ئەۋەتىلدى؛ كىم تۇتۇپ بەرسە مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام بېرىلىدۇ دەپ، لۇدانىڭ ياش - قورامى، يۇرت - سۈيى،

رەڭگىرويى يېزىلىپ، ھەممە يەرگە ئېلانلار چاپلاندى؛ دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ۋاقتىنچە قويۇپ بېرىلدى. جىن قاسساپنىڭ جەمەتلىرى ھازا ئاچتى، بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى لۈدادىن ئاڭلايلى. لۈدا ۋېيجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ بىشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاچتى، قاچقاندىمۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي شۇنداق قاچتىكى:

تويتىن ئايرىلىپ ئايدىڭدا تەنها ـــ
ئاسمان قەرىدە ئۇچقان تۇرنىدەك.
توردىن قۇتۇلۇپ، قايىنامغا شۇڭغۇپ،
دولقۇنلار ئارا ئۈزگەن بېلىقتەك.
يۈردى گاھى دۆڭ، گاھى ئويماندا،
يىراق ـ يېقىندىن پەرۋايى پەلەك.
ماڭدى ئالدىغا كەلگەننى سوقۇپ،
جەڭگە ئاتلانغان چاپقۇر ئاتلاردەك.

«جان ئەپقاچقان يول تاللىماپتۇ، بارغان يېرىنى ماكان ئەيلەپتۇ» دېگەندەك، لۈدا باقاۋۇل يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، نەچچە ـ نەچچە يۇرت ـ ئايماقلارنى بېسىپ ئۆتتى. قەدىمدىن «ئاچ قالغاندا ئاش تاللىمىغان، توڭلىغاندا كىيىم تاللىمىغان، ئالدىرىغاندا يول تاللىمىغان، نامراتلىقتا خوتۇن تاللىمىغان» ئادەملەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، ئەلەنگۈلۈككە چۈشكەن لۇ دامۇ يوللاردا تېز ـ تېز مېڭىپ، نەگە بېرىشىنى بىلمەي، يېرىم ئايدىن ئوشۇقراق ماڭغاندىن كېيىن ئاخىر دەيجۇ ئايمىقىدىكى يەنمېن دېگەن بىر ناھىيەگە يېتىپ باردى. بۇ ناھىيەنىڭ بازىرىغا كىرىپ قارىسا، بۇ شۇنداق ئاۋات بىر بازار ئىكەنكى، ئادەملەر پەۋەس ـ پەۋەس، ھارۋا ـ مەپىلەر مىغ ـ مىغ بولۇپ، بىر يۈز يىگىرمە خىل ھۈنەر ـ سودا ئېقىپ تۇرىدىكەن،

دۇكانلارغا خىلمۇخىلماللار تىزىلغان قۇرۇق كەتكەن، رەستە ـ كوچىلار رەتمۇرەت؛ ناھىيە بولغىنى بىلەن شەھەر ـ ئايماقلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن. لۇ دا ئەنە شۇنداق كوچىدا كېتىپ باراتتى. بىردىنلا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئېلان ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

## نەزم

بويۇن سوزۇپ قارىشاتتى ئادەملەر،
بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ.
قايسىلىرى ئېسىلزادە، قايسىسى پەس،
بىلىپ بولماس ئاقىل ـ دۆتنى پەرق ئېتىپ.
بىرسى تومپاي، قورساقلىرى باداڭدەك،
ئىچىدە يوق بىر ئېلىپنىڭ سۇنۇقى.
بىرسى ۋىجىك ئاينالمىغان پاكىنەك،
خەققە باقسا تېپىچەكلەر جۇپ پۇتى.
ھاسىسىغا تايىنىشىپ قارايتتى،
قېرىپ كەتكەن ئاپپاق چاچلىق بوۋايلار.
ئېلاندىكى گەپ ـ سۆزلەرنى يازاتتى،
قارا چاچلىق ياپياش مۇنشى ـ تالىپلار.
شىياۋخې تۈزگەن تۆپ قانۇندەك بەئەينى،
ھەربىر قۇرى قانۇن ئىكەن ئېلاننىڭ.
ئۇنىڭدىكى تەلەپپۇزدىن باققاندا،
ئۆزى ئىكەن ھەر جۈملىسى بۇيرۇقنىڭ.

لۇدا دوقمۇشتا تىقمۇتىقماق بولۇپ ئېلان كۆرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قۇلاق سالدى، ئۇ خەت تونۇمايتتى، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى: «دەيجۇ ئايمىقىنىڭ يەنمېن ناھىيەسى تەييۈەن دىيارىغا قاراشلىق پەنسات

مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغان ۋېيجۇ ئايمىقىنىڭ ئېلانىغا بىنائەن شۇنى جاكارلايدۇكى، باسقاق يامۇلىنىڭ باقاۋۇلى لىۇ دا جېن قاسساپنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنسۇن، كىمدىكىم ئۇنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاش - نان بېرىپ بېقىۋاتقان بولسا، قاتىل بىلەن ئوخشاش جازاغا تارتىلىدۇ، ئەگەر تۇتۇپ ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسە ياكى يامۇلغا مەلۇم قىلسا، مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام بېرىلىدۇ ...» باقاۋۇل لىۇدا دەل مۇشۇ يەرگىچە ئاڭلاپ كەلگەندە، ئارقىسىدىن بىر ئادەم:

—— جاڭ ئاكا، نېمە قىلىپ تۇرىسىز بۇ يەردە؟ —— دەپ چاقىردى - دە، پېشىدىن تارتىپ، دوقمۇشتىن چەترەك بىر يەرگە باشلاپ كەتتى. ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! بۇ ئادەم لىۇدانى كۆرمىگەن ۋە پېشىدىن تارتىپ دوقمۇشتىن چەتلىتىپ كەتمىگەن بولسا، لىۇدا چېچىنى ئالدۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرتۈپ، قاتىللىق قىلىش ئالدىدىكى نام - ئېتىنى يۆتكىتىپ، ئىبادەتخانىدىكى راھىب - سوپىلارنىڭ جېنىغا تەگمىگەن بولاتتى، ھەتتا گۈرزە بىلەن خەتەرلىك يوللارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خەنجىرى زالىملارنى قىرمىغان بولاتتى. ئەمدى لىۇ دانى دوقمۇشتىن باشلاپ كەتكەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

## جاۋ تۆرىنىڭ مانجۇسرى① بۇتخانىسىنى ئوڭلىتىپ بەرگەنلىكى لۇ جىشېننىڭ ۋۇتەيشەن تېغىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، باقاۋۇل لۇدا شۇئاندا بۇرۇلۇپ ئارقىغا قارىدى، قارىسا، بايا پېشىدىن تارتىپ ماڭغان كىشى باشقا كىشى ئەمەس، دەل ھېلىقى ۋېيجۇ ئايىمىقىدىكى مەيخانىدا دەردۇبالادىن قۇتۇلدۇرۇپ يولغا سېلىپ قويغان جىن بوۋاي ئىكەن. بوۋاي لۇدانى خالىي جايغا تارتىپ ئاپىرىپ ئېيتتىكى:

— ھەي شاپائەتچىم، ئەجەبمۇ قارام ئىكەنلا! بۇ ئېلان ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەمگە مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام بېرىلىدۇ، دەپ چاپلانغان ئېلان تۇرسا، بۇ يەردە قورقماستىن قاراپ تۇرغانلىرى نېمىسى؟ ئەگەر مەن ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قالمىغان بولسام، ئاللىقاچان دورغا ـ يايىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولاتتىلا بىگىم، ئېلانغا ئۆزلىرىنىڭ ياش ـ قۇراملىرى، رەڭگىروپلىرى ۋە يۇرت ـ ماكانلىرىمۇ يېزىلىپتۇ.

— راست گېپىمنى ئېيتسام، — دېدى لۇدا، — سىزنى دەپ ئاشۇ كۈنىلا ئارقامغا يېنىپ، جۇاڭيۈەن كۆۋرۈكىگە باردىم، بىرىپ دەل ھېلىقى جېن قاسساپ دېگەن ئەبلەخنى تاپتىم ـ دە، تازا كەلتۈرۈپ ئۈچ مۇشت سايتىمەن، بۇ ئەبلەخ شۇ يەردىلا جان بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ قېچىپ يۈرۈۋاتىمەن. قىرىق ـ ئەللىك كۈندىن بۇيان بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرلەردە يۈرۈپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەي قاپتىمەن، ھە راست،

---

① مانجۇسرى — بۇددا دىنىدىكى بۇرھان ـ خۇدالارنىڭ بىرسى.

سىزمۇ نېمىشقا كۇنچىقىش ئاستانىگە كەتمەي، بۇياققا كېلىپ قالدىڭىز؟

— ھەي شاپائەتچىم، جانابلىرى بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر يەرگە بېرىپ بىر ھارۋىنى سۆزلەشتىم، ئەسلىدە كۇنچىقىش ئاستانىگە قايتماقچىدۇق. بىراق، ھېلىقى ئەبلەخ كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جانابلىرىنىڭ بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئۇ يەردە ھازىر بولالمايدىغانلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۇنچىقىش ئاستانىگە بېرىش نىيىتىمىزدىن ياندۇق. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىسىغا قاراپ كېتىپ قالدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ كۇنچىقىش ئاستانىلىق بىر قەدىناس قوشنىمىزغا يولۇقۇپ قالدۇق. ئۇ قوشنىمىز سودا - سېتىق ئىشى بىلەن كېلىۋاتقانىكەن. بىز ئاتا - بالا ئىككىمىزنىمۇ ئەنە شۇ كىشى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. بەختىمىزگە يارىشا، شۇ كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قىزىم مۇشۇ يەردىكى جاۋ تۆرەم دەيدىغان بىر چوڭ بايغا كىچىك خوتۇنلۇققا ياتلىق بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باياشات كۈنگە ئېرىشىپ، كىيىمىمىز پۈتۈن، قورسىقىمىز توق ئۆتۈۋاتىمىز. بۇمۇ جانابلىرىنىڭ ھىممەت - شەپقىتى، قىزىم جانابلىرىنىڭ بىزگە قىلغان ئاتىدارچىلىقىنى تۆرەمنىڭ ئالدىدا ھەمىشە تىلغا ئېلىپ تۇردى. تۆرەممۇ چامباشچىلىققا خۇشتار ئادەم ئىكەن، ھەمىشە: «بۇ شاپائەتچى زات بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولاتتى» دەپ كۆپ ئارزۇلىرىنى قىلىپ كەلدى. جانابلىرى، بىزنىڭكىدە بىرنەچچە كۈن تۇرسىلا، قالغان گەپ بولسا كېيىن قىلىشساق.

لۇدا باقاۋۇل جىن بوۋاي بىلەن بىللە ئۇن يېتىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن جىن بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، بوۋاي بېرىپ مىلەگۈزىنى قايرىدى ۋە:

— ھەي قىزىم، ئۇلۇغ شاپائەتچىمىز كەلدى مانا، — دەپ چاقىردى قىزىنى.

ئىچكىرىدىن چىرايلىق تارنىپ ـ ياسانغان بىر غۇنچە بوي چوكان چىقىپ، لۇ دانى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ۋە قەددىنى رۇسلاپ، ئالتە قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئەگەر جانابلىرى شەپقەت قولىلىرىنى سۇنۇپ، بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قويمىغان بولسىلا، بىزگە نەدىمۇ بۇنداق ياخشى كۈنلەر بولسۇن، — دېدى.

شۇ تۇرقىدا بۇ چوكان لۇ دانىڭ كۆزىگە شۇنداق گۈزەل ۋە يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئۇنىڭ زىبا بويلىرى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

## نەزم

چېچىغا قىسىلغان ئالتۇن جىغىسى،
جىلۋە ئېتەر بۇلۇتتا ئۇنىڭ شولىسى؛
بەدىنى سۈتتىن ئاق ماھۇقنىڭ ئۆزى،
ياراشقان مايسا رەڭ پۈزۈر كىيىمى.
ئاغزى غۇنچىدەك — لەۋلىرى رەيھان،
زىلۋا قول، بارمىقى نوتىدەك يۇمران.
ياپيېشىل بەل كۆڭلەك نازۇك بېلىدە،
كۆرۈنەر پۇت ـ ئۇچى ئېتەك تېگىدە.
گەۋدىسى خۇش پىچىم — ئەۋرىشىم قامەت،
كىيگىنى كەشتىلىك قىپقىزىل پەشمەت.
يۈزلىرى قىزىلگۈل سۈپەتلىك سەنەم،
قىيىلغان قاشلىرى گوياكى قەلەم.
بويىدىن ھۆر ـ پەرى ھىدى كېلىدۇ،
چاچلىرى قۇندۇزنى خىجىل قىلىدۇ.

— يۇقىرىغا ئىلتىپات قىلسىلا، شاپائەتچىمىز، — دەپ بالىخانىغا تەكلىپ قىلدى لۇ باقاۋۇلنى بۇ نازىنىن.

— ئاۋارە بولماڭ، مەن ھېلى كېتىمەن، — دېدى لۇ دا.

— ئىشىكىمىزنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قېلىپ كېتىمەن دېسىلە قانداق بولىدۇ، شاپائەتچىم؟ — دېدى جىن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەكنى بىلەن بوغجۇمىسىنى ئېلىپ، بالىخانا ئۆيگە باشلاپ چىقتى. باقاۋۇل لۇ دا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بوۋاي قىزىغا جېكىلەپ:

— قىزىم، سىز شاپائەتچىمىز بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بىر ئاز تاماق راسلاي، — دېدى.

— تولا ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى، شۇنداقلا ئولتۇرغىنىمىز ياخشى، — دېدى لۇ دا.

— جانابلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا جېنىمىزنى بەرسەكمۇ ئاز، قاتتىق - قۇرۇق داستىخىنىمىزنىڭ ئېغىزغا ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلىكىمۇ يوق، باقاۋۇل بېگىم، — دېدى بوۋاي.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاينىڭ قىزى لۇ داغا ھەمراھ بولۇپ، بالىخانىدا ئولتۇرۇپ قالدى، بوۋاي پەسكە چۈشۈپ يېڭىدىن ئالغان خىزمەتكار بالىنى چاقىردى ۋە ئوت قالاپ تۇرغىن دەپ دېدەك قىزغا تاپىلاپ قويۇپ، خىزمەتكار بالا بىلەن بازارغا چىقىپ كەتتى. بازاردىن يېڭى بېلىق، يۇمشاق پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى، سۇرلەنگەن غاز گۆشى، تۇزلىغان بېلىق، مېۋە - چېۋە ۋە قەنت - گېزەك ئېلىپ قايتتى. قايتىپ كېلىپ دەرھال مەي ۋە كۆك - گېزەك راسلاپ، بالىخانىغا ئاچىقتى، شىرەگە ئۈچ قەدەھ، ئۈچ كىشىلىك چوكا تىزدى، كۆك - گېزەك، مېۋە - چېۋە ۋە ئاش - تائاملار قويدى، دېدەك قىز كۈمۈش چەينەكتە ئىسسىتقان مەينى ئېلىپ كىردى، ئاتا - بالا ئىككىيلەن لۇ داغا دەممۇدەم قەدەھ تۇتتى. شۇ ئەسنادا جىن بوۋاي تەزىم قىلىپ، لۇ دانىڭ ئايغىغا يىقىلدى.

— مېنى خىجالەت قىلىپ نېمانداق قىلىسىز، ئاتا، — دېدى باقاۋۇل.

— سۆزىمىزنى ئىشتكەيلا شاپائەتچىمىز. پېقىر بۇ يەرگە

www.uyghurkitap.com

قايسى كۈنى كەلگەن بولسا، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قىزىل قەغەزگە نامىشەرىپلىرىنى يېزىپ، تۆرگە قويۇپ، ئەتە - ئاخشامدا كۈجە - ئىسرىق يېقىپ، قىزىم بىلەن ئىككىمىز تېۋىنىپ تۇردۇق. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كۆز ئالدىمىزدا ھەمدىدار بولۇپ ئولتۇرغان يەردە نېمىشقىمۇ ئۆزلىرىگە تەزىم بەجا كەلتۈرمەيلى، — دېدى جىن بوۋاي.

— نىيىتىڭىزگە رەھمەت، — دېدى لۇ دا.

ئۈچەيلەن بالىخانىدا بەھۇزۇر مەي - شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇشتى. كەچ كىرىپ قاش قارايغان چاغدا، پەستىن بىر غوۋغا - جېدەلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. باقاۋۇل پەنجىرىنى ئېچىپ قارىدى، قارىغۇدەك بولسا، پەستە قوللىرىغا ئاق كالتەكلەر تۇتۇپ، تۆت دېسە، تۆت دەپ ۋارقىراپ، يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، «قاچۇرۇپ قويۇشما بۇ ئوغرىنى!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراۋاتاتتى. ئىشنىڭ چاتاق يېرىگە بېرىپ قالغانلىقىنى بايقىغان لۇ دا قولىغا ئورۇندۇقنى ئالدى - دە، پەسكە قارىتىپ ئاتتى. جىن بوۋاي دەرھال قولى بىلەن توسۇپ:

— ھەي، توختاپ تۇرۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە بالىخانىدىن شاپاشلاپ چۈشۈپ، تويتوغرا ھېلىقى ئاتلىق تەخسىرنىڭ يېنىغا بېرىپ بىرنېمىلەرنى دېدى بولغاي، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەخسىر كۈلۈپ كېتىپ، يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە تارقىتىۋەتتى. تەخسىر ئاتتىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردى، بوۋاي باقاۋۇلنى بالىخانىدىن پەسكە باشلاپ چۈشتى، تەخسىر دەررۇ ئېگىلىپ تەزىم بىلەن دېدىكى:

— بىر كۆرگەن يۈز ئاڭلىغاندىن ئەلا، دەپتىكەن، سالىمىنى قوبۇل قىلغايسىز، باقاۋۇل باتۇرۇم.

— بۇ تەخسىر كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋايدىن لۇدا شۇئان، — تونۇشمايدىكەنمىز، نېمىشقا ماڭا تەزىم قىلىدۇ؟

— قىزىمىزنىڭ كۈيۇسى جاۋ تۆرەم دېگەن كىشى شۇ بولىدۇ،

ئەسلىدە بۇ كىشى مېنى بۇ قېرى نەدىكى بايۋەچچىلەرنى باشلاپ كىرىپ، بالىخانىدا ئىچكولۇك قىلىپ ئولتۇرىدىغاندۇ، دېگەن گۇمان بىلەن ئۇرماق بولۇپ، يېزىدىكى ئوتاقچىلارنى باشلاپ كەپتىكەن، پېقىر ئەھۋالنى چۈشەندۇرگەندىن كېيىن ئادەملىرىنى تارقىتىۋەتتى.

— ھە، گەپ بۇنداق ئىكەن - دە، ئۇنداق بولسا تۆرەمدىن يامانلىغىلى بولمىغۇدەك، — دېدى لۇدا.

ئەمدى جاۋ تۆرەممۇ باقاۋۇلنى تەكلىپ قىلىپ بالىخانىغا ئاچىقتى. جىن بوۋاي باشقىدىن داستىخان راسلاپ، مېھمان قىلىشقا باشلىدى. جاۋ تۆرەم لۇدانى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— كەمىنىلىرىگە مۇناسىپ بولماسمىكىن؟ — دەپ تەكەللۇپ قىلدى لۇدا.

— بۇ مېنىڭ ئەرزىمەس ئېھتىرامىم، پېقىر باقاۋۇل بېگىمنىڭ نام - شۆھرىتىنى كۆپ ئاڭلىغان، مانا بۈگۈن تەقدىر - ئىرادە بىلەن بىر چىرايلىق كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، تەڭرىگە مىڭ مەرتەم شۈكۈر.

— مەن بولسام قاتتىق - يىرىك بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈمگە لايىق گۇناھكار بولۇپ قالدىم. ئەگەر تۆرەم جانابلىرى پەس كۆرمەي، پېقىرنى ئاغىنە تۇتسىلا، قانداق يەرگە لازىم بولسام، شۇ يەرگە بېشىم بىلەن تەييارمەن.

جاۋ تۆرەم خۇش بولۇپ كېتىپ، لۇ دادىن جېن قاسساپنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىدى ۋە ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەيزىۋازلىق ماھارەتلىرى ئۈستىدە پاراڭ قىلىشتى. پاراڭ بىلەن ئىچىشىپ، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى، شۇنىڭ بىلەن يېتىپ ئارامىلىرىنى ئېلىشتى.

ئەتىسى تۇرۇپ جاۋ تۆرەم ئېيتتى:

— مېنىڭچە، بۇ يەردە تۇرۇشلىرى بىئەپرەك، كۆز - قۇلاقتىن چەترەك بولغان يېزىدىكى جاڭزىمىزغا چىقىپ، شۇ

يەردە بىرنەچچە ۋاق تۇرسىلا بولارمىكىن.

— مۇبارەك جاڭزىلىرى نەدىكىن، — دەپ سورىدى لۇ دا.

— بۇ يەردىن ئاللاھازەل ئۇن نەچچە يول كېلىندۇ، چىباۋسۇن دېگەن كەنتتە.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى ئىكەن.

جاۋ تۆرەم ئالدى بىلەن ئىككى ئات ئېلىپ كېلىڭلار دەپ جاڭزىسىغا كىشى ئەۋەتتى. چۈش - پېشىن بولمايلا ئاتلار يېتىپ كەلدى. جاۋ تۆرەم باقاۋۇلنى ئاتقا تەكلىپ قىلدى، يۈك - تاقلارنى سەن ئېلىۋالغىن دەپ ئوتاقچىغا بۇيرۇدى. لۇ دا جىن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزى بىلەن خوشلىشىپ، جاۋ تۆرەم بىلەن ئاتقا مىندى - دە، چىباۋسۇن كەنتىگە قاراپ يول ئالدى. يول بويىي پاراڭلىشىپ ماڭغاچ بىردەمدىلا كەنتكە كېلىپ قالدى ۋە جاڭزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. جاۋ تۆرەم لۇدانى يېتىلەپ ئۇدۇل دالانغا باشلاپ كىردى، ئىككىيلەن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. جاۋ تۆرەم قوي سويدۇرۇپ، مەي - شارابلار بىلەن مېھمان قىلدى. كەچتە ئالاھىدە بىر ھۇجرىنى راسلاپ، ئورۇن سېلىپ بەردى. ئەتىسى يەنە زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

— ماڭا بەكمۇ ئىلتىپات قىلىۋەتتىلە، ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى قانداقمۇ ياندۇرۇپ بولارمەن؟ — دېدى لۇ دا.

— «كۆللى ئىنسان قېرىنداشتۇر» دەپتىكەن، قىلغاننى ياندۇرىمەن دېگەن گەپنى ئېغىزغا ئالمىسىلا، — دېدى جاۋ تۆرەم.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، لۇدا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جاۋ تۆرىنىڭ جاڭزىسىدا ئالتە - يەتتە كۈن تۇردى. بىر كۈنى ئىككىيلەن كىتابخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، جىن بوۋاي پالاقشىغىنىچە جاڭزىغا كېلىپ، تويتوغرا كىتابخانىغا كىرىپ

كەلدى، كىتابخانىدا جاۋ تۆرە بىلەن لۇ دا باقاۋۇلنىڭ خالىي ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ لۇ داغا قاراپ دېدىكى:

— ئەي ئىلتىپاتلىق بېگىم، مېنى نېمىدېگەن بىسەرەمجان قېرى بۇ، دەپ قالمىسىلا، ئاۋۇ كۈنى جانابلىرىنى چاقىرىپ، بالىخانىدا مەي ـ شاراب ئىچىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، جاۋ تۆرەم ئۇقۇشمايلا ئوتاقچىلارنى باشلاپ، كوچىدا پاتىپاراق چىقىرىپ قويۇپ، تارقاپ كەتكەندىن كېيىن ئەلنىڭ ھەممىسى گۇمانلىنىپ، سۆز ـ چۆچەك تارقىتىۋېتىپتۇ. تۇنۇگۈن يامۇلنىڭ ئۈچ ـ تۆت ئادىمى كېلىپ، ئەل ـ جامائەت، قولۇم ـ قوشنىلاردىن جانابلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇمىش، تۇتىمىز دەپ بۇ يەرلەرگىمۇ كېلىپ يۈرۈشمىسۇن دەپ پالاقشىپ كېلىۋاتمايمەنمۇ. ناۋادا ئىش يامىنىغا تارتىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردىن كەتسەم بولغۇدەك، — دېدى لۇدا.

— باقاۋۇل بېگىم، — دېدى جاۋ تۆرە، — سىلىنى بۇ يەردە تۇرىۋەرسىلە دەيلى دېسەك، بىرەر بالا ـ قازا يۈز بېرىپ، ئۆزلىرىگە مالامەت يېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ؛ يولغا سېلىپ قويايلى دېسەك، بۇ يەردىن قوغلىغاندەك بولۇپ، سەت تۇرىدۇ. شۇڭا، ماڭا بىر ئەقىل كېلىۋاتىدۇ، سىلىنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر ئامالى بار، خاتىرجەم پاناھلىنىدىغان بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرساق دېگەن يەرگە كەلدىم، بىراق جانابلىرى خالامىكىن؟

— مەن بولسام ئۆلۈمگە لايىق بولۇپ قالغان بىر ئادەم، ماڭا بىرەر پاناھ جاي بولسىلا بولدى، ياق دەيدىغان نېمەم بار؟ — دېدى لۇ دا.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى، بۇ يەردىن ئوتتۇز نەچچە يول كېلىدىغان يەردە بىر تاغ بار، ئۇ تاغ ۋۇتەيشەن تېغى دەپ ئاتىلىدۇ، تاغدا مانجۇسرى دېگەن بۇتخانا بار، ئۇ ئەزەلدىن

مانجۇسرى بۇدساتۋا ئىلاھىمىزغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان جاي، بۇتخانىدا ئالتە ـ يەتتە يۈز راھىب بار، ئۇلارغا بىر راھىب كالان باش بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ زات مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ. بۇ بۇتخانىغا بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز سەدىقە ـ ساخاۋەت ئاتىغانىكەن، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بۇتخانىنىڭ مۇرەببىسى بولۇپ قاپتىكەن. ئەسلىدە مەن ساۋاب تېپىش ئۈچۈن بىرەر ئادەمنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ، راھىبلار قاتارىغا قوشۇپ قويماق نىيىتىدە، گۈللۈك قىلىپ ئىشلەنگەن بىر پارچە راھىبلىق ئىجازەتنامىسىنىمۇ سېتىۋېلىپ قويغانىدىم، بىراق كۆڭلۈمگە باب بىرەر ئادەمگە دۇچ كېلەلمىگەنلىكىمدىن، بۇ نىيىتىمگە يېتەلمەي يۈرەتتىم. ئەگەر باقاۋۇل جانابلىرى ماقۇل كۆرسىلە، پۇتۇن چىقىمىنى ئۆزۈم كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولاتتىم، قانداق، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، راھىب بولۇشنى خالالىلىكىن؟

لۇدا: «شۇ تۇرقىدا ئەگەر كېتىپ قالسام، نەگە بېرىپ، نەدە توختايمەن ! ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يولغا ماڭغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ» دەپ ئويلاندى ـ دە:

— جاۋ تۆرەم ئۆزلىرى شۇ قەدەر غېمىمنى يەپ، ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان يەردە، پېقىر راھىب بولۇشقا ئەلۋەتتە رازىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، گەپ پۈتتى، جاۋ تۆرە كېچىچە كىيىم ـ كېچەك، يول خەرجى، تاۋار ـ دۇردۇن، سوۋغا ـ سالاملار راسلاپ، يول جابدۇقىنى پۈتكۈزۈپ قويدى. ئەتىسى ئىككىيلەن سەھەر تۇرۇپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئوتاقچىلارغا كۆتۈرتۈپ، ۋۇتەيشەن تېغىغا قاراپ يول ئالدى. چاشكا ۋاقتىدا تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىشتى. باقاۋۇل تاغقا نەزەر سالدى، بۇ تاغ شۇنداق ھەيۋەتلىك كۆركەم تاغ ئىدى.



www.uyghurkitap.com

## نەزم

چوققىسى شوڭغوغان بولۇت ئىچىگە،
كۈن ئۇزۇپ يۈرەتتى ئۇنىڭ بېلىدە.
تاغ بېشى تۇتىشىپ ئاسمان قەرىگە،
تۇرىدۇ چوقچىيىپ پەلەك ئۆگزىدە.
تاغدىكى گۈل ـ گىياھ يەلپۈنەر لەرزان،
كۆكلەمكى شامالدا ھىد چېچىپ ھەريان؛
شاخ ـ جالا يامغۇردىن مونچاقلار ئاسقان،
ئەۋرىشىم تال چىۋىق ساڭگىلاپ تۇرغان.
شارقىراتما شارقىراپ ئۈنچىلەر چاچار،
گوياكى ئايدىڭدا يۇلتۇز پارقىرار؛
تىك قىيا ئۈستىدە تۇرغان قارىغاي،
ئەجدىھا شەكلىدە ئىرغاڭشىپ تۇرار.
گويا بۇ بىرلا تاغ كائىنات ئارا،
كۆرمىڭ يىل ئىچىدە بولغاندۇر بىنا.

جاۋ تۆرەم بىلەن باقاۋۇل تەختىراۋانغا چۈشۈپ، تاغقا چىقتى ۋە ئوتاقچىلاردىن بىرىنى مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. جاۋ تۆرەم بىلەن لۇ دا بۇتخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، غوجىدار راھىب بىلەن نازارەتچى راھىب ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئىككىيلەن تەختىراۋاندىن چۈشۈپ، قوۋۇق ئالدىدىكى شىپاڭغا بېرىپ ئولتۇردى. راھىب كالان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن باش راھىب بىلەن مۇلازىم راھىبنى باشلاپ، قوۋۇق ئالدىغا قارشى ئېلىشقا كەلدى. جاۋ تۆرەم بىلەن لۇ دا راھىب كالاننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا كەلتۈردى، راھىب كالان:

— ھارمىغايلا، شى غوجام، — دەپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— پېقىر كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن بۇتخانىلىرىغا كېلىپ قالدىم، ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن تەخسىر، — دېدى جاۋ تۆرەم.

— قېنى ئاۋۋال خاناكالانغا مەرھەمەت قىلسىلا، تۆرەم، — دېدى راھىب كالان.

جاۋ تۆرەم ئالدىدا، لۇ دا كەينىدە ماڭدى، قارىغۇدەك بولسا، مانجۇسرى بۇتخانىسى دەرۋەقە شۇنداق كاتتا بۇتخانا ئىكەن.

## نەزم

دەرۋازىسى كۆكۇلزار تاغقا تۇتاشقان،
بۇرھانلار قەسرىسى كۆككە ئۇلاشقان.
پەشتاقلىرى ئاي بىلەن قامەت تالىشىپ،
كۇتۇپخانا چوققىدىن بويدا مارىشىپ.
ئاشخانا ئىچىدىن ئاقار بىر چەشمە،
راھىبلار ھۇجرىسى كۆكتە پىنھانە.
خاناكالان ھەرىمى پەلەككە يانداش،
بالا راھىب خانىقاسى بۇلۇتقا قورداش.
ئاپپاق يۇز مايمۇنلار مېۋە چېچىشار،
تاشلارنى ئەيلەپ تاك ـ تاك چېلىشار.
ئالماچ بۇغا ـ مارال مېھرىگىياھلار —
چىشلەپ كېپ قەسرىگە سوۋغا قىلىشار.
يەتتە قات مۇنارلار بوي تارتىپ كۆككە،
خىزىرلار كېلىشەر تىنماي بۇ يەرگە.

راھىب كالان جاۋ تۆرە بىلەن لۇدانى خاناكالانغا باشلاپ كىرىپ، تۆرەمنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. لۇدا بولسا تۆۋەندىكى كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى، تۆرەم لۇدانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— سىلى بۇ يەرگە قول بەرگىلى كەلگەن ئادەم، نېمىشقا راھىب كالاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالدىڭلا؟ — دېدى.

— پېقىرنىڭ مۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن، — دېدى لۇدا ۋە شۇنىڭ بىلەن جاۋ تۆرىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئۆرە تۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا باش راھىب، كارمادانا① مۇلازىم راھىب، نازارەتچى راھىب، غوجىدار راھىب، كۈتكۈچى راھىب ۋە پۈتۈكچى راھىبلار ئۆز رەتلىرى بويىچە كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپكە ئايرىلىپ، ئىككى قاتار بولۇپ تۇرۇشتى. ئوتاقچىلار تەختىراۋاننى بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ساندۇقنى كۆتۈرگىنىچە خاناكالانغا ئەكىرىپ ئوتتۇرىغا قويدى. راھىب كالان ئېيتتىكى:

— سوۋغا - سالام ئەكەلمىسىلىمۇ بولاتتىغۇ؟ بۇتخانىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە سالغان ئېغىرچىلىقلىرىمۇ يېتەتتى.

— ياق، بۇ سوۋغا - سالىمىمىزنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ! — دېدى جاۋ تۆرەم.

خىزمەتكارلار سوۋغا - سالاملارنى يىغىشتۇرۇپ ئاچىقىپ كەتتى، جاۋ تۆرەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— ئۇلۇغ پاسىبان شەيخىم، ھەزرەتلىرىگە بىر ئىلتىجايىم بار، پېقىرنىڭ ئۇزاقتىن بىرەر مۆمىن بەندىنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ②، بۇتخانىمىزدىكى راھىبلار قاتارىغا قوشۇپ قويسام دېگەن بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغان ئىجازەتنامە بىلەن رىسالەممۇ تۇرۇپتۇ، ئەمما بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئارزۇيۇمنى بەجا كەلتۈرەلمەي كەلگەنىدىم. بۈگۈن مانا بۇ

---

① كارمادانا — سانسكرىت تىلىدا راھىبلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىدە.

② بۇ سۆز بۇددا رەسمىيەتلىرىدە «ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن مەنىدە. راھىبلار پادىشاھلىقتىن راھىبلىق ئىجازەتنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن باج - سېلىقلاردىن خالىي بولىدۇ، بەزىلەر بۇ ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن باشقا ئادەملەرنى «چېچىنى ئالدۇرۇپ» راھىب قىلىپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىنىمنى باشلاپ كەلدىم، بۇ ئىنىمىز لۇ ئۇرۇقىدىن بولىدۇ، بۇ يىگىتنىڭ تېگى كۇنپىتىش چېرىكلىكىدىن، ئۇ پانىي ئالەمنىڭ مۇشكۇلاتلىرىدىن بىزار بولۇپ، نادانلار دۇنياسىنى تەرك ئەتكەن راھىبلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. جانابلىرىنىڭ مەقبۇل كۆرۈپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشلىرىنى مىڭ مەرتەم تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن. پېقىرنىڭ كىچىككىنە يۈز ـ خاتىرىنى قىلىپ بولسىمۇ ئىنىمنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ قويۇشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن. ھەممە خەج ـ خىراجلىرى كەمىنە مۇخلىسلىرىدىن بولىدۇ، بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىپ قويسىلا، ئۆزۈمنى بەھىساب قۇتاتقان ئادەم ھېسابلىغان بولاتتىم.

راھىب كالان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئېيتتىكى:

— بۇ ئىش بارگاھىمىزغا شانۇ شەۋكەت كەلتۈرگەي، ئىنشائاللا، مۇرادلىرىدىكىدەك بولغاي، قېنى ئاۋۋال چايغا ئىلتىپات قىلىشسىلا.

شۇ ئەسنادا خىزمەتكارلار پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن ئەكىرىشتى، چايدىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلدى.

راھىب كالان باش راھىب بىلەن كارامادانى چاقىرىپ، بۇ ئادەمنىڭ چېچىنى ئېلىش توغرىسىدا كېڭەشتى. نازارەتچى راھىب بىلەن غوجىدار راھىبقا پەرھىز تائام راسلاشنى جېكىلىدى. باش راھىب باشقا راھىبلارغا:

— بۇ جاڭۋانىڭ تۇرقىدىن قول بېرىدىغاندەك سىياق كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ كۇسۇرلىدى.

— كۇتكۇچى ئاغا، سىز بۇ مېھمانىنى مېھمانخانىغا باشلاپ بېرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بىز كالانىمىزغا ئەھۋالنى ئېيتىپ باقايلى، — دېدى راھىبلار.

كۇتكۇچى راھىب چىقىپ، جاڭ تۆرە بىلەن لۇدانى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. باش راھىب بىلەن باشقا راھىبلار

راھىب كالان ئالدىغا كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى:
— قول بېرىشكە كەلگەن بۇ بەندىنىڭ تۇرقىدىن يامانلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ، يامان نېمىدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ چېچىنى ئېلىشقا بولمىغۇدەك، كېيىنگە بىرىپ بارگاھىمىزغا مالامەت كەلتۈرەمىكىن دەيمىز.
— بۇ ئادەم سېخىي غوجام جاۋ تۆرىنىڭ ئىنىسى بولىدىكەن، ئۇ كىشىگە قانداقمۇ يۈز كەلگۈلۈك؟ سىلەر ھازىرچە بولمىغۇر خىياللارنى قىلماي تۇرۇڭلار، مەن بىر ئامال قىلىپ كۆرەي، — دېدى راھىب كالان ۋە كۈجىدىن بىرنى ياقتى، ئاندىن مەرۇزىدا باداشقان قۇرۇپ، ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ، ئېتىكاپقا ئولتۇردى، كۈجە كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن ئېتىكاپتىن قايتىپ، راھىبلارغا دېدى:
— چېچىنى ئېلىۋېرىڭلار، بۇ كۆڭلى تۈز، پىرلىرىمىزغا مەقبۇل ئادەم ئىكەن. ھازىرچە شۇم پېشانە كۆرۈنسىمۇ، قەلبى ناپاك بولسىمۇ، كېيىنرەك بىرىپ پاكلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا كامالەت تېپىپ، سىلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ. مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلىقىڭلاردا تۇتۇڭلار، بۇ ئىشقا بويۇنتاۋلىق قىلماڭلار.
— كالانىم، ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا يان بېسىۋاتىدىلا، ھە دېمەي ئىلاجىمىز نېمە؟! تەكلىپىمىزنى بەرمىسەك تېخى، بەرگەن بىلەن گېپىمىز ئۆتمىسە، مەيلى، بوپتۇ، — دېدى باش راھىب.
راھىب كالان پەرھىز تائام راسلىتىپ، جاۋ تۆرىنى ۋە باشقىلارنى خاناكالانغا تەكلىپ قىلدى. تائام يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن نازارەتچى راھىب ھېساب ـ كىتابىنى قىلدى. جاۋ تۆرە يېنىدىن كۈمۈش پۇل چىقىرىپ، بازاردىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بۇتخانىدىن لۇداغا ئاتاپ راھىبلارغا خاس ئاياغ، راھىبلىق كىيىم، كۇلا ـ جەندە ۋە جايناماز لار تىكتۈرۈلدى. ھەممە نەرسە ئىككى كۈنگە قالمايلا تەييار قىلىنىپ بولدى. راھىب كالان خاسىيەتلىك كۈن ـ سائەتنى تاللاپ، بۇرغا دۇمباق چالدۇرۇپ، پۈتۈن جامائەتنى خانىقاغا جەم قىلدى، كاسايا

يېپىنغان بەش ـ ئالتە يۈز راھىب رەت ـ رەتى بىلەن تىزىلغىنىچە ئىبتىكاپ سۇپىسىنىڭ ئالدىدا سەپ ـ سەپ بولۇپ ئولتۇرۇپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى. جاۋ تۆرە تەڭگە ـ يامبۇ، سوۋغا ـ سالام ۋە كۈجە ئىسرىقلىرىنى ئېلىپ، ئىبتىكاپ سۇپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەجدە قىلدى. دۇئا ـ تىلاۋەت رەسمىيىتى ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن خىزمەتكار راھىبلار لۇ دانى باشلاپ ئىبتىكاپ سۇپىسىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. كارمادانا لۇ دانىڭ بېشىدىكى ياغلىقىنى ئالدۇرۇپ، چېچىنى توققۇز ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈپ، تۈرمەكلەپ قويدى. ساتىراش ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چېچىنىڭ ھەممىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى، ساقال ـ بۇرۇتىنى ئېلىشقا كەلگەندە بولسا، لۇدا:

— بۇلار، ئۆزۈمگىمۇ قالسۇن، — دېدى.

راھىبلار ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى، راھىب كالان ئىبتىكاپ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ:

— جامائەت، ھۆكمەتكە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى ۋە «تۈك ئەۋلادى قالمىسۇن، ئالتە ئەزا پاكلانسۇن؛ چېچى ئېلىنغان كىشى دەتالاش قىلىپ يۈرمىسۇن» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇدى. ئوقۇپ بولۇپ، «ھە ! جىمى تۈكلىرى چۇشۇرۇپ تاشلانسۇن !» دەپ بىر ۋارقىرىۋېدى، ساتىراش ئۇستىرىسىنى كاپلاپ كېلىپ سالدى ـ دە، ھېچنېمىنى قويماي چۇشۇرۇپ تاشلىدى. باش راھىب : «ئەمدى ئۇنىڭ راھىبلىق نامىنى قويۇپ بەرگەيلا» دەپ ئىلتىجا قىلىپ، ئىجازەتنامىنى كۆتۈرۈپ ئىبتىكاپ سۇپىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. راھىب كالان ئاق ئىجازەتنامىنى قولىغا ئېلىپ:

— مۇقەددەس بۇددا يولى گۆھەر كەبى پارلاقتۇر، بۇددا جاساقلىرى تەڭداشسىز ئۇلۇغدۇر، شۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ نۇسرىتى بىلەن ئۇنىڭ راھىبلىق نامى جىشېن① بولغاي، — دېدى.

راھىب كالان نام قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئىجازەتنامىنى پۈتۈكچى راھىبقا تاپشۇردى، پۈتۈكچى ئۇنى تولدۇرۇپ پۈتۈپ، لۇ

① جىشېن — تېرەن ئاقىل دېگەن مەنىدە.

داغا، يەنى لۇ جىشىنغا قوبۇل قىلغايلا، دەپ بەردى. راھىب كالان جەندە ئىنئام قىلىپ لۇ جىشىنغا كىيدۈردى. نازارەتچى ئۇنى ئېتىكاپ سۇپىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. راھىب كالان ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، تەلىم بەردى: «بىرىنچىدىن، قايتىدىن تۇغما بولۇپ، بۇتپەرەس بولغاي. ئىككىنچىدىن، بۇددا تەلىماتلىرىغا چىن ئەمەل قىلغاي. ئۈچىنچىدىن، ئۇستازلىرى ۋە يارەنلىرىنى ھۆرمەت قىلغاي. بۇ — ئۈچ ئەمەل. يەنە بەش پەرھىز بار: بىرىنچىدىن، تىرىك جاننى ئۆلتۈرمىگەي. ئىككىنچىدىن، ئوغرىلىق قىلمىغاي. ئۈچىنچىدىن، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمىگەي. تۆتىنچىدىن، ئىچكۈلۈككە بېرىلمىگەي. بەشىنچىدىن، كۇپۇر ـ كۇپۇرانە سۆز قىلمىغاي.

جىشېن بۇلارنى ئاڭلاپ، مۇخلىسلارنىڭ رەسمىي يوسۇنى بويىچە «خوش» دەپ جاۋاب بېرىش ئورنىغا: «پېقىر ئېسىمگە ئالدىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، راھىبلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تەلىم بېرىش رەسىم ـ يوسۇنى تامام بولغاندىن كېيىن جاۋ تۆرە راھىبلارنى يەنە بىر چوڭ خانىقاغا باشلاپ كىردى ۋە كۆجە ـ ئىسرىق كۆيدۈرۈپ نەزىر بەردى. چوڭ ـ كىچىك ۋەزىپىدار راھىبلار ئۆزلىرىنىڭ قۇتلاپ ئەكەلگەن سوۋغىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. غوجىدار راھىب لۇ جىشېننى باشلاپ يۈرۈپ، ھەممە راھىب ئەھلى بىلەن سالاملاشتۇرۇپ كۆرۈشتۈردى ۋە راھىبلار خانىسىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان كۆكۈلزارلىقتىن تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا لايىق بىر جاينى تاللاپ، شۇ يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. شۇ كېچە تىنچ ـ ئامان ئۆتتى.

ئەتىسى جاۋ تۆرە قايتماق بولۇپ، ناشتىدىن كېيىن راھىب كالان بىلەن جۇدالىق دېغى ئىچىدە خوشلاشتى. كالان ۋە ھەممە راھىبلار قوۋۇقنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. جاۋ تۆرە ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ كالان ھەزرەتلىرى، ئۇستازلىرىم، ئۇنىڭغا ھەربىر ئىشتا ئاتىدارچىلىق قىلىپ تۇرۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. ئىنىم لۇ

www.uyghurkitap.com

جىشىن نادان ۋە تۈز كەتكەن بىر ئادەم، ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئەدەپ ـ قائىدىدىن چىقىپ، ئىگىز ـ پەس سۆزلەرنى، ئەمرىمەرۇپقا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويسا، پىقىرنىڭ ئەزىمەس يۈزىدىن بولسىمۇ كەچۈرۈشلىرىنى مىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن، — دىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، تۆرەم، — دىدى راھىب كالان، — كەمىنىلىرى دەستۇرلارنى ئۆگىتىپ، ئايەت يادلىتىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ۋە ئىبتىكاپقا كىرىش يوللىرىنى ئۇقتۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆگىتىۋالىمەن.

— قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرىمەن، ئەلۋەتتە، — دىدى تۆرە ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن لۇ جىشىننى چاقىرىپ، بىر توپ قارىغاينىڭ تۈۋىگە باشلاپ بېرىپ، پەس ئاۋاز بىلەن جېكىلەپ ئېيتتى:

— ئەزىز ئىنىم، بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئىش ـ ئەمەللىرى ئىلگىرىكىدىن تامامەن باشقىچە بولىدۇ، ھەر ئىشتا ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، ھەرگىز چوڭچىلىق قىلمىسىلا، بولمىسا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ، خەير، ئامان بولسىلا. ئادەتتە كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئاغا، ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — دىدى لۇ جىشىن.

شۇنداق قىلىپ، جاۋ تۆرە راھىب كالان ۋە باشقىلار بىلەنمۇ خەيرلىشىپ تەختىراۋانغا چىقتى؛ ئوتاقچىلارغا لۇدا چۈشكەن تەختىراۋان بىلەن ساندۇقچىلارنى قۇرۇق كۆتۈرتۈپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. كالانمۇ راھىبلارنى باشلاپ ئىبادەتخانىغا قايتتى.

لۇ جىشىن كۆكۈلزارلىقتىكى تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغان جايغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنى جاينامازلىق سۇپىغا ئاتتى ـ دە، ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى راھىب ئۇنى نوقۇدى.

— بۇنداق قىلسىلا بولمايدۇ، راھىب بولغان ئادەم ئىبتىكاپتا

ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەنمىسلە قانداق بولىدۇ؟
— مېنىڭ ئۇخلىشىم بىلەن كارىڭ نېمە؟
— بەللى، قالتىس، — دېدى ئېتىكاپتىكى راھىبلار.
— بىلىق دەمسىنا؟ — ھېلىغۇ بىلىق ئىكەن، تاشپاقىنىمۇ يەۋېرىمەن!
— تازا لاۋزا بىرنېمىكەن - دە! — دېدى راھىبلار.
— تاشپاقا باداڭدەك كېلىدۇ، ھەم سېمىز، ھەم تاتلىق، ھەم يېيىشلىك تۇرسا، «لاۋزا» دېگىنىڭ نېمىسى، — دېدى جىشىن.
ھېلىقى ئىككى راھىبنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، لۇ جىشىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ قېلىۋەردى. ئەتىسى ئۇلار لۇ جىشىننىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىنى راھىب كالانغا مەلۇم قىلىپ قويماقچى بولۇۋىدى، باش راھىب ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى:
— كالانىمىز ئۇنى كەلگۈسىدە ئاجايىپ كامال تاپقان زات بولۇپ چىقىدۇ، سىلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ، دەپ ئۇنىڭغا يان باستىلىق قىلىۋاتسا، سىلەرنىڭ قانداق چىشىڭلار پاتسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.
ئىككى راھىب بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى. لۇ جىشىن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەر ئاخشىمى جايناماز لىق سۇپىدا غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ، بولۇشىغا ئېغىناپ، كېچىچە ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك خورۇلداپ ئۇخلايدىغان بولۇۋالدى. تەرەت قىلماقچى بولسا، گۈلدۈر - تاراقلىتىپ، بۇرھانلار سارىيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ سىيىپ - چىچىپ، ھەممە يەرنى بۇلغىۋېتىدىغان بولدى. مۇلازىم راھىب بۇ ئەھۋالنى كالانغا بېرىپ دادلىدى:
— لۇ جىشىن بەكمۇ ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. راھىبلىققا لايىق سالاپىتى يوق بىرنېمىكەن، بۇنداق نېمىنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىز؟
— تولا كاپشىما! تۆرەمنىڭ يۈزىنى قىلمامسەن، كېيىنچە

ئوغلىنىپ قالدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى راھىب كالان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىمنىڭ لۇ جىشىنغا چىشى پاتمايدىغان بولۇپ قالدى.

لۇ جىشىنىنىڭ ۋۇتەيشەن ئىبادەتخانىسىنى بېشىغا كىيىپ يۈرگىنىگە تۆت ـ بەش ئاي بولۇپ قالدى. قىش پەسلى ئەمدىلا كىرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لۇ جىشىنىنىڭ قورسىقىغا بىردىنلا جىن كىردى، شۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. لۇ جىشېن قارا يەكتىكىنى كىيىپ، قارا پوتىسىنى باغلاپ، مەسىسىنى سىيىپ، گۈس ـ گۈس دەسسەپ قوۋۇقتىن چىقتى. شۇ ماڭغىنىچە تاغنىڭ قاق بېلىگە يېتىپ چۈشتى ۋە شۇ يەردىكى بىر شىپاڭغا كىرىپ، ئۈزۈنچاق، پاكار بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئويلاندى: «شۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟! ئەسلىدە مەن مەي ـ شاراب، گۆش ـ ياغدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايتتىم. ئەمدى مېنى راھىب قىلىشىپ قويۇپ، قورسىقىم تويماي ئورۇقلاپ ياغاق بولۇپ قالدىم. جاۋ تۆرەممۇ يا ئانچە ـ مۇنچە يەيدىغان بىرنەرسە ئەۋەتىپ بەرمىدى، ئاغزىمدىن تۈپيا تەمى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئانچە ـ مۇنچە مەي ـ شارابلار بولسىمۇ ئىچىپ تۇرسام بولاتتى.» ئۇنىڭ تازا ئىچكۈسى كېلىپ، نەپىسى تاقىلداپ تۇرغان بىر پەيتتە، يىراقتىن بىر يىگىتىم كۆرۈندى، ئۇ ئاغزى قاپلاقلىق ئىككى سوغىنى ئەپكەش بىلەن كۆتۈرگىنىچە ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە مەي ئىسسىتىدىغان قاچا بار ئىدى. ئۇ مۇنداق ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى:

«جەڭگى ـ جېدەل بولۇپ ئۆتكەن تاغ ئالدىدا،
كونا قورال تېپىۋاپتۇ چوپان بالا.
گويا يۇ جى ئۇزاتقاندەك چۇ باۋاڭنى،
ۋۇجياڭ دەريا دولقۇنلىنار سەلكىن ئارا».

لۇ جىشېن شىپاڭدا ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇردى، ھېلىقى

يېتىممۇ سوغىلىرىنى كۆتۈرۈپ، شىپاڭ تەرەپكە قاراپ كەلدى ۋە بىردەمدىن كېيىن شىپاڭغا يېتىپ چىقىپ، ئەپكەشنى قويۇپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇردى.

— هوي يىگىت، سوغاڭدىكى نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشىن.

— دەردكە داۋا، دىلغا شىپا مەي! — دېدى هېلىقى يېتىم.

— بىر سوغىسى قانچە پۇل؟

— سوپۇم، چاقچاق قىلىۋاتامدىلا نېمە؟

— ساڭا چاقچاق قىلىپ نېمە قىلاتتىم؟

— مەن بۇ مەينى ئىبادەتخانىدىكى خىزمەتكار، گېزەكچى، تەختىراۋانكەش ۋە مالاي - چاكارلارغا ئاپىرىپ ساتىمەن، مەينى ئاشۇنداق ئىشلەمچىلەر ئىچىدۇ، راهىب كالانىمىز راهىبلارغا مەي سېتىپ بەرمەڭلار دەپ يارلىق قىلغان، بىز سېتىپ بەرسەك، كالان بىزنى جازالايدۇ، دەسمايىنى تارتىۋېلىپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بىز مۇشۇ ئىبادەتخانىنىڭ دەسمايىسى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، مۇشۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۆي - جايىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ سىلىگە مەي سېتىپ بېرەلەيمىز؟

— راستىلا سېتىپ بەرمەمسەن؟

— جېنىمنى ئالسىلىمۇ ساتمايمەن.

— مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمەن دەۋاتقىنىم يوق، مەي سېتىپ بەر دەۋاتىمەن.

ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن هېلىقى يېتىم ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ، يولىغا راۋان بولدى. لۇ جىشىن شىپاڭدىن ئىز باستۇرۇپ چۈشتى - دە، ئىككى قولى بىلەن ئەپكەشنىڭ بالدىقىدىن تۇتىۋېلىپ، هېلىقى يېتىمنىڭ چاترىقىغا بىرنى تېپىۋىدى، ئۇ ئىككى پۇكلىنىپ چاترىقىنى تۇتقىنىچە، بىر هازاغىچە قوپالماي زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. لۇ جىشىن هېلىقى ئىككى سوغا مەينى شىپاڭغا ئاچىقىپ، يەردە ياتقان بايىقى قاچىنى ئالدى ۋە سوغىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، غورتۇلدىتىپ

www.uyghurkitap.com

ئىچكىلى تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى سوغىدىكى مەينىڭ بىر سوغىدىكىسىنى ئىچىپ بولدى.

ــ هوي يىگىت، ئەته ئىبادەتخانىمىزغا كېلىپ پۇلۇڭنى ئېلىۋال، ــ دېدى لۇ جىشېن.

هېلىقى يىگىتنىڭ ئاغرىۋاتقان يېرى ئەمدى بىر ئاز توختىغاندەك بولدى. ئۇ بۇتخانا كالانى بىلىپ قالسا، تىرىكچىلىكتىن قۇرۇق قالماي دەپ، مەينىڭ پۇلىنى سوراشتىن قورقۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى، قالغان بىر سوغا مەينى ئىككى سوغىغا بۆلۈپ، مەي قاچىسىنى ئالدى ـ دە، غۇيۇلداپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەمدى لۇ جىشېنغا كەلسەك، شىپاڭدا خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن مەينىڭ كۈچى تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ شىپاڭدىن چۈشۈپ قارىغاينىڭ تۈۋىدە يەنە بىردەم ئولتۇردى، مەينىڭ كۈچى تېخىمۇ تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ قارا يەكتىكىنى بېلىگىچە چۈشۈرۈپ، ئىككى يېڭىنى بېلىگە ئورىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چېكىلگەن گۈللەر كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ ئىككى قولىنى سىلىپ، لوك ـ لوك بېسىپ تاغ ئۈستىگە قاراپ ماڭدى.

## نەزم

كۆزلىرى بەقەسەمدەك رەڭ ئالغان،
يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان.
كاللىسى ئېغىر، پۇتى يۈگەنسىز،
غالداڭشىپ ماڭاتتى پۇتلىرى جانسىز.
مۈدۈرۈلۈپ يۈرۈپ چىقتى ئۇ تاغقا،
ئوخشايتتى بوراندا قالغان ساڭقارغا.
ئىبادەتخانىغا قايتتى دەلدەڭشىپ،
دەريادىن ئايرىلغان يىلاندەك چاڭقىپ.
تەگرىقۇتنى تىللاپ قارغىدى،

ئەرشئەلاغا قولمۇ شىلتىدى.
ئەزرائىلنى دېدى بەند قىلاي،
تەھتى ـ سەھرانى تېپىپ گۇم قىلاي.
ئۇ خۇددى يالىڭاچ مەست دىۋە بولدى،
ئوت قويار، قاتىلنىڭ سىنىغا كىردى.

لۇ جىشېن شۇ ماڭغىنىچە قوۋۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، يىراقتىن قاراپ تۇرغان ئىككى قوۋۇق باقار قومۇش پالاقنى كۆتۈرۈپ قوۋۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە لۇ جىشېننى توسۇپ تۇرۇپ شۇنداق توۋلاپ ئېيتتىكى:

— سىز بولسىڭىز بۇددا مۇخلىسى، تاغقا نېمىشقا مەي ئىچىپ مەست پېتىڭىزچە غالداڭشىپ چىقىسىز؟ سىز قارىغۇ ئەمەسقۇ، تامدىكى: «بەش پەرھىزنى بۇزۇپ مەي ئىچكەن راھىبلار قىرىق پالاق ئۇرۇلۇپ، ئىبادەتخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، ئەگەر قوۋۇقچىلارمۇ مەست بولۇپ قالغان راھىبلارنى ئىبادەتخانىغا كىرگۈزۈۋەتسە، ئۇلارغىمۇ ئون پالاق ئۇرۇلىدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى كۆرگەن بولغىيدىڭىز. سىزگە پالاق ئۇرماي، رەھىم قىلايلى، تاغدىن چۈشۈپ كېتىڭ.

لۇ جىشېن بىرىنچىدىن، يېڭىلا راھىب بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن، كونا قىلىقىدىن قالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئالايتىپ تىللاشقا باشلىدى:

— ھۇ قارغىش تەگكۈرلەر! قايسىبىرىڭ مېنى ئۇرىدىكەنسەن، ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن!

ئىشنىڭ چاتاقتەك تۇرغانلىقىنى بايقىغان قوۋۇق باقارلارنىڭ بىرى نازارەتچى راھىبقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى، بىرى ئۇنى قوۋۇقتىن كىرگۈزمەي، قومۇش پالاقنى پەش قىلىپ توسۇپ تۇردى. لۇ جىشېن بىر قولى بىلەن پالاقنى قايرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن شۇنداق سالدىكى، ئۇ دەلدەڭشىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، لۇ جىشىن يەنە بىر مۇشت سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋايجان دىسە، ۋايجان دەپ، قوۋۇقنىڭ تۇۋىگە موك چۇشتى. لۇ جىشىن:

— خەير، سەن خۇمپەرگە رەھىم قىلاي ! — دەپ دەلدەڭشىگىنىچە ئىبادەتخانىغا قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا نازارەتچى راھىب قوۋۇق باقارنىڭ ئىيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، مالاي - چاكار، خىزمەتكار، گىزەكچى ۋە تەختىراۋانكەشلەر بولۇپ جەمئىي يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمنى چاقىردى، ئۇلار ھەربىرى كالتەكلەرنى كۆتۈرۈشۇپ، كۇنچىقىش تەرەپتىكى پىشايۋاندىن ئىتىلىشىپ چىقتى ۋە دەل لۇ جىشىنغا توغرا كىلىپ قالدى. لۇ جىشىن شۇنداق بىر قاراپ، پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن خۇددى ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك چۇقان كۆتۈرگىنىچە ئالچاڭلاپ دەسسەپ ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى سىپاھبەگ بولغانلىقىنى ھىچكىم بىلمەيتتى، كىيىن ئۇنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى ۋە ئۇلۇغ ئايۋانغا قىچىپ كىرىۋىلىپ، پەنجىرە - روجەكلەرنى تاقىۋىلىشتى. لۇ جىشىن ئىچكىرىسىگە دىۋەيلەپ كىرىپ، بىر ياقتىن تىپىپ، بىر ياقتىن مۇشتلاپ، پەنجىرە - روجەكلەرنى ئىچىۋەتتى، ئۇلۇغ ئايۋاندىكى يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەم قاچىدىغان يىرىنى تاپالماي قالدى، لۇ جىشىن توقماقتىن بىرنى تارتىۋىلىپ، ھەممىسىنى ئۇلۇغ ئايۋاندىن سۈرۈپ چىقاردى.

نازارەتچى راھىب شاپاشلاپ بىرىپ ئەھۋالنى راھىب كالانغا مەلۇم قىلدى، راھىب كالان تۆت - بەش مۇلازىمنى باشلاپ، ئۇدۇل پىشايۋاننىڭ يىنىغا يىتىپ كەلدى ۋە لۇ جىشىنغا قاراپ:

— ئەدەپسىزلىك قىلما، لۇ جىشىن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

لۇ جىشىن گەرچە مەست بولسىمۇ، لىكىن كالاننى تونۇپ، قولىدىكى توقماقنى تاشلىۋەتتى ۋە راھىب كالاننىڭ ئالدىغا بىرىپ ئىززەت - ئىكرام بىلدۇردى، ئاندىن پىشايۋان تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كالانغا دىدى:

— پېقىرنىڭ ئىچكىنى ئىككى پىيالە مەي، ئۇلارنى بىرنەرسە قىلغىنىم يوق، ئۇلار بىر تالاي ئادەمنى باشلاپ كېلىپ پېقىرنى ئۇردى.

— مېنى ئايىساڭ، چاپسان بېرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، ئەتە گەپلىشەيلى، — دېدى كالان.

— ھەزرەتلىرىنى ئايىمىسام، بۇ تۆت توك - توك پاخشەكتىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، — دېدى لۇ جىشېن.

كالان لۇ جىشېننى ئاپىرىپ سۇپىغا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، دەپ مۇلازىملارنى بۇيرۇدى. لۇ جىشېن ئۆزىنى سۇپىغا ئاتتى - دە، غەرق مەست ھالدا خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. ۋەزىپىدار راھىبلار كالاننى ئورىۋېلىپ دادلىغىلى تۇردى:

— كەمىنىلىرى ئاللىقاچان ھەزرەتلىرىگە ئۆز تەكلىپىمىزنى ئېيتقانىدۇق، ھە، ئەمدى قانداق بولدى؟ بۇ مولۇنىنى ئىبادەتخانىمىزغا كىرگۈزۈپ قويۇش زادى توغرا كەلمىگەن ئىش ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئەمرىمەرۇپنى بۇزۇپ ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ!

ھازىرچە بىزنى بىرئاز ئاۋارىچىلىككە سېلىۋاتىدۇ، كېيىنچە كامال تاپىدۇ، ھېچ گەپ يوق، ساخاۋەتچى جاۋ تۆرەمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بۇ مەرتەم ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىڭلار. ئەتە مەن ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ قوياي، — دېدى كالان.

راھىبلار تەنە بىلەن كۈلۈپ:

— تازا دىتى يوق كالان - دە! — دېيىشتى ۋە ئارامىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئورۇنلىرىغا قاراپ تارقىلىپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تائامدىن كېيىن كالان لۇ جىشېننى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مۇلازىمنى ئەۋەتتى، مۇلازىم ئېتىكاپ سۇپىسىغا بېرىپ قارىسا، لۇ جىشېن تېخى قوپماپتۇ. بىردەم كۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، يەكتىكىنى كىيىپ يالاڭ ئاياغ سوكۇلداپ خانىدىن چىقىپ كەتتى. مۇلازىم چۆچۈپ كېتىپ ئارقىسىدىن چىقىپ قارىسا، ئۇ بۇرھانلار سارىيىنىڭ كەينىگە

ئۆتۈپ تەرەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مۇلازىم ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۇلۇپ تاشلىدى ۋە تەرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— سىزنى كالانىمىز چاقىرىۋاتىدۇ، گېپى بار ئىكەن، — دېدى.

لۇ جىشېن مۇلازىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ خاناكالانىغا كىردى:

— لۇ جىشېن، سىز ئەسلىدە چېرىك ئەھلى بولسىڭىزمۇ، ھازىر جانابىي جاۋ تۆرەمنىڭ ھىممىتى بىلەن چېچىڭىزنى چۈشۈرتۈپ راھىب بولۇپ قالدىڭىز، مەن بولسام بېشىڭىزنى سىلاپ، دىلىڭىزغا ئىمان سالدىم، «بىرىنچىدىن، تىرىك جاننى ئۆلتۈرمەسلىك. ئىككىنچىدىن، ئوغرىلىق قىلماسلىق. ئۈچىنچىدىن، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك. تۆتىنچىدىن، ئىچكۈلۈككە بېرىلمەسلىك. بەشىنچىدىن، كۈپۈر - كۇپۇرانە سۆزلەرنى قىلماسلىق توغرۇلۇق تەلىم بەردىم. بۇ بەش پەرھىز راھىب - مۆمىنلەرنىڭ بىردىنبىر قائىدە - نىزامى، راھىب بولغان ئادەمنىڭ بىرىنچى ئىشى مەي - شاراب ئىچمەسلىك تۇرسا، نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرىسىز؟ قوۋۇق باقارلارنى ئۇرۇپسىز، ئۇلۇغ ئايۋاننىڭ قىزىل پەنجىرە - روجەكلىرىنى چېقىۋېتىپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتكارلارنى ئۇرۇپ قاچۇرۇۋېتىپسىز. بۇقىدەك ھۆركىرەپ - گۆركىرەپ ھەممىنى قورقۇتۇۋېتىپسىز، نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

— ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى لۇ جىشېن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— قول بەرگەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ھەممىدىن ئاۋۋال مەي ھارام دېگەن پەرھىزنى بۇزدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىرىمەرۈپنى ئاياغ ئاستى قىلدىڭىز؟ مەن ساخاۋەتچى جاۋ تۆرەمنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، سىزنى ئاللىقاچان ئىبادەتخانىمىزدىن قوغلىۋەتكەن بولاتتىم! بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلىقنى

قىلماڭ !

لۇ جىشېن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— ئەمدى قىلمايمەن، قىلمايمەن، — دەپ ۋەدە بەردى.

كالان خاناكالاندا ئۇنىڭغا ئەتىگەنلىك تاماق راسلىتىپ بەردى ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلدى؛ ئېپسىلـراق رەختتە تىكىلگەن بىر يەكتەك بىلەن بىر كىشلىك ئاياغنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، راھىبخانىغا قايتۇردى.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر دانىشمەن ئۆتۈپتىكەن. بۇ دانىشمەن قەلىمىنى يورغىغا سېلىپ، مەخسۇسلا مەي توغرىسىدا مۇنداق بىر غەزەل يېزىپتىكەن، يازغاندىمۇ كارامەت قاملاشتۇرۇپ يېزىپتىكەن.

## غەزەل

تا ئەزەلدىن ھەر گۇناھقا مەي سەۋەب دەپ ئېيتىلار،
بىر سۆزۈم بار ئاڭلىساڭلار سىر شۇنىڭدىن ئېچىلار.
ئادەمزات سۇ ۋە تۇپراق، ئوت ـ شامالدىن تەل بولار،
ئۇن ـ گۇرۇچ، سۇ — شۇل خۇرۇچقا سالسا قولماق مەي بولار.
تۇرسا جىمجىت شىشىدە مەي مەۋج ئۇرماس ھېچقاچان،
ئىچمىگەندە مەينى ئادەم مۆرىمەي جىم ئولتۇرار.
كۆرسە بوۋاق باللارنى كىم ھاراقكەش دەيدىكەن،
مەي ئەمەس ئاش توق يېيىلسە نەدە ئىتتەك قۇترىتار.
نە سەۋەبتىن ئۇچ قەدەھمۇ ئوتلىمايلا بەزىنىڭ —
ئازدى ئەقلى، پۇت ـ قولىدا قالمىدى جان ئىختىيار!
بەزى بار نەچچە تامچە مەي ئىچەلمەس تۆگىتىپ،
بەزىلەرگە نەچچە يۈز جام مەي قىلالماس قىلچە كار.
بەزىلەر ئادەم كەتسە ئالجىپ شىر كەيپىلىك دەستىدىن،
بەزىلەر غەرق مەست بولۇپمۇ جۆيلۈمەكنى بىلدى ئار.
بەزىلەر مەي شۆھرىتىدىن تاپتى شانۇ ئىپتىخار،

www.uyghurkitap.com

زور پالاكەت كەلتۈرۈپ مەي بەزىلەرنى قىلدى خار.
ھەممە سىرنىڭ ئاچقۇچى بوپقالدى شۇڭا بىر ماقال:
«مەي كىشىنى مەست قىلالماس، مەينى ئادەم مەست قىلار».

ئىچكۈلۈكنىڭ ھەممىسىلا كىشىنى خۇشال قىلىۋەرمەيدۇ. «مەي ئىشنى تۈزىدۇ ھەم بۇزىدۇ». توخۇ يۈرەكلەر ئىچسە يۈرىكى قاپتەك بولۇپ قالىدۇ، قاپ يۈرەكلەر ئىچسە قانداق بولۇپ كېتىدۇ دەيسىز؟!

ئەمدى گەپنى لۇ جىشېندىن ئىشىتىڭ. بۇ دورەم ئۇ مەست بولۇپ جەڭگى ـ جېدەل چىقارغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىشقا يېتىنالماي، ئۇدا ئۈچ ـ تۆت ئايغىچە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە يۈردى. بىر كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى؛ ئىككىنچى ئاي كۈنلىرى ئىدى، ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدىن چىقىپ بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ قوۋۇقنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى ۋە بۇ يەردە ۋۇتەيشەن تېغىغا كۆز تاشلاپ، بىردەم تاماشا قىلىپ تۇردى. شۇئاندا بىردىنلا شامال چىقىپ، بىر خىل تاڭ ـ تۇڭ قىلغان ئاۋازنى ئۇچۇرۇپ كەلدى. لۇ جىشېن ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ بىرئاز كۈمۈش تەڭگە ئالدى ـ دە، قوينىغا سېلىپ ماڭا ـ ماڭا تاغدىن پەسكە چۈشتى. «ۋۇتەي ئاۋات» دېگەن پەيلۇدىن ئۆتۈپ قارىسا، بۇ يەردە ئالتە ـ يەتتە يۈز تۈتۈن ياشايدىغان بىر بازار بار ئىكەن. بازاردا گۆش ۋە كۆكتاتلار سېتىلىپ تۇرىدىكەن، مەيخانىمۇ، ئاشخانىمۇ بار ئىكەن. جىشېن: «ئاپلا ! بۇ يەردە بۇنداق بازارنىڭ بارلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ھېلىقى سوغىدىكى مەينى تارتىۋالماي، مەشەگىلا چۈشۈپ ئىچىپ تۇرىدىكەنمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىچىم قۇرۇپ ئارانلا قالدىم، بېرىپ كۆرەيچۇ، ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ يېمەيمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ھېلىقى تاڭ ـ تۇڭ ئاۋاز تۆمۈرچى ئۇستامىنىڭ بازغىنىدىن چىققان ئاۋاز ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئىشىكنىڭ ئۇستىگە «ئاتا ـ بالا سارىيى» دەپ يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. لۇ جىشېن تۆمۈرچى

ئۇستامنىڭ دۇكىنى ئالدىغا بېرىپ قارىدى. دۇكاندا ئۈچ ئادەم تۆمۈر سوقۇۋېتىپتۇ.

— ھەي ئۇستام، سىلەردە ياخشىراق قۇيۇچ بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشېن.

تۆمۈرچى ئۇستام لۇ جىشېننىڭ يېڭىلا چۈشۈرۈلگەن قوۋۇزىدىن ئۆسۈپ چىققان قاتتىق ساقىلىنى، تەرىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ قورققاندەك بولدى.

— ئولتۇرسىلا سوپىۇم، — دېدى تۆمۈرچى ئۇستا ئىشىنى توختىتىپ، — نېمە سوقتۇرماقچىدىلا؟

— بىر دانە گۈرزە ۋە راھىب قىلىچى سوقتۇرماقچىدىم، ياخشىراق قۇيۇچىڭلار بارمىكىنتاڭ؟

— پېقىردا ياخشى قۇيۇچتىن بىرئاز بار سوپىۇم، گۈرزە بىلەن قىلىچنى قانچىلىك ئېغىرلىقتا سوقتۇرالىكىن؟ خالىغانلىرىنى بۇيرۇسىلا.

— گۈرزە يۈز پاتمان بولسا بولىدۇ.

— بەك ئېغىر بولۇپ كېتەرمىكىن سوپىۇم، پېقىر سوقۇپ بېرىشتىن قورقمايمەن، بىراق ئۇنى قانداق ئىشلىتەرلا؟ گۇەنگۇڭ غوجامنىڭ قىلىچىمۇ ئاران سەكسەن بىر پاتمان ئىكەنىمىش، — دېدى ئۇستام كۈلۈپ.

— مەن گۇەنگۇڭ غوجامغىمۇ يېتەلمەيمەن، بىراق ئۇمۇ ئوخشاش ئادەمغۇ، — دېدى لۇ جىشېن ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ.

— ئاڭلىشىمچە، قىرىق ـ ئەللىك پاتمان كېلىدىغىنىمۇ خېلى ئېغىر بولارمىش.

— بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، گۇەنگۇڭ غوجامنىڭ قىلىچى بىلەن ئوخشاش سەكسەن بىر پاتمان قىلىپ سوقۇپ بېرىڭ.

— بەك يوغان بولۇپ كەتسە سەت بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكىمۇ ئەپسىز بولىدۇ، مېنىڭچە، ئۆزلىرىگە ئاتمىش ئىككى پاتمان كېلىدىغان گۈرزىدىن بىرنى

www.uyghurkitap.com

سوقۇپ بېرەي، سوپۇم، كېلەڭسىز بولۇپ قالسا مەندىن كۆرمىسىلە. قىلىچ بىز دېيىشكەندەك بولسۇن، پىچىر تازا ياخشى قۇيۇچتا سوقۇپ بېرەي.

— بۇ ئىككىسىگە قانچە پۇل بەرسەم بولىدۇ؟

— تالاشمايمەن، گەپنىڭ راستى بەش سەر تەڭگە بەرسىلە بولىدۇ.

— دېگىنىڭىزچە بولسۇن، بەش سەر تەڭگە بېرەي، ئەگەر ياخشى سوقۇپ بەرسىڭىز ئۇستىلەپ سۆيۈنچە بېرىمەن.

ئۇستام تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— پىچىر سوقتۇم ئەمىسە.

— يەنە ئازراق ئۇششاق تەڭگىلىرىم قاپتۇ، يۇرۇڭ بىرئاز ئىچىشەيلى، — دېدى لۇ جىشېن.

— جوۋۇمىسىلىمۇ بولىدۇ سوپۇم، بۇيرۇغانلىرىنى تېزرەك چىقىرىپ بېرەي، ئۆزلىرىگە جور بولالمايمەن، — دېدى تۆمۈرچى ئۇستا.

لۇ جىشېن تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ، يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەم ماڭغاندىن كېيىن لەمپىسىدىن مەيخانا تاختىسىنى چىقىرىپ قويغان بىر ئۆينى كۆردى. ئۇ مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى ۋە ئولتۇرۇپ: «مەي !» دەپ شىرەنى چەكتى.

— كەچۈرسىلە سوپۇم، — دېدى مەيپۇرۇش، — پىچىر ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي ئىبادەتخانىنىڭ ئۆيى، دەسمايەمۇ ئىبادەتخانىنىڭ. كالانىمىزدىن يارلىق بار، ئەگەر ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارغا مەي سېتىپ قويىدىغان بولساق، دەسمايىمىزنى تارتىۋالىدۇ، ئۆيدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، بىزدىن يامانلىمىسىلا سوپۇم، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— چالتاي - پالتاينى قويۇپ ماڭا بىرئاز سېتىپ بېرىڭ، سىزنى سېتىپ بەردى دېمەيمەن، — دېدى لۇ جىشېن.

— كەلسە - كەلمەس سېتىپ بېرىۋەرسەم بولمايدۇ، باشقا

يەردىن تېپىپ ئىچسىلە سوپۇم، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن.
لۇ جىشېن نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپ:
— باشقا يەردىن مەي تېپىپ ئىچىپ، ئاندىن سەن بىلەن گەپلىشىمەن، — دېدى ـ دە، مەيخانىدىن چىقىپ، بىرنەچچە قەدەم نېرىراقتىكى يەنە بىر مەيخانىغا باردى، مەيخانىنىڭ ئىشىكىدىن تۇپتوغرا كوچىغا قارىتىپ بىر تۇغ چىقىرىپ قويۇلغانىدى. لۇ جىشېن ئۇدۇل كىرىپ ئولتۇردى ـ دە، ۋارقىرىدى:
— ئۇستام، مەي ـ پىيىڭىز بولسا ئەكېلىڭ.
— ھېچبىر ئىشنى بىلمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىدىلىغۇ سوپۇم، كالانىمىزنىڭ يارلىقىدىن خەۋەرلىرى باردۇ، بۇنداق قىلسىلا قاچىمىزغا توپا چېچىپ قويۇدىلا.
لۇ جىشېن ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ، تۆت ـ بەش قېتىم يېلىنىدى، نەدىكىنى سېتىپ بەرسۇن. لۇ جىشېن ئۇنىڭ سېتىپ بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدى. ئۇدا تۆت ـ بەش مەيخانىغا باردى، ئۇلارمۇ مەي سېتىپ بەرمىدى. «بىر ئامال تاپمىسام مەي ئىچەلمەيدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىنىپ قالدى ۋە كوچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ كەتكەن بىر جايدا، ئىشىك بېشىغا سۈپۈرگە چىقىرىپ قويۇلغان بىر مەيخانىغا كۆزى چۈشتى، لۇ جىشېن يېقىن بېرىپ قارىسا، مەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان كىچىك بىر مەيخانا ئىكەن.

## نەزم

نەچچە يىل بولغان بۇ مەيخانا تۇرار كەنت بېشىدا،
ياپيېشىل ئۆسكەن زىرائەت مايسىسى يول قېشىدا.
كەلسە مېھمان ئولتۇرۇشقا بار ئورۇندۇقلار سىيدام،
ھويلا ئەتراپى تورالغان چىتلىنىپ شاخ ـ شۇمبىدا.

سوكتا ئىشلەنگەن شاراب تولغان ئىدىشقا لىپمۇلىپ،
پەردە تارتىلغان ماتادا ئىشىكىگە ـ شاخچىغا.
قىزىقى شۇ ھەممىدىن، مەيخور جانابلار سۈرىتى،
قوندۇرۇلغان نەقىشلەپ تېزەك سۇۋالغان تېمىغا.

لۇ جىشىن مەيخانىغا كىرىپ پەنجىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ توۋلىدى:

— ئۇستام، يېقىن يولۇچى راھىبقا شارابىڭىزدىن بىر ئاز سېتىپ بېرىڭ.

— نەدىن كېلىشلىرى سوپۇم؟ — دەپ سورىدى مەيپۇرۇش لۇ جىشىنىنىڭ تۇرقىغا قاراپ.

— مەن بىر يولۇچى راھىب. يولدا كېتىۋېتىپ بىر ئاز مەي ئىچكۈم كېلىپ، مەيخانىڭىزغا كىرىپ قالدىم.

— ئەگەر ۋۇتەيشەن ئىبادەتخانىسىدىكى سوپۇملاردىن بولسىلا، مەي سېتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

— ياق، مەن ئۇلاردىن ئەمەس، تېزرەك بولۇڭ دەيمەن، بىر ئاز سېتىپ بېرىڭ، — دېدى لۇ جىشىن.

مەيپۇرۇش لۇ جىشىنىنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ، ئاۋازلىرى باشقىچىلا تۇيۇلغانلىقتىن:

— قانچىلىك كېرەك، سوپۇم؟ — دەپ سورىدى.

— قانچىلىك ـ پانچىلىك سورىماي، ئاپقۇرلاپ ئەكېلىۋېرىڭ.

لۇ جىشىن ئاھازەل بەش ـ ئون ئاپقۇر ئىچكەندىن كېيىن سورىدى:

— گۆش ـ پۆشىڭىز يوقمىدى، بولسا بىرەر تەخسە ئەكېلىڭ.

— بالدۇرراق كەلگەن بولسىلا كالىنىڭ گۆشى بار ئىدى، تۈگەپ كېتىپ قالدى.

شۇ ئارىدا لۇ جىشىنىنىڭ بۇرنىغا بىردىنلا قانداقتۇر گۆشنىڭ بىر خىل مەززىلىك ھىدى كەلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تام تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، قازاندا پۈتۈن بىر ئىتنىڭ گۆشى



www.uyghurkitap.com

قايناۋېتىپتۇ.

قازىنىڭىزدا ئىت گۆشى قايناۋېتىپتىغۇ، نېمىشقا شۇنىڭدىن سېتىپ بەرمەيسىز؟

— مەن سىلىنى سوپى كىشى، ئىت گۆشى يېمەسمىكىن دەپتىمەن، شۇڭا سورىمىغانىدىم.

— تەڭگە دېسىڭىز مانا، — دەپ لۇ جىشېن تەڭگىنى سۇندى، — يېرىمىنى سېتىپ بېرىڭ، يېرىمىنى.

مەيپۇرۇش دەرھال قازاندىكى گۆشنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، بىرئاز توغرالغان سامساق بىلەن لۇ جىشېننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. لۇ جىشېن خۇشاللىقىدىن قولى بىلەن تىتىپ، سامساق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تازا يېگىلى تۇردى، گۆش بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن گۇپۇلدىتىپ يەنە ئون نەچچە ئاپقۇر مەي ئىچىۋەتتى. قانغىنىنى، تويغىنىنى بىلمەي ئىچىۋەردى، يەۋەردى. توختاپ قىلىش دېگەن نەدە. بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان مەيپۇرۇش:

— ئەمدى بولدى قىلسىلا، سوپۇم! — دەۋەتتى.

— ئىچسەم بىكارغا ئىچەتتىممۇ، كارىڭ نېمە؟ — دېدى لۇ جىشېن ئالىيىپ.

— يەنە قانچىلىك ئىچىدىلا ئەمسە؟

— يەنە بىر سوغا ئەكەل.

مەيپۇرۇش يەنە بىر سوغا مەي ئەكەلدى. لۇ جىشېن بۇنىمۇ بىردەمدىلا سۇمۇرۇۋەتتى، ئېشىپ قالغان بىر پاچاق گۆشنى قوينىغا سالدى ـ دە، ئىشىككە ماڭدى، ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ دېدى:

— قالغان تەڭگىگە ئەتە كېلىپ يەنە ئىچىمەن.

ھەيران ـ سەيران بولۇپ ھاڭ قېتىپ قالغان مەيپۇرۇش نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ۋۇتەيشەن تېغىغا چىقىپ كېتىۋاتقان لۇ جىشېننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

لۇ جىشېن تاغنىڭ قاق بېلىدىكى شىپاڭغا يېتىپ چىقىپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن مەينىڭ كۈچى تۇتۇشقا باشلىدى ـ دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ: «مەن خېلىدىن بېرى

چامباشچىلىق قىلماي، پۈت ـ قوللىرىم كىرىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. كۈچۈمنى بىر سىناپ كۆرەي» دەپ ئويلىدى ـ دە، شىپاڭدىن چۈشۈپ ئىككى يېڭىنى تۈرۈۋېلىپ، ئاستىغا ـ ئۈستىگە، ئوڭغا ـ سولغا ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ، كۈچىگە كەلدى ـ دە، دولىسى بىلەن شىپاڭنىڭ تۈۋرۈكىگە شۇنداق ئۈردىكى، ھېلىقى تۈۋرۈك قاراسلاپ سۇنۇپ كەتتى، شىپاڭنىڭ سىڭار يېنىمۇ گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. قوۋۇقچىلا تاغ ئارىسىدىن چىقىۋاتقان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دۆڭگە چىقىپ قارىسا، لۇ جىشېن ئالچاڭلاپ دەسسەپ چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئىككى قوۋۇقچى: «يامان بولدى ! بۇ ئېشەك يەنە مەست بولۇۋاپتۇ، قوۋۇقنى چىڭ تاقىۋالمىساق بولمىدى» دەپ جاۋىلدىشىپ كەتتى. ئىككىسى قوۋۇقنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قاراپ تۇردى، لۇ جىشېن قوۋۇقنىڭ يېنىغا ئىتتىك كېلىپ، قوۋۇقنى ئۇلارنىڭ ئېتىۋالغانلىقىنى بىلىپ، قوۋۇقنى مۇشتۇمى بىلەن خۇددى دۇمباق چالغاندەك ئۇرغىلى تۇردى، ئىككى قوۋۇقچى نەدىكىنى ئېچىپ بەرسۇن. لۇ جىشېن قوۋۇقنى بىر پەس ئۇرۇپ، كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، سول ياقتىكى كۆچتۈڭگۈرنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ: «ھەي مەلئۇن، قوۋۇقنى ئاچتۇرۇپ بەرمەكتە يوق، تېخى مۇشتۇمۇڭنى تۈگۈپ قاراپ تۇرىسىنا، مېنى قورقۇتماقچىمۇ سەن؟! سەندىن قورقۇپ قالمايمەن !» دەپ ۋارقىرىدى ۋە سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ، ھەيكەلنىڭ سالاسۇنىنى بىر تارتتى ـ دە، خۇددى پىياز يۇلغاندەك يۇلۇپ تاشلىدى، ئاندىن قولىغا بىر سۇنۇق كالتەكنى ئېلىپ، ھېلىقى ھەيكەلنىڭ پاچىقىغا راسا ئۇرۇۋىدى، ھەيكەلنىڭ بوياق بىرىلگەن سۇۋاقلىرى شىرىلداپ سويۇلۇپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان قوۋۇقچىلا: «يامان بولدى !» دەپ قورقۇشۇپ، دەرھال ئەھۋالنى راھىب كالانغا مەلۇم قىلىشقا كەتتى. لۇ جىشېن بىر پەس تۇرۇپ، ئارقىغا ئۆرۈلدى ـ دە، ئوڭ ياقتىكى كۆچتۈڭگۈرنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ: «سەن ئەبلەخمۇ ماڭا ھىجىيىپ قاراپ تۇرىسىنا !» دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئوڭ ياقتىكى سۇپىغا سەكرەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ، بۇ ھەيكەلنىڭمۇ پۇتىغا تاياق بىلەن ئىككىنى ئۇردى، شۇ ئەسنادا گۇپۇلدىگەن ئاۋاز چىقىپ كەتتى، بۇ ھەيكەلمۇ سۇپىدىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. لۇ جىشېن كالتەكنى تۇتقان پېتى قاقاھلاپ كۈلۈپ قاراپ تۇردى. ھېلىقى ئىككى قوۋۇقچى بېرىپ راھىب كالانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن كالان ئېيتتى:

— ئۇنىڭغا چېقىلماي ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

شۇ ئارىدا يەنە باش راھىب، نازارەتچى راھىب، غوجىدار راھىب ۋە باشقا ۋەزىپىدار راھىبلار خاناكالانغا كىرىپ، لۇ جىشېن ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى:

— بۇ ئىپلاس مولۇن بۈگۈن يەنە مەست بولۇپ قېلىپ، تاغ قاپتىلىدىكى شىپاگىنىمۇ، قوۋۇق ئالدىدىكى كۈچتۈڭگۈرلەر ھەيكىلىنىمۇ بۇزۇپ چېقىۋېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— قەدىمدىن تارتىپ بۇنداق مەستلەردىن تەڭرىقۇتلارمۇ ئۆزىنى ئايىغانىكەن، مەن قانداق قىلاي؟ نېمە ئامال؟ كۈچتۈڭگۈرلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى چېقىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئاغىسى جاۋ تۆرەمگە ئېيتىپ، يېڭىباشتىن ياساتقۇزايلى. شىپاگىنى ئۆرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىمۇ شۇ كىشى ياستىپ بەرسۇن. لۇ جىشېننى ھازىرچە مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار.

— كۈچتۈڭگۈرلىرىمىز بولسا بارگاھىمىزنىڭ ئۇلۇغ مۆرەببىسى، كەلسە - كەلمەس يەڭگۈشلەشكە بولامدۇ؟ — دېدى راھىبلار.

— ھېلىغۇ كۈچتۈڭگۈر ئىكەن، ئۇلۇغ قەسىردىكى ئۈچ ئالەمنى بىلگۈچى بۇرھانلارنى چېقىۋەتسىمۇ نېمە قىلالايتتۇق، بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى ئايىماقتىن باشقا ئامال يوق. ئۇنىڭ ئاۋۇ كۈندىكى ۋەھشىيلىكىنى كۆرمىدىڭلىمۇ؟ — دېدى كالان.

راھىبلار خاناكالاندىن چىقىپلا:

— تازىمۇ ئەقلى دۆمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان كالان ئىكەنغۇ! ھەي قوۋۇقچى، قوۋۇقنى ئاچماستىن، ئىچىدىن تىڭشاپ تۇر، — دېيىشتى.

لۇ جىشىن قوۋۇقنىڭ تېشىدا تۇرۇپ:

— ھۇ ئاناڭنى ... قوتۇر ئېشەكلەر! ئەگەر مېنى كىرگۈزۈشمەيدىغان بولساڭ، بۇ ئىپلاس ئىبادەتخاناڭلارغا ئوت قويۇۋېتىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

راھىبلار بۇ تىللارنى ئاڭلاپ، ئەگەر بۇ ھايۋانغا قوۋۇقنى ئېچىپ بەرمىسەك، بالانىڭ چوڭىنى تېرىيدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، قوۋۇق باقارغا قوۋۇقنىڭ تاقىقىنى تارتقۇزۇۋەت، بۇ ھايۋان كىرسە كىرىۋەرسۇن، دېيىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوۋۇقچى ئاستا بېرىپ تاقاقنى تارتىۋەتتى - دە، ئۇچقاندەك قېچىپ بېرىپ ئىچكىرىگە مۆكۈۋالدى، راھىبلارمۇ دەرھال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

لۇ جىشىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قوۋۇقنى بىر ئىتتىرىۋىدى، قوۋۇق جالاقىدە ئېچىلىپ كېتىپ پۈتلىشىپ موللاقلاپ چۈشتى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ باش - كۆزىنى سىلىۋېتىپ، راھىبلار ھۇجرىسىغا ئېتىلىپ كىردى، ئۇ يەردىن يەنە ئىبتىكاپخانىغا كىردى، راھىبلار تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار لۇ جىشىننىڭ مىلەڭزىنى قايرىپ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن يەردىن ئۇستۇن قارىيالماي داڭقېتىپ قېلىشتى. لۇ جىشىن سۇپىنىڭ يېنىغا بېرىشىغا كۆڭلى ئاينىدى - دە، غارقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى، راھىبلار بۇ قۇسۇقنىڭ سېسىقىغا چىدىماي «توۋا !» دېيىشىپ بۇرۇنلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى. لۇ جىشىن قۇسۇپ بولۇپ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، پوتىسىنى يېشىپ، يەكتىكىنىڭ باغلىرىنى پاس - پۇس تارتىپ ئۈزۈپ تاشلىدى، ھېلىقى ئىتنىڭ پاچىقى قوينىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ: «بەللى ! قورسىقىم ئەجەبمۇ ئېچىپ تۇراتتى !» دەپ پاچاقنى يەردىن ئېلىپ مالاشلىتىپ يېيىشكە باشلىدى. راھىبلار كۆرۈپ يەڭلىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇۋېلىشتى، ئىككى يېقىدا ئىبتىكاپتا تۇرغان

ئىككى راھىب يىراققا قېچىپ كەتتى. لۇ جىشېن ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېلىقى ئىتنىڭ گۆشىدىن بىر پارچىنى: «سەنمۇ يەپ باقە» دەپ ئۇلارنىڭ بىرىگە تەڭلىدى. بۇ راھىبمۇ ئىككى يېڭى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. لۇ جىشېن: «يېمەمسىنا؟» دەپ پاچاقنى ئاياغتا تۇرغان يەنە بىر راھىبنىڭ ئاغزىغا ئەكىلىپ تىقتى، بۇ راھىب قېچىپ كېتەلمەي سۇپىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىپ تۇراتتى، لۇ جىشېن ئۇنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ تۇرۇپ ئىتنىڭ گۆشىنى ئاغزىغا تىقتى، ئۇدۇلدىكى سۇپىدا ئىبتىكاپتا تۇرغان تۆت - بەش راھىب سەكرەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ھاي بەردى، لۇ جىشېن قولىدىكى گۆشنى تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تاقىر باشلىرىغا كومشىتىپ مۇشت ئاتتى. ئىبتىكاپخانىغا تولغان راھىبلار ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاسقۇدىن جەندىلىرىنى ئاچىقىشقا باشلىدى، بۇ پاتىپاراقچىلىقنى «ئىبتىكاپخانا بويىچە چوڭ قاچ - قاچ» دېيىشكە بولاتتى. باش راھىب ئۇلارنى قانداقمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟

لۇ جىشېن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان پېتى يۇگۇرۇپ چىقتى، راھىبلار پېشايۋاننىڭ ئاستىدىن قېچىپ چىقىشتى. نازارەتچى راھىب بىلەن غوجىدار راھىب بۇ ئەھۋالنى راھىب كالانىغا مەلۇم قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئۆز ئالدىغا بىرمۇنچە ۋەزىپىدار راھىبلارنى چاقىرىپ، مالاي - چاكارلار، خىزمەتكارلار، گېزەكچى، تەختىراۋانكەشلەر بولۇپ ئالاھازەل بىر - ئىككى يۈزچە ئادەمنى توپلاپ، تاياق - توقماقلار كۆتۈرۈشۈپ، باشلىرىغا ياغلىقلىرىنى چىگىشىپ، راھىبلار ھۇجرىسىغا چېپىپ كىرىشتى. لۇ جىشېن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىر ھۆركىرىدى - دە، قولىغا ھېچنېمە ئالماستىن بۇتلار ئالدىدا قويۇلغان تاۋاپ شىرەسىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى سۇندۇرۇپ ئالدى - دە، راھىبلار خانىسىدا ھەممىنى سۈر - توقاي قىلدى.

## نەزم

ۋۇجۇدى غەزەپتىن لاۋۇلداپ ياندى،
گۇلدۇرمامىدەك نەرىلەر سالدى.
ئۇچ گەز گەۋدىسى تولغىنار شىردەك،
پۇركۇلەر تىنىقى پۇرقىراپ دۇتتەك.
جانلارنى قىيىشقا تىپەر يۈرىكى،
چەكچىيىپ، ئوت بولۇپ يانار كۆزلىرى.
دەۋرەپ ئېتىلار ئۇيان ۋە بۇيان،
گويا ئۇ ئوق تېگىپ ئالجىغان قاپلان.
ئالدىغا، كەينىگە ئوقچۇپ يەكمۇيەك،
سەكرەيتتى ھاڭدىن ئوق تەگكەن بۆرىدەك.
تۇسالماس پەيلىدىن خۇدا قۇدرىتى،
بەس كەلمەس كۈچتۈڭگۈر ھەيۋەت ـ غەيرىتى.

لۇ جىشىن ھېلىقى شىرەنىڭ پۈتنى شىددەت بىلەن پىرقىراتقىنىچە راھىبلار خانىسىدىن سۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن راھىبلار قورقۇشۇپ، قوللىرىدىكى كالتەك ـ توقماقلىرىنى سۆرىگىنىچە پېشايۋاننىڭ ئاستىغا بېرىۋېلىشتى. لۇ جىشىن ھېلىقى شىرەنىڭ ئىككى پۈتنى كۆتۈرۈپ ھۇرپىيىپ كەلدى، راھىبلار گۇررىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، لۇ جىشىننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. لۇ جىشىن دەرغەزەپ بولۇپ ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن ساۋاشقا باشلىدى، پەقەت ئىككى توپ راھىبنىڭ توپ بېشىدا تۇرغانلىرىلا ساق قالدى. لۇ جىشىن تۇپتوغرا تىلاۋەتخانىغا بېسىپ كىردى. راھىب كالان ۋارقىراپ:

— ھەي لۇ جىشىن، ئەدەپسىزلىك قىلما، راھىبلار، سىلەرمۇ قول ياندۇرماڭلار، — دېدى.

تاياق بەدەنلىرىنى زەخىملەندۈرگەن ئىككى ياقتىكى ئون - يىگىرمە ئادەممۇ راھىب كالاننى كۆرۈپلا كەينىگە يېنىشتى. لۇ جىشېن بۇ ئادەملەرنىڭ كەينىگە يانغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىدىكى شىرەنىڭ پۇتىنى تاشلىدى - دە، راھىب كالانغا قاراپ:

— شەيخ كالانىم، ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىسىلا، — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ئەسنادا لۇ جىشېننىڭ كەيپى قويۇپ بېرىپ، خېلى ھوشىغا كېلىپ قالغانىدى.

— لۇ جىشېن، سەن مېنى خويمۇ تويدۇردۇڭ، — دېدى راھىب كالان، — ئۆتكەن قېتىم بىر مەست بولۇپ ھەممىنى پاراكەندىچىلىككە سالدىڭ، شۇ چاغدا مەن ئاغاڭ جاۋ تۆرىگە ئەھۋالنى يەتكۈزۈۋىدىم، ئۇ كىشى ئالاھىدە خەت يېزىپ ھەممە راھىبلاردىن ئۆزرىخاھلىق سورىغانىدى. ئەمدى بۇ قېتىم يەنە مۇشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئەمرىمەرۇپنى بۇزدۇڭ، شىپاڭنى كۆمتۈرۈۋەتتىڭ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كۇچتۇڭگۇرلەرنىڭ ھەيكەللىرىنىمۇ چېقىۋەتتىڭ. بۇمۇ مەيلى، سەن يەنە راھىبلارنى ئېتىكاپخانىدىن سۈرۈپ پاتىپاراقچىلىققا سالدىڭ، بۇ گۇناھىڭ كىچىك گۇناھ ئەمەس. بىزنىڭ بۇ ۋۇتەيشەن تېغىدىكى مانجۇسىرى ئىبادەتخانىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان نەزىر - چىراغ، تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن تىپتىنچ كېلىۋاتقان بىر پاك جاي تۇرسا، سەندەك بىر پاسىققا قانداقمۇ ئورۇن بەرسۇن؟ ھازىرچە خاناكالاندا مەن بىلەن بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرغىن، ئاندىن سېنى باشقا بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن.

لۇ جىشېن راھىب كالاننىڭ ئارقىسىدىن خاناكالانغا قاراپ ماڭدى. كالان ۋەزىپىدار راھىبلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ھېلىقى قاچقان راھىبلارنى ئېتىكاپخانىغا قايتۇرۇپ، ئۆز ئىبادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇردى. زەخىملەنگەن شەيخلەرنى دەم ئېلىڭلار دەپ قويۇپ بەردى، ئاندىن لۇ جىشېننى خاناكالانغا باشلاپ كىرىپ بىر كېچە قوندۇردى.

ئەتىسى راھىب كالان باش راھىبقا: «ئۇنىڭغا بىر ئاز كۆمۈش پۇل بېرىپ، باشقا بىر ياققا يولغا سېلىۋېتەيلى، ئەمما ئالدى بىلەن چاۋ تۆرەمنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويايلى» دەپ مەسلىھەت بەردى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ ئىككى گېزەكچىنى ئەۋەتتى، گېزەكچىلەر تۇپتوغرا چاۋ تۆرىنىڭ چاڭزىسىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى. چاۋ تۆرە كەلگەن خەتنى كۆرۈپ كۆڭلى لەت بولدى. ئۇ راھىب كالانغا: «بۇزۇۋەتكەن ھەيكەللەر بىلەن شىپاڭنى ئەسلىي قانداق بولسا، شۇنداق ياسىتىپ بېرىمەن، لۇ جىشېننى ئۆزلىرى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلسىلا» دەپ جاۋاب خەت يازدى. راھىب كالان خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇلازىمغا بىر قارا يەكتەك، بىر كىشلىك ئاياغ، ئون سەر كۆمۈش تەڭگە ئەكەلدۈردى، لۇ جىشېننىمۇ چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھوي لۇ جىشېن، سەن ئۆتكەن قېتىم قاتتىق مەست بولۇپ راھىبلار خانىسىنى پاراكەندە قىلدىڭ، ئۇنىڭغا سالاۋات قىلدىم. بۇ قېتىم يەنە شۇنداق قاتتىق مەست بولۇپ كۈچتۆڭگۈرلىرىمىزنىڭ ھەيكەللىرىنى چېقىپ، شىپاڭنى ئۆرۈپ، تىلاۋەتخانا بىلەن ئىبتىكاپخانىنى ئوتتەي - توتتەي قىلىۋەتتىڭ، بۇ گۇناھىڭ كىچىك گۇناھ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبتىكاپتىكى بىرمۇنچە راھىبلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ زەخمىدار قىلىۋەتتىڭ. بۇ يەر بولسا راھىبلارنىڭ پاك ماكانى، سەن بۇ يەردە يامان ئىشلارنى سادىر قىلدىڭ. سېنىڭ ئۆتكۈزگەن بۇ گۇناھىڭ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ، مەن چاۋ تۆرەمنىڭ يۈزىدىن يەنىلا ساڭا رىئايە قىلىپ، قولۇڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىمەن، مۇشۇ خەتنى كۆتۈرۈپ بارساڭ، ئۆز جېنىڭنى ساقلايدىغان بىر پاناھ جايغا ئۆلىشىسەن. ئەمدى سېنى بۇ جايدا تۇرغۇزۇشنىڭ قىلچە ئورنى قالمىدى. مەن بۈگۈن كېچە كىتاب بېقىپ باقتىم، ساڭا ئۆمرۈڭ بويى ئەسقاتىدىغان تۆت ئايەتنى تەقدىم قىلىمەن.

— كەمىنە ئىنىلىرىنى نەگە يولغا سالىدىلىكىن ئۇستازىم؟ ھېلىقى تۆت ئايەتلىرىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزارمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى لۇ جىشېن.

راھىب كالان ئايەتنى ئوقۇپ، لۇ جىشېنغا بارىدىغان جايىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەيىۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئاموخاس! بۇ ئايەتلەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن لۇ جىشېن گۈرزىسىنى زوق بىلەن ئوينىتىپ، ئالەمدىكى باتۇر - ئەزىمەتلەر بىلەن تۇتۇشىدۇ. قىلىچىنى قەھرى بىلەن كۆتۈرۈپ، جاھاندىكى ئاسىي ۋە پاسىقلارنى چاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىمال ئىقلىمىدا داڭ چىقىرىدۇ، جەنۇب ئىقلىمدا كامالەت تاپىدۇ. راھىب كالاننىڭ لۇ جىشېنغا زادى قانداق ئايەتلەرنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بەشىنچى باب

## سولتەك زومگەرنىڭ قىز كۆشۈگىگە مەست كىرگەنلىكى گۈلدار شەيخنىڭ شاپتۇللۇقنى مالىماتاڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، راھىب كالان شۇ كۈنى ئېيتتىكى:

— لۇ جىشىن، ئەمدى سىنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىڭ قالمىدى. مېنىڭ كۈنچىقىش ئاستانىدىكى خانلىق مەدرىسىدە مۆتىۋەرلىك قىلىدىغان بىر ئىنىم بار، جىمى يۇرت ئۇنى زەكى مۇدەررىس دېيىشىدۇ. مانا بۇ خەتنى شۇ زاتقا ئاپىرىپ كۆرسەتسەڭ، سېنى ۋەزىپىدار راھىبلارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ، كۆڭلۈڭدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مەن كېچە كىتاب بېقىپ كۆردۈم، ساڭا تۆت ئايەت ئاتا قىلىندى. بۇ ئايەتلەرنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتساڭ، ئۆمرۈڭ بويى جېنىڭغا ئەسقاتىدۇ.

— شۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىساملا، — دەپ ئىلتىجا قىلدى لۇ جىشىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— ئورمانغا يولۇقساڭ غازى بولۇرسەن، تاغقا يولۇقساڭ دۆلەت كۆرۈرسەن، كۆلگە يولۇقساڭ روناق تاپارسەن، دەرياغا يولۇقساڭ شېھىت بولۇرسەن.

لۇ جىشىن بۇ تۆت ئايەتنى ئاڭلاپ كالان ھەزرەتلىرىگە كەينى - كەينىدىن ئېگىلىپ توققۇز تەزىم قىلدى، ئاندىن بوغجۇما، خالتا بەلباغ ۋە قويۇن خالتىلىرىنى ئېلىپ، خەتنى قويىنىغا سېلىپ، راھىب كالان ۋە راھىبلار بىلەن خوشلاشتى - دە، ۋۇتەيشەن تېغىدىن چۈشۈپ توپتوغرا بايىقى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ يېنىدىكى سارايغا كەلدى ۋە شۇ يەردە دەم - ئارامىنى ئالغاچ، ھېلىقى تۆمۈرچى ئۇستامغا بۇيرۇتۇپ قويغان گۇرزىسى بىلەن

قىلىچىنى كۇتۇپ ياتتى. ئىبادەتخانىدا راھىبلاردىن لۇ جىشىڭنىڭ كەتكىنىدىن خۇش بولمىغان بىرمۇ راھىب قالمىدى. راھىب كالان لۇ جىشىڭ چىقمىغۇەتكەن كۇچتۇڭگۇرلەرنىڭ ھەيكەللىرى بىلەن تاغدىكى شىپاڭنى تۇزەشتۇرۇپ تازىلاپ قويۇشنى خىزمەتكار دەرۋىشلەرگە بۇيرۇدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا جاۋ تۆرە بىر ئاز پۇل - مال بىلەن ۋۇتەيشەن تېغىغا كېلىپ، ھېلىقى كۇچتۇڭگۇرلەرنىڭ ھەيكەللىرى بىلەن تاغدىكى شىپاڭنى ئوڭلىتىشقا كىرىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

## غەزەل

چىقتى راھىبلىق ئۆيىدىن كىردى راھىبخانىغا،
تاپتى ھەمراھ - ئۇلپىتىنى، چۈشتى مەردلىك يولىغا.
ھەيۋە ئەيلەپ قىلدى پارە، نى قاراملار باغرىنى،
بۇتقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بەرمىدى تەن دىلىدا.
ئەل ئىچىدە بولدى مەشھۇر «گۇلدار شەيخ» دەپ لەقىمى،
لۇ جىشىڭ دەپ سىڭدى نامى ئەھلى راھىب بابىدا.
كۆڭلى ئىمان تاپسا ئاخىر ساپ كامالەت تاپقۇسى،
يوق ۋە لېكىن ھازىر ئۇنداق شەپە - ئىما تۇرقىدا.

ئەمدى گەپنى لۇ جىشىڭدىن ئاڭلاڭ. لۇ جىشىڭ سارايدا بىرنەچچە كۈن يېتىپ، ھېلىقى بۇيرۇتقان ئىككى نەرسىسى پۈتكەندىن كېيىن قىلىچىغا غىلاپ ياساتتى، گۇرزىسىنى بولسا چىرايلىق قىلىپ سىرلاتقۇزدى. ئاندىن تۆمۈرچى ئۇستىغا يەنە بىر ئاز سۈيۈنچە بېرىپ، بوغجۇمىسىنى ئارتىپ، قىلىچىنى ئېسىپ، گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ، سارايۋەن ۋە تۆمۈرچى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. يول ئۈستىدە ئۇنى كۆرگەنلىكى يولۇچى ئەجەبمۇ پەيلى يامان شەيخ ئىكەنا، دەپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## نەزم

ئۈچىسىدا يېشىل كەڭ قارا يەكتىكى،
ئوراپ تۇرار بېلىنى زەڭگەر بەلبېغى.
غىلىپىدا سۇرلۇك ـ ھەيۋەت ئۈچ چى قىلىچى،
يەلكىسىدە ئوق يىلاندەك تۇرار گۇرزىسى.
شادىپاچاقلىرىغا گوجەي ئورالغان،
باداڭ قورساق ئالدىغا كاشكۇل① ئېسىلغان.
يۈز ـ كۆزىنى تىكەندەك ساقال قاپلىغان،
مەيدىسىنى بېدىدەك قارا تۈك باسقان.
سىياقىدىن گۆش خۇمارلىق چىقىپ تۇرىدۇ،
ئەھلى راھىب ئەمەسلىكى چېنىپ تۇرىدۇ.

ئەمدى لۇ جىشېن ۋۇتەيشەن تېغىدىكى مانجۇسىرى ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، ئاستانىگە قاراپ يول ئالدى، ئۇ يېرىم ئايدىن ئوشۇقراق يول ماڭدى، يوللاردا ئىبادەتخانىلارغا چۈشمەي سارايلاردا قونۇپ، ئاش ـ تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يېدى؛ كوندۇزلىرى مەيخانىلارغا كىرىپ ھاراق ـ شاراب ئىچىپ ماڭدى.

بىر كۈنى كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىكى ياپيېشىل تاغلار ۋە سۈپسۈزۈك سۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ، كەچ كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. كۆردىكى:

تاغلارغا كۆكگۈمدىن يېپىلغان پەردە،
دەرەخنىڭ سايىسى كۆرۈنمەس كۆزگە.
ئەتراپ ياپيېشىل باراقسان ئورمان،
قۇشلار ۋىچىرلاپ شۇ تاغقا ماڭغان.

---

① كاشكۇل ــ راھىبلارنىڭ ئاش ئالىدىغان ياغاچ تاۋىقى.

ئۆرۈكزار ئاۋات مەھەللە ئىچىدە،
ئاقاتتى قوي ـ كالا قوتان ئىچىگە.
ئىس ـ تۇمان نۇرلىنار كەچكى قۇياشتىن،
تاۋلىنار دەريا سۈيى قىزىل شەپەقتىن.
قايتىشار بېلىقچى كېمە ھەيدىشىپ،
پادىچى باللار موزاي مىنىشىپ.

لۇ جىشېن تاغ ـ دەريالارنىڭ چىرايلىق مەنزىرىلىرىنى كۆزىتىپ ھايال قالغاچقا، يول ئاۋۇتمەن دەپ يەنە يېرىم كۈنچە يول ماڭدى، ئەمما بىرەر قونالغۇغا يېتەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئۈستىدە ھەمراھ بولۇپ ماڭىدىغان بىرەر كىشىمۇ يولۇقمىدى، ئەمدى نەگە بېرىپ قونماق كېرەك؟ ئۇ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئارىلاپ يەنە ئوتتۇز ـ قىرىق چاقىرىمچە يول مېڭىپ، بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، يىراقتىن بىر دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىدە چىراغلىرى قىپقىزىل چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر جاڭزا كۆرۈندى، جاڭزىنىڭ ئارقىسىدا قاتمۇقات ئېدىرلار سوزۇلۇپ ياتاتتى، لۇ جىشېن: «ئاشۇ جاڭزىغا بېرىپ قونماقتىن باشقا ئامال يوق» دېدى ـ دە، ئۇدۇل ئاشۇ جاڭزا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، جاڭزىغا يېقىن بېرىپ قارىسا، ئون ـ يىگىرمە ئوتاقچى ئۇياقتىن ـ بۇياققا شاپاشلاپ چېپىشىپ يۈرەتتى، لۇ جىشېن جاڭزىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە گۈرزىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئوتاقچىلار بىلەن سالاملاشتى.

— ھە سوپۇم، كەچ بولغاندا كېلىپ قاپسىزغۇ؟ بۇ يەردە ئىش ـ كۈشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئوتاقچىلاردىن بىرسى.

— بىرەر قونالغۇغا يېتىۋالغۇچە كەچ كىرىپ قالدى، مۇبارەك جاڭزىڭىزلاردا بىرەر كېچە قونۇپ قالسامىكىن دەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ كېتىمەن، — دېدى لۇ جىشېن.

— بۈگۈن كېچە جاڭزىمىزدا مۇھىم بىر ئىش بار، سىزنى

www.uyghurkitap.com

قوندۇرالمايمىز، — دېدى ئوتاقچى.

— بۈگۈن بىر كېچىلا قونۇپ قالسام، ئەتىدىن قالماي چوقۇم يولغا چىقىپ كېتىمەن.

— بۇ يەردىن تېزرەك كېتىڭ سوپۇم، بولمىسا جېنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز! — دېدى ئوتاقچى.

— بەللى! بىر كېچە قونۇپ قالسام نېمە بولاتتى؟ نېمىشقا جېنىمدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن؟

— كېتىڭ دېگەندىكىن كېتىڭ، بولمىسا پۇت ـ قولىڭىزنى باغلاپ مەشەگە تېڭىپ قويىمىز.

— هوي، قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان سەهرالىق! — دېدى لۇ جىشېن غەزەپكە كېلىپ، — مەن سېنى بىرنەرسە دېمىسەم، نېمە ۋەجىدىن مېنى باغلاپ قويىسەن.

ئوتاقچىلارنىڭ بەزىلىرى يامان ئېيتتى، بەزىلىرى ياخشى ئېيتتى.

لۇ جىشېن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق بىر ئۇرماقچى بولۇۋىدى، قورۇدىن بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى، لۇ جىشېن قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئاتمىش ياشلاردىن هالقىغان بىر بوۋاي ئىكەن. بوۋاي هاسىسىغا تايىنىپ كېلىپ ئاچچىقى بىلەن:

— نېمە جېدەل قىلىشىۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئوتاقچىلارغا.

— بىزنى ئۇرمەن دەپ دوق قىلىۋاتىدۇ بۇ سوپى، — دېدى ئوتاقچىلار.

لۇ جىشېن شۇئان ئېيتتىكى:

— پېقىر ۋۇتەيشەن تېغىدىن كەلگەن شەيخ بولىمەن، ئاستانىگە بارماقچىدىم، بىرەر قونالغۇغا يېتىۋالغۇچە كەچ كىرىپ قالدى، جاڭزىدا بىر كېچە قونۇپ قالسامكەن دەپ كەلگەنىدىم، كەلسەم بۇ ئوتاقچى دېگەن بىرنېمىلەر مېنى باغلايمەن دەپ ئۆكتەملىك قىلىۋاتىدۇ.

— هە، ۋۇتەيشەن تېغىدىن كەلگەن راهىب ئىكەنلا ـ دە،

ئۆيگە يۈرسىلە، — دەپ بوۋاي ئۇنى ئۆي تەرەپكە باشلىدى.
لۇ جىشېن بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، تۆر دالانغا كىردى ۋە ھەر ئىككىسى ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى.
— خاپا بولمىسىلا سوپۇم، — دېدى بوۋاي، — ئوتاقچىلار ئۆزلىرىنىڭ خىزىرگاھتىن كەلگەنلىكلىرىنى بىلمەي، ئانچىكىلا بىر ئادەممىكىن دەپ ئويلىغىنى، پېقىر ئەزەلدىن بۇددا مەبۇدلىرىغا، بۇددا كالامىغا، بۇددا راھىبلىرىغا ئىخلاسمەن ئادەم، بۈگۈن كىچە جاڭزىمىزدا مۇھىم بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى بىر كېچە قوندۇرۇپ قېلىشقا يارايمىز، ئەلۋەتتە.
لۇ جىشېن گۈرزىسىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە خوش - خوش ئېيتىپ تەشەككۇر بىلدۈردى.
— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، مۇبارەك جاڭزىڭىزنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىشەرىپى نېمىكىن تەخسىر؟
— پېقىر لىيۇ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، بۇ يېزىنى شاپتۇللۇق دەپ ئاتىشىدۇ، يېزىمىزدىكىلەر پېقىرنى شاپتۇللۇقتىكى لىيۇ غوجام دېيىشىدۇ.
— سوپۇم، ئۆزلىرىنىڭ نامىشەرىپلىرى نېمىكىن؟
— مېنىڭ ئۇستازىم دانىشمەن راھىب كالان بولىدۇ، ئۇ كىشى ماڭا جىشېن دېگەن نامنى ئاتا قىلدى، ئۆزۈم لۇ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، شۇڭا مېنى لۇ جىشېن دەپ ئاتىشىدۇ.
— سوپۇم، ئۆزلىرىگە بىرئاز تائام كەلتۈرسەك دەيمىز، گۆش - يۆش يەمدىلىكىن؟
— پېقىر مەي - شاراب، گۆش - ياغدىن پەرھىز تۇتمىغان، تاماق ئىلغاپمۇ ئولتۇرمايمەن؛ كالا گۆشى بولسۇن، ئىت گۆشى بولسۇن يەۋېرىمەن.
— ئۇنداق بولسا ئوتاقچىلار ئالدى بىلەن بىرئاز مەي - شاراب ۋە گۆش - تائام كەلتۈرسۇن.
ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوتاقچىلار شىرە قويۇپ بىر تەخسە كالا گۆشى، ئۈچ - تۆت خىل كۆك - گېزەك، بىر كىشىلىك چوكا

ئەكېلىپ لۇ جىشىنىڭ ئالدىغا قويدى. لۇ جىشىن خالتا بەلبېغى بىلەن قويۇن خالتىسىنى يېشىپ، باشقىلاتىن ئولتۇردى. ئوتاقچىلاردىن بىرسى بىر چەينەك مەينى ئىسسىتىپ، بىر قەدەھ بىلەن ئەكېلىپ لۇ جىشىنغا قويۇپ بەردى، لۇ جىشىن ئالسىلا ـ باقسىلا دەپ تۇزۇت ـ پۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا، بىردەمدىلا بىر چەينەك مەي بىلەن بىر تەخسە گۆشنى سوقۇۋەتتى، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ليۇ غوجا ھەيران بولۇپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئوتاقچى يەنە بىر ئاز تائام كەلتۈرگەندى، ئۇنىمۇ يەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن داستىخان يىغىشتۇرۇلدى.

— سوپۇم، سىلىگە يان ھۇجرىنى راسلاپ قويدۇق، قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ بۇگۈن كېچە شۇ يەردە قونسىلا، ئەگەر تاشقىرىدا بىرەر ۋاڭ ـ چۇڭ بولۇپ قالسا، ھەرگىز چىقىپ مارىمىسىلا، — دېدى غوجا تاپىلاپ.

— بۈگۈن كېچە مۇبارەك جاڭزىدا نېمە ۋەقە بولماقچى، تەخسىر؟

— سىلىدەك قول بەرگەن ئادەم ئۇچۇن ئاڭلاشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس.

— چىرايىڭىز بەك سۇنۇق تۇرىدىغۇ؟ يا بىرەر مالاللىق كەلتۈرۈپ قويۇۋاتىمەنمۇ؟ ئەتە ئەتىگەندىلا ئۆي ھەققىڭىزنى تولۇق بېرىپ يولغا چىقىپ كېتىمەن.

— ھەي سوپۇم، — دېدى غوجا، — بىزنىڭ ئۆيىمىز ئەزەلدىن راھىب ـ سوپىلارغا خەير ـ ساخاۋەتنى قولدىن بەرمىگەن ئۆي، سىلىگە ئوخشاش بىرەر سوپۇمنى قوندۇرۇپ قىلىش قانچىلىك ئىش ئىدى؛ بۈگۈن كېچە قىزىمنى ياتلىق قىلماقچى، شۇڭغا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ بىئارام بولۇپ ئولتۇرامدىمەن.

لۇ جىشىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدىغان گەپ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان گەپ، بۇ ئىنسانچىلىقتىكى چوڭ ئىش، بەش

ئەركانغا ياتىدىغان رەسىم - يوسۇن، بۇنىڭغا نېمانچە كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلىپ كېتىسىز تەخسىر؟

— سىلىگە قاراڭغۇچىلىق سوپۇم، بۇ توي ئىشى ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس.

لۇ جىشېن يەنە كۇلۇپ:

— غوجام، سىزمۇ تازا ئەخمەق ئىكەنسىز، رازى بولۇشمىغان ئىشنى نېمىدەپ قىلىسىز، ئۇنداق كۆيۈئوغۇلنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— پېقىرنىڭ بار - يوقى بىرلا قىزىم بار ئىدى، ئەمدىلا ئون توققۇزغا كىرگەن. بۇ يەردە شاپتۇللۇق دېگەن بىر تاغ بار، يېقىندىن بۇيان بۇ تاغدا ئىككى ئاتامان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇ تاغدا ئۆز ئالدىغا تۇرا - قاشا بىنا قىلىپ بەش - ئالتە يۈز ئادەمنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ، ھەدەپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى بۇ چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئوغرى - يالغان تۇتىدىغان خان لەشكەرلىرىمۇ بىرنەرسە قىلالمايۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ھە دېسىلا جاڭزىمىزغا سېلىق سېلىپ كېلىدىغان بولدى. بىر قېتىم قىزىمنى كۆرۈپ قېلىپ، بىرسەن دەپ تۇرۇۋالدى ۋە يىگىرمە سەر ئالتۇن، بىر توپ كىمخابنى بەدەل ئورنىدا تاشلاپ كەتتى. بۈگۈن كېچىنى ياخشى كۈن، ياخشى سائەت دەپ تاللاپ، كەچ كىرىشى بىلەنلا توي تارتىپ كەلمەكچى. تاقارىشىپ تۇرۇۋېلىشتىن قورقتۇم، ئاخىر نائىلاج ماقۇل دېدىم. شۇ ۋەجىدىن بىئارام بولۇپ ئولتۇرمايمەنمۇ سوپۇم. سىلىدىن رەنجىۋاتقىنىمىز يوق.

— ھە، مۇنداق دېسىڭىزچۇ غوجام، پېقىر بىر ئامال قىلىپ ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇپ قىزىڭىزنى ئالمايدىغان قىلسام قانداق دەيسىز؟

— ئۇ بولسا قامچىسىدىن قان تامىدىغان بىر ھازازۇل تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ بۇ نىيىتىدىن ياندۇرالايلا؟

— پېقىر ۋۇتەيشەن تېغىدىكى ۋاقتىمدا راھىب كالاندىن

ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇنى ئۆگەنگەنىدىم، تاشتىنمۇ قاتتىق بىر ئادەمنى پەند ـ نەسىھەت بىلەن ئېرىتىۋېتەلەيمەن. بۈگۈن ئاخشام قىزىڭىزنى باشقا بىر جايغا مۆكتۈرۈپ قويۇڭ ـ دە، قىزىڭىزغا تۇتۇپ بەرگەن ھۇجرىغا پېقىرنى كىرگۈزۈپ قويۇڭ، پېقىر كىرىپ ئولتۇرىمەن ـ دە، ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىپ ئۇ جاڭۋانى پەيلىدىن ياندۇرىمەن.

— بۇنىسىغۇ ياخشى، لېكىن يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى سىلىغاندەك بىر ئىش بولارمىكى.

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىپ ئولتۇرىۋېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن.

— خويمۇ ياخشى ئىش بولىدىغان بولدىغۇ ئەمىسە! بەخت ـ تەلىيىم بارغا ئوخشايدۇ. ئاللا ماڭا خىزىر ئەۋەتىپتۇ.

— ئوتاقچىلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى.

— يەنە بىر ئاز يېمەكلىك كەلتۈرسەك قانداق؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشېندىن ليۇ غوجا.

— تائام بولدى، مەيدىن بىر ئاز كەلتۈرۈلسە مەيلى، — دېدى لۇ جىشېن.

— خوپ، خوپ ! — دەپ ليۇ غوجا ئوتاقچىلاردىن بىرىنى چاقىردى، بىر ئوتاقچى شۇ زامان پىشۇرۇلغان پۈتۈن بىر غازنىڭ گۆشى بىلەن چوڭ بىر ئاپقۇرغا لىق تولدۇرۇپ مەي ئېلىپ كىردى. لۇ جىشېن ئولتۇرۇپ يەنە ئىچتى. ئىچە ـ ئىچە يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئاپقۇر مەينى تۈگىتىۋەتتى، ھېلىقى پۈتۈن غازنىڭ گۆشىنىمۇ سوقۇۋەتتى، ئاندىن ئوتاقچىغا بوغچىمىسىنى تۇتقۇزۇپ، بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى جېكىلىدى ۋە گۈرزىسى بىلەن قىلىچىنى ئېلىپ تۇرۇپ ليۇ غوجىدىن:

— غوجام، قىزىڭىزنى مۆكتۈرۈپ قويدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، قىزىمنى يېنىمىزدىكى بىر قوشنا جاڭزىغا ئەۋەتتىم، — دېدى غوجا.

— ئۇنداق بولسا پېقىرنى قىزىڭىزنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىڭ، — دېدى.
— مانا مۇشۇ ھۇجرا، — دەپ كۆرسەتتى بىر ئۆينى ليۇ غوجا لۇ جىشېننى ھۇجرىنىڭ يېنىغا باشلاپ ئاپىرىپ.
— ئەمدى چىقىپ ئۆزۈڭلارنى جايلاشتۇرۇڭلار، — دېدى لۇ جىشېن.
ليۇ غوجا ئوتاقچىلار بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ، داستىخان راسلاپ، ئاش - تائام ۋە مەي - شاراب تەييارلاشقا كىرىشتى. لۇ جىشېن ھۇجرىدىكى جوزا - شىرە، ئورۇندۇق - پورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلىدى، قىلىچىنى ئېلىپ تۆشەكنىڭ بېشىغا يۆلەپ قويدى، گۇرزىسىنى تۆشەككە يۆلەپ قويدى؛ كۆشۈگىنى تارتىپ چۈشۈرۈۋەتتى، ئۆزى قىپيالىڭاچ بولۇپ تۆشەككە چىقىپ ئولتۇردى.
كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىپ قالدى، ليۇ غوجا ئوتاقچىلارنى بۇيرۇپ، پانۇس - چىراغلارنى ياقتۇرۇپ، قورۇنىڭ ئالدى - كەينىگە ئاستۇردى؛ خامانغا بىر شىرەنى قويدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆجە - شاملارنى ياقتۇرۇپ قويدى. چوڭ لېگەنلەرگە گۆش، يوغان چەينەكلەرگە لىق تولدۇرۇپ مەي تەييارلاتتى. ئالاھازەل ئەلياتقۇ مەھەلدە تاغ تەرەپتىن داقا - دۇمباقنىڭ ئاۋازى يېتىپ كەلدى. ليۇ غوجىنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى، ئوتاقچىلار دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاراپ تۇردى، قارىسا جاھاننى كۆپكۆندۈزدىكىدەك يورۇتۇپ پالىلداپ كۆيۈپ تۇرغان قىرىق - ئەللىك ئوتقاشنى كۆتۈرۈپ، بىر توپ ئاتلىق ئادەم جاڭزىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىشىپ كېلىۋاتاتتى.

## نەزم

تۇمان قاپلىغان ئورمانلىق تاغدىن،
بىر توپ ئالۋاستى سوكۇلداپ كېلەر؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇتەك ئىچىدە ئورمان يېنىدا،
سەپراس بولۇشتى ئاچ گېزەندىلەر.
بېشىغا قىزىل ياغلىق چىگىشىپ،
ئۈستىگە قىزىل لىباس يېپىنغان.
كېلەتتى ئۇلار ئاتقا مىنىشىپ،
تەلەتى ياۋۇز، پەيلى بەك يامان.
چاپارمەنلەرنىڭ نەيزە قولىدا،
قانخور ئالۋاستى تۇرار ئوتتۇرىدا؛
بۇ دوزىخنى قىلار ھىمايە،
بىر توپ چوماقچى بولۇپ پەرۋانە.
يالماۋۇز كۈتەر تۆشەكتە يېتىپ،
تاغدىكى يولۋاس توختىدى كېلىپ.

لىيۇ غوجا بۇلارنى كۆرۈپ، ئوتاقچىلارغا دەرۋازىنى ئاچتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىپ چىقتى. چىقىپ قارىسا، ئالىيېشىل تاۋار ــ دۇردۇنلاردا چىگمەك باغلىغان، ۋاللىداپ تۇرغان نەيزە ــ قىلىچلارنى ئېسىشقان، تۇغ ــ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەم دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سانجاق ــ سانجاق بولۇپ تۇرۇشقاندى. چاپارمەنلەر باشلىرىغا چىگكەن ياغلىقلىرىنىڭ يانلىرىغا ياۋا چېچەكلەرنى قىستۇرۇۋېلىشقانىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۆت ــ بەش جۈپ قىزىل پانۇسنىڭ شولىسى ئات ئۈستىدە تۇرغان ئاتامانغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق جابدۇنغانىدى.

## نەزم

قۇلاق ئايرىپ چىگىلگەن قىزىل لۆڭگە بېشىغا،
قىستۇرغان تاۋارگۈل قۇلىقىنىڭ قېشىغا.
يېشىل لىباس كىيگىنى كالۋۇتون بېسىلغان،

زىننەت قىلىپ بويىغا مەخمەل جىيەك تۇتۇلغان.
سۆلەت قىلىپ بېلىگە قىزىل پوتا باغلىغان،
پوتىسىغا زەربابتا چەندازىمۇ ئېسىلغان.
ئايىغىدا كۆن ئۆتۈك، بۇلۇت گۈللۈك ئاپقۇتى،
تۇكى يۆگىمەچ ئارغىماق ئاستىدىكى بوز ئېتى.

ئاتامان قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، چاپارمەنلەر ئاتامانىنى مۇبارەكلەپ: «پار - پار كۈلا كىيىپسىز، بۈگۈن كېچە يىگىتسىز؛ تار كىيىملەر كىيگەن قىز، كەچتە مېھمان بولۇرسىز» دەپ تەڭلا ۋارقىراشتى. لىيۇ غوجا كاسا چەينەك سېلىنغان بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ پايپاسلاپ ئاتامانىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۆز قولى بىلەن بىر كاسا مەي قۇيۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاتامانغا تۇتتى. ئوتاقچىلارمۇ تەڭلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. ئاتامان لىيۇ غوجىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە:

— سىز بولسىڭىز ماڭا قېيىنئاتا بولۇپ قالدىڭىز، نېمىشقا مېنىڭ ئايىغىمغا يىقىلىسىز؟ — دېدى.

— يوقسۇ، پېقىر بولسام ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىلىرىدىكى بىر پۇقرامەن، — دېدى لىيۇ غوجا.

بۇ چاغدا خېلىلا مەست بولۇپ قالغان ئاتامان قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— مەنچىلىك كۈيئوغۇلغا ئۇلاشقىنىڭىزغا خۇش بولۇۋاتىدىغانسىز - ھە؟ قىزىڭىزغا ھەرقانچە لايىق چىقسا مەنچىلىك لايىق چىقار، — دېدى.

لىيۇ غوجا ئاتامانغا ھاردۇق شارابىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى باشلاپ خامانغا ئەكەلدى. ئاتامان شىرەنىڭ ئۈستىدىكى يېقىپ قويۇلغان كۆجە - ئىسرىق، شام چىراغلارنى كۆرگەندىن كېيىن:

— نېمىشقا مۇنچىۋالا داغدۇغا قىلىۋەتتىڭىز ئاتا؟ — دەپ

www.uyghurkitap.com

سورىدى ـ دە، بۇ يەردىمۇ ئۈچ قەدەم كۆتۈرۈۋەتتى؛ ئاندىن كېيىن پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە چاپارمەنلەرنى بۇيرۇپ ئېتىنى سۆگەتكە باغلىتىپ قويدى. چاپارمەنلەر ئەمدى داقا ـ دۇمباقلىرىنى پېشايۋاننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ چالغىلى تۇردى. ئاتامان پېشايۋان ئاستىدا ئولتۇردى ۋە غوجىغا قاراپ:

— ئاتا، رەپىقەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزلىرىدىن تارتىنىپ ئالدىلىرىغا چىقالمىدى بېگىم، — دېدى غوجا.

— قېنى، مەيدىن كەلتۈرۈڭلار، ئاتامغا ئۆز قولۇم بىلەن ھۆرمەت شارابى تۇتاي، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ ئاتامان ۋە ئۆز قولى بىلەن بىر قەدەھ مەي تۇتقان ھالدا:

— ئاۋۋال رەپىقەم بىلەن كۆرۈشەي، ئاندىن كېيىن يەنە ئىچىشەرمىز، — دېدى.

ليۇ غوجا ھېلىقى سوپۇم بىر ئامال قىلىدۇ دەپ ئويلاپ:

— بېگىم، قىزىمنىڭ قېشىغا ئۆزۈم باشلاپ كىرەي، — دېدى ۋە قولىغا شام چىراغنى ئېلىپ، ئاتاماننى باشلاپ، دەرپەردىنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن تويتوغرا قىز ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ھۇجرىنى كۆرسىتىپ، — ھۇجرىلىرى مانا بېگىم، ئىلتىپات قىلسىلا، — دېدى ـ دە، شام چىراغنى كۆتۈرۈپ، ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى ۋە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىگەن ليۇ غوجا ئاۋۋال قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى.

ھېلىقى ئاتامان ئىشىكنى ئاچتى، قارىسا ھۇجرىنىڭ ئىچى خۇددى بىر قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇچىلىق ئىدى.

— ئاتامنى قاراڭ، شۇنداق دۆلەتمەن ئادەم تۇرۇقلۇق، ھۇجرىغا بىرەر چىراغنىمۇ يېقىپ قويماي، رەپىقەمنى قاپقاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويغىنىنى، ئەتىلا تۇرايىمىزدىن ياخشى ياغدىن بىر سوغا ئەكەلدۇرۇپ بەرسەم بولغۇدەك، — دېدى

ئاتامان.

كۆشۈكە ئىچىدە ئولتۇرغان لۇ جىشېننىڭ كۆلكىسى قىستاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇن چىقماي جىم ئولتۇراتتى.

ئاتامان تىمىسقىلاپ يۇرۇپ ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن:

— خېنىم، قېنى ئۆزلىرى، — دەپ قىچقىردى، — نېمىشقا ئالدىمغا چىقمايدىلا؟ ھەرگىز تارتىنمىسىلا، ئۆزلىرىنى ئەتىلا تۇرايىمىزغا ئاتامان خېنىم قىلىپ قويىمەن.

ئاتامان خېنىم دەپ چاقىرغاچ، ئۇياق - بۇياقنى سىلاپ - سىيپىۋىدى، قولىغا كۆشۈكە ئۇرۇندى، ئۇنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ ئۇيەر - بۇيەرنى سىلىدى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قولى دەل لۇ جىشېننىڭ قورسىقىغا بېرىپ تەگدى، لۇ جىشېن كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بېشىدىن تۇتتى - دە، بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن قوشۇپ تارتىپ چىقىپ تۆشەكنىڭ ئۇستىگە باستى. ئاتامان تىرمىشىپ باقتى. لۇ جىشېن ئوڭ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، «ھۇ ئاناڭنى !» دەپ تىللىدى - دە، قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە كەلتۇرۇپ راسا بىرنى سالدى.

— كۈيۈيگىنى نېمىدەپ ئۇرىسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئاتامان.

— كېلە ئوغرى، خوتۇنۇڭنى بىر تونۇتۇپ قوياي ! — دەپ ۋارقىرىدى لۇ جىشېن ۋە ئۇنى تۆشەكنىڭ يېنىغا سۆرەپ چۈشۈپ دەسسەپ - يانجىپ، راسا دۇمبالىغىلى تۇردى، مۇشت - تېپىككە چىدىمىغان ئاتامان ۋايجانلاپ ۋارقىرىدى.

ھازىر ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ بىلەن ئاتاماننى سوۋۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئالاقزادىلىكتە تۇرغان غوجا ھۇجرىدىن چىقىۋاتقان ۋايجان - ۋايىيەينى ئاڭلاپ، شۇ ئاندىلا شام - چىراغنى كۆتۇرۇپ، بىرنەچچە چاپارمەن بىلەن بىللە دۈپۈرلەپ ھۇجرىغا بېسىپ كىردى، كىرىپ قارىسا قىپيالىڭاچ بولۇۋالغان توپاقتەك بىر شەيخ ھېلىقى ئاتامانغا مىنىۋېلىپ، ئۇنى راسا دۇمبالاۋېتىپتۇ.

— كېلىش بۇياققا، نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن بېگىمنى

www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزۇۋشماي ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى چاپارمەنلەرنىڭ باشلامچىسى، چاپارمەنلەر تاياق ـ توقماق، نەيزە ـ چوماقلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. لۇ جىشىن شۇنداق بىر قاراپ، ئاتامانىنى تاشلىدى ـ دە، تۆشەككە يۆلەپ قويغان گۇرزىسىنى ئېلىپ، چاپارمەنلەرنى سۈرۈپ چىقىپ كەتتى. چاپارمەنلەر بۇ دەھشەتتىن قورقۇپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قېچىشتى. ليۇ غوجا ئاللا ـ توۋا سالغىلى تۇردى. بۇ پاتىپاراقچىلىقنى غەنىيمەت بىلگەن ئاتامان ھۇجرىدىن ئۆمىلىگەن پېتى چىقىپ، دەرۋازىنىڭ قېشىغا باردى ۋە سۆگەتكە باغلاپ قويۇلغان ئېتىنى تېپىپ، سۆگەتتىن بىر تال چىۋىقنى سۇندۇرۇۋالدى ـ دە، ئاتقا سەكرەپ چىقىپ چىۋىق بىلەن ساۋىغىلى تۇردى، ئات ئورنىدىلا چىچاڭشىپ زادىلا ماڭالمىدى: «يامان بولدى! مېنى ئەمدى مۇشۇ ئاتمۇ بوزەك تېپىۋاتىدۇ يا !» دەپ بوغۇلدى ئاتامان. سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئات تېخى باغلاقلىق تۇرغان، ئالدىراشچىلىقتا چۇلۋۇرىنىمۇ يەشمەپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن چۇلۋۇرىنى بىر تارتتى ـ دە، ئۈزۈپ تاشلاپ، ئېتىغا مىنىپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا:

ـــ ھوي قېرى ھاراملىق، قاراپ تۇر، مەندىن قانات چىقىرىپمۇ قۇتۇلالمايسەن ! ـــ دەپ ليۇ غوجىنى راسا بىر تىللىۋېتىپ، ئېتىغا يەنە ئىككى چىۋىق سالدى ۋە تاغقا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ چىقىپ كەتتى.

ـــ سويۇم، ئەمدى پۈتۈن ئۆيۋاقىمىزغا بالا تېرىپ بېرىدىغان بولدىلا، ـــ دەپ ئۆكۈندى ليۇ غوجا لۇ جىشىننى تۇتۇۋېلىپ.

ـــ ئەيىبكە بۇيرۇماڭ غوجا! ئاۋۋال مېنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى ئاچىقتۇرۇپ بېرىڭ، كىيىۋېلىپ ئاندىن گەپلىشەيلى، ـــ دېدى لۇ جىشىن.

ئوتاقچىلاردىن بىرى ھۇجرىدىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئاچىقىپ بەردى، ئۇ ئولتۇرۇپ كىيدى. غوجا ئېيتتىكى:

ـــ ئەسلىدە مەن ئوقۇپ سوۋۇتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، كىم بىلسۇن، ئۇنى ئۇرۇپ ـ مۇشتلاپ

دۇمبالاشلىرىنى، ئۇ چوقۇم تۇراسىغا قايتىپ بېرىپ، قاراقچى لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى.

— قورقماڭ غوجا، پېقىر شۇنى ئېيتايكى، مەن باشقا كىشى ئەمەس، دەل ھېلىقى يەنئەن دىيارىدىكى پېشقەدەم باسقاقېيگىمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلەيدىغان باقاۋۇللاردىن بولىمەن. بىر مەخلۇقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈنلا قېچىپ چىقىپ شەيخ بولۇۋالغانىدىم، ھېلىغۇ بۇ مەلئۇن ئىكەن، ئەگەر ئۇلار بىر ـ ئىككى مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كەلسىمۇ تېتىيمەن. ئىشەنمىسەڭلار، قېنى مېنىڭ ماۋۇ گۇرزەمنى كۆتۈرۈپ بېقىڭلار، — دېدى لۇ جىشېن.

ئوتاقچىلار نەدىكىنى كۆتۈرەلىسۇن، لۇ جىشېن گۇرزىسىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى بىر تال يىكەننى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ بىر پىرقىرىتىۋەتتى.

— بۇ يەردىن كېتىپ قالمىسىلا سوپۇم، بىزگە باشپاناھ بولۇپ تۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ يېلىندى غوجا.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، بۇ يەردىن ئۆلسەممۇ كەتمەيمەن.

— سوپۇمغا بىرئاز شاراب كەلتۈرەيلى. ئېغىر مەست بولۇپ قالمىغۇدەك ئىچسىلە، — دېدى غوجا.

— پېقىر بىر سەر ئىچسەم بىر كىشىلىك غەيرەت قوشۇلىدۇ، ئون سەر ئىچسەم ئون كىشىلىك كۈچ قوشۇلىدۇ، — دېدى لۇ جىشېن.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى ئىكەن، مېنىڭ ئۆيۈمدىن گۆش ـ ياغ، مەي ـ شاراب ئۈزۈلمەيدۇ، خالىغانچە يەپ ـ ئىچسىلە سوپۇم، — دېدى غوجا.

ئەمدى گەپنى شاپتۇللۇق تاغدىن ئاڭلايلى. تاغدىكى ئاتامان چوڭ كۆيۈئوغۇل بولۇشقا يېزىغا كەتكەن كىچىك ئاتاماننىڭ نىمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتسەممىكىن دەپ تاغدىكى تۇرادا ئۆز ـ ئۆزى بىلەن كېڭىشىپ ئولتۇراتتى، دەل شۇ چاغدا بىرنەچچە چاپارمەن چىرايلىرى ئۆڭگەن ھالدا ھاسىراپ ـ

ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىشتى ۋە ئاتامان چوڭغا قاراپ:
— يامان بولدى تەخسىر، يامان بولدى ! — دەپ دادلىدى.
— ھە، نېمە ۋەقە، نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىشتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئاتامان چوڭ ئەندىكىپ.
— كىچىك ئاغىمىزنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ ھالىنى قويمىدى، — دېدى چاپارمەنلەر.
ئاتامان چوڭ چۆچۈپ كېتىپ، ئەھۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگۈچە، «كىچىك ئاغىمىز يېتىپ كەلدى» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ئاتامان چوڭ چىقىپ شۇنداق بىر قارىسا، ئاتامان كىچىكنىڭ بېشىدىكى قىزىل ياغلىقىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇستىدىكى يېشىل تونىمۇ يىرتىلىپ تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئاتتىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، ئاتامان چوڭغا قاراپ:
— ھالىمغا يېتىڭ ئاكا، — دېدى يىغلىنىپ.
— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئاتامان چوڭ.
— كەمىنە ئىنىڭىز تاغدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ھېلىقى قىرىنىڭ جاڭزىسىغا باردىم ـ دە، قىز ھۇجرىسىغا كىردىم. كىرسەم ھېلىقى قىرى هاراملىق قىزىنى باشقا بىر جايغا مۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ. تۇيۇقسىز بىر شەيخنى قىزنىڭ كۆشۈگىسىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. مەن بۇنى ئۇقماستىن كۆشۈگىنى قايرىپ سىلاپ تاشلاپتىمەن، ھېلىقى مەلئۇن كاپ قىلىپ بېشىمدىكى ياغلىقىم بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ تۆشەككە بېسىۋېلىپ بولۇشىغا دۇمبالىغلى تۇردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ ـ يانجىپ ساق يېرىمنى قويمىدى. شۇ ئارىدا مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىز دەپ بىرمۇنچە ئادەم يېتىپ كىردى، بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى مەلئۇن مېنى قويدى ـ دە، گۇرزىسىنى ئېلىپ ئۇلارنى قوغلاپ سۈرۈپ چىقىپ كەتتى؛ شۇ پەيتتە جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ چىقتىم. ئاكا، ئاتىدارچىلىق قىلىپ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بېرىڭ.

— ھە، گەپ بۇنداق ئىكەن ـ دە، ئۆيگە كىرىپ ئارامىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، ئۇ پاخشەكنى ئۆزۈم تۇتۇپ كەلمىسەم ھېساب ئەمەس، — دېدى ئاتامان چوڭ ۋە ئەتراپىغا قاراپ، — ئېتىمنى توقۇپ كېلىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

چاپارمەنلەر چېپىشىپ چىقىپ كەتتى. ئاتامان چوڭ ئېتىغا مىنىپ، نەيزىسىنى ئېلىپ، چاپارمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئەگەشتۈرۈپ، سۈرەن ـ چۇقان بىلەن تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەمدى لۇ جىشېنغا كەلسەك، ئۇ مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئوتاقچىلار «تاغدىكى ئاتامان چوڭ پۈتۈن ئادەملىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى مەلۇم قىلىپ كىرىشتى.

— قورقماڭلار، مەن ئۇرۇپ يىقىتقانلىكى ئادەمنى سىلەر تۇتۇپ باغلاڭلار، يامۇلغا ئاپىرىپ ئىنئام ئالىمىز. قىلىچىمنى ئەكېلىپ بېرىڭلار ماڭا، — دېدى لۇ جىشېن ۋە يەكتىكىنى سېلىۋېتىپ ، كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، قىلىچىنى ئاستى، گۈرزىسىنى ئالدى، ئاندىن گۈسۈلدەپ مېڭىپ خامانغا ئۆتتى. ئاتامان چوڭ ئوتقاشلار ئىچىدە ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە جاڭزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى تىك كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— قېنى سەن قوتۇر ئېشەك؟ ئەر بولساڭ چىق مەيدانغا، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم ! — دەپ ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى.

لۇ جىشېن دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھۇ ئىپلاس، يېغىر ئېشەك، تونۇپ قوي ئاكاڭنى! — دەپ قەھرى بىلەن تىللىدى ۋە گۈرزىسىنى پىرقىرىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردى.

— ھوي، شەيخ، توختا ! ئاۋازىڭدىن تونۇش بىرىنېمىدەك تۇرىسەن، سېنىڭ ئېتىڭ نېمە، قايسى ئۇرۇقتىن بولىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئاتامان چوڭ نەيزىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

— پېقىرنى باشقا كىشىمكىن دەپ قالما، مەن پېشقەدەم

www.uyghurkitap.com

باسقاقبېگىمنىڭ ھۇزۇرىدا باقاۋۇللۇق قىلىدىغان لۇ دا دېگەن مەن بولىمەن، يېقىنقى ۋاقىتلاردا سوپىلىق يولىغا كىرىپ شەيخلىقا قول بەرگەنلىكىمدىن، ئېتىمنى لۇ جىشىن دەپ ئاتىشىدىغان بولدى، — دېدى لۇ جىشىن.

ئاتامان چوڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، نەيزىسىنى چۆرۈۋېتىپ، دەرھال ئېگىلىپ تەزىم بىلەن ئېيتتىكى:

— ئاغا، كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ۋاقىت بولدى، سالامەت تۇرۇپسىز، ئاتامان كىچىككە قولىڭىز تەگكەنلىكى مەلۇم.

لۇ جىشىن : « بۇ نەرسە دوپپامغا جىگدە سېلىۋاتامدۇ نېمە» دەپ ئويلاپ، بىرنەچچە قەدەم ئارقىسىغا يېنىپ، گۈرزىسىنى چۈشۈرۈپ، ئوتقاش يورۇقىدا تازا سەپسېلىپ قارىدى، قارىسا ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم باشقا ئەمەس، دەل ھېلىقى يۇرت ئارىلاپ چامباشچىلىق قىلغاچ دورا ـ دەرمەك سېتىپ يۈرىدىغان، يولۋاس سوقار پالۋان دەپ نامى بار مەشقاۋۇل لى جۇڭ ئىكەن، ئەسلىدە چېرىكلەر ئىچىدە قاراقچىلارنىڭ تەزىمى زىيانلىق دەپ قارالغاچقا، تەزىم دەپ ئاتالماي، سالام بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ. سالام بېرىش پايدا ـ ئامەتتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، لى جۇڭ دەرھال سالام بەردى ۋە لۇ جىشىننى قولتۇقلاپ تۇرۇپ:

— قانداق ۋەجىلەر بىلەن شەيخ بولۇپ قالدىڭىز ئاغا؟ — دەپ سورىدى.

— ئاۋۋال ئىچكىرى كىرىپ ئەھۋاللىشايلى، — دېدى لۇ جىشىن.

لىيۇ غوجا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، «ئاپلا، بۇ سوپۇمۇ بۇ نېمىلەر بىلەن بىر ئىكەن ئەمەسمۇ!» دەپ غەمگە چۈشتى.

لۇ جىشىن ئىچكىرى كىرىپ يەكتىكىنى كىيدى، ئاندىن ھال ـ مۇڭ قىلىش ئۈچۈن لى جۇڭلار بىلەن بىللە مېھمانخانىغا كىردى. لۇ جىشىن تۆردە ئولتۇرۇپ لىيۇ غوجىنى چاقىردى، لىيۇ غوجا ئەيمىنىپ قالدى.

— قورقماڭ غوجا، بۇ كىشىمۇ مېنىڭ بۇرادىرىم بولىدۇ، — دېدى لۇ جىشىن.

بوۋاي ئۇنىڭ بۇرادىرىم بولىدۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ قورقتى ۋە كىرمەي تۇرۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. لى جۇڭ ئوتتۇرىدا، ليۇ غوجا ئاياغتا ئولتۇردى. لۇ جىشىن سۆز باشلاپ ئېيتتى:

— ئىككىڭلارغا سۆزلەپ بەرسەم، پېقىر ۋېيجۇ ئايمىقىدا غەرب غوجىسىنى ئۈچ مۇشت بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، دەيجۇ ئايمىقىنىڭ يەنمېن ناھىيەسىگە قېچىپ كەتتىم. ئۇ يەردە ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويغان جىن بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ بوۋايمۇ كۈنچىقىش ئاستانىگە قايتىپ كېتەلمەي، ئۆزىنىڭ بىر تونۇشى بىلەن بىللە شۇ ناھىيەدە تۇرۇپ قالغانىكەن. بوۋاي قىزىنى شۇ يەردىكى جاۋ تۆرە دەيدىغان بىر بايغا ياتلىق قىپتۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئىززەت - ھۆرمىتىمنى قىلدى. يامۇلدىكىلەر پېقىرنى تۇتماق ئۈچۈن قاتتىق ئىز - دېرىكىمنى قىلىپ كەتكەنلىكتىن، تۆرە پېقىرنى ئۇ يەردىن قاچۇرۇپ، ئۆز يېنىدىن پۇل خەجلەپ، ۋۇتەيشەن تېغىدىكى راھىب كالانىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى، ئۇ يەرگە بېرىپ راھىب بولۇپ قالدىم. پېقىر شۇ يەردە ئىككى قېتىم قاتتىق مەست بولۇپ قېلىپ، راھىبلار خانىسىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەنلىكىمدىن، راھىب كالان مېنى كۈنچىقىش ئاستانىدىكى خانلىق مەدرىسەگە يولغا سېلىپ قويدى، ئۇ يەرگە بېرىپ زەكى مۇدەررىس ھەزرەتلىرىنى تاپساڭ، شۇ كىشى سېنى مەزكۇر مەدرىسەدىكى ۋەزىپىدار راھىبلارنىڭ قاتارىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، دەپ قولۇمغا بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ بەرگەنىدى، يولدا كېتىۋېتىپ كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن، بۇ جاڭزىغا كېلىپ قونۇپ قالدىم، ھەرقايسىڭلار بىلەن بۇنداق دىدار كۆرۈشۈپ قېلىشنى كىم ئويلاپتۇ. ھە راست، ھېلىقى مەن دۇمبالاپ قويغان كىشى كىم بولىدۇ؟ سىزچۇ ئۇكا، قانداق بولۇپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

— كەمىنىڭىز ۋېيجۇدىكى مەيخانىدا جانابىڭىز ھەم شى جىن بىلەن ئۇچىمىز ئولتۇرۇپ تارقىلىشقاندىن كېيىن ئەتىسى جانابىڭىزنىڭ جېن قاسساپنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇپ، شى جىننى ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم، قاياققا كېتىپ قېلىۋىسىدىكىنتاڭ، پېقىر دورغىلارنىڭ بىزنى تۇتۇش ئۇچۇن ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ بەدەر تىكىۋەتتىم، شۇ قاچقىنىمچە مېڭىپ مۇشۇ تاغنىڭ باغرى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ھېلىقى سىزدىن دۇمبا يېگەن كىشىگە دۇچ كېلىپ قالدىم، بۇ كىشى مۇشۇ شاپتۇللۇق تاغقا چىقىۋېلىپ تورا قۇرۇۋالغانىكەن، ھەممە كىشى ئۇنى سۇلتەك زومىگەر جۇتۇڭ دەپ ئاتىشىدىكەن. شۇ چاغدا ئۇ كىشى بىرمۇنچە ئادەمنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ، ئالدىمنى توسىۋېلىپ مەن بىلەن خېلى تۇتۇشتى، ئاخىر مەن ئۇنى يېڭىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پېقىرنى بۇ تاغقا تورا بېشى قىلىپ، بىرىنچى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانا شۇ يەردە غەلىيانچى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، — دېدى لى جۇڭ.

— ئۆزىڭىز بۇ يەردە ھازىر تۇرۇپسىز ئىنى، لىۇ غوجا بىلەن تويلىشىدىغان ئىشنى ئىككىنچى ئاغزىمىزغا ئالمىساق دەيمەن. بۇ بوۋاينىڭ كۆزۈم يۇمۇلغۇچە يېنىمدىن ئاجرىماي ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسا دەپ ئارزۇ قىلىدىغان شۇ بىرلا قىزى بار ئىكەن. ئەگەر سىز ئېلىپ كېتىپ قالسىڭىز، بايقۇش بوۋاي ئىگە - چاقىسىز قالغۇدەك، — دېدى لۇ جىشېن.

لىۇ غوجا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، بىردەمنىڭ ئىچىدە مەي - شاراب، گۆش - تائام راسلاپ، بۇ ئىككىسىنى مېھمان قىلدى. چاپارمەنلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن ھورنان، ئىككى پارچىدىن گۆش، بىر ئاپقۇردىن مەي بەردى، چاپارمەنلەر تويغۇچە يەپ - ئىچتى، لىۇ غوجا ھېلىقى چاي ئىچۈرۈشكە بىرىلگەن ئالتۇن بىلەن بىر توپ

كىمخابنى ئاچىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى. لۇ جىشېن ئېيتتىكى:
— ئىنىم لى جۇڭ، بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تاپشۇرۇۋېلىڭ، بۇ ئىشنى خالاس قىلىش تامامەن سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى.
— بۇنىڭ كارى چاغلىق، ئاۋۋال بىزنىڭ ئەرزىمەس كىچىككىنە تۇرايمىزغا ئىلتىپات قىلىڭ ئاغا، سىزنى بىرنەچچە ۋاق تۇرغۇزۇپ كۈتۈۋالايلى، لىيۇ غوجىمۇ بىرىپ كەلسۇن، — دېدى لى جۇڭ.
لىيۇ غوجا ئوتاقچىلارغا تەختىراۋاننى راسلىتىپ، لۇ جىشېننى ئولتۇرغۇزدى، ئۇنىڭ گۈرزە - قىلىچ ۋە يۈك - تاقلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. لى جۇڭمۇ ئېتىغا مىندى، لىيۇ غوجا كىچىكرەك بىر تەختىراۋانغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى يولغا چىقتى ۋە خېلى ماڭغاندىن كېيىن تاغقا يېتىپ كەلدى. لۇ جىشېن بىلەن لىيۇ غوجا تۇراغا كېلىپلا تەختىراۋاندىن چۈشتى. لى جۇڭمۇ ئاتتىن چۈشۈپ لۇ جىشېننى تۇراغا باشلاپ، مەردلەر سارىيىغا تەكلىپ قىلدى، ئۈچەيلەن سارايغا كىرىپ ئولتۇردى. لى جۇڭ جۇ تۇڭنى چاقىردى. جۇ تۇڭ شەيخنى كۆرۈپ ئاچچىقى بىلەن:
— ئاغا، سىز ماڭا ئىنتىقام ئېلىپ بەرمەكتە يوق، قېرىشقاندەك بۇنى چىللاپ كېلىپ تۆرگە چىقىرىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟! — دېدى.
— ئىنىم، بۇ سوپۇمنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى لى جۇڭ.
— تونۇسام ئۇنىڭدىن تاياق يەمتىم، — دېدى جۇ تۇڭ.
— مەن ئادەتتە سىزگە غەرب غوجىسىنى ئۈچ مۇشت بىلەنلا يەر چىشلىتىپ قويغان، دەپ ئېيتىپ بېرىدىغان هېلىقى سوپۇمنىڭ ئۆزى شۇ، — دېدى لى جۇڭ كۈلۈپ.
جۇتۇڭ بېشىنى بىر سىلىۋېتىپ، ياپىر، دېدى - دە، دەررۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. لۇ جىشېنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ قارامىلىقىمنى، — دېدى.

ئۆچەيلەن ئولتۇراتتى، ليۇ غوجا ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇردى، لۇ جىشىن جۇ تۇڭغا قاراپ دېدىكى:
— ئىنىم جۇ تۇڭ، پېقىر سىزگە ليۇ غوجا بىلەن بولىدىغان توي ئىشى توغرىسىدا شۇنى دېمەكچىمەنكى، بۇ كىشىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، شام چىرىغىنى يورۇتىدىغان شۇ بىرگىنە قىزىدىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىكەنلىكىنى بىلمىسىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇ قىزنى سىز ئېلىۋالسىڭىز، بوۋاينى ئىگە - چاقىسىز قىلىپ قويىسىز ئىنى، بوۋاينى نارازى قىلىپ قويىسىز. پېقىرنىڭ مەسلىھەتىگە كىرسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىپ، باشقا جايدىن ياخشىراق بىر لايىق تاللاڭ. چايغا بەرگەن ئالتۇنىڭىز بىلەن كىمخابىڭىز مانا، قانداق دەيسىز؟
— ئاغىمىزنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمەي كىمنىڭ مەسلىھەتىگە كىرەتتىم، ئەمدى ئۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىش كەمىنە ئىنىڭىزنىڭ ھەددى ئەمەس، — دېدى جۇ تۇڭ.
— ئوغۇل بالا دېگەن ئۆز لەۋزىدىن يانمايدۇ! — دېدى لۇ جىشىن.
جۇ تۇڭ يانىڭ ئوقىنى سۇندۇرۇپ قەسەمياد قىلدى. ليۇ غوجا تەزىم قىلىپ تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ئالتۇن بىلەن كىمخابنى قايتۇرۇپ بېرىپ، تاغدىن چۈشتى - دە، جاڭزىسىغا قاراپ كەتتى.
لى جۇڭ بىلەن جۇ تۇڭ ئات - كالا سويدۇرۇپ، كاتتا زىياپەتلەر راسلاپ، لۇ جىشىننى بىرنەچچە كۈنلەر مېھمان قىلدى ۋە ئۇنى باشلاپ يۇرۇپ تاغنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرسەتتى، دەرۋەقە بۇ تاغ شاپتۇللۇق تاغ دېگەنگە لايىق، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە خەتەرلىك، تۆت ئەتراپى تىك كەتكەن، پەقەت بىرلا يېرىدىن چىققىلى بولىدىغان، ھەممە يېقىنى ئوت - چۆپ قاپلىغان بىر تاغ ئىدى. لۇ جىشىن كۆرۈپ: «ھەقىقەتەن بىر تىلسىمات ئىكەن» دەۋەتتى. ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن

كىيىن لى جۇڭ بىلەن جۇ تۇڭنىڭ نامەرد ۋە بېخىل ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ يەردىن كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئىككىسى شۇنچە يېلىنغان بولسىمۇ، لۇ جىشېن بۇ يەردە قېلىشقا زادى ئۇنىمىدى ۋە:

— پېقىر سوپىلىقتا قول بەرگەن تۇرسام، قانداقمۇ غەلىيانچى بولاي؟ — دەپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ يەردە غەلىيانچى بولۇپ تۇرۇپ قېلىشنى خالىمايدىغاندەك تۇرىسىز ئاغا، ئۇنداق بولسا ئەتە بىز تاغدىن چۈشۈپ بىرئاز بىرنەرسە تېپىپ كېلەيلى، قانچىلىك جايلىيالىساق، ھەممىسىنى سىزگە يوللۇق تۇتايلى، — دېدى لى جۇڭ بىلەن جۇ تۇڭ.

ئەتىسى تاغ تۇرادا چوشقا ـ قويلار سويۇلۇپ، ئۇزىتىش زىياپىتىگە تەييارلىق كۆرۈلدى ۋە شىرەلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدەھلەر قويۇلدى. ھەممە زىياپەتكە ئولتۇرۇپ، ئىچكۈلۈك ئەمدىلا باشلانغان بىر پەيتتە، چاپارمەنلەردىن بىرى: «تاغ باغرىدا ئىككى ھارۋا كېلىۋاتىدۇ، ئۈستىدە ئون نەچچە ئادىمى باردەك تۇرىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىردى.

لى جۇڭ بىلەن جۇ تۇڭ بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، لۇ جىشېننى مەي بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن بىرلا ئادەمنى قالدۇرۇپ، قالغان چاپارمەنلەرنى جەم قىلدى ۋە لۇ جىشېنغا قاراپ:

— ئاغا، مەيگە بېقىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ تۇرغايسىز، بىز ئىككىمىز تاغدىن چۈشۈپ ئانچە ـ مۇنچە ئولجا تېپىپ كېلەيلى، جانابىڭىزغا يوللۇق تۇتارمىز، — دېدى ـ دە، چاپارمەنلەرنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى لۇ جىشېندىن ئىشىتكەيسىز. ئۇ ئىچىدە: «بۇ ئىككى مەخلۇق تولىمۇ پىخسىق نېمىلەردەك تۇرىدۇ، شۇنچىۋالا ئالتۇن ـ كۈمۈشى تۇرۇقلۇق، شۇنىڭدىن بەرمەي، ئولجا تېپىپ كەلگەندىن كېيىن يوللۇق تۇتارمىز دەيدۇ، بۇ قاراپ تۇرۇپ پادىشاھلىق يولىدىكى يولۇچىلارنى قاقشىتىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا

مېنى خۇش قىلماقچى بولغانلىقى ئەمەسمۇ! توختا، بۇ نېمىلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام بولمىغۇدەك» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئىككى چاپارمەننى يېنىغا چاقىرىپ مەي قۇيۇپ بەردى. چاپارمەنلەر بىر ـ ئىككى كاسا ئىچە ـ ئىچمەيلا، لۈجشىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى چاپارمەننى ئىككى مۈشت بىلەنلا تىك چۈشۈردى ۋە پوتىسىنى يېشىپ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ، ئاغزىلىرىغا چىگىنى پومىلاپ تىقىپ قويدى، ئاندىن كېيىن بوغجۇمىسىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى كىرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىپ ، شىرەدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدەھلەرنى دەسسەپ ماكچايتىپ، بوغجۇمىسىغا سالدى؛ راھىب كالان بەرگەن خەتنى بولسا قوينىدىكى ئىجازەتنامە سالىدىغان خالتىسىغا سالدى، قىلىچىنى ئېسىپ، گۈرزىسىنى قولىدا تۇتۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ تۇرادىن چىقتى ـ دە، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئەتراپقا قارىدى، قارىسا، تاغنىڭ ھەممە يېرى چوقچىيىپ تۇرغان تىك يار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن: «تاغنىڭ ئالدىدىن ماڭسام ھېلىقىلارغا ئۇچراپ قېلىشىم مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ ئوت ـ چۆپلۈكتىن دومىلاپ چۈشكىنىم ياخشى» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، ئاۋۋال قىلىچىنى بوغجۇمىسىغا تىقىپ، پەسكە قارىتىپ ئاتتى، ئاندىن گۈرزىسىنىمۇ ئاتتى. ئاخىرىدا ئۆزى پەسكە قاراپ بىر دومىلىدى ـ دە، خۇددى تۇلۇقتەك دومىلاپ، توپتوغرا تاغ تۈۋىگە بېرىپ توختىدى، لېكىن ھېچ يېرى زەخىم يېمىدى.

## غەزەل

كەلدى تىك يار ئالدىغا ـــ قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتەلمەس،
چۈشەيمۇ يا چۈشمەي دەپ تۇردى دەڭسەپ بىر نەپەس.

خۇددى كاۋا ئۈزۈلۈپ چۈشكىنىدەك ساپاقتىن،
ئاتتى ياردىن ئۆزىنى يۇمۇلىنىپ چۈشتى پەس.

لۇ جىشىن تىك ياردىن پەسكە دومىلاپ چۈشكەندىن كېيىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بوغجۇمىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، قىلىچىنى ئېسىپ، گۇرزىسىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئەمدى لى جۈڭ بىلەن جۇ تۇڭغا كەلسەك، ئۇلار تاغدىن چۈشۈپلا ئون نەچچە يولۇچىغا ئۇچراشتى. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا قورال - يارىغى بار ئىدى. لى جۈڭ بىلەن جۇ تۇڭ نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، چاپارمەنلەر قىقاس سالغىنىچە يولۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى ۋە:

— ھەي يولۇچىلار، ئەقلىڭلار بولسا يول ھەققىنى قويۇپ كېتىڭلار! — دەپ ۋارقىراشتى، يولۇچىلارنىڭ بىرى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ لى جۈڭ بىلەن تۇتۇشتى، ئىككىسى ئون نەچچە قېتىم ئېلىشتى، لېكىن ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇ تۇڭ غەزەپ بىلەن ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ، قەھر بىلەن ۋارقىرىدى، چاپارمەنلەرمۇ تەڭلا دۇرۇلدەپ كەلدى، يولۇچىلار تەڭ كېلەلمەي ئارقىغا قاراپ قېچىشتى، قېچىپ ئۈلگۈرەلمىگەنلەردىن يەتتە - سەككىزى قىلىچتا ئۆلدى. لى جۈڭ ۋە جۇ تۇڭلار ھارۋىنى ۋە ھارۋىنىڭ ئىچىدىكى مال - مۈلۈكنى بۇلاپ، زەپەر ناخشىسىنى ياڭرىتىپ ئالدىرىماي يول بېسىپ تاغقا قايتىپ كېلىشتى، ئۇلار تۇراغا كېلىپ شۇنداق بىر قارىسا، ئىككى چاپارمەن شىپاڭنىڭ تۈۋرۈكىدە باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، شىرەدىكى ئالتۇن - كۈمۈش قەدەھلەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. جۇ تۇڭ چاپارمەنلەرنى باغلاقتىن يېشىپ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، لۇ جىشىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. چاپارمەنلەر ئېيتتىكى:

— بىز ئىككىمىزنى ئۇرۇپ يىقىتىپ باغلاپ قويۇپ، قاچا - قومۇچنىڭ ھەممىسىنى ئەكەتتى.

— بۇ پاخشەك ئەسكى بىرنېمىكەن، بىز ئەپلىگۈچە، بۇ بەتبەخت بىزنى ئەپلەپ كېتىپتۇ، ئۆزى نەگە كەتكەندۇ؟ — دېدى جۇ تۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۇنى ئىزدەشكە چۈشتى، ئىزدەپ بېرىپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىسا، ئادەمنىڭ ئايىغى تەگكەن بىر پارچە يەر كۆرۈنۈپتۇ، ئۇنىڭ ئوت - چۆپلىرى يېتىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ جۇ تۇڭ:

— بۇ قوتۇر ئېشەك تازا بىر قاغجالما ئوخشايدۇ! شۇنداق تىك ياردىن دومىلاپ چۈشكىنىنى قارا! — دېدى.

— قوغلاپ بېرىپ رەسۋاسىنى چىقارمايلىمۇ بۇ ئوغرىنىڭ، — دېدى لى جۇڭ.

— بولدىلا، بولدىلا! بۇ ئوغرى ئاللىقاچان ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتتى، قانداق يېتىشكۈلۈك؟ يېتىشۋالغان تەقدىردىمۇ يوقالغان نەرسىلەرنى ئالالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئىش قاملاشماي قالسا، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمىز، كېيىن كۆرۈشمەكمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كۆرە بولدى قىلغىنىمىز ياخشى، كۆرۈشۈپ - تارتىپ قالساقمۇ، ئاسان چۈشىدۇ. ئەمدى بىز ھارۋىدىكى تېڭىقلارنى يېشىپ، ئىچىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئۈچكە بۆلەيلى، ئىككى ئۈلۈشنى ئىككىمىز ئالايلى، بىر ئۈلۈشنى چاپارمەنلەرگە بۆلۈپ بېرەيلى، — دېدى جۇ تۇڭ.

— ھېلىقى نەرسىنى تاغقا مەن باشلاپ چىقىپ، سىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىڭىزگە زىيان سېلىشقا سەۋەبچى بولدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا تېگىشلىك بىر ئۈلۈشنىمۇ سىز ئېلىڭ، — دېدى لى جۇڭ.

— ئاغا، — دېدى جۇ تۇڭ، — مېنىڭ ئۆلۈكۈم - تىرىكىم سىز بىلەن بىللە بولىدۇ، كىچىككىنە بىرنەرسىنى تالىشىپ نېمە قىلاتتىم.

ئېي خالايىق! لى جۇڭ بىلەن جۇ تۇڭ شاپتۇللۇق تاغدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى لۇ جىشېندىن

ئاڭلاڭلار.

لۇ جىشىن شاپتۇللۇق تاغدىن چىقىپ، تېز - تېز دەسسەپ، ئەتىگەن ماڭغان ئادەم پېشىن ۋاقتىغىچە ئالاھازەل ئەللىك - ئاتمىش چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يول ماڭدى، قورسىقى ئېچىپمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يول ئۈستىدە قورساق تويغۇزغۇدەك بىر يەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ: «يول ئاۋۇتمەن دەپ تاماقمۇ يېمەستىن، سەھەر تۇرۇپ مېڭىپتىمەن، ئەمدى نەگە بېرىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلىنىپ، ئۇيان - بۇيان قارىدى. بىردىنلا يىراقتىن قوڭغۇراق - جىلدىرلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، «ئىشىم ئوڭغا تارتتى، شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن بۇ قوڭغۇراق - جىلدىرنىڭ ئاۋازى يا بىرەر راھىبلار ئىبادەتخانىسىدىن، يا بىرەر دەرۋىشلەر ئىبادەتخانىسىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى شۇ ياققا بارايچۇ» دېدى لۇ جىشىن ئۆز - ئۆزىگە. ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! لۇ جىشىن شۇ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە ماڭمىغان بولسا، ئۇ يەردە ئون نەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولمىغان بولاتتى، خاسىيەتلىك تاغدىكى قەدىمىي ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىمىغان بولاتتى! ئالتۇن ئىبادەتخانىدا ئوت يېلىنجىمىغان، مەرمەر ئىبادەتخانىنى تۈتەك باسمىغان بولاتتى. لۇ جىشىنىنىڭ زادى قايسى ئىبادەتخانىلارغا بارغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## ئەجدىھا يىگىتنىڭ قىزىل قارىغايلىقتا يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكى
## لۇ جىشېننىڭ چىنە تاۋۇت بۇتخانىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، لۇ جىشېن بىرنەچچە داۋاننى ئاشقاندىن كېيىن ئالدىدىن چوڭ بىر قارىغايلىق بىلەن بىر تاغ يولى كۆرۈندى. ئۇ ئاشۇ يول بىلەن ئالاھازەل يېرىم چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىدى، قارىسا خارابىلىككە ئايلانغان بىر بۇتخانا كۆرۈندى، بۇتخانىدىكى ئۇششاق جىلدىر - قوڭغۇراقلار شامالدا ئۇچۇپ جىرىڭلاپ تۇراتتى. بۇتخانا قوۋۇقىنىڭ ماڭلىيىغا بىر تاختا بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ تاختايغا ھەل بىلەن «چىنە تاۋۇت بۇتخانىسى» دەپ يېزىپ قويۇلغان چوڭ خەتلەر كونىراپ ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغانلىقتىن، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىن قىرىق - ئەللىك قەدەم مېڭىپ، بىر تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن قارىسا، بۇ سېلىنغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولغان قەدىمىي بۇتخانا ئىكەن. لۇ جىشېن بۇ بۇتخانىنىڭ قوۋۇقىدىن كىرىپ سىنچىلاپ قارىدى، قارىسا، بۇ ئۆز زامانىدا ناھايىتى كاتتا بۇتخانا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر خارابىلىشىپ شۇنداق ۋەيران بولۇپ كەتكەنىكەن.

نەزم

پەشتاقلىرى ئۆرۈلۈپ ۋەيرانە بولغان،

گۈمبەزلىرى يىقىلىپ كۈمپەيكۈم بولغان.
دەرۋازىسى ياپپېشىل مۇخ بىلەن تولغان،
كۈتۈپخانا ئىچىنى چۆپ - گىياھ باسقان.
قىياق - قومۇش بېسىپ كەتكەن ساكىيامۇنى بۇت،
سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ بولۇپتۇ نابۇت.
گويا بۇرۇن چۆل تاغدا ئۆتكەندەك غېرىب،
تۇرار ھازىر ئۇنىڭ كۆركەم ئىسكەتى كېتىپ.
«پەرياد مۇئەككىلى»نىڭ ئۇستىبېشىدىن،
تىكەن - يانتاقلار ئۈنۈپ چىققان يېڭىدىن.
تېرانس - ھىمالايا تېغىدا ئۆتكەندەك مىسكىن،
شۇ تاپ ھالى خارابلىشىپ تۇراتتى غەمكىن.
ئارخات - بۇرھانلار تۈگەل سۇنۇپ - چېقىلغان،
قۇشقاچ - تورغايلار ئۇنى چاڭگا قىلىشقان؛
شاھى ئالەم ساكىيامۇنى قىڭغىيىپ قالغان،
ئاغزىغا ئۆمۈچۈكلەر تور پەردە تارتقان.
ئارخات - بۇرھان باشلىرى نەدىدۇر قالغان،
ئاپەت ئۇنىڭ جىسمىنى پەنجىگە ئالغان؛
قول - بىلەكتىن ئايرىلغان چولاق كۈچتۈڭگۈر،
ئەمدى قانداق جادۇ - ھېكمەت ئەيلىسۇن ئاخىر.
ماكان بولغان ئاشخانا ياۋا توشقانغا،
ئوردا بولغان قىرائەتخانا تۈلكە - چاشقانغا.

لۇ جىشىن بۇتخانىغا كىرىپلا كۈتكۈچى راھىبنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ھۇجرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇنداق قارىسا، ھۇجرىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ دەرۋازىمۇ كۆرۈنمەيتتى، تاملىرى تامامەن ئۆرۈلۈپ، ساق يېرى قالمىغان. لۇ جىشىن: «شۇنچىۋالا چوڭ بۇتخانا قانداقسىغا بۇنداق خاراب بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۇدۇل مېڭىپ خاناكالانىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، خاناكالانىڭ ھەممە يېرى قارلىغاچ پوقى بىلەن

تولۇپ كەتكەن، ئىشىكى قۇلۇپلانغان، قۇلۇپىنىڭ ھەممە يېرىنى ئۆمۈچۈك تورى باغلاپ كەتكەن. لۇ جىشىن گۈرزىسىنى بەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ:

— كەمىنە يولۇچى راھىبقا بىرئاز رىزىق ئاتا قىلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇنچە ۋارقىرىسىمۇ ھېچ يەردىن زۇۋان چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كىلىپ ئاشخانىغا قارىدى، ئاشخانىنىڭ ئوچاقلىرى كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن، قازان ـ قومۇچ دېگەن نەرسە كۆرۈنمەيتتى. لۇ جىشىن بوغجۇمىسىنى ئېلىپ ئاشخانا مۇئەككىلى ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ھەممە يەرنى ئارىلاپ چىقتى، ئاخىر ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر كىچىك ئۆيىنى تاپتى، بۇ ئۆيدە ئورۇقلاپ رەڭگىرويى سارغىيىپ كەتكەن بىرنەچچە قېرى شەيخ دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى. لۇ جىشىن:

— سەنلەر قانداق شەيخ بولۇپ قېلىشتىڭ، قىلچە ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان! شۇنچە چاقىرسام ھە دېيىشمەيسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۈن چىقارماڭ، — دېدى راھىبلارنىڭ بىرى قول چايقاپ.

— مەن يولۇچى راھىبمەن، يەيدىغان بىرنېمەڭلار يوقمۇ، دەپ سورىغانمۇ يامانمىكەن؟ — دېدى لۇ جىشىن.

— ئۆزىمىزمۇ تاماق يېمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى، نەدە سىزگە بېرىدىغان تامىقىمىز بولسۇن؟ — دېدى قېرى شەيخ.

— مەن ۋۇتەيشەن تېغىدىن كەلگەن راھىبمەن، پېقىرغا يېرىم چىنە بولسىمۇ بىرنەرسە بەرسەڭلار ياخشى بولاتتى.

— سىز بوغدا غوجامنىڭ يېنىدىن كەپسىز، ئەلۋەتتە تائام بېرىشىمىز كېرەك ئىدى، بىراق بۇتخانىمىزنىڭ راھىبلىرى ئاللىقاچان تارقاپ كەتكەن، شۇ تاپتا يىگۈچىلىك بىر تالمۇ بىرنەرسە قالمىدى، بىز ئاچ ئولتۇرغىلى ئۈچ كۈن بولدى مانا.

— قۇرۇق گەپ ! شۇنداق چوڭ بىر بۇتخانىدا يەيدىغان نەرسە يوق دېگىنىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟!

— بىزنىڭ بۇتخانىمىز ئۇ قەدەر بېخىل بىر جاي ئەمەس ئىدى. جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن زىيارەت قىلغۇچىلار كېلىپ تۇراتتى، جاھانكەشتىلىك قىلىپ يۈرىدىغان بىر شەيخ قاياقتىندۇر بىر دەرۋىشنى باشلاپ كېلىپ، بۇ يەرنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، بۇتخانىمىزدىكى بارى - يوق ھەممە نەرسىنى نابۇت قىلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، راھىبلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلىۋەتتى. بىز قېرىلار ماڭالمىغانلىقىمىزدىن مۇشۇ يەردە قېلىشقا مەجبۇر بولدۇق، شۇڭا ئاچ ئولتۇرۇپتىمىز.

— بىكار گەپ! بىر شەيخ بىلەن بىر دەرۋىش شۇنچە ئىشلارنى قىلىۋەتسە، يامۇلغا ئەرز قىلماي ئولتۇرۇشتۇڭمۇ؟

— سىز بىلمەيسىز سوپۇم، بۇ يەرگە يامۇل يىراق، ھېلىغۇ يامۇل ئىكەن، خان لەشكەرلىرىمۇ ئۇلارنى بىرنەرسە قىلالمىدى. بۇ ئىككىسى بوش نەرسىلەر ئەمەس ئىكەن، ھەر ئىككىسىلا ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈپ، باسقان يېرىنى كۆيدۈرۈپ - تالاپ يۈرىدىغان بالا - قازا بىرنېمىلەر ئىكەن، شۇ تاپتا ئۇلار خاناكالاننىڭ ئارقىسىدىكى بىر جايغا ئورۇنلىشىۋالدى.

— ئۇلارنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشېن.

— شەيخ دېگىنىمىز سۇي ئۇرۇقىدىن، ئۇنىڭ راھىبلىق نامى داۋ چېڭ، لەقىمى چويۇن بۇرھان ئىكەن؛ دەرۋىش دېگىنىمىز چيۇ ئۇرۇقىدىن، ئاتىسىنىڭ كەنجى ئوغلىمىش، لەقىمى ئۇچار يەكشا① ئىكەن، بۇ ئىككىسىنىڭ راھىبلىققا قول بەرگەندەك تەلەتى يوق، راھىب دېگەن نامنى ئۆزگە قالقان قىلىۋالغان يۇرت كېزەر قاراقچىلاردىن ئىكەن، — دېدى قېرى شەيخلەردىن بىرى.

لۇ جىشېن ئۇ قېرى شەيخلەردىن گەپ سوراۋاتقاندا، بىردىنلا بۇرنىغا بىرنەرسىنىڭ مەززىلىك ھىدى پۇرىغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ

① يەكشا — ئادەمخور، ئالۋاستى دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

قارىدى، قارىسا ئۈستى چىغ تۇۋاق بىلەن يېپىلغان بىر قازاندا پىتىقلاپ بىرنەرسە قايناۋېتىپتۇ. لۇ جىشىن تۇۋاقنى ئېچىپ قارىسا، قازاندا تىرىق كۆجىسى قايناۋېتىپتۇ.

— سەنلەرمۇ شەيخ بولۇپ قېلىشتىڭمۇ؟ لەنەت! ئاچ ئۇلتۇرغىلى ئۈچ كۈن بولدى دېيىشىسىنا! قازاندا قايناۋاتقان نېمە بۇ، راھىبلىقنى قول بەرگەن ئادەممۇ يالغان ئېيتامدىكەن؟ — دەپ تىللىدى لۇ جىشىن.

بۇ قېرى شەيخلەر لۇ جىشىننىڭ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، قازاندا قايناۋاتقان كۆجىنى تېپىۋالغانلىقىنى كۆرۈپلا ئاللا - تۇۋۇغا چۈشۈپ، چىنە - قاچا، چۆمۈچ ۋە قوشۇق - چوكىلارنى بىرىنى قويماي ئاچىقىپ، بىر ياققا يوشۇرۇپ قويىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن لۇ جىشىننىڭ نەپسى تاقىلداپ كەتتى، شۇنداق قارىسا، ئوچاقنىڭ بېشىدا ئۈستىنى توپا بېسىپ كەتكەن بىر ئاشتاختا تۇرۇپتۇ. ئادەم ئالدىرىغاندا ئەقىل كىرىدۇ، دېگەندەك لۇ جىشىن گۈرزىسىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئوچاقنىڭ يېنىدىن بىر تۇتام پاخالنى ئالدى - دە، ئاشتاختىنىڭ ئۈستىدىكى توپا - چاڭنى سۈرتۈۋېتىپ، ئوچاق بېشىدىن قازاننى يۇلۇۋېلىپ، قازاندىكى كۆجىنى ئاشتاختىنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. قېرى شەيخلەر كۆجىنى تالىشىپ ئىچمەكچى بولۇپ گۈررىدە كېلىشۈدى، لۇ جىشىن ئۇلارنى دۆشكەلەپ، بولۇشىغا تەپتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يىقىلغىنى يىقىلدى، قاچقىنى قاچتى. لۇ جىشىن ئاشتاختىدىكى كۆجىنى ئوچۇملاپ يۇتقىلى تۇردى، ئەمدىلا بىرنەچچە ئوچۇم يۇتۇشىغا، قېرى شەيخلەر:

— بىز ئۈچ كۈننىڭ بۇياقى ئاچ ئولتۇرۇپ، ئەمدىلا بىر ئاز تىرىق تېپىپ كېلىپ قايناتىپ ئىچمەكچى بولۇپ تۇرساق، سەن سوقۇلۇپ تۇردۇڭغۇ، — دەپ زارلاندى.

كۆجىنى ئەمدىلا ئالتە - يەتتە ئوچۇم يۇتقان لۇ جىشىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختىۋالدى. شۇ چاغدا تاشقىرىدىن بىرسىنىڭ ھەزىل ناخشىسى ئاڭلاندى. لۇ جىشىن قولىنى يۇيۇۋېتىپ،

گۈرزىسىنى ئالدى ۋە تاشقىرىغا چىقىپ قارىدى، قارىسا، بىر ئەسكى تاملىقنىڭ ئىچىدىن بېشىغا قارا ياغلىق چىگىۋالغان، ئۈستىگە بوز كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە رەڭدار پوتا باغلاپ، پۇتىغا چىگە چورۇق تارتىۋالغان بىر دەرۋىش ئەپكەش كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ ئەپكەشنىڭ بىر يېقىغا قومۇش سېۋەت ئېسىۋالغان، سېۋەتنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە بېلىقنىڭ قۇيرۇقى چىقىپ تۇراتتى ۋە لەيلىگۈل ياپرىقىغا ئورالغان بىر ئاز گۆشمۇ بار ئىدى؛ يەنە بىر يېقىغا بىر كوزا مەي ئېسىلغان بولۇپ، كوزىنىڭ ئاغزى لەيلىگۈل ياپرىقى بىلەن يېپىلغانىدى. ئۇ ئادەم مۇنداق ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى:

> سەن تۇرارسەن ئۇندا، مەن تۇرارمەن بۇندا،
> سەن ئەرەنسىز ئۆتمەكتىسەن، مەن خوتۇنسىز مۇڭدا.
> خوتۇنسىزلىق دەردىدىن ئىچىم پۇشۇپ قاينىسا،
> سەن قانداقمۇ چىدارسەن ئەرەنسىزلىك ئوتىدا.

قېرى شەيخلەر ئۆيدىن پايپاسلاپ چىقتى ۋە قولى بىلەن ئاستاغىنا ئىشارەت قىلىپ:

— ھېلىقى ئۇچار يەكشا چىۋۇ شياۋيى دېگەن دەرۋىش ئەنە شۇ، — دەپ كۆرسەتتى لۇ جىشېنغا ئۇنى.

لۇ جىشېن كۆرۈپ، گۈرزىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ماڭدى. لۇ جىشېننىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن دەرۋىش ئۇدۇل مېڭىپ بايىقى خاناكالاننىڭ ئارقا تېمى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. لۇ جىشېنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ قارىسا، ياپيېشىل بىر تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىر شىرە تۇرۇپتۇ، شىرەنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە تەخسە كۆك ـ گېزەك، ئۈچ قەدەھ، ئۈچ كىشىلىك چوكا قويۇلغانىدى، ئوتتۇرىدا قاشلىرىنى قارا سىر بىلەن سىرلاپ، يۈزلىرىنى قارا سىياھ بىلەن بوياپ قويغانەك

سىمىز، دوغىلاق كەلگەن بىر شەيخ ئولتۇرۇپتۇ. ئالدى ئېچىلىپ تۇرغاچقا، قاپقارا قورسىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يان تەرەپتە ياش بىر چوكان ئولتۇراتتى. ھېلىقى دەرۋىشمۇ يېتىپ كېلىپ، سىپۇتىنى قويۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. لۇ جىشىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى، شەيخ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدى ۋە سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كەلسىلە موللىكا، كەلسىلە، بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىشەيلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى لۇ جىشىننى.

— ئىككىڭلار نېمىشقا بۇ بۇتخانىنى كىرەكتىن چىقىرىشتىڭلار؟ — دەپ سوئال قويدى لۇ جىشىن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ.

— ئاۋۋال ئولتۇرسىلا موللىكا، پېقىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى شەيخ.

— سۆزلە ـ ھە ! سۆزلە ! — دېدى لۇ جىشىن چەكچىيىپ.

— ئەسلىدە بۇ بۇتخانىمىز ياخشى بىر جاي ئىكەن، يەر ـ زېمىنلىرى كەڭرى، راھىبلىرى بەكمۇ كۆپ ئىكەندۇق، ئاۋۇ ئايۋاننىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ياتقان بىرنەچچە قېرى شەيخ ھە دېسىلا مەي ئىچىپ ئەسكىلىك قىلىپ، بۇزۇق خوتۇنلارغا پۇل خەجلەپ، راھىب كالاننىڭ گېپىگە كىرمەي، ھەتتا ئۇ كىشىنى پاتقۇزماي چەتكە قېقىپ، ئاخىر بۇتخانىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتخانا ۋەيران بولۇپ، راھىبلارنىڭ بىرەرسىمۇ قالماي تارقىلىشىپ كېتىپتۇ، بۇتخانىنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى تامامەن سېتىپ خەجلەپ كېتىپتۇ، پېقىر بۇ دەرۋىش بىلەن ئىككىمىز يېڭىدىنلا كېلىپ، بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىمىز، ئەمدى بۇتخانىنى ياساپ ـ رەتلەپ، باشقىدىن ئۇلاپ چىقماقچىمىز.

— بۇ خوتۇن كىمنىڭ خوتۇنى، نېمىشقا سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا مەي ئىچىپ ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشىن.

— ئەرزىمىزنى ئىشىتكەيلا موللىكا، — دېدى شەيخ، — بۇ چوكان ئالدىمىزدىكى كەنتتىكى ۋاڭ يۈجىن دېگەن كىشىنىڭ

قىزى بولىدۇ، بۇ مەزلۇمنىڭ ئاتىسى ئەسلىدە مۇشۇ بۇتخانىنىڭ خەير - ساخاۋەتچىسى ئىكەنمىش، ھازىر دۇنيا - تەئەللۇقاتى تۈگەپ، ناھايىتى خاراب ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۆيىدىكى قوۋم - قېرىنداشلىرىمۇ قالماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرى كېسەل ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن ئاشلىق سوراپ بۇتخانىمىزغا كەپتۇ، پېقىر شۇ خەير - ساخاۋەتچىمىزنىڭ يۈزىدىن بۇ خېنىمنى كۈتۈپ مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن، باشقا غەرىزىم يوق، ھېلىقى قېرى مەخلۇقلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا مۇللىكا.

لۇ جىشېن بۇ شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەيخنىڭ بۇ قەدەر ئېھتىياتچانلىقىنى كۆرۈپ:

— قارا، مېنى ئالدىغىنىنى بۇ قېرىلارنىڭ، — دېدى - دە، گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ھېلىقى ئاشخانىغا قايتىپ باردى. قېرى شەيخلەر كۆجىنى ئەمدىلا يىمەكچى بولۇپ ئولتۇرۇپتىكەن، لۇ جىشېن غەزەپ بىلەن كىرىپ:

— سەن قېرىلار مېنى ئالداپ يالغان ئېيتىشىپسەن، بۇتخانىنى خاراب قىلغانلار سەنلەر ئىكەنسەنغۇ! — دېدى قېرى شەيخلەرگە قولىنى شىلتىپ.

— ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ مۇللىكا، مۇشۇ كەمگىچە بىر خوتۇننى يېنىدا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ قولىڭىزدىكى قىلىچ بىلەن گۇرزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قولىدا قورال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سىز بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنالمىغىنى. ئىشەنمىسىڭىز يەنە بىر بېرىپ قاراپ بېقىڭ، قانداق قىلىدىكىن قېنى. مۇللىكا، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ: ئۇلار مەي دېگەننى ئىچىپ تۇرغان، گۆش دېگەننى يەپ تۇرغان. بىزچۇ، ئۇماچقىمۇ يېتىشەلمەيۋاتىمىز، ھېلىلا ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، سىزدىن كۆجىنى قىزغانغانلىقىمىزنى، — دېدى شەيخلەر ئاغزى - ئاغزىغا تېگىشمەي.

— بۇ گەپلىرىڭلارمۇ توغرا، — دېدى - دە، لۇ جىشېن يەنە گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ خاناكالانىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى،

قارىسا ئۇلار ئىشىكنى ئاللىقاچان تاقىۋېلىشىپتۇ. لۇ جىشېن دەرغەزەپ بولۇپ ئىشىكنى بىر تەپتى ـ دە، غاچ قىلىپ ئېچىۋەتتى ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ قارىدى، قارىسا ھېلىقى چويۇن بۇرھان سۇي داۋچېڭ بىر قىلىچنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خاناكالاننىڭ ئىچىدىن تۇخۇمەك دەرىخنىڭ يېنىدا تۇرغان لۇ جىشېنغا قاراپ ئېتىلىپ چىقىۋېتىپتۇ. لۇ جىشېن بۇنى كۆرۈپ بىر ۋارقىرىدى ـ دە، گۈرزىسىنى چاقپەلەكتەك پىرقىرىتىپ كېلىپ، سۇي داۋچېڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى ئون تۆت ـ ئون بەش قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن سۇي داۋچېڭنىڭ لۇ جىشېننى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، ئۆزىنى قولىدىكى قورالىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ قاچۇرۇپ باقتى، ئاخىر بولمىغاندا قېچىشقا تەمشەلدى. ھېلىقى دەرۋىش ئۇنىڭ تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈن ساپلىق قىلىچتىن بىرنى ئالدى ـ دە، ئارقا تەرەپتىن دېۋەيلەپ ئېتىلىپ كەلدى. تازا ئېلىشىۋاتقان لۇ جىشېن بىردىنلا ئارقىدىن بىر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى ـ يۇ، ئەمما كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقا پېتىنالمىدى. بىردەمدىن كېيىن بىر نەرسىنىڭ سايىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى. بۇنىڭدىن لۇ جىشېن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ پايلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، «ھوپ !» دەپ بىر ۋارقىرىدى. بۇ ۋارقىراشتىن قورقۇپ كەتكەن سۇي داۋچېڭ بېشىغا گۈرزە كېلىپ تېگىۋاتامدىكىن دەپ، سورۇندىن شارت قىلىپ سەكرەپ چىقىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە لۇ جىشېن كەينىگە بۇرۇلغانىدى، ئۈچەيلەن روبىرولىشىپ قالدى. سۇي داۋچېڭ بىلەن چيۇ شياۋيى ئىككىسى بىرلىشىپ، لۇ جىشېن بىلەن يەنە ئون نەچچە قەپەس ئېلىشتى. لۇ جىشېن بىرىنچىدىن، قورسىقى ئاچ بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن، ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنلىكى، ئۈچىنچىدىن، بۇ ئىككى جاڭۋاغا يالغۇز ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەنلىكى ئۈچۈن چاندۇرۇپ قويغاندەك قىلىپ گۈرزىسىنى سۆرەپ قاچتى. ئىككىسى قىلىچلىرىنى

كۆتۇرگەن پېتى قوۋۇق سىرتىغىچە قوغلاپ چىقتى. لۇ جىشېن بۇ يەردە ئۇن قېتىم ئېلىشىپ بېقىپ، ئاخىر بولماي يەنە گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ قاچتى، ئىككىسى تاش كۆۋرۈكنىڭ تۇۋىگىچە قوغلىشىپ بېرىپ، كۆۋرۈكنىڭ شادىسىدا ئولتۇرغىنىچە قېلىشۋەردى.

لۇ جىشېن قېچىپ خېلى يىراق بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن توختىدى ۋە ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋېتىپ: «بوغجۇمامنى ئاشخانا مۇئەككىلىنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا قويۇپ قويغانىدىم، قاچىمەن دەپ ئېلىۋالالمىدىم. يولدا خەجلەيدىغان بىر تىيىنىممۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىممۇ ئاچ، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ قايتىپ بارسام يەنە بايىقى نېمىلەرگە ئۇچرىشىپ قالىمەن، ئۇلار بولسا ئىككىيلەن، مەن بولسام يالغۇز، بىكاردىن ـ بىكارغا جېنىمدىن ئايرىلىپ قالماي» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئالدىغا قاراپ ماڭدى، لېكىن ماڭغۇسى كەلمەي، تارتىنىشىپ ماڭدى. بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، ئالدىدىن ساپ قىزىل قارىغايلار ئۆسۈپ كەتكەن چوڭ بىر ئورمان كۆرۈندى. بۇ شۇنداق ئورمان ئىدى.

## نەزم

شاخ ـ شۇمبىسى ئىرماش ـ چىرماش قارىغايزارلىقى،
گويا سانسىز قىزىل پاچاق ئەجدىھا ئۆزى.
شەمشادلارنىڭ بىرى ئۇزۇن، بىرى بەك قىسقا،
ئوخشار سانسىز قىزىل قاسراق لەھەڭ ـ بېلىقۇا.
كۆز سالسىڭىز يىراقتىن مۇنكىر ـ نەكىرنىڭ —
بۇرۇتلىرى ئالدىڭىزدا بولاتتى ئايان.
كۆز سالسىڭىز يېقىندىن شاياتۇنلارنىڭ —
چاچلىرىدەك كۆرۈنەتتى دەل ـ دەرەخ ئورمان.
گىل سەپكەندەك كۆرۈنەتتى قارىغاي شاخلىرى،
ئۇچلىرىغا چېچىلغان گويا قىزىل قان.

لۇ جىشېن بۇ قارىغايلىققا قاراپ: «ياپىر، نېمىدېگەن سۈرلۈك

ئورمان ـ هه !» دەۋەتتى. ئۇ ئورمانغا قاراۋېتىپ، قارىغايلىقنىڭ ئىچىدىن بىردىنلا ئوغرى مۇشۇكتەك ماراپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى، بۇ ئادەم لەپپىدە بىر قاراۋېتىپ، شارتتىدە بىرنى تۈكۈردى ـ دە، غىپپىدە قىلىپ يوقىلىپ كەتتى. لۇ جىشېن: «بۇ خۇمسى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان قاراقچىدەك تۇرىدۇ، مەشەدە بىرنېمىنى پايلاپ تۇرۇۋاتسا كېرەك. ھەرقاچان ئۇ مېنى بىر شەيخ ئىكەن، ئۇنىڭدىن نېمە چىقاتتى دەپ تۈكۈرۈۋېتىپ كېتىۋاتقىنى. بۇ ئەبلەخ شور پېشانە بولمىسا، ماڭا ئۇچراپ قالارمىدى؟! قورساق كۆپۈكۈمنى چىقىرالماي تۇراتتىم، ئەجەبمۇ ياخشى بولدى، بۇ ئەبلەخنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇۋېلىپ، مەيگە تېگىشىپ ئىچمەيمۇ؟» دېدى ـ دە، گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ قارىغايلىققا قاراپ ئېتىلدى ۋە:

— ھەي ئەبلەخ، چىق تاشقىرىغا ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئورماننىڭ ئىچىدە ئاڭلاپ تۇرغان ھېلىقى جاڭۋامۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— تەلىيىم تەتۈر كېلىپ قالدى دەپ جىم تۇرۇپ بەرسەم، چىشىمغا تېگىۋاتىدا تېخى ! — دېدى ئورماننىڭ ئىچىدىن قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە چاچراپ چىقىپ، — ھوي قوتۇر ئېشەك، مەن سېنى چىللاپ كەلگىنىم يوق، ئۆزۈڭنىڭ ئەجىلىڭ سۆرەپ كەپتۇ.

— ئاكاڭنى تونۇپ قوي، — دەپ بىر ۋارقىرىدى لۇ جىشېن ۋە گۇرزىسىنى كۆتۈردى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇۋەندەك ئېتىلدى.

ھېلىقى ئادەممۇ شەيخ بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ، قىلىچىنى تەڭلەپ ئالدىغا تەمشەلدى ۋە لېكىن: «بۇ شەيخنىڭ ئاۋازى ئەجەب تونۇش تۇرىدۇيا» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— ھەي شەيخ، ئاۋازىڭ ئەجەب تونۇشتەك تۇرىدۇ، ئېتىڭ نېمە سېنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن بىلەن ئۈچ يۈز قېتىم ئېلىشىپ، ئاندىن ئېيتىمەن

ئېتمنى، — دېدى لۇ جىشېن.

ھېلىقى ئادەمنىڭ شۇنداق غەزىپى تۇتتىكى، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، گۇرزىگە قارشى ئېتىلىپ كەلدى. ئىككىسى ئون نەچچە قېتىم ئېلىشتى. ئۇ ئادەم: «ئەجەب قارام شەيخ ئىكەنا بۇ» دېدى ئىچىدە قول قويۇپ، يەنە تۆت - بەش قېتىم ئېلىشىپ:

— سەل تۇرۇپ تۇر، گېپىم بار، — دېدى ئۇ يەنە.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى ئېلىشىشتىن توختىدى. ھېلىقى ئادەم ئېيتتى:

— سىېنىڭ ئېتىڭ زادى نېمە، قايسى ئۇرۇقتىن بولىسەن؟ ئاۋازىڭنى تونۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

لۇ جىشېن ئۆزىنىڭ نام - نەسەبىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم قىلىچىنى تاشلاپ، دەرھال ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— شى جىن دېگەن ئادەمنى تونۇمسىز؟

لۇ جىشېن كۈلۈپ كېتىپ:

— ھە، غوجىزادە شى جىن ئىكەنسىز - دە، — دېدى - دە، ئىككىسى يېڭىباشتىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئورمان ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

— غوجىزادەم، ئىككىمىز ۋېيجۇ ئايمىقىدا ئايرىلىشقاندىن كېيىن نەلەردە بولدىڭىز؟

— مەيخانىدا سىز بىلەن خوشلاشقان كۈنىنىڭ ئەتىسىگىلا جانابىڭىزنى جېن قاسساپنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ قالدىم. تۇتقاۋۇللار پېقىرنىڭ سىز بىلەن بىرلىشىپ ھېلىقى غەزەلچىلىك قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن جىن بوۋاينى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىمىزنى بىلىپ قاپتۇ. شۇڭا، ۋېيجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، ئۇستازىم ۋاڭ جىننى ئىزدە - ئىزدە، توپتوغرا يەنجۇ ئايمىقىغا بېرىپ قالدىم، لېكىن تاپالمىدىم. ئۇ يەردىن يۇقىرى ئاستانىگە قايتىپ، بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ قالدىم، قارىسام يېنىمدا بىر تىيىن پۇل قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرئاز پۇل -

پۇچەكنىڭ يولىنى قىلىپ كېلەي دەپ، مانا بۇ يەردە جانابىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. نېمە سەۋەبلەر بىلەن شەيخ بولۇپ قالدىڭىز ئاغا؟! — دەپ سورىدى شى جىن.

لۇ جىشېن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋەقەلەرنى باشتىن بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. شى جىن:

— ئاغا، قورسىقىڭىز ئاچقان بولسا، مېنىڭ يېنىمدا سوغۇق گۆش قاتلىمىسى بار، — دەپ يېنىدىن قاتلىمىنى ئېلىپ لۇ جىشېنغا تۇتتى، ئاندىن يەنە، — بوغجۇمىڭىز بۇتخانىدا قالغان بولسا، ئىككىمىز بېرىپ ئەكېلەيلى، ئەگەر ئالدۇرغىلى قويمىسا، ھېلىقى ئىككى ئەبلەخنى جايلىۋېتەيلى، — دېدى.

— خوپ، — دېدى لۇ جىشېن.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى قورسىقىنى تويغۇزۇپ، قوراللىرىنى ئېلىپ، يەنە چىنە تاۋۇت بۇتخانىسىغا قايتىپ باردى.

ئىككىسى بۇتخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، سۇي داۋچېڭ بىلەن چيۇ شياۋيى تېخىچىلا ھېلىقى كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپتۇ. لۇ جىشېن ۋارقىرىدى:

— ھەي ئەبلەخ، كەل بۇياققا! ئەمدى سەن بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشىمەن.

— سەن ھېلىلا مات بولغان تۇرساڭ، يەنە قانداقسىغا مەن بىلەن ئېلىشىمەن دەيسەن! — دېدى شەيخ كۈلۈپ.

لۇ جىشېن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، گۇرزىسىنى كۆتۈردى - دە، كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. چويۇن بۇرھانمۇ پوكاندەك قىزىرىپ، قىلىچىنى كۆتۈردى - دە، كۆۋرۈكتىن ئېتىلىپ چۈشتى. لۇ جىشېن ئەمدى بىرىنچىدىن، يېنىدا شى جىن بولغاچقا، يۈرىكى توم ئىدى. ئىككىنچىدىن، قورسىقى توق بولغاچقا، تېخىمۇ جان كىرىپ، كۈچلىنىپ قالغانىدى. ئىككىسى توققۇز قېتىم ئېلىشتى، سۇي داۋچېڭ بارا - بارا ماغدۇرسىزلىنىپ، بولالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قۇيرۇقنى تىكىۋېتىش كويىغا چۈشتى. ئۇچار يەكشا دەرۋىش سۇي

داۋچېڭنىڭ يېڭىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال
قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ياردەملەشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن
شى جىن قارىغايلىقنىڭ ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ، «نەگە
قېچىشماقچى؟!» دەپ ۋارقىرىدى - دە، چىغ قالپىقىنى
قايرىۋېتىپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كېلىپ، چيۇ
شياۋيى بىلەن ئېلىشتى. تۆتەيلەن بىر جۈپتىن بولۇپ تۇتۇشتى.
لۇ جىشېن سۈي داۋچېڭ بىلەن راسا ئېلىشىۋېتىپ، تازا بىر
ئېپىگە كەلگەندە، «ھۇۋ !» دەپ بىر ۋارقىراپ، گۈرزىسى بىلەن
شۇنداق سىلىۋىدى، چويۇن بۇرھان كۆۋرۈكتىن تىك موللاق
چۈشتى. دەرۋىش چيۇ شياۋيى شەيخنىڭ تىك موللاق
چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئەپلىك بىر پەيتنى
تېپىپ بەدەر قاچتى. شۇ ئەسنادا شى جىن:
— نەگە بارىسەن؟ — دەپ بىر ۋارقىرىدى - دە،
يېتىشىۋېلىپ، كەينىدىن يۈرىكىگە ئۇدۇللاپ قىلىچ بىلەن بىر
سېلىۋىدى، دەرۋىش گۈپ قىلىپ بىر يانغا يىقىلىپ چۈشتى. شى
جىن دەسسەپ تۇرۇپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە،
گاچىلدىتىپ كەلگەن يېرىگە تىقىقىلى تۇردى. لۇ جىشېن
كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، سۈي داۋچېڭنىڭ ئارقىسىدىن
گۈرزىسى بىلەن كەلتۈرۈپ يەنە بىرنى سالدى، شۇنداق قىلىپ بۇ
ئىككى قاراقچى چۈشەكىگەندەكلا، ئارمان بىلەن ئۆلدى. «يامانلىق
قىلغان ياخشىلىق كۆرمەس» دېگەن گەپ ئەنە شۇ. لۇ جىشېن
بىلەن شى جىن چيۇ شياۋيى بىلەن سۈي داۋچېڭنىڭ جەسىتىنى
تېڭىپ يارغا تاشلىۋەتتى، ئاندىن بۇ ئىككىسى بۇتخانىغا كىردى.
ئاشخانىدىكى قېرى شەيخلەر لۇ جىشېننىڭ يېڭىلىپ كېتىپ
قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن سۈي داۋچېڭ بىلەن چيۇ
شياۋيى كېلىپ، بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دەپ قورقۇپ، ئېسىلىپ
ئۆلۈۋالغانىدى. لۇ جىشېن بىلەن شى جىن ئۇدۇل مېڭىپ،
خاناكالاننىڭ ئارقا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىسا، ھېلىقى بۇلاپ
كەلگەن خوتۇن ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. شۇ يەردىن

www.uyghurkitap.com

يەنە سەككىز ـ توقـقـۇزچە ئۆيـگە كىردى، ئـەمما بىـرمۇ كىشى كۆرۈنمىدى؛ بوغجۇمىسى ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، ئىچىنى ئاچماپتۇ، لۇ جىشىن بوغجۇمىسىنى ئېلىپ ئۆشنىسىگە ئارتتى. ئاندىن يەنە ئىچكىرىلەپ كىردى، قارىسا بىر كاتىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ ـ تۆت بولاق كىيىم تۇرۇپتۇ، شى جىن بولاقلارنى ئېچىپ قارىسا، ھەممىسىدىن كىيىم ـ كېچەك چىقتى، يەنە بىرئاز ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ چىقتى، ئۇلارنىڭ پۇللۇقلىرىنى بىر ئورام قىلىپ ئوراپ ئۆشنىسىگە ئارتتى. ئاشخانىغا كىرسە، گۆش ۋە مەي تۇرۇپتۇ، ئىككىسى يەپ ـ ئىچىپ تازا تويۇندى، ئوچاق ئالدىدىلا ئىككى تۇتام پاخالنى تۇتاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئارقىدىكى كىچىك ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى، ئوت كۆيۈپ ئىشىك تۈۋىگىچە كەلدى؛ ئاندىن يەنە بىرنەچچە تۇترۇقنى تۇتاشتۇرۇپ، توپتوغرا بۇرھانلار ئايۋىنىنىڭ ئارقا لەمپىسىگە كېلىپ ئوت قويۇۋەتتى. تەلىيىگە يارىشا شامال كۈچلۈك چىقىپ تۇراتتى، ئوت چاراسلاپ كۆيۈپ، تېخىمۇ يېلىنجىغلى تۇردى. لۇ جىشىن بىلەن شى جىن ئىككىسى بىر پەس قاراپ تۇردى، ئوت تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىگە تۇتىشىپ كەتتى. ئىككىيلەن : «قەپەس ئالتۇندىن بولسىمۇ، بۇلبۇلغا ئاشيان بولماس، دېگەن گەپ بار، بۇ يەردىن كەتكىنىمىز ياخشى» دېيىشتى.

ئىككىيلەن يول ئاۋۇتمىز دەپ كېچىچە توختىماي ماڭدى. تاڭ ئاتار چاغدا، يىراقتىن كۆجۈم بىر مەھەللە كۆرۈندى. قارىسا كىچىككىنە بازىرى بار بىر كەنتكە كېلىپ قاپتۇ. ئىككىسى كەنتكە كىرىپ، بىر يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر مەيخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ مۇنداق بىر مەيخانا ئىدى.

### نەزم

شاخچە ئىشىكى قىيا ئېچىقلىق،<br>ماتا مىلەگزە تۇرار ئېسىقلىق.

سۇپا يىنىدا مەيزاپ كۇپلىرى،
تامدا ئەۋلىيا ـ پەرى سۇرىتى.
مەينى كەمچەنلەپ تۇرار بىر بالا،
يۇندىكەش شياڭ رۇغا ئوخشىماس ئەمما؛
ئوچاق بېشىدا بىر ئايال دوڭغاق،
جاۋ ئاغىچىغا ئوخشىماس بىراق.
چوڭ خەتلەر بىلەن بېزەلگەن تاملار،
ئۇنى يازغانمىش كەيپ بىلىمدانلار.
ئاسقۇدا مىسىل يامغۇرلۇق تۇرار،
گۆرۈ قويغانمىش مەست بېلىقچىلار.

لۇ جىشېن بىلەن شى جىن ئىككىسى مەيخانىغا كىرىپ مەي ئىچتى، مەي ئىچىۋېتىپ مەيپۇرۇشقا بىرئاز گۆش ۋە گۇرۇچ ئالدۇرۇپ، ئۆزلىرى تاماق ئېتىپ يېدى. ئىككىيلەن مەي ئىچكەچ، يول ئۈستىدىكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى پاراڭلاشتى. مەي ئىچىلىپ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن لۇ جىشېن شى جىندىن سورىدى:
— سىز نەگە پاناھداپ بېرىشنى ئويلاۋاتىسىز؟
— مەن ئەمدى يەنە شاۋخۇاشەن تېغىغا قايتىپ بېرىپ، جۇ ۋۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلىمەن، ئۇ يەردە بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ، ئاندىن يەنە باشقىچە ئويلىشىپ كۆرمەكچىمەن، — دېدى شى جىن.
— مەنمۇ كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى لۇ جىشېن ۋە شى جىننىڭ گېپىگە قاراپ، بوغجۇمىسىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىرئاز ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ، شى جىنغا بەردى. ئىككىيلەن بوغجۇملىرىنى تېڭىپ، ياراغلىرىنى ئالدى، ئاندىن مەي پۇلىنى تۆلەپ، مەيخانىدىن چىقىپ، كەنتتىن ئايرىلىپ، ئالتە ـ يەتتە يولچە ماڭغاندىن كېيىن ئۈچ يولنىڭ ئاچىلىغا كېلىپ قالدى. لۇ جىشېن ئېيتتىكى:

— ئىنى، ئەمدى ئىككىمىز ئايرىلىشىدىغان بولدۇق، پىقىر كۈنچىقىش ئاستانىگە بارىمەن، سىز ئۆزىتىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. ئەگەر سىز خۇاجۇ ئايمىقىغا بارماقچى بولسىڭىز، مانا مۇشۇ يول بىلەن ماڭسىڭىز بولىدۇ. كېيىن يەنە دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولار، يولى كېلىپ قالسا، خەت - پەت ئەۋەتىشىپ تۇرايلى.

شى جىن بىلەن لۇ جىشېن خوشلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا راۋان بولدى، ئەمدى گەپنى لۇ جىشېندىن ئاڭلاڭ.

لۇ جىشېن كۈنچىقىش ئاستانىگە قاراپ يول ئالغاندىن كېيىن يەنە يەتتە - سەككىز كۈن يول مېڭىپ، ئاستانىنىڭ قارىسىنى كۆردى. شەھەرگە كىرىپ قارىسا، بۇ شۇنداق كاتتا بىر شەھەر ئىدىكى:

رەتمۇرەت كەتكەن ئىشىك - دەرۋازىلىرى بىھېساب،
سىرلىرى قىزىل - يېشىل چاقناپ تۇراتتى يالتىراپ.
كوچىلاردا يۇرىدۇ مىغىلدىشىپ،
نى سەتەڭ، نى نوچىلار ياسىنىشىپ.
قاتمۇقات ئالتۇن قەسىر - مەرمەر ساراي،
راۋىقى ئالىي - ئىپسىل بىللۇر چىراي.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرار ئىشرەتخانا،
ئۇندا جەم داڭدار گۈزەل رەنا - زىبا؛
نەغمە ۋە ساز ئىلكىدە غەزەلخانا،
نازلىنىپ ئېيتار سەتەڭ خۇش كۈي - ناۋا.
باي - بېگىم ئوينار قىمار سورۇن تۈزۈپ،
پۇل بىلەن بايۋەچچىلەر كۆڭۈل ئاچار گۈل كەلتۈرۈپ.

لۇ جىشېن كۈنچىقىش ئاستانىنىڭ ئاۋاتلىقىنى، شەھەرنىڭ ۋاژ - ۋاژ قايناپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەچ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالدى ۋە قانداقتۇر بىر ئادەمدىن ھۆرمەت بىلەن



www.uyghurkitap.com

سورىدى:

— خانلىق مەدرىسە نەدە؟

— سەل ماڭسىڭىز جۇچياۋ دېگەن بىر كۆۋرۈك بار، ئەنە شۇ يەردە، — دەپ ئېيتىپ بەردى ھېلىقى ئادەم.

لۇ جىشىن گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ، بىردەمدىلا مەدرىسەنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مەدرىسەنىڭ ئىچىگە قارىسا، ئايھاي ! بۇ شۇنداق كاتتا بىر مەدرىسە ئىكەنكى:

دەرۋازىسى بۇلۇتلارغا باش قويغان،
ئۇنىڭ ئىچى كەڭ ـ كۇشادە ۋە پىنھان.
پېشايۋاندا كۆزگە ئايان شاھانە لەۋھە،
ئىككى ياندا كۇچتۇڭگۇر تۇرار ھەيۋەتتە.
بەش ئېغىزلىق ئازادە، چوڭ قەسىر ـ ئايۋان،
قاسراقسىمان سىرلىق كاھىش ـ خىشتىن سېلىنغان؛
تۆت تەرەپكە جايلاشقان راھىب ئۆيلىرى،
تاملىرىغا ياراشقان نەقىش گۇللىرى.
پەشتاقلىرى گويا ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان،
كۇتۇپخانا بىنالىرى ئېگىز بوي تارتقان.
تۆغ خادىسى پەلەككە غۇلاچ تاشلىغان،
مۇنارىسى چوقچىيىپ كۆكتىن ھالقىغان.
بېلىق سۈرەت تاكىلداقلار ئىلغىدا ياتار،
بۇلۇت سۈرەت داڭ قوڭغۇراق مۇئەللەق تۇرار.
شام چىراغنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇتلار،
ئىسرىقداندىن پۇرقىرايدۇ خۇش پۇراق ھىدلار.
تۇغ ـ ئەلەملەر قاتار ـ قاتار قىلىدۇ جەۋلان،
«پەرياد» قەسرى پىرىم قەسرى بىلەن تۇتاشقان؛
ئىسىل كۇنلۇك ـ سايىۋەنلەر سانجاق قادالغان،
تىلاۋەتگاھ كۆل ئىچى ھەم يەرگە جايلاشقان،
تاكى ئارخات قەسرىگىچە يوللىرى راۋان.

www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ تۇرار پەرىشتە قوغداپ بۇددا دىنىنى،
كېلىپ تۇرار ئۇلۇغلار بەند قىلىشقا دىۋىنى.

لۇ جىشىن مەدرىسەگە كىرگەندىن كېيىن كۈنچىقىش، كۈنپېتىش تەرەپتىكى مېھمانخانىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئاندىن ئۇدۇل مېڭىپ كۈتكۈچى ھۇجرىسىغا كىردى، خىزمەتچى بۇنى كۆرۈپ، كۈتكۈچى راھىبقا مەلۇم قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا كۈتكۈچى راھىب چىقىپ لۇ جىشىننى كۆردى، قارىسا، بۇ ئەلپازى شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق بىر ئادەم ئىدىكى، قولىدا گۈرزە، بېلىدە قىلىچ، ئۈشىنىسىدە يوغان بىر بوغجۇما تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەپتىگە قاراپ، كۈتۈچى سەل ئەيمەندى.

— قاياقتىن سورايمىز سىزنى موللىكا؟ — دەپ سورىدى كۈتكۈچى.

لۇ جىشىن بوغجۇما - گۈرزىلىرىنى قويۇپ سالام بەردى، كۈتكۈچىمۇ سالام قايتۇردى.

— پېقىر ۋۇتەيشەن تېغىدىن كەلدىم، ئۇستازىم راھىب كالان ئۇلۇغلىرى خەت يېزىپ بەردى، پېقىرنى مۇبارەك مەدرىسەلىرىدىكى زەكى مۇدەررىس ھەزرەتلىرىنىڭ قېشىغا بارساڭ ۋەزىپىدار راھىبلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن بېرىپ، ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ، دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتتى.

— راھىب كالان ئۇلۇغلىرى خەت يېزىپ بەرگەن بولسا، مەن بىلەن خاناكالانغا كىرىڭ ئەمسە، — دېدى كۈتكۈچى ۋە ئۇنى باشلاپ خاناكالانغا ئەكىردى، كىرگەندىن كېيىن لۇ جىشىن بوغجۇمىسىنى ئېچىپ، خەتنى ئېلىپ تۇتۇپ تۇردى.

كۈتكۈچى شۇ ئاندا دېدىكى:

— موللىكا، نېمىشقا قائىدە - يوسۇن بويىچە ئىش قىلمايسىز، ھەزرىتىم چىقىپ كېلىۋاتىدۇ مانا. قىلىچىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ، جايناماز بىلەن كۆچكىڭىزنى چىقىرىپ، ھەزرىتىمگە سالام بېرىشكە تەييار بولۇپ تۇرۇڭ.

— نېمىشقا بالدۇرراق دەپ قويمايسىز! — دېدى لۇ جىشىن

ۋە دەرھال قىلىچىنى ئېلىۋېتىپ، بوغجۇمىسىدىن بىر باغلام كۆجىنى ۋە جايىنامازنى چىقىرىپ، بىر ھازاغىچە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كۆتكۈچى ئۇنىڭغا يەكتىكىنى كىيدۈرۈپ، جايىنامازنى يېيىشقا بۇيرۇدى.

بىر دەمدىن كېيىن زەكى مۇدەررىس يېتىپ چىقتى، كۆتكۈچى ئالدىغا بېرىپ مەلۇم قىلدى:

— بۇ راھىب ۋۇتەيشەن تېغىدىن كەپتۇ، قولىغا راھىب كالان ئۇلۇغلىرى خەت يېزىپ بېرىپتۇ.

— ئاغىمىزنىڭ خۇش خېتىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق زامانلار بولۇپ قالدى، — دېدى زەكى مۇدەررىس.

— موللىكا، ھەزرىتىمگە تېز سالام بېرىڭ، — دەپ ئۆگەتتى لۇ جىشېنغا كۆتكۈچى.

جىشېن ئالدى بىلەن كۆجىنى كۆجىدانغا سانجىپ، ھەزرىتىمگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن خەتنى تۇتتى. زەكى مۇدەررىس خەتنى ئېلىپ ئېچىپ ئوقۇدى، خەتتە، لۇ جىشېننىڭ راھىبلىققا قول بەرگەنلىكى، ئەمدى ئۇنىڭ تاغدىن چۈشۈپ، ئۇلۇغ مۇدەررىسنى پاناھلاپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىپ: «ھۇزۇرلىرىغا بارغاندىن كېيىن قوبۇل ئەيلەپ، ۋەزىپىدار خادىملار قاتارىدىن ئورۇن بېرىش بىلەن، ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەنكى، ھەرگىز باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ، قايتۇرۇۋەتمىگەيلا. مەزكۇر راھىب كېيىنكى ۋاقىتلاردا چوقۇم كامالەت تاپىدۇ» دېيىلگەن.

زەكى مۇدەررىس خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— يىراقتىن كەلگەن راھىب تاماق - پاماق يەپ، راھىبلار خانىسىدا ئارام ئالسۇن، — دەپ ئىجازەت قىلدى.

لۇ جىشېن رەھمەت ئوقۇپ، جايناماز ۋە باشقا ئىبادەت لازىمەتلىكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بوغجۇمىسىنى ئېلىپ، گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ، قىلىچىنى ئېسىپ، مۇلازىمنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

زەكى مۇدەررىس ئىچكى - تاشقى ۋەزىپىدار راھىبلارنى

خاناكالانغا يىغىپ ئېيتتىكى:

— ھەممىڭلار ھازىر تۇرۇۋاتىسىلەر مانا، ئاغىمىز راھىب كالان ئۇلۇغلىرى تازا پەمى يوق ئادەم ئىكەن. بۇ كەلگەن راھىب ئەسلىدە باسقاق يامۇلدىكى سىپاھىبەگلەردىن بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، راھىب بولۇۋالغانىكەن، راھىبلارخانىسىدا ئىككى قېتىم غوۋغا چىقىرىپ، زادىلا بوي بەرمەيتۇ. ئۆزى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن بىرنېمىنى بىزگە ئەۋەتىپ بەرگىنىنى قاراڭلار. قوبۇل قىلمايلى دېسەك، ئاغىمىز «ھەرگىز قايتۇرۇۋەتمىگەيلا» دەپ ئۇستۇن - ئۇستىلەپ تاپىلاپ كېتىپتۇ؛ ئېلىپ قالايلى دېسەك، ئەگەر ئەمرىمەرۇپنى بۇزۇپ، بۇ يەردىمۇ ئەسكىلىك قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— بىز كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچىمۇ بۇ راھىبنىڭ تەرىقەت يولىدا ماڭىدىغاندەك ئەلپازى يوق، بۇنداق ئادەمنى مەدرىسەمىزگە قانداق ئورۇنلاشتۇرىمىز؟ — دېدى كۆتكۈچى.

— پېقىر تالىپلىرىنىڭ قارىشىچە، ياۋا چىلان دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ئارامگاھىنىڭ كەينىگە جايلاشقان كۆكتاتلىقنى ھەمىشە لەشكەر قوشىدىكى چىېرىكلەر بىلەن دەرۋازا سىرتىدىكى يىگىرمە نەچچە جۇندەك كېلىپ بەزەپ قىلىپ كېتىدۇ، مال - ۋارانلىرىنى قويۇۋېتىپ، بەكمۇ ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ يەرگە قاراۋاتقان ھېلىقى بىرگىنە قېرى شەيخنىڭ نېمىگە كۈچى يەتسۇن؟ لۇ جىشېننى شۇ يەرگە ئەۋەتسەك بولىدۇ، ئۇ يەرگە شۇلا قاراپ كېتەلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى غوجىدار راھىب.

— غوجىدار راھىب توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى مۇدەررىس ۋە خىزمەتكارنى لۇ جىشېن راھىبخانىدا تامىقىنى يەپ بولۇشىغىلا چاقىرىپ كەل، دەپ بۇيرۇدى.

خىزمەتكار بىردەمدىن كېيىنلا لۇ جىشېننى باشلاپ خاناكالانغا يېتىپ كەلدى، زەكى مۇدەررىس ئېيتتىكى:

— سىزنى ئاغام راھىب كالان ئۇلۇغلىرى مەدرىسەمىزگە تونۇشتۇرۇپ، ۋەزىپىدار خادىملار قاتارىدىن ئورۇن بىرۇرلەر دەپ ئەۋەتىپتۇ، مەدرىسەمىزنىڭ بىر كۆكتاتلىقى بار، ئۇ ياۋا چىلان

دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى يۆمياۋ بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا. سىز بېرىپ شۇ كۆكتاتلىقتا ئىگىدارچىلىق قىلىڭ. كۆكتات تېرىغۇچىلاردىن ھەر كۈنى ئون ئەپكەش كۆكتات ئەۋەتىپ تۇرىسىز، قالغىنىنى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىڭ.

— ئۇستازىم راھىب كالان پېقىرنى ۋەزىپىدار راھىب بولىسەن دەپ بۇ ئۇلۇغ مەدرىسەگە ئەۋەتكەن تۇرسا، مېنى غوجىدار راھىب ياكى نازارەتچى راھىب قىلماي، نېمىشقا كۆكتاتلىقتا قارىغۇچى قىلىپ قويىسىلەر؟ — دېدى لۇ جىشېن.

— موللىكا، سىز بىلمەيسىز، ئەمدىلا كەلگەن تۇرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچقانداق تۆھپىڭىز بولمىسا، قانداقسىغا غوجىدار بولىسىز؟ كۆكتاتلىقتا قاراشمۇ چوڭ ۋەزىپە، — دېدى باش راھىب.

— مەن كۆكتاتلىقتا قارىمايمەن، غوجىدار ياكى نازارەتچى بولىمەن، — دېدى لۇ جىشېن.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ: راھىبلار ئىچىدىكى ۋەزىپىسى بار خادىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشى بار؛ مەسىلەن، مەن بولسام كۈتكۈچى راھىب، مەن پەقەت كەلگەن ـ كەتكەن مېھمان راھىبلارنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيمەن. كارمادانا، مۇلازىم، پۈتۈكچى، باش راھىب دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تائەت ـ ئىبادەتنى تۇتىدىغانلار، بۇ ئىشلارنى بېجىرمەك ئاسان ئەمەس. غوجىدار، نازارەتچى، لاۋازىم، قورۇ بېشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەدرىسەنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى باشقۇرىدىغانلار. سىز بۇ يەرگە ئۇياقتىن كېلىپ، بۇياقتىن يۇقىرى ئورۇن تەلەپ قىلىسىڭىز قانداق بولغىنى. بۇلاردىن باشقا تەئەللۇقاتلارنى باشقۇرىدىغان خەزىنىچى بار، قەسىرلەرنى باشقۇرىدىغان قەسىرچى بار، ئايۋانلارنى باشقۇرىدىغان ئايۋانچى بار، سەدىقە ـ زاكات يىغىدىغان زاكاتچى بار، سەرراپ باشقۇرىدىغان سەرراپچى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي ۋەزىپىلىك خادىملار بولۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىدار ھېسابلىنىدۇ. يەنە مۇنار باشقۇرغۇچى مۇنار بېشى، تاماق باشقۇرغۇچى تاماق بېشى، چاي

www.uyghurkitap.com

باشقۇرغۇچى چايچى، ھاجەتخانا باشقۇرغۇچى تازىلىق بېشى، كۆكتاتلىقنى باشقۇرغۇچى كۆكتات بېشى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان باشلىق بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىپىلەردۇر. ئەگەر سىز كۆكتاتلىقنى بىر يىل ئوبدان باشقۇرسىڭىز، مۇنار بېشىلىققا كۆتۈرۈلىسىز؛ يەنە بىر يىل ئوبدان باشقۇرسىڭىز، سەرراپ بېشى بولىسىز؛ يەنە بىر يىل ئوبدان ئىشلىسىڭىز ئاندىن نازارەتچى بولىسىز، — دېدى يەنە كۇتكۇچى.

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇمىد بار ئىكەن، ماقۇل، ئەتىلا باراي، — دېدى لۇ جىشېن.

زەكى مۇدەررىس لۇ جىشېننىڭ ماقۇل دېگىنىگە قاراپ، ئۇنى خاناكالاندا ئارام ئالسۇن دەپ ئېلىپ قالدى. شۇ كۈنى ۋەزىپە بەلگىلىنىپ، دەرھال ئۇقتۇرۇش يېزىلدى ۋە كۆكتاتلىقتىكى ئارامگاھقا كىشى ئەۋەتىلىپ، ئەتىلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، دەپ يېزىلغان ئۇقتۇرۇش ئارامگاھنىڭ ئىشىكىگە ئاسقۇزۇلدى. شۇ كېچىسى ھەممە تارقالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە زەكى مۇدەررىس ئېتىكاپ سۇپىسىغا چىقىپ، سەنەتنامىگە قول قويۇپ، لۇ جىشېننى كۆكتاتلىقنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. لۇ جىشېن ئېتىكاپ سۇپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سەنەتنامىنى قوبۇل قىلىپ، مۇدەررىس بىلەن خوشلاشتى - دە، بوغجۇمىسىنى ئارتىپ، قىلىچىنى ئېسىپ، گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ، كۆكتاتلىققا ئاپىرىپ قويۇشقا ئۇزىتىپ ماڭغان ئىككى شەيخ بىلەن بىللە تۇپتوغرا ياۋا چىلان دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى ئارامگاھقا قاراپ ماڭدى.

## غەزەل

كەلدى چوڭ ئاستانىگە ئۇ، دەشتۇ چۆللەرنى كېزىپ،
تاغ ئېشىپ، ئورمان كېچىپ ھەم بەك ئۇزاق يوللار بېسىپ.
ئۇ قەدىمىي بۇتخانىنى ئۆرتىگەن كۈندىن بۇيان،

چىقتى جېدەل توختىماستىن ئورتا ئىقلىم تەۋرىنىپ.
قىلدى خانلىق مەدرىسەنى ئۆز ـ ئۆزىگە باشپاناھ،
بولدى سەيلىككە خوجايىن ئۆتكىلى كۆكتات بېقىپ.
خۇددى كۆچكۈن ئاق بۇلۇتتەك بىر ئىزىدا تۇرمىدى،
ئۆتتى شۇنداق بۇ پەلەكنىڭ قىسمىتىگە تەن بېرىپ.

ئەمدى گەپنى كۆكتاتلىقتىن ئاڭلاڭ، كۆكتاتلىقنىڭ ئەتراپىغا قىمار ئوييناپ، ئۆيىۋاقى بىلەن توزۇپ كەتكەن يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۆكەرمە جۈندەك جايلاشقانىدى، ئۇلار ھەمىشە كۆكتات ئوغرىلاپ جېنىنى باقىدىغان بىرنېمىلەر ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار كۆكتات ئوغرىلىغىلى كېلىپ، ئارامگاھنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇلغان جاكارنامىنى كۆرۈپ قالدى، قارىسا: «خانلىق مەدرىسە تەرىپىدىن راھىب لۇ جىشېننى كۆكتاتلىقنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدۇق، ئەتىدىن باشلاپ لۇ جىشېن باشقۇرىدۇ، بىكار تەلەپلەرنىڭ كۆكتاتلىققا كېلىپ قالايمىقان قىلىشىغا رۇخسەت يوق» دەپ يېزىلغان. بۇنى كۆرگەن كۆكەرمىلەر قايتىپ بېرىپ، قالغان جۈندەكلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى: «خانلىق مەدرىسە لۇ جىشېن دېگەن بىر شەيخنى كۆكتاتلىقنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپتۇ. بىز ئۇنىڭ كېلىشىگىلا بىر جېدەل چىقىرىپ، تازا ئەدىپىنى بېرىپ، بۇ ئەبلەخقە ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويايلى».
— مېنىڭ بىر ئامالىم بار، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، — ئۇ بىزنى تونۇمايدۇ، قانداق جېدەل چىقىرىمىز دېسەڭلار، ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىگىلا، ئۇنى ئالداپ گەندە ئازگىلىنىڭ يېنىغا باشلاپ ماڭىمىز ـ دە، ئۇنىڭغا ئېگىلىشىپ تەزىم قىلغان بولۇپ، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىك موللاق چۈشىدۇ، شۇ يەردىن بىرلا ئىتتىرىپ ئازگالغا چۈشۈرۈۋېتىمىز، ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرىمىز.
— بەللى، بەللى، — دېيىشىپ كەتتى باشقا كۆكەرمىلەر.
ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولۇپ، لۇ جىشېننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

لۇ جىشىن ئارامگاھىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، بوغجۇمىسىنى قويۇپ، گۈرزىسىنى تامغا يۆلەپ قويدى، قىلىچىنى قوزۇققا ئاستى. كۆكتات تېرىغۇچىلار كىرىپ سالام قىلىپ كۆرۈشتى ۋە ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىردىن ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. ھېلىقى ئۇزىتىپ كەلگەن ئىككى شەيخ بۇ يەرنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇرۇنقى شەيخ بىلەن بىللە لۇ جىشىن بىلەن خوشلىشىپ، مەدرىسەگە قايتىپ كەتتى.

لۇ جىشىن كۆكتاتلىققا چىقىپ، ھەممە ياققا كۆز يۈگۈرتۈپ، كۆكتاتلىققا قاراپ چىقتى، قارىسا، ھېلىقى يىگىرمە - ئوتتۇز كۆكەرمە قاچا - قۇچىلارغا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى سېلىپ، مەي - شاراب بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار كېلىپ:

— ئۆزلىرىنى كۆكتاتلىقنى باشقۇرۇشقا يېڭىدىن كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بىز قولۇم - قوشنىلار قۇتلۇقلاپ كەلدۇق، — دېيىشتى ھەجىيىشىپ.

لۇ جىشىن بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن، ئۇدۇل مېڭىپ گەندە ئازگىلىنىڭ يېنىغا باردى. شۇ چاغدا ھېلىقى كۆكەرمىلەر ئولاش - چولاش كېلىپ، بىرى سول پۇتىدىن، بىرى ئوڭ پۇتىدىن ئالدى - دە، لۇ جىشىننى ئازگالغا ئىتتەرمەكچى بولدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! شۇ چاغدا لۇ جىشىن پۇتىنى شۇنداق كۆتۈردىكى، ئەگەر بۇ يەردە تاغۇ دەشتىلەردىكى يىرتقۇچ يولۋاس بولسىمۇ، قورققىنىدىن يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتكەن بولاتتى؛ ئۇنىڭ چويۇندەك مۇشتلىرى تەگكەندە، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى لەھەڭلەرنىڭمۇ قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى. تىپتىنچ تۇرغان كۆكتاتلىق گويا بىر كىچىك جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ھېلىقى كۆكەرمىلەرنىڭ لۇ جىشىننى ئازگالغا قانداق ئىتتەرگەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتتىنچى باب

## گۈلدار شەيخنىڭ مەجنۇنتالنى يۇلۇپ تاشلىغانلىقى قاپلانباشنىڭ شىرمەتلەر سارىيى① غا كىرىپ قالغانلىقى

ئەلقىسسە، ياۋا چىلان دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يىگىرمە - ئوتتۇز كۆكەرمە جۆندەكىنىڭ ئىككى باشلامچىسى بولۇپ، بىرى، قوغلاندى چاشقان جاڭ سەن، يەنە بىرى، كۆك يىلان لى سى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىككىيلەن شېرىكلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى، شۇ چاغدا لۇ جىشېنمۇ گەندە ئازگىلى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىدى. لۇ جىشېن شۇنداق قارىشىغا، ئۇلار گەندە ئازگىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ:

— شەيخىم، ئۆزلىرىنى مۇبارەكلەپ، ئالاھىدە ئالدىلىرىغا كەلدۇق، — دېيىشتى تەڭلا.

— سىلەر، — دېدى لۇ جىشېن، — ماڭا قوشنا بولىدىكەنسىلەر، قېنى ئارامگاھقا كىرىپ بىر پەس ئارام ئېلىڭلار.

جاڭ سەن بىلەن لى سى: «بۇ شەيخ بىزنى يۆلەپ تۇرغۇزىمەن دەپ يېقىن كەلگەن هامان، قول سالىمىز» دېگەن غەرەز بىلەن باش ئۇرغان پېتى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋالدى. لۇ جىشېن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «بۇ ئەبگارلار ئەجەب يېقىن كەلگىلى ئۇنىمايدۇيا، مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟! بۇ بەتبەختلەر يولۋاسنىڭ بۇرۇتىغا ياماشماقچى بولۇشۇۋېتىپتۇ - دە، ئالدىغا بېرىپ باقاي، نېمە قىلاركىن، بۇ نېملەرگە ئۆزۈمنى

---

① شىرمەتلەر سارىيى — مۇھىم لەشكىرىي ئىشلار مۇزاكىرە قىلىنىدىغان جاي.

بىر تونۇتاي» دەپ ئويلىدى ـ دە، گۇس ـ گۇس دەسسەپ ھېلىقىلارنىڭ ئالدىغا باردى.

جاڭ سەن بىلەن لى سى:

— موللىكا، سىلىگە سالام بەرگىلى كەلدۇق، — دېيىشىپ، بىرى سول پۇتىغا، بىرى ئوڭ پۇتىغا ئېسىلدى. ئۇلار ئېسىلا ـ ئېسىلمايلا، لۇ جىشېن ئوڭ پۇتى بىلەن كېلىشتۈرۈپ شۇنداق بىر تېپىۋىدى، لى سى «پولتۇڭڭىدە» قىلىپ گەندى ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتى؛ جاڭ سەن ئەمدىلا قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، لۇ جىشېن سول پۇتى بىلەن بىرنى تەپتى، بۇ مۇتتەھەممۇ ئازگالغا چۈشۈپ پولتۇڭلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە جۇندەك قورقىنىدىن ئەرۋايى ئۇچۇپ، قېچىشقا تەمشەلدى.

— نەگە قېچىشىسەن؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى لۇ جىشېن، — قايسىڭ قاچىدىكەنسەن، چۈشەر يېرىڭ گەندە ئازگىلى بولىدۇ!

ھېلىقى مۇتتەھەملەر قىمىر قىلالماي قېتىپلا قالدى. شۇ چاغدا جاڭ سەن بىلەن لى سى ئازگالدىن بېشىنى چىقاردى. بۇ ئازگال خۇددى تېگى يوقتەك چوڭقۇر ئىدى. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ ئۇستىبېشى سېسىق گەندە بىلەن مىلىنىپ كەتكەن، چاچلىرىدا گەندە قۇرتلىرى مىغىلداپ تۇرغان ھالدا ئازگالدا تۇرۇپ:

— موللىكا، رەھىم قىلسىلا، — دەپ يېلىندى.

— ھەي مۇتتەھەملەر! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى لۇ جىشېن چەتتە تۇرغان مۇتتەھەملەرگە قاراپ، — ئاۋۇ ئەبلەخلەرنى چاپسان تارتىپ چىقىرىش! ئاندىن رەھىم قىلىمەن سەنلەرگە!

ئۇلار ھېلىقى ئىككىيلەننى ئازگالدىن تارتىپ چىقىرىپ، كاۋا بارىڭىنىڭ يېنىغا يۆلەپ ئاپاردى. ئۇلارنىڭ سېسىقچىلىقىدا يېنىغا بارغىلى بولمايتتى.

— ھوي تەلۋىلەر، — دېدى لۇ جىشېن قاقاھلاپ كۈلۈپ، —

كۆكتاتلىقتىكى كۆلچەككە چۈشۈپ يۇيۇنۇپ كېلىش، سەنلەرگە ئېيتىدىغان گېپىم بار.

ئىككى ئۆكتەم يۇيۇنۇپ چىقتى، باشقىلار چاپانلىرىنى سېلىپ ئۇلارغا كىيدۈرۈپ قويدى.

— ھەممىڭ ئارامگاھقا كىر، سۆزۈم بار! — دېدى لۇ جىشېن.

لۇ جىشېن ئۆزى ئاۋۋال كىرىپ تۆردە ئولتۇردى ۋە قولىنى شىلتىپ گەپ باشلىدى:

— ھەي بەدرەكلەر، راست گەپ قىلىش، سەنلەر زادى نېمە ئادەم؟ مېنى ئەخمەق قىلىپ نېمە قىلىشماقچى!

— بىز پېقىرلار ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ مەشەدە ياشاپ كەلگەن، — دېيىشتى جاڭ سەن بىلەن لى سى ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى تىز پۈكۈپ تۇرۇپ، — ھەممىمىز قىمارۋازلىق بىلەن جان بېقىۋاتىمىز. بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىز مۇشۇ كۆكتاتلىقتا ئۆتىدۇ. خانلىق مەدرىسە نەچچە قېتىم پۇل خەجلەپمۇ، بىزنى قىماردىن تەزدۈرەلمىدى. موللىكا، نەدىن كېلىپ قالدىلا، قالتىس كىشى ئىكەنلا! بۇ مەدرىسەدە ئۆزلىرىنى كۆرمەپتىكەنمىز، بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزلىرىگە قول قويدۇق.

— مەن بولسام، — دېدى لۇ جىشېن، — غەربتىكى يەنئەن دىيارىنىڭ پېشقەدەم باسقاقېبېگى جۇڭ ئېنىڭ ھوزۇرىدىكى باقاۋۇل ئىدىم. نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، راھىبلىققا قول بېرىشنى خاھىش ئەتتىم، بۇ يەرگە ۋۇتەيشەن تېغىدىن كېلىشىم. ئەسلىي لۇ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، راھىبلىق نامىم جىشېن. ھېلىغۇ سەنلەردەك يىگىرمە - ئوتتۇز نانقېپى ئىكەن، تۈمەن مىڭ لەشكەر ئارىسىغىمۇ بۆسۈپ كىرىپ، بۆسۈپ چىقالايمەن.

مۇتتەھەملەر: «خوش - خوش» بىلەن تەزىم قىلىشىپ، قايتىپ كېتىشتى. لۇ جىشېن ئارامگاھتىكى ئۆيگە كىرىپ، تۆشەك سېلىپ ياتتى.

ئەتىسى مۇتتەھەملەر مەسلىھەتلىشىپ ئانچە - مۇنچە پۇل

www.uyghurkitap.com

يىغىش قىلىپ، ئون كوزا مەي ئېلىپ، بىر چوشقىنى يېتىلىگىنىچە لۇ جىشىپىنى مېھمان قىلغىلى كەلدى ۋە ئارامگاھتا سورۇن راسلاندى. لۇ جىشىپىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرى ئىككى ياندا ئولتۇرۇشۇپ مەي ئىچىشتى.

— سىلەر نېمە سەۋەبتىن چىقىم تارتىپ كايىيسىلەر؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشىن.

— موللىكا، سىلىنىڭ بۇ يەرگە بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكلىرى بىز ئۈچۈن چوڭ ئامەت، — دېدى ئۇلار.

لۇ جىشىن ناھايىتى خۇش بولدى. ھەممەيلەن مەي ئىچىپ، يېرىم - يارتا تەڭشەلگەندە، بەزىلىرى ناخشا ئېيتىشتى، بەزىلىرى پاراڭغا چۈشتى، بەزىلىرى چاۋاك چالدى، بەزىلىرى كۈلدى. ئۇلار قىزىق كەيپ سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، تالادىن قاغىنىڭ «قاق - قاق» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئولتۇرغانلاردىن بەزىلىرى چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ:

— پەرۋەردىگارا، بالا - قازادىن ساقلىغايسەن! — دەپ دۇئا قىلىشتى.

— نېمانچىۋالا بىئارام بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشىن.

— قاغا قاق قىلار، جېدەل تۇغۇلار، دېگەن گەپ بار، بىرەر جېدەل تۇغۇلارمىكىن، — دېيىشتى ھەممىسى.

— نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟! — دەپ ئىشەنمىدى لۇ جىشىن.

كۆكتات تېرىغۇچى بىر دەرۋىش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇم قاغا يېقىندا تام ياقىسىدىكى مەجنۇنتالغا چاڭگا سېلىۋاپتۇ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە «قاق - قاق» قىلىپ، قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا شوتا بىلەن چىقىپ، چاڭگىنى بۇزۇۋېتەيلى، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

ئارىدىن بىرقانچىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپ:

— ھازىرلا بارايلى، — دېيىشىپ تالاغا قاراپ ماڭدى. لۇ جىشىنمۇ كەيپىلىكتە تالاغا چىقتى، قارىسا، دېگەندەكلا مەجنۇنتالدا قاغا چاڭگىسى تۇرۇپتۇ.

— شوتا بىلەن چىقىپ بۇزۇپ تاشلايلى، قۇلاق تىنىچ بولسۇن، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— شوتا كېرەك ئەمەس، مەن يامىشىپ چىقاي، — دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى لى سى.

لۇ جىشىن دەرەخكە پەملەپ قارىغاندىن كېيىن يېقىن بېرىپ يەكتىكىنى سالدى، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن دەرەخنىڭ تۈۋىنى، سول قولى بىلەن ئۈستىنى تۇتۇپ، «ياپىرىم» دەپ بىر كۈچەپ يۇلۇۋىدى، ھېلىقى مەجنۇنتال پاراس - پۇرۇس قىلىپ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن كۆكەرمىلەر تىز پۈكۈشۈپ، باش ئۇرغىلى تۇردى ۋە ھەيران بولۇپ:

— موللىكا، كارامەت ئىكەنلا، بەئەينى ئارخاتنىڭ ئۆزى ئىكەنلا، مىڭ پاتمان كۈچ - قۇۋۋەت بولمىسا، بۇنى قانداقمۇ قومۇرۇۋەتكىلى بولسۇن! — دېيىشتى.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ئەتە چامباشچىلىق ئويۇنۇمنى كۆرۈڭلار.

كۆكەرمىلەر كەچ كىرگۈچە ئولتۇرۇپ تارقاشتى. بۇ يىگىرمە - ئوتتۇز جۆندەك ئەتىسىدىن باشلاپ لۇ جىشىن ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ، ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك مەي - شاراب، گۆش - پۆش بىلەن مېھمان قىلىدىغان، چامباشچىلىقىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىشىدىغان بولدى، بىر كۈنى لۇ جىشىن: «بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بۇلار مېنى تولا مېھمان قىلىپ كەتتى، بۈگۈن مەنمۇ ياندۇرۇقىنى قىلاي» دەپ ئويلىدى - دە، دەرۋىشلەرگە بازاردىن بىرنەچچە خىل مېۋە - چېۋە، ئىككى - ئۈچ ئەپكەش شاراب ئەكەلدۈردى. بىر چوشقا، بىر قوي سويدۇردى. بۇ ئۈچىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، كۈن تازا ئىسسىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. لۇ جىشىن ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ،

www.uyghurkitap.com

دەرۋىشلەرگە تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ ئاستىغا بورا سالدۇردى. بايىقى كۆكەرمىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، سورۇنغا ئولتۇرغۇزدى، جام بىلەن مەي قويدى، تەخسە ـ لېگەنلەردە گۆش تارتتى. ئۇلار تويغۇچە يېدى، قانغۇچە ئىچتى.

تازا كەيىپ بولغان چاغدا ئۇلار:

— موللىكا، بىرنەچچە كۈندىن بېرى چامباشچىلىق گۈمپىلىرىنى كۆردۇق، بىراق قورال ئىشلەتكەنلىرىنى كۆرمىدۇق، بىزگە بىر كۆرسەتسىلە ياخشى بولاتتى، — دەپ تەلەپ قىلىشتى.

— بۇ دېگىنىڭلارمۇ راست، — دەپ لۇ جىشېن ئۆيىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ، ئېغىرلىقى ئاتمىش ئىككى جىڭ كېلىدىغان بىر گۇرزىنى ئاچىقتى.

كۆپچىلىك ئۇنى كۆرۈپ تىللىرىنى چىقىرىشىپ:

— ئىككى بىلەكتە توپاقنىڭكىدەك كۈچ بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پىرقىرىتىپ ئوينىتالىسۇن؟ — دېيىشتى.

لۇ جىشېن گۇرزىنى قولىغا ئېلىپ پىرقىرىتىپ ئويناتقىلى تۇردى. ئۇ شۇنداق ئەپچىل ئويناتتىكى، قىلچىمۇ چاندۇرمىدى، كۆرۈپ ئولتۇرغانلار بىر ئېغىزدىن باركاللا ئېيتىشتى.

لۇ جىشېن گۇرزىنى قىزىق ئوينىتىۋاتقاندا، تامنىڭ نېرىسىدا قاراپ تۇرغان بىر سىپاھبەگنىڭ: «نېمىدېگەن ياخشى ئويناتقان ـ ھە!» دەپ ماختىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لۇ جىشېن گۇرزىنى توختىتىپ قارىسا، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر ئادەم تام تۆشۈكىدىن قاراپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئادەم شۇنداق ياسانغانىدى.

## نەزم

قىلىپ داستار ئوراپتۇ ئۇ بېشىغا كۆك ـ قارا شايە،
تاقاپتۇ چېچىغا ئاق قاشتېشىدىن ئۇنچە كۆز چارە.

يىشىل رەڭلىك، گۇلى تەڭگە تاۋاردا جەڭ تونى كىيگەن،
بىلىگە تاشپاقا گۇللۇك، چۇچىلىق بىر پوتا چىگكەن.
كىيىپتۇ ئۇ قارا رەڭدە تەتۇر تۇمشۇق ئۆتۇك جۇپلەپ،
سىچۇەن يەلپۇگۇچى تۇتقان قولىغا قاتمۇقات پۇكلەپ.

بۇ سىپاھبەگ قاپلانباش، غورۇلاي كۆز، پوكان ساقال، بويى سەككىز چى كېلىدىغان، ياش - قۇرامى ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەشلەردە بار ئادەم ئىدى.

— بۇ ئۇستام نەيزىۋازلىقتا ئەجەبمۇ ئۇستا ئىكەن - ھە! دەر ھەقىقەت، ئاددىي ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇ ماختاپ.

— ئاۋۇ مەشقاۋۇل ماختىغاندىكىن، راست ئۇستا ئوخشايدۇ، — دېيىشتى كۆكەرمىلەر.

— بۇ سىپاھبەگ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشېن.

— بۇ بېگىم سەككىز لەك ياساۋۇلغا نەيزىۋازلىقنى ئۆگىتىدىغان لىن چۇڭ مەشقاۋۇل دېگەن كىشى بولىدۇ، نەيزىۋازلىقنىڭ پىرى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى باشقىلار.

— ئۇنداق بولسا بۇياققا تەكلىپ قىلىڭلار، تەلىم ئالايلى، — دېدى لۇ جىشېن.

لىن چۇڭ چولاق تامدىن ئاتلاپ ئۆتتى، تۇخۇمەك دەرىخى ئاستىدا لۇ جىشېن بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— موللىكا، ئۆزلىرى نەلىك؟ ئاتلىرى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ مەشقاۋۇل.

— غەربىي دىيارلىق لۇ دا دېگەن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ جىشېن، — نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، راھىب بولۇۋالدىم، ياش چېغىمدا كۇنچىقىش ئاستانىگە بارغانىدىم، دادىلىرى لىن باقاۋۇل بىلەنمۇ دىدار كۆرۈشكەنمەن.

لىن چۇڭ خۇشال بولۇپ، دەررۇ قول بېرىپ، لۇ جىشېننى ئاغا تۇتتى.

www.uyghurkitap.com

— مەشقاۋۇلۇم، بۈگۈن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشىن.

— ياغ پۈرىتىش ئۈچۈن بىزگە تام قوشنا بولغان يۇمىياق بۇتخانىسىغا خوتۇنۇم بىلەن كېتىپ باراتتىم. گۈرزىنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قاراپ باقاي دەپ كېلىپ بەك زوقلاندىم، دېدەك قىز جىن ئېر بىلەن ئايالىمنى بۇتخانىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم بۇ يەردە قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئويلىمىغان يەردە سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، — دېدى لىن چۇڭ جاۋابەن.

— مەن بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلدىم. تونۇش - بىلىشلىرىم يوق. ماۋۇ بۇرادەرلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، مانا ئەمدى ئۆزلىرى يېقىرنى نەزەرگە ئېلىپ، قېرىنداش تۇتتىلا. خۇيمۇ ئوبدان ئىش بولدى، — دېدى لۇ جىشىن ۋە دەرۋىشلەرنى بۇيرۇپ شاراب ئەكەلدۈردى. ئەمدى ئىككى - ئۈچ قەدەھ كۆتۈرۈشكە، يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن دېدەك قىز جىن ئېر ئالاقزەدە بولۇپ يۈگۈرگەن پېتى چولاق تام قېشىغا كېلىپ:

— ۋاي بېگىم، ئۇلتۇرماي تېز قوپسىلا! خېنىم بۇتخانىدا بىرسى بىلەن تاكاللىشىپ قالدى، — دەپ ۋارقىرىدى.

— نەدە؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى لىن چۇڭ.

— ۋۇيۆلۈ راۋىقىدىن يېنىپ چۈشۈۋاتاتتۇق، بىر كاززاپ خېنىمغا يول بەرمەي ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى.

— ئاغا، — دەپ ئالدىراپ قوزغالدى لىن چۇڭ، — ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، كېيىن ئايرىم يوقلاپ كېلىمەن.

لىن چۇڭ لۇ جىشىن بىلەن خوشلىشىپ، تامدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، جىن ئېر بىلەن ئۇدۇللا بۇتخانىغا قاراپ چاپتى. ۋۇيۆلۈ راۋىقىغا بېرىپ قارىسا، سالغا، يەل مىلتىق، قونداق خادا① تۇتقان

---

① قونداق خادا — ئۇچىغا شېرىن يەم ئارىلاشتۇرۇلغان يېلىم چاپلاپ قويۇلغان قۇشقاچ تۇتىدىغان خادا.

بىر قانچە ئادەم سالاسۇننىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ؛ پەلەمپەيدە ياشقىنا بىر بالا خانىمنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ: «جېنىم خېنىم، راۋاققا چىقسىلا، سىلىگە بىر گېپىم بار» دەپ تۇرۇپتۇ. لىن چۈڭنىڭ خوتۇنى يۈزى ھۇپپىدە قىزارغان ھالدا: «ھېچنېمىدىن — ھېچنېمە يوق، نېمىشقا خەقنىڭ خوتۇنىغا چاقچاق قىلىسەن» دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ.

لىن چۇڭ ئېتىلىپ بېرىپ، ھېلىقى ياش بالىنىڭ دولىسىنى كەينىگە قايرىدى:

— خەقنىڭ ئايالىغا چېقىلغانلار قانداق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقامسەن؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، مۇشتۇمىنى تەڭلەپ ئۇرماقچى بولدى. قارىسا، ئۇ بالا ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ ئاسراندى بەگزادىسى گاۋ يانېي ئىكەن. كېيىنكى كۇنلەردە گاۋ چيۇنىڭ ئامىتى كېلىپ، مەرتىۋىسى ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوغۇل كۆرمىگەچكە، ئۆزىگە ياردەمچى بولغۇدەك يېقىن ئادىمى يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن تاغىسى گاۋ سەنلاڭنىڭ ئوغلىنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالغانىدى. گاۋ يانېي گاۋ چيۇ بىلەن بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا ئىدى. ئەمدى ئۇنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالدى. شۇڭا، ئەمىر گاۋ چيۇ ئۇنى بەك ئارزۇلايتتى.

بۇ ئەبلەخ دادىسىنىڭ ھىماتى ئاستىدا كونچىقىش ئاستانىدە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، شەھۋانىيلىققا بېرىلىپ، خەقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى بۇلغاپ يۈرەتتى، كونچىقىش ئاستانىدىكىلەردىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچىدىن قورقۇپ گەپ قىلالمايتتى ۋە ئۇنى «شەھۋانىي بەگزادە» دەپ ئاتىشاتتى. بۇنىڭ دەلىلى قىلىپ مۇنداق غەزەل يېزىلغان:

نى گۈزەل رەنا ئەگەر كۆڭلى - دىتىغا ياقمىسا،
خۇددى جىن - ئالۋاستىلاردەك كۆرۈنەر كۆز ئالدىدا.
خۇشلۇقى تۇتقاندا خۇددى كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلىپ،
مەشۇقۇم دەپ كۆيىدۇ نى چوڭ خوتۇنلار ئوتىدا.

قايسى كاج تەلەي ئاڭا گەر ئۇچرىشىپ قالسا بىلۇر،
يوق رەھىم ـ شەپقەت دېگەن بۇ ياۋۇز بەگزادىدا.

لىن چۇڭ گاۋ يانېينى تونۇپ، لاسسىدە بوشاپ كەتتى.
ــ لىن چۇڭ! سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ! نېمانچە ئارىلىشىسەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى گاۋ يانېي.
گاۋ يانېي بۇ ئايالنىڭ لىن چۇڭنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىغۇ مۇنداق جېدەلمۇ بولماس ئىدى، ئۇ تونۇمايدىكەن، شۇڭا لىن چۇڭنىڭ بوشاپ قالغىنىنى بايقاپ، «ھۆرت ـ پۆرت» دېگىلى تۇردى. چەتتە قاراپ تۇرغان بىكارچىلار ئۇلىشىپ كېلىپ:
ــ بەگزادىمىز تونۇمىغاچ، خېنىملىرىغا چېقىلىپ قويۇپتۇ، ئېغىر ئالمىسىلا مەشقاۋۇل، ــ دەپ سالا ـ سۇلھى قىلدى.
جۇدۇنى تۇتۇپ تۇرغان لىن چۇڭ ھومايغان پېتى گاۋ يانېيغا تىكىلدى. بىكارچىلار لىن چۇڭغا ھاي بەردى ۋە گاۋ يانېينى گوللاپ بۇتخانىدىن ئاچىقىپ، ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سالدى.
لىن چۇڭ ئايالىنى ھەم دېدەك جىن ئېرنى باشلاپ بۇتخانىدىن چىقىشىغا، گۈرزىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى يىگىرمە ـ ئوتتۇز مۇتتەھەمنى كەينىگە سېلىپ، گۈس ـ گۈس دەسسەپ، بۇتخانىغا بېسىپ كېلىۋاتقان لۇ جىشېن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. لىن چۇڭ ئۇنى كۆرۈپ:
ــ نەگە كېتىپ بارىدىلا، موللىكا؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ سىلىگە قول ـ قانات بولۇپ ئۇرۇشقا كېلىۋىدىم.
ــ ئۇ ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ بەگزادىسى ئىكەن. پېقىرنىڭ ئايالىنى تونۇمىغاچ، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ شۇمنى تازا كېلىشتۈرۈپ سالماقچى بولۇۋىدىم، ئەمىرگە سەت بولۇپ قالمىسۇن دېدىم، كونىلار: «ئەمەلدىن قورقما، ئەلىمدىن قورق» دەپتىكەن، نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ لېۋىنى يەپ قويغاندىمەن! خەير بوپتۇ، بۇ دورەم يول قوياي.

— سىلى ئەمىر - پەمىردىن قورققان بولسىلا، مەن نېمىشقىدىن قورقاتتىم؟ چۈپرەندە مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، گۆرزەم بىلەن ئۈچ يۈزنى سىيلىپ، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن!

لىن چۇڭ ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— دىگەنلىرى توغرا موللىكا، كۆپچىلىك هاي بىرىپ تۇتۇۋالدى، شۇڭا بۇ دورەم ئۇنى كەچۈردۇم، — دېدى.

— بىرەر هادىسە بولغان هامان، مېنى قىچقارتسىلا، — دېدى لۇ جىشېن.

مۇتتەهەملەر لۇ جىشېننىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ:

— موللىكا، هازىرچە قايتىپ، ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى، — دەپ قولتۇقىدىن يۆلىدى.

لۇ جىشېن گۆرزىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— يەڭگەم ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، مېنى شاڭخو قىلمىسىلا ئاكا، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى - دە، خوشلىشىپ مۇتتەهەملەر بىلەن بىللە كەتتى. لىن چۇڭ ئايالى بىلەن جىن ئېرنى باشلاپ، كۆڭلى پاراكەندە هالدا ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى گەپنى گاۋ يانېيدىن ئاڭلاڭ. گاۋ يانېي شۇ كۈنى بىرنەچچە بىكار تەلەپنى ئەگەشتۇرۇپ يۈرگىنىدە، لىن چۇڭنىڭ خوتۇنىغا كۆزى چۈشۈپ قىلىپ، لىن چۇڭنىڭ كېلىپ قېلىشى بىلەن ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەي ئۆيگە قايتقانىدى ۋە ئۇنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ بىئارام ئەهۋالغا چۈشكەنىدى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىكار تەلەپ ئاغىنىلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى، بۇ چاغدا ئۇ پىكىر - خىيالى چېچىلىپ، بىتاقەت بولۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ بىكار تەلەپ ئاغىنىلىرى ئىچىدىكى قاقباش فۇئەن دەيدىغان گۆپپاڭچى گاۋ يانېينىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئۆزى يالغۇز كەلدى. ئۇ گاۋ يانېينىڭ مېهمانخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرغىنىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىشىكى ئادرېسى

كۆرۈپ ئالدىغا باردى:

— بەگزادەم، يېقىندىن بېرى چىرايلىرى سۇنۇق، كۆڭۈللىرى پەرىشان كۆرۈنىدۇ. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بار ئوخشايدۇ.

— سەن قانداق بىلدىڭ؟

— ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايمەن.

— قېنى ئەمىسە، مېنىڭ كۆڭلۈمدە نېمە كۆڭۈلسىزلىك بارلىقىنى تېپىپ باقامسەن؟

— بەگزادەم، خىياللىرىغا ھېلىقى لىن دېگەن نېمىنىڭ خوتۇنى كىرىۋاپتۇ، قانداق، تاپتىممۇ؟

— تازا كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. بىراق، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئېپى تېپىلمايۋاتىدۇ.

— بۇنىڭ نېمىسى تەس بولسۇن! لىن چۇڭنى باتۇر، بوي بەرمەيدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتقان ئوخشايلا، بۇنىڭدىن غەم يېمىسىلە، ئۇ ھازىر ئاتلىرى ئەمىرنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىپ، ھەممىدىن بەھىرىمەن بولۇۋاتقان يەردە، ئەمىر ھەزرەتلىرىنى رەنجىتىپ قويۇشقا قانداق پېتىنالىسۇن؟ ئەمىرنى رەنجىتىپ قويسا، يېنىكرەكى، يۈزگە خەت چېكىلىپ پالىنىدۇ، ئېغىرراقى، ئۆز جېنىدىن تۈگىشىدۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ بىر ھىيلىسىنى تېپىپ قويدۇم.

— نى - نى گۈزەل خېنىم - قىزلارنى كۆرگەنمەن. نېمىشقىدۇر، كۆڭلۈم بۇ خېنىمغا چۈشۈپ، ئاشىق بىقارار بولدۇم. سەن بىرەر ئەقىل كۆرسىتىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈپ بېرەلىسەڭ، ساڭا ئالاھىدە سۆيۈنچە بېرىمەن.

— پېقىرنىڭ سىردىشى پايلاقچى لۇ چيەن بولسا لىن چۇڭنىڭ قەدىناسى بولىدۇ. ئەتە سىلى لۇ چيەننىڭ بالىخانىسىدا مەي ۋە تائاملارنى تەييارلىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ مۆكۈنۈۋالىلا، لىن چۇڭنى فەنلۇ مەيخانىسىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيلىرىدىن بىرسىگە باشلاپ بېرىپ، مەيگە تەكلىپ قىلىپ، ئىچىشىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن لۇ چيەننى بۇيرۇۋېتىلا،

شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، مەن لىن چۇڭنىڭ ئۆيىگە بىرىپ، لىن چۇڭنىڭ خوتۇنىغا: «ۋاي خېنىم، تېز بولسىلا، كۈيۈلىرى مەشقاۋۇل بېگىم باياتىن لۇ چيەن بىلەن شاراب ئىچىشىۋېتىپ، تۇيۇقسىز دېمى سىقىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، هوشىدىن كەتتى» دەپ خەۋەر يەتكۈزىمەن ـ دە، ئۇنى سىلى تۇرغان بالىخانىغا ئالداپ ئاپىرىمەن، ئايال خەق دېگەننىڭ كۆڭلى سۇيۇق كېلىدۇ، ئۇ سىلىنىڭ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېرىمەي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا ئىختىيارسىزلا ماقۇل دەيدۇ. پېقىر مۇلازىملىرىنىڭ بۇ هىيلىسى قانداق، يارامدۇ؟

— پاھ! ئەجەبمۇ ياخشى هىيلە كۆرسەتتىڭا! — دەپ ماختىدى گاۋ يانېي.

— بۇگۈن كەچتىلا پايلاقچى لۇ چيەننى چاقىرتىپ تاپشۇراي.

پايلاقچى لۇ چيەننىڭ ئۆيى ئەمىر گاۋ چيۇغا قوشنا تام كوچىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئەتىسى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پىشتى. لۇ چيەننىڭمۇ «ماقۇل» دېيىشتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى؛ بەگزادىنىڭ كۆڭلىنى ئالدىغانلىكى ئىش بولسا، ئۇ قەدىناس دوستلىرىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايتتى. لىن چۇڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆڭۈل پەرىشانلىقىدىن كوچىغىمۇ چىقمىدى. بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ئىشىك ئالدىدا كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ: «مەشقاۋۇل ئۆيدىمۇ؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. لىن چۇڭ تالاغا چىقىپ قارىسا، پايلاقچى لۇ چيەن ئىكەن.

— بۇرادەر ئەزىز، بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىلاغۇ؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ ئالدىراپ.

— سىلىنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدىم. بىرنەچچە كۈن بولدى، ئۆزلىرى كەم دىدارغۇ؟

— كۆڭلۈم پەرىشان، ھېچ يەرگە چىقمىدىم.

— يۈرسىلە، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر ئاز مەي - پەي ئىچىپ كېلەيلى.

— ئازراق ئولتۇرسىلا، چاي تەييارلىتاي، — دېدى لىن چۆك لۇ چيەننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ئىككىيلەن چاي ئىچىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— يەڭگە، ئاغام بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىر ئاز ئولتۇرۇپ كېلىمىز، — دېدى لىن چۆكنىڭ خوتۇنىغا لۇ چيەن.

لىن چۆكنىڭ خوتۇنى پەردە ئارقىسىغا كېلىپ:

— غوجام، ئازراق ئىچىپ، بالدۇرراق قايتىپ كەلسىلە، جۇمۇسىلا، — دەپ تاپىلىدى.

لىن چۆك لۇ چيەن بىلەن ئۆيدىن چىقىپ بىردەم كوچا ئايلاندى.

— ئاغا، ئۆيگىمۇ بارماي، مۇشۇ فەنلۇ مەيخانىسىغا كىرىپ ئىچىپ چىقمايلىمۇ، — دەپ تەكلىپ قىلدى لۇ چيەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار فەنلۇ مەيخانىسىغا كىرىپ، ئايرىم بىر ھۇجرىدىن ئورۇن ئالدى. مەيپۇرۇشقا ئىككى كوزا ئېسىل مەي ۋە ياخشى مېۋىلەرنى ئەكەلدۈردى. بۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. شۇ ئارىدا لىن چۆك ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— ئاغا، نېمىگە ئۇھ تارتىپ يۈرىلا؟ — دەپ سورىدى پايلاقچى.

— ھەي قەدىرلىك ئۇكام، دانىشمەنگە يولۇقالمىغان ئوغۇل بالىنىڭ ھەرقانچە بىگىنىسى بولغىنى بىلەن بىكار ئىكەن. نا - ئەھلىلەرنىڭ قولىدا ئىزا - ئاھانەتكە قېلىپ، مۇشۇنداق قورساق كۆپۈكىدىن خالىي بولالمايدىكەن! — دېدى لىن چۆك.

— بۈگۈنكى كۈندە، ئوردا ياساۋۇللىرى ئىچىدە بىرقانچە مەشقاۋۇل بولغىنى بىلەن قابىلىيەتتە سىلىگە يېتەلەيدىغان كىم بار دەيلا؟ ئۈنىڭ ئۈستىگە، ئەمىر سىلىنى شۇ قەدەر ئەتىۋارلاپ يۈرگەن يەردە، كىمدىن قورساق كۆپۈكى قىلىلا؟

لىن چۆك گاۋ يانېينىڭ ئۆ كۈنكى ئەسكىلىكىنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بەردى.

— گاۋ يانبي يەڭگەمنى تونۇمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ يۈرۈۋەرمىسىلە. قېنى، مەيگە ئىلتىپات قىلىسىلا.

لىن چۈك يەتتە ـ سەككىز قەدەھ كۆتۈرۈۋېتىپ، كىچىك تەرىتى قىستىغانلىقتىن، لۈ چيەندىن ئىجازەت سوراپ:

— ھاجەت قىلىپ كېلەي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

لىن چۈك بالىخانىدىن چۈشۈپ، مەيخانىدىن چىقىپ، كۈنپېتىشتىكى ئارقا كوچىغا كىرىپ ھاجەت قىلىپ بولۇپ، قايتىپ ماڭغىنىدا، كوچىنىڭ ئاغزىدا دېدەك جىن ئېر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. جىن ئېر ئالاقزەدە بولغان ھالدا:

— ۋاي بېگىم، سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، بۇ يەردە يۈرۈپتىكەنلا ـ دە! — دەپ توۋلىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى لىن چۈك.

— ئۆزلىرى لۈ چيەن بىلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر ئەر كىشى ئۆيگە كىرىپ، خېنىمغا: «مەن پايلاقچى لۈ چيەننىڭ قوشنىسى بولىمەن، مەشقاۋۇلىمىز لۈ چيەن بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا دېمى سىقىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. پات بېرىپ قاراپ باقسىلا، خېنىم» دەپ خەۋەر ئەكەلدى. خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەررۇ تام قوشنا ۋاڭ مومايغا ئۆيدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويدى، ئىككىمىز ھېلىقى كىشىنىڭ كەينىدىن توپتوغرا ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى ئارقا كوچىغا جايلاشقان بىر كىشىنىڭ ھويلىسىغا كىردۇق. بالىخانىسىغا چىقىپ قارىساق، شىرە ئۈستىدە مەي ۋە تائاملار تىزىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇ يەردە ئۆزلىرى يوق ئىكەنلا. بالىخانىدىن چۈشەيلى دەپ تۇرساق، ئۇ كۈنى بۇتخانىدا خېنىمغا يېپىشقان ھېلىقى سولتەك چىقىپ: «ۋاي خېنىم، بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، كۈيۈلىرى ھازىر كېلىدۇ» دەپ ئالدىمىزنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. ئالدىراپ بالىخانىدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا، بالىخانىدا خېنىمنىڭ داد ـ پەريادى ئاڭلاندى. شۇڭا سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. سىلىنى ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋېتىپ، يولدا دورىپۇرۇش جاڭ تېۋىپنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ: «فەنلۇ مەيخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، مەشقاۋۇل كىمدۇر بىرسى بىلەن مەي ئىچكىلى كىرىپ كېتىۋاتاتتى» دېدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلدىم. چاققان بولسىلا غوجام.

لىن چۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. دېدەك جىن ئېرغىمۇ قارىماي، ئىككى ئايغىنى تۆت قىلىپ يۈگۈرگەن پېتى لۇ چيەننىڭ هويلىسىغا كىردى، پەلەمپەيدىن چىقىپ قارىسا، بالىخانىنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق ئىكەن. شۇ ئەسنادا، خېنىمنىڭ: «هېچنېمىدىن ـ هېچنېمە يوق، نېمىشقا ياخشى ئادەمنىڭ ئايالىنى ئۆيۈڭگە قامىۋالىسەن؟» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ۋە گاۋ يانېيىنىڭ: «جېنىم، رەھىم قىلىڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مېنىڭ هالىمنى كۆرسە، باغرى تاش ئادەممۇ ئېرىپ كېتىدۇ» دەپ يېلىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لىن چۇڭ پەلەمپەيدە ئىشىكنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— خېنىم، ئىشىكنى ئېچىڭ.

بۇ ئايال ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئېچىشقا يۈگۈردى. گاۋ يانېي بولسا چۆچۈپ، هودۇققان پېتى پەنجىرىنى ئاچتى ـ دە، بالىخانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بەدەر تىكىۋەتتى. لىن چۇڭ بالىخانىغا بېسىپ كىرىپ قارىۋىدى، گاۋ يانېيىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— خېنىم، — دەپ سورىدى لىن چۇڭ خوتۇنىدىن، — بۇ بەتبەخت سىزگە چېقىلمىغاندۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى خېنىم.

لىن چۇڭ لۇ چيەننىڭ ئۆي ـ سەرەمجانلىرىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ، كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى ـ دە، خوتۇنى بىلەن بالىخانىدىن چۈشتى. تالاغا چىقىپ قارىسا، ئىككى تەرەپتىكى قوشنىلارمۇ دەرۋازىلىرىنى چىڭ ئېتىۋاپتۇ. دېدەك قىز جىن ئېرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇچەيلەن بىللە ئۆيگە قايتىشتى.

لىن چۇڭ خەنجەرنى ئېلىۋېلىپ، ئۇدۇللاپ فەنلۇ مەيخانىسىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە لۇ چيەننى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ يەردىن يېنىپ كېلىپ، لۇ چيەننىڭ ئۆيى ئالدىدا كەچكىچە ساقلىدى. لۇ چيەن قايتىپ كەلمىگەچكە، لىن چۇڭ نائىلاج ئۆيىگە قايتتى. خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— مېنى ئۇ قولىغا چۈشۈرەلىگىنى يوق، ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىپ، بولدى قىلىڭ، — دېدى.

— لۇ چيەن دېگەن نەرسە ھايۋان ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئاكا - ئۇكىدەك يېقىن ئۆتتۇشكەن تۇرساق، يەنە كېلىپ مېنى ئالداپ يۈرگىنىنى! خەپ، گاۋ يانېي ئۇچراپمۇ قالار، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇتماي قويمايمەن!

خېنىم ئۇنى سىرتقا چىقارتماي، ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ توسۇۋالدى. لۇ چيەن بولسا ئەمىر مەھكىمىسىگە مۆكۈپ كىرىۋالغىنىچە ئۆيىگە قايتىشقا پېتىنالمىدى. لىن چۇڭ ئۇدا ئۈچ كۈن ساقلىدى، لۇ چيەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەھكىمىدىكىلەر لىن چۇڭنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان بولسىمۇ، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

تۆتىنچى كۈنى تاماق ۋاقتىدا، لۇ جىشېن لىن چۇڭنى يوقلاپ كېلىپ:

— مەشقاۋۇل، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەم دىدار بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چولام تەگمىگەچكە سىزنى يوقلاپ بارالمىدىم. بۇيان كېلىپ قاپسىلا، بىرەر قەدەھ قۇيۋاي دېسەم، غورىگىلىرەك بولۇپ قالدىغاندەك تۇرىدۇ، يۈرسىلە، كوچىغا چىقىپ بازاردا بىر ئاز ئىچىشەيلى.

— بولىدۇ.

ئىككىيلەن كوچىغا چىقىپ كەچكىچە ئىچىشتى ۋە ئەتە يەنە كۆرۈشمەكچى بولۇشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، لىن چۇڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك لۇ جىشېن بىلەن كوچىغا چىقىپ مەي - شاراب ئىچىدىغان بولۇپ قالدى، ھېلىقى ئىش بارا - بارا يادىدىن چىقىپ كەتتى.

دەرمان بولدى ئېرىنىڭ دەردىگە يار ـ بۇرادەر،
دەردتىن ئۇنى قىلدى خالاس ئويۇن ـ كۈلكە، مەي، لەپەر.
چېكىپ ھەسرەت ئايالى چۆكتى قايغۇ ـ ئەلەمگە،
تۆكمەيدۇ سۆزلىسە نالە ـ زارى شۇ قەدەر.

ئەمدى گەپنى گاۋ يانبېدىن ئاڭلايلى. گاۋيانبېي ئاشۇ كۈنى لۇ چيەنىڭ بالىخانىسىدا يۈرەكزەدە بولۇپ، تامدىن سەكرەپ قاچقاندىن كېيىن ئىچىدىكى دەردىنى ئەمىرگە ئېيتالماي، ئاغرىپ ئۆيىدە يېتىپ قالدى. لۇ چيەن بىلەن فۇئەن ئىككىسى ئۇنى يوقلاپ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچكەن، چىرايى تاتارغان، ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ ئىدى.

— بەگزادەم، كۆڭۈللىرى تولىمۇ سۇنۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ چيەن.

— راستىنى ئېيتسام، لىن چۇڭنىڭ خوتۇنىنى قولغا چۈشۈرىمەن دەپ، ئىككى قېتىم ئاۋارە بولۇپ چۈشۈرەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرى كېلىپ قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كېسىلىم بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يېرىم يىلغا بارماي جېنىمدىن ئايرىلىدىغاندەك تۇرىمەن.

— كۆڭۈللىرىنى كەڭ تۇتسىلا، بەگزادەم، — دەپ تەسەللى بەردى ئىككىسى، — بىز ئىككىمىز بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمىز، ئۇ ساقلىكى بولسا، بىر ئامال قىلىپ ئۇ خېنىمنى قوللىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىمىز.

شۇ چاغدا مەھكىمىنىڭ قېرى كاھبېگىمۇ بەگزادىنى يوقلاپ كىردى. قارىسا بەگزادە شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىكى:

نە قىچىشماي، ئاغرىماي، قىزىپ، سوۋۇيتتى بەدىنى،
ئەس ـ خىيالى چېچىلىپ، بىلمەيتتى نە ئاچ ـ توقىنى.
گېلىدىن ئۆتمەي غىزا، كەچ بولسا كەلمەي ئۇيقۇسى،
دەردىنى دوستلار بىلۇر، پەدەرگە قانداق ئېيتقۇسى.

لۇ چيەن بىلەن فۇئەن كاھبەگنىڭ ھال سوراپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ: «زادى شۇنداق قىلمىغۇچە ئىش پۈتمەيدۇ» دەپ مەسلىھەتلىشىۋالدى ـ دە، قېرى كاھبەگ ئاغرىقنى يوقلاپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن ئىككىسى ئۇنى خىلۋەت يەرگە تەكلىپ قىلىپ:

— بەگزادىنى كېسەلدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، لىن چۇڭنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ، خوتۇنىنى بەگزادىگە قوشۇپ قويماي بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بەگزادىنىڭ جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇنى ئەمىرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسىلا، — دېدى.

— بۇ ئاسان گەپقۇ، — دېدى قېرى كاھبەگ، — پېقىر ئاخشاملىقتا ئەمىرنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ مەلۇم قىلىپ قوياي.

— قىلتاقنى تەييارلاپ قويدۇق، ئۇچۇرىنىلا كۈتىمىز.

شۇ كۈنى ئاخشىمى قېرى كاھبەگ ئەمىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى:

— بەگزادىمىزنىڭ كېسىلى باشقا كېسەل ئەمەس ئىكەن، ئۇ لىن چۇڭنىڭ خوتۇنىغا كۆيۈپ قاپتۇ.

— ئۇنىڭ ئايالىنى قاچان كۆرۈپتۇ؟

— ئۆتكەن ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى، يۆمياۋ بۇتخانىسىدا كۆرگەنىكەن، ھازىر بىر ئايدىن ئېشىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى قېرى كاھبەگ ۋە لۇ چيەن ئىشلەتكەن ھىيلىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— ھە، شۇنداق دەڭ، — دېدى گاۋ چيۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئايالىنى دەپ ئۇنىڭغا قەست قىلساق قانداق بولار؟ لىن چۇڭنى ئاياپ قالاي دېسەم، بالام جېنىدىن ئايرىلىپ قالغۇدەك. قانداق قىلسام بولاركىن؟

— لۇ چيەن بىلەن فۇئەننىڭ ئويلاپ قويغان چارىسى بار ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلارنى چاقىرىڭ، مەسلىھەتلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرەيلى.

قېرى كاھبەگ دەرھال لۇ چيەن بىلەن فۇئەنىنى چاقىرىپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار تەزىم قىلدى.

— بەگزادىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق نىمە چارەڭلار بار؟ — دەپ سورىدى گاۋ چيۇ، — بالامنى كېسەلدىن ساقايتساڭلار، مەرتىۋەڭلارنى ئۆستۈرىمەن.

لۇ چيەن ئالدىغىراق كېلىپ:

— شاپائەتلىك بېگىم، بۇ ئىشنى ... قىلمىغۇچە بولمايدۇ، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ گاۋ چيۇنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ بارىكاللا ئېيتىپ:

— بەلەن چارە ئىكەن! ئەمسە، سىلەر ئەتىلا شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى. بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى لىن چۇڭدىن ئاڭلاڭ. لىن چۇڭ ھەر كۈنى لۇ جىشېن بىلەن مەي ئىچىشكە بېرىلىپ كېتىپ، بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. بىر كۈنى ئىككىسى ئايلىنىپ يۈرۈپ چامباشچىلىق مەيدانى جايلاشقان كوچىغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردە بېشىغا لۆڭگىنى پۈرمە قىلىپ باغلىۋالغان، ئۈستىگە نىمكەش جەڭ تونى كىيىۋالغان بىر ئادەمنىڭ سېتىق بەلگىسى قىستۇرۇلغان بىر زۇلپىقارنى تۇتۇپ كوچىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئىسسىت، بۇ زۇلپىقارىمغا مال تونۇيدىغان بىرەر خېرىدارمۇ چىقمىدى» دەۋاتاتتى. ا ، چۇڭ ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، لۇ جىشېن بىلەن پا ب

كېتىۋەردى. ھېلىقى دارازا ئۇلارنىڭ كەينىگە كىر

— تولىمۇ ئېسىل زۇلپىقار ئىدى، ئەت

تونۇيدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىدى! — دەپ

لىن چۇڭ لۇ جىشېن بىلەن قىز

مېڭىۋەردى. كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋ

— كۈنچىقىش ئاستانە بولغان

بىرەر ئادەمگە كۆرسەتمەي كەلگەن ، مەن كۆرۈپ باقاي دەپ بىرقانچە قېتىم ئۆتۈنگەن بولسامۇ كۆرسەتمىگەندى. بۈگۈن مەنمۇ شۇنداق زۇلپىقارغا ئىگە بولۇپ قالدىم. كېيىنچە ئۇنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەرمەن» دەپ ئويلىدى. لىن چۇڭ شۇ كۈنى زۇلپىقارنى خېلى ۋاقىتلارغىچە قولىدىن چۈشۈرمەي سىنچىلاپ كۆرۈپ ئولتۇردى. كېچىسى ئۇنى تامغا ئېسىپ قويۇپ قارىغىنىچە ئۇخلاپ قالدى. تاڭ ئاتار - ئاتمايلا يەنە قولىغا ئېلىپ قارىغىلى تۇردى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئىككى دورغا كېلىپ لىن چۇڭنى چاقىردى:

— مەشقاۋۇل، ئەمىر جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدۇق. ئۆزلىرىنى بىر ئېسىل زۇلپىقار ئاپتۇ، كېلىپ مېنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسۇن، دەيدۇ. ئەمىر جانابلىرى مەھكىمىدە سىلىنى كۈتۈپ قالدى.

«قايسى سۇخەنچى بېرىپ مەلۇم قىلىپ قويغاندۇ» دەپ ئويلاپ قالدى لىن چۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ.

ئىككى دورغا لىن چۇڭنى سۆرەپ تۇردى. لىن چۇڭ ئالدىراپ كىيىنىپ زۇلپىقارنى ئالدى - دە، دورغىلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. لىن چۇڭ يولدا كېتىۋېتىپ:

— مەن مەھكىمىدە سىلەرنى كۆرمىگەندەك قىلىمەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھېلىقى دورغىلار:

— بىز تېخى يېقىندا كېلىپ ئىشقا كىرىشتۇق، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇلار بىردەمدىلا مەھكىمىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئايۋانغا كىرگەندىن كېيىن لىن چۇڭ توختاپ قالدى. ھېلىقى ئىككى دورغا:

— ئەمىر ئارقا سارايدا ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى.

... دىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئارقا سارايغا كىرىپ قارىسا،

ئەمىر يەنىلا يوق تۇراتتى. لىن چۇڭ يەنە تۇرۇپ قالدى. ئىككى دورغا:

— ئەمىر ئىچكىرىدە تۇرىمەن، مەشقاۋۇلنى شۇ يەرگە باشلاپ كىرىڭلار دېگەنىدى، — دەپ لىن چۇڭنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، يەنە ئىككى - ئۈچ قات ئىشىكتىن ئۆتۈپ، ئەتراپى يېشىل سالاسۇنلۇق بىر جايغا باشلاپ كىردى. ئۇنى سالاسۇننىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— مەشقاۋۇل، مەشەدە سەل - پەل تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، بىز كىرىپ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويايلى، — دېدى - دە، ئىچكىرىگە كىرىپ غايىب بولدى. لىن چۇڭ لەمپە ئالدىدا زۇلپىقارنى تۇتۇپ بىر ئاش پىشىمغىچە ساقلاپ تۇردى، ھېلىقى ئىككى دورغا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنچە يېنىپ چىقمىدى. لىن چۇڭ گۇمان قىلىپ پەردىنى قايرىپ، بېشىنى تىقىپ قارىۋىدى، سارايىنىڭ ماڭلىيىغا يېزىقلىق تۇرغان «شىرمەتلەر سارىيى» دېگەن قارا خەتلەرگە كۆزى چۈشتى. لىن چۇڭ: «بۇ ساراي مۇھىم جەڭ ئۈستىدە مەسلىھەت بولىدىغان مەخپىي ئورۇن ئەمەسمىدى، بۇ يەرگە قانداقمۇ ئوپۇل - توپۇل كىرگىلى بولسۇن؟» دەپ ئويلاپ بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىسىدى. شۇ ئەسنادا، ئۆتۈكنىڭ غىچىلدىغان تىۋىشى ئاڭلاندى - دە، بىر كىشى سىرتتىن كىرىپ كەلدى. لىن چۇڭ شۇنداق قارىسا، كىرگەن ئادەم گاۋ ئەمىرنىڭ ئۆزى ئىكەن. لىن چۇڭ زۇلپىقارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان پېتى ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى.

— لىن چۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمىر، — سېنى مەن چاقىرمىغان تۇرسام، «شىرمەتلەر سارىيى»غا يولسىزلىق بىلەن بېسىپ كىرىشكە قانداقمۇ پېتىندىڭ؟ جاساق - تۈزۈم دېگەننى بىلمەسەن؟ تېخى زۇلپىقار كۆتۈرۈپ كەپسەن، مېنى قەستلىمەكچىمۇ؟ باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىلا زۇلپىقار كۆتۈرۈپ مەھكىمىنىڭ ئالدىدا ماراپ

يۈرۈپسەن. سەن چوقۇم پەيلىڭنى بۇزۇپسەن.
— يوقسۇ، ۋاپادار بېگىم، — دېدى لىن چۇڭ تەزىم قىلىپ، — بايا ئىككى دورغا: «ئەمىر جانابلىرى زۇلپىقارىڭنى كۆرەي دەيدۇ» دەپ كەمىنىلىرىنى چاقىرىپ كەلدى.
— قېنى ئۇ دورغىلار؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەمىر.
— ئۇ ئىككىسى سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.
— بىكار گەپ. بۇ سارايغا كىرىش قايسى دورغىنىڭ ھەددى ئىكەن! ھوي، قېنى سەنلەر، بۇ بەتبەختنى تۇتىۋالىڭلار!
ئەمىرنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، يان ئۆيدىن يىگىرمە نەچچە ئادەم خۇددى كەپتەرگە ئېتىلغان لاچىندەك، پاقلانغا ئېتىلغان يولۋاستەك ئېتىلىپ چىقىپ، لىن چۇڭنى ئۇ ياققا ئىتتىرىپ، بۇياققا سۆرەپ، چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى. گاۋ ئەمىر قاتتىق غەزەپ بىلەن:
— ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى تۇرۇقلۇق قانۇن دېگەننى بىلمەمسەن؟! نېمىشقا قولۇڭغا تىغ ئېلىپ، كىرىش مەنئى قىلىنغان بۇ سارايغا كىرىۋېلىپ، ماڭا قاتىللىق قىلماقچى بولۇپ يۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋە مۇلازىملىرىنى لىن چۇڭنى باغلاپ ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. لىن چۇڭنىڭ ھايات - ماماتى قانداق بولدى؟ ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

يۈردى دەۋرەپ ئەل ئىچىدە شۇنچە باتۇر - قەھرىمان،
ئوتتۇرا ئىقلىم زېمىننى ئالدى قاپلاپ مالىمان.
كىيدى لەشكەر ساۋۇتىنى كەتتى دېھقان قوزغىلىپ،
ھەم بىلىقچى كېمىسىمۇ تۈغ - ئەلەملەر قادىغان.

لىن چۇڭنىڭ ئاقىۋىتى زادى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب

## لىن مەشقاۋۇلىنىڭ ساڭجۇ ئايمىقىغا پالانغانلىقى
## لۇ جىشېننىڭ قاۋانلىقتا كارامەت كۆرسەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ چاغدا ئەمىر ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا قاتار تىزىلىپ تۇرغان چاپارمەنلەرگە لىن چۇڭنى دەرھال تۇتۇپ، كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. لىن چۇڭ: «ماڭا ئۇۋال بولدى» دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى.

— سەن «شىرمەتلەر سارىيى»غا نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ قولۇڭدا زۇلپىقار، بۇ ماڭا قاتىللىق قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىڭ بولماي نېمە؟ — دېدى ئەمىر.

— ئەمىر بېگىم، مېنى ئۆزلىرى قىچقارتمىغان بولسىلا، بۇ يەرگە كىرىش ھەددىممۇ؟ مېنى قىچقىرىپ كەلگەن ئىككى دورغا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار مېنى سارايغا ئالداپ ئەكەپتۇ.

— كاپشىما! مېنىڭ مەھكىمەمدە دورغا نېمە قىلسۇن؟ بۇ ئەبلەخ مېنىڭ ھۆكمىمگە تېخى قايىل بولمايۋېتىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمىر، — لىن چۇڭنى كەيفېڭ دىيارىغا يالاپ ئاپىرىڭلار، دىيارىبېگى تېز ھەزرەت ئۇبدان سوراق قىلىپ دېلونى ئېنىقلاپ، قاتتىق جازا بەرسۇن، ماۋۇ زۇلپىقارنىمۇ پېچەتلەپ، بىللە ئالغاچ بېرىڭلار، — دەپ چاپارمەنلەرگە بۇيرۇق بەردى. ئۇڭ قول، سول قول چاپارمەنلەر ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، لىن چۇڭنى كەيفېڭ دىيارىغا يالاپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا دىيارىبېگى دىۋاندىن تېخى يانمىغانىدى. بۇ دىۋان شۇنداق ھەيۋەت دىۋان ئىدى.

## نەزم

قىپقىزىل ھىلھىلە پەردە تارتىلىپ تۆت تامغا،
چۇچىلىق سۆسۇنە داستىخان سېلىنغان جوزىغا.
ئېسىلىپ تۆر تام بېشىغا چوغ قىزىل شەلپەر ئەلەم،
ئالىماچ بامبۇكتا تارتىلغان ئىشىككە پەردە ھەم.
بەگ ـ سىپاھلار ئۇندىلىپ ئەدلى ـ ئادالەتلىك تامان،
خان ئەمرىمەرۇپلىرى تاشقا پۇتۇلگەن ئانچىنان.
بەگ ـ سىپاھنى ئېھتىياتچان ھەمدە سۇرلۇك بول دېگەن —
«شۇك» سۆزىنى پۇتىگەن تاختايغا كاتتا سىر بىلەن.
خۇپىيانە ئىشلار سىپاھى سەپ تۇزۇپ لەشكەر بىلەن،
ئىككى ياقتا تەخ تۇرار پەرمانچىلار ھۆرمەت بىلەن.
لەشكىرىي پەرمان كۇتۇپ جىم، بەگلىرى سۇرلۇك ئىدى،
تاپسىدا پالاق تۇتار تەزىرچىلەر تۇرلۇك ئىدى.
ھەق تەلەپ ماجىرالىرىغا دادخاھ ھازىر بولۇپ،
شۇنچە دەل ھۆكۈم قىلاتتى ئەدلى مىزاننى تۇتۇپ.
دەتالاش، ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ قايسى ناھەق، قايسى ھەق،
خۇددى ئەينەكتەك ئېنىق ھۆكۈم چىقاتتى ھەممە ۋاق.
بىر ۋىلايەتنى تۇتار ئۆز ئىلكىدە بۇ چوڭ سىپاھ،
مىسلى بىر ئاتا ـ ئانىدەك ئىدى ئۇ ئەلگە پاناھ.
سۇرىدىن ھەربىر گۇناھكار تىترىشەر غال ـ غال قىلىپ،
ئۆزىنى گوياكى دەھشەت مۇزدا تۇرغاندەك بىلىپ.
ئاڭلىسا ئەھلى ـ خالايىق بۇ بېگىمدىن نەسىھەت،
خۇددى ئەينەكتەك يورۇق يولغا ماڭار ئازماي پەقەت.
ئېيتسا ـ ئېيتسا تۇگىمەس دىياربېگىمنىڭ خىسلىتى،
ئەۋلىيا ـ خىزىر ئىدى گويا ئۇنىڭ سۇر ـ ھېكمىتى.

ئەمىرلەشكەر گاۋ چيۇنىڭ چاپارمەنلىرى لىن چۇڭنى باغلاپ

دىيار مەھكىمىسىگە ئەكېلىپ، دىۋاننىڭ سۇپىسى ئالدىدا يۈكۈندۈرۈپ، ئەمىرنىڭ دىگەنلىرىنى تىلىڭ دىياربېگىگە يەتكۈزدى ۋە ئەمىر پىچەت سالغان ھېلىقى زۇلپىقارنى لىن چۇڭنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— لىن چۇڭ، — دەپ سوراقنى باشلىدى دىياربېگى، — ئۆزۈڭ ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى تۇرۇقلۇق، قانۇن دىگەننى بىلمەمسەن؟ نىمىشقا ئەتەي كىرىش مەنئى قىلىنغان سارايغا تىغ كۆتۈرۈپ كىردىڭ؟ بۇ ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىدىغان گۇناھ، بىلەمسەن!

— شاپائەتلىك بېگىم، ئادىل ئاتا، دەردىمگە يەتسىلە، ماڭا ناھەق بولدى! پىقىر تومپاي بىر سىپاھ بولغىنىم بىلەن، قانۇن-تۈزۈمدىن خىلى خەۋىرىم بار. كىرىش مەنئى قىلىنغان سارايغا خالىغانچە ئۇسۇپ كىرىشكە پېتىنالايدىغان نەچچە بېشىم بار دەيلا؟ — دەپ ھال-ئەھۋال ئوقۇدى لىن چۇڭ، — ئەھۋال مۇنداق: ئۆتكەن ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزى ياغ پۈرىتىش ئۈچۈن ئايالىم بىلەن بۇتخانىغا بارغانىدىم. ئۇ يەردە ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ بەگزادىسى گاۋ يانىيغا يولۇقۇپ قالدۇق، ئۇ ئايالىمغا چىقىلىپ، ئەسكىلىك قىلىۋاتقىنىدا ئۇنى قوغلىۋەتتىم، كىيىن ئۇلار پايلاقچى لۇ چيەن ئارقىلىق ھىيلە ئىشلىتىپ پىقىرنى مەيخانىغا ئالداپ ئېلىپ كېتىپ، فۇئەننى ئۆيۈمگە ئەۋەتىپ، ئايالىمنى لۇ چيەننىڭ بالىخانىسىغا ئالداپ ئاپىرىپ قانات سۆرەپتۇ. پىقىر خەۋەر تېپىپ بېرىپ لۇچيەننىڭ ئۆيىنى مالىمان قىلىۋەتتىم، ئۇ ئىككىلا قېتىمدا باسقۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىگە گۇۋاھچى بار. ئەتىسى بازاردىن مۇشۇ زۇلپىقارنى سېتىۋالدىم. بۇگۈن ئەمىر «زۇلپىقارنى مەھكىمىگە ئەكەلسۇن، بىزنىڭ زۇلپىقار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى» دەپ ئۆيۈمگە ئىككى دورغا ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دورغىنىڭ كەينىدىن شىرمەتلەر سارىيىنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ ئىككىيلەن ئىچكىرىگە كىرىپ

كەتتى. كۆتۈلمىگەندە ئەمىر سىرتتىن كىرىپ قالدى. ئۇلار ئەسلىدە پېقىرغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن تۇزاق قۇرغانىكەن. شاپائەتلىك بەگ ھەزرەتلىرىنىڭ ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

دىياربېگى لىن چۇڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جاۋاب خەت يازدۇرۇپ ماڭدۇردى. بىر ياقتىن لىن چۇڭنىڭ بوينىغا تاقاق سېلىپ زىندانغا تاشلىدى. لىن چۇڭنىڭ بالىچاقىلىرى تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا پۇل خەجلەپ تۇردى. لىن چۇڭنىڭ قېيىنئاتىسى مەشقاۋۇل جاڭمۇ ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ھال ئېيتىپ، پۇل - مال پارە بېرىپ يۈردى. خەيرىيەت، مەزكۇر دېلونى باشقۇرىدىغان سۇن دىڭ ئاتلىق كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئاق كۆڭۈل بىر پەتىۋاچى ئادەم بار ئىدى. خەلق ئۇنى: «سۇن ئەۋلىيا» دەپ ئاتايتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىق بىلەتتى. ئەگىتىپ كېلىپ ۋەقەنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى دىياربېگىگە سۆزلەپ بەردى:

— بۇ دەۋادا ھەقىقەتەن لىن چۇڭغا ناھەقچىلىك بوپتۇ. ئۇنىڭ دادىغا يەتسەك بولىدىكەن.

— ئۇ شۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان تۇرسا، ئەمىر گاۋ چيۇ: «جازاغا تارتىلسۇن» دەپ تەستىق سالغان تۇرسا، «تىغ كۆتۈرۈپ، مەقسەتلىك ھالدا شىرمەتلەر سارىيىغا كىرىپ، ئەمىرگە قاتىللىق قىلماقچى بولغان» دەپ ئىقرار قىلدۇرماي بولمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ دادىغا قانداق يېتىمىز؟ — دېدى بەگ.

— بىزنىڭ بۇ مەھكىمىمىز كەيفېڭ دىيار مەھكىمىسى، ئۇ خان ئوردىسىنىڭ مەھكىمىسى بولماي، ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ شەخسىي مەھكىمىسىكەن - دە؟!

— يوقىلاڭ گەپنى قويۇڭ.

— ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ دەۋران سۈرۈپ، مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ يۈرگىنىنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ

قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى يوق. كىمكى سەل - پەل چىقىلىپ قويسىلا، كەيفىڭ دىيار مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ، چاپتۇرىمەن دېسە چاپتۇرىدۇ، چانىتىمەن دېسە چانىتىدۇ. مانا بۇ يامۇل ئۇلارنىڭ دېگەن بولماي نېمە؟

— سىزنىڭچە، دېلودا لىن چۈگغا قانداق ياردەم بېرىش كېرەك؟

— لىن چۈڭنىڭ ئېغىز ئىقرارىدىن قارىغاندا، ئۇ گۇناھسىز ئادەم. بىراق، ھېلىقى ئىككى دورغىنى قولغا چۈشۈرەلمەيمىز - دە. ئۇنى «يېنىمغا تىغ ئېسىلغان ھالدا ئۇقۇشماي، «شىرمەتلەر سارىيى»غا كىرىپ قاپتىمەن» دەپ ئىقرار قىلدۇرايلى. ئاندىن يىگىرمە دەررە ئۇرغۇزۇپ، يۈزىگە خەت چېكىپ، چەت - ياقا لەشكەر كۇرەسىگە پالىۋېتەيلى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ يەتكەن تېڭ دىيارېبگى ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ لىن چۈڭنىڭ ئېغىز ئىقرارىنى قايتا - قايتا مەلۇم قىلدى. يولسىزلىقىدىن گاۋ چيۇنىڭمۇ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى. شۇڭا، دىيارېبگىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەي ئۇنىڭ ھۆكمىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى. دىيارېبگى شۇ كۈنى ئەمىر مەھكىمىسىدىن قايتىپ كېلىپلا لىن چۈڭنى چاقىرتىپ، بويىندىكى تاقاقنى ئالدۇرۇپ، غولىغا يىگىرمە دەررە ئۇرغۇزدى. خەت چەككۈچىدىن بىرنى چاقىرتىپ، لىن چۈڭنىڭ مەڭزىگە خەت چەكتۈردى. جاينىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى مۆلچەرلەپ: «ساڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار يۇرتىغا پالانسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقاردى ۋە بويىنى بىلەن مەيدىسىنى قاپلاپ تۇرىدىغان يەتتە يېرىم جىڭ ئېغىرلىقتىكى يېرىم چەمبەر قاڭالتىر تاقاقنى بويىنغا سالدۇردى ھەم ئۇستىگە پېچەت چاپلىدى. لىن چۈڭنى يالاپ مېڭىشقا ئىككى يايى تەيىنلىدى - دە، بىر پارچە ئالاقە قەغىزى بىلەن يولغا سالدى.

ئىككى يايىنىڭ بىرى دۇڭ چاۋ، بىرى شۆ با ئىدى. ئۇلار

ئالاقىنى ئېلىپ، لىن چۈڭنى يالاپ دىيار مەھكىمىسىدىن چىققاندا، مەھكىمە ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان لىن چۈڭنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ھەم قېينىئاتىسى جاڭ مەشقاۋۇل لىن چۈڭ بىلەن ئىككى يايىنى چوڭ كۆۋرۈك يېنىدىكى مەيخانىغا باشلاپ كىردى، ھەممەيلەن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن لىن چۈڭ ئېغىز ئېچىپ:

— بەختىمگە يارىشا پەتىۋاچى سۈن دىڭ كۆپ ئىلتىپات قىلدى، كالتەك قاتتىق تەگمىدى، شۇڭا ماڭالىغۇدەك ھالىم بار، — دېدى.

جاڭ مەشقاۋۇل مەيپۇرۇشقا مەي ۋە مېۋە - چېۋە كەلتۈرگۈزۈپ، ئىككى يايىنى كۈتۈۋالدى. بىرنەچچە قەدەھ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن جاڭ مەشقاۋۇل يېنىدىن كۈمۈش پۇل چىقىرىپ، ئىككى يايىغا تەقدىم قىلدى. لىن چۈڭ قېيىنئاتىسىغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— قېيىنئاتا، ئۆزلىرىگە مەلۇم، بىتەلەي كۈيئوغۇللىرى گاۋ يانېينىڭ سۇيىقەست قىلىشى بىلەن بۇگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. بۇگۈن ئۆزلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار: ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلىپ، قىزلىرىنى پېقىرغا ياتلىق قىلغانلىرىغا ھازىر ئۈچ يىل بولدى، ئالدىمدىن توغرا ئۆتكىنى يوق. بىرەر پەرزەنت كۆرمىگىنىمىز بىلەن، قىزىرىشىپ - تەگىشىپ قالغىنىمىزمۇ يوق. بۇگۈنكى كۈندە پېقىر مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن بالا - قازاغا ئۇچراپ قېلىپ ساڭجۇ ئايمىقىغا پالاندىم، يا ھايات قېلىشىمنى، يا ئۆلۈپ كېتىشىمنى بىلمەيمەن. خېنىم ئۆيدە قالسا كۆڭلۈم تىنمايدۇ، گاۋ يانېي ئۇنى نىكاھىمغا ئالىمەن دەپ قىستىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە خېنىمنىڭ تېخى نۆۋەرلىك ياش، غۇنچە چېغى، پېقىرنى دەپ ئۆمرى ھارام ئۆتمىسۇن. بۇگۈن ھەرقايسى قولۇم - قوشنىلارمۇ كېلىپتۇ، قەغەزگە ئېنىق يېزىپ خېتىنى بېرىۋېتەي، باشقىدىن ياتلىق بولسىمۇ ئىختىيارى. بۇ مېنىڭ ئۆز قارارىم، باشقا بىرسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قىلىۋاتقىنىم

www.uyghurkitap.com

يوق، ھەرگىز دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن. شۇنداق بولسا گاۋ يانپىينىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولار، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ، — دېدى.

— قانداق گەپ بولدى بۇ، ئوغلۇم! — دېدى جاڭ مەشقاۋۇل، — پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن بالا - قازاغا دۇچ كېلىپ قالدىڭىز، بۇ بالا - قازانى ئۆزىڭىز تېپىۋالغان ئەمەس. بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھازىرچە ساڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ تۇرۇڭ، ئاخىر بىر كۈنى تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ قايتىپ كەلسىڭىز ئەجەب ئەمەس، شۇ چاغدا ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار يەنە بېشىڭلارنى بىر يەردە قىلارسىلەر. پېقىرنىڭ قول ئىلكىدىمۇ خېلى ۋەج - دۇنيا بار. قىزىمنى ھەم جىن ئېرنى ئۆيۈمگە ئەكېتىمەن. قانداقلا بولسۇن، ئۇلارنى تۆت - بەش يىل باقالىغۇدەك قۇدرىتىم بار. ئۇنى ھەم تالاغا چىقارتمايمەن. گاۋ يانېي دىدارىنى كۆرۈشكىمۇ ئىمكان تاپالمايدۇ. غەم يېمەڭ، ھەممە ئىشنى ماڭا قالدۇرۇڭ. سىز ساڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار يۇرتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن پات - پات خەت يېزىپ تۇرىمەن، كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ بېرىمەن. كەلسە - كەلمەس بىھۇدە خىياللاردا بولماي، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ.

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت، قېيىنئاتا، — دېدى لىن چۇڭ، — ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە چېتىلىشىپ قالارمىزمىكىن دەپ خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. پېقىرغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، ماقۇل دېسىلە، ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتەي.

جاڭ مەشقاۋۇل بۇنىڭغا ئۇنىمىدىغان، قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ نەسىھەت قىلىشتى.

— پېقىرنىڭ دېگىنى بويىچە بولمايدىغان بولسا، بىر ئامال قىلىپ قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەزبىرايى ئۇنىڭ بىلەن باش قوشمايمەن، — دېدى لىن چۇڭ.

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا بوپتۇ، مەيلىڭىز، خېتىنى بەرسىڭىز بېرىڭ، بەربىر قىزىمنى باشقا بىرسىگە ياتلىق

قىلمايمەن، — دېدى جاڭ مەشقاۋۇل ۋە شۇئان مەيپۇرۇشقا خەتچىدىن بىرنى چاقىرتتۇردى ۋە بىر ۋاراق قەغەز ئەكەلدۇردى. خەتچى قەلەمنى تەۋرىتىپ، لىن چۈڭنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە يازدى:

مەنكى ئاستانىدىكى سەككىز لەڭ ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى لىن چۈڭدۇرمەن، شول توغرۇلۇق تىلخەت بېرىمەنكى، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ساڭجۇ ئايمىقىغا پالاندىم. بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن يا ئامان قېلىشىمغا، يا ئۆلۈپ كېتىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئايالىم جاڭ شى تېخى ياش، ئۆز رازىلىقىم بىلەن ئۇشبۇ خەتنى بەردىم. باشقىدىن ياتلىق بولىمەن دېسە ئىختىيارى ئۆز قولىدا. مەڭگۇ دەۋا - دەستۇر قىلمايمەن. خېتىنى بېرىشىم باشقىلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئەمەس، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولدى، دەلىل - ئاساس بولسۇن ئۈچۈن مۇشۇ تىلخەتنى يېزىپ بەردىم.

- يىلى - ئاينىڭ - كۈنى

خەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن لىن چۈڭ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ،  - يىلى  - ئاينىڭ  - كۈنىنىڭ تېگىگە بارمىقىنى بېسىپ قول قويدى.

خەت پۈتۈپ، لىن چۈڭ ئۇنى قېيىنئاتىسىنىڭ قولىغا بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ خېنىمى: «ئاللا - توۋا» سىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتى مەيخانىغا ئېتىلىپ كىردى. دېدەك قىز جىن ئېر بىر بولاق كىيىم - كېچەكنى قولتۇقلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى. لىن چۈڭ ئۇلارنى كۆرۈپلا، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردى:

— خېنىم، كەمىنىلىرىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بار ئىدى، ئۇنى ھېلى قېيىنئاتىمىزنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدۇم. پېقىر شور پېشانىلىكىمدىن قۇرۇق تۆھمەتكە قالدىم. بۈگۈن ساڭجۇ

ئايمىقىغا كېتىۋاتىمەن، ھايات قېلىشىم ناتايىن. خېنىمنىڭ ياشلىق ئۆمرىگە زامىن بولۇپ قالماي دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. ھېلى بىرنېمە يازدۇرۇپ قويدۇم. ھەرگىز پېقىرغا قاراپ تۇرمىسىلا، لايىقلىرى چىقسىلا ياتلىق بولىۋەرسىلە، پېقىرنى دەپ ئۆمۈرلىرىنى ھارام كەتكۈزمىسىلە.

خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھۆكرەپ يىغلىدى:

— غوجام، ئۇنىڭغا تېخى قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان تۇرسام، نېمىشقا خېتىمنى بېرىلا!

— خېنىم، مەن ياخشى نىيەت بىلەن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن، كېيىنكى كۈنلەردە ھەر ئىككىمىزگە دەخلى بولۇپ قالمىسۇن، قۇرۇق ساقلىتىپ ئاۋارە قىلماي دەپ ئويلىدىم.

— قىزىم، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى جاڭ مەشقاۋۇل سۆز قېتىپ، — كۈيۈئوغلىمىز شۇنداق قارارغا كەلگىنى بىلەن مەن سېنى باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلارمىدىم! بۇ ئىش ھازىرچە شۇنداق بولۇپ تۇرسۇن، ئۇ خاتىرجەم كېتىۋەرسۇن، ئۇ قايتىپ كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، سېنى ئۆمۈر بويى يېنىمدا باقىمەن، قانداقلا بولسۇن نومۇسۇڭنى ساقلايمەن.

خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتنى كۆرگەندىن كېيىن يىغلاۋېرىپ، ئاخىر يىقىلدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. پۇت ـ قوللىرى بولسا قېتىپلا قالدى.

## غەزەل

جىڭشەندىكى جۇپ قاشتېشى سۇندى، ئىسىت،
شۇ قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلار ۋەيران بولدى؛
گۆھەر ئەينەك سۇنۇپ ئەمدى، تۆكۈلدى گۈل،
شېرىن كۈنلەر بىلەن تۈنلەر ھارام بولدى.

قىزىل ۋادەك يېنىدىكى چوغلۇق گۈلدەك،
گۈل ھۆسنىدەك پەرى جانان گۇمران بولدى.
تەۋەججۇھتا تۇرغان گويا سەنەم بۇتتەك،
لەۋلىرىنى چىشلىدى كەم زوۋان بولدى.
چىقتى ئاخشام گۈل باغچىدا قارا بوران،
مېيخۇاگۈلى تۆكۈپ ياپراق خازان بولدى.

لىن چۈك قىيىنئاتىسى جاڭ مەشقاۋۇل بىلەن ئالدىراپ خېنىمنى يۇلىدى، ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئەمما، يىغىسىنى باسالمىدى. لىن چۈك خەتنى جاڭ مەشقاۋۇلغا تاپشۇرۇپ بەردى؛ ئايال قولۇم - قوشنىلار لىن چۈكنىڭ خانىمىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. جاڭ مەشقاۋۇل لىن چۈكغا جېكىلەپ ئېيتتىكى:
— يولىڭىز ئاق بولسۇن، ئامان - ئېسەن كۆرۈشەرمىز، بالىچاقىڭىزنى ئەتىلا ئېلىپ كېتىپ، ئۆيۈمدە باقىمەن، سىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قولىڭىزغا تاپشۇرىمەن، ئەنسىرىمەي خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ. بۇ ياقتا كېلىدىغان ئادەم بولسىلا، ئۇنتۇماي پات - پات خەت - چەك يېزىپ تۇرۇڭ.
لىن چۈك ئورنىدىن تۇرۇپ، قېيىنئاتىسى ھەم قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، بوغجۇمىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، يايىلار بىلەن يۇرۇپ كەتتى. جاڭ مەشقاۋۇل بىلەن قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.
بۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ تۇرسۇن، گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى. يايى دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با لىن چۈكنى مۇلازىملار ئۆيىگە ئاپىرىپ، نازارەتچىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، سەپەر جابدۇقىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىشتى. دۇڭ چاۋ ئۆيىدە بوغجۇمىسىنى تەييارلاۋاتاتتى. دوقمۇشتىكى مەيخانىنىڭ مەيپۇرۇشى كېلىپ:
— تەخسىر، مەيخانىمىزدا بىر بەگ غوجام ئۆزلىرىنى بىر

كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ، گېپى بار ئىكەن، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— كىم ئىكەن؟

— مەن تونۇمايدىكەنمەن. ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكىلا ئەۋەتتى.

ئەسلىدە سۇلۇڭ زامانىسىدا پادىشاھلىق خادىملارنىڭ ھەممىسى «تەخسىر» دەپ ئاتىلاتتى.

دۇڭ چاۋ شۇئان مەيپۇرۇش بىلەن ئۇدۇللا مەيخانىغا كەلدى، ئىچكىرىكى خاس ئۆيگە كىرىپ قارىسا، بېشىدا بۇددا كىرىپىست گۈلى كەشتە قىلىنغان ياغلىق چىگكەن، ئۈستىگە قارا شايى جىلىتكە، پۇتىغا ئاق پايپاق ۋە قارا ئۆتۈك كىيگەن بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى دۇڭ چاۋنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپلا، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ:

— كەلسىلە، تەخسىر، — دەپ ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

— ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغانىكەنمەن، كەمىنىلىرىنى چاقىرتىپتىلا، قانداق خىزمەت بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى دۇڭ چاۋ.

— مەرھەمەت، ئولتۇرسىلا، ھېلى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى ئۇ كىشى.

دۇڭ چاۋ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. مەيپۇرۇش بۇلارنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە مەي، كۆك - گېزەك، يەل - يېمىش ۋە باشقا تائاملارنى تىزدى.

— تەخسىر، شۇ بانىڭ ئۆيى نەدىكىن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

— ئۇدۇلدىكى كوچىدا، — دەپ جاۋاب بەردى دۇڭ چاۋ.

ھېلىقى كىشى مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ: «شۇ بانى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى.

بىر پىيالە چاي ئىچكۇدەك ۋاقىتتىن كېيىن شۇ با يېتىپ كەلدى، دۇڭ چاۋ:

— بۇ بەگ غوجىمىزنىڭ بىزگە سۆزى بار ئىكەن، — دېدى.

— جانابلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپلىرى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى شۆ با.

— بىردەمدىن كېيىن بىلىپ قېلىشىلا. قېنى، مەيگە بېقىشسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇ كىشى.

ئۇچەيلەن شىرەدىن ئورۇن ئېلىشتى. خىزمەتكار مەينى ئەللىتىپ قۇيدى. بىرقانچە قەدەھ ئىچىشكەندىن كېيىن ھېلىقى كىشى يەڭ ئىچىدىن ئۇن سەر ئالتۇننى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ:

— ئىككىلىرى مانا بۇنى بەش سەردىن ئېلىشسىلا، ھەرقايسىلىرىنى مالال قىلىدىغان كىچىككىنە بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى.

— ئۆزلىرى بىلەن تونۇشمايدىكەنمىز، بىزگە نېمىشقا ئالتۇن بېرىلا؟

— ئىككىلىرى ساڭجۇ ئايمىقىغا كېتىپ بېرىشىلىغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

— ئىككىمىز مەھكىمىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە لىن چۇڭنى شۇ يەرگە يالاپ ئېلىپ بارماقچىمىز، — دېدى دۇڭ چاۋ.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مەن ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىدىكى گاۋ ئەمىرنىڭ يېقىن ئادىمى، پايلاقچى لۇ چيەن دېگەن بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇ كىشى.

دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با دەررۇ ئەپۇ سوراپ:

— خوش، خوش! جانابلىرى بىللە ئولتۇرغۇچىلىك ئادەم ئەمەستۇق، قانداقمۇ ھەمداستىخان بولىلى، — دېيىشتى.

— لىن چۇڭ ئەمىر لەشكەرنىڭ رەقىبى. بۇ ئەھۋال ئىككىلىرىگىمۇ مەلۇم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى لۇ چيەن، — ئەمىر جانابلىرى ماۋۇ ئۇن سەر ئالتۇننى ئىككىلىرىگە ئەۋەتتى، ئانچە يىراققا ماڭماي، دالدىراق بىر جايغا

www.uyghurkitap.com

بىرىپلا، لىن چوڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «لىن چوڭ يولدا ئۆلۈپ قالدى» دەپ شۇ يەردىن بىر دەلىل ـ ئىسپات قەغىزى ئېلىپ قايتىشىسىلا بولدى. بۇ تاپشۇرۇقنى «ياق» دېمەي بەجا كەلتۈرۈشىسىلە. كەيفىڭ مەھكىمىسى سۈرۈشتۈرۈپ قالسىمۇ زەرەرى يوق، بۇنىڭغا ئەمىر لەشكەر ئۆزى جاۋاب قىلىدۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولماسمىكىن، — دېدى دۇڭ چاۋ ئەندىشە قىلىپ، — كەيفىڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىسىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئەمەس، تىرىك ئاپىرىدۇ دېيىلگەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ يېشىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن. يولدا ئۆلۈپ قالدى دېسەك، خەق چىنپۇتمەس. بىرەر پالاكەت تۇغۇلۇپ قالسا، بىزگە چاتاق بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى.

— ھەي ئاداش، دۇڭ چاۋ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى شۆ با، — گېپىمگە قۇلاق سال، ئەمىر ھېلىغۇ ماۋۇ بەگ غوجامدىن بىزگە ئالتۇن ئەۋەتىپتۇ، بىزنى ئۆلۈشكە بۇيرۇسىمۇ «ياق» دېيەلمەيمىز. ئارتۇق گەپنى قوي، مانى بۆلۈشىۋالايلى. ھازىر ئادەمگەرچىلىك قىلىپ قويساق، كېيىن بىزگىمۇ ئەسقېتىپ قالار. ئالدىمىزدا ھەر ـ ھەر بۆك قارىغايلىق، دەھشەتلىك جايلار بار. قانداقلا بولسۇن، ئۇنى جايلىۋېتەيلى، — شۆ با سۆزلەۋېتىپ ئالتۇننى قولىغا ئالدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەگ غوجام، خاتىرجەم بولسىلا، كۆپ بولسا بەش ئۆتەڭ، ئاز بولسا ئىككى ئۆتەڭ يەرگە بارمايلا جايلىۋېتىمىز.

— بارىكاللا ! مانا، تەخسىر شۆ با تازا كەسكىن ئادەم ئىكەن! — دەۋەتتى لۇ چيەن خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي، — ئەتە ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇنتۇماي لىن چوڭنىڭ يۈزىگە بېسىلغان ئالتۇن تامغىنى دەلىل تەرىقىسىدە سويۇپ ئالغاچ كېلىشىسىلە. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئىككىلىرىگە يەنە ئون سەر ئالتۇن ئېلىپ بېرىمەن، خۇش خەۋەرلىرىنى كۈتۈپ تۇرىمەن، ئىش تەخىرگە قالمىسۇن.

سۇڭ زامانىسىدا سۈرگۈن قىلىنىدىغان مەھبۇسلارنىڭ

يۇزىگە خەت چېكىلەتتى. لېكىن، باشقىلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئۇنى «ئالتۇن تامغا بېسىش» دەپ ئاتىشاتتى.

بۇ ئۆچەيلەن يەنە بىردەم شاراب ئىچىشكەندىن كېيىن لۇ چيەن پۇلنى تۆلىۋەتتى. ئاندىن مەيخانىدىن چىقىپ خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با ئالتۇننى بۆلۈشىۋالغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۆيدىن يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، ئالا كالتەك① لىرىنى كۆتۈرۈپ مۇلازىملار ئۆيىگە كېلىپ، لىن چۈڭنى ئالدىغا سالدى ـ دە، يولغا راۋان بولدى. شۇ كۈنى شەھەردىن چىقىپ ئوتتۇز چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول مېڭىپلا، بىر ئۆتەڭگە كېلىپ چۈشتى. سۇڭ زامانىسىدا مەھبۇسلارنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان يايىلار دەڭ ـ سارايلارغا چۈشسە، ساراي ھەققى ئېلىنمايتتى. بۇلار شۇ يەردە بىر كېچە قوندى. ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، تامىقىنى ئېتىپ يەپ، ساڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغ ئالتىنچى ئاينىڭ ئىسسىق تومۇز ۋاقتى ئىدى، لىن چۈڭ كالتەك يېگەن بولسىمۇ، يولدا دەسلەپ ئانچە بىلىنمىگەنىدى. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن تېنىدىكى يارىلىرى زورۇقۇپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاياق يەپلا يولغا چىققاچقا، سەنتۈرۈلۈپ ماڭالماي قالدى. شۆ با لىن چۈڭغا قاراپ:

— دىتى يوق بىرنېمىكەنسەن ! بۇ يەردىن ساڭجۇ ئايمىقىغا ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بار. مۇنداق ماڭىدىغان بولساڭ، قاچان يېتىپ بارىمىز؟ — دەپ ئاچچىقلاندى.

— يېقىندا ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىدە ئۆلۈشكۈنلا كالتەك يەپ، بىرئاز ئازابلانغانىدىم. بۇ ئىسسىقتا شۇ تاياقنىڭ زەردى قوزغىلىپ كەتتى. ھەرقايسىلىرى بىرئاز ئېتىبار قىلىشسىلا، —

① ئالا كالتەك — يايىلارغا قاتتىق ياغاچتىن مەخسۇس ياساپ بېرىلگەن يېرىمى قىزىل، يېرىمى قارا بويالغان قىسقا كالتەك.

دېدى لىن چۇڭ.

— ئۇ كوتۇلداۋەرسۇن، قۇلاق سالماي ئاستا مېڭىۋەر، — دەپ قويدى دۇڭ چاۋ.

شۆ با بولسا:

— ئاكاڭ قارىغاينى قارا باسقاندەك، مۇشۇ ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغىنىمنى قارا، — دەپ يول بويى كوتۇلداپ ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ يەنە كەچ كىرىپ قالدى.

## نەزم

چوغدەك شەپەق نۇرىن چېچىپ ئولتۇردى كۈن،
ئەينەكسىمان جىلۋىلىنىپ تۇرار تولۇن.
قىيا ئۇچۇق گادايلارنىڭ شاخچىلىرى①،
تۇرخۇنلىرىدىن پۇرقۇپ - پۇرقۇپ چىقار تۈتۈن.
ماڭدى قەدىم بۇتخانىغا راھىب پاناھداپ،
قاغا - قۇزغۇن چاڭگىسىغا قايتتى قاقىلداپ؛
قېيىقلارمۇ تۇرار ئىدى قىرغاقتا يانداپ،
تومۇزغىلار چىرىلدىشىپ، شاخلار شارىلداپ.
كالا مۆرەپ، قويلار مەرەپ قايتتى قىستىشىپ،
ئېشەك ھاڭراپ، كېلەر ئاتلار ھارغىن كىشنىشىپ.

شۇ ئاخشىمى بۇلار بىر مەھەللىدىكى سارايغا چۈشتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئىككى يايى كالتەكلىرىنى تاشلاپ، بوغجۇملىرىنى يېشىپ يەرگە قويدى. لىن چۇڭمۇ بوغجۇمىسىنى يەشتى - دە، يايىلار ئېغىز ئاچقۇچە بوغجۇمىسىدىن بىر ئاز تەڭگە - چاقا ئېلىپ سارايۋەنگە گۆش، مەي ۋە گۈرۈچ ئەكەلدۇردى. ئىككى يايىنى سورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلدى. دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ بامۇ يەنە تۆپىلەپ مەي - شاراب

① قاشا ئىشىكى، بەزى جايلاردا «چاقسا»مۇ دېيىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئەكەلدۇرۇپ، لىن چۇڭنى مەست قىلىپ قويدى، لىن چۇڭ بوينىدىكى تاقاق بىلەن ئۆينىڭ بىر چېتىدە يىقىلىپ ياتتى. شۆ با بىر قازان سۇنى پاراق - پاراق قاينىتىپ داسقا قۇيۇپ، لىن چۇڭنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— مەشقاۋۇل، سەنمۇ پۇتۇڭنى يۇيۇۋال، ئوبدان ئۇخلايسەن، — دېدى.

لىن چۇڭ تەسلىكتە ئورنىدىن قوپتى، ئەمما بوينىدا تاقاق بولغاچقا ئېگىشەلمىدى.

— مەن يۇيۇپ قوياي، — دەپ شۆ با يۇيۇشقا تەمشەلدى.

— ياق، سىلىنى خىزمەتكە سالامدىغان، — دېدى لىن چۇڭ ئالدىراپ.

— سەپەر ئۈستىدە تۈزۈت قىلىشنىڭ هاجىتى يوق.

لىن چۇڭ بۇلارنىڭ قەست قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي، پۇتىنى چىقىرىپ بەردى. شۆ با ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتقان پېتى قايناق سۇغا باستى. لىن چۇڭ جان ئاچچىقىدا «ۋايجان» دەپ پۇتىنى تارتتى، لېكىن پۇتىنىڭ تېرىلىرى شۇرۇلۇپ، قىپقىزىل هۆررەك بولۇپ چىقتى.

— ئەجەبمۇ جېنىمغا تەگدىيا ! — دېدى لىن چۇڭ.

— گۇناهكارلار يايىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بار، يايى گۇناهكارنىڭ خىزمىتىنى قىلغان نەدە بار؟ ياخشىلىقچە پۇتىنى يۇيۇپ قوياي دېسەم، ۋاپاغا جاپا دېگەندەك، سۇنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى ئىلغىغىنىنى تېخى ! — دەپ شۆ با يېرىم كېچىگىچە كوتۇلداپ تىللاپ چىقتى.

لىن چۇڭ گەپ قايتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. ئىككى يايى بولسا داسقا باشقىدىن سۇ قۇيۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ پۇتلىرىنى يۇيۇشتى.

بۇلار باش توخۇغىچە ئۇخلىدى، سارايدىكىلەر تېخى ئورنىدىن تۇرۇشمىغانىدى. شۆبا قوپۇپ ئوت قالاپ يۈز يۇيىدىغان سۇ ئىسسىتتى، ئاندىن تامىقىنى پىشۇردى. لىن چۇڭ ئورنىدىن

تۇرۇشىغا بېشى قىيسىپ چاي ـ پاي ئىچكۈسى كەلمىدى ھەم ماڭالمىدى. شۇ با كالتىكىنى ئېلىپ مېڭىشقا ئالدىراتتى. دۇك چاۋ بىلىگە ئىسىۋالغان يىپىپىڭى چىغ چورۇقنى يېشىپ، «كىيىۋال» دەپ لىن چۇڭغا تاشلاپ بەردى. چىغ چورۇقنىڭ قۇلاقلىرى ۋە يىپلىرى چىگىدىن توقۇلغانىدى. لىن چۇڭ كۆيۈپ قاپىرىپ كەتكەن پۇتىغا قاراپ، كونا چىغ چورۇق تېپىپ كىيىشنى ئويلىدى، لېكىن ئۇ نەدىن تاپسۇن؟ نائىلاج، ھېلىقى يېڭى چورۇقنى كىيىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى يايى سارايۋەننى چاقىرىپ كېلىپ، مەي پۇلىنى ھېسابلاپ بېرىۋەتتى ـ دە، تاڭ سەھەر ۋاقتىدا لىن چۇڭنى ئالدىغا سېلىپ، سارايدىن يولغا چىقتى. ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا، لىن چۇڭنىڭ پۇتىدىكى يېڭى چىغ چورۇق ھۆررەكلەرنى تىتىپ، پۇتلىرىنى غاجاپ قانىتىۋەتتى، ئۇ ۋايجانلاپ ماڭالماي قالدى. شۇ با ئاغزىنى بۇزۇپ:

— ماڭساڭ چاپسان ماڭ، بولمىسا كالتەك يەيسەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— رەھىم قىلىڭلار! ماڭماي ھەددىممۇ؟ خەس① قىلغىنىم يوق، راستىنلا پۇتۇم ئاغرىپ ماڭالمايۋاتىمەن، — دېدى لىن چۇڭ.

— كەل، مەن سېنى يۆلەپ ماڭاي، — دەپ دۇڭ چاۋ لىن چۇڭنى يۆلەپ ماڭدى، مىڭ تەسلىكتە يەنە تۆت ـ بەش چاقىرىم يول ماڭدى، كېيىن لىن چۇڭ زادىلا پۇتىنى كۆتۈرەلمەيدىغان ھالەتكە يەتتى. دەل شۇ چاغدا تۇمان قاپلاپ كەتكەن سۈرلۈك بىر ئورمان كۆرۈندى.

## نەزم

چىڭگىلىكلەر ساڭگىلاپ بىر ـ بىرىنى چىرمىغان،
دەل ـ دەرەخلەر كۆك بۇلۇتتەك بۈك ـ باراقسان ياشنىغان.

① خەس — خۇپسەنلىك قىلىش دېگەن مەنىدە.

ھەي تاڭەي نەۋاق چۈشەركەن بۇ ماكانغا كۈن نۇرى،
بىگۇناھ جان قىينىلىپ چەكمەكتە چەكسىز ئاھ ـ پىغان.

بۇ ئورمانلىق «قاۋانلىق» دەپ ئاتىلاتتى، ئاستانىدىن ساڭجۇ ئايمىقىغا بارىدىغان يولدىكى بىرىنچى خەتەرلىك يەر مۇشۇ ئىدى. سۆڭ دەۋرىدە، ئانچە ـ مۇنچە ئاداۋىتى بار ئادەملەر يايىلارغا پۇل بېرىپ، مۇشۇ يەردە قانچىلىك باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمىگەن ـ ھە! بۈگۈن بۇ ئىككى يايى لىن چۇڭنى ئەنە شۇ ئورمانلىققا ئەكەلدى.
— تاڭ سەھەر ۋاقتىدىن باشلاپ ماڭغان يولىمىز ئون چاقىرىمغا يەتمەيدۇ. مۇنداق ماڭىدىغان بولساق، ساڭجۇ ئايمىقىغا قانداق يېتىپ بارىمىز، — دەپ غودۇڭشىدى دۇڭ چاۋ.
— مېنىڭمۇ ھېچ ماغدۇرۇم قالمىدى. مۇشۇ ئورمانلىققا كىرىپ ھاردۇق ئالايلى، — دېدى شۆ با.
بۇ ئۈچەيلەن ئورمان ئىچىگە كىردى ـ دە، بوغچا ـ بوغجۇملىرىنى يېشىپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قويدى. لىن چۇڭ: «ئۇھ، ۋايىەي» دەپ يوغان بىر دەرەخ تۈۋىگە يىقىلدى. دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با: «بىر مېڭىپ، بىر توختاپ، ھېرىپ كەتتۇق، بىردەم ئۇخلاپ، ئاندىن يولغا چىقايلى» دېيىشىپ، كالتەكنى يەردە قويۇپ، دەرەخ تۈۋىگە موككىدە چۈشتى. ئۇلار كۆزىنى سەل يۇمۇپ، ئۇخلا ـ ئۇخلىمايلا چاچراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى.
— ھەرقايسىلىرىغا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ.
— بىز ئۇخلىۋالماقچى بولغانىدۇق. بىراق، بۇ يەردە سېنى قاماپ قويغۇدەك يەر بولمىغاندىكىن، قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇيقۇمىز كەلمىدى.
— پېقىرنى ئانام ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، كەلگۈلۈك كېلىپ بولدى، قېچىپ نېمە قىلاتتىم.
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ساڭا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم قىلىمىز دېسەك، سېنى باغلاپ قويماي بولمايدۇ.

— بوپتۇ، باغلايمەن دېيىشسىلە، باغلاشسىلا، مەن نېمە دەيتتىم.

شۇ با بېلىدىكى تانىنى يېشىپ، لىن چۇڭنىڭ پۇت - قوللىرىنى بويىنىدىكى تاقاق بىلەن قوشۇپ، دەرەخكە مەھكەم باغلىدى - دە، دۇڭ چاۋ بىلەن ئىككىسى سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ كالتەكلىرىنى قولىغا ئالدى ۋە لىن چۇڭغا قاراپ تۇرۇپ:

— بىز سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدۇق. ئۇلۇشكۈن يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، لۇ چيەن دېگەن بىر پايلاقچى ئەمىر لەشكەر گاۋ چيۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككىمىزگە سېنى مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يۈزۈڭدىكى ئالتۇن تامغىنىڭ بەلگىسىنى ئاپىرىپ مەلۇم قىلىشنى تاپشۇرغانىدى. بۇ يەردە ئۆلتۈرمىسەك، يەنە بىرنەچچە كۈن ئاۋارە بولۇپ ماڭغىنىمىز بىلەنمۇ بەربىر ئۆلىسەن. ئەجىلىڭ يۇتۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۈگۈن مۇشۇ يەردىلا جايلىۋەتسەك، تېزرەك قايتىپ كېتەلەيدىكەنمىز. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىش ئەمەس، بىزدىن ئاغرىنما، سەن شۇنى يادىڭدا مەھكەم تۇتقىنكى، كېلەر يىلقى بۈگۈنكى كۈن سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭنىڭ بىر يىللىقى بولىدۇ. بىزنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بەلگىلەكلىك، بالدۇرراق قايتىپ ئۇچۇر بېرىشىمىز كېرەك، — دېيىشتى.

لىن چۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆزىدىن يامغۇردەك تارام - تارام ياش تۆكتى:

— ئىككىڭلەرى بىلەن بۇرۇنمۇ ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز يوق ئىدى. ھازىرمۇ ھېچقانداق ئۆچمەنلىكىمىز يوق. ئەگەر مېنى قۇتقۇزۇپ قويۇشسىلا، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمەن، — دېدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ ئەجىلىڭ توشتى. سېنى قۇتۇلدۇرالمايمىز، — دېدى دۈڭ چاۋ.

شۈ با كالتىكىنى دەس كۆتۈرۈپ، لىن چۈگىنىڭ بېشىغا سالدى. بىچارە باتۇر ئەلھۆكىمىلىللا دېمەي نېمە قىلالىسۇن؟! ئەيىۇھەنناس، ئىشتىگلار ئامۇخاس!

بارمىدۇركى بىپايان باقىي جاھاندا دەڭ - ساراي،
بۇ كېچە روھىم مېنىڭ نەدىن تاپار قونماققا جاي.

لىن چۈگىنىڭ ھاياتىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

## چەي جىننىڭ جاھان نوچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى
## لىن چۇڭنىڭ خۇڭ مەشقاۋۇلنى دۇمبالىغانلىقى

ئەلقىسسە، شۆ با شۇئاندا كالتەكنى ئىككى قولى بىلەن دەس كۆتۈرۈپ، لىن چۇڭنىڭ كاللىسىغا سالماقچى بولۇپ كېلىۋىدى، ھايت ــ ھۇيت دېگۈچە، قارىغايلىقنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋاز بىلەن بىر گۈرزى ئۇچقاندەك كېلىپ تېگىپ، ھېلىقى يايى شۆ بانىڭ كالتەكنى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ، توپاقتەك بىر شەيخ ئېتىلىپ كېلىپ:

— ئورمانلىقتا تۇرۇپ گەپلىرىڭنى ئاڭلاۋاتقىنىمغا خېلى بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ئىككى يايى كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق قارىسا، ئۇچىسىغا كەڭ ياقىلىق قارا يەكتەك كىيگەن، بېلىگە قىلىچ ئاسقان بىر شەيخ ئۇلارنى ئۇرماقچى بولۇپ، گۈرزىسىنى پىرقىرىتىپ كېلىۋېتىپتۇ. لىن چۇڭ كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ لۇ جىشېن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ئاغا، ئۇرمىسىلا ئۇلارنى، مېنىڭ دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى دەرھال.

لۇ جىشېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گۈرزىسىنى چۈشۈردى، ئىككى يايى بىر ھازاغىچە تاشتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئاغا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى لىن چۇڭ، — بۇ ئىككىسىدە گۇناھ يوق. پەقەت گاۋ ئەمىرلا پايلاقچى لۇ چيەن ئارقىلىق بۇ ئىككى يايىغا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى

تاپشۇرۇپتىكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ماقۇل دېمەسكە نە ئىلاجى؟ بۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلە ئۇۋال بولىدۇ.

لۇ جىشىن شەمشەرنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئارغامچىنى كېسىپ تاشلىدى ۋە لىن چۇڭنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ دېدىكى:

— ئۇكا، سىلى بازاردىن زۇلپىقار سېتىۋالغان كۈنى خوشلاشقىنىمىزدىن كېيىن ئۆزلىرىنى سېغىنىپ كۆپ پەرىشان بولدۇم. سىلىنىڭ گۇناھلىق بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھېچ ئىلاجىم قالمىدى، كېيىن سۈرۈشتە قىلىپ، سىلىنى ساڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، كەيپىڭ دىيارى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ تاپالمىدىم. خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن سىلىنى مۇلازىملار خانىسىغا نەزەربەند قىلىپ قويۇلۇپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ۋە مەيپۇرۇشنىڭ ئىككى يايىنى چاقىرىپ: «مەيخانىمىزدا بىر بېگىمنىڭ ئىككىلىرىگە قىلىدىغان گېپى بار ئىكەن» دېگەن گەپلەرنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرگۇمانلىقتا ئۆزلىرىدىن بەك ئەنسىرىدىم. بۇ بەتبەختلەر يول ئۈستىدە سىلىگە قەست قىلىپ قويمىسۇن دەپ، ئارقاڭلاردىن ئەگىشىپ ماڭدىم. بۇ بەدرەكلەر سىلىنى دەڭگە ئەكىرىپ كەتكەن چاغدا، مەنمۇ شۇ دەڭگە چۈشكەنىدىم. ئاخشىمى بۇنېمىلەرنىڭ شۇملۇق قىلىپ، قايناق سۇ بىلەن پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى تىڭشاپ كۆرۈپ تۇردۇم. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئىككى مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېگەن يەرگە كەلگەنىدىم. بىراق، دەڭدە ئادەم كۆپ بولغاچقا، تۇيۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بۇ بەتبەختلەرنىڭ يامان نىيەتتە بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، سىلىدىن تېخىمۇ ئەنسىرىدىم. بۈگۈن تاڭ سەھەر سىلەر يولغا چىققاندا، مەن مۇشۇ ئورمانلىققا سىلەردىن بالدۇر كېلىۋېلىپ، بۇ بەدرەكلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دەپ ساقلاپ تۇردۇم. دېگەندەكلا، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ سىلىگە قەست قىلماقچى بولدى، مانا

www.uyghurkitap.com

هازىر مۇشۇ بىرنېمىلەرنى ئۆلتۇرۇۋېتىشنىڭ دەل ياخشى پەيتى.

— مېنى قوتۇلدۇرۇۋالغاندىكىن بولدى، بۇلارنى ئۆلتۇرمەي قويۇڭ، — دەپ توستى لىن چۇڭ.

— ھەي چۈپرەندىلەر! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى لۇ جىشېن، — ئۇكامنىڭ يۈزىگە قارىمىغان بولسام، ئىككىڭنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەتتىم، بوپتۇ، ئۇكامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن جېنىڭلارغا رەھىم قىلاي.

لۇ جىشېن زۇلپىقارنى قىنىغا سېلىپ:

— ھەي چۈپرەندىلەر، قاراپ تۇرۇشامسەن، ئۇكامنى يۆلەپ كەينىمدىن مېڭىش ! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى. ئىككى يايى: «ۋاي مەشقاۋۇلىمىز، بىزگە رەھىم قىلسىلا» دېگەن سۆزدىن باشقا غىڭ - پىڭ قىلالمىدى. ئۇلار لىن چۇڭنىڭ بوغجۇمىسىنى قوشۇپ مۈرىلىرىگە ئارتىشىپ، ئالا كالتەكلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، لىن چۇڭنى يۆلەپ ئورمانلىقتىن يولغا چىقتى.

ئۈچ - تۆت چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن مەھەللىنىڭ چېتىدە كىچىككىنە بىر مەيخانا كۆرۈندى. تۆتەيلەن كىرىپ ئولتۇردى. مەيخانىغا سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ شۇنداق مەيخانا ئىدىكى:

## نەزم

ئالدى ئۇنىڭ پادىشاھلىق چوڭ يول بىلەن تۇتاشقان،
كەينى ئۆستەڭ ئېقىپ تۇرغان مەھەللىگە ئۇلاشقان.
سايە تاشلاپ نەچچە تۈپ شاپتۇل - سۆگەت باراقسان،
نەچچە جايدا ئاپتاپپەرەس، ئانارى بار ياراشقان.
ئىشىك ئالدى ئېتىزلىق كەندىر - بۇغداي ئوخشىغان،
روجەكلىرى ئالدىدا سۇ لەيلىسى ياشنىغان.
جەۋلان قىلار لەپىلدەپ سەلكىن ئارا مەي تۇغى،

كالته قومۇش لەمپىسى بوپتۇ ئاپتاپ توسۇقى.
مەي بۇژۇلداپ ئېچىپتۇ تام تۈۋىدە كوزىدا،
گۈپ - گۈپ پۇرار يېڭى مەي تەكچىدىكى لوڭقىدا.
قاچا - قۇچا يۇياركەن چاچلىرى ئاق بىر بوۋاي،
مەينى سورۇپ تۇراركەن سەھرا قىزى گۈل چىراي.

لۇ جىشىن، لىن چۈك، دۇڭ چاۋ ۋە شۆ با قاتارلىق تۆتەيلەن مەيخانىدا مەيپۇرۇشنى بەش - ئالتە جىڭ گۆش، ئىككى ئاپقۇر مەي ئەكېلىشكە ۋە ئازراق خېمىر بىلەن كۆمەچ سېلىشقا بۇيرۇدى. مەيپۇرۇش ھەممىنى راسلاپ شىرەگە تىزدى - دە، قەدەھلەرنى توشقۇزۇپ مەي قۇيدى، ئىككى يايى:

— موللىكا، ئۆزلىرى قايسى ئىبادەتخانىدا مۆتىۋەرلىك قىلىلا؟ — دەپ سورىدى.

— سەن چۈپرەندىلەر مېنىڭ تۇرار جايىمنى سورۇشتۇرۇپ نېمە قىلىشاتتىڭ؟ گاۋ چيۇغا چېقىپ مېنى بىرنېمە قىلدۇرماقچى بولۇشۇۋاتامسەن؟ — دېدى لۇ جىشېن كۈلۈپ، — باشقىلار ئۈنىڭدىن قورققان بىلەن مەن قورقمايمەن. ئەگەر ئۇ بەتبەخت قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، ئۈچ يۈز گۈرزە مانتىسى يېگۈزىمەن.

يايىلار يەنە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى، ئۇلار مەي - پەي ئىچىپ، گۆش - پۆش يەپ، پۇلىنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن بوغجۇملىرىنى كۆتۈرۈپ يەنە يولغا راۋان بولدى. لىن چۈك يولدا كېتىۋېتىپ، لۇ جىشېندىن:

— ئاغا، سىلى نەگە بارماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— «قاتىللىقنى قىل قان چىققۇچە، ساۋابلىقنى قىل تا ئاخىرغىچە» دەپتىكەن. سىلىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، سىلىنى تا ساڭجۇ ئايمىقىغىچە ئاپىرىپ قويىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ جىشېن.

ئىككى يايى بۇنى ئاڭلاپ: «ئاپلا، ئىشىمىز سۇغا چىلاشتى.

www.uyghurkitap.com

قايتىپ بېرىپ نېمە دەرمىز؟ ئەمدى بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ ماڭماقتىن باشقا ئامال يوق» دەپ پىچىرلاشتى.

بۇنىڭغا دەلىل كەلتۇرۇپ مۇنداق بىر غەزەل يېزىلغان:

ئۆچ كۆرۇپ مەككارنى ئۇ، نەپرەتنى گۇلخان ئەيلىدى،
ئالتۇننى داڭگال ساناپ، مەردلىكنى دىلخاھ ئەيلىدى.
بولسۇنۇ يول بەك يىراق ماڭدى راۋانە ۋايىسماي،
دوستىچۇن مىڭبىر جاپا چەكمەكنى ئارمان ئەيلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەپەر لۇ جىشىڭنىڭ مەيلىچە بولدى. خالىسا مېڭىپ، خالىسا دەم ئالدى، ئىككى يايى بۇنىڭغا قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن؟ ئۇ ئىككى يايىنى گاھ تىللايتتى، گاھ ئۇرۇپ ماڭاتتى. ئۇلار لام ـ جىم دېيەلمەيتتى. شەيخنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ قويماسلىققا تىرىشاتتى. ئىككى مەنزىل ماڭغاندىن كېيىن لۇ جىشىن بىر هارۋا كىرا قىلىپ، لىن چۇڭنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئۆزى بولسا يايلار بىلەن هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. قورسىقىدا جىن قاتراۋاتقان ئىككى يايى ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن موللا مۇشۇك بولۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. لۇ جىشىن يول بويى گۆش ـ پۆش ۋە مەي ـ شاراب ئېلىپ، لىن چۇڭنى بېقىپ ماڭدى. يايلارمۇ بىللە يېيىشتى. ئۆتەڭگە كەلگەندە دەڭ ـ سارايلارغا چۈشۈپ، بالدۇر يېتىپ، ۋاقىچە يولغا چىقىدىغان بولدى. چۈشكەنلا يەردە يايلار ئوت قالاپ، تاماق ئېتىپ بېرىدىغان بولدى. يايلارنىڭ شۇنداق قىلماي ئامالى قانچە؟! ئۇلار: «بۇ شەيخنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىمىز قالغان، قايتىپ بارغاندا گاۋ ئەمىر چوقۇم تاناۋىمىزنى تارتىدۇ، قانداق قىلارمىز» دەپ پىچىرلىشاتتى، شۇ با دېدىكى:

ـــ خانلىق مەدرىسەنىڭ كۆكتاتلىقىدىكى ئارامگاھقا يېڭىدىن لۇ جىشىن دەيدىغان بىر راھىب كەپتۇ، دەپ ئىشىتكەنىدىم،

بەلكىم مۇشۇ شەيخ شۇ بولسا كېرەك، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قاۋانلىقتا لىن چۇڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىمىزدا، ئاشۇ شەيخ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ساڭجۇ ئايمىقىغىچە قوغداپ باردى، شۇڭا قول تەگكۈزەلمىدۇق، دەپ راستتىنى ئېيتايلى. ھېلىقى ئون سەر ئالتۇننىڭمۇ مەرىدىن كېچىپ قايتۇرۇپ بېرەيلى، بۇ شەيخنى لۇ چيەن ئۆزى ئىزدەپ تېپىۋالسۇن، بىز ئۆزىمىز بۇ چاتاقتىن ئامان قالساقلا بولدى.

— دېگىنىڭىزمۇ راست، — دېدى دۇڭ چاۋ.

ئۇلار كۇسۇلدىشىۋەرسۇن، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلايلى.

ئۇلار لۇ جىشېننىڭ نازارەتچىلىكىدە ئون يەتتە - ئون سەككىز كۈن ماڭغاندىن كېيىن ساڭجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بېرىشقا يەتمىش چاقىرىمچە يول قالدى. لۇ جىشېن بۇ يولنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆي - تۇتۇن بارلىقىنى، خالىي - خىلۋەت يەر يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن قارىغايلىققا كىرىپ ئولتۇردى.

— ئۇكا، — دېدى لۇ جىشېن لىن چۇڭغا، — ساڭجۇ ئايمىقىغىمۇ ئاز قالدى. ئالدىمىزدىكى يولدا ئادەم كۆپ ئىكەن، خىلۋەت جاي يوق ئىكەن. بۇنى ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىدىم، مەن ئەمدى سىز بىلەن خوشلىشىمەن، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز.

— ئاغا، سىلى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەھۋالىمنى قېينئاتامغا ئېيتىپ قويسىلا، مېنى قوغداپ - ئاسراپ، مۇشۇ يەرگىچە ئەكېلىپ قويغان ياخشىلىقلىرىنى ئۆلمىسەملا چوقۇم ياندۇرىمەن! — دېدى لىن چۇڭ.

لۇ جىشېن بوغچۇمىسىدىن ئون - يىگىرمە سەر كۈمۈشنى چىقىرىپ لىن چۇڭغا بەردى. ئىككى - ئۈچ سەرچىسىنى ئىككى يايىغا بەردى ۋە:

— سەن چۈپرەندىلەرنىڭ بېشىنى يولدىلا ئېلىۋەتمەكچىدىم.

ئىنىمنىڭ يۈزىگە قاراپ سىپسىق جىنىڭلارنى ئايدىم. ھازىر يول ئاز قالدى. نىيەتلىرىڭنى بۇزۇشما ! ــ دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ــ ھەددىمىزمۇ؟ ھەممىسى ئەمىر بېگىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان، ــ دەپ ئىككى يايى كۆمۈشنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، لۇ جىشىن ئۇلارغا ھومىيىپ تۇرۇپ:

ــ سەن چۈپرەندىلەرنىڭ كاللىسى ماۋۇ قارىغايدىنمۇ قاتتىقمۇ؟ ــ دېدى.

ــ يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، بىز پېقىرلارنىڭ بېشى تېرە بىلەن گۆش قاپلاپ تۇرغان بىر پارچە سۆڭەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ــ دېيىشتى يايلار.

لۇ جىشىن قولىدىكى گۈرزى بىلەن قارىغاينى شۇنداق ئۇرۇۋىدى، شۇنچە يوغان قارىغاي قاق ئوتتۇرىسىدىن قاراسلاپ يېقىلىپ چۈشتى. لۇ جىشىن:

ــ سەن چۈپرەندىلەر ئەگەر يامان نىيەتتە بولۇشىدىكەنسەن، كاللاڭلارنى خۇددى مۇشۇ قارىغاينى ئۇرۇپ ئۈزۈۋەتكەندەك ئۈزۈۋېتىمەن ! ــ دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، لىن چۇڭغا قاراپ، ــ خەير، ئامان بولسىلا، ئۇكا، ــ دەپ خوشلىشىپ، گۈرزىسىنى سۆرىگىنىچە قايتىپ كەتتى.

دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با قورقۇپ تىللىرىنى چىقارغان پېتى بىر ھازاغىچە داڭقىيىپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ ئۇكىلار، بىزمۇ يولىمىزغا ماڭايلى، ــ دېدى لىن چۇڭ.

ــ ئەجەب قارام شەيخكەنا! بىر ئۇرۇپلا شۇنچە يوغان بىر تۈپ قارىغاينى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى ! ــ دېدى يايلار.

ــ بۇ قانچىلىك گەپ، خانلىق مەدرىسەدە بىر تۈپ مەجنۇنتالنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلىغان تېخى ئۇ، ــ دېدى لىن چۇڭ.

ئىككى يايى بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

ئۇلار قارىغايلىقتىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. چۈش ۋاقتى بولغاندا، چوڭ يولنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر مەيخانا كۆرۈندى.

## نەزم

يولى كونا، ئۆزى خىلۋەت بىر يېزا،
يول بويىدىن ئورۇن ئالغان مەيخانا.
بۇك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخ سۇ بويىدا،
مەي تۇغى جەۋلان قىلار كۈن نۇرىدا؛
لەيلىزارلىقتىن شامال غۇر ـ غۇر كېلەر،
مەيخانا كۆك پەردىسىنى تەۋرىتەر.
تامدا لىيۇ لىڭ ۋە لى بەينىڭ سۈرىتى،
بىرى ياتقان ئوڭدىسىغا، بىرى ئۇخلار مەست پېتى.
مەي كۈچىدىن تاپتى دېھقان توم يۈرەك،
كۈلدى مەيزاپتىن بوۋايلار غۇنچىدەك.
بۇندا قالغان مەي ئىچەردە ئەۋلىيانىڭ قاشتېشى،
قالمىش ھەتتا مەي پۇلى بوپ بەگ ـ ۋەزىرنىڭ تاجىسى.

ئۇچەيلەن مەيخانىغا كىردى. لىن چۇڭ ئىككى يايىغا تۆردىن ئورۇن بەردى. دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با بىر ھازادىن كېيىنلا ئاندىن قورۇنمايراق ئولتۇردى. بۇلار قارىغۇدەك بولسا، مەيخانىدا بىرنەچچە ئورۇندا تۆت ـ بەش مەيپۇرۇش شاپاشلاپ چېپىشىپ يۈرۈپتۇ. لىن چۇڭ ئىككى يايى بىلەن بىر ھازاغىچە ساقلاپ ئولتۇردى، بىراق مەيپۇرۇشلار قاراپمۇ قويۇشمىدى. لىن چۇڭنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، شىرەنى تاقىلدىتىپ گەپ قىلدى:

— ھەي مەيپۇرۇش! سەن خېرىدارنى ئەجەب كۆزگە ئىلمايدىكەنسىنا، مېنى گۇناھكار دەپ قاراپمۇ قويمايسەن، مەن بىكارغا يەيتتىممۇ، قانداق گەپ بۇ؟

— بەللى، مېنىڭ ياخشى نىيىتىمنى چۈشەنمەپسىز، — دېدى مەيخانا ئىگىسى.

— ماڭا مەي ـ گۆش سېتىپ بەرمەيدىغان قانداق ياخشى

نىيەت ئۇ؟

— سىز تېخى بىلمەيدىكەنسىز، بىزنىڭ بۇ مەھەللىمىزدە چەي جىن دېگەن بىر كاتتا باي بار، بۇ يەردىكىلەر ئۇنى چەي جىن غوجا دەپ ھۆرمەتلىشىدۇ، ئەل - يۇرت ئۇنى «قويۇنتاز» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ جۇ خانلىقىنىڭ شاھىنشاھى چەي شىزۇڭنىڭ ئەۋلادى. چەي شىزۇڭ سېنچياۋ ئۆتمىكىدە تاج - تەختىنى ۋۇ دېغا ئۆتۈنۈپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋا كالان ۋۇ دې خان ئالىيلىرى چەي جىنگە تۆمۈرگە ئويۇلغان دەستەك ئىنئام قىلغانىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا كىممۇ ھۆتۈت - پۆتۈت قىلالىسۇن؟ ئۇ ھەريان - ھەرياندىن كەلگەن جاھان نوچىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا زوقمەن ئادەم. ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە بىقىلمۇۋاتقان قىرىق - ئەللىك نوچى بار. چەي جىن غوجا بىزگە: «بۇياقتا سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەن گۇناھكارلار بولسا ئېيتىپ قويۇڭلار، مېنىڭ جاڭزامغا بارسۇن. ئۇلارغا ياردەم كۆرسىتىمەن» دەپ پات - پات تاپىلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىزگە ھاراق - پاراق سېتىپ بەرسەم، ئۇنى ئىچىپ قىزىرىپ بارسىڭىز، خەرج - خىراجىتىڭگە پۇلى بار ئىكەن دەپ، سىزگە ياردەم بەرمەي قويىدۇ. مېنىڭ نىيىتىم ياخشى.

لىن چۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىككى يايىغا دېدىكى:

— كۇنچىڭدىمۇ ئاستانىدە مەشقاۋۇللۇق قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، نۆكەرلەردىن چەي جىن غوجىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان. شۇ غوجا بۇ يەردە ئىكەن، بىللە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ كەلمەيلىمۇ.

دۇڭ چاۋ بىلەن شۆ با: «گەپ شۇنداق بولىدىغان بولسا، بېرىپ باقساق بىزگە نېمە زىيىنى؟» دەپ ئويلىدى - دە، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى ۋە لىن چۇڭ بىلەن بىللە مەيخانا ئىگىسىدىن سورىدى:

— چەي جىن غوجامنىڭ جاڭزىسى نەدىرەكتىكىن، بىزمۇ ئۇ كىشىنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرگەندۇق.

— ئاۋۇ يەردىلا، ئىككى - ئۈچ چاقىرىم مېڭىپ، چوڭ تاش

كۆۋرۈكتىن بۇرۇلغاندىلا، كۆزگە چېلىقمىدىغان كالتە جاڭزا شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مەيخانا ئىگىسى.

لىن چۇڭلار مەيخانا ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ يولغا چىقتى. دەرۋەقە ئىككى - ئۈچ چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن چوڭ تاش كۆۋرۈك كۆرۈندى. كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن تۈپتۈز كەتكەن چوڭ يولدا ياپيېشىل دەرەخزارلىق ئىچىدىكى قورۇ كۆرۈندى. قورۇ بويلاپ بىر ئۆستەڭ، ئۆستەڭنىڭ قىرغاقلىرىدا يوغان - يوغان مەجنۇنتاللار، دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاق تام كۆرۈندى. ئۇلار بۇرۇلۇپ قورۇغا يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۇ شۇنداق كېلىشكەن كاتتا بىر قورۇ ئىدىكى:

خاسىيەتلىك يولغا باققان ئىشىكى،
كەينىدە تاغ، بۇك - باراقسان ئېتىكى.
ئالما - شاپتۇللارغا تولغان خۇددى ۋۇلىڭ بۇ ماكان،
ئەينى جىنگۇ گۈلشىنى ئۇ ھەممە گۈللەر ياشنىغان.
ئەنبىيا ھەم ئەۋلىيالار قەسرىدە،
زادى سولماس گۈل ئېچىلغان تۆت پەسىلنىڭ ھەممىدە؛
قىسما - قىسما گۈلگە تولغان سارىيى،
شۇنچە كۆركەم گۈل باھاردەك دىلنى تارتار يىل بويى.
ھۆسن قوشقان پېشايۋانغا زەرۇ ئالتۇن لەۋھەسى،
ئۆيدە ساقلانغان قەدىرلەپ ئويما دەستەكنامىسى.
قىزىل، زەڭگەر چىنە كاھىش - لىملىرى،
چاقنىتار كۆز توققۇز پەللە قەسىر ئالىي سىرلىرى؛
لىم ۋە تۈۋرۈك نەقىشلەنگەن گۈل بىلەن،
خۇددى جەننەت ئۆيلىرى ئۇ دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن.
كىمكى كۆرسە دەر: زامانە زاتلىرىنىڭ ئۆيى بۇ،
ياكى ئۆتكەن پادشاھ ۋە خان - غوجاملار جايى بۇ.

ئۇچەيلەن قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، كەڭ تاختايلىق كۆۋرۈكتە

تۆت ـ بەش ئوتاقچى سايىداپ ئولتۇراتتى. ئۇچەيلەن كۆزۈرۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئوتاقچىلارغا سالام بەردى.

— ئەگەر مالال كەلمىسە، غوجامغا ئاستانىدىن مەھبۇسلار يۇرتىغا سۈرگۈن قىلىنغان لىن ئۇرۇقىدىن بولغان بىر مەھبۇس كۆرۈشكىلى كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىپ قويغان بولساڭلار، — دېدى لىن چۇڭ.

— تەلىيىڭىز يوق ئىكەن، — دېدى ئوتاقچىلار، — غوجايىنىمىز ئۆيدە بولسىدى، سىزنى مېھمان قىلىپ، پۇل ـ مال بېرىپ خۇش قىلغان بولاتتى، بىراق ئۇ كىشى بۈگۈن ئەتىگەنلا ئوۋغا چىقىپ كەتتى.

— قاچان قايتىپ كېلەر؟

— قاچان قايتىپ كېلىشى ناتايىن، كۇنچىقىشتىكى جاڭزىغا بېرىپ چۈشەرمىكىن تېخى، ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمىز.

— ئۇنداق بولسا تازا تەلەيسىز ئىكەنمەن، كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم ـ دە، بوپتۇ كېتەيلى.

ئۇلار ئوتاقچىلار بىلەن خوشلىشىپ، كەلگەن يولى بىلەن كۆڭلى غەش هالدا كەينىگە ياندى. يېرىم چاقىرىمدىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىن يىراقتىكى ئورمانلىقتىن بىر توپ ئاتلىق ئادەمنىڭ جاڭزىغا قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

## نەزم

هەممىسى كېلىشكەن يىگىت ـ نەۋقىران،
هەممىسى باھادىر، جەسۇر پالىۋان.
بىر تالاي ئارغىماق چاپار غۇيۇلداپ،
كەشتىلىك تۇغ ـ ئەلەم قىلىدۇ جەۋلان.
بېشىدا كۆك كىگىز مالىخاي ـ تۇماق،
گوياكى دۇم تۇرغان نىلۇپەر ياپراق؛
تۇماقتا قادالغان ئەترەڭ پۆپۈكلەر،



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنەر لەيلىدەك تىكىلگەن سانجاق.
قاناتلىق بېلىقتەك قاپنىڭ ئىچىدە،
تۇرىدۇ ئالتۇن رەڭ قۇش سۇرەت كامان؛
شىر سۇرەت نەقىشلىك ساداق ئىچىگە،
كۆك چىپار قاناتلىق توز ئوق سېلىنغان.
ئاق قۇيرۇق ئوۋچىسى — تايغانلار قاۋار،
توشقانلار ئالغۇچى — بۇركۇتلەر تۇرار.
تەلپۇنەر ئۇچۇشقا كۆك كېزەر شۇڭقار،
بۇركۇتمۇ تۇماقسىز تۇرۇپتۇ تەييار.
شەمشەردەك ئۆتكۇر - ئىتتىك نەيزىلەر،
ئېگەرنىڭ ئۇستىدە ۋال - ۋۇل يالتىرار؛
رەڭگارەڭ دۇمباقلار ئاتلار ئۇستىدە،
گۇمبۇرلەپ - جاراڭلاپ كۆكنى ياڭرىتار.
ساڭگىلاپ تۇرىدۇ غانجۇغىلاردا،
ھاۋادا ئۇزگۇچى قاناتلىق جانۋار؛
ئاتلارغا بۆكتۇرۇپ تېڭىلغانلىرى،
تاغلارنى كەزگۇچى تۆت پۇتلۇق جاندار.
ھەيۋىسى ئۇلارنىڭ چىققان شىكارغا —
پادىشاھ جىنۋاڭ خەن ۋۇدى گويا.

جاڭزىغا ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم ئىچىدە، چۇرمەچ توكلۇك ئاق بوز ئات مىنگەن كاتتا بىر ئادەم كۆرۈندىكى، قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى ئويناق؛ چىشلىرى سەدەپ، لەۋلىرى بەقەم؛ ساقال - بۇرۇتلىرى بەكمۇ كېلىشكەن، ياش - قۇرامى ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەشلەرگە يەتكەن بۇ ئادەم بېشىغا دەستە گۇللۇك قارا شايى ئورىغان، مەيدىسىگە مەنپۇ گۇل كەشتىلەنگەن سۆسۈن تون كىيگەن، بېلىگە ياقۇت كۆزلۇك چىرايلىق كەمەر باغلىغان، يېشىل گۇل چىقىرىلىپ، ئۇستىگە كالۋۇتۇندا تەڭگە گۇل چېكىلگەن قارا ئۆتۈك كىيگەن، يېنىغا

www.uyghurkitap.com

بىر كامان بىلەن بىر ساداق ئوق ئاسقان بولۇپ، ھەمراھلىرىنى باشلاپ جاڭزىغا قاراپ كەلدى. لىن چۇڭ ئۇنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەم چەي جىن غوجا بولمىسۇن يەنە؟» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، سوراشقا پېتىنالماي، ئىككىلىنىپ تۇردى. ياش غوجا ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ:

ــ تاقاق سېلىنغان ھەي مېھمان، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ ــ دەپ سورىدى.

لىن چۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ، ئېگىشىپ تەزىم قىلدى ۋە:

ــ پېقىر كۆنچىقىش ئاستانە ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى لىن چۇڭ دېگەن بولىمەن. گاۋ ئەمىرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ قۇرۇق تۆھمەت بىلەن مېنى كەيفىڭ دىيارى مەھكىمىسىگە تۇتۇپ بەردى، يوقىلاڭ گۇناھلار بىلەن جازاغا تارتىپ، پېشانەمگە خەت چەكتۈرۈپ، مۇشۇ ساڭجۇ ئايمىقىغا پالاتتى. ئالدىمىزدىكى مەيخانا ئىگىسىدىن بۇ يەردە دانىشمەن ئەزىمەت، يىگىتلەرنى ۋە نوچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان چەي جىن غوجام دېگەن بىر ـ زات بار دەپ ئاڭلاپ، ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەنىدىم، بىراق تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىگەچ، كۆرۈشەلمەي تۇرۇپ قالدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى غوجا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، لىن چۇڭنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ:

ــ ئالدىلىرىغا چىقىپ كۈتۈۋالالماپتىمەن، ئەپۇ قىلغايلا، ــ دەپ، چىملىقتا تۇرۇپلا تەزىم قىلدى. لىن چۇڭمۇ دەرھال سالام قايتۇردى. ھېلىقى غوجا لىن چۇڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ، ئۇنى بىللە قورۇغا ئەكەلدى. ئوتاقچىلار بۇلارنى كۆرۈپ، دەرۋازىنى داغدام ئاچتى. چەي جىن لىن چۇڭنى ئۇدۇللاپ ئايۋانغا باشلاپ كىردى. ئىككىيلەن باشقىدىن سالام ـ سەھەت قىلىشتى. چەي جىن دېدىكى:

ــ پېقىر ئۇزاقتىن بۇيان مەشقاۋۇلىمىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىۋىدىم، بۈگۈن پېقىر خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپتىلا، ئەزەلدىن ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ئارزۇ ـ ئارمىنىمدىن

چىققاندەك بولدۇم.
— پېقىر جانابلىرىنىڭ ئىسمى-شەرىپلىرىنى ئاڭلىغان، ناملىرى خەلقئالەمگە مەشھۇر، ئەل - يۇرت ئىچىدە ئۆزلىرىنى ھۆرمەت قىلمايدىغان كىم بار دەيلا؟ خەيرىيەت، بۈگۈن بۇ يەرگە سۈرگۈن بولۇپ كېلىپ قالدىم، دىدارلىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن يۈزمىڭ شۈكۈر، — دېدى لىن چۈڭ.

چەي جىن قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، لىن چۈڭ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. دۈڭ چاۋ بىلەن شۆ بامۇ بىر ياندا ئولتۇردى. چەي جىننىڭ ھەمراھلىرى ئاتلىرىنى يېتىلەپ، ئارقا ھويلىغا كىرىپ كېتىشتى، بۇلار شۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. چەي جىن ئوتاقچىلارنى مەي - شاراب كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بىر پەستىن كېيىن بىرنەچچە ئوتاقچى بىر تەخسە گۆش، بىر تەخسە قاتلىما، ئىسسىتىلغان بىر ئاپقۇر شاراب، يەنە بىر يوغان تەڭنىدە بىر كۇرە گۈرۈچ كۆتۈرۈپ چىقىشتى، گۈرۈچنىڭ ئۈستىدە ئون تىزىق يارماق قويۇقلۇق ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن چەي جىن:

— ھەي ئىززەت - ئىكرامنى بىلمەيدىغان تومپايلار! مەشقاۋۇلىمىز تۇرغان يەردە شۇنداقمۇ يېنىكلىك قىلغۇلۇقمۇ؟ بۇ نېمىلەرنى دەرھال ئەكىرىپ كېتىپ، ئاۋۋال مېۋە - چېۋە، مەي - شاراب كەلتۈرۈڭلار، ئاندىن قوي سويۇپ غىزا تەييارلاڭلار، قېنى قاراپ تۇرماي، چاپسان بولۇڭلار! — دېدى.

لىن چۈڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدىكى:

— سادائەتلىك غوجام، كۆپ كايىمىسىلا، مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشار.

— ئۇنداق دېمىسىلە مەشقاۋۇل، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئاسان ئەمەس، لايىقلىرىدا كۈتمىسەك بولمايدۇ.

ئوتاقچىلار غىڭ - پىڭ قىلالماي، مېۋە - چېۋە، مەي - شاراب ئاچىقتى. چەي جىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھكە مەي قۇيۇپ

تۇتتى. لىن چۇڭ رەھمەت ئېيتىپ كۆتۈرۈۋەتتى، ئىككى يايىمۇ تەڭ كۆتۈردى. چەي جىن:

— مەشقاۋۇل، قېنى، ئىچكىرىكى ئۆيگە مەرھەمەت قىلايلى، — دەپ يېنىدىكى كامان بىلەن ساداقنى يېشىپ تاشلاپ، ئىككى يايىنىمۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

چەي جىن ساھىبخانىلىق ئورنىغا ئولتۇردى، لىن چۇڭ تۆردە ئولتۇردى، ئىككى يايى بولسا لىن چۇڭنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. بۇلار ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلاشتى، ئەل - يۇرتتا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە مۇڭدىشىپ، كۈن پېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى، كەچ كىرگەندە مەي - تائام، مېۋە - چېۋە ۋە دېڭىز نازۇنېمەتلىرى شىرەگە تىزىلىپ، ھەركىمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. چەي جىن ئۆزى مەي - شاراب تۇتۇپ، ئۈچ ئايلاندۇردى، ئاندىن: «شورپا كەلتۈرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. ھەممىسى شورپىدىن بىرەر قۇر ئېغىزلاندى، ئاندىن كېيىن يەنە بەش - ئالتە قەدەھ ئىچىشتى. دەل شۇ چاغدا:

— جانابىي ئۇستاز كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى ئوتاقچىلاردىن بىرى كىرىپ.

— مەرھەمەت قىلسۇن، بىللە ئولتۇرۇپ كۆرۈشكىنىمىزمۇ ياخشى، چاققان بىر شىرە راسلاڭلار، — دېدى چەي جىن.

لىن چۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، بوغمىچىنى قىڭغىر كىيىۋالغان بىر كىشى گىدىيىپ، مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. لىن چۇڭ: «ئوتاقچىلارنىڭ ئۇنى ئۇستاز دەپ ھۆرمەت قىلغىنىغا قارىغاندا، غوجامنىڭ ئۇستازى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، دەررۇ تەزىم قىلىپ سالام بەردى. ھېلىقى ئادەم كۆرمەسكە سېلىپ سالاممۇ قايتۇرمىدى. لىن چۇڭ ئېگىلگەن پېتى بېشىنى كۆتۈرمەي تۇردى. چەي جىن خۇڭ مەشقاۋۇلغا لىن چۇڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇياق پايتەختتىكى سەككىز لەك ئوردا ياساۋۇلىنىڭ مەشىق ئۆگەتكىدىغان ئۇستازى لىن چۇڭ مەشقاۋۇل بولىدۇ،

تونۇشۇپ قويۇشسىلا، ــ دېدى.
لىن چۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، خۇڭ مەشقاۋۇلغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.
ــ تەزىملىرىنى قويۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ــ دېدى خۇڭ مەشقاۋۇل ۋە سالام قايتۇرۇش تۇگۇل، ئېگىشىپمۇ قويمىدى.
چەي جىن بۇ ئەھۋالنى بايقاپ، كۆڭلى لەت يېدى. لىن چۇڭ ئېگىلىپ ئىككى قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن خۇڭ مەشقاۋۇلنى ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. خۇڭ مەشقاۋۇل تۇزۇت قىلمايلا تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. چەي جىنگە بۇ ئانچە ياقمىدى. لىن چۇڭ نائىلاج يېنىدىن ئورۇن ئالدى، ئىككى يايمۇ ئولتۇردى.
خۇڭ مەشقاۋۇل ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا گەپ سورىدى:
ــ غوجام، بۇ پالاندىنى ئەجەب ئەتىۋارلاپ كۈتۈپ كېتىپلىغۇ؟
ــ بۇ كىشىنى باشقىلار بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى سەككىز لەك ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى.
ئۇستاز، ئۇنى نېمە ئۇچۇن كۆزلىرىگە ئىلمايلا؟
ــ ئۆزلىرى نەيزە ـ توقماق ئويناشقا ئامراق بولغانلىرى ئۇچۇن سۈرگۈن قىلىنغان سىپاھىگەلەر ھەمىشە رايىلىرىغا بېقىپ، ئۆزلىرىنى «مەن بولسام نەيزىۋازلىقنىڭ ئۇستىسى» دېيىشىۋېلىپ، قورساق بېقىش ۋە پۇل ـ مال ئېلىش ئۇچۇن بۇ يەرگە كېلىشىدىكەن، بۇنداق ئادەملەرگە بۇنچىۋالا ئىخلاس قىلىپ نېمە قىلاتتىلە؟
لىن چۇڭ ئۇن چىقماي تىڭشاپ ئولتۇردى.
ــ ئادەمنىڭ تۇرق ـ سىياقىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولماس، دېگەن گەپ بار. ئۇنى سەل چاغلىمىسىلا، ــ دېدى چەي جىن.
خۇڭ مەشقاۋۇل چەي جىننىڭ «بۇنى سەل چاغلىمىسىلا» دېگىنىگە رەنجىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. جىگىرى بولسا مېنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ باقسۇن قېنى، شۇ چاغدا ئۇنى راست مەشقاۋۇل دەيمەن.

چەي جىن قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— خوپ! ياخشى گەپ، سىلى نېمە دەيلا؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر ئاجىزلىق قىلىمەن، — دەپ قويدى لىن چۇڭ قورققان كىشى بولۇپ.

خۇڭ مەشقاۋۇل: «بۇ ئادەمنىڭ چامباشچىلىقتىن خەۋىرى يوق بولسا كېرەك، شۇڭا قورقۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، لىن چۇڭنى بىر ئېلىشىپ كۆرۈش ئۈچۈن دەيدەيگە سالدى. چەي جىننىڭ بىرىنچىدىن، لىن چۇڭنىڭ ماھارىتىنى بىر كۆرگۈسى كەلدى، ئىككىنچىدىن، خۇڭ مەشقاۋۇلنى يېڭىلدۇرۇپ، ئاغزىنى باسقۇسى كەلدى. شۇڭا:

— قېنى ھازىرچە شاراب ئىچكەچ تۇرايلى، ئاي تۇغقاندا ئاندىن ئېلىشىسىلا، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەنە بەش - ئالتە قەدەھتىن كۆتۈرۈشتى. شۇ چاغدا تولۇن ئاي كۆككە ئۆرلەپ چىقىپ، ئايۋاننى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتتى.

— قېنى ئەمىسە، ئىككىلىرى بىر ئېلىشىپ باقسىلا ئەمدى، — دېدى چەي جىن ئورنىدىن قوپۇپ.

لىن چۇڭ: «بۇ ئادەم غوجامنىڭ ئۇستازى بولسا كېرەك، بۇنى بىر توقماق بىلەن چۈشۈرۈۋەتسەم، سەت بولماسمۇ» دەپ ئويلىنىپ قالدى ئىچىدە.

لىن چۇڭنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىنى بايقىغان چەي جىن:

— خۇڭ مەشقاۋۇلمۇ بۇ يەرگە تېخى يېقىندىلا كەلگەن. بۇ يۇرتتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىگۈدەك ئادەم يوق. لىن ئۇستاز، تارتىنماي چۈشسىلە، پېقىرنىڭمۇ ئىككىلىرىنىڭ ماھارەتلىرىنى بىر كۆرگۈسى بار، — دېدى.

چەي جىن لىن چۇڭنى مېنىڭ يۈز - خاتىرىمنى قىلىپ،

ماھارەتنى تولۇق كۆرسەتمەي قويارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن شۈنداق دېگەنىدى. چەي جىننىڭ گەپىنىڭ ئاشكارىسىنى ئېيتقانلىقىنى كۆرۈپ، لىن چۈڭنىڭ كۆڭلى تىندى.

— قېنى، ئۆتۈك بۇياققا! ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپ خۇڭ مەشقاۋۇل ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ۋە ھەممەيلەن: «ھە ـ ھۇ» دېيىشىپ، مېھمانخانىنىڭ ئارقىسىدىكى بوش يەرگە چىقتى. ئوتاقچىلار بىر باغلام توقماقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ يەرگە قويدى. خۇڭ مەشقاۋۇل چاپىنىنى سېلىپ، پۇچقىقىنى تۈرۈپ، توقماقتىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە: «قېنى، كېلىڭ!» دەپ ھۆركىرەپ، توقماقنى تۈتۈپ دېۋەيلەپ كەلدى.

— بىر ئېلىشىپ باقسىلا لىن ئۇستاز، — دەپ تەكلىپ قىلدى لىن چۈڭنى چەي جىن.

— مازاق قىلمىغايلا غوجام ئەمىسە، — دەپ لىن چۈڭمۇ يەردىن بىر توقماقنى قولىغا ئالدى ۋە خۇڭ مەشقاۋۇلغا قاراپ:

— قېنى، تەلىمىڭىزنى كۆرسىتىڭ جانابىي ئۇستاز، — دېدى. خۇڭ مەشقاۋۇل: «ھام» قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن لىن چۈڭغا قارىدى. لىن چۈڭ توقمىقىنى شەندۈڭچىلاپ كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى. خۇڭ ئۇستاز توقمىقىنى پەستىن پىرقىرىتىپ كېلىپ، لىن چۈڭغا ئېتىلدى، ئىككى مەشقاۋۇل ئايدىڭدا شۇنداق پەيزى ئېلىشتى.

## نەزم

بىرسى توقماق ئوينىتار شەندۈڭچىلاپ،
بىرسى توقماق پىرقىرىتار خېبېيچىلاپ.
بىرسى خۇددى ئوق يىلان، ئۆچقان كاماردىن غۇي قىلىپ،
بىرسى مۇت بوغما يىلان، چىققان ئۆۋىدىن ئېتىلىپ.
بىرسى شۇنداق پالۋان، ئالغاي چىنارنى قومۇرۇپ،
بىرسى شىددەتلىك بوران، كەتكەن چاۋارنى ئۇچۇرۇپ.

خۇددى ئەجدىھا ئىككىسى ئوكياندا گۆھەر تالىشار،
يەم تالاشقان چاغدا يولۋاس تاغدا شۇنداق ئېلىشار.

ئىككى مەشقاۋۇل ئايدىڭدا تۆت ـ بەش مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن لىن چۇك كىچىككىنە توختىۋالايلى دەپ، بىردىنلا سەكرەپ چەتكە چىقىۋالدى.

— مەشقاۋۇل، نېمىشقا ماھارەتلىرىنى ئىشقا سالمايلا؟ — دەپ سورىدى چەي جىن.

— پېقىر يېڭىلدىم، — دېدى لىن چۇڭ.

— تېخى ئېلىشمايلا يېڭىلدىم دەيدىلىغۇ؟

— پېقىرغا ماۋۇ تاقاق پۇتلاشتى، شۇڭا يېڭىلگەن بولاي.

— بۇ سەۋەنلىك پېقىردىن ئۆتتى، بۇنى ئويلاشماپتىمەن. بۇ ئاسان گەپ، — دېدى چەي جىن كۇلۇپ ۋە دەررۇ ئوتاقچىلاردىن بىرسىگە ئون سەر كۈمۈش ئەكەلدۈردى ۋە ئىككى يايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پېقىر تارتىنمايلا شۇنى سورايمەنكى، — دېدى چەي جىن، — ئىككىلىرىگە مالال كەلمىسە، مەشقاۋۇل لىن چۇڭنىڭ بويىندىكى تاقاقنى ئېلىۋېتىپ تۇرغان بولسىلا، ئەگەر مەھبۇسلار كۈرەسى سۈرۈشتۈرۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا پېقىر جاۋابكار. ماۋۇ ئون سەر كۈمۈشنى ئىككىلىرى ئېلىشسىلا.

چەي جىننىڭ سۆلىتىگە قاراپ دۇك چاۋ بىلەن شۆ با ياق دېيەلمىدى. ئۇلار ئادەمگەرچىلىك قىلايلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون سەر كۈمۈش تاپتۇق، لىن چۇڭمۇ قېچىپ كەتمەس، دەپ ئويلىدى. شۇڭا، شۆ با دەرھاللا لىن چۇڭنىڭ بويىندىكى تاقاقنى ئېلىۋەتتى.

— قېنى، ئىككىلىرى ئەمدى يەنە بىر ئېلىشىپ باقسىلا، — دېدى چەي جىن بەك خۇش بولۇپ.

خۇك مەشقاۋۇل لىن چۇڭنىڭ ماھارىتىنى چاغلىق ئىكەن دەپ، ئۇنى كۆزگە ئىلماي، توقمىقىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈشىگە چەي

جىن:

— توختىسىلا! — دەپ توختىتىپ قويۇپ، ئوتاقچىلاردىن بىرسىنى يىگىرمە بەش سەرلىك يامبۇدىن بىرنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئوتاقچى هايال بولمايلا، يامبۇدىن بىرنى ئەكەلدى.

— ئىككىلىرىنىڭ ماهارەت سىنىشى ئاددىي ئىش ئەمەس، — دېدى چەي جىن، — مانا بۇ يامبۇنى سۆيۈنچە هېسابىدا بۇ يەردە قويۇپ قويدۇم، كىم يەڭسە، يامبۇ شۇنىڭ بولسۇن، — دەپ يامبۇنى ئەتەي يەرگە تاشلاپ قويدى، چەي جىن كۆڭلىدە لىن چۇڭ ماهارىتىنى تولۇق كۆرسەتسىكەن دەپ ئويلايتتى. لىن چۇڭنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئاغرىنغان خۇڭ مەشقاۋۇل هەم يامبۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە قىزىقاتتى، هەم يېڭىلىپ رەسۋا بولۇپ قېلىشتىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن هۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، توقماقنى «كۆكتە ئوت چاقنىتىش پەدىسى» دېگەن پەدىدە ئويناتتى. لىن چۇڭمۇ: «چەي جىن غوجا مېنىڭ ئۇتۇۋېلىشىمنى ئارزۇ قىلىدىكەن» دېگەن خىيال بىلەن توقماقنى «ئوت - چۆپ ئارىسىدىن يىلان ئىزدەش پەدىسى» دېگەن پەدىدە ئويناتتى.

خۇڭ مەشقاۋۇل: «قېنى ئەمىسە !» دەپ راسا قاتتىق تووۋلاپ، توقماقنى لىن چۇڭنىڭ چوققىسىغا قارىتىپ سالدى. لىن چۇڭ بىر قەدەم ئارقىسىغا داجىۋىدى، خۇڭ مەشقاۋۇل ئالدىغا بىر چامداپ، توقماقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەنە بىرنى سالدى. لىن چۇڭ ئۇنىڭ قەدىمى بۇزۇلغانلىقىنى بايقىدى - دە، توقماق بىلەن يەر بېغىرلىتىپ بىرنى سالدى، خۇڭ مەشقاۋۇل تاقابىل تۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە، لىن چۇڭنىڭ پىرقىرىتىپ كېلىپ سالغان بۇ توقمىقى خۇڭ مەشقاۋۇلنىڭ ئوشۇقىغا تاس قىلىپ تەگدى - دە، ئۇ قولىدىكى توقمىقىنى تاشلىغان پېتى گۈپ قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى، چەي جىن خۇشاللىقىنى باسالماي: «چاپسان قەدەھ تۇشقۇزۇپ، شاراب تۇتۇڭلار» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. چەتتە

تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. خۇڭ مەشئاۋۇل تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ باقتى ــ يۇ، ئۆرە تۇرالمىدى. ئوتاقچىلار كۈلۈشكەن پېتى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. خۇڭ ئۇستاز ئىزا تارتىپ قىزارغىنىچە سورۇندىن چىقىپ مەھەللىگە كەتتى.

چەي جىن لىن چۈڭنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، كىرىپ ئىككىسى يەنە شاراب ئىچىشتى. ھېلىقى يامبۇنى ئەكەلدۈرۈپ، مەشئاۋۇلغا سۇندى. لىن چۈڭ ئۇنى ئالمىدىغان، ئۇنداق دەپ باقتى، مۇنداق دەپ باقتى، ئاخىر بولماي نائىلاج قوبۇل قىلدى.

## غەزەل

خەقنى بوزەك ئەيلىگەنگە ياخشى كۈن يوق ئاقىۋەت،
چەتتە تۇرغانلارمۇ ئېيتار ئاڭا لەنەت ــ نەپرەت.
كىمكى قوشلاپ تۇمشۇقىغا يېسە ئاندىن بىلگۈسى:
بەك كۆرەڭلەپ كەتسە ئادەم بولغۇسىدۇر ئۆزى لەت.

چەي جىن لىن چۈڭنى ئۆز جاڭزىسىدا بىرنەچچە كۈن تۇتۇپ قالدى، ھەر كۈنى ئېسىل شاراب ۋە مەززىلىك تائاملار بىلەن كۈتتى. يەنە ئالتە ــ يەتتە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئىككى يايى كېتەيلى، دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى. چەي جىن يەنە داستىخان راسلىتىپ، ئۇزىتىش چېيى بەردى ھەم قولىغا ئىككى پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىپ:

ــــ ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى پېقىر بىلەن يېقىن، مەھبۇسلار كۈرەسىنىڭ كۈرەبېگى ۋە زىندانبېگىنىڭمۇ پېقىر بىلەن ئوبدان ئۇلپەتچىلىكى بار ئادەم. مەشئاۋۇل، ماۋۇ ئىككى پارچە مەكتۇپنى ئۇلارغا كۆرسەتسىلە، سىزنى ئوبدان قارايدۇ، ــــ دەپ تاپىلاپ، لىن چۈڭغا يىگىرمە بەش سەرلىك چوڭ بىر يامبۇ،

ئىككى يايىغىمۇ بەش سەردىن كۈمۈش يوللۇق تۇتتى. بۇلار كىچىچە شاراب ئىچىشتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ناشتىدىن كېيىن ئۈچەيلەننىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئوتاقچىلارغا كۆتۈرگۈزۈپ قويدى، لىن چۈڭ تاقاقنى ئاۋۇالقىدەكلا تاقاتتۇرۇپ، چەي جىن بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. چەي جىن ئۇنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ خوشلاشتى.

— مەشقاۋۇل، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سىلىگە پاختىلىق كىيىم ئەۋەتىمەن، — دەپ جېكىلىدى غوجا.

— غوجام، قىلغان ياخشىلىقلىرىغا قانداقمۇ جاۋاب قايتۇرارمەن! — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى لىن چۈڭ.

يايىلارمۇ رەھمەت ئېيتىشتى.

ئۈچەيلەن ساڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. چۈشكە يېقىن ساڭجۇ شەھىرىگە يېتىپ باردى. ساڭجۇ كىچىكرەك جاي بولغان بىلەن كوچا - كويلىرى، بازار - رەستىلىرى بار خېلى ئاۋات بىر يەر ئىدى. بۇلار ئۇدۇل يامۇلغا بېرىپ ئالاقىنى تاپشۇردى. نۆۋەتچى بەگ لىن چۈڭنى باشلاپ كىرىپ، ئامبال بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئامبال لىن چۈڭنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا جاۋاب ئالاقە يېزىپ بەردى ۋە لىن چۈڭنى مەھبۇسلار كورەسىگە ئاپىرىپ تاشلاش ھەققىدە قەغەز يازدى. ئىككى يايى جاۋاب خەتنى ئېلىپ خوشلىشىپ، ئاستانىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار كېتىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى.

لىن چۈڭ مەھبۇسلار كورەسىگە ئاپىرىپ قويۇلدى. بۇ شۇنداق بىر كورە ئىدىكى:

## نەزم

تاملىرى مەھكەم، دەرۋازىسى بەلەن،
ئىچى كەڭتاشا، خەندىكى تىرەن.
مەغپىرەتخانا يېنىدا قاتار —

تالى مەجنۇنلار تۇمان ئىچىدە ئىرغاڭلاپ تۇرار؛
يوقلىمىخانا ئالدىدا تالاي ـــ
گويا ئۇسمىدەك ياپىپىشىل ياشناپ ئۆسكەن قارىغاي.
بۇ يەرگە كىلىپ ـ كىتىدۇ هامان،
ئاسمان ئۆرۈلسە غەم يىمەيدىغان باتۇر قەهرىمان.
بۇ يەرگە كىرىپ ـ چىقىپ يۇرگەنلەر،
ئوچۇق كۆڭۈللۈك، ئۆزى تۈز كەتكەن ساپ دىل ئادەملەر.

كۇرە خادىملىرى لىن چۇڭنى تاپشۇرۇۋىلىپ، يوقلىمىنى كۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ئايرىم ئۆيگە جايلاشتۇرۇپ قويدى. باشقا مەهبۇسلار ئۇنى يوقلاپ كىلىپ ئەقىل كۆرسەتتى:

ـــ بۇ يەرنىڭ كۇرەبىگى بىلەن زىندانبىگى تولىمۇ زالىم ئادەم، خەقنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، كىمكى پۇل ـ مال بىلەن ئاغزىنى ياغلىسا ئۇنىڭغا ئوبدان قارايدۇ؛ ئاغزىنى ياغلىمىسا، زىندانغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ ـ دە، ئادەم تىرىك دىسە تىرىك ئەمەس، ئۆلۈك دىسە ئۆلۈك ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. ئاغزىنى مايلاپ قويسا، كۇرەگە كىرىش بىلەنلا، هەيۋىسىنى يوقىتىش ئۇچۇن ئۇرۇلىدىغان يۈز تاياقنى ئۇرماي، ئاغرىق ئىكەن دەپ، تاياقنى باقىي قالدۇرىدۇ، ئاغزىنى مايلاپ قويمايدىغان بولسا، يۈز تاياق ئۇرۇپ جان ـ پىنىنى چىقىرىدۇ.

ـــ هەرقايسىلىرىنىڭ شۇنچە كۆيۈنۈپ يول كۆرسەتكەنلىرىگە رەهمەت. پۇل بىرىش توغرا كەلسە، قانچىلىك بەرسەم بولار؟

ـــ جۆندىيەلىسىڭىز كۇرەبىگىگە بەش سەر كۇمۇش، زىندانبىگىگىمۇ بەش سەر كۇمۇش بەرسىڭىز ناهايىتى ياخشى بولىدۇ.

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، زىندانبىگى كىلىپ قالدى ۋە:

ـــ يىڭى كەلگەن پالاندى قايسىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى.

لىن چۇڭ بىرنەچچە چامدام ئالدىغا بىرىپ:

— پېقىر، — دەپ جاۋاب بەردى.

زىندانبېگى ئۇنىڭ پۇل چىقارماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئەلپازىنى بۇزۇپ، لىن چۇڭغا قول شىلتىدى:

— ھەي پالاندى ئوغرى! مېنى كۆرۈپ نېمىشقا ئېگىلىپ تەزىم قىلمايسەن؟ سەن بەتبەخت ئاستانىدە قىلغان گۇناھىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئالدىمدا ئېرەن قىلماي تۇرغىنىڭنى تېخى! ھەي پالاندى ئوغرى، ئەپتىڭدىن ئاچ ئەرۋاھ بىرنېمە كۆرۈنىسەن! ئۆمۈر بويى روناق تاپمايدىغان ئەبگار! ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان ئۆلۈمتۈك، شورۇڭ قۇرۇپ كەتسۇن! سەن قاغجالما ئاخىر مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپسەن، سۆڭەكلىرىڭنى چېقىپ، كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىمەن. ئالدىرىماي تۇر، كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن! زىندانبېگى تىللاپ، لىن چۇڭنى باش كۆتۈرتمىدى. باشقىلار ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ تارقىلىپ كېتىشتى.

زىندانبېگى چېچىلىپ، تىللاپ بولغاندىن كېيىن لىن چۇڭ يېنىدىن بەش سەر كۈمۈش چىقىرىپ، خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن يالۋۇردى:

— بەگ ئاكا، ئازغىنا سوۋغام بار ئىدى، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلسىلا.

زىندانبېگى بىر قاراپ قويۇپ:

— بۇ كۈرەبېگىگە ئاتىغىنىڭمۇ ياكى ماڭىمۇ، ياكى ھەر ئىككىمىزگىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، بۇ پەقەت ئۆزلىرىگىلا ئاتىغىنىم. ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە ماۋۇ ئون سەرنى كۈرەبېگىگە ئاپىرىپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى لىن چۇڭ.

زىندانبېگى كۈمۈشنى كۆرۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

— ۋاي مەشقاۋۇل، سىزنىڭ داڭقىڭىزنى مەنمۇ ئاڭلىغان، راستىنلا يارايدىغان ئوغۇل بالا ئىكەنسىز! ئەمىر گاۋ چيۇ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. ھازىرچە جاپا تارتىپ يۈرگىنىڭىز بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە چوقۇم بېشىڭىزغا

www.uyghurkitap.com

دۆلەت قۇشى قونىدۇ. سىزنىڭ داڭقىڭىزغا ۋە سالاپەتلىك چىراي ـ تۇرقىڭىزغا قارىغاندا، پارچە ـ پۇرات ئادەملەردىن ئەمەسسىز، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كاتتا ئەمەل تۇتۇشىڭىزدا گەپ يوق.

ـــ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە شۇنداق بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس، ـــ دېدى لىن چۇڭ كۈلۈمسىرەپ.

ـــ خاتىرجەم بولۇڭ.

ـــ ھۆرمەتلىك ئاغا، مالال كەلمىسە، چەي جىن غوجامنىڭ ماۋۇ ئىككى پارچە مەكتۇپىنى ئىگىسىگە بېرىپ قويغان بولسىلىكەن، ـــ دېدى لىن چۇڭ ۋە قويىنىدىن ئىككى پارچە مەكتۇپىنى ئېلىپ سۇندى.

ـــ چەي جىن غوجامنىڭ مەكتۇپى بولغاندىكىن، نېمىسى مالال كېلەتتى؟ بۇ مەكتۇپىنىڭ قىممىتى بىر زىخچە ئالتۇن بىلەن تەڭ، ئۇنى ئاپىرىپ بېرەي، سەل تۇرۇپ كۆرەبېگى سىزنى چاقىرىدۇ. يۈز تاياق ئۇرماقچى بولغاندا، يات ئادەملەرنىڭ كۆزىنى باغلاش ئۈچۈن، «يول بويى ئاغرىپ كەلگەنىدىم، تېخىچە سەللىمازا ساقىيالمىدىم» دەيسىز، قالغىنىنى مەن توغرىلايمەن.

ـــ يول كۆرسەتكەنلىرىگە ھەشقاللا.

زىندانبېگى كۈمۈش بىلەن مەكتۇپنى ئېلىپ، زىنداندىن چىقىپ كەتتى. لىن چۇڭ: «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا!» دېگەن راستىكەن. بۇ يەردە دېگەندەكلا مۇشۇنداق ئىشلار بار ئىكەن، دەپ ئۇھ تارتتى.

زىندانبېگى كۆرەبېگىگە ئاتاپ بېرىلگەن ئون سەر كۈمۈشنىڭ بەش سەرىنى ئۆز يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، قالغان بەش سەرىنى مەكتۇپ بىلەن كۆرەبېگىگە ئاپىرىپ بەردى ھەمدە لىن چۇڭنىڭ باتۇر ـ ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى، چەي جىن غوجامنىڭ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ مەكتۇپ يازغانلىقىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى ۋە:

ـــ ئەمىر گاۋ چيۇ زىيانكەشلىك قىلىپ، بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ئانچىلا چوڭ گۇناھى يوق ئىكەن، ـــ دېدى.

— چەي جىن غوجامنىڭ مەكتۇپى بولغاندىكىن، ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك، — دەپ لىن چۇڭنى چاقىرتتى كورەبېگى.

لىن چۇڭ زىندانىنىڭ ئايرىم ئۆيىدە قايغۇ بىلەن ئولتۇراتتى. چاپارمەن:

— كورەبېگى يېڭى كەلگەن گۇناھكار لىن چۇڭنى يوقلىمىغا كەلسۇن دەيدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

لىن چۇڭ ئايۋانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كورەبېگى:

— سەن يېڭى كەلگەن گۇناھكار ئىكەنسەن، بوۋا كالان ۋۇدى خان ئالىيلىرىدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان تۈزۈم بويىچە، يېڭىدىن سۈرگۈن بولۇپ كەلگەن مەھبۇسلارنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن يۈز تاياق ئۇرۇش كېرەك. قېنى، ماۋۇ مەھبۇسنى ھاپاشلاڭلار! — دېدى.

— كەمىنىلىرى يول ئۈستىدە زۇكام بولۇپ قېلىپ، تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىدىم. تاياقنى باقىي قالدۇرسىلامىكىن، — دەپ يالۋۇردى لىن چۇڭ.

— بۇ ئادەم ئاغرىق ئىكەن، ئىلتىپات قىلىپ كەڭچىلىك قىلسىلا، — دېدى زىندانبېگى.

— بۇ ئادەمنىڭ راستىلا ئاغرىقى بار ئىكەن. ھازىرچە تاياق باقىي قېلىپ تۇرسۇن، ئاغرىقى تولۇق ساقايغاندىن كېيىن ئۇرساقمۇ بولار، — دېدى كورەبېگى.

— مەغپىرەتخانىغا قارىغۇچىنىڭ مۇددىتى توشۇپ قالغىنىغا خېلى بولغان. ئۇنىڭ ئورنىغا لىن چۇڭنى ئەۋەتەيلۇق، — دېدى زىندانبېگى ۋە شۇ يەردىلا ئالاقە يازدۇرۇۋالدى ـ دە، لىن چۇڭنى كەينىگە سېلىپ، زىنداندىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ، مەغپىرەتخانىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

— مەشقاۋۇل، مەن سىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدىم، مەغپىرەتخانىغا قاراش كورەيىمىز بويىچە ھەممىدىن يېنىك ئىش. ئەتە ـ ئاخشىمى كۈجە يېقىپ، يەر سۈپۈرۈپ قويسىڭىزلا بولىدى. باشقا مەھبۇسلارنى كۆردىڭىزغۇ، ئۇلار ئەتىگەندىن

كەچكىچە تىنماي ئىشلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ تېخى ئازار يەپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەرلىرى بولسا، زىندانغا تاشلىنىدۇ ـ دە، ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالىدۇ.

ــ ياخشىلىقلىرىڭغا رەھمەت، ــ دېدى لىن چۇڭ ۋە قوينىدىن يەنە ئىككى ـ ئۈچ سەر كۈمۈشنى ئېلىپ زىندانبېگىگە سۇندى، ــ ئاغا، مالال كۆرمەي، يەنىمۇ ياخشىلىق قىلىپ، بوينۇمدىكى تاقاقنى ئېلىۋەتكەن بولسىلا ياخشى بولاتتى.

زىندانبېگى كۈمۈشنى قولىغا ئېلىپ:

ــ بۇنى مەن توغرىلاي، ــ دەپ شۇئانلا كۆرەبېگىگە مەلۇم قىلىپ قويۇپ، تاقاقنى ئالدۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىن چۇڭ مەغپىرەتخانىغا جايلىشىۋالدى. تاماقنىمۇ ئۆزى ئېتىپ يەيدىغان بولدى، ھەر كۈنى كۈجە يېقىش، يەر سۈپۈرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قىرىق ـ ئەللىك كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كۆرەبېگى بىلەن زىندانبېگى پارا ئېلىپ تۇرغاچ، لىن چۇڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا چىقىشىپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. چەي جىن غوجا ياختىلىق كىيىم ۋە پۇل ـ خىراجەت ئەۋەتىپ تۇردى. كۆرەدىكى مەھبۇسلارمۇ لىن چۇڭدىن نەپ ئېلىپ تۇردى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چۈشكە يېقىن بولغاندا، لىن چۇڭ ئايلىنىپ كېلەي دەپ كۆرەنىڭ ئالدىغا چىقتى. مېڭىپ كېتىۋاتسا، كەينىدىن بىرسىنىڭ: «لىن مەشقاۋۇل، ئەجەب بۇ يەردە يۈرىلىغۇ؟» دەپ توۋلىغانلىقى ئاڭلاندى، لىن چۇڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ھېلىقى توۋلىغان كىشىنى كۆردى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! لىن چۇڭ ئوتتا كۆيۈپ ئۇ دۇنياغا كەتكىلى قىل قالدى. جۇت ـ شۇۋىرغاندا قېلىپ جاندىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. لىن چۇڭنىڭ كىمنى كۆرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئونىنچى باب

## لىن مەشقاۋۇلنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى
## پايلاقچى لۇ چيەنىنىڭ سامانلىقتا ئوت قويۇۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى لىن چۇڭ كوچىدا تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇشتۇمتۇت ئارقىدىن بىرى چاقىردى، ئۆرۈلۈپ قارىسا، ئۇ مەيپۇرۇش لى شاۋئېر ئىكەن. ئۇ بۇرۇن ئاستانىدىكى چېغىدا، لىن چۇڭنىڭ خەيرخاھلىقىغا كۆپ ئېرىشكەن؛ ئەگرى قوللۇق قىلىپ غوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغىنىدا، لىن چۇڭ ئىگىدارچىلىق قىلىپ، مال ئىگىسىگە ئۆزرە ئېيتىپ ئۇنى دەۋادىن خالاس قىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تۆلەپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان ۋە غوجايىننى دەۋا قىلىشتىن ياندۇرغان. لى شاۋئېر ئاستانىدە ئۆزىنى سىغدۇرالماي، باشپاناھ ئىزدەپ باشقا ياقلارغا بارماق بولغاندا، لىن چۇڭ يەنە يول خىراجىتى بېرىپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. بۈگۈن بۇ يەردە توساتتىن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئۇكام شاۋئېر! بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ. لى شاۋئېر تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— غەمگۇزارىم، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ يولغا سېلىپ قويغانلىرىدىن بۇيان ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە يۈرۈپ، بىر باشپاناھ تاپالمىدىم. ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇشۇ ساڭجۇ ئايمىقىغا كېلىپ قاپتىمەن. ۋاڭ ئاتلىق بىر مەيخانا خوجايىنىنىڭ قولتۇقىغا كىردىم. ئۇ كىشى مېنى مەيخانىسىدا خىزمەتكارلىقتا ئېلىپ قالدى. مېنىڭ ئىشچانلىقىمنى ھەم قورۇمىلارنى ئوخشىتىپ قورۇپ، شورپىلارنى تەملىك پىشۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ

ماختىنىشىغا ئىگە بولۇش بىلەن سودا ـ سېتىقىنىڭ يۈرۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن خوجايىن قىزىنى بېرىپ مېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. كېيىن قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانام ئۆلۈپ كېتىپ، خوتۇنۇم بىلەن ئىككىيلەنلا قالدۇق. مۇشۇ كۈرەنىڭ يېنىدا ئاشپۇزۇل ئاچقاندىم. نېسى قالغان پۇللىرىمنى يىغىمەن دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىگە يولۇقۇپ قالدىم. ئۆزلىرى نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى.

— ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مېنى تۆھمەت بىلەن بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلدۇردى، — لىن چۇڭ يۈزىگە سىلىنغان ئەننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — هازىر مېنى مەغپىرەتخانىغا قاراشقا قويۇپ قويدى. كېيىنچە قانداق بولىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم. بۈگۈن بۇ يەردە يولۇقۇپ قالغىنىمىزنى قاراڭ.

لى شاۋئېر دەررۇ لىن چۇڭنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئاپاردى، خوتۇنىنى چاقىرىپ چىقىپ، لىن چۇڭغا تەزىم قىلدۇردى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن خۇشال بولغان هالدا:

— بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز يوق. ئاسماندىن چۈشكەندەك، بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىرى ناهايىتى ياخشى بوپتۇ! — دېيىشتى.

— مەن بولسام بىر مەھبۇس، ھەرقايسىڭلارنىڭ پاك نامىغا داغ تەگكۈزۈپ قويارمەنمىكىن، — دېدى لىن چۇڭ.

— غەمگۈزارىم، ئۆزلىرىنىڭ داڭقىلىرىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇنداق دېمىسىلە، كىر ـ قاتلىرى بولسا ئەكېلىپ تۇرسىلا، يۇيۇپ ـ ياماپ بېرەيلى، — دېدى لى شاۋئېر.

ئۇلار لىن چۇڭنى شاراب ـ تاماق بىلەن مېھمان قىلىپ، كەچ بولغاندا مەغپىرەتخانىغا ئۇزىتىپ قويدى. ئەتىسى يەنە كېلىپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىن چۇڭ لى شاۋئېرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇردى. لى شاۋئېر پات ـ پات ئاش ـ غىزا ئېلىپ كۈرەگە كىرىپ لىن چۇڭدىن خەۋەر

ئېلىپ تۇردى. لىن چۇڭ بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ۋاپادارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا دەسمايە ئۇچۇن پۇل بېرىپ تۇردى.

ئەمدى قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ئەسلىي گەپكە ئۆتەيلى. ۋاقىت ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ، قىشمۇ كېلىپ قالدى. لىن چۇڭنىڭ پاختىلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى لى شاۋئېرنىڭ خوتۇنى يۇيۇپ ـ ياماپ بەردى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە، لى شاۋئېر ئاشپۇزۇلدا سەي ـ پەي، غىزا ـ پىزا تەييارلاۋاتاتتى، تۇيۇقسىزدىن بىر كىشى غىپپىدە كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كىشى كىرىپ كەلدى. تەقى ـ تۇرقىدىن قارىغاندا ئاۋۋال كىرگىنى سىپاھىگەلەرگە، كېيىن كىرگىنى چاپارمەنلەرگە ئوخشايتتى. لى شاۋئېر ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ مەي ـ شاراب كەلتۈرەيلىمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ھېلىقى كىشى يېنىدىن بىر سەر كۈمۈش چىقىرىپ، لى شاۋئېرنىڭ قولىغا بېرىۋېتىپ:

ـــ بۇنى غەللىگىزگە سېلىپ قويۇپ تۇرۇڭ. ئۈچ ـ تۆت ئاپقۇر ئېسىل شاراب تەييارلاپ قويۇڭ؛ مېھمانلىرىمىز كەلگەندە، سوراپ ئولتۇرماي، ئوبدان مېۋە، ئېسىل شاراب ۋە تائاملارنى ئەكېلىۋېرىڭ، ـــ دەپ تاپىلىدى.

ـــ جانابلىرى كىملەرنى مېھمان قىلماقچى؟

ـــ سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مالال كۆرمەي كۇرەگە بېرىپ، كۇرەبېگى بىلەن زىندانبېگىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىڭ، سوراشتۇرۇپ قالسا، بىر بەگ غوجام مۇڭداشماقچى ئىكەن، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىكەن، يولىڭىزغا قاراپ تۇرىدۇ دەڭ، باشقا گەپ قىلماڭ.

لى شاۋئېر ماقۇل بولۇپ، ئاۋۋال كۇرەگە كىرىپ زىندانبېگىنى چاقىرىۋېلىپ، ئاندىن بىللە كۇرە بېگىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىمۇ ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. ھېلىقى بېگىم كۇرەبېگى ۋە زىندانبېگى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇرۇندىن تونۇشمايدىكەنمىز بىلگەم، ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپلىرى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى كۇرەبىگى.

— مەكتۇپ ئالغاچ كەلدىم، بىر پەستىن كېيىن بىللا، قېنى، مەي كەلتۈرۈڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى.

لى شاۋئېر ئالدىراپ ـ تېنەپ مەي ئاچىقتى، كۆك ـ گېزەك، يەل ـ يېمىش ۋە تائاملارنى شىرەگە تىزدى. ئۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھېلىقى كىشى پەتنۇس بىلەن مېھمانغا مەي تۇتتى. لى شاۋئېر ئۆزى توختىماي چېپىپ يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلدى. ئەگىشىپ كەلگەن كىشى قىزىق سۇ سوراپ مەي ئىسسىتتى. ئون نەچچە قەدەھ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە شىرەگە تاماق تارتىلدى.

— مېنىڭ يېنىمدا مەي ئىسسىتىپ بېرىدىغان ھەمراھىم بار، قىچقىرمىغۇچە كىرمەڭ، بىزنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان سۆزىمىز بار، — دېدى ھېلىقى كىشى لى شاۋئېرغا قاراپ.

لى شاۋئېر «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى. ئىشىككە كېلىپ خوتۇنىنى قىچقىرىپ:

— خوتۇن، بۇ ئىككى ئادەمدە بىر گەپ باردەك تۇرىدۇ، — دېدى.

— قانداق؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى.

— بۇ ئىككىيلەن سۆز قىلىشىلىرىدىن كۇنچىقىش ئاستانىلىق كۆرۈنىدۇ. كۇرەبېگى بىلەنمۇ تونۇشمايدىكەن. كېيىن تاماقلارنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىمدە، زىندانبېگىنىڭ ئاغزىدىن: «ئەمىر گاۋ چيۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم، بۇلار مەشقاۋۇل لىن چۇڭنىڭ پېيىگە چۈشكەن بولمىسۇن يەنە؟ مەن ئىشىك ئالدىدا ھە ـ ھۇ قىلىپ تۇراي، سەن يان ئۆيگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ باق.

— سىز كۇرەگە بېرىپ مەشقاۋۇل لىن چۇڭنى تېپىپ كېلىڭ، ئۇ تونۇپ باقسۇن.

— سەن بىلمەيسەن، لىن چۇڭ مىجەزى چۇس ئادەم، خۇشى

كەلمەي قالسا، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئەگەرچەندە ئۇنى تېپىپ كەلسەم، بۇ نېمىلەر ئالدىنقى كۈنلەردە ئىبغىزغا ئېلىپ يۈرگەن پايلاقچى لۇ چيەن دېگەن ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇ ئاسانلىقچە بولدى قىلارمۇ؟ بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسا، سېنىڭ بىلەن ماڭمۇ كاساپىتى تېگىدۇ. باشقا گەپنى قويۇپ، بېرىپ ئاڭلاپ باق.

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، شۇنداق قىلاي، — دېدى خوتۇنى ۋە بېرىپ بىر هازاغىچە قۇلاق سېلىپ تۇردى. قايتىپ چىقىپ:

— ئۈچ - تۆتى ئىبغىزلىرىنى قۇلاقلىرىغا يېقىشىپ پىچىرلىشىۋاتىدۇ، نېمە دېيىشىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم. قارىسام، هېلىقى سىپاهبەگ سۈپەت ئادەم هەمراهىنىڭ قوينىدىن بىر ياغلىقتا ئورالغان نەرسىنى ئېلىپ، كۈرەبېگى بىلەن زىندانبېگىگە بەردى، ياغلىقتىكى نەرسە ئالتۇن - كۈمۈش بولمىغىيدى. زىندانبېگى: «بولدى، ماڭا قويۇپ بېرىڭ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ جېنىنى ئۆزۈم ئالىمەن» دېدى، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا ئىچكىرى ئۆيدىن: «شورپا كەلسۇن» دېگەن ئاۋاز چىقتى، لى شاۋئېر ئالدىراپ قىزىق شورپىنى ئېلىپ كىرگىنىدە، كۈرەبېگىنىڭ بىر پارچە مەكتۇپنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سوۋۇپ قالغان غىزالارنى ياندۇرۇپ چىقىپ، يەنە بىرئاز غىزا ئەكىردى. ئۇلار يەنە بىردەم غىزالاندى، ئاندىن هېسابلىشىپ هاراق پۇلىنى تۆلىدى. كۈرەبېگى بىلەن زىندانبېگى ئاۋۋال چىقىپ كەتتى. كەينىدىن هېلىقى ئىككى كىشىمۇ باشلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، لىن چۇڭ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەلدى:

— ئۇكام شاۋئېر! بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئوقىتىڭىز ياخشى بولۇۋاتامدۇ؟!

— ئولتۇرسىلا غەمگۇزارىم، مەن هازىر سىلىنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇرغانىدىم. سىلىگە ئېيتىپ قويىدىغان مۇهىم گەپ بار

ئىدى، — دېدى لى شاۋئېر دەرھال.
بۇنىڭ دەلىلى قىلىپ مۇنداق بىر غەزەل يېزىلغان:

سۇيىقەست ۋە بەتنىيەتلىك كەتكۈسىدۇر ئەلگە پۇر،
كۈس - كۈسۈڭدىن بار خالايىق تاپقۇسىدۇر بىر ئۇچۇر.
توسۇيالماس دىلىڭ قۇلاقنى بولسىمۇ گەر تام - توساق،
كۆردى مەخپىي سىرلىرىڭنى ئەۋلىيادەك كۆزى نۇر.

— شۇنچە مۇھىم ئىشمىدى؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ.

لى شاۋئېر لىن چۇڭنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

— ھېلىلا ئاستانىدىن كەلگەن يوچۇن بىر ئادەم بۇ يەردە كۇرەبېگى بىلەن زىندانبېگىنى قىچقىرىپ بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇشتى. زىندانبېگىنىڭ ئاغزىدىن: «ئەمىر گاۋ چيۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ گۇمانلىنىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن بېرىپ ئاڭلاپ باق، دەپ خوتۇنۇمنى قويدۇم، ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، قىلىشقان گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالماپتۇ. زىندانبېگى: «بولدى، ئىككىمىزگە قويۇپ بېرىڭ، ئۇنىڭ جېنىنى ئۆزىمىز ئالىمىز» دەپتۇ. ئىككى يوچۇن ئادەم بىر ياغلىققا ئورالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى كۇرەبېگى بىلەن زىندانبېگىگە بېرىپتۇ. كېيىن ئۇلار يەنە بىردەم ئىچىشىپ، ئاندىن تارقاشتى. ئۇلار قانداق ئادەملەركىن، مەن گۇماندا بولۇپ قالدىم، غەمگۇزارىم، ئۇلار سىلىگە قارا سانىمىغىيدى.

— ئۇ كىشىنىڭ قىياپىتى قانداق ئىكەن؟

— بويى پاكار، چىرايى ئاق پىشماق، كوسا، يېشى ئوتتۇزلاردا. بىللە كەلگەن كىشىنىڭمۇ بويى ئېگىز ئەمەس، چىرايى قارىمۇتۇق.

— بۇ ئوتتۇز ياشتىكى پايلاقچى لۇ چيەننىڭ ئۆزى! — دېدى لىن چۇڭ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا، — بۇ قىزىل كۆز ماڭا قەست

قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يەنە كەپتۇ ـ دە! قېنى، كۆرەرمىز. قولۇمغا چۈشۈپ قالمىسۇن، قولۇمغا چۈشتىما، ئۇنى خېمىرغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن!

— كونىلاردا «غىزالانغاندا گالغا تۇرۇپ قىلىشتىن ساقلان، ماڭغاندا يىقىلىپ كېتىشتىن» دېگەن گەپ بار، ئېھتىيات قىلىپ يۈرسىلەلا بولىدى، — دېدى لى شاۋئېر.

لىن چۈڭنىڭ زەردىسى قايناپ تاشتى. ئۇ لى شاۋئېرنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ، توپتوغرا بازارغا بېرىپ ئۆتكۈر خەنجەردىن بىرنى ئالدى ـ دە، ئۇنى يېنىغا ئېسىپ، كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئىزدىدى. لى شاۋئېر خوتۇنى بىلەن قاتتىق ئەنسىرىدى. شۇ كېچىسى تىنچ ئۆتتى. لىن چۈڭ ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپلا خەنجەرنى ئېلىپ، يەنە ساڭجۇ شەھىرىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ئارىلىدى، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنى ئايلاندى. بىر كۈن ئىزدىدى، مەھبۇسلار كۈرەسىدە ھېچقانداق شەپە بولمىدى. لىن چۈڭ يەنە كېلىپ لى شاۋئېرغا:

— بۈگۈنمۇ ھېچ گەپ يوق، — دېدى.

— غەمگۇزارىم، شۇنداق تىنچ بولغىنىغا شۈكۈر، — دېدى لى شاۋئېر، — شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلسىلا.

لىن چۈڭ مەغپىرەتخانىغا قايتتى. يەنە بىر كېچە ئۆتتى. لىن چۈڭ كوچىلاردا تۆت ـ بەش كۈن ئىزدەپ باقتى، ھېچ دېرەك بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا كۆڭلى بىر ئىزغا چۈشۈپ قالدى.

ئالتىنچى كۈنى كۈرەبېگى لىن چۈڭنى يوقلىمىخانىغا چاقىرتىپ كېلىپ:

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. چەي جىن غوجامنىڭ يۈز ـ خاتىرى بىلەن سىزنى ئىززەتلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلالمىدۇق. كۈنچىقىش دەرۋازىنىڭ ئون بەش چاقىرىم نېرىسىدا چوڭ بىر چېرىكلەر سامانلىقى بار. ھەر ئايدا ئوت ـ بوغۇز تاپشۇرىدىغانلاردىن ئادەت بويىچە ئانچە ـ

مۇنچە تاپاۋەت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرگە بۇ چاغقىچە بىر قېرى چېرىك قارايتتى. هازىر سىزنى شۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىدىم، ئۇ قېرى چېرىك سىزنىڭ ئورنىڭىزغا كېلىپ مەغپىرەتخانىغا قارايدۇ. سىز شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزىڭىزگە ئاز - تولا پۇل تېپىۋېلىڭ. زىندانبېگى بىلەن بېرىپ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭ، — دېدى.

لىن چوڭ: «هازىرلا باراي» دەپ جاۋاب بېرىپ، كۆرەدىن چىقىپ، تويتوغرا لى شاۋئېرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەندىن:

— بۈگۈن كۆرەبېگى مېنى چېرىكلەر سامانلىقىغا قاراشقا بۇيرۇدى، بۇ قانداق ئىش بولغاي؟ — دېدى لىن چوڭ.

— بۇ خىزمەت مەغپىرەتخانىدىكى ئىشقا قارىغاندا ياخشى. ئۇ يەردە ئوت - بوغۇز تاپشۇرۇلىدىغان چاغدا، ئادەت بويىچە ئانچە - مۇنچە تاپاۋەت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى ئاز - تولا پۇل بەرمەي تۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە ئېرىشكىلى بولمايتتى، — دېدى لى شاۋئېر.

— ماڭا قەست قىلىش ئورنىغا، تاپاۋەتلىك خىزمەت بەرگىنى نېمىسى، ئۇلارنىڭ غەرىزى زادى نېمىدۇ؟

— غەمگۈزارىم، گۇمانلانمىسىلا، چاتاق چىقمىسىلا بولىۋېرىدۇ. بىراق، بىزنىڭ ئۆيىمىزگە يىراقلىقى بار، بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ۋاقىت تېپىپ سىلىنى يوقلاپ بارىمەن.

لى شاۋئېر داستىخان سېلىپ لىن چوڭنى مەي بىلەن مېھمان قىلدى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئىككىيلەن خوشلاشتى. لىن چوڭ مەغپىرەتخانىغا كېلىپ، بوغجۇمىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، خەنجىرىنى يېنىغا ئېسىپ، بىر دانە نەيزىنى قولىغا ئېلىپ، زىندانبېگى بىلەن بىللە بېرىپ، كۆرەبېگى بىلەن خوشلاشتى - دە، ئىككىيلەن سامانلىققا قاراپ يول ئالدى. قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق

مەزگىلى ئىدى. ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلىغانىدى، سوغۇق شامال سوقۇپ، قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. قار بارغانچە ئۇلغايدى.

## نەزم

يەر ـ جاھاننى قاپلىدى ئىزغىرىن جۇت، بۇس ـ تۇمان،
چۈشتى كۆكتىن خاسىيەتلىك قار لەپىلدەپ بىپايان.
قالدى قارنىڭ ئاستىدا شۇل كەڭ دالانىڭ يوللىرى،
كىيدى ئاق تون قامىتىگە بارچە ھەيۋەت تاغ ـ داۋان.
تولدى يەكسان ئاق كۈمۈش ۋە قاشتېشىغا يەر ـ جاھان،
كۆزگە شۇئان زور كۆئېنلۇن چۈشتى غىل ـ پال بوپ ئايان.
ياغسا شۇنداق توختىماي قار، تا لەپىلدەپ تۈنگىچە،
ئەرشىنىڭ بوسۇغىسىمۇ قاردا قالغاي ھەر قاچان.

يولدا مەي ـ پەي ساتىدىغان يەر بولمىغاچقا، لىن چۈڭ زىندانبېگى بىلەن توختىماي مېڭىۋېرىپ، سامانلىققا يېتىپ كەلدى. سەپسالغۇدەك بولسا، سامانلىقنىڭ ئەتراپى سوقما تام ئىكەن، ئالدىغا ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازا ئۈچرىدى. دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ قارىسا، يەتتە ـ سەككىز ئېغىز يەم ـ خەشەك ئامبىرى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بېدە دۆۋىسى، ئوتتۇرىدا ئىككى ئېغىز سامانخانا كۆرۈندى. بىر ئۆيدە بىر قېرى چېرىك ئوتسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كۈرەببېگى لىن چۈڭنى سىنىڭ ئورنۇڭغا تەيىنلىدى، سەن قايتىپ مەغپىرەتخانىغا قارايدىغان بولدۇڭ. بۇ يەرنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى ھازىرلا ئۆتكۈزۈپ بەرگىن، — دېدى زىندانبېگى.

قېرى چېرىك ئاچقۇچلارنى ئالدى، لىن چۈڭنى باشلاپ يۈرۈپ:

— ئامبارلارغا يامۇلنىڭ پېچىتى چاپلانغان. بۇ ئوت ـ سامان دۆۋىلىرىنىڭ سان ـ ھېسابى بار، — دەپ تاپىلىدى ھەم ئوت ـ

سامان دۆۋىلىرىنى بىر ـ بىردىن كۆرسىتىپ ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئاندىن كېيىن لىن چۈڭنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. كۈدە ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ۋە ئاخىرىدا:

ــ سەندەل، قازان، تاۋاق ـ قاچىلارنى ساڭا قالدۇرۇپ كېتەي، ــ دېدى.

ــ مەنمۇ قاچا ـ قومۇچلىرىمنى مەغپىرەتخانىدا قويۇپ كەلدىم، لازىم بولسا ئېلىپ ئىشلەتكىن، ــ دېدى لىن چۈڭ.

ــ مەي ئىچكۈڭ كەلسە، ــ دېدى قېرى چېرىك تامغا ئېسىقلىق قاپاقنى كۆرسىتىپ، ــ مۇشۇ يەردىن چىقىپ، كۈنچىقىش چوڭ يول بىلەن ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم ماڭساڭ بىر بازار بار.

قېرى چېرىك زىندانبېگى بىلەن كۈرەگە قايتتى.

لىن چۈڭ تېڭىقلىق يوتقان ـ كۆرپىسىنى كارىۋاتقا قويۇپ، ئوت قالاشقا ئولتۇردى، تام تۈۋىدە دۆۋىلەكلىك ئوتۇن ـ كۆمۈردىن بىرنەچچە پارچىسىنى ئېلىپ ئوچاققا سالدى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۆينىڭ ھەممە ياقلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن لىڭشىپ تۇراتتى. لىن چۈڭ: «بۇ ئۆيدە قىشنى قانداق چىقىرارمەن؟ قار توختىغاندىن كېيىن بازارغا كىرىپ تامچى ئەكېلىپ ياسىتاي» دەپ ئويلاپ، ئوتسىندى، لېكىن بىردەمدىن كېيىن سوغۇقتىن تېنى جۇغۇلداپ كەتتى: «باياتىن قېرى چېرىك ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا بازار بار دەۋاتاتتى. ئازراق مەي ئەكېلىپ ئىچمەيمۇ؟ » دەپ ئويلىدى ـ دە، خالتىسىدىن پارچە پۇل ئېلىپ، نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا قاپاقنى ئاستى. ئوتنى باستۇرۇپ قويۇپ، كىگىز قالپىقىنى ئېلىپ كىيدى. ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى ۋە ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىدى. سامانلىقتىن چىقىپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېتىپ، قۇلۇپ سالدى ۋە ئاچقۇچنى ئېلىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ يولغا راۋان بولدى ـ دە، سەدەپتەك ئاپپاق قارنى دەسسەپ، شامالدا بىر



www.uyghurkitap.com

بىسىپ، ئىككى بېسىپ ماڭدى.

قار بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. لىن چۇڭ يېرىم يول ماڭا ـ ماڭمايلا، بىر كونا بۇتخانا كۆرۈندى. لىن چۇڭ: «ئەي تەڭرىم، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، يەنە بىر كۈنى كېلىپ ھەققىڭگە نەزىر بېرىمەن» دەپ تەزىم قىلدى. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىرمۇنچە ئۆيلەر كۆرۈندى. لىن چۇڭ قەدىمىنى توختىتىپ قارىسا، بىر چىت قاشانىڭ ئىچىدە بىر دانە سۈپۈرگە پۇلاڭلاپ تۇرۇپتۇ. لىن چۇڭ ئۇدۇللاپ قاشانىڭ ئىچىدىكى مەيخانىغا كىردى.

— قاياقتىن سورايمىز مېھمان؟ — دەپ سورىدى مەيپۇرۇش.

— بۇ قاپاقنى تونۇمسىز؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى لىن چۇڭ.

— مەيپۇرۇش قاپاققا بىر قاراپلا:

— بۇ قاپاق سامانلىقتىكى قېرى چېرىكنىڭغۇ، — دېدى.

— شۇنداق.

— سامانلىققا قارايدىغان بېگىم ئىكەنلا ـ دە، قېنى، مەرھەمەت قىلسىلا، سوغۇق قاتتىق بولۇۋاتىدۇ. بىرنەچچە قەدەھ ئىچىپ ھاردۇقلىرىنى چىقارسىلا.

مەيپۇرۇش بىر تەخسە كالا گۆشىنى توغرىدى، بىر ئاپقۇر مەي ئىسسىتتى ۋە لىن چۇڭنى تەكلىپ قىلدى، كېيىن لىن چۇڭ ئۆزىمۇ بىرئاز گۆش سېتىۋېلىپ يەنە بىرنەچچە قەدەھ ئىچتى. ئاندىن قاپاققا توشقۇزۇپ مەي ئالدى ـ دە، يەپ بولالمىغان ئىككى پارچە كالا گۆشىنى ئوراپ ئالدى. بىرئاز پارچە كۆمۈش قالدۇرۇپ، قاپاقنى نەيزىسىگە ئىلدى، كالا گۆشىنى قوينىغا سالدى: «سىزنى ئاۋارە قىلدىم» دەپ مەيپۇرۇش بىلەن خوشلىشىپ يەنە شامالدا قايتىپ كەلدى. كەچ كىرىش بىلەن قار يەنىمۇ ئەدەمەكتە ئىدى. ئۆتكەن زاماندا بىر موللا گادايلارنىڭ قار ـ شىۋىرغاندىكى دەرد ـ ھەسرىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق بىر نەزم يازغانىكەن:

www.uyghurkitap.com

گۆركىرەپ چىقتى شىۋىرغان يەر ـ جاھاننى بىر ئېلىپ،
خۇيغىنا ياغدى قېلىن قار بەك كۆرەڭلەپ ـ كېرىلىپ.
خۇددى توزغاق ياكى سەرناق ئۇ گويا،
ئۇچقۇنى لەپ ـ لەپ قىلىپ چۇشمەكتە پاختەكتەك كېلىپ.
قار بېسىپ ئارماندا تۇرغان ئالچۇق[1] ھەم چەللىنى ــ
ئۆرۈلۈش خەۋپىدە قويدى بەك ئېغىر ۋەھىم سېلىپ.
باي غوجام ـ زەردار بېگىملەر شۇندىمۇ،
چىقمىدى ھەتتا يۇخادىن نەم ھاۋانى ئاز بىلىپ.
يېنىدا تەييار ئۇلارنىڭ چوغدىنى ئىسسىنىدىغان،
ئولتۇرار كىمخاب ـ تاۋاردىن قاتمۇقات ئېگىن كىيىپ.
قولىدا مېيىخۇا گۇلىنى ئوينىتار،
بۇ نىشان ئەل بەختىگە دەپ كۈي قاتار،
كەمبەغەل بىچارىلەرنى ئويلىماس ھېچ ياد ئېتىپ.
تەركىدۇنيا ۋەلىيلەر ــ بېگانىلەر،
بەخىر امانلىقتا ئۆتتى ناخشىدىن لەززەتلىنىپ.

لىن چۇڭ خاسىيەتلىك قارلارنى دەسسەپ، سوغۇق شامالغا قارشى ئۇچقاندەك چېپىپ سامانلىققا يېتىپ كەلدى. دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ، داد ـ پەرياد قىلدى. تەڭرىنىڭ كۆزى بار ئىكەن، ئاق كۆڭۈل مەردلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدىكەن، قاتتىق قار لىن چۇڭنىڭ جېنىنى ئامان ساقلاپ قالدى. ھېلىقى ئىككى ئېغىز ئۆي قارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. لىن چۇڭ: «قانداق قىلسام بولاركىن؟» دەپ ئويلاپ، نەيزە بىلەن قاپاقنى قار ئۈستىگە قويدى. چوغداندىكى ئوت تۇتىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ، چۈشكەن چالما ـ ياغاچلارنى بىر يانغا يۆتكەپ، بېشىنى شۇڭغۇتۇپ كىرىپ قولى بىلەن سىلاپ قارىسا، چوغداندىكى ئوتنى قار ئۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. لىن چۇڭ

---

[1] ئالچۇق ــ كەپە دېگەن مەنىدە.

تۆشەكنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئارانلا يوتقىنىنى تارتىۋالدى. لىن چۈڭ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، كەچ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئوت قالىغۇدەك يەرمۇ يوق ئىكەن، قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلىدى. بۇ يەردىن يېرىم يول يىراقلىقتىكى ھېلىقى كونا بۇتخانا يادىغا چۈشۈپ: «شۇ يەرگە بېرىپ تۈنەپ، تاڭ ئاتقاندا قاراپ باقايمۇ» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، يوتقاننى قاتلاپ، مەي قاپىقىنى نەيزىگە ئىلىپ، دەرۋازىغا يەنە قۇلۇپ سېلىپ، بۇتخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇتخانىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى، ياندا تۇرغان تاشنى يۆتكەپ كېلىپ ئىشىككە تىرەپ قويدى. ئىچكىرىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئايۋاندا ئالتۇن ساۋۇتلۇق تاغ مۇئەككىلى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە مۇنكىر، يەنە بىر تەرىپىدە نەكىر تۇرۇپتۇ. يان تەرەپتە قەغەز دۆۋىلەكلىك تۇرۇپتۇ. ھەممە يەرنى ئايلىنىپ چىقتى. يا قولۇم ـ قوشنا، يا بۇتخانا شەيخى كۆرۈنمەيتتى. لىن چۈڭ نەيزە بىلەن قاپىقنى قەغەز دۆۋىسىگە قويدى. يوتقاننى سالدى، ئاندىن كىگىز قالپىقى بىلەن ئۇستىبېشىدىكى قارنى قاقتى؛ ئۈچىسىدىكى چاپىنى بىلەن كۆڭلىكىنى سالدى، ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاۋاپ شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى؛ يوتقىنىنى ئايىغىغا ياپتى. شۇنىڭ بىلەن قاپاقتىكى مۇزدەك مەينى قوينىدىكى كالا گۆشى بىلەن ئاستا ئىچكىلى تۇردى.

شۇ ئەسنادا، تاشقىرىدىن پاراسلىغان قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. لىن چۈڭ سەكرەپ قوپۇپ تامنىڭ يوچۇقىدىن قارىغۇدەك بولسا، سامانلىقتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت پاراسلاپ كۆيۈۋېتىپتۇ.

نەزم

ئوت ئۇلۇغ، ئوتتىن ئۇلۇغراق ياغدى قار،
چۆپ ـ سامان ئوت يالقۇنىنى ئاۋۇتار.
گۇركىرەپ چىقتى يەنە خۇددى قىرىشقاندەك بوران،

كىمدۇر ئۇ باسقاندا قار ئوتنى ئۇلۇغ ياققان شۇئان.
سوقۇشار كۆكتە قىزىل ئەجدىھا دېسەڭ،
توزۇغان قاسراقلىرى ئاپپاق ئەجەب، ھەيران ئۆزۈڭ؛
كېپىنەك ئۇ بەسلىشىپ ئۇچقان دېسەڭ،
نە ئۇچۇن ئۇچقۇن چېچىپ يالقۇنلىتار گۈلخانغا تەڭ.
ئوت پىرى ئاتەش سۈپەت دۇلدۇللىرىنى چاپتۇرۇپ،
بۇل ئارا يۈرگەنمۇ ياكى ياقتۇرۇپ؟
ياكى قۇشلارنىڭ پىرى ھەيدەپ قىزىل قۇشلارنى ئۇ،
چاڭگىلاتماقچى بولۇپ يۈرگەندىمۇ؟
ئىشقىلىپ چىقتى بۇ ئاپەت كۈتمىگەن يەردىن شۇدەم،
بەلكى بىر سىرلىق بالاخور قەست بىلەن سۈرگەن قەدەم.
كۆرسە گەر، ئوت دەستىدىن،
تىك تۇرار قۇيقا چىچى باتۇر — شېھىتلەرنىڭ شۇئان؛
بۇ قىلىن قار ھەيۋىدىن،
يېرىلىپ يۈرەكلىرى نائەھلىدە قالمايدۇ جان.

لىن چۇڭ دەررۇ نەيزىسىنى ئېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈشكە بارغىلى ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، تالادىن كىملەرنىڭدۇر گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لىن چۇڭ ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشىغانىدى، ئۈچ كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇلار بۇتخانىغا چېپىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئىتتەردى. تاش تىرەپ قويۇلغاچقا، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۈچ كىشى بۇتخانىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا تۇرۇپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تاماشا قىلىپ تۇردى ۋە پاراڭغا چۈشتى:

— بۇ ھىيلىمىز ياخشىمىكەن؟

— كۆرەبېگىم، زىندانبېگىم، بۇ ئىش ھەرقايسىلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن بولدى! كۇنچىقىش ئاستانىگە قايتىپ بۇنى ئەمىرگە مەلۇم قىلىمەن. ئىككىلىرىنى چوڭ ئەمەلدار قىلىپ كۆتۈرۈشكە ۋەدە قىلىمەن. ئەمدىغۇ جاڭ مەشقاۋۇلنىڭ ياق

دەيدىغان يېرى قالمىدى.

— لىن چۇڭنى جايلىۋەتتۇق. ئەمدى گاۋ يانپېىنىڭ كېسىلى چوقۇم ساقىيىپ كېتىدىغان بولدى.

— جاڭ مەشقاۋۇل دېگەن هارامزادە: «كۆيۈئوغلۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى» دەپ، ئۇچ - تۆت قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، شۇنچە يالۋۇرساقمۇ، ياق دەپ تۇرۇۋېلىپ، گاۋ يانپېىنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە زامىن بولغانىدى. شۇڭا، ئەمىر ئىككىلىرىدىن بۇ ئىشقا ياردەم كۆرسىتىشلىرىنى سوراپ، بىزنى ئالاھىدە ئەۋەتكەنىدى. خەيرىيەت، بۈگۈن بۇ ئىشمۇ پۈتۈپ قالدى.

— مەن تامدىن ئارتىلىپ چۈشتۈم - دە، ئۆيچۆرىدىكى ئوت - چۆپ دۆۋىلىرىگە ئون نەچچە يەردىن ئوت ياقتىم. ئۇ نەگىمۇ قاچالىسۇن؟

— بۇ كەمگىچە كۆيۈپ بولاي دەپ قالغاندۇ !

— قېچىپ قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ چېرىكلەر سامانلىقىغا ئوت قويغان گۇناھى ئۈچۈنمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

— شەھەرگە قايتايلى.

— سەل تۇرايلى، بىرەر - ئىككى پارچە سۆڭىكىنىمۇ بولسا مەھكىمىمىزگە ئالغاچ بارساق، ئەمىر بىلەن بەگزادە كۆرۈپ، بىزنىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دېسۇن.

لىن چۇڭ بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئاۋازىدىن، بىرسى زىندانبېگى، بىرسى پايلاقچى لۇ چيەن، يەنە بىرسى فۇئەن ئىكەنلىكىنى بىلدى. «تەڭرى ساقلاپتۇ مېنى! ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن بولسا، بۇ مەلئۇنلار مېنى چوقۇم كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتەر ئىكەن» دەپ ئويلىدى - دە، تاشنى ئاستاغىنا يۆتكىدى. سول قولى بىلەن ئىشىكنى شاققىدە ئېچىپ، نەيزىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— هوي بەتبەختلەر ! ئەمدى نەگە قېچىشارسەن؟! — دەپ ۋارقىرىدى.

هېلىقى ئۈچەيلەن قاچماقچى بولۇشتى - يۇ، ئەمما هودۇققان

www.uyghurkitap.com

پېتى ياغاچتەك قېتىپ، قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. لىن چۇڭ نەيزە بىلەن گاچ قىلىپ بىر سانجىپ، ئاۋۋال زىندانبېگىنى يىقىتتى. پايلاقچى لۇ چيەن قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ، تەمتىرەپ بىر قەدەممۇ باسالماي، «ۋايجان، رەھىم قىلىڭ!» دەپ توۋلاپ يالۋۇردى. فۇ ئەن قېچىپ ئون قەدەمچە ماڭـا ـ ماڭمايلا، لىن چۇڭ قوغلاپ بېرىپ ئارقىسىدىن يۈرىكىگە ئۆدۈللاپ نەيزە بىلەن بىر سانجىۋىدى موكلا چۈشتى. لۇ چيەن ئەمدىلا ئۈچ ـ تۆت قەدەم مېڭىۋىدى، لىن چۇڭ كەينىگە قايتىپ كېلىپ: «ھۇ خۇنيەر! نەگە قاچىسەن؟!» دەپ ۋارقىراپ، ياقىسىدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈرۈپ قارغا ئۇردى. نەيزىنى قارغا سانجىپ قويۇپ، كۆكرىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، لۇ چيەننىڭ يۈزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ھەي خۇنيەر! بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك يوق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ماڭا شۇنچىۋالا قەست قىلىپ يۈرىسەن؟ «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، دىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن گەپ بار. سېنىڭ دىل ئازارىڭغا رەھىم قىلغىلى بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بۇ گۇناھ پېقىردا ئەمەس، ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى، كەلمەسلىككە ئىلاج قىلالمىدىم، — دەپ يالۋۇردى پايلاقچى لۇ چيەن.

— ھەي قارا نىيەت! سەن بىلەن بالا چېغىمىزدىلا دوست ئىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ يۈرسەڭ، بۇنى سەندىن كۆرمەي باشقىلاردىن كۆرەتتىممۇ؟ قېنى خەنجىرىمنى تېتىپ كۆر! — دەپ تىللىدى ۋە لۇ چيەننىڭ چاپىنىنى يىرتىپ تاشلاپ، خەنجىرىنى يۈرىكىگە سانجىپ، بىر قايرىۋىدى، يەتتە ئەزايىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى. لىن چۇڭ لۇ چيەننىڭ يۈرەك ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ كەينىگە قارىسا، زىندانبېگى ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىشقا تەمشەلگەنىكەن، لىن چۇڭ بېرىپ ئۇنى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ:

— سەن بەتبەختمۇ ئۆتۈپ كەتكەن قارا يۈز ئىكەنسەن ! سەنمۇ خەنجىرىمنى تېتىپ باق ! — دەپ ۋارقىراپ، «شارت» قىلىپ بېشىنى كېسىپ نەيزىسىگە ئاستى. يېنىپ كېلىپ، فۇئەن بىلەن لۇ چيەنننىڭ بېشىنىمۇ كېسىۋالدى، خەنجىرىنى غىلاپقا سېلىپ، ئۈچەيلەننىڭ بېشىنى چېچىدىن چېتىپ كۆتۈرگىنىچە بۇتخانىغا كىرىپ، تاغ مۇئەككىلىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاپ شىرەسىگە تىزىپ قويدى، ئاندىن كۆڭلىكىنى كىيىپ، پوتىسىنى چىڭ باغلاپ، كىگىز قالپىقىنى كىيدى ـ دە، قاپاقتىكى مۇزدەك مەينى ئىچىۋەتتى. يوتقان بىلەن قاپاقنى تاشلاپ قويۇپ، نەيزىنى ئېلىپ بۇتخانىدىن چىقىپ شەرققە قاراپ ماڭدى. تۆت ـ بەش يول ماڭا ـ ماڭمايلا، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن سوغا ۋە ئىلمەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— سىلەر چاپسان بېرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ ياملۇغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ كېلەي، — دېدى ـ دە، نەيزىنى كۆتۈرۈپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي مېڭىۋەردى.

## غەزەل

تەڭرىنىڭ پارلاق يولى كۆرمەس خىلاپەتنى راۋا،
بەتنىيەتلىك تۈلكىلەر شۇملۇقنى قىلدى مۇددىئا.
ئۆرتىنىپ جىسمى تۈگەل بولماسمىدى كۈل، كەتمىسە —
گەر شىۋىرغانلىق كېچىدە مەيگە باغلاپ ئىشتىھا.
خۇپىيانە سۇيىقەست چاچقان مەھەلدە زەھرىن،
خالىي ـ پىنھاندىن چىقىپ قۇتقۇزدى غايىب ئەۋلىيا.
بىگۇناھ بىچارە ئەر تاپتى ھاياتىغا نىجات،
ئۇ جاسارەت بابىدا تەڭداش تېپىلماس ئەر گويا.

قار بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. لىن چۇڭ كۈنچىقىشقا قاراپ

ئۈچ ـ تۆت سائەتچە يول ماڭدى. ئۈچىسىدىكى كىيىمى يېپىلىك بولغاچقا، قاتتىق سوغۇققا دال بولالمايتتى. ئۇ قار كېچىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە قارىسا، سامانلىق خېلىلا يىراقتا قاپتۇ. ئالدى تەرەپكە قارىسا، دەل ـ دەرەخلەر قارا ـ قويۇق ئارىلىشىپ كەتكەن شالاڭ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي كۆرۈندى، قار باسقان بۇ ئۆيلەرنىڭ تام يوچۇقلىرىدىن ئوت نۇرى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لىن چۇڭ توغرىدىن ـ توغرا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ قارىدى. قارىغۇدەك بولسا، تۆردە بىر قېرى ئوتاقچى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياش ئوتاقچىلاردىن تۆت ـ بەشى ئوتسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ؛ ئوچاقتا ئوتۇن يالقۇنجاپ كۆيۈۋېتىپتۇ. لىن چۇڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! پېقىر مەھبۇسلار كۇرەسىنىڭ خىزمەتكارى. قاردا قېلىپ كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ كەتتى. ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇۋالاي دەپ كەلدىم، ئىلتىپات قىلىسىڭىزلار ئىكەن.

— چاغلىق گەپ ئىكەن، ئولتۇرۇپ قاقلاۋېرىڭ، — دېدى ئوتاقچىلار.

لىن چۇڭ ئۈچىسىدىكى ھۆل كىيىملىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇردى. كىيىم سەل ـ پەل قۇرۇدى. شۇ چاغدا لىن چۇڭنىڭ كۆزى قوقاسقا يانداپ قويۇلغان بىر كۈپكە چۈشتى. كۈپتىن مەينىڭ لەززەتلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— يېنىمدا ئازراق پارچە پۇل بار ئىدى. مالال كۆرمەي ئازراق مەي ئۆتۈنۈپ بەرسىڭىز ئىكەن، — دەپ ئۆتۈندى لىن چۇڭ.

— بۇنى تەمە قىلماڭ! — دەپ جاۋاب بەردى قېرى ئوتاقچى، — بىز ھەر كۈنى كەچتە نۆۋەتلىشىپ ئاشلىق باداڭلىرىغا قارايمىز. ھازىر تازا قاتتىق سوغۇق بولىدىغان باش توخۇ ۋاقتى. بۇ مەي ئۆزىمىزگىمۇ يېتىشمەيۋاتسا، سىزگە نەدىكەن؟

— ئۆزۈڭلار بىلىپ پېقىرغا ئىككى ـ ئۈچ پىيالە ئۆتۈنۈپ بەرسەڭلار ئىكەن، بىرئاز ئىسسىنىۋالسام بولاتتى.

— قانداق ئادەمسەن، كۆرگەنگىلا يىپپىشىۋالىدىغان!
مەيىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماقىغا ئۇرۇلغانسېرى، لىن چۇڭنىڭ ئىچكۈسى كەلدى - دە:
— ھېچ گەپ بولماس، ئازراق بېرىڭلار! — دەپ تۇرۇۋالدى.
— ئوتسىنىپ ھۆل چاپىنىنى قاقلاپ قۇرۇتۇۋالسۇن دەپ، ساڭا ياخشىلىق قىلساق، تېخى مەي سوراپ تۇرۇۋالغىنىڭنى قارا! كەتسەڭ تېز كەت، كەتمەيدىغان بولساڭ سېنى ھازىرلا باغلاپ مەشەگە ئېسىپ قويىمىز، — دەپ ۋارقىراشتى ئولتۇرغان ئوتاقچىلار.
لىن چۇڭ زەردىسى قايناپ:
— ماۋۇ نېمىلەرنىڭ يولسىزلىقىنى قارا! — دەپ چاچراپ تۇرۇپ، ئوچاقتا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە چوغنى قولىدىكى نەيزە بىلەن ئېلىپ، قېرى ئوتاقچىنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئوچاقتىكى چوغنى يەنە چۇخچىلىدى، قېرى ئوتاقچىنىڭ ساقال - بۇرۇتى پىژىلداپ كۆيگىلى تۇردى. باشقا ئوتاقچىلار سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لىن چۇڭ نەيزىسىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇدۇل كەلگىنىنى ئۇرغىلى تۇردى. قېرى ئوتاقچى ھەممىنىڭ ئالدىدا قېچىپ چىقىپ كەتتى؛ قالغانلىرى قىمىر قىلماي قېتىپ قالدى. لىن چۇڭ قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىر ھەممىسىنى قاچۇردى: «بارىڭ تىكىۋەتتىڭ ئەمدى، ئاكاڭ قارىغاي ھۇزۇرلىنىپ مەي ئىچىدىغان بولدۇم - دە» دەپ، كاڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىككى دانە چۆچەكتىن بىرنى ئېلىپ كۈپتىكى مەينى قۇيۇپ ئىچتى. بىردەمدىلا يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى ئاشۇرۇپ قويدى. كېيىن نەيزىنى ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپلا تۈغرا كەلگەن ياققا قاراپ ئېگىز - پەس دەسسەپ ماڭدى. بىر ر چاقىرىم يول ماڭا - ماڭمايلا، سوغۇق شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن جىلغىغا يىقىلىپ چۈشتى، تىرىشىپ - تىرمىشىپ باقتى، نەدىكىنى، ئورنىدىن تۇرالامدىغان! ئادەتتە، مەست ئادەملەر يىقىلسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلەيدۇ. لىن چۇڭ

غەرق مەست هالدا قار ئۇستىدە يېتىپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ.

هېلىقى ئوتاقچىلار يىگىرمە نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، نەيزە، توقماق كۆتۈرۈشۈپ ئۆيگە بېسىپ كىرسە، لىن چۇڭ يوق. ئىز قوغلاپ كېلىپ قارىسا، لىن چۇڭ قار ئۇستىدە يېتىپتۇ. نەيزىسى بىر چەتتە تۇرۇپتۇ. ئوتاقچىلار ئولىشىپ كېلىپ لىن چۇڭنى تارتىپ ـ سۆرەپ تۇرغۇزۇپ، ئارغامچا بىلەن باغلىدى، تاڭ ئاتار ۋاقتىدا ئۇنى باشقا بىر جايغا ئېلىپ ماڭدى. ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

ئۇ شۇنداق بىر جايكى، قومۇشلۇق كۆل ئىچىدە نەچچە مىڭلىغان جەڭ كېمىلىرى سەپ تارتىپ تۇراتتى؛ سۇ بويىدىكى تۇرادا يۈزلىگەن باتۇر ـ ئەزىمەت جەم ئىدى. ئۇ يەرنى تىلغا ئالغاندا، سۇردىن كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايتتى؛ ھەيۋىسىدىن پۇت ـ قولنىڭ مادارى كېتەتتى. ئوتاقچىلارنىڭ لىن چۇڭنى زادى قانداق بىر جايغا ئېلىپ بارغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## جۇگۇيىنىڭ سۇ بويىدىكى شىپاڭدا بەلگە ئوقى ئاتقانلىقى لىن چۇڭنىڭ شۇۋرغانلىق كېچىدە لياڭشەنگە چىققانلىقى

ئەلقىسسە، قاپلانباش لىن چۇڭ شۇ كېچىسى قاتتىق مەستلىكتە قارغا يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالغاندا، ئوتاقچىلار كېلىپ ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، بىر جاڭزىغا ئېلىپ باردى. قورۇدىن بىر ئوتاقچى چىقىپ:

— چەي جىن بېگىم تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى، بۇ بەتبەختنى قوۋۇق بېشىغا ئېسىپ قويۇڭلار، — دېدى.

تاڭ سۈزۈلدى، لىن چۇڭنىڭ مەستلىكى يېشىلدى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىسا، بۇ ئاجايىپ كاتتا، ئازادە بىر قورۇ ئىكەن.

— مېنى بۇ يەرگە تەپ تارتماي ئېسىپ قويغان قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى لىن چۇڭ.

ئوتاقچىلار ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، كالتەك كۆتۈرۈشۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېلىشتى ۋە:

— سەن مۇناپىق تېخىچە ھۆرۈ - پۆرۈ دەپ يۈرەمسىنا! — دەپ تىۋلاشتى.

— گەپ سوراپ نېمە قىلىسىلەر، ئۇرۇڭلار! — دېدى ساقال - بۇرۇتى ئۆتلىنىپ كەتكەن ھېلىقى قېرى ئوتاقچى، — بېگىم ئورنىدىن ذوپقاندىن كېيىن سوراق قىلىپ ئاندىن يامۇلغا ئاپىرىپ بېرەيلى.

ئوتاقچىلار تەرەپ - تەرەپتىن ئۇرغىلى تۇردى. لىن چۇڭ تاياقتا چىداپ تۇرالماي:

www.uyghurkitap.com

— ئۇرماڭلار، مېنىڭ گېپىم بار! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ ئەسنادا بىر ئوتاقچى: «بېگىم كەلدى!» دەپ توۋلىدى. لىن چۇڭ زەن سېلىپ قارىدى، بىر بېگىم قولىنى كەينىگە قىلىپ چىقىپ كەلدى ۋە پېشايۋانغا كېلىپ:

— سىلەر بۇ يەردە كىمنى ئۇرۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— كېچە تۇتۇۋالغان ئاشلىق ئوغرىسىنى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئوتاقچىلار.

ھېلىقى بېگىم ئالدىغىراق كېلىپ، ئېسىقلىق تۇرغان ئادەمنىڭ لىن چۇڭ ئىكەنلىكىنى تونۇدى ـ دە، دەررۇ ئوتاقچىلارنى نېرى تۇرۇش دەپ ئۆز قولى بىلەن ئارغامچىنى يېشىپ، لىن چۇڭنى پەسكە چۈشۈردى:

— مەشقاۋۇل، سىلىنى نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە ئېسىپ قويۇشتى؟

ئوتاقچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تارقىلىپ كېتىشتى.

لىن چۇڭ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا تۇرغان ئادەم باشقا ئادەم ئەمەس، قۇيۇنتاز چەي جىن ئىكەن. ئۇ شۇ ھامان:

— ۋاي بەگ ئاغا، مېنى قۇتقۇزسىلا ! — دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى.

— مەشقاۋۇل، ئەجەب بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ سەھرالىق تومپايلارغا خورلىنىپ يۈرۈپتىلاغۇ؟ — دەپ سورىدى چەي جىن.

— ئېيتىپ كەلسەم دەردىم كۆپ ! — دېدى لىن چۇڭ.

ئىككىيلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. لىن چۇڭ سامانلىقتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. چەي جىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— شۇ قەدەر پېشكەللىكلەرگە ئۇچراپتىلا ـ دە ! ھېلىمۇ تەڭرىم ساقلاپتۇ، شۈكۈر دېسىلە، بۇ يەر بولسا مېنىڭ كۇنچىمقىشتىكى جاڭزام بولىدۇ. خاتىرجەم بىرنەچچە ۋاق تۇرسىلا، ئاندىن بىر گەپ بولار، — دېدى ۋە ئوتاقچىلارغا بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ئاچىقتۇرۇپ، لىن چۇڭنىڭ

ئۈستىبېشىدىكى ھەممە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەتكۈزدى. ئاندىن قىشلىق ھۆجرىغا تەكلىپ قىلىپ مەي ـ تائام تەييارلىتىپ، لىن چۆڭنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىن چۆڭ چەي جىننىڭ كۈنچىقىش جاڭزىسىدا ئالتە ـ يەتتە كۈن تۇردى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ.

ساڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار كۈرەسىنىڭ بېگى يامۇلغا بېرىپ، لىن چۆڭ زىندانبېگىنى، پايلاقچى لۇ چيەن بىلەن فۇئەننى ئۆلتۈرۈپ، چېرىكلەر سامانلىقىغا ئوت قويۇۋېتىپ قاچتى، دەپ مەلۇم قىلدى. ئامبال بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال ئېلان يازدۇرۇپ، تۇتقاۋۇللارغا تاپشۇردى، ئۇلار يايى ـ دورغىلارنى باشلاپ يېزىمۇيېزا، شەھەرمۇشەھەر، مەھەللىمۇ - مەھەللە ۋە ئۆتەڭمۇئۆتەڭ يۈرۈپ، بارغانلا يەرگە ئېلان چاپلىدى، جىنايەتچى لىن چۆڭنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام بېرىشنى جاكارلىدى. لىن چۆڭنى تۇتۇش توغرى- سىدىكى بۇ جىددىي ئېلان ھەممە يەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتتى. چەي جىن بەگنىڭ كۈنچىقىش جاڭزىسىدا پاناھلىنىپ يۈرگەن لىن چۆڭ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى، چەي جىن جاڭزىغا يېنىپ كېلىشى بىلەنلا لىن چۆڭ ئۇنىڭغا:

— بەگ ئاغا، مەن بۇ يەردىن كېتەي، ئۆزلىرىگە مەلۇم، يامۇلنىڭ ئادەملىرى مېنى تۇتۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىپ ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇۋېتىپتۇ. ناۋادا جاڭزىلىرىغا ئاختۇرۇپ كېلىپ قالسا، جانابلىرى چېتىلىپ قالسىلا ياخشى بولماس. جانابلىرى مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان ئادەم، بەرىكەتلىك قوللىرىنى سۇنۇپ، يول خىراجىتى ئۈچۈن پېقىرغا بىرئاز پۇل بېرىپ تۇرسىلا، مەن باشقا يەرگە پاناھ ئىزدەپ كېتىۋالاي، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆلمەي قالساملا قۇللىرى بولۇپ، ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرىمەن، — دېدى.

— بۇرادەر ئەزىز، كەتمەكچى بولسىلا پېقىر كۆزلەپ قويغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر جاي بار، بىر پارچە خەت قىلىپ بېرەي، شۇ يەرگە بارسىلا، — دېدى چەي جىن.

### نەزم

تەلىيى كاج باتۇرلارنىڭ باتۇرلۇقى بىر تىيىن،
نەگە بارسا زىندان تەييار قۇتۇلمىقى بەك قىيىن.
مەكتۇپ يېزىپ تونۇشتۇرغان چەي جىن بېگىم بولمىسا،
سۇ بويىدا ئاتاق تېپىپ چىقماس ئىدى داڭقى چىن.

— بەگ ئاغا، جانابلىرىنىڭ شەپقىتى بىلەن باشپاناھلىق بولۇپ قالىدىغان بولدۇم. جانابلىرى دېگەن يەر نەدىكىن؟

— شەندۇڭدىكى جىجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق لياڭشەن كۆلى دېگەن بىر يەر بار. ئۇ يەرنىڭ دائىرىسى سەككىز يۈز چاقىرىمدىنمۇ چوڭراق، كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا دالدا قورغان، قومۇشلۇق كۆل دېگەن يەرلەر بار. هازىر ئۈچ پالۋان شۇ يەردە تۇرا تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭى ئاق يەكتەك موللا ۋاڭ لۈن، ئىككىنچىسى خادا بوي دۇ چيەن، ئۈچىنچىسى پەلەك پالۋانى سۇڭ ۋەن. بۇ ئۈچ پالۋان ئۆز ئەتراپىغا يەتتە - سەككىز يۈزچە ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنى توپلاپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرىدۇ. ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇلارنىڭ ئالدىغا پاناھ ئىزدەپ بارىدۇ، ئۇلارمۇ بارغان ئادەملەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز قاتارىغا قوشۇۋالىدۇ. بۇ ئۈچ پالۋان مېنىڭ قەدىناس دوستلىرىم. ئۇلار ماڭا پات - پات خەت - چەك يېزىپ تۇرۇشىدۇ. مەن سىلىگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، شۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋالسىلا قانداق؟

— دۆلەتلىرىدە شۇنداق بولسىغۇ تازا ياخشى بولاتتى!

— هازىر ساڭجۇ ئايمىقى ئۆتەڭلىرىگە يامۇلنىڭ ئېلانلىرى چاپلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى

ئۆتەڭلەردە ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىككى سىپاھبەگ ئەۋەتىلىپتۇ. سىلىگە ئەنە شۇنداق ئۆتەڭدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى چەي جىن ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر پەس ئويلىغاندىن كېيىن، — بۇنىڭمۇ ئامالى بار. سىلىنى شۇ يەردىن ئۆتكۈزۈپ قويايلى، — دېدى.

— شۇنداق ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان بولسىلا، ياخشىلىقلىرىنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمەن، — دېدى لىن چۇڭ.

شۇ كۈنى چەي جىن ئوتاقچىلاردىن بىرسىنى ئاۋۋال كىيىم - كېچەك بوغچۇمىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ ساقلاپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۆزى يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئادەمنى ئاتلاندۇرۇپ، ئوقيا، نەيزە، ئەلەم، بۈركۈت ۋە تايغانلارنى ئېلىپ، لىن چۇڭنى ئارىغا قىستۇرۇپ، ئوۋغا چىققان قىياپەتتە ئۆتەڭدىن ئۆتۈشنى كۆزلەپ يولغا چىقتى.

ئۆتەڭنى توسۇپ ئولتۇرغان سىپاھبەگلەر چەي جىننى يىراقتىن كۆرۈپلا تونۇدى. ئەسلىدە ئۇلار مەنسەپكە ئولتۇرماس ۋاقىتلىرىدا، چەي جىننىڭ جاڭزىسىغا بېرىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار ئوبدان تونۇشاتتى. سىپاھبەگلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ:

— بېگىم، تاماشا قىلغىلى مېڭىشىپلا - دە! — دېدى.

چەي جىن ئاتتىن چۈشۈپ:

— ھەرقايسىلىرى بۇ يەردە تۇرۇپتىلاغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ساڭجۇ ئامبىلى گۇناھكار لىن چۇڭنى تۇتۇش ئۈچۈن سۈرەتلىرى بىلەن ئېلان چىقارغانىدى. بىزنى مۇشۇ يەردە توسۇپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن - كەچكەن كارۋان، سودىگەرلەر بولسا بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، سوراشتۇرۇپ، ئاندىن ئۆتكۈزىمىز.

— بىز لىن چۇڭنى ئارىمىزغا ئېلىپ كېتىپ بارىمىز، ئەجەب تونۇۋالمىدىلىغۇ؟ — دېدى كۈلۈپ چەي جىن.

— بېگىم، ئۆزلىرى قانۇن ـ پەرمانىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم، ئۇنى ئارىلىرىغا ئېلىپ قاچۇرۇۋېتىدىغان ئادەملەردىن ئەمەسقۇ؟ — دېدى سىپاھبەگلەرمۇ كۈلۈپ، — مەرھەمەت، ئاتلانسىلا.

— بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويغانلىرىغا رەھمەت، ئەمىسە قايتىشىمىزدا ئوۋدا چۈشكەن نەرسىلەردىن بېرىپ ئۆتەرمىز، — دەپ، چەي جىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خوشلاشتى ۋە ھەممەيلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتەڭدىن چىقىپ كەتتى. ئون تۆت ـ ئون بەش چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدىن كېلىپ ساقلاپ تۇرغان ئوتاقچى كۆرۈندى. چەي جىنىنىڭ تەلىپى بىلەن لىن چۇڭ ئاتتىن چۈشۈپ، ئوۋ كىيىمىنى سېلىپ، ئوتاقچى ئەكەلگەن بوغجۇمىدىن ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيدى. قىلىچىنى يېنىغا ئېسىپ، قىزىل پوپۇكلۇك كىگىز قالپىقىنى كىيىپ، بوغجۇمىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ياپياڭ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، چەي جىنگە تەزىم قىلىپ خوشلاشتى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى.

چەي جىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاتلىنىپ، كەچ كىرگۈچە ئوۋ قىلدى، ئاندىن بايىقى يول بىلەن ئۆتەڭگە كېلىپ، سىپاھبەگلەرگە ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن بىرئاز بېرىپ جاڭزىسىغا قايتىپ كەتتى، ئۇلار قايتىپ كېتىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ.

لىن چۇڭ چەي جىن بەگ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئون نەچچە كۈن يول ماڭدى. بۇ چاغ قىشنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، سوغۇق شامال ۋىژىلداپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار لەپىلدەپ چۈشكىلى تۇردى. شۇ كۈنى يىگىرمە چاقىرىمدەك يولنى مېڭىپ بولغۇچە، يەر ـ زېمىنلەرنى كۈمۈشتەك ئاق قار قاپلاپ كەتتى. جىن زامانىسىدىكى ۋەن يەنلىياڭ دېگەن كىشى قارنى تەسۋىرلەپ،

«بەيزىلىك» ئۇسلۇبىدا كىشىنىڭ جاسارىتىگە جاسارەت قوشىدىغان مۇنداق بىر نەزم يازغانىكەن:

تەڭرى لەشكىرى قەھرىدىن ئاسمان —
كۆمۈش دېڭىزدەك تۆكۈلدى شۇئان،
ئۇنچە - تەڭگىلەر يامرىدى ھەر يان.
ئاق گۇل - ئاق چېچەك قاپلىدى بىردىن ھەممە ئەتراپنى،
تىندى جىلغىلار، ياساندى ئاپپاق تاغۇ ھەم داۋان.
ئاق يولۋاسلارنىڭ تۇتۇپ دۇدۇسى،
بوز تۇلپارلارنىڭ قايناپ ئوغىسى،
ئۇنچە باشباغنى ئۇزدى - دە، قاچتى يوللىرى راۋان.
ئاق ئەجدىھالار دەھشەت ئىبلىشتى،
توزۇپ قاسرىقى باستى ئالەمنى بوپ گويا تۇمان.
كىم ياد ئەتكۇسى بىپايان كەتكەن تاغلار ئىچىدە،
چېرىكلەر توڭلاپ غاس قېتىپ قالغان،
بەلباغ - پەشلىرى سۆرىلىپ يەرگە چاپلىشىپ قالغان.
تىغ ۋە نەيزىلەر كۆمۈشتەك پارقىراپ،
شەمشەرۇ يالمان يالتىراپ - چاقناپ،
ھەيۋەتلىك سۇردىن بارگاھلارنى ئەيلىدى سەرسان.
شىرۇ غەررانلار، مەردۇ مەردانلار،
باتۇر - ئەزىمەت، ئەھلى پالۋانلار،
جەم بولۇپ بىللە ئۇرۇش بابىدىن سۇردىلەر زۇۋان.
ئىچتى مەي - شاراب قانىسىمۇ قانماي،
كۆزلىرى خۇمار كۆردى ئادەمنى كەڭرى - بىپايان.

لىن چۇڭ ئاپپاق قارنى «غاچ - غاچ» دەسسەپ مېڭىۋەردى. سوغۇق بارغانچە كۈچەيدى، بارا - بارا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەچمۇ كىرىپ قالدى. يىراقتا، كۆل بويىدا ئاپپاق قار قاپلاپ تۇرغان بىر مەيخانا كۆرۈندى.

## نەزم

پۈركىنىپتۇ ئاق كۈمۈشكە چەللىسى،
قاشتېشىدەك يالترايدۇ كەپىسى.
نەچچە ئون قېرى دەرەختىن شاخ ـ جالالارنى پۈتاپ،
نەچچىلەپ راملارنى چىتلاپتۇ توساپ.
تاشلىنار كۆزگە شالاڭ چىتلاقلىرى،
ئۇپا سۈرگەندەك گوياكى كۆرۈنەر ئەتراپلىرى؛
ئەگمە كەتكەن تاملىرى سېرىق چىراي،
قوغۇشۇندىن ھەل بېرىپ قويغان گوياكى بىر تالاي.
جور بولۇپ مىلەڭزىگە ئۇچماقتا سۆگەت پوتلىسى،
چۈشتى ماۋۇقلار ئۇچۇپ بوپ مەي تۇغىنىڭ جورىسى.

لىن چۇڭ ئۇدۇللا مەيخانا ئالدىغا بېرىپ، ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇرۇپ، قومۇش مىلەڭزىنى قايرىپ ئىشىكتىن كىردى. ئۇ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، بوش ئورۇندىن بىرسىگە بېرىپ ئولتۇردى، يايپاڭ قىلپىقىنى تامغا يۆلەپ قويدى، بوغجۇمىسىنى يەشتى، كىگىز قالپىقىنى ئالدى، يان قىلىچىنىمۇ يېشىپ تامغا ئېسىپ قويدى. شۇ ئەسنادا مەيپۇرۇش ئالدىغا كېلىپ:

— مېھمان، قانچىلىك مەي كېرەككىن؟ — دەپ سورىدى.
— ئاۋۋال ئىككى ئاپقۇر ئەكەل، — دېدى لىن چۇڭ.
مەيپۇرۇش ئىككى ئاپقۇر مەينى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.
— قانداق مەي گېزىكى بار؟
— كالىنىڭ خام گۆشىمۇ، پىششىق گۆشىمۇ بار، سېمىز غاز گۆشى ۋە يۇمران چۈجە گۆشىمۇ بار.
— ئاۋۋال پىششىق كالا گۆشىدىن ئىككى جىڭ توغراپ بەر.
مەيپۇرۇش بېردەمنىڭ ئىچىدىلا بىر تەخسە كالا گۆشى،

بىرنەچچە تەخسە كۆك - گېزەك كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەگە تىزدى ۋە يوغان جامغا مەي قۇيدى.

لىن چۇڭ ئۇچ - تۆت جام كۆتۈرگەندىن كېيىن بىرسىنىڭ ئېچكىرىدىن قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قارنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ مەيپۇرۇشتىن: «ئاۋۇ مەي ئىچىپ ئولتۇرغان كىم ئۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىدى.

لىن چۇڭ سەپسېلىپ قارىسا، ئۇ كىشى بېشىغا قۇلاقچا، ئۇستىگە بۇلغۇن جۇۋا، ئايىغىغا بۆكەن تېرىسىدىن تىكىلگەن تار قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن؛ بويى ئېگىز، بەستلىك؛ مەڭزىنىڭ سۆڭەكلىرى تومپىيىپ تۇرغان، سارغۇچ ئۆچكە ساقال كىشى ئىكەن. ئۇ بېشىنى سىلىغان ھالدا قارغا سەپسېلىپ تۇراتتى.

لىن چۇڭ مەيپۇرۇشقا مەي قۇيدۇرىۋەردى ۋە:

— سەنمۇ بىرەر جام ئىچكىن، — دېدى.

مەيپۇرۇش بىر جام ئىچتى.

— بۇ يەردىن لياڭشەن كۆلىگىچە يەنە قانچىلىك يول بار؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ.

— بۇ يەر بىلەن لياڭشەن كۆلىنىڭ ئارىلىقى ئاران بىرنەچچە چاقىرىم كېلىدۇ، لېكىن قۇرۇق يول يوق، كۆل بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مەيپۇرۇش، — ئۇ يەرگە بارماقچى بولسىڭىز قېيىق بىلەن بارىسىز.

— ئۇنداق بولسا بىرەر قېيىق تېپىپ بەرسەڭچۇ!

— شۇنچە قاتتىق قار يېغىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كەچ كىرىپ قالغاندا قېيىقنى نەدىن تاپاي؟

— تاپان ھەققىڭگە كۆپرەك پۇل بېرەي، بىر قېيىق تېپىپ كېلىپ، مېنى ئۆتكۈزۈپ قويغىن.

— ھېچ يەردىن تېپىلمايدۇ.

لىن چۇڭ: «ئەمدى قانداق قىلسام بولاركىن؟» دەپ خىيال سۈرۈپ، يەنە بىرنەچچە جام كۆتۈردى. تازا ئىچى پۇشتى ۋە

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا: «كۇنچىقىش ئاستانىدە مەشقاۋۇل بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ھەر كۈنى كوچا ـ كويلارنى ئايلىنىپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ، مەي ـ شاراب ئىچىپ يۈرەتتىم. ئويلىمىغان يەردىن گاۋ چيۇ دېگەن مۇناپىق بېشىمغا بالا بولدى. يۈزۈمگە خەت چەكتۈرۈپ، مانا بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۆي ـ ماكانىم بار تۇرۇپ، بارالماي، ئەل ـ دۆلىتىم بار تۇرۇقلۇق، پاناھلىنالماي يۈرۈپتىمەن، نېمىدېگەن غۇربەتچىلىك بۇ!» دەپ چەكسىز ھەسرەتلىنىپ، يىغانى ئۆرلەپ، شىركەيپچىلىكتە مەيپۇرۇشتىن قەلەم ـ سىياھ سوراپ، ئاق تامغا مۇنداق سەككىز مىسرا شېئىر يېزىپ قويدى:

ئېتىم لىن چۇڭ تۇتقان يولۇم ئادالەت،
ئاق كۆڭۈلمەن كىشىلەرگە ساداقەت.
يۇرت ئىچىدە مەشھۇر داڭقىم بار ئىدى،
ئالەمشۇمۇل باتۇر ئىدىم كارامەت!
ھالىم خاراب گويا ئۇچقان غازاڭدەك،
نام ـ نىشانەم قالدى، باستى پالاكەت.
مۇرادىمغا يەتسەم ئەگەر بىر كۈنى،
ھەيۋەتىمنى كۆرسىتەرمەن ئالامەت.

لىن چۇڭ يېزىپ بولۇپ، قەلەمنى تاشلاپ، يەنە مەي ـ شاراب ئەكەلدۈردى. ئىچىپ ئولتۇرغاندا، ھېلىقى جۇۋا كىيگەن ئادەم ئالدىغا كېلىپ، ياقىسىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى:

— يۈرىكىڭىزنى قاپتەك قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى قاراڭ! ساڭجۇ ئايمىقىدا شۇنچە چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋاپسىز ـ دە! سىزنى تۇتۇپ بەرگۈچىگە يامۇل ئۈچ مىڭ تىزىق پۇل ئىنئام بېرىمىز دەپ ئېلان چىقاردى، ئەمدى نېمە دەيسىز؟

— مېنى كىمگە ئوخشىتىۋاتىسىز؟ — دېدى لىن چۇڭ.

— سىز قاپلانباش لىن چۆك بولماي كىم؟ — دېدى ئۇ كىشى.
— ياقەي، مەن جاڭ ئۇرۇقىدىن.
— يالغان ئېيتماڭ؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ، — تامغا ئىسمىڭىزنى يېزىپ قويۇپسىز، يۈزىڭىزدە بولسا ئالتۇن تامغا بېسىقلىق تۇرۇپتۇ، قانداق تانالايسىز؟
— راستلا مېنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسىز؟
— سىزنى تۇتۇپ نېمە قىلاتتىم؟ يۈرۈڭ ئىچكىرى كىرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ھېلىقى كىشى كۈلۈپ ۋە قولىنى بوشاتتى. لىن چۇڭنى ئارقا تەرەپتىكى سۇ ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر شىپاڭغا باشلاپ كىردى - دە، ھېلىقى مەيپۇرۇشقا چىراغ ياندۇرۇشنى بۇيرۇپ، لىن چۆك بىلەن سالاملىشىپ ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇردى ۋە:
— بايا سىز لياڭشەن كۆلىگە بارىدىغان يولنى سورۇشتۇرۇپ كەتتىڭىز ۋە ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن قېيىق سورىدىڭىز. ئۇ يەر قاراقچىلار جايلاشقان تاغ تۇراسى تۇرسا، ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— راستىنى ئېيتسام، ھازىر يامۇل پېقىرنى تۇتىمىز دەپ جىددىي ئىزدەپ يۈرىدۇ، تۇرغۇدەك ماكانىم يوق، تاغ تۇراسىدىكى باتۇرلارنىڭ توپىغا قوشۇلاي دېگەن نىيەت بىلەن بارماقچىمەن.
— بۇ گەپچە، سىزنى شۇ يەرگە بېرىشقا بىرەر ئادەم سايە قىلغان ئوخشىمامدۇ؟
— ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ خېڭخەي ۋىلايىتىدىكى بىر قەدىناس دوستۇم سايە قىلغان.
— ئۇ قەدىناس دوستىڭىز قۇيۇنتاز چەي جىن بولمىسۇن يەنە؟
— سىز قانداق بىلىسىز؟
— چەي جىن بېگىم تۇرامىزدىكى سەردارلار بىلەن ناھايىتى يېقىن، پات - پات خەت يېزىشىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ئۆز ۋاقتىدا، ۋاڭ لۈن مەنسەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغاندا، دۇ چيەن بىلەن بىللە چەي جىننىي ئىزدەپ بېرىپ تۇراتتى، چەي جىنمۇ ئۇلارنى ئۆز جاڭزىسىدا بىرقانچە ۋاقىت تۇرغۇزغان. ئۇلار ئۇ يەردىن كېتىدىغان ۋاقىتتا، يول خىراجىتى ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە پۇلمۇ يوللۇق تۇتقانىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىخلاسى بار ئىدى. لىن چۇڭ بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، دەرھال تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— كۆزۈم قۇرۇسۇن، ئۆزلىرىنى تونۇماي قاپتىمەن، ئاتلىرى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

ھېلىقى كىشى ئالدىراپ - تېنەپ سالام قايتۇردى ۋە:

— مەن سەردار ۋاڭ لۈننىڭ كۆز - قۇلىقى بولىمەن، ئېتىم جۇ گۈي، ئەسلىي يىجۇ ئايمىقىنىڭ يىشۈي ناھىيەسىدىنمەن، يېتىمچىلەر پېقىرنى قۇرۇتقاق تىمساھ دەپ ئاتىشىدۇ. مەن تۇرامىزنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، مۇشۇ يەردە مەيخانا ئېچىش نامى بىلەن مەخسۇسلا ئۆتكەن - كەچكەن كارۋان - سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلايمەن. پۇل - مېلى كۆپ بولسا، تۇراغا خەۋەر قىلىۋېتىمەن. يەككە - يېگانە يولۇچى كېلىپ قالسا، مال - مۈلكى يوقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىمەن؛ مال - مۈلكى بارلىرى كېلىپ قالسا، يېنىكرەك ئىش تۇتسام، دورا بىلەن بىھوشلاندۇرۇپ تاشلايمەن؛ قاتتىق قوللۇق قىلسام، دەرھاللا ئۆلتۈرۈپ، قارا گۆشىنى سۈرلىۋالىمەن، يېغىنى كۆيدۈرۈپ چىراغ ياقىمەن. ھېلىقى لياڭشەن كۆلگە بارىدىغان يولنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن، قول سېلىشقا پېتىنالمىدىم. كېيىن ئىسمىڭىزنى تامغا يېزىپ قويدىڭىز، كۇنچىقىش ئاستانىدىن كەلگەنلەردىن سىزنىڭ باتۇر - ئەزىمەت ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان، تەقدىر - ئىرادە بىلەن بۈگۈن كۆرۈشۈپ قالدۇق. چەي جىن بېگىم تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇستىگە نام - ئاتاق چىقارغان داڭدار باتۇرلاردىن بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سەردارىمىز ۋاڭ لۈن چوقۇم

ئىززىتىڭىزنى قىلىدۇ، — دېدى. ئۇ بېلىق گۆشى، كۆك - گېزەك ۋە مەي - شارابلارنى كەلتۈرگۈزۈپ كۈتۈۋالدى. ئىككىيلەن شىپاڭدا تون يېرىمغىچە ئولتۇرۇپ ئىچىشتى.

— ئۇياققا ئۆتۈش ئۈچۈن قېيىق تېپىلارمىكىن؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاغا، ئۆزىمىزدە قېيىق بار، — دېدى جۇ گۈي، — بۈگۈن بۇ يەردە قونىسىڭىز، سەھەر تۇرۇپ بىللە بارىمىز.

شۇ گەپ بىلەن ئىككىيلەن ياتاقلارغا قايتىپ ھاردۇق ئېلىشتى.

تاڭ ئالدىدا، جۇ گۈي كېلىپ لىن چۇڭنى ئويغاتتى. يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۈچ - تۆت قەدەھتىن شاراب ئىچىشتى، ئاز - پاز گۆش - تائاملارنى كەلتۈرۈپ غىزالاندى. بۇ چاغدا تېخى تاڭ يورۇمىغانىدى. جۇ گۈي شىپاڭنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتى ۋە سېغىزخان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئوقياسىنى ئېلىپ، ناچىلىق ئوقىنى يايىغا تارتىپ، ئۇدۇلدىكى شاخاپچىنىڭ قومۇش، يېكەنلىرى ئۇيان - بۇيان يېتىپ كەتكەن بىر يېرىگە قارىتىپ ئاتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ.

— بۇ تاغ تۇرايىمىزنىڭ بەلگە ئوقى، سەل تۇرۇپلا قېيىق ئالدىمىزدا تەييار بولىدۇ، — دېدى جۇ گۈي.

دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇدۇلدىكى قومۇشلۇقتىن تۆت - بەش چاپارمەن قېيىقنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ، توپتوغرا شىپاڭنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ توختاتتى. جۇ گۈي لىن چۇڭنى باشلاپ، قىلىچ ۋە خۇرجۇن - بوغجۇملىرىنى ئېلىپ، قېيىققا چۈشتى. چاپارمەنلەر قېيىقنى كۆلنىڭ ئىچى بىلەن جىنشاتەن سازلىقىنىڭ قىرغىقىغا قاراپ ھەيدىدى. دائىرىسى سەككىز يۈز چاقىرىم كېلىدىغان لياڭشەن كۆلى لىن چۇڭغا دېگەندەكلا شۇنداق خەتەرلىك بىر جاي بولۇپ كۆرۈندى. ھايھات:

ياردىن يارغا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەت بىلەن دولقۇنلاپ،
ئۇپۇققىچە ئۇلاشقان پايانسىز سۇ جۇشقۇنلاپ.
قومۇشلۇقتا بىھېساب نەيزە ـ قىلىچ سانجىلغان،
ئورمانلىقتا قاتمۇقات شەمشەر ـ يالمان تىزىلغان.
خەندەك بويلاپ توسۇقلار جەسەت بىلەن تىكلەنگەن،
تۇرادىكى قاچىلار سۆڭەكلەردىن ئىشلەنگەن.
سويۇلغانلار تېرىسىدىن جەڭ دۇمبىقى كېرىلگەن،
قىرقىۋالغان چاچلاردىن ئارقان ـ چۇلۇۋۇر ئېشىلگەن.
خان لەشكىرىن توسۇشقا خالتا شاخاپ بەك تولا،
ئوغرىلارنى كەلتۈرمەس چەكسىز ئورمان، تىك قىيا.
تۇخۇمسىمان تاش ـ شېغىل تاغدەك ئېگىز تىزىلغان،
ئۇچلۇق بامبۇك نەيزىلەر ئىمىر ـ چىمىر سانجىلغان.
خاسىيەتلىك شىپاڭنى قايغۇ ـ ھەسرەت قاپلىغان،
مەردلەر سارىيى ئالدىنى ۋەھشەت سۇرى قاپسىغان.

چاپارمەنلەر قېيىقنى ھەيدەپ، جىنشاتەن سازلىقىنىڭ قىرغىقىغا ئەكىلىپ توختاتتى. جۇ گۈي لىن چۇڭ بىلەن قىرغاققا چىقتى. چاپارمەنلەر خۇرجۇن ـ بوغجۇما ۋە قىلىچىنى كۆتۈردى، ئىككى پالۋان تاغ تۇراسىغا قاراپ يول ئالدى، قالغان چاپارمەنلەر قېيىقنى ھەيدەپ شاخاپچىغا كىرىپ كەتتى. لىن چۇڭ قىرغاققا چىقىپ قارىدى: قىرغاقلاردا قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان دەرەخلەر، تاغنىڭ قاق بېلىدە خاسىيەتلىك شىپاڭ، ئۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەيۋەتلىك بىر ئۆتكەل؛ ئۆتكەلنىڭ ئالدىغا نەيزە، قىلىچ، شەمشەر، يالمان، كامان، تەپكىلىك يا، ناچەخ، پەرتولار قاتار تىزىلغان؛ تۆت تەرىپىدە بولسا جەڭدە دومىلىتىپ ئاتىدىغان تاش ـ كۆتەكلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان.
چاپارمەنلەر ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويۇشقا كەتتى. لىن چۇڭ جۇ گۈي بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتتى، يولنىڭ ئىككى چېتىگە قوشۇننىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى قادالغان. يەنە ئىككى ئۆتكەلدىن

ئۆتۈپ، ئاندىن تۇرانىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. لىن چۇڭ قارىغۇدەك بولسا تۇرانىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئۈچ ئۆتكەل تۇرانى ئىنسان ئۆتەلمەيدىغان دەرىجىدە قورشاپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىسى بولسا تۆت ـ بەش يۈز تاناپ كەلگۈدەك، ئەينەكتەك تۈپتۈز مەيدان؛ چوڭ دەرۋازا تاغ ئاغزىغا يانداپ سېلىنغان، ئۇنىڭ ئىككى چېتى پۈتۈنلەي قاتىرىسىغا كەتكەن يان ئۆي.

جۇ گۈي لىن چۇڭنى مەردلەر سارىيىغا باشلاپ كىردى. تۆردىكى ئورۇندۇقتا بىر باتۇر ئولتۇراتتى، ئۇ ئاق يەكتەكلىك موللا ۋاڭ لۇن ئىدى، ئۇنىڭ سول يېنىدىكى ئورۇندۇقتا خادا بوي دۇ چيەن، ئوڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا پەلەك پالۋىنى سۇڭ ۋەن ئولتۇراتتى. جۇ گۈي بىلەن لىن چۇڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى. لىن چۇڭ جۇ گۈينىڭ يان تەرىپىدە ئولتۇراتتى، جۇ گۈي لىن چۇڭنى تونۇشتۇردى:

— بۇ ئاستاندىكى سەككىز لەك ئوردا ياساۋۇلىنىڭ مەشقاۋۇلى بولىدۇ، ئىسمى لىن چۇڭ، لەقىمى قاپلانباش. ئەمىر گاۋ چيۇ بۇ كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، يۈزىگە خەت چېكىپ، ساڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىپتۇ، ئۇ يەردە بۇ كىشى قاراۋاتقان چېرىكلەر سامانلىقىغا باشقىلار ئوت قويۇۋېتىپتۇ. بۇ كىشى نائىلاج ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، چەي جىن بېگىمنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىپتۇ، چەي جىن بېگىم بۇ كىشىنى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئالايىتەن بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ توپقا قوشۇلۇشقا سايە قىپتۇ.

لىن چۇڭ قويىنىدىن مەكتۇپنى چىقىرىپ سۇندى. ۋاڭ لۇن ئېچىپ كۆرۈپ، لىن چۇڭنى تۆتىنچى ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى، جۇ گۈي بەشىنچى ئورۇندا ئولتۇردى. ۋاڭ لۇن چاپارمەنلەرگە مەي ـ شاراب ئەكەلدۈرۈپ مېھمان قىلدى، مەي ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن چەي جىن بېگىمنىڭ يېقىنقى ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ھەر كۈنى دېگۈدەك جاڭگالغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ، تاماشا قىلىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى لىن چۇڭ.

ۋاڭ لۇن ئۇنى - بۇنى سوراپ، بىردىنلا خىيال سۈرۈپ: «مەن بولسام مەنسەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغان بىر موللا، قورساق كۆپۈكىگە چىدىماي، دۇ چيەن بىلەن بۇ يەرگە غەلىيانچى بولۇپ كېلىپ قالدىم. كېيىن سۇڭ ۋەنمۇ كېلىپ قېتىلدى. ھازىر خېلى كۈچ يىغىلىپ قالدى. مېنىڭ ھېچقانچە بىڭىسىم يوق، دۇ چيەن بىلەن سۇڭ ۋەننىڭمۇ گۇمپىسى چاغلىق. بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئادەم كېلىپ قالدى، بۇ ئادەم پايتەخت ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى بولغاندىكىن، خېلى جەڭ ماھارىتى بولۇشى تۇرغان گەپ. ناۋادا بىزنىڭ قورسىقىمىزدا قانچىلىك ئۇمچىمىز بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ، بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىۋالسا، ئۇنىڭغا قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، بىرەر باھانە تېپىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويغىنىمىز تۈزۈك، رەنجىپ قالسىمۇ مەيلى، يامان ئاقىۋەتتىن خالىي بولساقلا بولدى. بىراق، چەي جىنىنىڭ ئالدىدا سەت بولۇپ قالىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى مېھىر - شاپائىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمىز - دە، بوپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن، شۇنداق قىلماي باشقا ئىلاج يوق» دەپ ئويلىدى.

## نەزم

قايسى ئەر ئۇلپەت بولۇر خۇي - پەيلى ئوخشاش كەلمىسە،
سىغقۇسى باتۇر نېچۈك كۆڭلى رىزالىق بەرمىسە.
موللا ھەسەتخور كېلىدۇ، ئەسلىدە ياتتىن قىزغىنار،
خارلاندى قاپلانباش شۇدەم، پۇتمەس يىغانى ئاھ دېسە.

ۋاڭ لۇن چاپارمەنلەرگە دەررۇ زىياپەت ھازىرلىتىپ، لىن چۇڭنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، باشقا باتۇرلارمۇ بىللە

ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشتى. زىياپەت ئاياغلىشاي دېگەندە، ۋاڭ لۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن چاپارمەنلەر پەتنۇستا ئەللىك سەر كۈمۈش، ئىككى توپ مەشۇت كۆتۈرۈپ چىقتى. ۋاڭ لۇن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— چەي جىن بېگىم ئۆزلىرىنى سايە قىلىپ تۇرايىمىزغا ئەۋەتىپتۇ، بىراق تۇرايىمىز كىچىك، ئاشلىقىمىز كەمچىل، ئۆيلىرىمىز تەل ئەمەس، كۈچىمىزمۇ ئاجىز، كېيىنكى كۈنلەردە جانابلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا يار بولالمىساق سەت بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، ئاز - تولا ئاتىغىنىمىز بار ئىكەن، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىپ، بىزدىن رەنجىمەي، باشقا بىر چوڭراق تۇراغا بېرىپ جايلىشىۋالسىلا ئىكەن، — دېدى.

— ئۈچ ئاتامانىم هازىر تۇرۇشۇپلا، «يول يۈرۈپ ئۇزاقتا چاپ، ئۆز پاناھ جايىڭنى تاپ» دېگەندەك، چەي جىن بېگىمنىڭ سايە قىلىشى بىلەن توپقا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئۇدۇل بۇ مەشھۇر تۇراغا كەلگەنىدىم. كەمىنىلىرى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر ئادەم بولسامۇ، ئىلتىپات قىلىپ قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. توپقا قوشۇلۇپلا قالسام، ئۆزۈمنى ئۆمۈرۋايەت بەختلىك هېسابلاپ، ئۆلەر - تىرىلىشىمگە قارىماي خىزمەتلىرىنى قىلىمەن. هەرگىز ئادەم كۆيدۈرىدىغان، خۇشامەتگۈيلۈق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. مەن بۇ يەرگە پۇل - دۇنيا دەپ كەلگەن ئەمەس، ئاتامانلىرىم، ئاتىدارچىلىق قىلىشسىلا، — دېدى لىن چوڭ.

— بىزنىڭ بۇ يەر بەك كىچىك يەر، سىلىنى قانداق سىغدۇرالايمىز؟ ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، — دېدى ۋاڭ لۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇ گۈي گەپ ئارىلىدى:

— ئاغا، ئىنىڭىزنى لوقما سالدى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، تۇرايىمىزدا ئاشلىق ئازلىق قىلغىنى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن ئۆتنە - يېرىم قىلىپ ئالغىلى بولىدۇ؛ تاغ - كۆللەردە ياغاچ - تاشلار كەڭرى، بىرەر مىڭ ئېغىز ئۆي

سالدۇرساقمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ ئادەمنى چەي جىن بېگىم ئۆزى ئىززەتلەپ تونۇشتۇرغان تۇرسا، باشقا ياقتا كەتكۈزۈۋەتسەك قانداق بولغىنى؟ چەي جىن بېگىم بولسا بىزگە ياخشىلىق قىلغان. بۇ ئادەمنى قوبۇل قىلمىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىگىسى بار ئادەم، چوقۇم بىزگە ئەسقاتىدۇ.

— تۇرايىمىزدا بۇ بىر ئادەم زىيادە بولۇپ قالاتتىمۇ، ئاغا! — دېدى دۇ چيەن، — ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمايدىغان بولسىڭىز، چەي جىن بېگىم خەۋەر تېپىپ قالسا بىزدىن رەنجىيدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ۋاپاسىغا جاپا قىلغان بولۇپ قالىمىز. ئۆز ۋاقتىدا چەي جىن بېگىم بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ ئەۋەتسە قوبۇل قىلمىساق، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

سۇڭ ۋەنمۇ مەسلىھەت كۆرسەتتى:

— چەي جىن بېگىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنى بۇ يەرنىڭ ئاتامانلىرىدىن قىلىۋالايلى، بولمىسا نامەردلىك قىلغان بولۇپ، ئەل ئىچىدە كۈلكىگە قالىمىز.

— ئىنىلىرىم، سىلەر ئۇقمايۋاتىسىلەر، بۇ كىشى ساڭجۇ ئايمىقىدا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بۇ يەرگە كەلگىنى بىلەن، قورسىقىدىكى خىيالنى بىلىپ بولمايدۇ. ئەگەر ئىچكى سىرىمىزنى ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ۋاڭ لۇن.

— پېقىر ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، تويقا قوشۇلاي دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. نېمىشقا گۇمان قىلىپ يۈرىلا؟ — دېدى لىن چۇڭ.

— ئۇنداق بولسا چىن قەلبىلىرى بىلەن تويقا كىرمەكچى بولغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن «كاپالەت» بەرسىلە، — دېدى ۋاڭ لۇن.

— كەمىنىلىرى ئانچە ـ مۇنچە مولىلا كۆرگەن، قەلەم ـ

قەغەز كەلتۈرۈپ بەرسىلە، ھازىرلا يېزىپ بېرەي.

— مەشقاۋۇل، چۈشەنمىدىڭىز، — دېدى جۇ گۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇيۇقسىز قوشۇلماقچى بولغانلىكى باتۇرلار «كاپالەت» تاپشۇرۇشى شەرت. تاغدىن چۈشۈپ بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى تەقدىم قىلىسىز ـ دە، شۇنىڭ بىلەن سىزدىن گۇمان قىلمايدۇ. «كاپالەت» دېگىنىمىز ئەنە شۇ.

— بۇمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ھازىرلا تاغدىن چۈشۈپ ساقلاپ تۇراي، بىراق ئادەم ئۇچرىمايلا قالمىسا، — دېدى لىن چۇڭ.

— سىلىگە ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىمەن، — دېدى ۋاڭ لۇن، — ئۈچ كۈن ئىچىدە كاپالەت ئېلىپ كېلەلىسىلە، قاتارىمىزغا ئۆتىلا، ئېلىپ كېلەلمىسىلە، باشقا ئىلاج يوق، ئۇ چاغدا بىزدىن رەنجىمىسىلە.

لىن چۇڭ «خوپ» دەپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ياتىقىغا قايتىپ ھاردۇق ئالدى.

## نەزم

قايغۇغا چۆمدى دىلىم داد ئېيتقىلى نەدە كىشى،
قىستىدى تەڭلىك سېلىپ ۋاڭ لۇن دېگەن شۇ لەنتى.
ئەتە تاڭ ۋاقتىدىلا چۈشسەم بۇ تاغدىن پەسكە گەر،
بىلمىدىم بولغاي نېسىپ شۇندا ماڭا كىمنىڭ بېشى.

شۇ ئاخشىمى زىياپەتتىن كېيىن جۇ گۈي خوشلىشىپ تاغدىن چۈشۈپ، ئۆز مەيخانىسىغا قايتتى.

كەچ بولغاندا، لىن چۇڭ قوراللىرىنى ۋە يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، چاپارمەننىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا بېرىپ بىر كېچە ئۇخلىدى. ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، ئازراق چاي ـ پاي ئىچىپ، يان قىلىچىنى ئېسىپ، قول قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، بىر چاپارمەنگە يول باشلاتقۇزۇپ تاغدىن چۈشتى، قېيىق بىلەن كۆلدىن ئۆتۈپ،

خىلۋەت تار يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلارنى ساقلاپ ئولتۇردى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بىر كۈن ئۆتتى، يەككە ـ يېگانە يولۇچىلاردىن بىرىمۇ ئۆتمىدى. لىن چۇڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، چاپارمەن بىلەن كۆلدىن ئۆتۈپ تۇراغا يېنىپ كەلدى.

— كاپالەت قېنى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇن.

— بۈگۈن بىرەر ئادەممۇ ئۆتمىدى. شۇڭا، ئىلاج قىلالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى لىن چۇڭ.

— كاپالەتنى ئەتىگىچە ئېلىپ كېلەلمىسىلە، بۇ يەردە تۇرۇشلىرى تەس بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ لۇن.

لىن چۇڭ لام ـ جىم دېمەي، مەيۈسلىنىپ ياتىقىغا قايتتى، چالا ـ بۇلا غىزالىنىپ، يەنە بىر كېچە ياتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە قوپۇپ، چاپارمەن بىلەن ناشتا قىلىپ، قىلىچىنى ئېلىپلا يەنە تاغدىن چۈشتى.

— بۈگۈن كۈنگەي تەرەپتىكى تاغ يولىدا ساقلايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى چاپارمەن.

ئىككىسى ئورمانلىققا كىرىپ مۆكۈپ تۇردى، بىراق ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتتا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق يولۇچى توپلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. لىن چۇڭ قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. يەنە بىر هازاغىچە ساقلاپ باقتى، كەچ كىرىپ قالاي دەپ قالدى، يولۇچىلاردىن بىرەرىمۇ كۆرۈنمىدى.

لىن چۇڭنىڭ ئىچى پۇشۇپ، چاپارمەنگە:

— تەلەيسىزلىكىمنى قارا، ئىككى كۈن ساقلىدۇق، يەككە ـ يېگانە يولۇچىلاردىن بىرەرسىمۇ ئۆتمىدى، قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى.

— ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، ئەتە يەنە بىر كۈن بار. ئىككىمىز كۈنچىقىش تەرەپتىكى تاغ يولىغا بېرىپ ساقلايلى، — دېدى چاپارمەن.

كەچقۇرۇن بولغاندا تاغقا يەنە قۇرۇق قايتتى.
— بۇگۈن قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۇن.
لىن چۇڭ ئۇھ تارتىپ ھەسرەتلىنىپ تۇردى - دە، گەپ قىلالمىدى. ۋاڭ لۇن ھىجىيىپ تۇرۇپ:
— بۇگۈن يەنە قۇرۇق قول قايتقان ئوخشايلا، ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىت بەرگەنىدىم، بۇگۈن ئىككى كۈن ئۆتتى. ئەتە يەنە قۇرۇق قول كەلسىلە، ئۆزلىرى بىلىپ ئالدىمغا كەلمەيلا قويسىلا، باشقا يەرگە مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى.
لىن چۇڭ ياتىقىغا قايتتى، تازا ئىچى پۇشۇپ تىت - تىت بولۇپ كەتتى. بۇ ھەقتە لىن جياڭشيەن مۇنداق نەزم يازغان:

سۇدىن ئايرىلغان لەھەڭدەك كۆڭلىنى غەم قاپلىغان،
خۇددى يولۋاس ئۇ گوياكى چۆلدە ئۇسساپ - چاڭقىغان،
ياكى سۇڭ يۇ ئۇ ئەلەمدىن ياش تۆكۈپ زار يىغلىغان.
خۇددى جياڭ يەن ئۇ قەلەم ئەڭگۈشتەرى كەتكەن يوقاپ،
ياكى شياڭ يۇ ئۇ گويا كېمەم قېنى دەپ زارلىغان.
قاپسىلىپ قالغاندا ليۇ باڭ تاپمىغان شۇنداق ئارام،
ۋۇ زىشۇ ئۆتكەل ئاشالماي، خۇددى شۇنداق قاقشىغان،
ئوتتا قالغان چاغدا ساۋساۋ زەردى شۇنداق قاينىغان.
ئەسلىي لى لىڭ تۇتقۇن ئىچرە يۇرت سېغىنغان شۇ كەبى،
سۇۋۇ بايقالدا ئەسىر بوپ، كۆڭلى شۇنداق تىنمىغان.

شۇ كېچىسى لىن چۇڭ ئاسمانغا قاراپ ياتقىنىچە: «گاۋ چيۇ دېگەن مۇناپىقنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان، ھەممىگە قادىر تەڭرىمۇ ماڭا يار بولمىدى. مېنىڭ تەلىيىم نېمىشقا شۇنچە كاج» دەپ ھەسرەت چەكتى. يەنە بىر كېچە ئۆتتى، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى، قورساقىغا ئانچە - مۇنچە بىرنەرسە يەپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى تېڭىپ، ئۆيگە تاشلاپ قويدى. يان

قىلىچىنى ئېسىپ، قول قىلىچىنى ئېلىپ، يەنە چاپارمەن بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، كۆلدىن ئۆتۈپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى تاغ يولىغا قاراپ يول ئالدى. لىن چۇڭ يولدا كېتىۋېتىپ: «بۈگۈن كاپالەت تاپالمىسام، باشقا يەرگە پاناھ ئىزدەپ كېتىدىغان بولدۇم» دېدى ـ دە، ئىككىيلەن تاغ ئېتىكىدىكى كۈنچىقىش يول بويىدىكى ئورمانلىقتا كىرىپ كۈتۈپ ئولتۇردى. كۈتە ـ كۈتە چۈش بولاي دەپ قالدى. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى.

شۇ كۈنى قاردىن كېيىن ئاسمان سۈپسۈزۈك سۈزۈلۈپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەندى. لىن چۇڭ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چاپارمەنگە:

— ساقلىغىنىمىز يەنە بىكار بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە كۈن يورۇقىدا خۇرجۇن ـ بوغجۇملىرىمنى ئېلىپ باشقا يەردىن ماكان تاپمىسام بولمىدى، — دەپ تۇرۇشىغا، چاپارمەن يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بەللى! ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئادەم ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

لىن چۇڭ ئۇنى كۆرۈپ: «مۇرادىمغا يېتىدىغان بولدۇم!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ھېلىقى ئادەم تاغ باغرىدىن كېلىۋاتاتتى. يېقىن كېلىشكە، لىن چۇڭ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، ئورمانلىقتىن تاقلاپلا چىقتى. ھېلىقى ئادەم لىن چۇڭنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، «ۋاي!» دەپ، ئەپكەشنى مۈرىسىدىن تاشلىدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. لىن چۇڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇ نەدە يېتىشەلىسۇن، ھېلىقى ئادەم «غىپ» قىلىپ دۆڭنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

— قارىمامسەن، مېنىڭ بەختەيلىكىمنى! — دېدى لىن چۇڭ مەيۈسلىنىپ، — ئۈچ كۈن ساقلاپ ئاران بىر ئادەمنى ئۇچرىتىۋىدىم، بىراق قاچۇرۇپ قويدۇم.

— ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالالمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇشۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاپىرىپ بەرسەكمۇ ئوخشاش، — دېدى چاپارمەن.

— سەن ئاۋۋال ماۋۇ نېمىلەرنى تاغقا ئېلىپ كەت. مەن يەنە

بىر دەم ساقلاپ كۆرەي، — دېدى لىن چۇڭ. چاپارمەن ئەپكەشنى مۈرىسىگە ئېلىپ ئورمانلىقتىن چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا تاغ قاپتىلىدىن بىر دارازا چىقىپ كەلدى. لىن چۇڭ ئۇنى كۆرۈپ: «تەڭرى مېنىڭ ئىشىمنى ئاسان قىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى. ھېلىقى دارازا قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ھەي، ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئوغرى مەرەزلەر، يۈك - تاقىمنى نەگە قويۇشتۇڭ؟ سەن بەتبەختلەرنىڭ جاجىسىنى بېرەي دەپ يۈرسەم، تېخى يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى يۇلماقچى بولۇشۇۋاتامسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ، ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. لىن چۇڭمۇ ئۇنىڭ سۈرلۈك ئەلپاز بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! بۇ ئادەم لىن چۇڭ بىلەن تۇتۇشمىغان بولسا، لياڭشەن كۆلىگە چېۋەر باتۇرلاردىن بىرنەچچىسى قوشۇلمىغان بولاتتى، سۇ بويىدىكى تۇراغا بىرنەچچە قاۋۇل پالۋان سەپلەنمىگەن بولاتتى. لىن چۇڭ بىلەن ئېلىشقان ئادەمنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

## لىن چۇڭنىڭ لياڭشەن كۆلىدە غەلىبىيانچى بولۇپ قالغانلىقى ياڭ جىنىڭ كۆنچىقىش ئاستانە بازىرىدا زۇلپىقار ساتماق بولغانلىقى

ئەلقىسسە، لىن چۇڭ شۇنداق قارىسا، ئۇ ئادەمنىڭ بېشىدا فەنياڭ قالپىقى، قالپىقىنىڭ چوققىسىدا قىزىل پۆپۈكى؛ ئۈچىسىدا ئاق تاۋار كۆڭلەك، بېلىدە يىپ بەلباغ، پاچىقىدا قارا ـ ئاق يوللۇق گوجەي، پۇتىدا بۆكەن تېرىسىدىن تىكىلگەن پايپاق، كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن چورۇق، يېنىدا خەنجەر، قولىدا قىلىچ بولۇپ، بويى ئۈچ يېرىم گەز كېلەتتى؛ يۈزىدە يوغان بىر قارا مەڭ، قوۋۇزلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە سېرىق تۈك بولۇپ، ئۇ كىگىز قالپىقىنى كەينىگە تاشلىغان، مەيدىسىنى ئېچىۋەتكەن، بېشىغا لۆڭگە چىگىۋالغانىدى.

— هوي قاراقچى، مال ـ مۈلۈكلىرىمنى نەگە قويدۇڭ؟ — دەپ قاتتىق توۋلىدى ئۇ قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

لىن چۇڭنىڭ ئوغىسى قايناپ تۇرغانىدى، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، غەزەپ بىلەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ، بۇرۇتلىرىنى دىڭگايتىپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېتىلدى. شۇ چاغ سېرىق قاردىن كېيىن بۇلۇتلار ئەمدىلا تارقىلىپ، هاۋا ئېچىلغان، جىلغا ياقىلىرىدىكى مۇزلار تېخى ئېرىمىگەن بىر ۋاقىت ئىدى. بۇ ئىككىيلەن جىلغىنىڭ يېنىدىكى مۇزلارنى غارسىلدىتىپ، پەيلىنى بۇزۇشۇپ شۇنداق ئېلىشتىكى، ئوتتۇز مەرتەم تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى.

يەنە ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ، ئەمدى بىر تەرەپ بولىدىغان

چاغدا، تاغ ئۈستىدىن: «باتۇرلار، بولدى قىلىڭلار !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. لىن چۇڭ سورۇندىن «شاققىدە» سەكرەپ چەتكە چىقىۋالدى. ئىككىيلەن قىلىچلىرىنى چۈشۈرۈپ، تاغ چوققىسىغا قارىسا، ئاق يەكتەك موللا ۋاڭ لۈن، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن ھەم نۇرغۇن ئاتارمەن - چاپارمەنلەر تاغدىن پەسكە چۈشۈپ، قېيىق بىلەن كۆلدىن ئۆتۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ:

— ئىككىلىڭلار ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئاجايىپ ئۇستا قىلىچۋاز ئىكەنسىلەر. ماۋۇ بولسا بىزنىڭ ئىنىمىز قاپلانباش لىن چۇڭ بولىدۇ. مەڭلىك باتۇر، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ تونۇشۇپ قويايلۇق، — دېدى.

— مەن بولسام ئۈچ ئەۋلاد لەشكەر بېشىنىڭ ئەۋلادى، تارخانبەگ ياڭ لىڭ ھەزرەتىنىڭ نەۋرىسى ياڭ جى بولىمەن. بۇياققا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالدىم، — دېدى ھېلىقى كىشى، — ياش ۋاقتىمدا، ئەلەمدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئوردا پەرمانچىبېگى بولغان. تەرىقەتچى پادىشاھىمىز خان تېغى بىنا قىلماقچى بولۇپ، بىز ئون نەپەر پەرمانچىنى تەيخۇ كۆلى بويىدىن مەرمەر تاش ئەكېلىشكە مەرمەر تاش كارۋانى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. شور پېشانىلىكىمدىن، مەرمەر تاشلارنى قوغداپ خۇاڭخې دەرياسىدا كېتىۋاتقىنىمدا، ئويلىمىغان يەردىن قاتتىق بوران چىقىپ كېمىلەرنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، مەرمەر تاشلارنى يوقىتىپ قويۇپ ئاستانىگە قايتالماي، پاناھ ئىزدەپ باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەنىدىم. ھازىر بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈم قىپتۇ، ئاستانىگە بېرىپ لەشكىري ۋازارەتكە پارا بېرىپ، ئۆز خىزمىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش كويىدا بىرئاز پۇل - مال توپلاپ، ئەپكەشنى ھامالغا كۆتۈرگۈزۈپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، نەرسىلىرىمنى بۇلاپ ئېلىشىپسىلەر، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسەڭلار قانداق؟

— ھېلىقى «مەڭلىك ياۋا» لەقەملىك كىشى سىلى بولاملايا؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ لۈن.

— ھە، مەن بولىمەن، — دېدى ياڭ جى.

— ئۇردا ئەمەلدارى ياڭ جى بېگىم ئىكەنلا — دە، قىبىنى مەرھەمەت، تۇرايىمىزغا ئىلتىپات قىلىسىلا، بىرنەچچە قەدەھ كۆتۈرۈشۈپ، ئاندىن نەرسە - كېرەكلىرىنى قايتۇرۇپ بەرسەك قانداق دەيلا؟

— ئۆزلىرىمۇ مېنى بىلىدىكەنلا، يۈك - تاقلىرىمنى ياندۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، قەدەھكە تەكلىپ قىلغاندىنمۇ ياخشى بولاتتى.

— پەرمانچىبېگىم، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئەمەل ئىمتىھانى بېرىش ئۈچۈن ئاستانىگە بارغىنىمدىلا، ئۆزلىرىنىڭ داڭقلىرىنى ئاڭلىۋىدىم. خەيرىيەت، بۈگۈن دىدارلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. سىلىنى قۇرۇق يولغا سالغىلى بولامدۇ! قىبىنى تۇرايىمىزغا مەرھەمەت قىلىسىلا، بىردەم پاراڭلىشايلى، باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا.

ياڭ جى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نائىلاج ۋاڭ لۇنلار بىلەن بىللە كۆلدىن ئۆتۈپ، تاغقا چىقتى. جۇ گۈيمۇ ئولتۇرۇشقا چاقىرتىۋېلىندى. بۇلار تۇرادىكى مەردلەر سارىيىغا كېلىشتى. سول تەرەپتىكى تۆت ئورۇندۇققا ۋاڭ لۇن، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جۇ گۈيلار ئولتۇردى. ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئورۇندۇقنىڭ تۆر تەرىپىدىكىسىگە ياڭ جى ئولتۇردى، تۆۋىنىدە لىن چۇڭ ئولتۇردى. ۋاڭ لۇن قوي سويدۇرۇپ، مەي - شارابلارنى ھازىرلىتىپ ياڭ جىنى مېھمان قىلدى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بىرنەچچە قەدەھ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋاڭ لۇن كۆڭلىدە: «لىن چۇڭنى ئېلىپ قالسام، ئۇنىڭ بىزنى پاتقۇزمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ياڭ جىنىمۇ ئېلىپ قالاي» دەپ ئويلىدى ۋە لىن چۇڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ياڭ جىغا:

— بۇ ئۇكىمىز كۇنچىقىش ئاستانىدىكى سەككىز لەك ئۇردا ياساۋۇلىنىڭ مەشقاۋۇلى قاپلانباش لىن چۇڭ بولىدۇ. ئەمىر گاۋ

چيۇ دېگەن ئەبلەخ ياخشى ئادەملەرنى پاتقۇزماي، يۇزگە خەت چېكىپ، ئەتەي چاتاق تېپىپ، ئۇنى ساگجۇ ئايمىقىغا سۇرگۈن قىلغانىكەن، ئۇ يەردىمۇ چاتاق چىقىپ، يېڭىلا بۇ يەرگە كەلدى، ھېلى ئۆزلىرى ئاستانىگە بېرىپ ئىشقا ئۇلاشماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتتىلا، مەن ئۆزلىرىنى ئۆزۈمگە تارتماقچى ئەمەسمەن، پېقىر قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمنى كەسىپ قىلىپ، بۇ يەردە غەلىيانچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ قالدىم، ئۆزلىرى بولسىلامۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەم، كەچۈرۈم قىلىنغان تەقدىردىمۇ بۇرۇنقى مەنسەپلىرىنى بېرىشى ناھال گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكىرىي ھوقۇق يەنە شۇ گاۋ چيۇ دېگەن بىرنېمىنىڭ ئىلكىدە، ئۇ سىلىنى قانداقمۇ پاتقۇزسۇن؟! ئۇنىڭدىن كۆرە، مۇشۇ كىچىككىنە تۇرايىمىزدا تۇرۇپ قالسىلا. بۇ يەردە ئالتۇن - كۈمۈشنى چارەكلەپ بۆلۈشىمىز، يېيىشىمىز گۆش - ياغ، ئىچىشىمىز مەي - شاراب، بىللە باتۇر بولۇپ ئەركىن يۈرسەك، بۇنىڭغا نېمە دەيلاكىن؟

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، بىراق ئاستانىدە بىر قېرىندىشىم ئىلگىرى مېنىڭ دەۋايىمغا چېتىلىپ خاپىلىق تارتقان، تېخىچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتالمىدىم. شۇنىڭغا بىر بارغۇم بار ئىدى. ھەرقايسىلىرىدىن يۈك - تاقلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن؛ ئەگەر قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمايدىغان بولسىلا، قۇرۇق قول قالسامۇ كېتىمەن.

— بۇ يەردە قېلىشنى لايىق كۆرمىسىلە، زورلاپ ئېلىپ قالالىتتۇقمۇ؟ بۇگۈنچە خاتىرجەم بىر قونۇپ، ئەتە سەھەر يولغا چىقسىلا، — دېدى ۋاڭ لۇن كۈلۈپ.

ياڭ جى ناھايىتى خۇش بولدى، ئۇلار شۇ كۈنى ئەلياتقۇ مەھەلگىچە ئىچىشىپ ئاندىن دەم ئېلىشتى.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇشۇپ، ياڭ جىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن مەي - شاراب تەييارلىتىلدى. ناشتىدىن كېيىن ئاتامانلار چاپارمەنلەردىن بىرسىنى چاقىرىپ، تۇنۇگۈنكى ئەپكەشنى كۆتۈرگۈزۈپ، ياڭ

جىنى ئۈزۈتۈپ تاغدىن چۈشۈپ، يولنىڭ ئاغزىدا خوشلاشتى. چاپارمەنلەر بولسا ياڭ جىنى كۆلدىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ يولغىچە ئۈزىتىپ قويدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاڭ لۇن لىن چۈشكە تۆتىنچى ئورۇننى، جۇ گۇيغا بولسا بەشىنچى ئورۇننى بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ بەش باتۇر لياڭشەن كۆلى ئەتراپىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈردى. ئۇلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يۈرۈپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى.

ياڭ جى يولغا چىقىپ، ئەپكەش كۆتۈرۈشكە بىر ئوتاقچى تېپىپ، ھېلىقى چاپارمەننى تاغقا قايتۇرۇۋەتتى، ياڭ جى يولغا چىقىپ بىرنەچچە كۈن مېڭىپلا، ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. شەھەرگە كىرىپ بىر سارايغا چۈشتى، ئوتاقچىدىن ئەپكەشنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىرئاز كۆمۈش پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى ۋە سارايغا كىرىپ يۈك - تاقلىرىنى جايلاشتۇردى، يان قىلىچ بىلەن قول قىلىچىنى يەشتى. سارايۋەنگە بىرئاز پۇل بېرىپ، ئاز - تولا گۆش ۋە شاراب ئەكەلدۈرۈپ يەپ - ئىچتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تونۇشلىرىنى لەشكىري ۋازارەتكە ئىلگىرىكى خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. ئەپكەشتىكى ئالتۇن - كۆمۈش، مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى - تۆۋەن مەنسەپدارلارنىڭ كۆڭلىنى ياغلاشقا سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئوردىدىكى پەرمانچىلىق مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئەكەلگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولدى، ئاران بىر پارچە ئالاقىگە ئېرىشىپ ئەمىر گاۋ چيۇنىڭ ئالدىغا بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىدى. گاۋ چيۇ ئۆتكەنكى ئارخىپلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن غەزىپى قايناپ كەتتى:

— مەرمەر تاش ئەكېلىشكە سەن قاتارلىق ئون پەرمانچى ئەۋەتىلگەن، توققۇزى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ كۈنچىقىش ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن، يالغۇز سەن بەتبەخت مەرمەر تاشلارنى يوقىتىپ قويۇپسەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ گۇناھىڭنى تىلەش بۇياقتا تۇرسۇن، قېچىپ كېتىپسەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى

www.uyghurkitap.com

سىنى قولغا چۈشۈرەلمىدۇق. بۈگۈن كىلىپ يەنە ئەمەل تەلەپ قىلىپ يۈرگىنىڭنى قارا، ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭ كەچۈرۈم قىلىنغان بىلەن سىنى خىزمەتكە ئالالمايمىز.

گاۋ چيۇ ئۇنىڭ ئەرزىنى بىراقلا رەت قىلىپ، مەھكىمىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

ياڭ جى چەكسىز خاپىلىق ئىچىدە سارايغا قايتتى ۋە: «ۋاڭ لۇننىڭ مەسلىھەتىمۇ توغرا ئىكەندۇق. ئۆزۈم ساق، كۆڭلۈم پاك بولغاچقا، ئاتا ـ ئانامنىڭ شان ـ شەرىپىگە داغ چۈشۈرۈپ قويماي دەپ ئۇنىماپتىمەن. چېگرادىكى جەڭ مەيدانىدا ھەممە بىگىنىمنى ئىشقا سىلىپ قىلىچۋازلىق ۋە نەيزىۋازلىق ماھارىتىمنى كۆرسىتىپ، نام ـ نىشانلىق، بالىچاقىلىق بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمەن دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. مانا ئەمدى بىشىمغا يەنە پىشكەللىك چۈشتى، ھەي گاۋ چيۇ، ھەي گاۋ چيۇ، سەن نىمىدېگەن زەھەرلىك، شەپقەتسىز ئادەمسەن ـ ھە!» دەپ ئويلاپ، تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. سارايدا يەنە بىر نەچچە كۈن ياتتى، خەج ـ خىراجىتىمۇ تۈگىدى.

## نەزم

بۇ جاھاندا ئەسلىدە قانۇن ـ مىزاندىن يوق ئەسەر،<br>
بەربىر نائەھلىلەر مۆمىننى قىيناركەن بەتتەر.<br>
ھەي ئىسىت، بىلسەم ئەگەر بالدۇرلا زالىم پەيلىنى،<br>
مەرد بولۇپ جاڭگال ئارا كەلمەس ئىكەنمەن بۇ سەپەر.

ياڭ جى: «ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ قولۇمدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن تەۋەررۇك قالغان مۇشۇ زۇلپىقارلا قالدى. بۈكەمگىچە يېنىمدىن ئايرىمىغانىدىم. مانا ئەمدى بىشىمغا كۈن چۈشتى، باشقا ئامال يوق، بۇنى سىتىپ بىر ئاز يول راسخوتى جۆندەپ، پاناھ ئىزدەپ باشقا جايغا كىتەي» دىگەن قارارغا

كەلدى ـ دە، شۇ كۈنى زۇلپىقارغا سىپتىق بەلگىسى قىستۇرۇپ بازارغا ئاچىقتى. مال بازىرىدا ئاش پىشىم مەھەلگىچە تۇردى، ھېچكىم سوراپمۇ قويمىدى. چۈشكىچە تۇرۇپ بىقىپ، ئايلىنىپ تيەنخەنجۇ كۆۋرۈكى يېنىدىكى ئاۋات بازارغا باردى. ئۇ يەردە بىردەم تۇرار ـ تۇرمايلا كوچىدىكى خەقلەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ۋە كوچىلارغا مۆكۈپ يۈرگىنىنى كۆردى. ئۇلار: «قاچ، چاپسان قاچ، يولۋاس كەلدى !» دەپ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ، توغرا كەلگەن تەرەپكە قاراپ دوقۇرۇشۇپ يۈرمەكتە ئىدى. ياڭ جى: «ئەجەبا ! مۇشۇنداق ئاۋات بىر شەھەرگە نەدىكى يولۋاس كەلدىكىنە !» دېگەن خىيال بىلەن توختاپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ قارىسا، يىراقتىن چالا مەست بولۇپ قالغان بىر ھارام تاماق دارازا دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق قوپال، سەت ئادەم ئىكەنكى:

جىنۇ شەيتاننىڭ ئۆزى ئۇ ئەپتىدىن،
بىرلا ئادەملىك چىقار بوي ـ تۇرقىدىن.
قېرى قاقشال ئۇ گويا،
بەلكى ئوخشار داق سۆڭەك بىر مۇردىغا؛
پور كۆتەكتەك رەڭگى سەت،
بەلكى بۆجۈدىن قېلىشماس سوغ تەلەت.
بارچە ئەت ـ يانى قوتۇر،
خۇددى تىمساھ تېرىسىدەك ساپلا بۇدۇر ھەم چوقۇر؛
چاڭگا ـ چاڭگا باشلىرى،
خۇددى ئالۋاستى سىياقى غۇژمە ـ كالالەك چاچلىرى.
مەيدىسىنى قاپلىۋالغان ساپ چۈپۈر،
ماڭلىيىدا چۆكمە قورۇق ئۈچلا قۇر.

بۇ ئادەم ئەسلىدە كۇنچىقىش ئاستانىدە جۆندەك يېتىم ئوغلاق دەپ ئاتىقى چىققان، قوتۇر يولۋاس دەپ لەقىمى بار نيۇئېر

ئىدى، ئۇ كوچىلاردا بىشەملىك بىلەن كۆرگەنلا ئادەمگە مۇشت كۆتۈرۈپ جېدەل چىقىرىپ يۈرەتتى، بىرنەچچە قېتىم جازاغا تارتىلغان بولسىمۇ، كەيفىڭ مەھكىمىسى ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى ئۇ نېمىنى كۆرسىلا قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

نيۇئېر ياڭ جىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا، زۇلپىقارنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ قولىغا ئالدى ۋە:

— ھە، يىگىت، ماۋۇ قىلىچنى قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن تەۋەررۇك قالغان زۇلپىقار، ئۈچ مىڭ تىزىق يارماققا ساتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ياڭ جى.

— بۇ بىر قوتۇر پىچىقىڭنى شۇنچىۋالا پۇلغا ئالامدۇ!؟ ئوتتۇز تىيىنگە بىر قىغراق سېتىۋالسامۇ گۆش، دۇفۇ توغراشقا يارايدۇ. بۇ بىرنېمەڭنىڭ زۇلپىقار دېگۈچىلىك نەرى بولسۇن!

— بۇنىڭ ئۆزى زۇلپىقار، دۇكانلاردا ساتىدىغان تۇنىكە پىچاق ئەمەس.

— قانداقسىغا زۇلپىقار بولسۇن ئۇ؟

— بىرىنچىدىن، مىس ـ تۆمۈرگە سالسا، بىسى يانمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قىلنى ئۇنىڭ تىغىغا پۈۋلىسە كېسىلىپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئادەم ئۆلتۈرگەندە قان يۇقمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، مىس داچەنگە چېپىپ باققىنا قېنى؟

— داچىنىڭنى ئەكەل، چاناپ كۆرسىتەي.

نيۇئېر كۆۋرۈك يېنىدىكى دورا ـ دەرمانلار دۇكىنىغا كىرىپ يىگىرمە دانە يارماق ئاچىقىپ، كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا دەستىلەپ قويۇپ:

— يىگىت، ئەگەر مانا بۇنى چېپىپ قىرىق قىلىۋېتەلىسەڭ، ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق بېرەي، — دېدى.

تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار يېقىن كېلىشكە جۈرئەت

قىلالمىسمۇ، يىراقتا قاراپ تۇرۇشاتتى. ياڭ جى: «بۇ چاغلىق گەپ» دېدى ـ دە، يېڭىنى تۇرۇپ، قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر چېپىۋىدى، يارماقلار قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىلىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى باركاللا ئېيتىشتى.

— باركاللاڭ قۇرۇسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى نيۇئېر، — ھە، ئىككىنچىسىنى نېمە دېدىڭ؟

— تىغقا قىلنى پۈۋلىسە كېسىلىپ كېتىدۇ دېگىنىم بىرنەچچە تال چاچنى بىسقا قارىتىپ پۈۋلىسىلا شارتىلا قىلىپ كېسىلىپ كېتىدۇ دېگىنىم.

— مەن ئىشەنمەيمەن، — دەپ نيۇئېر بېشىدىن بىر تۇتام چاچنى يۇلۇپ ياڭ جىغا بەردى، — قېنى، پۈۋلەپ باق.

ياڭ جى چاچنى سول قولىغا ئېلىپ، قىلىچنىڭ بىسىغا توغرىلاپ كۈچىنىڭ بارىچە پۈۋلىۋىدى، چاچلار شارتتىلا ئىككى تۇتام بولۇپ چېچىلىپ يەرگە چۈشتى. كۆپچىلىك: «يارايدۇ!» دېيىشىپ كەتتى، تاماشىچىلار تېخىمۇ ئۇلغايدى.

— ئۈچىنچىسى نېمىتى؟ — دەپ سورىدى نيۇئېر.

— ئادەم ئۆلتۈرگەندە قان يۇقمايدۇ.

— ئادەم ئۆلتۈرگەندە قان يۇقمايدۇ، دېگەن گەپمۇ بولامدۇ؟

— ئادەمنى چاپسا قىلىچقا قان يۇقۇنىدىسى تەگمەيدۇ، بۇ شەمشەردەك ئىتتىك دېگەن گەپ.

— مەن چىنپۇتمەيمەن. ئەمىسە قىلىچىڭ بىلەن بىر ئادەمنى چېپىپ كۆرسىتە، قېنى.

— بۇ كۈنچىقىش ئاستانە شەھىرى تۇرسا، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەددىمىمۇ؟ چىنپۇتمىسەڭ، بىر ئىت تېپىپ كەلگىن، چېپىپ كۆرسىتەي.

— سەن ئىتنى ئەمەس، ئادەمنى دېگەنىدىڭغۇ!

— ئالمىساڭ ئالما، ئادەمگە يېپىشىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟

— ياق، چېپىپ كۆرسىتىسەن.

— بۇدۇشقاقتەك چاپلاشما، مەن ساڭا بوزەك بولىدىغان ئادەم

ئەمەس، مېنى مايمۇن ئوينىتىما.

— مېنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالامسەن؟

— سەن بىلەن يا بۆرۇن، يا هازىر ئۆچ ـ ئاداۋىتىم بولمىسا، سېنى بىكاردىن ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلىمەن؟

— بۇ زۇلپىقارنى ئالغىنىم ئالغان، — دەپ ياڭ جىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى نيۇئېر.

— ئالىمەن دېسەڭ، پۇلۇڭنى چىقار.

— پۇلۇم يوق.

— پۇلۇڭ بولمىسا، ئېسىلىۋېلىپ نېمە قىلماقچىسەن؟

— زۇلپىقارنى ماڭا بېرىسەن.

— بەرمەيمەن.

— ئوغۇل بالا بولساڭ، مېنى بىر چاپە.

ياڭ جىنىڭ زەردىسى قايناپ، نيۇئېرنى بىر ئىتتىرىپ دومىلىتىۋەتتى. نيۇئېر ئۆمىلەپ تۇرۇپ، ياڭ جىغا ئېسىلدى.

— ئەهلى جامائەت، هەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەندە يول راسخوتى قالمىغاچقا، مۇشۇ زۇلپىقارىمنى بازارغا ئاچىقتىم. ماۋۇ ئۇششۇق زۇلپىقارىمنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن زورلۇق قىلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ماڭا مۇشت ئېتىۋاتىدۇ، — دەپ توۋلىدى.

ئەهلىمەهەللىنىڭ هەممىسى نيۇئېردىن قورقاتتى. هېچكىم يېقىن كېلىپ ئاجرىتىۋېتىشكە پېتىنالمىدى.

— ماڭا مۇشت ئاتتى دەۋاتامسىنا، سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئۆلتۈرىۋېرىمەن، — دەپ هۆركىرەپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ مۇشت ئاتتى. ياڭ جى شاققىدە ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋېلىپ، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى، ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، نيۇئېرنىڭ گېلىغا قىلىچ بىلەن بىرنى سالدى ـ دە، نيۇئېر گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. ياڭ جى ئېتىلىپ بېرىپ مەيدىسىگە يەنە ئىككىنى چاپتى. قان چاچراپ چىقىپ يەرنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. نيۇئېر ئۆلدى.

— مەن بۇ مۇتتەهەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. سىلەرنى هەرگىز

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭغا چاتمايمەن ! بۇ ئۇششۇق ئۆلۈپتۇ، ئەمدى مېنىڭ بىلەن يامۇلغا بېرىپ كېلىڭلار، ئۆزۈم بېرىپ مەلۇم قىلاي، — دېدى ياڭ جى.

جامائەت ئالدىراپ - تېنەپ يىغىلىشىپ، ياڭ جى بىلەن بىللە ئۇدۇل كەيفېڭ دىيار مەھكىمىسىگە كىردى. ئامبال دىۋاندا ئولتۇراتتى. ياڭ جى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، جامائەت بىلەن بىللە ئامبالنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، قىلىچىنى ئالدىغا قويۇپ قويدى ۋە:

— كەمىنىلىرى ئەسلىي ئوردا پەرمانچىيسى ئىدىم. مەرمەر تاشلارنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالدىم. خەج - خىراجەتتىن قىسىلىپ قالغاچقا، مۇشۇ زۇلپىقارنى ساتاي دەپ بازارغا ئاچىققانىدىم. نيۇئېر دەيدىغان بىر ئۇششۇق مۇتتەھەم كېلىپ، كەمىنىلىرىنىڭ زۇلپىقارىنى زورلاپ تارتىۋالماقچى بولدى، يەنە كېلىپ كەمىنىلىرىگە مۇشت ئاتتى؛ شۇ ۋەجىدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمەن. بۇنىڭغا ئەھلى جامائەت گۇۋاھ، — دەپ بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتتى.

كۆپچىلىكمۇ ئۇنى - بۇنى دەپ ياڭ جىنى ئاقلىدى.

ئامبال ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئاڭلاپ:

— بۇ بىرنېمە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئىقرار قىلدى، شۇڭا يامۇلنىڭ دەرۋازىسىغا كىرىشى بىلەنلا يەيدىغان تايىقى كەچۈرۈم قىلىنسۇن. هازىرچە بوينىغا ئۇزۇن شال تاقاق سېلىنسۇن، — دەپ هۆكۈم قىلدى، ئۆلۈكنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئىككى نەپەر خىزمەتچىنى ۋە بىرمۇنچە ياردەمچىلەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار ياڭ جىنى هەم جامائەتنى ئالدىغا سېلىپ، تيەنخەنجو كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغا كېلىپ نەق مەيداننى، جەسەتنى كۆزدىن كەچۈردى. دېلوغا دائىر هۆججەتلەرنى ئەنگە ئالدى، ئەھلى جامائەتنىڭ ھەممىسى هۆججەت بېرىپ، كېپىل كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ياڭ جىنى ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلار قاتارىدا زىندانغا تاشلاش هۆكۈم قىلىندى.

## نەزم

هەپسىگە ئاپاردى ھەيدەپ ـ ئىتتىرىپ،
تاشلىدى زىندانغا ئۇنى بەند قىلىپ.
ساقىلى سېرىق باقاۋۇل شۇ مەھەل،
ئاسقىلى سىرتماقنى ھەم باغلاشقا ئارقان قىلدى تەل؛
گۇندىپاي ـــ رەڭداش يۈزى كۆمۈر بىلەن،
سالغىلى تەييارلىدى كويزايۇ ھەم مەزمۇت كىشەن.
تېنىگە تەگكەندە توقماق زەربىسى،
تىتىلىپ ئەت ـ يانلىرى، قىينالدى ئاغرىپ سۆڭگچى؛
ھەيۋەتلىك قىيناق قورالالارنى كۆرۈپ،
تەنلىرى مەھبۇسلارنىڭ كەتتى جۇغۇلداپ ـ شۈركۈنۈپ.
قىلما ئەزرائىلنى سەن ئۆلگەندە كۆرمەكنى تاما،
مۇشۇ جاي مىسلى دوزاخ كۆرگەي كىشى مىڭبىر جاپا.

ياڭ جى زىندانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن گۇندىپايلار ياڭ جىنىڭ قوتۇر يولۋاس نيۇئېرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئوغۇل بالىكەن دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. شۇڭا ئۇنى پۇل بەر دەپ قىستىمىدى، ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلدى، تيەنخەنجۇ كۆۋرۈكى يېنىدىكى خالايىق: «شەھىرىمىزدىن بىر زىيانداشنى يوقاتتى» دەپ ياڭ جىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا پۇل يىغىش قىلىپ بەردى، تائام كىرگۈزۈپ تۇردى. يۇقىرى ـ تۆۋەن ئەمەلدارلارنىڭ ئاغزىنى ياغلىدى. سوراقچىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى يامۇلغا كېلىپ گۇناھىنى ئېيتقان نوچى ـ باتۇرلۇقىنى، كۇنچىقىش ئاستانە كوچىسىدىكى بىر زىيانداشنى يوقىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە نيۇئېرنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىقرارنامىنى يەڭگىللىتىپ ئۆزگەرتتى، قايتا ـ قايتا سوراپ، ئاخىر مۇشتىلىشىپ قېلىپ،

سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان قىلىپ بېكىتتى. ئاتمىش كۈنلۈك قاماق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن نۆۋەتتىكى سوراقچى ئامبالغا مەلۇم قىلىپ، ياڭ جىنى سوراقخانىغا ئاچىقتى. بوينىدىكى ئۇزۇن شال تاقاقنى ئېلىپ تاشلاپ، يىگىرمە دەررە ئۇرغۇزدى. خەت چەككۈچىنى چاقىرىپ، يۇزىگە ئىككى قۇر خەت چەكتۈرۈپ، ئۇستۇن ئاستانە دامىڭ دىيارى قاراۋۇل مەھكىمىسىگە سۈرگۈن قىلىشنى ھۆكۈم قىلىپ، زۇلپىقارىنى مۇسادىرە قىلدى.

نۆۋەتتىكى سوراقچى تۈنىگىدىن سوقۇلغان، بوينى بىلەن مەيدىسىنى قاپلاپ تۇرىدىغان يەتتە يېرىم جىڭ ئېغىرلىقتىكى تاقاقنى ياڭ جىنىڭ بوينىغا سالدۇردى ۋە يالاپ ماڭىدىغانغا جاڭ لۇڭ بىلەن جاۋ خۇنى تەيىنلەپ، ئالاقىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ، بىر مۇنچە سۆز تاپىلاپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. تيەنخەنجۇ كۆۋرۈكى يېنىدىكى بىرنەچچە باي پۇل ـ مال يىغىش قىلىپ، كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇراتتى، ياڭ جى ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئىككى يايى بىلەن بىللە مەيخانىغا تەكلىپ قىلىپ، مەي ۋە تائام بىلەن مېھمان قىلدى. ئىككى يايىغا بىرئاز كۈمۈش پۇل بېرىپ:

— ياڭ جى بىر باتۇر يىگىت، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن بىر زىياندىشنى يوقىتىپ بەردى. ئۇستۇن ئاستانىگە بارغۇچە، يول ئۈستىدە ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويۇشالا، — دېيىشتى.

— بۇنىڭ باتۇر يىگىت ئىكەنلىكىنى بىزمۇ بىلىمىز. ھەرقايسىلىرى تاپىلىمىسىلىمۇ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز، خاتىرجەم بولۇشسىلا، — دەپ جاۋاب بەردى جاڭ لۇڭ بىلەن جاۋ خۇ.

ياڭ جى كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتتى. كۆپچىلىك قالغان كۈمۈشنىڭ بارىنى يول راسخوتى ئۈچۈن ياڭ جىغا بېرىپ تارقىلىشتى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ياڭ جى ئىككى يايى بىلەن ئەسلى



www.uyghurkitap.com

چۈشكەن سارىيىغا بېرىپ، ھېساب ـ كىتاب قىلىشىپ، ئامانەت قويغان كىيىم ـ كېچەك، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالدى؛ ئۆز لايىقىدا شاراب ۋە تائام ھازىرلىتىپ، ئىككى يايىنى مېھمان قىلدى؛ تېۋىپتىن بىر ئاز دورا سېتىۋېلىپ، تاياق يارىسىغا چاپلاپ، ئىككى يايى بىلەن ئۈستۈن ئاستانىگە قاراپ يول ئالدى. بېكەت، ئۆتەڭ، بازار ـ شەھەرلەرگە يېتىپ بارغاندا، گۆش ـ پۆش، مەي ـ شاراب ئېلىپ، جاڭ لۇڭ بىلەن جاۋ خۇنى مېھمان قىلىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇچەيلەن كېچىسى دەڭ ـ سارايلارغا چۈشۈپ، كۈندۈزى يولغا راۋان بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۈستۈن ئاستانىگە يېتىپ باردى. شەھەرگە كىرىپ بىر سارايغا چۈشتى.

ئەسلىدە ئۈستۈن ئاستانە داملىڭ دىيارى قاراۋۇللار مەھكىمىسى ھەم چېرىكلەرنى باشقۇرىدىغان، ھەم پۇقرالارنى ئىدارە قىلىدىغان ھەممىدىن ھوقۇقلۇق بىر ئورۇن ئىدى. بۇ مەھكىمىنىڭ بېگى كۈنچىقىش ئاستانىدە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ۋەزىر ئەزەم سەي جىڭنىڭ كۈيئوغلى لياڭ مىرزىبەگ دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ پەرھىز نامى شى جيې دەپ ئاتىلاتتى. شۇ كۈنى ئىككىنچى ئاينىڭ توققۇزى ئىدى. قاراۋۇللار بېگى ئۆز ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى. ئىككى يايى ياڭ جىنى ئىشخانىغا ھەيدەپ كىرىپ، كەيفېڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىسىنى سۇندى، لياڭ مىرزىبەگ ئالاقىنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇ ئاستانىدە تۇرغان چېغىدىلا ياڭ جى بىلەن تونۇشاتتى. ئۇنى كۆرۈپلا ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئەھۋال سورىدى. ياڭ جى ئۆز خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە گاۋ ئەمىرنىڭ يول قويمىغانلىقىنى، پۇل ـ ماللىرىنى ئىشلىتىپ بولۇپ، زۇلپىقارىنى بازارغا سالغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن نيۇئېرنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ۋەھاكازالارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. لياڭ مىرزىبەگ بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ، شۇئاندىلا بوينىدىكى تاقاقنى ئالدۇرۇپ تاشلاپ، ياڭ جىنى مۇلازىم قىلىپ ئۆز يېنىدا قالدۇردى. جاۋاب ئالاقىنى يېزىپ

بېرىپ، ئىككى پايىنى ئاستانىگە ماگدۇرۇۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ياڭ جى لياڭ مىرزىبەگنىڭ ھۇزۇرىدا كېچەيۇ كۈندۈز ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلدى. مىرزىبەگ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى سۇپەرچى لەشكەر باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئايلىق بېرىش كويىدا بولدى ـ يۇ، باشقىلارنىڭ قايىل بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، چوڭ ـ كىچىك لەشكەر باشلىرىنىڭ ھەنىۋاسى ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتە كۈنچىقىش دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى مەشىق مەيدانىغا تەييار بولسۇن، دەپ ئېلان چىقىرىش توغرىسىدا لەشكىرىي مەمۇرىيەتكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ كېچىسى مىرزىبەگ ياڭ جىنى مېھمانخانىسىغا چاقىرتىپ:

— سېنى سۇپەرچى لەشكەرلەر باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا ئۆستۈرۈپ، ئايلىق ئالىدىغان قىلىپ قويۇش نىيىتىم بار ئىدى. بىراق، سېنىڭ جەڭ ماھارىتىڭ قانداقكىنتاڭ؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنىلىرى چامباشچىلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئوردا پەرمانچىسى بولغان. ئون سەككىز خىل ماھارەتنى كىچىكىمدىن مەشىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغانمەن. بۈگۈنكى كۈندە، شاپائەتلىك ھەزرىتىمنىڭ شۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولۇۋاتىمەنكى، خۇددى بېشىمدىن غەم تېغى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. ئاز ـ ماز ئىلتىپاتلىرىغا مۇيەسسەر بولالىغۇدەك بولسىلا، پايپېتەك بولۇپ، خىزمەتلىرىنى قىلىپ جاۋاب قايتۇرىمەن، — دېدى ياڭ جى ھۆرمەت بىلەن.

لياڭ مىرزىبەگ ناھايىتى خۇش بولۇپ، ياڭ جىغا بىر قۇر قۇياق كىيىم ئىنئام قىلدى.

كېچە تىنچ ئۆتۈپ تاڭمۇ ئاتتى. بۇ ھاۋا ـ جاھان ئىللىپ قالغان ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرا كۈنلىرى ئىدى. ناشتىدىن كېيىن مىرزىبەگ ئاتقا مىنىپ ياڭ جىنى ۋە بىرمۇنچە مۇلازىملىرىنى كەينىگە سېلىپ، كۈنچىقىش دەرۋازىسىغا قاراپ

يول ئالدى. مەشىق مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لەشكەرلەر بىلەن ئەمەلدارلار ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. ئۇ مەشىق مەيدانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. سەھنىگە چىقىپ، تۆرگە قويۇلغان قاتلىما كۇمۇش ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئوڭ ۋە سول يېنىدا پانسات، قۇربېشى، پەرمانچىبەگ، زەڭگى، تۇغبېگى، ئەللىكبېشى، سۈپەرچى لەشكەربېشى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى قاتارلىق ئەمەلدارلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى، ئالدى ـ كەينىدە لەشكەر باشلىقلىرى سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. تۆر سۇپىدا ئەرش باتۇرى لى چېڭ، داڭلىق قىلىچۋاز ۋېن دا دېگەن ئىككى لەشكىرىي نازىر تىك تۇراتتى. بۇ ئىككىلىسىلا ھېچقانداق ئەر تەڭ كېلەلمەيدىغان باتۇرلاردىن بولۇپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلاتتى. ھەممەيلەن مىرزىبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈچ قېتىم رەسمىي سالام بەجا كەلتۈردى. سۇپىنىڭ ئۈستىگە بىر سېرىق تۇغ قادالغانىدى. سۇپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار تۇرغان قىرىق ـ ئەللىك دۇمباقچى ھەدەپ داقا ـ دۇمباق چېلىپ چاڭ كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ئۈچ مەرتەم نەرە تارتىلدى. مەيداندا ھېچكىم ئۈن ـ تىن چىقىرالمايتتى. سۇپىدا يەنە بىر سىدام تۇغ كۆتۈرۈلۈش بىلەن لەشكەرلەر رەتلىنىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشتى؛ سۇپىدا قىزىل تۇغ پۇلاڭلىشى بىلەن ناغرا ـ دۇمباقلار يەنە ياڭرىدى، بەش يۈز لەشكەر قوللىرىغا قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ ئىككى سەپ بولۇپ تارتىلدى. سۇپىدا ئاق تۇغنىڭ پۇلاڭلىتىلىشى بىلەن ئىككى تەرەپتىكى ئاتلىق لەشكەرلەر ئالدىغا چىقىپ قاتار تىزىلىپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇشتى.

مىرزىبەگ: «سۈپەرچى لەشكەربېشىنىڭ ئورۇنباسارى جۇ جىن ئالدىمدا تەييار بولسۇن» دەپ بۇيرۇق بەردى. ئوڭ تەرەپتە تۇرغان جۇ جىن بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيداننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن سالام بەردى.

— سۇپەرچى لەشكەربېشىنىڭ ئورۇنباسارى جەڭ ماھارىتىنى كۆرسەتسۇن، — دېدى مىرزىبەگ.

جۇ جىن بۇيرۇق بويىچە نەيزىسىنى ئېلىپ ئېتىغا مىندى. سەھنە ئالدىدا قولىدىكى نەيزىسىنى سولدىن ئوڭغا ئايلاندۇرۇپ ۋە ئوڭدىن سولغا پىرقىرىتىپ ئوينىتىپ كۆپچىلىكنى تاڭ قالدۇردى.

— كۇنچىقىش ئاستانىدىن كەلگەن ئەزىمەت ياڭ جى ئالدىمغا كەلسۇن، — دەپ بۇيرۇق چۇشۇردى مىرزىبەگ.

ياڭ جى مەيداننىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت بىلەن: «خوش» دەپ تۇردى. مىرزىبەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياڭ جى، سېنىڭ ئەسلىدە كۇنچىقىش ئاستانىدە ئوردا قاراۋۇللىرى مەھكىمىسىنىڭ پەرمانچى سىپاھىيگى بولغانلىقىڭ ماڭا مەلۇم. گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بۇ يەرگە سۇرگۈن قىلىنىپسەن. ھازىر بولسا ئوغرى ـ قاراقچىلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى، دۆلەتكە تازا ئادەم كېرەك بولۇۋاتقان بىر پەيت. سەن جۇ جىن بىلەن ماھارەت سىنىشىپ كۆرەلەمسەن؟ ئەگەر ئۇتۇپ چىقساڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى قويىمەن.

— شاپائەتلىك بېگىم، ھەزرەتلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ياق دېيىشكە ئاغزىم بارمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ياڭ جى.

مىرزىبەگ قورال ـ ياراغلار ئامبىرىنىڭ مۇلازىملىرىغا بىر ئات ۋە قورال ـ ياراغلار ئەكەلدۇرۇپ، ياڭ جىنى جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئاتلىنىشقا، جۇ جىن بىلەن سىنىشىپ كۆرۇشكە بۇيرۇدى. ياڭ جى مەيداننىڭ كەينىگە ئۆتۇپ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيىپ راسلاندى، كامان، ئوق ۋە يان قىلىچلىرىنى ئېسىپ، ئۆزۈن نەيزىسىنى ئېلىپ ئاتلاندى ـ دە، مەيداننىڭ كەينىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىقتى.

مىرزىبەگ ئۇنى كۆرۇپ:

— ياڭ جى ئاۋۋال جۇ جىن بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىشىپ كۆرسۇن، — دېدى.

— سەن پالاندى تېخى مېنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرمەكچى بولۇۋاتامسىنا ! — دېدى جۇ جىن غەزەپ بىلەن.

جۇ جىن بۇ گېپى بىلەن باتۇر ياڭ جىنىڭ چىشىغا تېگىشنى نەدىن بىلسۇن، ئەپيۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! شۇ سەپەر تۇتۇشمىغان بولسا، ياڭ جى تۇمەنلىگەن تۇلپارلار بەيگىسىدە داڭ چىقارمىغان بولاتتى. مىڭلىغان لەشكەرلەر ئارىسىدا نام ـ نىشان قازانمىغان بولاتتى. ياڭ جى بىلەن جۇ جىنىنىڭ ماھارەت سىناشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قانداق ئادەمنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

## چاپاۋۇلنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىدا شۆھرەت تالاشقانلىقى مەگلىك ياۋنىڭ يۇقىرى ئاستانىدە گۇمپا سىناشقانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ چاغدا جۇ جىن بىلەن ياڭ جى تۇغ ـ ئەلەملەر ئالدىدا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرغاندا، لەشكىرىي نازىر ۋېن دا: «توختاڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى ۋە سەھنىگە چىقىپ، ھۆرمەت بىلەن لياڭ مىرزىبەگكە ئېيتتىكى:

ـــ مىرزىبېگىم، بۇ ئىككىسى ماھارەت سىناشماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ قانچىلىك بىگىسى بارلىقى تېخى ئايان ئەمەس. نەيزە ـ قىلىچ دېگەن ئايامسىز نەرسە، ئۇنى ئوغرى ـ قاراقچىلارنى قىرىشقىلا ئىشلىتىمىز، ھازىر بىز ئۆز قوشۇنىمىز ئىچىدە ماھارەت سىنىشىۋاتىمىز، ئەگەر بىرەر خىيىم ـ خەتەر چىقىپ قالسا، يېنىكى ناكار بولىدۇ، ئېغىرى جېنىدىن ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ قوشۇنىمىزغا پايدىسى يوق. مېنىڭچە، ئىككىسى نەيزىلىرىنىڭ تىغىنى ئېلىۋېتىپ، دەستىسىنىڭ ئۇچىنى كىگىز بىلەن ئورىسۇن ۋە ھاكقا چىلاپ، ئاندىن ئاتلانسۇن، ھەر ئىككىسى قارا كۆڭلەك كىيسۇن. نەيزىۋازلىقتا چۈشكەندە قايسىسىنىڭ كىيىمىگە ئاق ئىز كۆپرەك چۈشسە، شۇسى يېڭىلگەن بولسۇن.

ـــ ئېيتقىنىڭ توغرا، ـــ دەپ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى مىرزىبەگ.

ئىككىسى بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە نەيزىلىرىنىڭ تىغلىرىنى ئېلىۋېتىپ، دەستىسىنىڭ ئۇچىنى

كىگىز بىلەن تۇگۈن قىلىپ ئورىدى. ئىككىلىسى قارا كىيىم كىيىپ، هاك قاچىلىغان سوغىغا نەيزىنىڭ ئۇچىنى چىلىدى، ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىشىپ مەيدانغا چۈشتى. جۇ جىن ئىتىنى سەكرىتىپ، نەيزىسىنى تەڭلەپ ياڭ جىغا ئېتىلدى. ياڭ جىمۇ ئېتىنى دېۋىتىپ، نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ كېلىپ جۇ جىن بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى بىر ئۇيان، بىر بۇيان ئۆتۈشۈپ، قايتا ـ قايتا تۇرتۇشۇپ، ئۆرتۆپە بولۇپ كېتىشتى، ئېگەر تۆپىسىدە ئادەم بىلەن ئادەم، ئاستىدا ئات بىلەن ئات ئېلىشتى. بۇلار مۇشۇنداق قىرىق ـ ئەللىك قەپەس ئېلىشتى. جۇ جىنىنىڭ كىيىمى خۇددى دۇفۇ چاچراپ كەتكەندەك چىپار چاچۇق بولۇپ، قىرىق ـ ئەللىكچە يېرىگە ئاق ئىز چۈشتى. ياڭ جىنىڭ بولسا پەقەت سول مۇرىسىگە بىر ئاق ئىز چۈشتى. مىرزىبەگ خۇشال بولۇپ جۇ جىننى سەھنىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى ئىزلارنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ئىلگىرىكى بەگلەر سېنى سۇپەرچى لەشكەرلەر باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ قويغانىكەن. ماھارىتىڭ شۇنچىلىك تۇرسا، جەڭدە قانداقسىغا سۇر ـ توقاي قىلىپ چىقىپ كېتەلەيسەن؟ قانداقمۇ ئورۇنباسارلىق تەمىناتىغا ئىگە بولالايسەن؟ — دېدى ۋە جۇ جىنىنىڭ ئورنىغا ياڭ جىنى تەيىنلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. لەشكىري نازىر لى چېڭ سەھنىگە چىقىپ مىرزىبەگكە مۇراجىئەت قىلدى:

— جۇ جىن نەيزىۋازلىقتا خامراق، ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا پىششىق، ئۇنىڭ مەنسىپىنى مۇشۇنداقلا ئېلىۋەتسەك، قوشۇنىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن. جۇ جىن بىلەن ياڭ جىنى ئوقيا ئېتىشقا سېلىپ باقساق قانداق؟

— سۆزۈڭ توغرا، — دېدى مىرزىبەگ ۋە جۇ جىن بىلەن ياڭ جىغا ئوقيا ئېتىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

ئىككىيلەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەيزىلىرىنى قاداپ قويۇپ، قوللىرىغا ئوقيا ئېلىشتى. ياڭ جى يانى قېپىدىن

چىقىرىۋېلىپ تارتىپ تەڭشىدى، ئاندىن ئاتقا مىنىپ سەھنە ئالدىغا بېرىپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە تەزىم قىلدى:

— مىرزىبېگىم، ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزى يوق نەرسە، رەھىم قىلمايدۇ، بىرەر خېيىم ـ خەتەر چىقىپ قالارمىكىن، يولىيورۇق بەرسىلىكەن. مىرزىبەگ:

— باتۇرلار تۇتۇشقاندا خېيىم ـ خەتەردىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇستا بولساڭ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ مەيلى، — دېدى.

ياڭ جى بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن مەيدانغا قايتىپ كەلدى. لى چېڭ بۇ ئىككى مەرگەنگە مۇداپىئە ئۈچۈن بىردىن قالقان ئېلىۋېلىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. ئىككىسى قالقاننى ئېلىپ بىلەكلىرىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشتى. ياڭ جى جۇ جىنغا:

— سەن باشتا ماڭا ئۈچ ئوق ئات، ئاندىن مەن ساڭا ئۈچ ئوق قايتۇراي، — دېدى.

جۇ جىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر ئوق بىلەنلا ياڭ جىننىڭ بەدىنىدىن تۆشۈك ئېچىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ياڭ جى زاتىدىن سىپاھبەگ بولغاچقا، جۇ جىننىڭ قانچىلىك ماھارىتى بارلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى پىسەنتىگە ئالمىدى. بۇ ئىككىسى شۇنداق مەرگەنلەردىن ئىدىكى:

بىرسى ئاتقان چاغدا ئوقنى تاغدا يولۋاس تىك چۈشەر،
بىرسى بوران ئىچرە ئوقنى ئاتسا تىرەك تېشىلەر.
بىرسى تارتقان چاغدا يانى، تولكە ـ توشقان جان بېرەر،
بىرسى ئۈزگەن چاغدا ئوقنى كۆكتە شۇڭقار ئۆلتۈرەر.
بار كارامەت ـ سەنئىتىنى بۇندا جەۋلان قىلغۇسى،
ئۈستىلىق ھەم گۇمپىسىنى ئەلگە ئايان قىلغۇسى.
بىرسى چاققاندۇر قويۇندەك، زادى بولماس توسقىلى،
بىرسى چاقماقتەكلا چەبدەس، بولمىغاي تەڭ كەلگىلى.
ھېلى ئايان بولغىسىدۇر قايسى غالىب، قايسى مات،
ئايرىلار ھەم شۇ مىنۇتتا كىم ھاياتۇ كىم مامات.

سۇپىدا قارا تۇغ پۇلاڭلىدى، ياڭ جى تۆۋەنگە قاراپ ئات سالدى، جۇ جىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا ئىلىپ قويۇپ، سول قولىغا يانى ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئوقنى بېسىپ، كىرىچنى بولۇشىغا تارتىپ، ياڭ جىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يۈرىكىگە قارىتىپ ئاتتى. ياڭ جى كەينىدە كىرىچنىڭ دىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شارتلا قىلىپ ئۆزىنى ئۈزەڭگىنىڭ يېنىغا ئالدى. ھېلىقى ئوق بىكارغا كەتتى. جۇ جىن بىرىنچى ئوقنى تەگكۈزەلمىگەندىن كېيىن ھودۇقۇپ قالدى - دە، دەرھال ساداقتىن ئىككىنچى ئوقنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىگە بېسىپ، ياڭ جىنى نىشانلاپ تۇرۇپ، كەينىدىن يۈرىكىگە قارىتىپ يەنە بىرنى ئاتتى. ياڭ جى ئىككىنچى ئوقنىڭ ئېتىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئۈزەڭگىنىڭ يېنىغا ئالماي، يانى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى قۇيۇندەك كېلىۋاتقان ئوقنى يانىڭ ئۇچى بىلەن بىر ئىتتىرىۋىدى، ئوق چاچراپ بېرىپ ئوتلاققا چۈشتى، جۇ جىن ئىككىنچى ئوقنىڭمۇ تەگمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھودۇقتى، ياڭ جىنىڭ ئېتى ئاللىقاچان مەشىق مەيدانىنىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپ قالغانىدى. ياڭ جى ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدى، ئات بۇرۇلۇپ سەھنە تەرەپكە قاراپ چاپتى؛ جۇ جىنمۇ تىزگىننى تارتتى، ئات ئارقىغا بۇرۇلۇپ ياڭ جىنى قوغلاپ كەتتى. ياپيېشىل ئوتلاقتا ئىككى ئاتنىڭ سەككىز تۇۋىقى جاڭ ئۇرغاندەك تاقىلدايتتى، ئاتلار قۇيۇندەك چېپىشاتتى. جۇ جىن ئۈچىنچى ئوقنى ئېلىپ يانىڭ كىرىچىگە بېسىپ، كىرىچنى بولۇشىغا تارتىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ياڭ جىنىڭ كەينىدىن يۈرىكىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ياڭ جى كىرىچنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلدى - دە، كېلىۋاتقان ئوقنى ئېگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ، سەھنە ئالدىغا بېرىپ، جۇ جىنىنىڭ ئوقىنى يەرگە تاشلىدى.

مىرزىبەگ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپ، ياڭ جىنىمۇ جۇ جىنغا ئۈچ قېتىم ئوق ئېتىشنى بۇيرۇدى. سۇپىدا يەنە قارا تۇغ پۇلاڭلىدى. جۇ جىن ئوقيانى تاشلىۋېتىپ، قالقاننى قولىغا ئېلىپ، تۆۋەنگە قاراپ ئات سالدى. ياڭ جى ئاتنىڭ تۆپىسىدە سول ئېگىشىپ، پۇتى بىلەن ئاتنى دېۋىتىپ قويۇۋىدى، ئات جۇ جىننىڭ كەينىدىن تاقىراقلاپ چېپىپ ماڭدى. ياڭ جى يانىڭ كىرىچىنى يالغاندىن تارتىپ قويدى، جۇ جىن ئاتنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ، كىرىچنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇرۇلدى ـ دە، قالقاننى ئېلىپ توستى، لېكىن قۇرۇق ئاۋارە بولدى. جۇ جىن: «بۇ بەتبەخت نەيزىۋازلىقنىلا بىلىدىكەن، ئۇ ئىككىنچى قېتىممۇ جۇۋا تاراقلاتسا، مەن تۇۋلاپ ئۇنى توختىتىۋالسام، يەڭگەن بولىمەن» دەپ ئويلىدى. جۇ جىننىڭ ئېتى مەشىق مەيدانىنىڭ تۆۋەن تەرەپتىكى چېتىگە بېرىپ، بۇرۇلۇپ سەھنە تەرەپكە قاراپ چاپتى. جۇ جىننىڭ ئېتىنىڭ بۇرۇلغىنىنى كۆرۈپ، ياڭ جىنىڭ ئېتىمۇ كەينىگە بۇرۇلدى. ياڭ جى ساداقتىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىگە بېسىپ تۇرۇپ: «ئەگەر ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرىكىگە قارىتىپ ئاتسام، جېنىغا زامىن بولىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋىتىم بولمىغاندىكىن، ئۆلمەيدىغان يېرىگە ئاتاي» دەپ ئويلاپ، خۇددى سول قولىدا تەيشەن تېغىنى، ئوڭ قولىدا بوۋاقنى كۆتۈرۈش پەدىسىدە يانى كېرىپ، تولۇن ئاي شەكلىگە كەلتۈردى. ئوق ئۇچار يۇلتۇزدەك بېرىپ جۇ جىننىڭ سول مۈرىسىگە قادالدى. جۇ جىن گاڭگىراپ قېلىپ ئاتتىن يىقىلدى؛ ئۇنىڭ ئېتى توپتوغرا سەھنىنىڭ ئارقىسىغا چېپىپ كەتتى. لەشكەرلەر جۇ جىننى يۆلەپ ئەكېتىشتى. مىرزىبەگ خۇشال بولۇپ لەشكىرىي مەمۇرىيەتكە جۇ جىننىڭ ئورنىغا ياڭ جىنى تەيىنلەش توغرىسىدا رەسمىي ئىلتىجانامە يېزىشنى تاپشۇردى.

ياڭ جى خۇشال ھالدا ئاتتىن چۈشۈپ، سەھنە ئالدىغا كېلىپ مىرزىبەگكە رەھمەت ئېيتتى.

## نەزم

رەنجىتىپ ئەربابنى ئۇ كەلگەنىدى سۇرگۇن بولۇپ،
سىنىشىپ مەيدان ئارا شۆھرەت تالاشتى چىڭ تۇرۇپ.
ھەر ئۇقى تېرەك تېشەر، مەرگەنلىكى نۇسرەت بېرىپ،
سۇپەرلىك لەشكەربېشى بولدى مانا مەنسەپ تۇتۇپ.

دەل شۇ چاغدا پەلەمپەيىنىڭ سول تەرىپىدىن بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقتى:

— رەھمىتىڭنى قوي، ئىككىمىز ئېلىشىمىز تېخى!

ياڭ جى قارىغۇدەك بولسا بويى ئىككى گەزدىن ئېگىزرەك، يۈزى يۇمىلاق، سالپاڭ قۇلاق، دورداي كالپۇك، كالاچ ئېغىز، بومبا ساقال، سۇرلۇك ۋە نوچى كەلگەن بىر ئادەم مىرزىبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بىلەن ئىلتىجا قىلدى:

— جۇ جىن كېسەلدىن يېڭى قوپقان، مىجەزى يوق، شۇڭا ياڭ جىغا ناھەق ئۇتتۇرۇپ قويدى. پېقىر مۇلازىملىرى ياڭ جى بىلەن ئېلىشىپ باقماقچىمەن، ئەگەر ياڭ جىغا ئازراقلا ئۇتتۇرۇپ قويسام، ياڭ جىنى جۇ جىنىنىڭ ئورنىغا ئەمەس، مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىنلىسە، ئۆلسەممۇ ئارمان قىلمايمەن.

مىرزىبەگ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ باشقا ئادەم ئەمەس، دەل دامىڭ دىيارى قاراۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ سۇپەرچى لەشكەربېشى سو چاۋ ئىكەن. ئۇ ئوتقا سالغان تۇزدەك چاچراپ تۇرىدىغان، مىجەزى چۇس، دۆلەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۇرىدىغان ئىش توغرا كەلسە ھەممىنىڭ ئالدىدا چاپىدىغان كىشى ئىدى، شۇڭا ئۇنى چاپاۋۇل دەپ ئاتايتتى. لى چېڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سۇپىدىن چۈشتى ـ دە، سەھنە ئالدىغا بېرىپ:

— مىرزىبېگىم، ياڭ جى ئوردا پەرمانچىسى بولغانىكەن. جەڭ ماھارىتى ياخشى بولۇشى تۇرغان گەپ. جۇ جىن بولسا ئۇنىڭ

تەڭتۇشى ئەمەس؛ سۇپەرچى لەشكەربېشى سو چاۋ بىلەن ئېلىشىپ باقسۇن، شۇندىلا كارامىتى ئاشكارا بولىدۇ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

مىرزىبەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «مەن ياڭ جىنى ئۆستۈرمەكچى بولۇۋاتسام، لەشكەر باشلىقلىرى قايىل بولمايۋاتىدۇ؛ سو چاۋنىمۇ يېڭەلىسە، ئاندىن ئۇلار قايىل بولۇپ، ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ» دەپ ئويلىدى.

مىرزىبەگ دەرھال ياڭ جىنى سەھنىگە چاقىرىپ:

— سو چاۋ بىلەن ئېلىشىپ باقساڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ھەزرەتلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەسلىك ھەددىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ياڭ جى.

— ئۇنداق بولسا سەھنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كىيىملىرىڭنى يۆتكەپ ھازىرلان. قورال - ياراغ ئامبارچىلىرى ساڭا كېرەكلىك قوراللارنى ئېلىپ بەرسۇن، مېنىڭ ئېتىمنى مىنگىن، لېكىن ئېھتىيات قىل، ئۇنى سەل چاغلىمىغىن.

ياڭ جى رەھمەت ئېيتىپ، تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن كەتتى.

لى چېڭ سو چاۋغا دېدىكى:

— سەن باشقىلارغا ئوخشىمايسەن، جۇ جىن بولسا سېنىڭ شاگىرتىڭ، ئۇ ياڭ جىغا ئۇتتۇرۇپ قويىدى، ئەگەر سەن ئازراقلا كەتكۈزۈپ قويساڭ، ياڭ جى دامىڭ دىيارىدىكى سىپاھبەگلەرنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭ جەڭگە ئۆگەنگەن بىر ئېتىم ۋە بىر قۇر جەڭ كىيىمىم بار، شۇلارنى ساڭا بېرىپ تۇراي، ئېھتىيات قىل، بىزنى سۇندۇرىدىغان ئىشنى قىلما، — دەپ تاپىلىدى.

سو چاۋمۇ رەھمەت ئېيتىپ، تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن كەتتى.

مىرزىبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ پەلەمپەيگە يېقىن كەلدى، مەھرەملەر ئاق يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى سۇپىنىڭ سالاسۇنى

www.uyghurkitap.com

يېنىغا ئاپىرىپ، مىرزىبەگكە قويۇپ بەردى. ھەرەمبەگلىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى قۇر بولۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى ۋە كۈنلۈكچىلەر ئاق قاپاق قۇببىلىق، ئۈچ ئەنلىك، بوز رەڭلىك كۈنلۈكنى ئەكىلىپ، مىرزىبەگنىڭ كەينىدە سايە قىلىپ تۇتۇپ تۇردى. سۇپىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈشى بىلەن قىزىل تۇغ پۇلاڭلىدى، ناغرا - دۇمباقلار چېلىندى. مەشىق مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سەپ ئىچىگە بىردىن ئىككى توپ قويۇلدى. توپلار ئېتىلىشى بىلەن سۇ چاۋ ئات چاپتۇرۇپ سەپ ئىچىگە كىرىپ تۇغ ئالدىدا تۇردى. ياڭ جىمۇ سەپ ئىچىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ تۇغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. سۇپىدا يەنە سېرىق تۇغ پۇلاڭلىدى، يەنە بىر قېتىم ناغرا - دۇمباقلار چېلىندى. ئىككى تەرەپتىكى قوشۇن بىردەك نەرە تارتتى. مەشىق مەيداندا ھېچكىم زۇۋان چىقىرىشقا پېتىنالماي جىمجىت تۇرۇشتى؛ يەنە بىر قېتىم جاڭ چېلىنىپ ئاق تۇغ چىقىرىلدى، ئىككى تەرەپتىكى سىپاھبەگلەرنىڭ ھېچقايسىسى مىدىرلاشقا ۋە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، جىمجىت تۇرۇشتى.

سۇپىدا ئەمدى كۆك تۇغ پۇلاڭلىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق جەڭ دۇمبىقى چېلىنىشى بىلەن سول تەرەپتىكى سەپنىڭ تۇغلىرى ئاستا - مىدىرلاپ يول ئېچىلدى، سۇپەرچى لەشكەربېشى سۇ چاۋ يۈگەن، قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلاپ تۇرغان ئېتىنى چاپتۇرۇپ، سەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ قورال - ياراغ بىلەن جابدۇنغان ئەزىمەت باتۇر سۈپىتىگە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ بېشىدا شىرنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن پولات دۇبۇلغا، دۇبۇلغىنىڭ ئارقىسىدا يوغان قىزىل پوپۇك؛ ئۇچىسىدا قەلەي تەڭگىچىلەردىن قۇرۇلغان ساۋۇت، بېلىدە يىرتقۇچ ھايۋان بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن كەمەر، مەيدىسى ۋە دۇمبىسىدە مىستىن ياسالغان يۈرەك دالدىغۇچ، ئۇچىسىدا يوغان ماميۇ گۈللۈك قىزغۇچ تون بار ئىدى، تونىنىڭ يېشىل مەخمەل ئىزمىلىرى ئىككى تەرەپكە

ساڭگىلىغان بولۇپ، پۇتىغا يۇمشاق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى؛ سول تەرىپىگە ئوقيا، ئوڭ تەرىپىگە ساداق ئوق ئېسىۋالغان؛ قولىدا ئالتۇن ياللاتقان ئايپالتا؛ ئاستىدا لەشكىرىي نازىرلى چېپىڭنىڭ جەڭگە ئۆگەتكەن قاردەك ئاق ئېتى بار ئىدى. بۇ ئات شۇنداق ياخشى ئات ئىدىكى:

رەڭگى ئاپپاق سۈت كەبى،
خۇددى نەنشەن تېغىنىڭ قاشقىلىق ئاق يولۋىسى؛
ئۇپيا رەڭلىك تۈكلىرى،
خۇددى بېيخەي كۆلىنىڭ رەڭگى ئاپپاق دولدۇلى.
جەڭگە چۈشسە ئۇچىدۇ،
جىلغا ئاتلاپ ئۆتىدۇ.
ئامرىقى جەڭ دۇمبىقى،
يوق ئۇنىڭكى بەتبۇيى؛
ئېغىر يۈكنى تارتىدۇ،
يىراق يوللار باسىدۇ.
چاپسا قۇيۇن ئۆزى ئۇ،
نەسلى ئېسىل شۇنچىمۇ.
تەڭ كېلەلمەيدۇ ئاڭا ۋۇ زىبشۇنىڭ بوز ئېتى،
بەلكى چىڭۋاڭ تۇلپىرى ھەم بولالماس تەڭتۇشى.

سول تەرەپتە چاپاۋۇل سو چاۋ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، قولىغا ئايپالتا تۇتقان ھالدا سەپ ئالدىدا تۇراتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى سەپنىڭ تۇغلىرى ئاستا مىدىرلاپ يول ئېچىلدى، ياڭ جى ئېتىنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، قولىغا نەيزە تۇتقان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ، ئۇدۇل سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ تۇردى. بۇمۇ ھەقىقەتەن باتۇر قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا كۈندەك چاقناپ، چوققىسىدىن بىر تۇتام كۆك پۆپۈك

www.uyghurkitap.com

ساڭگىلاپ تۇرغان ئاق تۆمۈر دۇبۇلغا؛ ئۈچىسىدا مېيخۇاگۈلىنىڭ شەكلى چۇشۇرۇلگەن ساۋۇت؛ بېلىدە قىزىل مەخمەل پوتا؛ مەيدىسى ۋە دۈمبىسىدە يىرتقۇچ هايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇرەك دالدىغۇچ؛ ئۇستىدە سۆسۈن تىۋىت بوغقۇچلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان گۈللۈك ئاق تاۋار تون؛ پۇتىدا قىلىن چەملىك سىرىق ئۆتۈك؛ يېنىدا بىر دانە تىرە چىشلىتىلگەن ئوقيا ۋە بىرنەچچە تال ئۇشكىسىمان ئوق؛ قولىدا قويۇچ يالىتىلغان تۆمۈر نەيزە؛ ئاستىدا مىرزىبەگنىڭ كۈنىگە مىڭ يول باسىدىغان قويۇندەك ئىتتىك، چوغدەك قىزىل تورۇق ئېتى بار ئىدى. بۇ ئات شۇنداق تەڭداشسىز ياخشى ئات ئىدىكى:

خۇددى يالقۇن يالىسى،
شەپەق رەڭلىك قۇيرۇقى.
ئەت ــ يانلىرى گوياكى پەرداز بىلەن بويالغان،
قۇلاقلىرى قىپقىزىل يوپۇرماقتەك شىڭشايغان.
چاپقىنىدا تاڭ سەهەر قەلئە كۆزلەپ غۇيۇلداپ،
تۇۋاقلىرى ئاستىدىن ئوت يانىدۇ ئۇچقۇنداپ؛
يېنىپ كەچتە سەپەردىن قۇمدا ياتسا ئېغىناپ،
كۆرۈنىدۇ چوغ بولۇپ يالقۇنجىغان لاۋۇلداپ.
ساما ئېتى هەتتاكى بولالمايدۇ تەڭتۇشى،
ئەينى ئۆزى گۇەنگۇڭنىڭ «قىزىل توشقان» تۇلپىرى.

ئۇڭ تەرەپتە مەڭلىك ياۋا ياڭ جى قولىدا نەيزە تۇتقان هالدا ئاستىدىكى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، سەپ ئالدىدا تۇراتتى، ئىككى تەرەپتىكى سىپاهبەگ ۋە لەشكەرلەر ئۇنىڭ ماهارىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئالاهىدە قەددى ــ قامىتىنى كۆرۈپلا ئىچىدە ماختاشتى.

دەل تۆۋەن تەرەپتىن «بۇيرۇق» دېگەن سۆز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ كالۋۇتۇن بىلەن كەشتىلەنگەن بۇيرۇق تۇغىنى كۆتۈرگەن

يارلىقچى ئات چاپتۇرۇپ كەلدى:

— مىرزىبەگنىڭ بۇيرۇقى، ھەر ئىككىڭلار دىققەت قىلىڭلار، ئەگەر ھەرىكەتتە ئادىشىپ قالساڭلار جازالىنىسىلەر، يېڭىۋالساڭلار چوڭ ئىنئام ئالىسىلەر! — دەپ جاكارلىدى.

ئىككىسى بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ سەپتىن چىقىپ، مەشىق مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلدى، ئىككى ئات بىر - بىرىگە يېقىنلىشىشى بىلەنلا، ئىككىلىسى قوللىرىدىكى قوراللىرىنى كۆتۈرۈشتى، سو چاۋ قەھرى بىلەن قولىدىكى ئايپالتىنى ئويىنىتىپ، ئات سىلىپ ياڭ جىغا ئېتىلدى؛ ياڭ جى ھەيۋەت بىلەن قولىدىكى تىلسىم نەيزىسىنى توغرىلاپ، سو چاۋغا تاقابىل تۇردى. مەشىق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سۇپىنىڭ ئالدىدا ئىككىسى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا ئۆتۈشۈپ ئېلىشتى، ئىككىسىنىڭ تۆت قاۋۇل بىلىكى ھەريان سوزۇلدى، ئىككى ئاتنىڭ سەككىز تۇۋىقى ھەر يان چاپچىدى.

## نەزم

تۇغ - ئەلەملەر يەلپۈنۈپ توستى كۈننىڭ نۇرىنى،
ئىككى باتۇر نەرىسى باستى كۆكنىڭ قەرىنى.
بىرسى تەڭلەپ پالتىنى سالسا چەنلەپ چوققىغا،
بىرسى چەنلەپ نەيزىنى سالدى كۆكرەك قېپىغا.
بىرسى لى جىنىدۇر گويا بولۇپ ئەلنىڭ تۈۋرۈكى —
«ۋايجىراۋانا»① ئاتالغان؛
بىرى گويا ئوردىنىڭ سەردارى ھەم ئەمىرى —
يۇرتنى ئوڭشاپ نام ئالغان.
چاچرار ئىدى ئۇچقۇنلار ئۆتكۈر نەيزە تىغىدىن،

① «ۋايجىراۋانا» — سانسكرىت تىلىدا ئالىقىنىدا مۇنار كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.

يانار ئىدى يالقۇنلار ئايپالتىنىڭ بىسىدىن.
بىرسى يۈەن دا گوياكى ــ يەتتە خانلىق باتۇرى،
بىرسى جاڭ فېي بەئەينى ــ ئۈچ بەگلىكنىڭ نادىرى.
بىرى گويا دەرغەزەپ، ھېكمەتلىك چوڭ ئەۋلىيا ــ
پالتىسىنى ئوينىتىپ تاغنى تالقان ئەيلىگەن؛
بىرى گويا خۇا گۇاڭزاڭ، گۇرزىسىنى بىر ئۇرۇپ ــ
تەھتى سەھرا كۆكسىنى ئۆتمىتۆشۈك ئەيلىگەن.
بىرى تولۇپ غەيرەتكە، كۆزلىرىنى جام قىلىپ،
قىيپاش تۇتۇپ پالتىنى گاچىلدىتىپ چاپاتتى؛
بىرى غەزەپ دەستىدە غۇچۇرلىتىپ چىشىنى،
نەيزىسىنى كۈچ بىلەن ئوت چاقنىتىپ سالاتتى.
ئىزدەر ئىدى كاۋاكنى بىر ـ بىرىدىن پەم بىلەن،
شۇنچە سەگەك ھەربىرى، يوق بىخۇدلۇق قىلچە ھەم.

ئىككىسى ئەللىك نەچچە قەپەس ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. سەھنىنىڭ كۆرەك سۇپىسىدا ئولتۇرغان مىرزىبەگ قاراپ قېتىپلا قالدى؛ ئىككى تەرەپتىكى سىپاھبەگلەر كۆرۈپ توختىماي ماختاشتى؛ سەپتىكى لەشكەرلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ: «بىز لەشكەر بولغىلىمۇ نۇرغۇن يىللار بولدى، نەچچە قېتىم جەڭگىمۇ چىقتۇق، لېكىن بۇنداق باتۇرلارنىڭ ئېلىشقىنىنى كۆرمەپتىكەنمىز!» دېيىشەتتى. لى چېڭ، ۋېن دالار سۇپىدا تۇرۇپ توختىماي بارىكاللا ئېيتاتتى. ۋېن دا ئىككىسىدىن بىرەرى زەخىملىنىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ يارلىقچىنى چاقىرىپ، بۇيرۇق تۇغىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىككىسىنى ئاجرىتىۋېتىشنى بۇيرۇدى. سۇپىدا تۇيۇقسىز جاڭ چېلىندى، ياڭ جى بىلەن سو چاۋ بىر ـ بىرىنى يېڭىش ئۈچۈن تازا قىزىق ئېلىشىۋاتاتتى، ھەر ئىككىلىسى يانغىلى ئۇنىمىدى. يارلىقچى ئۇچقاندەك كېلىپ:
ــ باتۇرلىرىم، توختاڭلار، مىرزىبېگىمدىن بۇيرۇق بار! ــ

www.uyghurkitap.com

دەپ ۋارقىرىدى.

ياڭ جى بىلەن سو چاۋ قوللىرىدىكى قوراللىرىنى چۆشۈرۈپ، ئاتلىرىنى توختىتىپ، ئۆز سېپىگە بېرىپ، تۇغ ئاستىدا ئاتلىق تۇرۇپ مىرزىبەگنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتتى.

لى چېڭ بىلەن ۋېن دا سۇپىدىن چۈشۈپ، ئۇدۇل سەھنە ئالدىغا كېلىپ مىرزىبەگكە مۇراجىئەت قىلدى:

— مىرزىبېگىم، بۇ ئىككىسىنىڭ ماھارىتىگە قارىغاندا، ھەر ئىككىلىسىنى مۇھىم ئىشقا قويسا بولغۇدەك.

مىرزىبەگ خۇشال بولۇپ، ياڭ جى بىلەن سو چاۋنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. يارلىقچى بۇيرۇقنى يەتكۈزدى، ئىككىسى سۇپا ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى، سەرۋازلار ئىككىسىنىڭ قولىدىكى قوراللىرىنى ئالدى، ئىككىسى سۇپىغا چىقىپ ئېگىلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. مىرزىبەگ ئىككى يامبۇ ۋە ئىككى قۇر تون ئاچقىتۇرۇپ، بۇ ئىككىسىگە ئىنئام قىلدى. ئاندىن لەشكىري مەمۇرىيەتكە بۇ ئىككىسىنى باقاۋۇللۇققا كۆتۈرۈپ، قولىغا دەستەك يېزىپ بېرىپ، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ خىزمەتكە قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. سو چاۋ بىلەن ياڭ جى مىرزىبەگكە رەھمەت ئېيتىپ، ئىنئاملارنى ئېلىپ سۇپىدىن چۈشتى. ياڭ جى قىلىچ، نەيزە، ئوقيالىرىنى تاشلاپ، دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلىرىنى سېلىپ، كىيىملىرىنى يۆتكىدى. سو چاۋمۇ ئۇچىسىدىكىلەرنى سېلىۋېتىپ، كىمخاب پەشمەتنى كىيدى، ئىككىلىسى سۇپا ئالدىغا كېلىپ يەنە سىپاھبەگلەرگە رەھمەت ئېيتتى. مىرزىبەگمۇ سو چاۋ ۋە ياڭ جىنى چاقىرىپ، ئىككىلىسىنى سالاملاشتۇردى، ئاندىن ئىككىسى باقاۋۇللار قاتارىغا كىردى. لەشكەرلەر تەنتەنە دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ، داقا — دۇمباق، تۇغ — ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تارقىلىشتى.

مىرزىبەگ ۋە باشقا چوڭ — كىچىك سىپاھبەگلەر سۇپىدا زىياپەتتە بولدى. قۇياش قىزىرىپ، غەربكە پاتاي دېگەندە زىياپەت ئاياغلاشتى. مىرزىبەگ ئاتقا مىندى، ئەمەلدارلار ئۇنى مەھكىمىگە

ئۈزىتىپ ماڭدى. بۇ ئاتلىقلار توپى ئالدىدا يېڭىدىن باقاۋۇل بولغان ھېلىقى ئىككىيلەن ئاتقا مىنىپ، باشلىرىغا قىزىل گۈل تاقىغان ھالدا كۆنچىقىش دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان چوڭ - كىچىك، ياش - قېرىلار بۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدى.

مىرزىبەگ ئاتلىق كېتىۋېتىپ:

— ئەي خالايىق ! نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

قېرى - چۆرىلەر تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— بىز يۇقىرى ئاستانىدە تۇغۇلۇپ، دائىم دىيارىدا ئۆستۇق، ھېچقاچان بۇنداق ئىككى باتۇرنىڭ ئېلىشقىنىنى كۆرمىگەنمىز، بۈگۈن مەشىق مەيدانىدا بۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىشقىنىنى كۆردۇق، نېمىشقا خۇشال بولمايمىز؟ — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

مىرزىبەگ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ مەھكىمىگە قايتىپ كەتتى، باشقا سىپاھبەگلەر تارقىلىپ كېتىشتى. سو چاۋنى ئەل - ئاغىنىلىرى مۇبارەكلەپ، چايغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەتتى، ياڭ جى يېڭى كەلگەنلىكى ئۈچۈن تونۇشلىرى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە بېرىپ ھاردۇق ئالدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز دېمەي تىرىشىپ مىرزىبەگنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، قورۇق گەپنى قويۇپ، ئەسلىي گېپىمىزگە ئۆتەيلى.

كۆنچىقىش دەرۋازىدىكى لەشكىرىي ماھارەت مەشىقىدىن كېيىن مىرزىبەگ ياڭ جىنى ئىنتايىن يارىتىپ قالدى، ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىغان بولدى؛ ياڭ جى ھەر ئايدا بىر كىشىلىك مائاشمۇ ئېلىپ تۇردى، ئاستا - ئاستا باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدى. سو چاۋمۇ ياڭ جىنىڭ ماھارىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچىدە قايىل بولدى. ۋاقىتمۇ شۇنداق تېز ئۆتتىكى، ھەش - پەش دېگۈچە قىش كېتىپ، ياز كەلدى. تاڭزۇڭزا چاغىنى كېلىپ، ھېيت قايىندى. مىرزىبەگ

ئۆز رەپىقىسى بىلەن ئارقا ھۇجرىدا زۇڭزا چاغنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلە زىياپىتى راسلىدى.

## نەزم

يېشىل ئەمەن چىراي ئاچقان تەشتەكتە،
لوڭقىلاردا كۈلەر گۈلنار ـ گۈلدەستە.
راك سۈرىتى ياراشقان ئۈنچە پەردە قايرىقلىق،
كەشتىسىگە توز باسقان شىرما قاتلاپ ـ يىغىقلىق.
ئېگىرلەرنىڭ قەلەمچىسى تۈراتتى،
زىبا قىلىپ تەبەسسۇم، سۆسۈن قەدەھ سۈناتتى؛
يامبۇسىمان دۆۋە ـ دۆۋە تاڭزۇڭزا،
ئېلىپ كېلەر گۈل يۈزى پەرى ئۈنى پەتنۇستا.
تائاملارنىڭ كەلتۈرۈلدى ھەر خىلى،
تەل قىلىندى مېۋىلەرنىڭ سەر خىلى.
يەلپۈگۈچتىن چىقتى سالقىن ساپ ھاۋا،
قىزىپ سورۇن نەغمىسى، ياڭرىدى ساز، خۇش ناۋا؛
خۇش پۇراقلار چاچتى ھەريان نىلۇپەر،
رەققاس قىزلار ناز بىلەن ئوينار ئۇسسۇل ھەم لەپەر.

شۇ كۈنى مىرزىبەگ رەپىقىسى سەي خېنىم بىلەن ھۇجرىدا زۇڭزا چاغنى شەرىپىگە ئائىلە زىياپىتى تۈزۈپ ئولتۇرغانىدى، بىرنەچچە قەدەھتىن مەي ئىچىلىپ، ئىككى قېتىم تاماق تارتىلغان بىر چاغدا، سەي خېنىم سورىدىكى:

— تەخسىر، مەرتىۋىلىرى ئۆسۈپ، بۈگۈنكى كۈندە ئامبالبېگى بولۇپ قالدىلا، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى زىممىلىرىگە چۈشتى، بۇ شان ـ شۆھرەت بىلەن دۆلەت ـ ئابرۇي نەدىن كەلگەن؟

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ئوقۇغان ئادەم، كالامنامە ۋە

سالنامىلەردىن ئوبدانلا خەۋىرىم بار، مەن قىيىنئاتامنىڭ ئىلتىپاتىنى زادىلا بىلمەيدىغان ئەقىلسىز بىر ئادەم ئەمەس، ماڭا كۆپ مەدەت بەردى، بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدارمەن! — دېدى مىرزىبەگ.

— ئاتامنىڭ مىھرى - شەپقىتىنىڭغۇ ئۇنتۇماپتىلا، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قانداقسىغا ئۇنتۇپ قالغاندىلا؟

— پېقىر قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، قىيىنئاتام ئالتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى تۇغۇلغان، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ، سوۋغا قىلىپ ئاستانىگە ئاپىرىش ئۈچۈن، ئالتۇن - گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىت سېتىۋېلىشقا يۈز مىڭ تىزىق يارماق ئاجراتتىم، بۇ ئىشقا بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن ئادەم ماڭدۇرغاندىم، ھازىر شۇ نەرسىلەرنىڭ تولىسى تەييار بولۇپ قالدى، يەنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قالغانلىرى تەييارلانسا، ئادەم بىلەن يولغا سالماقچىمەن. لېكىن، بىرلا ئىشتىن بېشىم قېتىم تۇرۇۋاتىدۇ. بۇلتۇر نۇرغۇن بېزەك ۋە ئالتۇن - گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىت سېتىۋېلىپ، بىر ئادەمدىن ئەۋەتكەنىدىم، يېرىم يولغا بارماي سوۋغىنىڭ ھەممىسىنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپ، شۇنچە مال - دۇنيالار بىكارغا كەتتى، قاراقچىلار ھازىرغىچە تۇتۇلمىدى. بۇ يىل كىمدىن ئەۋەتسەك بولاركىن؟

— قول ئاستىلىرىدا نۇرغۇن سەردارلار تۇرۇپتۇ، شۇلاردىن ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىكلىرىدىن ئەۋەتسىلە بولار.

— يەنە قىرىق - ئەللىك كۈن بار، سوۋغا - سالام تەخلەنگەندىن كېيىن ئاندىن ئىشەنچلىك كىشىلەرنى تاللاپ ماڭدۇرۇۋەتسەكمۇ كېچىكمەيمىز. خېنىم، خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم سەرەمجانلاشتۇرىمەن.

شۇ كۈنكى زىياپەت چۈشتىن تاكى ئېغىر ياتقۇغۇچە داۋام قىلدى.

مىرزىبەگ ۋەزىر ئەزەم سەي جىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، سوۋغا - سالام سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئاستانىگە ئەۋەتىشكە ئادەم تاللاپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇياقتىن

ئاڭلايلى: شەندۇڭنىڭ جىجۇ ئايمىقىدىكى يۈنچېڭ ناھىيەسىگە يېقىندىن بىر ئامبال تەيىنلەنگەنىدى، شى ئۇرۇقىدىن بولغان ۋېنبىڭ ئاتلىق بۇ ئامبال ئادىل، دانىشمەن، پاك، رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىك بىر ئادەم ئىدى؛ ئالدىغا يەر ـ سۇ دەۋاسى كېلىپ قالسا، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ تەدبىر قوللىناتتى؛ ئۇرۇش ـ ماجىرا دەۋاسى كېلىپ قالسا، ئىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىراتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا ساز چالاتتى، مېھمان كۈتەتتى، ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا قەلىمىنى ئوينىتىپ ھۆكۈم يازاتتى. نامىدا ناھىيەنىڭ ئامبىلى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ پاسىبانى ئىدى.

شۇ كۈنى ئامبال شى ۋېنبىڭ دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، ئوڭ ۋە سول تەرەپتە يايى ـ دورغىلار سەپ بولۇپ تۇرۇشتى، ئامبال بېگىم چېرىك يامۇلىنىڭ پاششاپبەگلىرىنى ۋە ئىككى تۇتقاۋۇل يۈزبېشىنى چاقىردى. ناھىيەنىڭ چېرىك يامۇلى قارىمىقىدا ئىككى يۈزبېشى بار ئىدى، بىرى، پىيادە لەشكەرلەر يۈزبېشى، يەنە بىرى، ئاتلىق لەشكەرلەر يۈزبېشى ئىدى. ئاتلىق لەشكەرلەر يۈزبېشىنىڭ قولىدا يىگىرمە نەپەر ئاتلىق مەرگەن ۋە يىگىرمە نەپەر يۈرت لەشكىرى بار ئىدى. پىيادە لەشكەرلەر يۈزبېشىنىڭ قولىدا يىگىرمە نەپەر نەيزىۋاز باتۇر ۋە يىگىرمە نەپەر يۇرت لەشكىرى بار ئىدى. ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ يۈزبېشى جۇ تۇڭ دېگەن ئادەم بولۇپ، بويى تۆت يېرىم گەز، ساقىللىق ئۈچ غېرىچ كېلەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى چىلاندەك قىزىل، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك پارقىرايتتى. سىياقى گۇەنگۇڭ باتۇرغا ئوخشايتتى، پۈتۈن ناھىيەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆركە ساقال دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ بايلىرىدىن ئىدى، ئۇ مەردلىكىنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان ئادەم بولغاچقا، يېتىمچى ئەزىمەتلەر بىلەن تونۇشۇپ، چامباشچىلىق ماھارىتىنى ياخشى ئۆگىنىۋالغانىدى. جۇ تۇڭنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەك بولسىڭىز، بۇ نەزمىگە قۇلاق سېلىڭ:

ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانى پاك ھەم توم يۈرەك، مەرد پالۋان،
زېھنىگە سىڭدۈرمىگەن پەم، گۇمپا ـ سەنئەت قالمىغان،
ئەل ئىچىدە نامى داڭدار، تەڭتۈشى يوق قەھرىمان.
يانى تارتىپ ئۈزگىنىدە ئوقنى، يولۋاس تىك چۈشەر،
سالسا چەنلەپ شەمشىرىنى ئەجدىھامۇ جان ئۈزەر.
خۇش پىچىم بويى سۆلىتىگە خوپ ياراشقان قامىتى،
گەز كېلەلمەس ھەيۋىسىگە جىنمۇ شەيتان ئاپىتى.
قىپقىزىل يۈزى گوياكى توق چىلاننىڭ رەڭگىدە،
خۇددى گۆھەنگۆك بوپتۇ پەيدا دەيدۇ ئەل يەر يۈزىدە،
كۆركە ساقال ئەزىمەت دەپ داڭقى بار يۇرت ئىچىدە.

پىيادە لەشكەرلەرنىڭ يۈزبېشى لىپي خېڭ دېگەن ئادەممۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ بويى ئاز كەم تۆت گەز كېلەتتى. يۈزى قارامتۇل، بومبا ساقال كىشى ئىدى، ئۇ قالتىس كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئون نەچچە گەز كەڭلىكتىكى ھاڭدىنمۇ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى، شۇڭا ناھىيەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى قاناتلىق يولۋاس دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئەسلىدە تۆمۈرچى ئىدى، ئۇ كېيىنچە تۇگمەن باققان، قاسساپلىق قىلغان ۋە قىمارخانا ئاچقانىدى، ئۆزى مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئىچى تارراق ئىدى؛ ئۇمۇ جەڭ ماھارىتىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەك بولسىڭىز، بۇ نەزمىگە قۇلاق سېلىڭ:

چۈشتى ئەختەرلەر سامادىن يەر يۈزىگە بىر بولۇپ،
بىرى تاپقاندۇر كامالەت بارچە خىسلەت جەم بولۇپ،
ئاشۇ لىپي خېڭ سۇردى دەۋران، يۇرتقا لەشكەر بەگ بولۇپ.
مۇشتى بازغان، گاڭ بىلەكلىك، تېنى ساغلام ـــ نەۋقىران،
خۇددى چاقماقتەك ماڭار تېز پۇتى چاققان ھەم راۋان.
باتۇرلارنىڭ باتۇرى ئۇ ئەلنى كەزگەن تالمىغان،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچۇپ تام ـ جىلغىلاردىن ھالقىغان،

www.uyghurkitap.com

ئاڭا ھەرگىز بەس كېلەلمەس ھەرنە باتۇر ـ پالۋان.
راستلا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر قاناتلىق يولۋىسى،
يەر ـ يۈزىگە كەڭ تارالغان نامۇ شۆھرەت، داڭقىسى.

جۇ تۇڭ بىلەن لىبي خېڭ پەقەت ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتۇشقىلا مەسئۇل ئىدى. شۇ كۈنى بۇلار ئامبالنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

— مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن جىجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق لياڭشەن كۆلىگە ئوغرى ـ قاراقچىلار يىغىلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ، خان لەشكەرلىرىگە بوي بەرمەپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئەمدى بىزنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدىمۇ ئوغرى ـ قاراقچىلار ئەدەپ قالغاندۇ، يامان ئادەملەرمۇ كۆپىيىپ كەتكەندۇ، بۈگۈن ئىككىڭلارنى چاقىردىم، سىلەر جاپادىن قاچماي، قولۇڭلاردىكى لەشكەرلەرنى ئېلىپ، بىرىڭلار كۈنپېتىش دەرۋازىدىن، بىرىڭلار كۈنچىقىش دەرۋازىدىن چىقىپ چارلاڭلار. ئەگەر ئوغرى ـ قاراقچىلار بولسا ئۇلارنى دەرھال تۇتۇپ كېلىڭلار، لېكىن پۇقرالارنى پاراكەندە قىلماڭلار. كۈنچىقىش مەھەللىنىڭ يېنىدىكى تاغدا قىزىل يوپۇرماقلىق يوغان بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، ئۇنداق دەرەخ باشقا يەردە يوق ئىمىش، سىلەر شۇ يوپۇرماقتىن بىرنەچچىنى ئەكېلىپ ماڭا تاپشۇرىسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ شۇ يەرگىچە ئىزدەپ بارغىنىڭلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولىدۇ. ئەگەر قىزىل يوپۇرماقنى ئەكېلەلمىسەڭلار، سىلەرنىڭ ئۇ يەرگە بارغىنىڭلار يالغان بولىدۇ ـ دە، سىلەرنى قاتتىق جازالايمەن، — دېدى ئامبال.

ئىككى يۈزبېشى بۇيرۇقنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشتى ۋە لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ئىككىگە بۆلۈپ چارلاپ چىقىپ كەتتى.

جۇ تۇڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۈنپېتىش دەرۋازىدىن چىقىپ چارلاپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى لىبي خېڭدىن ئاڭلاڭ. لىبي خېڭ شۇ ئاخشىمى يىگىرمە نەپەر لەشكەرنى باشلاپ كۈنچىقىش

دەرۋازىدىن چىقتى، يېزىمۆيىزا چارلاپ، بارىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە باردى، قايتىشىدا كۇنچىقىش مەھەللىنىڭ قېشىدىكى تاغقا بېرىپ، ھەممىسى قىزىل يوپۇرماقتىن ئىبلىشىپ مەھەللىگە قايتتى. ئىككى - ئۈچ چاقىرىم يول ماڭمايلا، شاپائەت بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، بۇتخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، لىبي خېڭ:

— بۇ بۇتخانىنىڭ شەيخى كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن ئىشىكى ئوچۇق تۇرىدۇ، ئىچىدە يامان ئادەم بارمۇ يا؟ كىرىپ باقايلى، — دېدى.

كۆپچىلىك ئوتقاشلارنى كۆتۈرۈشۈپ، بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، تاۋاپ شىرەسىدە بىر دارازا قىپيالىڭاچ ئۇخلاپ قاپتۇ، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، بۇ دارازا ئەسكى - تۈسكى كىيىملىرىنى تۈگۈپ ياستۇق قىلىپ، شىرەدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. لىبي خېڭ ئۇنى كۆرۈپ:

— قاراڭلار بۇ كارامەتنى ! ئامبال ھەزرەتلىرى ھەقىقەتەن ئەۋلىيا ئىكەن، كۇنچىقىش مەھەللىدە ھەقىقەتەن ئوغرى بار ئىكەن ! — دېدى - دە: «تۇتۇڭلار» دەپ توۋلىدى، ھېلىقى دارازا ئويغىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكۈچە، يىگىرمە لەشكەر بىراقلا كېلىپ ئۇنى باغلىۋالدى ۋە بۇتخانىدىن ئاچىقىپ، يۇرت ئاقساقىلىنىڭ جاڭزىسىغا ئەكەلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! ئەگەر ئۇلار بۇ دارازىنى ئۇ يەرگە ئىبلىپ بارمىغان بولسا، كۇنچىقىش مەھەللىدە ئۈچ - تۆت باتۇر ئەزىمەت جەم بولمىغان بولاتتى. يۇنچېڭ ناھىيەسىدە يۈز مىڭ تىزىق يارماقلىق ئالتۇن - گۆھەر، ئۇنچە - مەرۋايىتنى ئىزدەپ يۇرمىگەن بولاتتى. دېمەك، ساماۋى ئەختەرلەر جەم بولۇشتى، زېمىننى ئەپتەرلەر دىدار كۆرۈشتى. لىبي خېڭنىڭ ھېلىقى ئادەمنى باغلاپ نەگە ئىبلىپ بارغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

## قىزىل چاچ شەيتاننىڭ شاپائەت بۇتخانىسىدا مەست بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى
## چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ كۈنچىقىش مەھەللىدە مەرد ئوغلان بىلەن تېپىشقانلىقى

ئەلقىسسە، لېي خېڭ بۇتخانىغا كىرىپ تاۋاپ شىرەسىدە ئاشۇ دارازا يىگىتنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى، چېرىكلەر ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، بۇ يەردىن ئېلىپ ماڭدى. بۇ تاڭ ئېتىشقا خېلى بار بىر چاغ ئىدى، لېي خېڭ:

— بىز بۇ ھارامزادىنى يۇرت ئاقساقىلى چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىغا ئېلىپ بېرىپ، قورساقنى ئازراق ئەستەرلىۋالايلى، ئاندىن ئۇنى ئامبال يامۇلىغا ئېلىپ بېرىپ، سوراق قىلىشقا تاپشۇرايلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاشۇ ئاقساقالنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كۈنچىقىش مەھەللىنىڭ ئاقساقىلى چاۋ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئىسمى گەي ئىدى، ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ ناھىيەنىڭ مەزكۇر يېزىسىدىكى زەردار كىشىلەردىن ئىدى، چاۋ گەي مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان ۋە ئالەمدىكى مەرد يىگىتلەرنى دوست - يار تۇتۇشقا ھېرىس كىشى ئىدى، بىرسى ئۇنى پاناھداپ كېلىپ قالسا، ياخشى - يامانلىقىغا قارىماي جاڭزىسىدا تۇرغۇزاتتى؛ ئەگەر كىم كەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا پۇل - خىراجەت بېرىپ يولغا سېلىپ قوياتتى. ئۇ چامباشچىلىققا تولىمۇ ئاشىق، تەمبەل، قاۋۇل ئادەم ئىدى،

ئۆيلەنمەي كۆنبويى بەدىنىنى چىنىقتۇرۇش بىلەن بەند بولاتتى، يۇنچىلىك ناھىيەسىنىڭ كۆنچىقىش دەرۋازىسى سىرتىدا ئۇنىڭغا قاراشلىق كۆنچىقىش مەھەللە ۋە كۆنپېتىش مەھەللە دېگەن ئىككى مەھەللە بار ئىدى. بۇ مەھەللىلەرنى بىرلا چوڭ ئۆستەڭ ئايرىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا كۆنپېتىش مەھەللىدە پات - پات جىن پەيدا بولۇپ، كۆپكۆندۈزدىلا كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ، سۈغا چۆكتۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا ھېچ ئىلاج تاپالماپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردىن بىر راھىب ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا بۇ ۋەقەنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ، راھىب ئۇلارغا بىر جاينى كۆرسىتىپ، مۇشۇ يەرگە قورام تاشتا مۇنار ياساپ ئورنىتىپ قويساڭلار، يۇرتۇڭلار تىنچىيدۇ دەپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ كۆنپېتىش مەھەللىنىڭ جىنلىرىنى كۆنچىقىش مەھەللىگە قوغلىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرغەزەپ بولغان چاۋ گەي ئۇ يەرگە بېرىپ، تاش مۇنارنى تەنھا ئۆزى كۆنچىقىش مەھەللىگە يۆتكىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممىۋا ئادەم ئۇنى مۇنار يۆتكەر ھەزرەت دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قاپتۇ. چاۋ گەي شۇنداق قىلىپ، ئەنە شۇ مەھەللىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ نامى ئەل - يۇرتقا پۇر كېتىپتۇ.

قاق سەھەردە لىبي خېڭ بىلەن چېرىكلەر ھېلىقى دارازا يىگىتنى جاڭزىغا يالاپ كېلىپ ئاقساقال چاۋ گەينىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى، ئوتاقچىلار ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاقساقالغا مەلۇم قىلدى، بۇ چاغدا چاۋ گەي تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى، ئۇ لىبي خېڭ يۇزبېشى كەپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ ئۇلارغا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئوتاقچىلار دەرۋازىنى ئاچقاندىن كېيىن چېرىكلەر ئاۋۋال ھېلىقى دارازا يىگىتنى دەرۋازىۋەن ئۆيىگە ئەكىرىپ ئېسىپ قويۇشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن لىبي خېڭ ئون نەچچەيلەننى باشلاپ مېھمانخانىغا كېلىپ قارار تاپتى. چاۋ گەي ئورنىدىن تۇرۇپ

ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ:

— يۈزبېشىم، نېمە ئىش - كۈش بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىلاكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئامبالبېگىمنىڭ مۇبارەك پەرمانىغا بىنائەن، جۇ تۇڭ بىلەن ئىككىمىز قول ئاستىمىزدىكى چېرىكلەرنى باشلاپ، يېزا - قىشلاقلارنىڭ ھەر قەيەرلىرىگە ئوغرى - قاراقچىلارنى چارلاپ چۈشكەنىدۇق. يول يۈرۈپ چارچاپ قاپتىمىز، سەل - پەل ئارام ئېلىۋالساقمىكىن دېگەن مۇددىئادا، ئۇدۇل مۇبارەك جاڭزىلىرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنى ئىسسىق ئورۇنلىرىدىن قوزغاپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى لىبى خېنىڭ.

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدۇ، — دېدى چاۋ گەي، بىر تەرەپتىن ئوتاقچىلارنى مەي - شاراب داستىخان ھازىرلاشقا، ئاۋۋال سۈيۈق - سەلەڭ بىرنەرسە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، — كەمىنىلىرىنىڭ مەھەللىسىدىن بىرەر ئوغرى - يالغان تۇتۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېلى ئالدىمىزدىكى بۇتخانىغا كەلسەك، بىر دارازا يىقىلىپ يېتىپتۇ. بۇ ياخشى نىيەتلىك بىرنېمىدەك قىلمايدۇ، مەست بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىز ئۇنى باغلاپ بۇ يەرگە ئەكەلدۇق، ئەسلىدە ئۇنى ئامبالبېگىمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بارساق دېۋىدۇق، بىرىنچىدىن، ۋاقىت بەك ئەتىگەن تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەتە - ئۆگۈن ئامبال ئاتام سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، ئۆزلىرىنى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قىلىپ، جاۋاب بېرەلمەي قالمىسۇن، دەپ خەۋەردار قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى مۇبارەك جاڭزىلىرىغا ئەكەلدۇق، ھازىر دەرۋازىۋەن ئۆيىگە ئېسىپ قويدۇق، — دېدى لىبى خېنىڭ.

چاۋ گەي بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى جىملا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى - دە، تەشەككۈر بىلدۈرگەن بولۇپ:

— يۈزبېشىم، ماڭا خەۋەر قىلىپ خېلى ئىش قىپتىلا! — دېدى.

بىر دەمدىلا ئوتاقچىلار تەخسە ـ تەۋەگدە مەزە ۋە مەي ـ شاراب كۆتۈرۈپ چىقتى، چاۋ گەي ئۇلارغا:

— بۇ يەردە پاراڭلىشىشقا ئەپسىز، ئىچكىرىكى سارايىنىڭ ئايۋىنىغا چىقىپ كەتكىنىمىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، — دېدى ۋە ئوتاقچىلارنى ئىچكىرىكى سارايغا چىراغ يېقىشقا بۇيرۇپ، يۈزبېشىنى ئىچكىرىگە كىرىپ غىزا يېيىشكە تەكلىپ قىلدى، چاۋ گەي ساھىبخانا ئورنىغا، لېي خېڭ بولسا مېھمانلىق ئورنىغا ئۆتتى. ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوتاقچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەنت ـ گېزەك، مەي ـ شاراب ۋە ئاش ـ تائاملارنى قويدى. ئوتاقچىلار بىر تەرەپتىن مەي قۇيۇشقا باشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن چاۋ گەي ئوتاقچىلارنى دۆكاندىن مەي كەلتۈرۈپ، چېرىكلەرنى مېھمان قىلىشقا بۇيرۇدى، ئوتاقچىلار ئۇلارنى ئۆزۈن ئايۋاندىكى مېھمانخانىغا ئاچىقىپ، تەخسە ـ تەخسە گۆش ۋە مەي ـ شارابلار بىلەن مېھمان قىلدى. چاۋ گەي بىر ياقتىن لېي خېڭنى داستىخانغا زورلاپ، يەنە بىر ياقتىن: «مەھەللىدە ئۇ تۇتۇپ كەلگۈدەك قانداق ئوغرى بولغاي، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمايمۇ» دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن كەچۈردى، ئۇنىڭ بىلەن تۆت ـ بەش قەدەھ كۆتۈرۈشكەندىن كېيىن ئۆيدىكى بىر غوجىدارنى چاقىرىپ:

— يۈزبېشىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ تۇرغىن، مەن ھاجەتكە چىقىپ كىرەي، — دېدى.

غوجىدار لېي خېڭنى كۈتۈپ قالدى، چاۋ گەي ئىچكىرىدىن بىر پانۇسنى ئېلىپ، تۇپتوغرا دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ، چېرىكلەرنىڭ مەي ـ شارابلارغا چۆكۈپ قالغانلىقىنى، سىرتتا بىرەرسىنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى كۆردى. چاۋ گەي دەرۋازا بېقىپ تۇرغان ئوتاقچىدىن:

— يۈزبېشى تۇتۇپ كەلگەن ئوغرىنى قەيەرگە ئېسىپ قويدى؟ — دەپ سورىدى.

— دەرۋازىۋەنىنىڭ ئۆيىگە سولاپ قويدى، — دېدى ئوتاقچى.

چاۋ گەي ئىشىكنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، يوتىلىرىنى قاپقارا تۈك بېسىپ كەتكەن، قاپقارا تەنلىك، يالاڭ ئاياغ بىر ئادەم ئېگىز ئېسىقلىق تۇراتتى. چاۋ گەي ئۇنىڭ يۈزىگە پانۇسنى تۇتۇۋىدى، ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزى كەڭ، چېكىسىدە بىر قىزىل مېڭى بار، مېڭى ئۈستىدە قارامتۇل سېرىق تۈكلەر دىڭگىيىپ تۇرغان ئادەم بولۇپ چىقتى. چاۋ گەي:

— يىگىت، سىز قەيەرلىك؟ مەھەللىمىزدە مەن سىزنى كۆرمىگەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر يىراق يېزىدىن كەلگەن مۇساپىرمەن، — دېدى يىگىت، — بۇ يەرگە بىر ئادەمنى پاناھ تارتىپ كەلگەنىدىم. لېكىن، مېنى ئوغرى دەپ تۇتۇۋېلىشتى، مېنىمۇ ئاقلايدىغان يەر چىقار.

— سىز بۇ يەرگە كىمنى پاناھلاپ كەلگەنىدىڭىز؟

— مەن بۇ يەرگە بىر باتۇرنى پاناھلاپ كەلگەنىدىم.

— ئۇ باتۇرنىڭ ئىسمى-زاتى كىم؟

— ئۇنى چاۋ گەي ئاقساقال دەپ ئاتايدۇ.

— ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلماقچىسىز؟

— ئۇ ئالەمگە مەشھۇر مەرد ئوغلان، مېنىڭ بىر تالاي مال-دۇنيا توغرىسىدا گېپىم بار ئىدى، بۇنىڭدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشقا كەلگەنىدىم.

— بەس! — دېدى چاۋ گەي، — ئاشۇ چاۋ گەي ئاقساقال دېگەن مەن بولىمەن، مەندىن نىجاتلىق تىلىسىڭىز، مېنى تاغا تۇتىسىز. ھېلى مەن لېي خېڭ يۈزبېشىنى ئۇزىتىپ چىقىمەن، بۇ چاغدا سىز مېنى تاغا دەيسىز، مەن سىزنى جىيەنىم دەيمەن، مەن سىزنى بۇ يەردىن تۆت-بەش يېشىدا ئايرىلىپ كەتكەچكە، تونۇيالماي قاپتىمەن دەيمەن.

— شۇ قاتارلىق ئاتىدارچىلىق قىلماق بولغانلىقلىرىغا مىڭ مەرتەم رەھمەت، ماڭا باشپاناھ بولسىلا، مەرد غوجام! — دېدى يىگىت.

ئۇ قەدىم بۇتخانىدا كەتكەندە تۇندە ئۇيقۇغا،
باغلىنىپ تۇتقۇن بولۇپ ئاسماق قىلىندى ساتمىغا.
قۇتقۇزۇپ قالدى ئۇنى چاۋ گەي بولۇپ چوڭ باشپاناھ،
ئۆز پاناھىدا تۇتالماس ئەمدى زاڭ مالنى خۇدا.

چاۋ گەي پانۇسنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى بۇرۇنقىدەك ئەتتى ـ دە، ئىتتىك ئىچكىرىكى سارايغا كىرىپ، لىبي خېڭ بىلەن مالاقەت بولۇپ:

— كىچىكىپ قالدىم، — دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

— يوقسۇ، ئۇنداق دېمىسىلە، سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، ئەدەپسىزلىك بولدى، — دېدى لىبي خېڭ.

ئىككىيلەن يەنە بىرنەچچە قەدەھنى بوشاتتى، لىبي خېڭ پەنجىرىدىن چۈشكەن يورۇقنى كۆرۈپ:

— كۈن چىقىپ قاپتۇ، پېقىرغا ئىجازەت قىلسىلا، يوقلىمىغا ئۈلگۈرۈپ يامۇلغا يېتىۋالاي، — دېدى.

— يۇزبېشىم، ئۆزلىرى مەنسەپتىكى ئادەم، ئۇزۇن تۇتۇپ قالالمايمەن؛ مۇبادا خىزمەت بىلەن يەنە كەمىنىلىرىنىڭ مەھەللىسىگە قەدەملىرى يېتىپ قالغۇدەك بولسا، ھەرگىز خانامغا قەدەم تەشرىپ قىلماي كەتمىسىلە، — دېدى چاۋ گەي.

— ئەلۋەتتە، تاپىلاپ ئولتۇرمىسىلىمۇ، يەنە يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى لىبي خېڭ، — ئۇزىتىمەن دەپ جوۋۇمىسىلا.

— يوقسۇ، دەرۋازىغىچە بولسىمۇ ئۇزىتىپ چىقاي، — دېدى چاۋ گەي.

ئىككىيلەن يانمۇيان مېڭىپ چىقتى، چېرىكلەرمۇ مەي ـ تائاملارغا مۇيەسسەر بولۇپ، قورساقنى تويغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەيزە ـ كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا دەرۋازىۋەن ئۆيىگە

چىقىپ ھېلىقى يىگىتنى يەشتى ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئارقىغا قىلىپ چەمبەرچاس باغلاپ سىرتقا ئاچىقتى. چاۋ گەي ئۇنى كۆرۈپ:

— پاھ! ئەجەب بىر دارازا يىگىت ئىكەن، — دېدى.

— شاپائەت بۇتخانىسىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئوغرى شۇ... — دېدى لىي خېڭ. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشا - ئاخىرلاشمايلا ھېلىقى يىگىت:

— تاغا، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا! — دەپ زارلاندى. چاۋ گەي ئۇنىڭغا ئەتەي نەزەر تاشلىغان بولۇپ:

— ھوي! بۇ ۋاڭ شياۋسەنغۇ؟ — دېدى توۋلاپ.

— مەن شۇ، تاغا، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، — دېدى يىگىت. كۆپچىلىك ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. لىي خېڭ دەررۇ چاۋ گەيدىن:

— بۇ كىم بولىدۇ؟ ئۆزلىرىنى قانداق تونۇيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ جىيەنىم ۋاڭ شياۋسەن. بۇ بىرنىمە نېمىشقا بۇتخانىدا قونۇپ يۈرىدىكىن؟ ئۇ ئېگىچىمنىڭ ئوغلى ئىدى، كىچىك چېغىدىلا مۇشۇ يەردە جان بېقىپ يۈرەتتى. تۆت - بەش ياشقا كىرگەندە، ئېگىچىم بىلەن ئۇنىڭ كۈيۈسىنى ئەگىشىپ، تۆۋەن ئاستانىگە كۆچۈپ كېتىپ، شۇ كەتكىنىچە ئۇن نەچچە يىل كەلمىگەنىدى، ئۇن تۆت - ئۇن بەش ياشلىرىدا تۆۋەن ئاستانىلىك بىر كارۋاننى ئەگىشىپ، سودىگەرچىلىك بىلەن بىر قېتىم كېلىپ كەتكىنىچە ئىككىنچى كۆرۈشمىدۇق. كىشىلەردىن بۇ بىرنىمىنىڭ ئوسال ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى جىق ئاڭلىدىم، قانداقسىغا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىكىنتاڭ؟ پېقىرمۇ بۇنى تونۇيالماسكەنمەن، ئۇنىڭ چېكىسىدىكى قىزىل مېڭىدىن ئاران تونۇۋالدىم، — دېدى چاۋ گەي ئۇنى تىللاپ، — ۋاڭ شياۋسەن، سەن نېمىشقا توپتوغرا مېنىڭ يېنىمغا كەلمەي، مەھەللىدە ئوغرىلىق قىلىپ يۈرىسەن؟

— تاغا، مەن ئوغرىلىق قىلغىنىم يوق.
— سەن ئوغرىلىق قىلماپسەن، ئۇنداق بولسا نېمىشقا سېنى بۇ يەرگە تۇتۇپ كېلىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى چاۋ گەي ۋە چېرىكنىڭ قولىدىكى تاياقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇۋەردى. لىبي خېڭ بىلەن كۆپچىلىك:
— ئۇرمىسىلا، ئاۋۋال ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا، — دېدى ھاي بېرىپ.
— تاغا، سەۋر قىلىپ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسىلا: بۇ يەرگە ئون تۆت - ئون بەش يېشىمدا بىر قېتىم كېلىپ - كەتكىنىمگە ئون يىل بولمىدىمۇ؟ تۈنۈگۈن ئاخشام يولدا بىر قەدەھ مەينى ئارتۇق ئىچىپ قويۇپ، ئالدىلىرىغا كېلىشتىن تەپ تارتىپ، ۋاقتىنچە بۇتخانىدا يېتىپ، كەيپىم يېشىلگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى تاپاي دېۋىدىم، ئويلىمىغاندا بۇلار نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئوغرىلىق قىلمىساممۇ تۇتۇۋالدى، — دېدى يىگىت.
چاۋ گەي تاياقنى ئېلىپ، يەنە ئۇرۇشقا تەمشەلگەن ھالدا تىللاپ:
— ھەي ھايۋان ! سەن ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي، ئاشۇ بىر يۇتۇم يىرىك سۇغا ئاچ كۆزلۈك قىلمىساڭمۇ، مېنىڭ ئۆيۈمدە سەن يېگۈدەك بىرنېمە چىقمايتتىمۇ، شەنىمنى بۇلغاپ، نومۇسۇمنى تۆكتۈڭ، — دېدى.
— ئاقساقال، سەۋر قىلسىلا، جىيەنلىرى ئوغرىلىق قىلماپتۇ؛ بىزگە بۇتخانىدا شۇنداق بىر دارازا يات ئادەمنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقى غەلىتە كۆرۈنگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى تونۇمىغانلىقىمىزدىن گۇمانلىنىپ بۇ يەرگە تۇتۇپ كەپتۇق. ئۆزلىرىنىڭ جىيەنلىرى ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلگەن بولساق، جەزمەن تۇتمايتتۇق، — دەپ تەسەللى بەردى لىبي خېڭ ۋە بىر تەرەپتىن چېرىكلەرنى چاقىرىپ، دەرھال ئۇنىڭ قولىنى يېشىپ، ئاقساقالغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى، چېرىكلەر شۇ زامانلا

ئۇنى قويۇپ بەردى. لېي خېنىڭ:

— ئاقساقال، بۇنىڭغا بىزدىن ئاغرىنمىسىلا، جىيەنلىرى ئىككەيلەندىن بالدۇرراق خەۋەر تاپقان بولساق ئەمدى بۇنداق بولمايتتى، سىلىنى رەنجىتىپ قويدۇق، ئەمدى بىز قايتايلى، — دېدى.

— يۈزبېشى، سەل تەخىر قىلسىلا، — دېدى چاۋ گەي، — خوش قېنى، بېقىرنىڭ جاۋزىسىغا مەرھەمەت قىلسىلا، يەنە ئازراق گېپىم بار.

لېي خېنىڭ ھېلىقى يىگىتنى قويۇۋېتىپ، بىللە مېھمانخانىغا كىردى. چاۋ گەي لېي خېنىڭغا ئون سەر ئاق كۈمۈش ھەدىيە قىلىپ:

— يۈزبېشى، ئازغىنا بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، مالال كۆرمەي قوبۇل قىلغايلا، — دېدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، — دېدى لېي خېنىڭ.

— قوبۇل قىلمىسىلا بېقىردىن ئاغرىنغان بولىلا، — دېدى چاۋ گەي.

— بۇ ئاقساقالنىڭ چوڭقۇر خەيرخاھلىقى ئىكەن، ھازىرلىققا قوبۇل قىلاي، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ياندۇرارمەن، — دېدى لېي خېنىڭ.

چاۋ گەي ھېلىقى يىگىتنى لېي خېنىڭغا تەزىم قىلدۇردى ۋە چېرىكلەرگىمۇ ئاز - تولا كۈمۈش ئىنئام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چاۋ گەي لېي خېنىڭنى يەنە دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، لېي خېنىڭ چاۋ گەي بىلەن ۋىدالىشىپ، چېرىكلەرنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

چاۋ گەي ھېلىقى يىگىت بىلەن ئىچكىرىكى ئايۋانغا كىرىپ، ئۇنىڭغا بىر قۇر ئۇستىباش كىيگۈزدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسمىنى، يۇرت - سۈيىنى سورۇشتۇردى. يىگىت:

— بېقىر لىۋ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، ئىسمىم تاڭ، ئانا يۇرتۇم دۇڭلۇ ئايمىقى بولىدۇ، كىشىلەر چېكەمدىكى قىزىل مېڭىمگە

قاراپ، قىزىل چاچ شەيتان دەپ ئاتىشىۋالغان، بىرمۇنچە ۋەج ـ دۇنيا بار ئىدى، ئۇنى ئاغا ئۆزلىرىگە تۇتاي، دەپ كەلگەنىدىم. تۇنۇگۈن كەچ بولۇپ كېتىپ، كەيپچىلىكتە بۇتخانىدا يىقىلىپ قاپتىمەن، كۆتمىگەندە بۇ بىرنېمىلەر مېنى تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ بۇ يەرگە ئەكەلدى، دەل «تەلىيى بار تېپىشار كېلىپ نە ـ نەلەردىن، تەلىيى يوق تېپىشالماس بىر مەھەللىدىن» دېگەندەك، تەلىيىمگە يارىشا، بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ دىدارلىرىغا مالاقەت بولدۇم، كەمىنىلىرىنىڭ باش ئۇستى تەزىمىنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى چاۋ گەينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ.

— ماڭا تۇتىمەن دېگەن بىرمۇنچە ۋەج ـ دۇنيايىڭ قېنى، — دېدى چاۋ گەي.

— پېقىر كىچىكىمدىن يۇرتمۇيۇرت سەرسان بولۇپ، سەپەردە كۆپ بولدۇم، مەرد ئوغلانلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك داڭقىلىرىنى كۆپ ئىشىتىپ تۇردۇم، كۈتۈلمىگەندە كۆرۈشۈش نېسىپ بولۇپ قالدى. شەندۇڭ، خېبېيلىق سودىگەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى پاناھلاپ، كۆپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدىم، شۇڭا پېقىر بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە پېتىنالمىدىم، بۇ يەردە يات ئادەم بولمىسا، يۈرەك ـ باغرىمنى ئۆزلىرىگە تۆكەي، — دېدى ليۇ تاڭ.

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىم، ھېچقىسى يوق، سۆزلەۋەرگىن، — دېدى چاۋ گەي.

— كەمىنىلىرى، — دېدى ليۇ تاڭ، — يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارىدىكى لياڭ مىرزىبېگىمىنىڭ ئۆز قېيىنئاتىسى ۋەزىر ئەزەم سەي جىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش شەرىپىگە ئون تۈمەن تىزىق يارماقلىق ئالتۇن ـ گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئېسىل بېزەكلەرنى سېتىۋېلىپ، كۈنچىقىش ئاستانىگە ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇلتۇرمۇ ئون تۈمەن تىزىق يارماقلىق ئالتۇن ـ گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت سوۋغا قىلماقچى بولۇپ، يېرىم يولغا ئېلىپ بارغاندا، كىمدۇر

بىرلىرى بۇلاپ كېتىپتىكەن، ھازىرغىچە ئۇغرىنى تۇتالمايۋېتىپتۇ؛ بۇ يىل يەنە ئون تۈمەن تىزىق يارماقلىق ئالتۇن ـ گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت سېتىۋاپتۇ، ئۇنى قېيىنئاتىسىنىڭ ئالتىنچى ئايىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەۋلۇت كۈنىنى خاتىرىلەش مەرىكىسىگە ئۇلگۇرتۇپ بېرىش ئۈچۈن، بۇگۈن ـ ئەتە ئېلىپ مېڭىشىنى ئورۇنلاشتۇرارمىش. پېقىر بۇ ھارام مال، ئۇنى تارتىۋالساق ھېچ كارايىتى يوق دەپ ھېسابلايمەن. بۇنىڭ يولىنى تېپىپ، يول ئۈستىدىلا تارتىۋالساق، تەڭرىمۇ بىزگە گۇناھ يۈكلىمەيدۇ. ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان جەڭ ماھارىتىگە ئىگە چىن ئوغۇل بالا دېگەن داڭقلىرىنى ئاڭلىدىم. پېقىر لاياقەت ئىگىسى بولمىسامۇ، ئاز ـ تولا بىلگىنىم بار، بەش ـ ئالتە پالۋانغا ئەمەس، بىر ـ ئىككى مىڭ لەشكەر توپى ئىچىگە چۈشۈپ قالغان ھالەتتىمۇ، قولۇمدا بىر نەيزىلا بولسا، ئۇلاردىن قورقمايمەن، قەدىرلىك ئاغا، ئۆزلىرى لايىق كۆرسىلىلا، بۇ ۋەج ـ دۇنيانى ئۆزلىرىگە تۇتاتتىم، بىلمەيمەن، ئۆزلىرى قانداق ئويلايلىكىن؟

ــ يارايسەن! ــ دېدى چاۋ گەي، ــ ئويلىشىپ كۆرەيلى. بۇ يەرگە كېلىشتە بىرمۇنچە رىيازەت چېكىپسەن، مېھمانخانىدا ئازراق دەم ئېلىپ تۇر، ياخشىسى كېچىقىشىپ باقاي، ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى.

چاۋ گەي ئوتاقچىلارغا لىيۇ تاڭنى پېشايۋان ئاستىدىكى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قوندۇرۇشنى بۇيرۇدى، ئوتاقچىلار ئۇنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى.

ئەمدى لىيۇ تاڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ: «مەن مۇشۇ سەۋەبتىن بۇيدا شۇنچىۋالا ئازاب چەكتىم! ھېلىمۇ ياخشى چاۋ گەي مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. لېي خېڭ دېگەن بەتنىيەت ئەبلەخ چاۋ گەي ئاقساقالنى ئالداپ، بىكاردىن ـ بىكار ئون سەر كۈمۈشنى سوقۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى بىر كېچە ئېسىپ قويدى. ئۇ

بىرنىمىلەر ئۈزاپ كەتمەستە، تاياق - توقماق بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ، ھەممىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلاي، كۆمۈشنى تارتىۋېلىپ چاۋ گەيگە تاپشۇرۇپ، تازا ئۆچۈمنى چىقىراي، مانا مۇشۇنداق قىلىسام راسا قاملىشىدۇ» دەپ ئويلاندى - دە، ياراقداندىن قىلىچنى ئېلىپ، دەرۋازىدىن چىقىپ گۈس - گۈس دەسسەپ تۆۋەنگە قاراپ قوغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا تاڭ يورۇغانىدى.

## نەزم

كۈلدى يۇلتۇزلار قۇتۇپتا يەتتىسى① ئاشنا بولۇپ،
كۈنچىقىشمۇ ئاق لىباسقا تەلپۈنەر تەشنا بولۇپ.
مۆكتى دەريانىڭ چېتىگە تارقىلىپ تۈن چولپىنى،
ھۆسنىنى قىلدى ئايان تاڭ شولىسى پەيدا بولۇپ.
قىي، قىي سازىنى چالدى ئۈچ قېتىم ئالتۇن خوراز،
پەرداز ئەت دەپ نازىنىننى ھۆر - پەرى رەنا بولۇپ.
ئارقا - ئارقا كىشنىدى تۇلپارمۇ كارۋانغا بېقىپ:
چاپ دېدى شۆھرەت ۋە پايدا قوغلىشىپ - شەيدا بولۇپ.
كۆككە تارقالدى شەپەقتىن نۇر تاراملاپ قىپقىزىل،
ئۆرلىدى تىك كۈن ساماغا ئاخىرى تەنھا بولۇپ.

بۇ قىزىل چاچ شەيتان ليۇ تاڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ، بەش - ئالتە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ بارغاندا، يىراقتىن لېي خېڭنىڭ چېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر بىسىپ - ئىككى بىسىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ليۇ تاڭ يېتىشىپ كېلىپ:

— ھەي يۈزبېشى، يولۇڭدىن توختا ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

لېي خېڭ چۆچۈپ ئارقىغا قاراپ، ليۇ تاڭنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆردى - دە، ئالمان - تالمان چېرىك

① يەتتە تىكەن يۇلتۇز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قولىدىن قىلىچ ئېلىپ:
— ھەي ھارامزادە، بىزنى قوغلاپ نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
— سەن ئىشىنىڭ يولىنى بىلسەڭ، ھېلىقى ئون سەر كۆمۈشنى قايتۇرۇپ بەر، بولمىسا قۇتۇلالمايسەن! — دېدى لىيۇ تاڭ.
— ئۇنى ماڭا تاغاڭ سوۋغا قىلغان، سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار؟ تاغاڭنىڭ يۈزىنى قىلمىسام، ئاللىقاچان سەن ھارامزادىنىڭ جېنىنى ئالاتتىم، مەندىن كۆمۈش سوراۋاتامسەن تېخى؟ — دېدى لېي خېڭ.
— مەن ئوغرى بولمىساممۇ بىر كېچە ئېسىپ قويدۇڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغامنىڭ ئون سەر كۆمۈشىنى ئالداپ سوقۇۋالدىڭ، ئۆزۈڭ بىلىپ ئۇنى ماڭا قايتۇرساڭ، ساڭا رەھىم قىلىمەن. ئەگەر قايتۇرمىساڭ قېنىڭنى دەريا قىلىمەن! — دېدى لىيۇ تاڭ.
— ھەي، ئۆز جەمەتىنىڭ شەنىنى بۇلغىغان بەتبەخت، مۇنداق بىئەدەپلىك قىلىشقا ھەددىڭ نېمە ئىدى! — دەپ قوللىرىنى لىيۇ تاڭغا تۇرتۇپ، ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا قاتتىق تىللىدى لېي خېڭ.
— ھەي ئەل - خالايىقنى زار - زار قاقشاتقان ئىپلاس مۇتتەھەم، مېنى تىللاشقا قانداق تىلىڭ باردۇ! — دېدى لىيۇ تاڭ.
— ھەي ئوغرى مۇشۈك دەيۈز، سەن چاۋ گەيىنى چوقۇم بالاغا تىقىسەن! سېنىڭ بۇنداق ياۋۇزلۇقۇڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئاقمايدۇ! — دەپ يەنە تىللىدى لېي خېڭ.
— قېنى كەلمەمسەن، ئېلىشىپ باقمايمىزمۇ، — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى لىيۇ تاڭ ۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، لېي خېڭغا ئېتىلدى. لېي خېڭ لىيۇ تاڭنىڭ ئۆزى ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ، قولىدىكى قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇردى. بۇ ئىككىيلەن چوڭ يولدا ئېلىشتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## نەزم

ئېتىلدى بىرىگە بىرى ئۇرۇپ چەرخ خۇددى سۇمۇرغدەك،
سوقاتتى بىرىنى بىرى غۇيۇلداپ خۇددى بۈركۈتتەك.
بىرى ھەملە قىلىپ تىغنى خىرىس ئەيلەپ، سالار چەنلەپ،
بىرى قالقان تۇتۇپ شۇندا قاچۇردى باشىنى پەملەپ.
غۇلاچ كېرىپ ئۇرۇپ نەيزە ئېتىلسا ئالدىغا بىرى،
تازا شىددەت بىلەن شۇڭغۇپ قىلار ھۇجۇم يەنە بىرى.
بولالماس ئەھلى پالۋانى ئۇلار لىنيەن راۋاقى①نىڭ،
سىزىلسا سۈرىتى خوپتۇر، لېكىن مەردلىك سىياقىنىڭ.

لېي خېڭ بىلەن لىۇ تاڭ يول ئۈستىدە شۇ تەرىقىدە ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ، ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. چېرىكلەر لېي خېڭنىڭ لىۇ تاڭنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ھەممىسى دۈررىدە كېلىپ لېي خېڭغا بولۇشماقچى بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ياندىكى ئوچۇق تۇرغان قاشا ئىشىكىدىن بىر كىشى ئىككى تال زەنجىرنى كۆتۈرگىنىچە پەيدا بولۇپ:

— ھەي پالۋانلار، توختاپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى كۆرۈپ تۇرغىلى خېلى زامان بولدى، سەل دەم ئېلىۋېلىڭلار، مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار، — دەپ توۋلاپ، زەنجىر بىلەن ئىككىسىنى ئايرىۋەتتى؛ بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قىلىچىنى يىغىپ، سورۇندىن سەكرەپ چىقىپ توختىدى. ئۇ كىشى موللا سۈپەت ياسانغانىدى: بېشىغا قېشىغىچە چۆكۈرۈپ كانايچە قىلىپ بوغمىچا كىيگەن، ئۈستىگە قارا جىيەكلىك كاناپ يەكتەك كىيگەن، بېلىگە قېنىق جىگەر رەڭ پوتا باغلاپ، پۇتىغا مەشۇتتا

① لىنيەن راۋاقى — قەدىمكى رىۋايەتلەردە مەشھۇر پالۋانلارنىڭ جەڭ سۈرىتى قويۇلىدىغان راۋاق ئىمىش.

كەشتىلەنگەن كەش، ئاپپاق پايپاق كىيگەن، قاش ـ كىرپىكى كېلىشكەن، كۆزلىرى شەھلا، نۇرانە يۈزلۈك، ساقاللىق سۇمباتلىق كىشى ئىدى. مانا بۇ كىشى موللا تاپقاق ۋۇ يۈك بولۇپ، تەخەللۇسى خەلپەت، تەرىقەت نامى دانىشمەن تەخسىر دېيىلەتتى، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يۇرتلۇق ئىدى. ۋۇ يۈكنىڭ كارامىتى لىنجياڭشەن ئۇسلۇبىدىكى بىر نەزمىدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ئۆمرىدە مىڭلاپ ـ تۈمەن دەستۇر ـ كالاملار ئوقۇغان،
ئەسلىدىن ئەقلىنى پەم ـ ئۆتكۈر پاراسەت قاپلىغان.
خىلمۇخىل ھېكمەت ـ مىكىرنىڭ سىرلىرى ئايان ئاڭا،
قەلبىدە پىنھاندۇر مىڭلاپ باھادىر ـ پالۋان.
پەم ـ پاراسەتتە ئۇنى بوزەك قىلالماس جۇگې لياڭ،
ئىقتىدار بابىدا چېن پېڭ① گەز كېلەلمەس ھېچقاچان.
قىلچە كۆرسەتسە كارامەت جىنمۇ ئۈركۈيدۇ شۇدەم،
تاپتى شۇڭا «موللا تاپقاق» خەلپىتىم دەپ نام ـ نىشان.

شۇ ئەسنادا ۋۇ يۈك قولىدا خەنجىرنى تۇتقىنىچە لىيۇ تاڭغا ھاي بېرىپ:

— ھەي پالۋان، توختاڭ، سىز يۈزبېشى بىلەن نېمە ۋەجىدىن جېدەللىشىۋاتىسىز؟ — دېدى.

— موللام، سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن! — دېدى لىيۇ تاڭ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— موللام، سىلى بىلمەيلا، بۇ ھارامزادە كېچە قېپىيالىڭاچ پېتى شاپائەت بۇتخانىسىدا ئۇخلاپ يېتىپتىكەن، بىز تۇتۇۋېلىپ چاۋ گەي ئاقساقالنىڭ جاڭزىسىغا ئېلىپ بارغاندۇق. ئاقساقالنىڭ جىيەنى چىقىپ قېلىپ، تاغىسىنىڭ يۈزىدىن قويۇپ بەرگەندۇق. چاۋ گەي ھەزرەت بىزنى مەي ـ شاراب بىلەن

① چېن پېڭ — بىر مەشھۇر پالۋان.

مېھمان قىلىپ، ماڭا بىزە يوللۇق تۇتقانىدى، بۇ بىرنېمە تاغىسىدىن خۇپپىيانە مېنى قوغلاپ كېلىپ، ئۇنى تارتىۋالىمەن، دەيدۇ، كۆرمەملا، ئۇنىڭ قاپ يۇرەكلىكىنى! — دېدى لېي خېڭ.
ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، ۋۇ يۇڭ: «چاۋ گەي بىلەن كىچىكىمىزدىنلا دوست، ئىش ـ پىش بولسىلا، ماڭا مەسلىھەت سالاتتى؛ ئۇنىڭ جەددى ـ جەمەتى ۋە يار ـ دوستلىرىنىڭ ھەنىمىۋاسى ماڭا مەلۇملۇق، بۇنداق جىيەنى بارلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياش ـ قۇرامىمۇ ماس كەلمەي تۇرىدۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار، ئارىغا چۈشۈپ بۇ غوۋغانى باسقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي» دېگەن ئويغا كېلىپ:
— ھەي پالۋان، تولا كاجلىق قىلماڭ، تاغىڭىز مەن بىلەن قەدىناس، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يۇزبېشى بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈشىدۇ، ئۇ ئەمدى يۇزبېشىغا ئاز ـ تولا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ يوللۇق تۇتسا، ئۇنى ئېلىۋالىسىڭىز، تاغىڭىزنىڭ يۇزىنى چۈشۈرۈۋېتىسىز. پېقىرنىڭ يۇز ـ خاتىرىنى قىلىڭ، تاغىڭىزغا مەن گەپ قىلاي، — دېدى ۋۇ يۇڭ.
— موللام، سىز بىلمەيسىز، بۇ كۈمۈشنى تاغام ئۇنىڭغا رازىلىقى بىلەن بەرگىنى يوق، تاغامنى ئالداپ سوقۇۋالدى. ماڭا قايتۇرۇپ بەرمىسە، ئەزبىرايى قايتمايمەن، — دېدى ليۇ تاڭ.
— ئاقساقالنىڭ ئۆزى كەلمىگۈچە ساڭا بەرمەيمەن، — دېدى لېي خېڭ.
— سەن مېنى ئوغرىلىق قىلدىڭ دەپ ئۇۋال قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈمۈشنى سوقۇۋالدىڭ، نېمىدەپ قايتۇرمايسەن؟
— سېنىڭ كۈمۈشۈڭ ئەمەس، قايتۇرمايمەن دېدىم قايتۇرمايمەن!
— قايتۇرمايمەن دېسەڭ قولۇمدىكى قىلىچتىن سورا، قېنى ئۇنامدىكەن.
— ئىككىڭلار، — دېدى ھاي بېرىپ ۋۇ يۇڭ، — شۇنچىۋالا ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىڭلارنى يېڭەلمىدىڭلار، نەۋاققىچە

www.uyghurkitap.com

ئېلىشىسىلەر؟
— ئۇ كومۇشنى قايتۇرمايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشىمەن، — دېدى ليۇ تاڭ.
— مۇبادا مەن سېنىڭدىن قورقۇپ، بىرەر چېرىكىمنى ساقا سالسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي، ھەرقانداق قىلىپ بولسۇن، سېنى ئوڭدا قويالايمەن! — دەپ دەرغەزەپكە كەلدى لېي خېڭ.
— قورقمايمەن ! قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا، — دەپ كۆكسىگە ئۇرۇپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ھومىيىپ كەلدى ليۇ تاڭ. لېي خېڭمۇ قوللىرىنى شىلتىپ ئالغا ئېتىلدى. ئىككىسى يەنە تۇتۇشماقچى بولۇۋىدى، ۋۇ يۇڭ ئارىغا چۈشۈپ توستى، نەدە توسالىسۇن. ليۇ تاڭ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە لېي خېڭ تەرەپكە دېۋەيلەپ كەلدى. لېي خېڭ بولسا ھو ئوغرى دەپ تىللىغىنىچە قىلىچ تەڭلەپ ئېلىشاي دەپ تۇرغاندا، چېرىكلەر:
— ئەنە ئاقساقال كەلدى، — دەپ چاۋ گەينى كۆرسىتىشتى.
ليۇ تاڭ ئارقىغا قاراپ چاۋ گەينىڭ يېلىڭ ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان، ئالدى پەشلىرى ئېچىلغان ھالدا: «ھەي ھايۋان، ئەدەپسىزلىكتىن قولۇڭنى تارت !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە چوڭ يولدا شاپاشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— بۇ غوۋغانى ئاقساقالنىڭ ئۆزى كېلىپلا بېسىقتۇرىدىغان بولدى، — دېدى ۋۇ يۇڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ. چاۋ گەي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە كېلىپ:
— سەن نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قىلىچ كۆتۈرۈپ يۈرىسەن؟ — دېدى.
— جىيەنلىرى مەندىن كومۇشنى قايتۇرۇۋالمەن دەپ، قىلىچ كۆتۈرۈپ كەپتۇ، كەمىنىلىرى: ساڭا بەرمەيمەن، ئاقساقالنىڭ ئۆزىگە قايتۇرىمەن، سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن دېدىم. ئۇ كەمىنىلىرى بىلەن ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، موللام بۇ يەردە نەسىھەت قىلىپ ئاجرىتىپ تۇراتتى، — دېدى

لىبي خېنىڭ.

— بۇ ھايۋاننى كۆرسىلە، كەمىنىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن زادىلا خەۋىرى يوق. يۈزبېشىم، مېنىڭ يۈز - خاتىرىمنى قىلىپ رەنجىمەي قايتىپ تۇرسىلا، بىر كۈنى ئالدىلىرىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بارارمەن، — دېدى چاۋ گەي.

— كەمىنىلىرى بۇ ھارامزادىنىڭ بىشەملىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمىدىم، ئۆزلىرىنى كايىتىپ ئۇزۇن يول ماڭغۇزۇپتىمەن، — دېدى لىبي خېنىڭ ۋە ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ۋۇ يۈڭ چاۋ گەيگە:

— ئۆزلىرى كەلمىگەن بولسىلا چاتاق چىقاتتى. بۇ ئىنىم دەرۋەقە قالتىس ئىكەن، ئۇستا چامباشچى ئىكەن. كەمىنىلىرى قاشا ئىچىدە كۆرۈپ تۇردۇم. شۇنچە ئاتاقلىق قىلىچۋاز لىبي خېنىڭ يۈزبېشىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالماي، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ناۋادا يەنە نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولسا، لىبي خېنىڭ جەزمەن جېنىدىن ئايرىلىپ قالاتتى، شۇڭا پېقىر ئالمان - تالمان ئارىغا چۈشۈپ ئاجرىتىۋەتتىم. بۇ ئىنىم قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ بۇرۇن جاڭزىلىرىدا يوق ئىدىغۇ؟ — دېدى.

— تەخسىر، ئۆزلىرىنى ئۆز جاڭزامغا ئازراق مەسلىھەتكە تەكلىپ قىلىپ، كىشى ئەۋەتەي دەپ تۇراتتىم، بۇ شۇ ئارىدا يوقاپ كەتتى، قارىسام، ياراغدانىدىكى قىلىچمۇ يوق تۇرىدۇ، ئاڭغىچە پادىچى بالا «بىر دارازا يىگىت قىلىچ كۆتۈرگىنىچە توپتوغرا تۆۋەن تەرەپكە چېپىپ كەتتى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئالدىراپ - تېنەپ ئارقىدىن قوغلاپ كەلسەم، ھېلىمۇ ياخشى ئۆزلىرى نەسىھەت بىلەن توسۇۋاپتىلا. ئەمدى مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن كەمىنىلىرىنىڭ جاڭزىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، مېنىڭ ئۆزلىرىگە سالىدىغان كىچىككىنە مەسلىھەتىم بار، — دېدى چاۋ گەي.

ۋۇ يۈك خەلپەتخانىسىغا قايتىپ بېرىپ، زەنجىرىنى ئېسىپ قويۇپ، ئۆي ئىگىسىگە:

— تالىپلار كېلىپ قالسا، خەلپىتىمىنىڭ بۈگۈن ئىشى بار ئىكەن، سىلەرنى بىر كۈن ئازاد قويۇپ بەردى دەپ قويۇڭ، — دەپ جېكىلەپ قويدى.

بۇنىڭغا مانا بۇ غەزەل دەلىل:

قەلبىمى خىسلەتتە كامىل ھەم ئەلەمدە ئەتىۋا،
توستى زەنجىردە قىلىچنى ئۇ قىلىپ سۇلھى ـ سالا.
نەرىزا بولغاي ئۇ خەلپەتخانىدا ئولتۇرغىلى،
تېپىشىپ مەردلەر بىلەن بىللە بولۇش ئەلا ئاتا.
ئۇ ئازاد قىلدى قەپەستىن بارچە قۇشقاچلىرىنى،
سەكرىشىپ قۇمچاقلىرى بولدى خۇشال كۆرگەچ دالا.
بەھۇزۇر ھەرىكەتكە ئەمدى تاپتى پۇرسەت خەلپىتىم،
باللار خۇشتۇر لېكىن غەم ـ قايغۇدا ئاتا ـ ئانا.

ۋۇ يۈك خەلپەتخانىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ چاۋ گەي، لىۋ تاڭلار بىلەن بىللە چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىغا كەلدى، چاۋ گەي ئۇلارنى توپتوغرا ئىچكىرىكى سارايىنىڭ ئىچكىرىسىگە تەكلىپ قىلدى، بۇلار ئۆز سورۇنلىرىدا ئولتۇردى.

— ئاقساقال، بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ يۈك.

— بۇ بىر يۇرت كېزەر پالۋان، بۇ ئادەم لىۋ ئۇرۇقىدىن، ئىسمى تاڭ بولىدۇ، دۇڭلۇ ئايمىقىدىن. ئۇ بىرمۇنچە ۋەج ـ دۇنيا توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا كەپتىكەن، ئۆتكەن ئاخشام مەست بولۇپ قېلىپ، شاپائەت بۇتخانىسىدا يىقىلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن لېيي خېڭ تۇتۇۋېلىپ مېنىڭ جاڭزامغا ئېلىپ كەپتۇ، مەن ئۇنى جىيەنىم ئىدى دەپ يۇرۇپ، ئاران قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم. ئۇ: «يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارىدىكى لياڭ مىرزىبەگ ئۆز قېيىنئاتىسى ۋەزىرئەزەم سەي جىڭنىڭ مەۋلۇت

كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن تۇتقان شەرت ھېسابلاندى: «بىز بۇ ئالتۇن – گۆھەر، ئۈنچە – مەرۋايىتلارنى كۆرۈپ ئاغرىپ قالدىم، بۇ نەرسىلەرنى ساتقۇچى ئادەمنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟ بۇ قانداق ئىش؟» دېدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى دەل مېنىڭ چۈشۈمدىكىدەك بولۇپ چىقتى. مەن تۈنۈگۈن كەچتە يەتتە تىكەن يۇلتۇزنىڭ ئۆگزەمگە قونغانلىقىنى، ئۇنىڭ غولىدىكى يەنە بىر كىچىك يۇلتۇزنىڭ بىر تال ئاق نۇرغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەپتىمەن. مەن يۇلتۇزنىڭ ئۆگزەمگە قونغانلىقىدىن، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم، بۈگۈن سەھەردە سىلىنى چىللاپ كېلىپ ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەت-ئالاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى چاۋ گەي.

— پېقىرغا ئىنىمىز لىۋ تاڭنىڭ كەلگەنلىكى غەلىتە كۆرۈنگەندى، قىلغان قىياسىم يەتمىش – سەكسەن پىرسەنت توغرا بوپتۇ. بۇ ئىشقۇ ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن، شۇنىسى، ئادەم كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدىغان، ئاز بولۇپ قالسىمۇ بولمايدىغان ئىش ئىكەن. خانىلىرىدا نۇرغۇن بىكارچى ئوتاقچىلار بار، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ كارغا كەلمەيدۇ. ئەلھال ئۆزلىرى، ئىنىمىز لىۋ تاڭ ۋە كەمىنىلىرىلا تۇرۇپتۇق، بۇ ئىشنى قانداق ئەھياغا كەلتۈرسەك بولار. ئۆزلىرى بىلەن ئىنىم لىۇ تاڭ ھەرقانچە قالتىس بولغان ھالەتتىمۇ، بۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيلا، بۇنىڭغا كۆپمۇ ئەمەس، يەتتە – سەككىز پالۋان بولسىلا كۇپايە، — دېدى ۋۇ يۇڭ كۈلۈپ.

— چۈشۈمدىكى يۇلتۇزلار سانىدەك ئادەم كېرەك بولارمۇ؟ — دېدى چاۋ گەي.

— ئاكا، بۇ چۈشلىرىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، تۆپە تەرەپتە ياردەم بېرىدىغان ئادەم – مادەم چىقىپ قالارمۇ يا؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ ۋە قوشۇمىسىنى بىر تۈرۈپ بىر پەس ئويلىنىپ، ئەقىل تاپتى – دە:

— تاپتىم! تاپتىم! — دېدى.

— خەلپىتىم، سىلىدە ئىشەنچلىك پالۋانلار بولغاندىكىن، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن چاقىرىپ كېلەيلى، — دېدى چاۋ گەي.

ۋۇ يۇڭ ئالدىرىماي - شاشماي ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ سۆزلىدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! كۈنچىقىش مەھەللىدە مەرد ئوغلانلار قۇدرەت كۆرسەتكۈسى؛ سىنتاش كەنتىدە بېلىق كېمىلىرى جەڭ كېمىلىرىگە ئايلانغۇسى. ئۇ خۇددى ئاسمان - زېمىننى يۇمشىتالايدىغان لەۋزى بىلەن، دەريا - دېڭىزلارنى ئۆڭتەي - تۈڭتەي قىلىۋېتەلەيدىغان ئادەملەرنى مەھلىيا قىلماقچى بولدى. موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭنىڭ زادى كىملەر ئۈستىدە سۆز ئاچىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى باب

## ۋۇ يۇڭ خەلپەتىنىڭ رۇەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقاننى توپقا قېتىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقى گۇڭسۇن شېڭنىڭ يەتتە تىكەن بېشارىتى بىلەن ئۆزىنى مەردلىككە ئاتىغانلىقى

ئەلقىسسە، ۋۇ يۇڭ خەلپەت:

— ئۈچ ئادەم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ۋۇجۇدى مەردلىك بىلەن تولغان، ماھارەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان، سۇ كەلسە سۇدىن، ئوت كەلسە ئوتتىن يانمايدىغان، ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولىدىغان ئادەملەر. بۇ ئۈچەيلەنسىز بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، — دېدى.

— بۇلار زادى قانداق ئادەملەر؟ ئىسىمشەرىپلىرى نېمە؟ كىمنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولىدۇ؟ قەيەردە ئولتۇرۇشلۇق؟ — دەپ سورىدى چاۋ گەي.

— بۇلار ئۈچ بىر تۇغقان. جىجۇ ئايمىقىنىڭ لياڭشەن كۆلى بويىدىكى سىنتاش كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق، بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئۇلار ئىلگىرى شۇ كۆل بويىدا سودىگەرچىلىكمۇ قىلغان، ئۇلار رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا، بىرىنى زەبەردەس ئەۋلىيا رۇەن شياۋئېر، بىرىنى ئۆمرى كوتابەگ رۇەن شياۋۋۇ، يەنە بىرىنى ئەزرائىل رۇەن شياۋچى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئۈچەيلەن بىر قورساقتىن تۆرەلگەن. كەمىنىلىرى بۇرۇنىسىدا ئۇ يەردە بىرنەچچە يىللار تۇرغانىدىم، شۇ چاغلاردا ئۇلار بىلەن ئاغىنە بولۇپ يۈردۈم. ئۇلارنىڭ خەت ساۋاتى بولمىسىمۇ، دوستلىرىغا چىن ۋىجدانى بىلەن مۇئامىلە

قىلىدىغان ياخشى مەرد ئوغلانلار ئىكەنلىكىنى بايقاپ باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغانىدىم. بىر ـ ئىككى يىل مابەينىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. مۇبادا بۇ ئۇچەيلەنلا قولىغا كەلسە، ئىشىمىز جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقاتتى، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ.

ـــ رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان بۇ ئۈچ قېرىنداشنىڭ نامىنى مەنمۇ ئاڭلىغان، لېكىن كۆرۈشمىگەن. سىنتاش كەنتى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى يۈز چاقىرىممۇ كەلمەيدۇ، نېمىشقا ئۇلارنى مەسلىھەتكە چاقىرتمايمىز، ـــ دېدى چاۋ گەي.

ـــ ئۇلار چاقىرتقانغا كېلەمدۇ؟ پېقىر ئۇلارنىڭ لەۋزىگە قايتۇرۇپ، تويقا قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ.

ـــ خەلپىتىم، ئۆزلىرى قالتىس پاراسەتلىك ـ دە، ئۇنىڭغا قاچان تۇتۇش قىلساق بولار؟ ـــ دېدى چاۋ گەي ناھايىتى خۇش بولۇپ.

ـــ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، بۈگۈن كەچتە تۈن نىسپىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا يولغا چىقىپ، ئەتە كۈن قىيىلغۇچە ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان تۈزۈك، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ۋۇ يۇڭ.

ـــ تولا ئوبدان، ـــ دېدى چاۋ گەي ۋە دەرھال ئوتاقچىلارنى مەي ـ شاراب كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

ـــ يۇقىرى ئاستانىدىن ئاستانىگىچە بۇرۇن بارغانىدىم، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ، ـــ لېكىن مەۋلۇتقا ئاتالغان سوۋغاتنىڭ قايسى يول بىلەن ئېلىپ مېڭىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ليۇ تاڭ ئاغا ئېغىر كۆرمەي يەنە بىر رەت كېچىلەپ يۇقىرى ئاستانە يولىغا بېرىپ، قايسى كۈنى، قايسى يول بىلەن ئېلىپ مېڭىلىدىغانلىقىنى تىڭتىڭلاپ كەلسە.

ـــ كەمىنىلىرى بۈگۈن كېچىلا باراي، ـــ دېدى ليۇ تاڭ.

ـــ توختاڭ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئالتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بولىدۇ، ھازىر تېخى بەشىنچى ئاينىڭ بېشى، يەنە قىرىق ـ ئەللىك كۈن بار، ئاۋۋال پېقىر بېرىپ، ئاشۇ ئۈچ

قېرىنداشنى كۆندۈرۈپ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن بىرىنىڭ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— مەيلى، ئىنىمىز ليۇ تاڭ ئاڭغىچە مېنىڭ جاڭزامدا كۈتۈپ تۇرسۇن، — دېدى چاۋ گەي.

گەپ يورغىلاتمايلى، شۇ كۈنى مەي - شاراب بىلەن ئولتۇرۇشۇپ، تەڭ كېچىدىلا ۋۇ يۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ناشتا قىلدى، ئاندىن يېنىغا ئازراق پۇل سېلىۋېلىپ، چىگە چورۇقىنى تارتىپ ئورنىدىن قوزغالدى، چاۋ گەي بىلەن ليۇ تاڭ ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ كېچىلەپ سىنتاش كەنتىگە سەپەر قىلىپ، ئەتىسى كۈن قىيىلغۇچە ئۇ يەرگە يېتىپ باردى.

### نەزم

قاتمۇقات تاغ چوققىلار مەخمەلگە ئورالغان گويا،
ئۈجمىزارلىق ياپيېشىل چاقنار بۇلۇتلار ئاستىدا.
خالىي - خىلۋەت كەنتنى بويلاپ ھەر تەرەپ سۇلار ئاقار،
قاسىنقى بامبۇكقا تولغان تار - چىغىر يوللار ياتار.
ئۆي يېنى ھەم سۇ بويىنى قاپلىغان —
پور تېرەك - قاقشال دەرەخلەر ھەر يوغان.
مەي تۇغى يەلپۈلىنىپ، تۇرسا قاشانىڭ سىرتىدا،
سايىدار بېلىقچىلار قولۋاقتا تالنىڭ ئاستىدا.

ۋۇ يۇڭ خەلپەت ھېچكىمدىن سورۇشتۇرمەيلا، سىنتاش كەنتىدىكى رۇەن شياۋئېرنىڭ ئۆيىنى ئۇدۇل تېپىپ كەلدى. ئىشىك تۈۋىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە قاقشال كۆتەككە باغلاقلىق بىرنەچچە بېلىق كېمىسىنى، قاشانىڭ سىرتىدا ئاپتاپقا سېلىپ قويۇلغان بىر يىرتىق بېلىق تورىنى، سۇ بويىدا تاغقا يۆلەپ سېلىنغان ئون نەچچە ئېغىز كەپە ئۆينى

كۆردى. ۋۇ يۇڭ:

— رۇەن شياۋئېر ئاغا ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ چاقىردى. ئۆيدىن بىر ئادەم چىقتى، ئۇ شۇنداق ئادەم ئىدىكى:

دوقا ماڭلاي، ئورا كۆز، قاشلىرى تىك نەيزىدەك،
يۈزى قورۇق، قاتمۇقات خۇددى تىلغان تاسمىدەك.
مەيدىسىدە كۆرۈنەر ساپسېرىق تۈك ـ مويلىرى،
تۈرىدۇ چىڭ تارتىشىپ، تومپىيىپ غول پەيلىرى.
پاتمان ـ پاتمان كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلىكىدە بار ئۇنىڭ،
ھەممە ۋەھشەت ـ ھەممە سۇر كۆزلىرىگە يار ئۇنىڭ.
بىر بېلىقچى دېمىگىن ئۇنى ئۇشبۇ كەنت ئارا،
ئەۋلىيا دەپ چاغلىغىن داڭقى مەشھۇر ئەل ئارا.

بۇ رۇەن شياۋئېر بېشىغا بوغمىچا، ئۇستىگە كونىراپ كەتكەن كىيىم كىيگەن، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى، ئۇ ۋۇ يۇڭنى كۆرۈپ ئوپۇل ـ توپۇل سالام بېرىپ:

— موللام، قەيەردىن كېلىۋاتىدىلا، ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى.

— يىگىت، ئازراق ئىش ئۈچۈن سىزگە ئىلتىجا قىلىپ كەلگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋۇ يۇڭ.

— قانداق ئىش بولسا دەۋەرسىلە، ھېچقىسى يوق، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— پېقىر، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — بۇ يەردىن ئايرىلغىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى، ھازىر كاتتا بىر زەردارنىڭ ئۆيىدە موللىلىق قىلىۋاتىمەن، زەردار مەرىكە ئۆتكۈزمەكچىدى، ئۇنىڭغا ھەربىرى ئون تۆت ـ ئون بەش جىڭدىن كېلىدىغان ئون نەچچە ئالتۇن زاغرا بېلىق لازىم بولۇپ قالدى، شۇڭا جانابىڭىزنى پاناھ تارتىپ كەلدىم.

— تەخسىر، ئىككىمىز بىرنەچچە قەدەھتىن مەي ئىچىشىپ،

www.uyghurkitap.com

ئاندىن سۆزلىشەيلى، — دېدى رۇەن شياۋئېر كۈلۈپ.

— ئاغا، پېقىردىمۇ سىز بىلەن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىشەرمىز دېگەن مۇددىئا بار ئىدى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— كۆلنىڭ نېرىسىدا بىرنەچچە مەيخانا بار، شۇ يەرگە قېيىق بىلەن بارايلى، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— تولا ئوبدان، رۇەن شياۋۋۇغىمۇ گېپىم بار ئىدى، ئۆيىدە بارمىكىن؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئۇنداق بولسا شۇنىڭغىمۇ بارغاچ ئۆتەيلى، — دېدى رۇەن شياۋئېر. ئىككىسى كۆل بويىغا بېرىپ، قاقشال كۆتەككە باغلاپ قويۇلغان قېيىقتىن بىرنى يەشتى، رۇەن شياۋئېر ۋۇ يۇڭنى يۆلەپ قېيىققا چىقاردى ۋە تېرەك تۈۋىدىن بىر قېيىق پالىقىنى ئېلىپ ئۇزۇپ كەتتى. ئۇزۇپ كېتىۋاتقاندا رۇەن شياۋئېر قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ئۇكام، رۇەن شياۋۋۇنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ توۋلىدى. بۇ چاغدا ۋۇ يۇڭ قومۇشلۇق ئىچىدىن قېيىقتا بىرسىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقى شۇنداق ئىدىكى:

يۈزىنى باسقان مۇدۇرچاق، بېتى سەت ئويمان - چوقۇر،
پۇلتىيىپ چىققان چاناقتىن كۆزلىرى مۆل - مۆل قىلۇر.
قاپلىغان ئېڭەكلىرىنى قويقا رەڭ ساقال - چۇپۇر،
كۆرۈنەر ئەت - يانلىرىدا قاپقارا داغ ۋە چوقۇر.
خۇددى سوققاندەك چويۇندىن جىسمى بەك قاتتىق ئۇنىڭ،
ياكى سوققاندەك قۇيۇچتىن تېنى بەك مەزمۇت ئۇنىڭ.
كەلدى دۇنياغا ئۇ شۇنداق جىڭ باھادىر ئەر بولۇپ،
نامى ئەزرائىل ئاتالدى، كەتتى كەنتكە پۇر بولۇپ.

بۇ رۇەن شياۋچى بېشىغا قارا قالپاق، ئۇستىگە ئالىچىپار پەشمەت كىيگەن، بېلىگە ماتا پەشتامال تارتىۋالغانىدى، ئۇ قېيىقنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپ:

— ئاكا، رۇەن شياۋۋۇ ئاكامنى ئىزدەپ نېمە قىلسىلا، — دەپ سورىدى.

— ھەي يىگىت، — دەپ توۋلىدى ۋۇ يوڭ، — پېقىر ئالايىتەن سىزلەرگە بىر ئىش ئۈستىدە ئىلتىجا قىلىپ كەلدىم.

— تەخسىر، كەچۈرسىلە، خېلى بولدى ھۇزۇرلىرىغا بارالمىدۇق، — دېدى رۇەن شياۋچى.

— يۈرۈڭ، رۇەن شياۋئېر ئاكىمىز بىلەن بىللە بېرىپ، شاراب ئىچىپ كېلەيلى، — دېدى ۋۇ يوڭ.

— پېقىرمۇ ئۆزلىرى بىلەن مەي - پەي ئىچىشنى خالايتتىم، لېكىن كۆرۈشەلمىدۇق، — دېدى رۇەن شياۋچى. ئىككى قېيىق كۆلدە ئىزمۇئىز ماڭدى. ئانچە ئۆتمەيلا ئەتراپى سۇ بىلەن قاپلانغان بىر جايغا يېتىپ كەلدى. قىرغاقتا يەتتە - سەككىز كەپە ئۆي تۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن رۇەن شياۋئېر:

— ئانا، ئىنىمىز رۇەن شياۋۋۇ بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

— نېمىسىنى دەيسەن، ئۇ بېلىق تۇتۇشقا يول چىقماي، ئۇدا نەچچە كۈن قىمار ئويناپ بىر تىيىن قالدۇرماي ئۇتتۇرۇۋەتتى، ئەمدى مېنىڭ بېشىمغا قىستۇرىدىغان جىغامنى ئېلىپ، بازارغا قىمار ئوينىغىلى كەتتى، — دېدى موماي.

رۇەن شياۋئېر كۈلۈپ قويۇپ، قېيىقنى ھەيدەپ كەتتى. رۇەن شياۋچى كەينىدىكى قېيىقتا تۇرۇپ:

— ئاكام نېمىشقىكىن، قىمار ئوينىسىلا ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭ تەلىيى يوق! ئۇلا ئەمەس، مەنمۇ ئۇتتۇرۇپ، گاڭسا - جىسا بولۇپ قالدىم، — دېدى. ۋۇ يوڭ: «بەللى، ئەمدى مېنىڭ پەنتىمگە چۈشىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى، ئىككى قېيىق قاتار ئۈزۈپ، سىنتاش كەنتى بازىرىغا قاراپ كەتتى، بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك بويىدا بىر پالۋان كۆرۈندى، ئۇ ئىككى تىزىق يارماقنى كۆتۈرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ قېيىقنى يېشىۋېتىپتۇ. رۇەن شياۋئېر:

— ئەنە ئۇكام كەلدى، — دېدى. ۋۇ يوڭ كۆردىكى:

## نەزم

قوللىرى مىسلى تۆمۈر ـ كالتەك تاياق،
كۆزلىرى گوياكى مىس ـ تۈچ قوڭغۇراق.
مەڭزىدە ئازراق تەبەسسۇم كۈلكىسى،
قاشىدىن ئايان غەزەپنىڭ بەلگىسى.
قولىدىن كەلگەي ئۇنىڭ ھەر چوڭ بالا،
پەمىگە مەھكۇم بولۇر ھەر چوڭ قازا.
كەلتۈرۈپ ئاتسا ئەگەر ئۆز مۇشتىنى،
كۆرستەر يولۋاسقا يەتمىش پۇشتىنى.
يەرگە ئۇ جەھلى بىلەن باسسا تاپان،
قالمىغاي يىلان ـ چاياندا زادى جان.
نەدىدۇر دېسەڭ ۋابانىڭ ئەلچىسى،
ئۆمرى كۆتىبەگ دېمەك شۇنىڭ ئۆزى.

بۇ رەۋەن شياۋۋۇ بېشىغا قىيپاش قىلىپ كونا بوغمىچا كىيگەن، چېكىسىگە بىر تۈگۈم ئانار گۈلى قىسقان، ئۇستىگە بولسا بىر كونا يەكتەكنى كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان مەيدىسىدىن ئۇنىڭغا چېكىلگەن كۆپكۆك بىر قاپلان سۈرىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈۋالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە يوللۇق رەختتە قىلىنغان پەشتاما تارتىۋالغانىدى.

— رەۋەن شياۋۋۇ، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ توۋلىدى ۋۇ يۇڭ.

— ھە، موللام ئىكەنلىغۇ، كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى، مەن كۆۋرۈكتە ھەرقايسىلىرىغا قاراپ تۇرغىلى نەۋاق، — دېدى رەۋەن شياۋۋۇ.

— موللام بىلەن ئىككىمىز سىزنى ئىزدەپ ئۆيۈڭلەرگە

بارساق، ئانام سېنى بازارغا قىمار ئوينىغىلى كەتتى دېدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلدۇق. بېرى كەل، تەخسىر بىلەن كۆل ئىچىدىكى شىپاڭغا بېرىپ بىر ئاز ئىچىشىپ كېلەيلى، — دېدى رۇەن شياۋئېر رۇەن شياۋۋۇ دەرھال كۆۋرۈك يېنىغا بېرىپ، قېيىقنى يېشىپ ئۇنىڭغا سەكرەپ چىقتى – دە، قېيىق پالىقىنى ئېلىپ ھەيدەپ ماڭدى، ئۈچ قېيىق قاتارلىشىپ، بىر ئۆتەڭ ئۈزگەندىن كېيىن سۇ ئىچىدىكى راۋاقتا جايلاشقان مەيخانىغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە تۆۋەندىكىنى كۆردى:

## نەزم

ئالدى تەرىپى كۆلگە قارىغان،
ئارقىسى سۇغا سايە تاشلىغان.
تۇخۇمەك تاللار باراقسان بولغان،
نىلۇپەر كۆلگە قىزىل رەڭ سالغان.
شىپاڭ روجىكى، سالاسۇنلىرى،
كۆلگە قارىتىپ ئېچىقلىق ئىدى.
كۆل راۋىقىنىڭ لەرزان شامىلى،
لەپىلدىتىدۇ قىزىل پەردىنى.
دېمەك بۇ يەرنى ئۈچ مەست راۋىقى،
بولار يېكەنلىك ئارال مېھمىنى.

بولار ئۈچ قېيىقنى سۇ ئىچىدىكى شىپاڭ تۈۋىدە ئۆسكەن نىلۇپەرلەر ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ، ئۇچىلىسىنى باغلىۋەتتى. ئاندىن ۋۇ يوڭ خەلپەتنى يۆلەپ قىرغاقتا چىقاردى ۋە مەيخانىغا كىرىپ، سۇ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاقتىن بىر قىزىل سىرلاقلىق شىرەنى تېپىپ ئولتۇردى.

— تەخسىر، — دېدى رۇەن شياۋئېر، — ئۇچىمىزنى قوپال نېمىلەركەن دەپ قالمىسىلا يەنە، قېنى تۆرگە مەرھەمەت

قىلسىلا.
— ياق بولمايدۇ، — دېدى ۋۇ يۈك.
— ئاكا، سەن موللامنى تۆرگە چىقىرىپ، ساھىبخانىلىق ئورنۇندا ئولتۇرغۇزۇەرگىن؛ بىز ئىككىمىز ئاللىبۇرۇنلا ئولتۇرۇپ بولدۇق، — دېدى رۇەن شياۋچى.
— رۇەن شياۋچى ئوچۇق يىگىت ئىكەن، — دېدى ۋۇ يۈك. تۆتەيلەن ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مەيپۇرۇشنى بىر سوغا مەي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مەيپۇرۇش شىرەگە تۆت قەدەھ، تۆت كىشىلىك چوكا، تۆت تەخسە كۆك - گېزەك، بىر سوغا مەي ئەكىلىپ قويدى. رۇەن شياۋئېر:
— يېگۈدەك قانداق تائامىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى.
— يېڭىلا بىر كالا سويدۇق، قالتىس سېمىز گۆش چىقتى، — دېدى مەيپۇرۇش.
— لوق گۆشتىن ئون جىڭ توغراپ كېلىڭ، — دېدى رۇەن شياۋئېر.
— موللام، مەسخىرە قىلمىسىلا، ئەدەپسىزلىك قىلغۇدەكمىز، — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.
— ئۇنچىۋالا كايىماڭلار، كۆپ ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى ۋۇ يۈك.
— ئۇنداق دېمىسىلە! — دېدى رۇەن شياۋئېر ۋە مەيپۇرۇشنى مەي قۇيۇشقا بۇيرۇدى، ئۇ كالا گۆشىنى ئىككى تەخسىگە توغراپ، شىرەگە ئەكىلىپ قويدى. رۇەن ئۈرۈقىدىن بولغان ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ زورىدا ۋۇ يۈك نەچچە پارچە گۆشنى يەپ كۆڭلىگە تەگدى - دە، يېيەلمىدى، بۇ ئۈچەيلەن بىر پەس تازا ئىشتەي بىلەن يالماپ - يالماپ سوقتى.
— موللام، بۇ يەرگە قانداق كاتتا خىزمەت بىلەن كېلىپ قالدىلىكىن؟ — دەپ سورىدى رۇەن شياۋۋۇ گەپ ئېچىپ.
— موللام هازىر بىر كاتتا زەردارنىڭ ئۆيىدە موللىلىق قىلىۋېتىپتۇ، يېقىندا ھەربىرى ئون تۆت - ئون بەش جىڭدىن

كېلىدىغان ئون نەچچە ئالتۇن زاغرا بىلىق لازىم بولۇپ قېلىپ، ئالايىتەن بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— بۇرۇنقى چاغلار بولسا، قىرىق - ئەللىكنى دېسىمۇ بار ئىدى، ئون نەچچىنى ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆپرەك كېرەك بولسىمۇ بىز ھۆددىگە ئالاتتۇق. ھالا بۇگۈنكى كۈندە ئون جىڭلىقنىمۇ تاپماق تەس بولۇپ قالدى، — دېدى رۇەن شياۋچى.

— موللام يىراقتىن كەپتۇ، بىز بىر ئىلاج قىلىپ بەش - ئالتە جىڭلىقىدىن بولسىمۇ ئون نەچچىنى تېپىپ بېرەيلى، — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.

— قانچە پۇل دېسەڭلار مەندە بار، لېكىن كىچىكى بولمايدۇ، ئون تۆت - ئون بەش جىڭلىقى بولسا ئوبدان بولاتتى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— موللام، شۇ دېگەنلىرى تېپىلمايدۇ، ئاكام ۋەدە قىلغان بەش - ئالتە جىڭلىقىمۇ ئۇنچىۋالا كەڭ - كۇشادە ئەمەس، ئۇمۇ پەقەت بىر نەچچە كۈندە بىرەرى چىقىپ قالىدۇ. مېنىڭ قېيىقىمدا بىر سوغا ئۇششاق تىرىك بېلىق بار، ئۇنى ھازىر مەي بىلەن يەپ تۇرايلى، — دېدى رۇەن شياۋچى ۋە قېيىقتىن دەررۇ بەش - ئالتە جىڭچە كېلىدىغان بىر سوغا ئۇششاق بېلىقنى چىقاردى، ئۇنى ئۆزى ئاشخانىغا ئاپىرىپ قورۇتۇپ، ئۈچ تەخسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، — موللام، بارى مۇشۇ، ئانچە - مۇنچە ئېغىز تېگىپ باقسىلا، — دېدى.

تۆتەيلەن بىر پەس يېگەندىن كېيىن ۋۇ يۇڭ كەچ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ: «بۇ مەيخانىدا گەپ ئاچقىلى بولمىدى، بۈگۈن ئاخشام بۇلارنىڭكىگە بېرىپ قوناي، شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى.

— موللام، بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئاخشام قونۇپ قالسىلا، ئەتە يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— پېقىرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم مىڭبىر مۇشەققەتكە

چۈشتى، تەلىيىمگە بۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە بولۇپ قالدىم، قارىغۇدەك بولسام، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ خىراجەت ـ تازاسىنى ماڭا تۆلىگىلى قويمايدىغاندەك تۇرىسىلەر، بۈگۈن ئاخشام رۇەن شياۋئېرنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قالماقچى بولۇۋاتىمەن، مېنىڭ يېنىمدا ئازراق پۇل بار، بۇنىڭغا سىلەر ئېغىر كۆرمەي، مۇشۇ مەيخانىدىن بىر كۈپ مەي، ئازراق گۆش ئالساڭلار، كەنتتىن بىر جۈپ توخۇ تاپساڭلار، بۈگۈن كېچە قانغۇدەك بىر ئىچىشىپ ئولتۇرۇشۇۋالساق قانداق؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— يوقسۇ، ئۆزلىرىگە پۇل تۆلەتسەك بولامدۇ، قايغۇرۇپ ئولتۇرىدىغان يېرى يوق، ئۆزىمىز جايلايمىز، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— تۇز كۆڭلۈم بىلەن ئۇچىڭلارنى مېھمان قىلىۋالاي دېگەنىدىم، ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمگە كىرمىسەڭلار، مۇشۇ يەردىلا خوشلىشىپ كېتەي، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— تەخسىر، ئۇنداق دەيدىغان بولسىلا، كۆڭۈللىرىگە يارىشا ئىچسەك ئىچەيلى، كېيىن يەنە بىر گەپ بولار، — دېدى رۇەن شياۋچى.

— ھە بەللى، رۇەن شياۋچى ئوچۇق يىگىت ئىكەن! — دېدى ۋۇ يۇڭ ۋە يېنىدىن بىر سەر كۈمۈش چىقىرىپ، رۇەن شياۋچىغا بەردى، ئۇ مەيپۇرۇشتىن بىر كۈپ مەي سېتىۋېلىپ، چوڭ كۈپتىن بىرنى ئۆتنە ئېلىپ قاچىلىدى، يىگىرمە جىڭ خام ۋە پىششىق كالا گۆشى، بىر جۈپ توخۇ سېتىۋالدى. رۇەن شياۋئېر مەيپۇرۇشقا:

— مەي پۇلۇڭنى كېيىن بىر يولىلا بېرىمەن، — دېدى.

— تولا ئوبدان! تولا ئوبدان! — دېدى مەيپۇرۇش.

تۆتەيلەن مەيخانىدىن چىقىپ يەنە قېيىققا چۈشتى، مەي، گۆشلەرنى قېيىققا سېلىپ، ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى يەشتى ـ دە، تۈپتۈز رۇەن شياۋئېرنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قىرغاققا چىقتى، قېيىقنى

يەنە بۇرۇنقىدەك قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، مەي، گۆشلەرنى قېيىقتىن چۇشۇردى، ئاندىن ئىچكىرىگە كىرىپ ئورۇن ئېلىپ، ئۆيدىكىلەرنى چىراغ ياندۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئەسلىدە رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان بۇ ئۇچ قېرىنداشتىن پەقەت رۇەن شياۋئېرنىڭلا بالىچاقىسى بار ئىدى، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆيلەنمىگەنىدى، شۇڭا تۆتەيلەن رۇەن شياۋئېرنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆل ئىچىگە سېلىنغان شىپاڭغا جايلاشتى. رۇەن شياۋچى توخۇ ئۆلتۇرۇپ، يەڭگىسىنى كەپسىز ئوغلى بىلەن بىللە ئاشخانىدا تائام راسلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئەلياتقۇ مەھەلدىن ئۆتكەندە، مەي بىلەن گۆشنى شىرەگە ئەكېلىپ تىزدى.

ۋۇ يۇڭ بۇرادەرلىرىنى دەۋەت قىلىپ يۇرۇپ، بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچۇرگەندىن كېيىن يەنە بېلىق سېتىۋېلىش ئىشىنى تىلغا ئېلىپ:

— شۇنچە قوينى كەڭ يەردىن نېمىشقا ئۇنچىلىك چوڭ بېلىق چىقمايدۇ؟ — دېدى.

— موللام، ئۆزلىرىدىن يوشۇرىدىغان يېرى يوق، ئۇنچىلىك چوڭ بېلىق پەقەت لياڭشەن كۆلىدىلا بار، بىزنىڭ مۇشۇ سىنتاشتىكى كۆلىمىز كىچىك، ئۇنچىلىك چوڭ بېلىقلار بولمايدۇ، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— بۇ يەر لياڭشەن كۆلىگە كۆز يېتىملا يەر ئىكەن، بىر ئۆستەڭنىڭ سۇيىنى ئىچىدىكەنسىلەر، نېمىشقا شۇ يەرگە بېرىپ تۇتۇپ كەلمەيسىلەر؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئۇنى ئېيتمايلا قويسىلا ! — دېدى رۇەن شياۋئېر ئۇھ تارتىپ.

— رۇەن شياۋئېر ئاكا، نېمىشقا ئۇھ تارتىسىز؟ — دەپ سورىدى ۋۇ يۇڭ.

— موللام، ئۆزلىرى بىلمەيدىلا، بۇرۇنىسىدا بۇ لياڭشەن كۆلى ئاكا ـ ئۇكا ئۇچىمىز جان ساقلاپ كەلگەن يەر ئىدى،



www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئۇ يەرگە بىرىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدۇق، — دېدى رۇەن شياۋۋۇ سۆز ئارىلاپ.

— شۇنچىۋالا كەڭ زېمىندا پادىشاھلىق بېلىق تۇتۇشنى توسمىغاندۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بۇ يەرگە كېلىپ بېلىق تۇتۇشنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان قانداق پادىشاھلىق ئىكەن! ئەزرائىل بولغىنى بىلەنمۇ توسۇيالمايدۇ! — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— پادىشاھلىق توسمىغاندىكىن، نېمىشقا بېرىشۋەرمىدىڭلار؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— موللام، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزلىرى ئۇقمايدىكەنلا، بۇنى ئۆزلىرىگە سۆزلەپ بېرەيلى، — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.

— مەن بۇنى ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— لياڭشەن دېگەن يەرگە ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كەملەردە لياڭشەن كۆلىنى يېڭىدىن بىر توپ قاراقچىلار ئىگىلىۋېلىپ، بېلىق تۇتقۇزمايدىغان بولۇۋالدى، — دېدى رۇەن شياۋچى سۆزىنى داۋام قىلىپ.

— مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۇنداق بىرنېمىلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقماپتىمەن، ئاڭلاپمۇ باقماپتىمەن، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئاشۇ قاراقچىلارنىڭ باش سەردارى، — دېدى رۇەن شياۋئېر، — ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان بىر تالىپ بولۇپ، ئاق يەكتەك ۋاڭ لۇن موللام دەپ ئاتىشىدىكەن، ئىككىنچىسىنى بولسا خادا بوي دۇ چيەن، ئۈچىنچىسىنى پەلەك پالۋىنى سۇڭ ۋەن دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇلاردىن قالسا قورۇتقاق تىمساھ جۇ گۈي دېگەن بىرسى بار ئىكەن، ئۇ لى جەمەتلەر مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدا مەيخانا ئېچىپ، ئۆتكەن - كەچكەننى تىڭتىڭلاپلا يۈرىدىغان چاغلىق بىرنېمىكەن. يېقىندا يېڭىدىن بىر پالۋان كەپتۇ، ئۇ ئاستانە ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى ئىكەن، ئۇنىڭ ئېتىنى قاپلانباش لىن چۇڭ دېگەندەك قىلىدۇ، قالتىس پالۋان

ئىمىش. بۇ ئوغرىلار ئالتە ـ يەتتە يۈز ئادەم تويلاپتۇ، ئۆيلەرگە ئوغرىلىققا كىرىۋاتىدۇ، يولۇچىلارنى بۇلاپ ـ تالاۋاتىدۇ. بىز ئۇ يەرگە بېلىق تۇتۇشقا بارمىغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ئەمدى بولسا ئۇلار كۆلنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، بىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىزنى ئۇزۇپ قويىدى، دەپ كەلسەك گەپ تولا.

— پېقىرنىڭ مۇنداق ۋەقەلەردىن راستىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن، نېمىشقا پادىشاھلىقتىن ئادەم ئەۋەتىپ تۇتمايدۇ؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— يېقىندىن بۇيان پادىشاھلىق ئادەملىرى ئايغى تەگكەنلا يەردە، پۇقراغا زىيان ـ زەخمەت سېلىپ قاقشىتىۋاتىدۇ. ئەمدى يېزا ـ قىشلاققا چۈشۈپلا قالغۇدەك بولسا، ئۇلار ئاۋۋال ئاق كۆكۈل پۇقرانىڭ باققان مال ـ ۋاران، توخۇ ـ ئۆردەكلىرىنىڭ ھېچنېمىسىنى قويماي يەپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا پۇل ـ خىراجەت بېرىپ، يولغا سالىدىغان گەپ تېخى! ھازىر مۇشۇ بىر توپ ئادەملەر پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئۇلار ئىلاجسىز قالدى! بۇ ئوغرى تۇتىدىغان پادىشاھلىق ئادەملىرى يېزىغا چۈشەلمەس بولۇپ قالدى! ئەگەر يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلار ئۇلارنى ئادەم تۇتۇشقا ئەۋەتىدىغان بولسا، قورقۇپ ئىشتىنىغا شاخنا قويۇۋېتىدۇ، ئۇلار شۇ ھالى بىلەن ئاشۇ بىر توپ ئادەمگە قانداقمۇ تىكىلىپ قارىيالىسۇن! — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.

— مەن چوڭ بېلىق تۇتۇشتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بولسامۇ، بىرمۇنچە ئالۋان ـ سېلىقتىن ئارام تېپىپ قالدىم، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— ئۇنداقتا ئۇ بىرنېمىلەر تازا راھەتتە ياشايدىكەن ـ دە! — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئۇلارنىڭ كۆكتىنىمۇ، زېمىندىنىمۇ، پادىشاھلىقتىنمۇ پەرۋايى پەلەك؛ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى جىڭلاپ بۆلۈشۈپ، رەڭگارەڭ تاۋار ـ دۇردۇنلار كىيىپ، مەي دېگەننى كۈپلەپ ئىچىپ، گۆش دېگەننى يارتا ـ يارتىلاپ يەۋاتسا، نېمىشقا راھەتتە ياشىمىسۇن؟

بىز ئۈچ بىر تۇغقان ئەسقاتمىغان بىگىسىمىز بىلەن قانداقمۇ ئۇلارنى دورىيالايلى، — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.
ۋۇ يۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «مېنىڭ پەنتىم تازا ئىشلەيدىغان بولدى» دەپ كۆڭلىدە خۇشال بولدى.
— «ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۆلگۈچە، گىياھنىڭ ئۆمرى كۈزگىچە» دەپتىكەن، بىز بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمىز؛ بىر كۈن بولسىمۇ شۇلاردەك ياشىۋالساق بولاتتىغۇ! — دېدى رۇەن شياۋچى.
— ئۇنداق ئادەملەرنى دوراپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ، — ئۇلار ئەللىك - ئاتمىش دەررە ئۇرسىمۇ ئازلىق قىلغۇدەك گۇناھ ئۆتكۈزۈپلا قالماي، بىكاردىن - بىكارغا پۈتۈن ئابرۇيىنى يەرگە تۆكىدۇ. مۇبادا پادىشاھلىق تۇتۇۋالسا، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە بولىدۇ.
— مۇشۇ كەمدە، — دېدى رۇەن شياۋئېر، — بىز قاراشلىق يامۇللار ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان خۇپسەن بولۇۋالدى، ئىنتايىن چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلەرنىمۇ ھېچنېمە قىلمايۋاتىدۇ! بىز ئۈچ بىر تۇغقان راھەتتە ياشىيالمايۋاتىمىز، ناۋادا بىزنى باشلاپ مېڭىشقا ئۇنايدىغان ئادەم چىقسا، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭاتتۇق.
— مەنمۇ ھەمىشە: «بىز قېرىنداش ئۈچىمىزنىڭ بىگىسىنى باشقىلاردىن قېلىشمايدىغۇ! كىم بىزنىڭ قەدرىمىزنى بىلەر» دەپ ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.
— مۇبادا سىلەرنىڭ قەدرىڭلارغا يېتىدىغان ئادەم چىقسا قانداق قىلىسىلەر؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.
— ناۋادا بىزنىڭ قەدرىمىزگە يېتىدىغان ئادەم چىقسا سۇغا دېسە سۇغا، ئوتقا دېسە ئوتقا كىرىمىز. بىر كۈن بولسىمۇ كارغا ياراپ قالساق، ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق ئىدى، — دېدى رۇەن شياۋچى.
ۋۇ يۇڭ خۇشال بولۇپ: «بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى شۇ

www.uyghurkitap.com

نىيەتتە ئىكەن، ئاستا ـ ئاستا گوللاي» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۆچەيلەننى يەنە مەيگە دەۋەت قىلىپ، قەدەھنى ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقتى.

## نەزم

بەتنىيەت مەككارىلار ئەزگەچ پاراسەت ئەھلىنى،
چۈشتى ئەپتەرلەر بەجا ئەيلەپ تەكرىنىڭ ئەمرىنى.
ئەمدى كۆر رۇەن زاتىدىن بولغان قېرىنداش ئۆچ كىشى،
شۇ ھارام سوۋغاتنى قولغا چۈشۈرەر قانداق قېنى؟

ۋۇ يۇك يەنە:

ــ ئۆچىڭلار لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ بۇ ئوغرىلارنى تۇتۇپ كېلەلەمسىلەر؟ ــ دېدى.

ــ تۇتۇپ كەلسەك ئىنئام ئالىدىغان يەر تاپالماي، يۇرتتىكى پالۋانلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالارمىز! ــ دېدى رۇەن شياۋچى.

ــ پېقىر كالتە پەم بولسامۇ بىر ئەقىل كۆرسىتەي: بىلىق تۇتالمايۋاتىمىز دەپ قاقشاپ يۈرگۈچە، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتسەڭلارلا بولمامدۇ؟ ــ دېدى ۋۇ يۇك.

ــ تەخسىر، ــ دېدى رۇەن شياۋئېر، ــ سىلى بىلمەيدىلا، بىز نەچچە قېتىم توپقا قوشۇلايلى دەپمۇ مەسلىھەتلەشكەندۇق، ھېلىقى ئاق يەكتەك ۋاڭ لۇن موللىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەردىن ئۇنى ئىچى تار، كىشىنى پاتقۇزمايدۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاستانىدىكى لىن چۇڭ تاغقا چىققاندا، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كېتىپتۇ. ۋاڭ لۇن دېگەن بۇ ھارامزادە ئوڭايلىقچە ئادەم قوبۇل قىلماسمىش، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ، قېرىنداش ئۆچەيلەننىڭلا رايىمىز يېنىپ قالدى.

ــ ئۇلار مۇبادا ئۆزلىرىدەك مەرد بولۇپ، بىزگە ئۆزلىرىدەك كۆيۈنگەن بولسىدى ياخشى بولاتتى! ــ دېدى رۇەن شياۋچى.

— ۋاڭ لۆن مۇبادا موللامەدەك ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولسىدى، بىز ھېلىغىچە يۇرمەي، ئاللىقاچانلا بارغان بولاتتۇق! ئاكا - ئۇكا ئۈچىمىز ئۇنىڭ يولىدا ئۆلۈشكىمۇ رازى بولاتتۇق! — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.

— پېقىرنىڭ تىلغا ئېلىنغۇچىلىكى يوق! مۇشۇ كەمدە شەندۇڭ، خېبېيلاردا نى - نى ئاجايىپ باتۇر - شىرمەتلەر بار! — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— باتۇرلارغۇ كۆپ، شۇغىنىسى بىز يولۇقالمايۋاتىمىز، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— مۇشۇ يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ كۇنچىقىش مەھەللىسىدىكى چاۋ گەي ئاقساقالنى تونۇمسىلەر؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— مۇنار يۆتكەر ھەزرەت دەپ ئاتىلىدىغان چاۋ گەي بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى رۇەن شياۋۋۇ.

— دەل شۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئارىلىقىمىز يۇز چاقىرىملا كەلسىمۇ، زۇۋۇلىمىز كىچىك ئۇزۇلگەنىكەن، نامىنىلا ئاڭلاپ ئۇچرىشالمىدۇق، — دېدى رۇەن شياۋچى.

— ئۇ مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان قالتىس ئەر. نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيسىلەر؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارىدىغان ئىش - پىشىمىز چىقمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق، — دېدى رۇەن شياۋئېر.

— پېقىرمۇ مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى چاۋ گەي ئاقساقالنىڭ جاگىرىسى ئەتراپىدىكى كەنتلەردە بالا ئوقۇتۇۋاتىمەن، يېقىندا ئۇنىڭ قولىغا بىرمۇنچە مال - دۇنيانىڭ خەۋىرى چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئالاھىدە مەسلىھەتلىشىشكە كەلدىم، بىز شۇ نەرسىنى يېرىم يولدا توسۇپ تۇرۇپ تارتىۋالساق قانداق؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بۇنداق قىلغىلى بولماس، ئۇ شۇنداق مەردلىكنى قولدىن

بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان قالتىس ئەر تۇرسا، بىز ئۇنىڭ شەنىنى بۇلغاش يولىغا ماڭساق، يۈرتتىكى پالۋانلار ئۇقۇپ قالسا مەسخىرە قىلىدۇ ـ دە، ــ دېدى رۇەن شىياۋۋۇ.

ــ مەن قېرىنداش ئۇچىڭلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۇنچىۋالا چىڭ ئەمەسمىكىن دەپتىكەنمەن، راستىلا تېپىلماس مەردلەر ئىكەنسىلەر. مەن سىلەرگە راستىنى ئېيتاي، راست ياردەملىشىش نىيىتىڭلار بولسا، سىلەرنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلاي. مەن يېقىندا چاۋ گەي ئاقساقالنىڭ جاڭزىسىدا بولغانىدىم، ئاقساقال ئۇچىڭلارنىڭ داڭقىڭلارنى ئاڭلاپ، مېنى سىلەرنى ئالاھىدە مەسلىھەتكە چىللاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ــ دېدى ۋۇ يوڭ.

ــ ئاكا ـ ئۇكا ئۇچىمىزدە راستىلا بىزەمۇ ساختىلىق يوق! چاۋ گەي ئاقساقال بۇ قالتىس مال ـ دۇنيانى قولغا چۈشۈرۈشكە بەل باغلاپ، بىزنى باشلاپ مېڭىش نىيىتىدە ئۆزلىرىنى جوۋتىمپ بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ. گەپ شۇنداق بولسا، مۇبادا ئۇچىمىز جېنىمىزنى ئاياپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدىغان بولساق، مۇشۇ ئاخىرقى مەي ئەتىمىز بولسۇنكى، بېشىمىزغا بالا ـ قازا كەلسۇن، يامان ئاغرىق بىلەن ئۆلەيلى! ــ دېدى رۇەن شىياۋئېر.

رۇەن شىياۋۋۇ بىلەن رۇەن شىياۋچى ياغلىقى بىلەن گېلىنى بوغۇپ تۇرۇپ:

ــ مۇشۇ ئىسسىق قېنىمىز ئادەم قەدرىگە يېتىدىغان كىشىنىڭ يولىدا ئاقسۇن! ــ دېدى.

ــ مانا ئۈچ قېرىنداش ئولتۇرۇپسىلەر، مەن يامان نىيەت بىلەن سىلەرنى گوللاۋاتقىنىم يوق، بۇ ئاجايىپ قالتىس ئىش! هازىر ئوردىدىكى ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ ئالتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان مەۋلۇت كۈنىنى خاتىرىلىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ كۈيئوغلى يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارى مەھكىمىسىدىكى لياڭ مىرزىبەگ ئىكەن، ئۇ هازىر ئون تۈمەن تىزىق يارماقلىق ئالتۇن ـ گۆھەر، ئۈنچە ـ

مەرۋايىتلارنى قىيىنئاتىسىنىڭ مەۋلۇت كۈننى مۇبارەكلەپ، سوۋغا قىلىپ ئەۋەتمەكچى بوپتۇمىش. يېقىندا لىۇ ئۇرۇقىدىن بولغان تاڭ ئىسىملىك بىر پالۋان بۇنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ كەپتۇ. مانا ئەمدى سىلەرنى مەسلىھەتكە چىللاپ كەلدىم، بىرنەچچە پالۋان يىغىلىپ، تاغنىڭ پىنھان بىر ئورمانلىقىدا ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ھارامدىن كەلگەن بۇ مال - دۇنيانى ئېلىپ كېلىشى بىلەنلا تارتىۋالساق، ھەممىمىز ئۆمۈر بويى شاد - خۇرام ياشايمىز. يېقىن شۇڭا بېلىق سېتىۋالغۇچى قىياپەت بىلەن ئۈچىڭلارنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ كەلدىم، بۇ ئىشقا سىلەرنىڭ تاۋىڭلار قانداقكىن، بىلمەيمەن؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بولىدۇ! بولىدۇ! — دېدى رۇەن شياۋۋۇ رۇەن شياۋچىغا قاراپ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۇكام سەن بىلەن مەن نېمە دەيتتۇق - ھە!

— ئۆمۈرلۈك ئارزۇ - ئارمىنىمىزغا ئەمدى يېتىدىغان بولدۇق - دە ! مېنىڭ تەشنالىقىم قانىدىغان بولدى! قاچان بارىمىز؟ — دېدى رۇەن شياۋچى خۇشاللىقىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ.

— دەرھال بېرىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن، ئەتە سۇبھى كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا تۇرۇپ، ھەممىمىز بىللە چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ جاڭزىسىغا بارايلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

بۇ ئۈچ قېرىنداشنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

خەلپىتىم خۇشتار كىتابقا، مەيلى يوق بايلىق بىلەن،
رۇەن يېگىتلەرمۇ بېلىقتا كۆڭلىنى شاد ئەيلىگەن!
ئۈنچە - مەرۋايىت چۈشۈپ كەتكەچكە نامەرد ئىلكىگە،
ھەق ئۈچۈن توپلاندى باتۇرلار شۇڭا مەردلىك بىلەن.

شۇ كېچىسى ئۇلار شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى سەھەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ناشتىدىن كېيىن ئۈچ قېرىنداش ئۆيلىرىدىكى ئىش ــ كۈشلىرىنى سەرەمجانلاپ قويۇپ، ۋۇ يۇك خەلپەتكە ئەگىشىپ سىنتاش كەنتىدىن كۆنچىقىش مەھەللىگە قاراپ راۋان بولدى.

بۇلار بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، بۇلار يىراقتىن تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرغان چاۋ گەي بىلەن لىيۇ تاڭنى كۆردى، ۋۇ يۇڭ رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداشنى باشلاپ تۇخۇمەك دەرىخى تۈۋىگە كەلگەن هامان، ئىككى تەرەپ بىر ــ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى، چاۋ گەي ناهايىتى خۇشال بولغان هالدا:

—— ئۈچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق ناملىرى بىكار تارقالماپتىكەن، قېنى مەرهەمەت قىلىشسىلا، هويلىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، —— دېدى.

ئالتەيلەن بىرلىكتە هويلىغا كىرىپ، ئىچكىرىكى سارايدا مېهمان ۋە ساهىبخانىلىق ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ۋۇ يۇڭ گەپ باشلاپ بەرگەندىن كېيىن چاۋ گەي ئىچىلىپ ــ يېيىلىپ، ئوتاقچىلارنى مال ــ ۋاران سويۇشقا، قەغەز كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇدى. رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش چاۋ گەينىڭ قەددى ــ قامەتلىك، ئوچۇق سۆز ئوغلان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

—— بىز مەرد ــ پالۋانلار بىلەن تونۇشۇشقا تولىمۇ خۇشتار ئىدۇق، مەرد ــ پالۋان مۇشۇ يەردە ئىكەندۇق. بۈگۈن ۋۇ يۇڭ موللام باشلاپ كەلمىسە، كۆرۈشمىگىمىز نەدىكىنى؟ —— دېدى.

بۇ قېرىنداش ئۈچەيلەن بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى، شۇ كېچىسى ئاز ــ تولا تائام يەپ، تۈن نىسپىغىچە پاراڭلاشتى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن ئىچكىرىكى سارايىنىڭ ئالدىغا بارسا، ئۇ يەرگە ئاخىرەتلىك قەغەز پۇل ۋە قەغەز ئاتلار، خۇشبۇي ئىسرىقلار، شام چىراغلار، كېچىلەپ پىشۇرۇلغان گۆشلەر،

كۆيدۈرىدىغان قەغەزلەر تىزىلىپتۇ. ئۇلار چاۋ گەيىنىڭ شۇ قەدەر چىن ئىخلاسلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىھېساب خۇشال بولۇشتى ۋە ھەممىسى:

— لياڭ مىرزىبەگ يۇقىرى ئاستانە خەلقىنى قاقشىتىپ، ئۇلارنىڭ پۇل - مېلىنى سىيرىۋېلىپ، ئاستانىدىكى ۋەزىرئەزەم سەي جىڭنىڭ مەۋلۇت كۈنىنى مۇبارەكلىمەكچى بوپتۇ، بۇ ماللار ھارامدىن كەلگەن ماللار. ئالتەيلەندىن بىرەرىمىز بىر - بىرىمىزگە يامان نىيەتتە بولساق، ئاسمان - زېمىن يۇتۇپ كەتكەي، ئۇستىمىزدە تەڭرىم ئۆزى قازى بولۇپ تۇرغاي، — دەپ قەسەم ئىچىشتى ۋە قەغەز پۇللارنى كۆيدۈردى.

بۇ ئالتە پالۋان دەل ئىچكىرىكى سارايدا زوق بىلەن بەخت شارابى ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، بىر ئوتاقچى كىرىپ:

— دەرۋازا ئالدىغا بىر دەرۋىش كەلدى، ئاقساقال بىلەن كۆرۈشۈپ سەدىقە تىلەيتتىم دەيدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ھەي پەمى يوق ! سەن مېنىڭ بۇ يەردە مېھمان كۈتۈپ، داستىخان ئۇستىدە ئولتۇرغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن مەندىن سوراپ يۈرمەيلا، ئۇنىڭغا بىرەر چارەك گۈرۈچ - پۇرۇچ بېرىپ يولغا سالساڭ بولماتتى ! — دېدى چاۋ گەي.

— كەمىنىلىرى ئۇنىڭغا گۈرۈچ بەرسەم، ئۇنىمۇ ئالماي ئاقساقالنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەپ تۇرۇۋالدى، — دېدى ئوتاقچى.

— تايىنلىق ئۇنى ئاز كۆرگىنى ! — دېدى چاۋ گەي، — سەن ئۇنىڭغا يەنە ئىككى - ئۈچ چارەك گۈرۈچ بېرىپ، بۈگۈن ئاقساقال مېھمان بىلەن داستىخاندا ئولتۇرۇپ قاپتۇ، كۆرۈشۈشكە چولىسى تەگمەيدىكەن دېگىن.

ئوتاقچى چىقىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن يەنە كىرىپ:

— ئۇ دەرۋىشكە ئۈچ چارەك گۈرۈچ بەرسەم يەنە كەتكىلى ئۇنىمىدى، مەن بىر سوپى ئادەممەن، پۇل - مال، ئاشلىق -

تۇلۇكلەرنى دەپ كەلگىنىم يوق، ئاقساقال بىلەن بىر قېتىم دىدار كۆرۈشۈۋالسام بولدى دەيدۇ، — دېدى.

— سەن دىتى يوق، جاۋاب بېرىشنى بىلمەيسەن، — دېدى چاۋ گەي، — بۈگۈن راستلا چولىسى تەگمەيدۇ، باشقا كۈنى كېلىپ كۆرۈشكىن دېسەڭ بولمامدۇ؟

— كەمىنىلىرىمۇ شۇنداق دېدىم، — دېدى ئوتاقچى، — ئۇ دەرۋىش: «مەن خەير - سەدىقە، ئۆشرە - زاكات تىلەپ كەلگىنىم يوق، ئاقساقالنى مەردانە زات دەپ ئاڭلاپ، كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم» دەيدۇ.

— سەن ماڭا زادى ھەمدەرد بولماي، ساپلا كاشىلا تۇغدۇرۇپ بېرىسەن. ئۇ بەرگەن گۈرۈچنى يەنە ئاز كۆرگەن بولسا، ماڭا دەپ يۈرمەي، يەنە ئۈچ - تۆت چارەك قوشۇپ بېرىۋەرسەڭ بولمامدۇ؟ مەن مېھمانلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالمىغان بولسام، چىقىپ كۆرۈشمەسمىدىم، ئۇ قانچىلىك گەپ ئىدى! سەن ئۇنى بىرنېمە قىلىپ يولغا سال، يەنە گەپ كۆتۈرۈپ كىرمە! — دېدى چاۋ گەي.

ھېلىقى ئوتاقچى چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىنلا دەرۋازا سىرتىدىن قىيا - چىيالار ئاڭلاندى، يەنە بىر ئوتاقچى يۈگۈرگىنىچە ئېتىلىپ كىرىپ:

— ھېلىقى دەرۋىش خاپا بولۇپ ئون نەچچە ئوتاقچىنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى، — دەپ خەۋەر قىلدى. چاۋ گەي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قېرىنداشلىرىم، ھەرقايسىلىرى ئازراق ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا، مەن ئۆزۈم چىقىپ قاراپ باقاي، — دېدى ۋە ئىچكىرىكى سارايدىن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قارىدى، بوي - بەستى ئېگىز، ئۆلىما سۈپەت، تەن - تۈزۈلۈشى غەلىتىرەك كەلگەن بىر دەرۋىش دەرۋازا سىرتىدىكى تۇخۇمەك دەرىخى تۈۋىدە ئوتاقچىلارنى ئۇرۇۋېتىپتۇ. چاۋ گەينىڭ ئالدىدا شۇنداق بىر دەرۋىش ئايان بولدىكى:



www.uyghurkitap.com

## نەزم

ئىككى تۈگمەكلەپ چىچىنى ئۆرۈۋاپتۇ ئۇ كىشى،
ئۇستىدە تاغلارغا لايىق قىسقا قوڭۇر يەكتىكى.
بىلىنى مەشۇت ـ يىپەك قۇر پوتىدا چىرماپ ـ بوغۇپ،
يانىغا ئېسىپتۇ شەمشەر، تۇرىدۇ شولا تۆكۈپ.
چىگىدىن تارتىپ چورۇق ئاپپاق پۇتىغا دەرۋىشىم،
يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپتۇ، قولىلىرىكەن ئەۋرىشىم.
ئۆرە قاش، غورۇلاي كۆزى، ئاغزى يوغان موللا ئىكەن،
ئۆزى بىر بومبا ساقال ئەپتى ئۇنىڭ سوللا[1] ئىكەن.

ئۇ دەرۋىش ئوتاقچىلارنى پەشۋالاپ ئۆرۈپ تۇرۇپ:

— ئادەم تونۇمايدىغان كورلار، — دەپ تىللايتتى. چاۋ گەي بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن توۋلاپ:

— تەخسىر، سەۋر قىلسىلا، ئۆزلىرى چاۋ گەي ئاقساقالنى ئاتىغان ـ تارتقان خەير ـ سەدىقىسى بارمىكىن دەپ ئىزدەپ كەلگەن بولغىيدىلا، ئۇ سىلىگە سەدىقە بېرىپتۇ، يەنە نېمىشقا بۇنچىلىك چېچىلىدىلا؟ — دېدى. ئۇ دەرۋىش قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— پېقىر مەي ـ شاراب، يېمەك ـ ئىچمەك، پۇل ـ پۇچەك، ئاشلىق ـ تۈلۈك دەپ كەلگىنىم يوق، ئون تۈمەن تىرىق يارماقنىڭ شۇ قەدەر بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالايىتەن ئاقساقالنى پاناھ تارتىپ كەلگەنىدىم. سەھرالىقلارنىڭ بىئەدەپلىك قىلىپ، پېقىرغا تىل ـ ھاقارەت قىلغىنىغا چىداپ تۇرالماي چېچىلىپ قالدىم، — دېدى.

— سىلى چاۋ گەي ئاقساقالنى تونۇمدىلا؟ — دېدى چاۋ گەي.

— ئۇنىڭ ئىسمىنىلا ئاڭلىغىنىم بار، كۆرۈشكىنىم يوق، — دېدى دەرۋىش.

---

[1] ئاجايىپ دېگەن مەنىدە.

— پېقىر، شۇ بولىمەن، ئۆزلىرىنىڭ نېمە گەپلىرى بار؟ — دېدى چاۋ گەي.

— ئاقساقال، ئەيىب كۆرمىسىلە، مەن ناماقۇل، — دېدى دەرۋىش.

— تەخسىر، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىپ، سىنچاي ئىچىپ ماڭسىلا قانداق؟ — دېدى چاۋ گەي.

— كۆپ رەھمەت، — دېدى دەرۋىش.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىيلەن ھويلىغا كىردى. ۋۇ يۇڭ ئۇ دەرۋىشنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ليۇ تاڭ ۋە رۇەن ئائىلىق ئۈچ قېرىنداش بىلەن بىللە ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. چاۋ گەي ئۇ دەرۋىشنى ئىچكىرىكى سارايغا باشلاپ كىرىپ، سىنچاي قۇيدى، سىنچاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرۋىش:

— بۇ يەر سۆزلىشىشكە ئەپسىز كۆرۈنىدۇ، باشقا جاي يوقمۇ؟ — دېدى.

چاۋ گەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرۋىشنى دەرھال باشقا بىر كىچىككىنە ھۇجرىغا ئەكىردى، ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى.

— تەخسىر، ئۆزلىرىدىن سورالمايۋاتىمەن، نامشەرىپلىرى نېمىكىن؟ مۇبارەك يۇرتلىرى قەيەركىن؟ — دېدى چاۋ گەي.

— پېقىر گۇڭسۇن جەمەتىدىن، پەرھىز قىلىپ قويغان ئىسمىم شېڭ، دەرۋىشلىك نامىم ديانەتلىك سوپى. كەمىنىلىرى جىجۇ ئايمىقىدىن بولىمەن، كىچىكىمدىن نەيزىۋازلىقتا ئىشق باغلاپ، خىلمۇخىل جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ چىقتىم، خەقلەر مېنى گۇڭسۇن شېڭ چوڭ ئام دەپ ئاتايدۇ. ئىلمىي ھېكمەتنى ئۆگەنگەنلىكىمدىن، بوران چىقىرىپ، يادا ياغدۇرالايمەن، تۇماننى جوشقۇرۇپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلالايمەن، ئەل ـ يۇرتنىڭ چوڭىدىن كىچىككىچە ھەممىسى پېقىرنى پەلەك ئەجدىھاسى دەپ ئاتىشىدۇ. پېقىر يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ كۇنچىقىش مەھەللىسىدىكى چاۋ گەي ئاقساقال

دېگەن داغقىلىرىنى ئاغلىغىلى ئۇزۇن بولدى، لېكىن ھۆزۈرلىرىغا كېلىپ كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى، ئەمدى ئون تۈمەن تىزىق يارماقلىق ئالتۇن - گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىتنى ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلىپ تۇتاي دەپ كەلدىم، بىلمەيمەن، لايىق كۆرەرلىمىكىن مەردانە زاتىم! — دېدى دەرۋىش جاۋابەن.

— تەخسىر، ئۆزلىرىنىڭ دەۋاتقانلىرى يۇقىرى ئاستانىگە ئاپىرىدىغان مەۋلۇت سوۋغىسى ئەمەسمىكىن؟ — دېدى چاۋ گەي كۈلۈپ.

— ئاقساقال، سىلى بۇنى قانداق ئۇقتىلا؟ — دېدى دەرۋىش ھەيران بولۇپ.

— بۇ كەمىنىلىرىنىڭ ئانچىكى قىياسى، ئۆزلىرىنىڭ دېگەن يەرلىرىدىن چىقارمىكىن؟ — دېدى چاۋ گەي.

— بۇ مال - دۇنيانى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق كېرەك. قەدىمكىلەر: «ئالغۇلۇقنى ئالمىغان، ئاخىر قىلغۇر پۇشايمان» دەپتىكەن، بۇنىڭغا ئۆزلىرى قانداق قارايدىلىكىن؟ — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

دەل شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئادەم سىرتتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، كاپ قىلىپ گۇڭسۇن شېڭنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ۋە:

— ۋاھ! ئاشكارا پادىشاھنىڭ قانۇنىدىن، غايىب ئىلاھنىڭ روھىدىن ئەيمەنمەي، نېمىشقا شۇنداق شۇملۇقنى مەسلىھەت سالىسەن! مەن ئاڭلاپ تۇرغىلى نەۋاق! — دېدى.

گۇڭسۇن شېڭ قورقۇپ، ئۆڭسۈلى قالماي، رەڭگىرويى تۇپىدەك ئۆڭۈپ كەتتى. دەل ھىيلە - مىكىر باشقا چىقماي تۇرۇپ، دەتالاش ئالەمگە پۇر بوپتۇ؛ پەنت - تۇزاق ئەمدىلا قۇرۇلۇۋاتسا، يان تامدىن يېغى چىقىپتۇ، دېگەندەك بولدى. ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، گۇڭسۇن شېڭنىڭ ياقىسىدىن ئالغان كىشىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

## ياڭ جىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش كارۋىنىنى ئېلىپ ماڭغانلىقى ۋۇ يۇڭنىڭ مەۋلۇت سوۋغىسىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، گۇڭسۇن شېڭ ھۇجرىدا چاۋ گەيگە «يۇقىرى ئاستانىنىڭ مەۋلۇت سوۋغىسى ھارام مال، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق قانداق؟» دەپ مەسلىھەت بېرىۋاتقاندا، سىرتتىن بىرسى ئېتىلغىنىچە كىردى ـ دە، گۇڭسۇن شېڭنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:

— ھەي، نېمىدېگەن قاپ يۈرەك نېمىسەن! ھېلىقى سالغان مەسلىھەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولدۇم، — دېدى.

بۇ كىشى موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭ خەلپەت ئىدى.

— شاشمىسىلا موللام، ئاۋۋال بىر ـ بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشسىلا، — دېدى چاۋ گەي كۈلۈپ.

ئىككىسى تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— ئەل ئارىسىدا، — دەپ سۆز باشلىدى ۋۇ يۇڭ، — ئۇزۇندىن بېرى پەلەك ئەجدىھاسى گۇڭسۇن شېڭ دېگەن ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن مانا بۇ يەردە بىر ئوبدان كۆرۈشۈپ قالدۇق!

— بۇ كىشى موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭ خەلپىتىم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى چاۋ گەي.

— مەن ئەل ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلىغانىدىم، كىم بىلسۇن، تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن ئاقساقالنىڭ جاڭزىسىدا كۆرۈشۈش

نىسىپ بولدى؛ ئاقساقال مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە يەردىكى مەرد پالۋانلار بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئىخلاسمەن بولۇپ كېلىدۇ، — دېدى گۇڭشۇن شېڭ.
— ئىچكىرىدە يەنە تونۇشلار بار، قېنى ئىچكىرىكى سارايغا كىرىپ كۆرۈشسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى چاۋ گەي.
ئۇچەيلەن ئىچكىرىگە كىردى، گۇڭشۇن شېڭ لىيۇ تاڭ ۋە رۇەن ئاتلىق ئۈچ قېرىنداش بىلەن كۆرۈشتى.

## غەزەل

باشقا كەلدى كۆپ يىغىلغان مالۇ دۇنيا ئاپىتى،
جەم بولۇشتى پالۋانلار توغرا كەلگەچ سائىتى.
بابلىدى بەگ كارۋىنىنى پالۋانلار شۇ مەھەل،
سالدى لەرزىگە ئوردىنى شول يەتتە يۇلتۇز شۆھرىتى.

— بۇگۇن تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالدۇق. ئاقساقال ئاغىمىز تۆرگە ئۆتسۇن، — دېيىشتى كۆپچىلىك.
— پېقىر بىر كەمتەرىن ساھىبخانا، تۆرگە ئۆتۈۋالسام بولماس ! — دېدى چاۋ گەي.
— ئاغا، ئۆزلىرى ياشقا چوڭ، رايىمىزنى قايتۇرماي، تۆرگە ئۆتسىلە، — دېدى ۋۇ يۇڭ.
چاۋ گەي نائىلاج تۆرگە چىقتى، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ۋۇ يۇڭ، گۇڭشۇن شېڭ، لىيۇ تاڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچىلار قاتار ئولتۇردى. ئاندىن داستىخان ھازىرلىنىپ، مەي ـ شاراب، مەزە ـ تائام تارتىلدى.
— ئاقساقال چۈشىدە يەتتە تىكەن يۇلتۇزنىڭ ئۆز ئۆگزىسىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. بۈگۈن بىز يەتتەيلەننىڭ ئىش تەۋرىتىش ئۈچۈن جەم بولغانلىقىمىز ئەنە شۇ بېشارەتكە مۇناسىپ

ئەمەسمىكىن ! بۇ بىرمۇنچە مال ـ دۇنيانى ئاسانلا قولىمىزغا چۈشۈرىدىغان بولدۇق. ئۇلۇشكۈن لىيۇ تاڭ ئاغىنىغا ئۇ نەرسىلەرنىڭ قايسى يول بىلەن ئېلىپ مېڭىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشنى تاپىلايلى، دېيىشكەنىدۇق، بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، ئەتە سەھەر يولغا چىقسا بولار، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— بولدى، بارمىسۇن، پېقىر ئۇنىڭ قايسى يولدىن ئېلىپ مېڭىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ بولدۇم، سېرىق تۆپىدىكى چوڭ يول بىلەن ئېلىپ ماڭىدىكەن، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

— سېرىق تۆپىنىڭ ئون چاقىرىم شەرقىدىكى ئارام كەنت دېگەن يەردە بىر بىكار تەلەپ بار، ئۇنى خەقلەر كۈندۈز چاشقىنى بەي شېڭ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇمۇ ئىلگىرى مېنى پاناھ تارتىپ كەپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا خەج ـ خىراجەت ياردەم قىلغانىدىم، — دېدى چاۋ گەي.

— يەتتە تىكەن يۇلتۇزدىن تارقالغان ئاق نۇر① مۇشۇ ئادەمدىن بېشارەت ئەمەسمىكىن؟ ئۇ بىزگە ئەسقاتىدىغان ئادەم ئىكەن، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— سېرىق تۆپە دېگەن يەر خېلى يىراق، قەيەرگە جايلاشساق بولار؟ — دېدى لىيۇ تاڭ.

— ئەنە شۇ بەي شېڭنىڭ ئۆيىگە جايلىشىمىز، بەي شېڭنىمۇ ئىشقا سالىمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— موللام، مال ـ دۇنيانى ياخشىلىقچە ئالىمىزمۇ ياكى يامانلىقچە ئالىمىزمۇ؟ — دېدى چاۋ گەي.

— مەن قاپقانمۇ تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى ۋۇ يۇڭ كۈلۈپ، — ئۇلارنىڭ پەيلىگە قارايمىز، زورلۇق بىلەن ئېلىش توغرا كەلسە زورلۇقچە، پەم بىلەن ئېلىش توغرا كەلسە پەم بىلەن ئالىمىز. مەن بىر چارە ئويلاپ قويدۇم، سىلەرگە ياقامدىكىنتاڭ؟ ئۇ مۇنداق...

① بۇ يەردىكى «ئاق نۇر» سۆزى بەي شېڭنىڭ ئىسمىدىكى «بەي» (ئاق) ۋە «كۈندۈز چاشقىنى» دېگەن لەقەمدىكى «كۈندۈز» دېگەن سۆزلەرنى بىلدۈرىدۇ.

— بەللى، نېمىدېگەن بەلەن چارە! — دېدى چاۋگەي ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — خەقلەر سىلىنى موللا تاپقاق دەپ بىكار دېمەپتىكەن! دەرۋەقە جۇگې لياڭدىن ئېشىپ چۈشىدىكەنلا! هايهات، نېمىدېگەن بەلەن چارە!

— بۇ گەپلەرنى ئەمدى بەس قىلايلى. «كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق، كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق» دېگەن گەپ بار، ئۆزىمىزدىن باشقا هېچكىم بىلمىسۇن، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— سىلەر ئۈچ بىر تۇغقان هازىرچە قايتىپ، ۋاقىت - قەرەلى يەتكەندە بىزنىڭ جاڭزىغا جەم بولۇڭلار، ۋۇ يۇڭ خەلپىتىم ئۆز تالىپلىرىنى ئوقۇتۇپ تۇرىۋەرسۇن، گۇڭسۇن شېڭ بىلەن ليۇ تاڭ بىزنىڭ جاڭزىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى چاۋ گەي.

بۇلار شۇ كۈنى مەي - شاراب بىلەن كەچ قىلىپ، ئاخشىمى هۇجرىلىرىغا كىرىپ ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلىشتى، چاۋ گەي يېنىدىن ئوتتۇز سەر كۈمۈش چىقىرىپ ئۈچ بىر تۇغقانغا تۇتتى:

— ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم، ياق دېمەي ئېلىڭلار.

ئۈچ بىر تۇغقان ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— دوست كۆڭلىنى يەردە قويماڭلار، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

ئۈچ بىر تۇغقان كۈمۈشنى تەسلىكتە قوبۇل قىلدى، ئۇلارنى دەرۋازا سىرتىغا ئۇزىتىپ چىققاندىن كېيىن ۋۇ يۇڭ ئۈچەيلەننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن، قەرەلنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار، — دېدى.

ئۈچ بىر تۇغقان خوشلىشىپ سىنتاش كەنتىگە قايتىپ كەتتى. چاۋ گەي گۇڭسۇن شېڭ بىلەن ليۇ تاڭنى ئۆز جاڭزىسىدا ئېلىپ قالدى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت پات - پات كېلىپ مەسلىهەتلىشىپ تۇردى.

## غەزەل

ئۆزگىنىڭ ھەققىگە چاڭ سالغان ئەمەلدار ئوغرىدۇر،
توپلىسا كىمكى ھارام مال، تارتىۋالماق توغرىدۇر.
تەخ بولۇپ قالدى ئامال، كۆتمەك كېرەك سالماق تۇرۇپ،
سوۋغا يەتكۈزمەك خىيالى كۆلگە چۈشكەن سايىدۇر.

ئەمدى ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلايلى. يۇقىرى ئاستانە داملىڭ دىيارى مەھكىمىسىدىكى لياڭ مىرزىبەگ قېيىنئاتىسىنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئاتاپ ئەۋەتىلىدىغان ئون تۈمەن تىزىق يارماقلىق سوۋغاتنى تەخمۇتەخ قىلىپ قويغانىدى. سوۋغات پەقەت كۈن تاللاپ ئېلىپ بېرىشقا ئادەم تەيىنلەشكىلا قاراقلىق قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لياڭ مىرزىبەگ ئىچكىرىكى سارايدا ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭ كۆچەسى①:

— بېگىم، سوۋغاتنى قاچانلىققا يولغا سالىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— سوۋغات تەخمۇتەخ بولدى، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ، — ئەتە - ئۆگۈن يولغا سالسام بولاتتى، لېكىن بىر ئىش ئۈستىدە ناتايىن بولۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن ناتايىن بولۇۋاتىدىلا؟ — دېدى كۆجەسى.

— بۇلتۇر ئون تۈمەن تىزىق يارماق پۇلغا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سېتىۋېلىپ كۈنچىقىش ئاستانىگە ئەۋەتكەنىدىم، بىراق ئەۋەتكەن ئادىمىم ناباب چىقىپ قېلىپ، ئۇنى يېرىم يولدا قاراقچىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدى، تا مۇشۇ كەمگىچە دېرىكى يوق. بۇ يىل بارگاھىمىزدا سوۋغاتنى ئېلىپ بېرىشقا تۈزۈككىنە كارغا يارىغۇدەك ئادەمنىڭ تايىنى يوق تۇرىدۇ، شۇڭا ناتايىن بولۇۋاتىمەن، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ.

---

① كۆچە — ئايالى.

ئۇنىڭ كۆجەسى پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرغان كىشىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ كىشىنى ناھايىتى قالتىس كىشى دەپ ماختاپ يۈرمىدىلىمۇ، نېمىشقا شۇنى ئەۋەتمەيلا، قولىغا دەستەك بېرىپ ئەۋەتسىلە بولمامدۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى.

لياڭ مىرزىبەگ پەلەمپەي ئاستىغا قاراپ، مەڭىلىك ياۋا ياڭ جىنى كۆردى. لياڭ مىرزىبەگ خۇشال بولۇپ، دەرھال ئۇنى سارايغا چاقىرىپ:

— سەن، — دېدى مىرزىبەگ، — راستىلا ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپسەن، قېيىنئاتامنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئەۋەتىلىدىغان سوۋغىتىم بار ئىدى، شۇنى يەتكۈزۈپ بېرەلىسەڭ، ساڭا ئىلتىپاتىم بار، مەنسىپىڭنى كۆتۈرىمەن.

ياڭ جى قولىنى قوشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ھەزرەتلىرى بۇيرۇسىلا بارماسقا نېمە ھەددىم! قانداقچە ئاپىرىمەن؟ قاچان يولغا چىقىمەنكىن؟ — دېدى.

— دامىڭ دىيارى مەھكىمىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرەي، ئون ھارۋا بارسۇن، بارگاھتىن ئون نۆكەر بېرەي، ئۇلار ھارۋىلارنى قوغداپ ماڭسۇن، ھەربىر ھارۋىغا بىردىن سېرىق ئەلەم قادايسەن، ئەلەم ئۈستىگە «ۋەزىر ئەزەمنىڭ مەۋلۇتىغا تەقدىم قىلىنغان سوۋغات» دېگەن خەتلەر يېزىلىدۇ. ھەربىر ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا يەنە بىردىن قاۋۇل چېرىك بېرەي، ئۈچ كۈن ئىچىدە يولغا چىقىشىڭ كېرەك، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ.

— كەمىنىلىرىنى بۇ ئىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالمىسىلا، بۇنى ئاپىرىشقا راستىلا ئاجىزلىق قىلىمەن، مەندىن بۆلەك پۇختا زېرەك باتۇرلاردىن بىرىنى بۇيرۇشلىرىنى تىلەيمەن.

— مەن سېنىڭ مەنسىپىڭنى ئۆستۈرۈش نىيىتىدە بولۇۋاتىمەن، مۇشۇ سوۋغات خۇسۇسىدا يېزىلغان مەكتۇپقا

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ، يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرەي، ۋەزىر ئەزەمنىڭ ھۇزۇرىدىن ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، دەستەك ئېلىپ قايتساڭ ياخشى ئەمەسمۇ، نېمىشقا تەتۈرلۈك قىلىپ بارغىلى ئۇنىمايسەن؟

— ئاڭلىشىمچە، ھەزرەتلىرى بۇلتۇر ئەۋەتكەن سوۋغاتنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپ، تا مۇشۇ كەمگىچە دېرىكى بولماپتۇ. بۇ يىل يولدا قاراقچىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستانىگە بارىدىغان سۇ يولى يوق، پۈتۈنلەي قۇرۇقلۇق بىلەن بارىدىغان گەپ، ئالتۇن چوققا، ئېرلۈڭشەن تېغى، شاپتۇللۇق تاغ، كۈنلۈك تاغ، سېرىق تۆپە، قۇملۇق قورغان، تۇتەك كېچىك، قىزىل قارىغايلىق دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى، ھەتتا يېنى سالتاڭ يولۇچىلارمۇ بۇ يەرلەردىن يەكتەن ئۆتەلمەيدۇ. قاراقچىلار سوۋغاتنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا بولماي قالارمۇ؟ بىكار جېنىمدىن ئايرىلىپ كېتىدىكەنمەن، شۇڭا بېرىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا قوغداپ بېرىشقا كۆپرەك چېرىك قوشۇپ بېرەي.

— غوجام، بەش يۈز چېرىك قوشۇپ بەرگەنلىرى بىلەنمۇ ئەسقاتمايدۇ؛ بۇ نېمىلەر قاراقچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىلا، ھەممىدىن ئاۋۋال تىكىۋېتىدۇ.

— بۇ گېپىڭچە، سوۋغاتنى ئەۋەتمىسەم بولىدىكەن - دە؟

— ئەگەر كەمىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى ئۆزلىرىگە ياقسا، بارسام باراي.

— سېنى ئەۋەتىدىغان بولغاندىكىن، مەسلىھەتىڭ نېمىشقا ماقا ياقمىسۇن؟

— مېنىڭ مەسلىھەتىمچە، ھارۋىنىڭ لازىمى يوق، سوۋغاتلارنى ئون نەچچە ئەپكەش قىلىپ، يولۇچىلاردەك ياسىنىپ ئېلىپ ماڭساق، ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان ھېلىقى قاۋۇل ئون

چىرىك ھامالدەك ياسىنىپ ئەپكەشلەرنى كۆتۈرسە؛ كەمىنىلىرى بىلەن بىرىشقا بىرلا ئادەم بولسا كۇپايە، يولۇچىدەك ياسىنىپ، كىچىلەپ ئاستانىگە غىپپىدە ئاپىرىۋېتىپ كەلسەك. مۇشۇنداق قىلغىنىمىز ياخشى بولارمىكىن.

— ئىپتقانلىرىڭ ئورۇنلۇق. مەن سىنى ئوبدان تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرەي، ئەمەلگە تەيىنلەش دەستىكى ئېلىپ كەلسەڭ ئەجەب ئەمەس.

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەھمەت.

ياڭ جى شۇ كۈنىلا بىر تەرەپتىن ئەپكەشلەرنى تېخىپ تەييارلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن چىرىكلەرنى تاللىدى.

ئەتىسى ياڭ جى ساراي ئالدىغا كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغاندا، لياڭ مىرزىبەگ چىقىپ:

— ھە، ياڭ جى، قاچان يولغا چىقىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— دەستەك يازدۇرۇپ بەرسىلە، ئەتە سەھەر يولغا چىقسام بولارمىكىن، — دېدى ياڭ جى.

— خېنىمىنىڭمۇ ۋەزىرئەزەمنىڭ ئۆي ئىچىگە ئەۋەتىدىغان ئايرىم بىر ئەپكەشلىك سوۋغىتى بار، شۇنىمۇ ئالغاچ كەت. سىنى يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن دەپ، بىزنىڭ خېنىمنىڭ ئاتىغىسى شىي كاھبەگ بىلەن ئىككى پايلاقچىنى ساڭا قوشۇپ بېرىدىغان بولدۇم، شۇلار سەن بىلەن بىللە بارسۇن.

— غوجام، ئۇنداقتا مەن بارالمىغۇدەكمەن، — دېدى ياڭ جى.

— سوۋغاتلارنى تېخىپ تەخمۇتەخ قىلىپ بولۇپ، يەنە نېمىشقا يالتىيىۋالىسەن؟

— بۇ ئون ئەپكەش سوۋغاتنى ئېلىپ بېرىش جاۋابكارلىقى كەمىنىلىرىنىڭ زىممىسىدە بولسا، باشقا ئادەملەر مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولسا، ئۇ چاغدا مەيلى كېچىسى، مەيلى كۈندۈزى ماڭايلى، مەيلى دەم ئالايلى ياكى ئۆتەڭگە چۈشەيلى، مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدۇ. ئەمدى كەمىنىلىرىگە كاھبەگ ئاكام بىلەن پايلاقچىلارنى قوشۇپ بېرىمەن دەۋاتىدىلا، كاھبەگ ئاكام بولسا

خېنىمنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەزىرئەزەمنىڭ ئاتىغىسى، ئالىمادىس يولدا ئەپلىشەلمەي قالساق، ئۇلارغا گېپىم ئۆتەمدۇ؟ ئىشقا دەخلى يەتسە ئۇنىڭ جاۋابىنى قانداق بېرىمەن؟

— بۇ ئاسان، مەن ئۇلارغا ئېيتىپ قوياي، ئۇلار ئۇچىلىسى سىنىڭ سۆزۈڭگە كىرسۇن.

— شۇنداق بولىدىغانلا بولسا بوپتۇ، باراي، دەستەك يېزىپ بەرسىلە. ناۋادا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسام، باش ئۇستىگە جاۋاب قىلىمەن.

— مەنمۇ، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ خۇش بولۇپ، — سىنىڭ مەنسىپىڭنى ئۆستۈرسەم بىكارغا كەتمىگۈدەك، ئەقىل - ھوشۇڭ بار ئىكەن! — دېدى - دە، دەرھال شىپ كاھبەگ بىلەن ئىككى پايلاقچىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، — باقاۋۇل ياڭ جى مىنىڭ دەستىكىمنى، ئون ئەپكەشلىك ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سوۋغىتىنى ئېلىپ ئاستانىدىكى ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ كېلىدىغان بولدى، بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. سىلەر ئۇچىڭلار ياڭ جىغا ھەمراھ بولۇپ بارسىلەر، يول ئۇستىدە يېتىپ - قوپۇش، يۈرۈش - تۇرۇشتا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭلار، بويۇنتاۋلۇق قىلماڭلار، خېنىمنىڭ تاپىلىغان ئىشلىرىنى سىلەر ئۇچىڭلار ئورۇنلاڭلار. ئېھتىيات قىلىڭلار، بالدۇر بېرىپ، بالدۇر قايتىپ كېلىڭلار، نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويماڭلار، — دەپ جېكىدى.

— خوش، — دەپ جاۋاب بەردى كاھبەگ.

ياڭ جى شۇ كۈنىلا دەستەكلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، ئەتىسى كۈن يورۇش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئون ئەپكەش سوۋغىنى ساراي ئالدىغا ئەكېلىپ تىزدى، قېرى كاھبەگ بىلەن ئىككى پايلاقچىمۇ بىر كىچىك ئەپكەش مال - دۇنيانى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىي ئون بىر ئەپكەشلىك سوۋغات بولدى، ئاندىن قاۋۇل ئون بىر نۆكەر تاللاندى، ئۇلار ھامالچە ياساندى، ياڭ جى بولسا

بېشىغا چىغ قالپاق، ئۈستىگە قارا شايى كۆڭلەك كىيىپ، ئايىغىغا چىگە چورۇق تارتىپ، بېلىگە يان قىلىچ ئېسىپ، قولىغا قىلىچ ئالدى؛ قېرى كاھبەگمۇ يولۇچى سىياقىدا ياساندى؛ ئىككى پايلاقچى ئۈنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان چاكار قىياپىتىدە ياساندى ۋە قولىغا قىلىچ ھەم تاياق ئالدى. لياڭ مىرزىبەگ دەستەككە قوشۇمچە يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى بەردى، بۇلار قورساقلىرىنى تازا تويدۇرۇپ، لياڭ مىرزىبەگ بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. چېرىكلەر ئەپكەشلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭدى، ياڭ جى بىلەن كاھبەگ ۋە ئىككى پايلاقچى قورۇقداپ ماڭدى. بۇ ئون بەش ئادەم لياڭ مىرزىبەگ مەھكىمىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاستانە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، چوڭ يول بىلەن كۇنچىقىش ئاستانىگە راۋان بولدى. بۇ دەل بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، ھاۋا ئوچۇق، ئەمما ئىسسىق دەستىدىن يول مېڭىش قىيىن ئىدى. بۇرۇن ئۆتكەن ۋۇ پادىشاھنىڭ يەتتىنچى ئوغلىنىڭ سەككىز مىسرالىق نەزمىسىدە بۇ ھال مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

كۆلگە جايلاشقان راۋاق، سالاسۇنلۇق ياسىداق،
سۇدا ئوينايدۇ بېلىق، لەش ـ كۆكاتنى ئارىلاپ.
ساراتاننىڭ مويىدىن، بورا تەخلەپ ئاستىغا،
قىزىل مارجان تەكىيدە، ياتىدۇ بەگ ھالسىراپ.
ئەجدىھالار ئىزىدىن، قوزغىلالماس تومۇزدا،
دېڭىز قايناپ ـ پۇرۇقلاپ، كەتتى گۈلزار قاغجىراپ.
قاقشىماقتا بەگ بالا، يەلپۈگۈچتىن سەگىمەي،
شۇ تومۇزدا كارۋان ماڭدى راۋان ئالدىراپ.

بۇ سەككىز مىسرالىق نەزمىدە تومۇز كۈنلىرىنىڭ قاتتىق ئىسسىقى تەسۋىرلەنگەن، كۆل ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان شىپاڭدا قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما ـ نەشپۈتلەرنى سۇغا چىلاپ مۇزلىتىپ يەپ

ۋە نىلۇپەر يىلتىزىنى مۇزغا چىلاپ سۈيىنى شەربەت قىلىپ ئىچىپمۇ قانماي ئىسسىق تەپتىدىن زارلىنىۋاتقان بەگزادە ـ غوجاملار يولۇچىلارنىڭ ھېچقانداق قانۇن ـ پەرمانىنىڭ زورلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە نام ـ مەنپەئەتنى دەپ، تومۇز كۈنلىرىدە ئاشۇ يولدا قاق سېلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. شۇ كۈنى ياڭ جىلار سەي جىڭنىڭ ئالتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدىكى مەۋلۇت مەرىكىسىگە ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، يولنى تېز ـ تېز بېسىپ ماڭماقتا ئىدى. بۇلار يۇقىرى ئاستانىدىن چىقىپ ئالتە ـ يەتتە كۈنگىچە، ھەر كۈنى كۈن يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەھەر سالقىنىدا مېڭىپ، چۈشلۈكى كۈن ئىسسىپ كەتكەندە دەم ئالدى.

ئالتە ـ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يول ئۈستىدە بارا ـ بارا ئادەملەر ئازىيىپ، ئۆتەڭ بىلەن ئۆتەڭنىڭ ئارىلىقىدىمۇ تاغ يوللىرى كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ جى ئۇلارنى قاق سەھەردە يولغا چىقىپ، كۆز باغلانغاندا دەم ئېلىشقا قىستىدى. ئون بىر نۆكەرنىڭ كۆتۈرگەن ئەپكەشلىرىنىڭ بىرەرىمۇ يېنىك ئەمەس ئىدى. كۈن بولسا پىژىلداپ ئىسسىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ماڭغۇسى كەلمەي، دەرەخلىك ئۇچرىسىلا دەم ئالغۇسى كېلەتتى، ياڭ جى ئۇلارنى مېڭىڭلار دەپ ھەيدەيتتى. ئەگەر تۇرۇۋالسا تىللاپ ياكى ئۇرۇپ، زورمۇزور ماڭدۇراتتى، ئىككى پايلاقچى كىچىكرەك بوغچا كۆتۈرۈپ ماڭغان بولسىمۇ ھاسىراپ ماڭالماي قالدى. ياڭ جى ئۇلارغا كايىپ:

— ئىككىڭلار خويمۇ بىغەرەزلىك قىلىۋاتىسىلەر! بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى مېنىڭ ئۈستۈمدە تۇرسا، ماڭا بۇ بىرنېمىلەرنى ئۇرۇپ ھەيدىشىپ بەرمەي، ئۆزۈڭلارمۇ ئارقىدا قېلىۋاتىسىلەرغۇ، بۇ ئويىنىشىدىغان يول ئەمەس! — دېدى.

— ئىككىمىز قەستەن ئاستا مېڭىۋاتقىنىمىز يوق، — دېدى پايلاقچىلار، — كۈننىڭ ئىسسىقىدىن ماڭالماي ئارقىدا قېلىۋاتىمىز، ئاۋۇ كۈنلەردە سەھەر سالقىنىدا ماڭاتتۇق، ئەمدى

نىمىشقىكىن، تازا ئىسسىپ كەتكەندە ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق، تەڭشەلمىگەن جاھان دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.

— سىلەرنىڭ بۇ گېپىڭلار ئۇسۇرۇققا تەڭ! نەچچە كۈن بۇرۇن ماڭغىنىمىز بىخەتەر يول ئىدى، ھازىر خەتەرلىك يەرگە كېلىپ قالدۇق، بۇنداق يەردىن كۈندۈزى ئۆتۈپ كەتمىسەك، ئاخشىمى ماڭغىلى بولامدۇ! — دېدى ياڭ جى.

ئىككى پايلاقچى ئاغزىدا بىر نەرسە دېمىسىمۇ، كۆڭلىدە: «تىنماي تىللاۋېرىدىغان ئەسكى بىرنېمىكەن» دەپ ئويلىدى. ياڭ جى بىر قولىغا قىلىچ، بىر قولىغا تاياق ئېلىپ، ئەپكەش كۆتۈرگەنلەرنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ ماڭدى.

ئىككى پايلاقچى دەرەخنىڭ سايىسىدا قېرى كاھبەگنى كۈتۈپ ئولتۇردى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن پايلاقچىلار ئۇنىڭغا:

— ياڭ جى دېگەن بۇ بىرنېمە ھەرقانچە بولسىمۇ، غوجامنىڭ قول ئاستىدىكى بىر باقاۋۇل، بىزگە شۇنچە ھاكاۋۇرلۇق قىلامدۇ! — دەپ شىكايەت قىلدى.

— غوجام ئۇنىڭ بىلەن ئەپ ئۆتۈڭلار دەپ جېكىلىگەنىدى، شۇڭا بىرنېمە دېمەيۋاتىمەن. ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ھازىرچە لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى كاھبەگ.

— غوجام يۈز - خاتىر قىلىپ شۇنداق دېگەندۇ، ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلسىلا، — دېدى پايلاقچىلار.

— ھازىرچە لېۋىمىزنى چىشلەپ تۇرايلى، — دېدى قېرى كاھبەگ.

شۇ كۈنى ئۇلار كۆز باغلانغۇچە يۈرۈپ بىر دەڭگە كېلىپ چۈشتى. ھېلىقى ئون نۆكەر ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، پۈتۈن ئەزايىدىن يامغۇردەك تەر تېمىپ تۇرغان ھالدا قېرى كاھبەگكە:

— بىز شور پېشانىلەر نېمىشقىمۇ چېرىك بولۇپ قالغاندىمىز، بۇ ئىشنىڭ مۇشەققەتلىكىنى بىلسەكمۇ،

ئىلاجسىزلىقتىن يولغا چىقىپ قالدۇق، ھاۋا مۇشۇنداق ئىسسىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتىمىز، بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئەتىگەنكى سالقىن ھاۋادا ماڭدۇرماي، كۈن ئىسسىقىدا ماڭدۇرۇۋاتىدۇ، ھە دېسىلا تاياق بىلەن ساۋايدۇ، بىزمۇ ئوخشاشلا ئادەم بالىسىغۇ. بۇ ئازابقا قانداقمۇ چىدايمىز! — دېدى.

— رەنجىمەڭلار، ئاستانىگە بارغاندا سىلەرگە ئىنئام بېرىمەن، — دېدى قېرى كاھىبەگ.

— ناۋادا بىزگە كاھىبېگىمىزدەك مۇشۇنداقلا مۇئامىلە قىلسا، ھەرگىز رەنجىمەيتتۇق، — دېدى چېرىكلەر.

كۆپچىلىك شۇ كېچىسى قونىدى، ئەتىسى تاڭ ئاتماستىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھاۋانىڭ سالقىن ۋاقتىدا ماڭماقچى بولۇپ تەۋرەشتى، ياڭ جى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— نەگە! ئۇخلاڭلار، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سالقىندا ماڭدۇرمايدىكەنلا، كۈن ئىسسىپ كەتكەندە ماڭالمىساق ساۋايدىكەنلا، — دەپ گەپ ياندۇردى چېرىكلەر.

— سەنلەر نېمىنى بىلىشىسەن؟ — دەپ تىللىغان پېتى قولىغا تاياقنى ئېلىپ ساۋىماقچى بولدى دەرغەزەپ بولۇپ ياڭ جى.

چېرىكلەر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نائىلاج يەنە ياتتى، شۇ كۈنى قاق سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئالدىرىماي تاماق ئېتىپ يەپ، ئاندىن يولغا چىقتى، ياڭ جى يول ئۈستىدە چېرىكلەرنى بىرەر دەرەخ سايىسىغا بېرىپ دەم ئالغىلى قويماي ئۇرۇپ ھەيدەيتتى. ئون بىر چېرىك يولدا غودۇڭشىغان بويى ماڭدى، ئىككى پايلاقچىمۇ قېرى كاھىبەگكە ھال - دەردىنى تۆكۈپ ماڭدى؛ قېرى كاھىبەگ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ياڭ جىغا غەزەپلىنەتتى.



www.uyghurkitap.com

گەپنى ئۇزارتمايلى. شۇ تەرىقىدە ئون تۆت ـ ئون بەش كۈندەك يول ماڭدى. ئون تۆت كىشىنىڭ ئىچىدە ياڭ جىدىن رەنجىمىگەن بىرمۇ كىشى قالمىدى. شۇ كۈنى ئۇلار دەڭدە، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئالدىرىماي تاماق ئىچىپ يەپ، ئاندىن يولغا چىقتى. بۇ دەل ئالتىنچى ئاينىڭ تۆتىنچى كۈنلىرى ئىدى، كۈن چۈش بولماستىنلا ئاسماندا ئوتتەك قىزىغان كۈندىن باشقا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، ئاپتاپ پىژىلداپ تۇراتتى. بۇ خۇسۇستا قەدىمكىلەر مۇنداق نەزم پۈتكەن:

قامچىلاپ ئوت ئەجدىھانى كەلدى جەنۇبتىن ئوت پىرى،
كۆيدۈرۈپ كۆكنى قىزارتتى ئاتەش ئەلەمنىڭ ئوتلىرى.
چىڭقى چۈش ۋاقتىدا كۈن چوغدەك ئۇيۇپ قاتقانىدى،
كائىنات يالقۇنلىنىپ قوغ تەكتىگە پاتقانىدى.
بەش ئېگىز تاغ قاغجىراپ، قالماي بۇلۇتتىن ھېچ ئەسەر،
سۇ قۇرۇشتىن ئەنسىرەپ ياڭ خۇ[①]نى غەم باسقانىدى،
ئېھ، ئېسىل سالقىن شامال چىقسا توساتتىن كېچىلەپ —
قوغلىسا ئىسسىقنى دەپ، كۆڭلى ئۇنىڭ سەرسان ئىدى.

ئۇلارنىڭ شۇ كۈنى ماڭغان يولى تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت، ئەگرى ـ توقاي چىغىر يوللار ۋە تاغ چوققىلىرىغا جايلاشقان يوللار ئىدى، ياڭ جى ئاشۇ ئون بىر چېرىككە نازارەت قىلىپ، ئالاھازەل يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يول باستى، چېرىكلەر سۆگەت سايىسىدا بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇۋىدى، ياڭ جى تاياق بىلەن ساۋاپ:

— ئىتتىك مېڭىش! كىم سەنلەرنى دەم ئال دېدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

چېرىكلەر كۆككە باقتى، كۆكتە بىرەمۇ بۇلۇت يوق، ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتكەنىدى.

① ياڭ خۇ — سۇ مۇئەككىلى.

## غەزەل

ئاب ــ ھاۋا قاسقان ھورىدەك بىخسىغان،
ئۇرۇلار پۇرقۇپ يۇزۇڭگە چاڭ ــ توزان.
تارتىملىق جىمبىل كەبى قاينار ۋاژىلداپ يەر ــ جاھان،
كۆن تۇرار كۆك باغرىدا چوغدەك قىزىپ كۈنلۈكسىمان.
يوق بۇلۇت ئاسماندا، يەردە يوق تۇمان،
يوق شامال، ئاپتاپتا كۆللەر سۇغۇلۇپ، تال چاڭقىغان؛
ئوت ئېلىپ يالقۇنلىناتتى تاغ ــ داۋان،
يېرىلىپ تاشلار قاقاستىن، ئىس يېنىپ كەتتى شۇئان.
چۆشتى ئورمان تەكتىگە پوك ــ پوك قىلىپ، موللاق ئېتىپ،
كۆكتىكى ئۇچار قاناتنىڭ جىنىمۇ قالماي ئامان.
سۇدىكى لەھەڭ بېلىقنىڭ تۆكۈلۈپ قاسراقلىرى،
بىرلا شۇڭغۇپ لايۇ پاتقاق ئاستىغا بولدى راۋان.
بۇ ھاۋاغا چىدىماس ھەتتاكى يولۋاس ــ جىسمى تاش،
تا تۆمۈر تەن ئادەمزات تەرگە چۆمگەي ھەرقاچان.

بۇ چاغدا ياڭ جى چېرىكلەرنى تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت يوللار بىلەن ھەيدەپ ماڭدى، كۈن چۈش بولغاندا كۈن تەپتىدىن تاشلار قىزىپ كەتكەنلىكتىن، چېرىكلەرنىڭ تاپانلىرى كۆيۈپ، يەرگە دەسسىيەلمەي قالدى. چېرىكلەر:

— ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، ئىسسىقتا ئۆلىمىزمۇ ! — دېدى.

— چاپسان مېڭىش، ئالدىمىزدىكى تۆپىلىكتىن ئۆتۈۋېلىپ، ئاندىن بىرنېمە دەرمىز، — دېدى ياڭ جى چېرىكلەرگە ۋارقىراپ.

بۇلار كېتىۋاتقاندا ئالدى تەرەپتىن بىر تۆپىلىك كۆرۈندى. كۆپچىلىك بۇ تۆپىلىككە قارىۋىدى، ئۇ شۇنداق كۆرۈندىكى:

ئۈستىنى بۆك دەل ـ دەرەخلەر قاپلىغان،
ئېتىكىگە ساپسېرىق قۇم يامرىغان.
قېرى يولۋاستەك تۇرار تىك چوقچىيىپ،
شۇنچە دەھشەتلىك سوقار چاپقۇن ـ بوران.
يېنىدا ئۆسكەن ئۇنىڭ چاتقال ـ گىياھ،
سانجىلىپ تۇرغان ياراغ ـ نەيزە گويا؛
يەر يۈزىدە سەت قورام تاشلار ياتار،
ئۇخلىغاندەك خۇددى يىلپىزلار قاتار.
بۇ ئەمەس ھەرگىز سىچۇەننىڭ تاغ يولى،
بەلكى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ دەل ئۆزى.

شۇ چاغدا بۇ ئون بەش كىشى تۆپىلىككە چىقىپ، ئەپكەشلىرىنى يەرگە قويۇشتى. بۇلاردىن ئون تۆتى قارىغايلىقنىڭ تۈۋىگە بېرىپ يېتىۋالدى. ياڭ جى:

— ئىش چاتاق ! بۇ قانداق جاي بىلىشەمسەن، سەنلەر تېخى بۇ يەردە دەم ئېلىپ سەگىدىمەكچىمۇ؟ ئورۇنلىرىڭدىن تۇرۇپ چاپسان مېڭىش! — دېدى.

— بىزنى مىڭ پارە قىلىۋەتسىلىمۇ ماڭغۇچىلىكىمىز قالمىدى! — دېدى چېرىكلەر.

ياڭ جى تاياقنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ساۋاۋەردى، بىرىنى ساۋاپ تۇرغۇزسا، يەنە بىرى يېتىۋېلىپ، ياڭ جىغا بوي بەرمىدى.

شۇ چاغدا ئىككى پايلاقچى بىلەن قېرى كاھىبەگمۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ، قارىغاي تۈۋىگە بېرىپ دەم ئېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى، ياڭ جىنىڭ چېرىكلەرنى ساۋاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قېرى كاھىبەگ:

— باقاۋۇل، بۇلار ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ماڭالمايۋاتىدۇ، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا بولارمىكىن، — دېدى.

— كاھىبەگ، — دېدى ياڭ جى، — سىلى بىلمەيلا، بۇ يەر

www.uyghurkitap.com

قاراقچىلارنىڭ ماكانى بولغان سىرىق تۆپە دېگەن يەر شۇ، ئادەتتىكى تىنچ ۋاقىتتىمۇ بۇ يەردىكى قاراقچىلار كۆپكۆندۈزدىلا ئادەم بۇلايدۇ، ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ يەردە قانداق توختىيالايمىز !

— سىلى بۇ گەپنى نەچچە ياندۇرۇپ دېدىلە، مۇشۇنداق گەپ بىلەن بىزنى قورقۇتۇپ كەلدىلە ! — دېدى ئىككى پايلاقچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ.

— ھازىرچە بۇلار ئازراق دەم ئېلىۋالسۇن، كۈن سەل قىيىلغاندىن كېيىن ماڭساق قانداق؟ — دېدى قېرى كاھبەگ.

— سىلىمۇ بىغەرەزلىك قىلىۋاتىدىلا، ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەندە يەتتە - سەككىز چاقىرىمغىچە ئارىلىقتا ئادەم يوق تۇرسا، بۇنداق خەتەرلىك يەردە قانداقسىغا دەم ئالغىلى بولىدۇ؟ — دېدى ياڭ جى.

— مەن مۇشۇ يەردە دەم ئېلىۋېلىپ ماڭاي، سىلى چېرىكلەرنى ھەيدەپ مېڭىپ تۇرسىلا، — دېدى قېرى كاھبەگ.

ياڭ جى قولىغا تاياقنى ئېلىپ چېرىكلەرگە:

— قايسىڭ ماڭمىساڭ، مۇشۇ تاياق بىلەن يىگىرمىنى ساۋايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— باقاۋۇل، سىلى قۇرۇق قول ماڭغان بىلەن بىز يۈز پاتمانلىق ئەپكەش كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتىمىز، سىلى بىزنى راستتىنلا ئادەم قاتارىدا كۆرمەيۋاتىدىلا! غوجام ئۆزى كەلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزىمىزنى ئىلىك ئالاتتى، سىلى كىشىنىڭ دەردىگە يەتمەي، بۇيرۇقىلا زورلايدىكەنلا ! — دېدى چېرىكلەردىن بىرى ياڭ جىغا يىلىنىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— ماۋۇ ھايۋان نېمە جېنىمنى چىقىرىدۇ ! ئەمدى ساۋىشىمنى كۆر! — دېدى ياڭ جى تىللاپ ۋە تاياقنى ئېلىپ ئۇنىڭ باش - كۆزىگە سېلىۋەردى.

— باقاۋۇل، توختىسىلا ! گېپىمگە قۇلاق سالسىلا: مەن

ئاستانىدە ۋەزىر ئەزەم مەھكىمىسىدە ئاتىغا بولۇپ تۇرغان چېغىمدا، كۆرمىگەن بەگ ـ سىپاھلار بار ئىدى، ئۇلار مېنى كۆرگەندە ھۆرمەتلەپ، ئۇستى ـ ئۇستىگە «خوش» دەپ تۇراتتى. مېنى جاۋاب ياندۇرۇۋاتىدۇ دېمىسىلە، ئۆزلىرى ئەسلىدە ئۇلۇمگە بۇيرۇلغان چېرىك ئىدىلە، غوجام ئۆزلىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ باقاۋۇللۇققا ئۆستۈردى، ئەمدى تېرىقتەك كىچىككىنە مەنسەپكە ئۇلىشىۋېلىپلا، ئەجەب چوڭچىلىق قىلىدىغان بولۇۋالدىلا! ھېلىغۇ مەن غوجامنىڭ ئالدىدىكى كاھبەگ ئىكەنمەن، ناۋادا يېزىنىڭ مويسىپىتى بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ نەسىھەتىمنى ئاڭلاپ قويغانلىرى تۈزۈك ئىدى، ئۇلارنى ئۇرىۋېرىپ نېمە قىلغانلىرى؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى كاھبەگ.

ــ كاھبەگ، سىلى شەھەردە تۇغۇلۇپ، ئوردىدا ئۆسكەنلىكلىرى ئۈچۈن يول ئازابىنى بىلمەيدىلا، ــ دېدى ياڭ جى.

ــ مەن، ــ دېدى قېرى كاھبەگ، ــ گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، سىچۇەنلەرگىمۇ باردىم، لېكىن سىلىدەك مەمەدانە ئادەمنى كۆرمىدىم.

ــ بۇ كۈنلەرنى تىنچ ۋاقىتلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، ــ دېدى ياڭ جى.

ــ بۇنداق گەپنى قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن تىللىرىنى كېسىش كېرەك، بۇ كۈنلەرنى نېمىشقا تىنچ دېگىلى بولمايدۇ؟ ــ دېدى كاھبەگ.

ياڭ جى جاۋاب قايتۇرۇشقا تەمشىلىگىنىدە، ئۇدۇلدىكى قارىغايلىقنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ ماراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ شۇ ھامان:

ــ دېمىدىممۇ ئەنە، قاراقچىلار كېلىپ قالدى ! ــ دېدى ـ دە، قولىدىكى تاياقنى تاشلاپ، قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى قارىغايلىققا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

ــ قانداق قاپ يۈرەك بىرنېمىسەن، مېنىڭ مېلىمنى

كۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان ! — دەپ تۈۋلىدى. بۇ خۇددى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

شەيتاننىڭ گېپىنى قىلىپ، شەيتانغا يولۇقتى،
ئوغرىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئوغرىغا يولۇقتى.
بىر - بىرىنىڭ ئۇلار قاياشى ئىدى،
تونۇشماي قاراپ دەرقەم تۇرۇشتى.

ياڭ جى يېقىن بىرىپ قارىسا، قارىغايلىقتا يەتتە غالتەك هارۋا تۇرۇپتۇ، هارۋىنىڭ يېنىدا يەتتە كىشى قىپيالىڭاچ سەگىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. چېكىسىدە چوڭ قىزىل مېڭى بار بىر كىشى قىلىچ كۆتۈرۈپ ياڭ جىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ چاغدا هېلىقى يەتتە كىشى «هوي !» دەپلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى.

— سەنلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى ياڭ جى.

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى هېلىقى يەتتە كىشى.

— سەنلەر قاراقچىمۇ؟

— سەن ئۆزۈڭدىن سورا ! بىز ئۇششاق ئوقەتچىلەر، ساڭا بېرىدىغان پۇلىمىز يوق.

— سەنلەر ئۆزۈڭلارنى ئۇششاق ئوقەتچىلەر دەپ، مېنى بايۋەچچە كۆرۈۋاتامسىلەر؟

— سەن زادى نېمە ئادەم؟

— ئېيتىش، زادى نەدىن كېلىشتىڭ؟

— بىز يەتتە بۇرادەر، خاۋجۇ[1]لۇق — دېدى بۇ يەتتە كىشىنىڭ بىرى، — ئاستانىگە سېتىش ئۈچۈن چىلان ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، بۇ يەر ئۆتەر يولىمىز ئىكەن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ سېرىق تۆپىدە قاراقچىلار دائىم كارۋانلارنى بۇلاپ تۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، بىزدە مۇشۇ چىلاندىن باشقا هېچ نەرسە بولمىسا نېمىدىن قورقىمىز، دەپ مېڭىۋەردۇق. مانا بۇ تۆپىگە

---

① خاۋجۇ — هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ فېڭياڭ ناهىيەسى.

چىققاندىن كېيىن ئىسسىققا چىدىيالماي، دەرەخنىڭ سايىسىدا بىردەم سەگىدەپ، كەچقۇرۇن ماڭايلى دەپ ئولتۇراتتۇق، ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى. قاراقچىلار كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ بۇ ئىنىمىزنى قاراپ بېقىشقا چىقارغاندۇق.

— ھە، مۇنداق دېسەڭلارچۇ، — دېدى ياڭ جى، — سىلەرمۇ يولۇچىلار ئىكەنسىلەرغۇ. ھېلى سىلەرنىڭ ماراۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ، قاراقچىلارمىكىن دەپ يۈگۈرۈپ كېلىشىم.

— كارۋان بېگىم، بىرنەچچە چىلان يەپ كەتسىلە، — دېدى ھېلىقى يەتتە كىشى.

— خوش، — دېدى ياڭ جى ۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، ئەپكەشلەر يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— ئوغرى بولىدىغان بولسا بىز ماڭايلى، — دېدى قېرى كاھبەگ.

— مەن قاراقچىلارمىكىن دەپتىمەن، چىلان ساتقىلى كېتىۋاتقان بىرنەچچە يولۇچىكەن، — دېدى ياڭ جى.

قېرى كاھبەگ چېرىكلەرنى كۆرسىتىپ:

— ناۋادا بايا دېگەنلىرىدەك بولىدىغان بولسا، مانا بۇلار ھايات قالمىغان بولاتتى! — دېدى تەنە قىلىپ.

— بۇنداق تەنە گەپنىڭ لازىمى يوق، ھەر ھالدا ئامان بولغىنىمىز ياخشى. بوپتۇ دەم ئېلىڭلار، سەل سالقىن چۈشكەندە ماڭارمىز، — دېدى ياڭ جى.

— چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى. ياڭ جىمۇ قىلىچىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، دەرەخ سايىسىغا بېرىپ سەگىدەپ دەم ئالدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىتمۇ ئۆتمەيلا، يىراقتىن بىر يىگىتنىڭ ئىككى سوغىنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ، ناخشا ئېيتىپ تۆپىلىككە چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈندى:

خۇددى چوغدەك تەپتى كۈننىڭ، كەتتى جانلار ئۆرتىنىپ،
چاڭقىماقتا دان ـ زىرائەت تامچە سۇغا تەلمۈرۈپ.

www.uyghurkitap.com

كۆيدى باغرى، پارە ـ پارە بولدى دېھقان يۈرىكى،
باي غوجاملار سۈردى راھەت، يەلپۈگۈچتە يەلپۈنۈپ.

ئۇ شۇ ناخشىنى ئېيتقىنىچە تۆپىلىككە چىقىپ، قارىغايلىقتا ئەپكىشىنى يەرگە قويۇپ دەم ئالدى. چېرىكلەر بۇنى كۆرۈپ:
— سوغىڭىزدىكى نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— مەي، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت.
— نەگە ئاپىرىسىز؟
— يېزىغا ئاپىرىپ ساتىمەن.
— بىر سوغىسى نەچچە پۇل؟
— كېمى يوق بەش تىزىق يارماق.
چېرىكلەر: «ئىسسىقتا ئۇسساپ كەتتۇق، ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ ئىچمەيلىمۇ؟ ھاردۇقىمىز چىقىپ قالار» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، پۇل يىغىش قىلىشقا باشلىدى. ياڭ جى بۇنى كۆرۈپ:
— سەنلەر يەنە نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
— مەي ئېلىپ ئىچەيلى دەۋاتىمىز، — دېدى ئۇلار.
— مەندىن سوراپ باقمايزە، ئۆز مەيلىڭلارچە مەي ئېلىپ ئىچىشمەكچى بولۇشتۇڭمۇ، نېمانچە ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىشتىڭ! — دەپ ياڭ جى تىللىغان پېتى قىلىچىنىڭ دەستىسى بىلەن چېرىكلەرنى ئۇرۇشقا باشلىدى.
— بىزنى بىكاردىن ـ بىكار ئۇرامدىلا! ئۆزىمىز پۇل يىغىش قىلىپ ئېلىپ ئىچسەك نېمە بوپتۇ، سىلىنىڭ نېمە كارلىرى بار! بۇنىڭغىمۇ ئۇرامدىلا! — دېدى ئۇلار.
— ھەي سەھرالىق تومپايلار، نېمىنى بىلىشىسەن! قورساقىڭلا غېمىنى قىلىشىسەن! يول ئازابىدىن، ھىيلە ـ نەيرەڭلەردىن خەۋىرىڭلار يوق، نى ـ نى پالۋانلار سەپەر ئۈستىدە بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىنغان مەينى ئىچىپ تۈگىشىپ كەتكەن! — دېدى ياڭ جى.
— كارۋانبېگىم، ئۆزلىرى خويمۇ بىشەم ئادەم ئىكەنلا! مەن

تېخى سىلىگە مەي ساتقىنىم يوقتۇ، شۇنداقمۇ دەمدىلا ! — دېدى مەي ئەكەلگەن يىگىت ياڭ جىغا قاراپ سوغۇققىنا كۈلۈپ.

بۇلار قارىغاي تۈۋىدە ماجىرالىشىپ تۇراتتى. قارىغايلىقنىڭ ئىچىدە تۇرغان چىلان سودىگەرلىرى قىلىقچىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— نېمىشقا ماجىرالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ماۋۇ مەينى يېزىغا ئېلىپ بېرىپ ساتماقچىدىم، كۈن ئىسسىپ كەتتى. ماۋۇ يەرگە كېلىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرسام، بۇلار مەيدىن ئازراق سېتىپ بەرسەڭ دېيىشتى، مەن تېخى ساتمايلا، ئاۋۇ كارۋانبېگى مەي ئىچكەن بىھوش دورىسى سېلىپ قويۇلغان، دېگەن گەپلەرنى قىلىشۋاتىدۇ، بۇ قىزىق گەپ ئەمەسمۇ؟ شۇنداقمۇ دەمدۇ ! — دېدى مەي ساتقۇچى يىگىت.

— قاراقچى كېلىپ قالدىمىكىن دەپتىمىز، — دېدى ھېلىقى يەتتە يولۇچى، — بۇنداق گەپكەن - دە، بوپتۇ، ئۇنچىلىك گەپىنىڭ ھېچقىسى يوق. بىزنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇشقا مەي ئىچكۈمىز بار ئىدى، ئەگەر بۇلار شەكلىنىپ قالغان بولسا، بىر سوغىسىنى بىزگە سېتىپ بەر.

— ياق ساتمايمەن، — دېدى مەي ساتقۇچى يىگىت.

— ھەي دىتى يوق نوچى، بىغەرەز بىر نېمە ئېكەنسەنغۇ، بىز ئۇنداق دېمىدۇققۇ. مەينى يېزىغا ئېلىپ بېرىپمۇ بەرىبىر ساتىسەن، بىزمۇ پۇل بەرگەندىكىن، ئازراق سېتىپ بەرسەڭ نېمە بولاتتى؟ يېزىغا بېرىپ چاي پۇلى تۆلەپمۇ يۈرمەيسەن، بىزنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرىسەن ئەمەسمۇ.

— مەيلى، سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي، بىر سوغىسىنى سېتىپ بېرەي، ئۇلارنىڭ سۆزى مېنىڭ جېنىمغا تەگكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەن قاچا بولمىغانلىقتىن ساتمىغانىدىم، — دېدى يىگىت.

— بەللى يىگىت، ئەجەبمۇ گېرى ئىكەنسەن ! ئۇنداق دېگەن بولسا نېمە بولاتتى؟ بىزدە نوگاي بار، — دېدى يەتتە يولۇچى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن ئىككىسى غالتەكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى نوگاينى، يەنە بىرى بىر چاڭگال چىلاننى ئېلىپ كەلدى، يەتتە كىشى سوغىنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ، سوغىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، نوگاي بىلەن مەينى ئۇسۇپ نۆۋەتلىشىپ ئىچىشتى، چىلاننى يېدى، بىردەمدىلا بىر سوغا مەي ئىچىلىپ بولدى. يەتتە يولۇچى:

— بۇنىڭ نەرخىنى سورىماي ئىچىپتۇق. نەرخى قانچە؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئەزەلدىن نەرخىنى تالاشمايمەن، بىر سوغىسى كىمى يوق بەش تىزىق يارماق، ئىككى سوغىسى ئون تىزىق يارماق.

— ماقۇل، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلەردەك بەش تىزىق يارماقمۇ بېرەيلى، لېكىن بىر نوگاي مەي قوشۇپ بەرگىن.

— قوشۇپ بېرەلمەيمەن، توختالغان نەرخى شۇ.

يولۇچىلاردىن بىرى مەي پۇلىنى بېرىۋاتقاندا، يەنە بىرى ئىككىنچى سوغىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر نوگاي ئۇستى - دە، ئىچىشكە باشلىدى. يىگىت تارتىۋالغىلى كېلىۋىدى، ھېلىقى يولۇچى يېرىم نوگاي مەينى كۆتۈرۈپ قارىغايلىققا تىكىۋەتتى، يىگىت قوغلاپ كېتىۋاتاتتى، ئاڭغىچە قارىغاي ئارىسىدىن يەنە بىرى بىر نوگاينى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سوغىدىن يەنە بىر نوگاي مەي ئۇستى، يىگىت ئۇنى كۆرۈپ ئېتىلغان بويى كېلىپ، نوگاينى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، مەينى سوغىغا ياندۇرۇپ تۆكۈۋېتىپ، سوغىنىڭ ئاغزىنى بېكىتتى ۋە نوگاينى يەرگە ئېتىۋېتىپ:

— ئادەم ئەپتىڭلار يوق پەس نېمىلەر ئىكەنسىلەر! سالاپەتلىك ئادەملەر مۇشۇنداقمۇ پەسلىك قىلامدۇ! — دېدى غودۇڭشىپ.

بۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى چېرىكلەرنىڭمۇ كۆڭلى قىچىشىپ، تازا ئىچكۈسى كەلدى، ئاردىن بىرى قېرى كاھىبەگكە:

— بەگ ئاتا، بىز ئۇچۇن بىر گەپ قىلىپ قويسىلىچۇ، ئاۋۇ چىلان ساتقۇچىلار بىر سوغىنى ئېلىپ ئىچىپ بولدى، بىزمۇ

بىر سوغا ئېلىپ ئېچىپ، گېلىمىزنى نەمدىۋالساق نېمە بولاتتى، ھاۋا شۇنداق ئىسسىپ ئۇسساپ ھېچ ھالىمىز قالمىدى. بۇ تۆپىلىكتە نە بىر ئىچكۈدەك سۇ تېپىلمايدىكەن، بەگ ئاتا بىر ياخشىلىق قىلسىلا، — دېدى.

قېرى كاھبەگ چېرىكلەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئاز - تولا ئىچكۈسى كېلىپ، ياڭ جىغا:

— ئاۋۇ چىلان ساتقۇچىلار بىر سوغا مەينى ئېلىپ ئېچىپ بوپتۇ، بىر سوغىسىلا قاپتۇ، بۇ تۆپىلىكتە زادىلا سۇ تېپىلمايدىكەن، چېرىكلەر شۇ مەيدىن ئازراق ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋالسا بولار، — دېدى.

ياڭ جى: «مەن يىراقتىن قاراپ تۇرسام، ئۇ بىرنېمىلەر ئۇنىڭ بىر سوغا مېيىنى ئېلىپ ئىچتى، يەنە بىر سوغىدىنمۇ يېرىم نوگاي ئۇسسۇپ ئىچىۋالدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، مەي تازا ئوخشايدۇ، بۇ چېرىكلەرنىمۇ تولا ئۇرۇۋەتتىم، ئاز - پاز ئىچسىمۇ ئىچسۇنا» دەپ ئويلاپ:

— كاھبېگىم، ئۆزلىرى ئىچسۇن دېگەندىكىن، مەن نېمە دەي، بوپتۇ، بۇلارمۇ ئىچسە ئازراق ئىچىۋالسۇنا، ئاندىن يولغا چىقارمىز، — دېدى.

چېرىكلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، بەش تىزىق يارماق يىغىش قىلىپ، مەي سېتىۋالماقچى بولدى، ھېلىقى مەي ساتقۇچى يىگىت:

— ساتمايمەن! ساتمايمەن! بۇ مەينىڭ ئىچىدە بىھوش دورىسى بار، — دەپ تۇرۇۋالدى.

چېرىكلەر ئوچۇق چىراي بىلەن يالۋۇرۇپ:

— ئاكا، يوق گەپنى تەگەپ يۇرمەڭ! — دېدى.

— ساتمايمەن، چاتاق قىلماڭلار! — دېدى يىگىت.

— ھەي دىتى يوق يىگىت، بىرەر ئېغىز گەپنى ئورۇنسىز قىلىپ قويۇپتۇ، سەنمۇ گىرىلىك قىلما. شۇ بىر ئادەمنىڭ ئورۇنسىز سۆزىنىڭ كاساپىتى بىلەن بىزگىمۇ بىرمۇنچە گەپنى

قىلىۋالدىڭ. ئۇ گەپنى بۇلار دېمىگەندىن كېيىن بۇلارغا ئازراق سېتىپ بەرسەڭ بولىۋەرمەمدۇ، — دەپ سۇلھى- سالا قىلىشتى چىلان ساتقۇچىلار.

— ئۇنداق بولسا، يوق ئىشقا گۇمان قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ — دېدى يىگىت.

چىلان ساتقۇچىلار ھېلىقى يىگىتنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ، سوغىنى كۆتۈرۈپ چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەردى. چېرىكلەر سوغىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىشكە تەمشەلدى، لېكىن ئۇسۇپ ئىچىدىغان ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، چىلان ساتقۇچىلاردىن ھېلىقى نوگاينى سورىۋالدى، چىلان ساتقۇچىلار:

— بوپتۇ، ماۋۇ چىلانىمىزنى ھاراق بىلەن يەڭلار، — دېدى.

— ياق كايىماڭلار، — دېدى چېرىكلەر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

— بىرنەچچە تال چىلاننى ئېلىشقىمۇ تارتىنامسىلەر، ھەممىمىز بىر يولۇچى، ھېچقىسى يوق، — دېدى چىلان ساتقۇچىلار.

چېرىكلەر ئۇلارغا ھەشقاللا ئېيتىپ، چىلاننى ئېلىشتى، ئۇلار ئاۋۋال ئىككى نوگاي ئۇسۇپ، بىر نوگىينى كاھبەگكە، يەنە بىر نوگىينى باقاۋۇل ياڭ جىغا تۇتتى، ياڭ جى ئىچكىلى ئۇنىمىدى، قېرى كاھبەگ ئالدى بىلەن ئىچىۋەتتى، ئىككى پايلاقچىمۇ بىر نوگاي ئىچتى. چېرىكلەر قىزىپ كېتىپ، سوغىدىكى مەينىڭ قالدى - قاتتىقسىنى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىچىپ بولدى. ياڭ جىنىڭ ئەسلىدە ئىچكۈسى يوق ئىدى، لېكىن چېرىكلەرنىڭ مەينى ئىچىپ ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا تازا قىزىپ ئۆزىمۇ ئۇسساپ چىدىيالماي قالغانلىقىدىن، نائىلاج نەچچە تال چىلان بىلەن بىر نوگاي مەينىڭ يېرىمىنى ئىچتى.

— مەن سىلەردىن يېرىم تىزىق يارماقنى كەم ئالمەن، —

دېدى يىگىت ياڭ جىغا قاراپ، — چۈنكى بايا چىلان ساتقۇچىلار يېرىم نوگايىنى ئىچىۋالدى. شۇڭا، سىلەرنىڭ مېيىڭلار ئازغىنا كەم بولۇپ قالدى.

چېرىكلەر پۇلنى تۆلىدى. يىگىت پۇلنى ئېلىپ قۇرۇق سوغىنى كۆتۈرگەن پېتى، يەنە ناخشىسىنى ئېيتقىنىچە تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كەتتى.

ھېلىقى يەتتە نەپەر چىلان ساتقۇچى قارىغايلىقنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ، ئون بەش كىشىنى كۆرسىتىپ: «ئەنە يىقىلدى ! ئەنە يىقىلدى!» دېيىشتى. دەرۋەقە، ھېلىقى ئون بەش كىشىنىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ، پۇت - قولى سولىشىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا يىقىلىپ چۈشتى. بۇ يەتتە نەپەر چىلان ساتقۇچى قارىغايلىقتىن يەتتە غالتەكنى ئىتتىرىپ چىقىپ، ئۈستىدىكى چىلاننى يەرگە تۆكۈۋېتىپ، ئون بىر ئەپكەشلىك ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى غالتەككە سېلىپ، ئۈستىنى ئوبدان يېپىپ - دە، «قىيقاس سېلىشىپ» تويىتوغرا سېرىق تۆپىدىن غالتەكلىرىنى ئىتتەرگەن پېتى تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

## نەزم

قان - يىلىك شوراپ خەلقتىن قىلدى مەۋلۇت سوۋغىتى،  
خەلق ئۆلسۇن، يا تىرىلسۇن قىلچە پەرۋا قىلمىدى.  
يۈرىكى پوك - پوكلىقىنىڭ ۋەجىنى بىلدى ئاخىر،  
ئوغرىنى سوقتى قاراقچى، مال - بىساتى توزىدى.

ياڭ جى ئاھ ئۇرۇپ زارلىناتتى، ئۇنىڭ تەنلىرى سولىشىپ قىمىرلىيالماي قالغانىدى؛ ئون بەش كىشى ھېلىقى يەتتەيلەننىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بېسىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مىدىرلىيالماي، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي ياتاتتى.

قىنى جاۋاب بىرىڭلارچۇ، بۇ يەتتە كىشى زادى كىم؟ بۇلار باشقا كىشى ئەمەس، دەل چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لىيۇ تاڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچىلار ئىدى. ھېلىقى مەي ساتقان يىگىت بولسا، كۈندۈز چاشقىنى بەي شېڭ ئىدى. دورىنى قانداق ئارىلاشتۇرۇپ قويىدى؟ ئەسلىدە تۆپىلىككە ئېلىپ كەلگەن ئىككى سوغىدىكى مەي ساپ ئىدى. يەتتە كىشى بىر سوغىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن لىيۇ تاڭنىڭ يەنە بىر سوغىدىن يېرىم نوگاي ئۇسۇپ ئىچكەنلىكى، قەستەن ھېلىقى ئون بەش كىشىنى گۇماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئىدى، كېيىن ۋۇ يۇڭ قارىغايلىقتا بېرىپ بىر نوگايغا بىھوش دورىسىنى سېلىپ، بەي شېڭدىن بىر نوگاي مەي سوراپ ئىچمەكچى بولغان كىشى بولۇپ، نوگايىنى سوغىغا سالدى، بۇ چاغدا نوگايدىكى دورا مەيگە ئارىلىشىپ كەتتى، ئۇ مەينى ئەتەي يېرىم نوگاي ئۇستى، بەي شېڭ نوگايىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، سوغىغا تۆكۈۋەتتى، مانا بۇلار ھىيلە ئىدى. بۇ ۋۇ يۇڭنىڭ «مەۋلۇت سوۋغىتىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈش» دەپ ئاتالغان ھىيلىسى ئىدى.

ياڭ جى ئىچكەن مەي ئازراق بولغانلىقتىن، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئۇنىڭ پۇت – قولىدا ماغدۇر يوق ئىدى. قالغان ئون تۆت كىشىنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ، مىدىرلىيالماي ياتاتتى، بۇ خۇددى: «مەككارغا ۋاپا قىلغان جاپاغا قالۇر» دېگەندەك بولدى. ياڭ جى ھەسرەت – يىغان چېكىپ: «ھەي ياڭ جى، سوۋغاتنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىڭ، لياڭ مىرزىبەگكە قانداقمۇ جاۋاب بېرەرسەن؟ بۇ دەستەكنى ئېلىپ بېرىپ تاپشۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ ئۇنى يىرتىۋەتتى. ئۇ يەنە: «ئۆز يۇرتىغا مۇساپىر دېگەننىڭ ئۆزى بولدۇڭ، ئەمدى نەگىمۇ بارىسەن؟ ئەمدى بۇ كۈنۈڭدىن بۇ تۆپىلىكتە بىر ماكاننى تېپىپ ئۆلۈۋالغىنىڭ ياخشى!» دەپ ئويلىدى ـ دە، چاپىنىنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ، دەلدەڭلەپ مېڭىپ سېرىق تۆپىنىڭ

ئۇستىدىن ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى.

باش باھارنىڭ مۆلدۈرىدىن بولدى يەكسان گۈل - چېچەك،
چۈشتى قاتتىق كۆز قىرووۋسى بولدى ۋەيران تال - تېرەك.

ياڭ جىنىڭ سېرىق تۆپىدە ئۆلۈم يولىنى ئىزدەپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىلىش ئادرېسى

# ئون يەتتىنچى باب

## گۆلدار شەيخنىڭ ئېرلۇگشەن تېغىنى يەكتەن ئالغانلىقى مەگلىك ياۋىنىڭ مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنى جۇپتەن ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، ياڭ جى سېرىق تۆپىدە سوۋغاتنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ لياڭ مىرزىبەگنىڭ يۇزىگە قانداقمۇ قارايمەن، دەپ تۆپىلىكتە ئۆلۈۋېلىش كويىغا چۈشتى. ئۇ سېرىق تۆپە ئۇستىدىن ئۆزىنى تۆۋەنگە ئېتىشقا تەمشىلىۋېتىپ، بىردىنلا ھوشىنى تېپىپ: «ئاتا - ئانام مېنى شۇنچە قەددى - قامەتلىك ئوغۇل قىلىپ تاپقانىكەن، كىچىكىمدىن تارتىپ ئون سەككىز خىل جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىپتىمەن، بۇنداق ئۆلۈۋالسام قاملاشماس. بۇنداق ئۆلۈۋالغاندىن كۆرە قېچىپ يۈرەي، ئۇلار تۇتۇۋالغاندا، ئاندىن كۆرىدىغاننى كۆرمەيمەنمۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۆزىنى ئېتىشتىن يالتايدى. ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ھېلىقى ئون تۆت كىشىگە قارىدى، ئۇلار كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياڭ جىغا قارايتتى - يۇ، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمايتتى. ياڭ جى ئۇلارغا قاراپ:

— سەنلەر مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي بۇ بالانى تېرىشتىڭ، سەنلەرنىڭ كاساپىتىڭ ماڭىمۇ تەگدى! — دەپ تىللىدى - دە، دەرەخ تۈۋىدىكى قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، يان قىلىچىنى بېلىگە ئاستى، ئەتراپقا قاراپ بېقىپ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئاھ ئۇرغىنىچە تۆۋەنگە قاراپ راۋان بولدى.

ھېلىقى ئون تۆت كىشى ئىككى ياتقۇ مەھەلدە ھوشىغا كېلىپ، بىر - بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن داد - پەرياد چېكىپ زارلىنىشقا باشلىدى. قېرى

كاھبەگ:

— سىلەر باقاۋۇل ياڭ جىنىڭ ياخشى گېپىنى ئىلىك ئالماي، مېنىمۇ نابۇت قىلدىڭلار ! — دېدى.

— بېگىم، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئولتۇرۇپ ئوبدان مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى چېرىكلەر.

— سىلەرنىڭ نېمە مەسلىھەتىڭلار بار؟ — دېدى قېرى كاھبەگ.

ئەيىب بىزدە. «چاپىنىڭغا ئوت تۇتاشسا سۇغا ئات ئۆزۈڭنى، قوينۇڭغا چايان كىرىۋالسا سال كىيىمىڭنى» دېگەن گەپ بار، باقاۋۇل ياڭ جى بۇ يەردە بولغان بولسا ئۇنىڭغا گېپىمىزنى ئۆتكۈزەلمەيتتۇق، ئەمدى ئۇ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى، بىز لياڭ مىرزىبېگىم ھۇزۇرىغا قايتقاندا، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ قويساقلا بولمامدۇ؟ بىز لياڭ مىرزىبەگكە ياڭ جى يول بويى بىزنى خورلاپ، ئۇرۇپ - تىللاپ غىڭ قىلدۇرمىدى، ئۆزى بولسا قاراقچىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، بىزگە بىھوش دورىسى ئىچۈرۈپ يىقىتىپ قويدى، ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى بۇلاپ كەتتى، دېسەكلا بولىدۇ، — دېدى چېرىكلەر.

— بۇ دېگىنىڭلارمۇ دۇرۇس، — دېدى قېرى كاھبەگ، — بىز ئەتە ئاۋۋال مۇشۇ يەرنىڭ يامۇلىغا مەلۇم قىلىپ قويايلى: ئىككى پايلاقچىبەگ بۇ يەردە قېلىپ، يامۇلنىڭ خەۋىرىگە بېقىپ قاراقچىلارنى تۇتسۇن، قالغانلىرىمىز كېچىلەپ يۇقىرى ئاستانىگە قايتىپ بېرىپ غوجامغا مەلۇم قىلايلى. ئۇنىڭدىن مەكتۇپ يېزىپ ۋەزىر ئەزەمنى خەۋەردار قىلىشنى، جىجۇ ئايمىقى يامۇلىنىڭ بۇ قاراقچىلارنى تۇتۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىشىنى ئىلتىجا قىلايلى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ قېرى كاھبەگ ھەمراھلىرى بىلەن جىجۇ ئايماق مەھكىمىسىگە بېرىپ ئامبالغا مەلۇم قىلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تورۇپ تۇرسۇن.

ياڭ جى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، پىغانىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سېرىق

تۆپىلىكتىن تۆۋەن تەرەپكە قاراپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن تۈن نىسپى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر دەرەخزارلىقتا بېرىپ قوندى، ئۇ: «يول خىراجىتىم تۈگىدى، نە بىر تونۇش ـ بىلىشىم يوق، قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئويلاپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدى، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئەتىگەنلىك سالقىن ھاۋادا يولغا چۈشۈپ يەنە يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يول يۈردى.

## نەزم

مەڭلىك ياۋا بەتبەشەر، نوچى چاغلاپ ئۆزىنى،
خەققە سۈڭلاپ بەردى ئۇ ئۇن بىر ئەپكەش ئۈنچىنى.
ئەمدى قاتراپ ـ يورغىلاپ نەگە ماڭغاندۇر بۈگۈن،
چىۋىق بىلەن ئۈچۈقلاپ ساۋىتاركىن كىم ئۇنى.

ياڭ جى يولدا كۆپ رىيازەتلەر چېكىپ بىر مەيخانىنا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ: «ئازراق مەي تېپىپ ئىچمىسەم ئۇسسۇزلۇقتا قانداقمۇ چىدايمەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، مەيخانىغا كىرىپ قىلىچىنى يېنىغا يۆلەپ قويۇپ، ئۈجمە ياغىچىدىن قىلىنغان شىرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئوچاق بېشىدىكى بىر ئايال:

— مېھمان، تاماق ئىچەملىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاۋۋال ئىككى ئاپقۇر مەي ئەكېلىپ بېرىڭ، ئاندىن گۈرۈچتە ئاش ئېتىپ بېرىڭ، گۆش ـ پۆش بولسا بىرئاز ئەكېلىڭ، سەل تۇرۇپ پۇلىنى بىراقلا ھېسابلىشارمىز، — دېدى ياڭ جى.

ئايال ئاۋۋال بىر يىگىتنى ياڭ جىغا مەي قۇيۇپ بېرىشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى تاماق ئەتتى ھەم گۆشلۈك قورۇما قورۇپ بەردى. ياڭ جى تاماقنى يەپ بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئايال: قىلىچىنى ئالدى ـ دە، مەيخانىدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. ھېلىقى ئايال:

— تاماق پۇلىنى تۆلىمىدىلىغۇ؟ — دېدى.
— قايتىشىمدا تۆلەي، ھازىرچە مېنىڭ ھېسابىمدا نېسىگە تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ياڭ جى يولغا راۋان بولۇپ.
بايىقى مەي قۇيۇپ بەرگەن يىگىت ياڭ جىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتتى، ياڭ جى ئۇنى بىر مۇشت ئۇرۇپ تىك چۈشۈردى. ھېلىقى ئايال بۇنى كۆرۈپ، ۋاي ئاللا، ۋاي توۋا، دەپ ۋارقىرىدى، ياڭ جى پەرۋا قىلماي يولغا مېڭىۋەردى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان شەپىسى ۋە: «ھەي پەس، توختا، نەگە بارىسەن !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ياڭ جى ئارقىغا قايرىلىپ ئۇ كىشىنىڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ كالتەك كۆتۈرگەن پېتى ئىتتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە: «قاراڭلار بۇ شۇم پېشانىنىڭ تەپ تارتماي ساقلىمغا ياماشماق بولۇۋاتقانلىقىنى !» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال توختىدى. بۇ چاغدا ئارقىدىن ھېلىقى مەي قۇيۇپ بەرگەن يىگىتنىڭمۇ بىر ئارنى كۆتۈرگىنىچە قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە تاياق - توقماق كۆتۈرگەن ئۈچ - تۆت ئوتاقچىنىمۇ باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلار ئۇچقاندەك ئىتتىلىپ كەلدى. ياڭ جى: «بۇ بىرنېمىلەرنىڭ بىرسىنىلا ئۆلتۈرسەم باشقىلىرى يېقىن كېلەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، قولىدىكى قىلىچىنى تىك كۆتۈرگەن پېتى بېرىپ ھېلىقى ئالدىدا قوغلاپ كەلگەن ئادەم بىلەن ئېلىشتى. بۇ ئادەممۇ قولىدىكى كالتەكنى پىرقىراتقىنىچە ئىتتىلىپ كېلىپ تاقابىل تۇردى. بۇ ئىككىيلەن شۇ تەرىقىدە يىگىرمە - ئوتتۇز مەرتەم ئېلىشتى، ئۇ ئادەم ياڭ جىغا ھەرقانداق قىلىپمۇ تەڭ كېلەلمەي، ھەدەپ كالتىكىنى دالىدا قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن يىگىت بىلەن ئوتاقچىلار ئۇنىڭغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ھېلىقى ئادەم بىردىنلا مەيداندىن چىقىپ:

— ھېچقايسىڭلار قول ئۇزارتماڭلار! ھەي قىلىچۋاز نوچى، نام-ئەمەللىرىنى ئېيتسىلا، كىم بولىدىلا؟ — دەپ توۋلىدى.

— مېنىڭ ھەرقانداق يەردە نام-ئەمەلىم پەقەت بىر، مەڭلىك ياۋا ياڭ جى دېگەن مەن بولىمەن! — دېدى ياڭ جى مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

— ئۆزلىرى ئاستانە ئوردىسىدىكى پەرمانچىبېگىم ياڭ جىمۇ يا؟ — دېدى ئۇ كىشى.

— مېنىڭ پەرمانچىبەگ ياڭ جى ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلىسىز؟ — دېدى ياڭ جى.

ھېلىقى كىشى قولىدىكى كالتەكنى تاشلاپ:

— پېقىر قاراپ تۇرۇپ ئۇلۇغ ھەزرەتلىرىنى تونۇماپتىمەن، — دېدى يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ.

— سىزنى تونۇيالمايۋاتىمەنغۇ، كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى ياڭ جى بۇ كىشىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ.

— پېقىر ئەسلى كەيفېڭلىق، سەككىز لەك ياساۋۇلنىڭ مەشقاۋۇلى لىن چۇڭنىڭ شاگىرتىمەن. ئىسمىم ساۋ جېڭ، ئاتا-بوۋام قاسساپ بولۇپ ئۆتكەنىكەن. پېقىر مال سويۇشقا شۇنداق ئۇستىكى، ئۇنىڭ گۆشىنى گۆش، ئۇستىخىنىنى ئۇستىخانچە قىلىپ چىقىرىۋېتىمەن، شۇڭا خەقلەر مېنى پوكانچى دەيدۇ. يۇرتىمىزدىكى بىر باي بەش مىڭ تىزىق يارماق دەسمايە بېرىپ مېنى مۇشۇ يەرگە سودىگەرچىلىككە ئەۋەتكەنىدى، ئويلىمىغان يەردىن دەسمايىنى يوقىتىپ قويۇپ، يۇرتقا قايتالماي مۇشۇ يەرلىك بىر دېھقانغا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ قالدىم. ھېلىقى ئوچاق بېشىدىكى ئايال پېقىرنىڭ كۆجەسى بولىدۇ، ئاۋۇ ئارا تۇتۇپ تۇرغان كىشى بولسا قېيىنئاغام بولىدۇ. بايا ئۆزلىرى بىلەن ئېلىشىپ قارىسام، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەتكەن پەنتلىرى پېقىرنىڭ ئۇستازى لىن چۇڭنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن، شۇڭا تەڭ كېلەلمىدىم، — دېدى ساۋ جېڭ.

— ھە، لىن چۇڭ ئۇستازنىڭ شاگىرتى ئىكەنسىز-دە،

ئۇستازىڭىز ئەمىرلەشكەر گاۋ چيۇنىڭ زىيانكەشلىكى دەستىدىن غەلىيانچى بولۇپ كەتتى. ھازىر لياڭشەن كۆلىدە، — دېدى ياڭ جى.

— پېقىرمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، راست - يالغانلىقىنى بىلمەيمەن، بېگىم، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىسىلا، — دېدى ساۋ جېڭ.

ياڭ جى ساۋ جېڭ بىلەن بىللە يەنە مەيخانىغا قايتىپ كەلدى. ساۋ جېڭ ياڭ جىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى، خوتۇنى ۋە قېيىنئاغىسىنى ياڭ جى بىلەن كۆرۈشتۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن مەي - تائاملارنى كەلتۈرۈپ مېھمان قىلدى، ساۋ جېڭ مەي - شاراب ئۈستىدە:

— پەرمانچىبېگىم، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

ياڭ جى ئۆزىنىڭ پەرمانچى مەنسىپىگە چىققاندىن كېيىن مەرمەر تاشلارنى قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى، يېقىندا يەنە لياڭ مىرزىبەگىنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئاتىغان سوۋغاتلىرىنىمۇ قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى باشتىن - ئاخىرغىچە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ساۋ جېڭ:

— پەرمانچىبېگىم، بولغۇلۇق بوپتۇ، پېقىرنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە زامان تۇرسىلا، كېيىن بىر گەپ بولار، — دېدى.

— بۇ ئىلتىپاتىڭىزغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، بەگ - دورغىلار ئارقامدىن قوغلىشىپ كېلىپ قالارمىكىن، ئۇزاق تۇرسام بولماس، — دېدى ياڭ جى.

— ئۆزلىرى قەيەرگە پاناھداپ بارماقچى؟

— مەن لياڭشەن كۆلىنى پاناھلاپ بېرىپ، ئۇستازىڭىز مەشقاۋۇل لىن چۇڭنى تاپايمىكىن دەيمەن. مەن ئۆتكەن قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكۈچە ئۇ تاغدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، يولۇقۇپ قېلىپ ئېلىشىپ قالدۇق. ۋاڭ لۈن ئىككىمىزنىڭ ماھارىتىنىڭ تەڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تاغ تۇرادا ئېلىپ

قىلىپ كۆرۈشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستازىڭىز لىن چۇڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، ۋاڭ لۇن باشتا مېنى بۇ يەردە قىلىپ قالسىڭىز، دەپ كۆپ تۇتتى، غەلبىيانچىلارغا قوشۇلغۇم كەلمەي قايتىپ كەلگەنىدىم. ئەمدى يۈزۈمگە خەت چىكىلدى، بۇ ھالەتتە ئۇنى پاناھلاپ بارسام تازا سەت بولارمىكىن، دەپ ئىككى تايىن بولۇپ، ئارىسالدىلىقتا قىلىۋاتىمەن.

— توغرا ئېيتتىلا، — دېدى ساۋ جېڭ، — ئېقىرمۇ، ۋاڭ لۇن دېگەن ناھايىتى ئىچى تار پەس بىرنېمە، ئادەم سىغدۇرمايدۇ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم، مەشقاۋۇل لىن چۇڭ ئۇستازىمىزنىمۇ لياڭشەنگە چىققاندا جىنىدىن جاق تويغۇزۇپتۇدەك. ئېقىر تۇرغان مۇشۇ جاينىڭ ئازراقلا نېرىسى چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ زېمىنى بولىدۇ، ئۇ يەردە ئېرلۇڭشەن دېگەن بىر تاغ بار، تاغ ئۈستىدە مەرۋايىت ئىبادەتخانىسى دەيدىغان ئىبادەتخانا بار. ئۇ تاغ ناھايىتى مەنزىرىلىك بىر تاغ بولۇپ، ئاشۇ ئىبادەتخانىنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا بارىدىغان پەقەت بىرلا يول بار. يېقىندا ئىبادەتخانىنىڭ شەيخ بۇزرۇكى شەيخلىقتىن چىقىۋاپتۇ، چېچىنىمۇ قويۇۋېتىپتۇ. قالغان شەيخلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىخلاسمەن ئىكەن. ئۇ شەيخ بۇزرۇك توپلىغان تۆت – بەش يۈز كىشى بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ، ئۇنى پال كۆز يولۋاس دېڭ لۇڭ دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ غەلبىيانچى بولۇش نىيەتلىرى بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلسىلا ئەمىن تاپالايلا.

— بۇنداق ماكان تۇرسا، نېمىشقا شۇ يەرگە بېرىپ جېنىمنى پاناھلىماي، — دېدى ياڭ جى.

ياڭ جى شۇنداق قىلىپ ساۋ جېڭنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قوندى، ئەتىسى ئۇنىڭدىن ئازراق يول خىراجىتى ئۆتنە ئېلىپ، ساۋ جېڭ بىلەن خوشلاشتى ـ دە، قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئېرلۇڭشەن تېغى تەرەپكە راۋان بولدى. بىر كۈن مېڭىپ كەچ بولغاندا، ئالدىدا بىر تاغ كۆرۈندى. ياڭ جى: «قارىغايلىق ئىچىدە بىر كېچە قونۇپ، ئەتە تاغقا چىقاي» دەپ قارىغايلىققا كىردى.

قارىغاي تۇۋىدە دۇمبىسىگە گۈل چېكىلگەن بالداق قورساق بىر شەيخنىڭ قىپيالىڭاچ سەگىدەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، شەيخ ياڭ جىنى كۆرۈپ گۆرزىسىنى ئېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ھەي سولتەك ! نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

## نەزم

ئايرىلىپ ئالتۇن - كۈمۈشتىن، قالدى ئۇ گاڭسا - جىسا،
قىلدى مەرۋايىت ئىبادەتخانىغا ئۇ ئىلتىجا.
شۇندىكى قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا كىرمەكچىدى،
ئۇچرىدى بىر شەيخ تالادا كەلدى ئۇنىڭ ئالدىغا.

ياڭ جى بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «غەربىي يۇرتلۇق شەيخ ئىكەنغۇ، ئۇ مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەن، ئۇنىڭدىن سوراپ باقايچۇ» دەپ ئويلاپ:

— سەن قەيەرلىك راھىب بولىسەن؟ — دېدى.

شەيخ بۇ گەپكە جاۋاب بەرمەي، گۆرزىسىنى ئېلىپ دېۋەيلەپ كەلدى.

ياڭ جى: «قانداق بىئەدەپ پاخشەك بۇ، دەردىمنى مۇشۇنىڭدىن چىقارمىسام بولمىدى !» دەپ ئويلاپ، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ شەيخكە ھەملە قىلدى، بۇ ئىككىسى قارىغايلىق ئىچىدە قاس - قۇس، جاق - جۇق قىلىپ بىر پەس ئېلىشتى.

## نەزم

گويا گۆھەر تالاشقان ئەجدىھادەك ئېلىشتى،
يەم تالاشقان گوياكى يولۋاسلاردەك چېلىشتى.
خۇددى يولۋاس قۇيرۇقى ئوينىغاندەك كۆرۈنەر،
ئەجدىھاچە كۈچ بىلەن سالسا بىرى گۆرزىنى.

چايقىلاتتى قىلىچمۇ ئەجدىھانىڭ يالىدەك،
ياكى يولۋاس چاڭ سېلىپ ئاتقىنىدەك ئۆزىنى.
شىددەتلىك قىلىچ ـ گۇرزە سوقۇلغاندا ئۆزئارا،
كۆك يىقىلىپ، يەر ـ زېمىن يېرىلغاندەك بىلىنەر.
جەڭ مەيدانى ئىچىدىن قارا تۇتەك تارقىلىپ،
كۆك باغرىدا قۇيۇندەك پىرقىرىغاندەك كۆرۈنەر؛
گۇلدۇر ۋە يا بوراندەك نەرە تارتىپ ئېلىشار،
گۇرزە ـ قىلىچ تىغىدىن ۋال ـ ۋۇل ئوتلار چاچرىتار.
گويا گۆھەر تالاشقان ئەجدىھاچە بۇ سوقۇش،
زۇلپىقارلىق پالۋان جۇ چۇ①نىمۇ قورقىتار؛
يەم تالىشىپ سوقۇشقان يولۋاسچە بۇ چېلىشتىن،
دىۋە يۈرەك بيەن جۇاڭ②مۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتار.
كۆز چاقنىتىپ ئېلىشتى ئەجدىھاچە تولغىنىپ،
لەرزى ھەتتا سۇ پەرىنىڭ راۋقىنى لىڭشىتار.
يولۋاسلارچە ھۆركىرىشىپ، دۈپۈرلىشىپ ئېلىشتى،
تاغ خۇداسى ئاڭلىسا چاچلىرى تىك ـ دىڭ تۇرار.

ياڭ جى بىلەن شەيخ قىرىق ـ ئەللىك مەرتەم ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. شەيخ چاندۇرۇپ قويغاندەك قىلىپ، شاققىدە مەيداندىن سەكرەپ چىقتى ـ دە:

— بەس ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككىسى تەڭلا تىغلىرىنى تارتتى. ياڭ جى ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇپ: «نەدىن پەيدا بولغان شەيختۇ بۇ ! قالتىس بىڭسىسى، ئاجايىپ گۆمپىسى بار ئىكەن ! تەڭ كېلەلمىگىلى تاسلا قالدىم !» دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى راھىب:

— ھەي مەڭلىك يىگىت، نىمە ئادەمسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

— ئاستانىنىڭ پەرمانچىبېگى ياڭ جى دېگەن مەن بولىمەن، —

---

① جۇ چۇ — بۇرۇنقى زاماندىكى بىر پالۋان.
② بيەن جۇاڭ — بۇرۇنقى زاماندىكى بىر پالۋان.

دېدى ياڭ جى.

— ئۇنداقتا ئاستانىدە زۇلپىقار ساتىمەن دەپ يېتىم ئوغلاق نيۇئېرنى ئۆلتۈرگەن سەن ئوخشىمامسەن؟

— يۈزۈمگە چېكىلگەن خەتنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— بەللى، بۇ يەردە تېپىشىپ قالغىنىمىزنى قارا، — دېدى شەيخ كۈلۈپ.

— موللىكا، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ مېنىڭ زۇلپىقار ساتقىنىمنى قانداق بىلدىلە؟

— مەن باشقا بىرسى ئەمەس، يەنئەن دىيارى مەھكىمىسىدىكى پېشقەدەم باسقاقبەگ ھەزرەتلىرى دەرگاھىدىكى باقاۋۇل لۇ جىشېن دېگەن مەن بولىمەن. غەرب غوجىسىنى ئۈچ مۇشت قويۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمدىن، ۋۇتەيشەن تېغىغا چىقىپ، چېچىمنى چۈشۈرۈۋېتىپ راھىب بولۇۋالدىم. كىشىلەر دۈمبەمدىكى گۈلگە قاراپ مېنى گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن دەپ ئاتىشىدۇ.

— ئۆز يۇرتكەنلىغۇ. ئۆزلىرىنىڭ داڭقىلىرىنى كۆپ ئىشىتكەنمەن. ئۆزلىرىنى خانلىق ئىبادەتخانىدا جاھاندارچىلىق قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟

— سۆزلىسەم گەپ كۆپ، — دېدى لۇ جىشېن، — خانلىق مەدرىسەدە كۆكتاتلىققا قارايتتىم، قاپلانباش لىن چۇڭغا ئەمىر لەشكەر گاۋ چيۇ زىيانكەشلىك قىلغانىكەن، بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، تاكى ساڭجۇ ئايمىقىغىچە ئاپىرىپ قويغانىدىم. كۈتمىگەندە، ئۇنى ئېلىپ ماڭغان ئىككى يايى قايتىپ بېرىپ گاۋ چيۇ دېگەن خۇمسىغا: «قاۋانلىقتا لىن چۇڭنى جايلىۋېتەيلى دەپ تۇرساق، خانلىق مەدرىسەدىكى لۇ جىشېن كېلىپ قېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇنى تاكى ساڭجۇ ئايمىقىغىچە ئاپىرىپ قويدى، شۇڭا ئۇنىڭغا چېقىلالمىدۇق، دەپ مەلۇم قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ خۇمسى ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىپ، مەدرىسەدىكى شەيخ ھەزرەتكە ئۇنى مەدرىسەدە تۇرغۇزما، دەپ

تاپىلاپتۇ، مېنى تۇتۇشقا ئادەممۇ بۇيرۇپتۇ، بۇ خەۋەرنى مەن بىر توپ مۇتتەھەملەر ئاغزىدىن ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇ خۇمسىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم. مەن كۆكتاتلىقتىكى ئارامگاھقا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۇيەردىن قېچىپ چىقتىم ـ دە، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. مېڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئاچال چاسى داۋىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بىر مەيخانىدىكى مەيپۇرۇش ئايال ماڭا بىھوش دورىسى سېلىنغان مەينى ئىچۈرۈپ، مېنى ئايلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ كۈيئوغلى كۈيۈسى ۋاقتىدا كېلىپ قېلىپ، مېنىڭ تەقى ـ تۇرقۇمنى ھەم گۈرزە، شەمشەرلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال دورا ئىچۈرۈپ ھوشۇمغا كەلتۈردى. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى سورۇشتۇرغاندىن كېيىن ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن قوندۇردى. شۇ مەيپۇرۇش بىلەن چىقىشىپ ئۈرۈق ـ تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، ئۇ ئىككىيلەنمۇ ئاتاقلىق پالۋانلار ئىكەن، ئېرىنى كۆكتاتچى جاڭ چىڭ، ئۇنىڭ خوتۇنىنى بولسا چىشى يەكشا سۇن چوكان دەپ ئاتايدىكەن، ئۇلار ناھايىتى مەرد ئىكەن. ئۇ يەردە تۆت ـ بەش كۈن تۇرغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئېرلۇڭشەن تېغىدا مەرۋايىت ئىبادەتخانىسى دېگەن پاناھ جاي بار دەپ ئاڭلاپ، ئالايتەن دېڭ لۇڭنىڭ تويىغا قوشۇلاي دەپ كەلگەنىدىم، ئۇ بەتنىيەت خۇمسى مېنى بۇ تاغدا سىغدۇرمىدى، مەن بىلەن ئېلىشىپمۇ كۆردى ـ يۇ، تەڭ كېلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تاغنىڭ ئۈچ قوۋۇقنى چىڭ ئېتىۋالدى. تاغقا باشقا يەردىن چىققىلى بولمىدى، ئۇ خۇمسىنى ھەرقانچە تىللاپ ۋارقىرىسامىمۇ، ئېلىشىشقا پەسكە چۈشمىدى، ئاچچىقىمدا ھېچ ئىلاج قىلالماي تۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا.

ياڭ جى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. بۇ ئىككىيلەن قارىغايلىق ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قول بېرىپ، كېچىچە ئولتۇرۇشتى. ياڭ جى زۇلپىقار ساتىمەن دەپ نيۇئېرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە مەۋلۇت سوۋغىتىنى قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ

قويغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە ساۋ جېڭنىڭ سۆزى بىلەن مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ كېلىپ:

— دېڭ لۇڭ تاغ ئېغىزلىرىنى ئېتىۋالغان تۇرسا، بىز بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرسەك چۇشەمدۇ؟ ساۋ جېڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەسلىھەت قىلىشقىنىمىز تۈزۈك، — دېدى.

لۇ جىشېن بىلەن ياڭ جى قارىغايلىقتىن چىقىپ ساۋ جېڭنىڭ مەيخانىسىغا كەلدى. ياڭ جى لۇ جىشېننى ساۋ جېڭغا تونۇشتۇردى. ساۋ جېڭ پايپېتەك بولۇپ مەي بىلەن كۈتتى، بۇلار ئېرلۇڭشەن تېغىنى ئېلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ساۋ جېڭ:

— ناۋادا تاغ ئېغىزلىرىنى راستلا ئېتىۋالغان بولسا، خىيال ئەيلەشمىسىلەكى، سىلى ئىككىيلەن ئەمەس، ئون مىڭ چېرىك بولغان بىلەنمۇ ئۇ يەرگە چىققىلى بولمايدۇ، ئۇنى كۈچ بىلەن ئەمەس، پەم بىلەنلا ئالغىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

— ئۇ خۇنپەر بىلەن دەسلەپ تاغ ئاغزى ئالدىدا كۆرۈشتۇم، — دېدى لۇ جىشېن، — مېنى ئېلىپ قالمىغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم، ئۇ خومسىنىڭ دوۋسۇنىغا تازا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپسەم تىك موللاق چۈشتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دەپ تۇراتتىم، ئادىمى كۆپ بولغاچقا ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ تاغقا ئاچىقىپ كېتىپ، تاغنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى، تۆۋەندە تۇرۇپ شۇنچە تىللىساممۇ چۈشكىلى ئۇنىمىدى.

— شۇنچە بەلەن جاينى نېمىشقا ئىككىمىز بىر ئىلاج قىلىپ ئالمايمىز! — دېدى ياڭ جى.

— بىر باھانە - سەۋەب تېپىپ چىقمىساق، ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايمىز! — دېدى لۇ جىشېن.

— پېقىرغا بىر ئەقىل كېلىۋاتىدۇ، ئىككىلىرىنىڭ كۆڭلىگە خوپ كېلەرمىكىن؟ — دېدى ساۋ جېڭ.

— قېنى ئۇبدان چارىڭىز بولسا ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ياڭ جى.

— پەرمانچىبېگىم سىلىمۇ مۇشۇ تورقىلىرىنى ئۆزگەرتىپ،

مۇشۇ ئەتراپتىكى سەھرالىقلارچە ياسىنىدىلا، پىقىر ئۆزلىرىنىڭ گۈرزىلىرىنى، قىلىچلىرىنى قولۇمغا ئالىمەن، ئۆزلىرىنى قىيىنئاغام باشلىق ئالتە خىزمەتچىنىڭ ئالدىغا سالىمەن ــ دە، بىر ئارغامچا بىلەن ئاسان يېشىلىدىغان قىلىپ باغلاپ، ئاشۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە ئېلىپ بارىمىز، ئاندىن: «بىز مۇشۇ ئەتراپتىكى سەھرادا مەيخانا ئېچىپ ئوقەت قىلىۋاتقان دېھقانلار بولىمىز، بۇ شەيخ مەيخانىمىزغا كېلىپ مەي ئېچىپ غەرق مەست بولۇۋېلىپ مەي پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ تاغ تورالىرىنى ئالىمەن دېدۇ. بىز بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇنى مەست پېتى باغلاپ ھۇزۇرلىرىغا ئەكەلدۇق» دەپ ۋارقىرىساق، ئۇ خومىسى چوقۇم بىزنى تورىغا چىققىلى قويىدۇ. تاغ تورىغا چىقىپ دېڭ لۇڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئارغامچىنىڭ چىگىكىنى شاققىدە يېشىۋېتىپ، گۈرزىلىرىنى ئۆزلىرىگە سۇنۇپ بېرىمەن؛ ئىككىلىرى شۇنداق ھۇجۇم قىلىشىلىكى، ئۇ خومىسى قېنى نەگە قاچالايدىكىن! ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قول ئاستىدىكىلىرى باش ئەگمەي قالمايدۇ. بۇ چارە قانداق ئىكىن؟ ــ دېدى ساۋ جېڭ.

ــ باركاللا! باركاللا! ــ دېدى لۇ جىشېن بىلەن ياڭ جى تەڭلا. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نەزم دەلىل:

كەسلەنچۈكنىڭ ئەزەلدىن يىلان بولغىنى يالغان،
ئېرلۇڭشەن[1] دېگەن بۇ تاغ جۈپ ئەجدىھاغا يارالغان.
سادىق ــ مەردلىك، مۇھەببەت تېپىشتۇرغاچ مەردلەرنى،
ئەقىل ــ پەمنى جەملەپ، تاپتى دەردىگە دەرمان.

بۇلار شۇ كېچىنى مەي ــ شاراب ئىچىش، غىزا ــ تائام يېيىش

① ئېرلۇڭشەن ــ ئىككى ئەجدىھا تېغى دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە لۇ جىشېن بىلەن ياڭ جىنى جۈپ ئەجدىھاغا ئوخشىتىپ، بۇ تاغنى شۇ ئىككىسىلا ئېگىلەپ تۇرۇشى ھەقلىق دېمەكچى.

بىلەن ھەم يولغا ئوزۇق - تۈلۈك ھازىرلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى سۈبھى ۋاقتى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قورساقلىرىنى تويدۇردى. لۇ جىشىن كۆدە - كۆرپىلىرىنى ساۋ جېڭنىڭ ئۆيىگە ئامانەت قويۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ جى لۇ جىشىن، ساۋ جېڭنىڭ قېيىنئىنىسى بىلەن بەش - ئالتە ئوتاقچىنى ئېلىپ، ئېرلۇڭشەن تېغىغا راۋان بولدى. كۈن قىيام بولغاندا قارىغايلىقتا يېتىپ باردى - دە، كىيىملىرىنى سالدى، لۇ جىشىننى ئارغامچا بىلەن چەگمەك سېلىپ باغلاپ، ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى ئوتاقچىغا تۇتقۇزدى؛ ياڭ جى بېشىغا يازلىق چىغ قالپاق، ئۈستىگە يىرتىق يەكتەك كىيدى، ئۇزۇن ساپلىق قىلىچىنى تەتۈرىگە كۆتۈردى؛ ساۋ جېڭ بولسا لۇ جىشىننىڭ گۈرزىسىنى ئالدى؛ باشقىلار تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ماڭدى. تاغ ئېتىكىگە بېرىپ قارىسا، تاغ ئاغزىدىكى قوۋۇق ئۈستىگە قاتتىق ئېتىلىدىغان تەپكىلىك يا - كامالەك، ھاك بومبىسى، تاش زەمبىرەكلەرنى تەييارلاپ قويۇپتۇ، دەرۋازا ئۈستىدە تۇرغان چاپارمەنلەر بىر شەيخنىڭ باغلاپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، تاغ ئۈستىگە خەۋەر قىلىشقا چاپقىنىچە چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قوۋۇق ئالدىدا ئىككى سەردار پەيدا بولدى، ئۇلار:

— سىلەر قەيەرلىك ئادەملەر؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ بۇ شەيخنى نەدىن تۇتۇپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بىز مۇشۇ تاغ ئېتىكىدىكى سەھرانىڭ دېھقانلىرى بولىمىز، كىچىككىنە مەيخانا ئېچىپ ئوقەت قىلاتتۇق. بۇ بادىڭ قورساق شەيخ ھەمىشە مەيخانىمىزغا كېلىپ مەي ئىچىپ تۇراتتى، غەرق مەست بولۇۋېلىپ، مەي پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىماي كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭ ئاغزىدىن: «لياڭشەن تېغىغا بېرىپ، نەچچە مىڭ ئادەم باشلاپ كېلىپ، مۇشۇ ئېرلۇڭشەن تېغىدىكىلەر بىلەن ئېلىشىمەن، سەنلەرنىڭ بۇ يۇرتلىرىڭنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن!» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق، شۇڭا بىز يېزىمىزدا بىرەر بالا -

قازانى كەلتۇرۇپ چىقارمىسۇن دەپ بۇنى يەنە ئۇبدان مەي بىلەن مېهمان قىلىپ مەست قىلغاندىن كېيىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئۆزىمىزنىڭ قوشنىلىق ھەم ۋاپادارلىق قەلبىمىزنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ھۇزۇرلىرىغا ئەكەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ساۋ جىيڭ.

ئىككى سەردار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولۇپ:

— خوپ! مۇشۇ يەردە سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى ۋە دەرھال تاغقا چىقىپ دېڭ لۇڭغا باداڭ قورساق شەيخنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. دېڭ لۇڭ ئىشىنىپ خۇشال بولغان ھالدا:

— تاغقا ئاچىقىڭلار، ئۇ مۇتتەھەمنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، مەيگە تېتىق قىلىپ يەپ، ئۆچۈمنى ئېلىپ يۈرەكمدىن چىقاي! — دېدى.

چاپارمەنلەر بۇ بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن قوۋۇقنى ئېچىپ، كەلگەنلەرگە شەيخنى ئاچىقىشنى بۇيرۇدى.

ياڭ جى بىلەن ساۋ جىيڭ لۇ جىشېننى ئالدىغا سېلىپ، تاغ تۆپىسىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئۈچ قوۋۇقتا قارىسا، دەرۋەقە دەھشەتلىك ئىكەن — بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىككى تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان؛ تاغ چوققىلىرى شۇنچە ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرىدىن قوۋۇقىچە بىرلا يول بار ئىكەن؛ ئۈچ قەۋەت قوۋۇق ئۈستىگە يوغان - يوغان ياغاچ - تاش زەمبىرەكلەر، قاتتىق ئېتىلىدىغان تەپكىلىك يا - كامالەكلەر تىزىلغان، سانجاق - سانجاق بامبۇك نەيزىلەر قادالغان. ئۇلار ئۈچ قەۋەت قوۋۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى، قارىسا، ئۈچ ساراي ئىشىكى كۆرۈندى، سارايلارنىڭ سەيناسى بولسا ئەينەكتەك تۈپتۈز، ئەتراپى ياغاچ قاشا بىلەن ئورالغان. ئىبادەتخانا ئالدىدىكى قوۋۇق تۈۋىدە يەتتە - سەككىز چاپارمەن چەپراس بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار باغلاپ ئەكېلىنگەن لۇ جىشېننى كۆرۈپ قوللىرىنى شىلتىپ:

— ھەي قوتۇر ئېشەك، سەن ئاتامانىمىزنى زەخىملەندۈرگەنىدىڭ، ئەمدىغۇ تۇتۇلغانسەن ! سەن مۇتتەھەمنىڭ تېنىگىنى تىلىم - تىلىم تاسما قىلىپ تىلمىغانىنى كۆرگىن ! — دەپ تىللىدى.

لۇ جىشېن لام - جىم دېمەي تۇردى. بۇرھانلار سارىيى ئالدىغا بارغاندا قارىسا، بۇرھانلارنى يۆتكىۋېتىپتۇ. سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئورۇندۇق تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىرمۇنچە چاپارمەنلەر نەيزە - گۈرزىلەر كۆتۈرۈپ چەپراس تۇرۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئىككى چاپارمەن دېڭ لۇڭنى قولتۇقلاپ ئاچىقىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ساۋ جېڭ، ياڭ جىلار لۇ جىشېننى ئورۇندۇق قويۇلغان سۇپا ئالدىغا ئىتتىرىپ كەلدى، دېڭ لۇڭ:

— ھەي قوتۇر ئېشەك، ئۇلۇشكۇن مېنى تېپىپ دۇۋسۇنۇمنى زەخىملەندۈردۈڭ، ھېلىغىچە ئىششىقى يانمىدى، مانا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدىغان كۈنۈڭ بار ئىكەنغۇ، — دېدى.

لۇ جىشېن تازا چەكچىيىپ بىر ئالايدى - دە:

— ھەي خۇمسى، قىمىرلىما! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى، ئىككى ئوتاقچى ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى بىر تارتتى - دە، چەگمىكى يېشىلدى. لۇ جىشېن ساۋ جېڭنىڭ قولىدىن گۈرزىنى ئېلىپ ھاۋادا چاقپەلەكتەك پىرقىراتتى، ياڭ جى چىغ قالپىقىنى تاشلاپ قىلىچىنى كۆتۈردى، ساۋ جېڭمۇ گۈرزىسىنى پىرقىراتتى، ئوتاقچىلارمۇ تەڭلا قوزغالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇلار تەڭلا ئېتىلدى. دېڭ لۇڭ تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، لۇ جىشېن گۈرزىسى بىلەن ئۇنىڭ چوققىسىغا تازا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى، ئۇنىڭ كاللىسى يېرىلىپ ئىككى پارچە بولدى؛ ئۇنىڭ ئورۇندۇقى كۇكۇم - تالقان بولدى. ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ بىرنەچچىسى ئاللىقاچان ياڭ جىنىڭ نەيزىسىدە دوم چۈشۈپ يەردە تېپچەكلەپ ياتاتتى. ساۋ جېڭ:

— ئەل بولۇش ! ئەگەر بويسۇنمىساڭ، ھەممىڭنىڭ جېنىنى ئالىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىبادەتخانىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇرغان بەش - ئالتە يۈز ئاتارمەن - چاپارمەن ۋە ئۇلارنىڭ بىرنەچچە كىچىك سەردارلىرى قورققىنىدىن دىر - دىر تىترىشىپ، باش قويۇپ ئەل بولدى. دېڭلۇڭلارنىڭ جەسىتى تاغ ئارقىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ كۆيدۈرۈلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئامبار، خەزىنىلەر ئېيدىتىلىنىپ، ئۆي - ئىمارەتلەر سەرەمجانلاشتۇرۇلدى، ئاندىن ئىبادەتخانا كەينىدە قانچىلىك ۋەج - دۇنيا بارلىقى كۆزدىن كەچۈرۈلدى - دە، غىزا - تائام، مەي - شاراب ھازىرلىنىپ سورۇن تۈزۈلۈپ، مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى. لۇ جىشېن بىلەن ياڭ جى تاغ تۇرانىڭ بېگى بولدى، ئەل بولغان چاپارمەنلەرنى جوڭقۇرۇشقا ئاۋۋالقىدەك كىچىك سەردارلار تەيىنلەندى. ساۋ جېڭ پالۋان ياڭ جى ۋە لۇ جىشېن بىلەن ۋىدالىشىپ ئوتاقچىلارنى باشلاپ ئۆيىگە قايتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

## نەزم

بۇتخانا ئىدى ھەيۋەت، يېشىللىق ئارا خىلۋەت،
ئوغرىلار ماكان ئەتكەچ، قالمىغانىدى شەپقەت.
گۇلدار شەيخ يارالمىشتۇر، تەڭرىدىن ئېلىپ قۇدرەت،
ئوينىتىپ قىلىچ - گۇرزە، تاپتى ئۇ ئۇلۇغ نۇسرەت.

ياڭ جىغا بېغىشلانغان يەنە بىر نەزم مۇنداق يېزىلغان:

ئەقىللىك، چېۋەر ياڭ جى لۇ جىشېنغا يار بولدى،
ئەل كېزەر مۇساپىرلار ئورمانىغى بوپقالدى.
شىر - قاۋاننى يوگەنلەپ، ئىككى پالۋان دوست بولدى،
مەڭلىك ياۋا تەقۋادار دەپ بىلگەنلەر خۇش بولدى.

لۇ جشېن بلەن ياڭ جلارنڭ ئېرلۇڭشەن تېغغا جايلاشقانلقنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەمدى گەپنى بۇياقتن ئاڭلايلى. مەۋلۇت كۇنگە ئاتالغان سوۋغاتنى ئېلپ ماڭغان قېرى كاھبەگ بلەن برنەچچە چېرك تاڭ سەھەردە يولغا چقپ تۇن كېچدە ئۇستۇن ئاستانگە قايتپ كەلدى. بۇلار لياڭ مرزبەگ مەھكمسگە يېتپ كەلگەندن كېين توپتوغرا دۋانغا كرپ، لياڭ مرزبەگنڭ ئايغغا يقلپ تەزم قلدى.

— هارمغايسلەر، سلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدى لياڭ مرزبەگ، — باقاۋۇل ياڭ جى قېنى؟

— ئۇنى قويسلا، — دېدى كۆپچلك، — ئۇ تازا تۇزكور ئوغرى ئكەن! بۇ يەردن مېڭپ بەش ـ ئالتە كۇن ئۆتكەندن كېين سېرق تۆپلككە يېتپ بارغاندا كۇن بەك ئسسپ، ھەممز دەرەخ سايسدا سەگدەپ ئولتۇراتتۇق، ئۇنڭ يەتتە قاراقچى بلەن تل بركتۇرۇۋالغانلقنى نەدن بلەيلى. يەتتە قاراقچى چېلان ساتدغان سودگەرلەرچە ياسنۋاپتۇ. ياڭ جى ئۇلار بلەن پۇتۇشۇپ قويغانكەن، ئۇلار يەتتە غالتەك بلەن سېرق تۆپدكى قارغايلقتا كۇتۇپ تۇرۇپتۇ، برسنى بر ئەپكەش مەي بلەن تۆپلككە دەم ئالغان كشى قلپ چقرپتۇ، بز ئۇقۇشماي ئۇنڭ مېيدن ئېلپ ئچپتمز، ئۇ هارامزادە مەيگە بھوش دورسى سېلپ قويۇپتكەن، بزنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈۋەتتى. شۇنڭ بلەن ئۇلار بزنى ئارغامچا بلەن باغلاپ قويدى ـ دە، ياڭ جى ئاشۇ يەتتە قاراقچى بلەن سوۋغاتنى ۋە كۇدە ـ كۆرپلرمزنڭ ھەممسنى غالتەكلەرگە سېلپ ئەكېتشتى. بۇ ئەھۋالنى شۇ تەۋەدكى ججۇ ئايماق يامۇلغا مەلۇم قلپ قويدۇق. ئككى پايلاقچنى يامۇل بلەن ئۇقۇشۇپ قاراقچلارنى تۇتۇپ كېلشكە شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويدۇق. ئۆزمز ھەزرەتلرگە مەلۇم قلش ئۇچۇن كېچلەپ يول يۇرۇپ قايتپ كەلدۇق.

لياڭ مرزبەگ بۇنى ئاڭلغاندن كېين چۆچۇپ كەتتى ۋە:

«ھەي پالاندى! سەن بىر گۇناھكار ئىدىڭ، مەن شۇنچە ھەممەت بىلەن سىېنى يۆلەپ ئادەم قىلىپ قويسام، تۇزۇمنى ئۇنتۇپ قولۇڭدىن كەلگىنى شۇمۇ؟ ئەگەر قولۇمغا چۈشۈپ قالساڭ ئۇستىخىنىڭنى تالقان، گۆشۈڭنى قىيما قىلمىسام ھېساب ئەمەس!» دەپ كايىپ كەتتى ۋە دەرھال مۇنشىنى چاقىرىپ ئالاقە يازدۇرۇپ، شۇ زامانلا كېچىلەپ جىجۇ ئايمىقىغا ئادەم چاپتۇردى. يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى كېچىلەپ ئاستانىگە يەتكۈزۇپ، ۋەزىرئەزەمنى خەۋەردار قىلىشقا يەنە بىر ئادەم ئەۋەتتى.

جىجۇ ئايمىقىغا ئالاقە بىلەن ئادەم چاپتۇرغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، ۋەزىرئەزەمنى خەۋەردار قىلىشقا ئاستانىگە بۇيرۇلغان ئادەم ئۇستىدە توختىلايلى. ئەۋەتىلگەن ئادەم ۋەزىرئەزەم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەكتۇپنى سۇندى. ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— بۇ قاراقچىلار شۇنچىمۇ بىشى چوڭ بولۇپ كېتەمدۇ! كۇيۇئوغلۇم بولتۇر ئەۋەتكەن سوۋغاتلارنى بۇلاپ كەتكەندى، بۇگۇنگىچە ئۇچۇرى يوق، بۇ يىل بولسا يەنە يولدىن چىقىپ شۇنداق قىپتۇ، بۇنى زادى قانداق قىلغۇلۇق؟! — دېدى - دە، شۇ زامان بۇ قاراقچىلارنى دەرھال تۇتۇپ، تېزدىن ماڭا ئۇچۇر بەرگەيسىز، دېگەن مەزمۇندا ئالاقە يېزىپ، ئۇنى كېچىلەپ جىجۇ ئايمىقىنىڭ بېگىگە يەتكۈزۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن يامۇل خادىمىغا تۇتقۇزدى.

جىجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ئۇستۇن ئاستانە داملىڭ دىيارى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ مىرزىبەگ ئەۋەتكەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن ئېتىبارەن، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالغانىدى. ئۇ شۇنداق غەم - غۇسسە ئىچىدە تۇرغاندا، قوۋۇقچى:

— ئاستانىدىكى ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىدىن بىر خادىم كەپتۇ، دىۋان ئالدىدا قالدى، ئالدىراش ئالاقە ئەكەلدىم، بېگىم بىلەن كۆرۈشىمەن دەيدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئاياقبېگى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ: «ھەرقاچان مەۋلۇت كۈنىگە ئاتالغان سوۋغاتنىڭ ئىشىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ــ دە، ئالدىراپ ــ تېنەپ دىۋانغا چىقىپ كەلگەن خادىم بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بۇ ئىش خۇسۇسىدا لياڭ مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ شىكايەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قاراقچىلارنى تۇتۇشقا ئادەم بۇيرۇغانىدىم، تېخى ئىز ــ دېرىكى بولمايۋاتىدۇ. تۇنۇگۈن مىرزىبېگىممۇ مەكتۇپ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپتۇ، شۇ زامان پاششابەگ ۋە تۇتقاۋۇللارنى چارلاپ تۇرۇشقا مۆھلەت بىلەن چىقاردىم، تېخى تۇتۇلغىنى يوق. ئازراقلا ئۇچۇرى چىقسا بېگىم ھۇزۇرىغا بېرىپ مەلۇم قىلىمەن، — دېدى.

— پېقىر ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولىمەن، بۇگۈن ۋەزىرئەزەمنىڭ ئالىي پەرمانىنى ئېلىپ ئاشۇ ئادەملەرنى ئېلىشقا كەلدىم. يولغا چىقىش ئالدىدا، ۋەزىرئەزەمنىڭ ئۆزى: «سەن ئۇ يەرگە بېرىپ، يامۇلدا كۈتۈپ يات، يەتتە نەپەر چىلان ساتقۇچى سودىگەر بىلەن مەي ساتقۇچىنى ھەم قاچقۇن سىپاھبەگ ياڭ جىنى ئون كۈن ئىچىدە تۇتۇپ، ئاستانىگە يوللاپ بەرسۇن» دەپ جېكىلىدى. ئەگەر ئون كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە بۇ پەرماننى ئادا قىلمىسا، چۆل ئارال[1]غا بېرىپ قىلىشلىرىمۇ يىراق گەپ ئەمەس، پېقىرنىڭمۇ ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىگە قايتمىقىم تەس بولىدۇ، جېنىمىنىڭ ئامان قېلىشىغىمۇ كۆزۈم يەتمەيدۇ. بېگىم، ئىشەنمىسىلە، ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسى ئەۋەتكەن پەرماننى كۆرۈپ باقسىلا.

ئاياقبېگى پەرماننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال تۇتقاۋۇللارنى چاقىردى. شۇئان تۆۋەندە — پەردىنىڭ سىرتىدا —

---

① چۆل ئارال — شەندۇڭ ئۆلكىسى فېڭلەي ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر دېڭىزنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئارال. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چۆل، خىلۋەت ماكان ئىدى، بۇ يەرگە بولسا پالىنىدىغانلار ئەۋەتىلەتتى.

بىر ئادەمنىڭ «سالام» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
— قايسىڭسەن؟ — دېدى ئايماقبېگى.
— تۇتقاۋۇل خې تاۋمەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم.
— بۇرناكۇن سېرىق تۆپىدە بولاپ كېتىلگەن سوۋغاتنى تېپىش ۋەزىپىسى ساڭا تەئەللۇقمىدى؟ — دەپ سورىدى ئايماقبېگى.
— داد بېگىم، بۇ خۇسۇستىكى پەرماننى ئالغاندىن كېيىن نەچچە كېچىلەپ كۆز يۇممىدىم، قول ئاستىمدىكى ئاقىل ۋە چاققان خادىملارنى قاراقچىلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن سېرىق تۆپىگە قايتا - قايتا ئەۋەتتىم، ئۇلارنى نەچچە - نەچچە رەت جاۋابكارلىققا تارتىپ ئەدەپلىگەن بولساممۇ، قاراقچىلارنىڭ بۈگۈنگىچە ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە سۇسلۇق قىلغىنىم يوق، راستلا، ھېچ ئىلاج قىلالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى خې تاۋ.
— قۇرۇق گەپنى قوي! «غوجىسى بوشاڭ بولسا، چاكىرى مىس - مىس كېلىدۇ». مەن بىر تەشرىپدارمەن، ئۆزۈڭدىن مۇشۇ ئايماقنىڭ بېگى بولۇپ كېلىۋاتىمەن، بۇ مەنسەپ ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس! بۈگۈن ئاستانە ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسى بىر خادىم ئەۋەتىپتۇ، ۋەزىرئەزەم ئۆز ئەمرىدە: «ئون كۈن ئىچىدە ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتۇپ كۈنچىقىش ئاستانىگە ئەۋەتسەن» دەپتۇ. ئەگەر مۆھلەتتىن كېچىكىپ قالسا، مەنسىپىمدىن ئېلىپ تاشلىغاننىڭ ئۈستىگە، چۆل ئارالغا پالىشى تۇرغان گەپ. سەن تۇتقاۋۇل تۇرۇقلۇق، بۇنىڭغا سەل قاراپ مېنى بالاغا قويۇۋاتىسەن. مەن ئاۋۋال سەن مەلئۇننى يىراق جاپالىق لەشكەر كۈرەسىگە — ئۈچار قۇشمۇ بارالمايدىغان ماكانغا — پالىمىسام بولمىدى! — دېدى ئايماقبېگى ۋە شۇ زامان خەتتاتنى چاقىرتىپ، خې تاۋنىڭ يۈزىگە ئايماقنىڭ نامى سىغقۇدەك ئورۇننى بوش قالدۇرۇپ، «... ئايمىقىغا پالاندى» دېگەن سۆزلەرنى چەكتۈردى ۋە:

— ھەي خې تاۋ ! ئەگەر قاراقچىلارنى تۇتۇپ كېلەلمىسەڭ، گۇناھىڭ ئېغىرلىشىدۇكى، زادىلا گۇناھىڭدىن ئۆتمەيمەن ! ئۇقۇپ قوي، — دېدى.

## نەزم

خەت چېكىپ خەقنىڭ يۈزىگە ھەددىدىن ئاشتى تازا،
ئۆز بېشىن دەپ ئۆزگىگە سالدى زۇلۇم، بەردى جازا.
ئەپ - ئامال ھاسىل بولامدۇ يۈزگە داغ سالغان بىلەن،
خوپ ئەقىل تاپقان بولاتتى ئويلىنىپ كۆرسە راسا.

خې تاۋ پەرمانىنى ئالغاندىن كېيىن دىۋاندىن مۇلازىملار خانىسىغا كىرىپ بىرمۇنچە خىزمەتكارلارنى مەسلىھەتخانىغا يىغىپ، ۋەزىيەتنى ئۇستىدە مەسلىھەت ئالدى. خىزمەتكارلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، خۇددى ئاغزىغا ئوق قادىلىپ قالغان تورنا بىلەن تامىقى قارماققا ئىلىنغان بېلىقتەك لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇشتى. خې تاۋ:

— سىلەر ئادەتتە ھەممىڭلار مۈشۈك خانىنى پاناھ تۇتۇپ، پۇل تاپاۋەت قىلاتتىڭلار، مانا ئەمدى بېشىمغا كۈن چۈشكەندە غىڭ قىلماي ئولتۇرىسىلەر. مېنىڭ يۈزۈمگە چېكىلگەن تامغىغا قاراپ بولسىمۇ ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، — دېدى.

— داد تۇتقاۋۇل، بىزمۇ ئادەم، ھېچنېمە بىلمەيدىغان كۆتەك ئەمەسقۇ؟ سودىگەر بولۇۋالغان ئاشۇ بىر توپ ئادەملەر باشقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك، ئۇلار تاغدا قاراقچىلىق قىلىپ، ياك جىلار ئەكېتىۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈشنى بۇلىۋېلىپ، تاغ تۇراسىغا ئاپىرىپ مېغىزىنى چېقىۋاتسا كېرەك، ئۇنى قانداق تۇتقىلى بولسۇن؟ ئۇلارنى بىلگەن تەقدىردىمۇ تۇتۇشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ، — دېدى خىزمەتكارلار.

خې تاۋنىڭ قايغۇسى باشتا بەش ھەسسە بولسا، بۇ گەپنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بەش ھەسسە ئاشتى. ئۇ مۇلازىملار خانىسىدىن چىققىنىچە ئىتتىغا مىنىپ ئۆيىگە قايتتى ۋە ئىتىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئوقۇرغا باغلىدى ـ دە، ئۆيىگە كىرىپ تەنها ئولتۇرۇپ پەرىشانلىقتا غەم سۇرۇپ كەتتى.

## نەزم

چېھرىگە چاڭگا تىزىپتۇ، قاتمۇقات دەرد ۋە ئەلەم،
چۈلغىغان كۆڭلىنى پاتمان ئاھ ـ پىغان، ھەسرەت ۋە غەم.
توردىن قاچقان بىلىقنى تۇتقۇسى قانداق قىلىپ،
كوزىدىن تاشپاقنى تۇتسا، بېرەر كىم ياردەم؟

ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن خوتۇنى:
— دادىسى، بۇگۈن نېمىشقا چىرايىڭىز شۇنچە سولغۇن؟ — دەپ سورىدى.
— سەن بىلمەيسەن، بۇرناكۇن ئايماقبېگى ماڭا بىر پارچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ: ئەسلىدە سېرىق تۆپىدە بىر توپ قاراقچى لياڭ مىرزىبەگنىڭ ئۆز قېيىنئاتىسى ۋەزىر ئەزەم سەي جىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش مەرىكىسىگە ئاتاپ ماڭدۇرغان ئون بىر ئەپكەشلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت سوۋغىتىنى بۇلاپ كەتكەنىكەن، ئۇ قاراقچىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم. مەن بۇ بۇيرۇقنى ئالغاندىن بۇيان ھېلىغىچە ھېچ دېرىكىنى ئالالمىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭ مۆھلىتى توشاي دەپ قالغانىدى، كۈتۈلمىگەندە ۋەزىر ئەزەم مەھكىمىسىدىن شۇ بىر توپ ئوغرىنى دەرھال تۇتۇپ ئاستانىگە ئەۋەتسۇن دەپ يەنە خادىم ئەۋەتىپتۇ، ئايماقبېگىم مېنىڭدىن قاراقچىلارنىڭ دېرىكىنى سورىۋىدى، مەن: «تېخى دېرىكىنى ئالالمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم، ئايماقبېگىم مېنىڭ يۈزۈمگە «... ئايمىقىغا پالاندى» دېگەن سۆزلەرنى چەكتۈردى، قايسى ماكانغا پالىنىدىغانلىقىمنى

چەكمەي بوش قالدۇردى، ئاقىۋەت هاياتىم قانداق بولاركىن؟ — دېدى.
— ئۇنداق بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ نېمە بولۇپ كېتەر ئاخىر! — دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى.
شۇنداق دېيىشىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىنىسى خې چىڭ كىرىپ كەلدى، خې تاۋ:
— سەن نېمىدەپ كەلدىڭ؟ قىمارنىڭ ئويناۋەرمەي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى.
خې تاۋنىڭ خوتۇنى چېچەنلىك قىلىپ، دەرهال:
— ئىنىم، ئاشخانىغا كىرىڭ گېپىم بار، — دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چاقىردى.
خې چىڭ يەڭگىسىنى ئەگىشىپ ئاشخانىغا كىردى. يەڭگىسى مەي ـ تائام تەييارلىدى ۋە بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىسسىتىپ كېلىپ، ئۇنى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.
خې چىڭ يەڭگىسىدىن:
— ئاكام نېمانچە خورلايدۇ مېنى؟ مەن هەرقانچە يارىماس ئادەم بولساممۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشىغۇ! ئۇ هەرقانچە قالتىس بولۇپ ئاسمانغا چىقتىم دېگىنى بىلەنمۇ ئۇلاشقىنى ئارانلا تۇتقاۋۇللۇق مەنسەپ، مەن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ مەي ئىچسە، ئۇنىڭ ئابرۇيى چۇشۇپ كېتەرمىدى؟ — دېدى.
— ئىنىم، سىز بىلمەيسىز، ئاكىڭىزنىڭ كۆڭلى غەش، ئۇ تەس كۈنگە قالدى!
— ئۇنىڭ كۈندە تېپىۋاتقان تاغارلاپ پۇل ـ مېلى نەگە كەتتى؟ پۇل دېسە پۇل، ئاشلىق دېسە ئاشلىق ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسا، نېمىشقا تەس كۈنگە قالىدۇ؟
— سىز بىلمەيسىز، سېرىق تۆپىدە بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بىر توپ چىلان ساتقۇچى سودىگەر ئۇستۇن ئاستانىدىكى لياڭ مىرزىبەگنىڭ ئۆز قېيىنئاتىسى ۋەزىر ئەزەم سەي جىڭنىڭ مەۋلۇت كۈنىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن سوۋغىتىنى بۇلاپ

كېتىپتۇ، يېقىندا جىجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ۋەزىر ئەزەمنىڭ: «ئون كۈن مۆھلەت ئىچىدە ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتۇپ ئاستانىگە يەتكۈزۈڭلار» دېگەن پەرمانىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئۇلارنى تۇتۇپ كەلمىسە، جاپالىق ياقا يۇرتقا پالىغۇدەكمىش. ئاكىڭىزنىڭ يۇزىگە ئايماقبېگىنىڭ «... ئايمىقىغا پالاندى» دېگەن سۆزلەرنى چەككەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ نەگە پالىنىدىغانلىقىنى كېيىن چەككۇدەك بوش ئورۇن قالدۇرۇپتۇ، قاچانىكى تۇتۇلماي قالسا، راستىلا ئازابقا قالىدۇ! ئۇنداق تۇرسا ئۇنىڭ سىز بىلەن مەي ئىچىشكە قانداق رايى بارسۇن؟ شۇڭا، مەن سىزگە ئايرىم مەي ـ تائاملارنى ھازىرلىدىم. ئۇ خېلىدىن بېرى پەرىشان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— مەنمۇ «قاراقچىلار سەي جىڭنىڭ مەۋلۇتىغا ئاتالغان سوۋغاتنى بۇلاپ كېتىپتۇ» دېگەن مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلىدىم، ھازىر قەيەردىكەن؟

— سېرىق تۆپىدىمىش.

— قانداق ئادەملەر بۇلاپ كېتىپتۇ؟

— ئىنىم، مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن ھېلىلا سىزگە چىلان ساتىدىغان يەتتە سودىگەر بۇلاپ كېتىپتۇ دېدىمغۇ.

— مۇنداق دەڭچۇ، — دېدى قاقاھلاپ كۇلۇپ خې چىڭ، — چىلان ساتقۇچى سودىگەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋلۇق يەنە نېمىشقا شۇنچە قايغۇرىدۇ؟ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە پۇختىراق ئادەم ئەۋەتسىلا بولمىدىمۇ؟

— گەپ دېگەننى قىلماق ئاسان، بىراق ئۇلارنى نەدىن تۇتىدۇ؟

— يەڭگە، — دېدى خې چىڭ كۇلۇپ، — سىز نېمە غەم قىلىسىز، ئاكام بىر توپ مەيخۇمار يەپ قاچار بۇرادەرلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مېنىڭدەك بىر قورساق قېرىنىدىشى بىلەن كارى بولمايدۇ، مانا ئەمدى چاتاق چىققاندا، مۇشكۇل كۈنگە قالدىم، دەپ زارلايدۇ. ئەگەر ماڭا ئۇقتۇرۇپ بىرنەچچە يارماقنىڭ

مېھرىدىن كەچكەن بولسا، ئۇنداق قاراقچىلارنى تۇتماق قانچىلىك مۇشكۇل ئىش ئىدى؟

— ئىنىم، سىز بۇنىڭ ئازراق شامىلىنى ئۇقتىڭىزمۇيا؟

— ئاكامنىڭ بېشىغا تازا كۈن چۈشكەندە ئاندىن مەن بىر يولى بىلەن قۇتقۇزىمەن، — دېدى ـ دە، خې چىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. يەڭگىسى ئۇنى يەنە بىر ئاز ئىچىڭ دەپ تۇتۇپ قالدى.

بۇ ئايالغا بايىقى گەپلەر غەلىتە تۇيۇلۇپ، دەرھال چىقىپ ئۇنى ئېرىگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. خې تاۋ شۇ زامان ئىنىسىنى چاقىرتىپ كىردى. ئۇ:

— ئىنىم، سەن بۇ قاراقچىلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا ماڭا ياردەم قولۇڭنى سۇنمايسەن؟ — دەپ يالۋۇردى ھەجىيىپ.

— مېنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ باش ـ ئايىغىدىن ھېچ خەۋىرىم يوق، يەڭگەمگە چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپ قويدۇم. مەن قانداقسىغا ساڭا ياردەم قولۇمنى سۇنالايمەن؟! — دېدى خې چىڭ.

— جېنىم ئىنىم، ماڭا باغرى تاشلىق قىلما. مېنىڭ بەزى چاغلاردىكى يامانلىقىمنىلا كۆرمەي، ئادەتتىكى چاغلاردا قىلغان ياخشىلىقلىرىمنىمۇ ئويلاپ، مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالغىن !

— ئاكا، قول ئاستىڭدا ئىككى ـ ئۈچ يۈز چەبدەس دورغىلىرىڭ بار، نېمىشقا ئۇلار سېنى دەردتىن خالاس قىلمايدۇ؟ مەن يەككە ـ يېگانە بىر ئادەم، سېنى قانداق قۇتقۇزۇپ قالالايمەن !

— ئىنىم، قوي ئۇلارنى، گېپىڭگە قارىغاندا ئازراق ئېپىڭ باردەك تۇرىدۇ، قولۇڭدىن كېلىدىغىنىنى باشقىلارغا قىلماي، ماڭىمۇ قىلىپ باق. ماڭا ئۆچىنى بولسىمۇ ئېيتىپ بەرسەڭ، ساڭا قولۇمدىن كەلگەننى ئايىمايمەن. مېنى تولا ئىنتىزار قىلما !

— مەن نېمىنى بىلەي، ئۆچىنىمۇ بىلمەيمەن !

— چاقچىقىڭنى قوي، بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلىقنىڭ يۈزىنىمۇ قىلغىن.

— ئالدىرىما، ئۇ قاراقچىلار قانچىلىك بىرنېمىدى، يامىنىغا كەلگەندە ئۇلارنى تۇتۇشقا ئاز ـ پاز كۈچ چىقىرارمەن.

— ئىنىم، ئاكىڭىزنى قىرىنداشلىقىنىڭ يۈز ـ خاتىرىدىن بولسىمۇ بىر ئىلاج قىلىپ قۇتقۇزۇڭ. يېقىندا ۋەزىر ئەزەم مەھكىمىسىدىن بۇ ئادەملەرنى دەرھال تۇتۇپ ئەۋەتىش ھەققىدە پەرمان كەپتۇ، شۇنچە چوڭ ئىش تۇرسا، سىز قاراقچىلارنى قانچىلىك بىرنېمىدى دەيسىزا! — دەپ سۆز ئارىلىدى يەڭگىسى.

— يەڭگە، سىزگە مەلۇم، مەن قىمار توغرۇلۇق ئاكامدىن نۇرغۇن تىل ئاڭلىدىم، ئۇرۇپ ـ تىللىسىمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغىنىم يوق. نەچچە ۋاقىتتىن خەققە يېدۇرۇپ ـ ئىچۈرۈپ ھالاۋىتىنى كۆرسىتىدىكەنۇ، ئەمدى بولسا مەن كېرەك بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟ — دېدى خې چېڭ.

خې تاۋ ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى چۈشىنىپ، دەرھال ئون سەرلىك بىر يامبۇنى چىقىرىپ شىرەگە قويدى:

— ئىنىم، ھازىرچە مۇشۇ يامبۇنى يېنىڭغا سېلىپ قوي، قاراقچىلار تۇتۇلغاندىن كېيىن سېنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن مۇكاپاتلاشنى پۇتۇنلەي ھۆددىگە ئالاي.

— ئاكا، بۇ تازىمۇ «بېشىغا كۈن چۈشسە خۇدا دەيدۇ، كۈن چۈشمىسە ياد ئەتمەيدۇ» دېگەن گەپنىڭ ئۆزى بولدى. سېنىڭ يامبۇيۇڭنى ئالسام، قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك بولىدۇ. بۇ يامبۇيۇڭ ئۆزۈڭگە قالسۇن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى گوللىما. ئەگەر سەن شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، مەن ئېيتىپ بەرمەيمەن، ئىككىلىڭلار ماڭا ناماقۇل بولساڭلار مەن ئېيتىپ بېرىمەن، پۇل بىلەن مېنى مەلىكە قىلمەن دېمە.

— بۇنىڭغا پادىشاھلىق بىرمۇنچە ئىنئام ئاتاۋاتسا، ئۈچ ـ تۆت تىزىق يارماق چىقمايدۇ دەمسەن؟ ئىنىم، بۇنى رەت قىلماي يېنىڭغا سېلىپ قوي، قېنى ئېيتقىنچۇ، بۇ قاراقچىلارنىڭ دېرىكى بارمۇ؟

— بۇ قاراقچىلارنىڭ ھەممىۋاسى مېنىڭ يانچۇقۇمدا، — دېدى

خې چىڭ يوتىسىغا ئۇرۇپ.

— ئىنىم، سەن بۇ قاراقچىلارنى مېنىڭ يانچۇقۇمدا دەۋاتىسىنا؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى خې تاۋ.

— ئاكا، مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە، سەن كۆمۈشۈڭنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ، مېنى گوللىماي، كۆيۈمچانلا بولىدىغان بولساڭ مەن ئېيتىپ بېرىۋېرىمەن.

خې چىڭ ئالدىرىماستىن ئىككى پۇتىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، سۆزنى ئېزىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن مەرد باتۇرلار مەيدانغا چىقتى، لياڭشەن كۆلىگە ئاسماننى تىرەپ تۇرغۇدەك بىر توپ پالۋان توپلاندى. خې چىڭنىڭ خې تاۋغا زادى كىملەرنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئون سەككىزىنچى باب

## كۆركە ساقالنىڭ قاناتلىق يولۋاسنى مەلىكە قىلغانلىقى سۈڭ دانىشنىڭ چاۋ گەي ھەزرەتنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكى

شۇ چاغدا تۇتقاۋۇل خې تاۋ ئىنىسى خې چىڭغا:

— بۇ يامبۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئىنئامغا ئاتىغىنى. بۇنىڭ بىلەن سېنى ئالداۋاتقىنىم يوق. يېنىڭغا سېلىپ قويغىن، كېيىن بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئىنئام ئالىسەن، ئىنىم، سەن بۇ قاراقچىلارنى قانداقسىغا يانچۇقۇمدا دەيسەن؟ — دېدى.

خې چىڭ يېنىغا ئېسىۋالغان ھۆججەت تەللىسىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ:

— بۇ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا يېزىقلىق، — دەپ كۆرسەتتى.

— قانداقسىغا بۇنىڭغا يېزىقلىق؟ — دەپ سورىدى خې تاۋ.

— ئاكا، سېنىڭدىن يوشۇرىدىغان يېرى يوق، — دېدى خې چىڭ، — نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، يېنىمدا پارچە خىراجەتكە بىر تىيىنمۇ قالماي تۇرغاندا، بىر قىمارۋازغا ئۇچراپ قالدىم، ئۇ مېنى يۇقىرى قوۋۇقنىڭ يىگىرمە يول نېرىسىدىكى ئارام كەنتتە ۋاڭ ئىسىملىك بىرىنىڭ سارىيىغا باشلاپ بېرىپ، ئازراق چوتار يىغىپ بەردى. پادىشاھلىق شۇ كەنتتىكى سارايۋەنلەرگە: «بىر يۇزىگە جوپ تەمتەك[①] بېسىلغان دەپتەر تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ھەر كېچىسى قونغان يولۇچىلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقى، نام ـ

① تەمتەك — بۇ يەردە تامغا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمەلى ۋە ھال ـ ئوقىتىنى سوراپ، پۈتۈپ تۇرسىلەر» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنى ھەر ئايدا بىر نۆۋەت يۇرت ئاقساقىلىغا تەكشۈرتۈپ تۇرىدىكەن. سارايۋەننىڭ خەت ساۋاتى بولمىغانلىقتىن، مەن ئۇنىڭغا يېرىم ئايچە يېزىشىپ بەردىم. ئالتىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى چىلان ساتىدىغان يەتتە يولۇچى يەتتە غالتەك بىلەن سارايغا چۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ سەركەردىسىنى تونۇيتتۇم، ئۇ سەركەردە يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ كۈنچىقىش مەھەللىسىنىڭ ئاقساقىلى چاۋ گەي ئىدى، ئۇنى قانداق تونۇيتتۇڭ دېمەمسەن؟ مەن بىر قېتىم بىر قىمارۋاز بىلەن ئۇنى پاناھداپ بېرىپ تونۇشۇپ قالغانىدىم. مەن دەپتەرگە پۈتۈۋېتىپ: «مېھمان، قايسى ئۇرۇقتىن بولىدىلىكىن؟» دەپ سورىشىمغا، كۆركە ساقاللىق، كۆتمەك بۇرۇتلۇق، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بىرسى ئالدىمغا ئېتىلىپ كېلىپ: «لى ئۇرۇقىدىن بولىمىز. خاۋجۇ ئايمىقىدىن ئاستانىگە چىلان سېتىپ كېلىشكە كېتىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى، مەن شۇنداق دەپ پۈتۈپ قويغان بولسامۇ، ئازراق شەكلىنىپ قالدىم، ئەتىسى ئۇلار كېتىپ قالدى، سارايۋەن مېنى كەنتكە قىمار ئويناپ كېلىشكە باشلاپ ماڭدى، بىز بىر ئاچالغا يېتىپ بارغاندا، ئەپكەشتە ئىككى سوغا كۆتۈرگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى. مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، سارايۋەن ئۇنى: «بەي شېڭ ئاكا، نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ چاقىردى، ئۇ كىشى: «سىركە ئەكەلدىم، كەنتتىكى باينىڭكىگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. سارايۋەن ماڭا: «بۇ كۈندۈز چاشقىنى بەي شېڭ دېگەن كىشى بولىدۇ، ئۆزى قىمارۋاز» دېدى. مەن ئۇنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم، كېيىن: «سېرىق تۆپىدە چىلان سېتىشقا كېتىۋاتقان بىر توپ يولۇچىلار خەقلەرنى بىھوش دورىسى ئىچۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈۋېتىپ، مەۋلۇت سوۋغىتىنى بۇلاپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر پۇر كەتتى. مەن بۇنى بۇلاپ كەتكەنلەر ئاشۇ چاۋ گەي ئاقساقاللار بولماي كىم بولاتتى! دەپ پەرەز قىلغانىدىم، ھازىر بەي شېڭنى قولغا ئېلىپ

سوراق قىلسىلا، ھەممە گەپ مەلۇم بولىدۇ. مانا بۇ دەپتەردىكىلەر مېنىڭ كۆچۈرۈۋالغان نۇسخام.

خې تاۋ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇش بولدى، ئۇ شۇ زامان ئىنىسى خې چىڭنى باشلاپ ئايىماق يامۇلىغا بېرىپ كۆرۈشتى.

— ھېلىقى ئىشنىڭ ئاززاق ئۇچۇر - پۇچۇرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايىماقبېگى.

— سەل - پەل خەۋىرى چىقىپ قالدى، — دېدى ئېھتىرام بىلەن خې تاۋ.

بەگ ئۇلارنى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا ئەكىرىپ، ئىنچىكىلەپ سورىدى. خې چىڭ بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلدى. شۇ چاغدا ئايىماقبېگىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خې تاۋ، خې چىڭلار سەككىز يايىنى باشلاپ، كېچىلەپ ئارام كەنتكە بېرىپ، سارايۋەنگە يول باشلاتقۇزۇپ، ئۇدۇل بەي شېڭنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ تاڭ كېچە ۋاقتى ئىدى. ئۇلار ئىشىكنى ئاچتۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ گۇڭگۇرت ياقتى، كات ئۇستىدە بەي شېڭنىڭ ئاللا - توۋا دەپ ئىنجىقلاۋاتقانلىقىلا ئاڭلىناتتى، ئۇنىڭ خوتۇنىدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ: «بەزگەك بولۇپ قالدى، تەرلىيەلمەيۋاتىدۇ» دېدى. بۇلار ئۇنى كاتتىن سۆرەپ چۈشتى، ئۇ ھودۇقۇپ تاتىرىپ كەتتى، يايىلار ئۇنى دەرھال باغلىدى ۋە:

— سېرىق تۆپىدە تازا ئوبدان ئىش قىپتىكەنسەن! — دەپ توۋلىدى.

بەي شېڭ نەدىكىنى تەن ئالسۇن، بۇلار ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ باغلىدى، ئۇمۇ زادى تەن ئالمىدى. يايىلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىپ، بۇلۇڭۋالغان ماللارنى ئاختۇرا - ئاختۇرا، كاتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى، ئۇلارنىڭ كۆزى كاتنىڭ تېگىدىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل تۇرغان يەرگە چۈشتى. يايىلار دەرھال ئۇ يەرنى قازدى، بەل بويى قازغاندىن كېيىن يايىلار: «مانا تېپىلدى» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى، بەي شېڭنىڭ چىرايى بولسا تاتىرىپ

تامدەك بولۇپ كەتتى، ئەنە شۇ يەرنىڭ تېگىدىن بىر بوغجۇما ئالتۇن ـ كۈمۈش چىقتى، يايلار شۇ هامان بەي شېكنىڭ باش ـ كۆزىنى ئوراپ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ، هارام مالالارنى كۆتۈرگىنىچە كېچىلەپ جىجۇ ئايمىقى شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. دەل سۈبھى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، بۇلار بەي شېكنى دىۋان ئالدىغا يالاپ ئەكېلىپ، ئارغامچا بىلەن باغلىدى. ئۇنىڭدىن يول كۆرسەتكۈچىنى سورىدى، ئۇ تېنىپ، چاۋ گەي ئاقساقال باشلىق يەتتە كىشىنى زادى ئىقرار قىلمىدى، ئۇستـ ـ ئۇستىلەپ ئۇرۇلغان تاياق دەستىدىن، تېرە ـ گۆشلىرى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتتى. تېنىدىن ئېتىلىپ قان ئېقىشقا باشلىدى.

— سەركەردەڭ هارام مالنى ئىقرار قىلدى، ئۇنىڭ يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ كۇنچىقىش مەھەللىسىدىكى چاۋ گەي ئاقساقال ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدۇق، سەن هارامزادە تېنىپ كېتەلەمسەن ! ئېيت پاتراق، قالغان ئالتە ئادەم كىم؟ ئېيتساڭ تاياقتىن قۇتۇلىسەن ! — دېدى ئايماقبېگى.

بەي شېڭ يەنە بىر پەس ئۇرۇلدى، ئۇ تاياق زەربىسىگە چىدىيالماي:

— باشلىقىمىز بولسا چاۋ گەي ئاقساقال، ئۇ ئالتە ئادەم بىلەن كېلىپ مېنى قورشىۋالدى، ماڭا مەي كۆتۈرتكۈزدى. ئۇ ئالتە ئادەمنى راستلا تونۇمايمەن، — دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ ئاسان، چاۋ گەي ئاقساقاللا تۇتۇلسا ئۇ ئالتە ئادەمنىڭ دېرىكى چىقىدۇ، — دېدى ئامبال ۋە يىگىرمە جىڭ كېلىدىغان تاقاقنى كەلتۈرۈپ، بەي شېڭنىڭ بويىنىغا سالدۇردى؛ خوتۇنىغىمۇ كىشەن سالدۇرۇپ ئاياللار گۇندىخانىسىغا تاشلاتقۇزدى.

شۇ زامان بىر پارچە يارلىق يازدۇرۇپ، خې تاۋغا يايلارنىڭ چاققانلىرىدىن يىگىرمىنى باشلاپ، يۇنچېڭ ناھىيەسىگە بېرىپ، شۇ ناھىيەدىن دەرھال چاۋ گەي ئاقساقالنى ھەم ئىسمى نامەلۇم بولغان ھېلىقى ئالتە ئادەمنى تۇتۇشنى، ئۇلارنى تۇتقاندا ئەسلىدە

سوۋغاتنى قوغداپ ئېلىپ ماڭغان ئىككى پايلاقچىنى بىللە ئالغاچ بېرىشنى تاپشۇردى. تۇتقاۋۇل خېي تاۋلار داۋراڭ بىلەن تۇيدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، كېچىلەپ يول يۈرۈپ يۈنچېڭ ناھىيەسىگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، پايلارنى ۋە ئىككى پايلاقچىنى سارايغا سۇقۇندۇرۇپ قويۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئىككىسىنىلا ئەگەشتۈرۈپ يارلىقنى كۆتۈرگىنىچە يۈنچېڭ يامۇلىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاشكا ۋاقتى بولۇپ، ئامبال ئەتىگەنلىك خىزمىتىدىن قايتىپ كەتكەن، يامۇلنىڭ ئالدىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. خېي تاۋ يامۇلنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر چايخانىغا كىرىپ چاي ئىچكەچ كۈتۈپ ئولتۇردى. بىر سىركايە دەملەنگەن چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن چايچىدىن:

— بۇگۈن يامۇلنىڭ ئالدى نېمانچە جىمجىت؟ — دەپ سورىدى.

— ئامبال بېگىم ئەتىگەنلىك خىزمىتىدىن چۈشۈپ كەتتى، پايلارمۇ، دەۋاگەرلەرمۇ قورساق تويدۇرغىلى كېتىپ تېخى كەلمىدى، — دېدى چايچى.

— بۇگۈن يامۇلدا قايسى مىرزا نۆۋەتچىكىن؟ — دەپ سورىدى خېي تاۋ.

— ئەنە، بۇگۈنكى نۆۋەتچى مىرزا كەلدى، — دېدى چايچى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

خېي تاۋ يامۇلدىن بىر ئەمەلدارنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىشىنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى تۆۋەندىكىدىن بىلگەيسىز:

### نەزم

سۇمۇرغنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ كۆزى،
قاشلىرى گوياكى پىلە قۇرتى.
بەئەينى گۆھەردۇر قۇلاق يۇمشىقى،
كۆزى نۇرلۇق قاپقارا ياقۇتنىڭ ئۆزى.

ئاغزى كىچىككەن، بىجىرىم لىۋى،
ياراشقان يۈزىگە ساقال - بۇرۇتى؛
ئۆسكىلەڭ ماڭلىيى، يايپاڭ چوققىسى،
تېنى ساق، جۇشقۇنلار غەيرەت - قۇۋۋىتى.
ئولتۇرسا يولۋاستەك سۇرلۇك قامىتى،
ماڭسا گەر بۆرىدەك چاققان سۇرئىتى.
قىياسەن ئەمدىلا ئوتتۇزدۇر يېشى،
جاھان ئەھلىگە باردۇر ئەجەب شەپقىتى؛
ئالتە چى كېلىدۇ بوي ئېگىزلىكى،
مەرەزنى دەپئى ئېتەر پەم - پاراستى.
پەلەكتىن ئاشىدۇ مەرد - جاسارىتى،
كۆڭلى بىر گۇلزاردۇر جانىنىڭ راھىتى.
خەتتاتلىق بابىدا شياۋخېدىن ئۆتۇر،
داڭدار مىڭ چاڭدىن چوڭدۇر شۆھرىتى.

ئۇ مىرزا سۇڭ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئېتى جياڭ، لەقىمى دانىش ئىدى، ئۇ ئۇچىنچى ئوغۇل بولۇپ، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ سۇڭ جەمەتلەر كەنتىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆڭى قارا، بوي - تۇرقى پاكار بولغانلىقىغا قاراپ، خەقنىڭ ھەنىنىۋاسى ئۇنى قارىمۇتۇق سۇڭ جياڭ دەپ ئاتىۋالغانىدى؛ ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىغا ناھايىتى ۋاپادار، خەلقلەرگە خەير - ئېھسان قىلغانلىقىغا قاراپ جىمى خەق ئۇنى ۋاپادار قارا باتۇر دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئۆيىدە دادىسى ھايات ئىدى، ئانىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى؛ ئۆزىدىن كىچىك بىر ئىنىسى بولۇپ، خەقلەر ئۇنى تۆمۈر يەلپۈگۈچ سۇڭ چىڭ دەپ ئاتىشاتتى، بۇ ئىنىسى دادىسى سۇڭ غوجا بىلەن كەنتتە دېھقانچىلىق قىلىپ، قول - ئىلكىدىكى يەر - زېمىن، باغۋارانلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. سۇڭ جياڭ بولسا يۇنچېڭ يامۇلىدا مىرزا ئىدى. ئۇ قەلەم ئىشىغا ماھىر، مەنسەپدارلىقتا پىششىق ئىدى، قىلىچ - نەيزىۋازلىقىمۇ

ئىشقىۋاز بولۇپ، ئەلەم ماھارىتىنىڭ نۇرغۇن خىللىرىنى بىلەتتى. ئۇ جاھانكەزدى پالۋانلارنى دوست ـ يار تۇتۇشقا ھېرىس ئىدى. بىراۋ ئۇنى پاناھ تارتىپ كېلىپ قالسا، سەن ئەزىز، سەن خار دەپ ئىلغىماي، جاڭزىدا تۇرغۇزۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ بىللە بولۇپ كۈتەتتى، ھەرگىز زېرىكمەيتتى؛ ناۋادا كەتمەك بولۇپ قالسا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرەتتى، ئۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايتتى، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى توپىدەك سورۇپ خەجلەيتتى؛ خەقلەر ئۇنىڭدىن خەير ـ سەدىقە سورىسىمۇ رەت قىلماي بېرەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇنچىلىك كۆڭۈلچەك ئىدىكى، ھەر ۋاقىت كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلىنى يەڭگىل قىلىپ، ماجىرالىرىنى ئەپلەشتۈرۈپ، جېنىغا پاناھ بولاتتى. ئۇ دائىم خەير ـ سەدىقە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولاتتى، شۇڭا شەندۈڭ، خېبېيلاردا داڭقى چىققانىدى، ھەممە كىشى ئۇنى «شىپالىق يامغۇر» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇنى ئاسماندىن چۈشكەن شىپالىق يامغۇرغا ئوخشىتىپ، جەمئىي مەخلۇقاتنىڭ نىجاتچىسى ئورنىدا كۆرەتتى. سۇڭ جياڭنىڭ خاسىيەتلىرىنى تەرىپلەپ لىنجياڭشيەن ئۇسلۇبىدا پۈتۈلگەن مۇنداق بىر نەزم بار:

يېزا ـ قىشلاق گۈلىستاندا تۆرەلدى بىر چىۋەر خەتتات،
ئەۋەتكەندۇر ئۇنى تەڭرى بېرىپ قۇدرەت، قىلىپ غازات.
ئۆزى ئادىل، كامالەتلىك، ئەمەس بايلىق ئۇنىڭ يارى،
ۋاپادار پۈشتىغا شۇنچە، ئايان مەردلەر ئارا نامى.
قورسىقى كەڭ، سېخىي ـ مەردان، پېقىرلارغا قىلۇر ئېھسان،
پەزىلەتتە ئېسىل ـ دانا، سۆزلۈك سۇدەك نومۇس تاپقان.
شىپالىق يامغۇرۇم دەرلەر ئۇنى ئەلدە جىمى ئىنسان،
ئېتى ئۇندەكچى سۇڭ دانىش، ئۆزى شەندۇڭدا بىر پالۋان.

خى تاۋ كوچىدا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مىرزابېگىم، بۇ يەردە بىر چىنە سىنچاي ئىچىپ ماڭسىلا، — دېدى.

سۇلۇ جياڭ ئۇنىڭ ئىگىمىدىن پادىشاھلىق خادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال سالاملاشتى ۋە:

— ئاغا، ئۆزلىرىنى قەيەردىن سورايمىز؟ — دەپ سورىدى.

— مىرزابېگىم، چايخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا، شۇ يەرگە كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى خې تاۋ.

— قېنى باشلىسىلا، — دېدى سۇلۇ دانىش.

ئىككىيلەن چاكارلارنى ئىشىكتە ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، چايخانىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— ئاغا، نامىشەرىپلىرى نېمىكىن؟ — دېدى سۇلۇ جياڭ.

— كەمىنىلىرى جىجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتۇش خىزمىتىدىكى خې تاۋ تۇتقاۋۇل دېگەن بولىمەن، — دېدى خې تاۋ جاۋاب بېرىپ، — مىرزابېگىم، ئۆزلىرىنىڭ نامىشەرىپلىرى نېمىكىن؟

— تۇتقاۋۇل بېگىم، ئۆزلىرىنى تونۇماپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، مەن بىر كەمتەرىن ئەمەلدار، سۇلۇ ئۇرۇقىدىن بولىمەن. ئىسمىم جياڭ، — دېدى سۇلۇ جياڭ.

خې تاۋ پۇكلىنىپ تەزىم قىلغان ھالدا:

— ئۇزۇندىن داڭقىلىرىنى ئاڭلىغانىدىم، كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولماي كەلدى، — دېدى.

— تۇتقاۋۇل، بىئەدەپلىك قىپتىمەن، تۆرگە ئۆتسىلە، — دېدى سۇلۇ جياڭ.

— يوقسۇ، پېقىرنىڭ تۆرگە چىقىشقا نېمە ھەددىم؟ — دېدى خې تاۋ.

— تۇتقاۋۇل، ئۆزلىرى يۇقىرى يامۇلدىن كەلگەن كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراقتىن كەلگەن مېھمان، — دېدى سۇلۇ جياڭ.

بۇ ئىككىيلەن بىر پەس تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن سۇلۇ

جىياڭ چايچىنى ئىككى سىركايە چاي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بىردەمدە چاي كەلتۈرۈلدى. ئىككىيلەن چايغا ئېغىز تەگدى. سۇڭ جىياڭ:

— تۇتقاۋۇل، ئۆزلىرى ناھىيەمىزگە يۇقىرىنىڭ قانداق ئەمر - پەرمانىنى ئېلىپ كەلدىلىكىن؟ — دېدى.

— ئۆزلىرىدىن نېمىسىنى يوشۇراي، مۇبارەك ناھىيەلىرىگە بىرنەچچە مۇھىم ئادەملەرنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى خې تاۋ.

— ھەرقاچان ئوغرى - قاراقچىلار خۇسۇسىدىكى ئىشتۇ؟

— بىر يارلىق ئەكەلدىم، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان ئوخشايمەن.

— تۇتقاۋۇل، ئۆزلىرىنى يۇقىرىدىن قاراقچىلارنى تۇتۇشقا ئەۋەتكەن تۇرسا، بۇنىڭغا پېقىرنىڭ سۇسلۇق قىلىشقا نېمە ھەددىم؟ قايسى قاراقچىلار خۇسۇسىدىكى ئىشكىنتاڭ؟

— مىرزىبېگىم، ئۆزلىرى بولسىلا بىر مۆھۈردار ئادەم، ئۆزلىرىدىن نېمىسىنى يوشۇراي. مەھكىمىمىز تەۋەسىدىكى سېرىق تۆپىدە بىر توپ قاراقچى — جەمئىي سەككىز كىشى ئۇستۇن ئاستانە داملىڭ دىيارى مەھكىمىسىدىكى لياڭ مىرزىبەگنىڭ ئۆز قېيىنئاتىسىنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئاتىغان سوۋغىتىنى ئېلىپ ماڭغان ئون بەش ئادەمگە بىھوش دورىسى ئىچۈرۈپ ئۆرۈۋېتىپ، ئون بىر ئەپكەشتىكى ئون تۈمەن تىزىق ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتىنى بۇلاپ كەتكەنىكەن. ئەلھال شۇ قاراقچىلاردىن بەي شېڭ ئاتلىق بىرسى تۇتۇلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە جەمئىي يەتتەيلەن بولۇپ، ھەممىسى مۇشۇ ناھىيەدە ئىمىش. بۇنىڭغا ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسى ئالاھىدە بىر سىپاھىنى ئەۋەتىپ، مەھكىمىلىرىگە بۇ ئىشنى دەرھال بىجىرىشنى تاپشۇردى، ئۆزلىرىنىڭ بالدۇرراق كىرىشمەكلىرىدىن ئۈمىدۋارمەن.

— ۋەزىرئەزەمنىڭ بۇيرۇقى ئەمەس، تۇتقاۋۇل، ئۆزلىرىنىڭ يارلىقلىرىلا كەلسىمۇ تۇتۇپ ئەۋەتمەسلىككە نېمە ھەددىم؟ بەي

www.uyghurkitap.com

شىڭ ئىقرار قىلغان يەتتە ئادەم كىم ـ كىملەر ئىكەن؟
— ئۆزلىرىگە ئېيتىۋېرەي، ئۇلارنىڭ باشلىقى ناھىيەلىرىنىڭ كونچىقىش مەھەللىسىدىكى چاۋ گەي ئاقساقال ئىكەن. قالغان ئالتىسىنىڭ ئېتى مەلۇم ئەمەس، بۇنىڭغا ئۆزلىرىنى جوۋتىندىغان چېغىمىز.
سوڭ جياڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئىچىدە: «چاۋ گەي مېنىڭ قەدىناسىم، ئۇ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالمىسام تۇتۇلۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ھاياتى تۈگەشمەمدۇ!» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى ـ دە، ئۇ:
— چاۋ گەي دېگەن بۇ بىرنېمە مەككار ھارامزادىنىڭ بىرى، ناھىيەمىزدە ئۇنىڭدىن زارلانمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، بۇدا قىلغۇلۇقنى قىپتۇ، ئەمدى كۆرگۈلۈكىنىمۇ كۆرە! — دېدى.
— بۇ ئىشقا ئۆزلىرىنى جوۋتىندىغان ئوخشايمىز، — دېدى خې تاۋ.
— ھېچقىسى يوق، — دېدى سوڭ جياڭ، — بۇ ئاسان. «كۆپكە چۈشكەن تاشپاقىنى قول سېلىپ ئېلىش»قا ئوخشاشلا ئىش، ئەمدى شۇ نەرسە تۇرۇپتۇكى، بۇ ئەكەلگەن يارلىق نامىنى مەھكىمىگە ئۆز قوللىرى بىلەن تاپشۇرغانلىرى تۈزۈك، ئۇنى بېگىم كۆرۈپ، تۇتۇشقا ئۆزى ئادەم تەيىنلىگىنى ئوبدانراق بولار، ئۇنى پېقىر ئۆزۈمچە ئېچىۋەتسەم بولماسمىكىن؟ بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىكەن، ئۇنى خەققە يېيىۋەتمىگىنىمىز ياخشى.
— مىرزىبېگىم كۆرسەتكەن ئەقىللىرى جايىدا، ئەمدى مالال كۆرمەي مېنى مەھكىمىگە باشلاپ كىرسىلە، — دېدى خې تاۋ.
— ئامبال بېگىم ئەتىگەندىن بېرى ئىش ـ كۈشلەرنى بېجىرىش بىلەن بولۇپ، چارچاپ قالغانلىقىدىن دەم ئېلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرى كىچىككىنە تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، بىردەمدىن كېيىن

بېگىم ئىشقا ئولتۇرغاندا يېقىر ئۆزلىرىنى چاقىراي، — دېدى سۇك جياڭ.

— مىرزىبېگىم، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئىلاج قىلىپ بۇ ئىشنى ئورۇنلاپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى خې تاۋ.

— بۇ مېنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، ئۇنداق دېمىسىلە. يېقىر شاققىدە ئۆز خانامغا بېرىپ ئۆي ئىشلىرىنى سەرەمجانلاپ قويۇپ كېلەي، ئاڭغىچە ئۆزلىرى كىچىككىنە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدى سۇك جياڭ.

— مەرھەمەت قىلىپ بارىۋەرسىلە، يېقىر مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن، — دېدى خې تاۋ.

سۇك جياڭ ئورنىدىن تۇردى ۋە چايخانىدىن چىقىقۇچە چايچىغا:

— ئاۋۇ بەگ يەنە چاي ـ پاي ئىچسە بەرگىن، پۇلىنى مەن بېرىمەن، — دەپ جېكىلىدى ـ دە، چايخانىدىن چىقىپ، ئۇچقاندەك ئۆز چۆشكىنىگە كەتتى. ئۇ ئۆز چاكىرىغا سەن نۆۋەتچىبەگنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلىنى چايخانا ئىشىكىدە كۈتۈپ تۇرسۇن، ناۋادا ئامبال بېگىم يامۇلغا كېلىپ قالسا، چايخانىغا كىرىپ ھېلىقى خادىمغا: ‹مىرزىبەگ سىلىنى بىمالال سەل ساقلاپ تۇرسۇن، دېدى دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويسۇن دەيدۇ دېگىن» دەپ جېكىپ قويۇپ، ئېغىلدىكى ئېتىنى توقۇۋېلىپ، كەينى قوۋۇقتىن يېتىلىگىنىچە سىرتقا ئاچىقتى ۋە قولىغا قامچىسىنى ئېلىپ ئالمان ـ تالمان ئاتلاندى ـ دە، غىپىلا قىلىپ يامۇلدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كۈنچىقىش قوۋۇقتىن چىقىپ ئېتىنى ئىككى قامچا سالدى، ئات تاراقلاپ كۈنچىقىش مەھەللىگە قاراپ چاپتى، يېرىم سائەتمۇ ئۆتە ـ ئۆتمەي چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىغا يېتىپ باردى، ئوتاقچىلار ئۇنى كۆرۈپ ئىچكىرىگە خەۋەر قىلدى.



www.uyghurkitap.com

## نەزم

كۆڭۈل بۆلمەي هارام مالغا، ئەزىز كۆردى ئادالەتنى،
تورىنى تەشتى قانۇننىڭ، خۇدا بەرگەچ كاپالەتنى.
زۇلۇم قىلغاچ ئەمەلدارلار خەلققە ئوغرىدىن ئارتۇق،
قاچۇردى ئوغرىنى، ئەلا بىلىپ دوستلۇق ـ شاپائەتنى.

چاۋ گەي شۇ چاغدا ۋۇ يۈڭ، گۇڭسۇن شېڭ، ليۇ تاڭلار بىلەن ئۈينىڭ ئارقىسىدىكى باراڭلىق ئاستىدا مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش بولسا ئۈلۈشۈۋالغان پۇل ـ مالنى ئېلىپ سىنتاش كەنتىگە قايتىپ كەتكەنىدى. چاۋ گەي ئوتاقچىلاردىن سۇڭ مىرزا كەپتۇ، ئىشىكتە قالدى، دېگەن خەۋەرنى ئىشتكەندىن كېيىن:

— قانچىلىك كىشىنى ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تەنها ئۆزى ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ، تېز بولۇڭلار، چاۋ گەي ئاقساقال بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، — دېدى ئوتاقچى.

— ئۇ چوقۇم بىر ئىشقا كەلدى، — دېدى چاۋ گەي ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ يان هۇجرىغا ئەكىردى. چاۋ گەي:

— مىرزىبېگىم، ئەجەب ئالدىراپ كېلىپ قاپلىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغا، ئۆزلىرى بىلمەيلا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەن سىلىنىڭ قەدىناسلىرى، هازىر ئۆز جېنىمدىن كېچىپ، سىلىنى قۇتقۇزۇشقا كەلدىم. سېرىق تۆپىدىكى ۋەقە ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ! هازىر بەي شېڭ تۇتۇلۇپ جىجۇ ئايمىقىنىڭ گۇندىخانىسىغا تاشلىنىپتۇ، ئۇ سوراقتا سىلى باشلىق يەتتە كىشىنى ئىقرار

www.uyghurkitap.com

قىپتۇدەك. جىجۇ ئايىماق يامۇلى خې تاۋ تۇتقاۋۇلنى بىرقانچە ئادەم بىلەن ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ۋەزىرئەزەمنىڭ يارلىقىنى ھەم ئايمىقىمىزنىڭ ئالاقىسىنى ئېلىپ، سىلى باشلىق يەتتە كىشىنى تۇتقىلى كەپتۇ، سىلىنى بۇ ئالتە كىشىنىڭ باشلىقى ئىكەن، دەيدۇ، تەڭرىم ساقلاپ، ھېلىمۇ ياخشى بۇ دېلو مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى، مەن ئامبال ئۇخلاپ قالدى، دەپ خې تاۋ تۇتقاۋۇلنى يامۇلنىڭ ئۇدۇلىدىكى چايخانىدا ساقلاپ تۇر، دەپ قويۇپ، ئات چاپتۇرۇپ سىلىگە خەۋەر قىلغىلى كەلدىم. ئوتتۇز ئالتە چارىدىن، كەتمەك تۈزۈك بارىدىن. پات بولسىلا، بۇ يەردە يەنە نېمىدەپ ئولتۇردىلا؟ مەن قايتىپ بېرىپ ئۇنى يامۇلغا باشلاپ بارسام، ئۇ خەتنى ئامبالغا تەگكۈزسە، ئامبال تەخىرسىز كېچىلەپ ئادەم ئەۋەتىشى مۇمكىن. كېچىكىپ قېلىشسىلا بولمايدۇ، سەللا بىخەستەلىك قىلىشسىلا، ھېچ ئىلاج قالمايدۇ! ئۇ چاغدا پېقىردىن كۆرۈشمىسىلە.

چاۋ گەي بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ:

— ئەزىز ئىنىم، بۇ ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەتلىرىنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن ! — دېدى.

— ئاغا، ئۇشۇق گەپنى قويۇپ، ھايال بولماي چاپسان يولنىڭ تەرەددۇتىنى قىلسىلا، مەن قايتىپ كېتەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بۇ يەتتە كىشىدىن رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۇۋ، رۇەن شياۋچى ئۈچەيلەن ئۇلۇشكۈن پۇل - مالنى ئېلىپ سىنتاش كەنتىگە قايتتى؛ قالغان ئۈچەيلەن مۇشۇ يەردە بار، ئەزىز ئىنىم، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويسىلىمىكىن، — دېدى چاۋ گەي.

سۇڭ جياڭ ئۆي كەينىدىكى باغقا كىردى، چاۋ گەي:

— مانا بۇ ئۈچەيلەندىن مۇنۇ كىشى ۋۇ يۇڭ خەلپەت بولىدۇ، ماۋۇ كىشى گۇڭسۇن شېڭ، بۇلار جىجۇ ئايمىقىدىن بولىدۇ؛ مۇنۇ لىيۇ تاڭ بولسا كۇنچىقىشتىكى لۇجۇ ئايمىقىدىن بولىدۇ، — دەپ ئۇلارنى تونۇشتۇردى.

سۇڭ جياڭ ئۇلار بىلەن ئازغىنا تىنچلىق - ئامانلىق

سوراشقاندىن كېيىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى ۋە:
— ئاغا، تەڭرىگە ئامانەت، تېزرەك يولغا چىقىسىلا، مەن كەتتىم، — دەپ تاپىلىدى ۋە جاڭگىزنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئاتلىنىپ، ئېتىنى قامچىلىغىنىچە يامۇلغا قاراپ چېپىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا بىر موللا بۇ ۋەقەنى تەرىپلەپ يازغان نەزمىسىدە مۇنداق دېگەنىكەن:

ئاقساقال بولغان كىشى باقتى نېمىشقا ئوغرىنى،
ئۆز گۇناھىدىن قۇتۇلماس مىرزا قاچۇرغاچ ئوغرىنى.
ئوغرىغا شەپقەت قىلىپ بەرمەك خەۋەر مەردلىكمىكەن،
چىقمىغان قانۇن يولىدىن، ساقلىغاي ئۆز قەدرىنى.
سوقىدۇ قۇرغۇي كېلىپ دەپ، قورقىدۇ قۇشقاچ ھامان،
تۇتمىسا چاشقان مۇشۇك، كىممۇ مۇشۇك دەيدۇ ئۇنى.
يۇزى چىم بولماسمىكىن شياڭ خې ۋەزىرنىڭ ئالدىدا،
كۆتۈرۈپ قۇرۇق قەلەم مىرزا ئاتاشقا ئۆزىنى.

چاۋ گەي ۋۇ يۈڭ، گۇڭسۇن شېڭ، ليۇ تاڭلارغا:
— ھېلىقى سىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئادەمنى تونۇمسىلەر؟ — دېدى.
— نېمىشقا ئۇنچىۋالا ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ قالدى؟ زادى كىم ئۇ؟ — دېدى ۋۇ يۈڭ.
— ئۇچىڭلار تېخى ئۇنى بىلمەيسىلەر! ئەگەر ئۇ كەلمىگەن بولسا ھېلىلا ھاياتىمىزدىن ئايرىلاتتىكەنمىز! — دېدى چاۋ گەي.
ئۇچەيلەن قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا:
— بۇ ۋەقە ئاڭلىنىپ پاش بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېيىشتى.
— خەيرىيەت، بۇ ئىنىمىز قان قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى قەدىرلەپ بىزگە خەۋەر قىلىپ كەپتۇ. بەي شېڭ تۇتۇلۇپ جىجۇ ئايمىقىنىڭ گۇندىخانىسىغا تاشلانغاندا، مەن باشلىق يەتتىمىزنى

ئىقرار قىلىغانىكەن ـ دە، ئايماقبېگى تۇتقاۋۇل خې تاۋغا بىرنەچچە يايىنى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ۋەزىر ئەزەمنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كەپتۇ، يارلىقتا يۇنچېڭ ئامبال يامۇلىغا يەتتىمىزنى دەرھال تۇتۇش بۇيرۇلۇپتۇدەك. تەلىيىمىزگە سۇڭ جياڭ ئاشۇ خادىمنى چايخانىدا مەلىكە قىلىپ قويۇپ، بىزگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ، ئەمدى قايتىپ بېرىپ يارلىق نامىنى ئامبالغا كۆرسەتسە، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەم تەيىنلەپ كېچىلەپ كېلىپ بىزنى تۇتىدۇ، قانداقمۇ قىلارمىز؟ ـــ دېدى چاۋ گەي.

ـــ ناۋادا بۇ ئادەم كېلىپ خەۋەر قىلمىغان بولسا، ھەممىمىز كوپپىدە تورغا چۈشەركەنمىز.

ـــ بۇ ئۇلۇغ شەپقەت ئىگىسىنىڭ نام ـ ئەمەلى كىم بولىدۇ؟ ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ.

ـــ ئامبال يامۇلىنىڭ مىرزىسى، مەردلىكتە ئۇندىگۈچى ئۇندەكچى سۇڭ جياڭ دېگەن شۇ، ـــ دېدى چاۋ گەي.

ـــ سۇڭ مىرزىنىڭ داڭقىنىلا ئاڭلىغان، لېكىن مۇلاقەت بولمىغانىدىم، ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى غېرىچلا كەلسىمۇ نېسىپ بولمىغاچقا كۆرۈشەلمەي ئۆتۈپتۇق، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ.

ـــ ئەل ئىچىدە شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش دەپ نامى چىققان كىشى شۇ بولمىغىيدى؟ ـــ دېدى گۇڭسۇن شېڭ بىلەن لىيۇ تاڭ تەڭلا.

ـــ دەل شۇ ئادەم، ـــ دېدى چاۋ گەي بېشى بىلەن تەستىقلاپ، ـــ ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس، ئاكا ـ ئۇكىلىقتا قول بېرىشكەن قېرىنداشلارمىز. ۋۇ يۇڭ تەخسىرىم، سىلى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغان ئىكەنلا، ئەل ئىچىدە ئۇنىڭ نامى بىكارغا تارقالمىغان؛ ئاكا ـ ئۇكىلىقتا قول بېرىشكەن بۇ قېرىنداشلىقىمىز كارغا يارىدى.

ـــ بىزنىڭ ئىشىمىز ناھايىتى خەتەر تۇرىدۇ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز؟ ـــ دەپ سورىدى چاۋ گەي ۋۇ يۇڭدىن.

— ئاغا، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت، — كېيىنكى ئىشلارنى كۆزلىمەي تۇرۇپ ھازىرنى ئويلايمىز دېسەك، ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئوتتۇز ئالتە چارىدىن، كەتمەك تۈزۈك بارىدىن.

— سۇڭ مىرزىمۇ تېز قاچقىنىڭلار خوپ دەيدۇ، لېكىن نەگە بارساق بولار؟ — دېدى چاۋ گەي.

— مەن كۆڭلۈمدە شۇنى ئويلىدىم: ھازىر بىز پۇل - مېلىمىزنى بەش - ئالتە ئەيكەشلىك قىلىپ راسلاپ، ئۇنى ئېلىپ تويپتوغرا سىنتاش كەنتىدىكى رۇەن ئاتلىق ئۈچ قېرىنداشىمىزنىڭ ئۆيىگە بارايلى. ھازىر بىرىمىز ئالدى بىلەن تېزدىن بېرىپ ئۇلارغا خەۋەر قىلايلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— رۇەن ئاتلىق ئۈچ قېرىنداش بېلىقچىلىق بىلەن جان باقىدىغان خەق، ئۇلارنىڭكىدە مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم قانداق سىغىمىز؟ — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — خويمۇ پەملىرى يوق ئىكەن! سىنتاش كۆلىدىن ئاززاقلا ماڭساق لياڭشەن كۆلىگە بارىمىز. ھازىر ئۇ يەر تازا روناق تېپىپ كېتىپتۇدەك، خان لەشكەرلىرى ئوغرى - قاراقچى تۇتماق بولۇپ چىقسا ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىكەن. ناۋادا قىستاپراق كېلىپ قالغۇدەك بولسا، غىپىلا قىلىپ شۇلارنىڭ توپىغا قېتىلىپ كەتمەيمىزمۇ.

— بۇغۇ ناھايىتى بەلەن تەدبىر بولدى، بىراق ئۇلار بىزنى قاتارغا ئالماسىكىن، — دېدى چاۋ گەي.

— بىزدە ئالتۇن - كۈمۈش دېگەن سامانىنىڭ نەرخى، ئۇلارغا ئازراق ھەدىيە قىلساقلا توپقا قېتىلىپ كېتىمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

## نەزم

كۆپىيەر ئوغرى - قاراقچى، يولىدىن تايسا زامان،<br>
قىينىلار تەڭلىك ئىچىدە يول تاپالماي قەھرىمان.<br>
تاغ تۇرا دەرگاھ بولۇپ تۇرغاچقا موللا ئىلكىدە،<br>
پۇل تۆلەپ ئوغرى بولۇشتىن بەگ بولۇش بەلكى ئاسان.

www.uyghurkitap.com

ــــ مۇشۇنداق كېلىشكەندىكىن، ئىشنى ئارقىغا سوزمايلى. ۋۇ يۇڭ تەخسىرىم، لىيۇ تاڭ بىلەن بىرنەچچە ئوتاقچىنى ئېلىپ ئەپكەشلەرنى كۆتۈرۈپ، رۇەن قېرىنداشلارنىڭكىگە بېرىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن قۇرغاق يول ئۈستىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرسىلا، مەن گۇڭسۇن شېڭ تەخسىرىم بىلەن بىللە باراي، ــــ دېدى چاۋ گەي.

ۋۇ يۇڭ، لىيۇ تاڭلار مەۋلۇت سوۋغىتى ئىچىدىن بۆلۈۋالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى بەش ـ ئالتە كۆتۈرۈم قىلىپ قاچىلاپ جۆندىدى، بەش ـ ئالتە ئوتاقچىنى چاقىرىپ بىللە ئولتۇرۇپ مەي ـ تائام بىلەن قورساقلىرىنى تويدۇردى. ۋۇ يۇڭ يېڭىنىڭ ئىچىگە زەنجىرنى تىقىۋالدى، لىيۇ تاڭ قىلىچ كۆتۈردى، بۇلار بەش ـ ئالتە ئەپكەشلىك يۈكنى بەش ـ ئالتە ئادەمگە كۆتۈرتكۈزۈپ، جەمئىي ئون نەچچە ئادەم بولۇپ سىنتاش كەنتىگە قاراپ يول ئالدى. چاۋ گەي بىلەن گۇڭسۇن شېڭ جاڭزىدا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. بىللە بېرىشنى خالىمىغان بەزى ئوتاقچىلارغا باشقا بىراۋنىڭكىگە بېرىپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار دەپ ئاز ـ تولا پۇل ـ پۇچەك بەردى؛ بېرىشنى خالىغانلارغا مال ـ مۈلۈك بېرىپ، كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى تاڭغۇزۇپ تەييار قىلدى.

## نەزم

مال ـ مۈلۈكدۇركى ئىشەن خۇددى زەھەرلىك چار يىلان،
تۇپلىساڭ سورۇيدۇ ئۇ، بار ئەسلىي ـ ۋەسلىڭنى ھامان.
مەرد ئاتالغانلارغىمۇ ئۇ بولمىدى ھېچبىر پاناھ،
تەڭرى بار، پاسىق ئەمەلدار ئاشما ھەددىڭدىن يامان.

ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭدىن ئىشىتەيلى. سۇڭ جياڭ ئۆيگە ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپ، شۇ ھامانلا چايخانىغا كەلدى، قارىسا

تۇتقاۋۇل خې تاۋ ئىشىكتە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— تۇتقاۋۇل، سىلىنى ئۇزۇن ساقلىتىپ قويدۇم، كەنتتىكى بىر تۇغقىنىم ئۆيگە كېلىپ قاپتىكەن، ھال - ئوقىتىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ قېلىپ ئازراق كېچىكىپ قالدىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مىرزىبېگىم، مالال كۆرمەي مېنى دىۋانغا باشلاپ كىرسىلىكەن، — دېدى خې تاۋ.

— خوش تۇتقاۋۇل، قېنى ئەمىسە، يامۇلغا مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى سۇڭ جياڭ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن يامۇلغا كىردى، بۇ چاغدا ئامبال شى ۋېنبىڭ دىۋاندا ئىش - كۈشلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقانىكەن. سۇڭ جياڭ ئالاقىنى كۆتۈرگىنىچە تۇتقاۋۇل خې تاۋنى يېزىق شىرەسى يېنىغا باشلاپ باردى، دورغىلارغا «بىكارچى كىشى كىرمىسۇن» دېگەن تاختىنى ئاستۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئالدىغىراق بېرىپ ئېھتىرام بىلەن:

— تۇتقاۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان خې تاۋ بەگ قاراقچىلار خۇسۇسىدىكى ئىش تۈپەيلى، جىجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ ئالاقىسىنى ئېلىپ ھۇزۇرلىرىغا كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئامبال ئالاقىنى ئېلىپ شۇ ھامان ئېچىپ كۆردى، ئۇ چۆچۈگەن ھالدا سۇڭ جياڭغا:

— بۇ ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسى ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتىپ، دەرھال جاۋاب بېرىش بۇيرۇلغان ئىش ئىكەن. بۇ قاراقچىلارنى تۇتۇشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتىش كېرەك، — دېدى.

— كۈندۈزى بارسا ئۇلار ئۇقۇپ قالارمىكىن، بارىدىغان ئادەم كېچىسى بېرىپ تۇتسا بولار. چاۋ گەي ئاقساقال تۇتۇلسىلا، قالغان ئالتە ئادەمنىڭ دېرىكى چىقىدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— كۈنچىقىش مەھەللىدىكى چاۋ گەي ئاقساقالنىڭ ياخشى يىگىت دەپ داڭقى چىققانىدى، ئۇ قانداقسىغا بۇ قاتارلىق ئىشنى قىلغاندۇ؟ — دېدى شى ۋېنبىڭ ۋە شۇ زامان چېرىك يامۇلبېگى بىلەن ئىككى نەپەر يۈزبېشىنى چاقىرتتى، ئۇنىڭ بىرسى، جۇ

تۈلۈك، يەنە بىرسى لىپى خېنىم ئىدى. بۇ ئىككىسى بوش نېمىلەر ئەمەس ئىدى.

جۇ تۈلۈك بىلەن لىپى خېنىم دەرھال ئىچكىرىكى دىۋانغا كىرىپ، ئامبالنىڭ ئەمرىنى ئېلىپ چېرىك يامۇلىبېگى بىلەن ئاتلىنىپ توپتوغرا چېرىك يامۇلغا كەلدى، بۇ يەردىن ئاتلىق ـ پىيادە كامالەكچىلەر ۋە چېرىكلەر بولۇپ يۈز نەچچە ئادەمنى تاللىدى، تۇتقاۋۇل خې تاۋ ھەم ئىككى پايلاقچىنى گۇۋاھ قىلىپ ئادەم تۇتماقچى بولدى. ئۇلار شۇ كېچىسى ئارغامچا، قورال ـ ياراغلارنى ئالدى، چېرىك يامۇلبېگى ئاتلاندى. ئىككى نەپەر يۈزبېشىمۇ ئاتلىرىغا مىندى، بۇلار خەنجەر، كامالەك، ئوقيالىرىنى ئاسقان، قوللىرىغا بولسا قىلىچلىرىنى تۇتقان، ئالدى ـ كەينىدە ئاتلىق ۋە پىيادە كامالەكچىلەر ھىمايە قىلىپ ماڭغان ھالدا كۆنچىقىش قوۋۇقتىن چىقىپ، كۆنچىقىش مەھەللىدىكى چاۋ گەيىنىڭكىگە قاراپ چاپتى.

بۇلار ئەلياتقۇ مەھەلدە كۆنچىقىش مەھەللىگە يېتىپ بېرىپ، ھەممىسى مۇڭزار مەبۇدە بۇتخانىسىغا جەم بولدى. جۇ تۈلۈك:

— چاۋ گەيىنىڭ جاڭزىسى ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان شۇ. ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىشىكى بار، ناۋادا ھەممىمىزلا ئالدى قوۋۇقىغا بارساق، ئۇ ئارقا قوۋۇقتىن قېچىپ كېتىدۇ. ھەممىمىز گۇركىرەپ ئارقا قوۋۇققا بارىدىغان بولساق، ئالدى قوۋۇقتىن قېچىپ كېتىدۇ. مەن چاۋ گەيىنىڭ قالتىس نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە قالغان ئالتە ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئۇلارنىڭ ياخشى بىرنېمىلەر ئەمەسلىكى تۇرغان گەپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جېنىنى قولىغا ئېلىپ يۈرگەن ئادەملەردەك قىلىدۇ، ئەگەر دۈركىرەپ چىقىپ قالسا، ئۇلارغا ئوتاقچىلىرىمۇ ھەمدەم بولسا، ئۇ ھالدا بىز قانداق تەڭ تۇرالايمىز؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن سوقۇش يولى بويىچە، ئۇ بىرنېمىلەرنى پاتىپاراقىقا سېلىپ قويۇپ جۆندىگىنىمىز تۈزۈك. لىپى خېنىم

يۈزبېشى بىلەن ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە بۆلۈنەيلى، مەن ئادەملەرنىڭ تېگىنى سىزگە بېرەي. ھەممىڭلار پىيادە بېرىپ، ئارقا قوۋۇقتا مۆكۈپ تۇرۇڭلار؛ بەلگىمىز ئىسقىرتىش بولسۇن، ئىسقىرتىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدى قوۋۇقتا ئۆتۈپ بېسىپ كىرىپ، ئۇچرىغىنىنى تۇتىۋېرىڭلار، — دېدى.

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، جۇ تۇڭ يۈزبېشى، سىز چېرىك يامۇلبېگى بىلەن بىللە ئالدى قوۋۇقتىن كىرىڭ، مەن ئارقا قوۋۇقنى توسۇپ تۇرسام، — دېدى لېي خېڭ.

— ئەزىز ئىنىم، بىلمەيسىز، چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىدا ئۈچ قۇتۇلۇش يولى بار، مەن ئادەتتىكى چاغلاردا كۆرۈپ قويغان؛ مەن باراي دېگەن يەرنىڭ يوللىرىنى ئوبدان بىلىمەن، ماڭا ئوتقاش كەتمەيدۇ. سىز ئۇنىڭ غايىب بولۇپ كېتىدىغان ئامالى بارلىقىنى بىلمەيسىز، ئۇ تۇيۇپ قالسا بولمايدۇ، بۇ ئويۇنىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى جۇ تۇڭ.

— جۇ تۇڭ يۈزبېشى، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز دۇرۇس، سىز ئادەمنىڭ تېگىنى باشلاپ بېرىڭ، — دېدى چېرىك يامۇلبېگى.

— ئوتتۇز نەچچە ئادەم بولسىلا كۇپايە، — دېدى جۇ تۇڭ ۋە ئۇن كامالەكچى، يىگىرمە چېرىكنى ئېلىپ ئاۋۋال ماڭدى. چېرىك ياموۇلبېگى يەنە ئاتلاندى، لېي خېڭ ئاتلىق ۋە پىيادە كامالەكچىلەرنى چېرىك ياموۇلبېگىنىڭ ئالدى - كەينىگە تىزىپ، ئۇنى قوغداپ ماڭدى. چېرىكلەر يىگىرمە - ئوتتۇز ئوتقاشنى يوپيورۇق ياندۇرۇپ، قوللىرىغا چاڭگاك، قىلىچ، ئىلمەكلىك نەيزە ۋە ئىلمەكلىك ئورغاقلارنى كۆتۈرگىنىچە ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىغا قاراپ راۋان بولدى.

جاڭزىغا يېتىشكە يېرىم يولدىن ئارتۇقراق قالغاندا، چاۋ گەينىڭ جاڭزىسىدىن سوزۇلۇپ كۆتۈرۈلگەن ئوت كۆرۈندى، ئوت ئوتتۇرىدىكى سارايدىن تۇتىشىپ ھەممە يەرنى قاپقارا تۈتەك قاپلاپ، قىپقىزىل يانغىن كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. يەنە ئون نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭماي، ئالدى - ئارقا قوۋۇقتا

تۇشمۇتۇشتىن ئوتتۇز ـ قىرىقچە ئوتقاشنىڭ يالقۇنلاپ كۆيگەن يورۇقى كۆرۈندى. ئالدىدا لىپى خىلىڭ قىلىچ كۆتۈرگەن، ئارقىدا چېرىكلەر چۇقان سالغان هالدا گۇررىدە قىلىپ جاڭزا قوۋۇقىنى ئاچتى ـ دە، ئېتىلىپ ئىچكىرىگە بېسىپ كىردى. ئوت يالقۇنى ئالەمنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى، جاڭزا ئىچىدە بىرمۇ ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئارقا تەرەپتىن: «ئالدى تەرەپكە ئۆتۈڭلار» دېگەن چۇقانلا ئاڭلىناتتى. ئەسلىدە جۇ تۇڭ چاۋ گەينى قاچۇرۇۋېتىش نىيىتىدە بولغانلىقتىن، لىپى خىڭنى قەستەن ئالدى قوۋۇققا ئەۋەتكەنىدى. لىپى خىڭنىڭمۇ چاۋ گەينى قۇتقۇزۇش نىيىتى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن ئارقا قوۋۇقنى تالاشقانىدى؛ ئاخىر جۇ تۇڭنىڭ سۆزىنى يىرالماي، ئالدى قوۋۇققا بېرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇلارنىڭ غەرىزى مۇشۇنداق پوپوزا قىلىپ، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتا ئۆتۈۋېلىپ، چاۋ گەينى قاچۇرۇۋېتىش ئىدى.

جۇ تۇڭ جاڭزىنىڭ كەينىگە يېتىپ كەلگەندە، چاۋ گەي تېخى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولالمىغانىدى. ئوتاقچىلار ئۇلارنى كۆرۈپ چاۋ گەيگە:

— خان لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ قالدى! پات بولمىساق بولمايدىغان بولدى! — دەپ خەۋەر قىلدى. چاۋ گەي ئوتاقچىلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئوت قويۇشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى گۇڭسۇن شېڭ ۋە بىللە كېتىدىغان ئون نەچچە ئوتاقچىنى باشلاپ: «يېقىن كەلگەننىڭ ئۆلگىنى! يىراق كەتكەننىڭ ئامان قالغىنى!» دەپ سۈرەن سالغىنىچە قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئارقا قوۋۇقتىن بۆسۈپ چىقتى.

— ئاقساقال، توختاڭ! كەمىنە جۇ تۇڭ بۇ يەردە سىزنى كۈتۈپ تۇرغىلى خېلى ۋاق بولدى، — دەپ چاقىردى جۇ تۇڭ قاراڭغۇدا.

چاۋ گەينىڭ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغىلى نەدە چولىسى، ئۇ گۇڭسۇن شېڭ بىلەن بىللە جان تىكىپ ئالغا ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. جۇ تۇڭ چاندۇرماستىن غىپ قىلىپ يانغا ئۆتۈپ، قېچىپ

كېتىۋالسۇن دەپ چاۋ گەيگە يول ئېچىپ بەردى. چاۋ گەي بولسا گۇگسۇن شىڭغا ئوتاقچىلارنى باشلاپ ئالدىدا مېڭىشنى تاپشۇرۇپ، تەنها ئۆزى ئارقىدا قوغداپ ماڭدى. جۇ توڭ پىيادە كامالەكچىلەرنى ئارقا قوۋۇقتىن كىرىشكە بۇيرۇۋېتىپ: «ئالدى تەرەپتىكىلەر قاراقچىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. لېي خېڭ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ جاڭزا قوۋۇقىدىن سىرتقا چىقىپ، ئاتلىق ـ پىيادە كامالەكچىلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ قوغلاشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى ئوت يورۇقىدا چاۋ گەينى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان قارىدى، جۇ توڭ چېرىكلەرنى قايرىپ قويۇپ، قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە چاۋ گەينى قوغلاپ ماڭدى. چاۋ گەي قېچىپ كېتىۋېتىپ:

— جۇ توڭ يۈزبېشى، مېنى قوغلاپ نېمە قىلىسىز؟ مەن سىزگە يامانلىق قىلمىسام! — دېدى.

— ئاقساقال، سىز مېنىڭ ياخشىلىقىمنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى جۇ توڭ ئارقىدا ھېچكىم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، — مەن لېي خېڭنى ئەقلىدىن ئېزىپ، يۈزسىزلىك قىلىپ قويمىسۇن دەپ، ئۇنى ئالدى قوۋۇققا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزۈم ئارقا تەرەپتە سىزنى قاچۇرۇۋېتىشنى كۈتۈپ تۇردۇم؛ سىزگە قېچىۋالسۇن دەپ يول ئېچىپ بەرگىنىمنى بىلمىدىڭىزمۇ؟! سىز پاناھلىنىشقا باشقا جايغا بارماي ئۇدۇل لياڭشەن كۆلىگە بېرىڭ، شۇ يەردە پاناھلىنالايسىز.

— مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئىلتىپاتىڭىزغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنىڭغا جەزمەن جاۋاب قايتۇرىمەن! — دېدى چاۋ گەي.

بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نەزم دەلىل:

بىرى پاشاپ، بىرى ئوغرى، نېمىشقا باغلىدى تىلنى،
ئوغرىدەك تاپار ئوخشاش، ئەمەلدارلار ھارام پۇلنى.
دېمەك شەكسىز ئەمەلدارنىڭ قولىدىن ئوغرىلىق كەلگەي،
بىراق تەگرىم كەچۈرمەيدۇ يامانلىق ئەيلىگەن قولنى.

جۇ تۇڭ چاۋ گەينى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا، ئارقا تەرەپتىن لىپى خېڭنىڭ: «قاچۇرۇۋەتمەڭ!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ئاقساقال، سىز ھودۇقماي كېتىۋېرىڭ، مەن ئۇنى باشقا ياققا بۇرۇۋېتەي، — دەپ تاپىلىدى جۇ تۇڭ چاۋ گەيگە ۋە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ:

— ھەي لىپى خېڭ يۈزبېشى! ئۇچ قاراقچى كۆنچىقىش تەرەپتىكى چىغىر يولغا قاراپ قاچتى. چاققان قوغلاڭ! — دەپ سۈرەن سالدى.

لىپى خېڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كۈنچىقىش تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى، چېرىكلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. جۇ تۇڭ چاۋ گەي بىلەن پاراڭلاشقاچ، خۇددى ئۇنى قوغداپ ئۇزىتىپ كېتىۋاتقاندەك ماڭدى. چاۋ گەي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بارا - بارا غايىب بولدى. جۇ تۇڭ مۇدۇرۇلگەن بولۇپ يەرگە يىقىلدى، چېرىكلەر ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزدى، جۇ تۇڭ:

— قاراڭغۇدا يولنى كۆرەلمەي ئېتىزلىققا كىرىپ قاپتىمەن، تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، سول پۇتۇم زەخىم يېگەندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— قاراقچى قېچىپ كەتتى، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى چېرىك يامۇلبېگى.

— بىز قوغلىمىدۇق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە قاراڭغۇ بولۇپ كېتىپ ئىلاج قىلالماي قالدۇق. بۇ چېرىكلەرنىڭ بىرەرىمۇ كارغا يارىغۇدەك نېمىلەر ئەمەس ئىكەن، ئالغا قاراپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، — دېدى جۇ تۇڭ.

چېرىك يامۇلبېگى چېرىكلەرنى يەنە قوغلاشقا بۇيرۇدى، چېرىكلەر: «ئىككى يۈزبېشى كارغا يارىمىغان، ئۇنىڭغا يېقىن بارالمىغان تۇرسا، بىز نېمىگە يارايتتۇق» دەپ، يالغان - ياۋىداقتىن بىر پەس قوغلىغان بولۇپ قايتىپ كېلىپ:

— قاراڭغۇدا قايسى يول بىلەن قاچقانلىقىنى بىلەلمىدۇق، — دېدى.

لىپى خېڭمۇ قوغلاپ بېقىپ قايتىپ كېلىپ، كۆڭلىدە: «جۇ تۇڭ چاۋ گەي بىلەن ناھايىتى ئەپ، ئېھتىمال شۇ قاچۇرۇۋەتتى بولغاي، ئەمدى مېنىڭ بۇ ھەقتە يامان ئاتلىق بولۇشۇمغا ئاساس قالمىدى، مېنىڭمۇ بۇنى قويۇۋەتكۇم بار ئىدى، ئۇ بەربىر كېتىۋالدى، شۇنىسى مېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمنى كۆرەلمەي كېتىپ قالدى. چاۋ گەي ئۇنچىلىك بوزەك ئادەممۇ ئەمەس» دەپ ئويلىدى ۋە:

— نەدىكىنى، يېتىشەلمىدىم، بۇ قاراقچىلار دەرۋەقە قالتىس ئىكەن! — دېدى.

چېرىك يامۇلبېگى بىلەن ئىككى يۈزبېشى جاڭزا ئالدىغا قايتىپ كەلگەندە باش توخۇ چىللىدى. خې تاۋ تۇتقاۋۇل كۆپچىلىكنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ، بىر كېچە قوغلاپ قاراقچىدىن بىرنىمۇ تۇتالمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— جىجۇ ئايمىقىغا قايتىپ بېرىپ ئايماقبېگىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمىز؟ — دەپ زارلاندى.

چېرىك يامۇلبېگى چاۋ گەينىڭ بىرنەچچە قوشنا ـ قولۇملىرىنى تۇتۇپ، يۇنچېڭ ئامبال يامۇلغا ئەكەلدى.

ئاشۇ ئاخشىمى بىر كېچە ئۇخلىماي جاۋاب كۇتۇپ ئولتۇرغان ئامبال: «قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى. پەقەت بىرنەچچە قولۇم ـ قوشنىسىنى تۇتۇپ كەلدۇق» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، ئاشۇ قولۇم ـ قوشنىلىرىنى دىۋانغا ئەكىرىپ سوراق قىلدى. ئۇلار: «بىز پېقىرلار چاۋ گەي ئاقساقالنىڭ يېقىن قولۇم ـ قوشنىسى بولغان بىلەن بەزىمىز ئىككى ـ ئۈچ يول نېرىدا، بەزىمىز كەنت ئاتلاپ ئولتۇرىمىز؛ ئۇنىڭ جاڭزىسىغا نەيزە ـ قىلىچۋاز ئادەملەر ئۆكسۈمەي كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ قاتارلىق ئىشنى قىلغانلىقىنى نەدىن بىلەيلى!» دېدى. ئامبال بىرەرىدىن دېرىكىنى ئالغىلى بولارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن، ئۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ سورىدى. يېقىنراق قوشنىلىرىدىن بىرى:

— ئۇنىڭ ئېنىق دېرىكىنى بىلمەكچى بولسىلا ئۇنىڭ ئوتاقچىلىرىدىن سورىسىلا بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئوتاقچىلىرىنىمۇ بىللە قېچىپ كەتتى دېيىشىدۇغۇ؟ — دېدى ئامبال.
— بارغىلى ئۇنىماي شۇ يەردە قالغانلىرىمۇ بار، — دېدى قوشنىلىرى.

ئامبال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئادەم تەيىنلىدى، ئۇلار ھېلىقى قوشنىسىنى گۇۋاھچىلىققا ئېلىپ كۈنچىقىش مەھەللىگە ئادەم تۇتۇش ئۈچۈن راۋان بولدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا ئىككى ئوتاقچىنى تۇتۇپ كېلىشتى. بۇلار شۇ ھامان سوراققا تارتىلدى، ئوتاقچىلار دەسلەپتە تاندى، كېيىن تاياق زەربىگە چىدىيالماي:

— باشتا ئالتە كىشى مەسلىھەتلەشتى، بىز ئۇلاردىن پەقەت بىرىنى تونۇيمىز، ئۇ ۋۇ يۇڭ خەلپەت بولۇپ، مۇشۇ يېزىدا بالا ئوقۇتىدىغان ئادەم؛ ئۇلارنىڭ بىرسى گۇڭسۇن شېڭ دەپ ئاتىلىدىغان مۇنەججىم دەرۋىش ئىكەن؛ يەنە بىرسى قارىمۇتۇق دارازىكەن، ئۇنى لىيۇ ئۇرۇقىدىن دەيدۇ، قالغان ئۈچىسىنى زادىلا تونۇمايدىكەنمىز، ئۇلارنى ۋۇ يۇڭ خەلپەت باشلاپ كەلگەن. ئۇلارنى «رۇەن ئۇرۇقىدىن بولۇپ، سىنتاش كەنتىدە ئولتۇرىدۇ، بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئۈچ بىر تۇغقان» دەپ ئاڭلىدۇق. گەپنىڭ راستى شۇ، — دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئامبال بىر پارچە ئىقرارنامە يازدۇرۇپ، ئىككى ئوتاقچىنى خې تاۋ تۇتقاۋۇلغا تاپشۇردى. يەنە بىر پارچە تەپسىلىي مەلۇمات يېزىپ، مەھكىمىگە سۇندى. سۇڭ جياڭ چاۋ گەينىڭ ئىشىغا ئالاقىدار ھېلىقى قوشنىلىرىغا شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە قايتىپ ئەمر كۈتۈپ تۇرۇشقا قويۇپ بەردى.

خې تاۋ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئىككى ئوتاقچىنى ئالدىغا سېلىپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ جىجۇ ئايمىقىغا قايتىپ باردى. بۇ چاغدا ئامبال دىۋاندا ئىشقا ئولتۇرغانىكەن. خې تاۋ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئامبال ئالدىغا كىرىپ چاۋ گەينىڭ ئۆز جاڭزىسىغا ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى

مەلۇم قىلدى، ئاندىن ئوتاقچىلارنىڭ ئىقرارىنى بايان قىلدى.
— شۇنداق بولسا، ئەمدى بەي شېڭنى يەنە چاقىرىپ كېرىڭلار! — دېدى ئامبال.
بەي شېڭ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئامبال:
— ھېلىقى رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش زادى قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداشنىڭ بىرسى زەبەردەس ئەۋلىيا رۇەن شياۋئېر، بىرسى ئۆمرى كوتا رۇەن شياۋۋۇ، بىرسى ئەزرائىل رۇەن شياۋچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىۋاسى سىنتاش كۆلى بويىدىكى كەنتتە ئولتۇرىدۇ، — دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى بەي شېڭ تېنىپ كېتەلمەي.
— قالغان ئۈچىسى كىمنىڭ ئۇرۇقى؟ — دەپ سورىدى ئامبال.
— بىرسى موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭ، بىرسى پەلەك ئەجدىھاسى گۇڭسۇن شېڭ، يەنە بىرى قىزىل چاچ شەيتان ليۇ تاڭ دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى بەي شېڭ.
— دېرىكى چىقتى، ھازىرچە بەي شېڭ بۇرۇنقىدەك گۇندىخانىغا تاشلانسۇن، — دېدى ئامبال ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋە دەرھال خې تاۋ تۇتقاۋۇلنى چاقىرتىپ ھېلىقى بىرنەچچە قاراقچىنى تۇتۇپ كېلىشكە سىنتاش كەنتىگە بۇيرۇدى.
ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! خې تاۋ سىنتاش كەنتىگە بارمىغان بولسا ساماۋى ئەختەر، زېمىننى ئەپتەر ئۈچرىشىپ مالىمان كۆتۈرمىگەن بولاتتى؛ سۇ بويىدىكى تاغلىق شەھەردە ئادەم توپلىمىغان بولاتتى. خې تاۋ تۇتقاۋۇلنىڭ سىنتاش كەنتىگە ئادەم تۇتۇشقا قانداق ئەۋەتىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون توققۇزىنچى باب

## لىن چۇڭنىڭ كۆل تۇرادا سوقۇشقانلىقى
## چاۋ گەينىڭ لياڭشەندە كۆل تۇرانى ئېلىشقا ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، خې تاۋ تۇتقاۋۇل ئايماق ئامبىلىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ دىۋاندىن چىقىپلا مەسلىھەت ئۆيىگە كىرىپ، يايىلار بىلەن كېڭەشتى. يايىلار:

ـــ سىنتاش كەنتىنىڭ كۆلى لياڭشەن كۆلىگە ناھايىتى يېقىن، بۇ كۆلنىڭ پايانى يوق، قومۇشلۇق، شاخاپچىلىرى كۆپ. نۇرغۇن خان لەشكەرلىرى قېيىقلار بىلەن بارمىسا، ئۇ يەرگە قاراقچىلارنى تۇتقىلى بېرىشقا كىمنىڭ ھەددى؟ ـــ دېدى.

ـــ ئۇنىسىغۇ راست، ـــ دېدى خې تاۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋە يەنە دىۋانغا قايتىپ كىرىپ ئايماق ئامبىلىغا:

ـــ بۇ سىنتاش كەنتىنىڭ كۆلى لياڭشەن كۆلىنىڭ يېنىدا، ئەتراپىدا شاخاپچىلار، قومۇش بېسىپ كەتكەن سازلىقلار كۆپ. ئۇ يەردىكىلەر ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھېلىقى بىر توپ بۇلاڭچى قوشۇلدى. نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ بارمىساق، ئۇ يەرگە ئادەم تۇتۇشقا قانداقمۇ بارغىلى بولار؟ ـــ دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ـــ شۇنداق بولسا يەنە بىر قابىل پاشىشابەگ تەيىنلەي، بەش يۈز بەگ ـ سىپاھ ۋە لەشكەر بېرەي، سەن بىللە بارسۇن، ـــ دېدى ئايماق ئامبىلى.

خې تاۋ تۇتقاۋۇل پەرمانىنى ئېلىپ، يەنە مەسلىھەت ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، يايىلارنى يىغدى ۋە بەش يۈز نەچچە ئادەم تاللاپ چىقتى، ئۇلار لاقا ـ لۇقا، قورال ـ ياراغلىرىنى جۆندەشكە

كىرىشىپ كەتتى. ئەتىسى ھېلىقى پاشاپېگ جىجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ، خې تاۋ تۇتقاۋۇل بىلەن ئىككىسى بەش يۈز خىللانغان لەشكەر، يايلارنى ئېلىپ سىنتاش كەنتىگە راۋان بولدى.

چاۋ گەي، گۇڭسۇن شېڭلار جاڭزىغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئون نەچچە ئوتاقچىنى ئېلىپ سىنتاش كەنتىگە ماڭدى، يېرىم يولدا رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلار ياراغ ـ جابدۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانىدى، يەتتەيلەن رۇەن شياۋۋۇنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ چۈشتى. شۇ چاغدا رۇەن شياۋئېر بالىچاقىلىرىنى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆچۈرۈپ قويغانىدى.

يەتتەيلەن لياڭشەن كۆلىگە پاناھداپ بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.

— لى جەمەتلەر مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدا قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ گۈي مەيخانا ئاچىدىكەن، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن پالۋانلارنى كۈتۈۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ قاتارىغا قېتىلماقچى بولغانلار ئاۋۋال شۇنى تاپمىسا بولمىغۇدەك ئىمىش. بىزنىمۇ ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن قېيىقلارنى تەييارلاپ قويدۇق. مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى قاچىلاپ، ئۇنىڭدىن جۇ گۈيگە بىرئاز بېرىپ، ئادەمگەرچىلىك قىلايلى، شۇنىڭ يۈزىدىن بىزنى باشلاپ بارار، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

ئۇلار بۇ يەردە لياڭشەن كۆلىگە پاناھداپ بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، بىرنەچچە بېلىقچى كىرىپ:

— خان لەشكەرلىرى كەنتكە قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتىدۇ! — دەپ مەلۇم قىلدى.

بۇ ھارامزادىلەر كەلسە كەلسۇن، بىز قوزغالمايلى! — دەپ ۋارقىرىدى چاۋ گەي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ھېچقىسى يوق! ئۇلارغا تەنھا ئۆزۈملا جاۋاب قىلىمەن، ئۇ ھارامزادىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى سۇغا غەرق قىلاي، بىر قىسمىنى

بولسا تىغ بىلەن ئۆجۈقتۇراي، ــ دېدى رۇەن شىياۋئېر.

ــ ئالدىرىماڭلار ! پېقىرنىڭ كارامىتىنى كۆرىسىلەر تېخى ! ــ دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

ــ لىيۇ تاڭ ئاغا، سىز ۋۇ يۇڭ موللام بىلەن مال ـ مۈلۈك ۋە بالىچاقىلىرىنى قېيىق بىلەن لى جەمەتلەر مەھەللىسىدىكى دوقمۇشنىڭ سول تەرىپىگە ئاپىرىپ تۇرۇڭ؛ بىز ئەھۋالغا قاراپ ئارقىڭىزدىن يېتىپ بارىمىز، ــ دېدى چاۋ گەي.

رۇەن شىياۋئېر ئىككى قېيىقنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ئانىسى بىلەن بالىچاقىلىرىنى ۋە ئۆيىدىكى پۇل ـ مال تەئەللۇقاتلىرىنى سالدى، ۋۇ يۇڭ بىلەن لىيۇ تاڭ بىردىن قېيىقنى باشلاپ يەتتە ـ سەككىز ھەمراھقا ھەيدىتىپ، لى جەمەتلەر مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ تۇرماقچى بولۇپ ماڭدى؛ چاۋ گەي رۇەن شىياۋۋۇ، رۇەن شىياۋچىلارغا ياۋغا قانداقسىغا تاقابىل تۇرۇشنى تاپشۇردى. بۇلارمۇ قېيىقلىرىنى ھەيدىشىپ يۈرۈپ كېتىشتى.

خې تاۋ بىلەن پاشاپبەگ خان لەشكەرلىرىنى باشلاپ ماڭا ـ ماڭا سىنىتاش كەنتىگە يېقىنلاشتى ۋە دەريا بويىدىكى كېمە چۆشكۈنىدە تۇرغان قېيىقلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى، سۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان لەشكەرلىرى قېيىققا چۈشۈپ، قىرغاقتىكى لەشكەرلەر بولسا ئاتلىنىپ، سۇدىنمۇ، قۇرۇقلۇقتىنمۇ تەڭ يۈرۈش قىلدى. رۇەن شىياۋئېرنىڭ ئۆيىگە يەتكەندە، ئۇلار سۈرەن ـ چۇقان سېلىشىپ بېسىپ كىردى، بۇ ئۆي ئاز ـ تولا قاتتىق ـ قۇرۇق، لاقا ـ لۇقىلار قالغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاللىقاچان قۇرۇقداپ قويۇلغانىدى. خې تاۋ: «قوشنا بېلىقچىلاردىن بىرنەچچىنى تۇتايلى» دەپ، بىرنەچچە بېلىقچىنى تۇتتى ۋە ئۇلاردىن: «رۇەن شىياۋئېرنىڭ رۇەن شىياۋۋۇ، رۇەن شىياۋچى دېگەن ئىككى ئىنىسى كۆل ئىچىدە تۇرىدۇ، قېيىقسىز ئۇ يەرگە بارغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ پاشاپقا مەسلىھەت سالدى:

ــ بۇ كۆلنىڭ ئىچىدە شاخاپچىلارمۇ كۆپ ئىكەن، يوللىرى ئىرماش ـ چىرماش ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلنىڭ تېيىز ياكى



www.uyghurkitap.com

تېرەنلىكى نامەلۇم، مۇبادا قاراقچىلارنى تۇتۇشقا كۈچلەرنى چېچىۋەتسەك، ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالارمىزمىكىن؛ بىز ئاتلارنى مۇشۇ يەردە ئادەم قويۇپ قارىتىپ قويۇپ، ھەممىمىز قېيىق بىلەن بارساق، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، پاشاپېگ بىلەن خې تاۋ تۇتقاۋۇل ۋە يايلار قېيىققا چۈشتى. شۇ چاغدا تۇتۇلغان قېيىقلار يۇزدىن ئاشاتتى، بۇلار قېيىقلارنى بادرا، پالاقلار بىلەن ھەيدەپ رۇەن شياۋۇلارنىڭ بىلىقچىلىق جاڭزىسىغا قاراپ راۋان بولدى.

بەش ـ ئالتە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن قومۇشلۇق ئىچىدىن بىراۋنىڭ تەنىلىك ناخشىسى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن قېيىقلارنى توختىتىپ ئۇنى تىڭشىدى:

شۇ قومۇشلۇق كۆلدە ئۆمرۈم ئۆتتى قىپ بېلىقچىلىق،
ئۇندۇرۇپ مايسا بۇ يەردە قىلمىدىم دېھقانچىلىق.
پارىخور، زالىم ئەمەلدارلارنى پاك ـ پاكىز قىرىپ،
چىن دىلىمدىن خانغا سادىق بوپ قىلاي ئىنسانچىلىق.

خې تاۋ تۇتقاۋۇلمۇ، لەشكەرلەرمۇ بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى؛ بۇ چاغدا يىراقتا يەككە ـ يېگانە ھالدا قېيىق ھەيدەپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى.

— رۇەن شياۋۇ دېگەن ئەنە شۇ، — دەپ كۆرسەتتى تونۇيدىغانلاردىن بىرى.

خې تاۋ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، لەشكەرلەر قورال ـ ياراغلىرىنى راسلاپ كۆتۈرۈشكەن پېتى ئالغا ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن رۇەن شياۋۇ قاتتىق مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ:

— ھەي پۇقرانى زار ـ زار قاقشاتقان ئوغرى ئەمەلدارلار، ھەددىڭدىن شۇنچە ئېشىپ كېتىشتىڭمۇ! غوجىكاڭنى قوغلاپ كېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ! غوجىكاڭنىڭ بىر تال موينىمۇ قىمىرلىتالمايسەن! — دەپ تىللىدى.

خې تاۋنىڭ ئارقىسىدىكى كامالەكچىلەر ئۇقيالىرىنى رۇسلاپ، كامانلىرىنى بەتلەپ، تەڭمۇتەڭ ئوق چىقىرىشتى. رۇەن شياۋۇ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان يا ئوقلىرىنى كۆرۈپ، پالىقىنى تۇتقىنىچە موللاق ئېتىپ سۇغا چۆكتى. لەشكەرلەر قوغلاپ كېلىپ تۇتالماي قاراپلا قالدى.

يەنە ئىككى شاخاپچىغىچە يول يۈرە ـ يۈرمەي، قومۇشلۇق ئىچىدىن قاتتىق ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، لەشكەرلەر قېيىقلىرىنى جەڭگە هازىرلاپ تۇرغىنىدا، ئالدى تەرەپتىن بىر قېيىقنى هەيدەپ ئىككى كىشى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى قېيىقنىڭ باش تەرىپىدە كۆك چىغ قالپاق كىيىپ، چىغىرتماقتىن توقۇلغان يېشىل مىسىل يامغۇرلۇق يېپىنىۋالغان هالدا ئۆرە تۇراتتى، ئۇ قولىدا تۇپتۇز نەيزە كۆتۈرگىنىچە مۇنداق ناخشا ئېيتاتتى:

غوجىكاڭ مۇشۇ يېزا ـــ سىنتاشتا ئۆستى تۇغۇلۇپ،
باشتىلا خۇي ـ پەيلىگە سىڭگەن مىجەز قاتىل بولۇپ.
مەن كېسىپ پاشاپ خې تاۋنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن،
ئاستانە خاقانىغا تارتۇق قىلاي ئۇنى تۇتۇپ.

خې تاۋ تۇتقاۋۇل ۋە لەشكەرلەر بۇنى ئاڭلاپ، يەنە بىر قېتىم تاڭ قالدى. بۇلار سىنچىلاپ قارىسا، ئالدىدىكىسى نەيزە كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتقان، ئارقىدىكىسى قېيىق هەيدىگەن هالدا كېلىۋېتىپتۇ. تونۇيدىغانلاردىن بىرى:

ـــ رۇەن شياۋچى ئەنە شۇ، ـــ دېدى.

ـــ هەممىڭلار چاققان بېرىپ ئاۋۋال مۇشۇ قاراقچىنى تۇتۇڭلار! قېچىپ كەتمىسۇن! ـــ دېدى خې تاۋ توۋلاپ.

ـــ هەي، مۇتتەهەم! ـــ دېدى رۇەن شياۋچى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ. ئۇ نەيزىسىنى بىر تۇرتۇپ قويۇپ قېيىقنى ئايلاندۇرۇپ كىچىك شاخاپچا تەرەپكە

كەتتى. لەشكەرلەر سۈرەن سېلىشىپ قوغلاپ ماڭدى. رۈەن شىياۋچى بىلەن قېيىقچى قېيىقنى ئۈچقاندەك ھەيدەپ، ئىسقىرتقىنىچە كىچىك شاخاپچىلارنى ئارىلاپ كېتىۋەردى.

خان لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئارقىدىن قوغلاپ ماڭدى، خې تاۋ شاخاپچىلارنىڭ يولى ناھايىتى تارلىقىنى كۆرۈپ:

— توختاڭلار! قېيىقلارنى كۆلدە تاشلاپ قىرغاقتا چىقايلى! — دېدى.

قىرغاققا چىقىپ قارىسا چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق كۆرۈندى، قۇرۇقلۇق بىلەن ماڭىدىغان بىرەرمۇ يول كۆرۈنمىدى. خې تاۋ بېشى قېتىپ، بىر قارارغا كېلەلمەي، شۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردىن سۈرۈشتۈردى.

— بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق بولساقمۇ بۇ يەرنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرنى بىلمەيمىز، — دېدى ئۇلار.

خې تاۋ يايىلارنى ئىككى قېيىقتا ئىككى - ئۈچتىن ئولتۇرۇپ، ئالدى تەرەپتىن يول ئىزدەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار كېتىپ ئىككى ئاش پىشىمدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتتى، جاۋاب كەلمىدى. خې تاۋ: «بۇلار كارغا كەلمەس بىرنېمىلەر ئىكەن!» دەپ، يول ئىزدەشكە يەنە ئىككى قېيىق بىلەن بەش يايىنى ئەۋەتتى. بۇلار كېتىپمۇ بىر ئاش پىشىمدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتتى، ئۇلاردىنمۇ ھېچ خەۋەر كەلمىدى. خې تاۋ: «بۇلارنىڭ ھەنىنىۋاسى ئۇزۇندىن يامۇل خىزمىتىدە بولۇپ، ئىشقا پىشىپ كەتكەن ئادەملەر تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىپ بىرەر قېيىقنىمۇ خەۋەر قىلىشقا قايتۇرمايدىغاندۇ؟ بۇ ئېلىپ كەلگەن بەگ - سىپاھ، چېرىكلەرمۇ قارا يۈزلۈك قىلارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ: «بۇ يەرنىڭ چېتى كۆرۈنمەيدۇ، قانداق قىلساق بولار ! ئۆزۈم بېرىپ باقاي !» دەپ ئويلىدى - دە، تېز ئۇزەر قېيىقتىن بىرنى ئىلغاپ، بىرقانچە قېرى بەگ - سىپاھلارنى تاللىدى، ئۇلار قوللىرىغا قورال - ياراغ، بەش - ئالتە پالاق ئالدى، خې تاۋ قېيىق بېشىدا

ئولتۇرغىنىچە قومۇشلۇق شاخاپچىلارنى ئارىلاپ يورۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى، بۇلار قىيىقنى ھەيدەپ تەخمىنەن بەش - ئالتە يول مۇساپە كەزگەندىن كېيىن يان تەرەپتىكى قىرغاقتا بىر ئادەمنىڭ چاغلىغۇچ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، خې تاۋ:

— ھەي يىگىت، نېمە ئادەمسەن؟ قەيەر بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن مۇشۇ كەنتلىك دېھقان. بۇ يەرنى بارسا كەلمەس جىلغا دەيمىز، بۇ يەردە يول يوقتەي، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— ساڭا بۇ تەرەپكە ئۆتكەن قىيىق - مېيىق ئۇچرىدىمۇ؟

— رەن شياۋۋۇنى تۇتقىلى كەلگەن قىيىق بولمىسۇن؟

— ئۇلارنىڭ رەن شياۋۋۇنى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟

— ئۇلار ئاشۇ ئالدىمىزدىكى توقايلىقتا سوقۇشۇۋاتىدۇ.

— ئۇ يەرگە يەنە قانچە چاقىرىم يول بار؟

— ئاشۇ ئالدىمىزدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان يەر شۇ.

خې تاۋ بۇنى ئاڭلاپ يايلارغا قىيىقنى باغلاپ قويۇپ، ئۇلارغا بولۇشۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى؛ ئىككى يايى قولىغا چاپچا ئېلىپ قىرغاققا چىقىشىدى، ھېلىقى چاغلىغۇچ كۆتۈرۈۋالغان يىگىت، ئۇلار ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە چاغلىغۇچ بىلەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ سۇغا تىك موللاق چۈشۈردى. خې تاۋ بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولغان ھالدا ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ قىرغاققا قاچماقچى بولدى، لېكىن قىيىق تۇيۇقسىز غالداڭ - غۇلدۇڭ قىلىپ چايقالدى - دە، سۇ ئاستىدىن بىر ئادەم چىقىپ، خې تاۋنىڭ ئىككى پۇتىدىن شارت قىلىپ سۆرەپ تارتتى، ئۇ پولتۇڭ قىلىپ سۇغا يىقىلدى. ھېلىقى قىيىقتا قالغان بىرقانچىسى قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، بۇ چاغدا چاغلىغۇچ تۇتقان يىگىت قىيىققا ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى چاغلىغۇچتا بىر - بىردىن تىك موللاق چۈشۈرۈپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقاردى. سۇ ئاستىدىن چىققان ھېلىقى يىگىت خې تاۋنى سۇدىن

قىرغاققا سۆرەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ پوتىسىنى يېشىپ ئۇنى باغلىدى. سۇ تېگىدىن چىققان بۇ كىشى ئەنە شۇ رۇەن شياۋچى ئىدى، قىرغاقتا چاغلىغۇچ كۆتۈرۈپ تۇرغان ھېلىقى پالۋان بولسا رۇەن شياۋئېر ئىدى.

بۇ ئىككى قېرىنداش خې تاۋغا قولىنى تۇرتۇپ:

— بىلىپ قوي، بىز ئۈچ قېرىنداش غوجىكالىڭ ئەزەلدىن كاللا كېسىپ، ئوت قويۇپ ئۆگىنىپ كەتكەن، سەن قانچىلىك بىرنېمىدىڭ! خان لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىزنى تۇتۇشقا ئەجەب پېتىنىپسەن - ھە ! — دەپ تىللىدى.

— يىگىتلەر ! پېقىر ئۆز مەيلىمچە كەلمىدىم، يۇقىرىنىڭ ئەمرى بىلەن كەلدىم. سىلەردەك پالۋانلارنى تۇتقىلى كېلىشكە پېقىرنىڭ نېمە ھەددى؟ يىگىتلەر، ئۆيۈمدە سەكسەن ياشلىق قېرى ئانام بار، ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا قارايدىغان ھېچكىمى يوق، مەن بىچارىگە رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار! — دەپ يالۋۇردى خې تاۋ.

— ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ قېيىققا تاشلايلى، — دېدى رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان قېرىنداشلار ۋە ھېلىقى بىرنەچچىسىنىڭ ئۆلۈكىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. بۇلار بىر ئىسقىرتىۋىدى، قومۇشلۇق ئىچىدىن تۆت - بەش بېلىقچى چىقىپ قېيىققا چۈشتى. رۇەن شياۋئېر بىلەن رۇەن شياۋچى بىردىن قېيىقنى ھەيدەپ يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى ھېلىقى پاششاپبەگ بىلەن قالغان خان لەشكەرلىرى قېيىق ئۈستىدە: «خې تاۋ تۇتقاۋۇل بىزنى كارغا يارىمايدىغان بىرنېمىلەر ئىكەن دېۋىدى، مانا ئەمدى ئۆزى يول ئىزدەپ كەتكىلى نەكەم، شۇڭغىچە قايتىپ كەلمىدى» دېيىشىپ غودۇڭشىشقا باشلىدى. بۇ دەل ئەلياتقۇ مەھەل بولۇپ، يۇلتۇزلار نۇرى كۆكنى قاپلىغانىدى، لەشكەرلەر قېيىقتا سەگىدەپ ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىزدىن شۇنداق قۇيۇن چىقتىكى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇملار ئۇچۇپ، تاشلار كۆچۈپ، سۇلار چاچرىدى،
قارا بۇلۇت كۆكنى قاپلاپ، يامغۇر شارقىرىدى.
نىلۇپەرنىڭ ياپراقلىرى قايرىلىپ سۇنۇپ،
كۆل سۈيىنىڭ مەۋجىسىگە كەتتىم يەم بولۇپ.
قومۇشلارنىڭ پۆپۈكلىرى توزۇدى ھەر يان،
ئاق ئەلەملەر كۆل ئۈستىدە قىلاتتى جەۋلان.
كۈئىنلۇننىڭ قارىغايلىرى سۇندى قاراسلاپ،
شەرقىي دېڭىز مۇئەككىلى ئويغاندى چاچراپ.

بۇ قارا قۇيۇن ئارقا تەرەپتىن چىقىپ، قېيىقتىكىلەرنى ساراسىمىگە سالدى، ئۇلار ھەدەپ نالە ــ زار قىلىشاتتى، قۇيۇن قېيىقنىڭ ئارغامچىلىرىنىمۇ ئۈزۈۋەتتى. بۇلار ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغاندا، ئارقىدىن ئىسقىرىق ئاڭلاندى؛ بۇلار ئىسقىرىق چىققان تەرەپكە قارىشىدى، قومۇشلۇقنىڭ يان تەرىپىدىن بىر توپ ئوت كۆرۈندى. لەشكەرلەر: «ئەمدى تۈگەشتۇق !» دېيىشتى. قىرىق ــ ئەللىكچە قېيىق شامالدا ئۇياقتا ئۇرۇلۇپ، بۇياقتا سوقۇلۇپ، بىر يەردە تۇرالماي قالدى، ھېلىقى ئوت بولسا ئاللىقاچانلا بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ ئوت ئەسلىدە بىر توپ كىچىك قېيىقتىن چىققانىدى، قېيىقلار ئىككى ــ ئىككىدىن قىلىپ چېتىلغان بولۇپ، ئۈستىگە لىقمۇلىق قومۇش، ئوت ــ چۆپ بېسىلغان، ئەنە شۇ قومۇشلارغا يېقىلغان ئوت پاراسلاپ شىددەت بىلەن يالقۇنجاپ كۆيۈپ، شامال ئۇرغان تەرەپكە سۈرۈلۈپ تۇتىشىپ كېلىۋاتاتتى. خان قېيىقلىرىدىن قىرىق ــ ئەللىك دانىسى بىر يەرگە تىقىلىشىپ قالدى، شاخاپچىلار تار بولۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. ئۇن نەچچە چوڭ كېمىمۇ ھېلىقى ئوتلۇق قېيىقلارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن باشقا قېيىقلار توپىغا قوشۇلۇۋالدى، لېكىن ئۇلارغىمۇ ئوت تۇتاشتى. ئەسلىدە سۇ تېگىدىن كىملەردۇر قېيىقنى تىرەپ تۇرۇپ ئوت

تۇتاشتۇرۇۋاتاتتى، ئوت ئۆلگىيىپ كەتكەنلىكتىن چوڭ كېمىلەردىكى خان لەشكەرلىرى جان قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن تۆت ئەتراپ پۈتۈنلەي قومۇشلۇق، شاخاپچا بولۇپ، قۇرۇق يول يوق ئىدى؛ قىرغاقتىكى قومۇشلۇقمۇ پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. قاراقچىلارنى تۇتۇشقا كەلگەن بۇ خان لەشكەرلىرى ئۈچۈن قاچقۇدەك ھېچ يول يوق ئىدى. بوران كۈچەيگىلى تۇردى، ئوتمۇ ئۇلغايغىلى تۇردى، خان لەشكەرلىرى نائىلاج قېيىقلاردىن سەكرەپ چۈشۈپ، پاتقاق ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ جېنىنى پاناھلاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ئەسنادا ئوت ئىچىدە بىر كىچىككىنە تېز ئۈزەر قېيىق پەيدا بولدى، قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە بىرسى قېيىقنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى، باش تەرىپىدە بولسا بىر دەرۋىش ئولتۇراتتى، ئۇ قولىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان بىر شەمشەر تۇتقان ھالدا:

— بىرىنىمۇ قاچۇرۇۋەتمەڭلار! — دەپ سۈرەن سالدى.

لەشكەرلەر پاتقاق ئىچىدە ئالاقزەدە بولۇپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي، قومۇشلۇقنىڭ كۈنچىقىش قىرغىقىدا تۆت - بەش بېلىقچىنى باشلاپ ئىككى ئادەم پەيدا بولدى، ئۇلار قوللىرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان قىلىچ - نەيزىلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كېلىشتى. بۇ قومۇشلۇقنىڭ كۈنپېتىش قىرغىقىدىمۇ تۆت - بەش بېلىقچىنى باشلاپ ئىككى ئادەم پەيدا بولدى، ئۇلارمۇ قوللىرىدا ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان چاڭگاك كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كېلىشتى. كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش قىرغاقلاردىن يېتىپ كېلىشكەن تۆت پالۋان بىلەن بۇ بىر توپ ئادەم تەڭلا قول سالدى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە تالاي خان لەشكەرلىرىنى پاتقاق ئىچىدە ئۆجۈقتۇردى.

كۈنچىقىش قىرغاقتىن كەلگەن ئىككىيلەن چاۋ گەي، رۇەن شياۋۋۇ، كۈنپېتىش قىرغاقتىن كەلگەن ئىككىيلەن رۇەن

www.uyghurkitap.com

شىياۋئىر، رەن شىياۋچى؛ قېيىق ئۈستىدە ئولتۇرغان دەرۋىش بولسا بوران چىقارغان گۇگسۇن شىلك ئىدى. بۇ بەش پالۋان ئۇن نەچچە بىلىقچىنى باشلاپ كېلىپ، خان لەشكەرلىرىنى قومۇشلۇق كۆل ئىچىدە ئۇچۇقتۇردى. يەككە ـ يېگانە قالغان خې تاۋ تۇتقاۋۇل چەمبەرچاس باغلىنىپ قېيىق ئىچىدە تاشلاقلىق ياتاتتى. رەن شىياۋئىر ئۇنى قىرغاققا سۆرەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قوللىرىنى شىلتىپ:

— ھەي خۇمسى ! جىجۇ ئايمىقىدا پۇقرانى زار ـ زار قاقشاتقان سالجا! مەن سېنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتمەكچىدىم، يەنە كەچۈرەي، سەن قايتىپ بېرىپ، جىجۇ ئايماق ياموللىدىكى ئەمەل تۇتۇپ ئولتۇرغان مەلئۇنلارغا ئېيت: بىز سىنتاش كەنتلىك رەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ باتۇرنى ۋە كۆنچىقىش مەھەللىلىك چاۋ گەي ھەزرەتنى سەل چاغلىمىسۇن ! بىزمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا تاغار كۆتۈرۈپ بارمايمىز، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەجىلى سۆرەپ كېلىپ يۈرمىسۇن ! بىزگە توغرا كۆز بىلەن قارىسا مەيلى، ئۇنداق قىلماي، بىزنى تۇتۇشقا ھېلىغۇ ئۇنداق كىچىككىنە ئايماق ئامبىلىكەن، سەي جىڭ ۋەزىرئەزەم شەخسەن ئادەم ئەۋەتسىمۇ ياكى سەي جىڭنىڭ ئۆزى كەلسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىقىنىدىن تۆشۈك ئاچىمىز، بىز سېنى قويۇۋېتىمىز، ئىككىنچى بۇ يەرگە يولىما ! چۈپرەندە بەگلىرىڭگە بېرىپ ئېيتقىن. بۇ يەرگە كېلىپ قالسا تىرىك قالمايدۇ ! بۇ يەردە چوڭ يول يوق، مەن قېرىنداشلىرىمنى بۇيرۇيمەن، ئۇلار سېنى يول ئاغزىغىچە ئاپىرىپ قويىدۇ، — دېدى.

رەن شىياۋچى بىر كىچىككىنە تېز ئۈزەر قېيىقنى ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭغا خې تاۋنى سېلىپ چوڭ يول ئاغزىغا ئېلىپ باردى ۋە:

— تويتوغرا مۇشۇ تەرەپكە ماڭساڭ يول تاپىسەن. باشقىلارنىڭ ھەممىۋاسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ سېنى ساپساق قويۇۋەتسەك بولماس، ھېلىقى ئايماق ئامبىلى بولغان قوتۇر ئېشەك بىزنى

مەسخىرە قىلىپ يۈرمىسۇن! ئىككى قۇلىقىڭنى ئىسپات ئۈچۈن بۇ يەردە قويۇپ كەت! — دەپ ۋارقىراپ، يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، خې تاۋ تۇتقاۋۇلنىڭ ئىككى قۇلىقىنى كېسىۋالدى. ئۇنىڭدىن جىرىلداپ قان ئاقتى. رۇەن شياۋچى خەنجىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، پوتىسىنى يېشىۋېلىپ، خې تاۋنى قىرغاققا قويۇۋەتتى.

## نەزم

كەستى خان لەشكەرلىرىنىڭ كاللىسىنى بەتامام،
قويۇۋەتمەككە خې تاۋنى تاپمىدى كۆڭلى ئارام.
قۇلىقىنىڭ كېسىلدى ھەي ئېشەك بېشىڭنىڭ ئورنىدا،
جۇپ قۇلىقىڭ قالدى بۇندا گەپكە كىر ئەمدى ھارام.

جېنى ئامان قالغان خې تاۋ ئۆزى يول تېپىپ جىجۇ ئايمىقىغا قايتتى.

چاۋ گەي، گۇڭسۇن شېڭلار بولسا رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش ۋە ئون نەچچە بېلىقچى بىلەن بىرلىكتە بەش – ئالتە قېيىقنى ھەيدەپ سىنتاش كەنتى كۆلىدىن لى جەمەتلەر مەھەللىسىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ۋۇ يۇڭ، ليۇ تاڭلارنىڭ كېمىلىرىگە قوشۇلدى. ۋۇ يۇڭ خان لەشكەرلىرىنى قانداق تارمار قىلغانلىقىنى سوراشتۇردى، چاۋ گەي ئۇجۇر – بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. ۋۇ يۇڭ ۋە باشقىلار بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇشتى. قېيىقلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممەيلەن بىرلىكتە قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ گۈينىڭ مەيخانىسىغا پاناھداپ باردى. جۇ گۈي بۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ توپقا قوشۇلمىز دەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال كۈتۈۋالدى. ۋۇ يۇڭ ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى جۇ گۈيغا سۆزلەپ بەردى، ئۇ ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇلار

بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئۇلار سورۇندىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن دەررۇ مەي كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مېھمان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر تاسما كامالەكنى قولىغا ئېلىپ، ئۇدۇل تەرەپتىكى قومۇشلۇق شاخاپچىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئوق بېرىپ چۈشكەن يەردىن بىر چاپارمەن قېيىق ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. جۇ گوي دەرھال بىر ئىلتىجانامە يېزىپ، ئۇنىڭدا تويقا قوشۇلىدىغان پالۋانلارنىڭ نام ـ ئەمەلىنى، سانىنى تەپسىلىي ئىزھارلاپ، ئۇنى تۇراغا ئېلىپ بېرىپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن چاپارمەنگە بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن قوي سويۇپ پالۋانلارنى مېھمان قىلدى.

ئۇ كېچە ئۆتتى، ئەتىسى سەھەردە جۇ گوي بىر چوڭ قېيىقنى چاقىرتىپ، پالۋانلارنى سېلىپ، چاۋ گەيلەر چۈشۈپ كەلگەن قېيىق بىلەن بىللە تاغ تۇراغا راۋان بولدى. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېغىزغا يېتىپ باردى، قىرغاقتىن داقا ـ دۇمباقلار ئاۋازى ئاڭلاندى. چاۋ گەي قارىسا، يەتتە ـ سەككىز ئاتارمەن ـ چاپارمەن تۆت كۆزەتچى قېيىقنى ھەيدەپ كەپتۇ، ئۇلار جۇ گوينى كۆرۈپ تەزىم قىلىپ يول باشلاپ ماڭدى.

چاۋ گەيلەر جىنشاتەن ساھىلىغا يېتىپ بېرىپ، بالىچاقىلارنى ۋە بېلىقچىلارنى تورۇپ تۇرۇڭلار، دەپ بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويدى، شۇ چاغدا تاغدىن ئون نەچچە چاپارمەن چۈشۈپ بۇلارنى تۇرا قوۋۇقى ئالدىغا باشلاپ چىقتى. ۋاڭ لۇن بىر توپ سەركەردىنى باشلاپ، تۇرا قوۋۇقى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. چاۋ گەيلەر دەرھال ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈردى، ۋاڭ لۇن جاۋاب ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈپ:

— كەمىنىلىرى ۋاڭ لۇن بولىمەن، ئۇزاقتىن بۇيان چاۋ گەي ھەزرەت دېگەن داڭقىلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ كەلدى. بۈگۈن ئەرزىمەس تۇرايىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا خۇرسەنمىز، — دېدى.

— مەن چاۋ گەي ئېلىمنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان

قارىتۇرۇك تومپاي ئادەممەن، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قېچىپ يۈرىمەن، ئەمدى ھەرقايسىلىرىنىڭ دەرگاھىغا بىر چاكار بولۇپ ئۆتۈشكە رازى بولۇپ كەلدىم، رەت قىلمىغايلا، — دېدى چاۋ گەي.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قېنى غېرىبانە تۇرايمىزغا مەرھەمەت قىلسىلا، شۇ يەردە كېڭەشەيلى، — دېدى ۋاڭ لۈن.

چاۋ گەي بىلەن گۇڭسۇن شېڭنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارنى ئەگىشىپ تۇراغا چىقتى. تۇرانىڭ مەردلەر سارىيىغا يېتىپ چىققاندىن كېيىن ۋاڭ لۈن چاۋ گەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. چاۋ گەي باشلىق يەتتەيلەن ئوڭ تەرەپتە قاتار تۇردى؛ ۋاڭ لۈن ۋە باشقا سەركەردىلەر سول تەرەپتە قاتار تۇردى. بۇلار بىر - بىرلىرىگە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن روبىرو ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ لۈن تاپىسىدىكى كىچىك سەردارلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا يوسۇن قىلدۇردى، يان ھۇجرىدا داقا - دۇمباقلار ياڭرىدى. ۋاڭ لۈن كىچىك سەردارلارنى تاغ تۈۋىگە چۈشۈپ، چاۋ گەيلەرنى ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەرنى تۇرا قوۋۇقى تۈۋىدىكى ئايرىم مېھمانخانىغا چۈشۈرۈپ مېھمان قىلىشقا بۇيرۇۋەتتى.

## نەزم

قېتىلىشقا توپقا مەردلەر كەلدى ئالدىڭغا مانا،
قالدۇرۇشنى خالىساڭ ئاچقىن قۇچاق، تۇغقان سانا.
نە ئۈچۈن ئۆزنى ھامان ئۆتكۈنچى مېھمان كۆرىسەن،
قورقىسەن تاغ بەگلىكى قولدىن كېتىشتىن دائىما.

تۇرادا ئىككى كالا، ئون قوي، بەش چوشقا سويۇلۇپ، داغدۇغىلىق بەزمە ئۆتكۈزۈلدى. مەي ئىچىش ئارىلىقىدا چاۋ گەي كۆڭلىدىكىلەرنى باشتىن - ئاخىر ۋاڭ لۈنغا ئىزھار قىلدى. ۋاڭ

لۈن ئاڭلاپ بىر هازاغىچە هەيران بولۇپ، كۆڭلى ئارىسالدىلىققا چۈشۈپ، لام ـ جىم دېمەي ئۆيغا چۆككەندىن كېيىن بەزمە ئارا يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن هە ـ هەدەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. كەچقۇرۇن بەزمە تارقىغاندىن كېيىن سەردارلار چاۋ گەيلەرنى تۇرا قوۋۇقى تۈۋىدىكى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، كەلگەن بۇ ئادەملەرنى تەيىنلەپ قويۇلغان خىزمەتچىلەر خەۋەر ئېلىپ كۈتۈۋالدى.

— بىز شۇنچىۋالا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن تۇرساق، تەگىمۇ پاناھداپ بارالايتتۇق ـ هە؟ — دېدى چاۋ گەي خۇش بولۇپ، ۋۇ يوڭ قاتارلىق ئالتە كىشىگە، — ۋاڭ لۈن ئاتامانىم شۇ قەدەر غەمخورلۇق قىلدى، بولمىسا هەممىمىز سەرسان بولۇپ يۈرەتتۇق، بۇ مېھىر ـ شەپقەتنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ!

ۋۇ يوڭ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— تەخسىر، نېمە ۋەجىدىن سوغۇق كۈلدىلا؟ بىرەر ئىش ـ كۈش بولسا هەممىمىز ئۇقايلى، — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، سىلى تۈز كۆڭۈل ئادەم، سىلىنىڭ خىياللىرىچە ۋاڭ لۈن بىزنى سىغدۇرارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆڭىدىنلا دىلىنى بىلگىلى بولىدۇ، — دېدى ۋۇ يوڭ.

— ئۇنىڭ ئۆڭى قانداق تۇرىدۇ؟ — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، ئۆزلىرى كۆرمىدىلىمۇ؟ — دېدى ۋۇ يوڭ، — ئۇ ھېلىقى بەزمىنىڭ دەسلىپىدە ئۆزلىرى بىلەن دوستانە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، كېيىن سىلى نۇرغۇن خان لەشكەرلىرىنى ۋە پاششاپىنى ئۆلتۈرۈپ، خې تاۋنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ باتۇرنىڭ شۇ قەدەر باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدىلە، ئۇنىڭ چىرايى بىرئاز ئۆڭدى. ئاغزىدا ھە دېسىمۇ، لېكىن نىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالدى. ناۋادا ئۇنىڭ بىزنى ئېلىپ قېلىش نىيىتى بولغان بولسا، ئاللىقاچانلا مەرتىۋىمىزنى بەلگىلەپ قويغان بولاتتى. دۇ چيەن، سۇڭ ۋەنلەر

دۆت نېمىلەر تۇرسا، مېھمان كۈتۈشنى نەدىن بىلسۇن؟ پەقەت لىن چۇڭ بۇرۇن ئاستانە ياساۋۇللىرىنىڭ مەشقاۋۇلى بولغان شەھەر ئادىمى بولغاچقا، ئۇ جىق ئىش بىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تۆتىنچى قوللۇق ئورۇن بېرىپتۇ. ئۇمۇ ئىلاجسىزلىقتا تۇرغان ئوخشايدۇ، لىن چۇڭغا قارىسام، ئۇ بايا ۋاڭ لۇننىڭ ئۆزلىرىگە ھە - ھەدەپ قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپ، چىدىمىغاندەك قىلىپ ۋاڭ لۇنغا ئارقا - ئارقىدىن چەكچىيىپ، ئالىيىپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئادەمنىڭ ھەرھالدا بىزگە خەيرخاھلىق قىلىش نىيىتى باردەك، لېكىن ئىلاجسىزدەك كۆرۈنىدۇ. پېقىر ئۇنى ئازراق دەيدەيگە سالاي، مۇشۇ تۇرادىكىلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى جايلىسۇن.

— تەخسىرىم، بۇ يەرگە سىغىشىپ كېتىشىمىز پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئوبدان چارە - تەدبىرلىرىگە باغلىق، — دېدى چاۋ گەي.

بۇ كېچە يەتتەيلەن بۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئەتىسى تاڭ يورۇشىغا بىر كىشى: «لىن چۇڭ مەشقاۋۇل يوقلاپ كەپتۇ» دەپ كىردى.

— بۇ ئادەم بىزنى چېكىپ باققىلى كېلىپ، بىزنىڭ قىلتىقىمىزغا چۈشىدىغان بولدى، — دېدى چاۋ گەيگە ۋۇ يۇڭ.

بۇ يەتتەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، ۋۇ يۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— كېچە كۆپ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشتۇق، كۆپ جوۋتىپ قويدۇق، — دەپ تەشەككۇر ئېيتتى.

— بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويدۇم. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمەتلىرىنى ۋە خىزمەتلىرىنى قىلىش نىيىتىدە بولساممۇ، قۇربىم يەتمىگەنلىكتىن ئورۇنلىيالمىدىم، ئەپۇ قىلىشسىلا، — دېدى لىن چۇڭ.

— بىز گەرچە لاياقەت ئەھلىلىرىدىن بولمىساقمۇ، ياخشىلىق - يامانلىقنى بىلمەيدىغان نادانلاردىن ئەمەس، ئاتامانىمىزنىڭ

غەمخورلۇق ۋە خەيرخاھلىق قىلىنىۋاتقانلىقىدىن كۆپ مىننەتدارمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ موللا.

چاۋ گەي لىن چۇڭنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. لىن چۇڭ ئۇنىماي چاۋ گەينى تۆرگە چىقاردى، ئۆزى تاپسىدا ئولتۇردى. ۋۇ يۇڭ باشلىق قالغان ئالتەيلەن قاتار ئولتۇردى. چاۋ گەي:

— مەشقاۋۇل، ئۇزۇندىن بۇيان داڭقىلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، تەقدىر - ئىرادە بىلەن مانا ئەمدى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدى.

— ئاستانىدىكى چېغىمدا دوست - يارەنلەرگە بىر خىللا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرەتتىم، — دېدى لىن چۇڭ، — بۈگۈن دىدار كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولسامۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمدىكىدەك قىلالمىدىم، شۇڭا ئالاھىدە ئەپۇ سوراپ كەلدىم.

— چوڭقۇر خەيرخاھلىقلىرىغا كۆپ رەھمەت، — دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى چاۋ گەي.

— كەمىنىلىرى ئاستانىدىكى چاغلىرىمدا ئۆزلىرىنى ناھايىتى باتۇر، مەرد ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدىم. نېمە سەۋەبتىن گاۋ چيۇ بىلەن كېلىشەلمەي، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى ۋۇ يۇڭ، — كېيىن ساڭجۇ ئايمىقىدا لەشكەرلەرنىڭ سامانلىقىغا ئوت قويۇش ۋەقەسىمۇ شۇنىڭ پىلانى بىلەن بوپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. كېيىن سىلىنى بۇ يەرگە چىقىشقا كىم دەۋەت قىلدىكىن؟

— گاۋ چيۇ دېگەن مۇناپىقنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى سۆزلىسەم قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ! — دېدى لىن چۇڭ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىنتىقامنى ئالالمىدىم! مېنى بۇ يەرگە كېلىپ پاناھداشقا چەي جىن بېگىم تونۇشتۇردى.

— چەي جىن بېگىم دېگەن ئەل - يۇرت كىچىك قويۇن دەپ ئاتايدىغان چەي جىن بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— دەل شۇ ئادەم، — دېدى لىن چۇڭ.

— چەي جىن بېگىم خەير - ساخاۋەتچى ئادەم، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن پالۋانلارنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ ئۇلۇغ جۇ پادىشاھىنىڭ پۇشتى، دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالساق ياخشى بولاتتى، — دېدى چاۋ گەي.

— بۇ چەي جىن بېگىمنىڭ نامى جىمى ئىقلىمغا، داڭقى ئالەمدىكى پۈتۈن ئادەمگە مەشھۇر. مەشقاۋۇل، ئۆزلىرى قىلىچۋازلىقتا ھەممىدىن ئېشىپ چۈشمەيدىغان بولسىلا، ئۇ ئۆزلىرىنى بۇ تاغقا تونۇشتۇرارمىدى؟ كۆپتۈرۈپ ئېيتىۋاتقىنىم يوق، بۇ بىرىنچى ئاتامانلىق مەرتىۋىنى ۋاڭ لۈن ئۆزلىرىگە بەرسە لايىق بولاتتى. بۇ ئالەمدىكى جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسى، شۇنداق بولغاندا، چەي جىن بېگىمنىڭ مەكتۇپىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولمايتتى، — دېدى يەنە لىن چۇڭغا ۋۇ يوڭ.

— پىكىرلىرى ئورۇنلۇق، — دېدى لىن چۇڭ، — كەمىنىلىرى زور گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمدىن، چەي جىن بېگىمنى پاناھداپ بارغانىدىم، ئۇ مېنى ئېلىپ قالىمەن دەپ چىڭ تۇتتى، لېكىن ئۇنىڭغا كاشىلا تەگمىسۇن دەپ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە تېنەپ قېلىشنى ئويلىماپتىمەن! ھازىر گەپ مەرتىۋىنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئەمەس، ۋاڭ لۈن ئىچى قوتۇر بىرنېمىكەن، گېپىنىڭ تىكىشى يوق تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ كېتىش تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ۋاڭ لۈن ئاتامان كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ناھايىتى سىلىق كۆرۈنىدۇ، قانداقسىغا ئىچى تار دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى ۋۇ يوڭ.

— بۈگۈنكى كۈندە، — دېدى لىن چۇڭ، — تۇرايمىزغا تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن نۇرغۇن پالۋانلار جەم بولۇپ بىر - بىرىگە ھەمدەم ۋە بىر - بىرىگە قولداش بولغانلىقى خۇددى گۈل

ئۈستىگە گۈل چېكىلگەندەك، ئۈسساپ قاغجىرىغان مايسىلار يامغۇرغا ئۇلاشقاندەك ئىش بولغانىدى، بۇ ئادەم ئىچى قوتۇر، تولىمۇ ھەسەتخور ئىكەن، ئۇ پالۋانلار مېنىڭ بېشىمغا چىقىۋالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. ئاخشام ئاغىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ خان لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى سۆزلىۋىدى، ئۇ ئاڭلاپ باشقىچە بولۇپ، ھەرقايسىلىرىنى ئېلىپ قالغۇسى كەلمەي قالدى، شۇڭا ھەرقايسىلىرىنى تۇرا قوۋۇقى تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇردى.

— ۋاڭ لۈن ئاتامانىنىڭ غەرىزى شۇنداق بولسا، ئۇ بىرنەرسە دېگۈچە، بىز ئۆزىمىز باشقا يەرگە پاناھداپ كەتكىنىمىز تۈزۈك، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— پالۋانلىرىم، مېنى يات كۆرمىسىلە، بۇنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن، — دېدى لىن چۇڭ، — ھەرقايسىلىرىنى قايتىپ كېتىش نىيىتىدە بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئالاھىدە سەھەر يېتىپ كېلىشىم. بۈگۈن ئۇ قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، قاراپ باقايلى، ئەگەر بۇ ھارامزادە تۈنۈگۈنكىدەك قىلماي، گەپ - سۆزى يولىدا بولسا، ئۆتكەن ئىشقا مەيلى دېمەيمىز؛ ناۋادا بۈگۈن يەنە بىرەر يېرىم غەرەزلىك سۆز قىلىدىغان بولسا، ئۇنى پۇتونلەي ماڭا قويۇپ بېرىشسىلە.

— سەركەردەم، ئۆزلىرى شۇ قەدەر غەمخورلۇق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، — دېدى چاۋ گەي.

— سەركەردەم، ئۆزلىرى بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلىپ ئاتامانلىرى ۋە كونا قېرىنداشلىرىدىن كەچمەكچى بولۇۋاتىدىلا. ئەگەر بۇ يەرگە سىغساق سىغارمىز، سىغمىساق شۇ ھامان ۋىدالىشىپ كېتىۋېرىمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ياق تەخسىر، يېڭىلىشىۋاتىدىلا! كونىلارنىڭ: «دانانىڭ قەدرىگە دانا يېتەر، باتۇرنىڭ قەدرىگە باتۇر» دېگەن ماقالى بار. بۇ چۈپرەندە پاسىق مەلئۇنلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، خاتىرجەم

بولۇشسىلا، — دېدى لىن چۇڭ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، — بىردەمدىن كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدى

كۆپچىلىك ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى، لىن چۇڭ تاغقا چىقىپ كەتتى.

## نەزم

نە ئۇچۇن بولماس بۇ يەرگە كىشىنى سىغدۇرغىلى،
بەس! چىقارما، بار ماكان دەپ، باشقا يەرنىڭ گېپىنى.
قورقسا گەر ھەقلىق كىشى كەلگەن كىشىنى يات كۆرۈپ،
رازى بولدى سىغدۇرۇشقا يەكلىنىپ دەرد تارتقىنى.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي چاپارمەنلەردىن بىرى بۇلارنى چىللاپ كېلىپ:

— بۇگۇن تاغ تۇرايىمىزنىڭ ئاتامانى ھەرقايسىلىرىنى تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆل تۇرا شىپاڭغا بەزمىگە تەكلىپ قىلىپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى.

— ئاتامانغا ھېلى كېلىمىز دەپ قالدى، دەپ مەلۇم قىلغىن، — دېدى چاۋ گەي.

چاپارمەن قايتىپ كەتتى، چاۋ گەي ۋۇ يۇڭدىن:

— تەخسىر، بەزمىدە نېمە گەپ بولار؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — بۇ بەزمىدە تاغ تۇرانىڭ بەگلىكى بىزگە نېسىپ بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇگۇن لىن چۇڭ مەشقاۋۇلدا ۋاڭ لۇننى ئۇجۇقتۇرۇش مۇددىئاسى بارلىقى تەھقىق. ناۋادا ئۇنىڭدا نىيىتىدىن يېنىۋالغۇدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۈچ ئىنچىكە تىلىمنى ئىشقا سالىمەنكى، ئۇ ۋاڭ لۇننى ئۇجۇقتۇرماي قالمايدۇ. ئاغا، ھەربىرلىرى قورال - ياراغلارنى ئېلىۋېلىشسىلا، پېقىر ساقىلىمنى سىلاش بىلەن بەلگە بېرىمەن، شۇ چاغدا دەرھال

www.uyghurkitap.com

ھەمدەم بولىدىلا.

چاۋ گەيلەر بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

كۇن چاشكا بولغاندىن كېيىن بۇلارنى سۇيلەپ، ئۇچ ـ تۆت قېتىم ئادەم كەلدى، چاۋ گەي ۋە باشقا سەردارلار يانلىرىغا قورال ـ ياراغلىرىنى تىقىشىپ، راۋرۇس راسلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن بەزمىگە مېڭىشقا ھازىرلاندى. شۇ چاغدا سۇڭ ۋەن چاپارمەنلەرگە يەتتە تەختىراۋان كۆتۈرتكۇزۇپ، ئالايىتەن ئۆزى ئاتلىق چىللىغىلى كەلدى. بۇ يەتتەيلەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆل تۇراغا كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، دەرۋەقە بۇ يەر ئاجايىپ مەنزىرىلىك يەر ئىكەن، بۇلار توپتوغرا تۇرانىڭ ئارقىسىدىكى سۇ ئىچىگە سېلىنىغان شىپاڭ ئالدىغا كېلىپ تەختىراۋاندىن چۇشتى، ۋاڭ لۇن، دۇ چيەن، لىن چۇڭ، جۇ گۇيلار بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ شىپاڭغا تەكلىپ قىلدى، مېھمان ۋە ساھىبخانىلار ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. شىپاڭدىكى مەنزىرىگە نەزەر سالسىڭىز ئۇ شۇنداق ئىدىكى:

ئەتراپى سۇ، پەردىلىرى قايرىلغان،
گۇللەر قىزىل لەمپىلەرگە ئارتىلغان.
خۇشبۇي پۇراق ئۇرۇلىدۇ دىماققا،
سۇدا لەيلى پىلەك يايغان ھەر ياققا.
يېشىل بوستان چاقنىتىدۇ كۆزلەرنى،
نىلۇپەرلەر قاپلاپ خۇشبۇي كۆللەرنى.
گۇزەل لەمپە سىرتى سۆگەت، باراقسان،
پەنجىر ئالدى قارىغاي ھەيۋەت بوي تارتقان.
تاغۇدەريا ھۆسن بېرىپ شىپاڭغا،
جەم بولۇشقان شىرمەت ـ پالۋان بۇ جايغا.

ۋاڭ لۇن بىلەن تۆت ئاتامان ــــ دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، لىن چۇڭ، جۇ گۇي ــــ سول تەرەپتىكى ساھىبخانىلار ئورنىغا، چاۋ

گەي بىلەن ئالتە پالۋان — ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لىيۇ تاڭ، رۇەن ئۇرۇقتىن بولغان ئۈچ قېرىنداش ئۇڭ تەرەپتىكى مېھمانلار ئورنىغا ئولتۇردى. تاپسىدىكى چاپارمەنلەر مەي توشۇپ تۇردى. مەي بىرنەچچە قېتىمدىن قۇيۇلۇپ غىزا - تائام ئىككى قېتىم تارتىلغاندىن كېيىن چاۋ گەي ۋاڭ لۇن بىلەن پاراڭلاشتى، توپىقا قوشۇلۇشتىن سۆز ئېچىلسىلا ۋاڭ لۇن يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇۋالدى. ۋۇ يۇڭ كۆزىنىڭ قىرى بىلەن لىن چۇڭغا قارىسا، ئۇ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا چەكچىيىپ يېنىچە ئولتۇرۇپتۇ.

مەي چۈش قىيىلغۇچە ئىچىلگەندىن كېيىن ۋاڭ لۇن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چاپارمەنلەرنى «ئەكىرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلاردىن ئۈچ - تۆتى چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىرى بەش يامبۇ سېلىنغان بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى. ۋاڭ لۇن قەدەھنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋ گەيگە:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ توپىقا قوشۇلىمىز دەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكلىرىگە رەھمەت. ئەپسۇسكى، تۇرايىمىز كىچىك، سۇيىمۇ كىچىككىنە بىر كۆللۈك سۇ، بۇ كۆل ھەرقايسىلىرىدەك ئەجدىھا كەبى شىرمەتلەرنى نېچۈكمۇ سىغدۇرالىسۇن؟ ئازراق بولسىمۇ سوۋغا - سالام تەييارلىدۇق، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز، چوڭراق تۇراغا بېرىپ قارار تاپقايلا، كەمىنىلىرى كىشى ئەۋەتىپ ئاياغلىرىدا خىزمەتتە بولۇپ تۇرىمەن، — دېدى.

— پېقىرلار، — دېدى چاۋ گەي، — ئۇزۇندىن بېرى ئۇلۇغ دەرگاھلىرىنى دانىشمەن - مەردانىلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدىكەن دەپ ئاڭلىغانلىقىمىزدىن، توپىقا قوشۇلايلى دەپ تۇپتوغرا كۆل تۇراغا كەلگەندۇق، ئەگەر بىز سىغمىساق، قايتىپ كېتىۋېرىمىز. بىزگە خەيرخاھلىق قىلىپ ئىلتىپات قىلغان كۈمۈشلىرىنى ھەرگىزمۇ ئالالمايمىز. بۇ ئۆزىمىزنى زەردار دەپ پەش قىلغانلىقىمىز ئەمەس، ئۆزىمىزدە خەجلىگۈدەك خىراجەت

www.uyghurkitap.com

بار. كەڭرى سوۋغا ـ سالاملىرى ئۆزلىرىگە قالسۇن، خوش ئەمىسە، بىز كېتەيلى.

— بۇنى نېمە سەۋەبتىن ياندۇرۇۋېتىدىلا؟ بىز ھەرقايىسلىرىنى بۇ يەرگە سىغدۇرمايۋاتقىنىمىز يوق، ئۇزۇق ـ تۈلۈك، ئۆي ـ جايلىرىمىز كەڭ ـ كۇشادە بولمىغانلىقتىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئىستىقباللىرىغا توسقۇن بولۇپ قالساق، يۈزلىرىگە سەت بولارمىكىن دەپ، ئېلىپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز... ، — دېدى ۋاڭ لۇن.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا، لىن چۇڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە ۋارقىرىدى:

— ئۆتكەن قېتىم مەن كەلگەندىمۇ، سەن ئۇزۇق ـ تۈلۈك، ئۆي ـ جايلىرىمىز كەڭ ـ كۇشادە ئەمەس دېگەننى باھانە قىلغانىدىڭ، ھازىر چاۋ گەي ئاغاملار بىلەن پالۋانلار كەلسىمۇ، يەنە ئاشۇ گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىسەن، بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ!؟

— ئاتامانىم، خاپا بولمىسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ سۆز ئېلىپ، — بىزنىڭ كەلگىنىمىز خاتا بولغان، شۇڭا ئارىلىرىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويدۇق. بۇگۈن ئاتامانىم بىزنى ئۆز لايىقىدا پۇل ـ خىراجلار بىلەن يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ، يامانلىقچە قوغلىغىنى يوق، رەنجىمىسىلە، بىز بۇ يەردىن كېتەيلى.

— بۇ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق بىرنېمە! بۇگۈن بۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن ! — دېدى لىن چۇڭ.

— ھەي ھايۋان ! مەست بولۇپ قالدىڭمۇ، ماڭا تىل تەگكۈزۈپ دىلىمنى رەنجىتىۋاتىسىنا، شاھ بىلەن گادايىنىڭ پەرقى نەگە كەتتى؟! — دېدى ۋاڭ لۇن تووۋلاپ.

— ھەي ئىمتىھانغا يارىمىغان تەلۋە! قورسىقىڭدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىسا، قانداقسىغا تاغ تۈرانىڭ خوجايىنى بولالايسەن؟! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى لىن چۇڭ.

— چاۋ گەي ئاغا، — دېدى ۋۇ يۇڭ سۆز ئېلىپ، — بىز تاغقا پاناھداپ چىقىپ، ئاتامانىنىڭ يۈزىگە سەتچىلىك تۇغدۇرۇپ بەردۇق. قېپىقلارنى تەييارلاپ، بۈگۈنلا بۇ يەردىن كېتەيلى.

چاۋ گەي باشلىق يەتتەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شىپاڭدىن چىقماقچى بولدى، ۋاڭ لۈن:

— بەزمىنى ئاياغلاشتۇرۇپ مېڭىڭلار، — دەپ ئۇلارنى تۇتتى.

لىن چۇڭ ئالدىدىكى شىرەنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ شاققىدە چاپىنىنىڭ پېشى ئاستىدىن ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان بىر خەنجەرنى چىقاردى، ئۇنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچقانىدى. ۋۇ يۇڭ ساقىلىنى بىر سىلىۋىدى، چاۋ گەي بىلەن ليۇ تاڭ شىپاڭغا چىقىپ، يالغاندىن:

— سوقۇشمىسىلا ! — دەپ ۋاڭ لۈننى توسقاندەك قىلدى.

— ئاتامانىم، بۇنداق قىلىشمىسىلا ! — دېدى ۋۇ يۇڭ بىر قولى بىلەن لىن چۇڭنى توسۇپ.

— بىزنى دەپ ھەققانىيەتچىلىك يولىغا دەخلى يەتكۈزمىسىلە، — دەپ يالغاندىن تەسەللى بەرگەندەك بولدى گۇڭسۇن شېڭ.

رۇەن شياۋئېر دۇ چيەنىنى، رۇەن شياۋۋۇ سۇڭ ۋەننىنى، رۇەن شياۋچى جۇ گۈينى توسۇۋالدى، ئاتامانلار قورقۇشۇپ ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا قېتىپلا قالدى.

— ھەي تومپاي تەلۋە ! — دەپ تىللىدى لىن چۇڭ ۋاڭ لۈننى تۇتۇۋېلىپ، — دۇ چيەننىڭ باھانىسىدا بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭ. چەي جىن بېگىم ساڭا شۇ قاتارلىق ياردەم، پۇل - خىراجەتلەرنى بېرىپ ئۆلپەتچىلىك قىلىپ، مېنى تونۇشتۇرۇپ ئەۋەتسە، سەن تېخى شۇنچە رەت قىلدىڭ. بۈگۈن بولسا پالۋانلىرىم ئالاھىدە بىزگە قوشۇلغىلى كەلسە، ئۇلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ يولغا سالماقچى بولۇۋاتىسەن. بۇ لياڭشەن كۆلى سېنىڭمىدى؟! ھەي ئىچى تار ھەسەتخور ئوغرى، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي نېمە قىلىمىز ! سېنىڭ ئۇنچىۋالا ئىقتىدارىڭمۇ يوق، تۇرابېگى بولۇشمۇ

قولۇڭدىن كەلمەيدۇ !

دۇ چيەن، سۇك ۋەن، جۇ گۇيلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاجراتماقچى بولدى، لېكىن ئۇلارنى ھېلىقى نەچچەيلەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ قىمىر قىلدۇرمىدى. شۇ چاغدا ۋاڭ لۇن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ دوقۇرۇپ باقتى، لېكىن چاۋ گەي بىلەن ليۇ تاڭ توسۇۋالدى. ۋاڭ لۇن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ:

—— ھەي، ھەمدەرد ـ سىرداشلىرىم، قېنى سىلەر؟ —— دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ بىرنەچچە ھەمدەرد ـ سىرداشلىرىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن لىن چۇڭنىڭ دەھشەتلىك قەھر ـ سۈرىنى كۆرۈپ، ھېچقايسىسى يېقىن يولالمىدى. لىن چۇڭ دەرھال ۋاڭ لۇننى توسۇپ بىر پەس تىللىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇردى، ئۇ شۇ ھامان پالاقلىدە يىقىلدى. بىچارە ۋاڭ لۇن ئۇزاق يىللار تۇرابېگى بولۇپ كەلگەنىدى، بۈگۈن بولسا لىن چۇڭنىڭ قولىدا ئۆلدى، بۇ خۇددى قەدىمكىلەرنىڭ: «كۆڭلى كەڭ بولغانىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولىدۇ، نەيرىڭى كۆپ بولغانىنىڭ يىغىسى كۆپ بولىدۇ» دېگىنىگە لايىق بولدى، بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

تۇرا —— لياڭشەننى ئۇيات تەنها قامالالاپ ئىگىلەش،
تازا قىزغانچۇق، تەكەببۇر ئىدى ۋاڭ لۇن دىلى غەش.
تاغ تۇرانىڭ بەگلىكى يالغۇز ماڭا تالىق ئىدى،
پالۋانلارنى دىلىدا ياۋ كۆرۈپ سىغدۇرمىدى.
قايىنىدى ـ تاشتى غەزەپ، بەزمە قىزىپ تارتىلسا ئاش،
چۈشتى يەرگە كېسىلىپ جاملار جاراڭ قىلغاندا باش.
تار كۆڭۈللۈك، يىتىنخورلۇق قوزغىدى خەقتە غەزەپ،
جېنىدىن بولدى جۇدا مەردلەر بۇڭا سىغمايدۇ دەپ.

چاۋ گەي ۋاڭ لۇننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقاردى. لىن چۇڭ ۋاڭ لۇننىڭ كاللىسىنى كېسىپ

قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جۇ گۇيلارنىڭ ھوش - كاللىسى چىقىپ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تىزلىنىپ:

— ئاغا، ئەمىرلىرىگە پەرمانبەردار بولۇشنى خالايمىز ! — دېدى.

چاۋ گەيلەر دەررۇ بۇ ئۇچەيلەننى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ۋۇ يوڭ قانغا بۇلغانغان بىرىنچى ئورۇندۇقنى لىن چوڭ ئولتۇرسۇن دەپ تارتىپ كەلدى ۋە:

— كىمكى بويسۇنمىسا، ۋاڭ لۇنغا ئوخشاش بولىدۇ! — ئەمدى مەشقاۋۇل لىن چوڭنى تاغ تۇرانىڭ بېگى قىلىمىز، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ياق، تەخسىر ! — دەپ ۋارقىرىدى لىن چوڭ، — بۈگۈن مەن ھەرقايسىلىرىدەك پالۋانلارنىڭ مەردلىكىنى دەپلا بۇ نائىنساب مۇناپىقنى ئۆلتۈردۈم، مېنىڭ مەقسىتىم تەختكە چىقىش ئەمەس، ۋۇ يوڭ ئاغا، بۇ بىرىنچى ئورۇنغا مېنى تەكلىپ قىلىۋاتىلا، بۇنداق قىلسام ئالەمدىكى باتۇرلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالامدىمەن؟ ناۋادا مېنى ئۇنىڭغا قىستىشىدىغان بولسىلا، ئۇنداق قىلغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ! پېقىرنىڭمۇ ئازراق گېپى بار. بىلمەيمەن، ھەرقايسىلىرى گېپىمگە كىرىشەمدىلا؟

— ئاتامانىم، ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە كىرمەسكە كىمنىڭ ھەددى؟ ئېيتسىلا، ئاڭلايلى، — دېدى كۆپچىلىك.

لىن چوڭ گەپنى ئۇزارتماي نەچچە ئېغىزلا سۆز قىلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاغىنىلەر ! دوستلۇق شىپاڭىدا تالاي كىشى دوستلۇققا ئەھدىلەشتى، مەردلەر سارىيى ئالدىدا نەچچە رەت مەردلىك يىغىنى بولدى. تەڭرى يولىنى تۇتقۇچى پاناھ بولغاچقا، ساخاۋەتچىلەر كېلىپ قوشۇلدى. لىن چوڭنىڭ ۋۇ يۇڭغا زادى نېمىلەرنى ئېيتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى باب

## لياڭشەن كۆلى بويىدىكى مەردلەرنىڭ چاۋ گەينى تەختكە چىقارغانلىقى
## ليۇ تاڭنىڭ يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن ئايدىڭ كېچىدە يولغا سېلىنغانلىقى

ئەلقىسسە، لىن چۇڭ ۋاڭ لۇننى قەتل قىلغاندىن كېيىن خەنجىرىنى تۇتقىنىچە، كۆپچىلىككە:

— مەن ياساۋۇللار مەھكىمىسىدىن پالاندى بولغانلىقىم سەۋەبلىك، بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بولسامىمۇ، ھازىر بۇ يەردە ھەربىرلىرىدەك پالۋانلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ۋاڭ لۇننىڭ ھەرقايسىلىرىدەك دانىشمەنلىرىمنى ئىچى تارلىق - ھەسەتخورلۇق بىلەن باھانە - سەۋەبلەر كۆرسىتىپ، قوبۇل قىلمىغانلىقىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن چىداپ تۇرالماي، بۇ ھارامزادىنى ئۆلتۈردۈم، مەن ھەرگىزمۇ مەرتىۋە تەمەسىدە شۇنداق قىلغىنىم يوق. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ھالىم بىلەن خان لەشكەرلىرىگە قارشى چىقىپ، خان يېنىدىكى ياۋۇز كاللىكېسەرلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش قانداقمۇ قولۇمدىن كەلسۇن؟ بۇ يەردە مانا چاۋ گەي ئاغام تۇرۇپتۇ، بۇ مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، ئەقىل - پاراسەت، غەيرەت - شىجائەت بابىدا كامالەتكە يەتكەن ئادەم، ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە مەشھۇر، ئۇنىڭغا قايىل بولمايدىغان ھېچكىم يوق. مەن ھازىر مەردلىكنى قەدىرلەپ، ئۇنى تاغ تۇرايىمىزنىڭ بېگى قىلىپ تىكلىسەك دەيمەن، قانداق؟ —

دېدى.

— ئاتامانىم، سۆزلىرى ناھايىتى جايىدا، — دېدى كۆپچىلىك.

— ياق، كونىلاردا مەردان تۆر تالاشماس، دېگەن گەپ بار. مەن ھەرقانچە شىرمەرد - مەردان بولساممۇ، يىراقتىن يېڭى كەلگەن ئادەممەن، تۆرگە چىقىۋېلىشقا نېمە ھەددىم؟ — دېدى چاۋ گەي.

لىن چۇڭ چاۋ گەينى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئىتتىرىپ:

— ھالا بۈگۈن ئىش مۇشۇ يەرگە يەتتى. رەت قىلمىغايلا. ئەگەر ئۆزلىرىگە بويۇن تولغىغۇچىلار چىقسا، ۋاڭ لۇنغا ئوخشاش بولغۇسى، — دەپ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن ھەممە ئادەمنى شىپاڭ ئالدىغا چاقىرتىپ، چاۋ گەيگە تەزىم قىلدۇردى. بىر تەرەپتىن تاغ تۇراغا مەرىكە ھازىرلاشقا، بىر تەرەپتىن ۋاڭ لۇننىڭ ئۆلۈكىنى ئاچىقىۋېتىشكە، يەنە بىر تەرەپتىن تاغ تۇرانىڭ ئالدى - كەينىدىكى كىچىك سەردارلارنى تاغ تۇراغا جەم بولۇشقا چاقىرىپ كېلىشكە چاپارمەنلەرنى بۇيرۇدى.

لىن چۇڭ ۋە باشقىلار چاۋ گەينى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى ئاتقا مىنىپ تاغ تۇراغا كەلدى. بۇلار مەردلەر سارىيى ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ، چاۋ گەينى تەختىراۋاندىن چۈشۈرۈپ سارايغا ئەكىردى. چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، سارايىنىڭ تۆرىدىكى بىرىنچى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۈجە - ئىسرىق يېقىپ قويدى، لىن چۇڭ ئالدىغا چىقىپ:

— مەن بولسام قارىتورۇك ئادەم، ئازراق نەيزە - قىلىچۋازلىقنىلا بىلىمەن. نە بىلىم، نە ئىقتىدارىم يوق، ئەقىل - پاراسەتسىز ئادەم. ھازىر تاغ تۇرايىمىزغا تەقدىر - ئىرادە بىلەن ھەرقايسىلىرىدەك نۇرغۇن پالۋانلار جەم بولدى، بىز ئەمدى ئىلگىرىكى جان باقارلاردىن ئەمەسمىز، ھەققانىيەتچى مەردلەردىن ئىكەنلىكىمىز ئېنىق. بۇ يەردە خەلپىتىم ئولتۇرۇپتۇ، بىز مانا

www.uyghurkitap.com

بۇ ۋۇ يۇك خەلپىتىمنى مۇشاۋىرلىققا تەكلىپ قىلىساق، لەشكەر باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، سەردار ـ لەشكەرلەرنى باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولسا، شۇنىڭ ئۇچۇن ئىككىنچى ئورۇنغا ئولتۇرۇپ بەرسە، ــ دېدى.

ــ پېقىر بولسام يېزىدا خەلپەتلىك قىلىپ يۈرگەن ئاددىي موللىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى ۋۇ يۇك، ــ قورسىقىمدا كارغا يارىغۇدەك ئۇماچ يوق، سىۇن ۋۇنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرىنى ئاز ـ تولا ئوقۇغان بولسامۇ، بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن خىزمىتىم يوق، قانداقسىغا تۆرگە چىقالاي؟

ــ ئىش مۇشۇ يەرگە يەتتى، تەكەللۇپ قىلمىسىلا، ــ دېدى لىن چۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ ئىككىنچى ئورۇنغا ئولتۇردى.

ــ گۇڭسۇن شېڭ جانابلىرىنى ئۈچىنچى ئورۇنغا تەكلىپ قىلىمىز، ــ دېدى لىن چۇڭ.

ــ بۇنداق قىلىساق بولماس. بۇنداق ئۆتۈنۈۋېرىدىغان ئىش بولسا، مەن ئۆز ئورنۇمدىن چۈشۈپ كېتەي، ــ دېدى چاۋ گەي.

ــ ياق، چاۋ گەي ئاغا، ــ دېدى لىن چۇڭ، ــ گۇڭسۇن شېڭ جانابلىرى بولسا ئەل ـ يۇرتلار ئارا مەشھۇر ئادەم، لەشكەرلەرنى جەڭگە سېلىشقا ماھىر، ئىنس ـ جىنلار بىلمەيدىغان چارە ـ تەدبىرلەردىن خەۋىرى بار، شامال چىقىرىپ، يادا ياغدۇرۇشنى بىلىدۇ، بۇنىڭغا كىم تەڭ تۇرالايدۇ؟

ــ ئاز ـ تولا ئۇششاق ـ چۈششەك ھۈنىرىم بولسىمۇ، قورسىقىمدا خەلقئالەمگە ئەسقاتقۇدەك ئۇماچ يوق، قانداقسىغا تۆرگە چىقالاي؟ لىن چۇڭ ئاتامانىم، ئۆزلىرى چىققانلىرى تۈزۈك، ــ دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

ــ بۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىگە موھتاجمىز. خۇددى داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتى بولغاندەك، ھەرقايسىلىرىدىن قايسىلىرى كەم بولسىلا بولمايدۇ. تەخسىر، رەت قىلمىغايلا، ــ دېدى لىن چۇڭ.

شۇنداق قىلىپ، گۇڭسۇن شېڭ ئۈچىنچى ئورۇنغا ئولتۇردى. لىن چۇڭ يەنە ئۆتۈنمەكچى بولۇۋىدى، چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭلار ئۇنىمىدى. بۇ ئۈچەيلەن تەڭلا:

— ئاتامانىم، بايا داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتى بولىدۇ دېدىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن لەۋزىلىرىنى يەردە قويماي، بىز ئۈچىمىز تۆرگە ئۆتتۇق. يەنە ئۆتۈنمەن دېسىلە، بىز بۇ يەردىن كەتسەكلا بولىدۇ، — دېدى - دە، ئۈچەيلەن لىن چۇڭنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاپىرىپ، تۆتىنچى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى.

— ئەمدى سۇڭ ۋەن، دۇ چيەن ئاتامانلار ئورۇن ئالسۇن، — دېدى چاۋ گەي.

دۇ چيەن بىلەن سۇڭ ۋەن ۋاڭ لۇننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئۆزىمىز لاياقىتىمىز تۆۋەن، ئۇلارغا قانداقمۇ يېقىن يولىيالايمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۇلارغا ئۆتۈنگىنىمىز ياخشى!» دەپ ئويلاپ، ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي، لىيۇ تاڭنى بەشىنچى ئورۇنغا، رۇەن شياۋئېرنى ئالتىنچى ئورۇنغا، رۇەن شياۋۋۇنى يەتتىنچى ئورۇنغا، رۇەن شياۋچىنى سەككىزىنچى ئورۇنغا، ئۆزلىرى توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى ئورۇنغا ئولتۇردى، جۇ گۈينى ئون بىرىنچى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى.

لياڭشەن كۆلىنى شۇنىڭدىن باشلاپ ئون بىر پالۋان ئىلكىگە ئالدى. تاغ تۇرانىڭ ئالدى - كەينىدىكى يەتتە - سەككىز يۈز ئادەم ساراي ئالدىغا سالامغا كېلىپ، ئىككى تەرەپتە سەپ تۈزۈپ تۇردى.

— بۇ يەرگە ھەممىڭلار ھازىر بولۇپ تۇرۇپسىلەر، — دېدى چاۋ گەي، — بۈگۈن لىن چۇڭ مەشقاۋۇلنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن مەن تاغ تۇرانىڭ بېگى بولدۇم، ۋۇ يۇڭ خەلپىتىم لەشكەر مۇشاۋىرى بولدى، گۇڭسۇن شېڭ جانابلىرى لەشكەر ھوقۇقىنى تۇتىدۇ، بىز لىن چۇڭ مەشقاۋۇل بىلەن بىللە تاغ تۇرانى باشقۇرىدىغان بولدۇق. سىلەر بۇرۇنقىدەك ئۆز ئىشىڭلار

بىلەن بولۇپ، تاغ تۇرانىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئېشلارغا قارايسىلەر، تاغ تۇرانىڭ دائىرىسىنى، كىچىككىلەرنى سەگەك بولۇپ، بىرەر ۋەقە تۇغدۇرماي، ئۇبدان قوغداڭلار. ھەممىڭلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۇلۇغ ھەققانىيەت يولىدا بىللە ئىشلەڭلار.

ئاندىن كېيىن چاۋ گەي ئىككى تەرەپتىكى ئۆي ـ جايلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان قېرىنداشلارنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ بۇلىۋېلىنغان مەۋلۇت سوۋغىسى — ئالتۇن ـ كۇمۇش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ھەم ئۆز جاڭزىسىدا تىرىكچىلىك ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۇمۇش قاتارلىق پۇل ـ بىساتلىرىنى سارايىنىڭ ئۆزىدىلا كىچىك سەردارلارغا ۋە چاپارمەنلەرگە ئىنئام قىلدى. ئاندىن كېيىن ئاسمان ۋە زېمىن تەڭرى ھەققىگە مال ـ ۋارانلار سويدۇرۇپ، مەردلىك يولىدا يېڭىباشتىن جەم بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئاتامانلار يېرىم كېچىگىچە مەي ـ شارابلار ئىچىشىپ، ئاندىن تارقاشتى. ئەتىسى يەنە تەبرىك مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەت ئۇدا نەچچە كۈن داۋام قىلدى. چاۋ گەي ۋۇ يوڭ قاتارلىق ئاتامانلار بىلەن خەزىنە ئامبارلارنى ئېدىتلاش، تۇرانىڭ چېگرا ـ قاشالىرىنى ياساش، قورال ـ ياراغ، نەيزە ـ قىلىچ، ئوقيا ـ كامالەك، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار ياسىتىش، شۇنىڭ بىلەن خان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش؛ چوڭ ـ كىچىك كېمە ـ قېيىقلار ھازىرلاش، لەشكەر ۋە سۇچىلارنى كېمە ـ قېيىق ئۈستىدە مەشىق قىلدۇرۇپ، جەڭگە تەخمۇتەخ قىلىش ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

لياڭشەن كۆلىدىكى ئون بىر ئاتامان مەردلىك يولىدا جەم بولغاندىن ئېتىبارەن، دوست ـ يارەنلىكتە بىر ـ بىرىگە پۇت ـ قول، مەردلىك ـ شىجائەتتە بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

كونىلارنىڭ دوستلۇقى ئالتۇندىن ئارتۇق بىباھا،
دىلى بىر بولسا ئەگەر دوستلۇقمۇ شۇنچە چىڭ بولار.
سال نەزەر سۇ بويىغا مەرد يىگىت، ئوغلانغا باق،
مەڭگۈلۈك چىڭ ئەھدىسى: ھايات ـ ماماتتا بىر ئۇلار.

لىن چۇڭ چاۋ گەينىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، خەير ـ ساخاۋەتچى مەرد ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھەركىمنىڭ بالىچاقىلىرىنى تۇرادا جاي ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئاستانىدە قالغان خوتۇنىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ ئامان ـ ئېسەن بار ـ يوقلۇقىدىن ئەنسىرەپ، يۈرەك سۆزىنى بىر ـ بىرلەپ چاۋ گەيگە ئېيتتى:

— پېقىر تاغ تۇراغا چىققاندىن كېيىن خوتۇنۇمنى ئاچىقىۋالسام دېگەن ئارزۇدا بولغانىدىم. ۋاڭ لۇننىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن بۇ يەردە كۈن ئۆتكۈزۈش تەس كېلىدىغاندەك بىلىنىپ، ۋاقىتنى ئارىسالدىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئۇ ئاستانىدە سەرسان بولۇپ قالغان، ھازىر ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن خەۋىرىم يوق.

— ئەزىز ئىنىم، ئاستانىدە مەزلۇملىرى تۇرۇقلۇق، ئەكېلىپ بىر يەردە ئۆتمىسىلە قاملىشامدۇ؟ چاپسان خەت يازسىلا، ئادەم بۇيرۇيلى، كېچىلەپ بېرىپ ئاچىقىقىنى ياخشى، — دېدى چاۋ گەي.

لىن چۇڭ شۇ ھامان بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى يېقىن چاپارمەنلىرىدىن ئىككىسىگە تۇتقۇزۇپ يولغا سالدى.

ئىككى ئاي ئۆتمەي، چاپارمەنلەر تۇراغا قايتىپ چىقىپ دېدى:

— توپتوغرا ئاستانە شەھىرىدىكى ئوردا ئالدىغا بېرىپ، جاڭ مەشقاۋۇلنىڭ ئۆيىدىن سۈرۈشتۈرسەك، ئاغىچا خېنىم گاۋ ئەمىرنىڭ ئوغلى نىكاھىمغا ئالىمەن دەپ زورلۇق قىلغانلىقى

ئۆچۈن، ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، بۇنىڭغا ھازىر يېرىم يىل بوپتۇ. جاڭ مەشقاۋۇلمۇ ئۇنىڭ دەردىدە قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپ، بۇنىڭدىن يېرىم ئاي بۇرۇن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يالغۇزغىنا دېدەك جىن ئېر قالغانىكەن، ھازىر بىر ئىچكۈيۈ تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە ئۆتۈۋېتىپتۇ. قوشنا ـ قولۇملىرىدىن سورىساقمۇ شۇنداق دەيدۇ. بۇنىڭ راستىنى ئۇقۇپ، ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلىشقا قايتىپ كەلدۇق.

لىن چۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، كۆزىدىن تارام ـ تاراملاپ ياش تۆكتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى سېغىنىش رىشتى ئۈزۈلدى، چاۋ گەيلەرمۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايغۇرۇپ ئاھ ئۇردى. تاغ تۈرانىڭ ئىش ـ كۈشلىرى ئۆز يولىدا ئېقىۋەردى، ھەر كۈنى لەشكەرلەر مەشىق قىلىپ، خان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەردارلار مەردلەر سارىيىدا كېڭەش ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز بىر چاپارمەن كىرىپ:

— جىجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ تەيىنلىگەن سىپاھبېگى بىرەر مىڭچە لەشكەر باشلاپ، تۆت ـ بەش يۈز كېمە ـ قېيىق بىلەن سىنتاش كەنتىنىڭ كۆلىگە كېلىپ چۈشتى. بۇنى ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلغىلى كەلدىم، — دېدى.

چاۋ گەي ھاڭ ـ تاڭ بولدى، دەرھال مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ:

— خان لەشكەرلىرى كېلىۋېتىپتۇدەك، قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ — دېدى.

ۋۇ يۇڭ كۈلۈپ:

— ئاغا، غەم قىلمىسىلا، ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن. كونىلاردا: «سۇنى توغان توسايدۇ، چېرىكنى ئاتامان» دېگەن گەپ بار، — دېدى ـ دە، شۇ ھامان روەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ باتۇرنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا شىۋىرلاپ: «··· شۇنداق، شۇنداق بولسۇن··· » دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن لىن چۇڭ، لىيۇ تاڭلارنى

چاقىرىپ كېلىپ: «ئىككىڭلار مۇنداق قىلىسىلەر...» دەپ كۆرسەتتى، كېيىن دۇ چيەن، سۇڭ ۋەنلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارغىمۇ تاپشۇرۇق بەردى.

## نەزم

خۇددى قۇچقاندەك زەپەر شىياڭيۇگە قارشى جەڭ قىلىپ،
تۇنجى رەت كۆرسەتتى خىزمەت ياۋغا تېز قاماق سېلىپ.

جىجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى قۇربېگى خۇاڭ ئەن بىلەن يامۇلنىڭ بىر تۇتقاۋۇلىنى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرلەرگە باشچىلىق قىلىپ، مۇشۇ ئايماق تەۋەسىدىكى كېمە ـ قېيىقلارنى بىر يەرگە يىغىپ سىنتاش كەنتىگە بېرىشقا ۋە لياڭشەنگە كېمە ـ قېيىقلار بىلەن ئىككى تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرىشكە ئەۋەتكەندى.

قۇربېگى خۇاڭ ئەن لەشكەرلەر بىلەن كېمە ـ قېيىقلارغا چۈشۈپ ئەلەم چۆرۈپ، نەرە تارتقان ھالدا جىنشاتەن ساھىلىغا قاراپ راۋان بولدى. ساھىلنىڭ بېشىغا يېقىنلىشاي دېگەندە، سۇدىن دۇت ـ دۇت قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. خۇاڭ ئەن:

— ھەي، بۇ كاناي ئاۋازى ئەمەسمۇ؟ قېيىق بىلەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، قومۇشلۇق ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى.

ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، يىراقتىن ئۈچ قېيىق كېلىۋېتىپتۇ. قېيىقلارنىڭ ھەربىرىدە بەشتىنلا ئادەم بار ئىكەن: تۆت ئادەم پالاق تۇتۇپتۇ، بىردىن ئادەم قېيىق بېشىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ، ئۇلار بېشىغا توق قىزىل بوغمىچا، ھەممىسى ئوخشاش قىزىل شەلپەر چاپان كىيگەن، قوللىرىغا چاڭگاك تۇتقان بولۇپ، ئۈچ قېيىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا بىردەك ياسىنىپتۇ، ئۇلارنى تونۇيدىغانلاردىن بىرى خۇاڭ ئەنگە:

www.uyghurkitap.com

— ئۈچ قېيىقتىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرسى رەن شىياۋئېر، بىرسى رەن شىياۋۋۇ، يەنە بىرسى رەن شىياۋچى ئىكەن، — دېدى.

— سىلەر مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار، بۇ ئۈچەيلەننى تۇتايلى، — دېدى خۇاڭ ئەن.

ئىككى تەرەپتىن قىرىق - ئەللىك كېمە - قېيىق بىردەك نەرە تارتىپ ئالغا ئېتىلدى. ھېلىقى ئۈچ قېيىقتىكىلەر بىر ئىسقىرتىپ قويۇپ، تەڭلا ئارقىغا قايتتى. قورۇبېگى قولىدىكى نەيزىسىنى پىرقىراتقان پېتى ئۇتتۇرغا چىقىپ:

— بۇ ئوغرىلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، قايسىڭلار ئۆلتۈرسەڭلار، كۆپ ئىنئام بېرىمەن! — دەپ توۋلىدى.

ھېلىقى ئۈچ قېيىق ئالدىدا قېچىپ ماڭدى، خان لەشكەرلىرىنىڭ كېمە - قېيىقلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوقيا ئېتىپ ماڭدى. رەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش قېيىق ئىچىدىن قارا تۇلكە تېرىلىرىنى ئېلىپ، ئوقيا ئوقىغا دالدا قىلدى. ئارقىدىكى قېيىقلار ئۇلارنى ھەدەپ قوغلاپ ماڭدى.

كۆل ئىچىدە ئىككى - ئۈچ يول قوغلا - قوغلىمايلا، خۇاڭ ئەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر كىچىك قېيىق ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ:

— ھەي، قوغلىماڭلار! بىز باشقا يولدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېسىپ ئۆتكەندۇق، ئۇلار قېيىقتىكى ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، سۇغا غەرق قىلىۋېتىپ، قېيىقلىرىمىزنى تارتىۋالدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— قانداق قىلىپ ئۇ ھارامزادىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى خۇاڭ ئەن.

— بىز قېيىقتا كېتىۋاتقىنىمىزدا، يىراقتا ئىككى قېيىقنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى، ئۇنىڭ ھەربىرىدە بەشتىن ئادەم بار ئىكەن. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇلارغا ئېتىلىپ قوغلىدۇق، ئۈچ - تۆت يول يەرگىچە قوغلاپ بارا - بارماي، تۆت تەرەپتىكى

شاخاپچىلار ئىچىدىن يەتتە - سەككىز قېيىق پەيدا بولدى. قېيىقلاردىن تەپكىلىك يا ئوقلىرى خۇددى چېكەتكىدەك ئۇچۇپ كەلدى، بىز دەرھال قېيىقلارنى ئارقىغا بۇراپ، تار شاخاپچا ئاغزىغا كىلىۋالدۇق، شۇ چاغدا قىرغاقتا يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئادەم پەيدا بولدى - دە، بۇلار چوڭ بىر ئارغامچىنى سۇ ئۈستىگە ئۇ باشتىن - بۇ باشقىچە تارتىپ توستى. ئالدىغىراق چىقىپ ئارغامچىغا قارىغىنىمىزدا، قىرغاقتىن شاخەك[1]، تاشلارنى ئۈستىمىزگە خۇددى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. بىز قېيىقلىرىمىزنى تاشلاپ سۇغا سەكرەپ قاچتۇق. بىز قۇرۇقلۇقتا قېچىپ چىقىپ يول ياقىسىغا بېرىپ قارىساق، قىرغاقتىكى ئاتلىرىمىزنىمۇ ئەكېتىپتۇ؛ ئاتلارغا قاراپ قالغان لەشكەرلىرىمىزنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، سۇغا چۆرۈۋېتىپتۇ. بىز قومۇشلۇقنىڭ قىرغىقىدىن مۇشۇ قېيىقنى تېپىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشقا كەلدۇق، — دېدى ئۇلار.

خۇاڭ ئەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاھۇ پەرياد چەكتى، ئەمدى بولدى، قوغلىماي قايتىپ كېلىڭلار دەپ، ئاق ئەلەمنى چۆرۈدى. قېيىقلار ئارقىغا ماڭاي دەپ تۇرغىنىدا، ئارقا تەرەپتىن ھېلىقى ئۈچ قېيىق ئون نەچچە قېيىقنى باشلاپ كەلدى، بۇ قېيىقلارنىڭ ھەربىرىگە يەنە بايىقىدەك ئۈچتىن - تۆتتىن كىشى چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار قىزىل ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ، ئىسقىرتقىنىچە غۇيۇلداپ كەلمەكتە ئىدى، خۇاڭ ئەن قېيىقلىرىنى رەت - رەت تىزىپ، ئۇلارغا قارشى چىقماقچى بولغىنىدا، قومۇشلۇق ئىچىدىن شاخەكنىڭ پارتلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇاڭ ئەن قارىغۇدەك بولسا، تۆت ئەتراپىنى قىزىل ئەلەملەر قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بۇلار پاتىپاراقچىلىقتا چۈشتى، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن قېيىق ئۈستىدىن:

— خۇاڭ ئەن! كاللاڭنى قويۇپ كەت! — دېگەن چۇقانلار

[1] شاخەك — ئىچىگە پارتلاش دورىسى قاچىلاپ ئاتىدىغان بومبا قورال.

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاندى.

خۇاڭ ئەن قېيىقنى پۈتۈن جان ـ جەھلى بىلەن ھەيدەپ، قومۇشلۇق قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىۋىدى، ئۇ يەردىمۇ ئىككى تەرەپتىكى كىچىك شاخاپچىلار ئىچىدىن قىرىق ـ ئەللىك قېيىق پەيدا بولۇپ، تەپكىلىك ئوقيالاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. خۇاڭ ئەن ئوقيا ئوقلىرى ئىچىدىن قېچىپ چىققاندا، ئاران ئۈچ ـ تۆت قېيىقلا قالغانىدى. خۇاڭ ئەن تېز قېيىققا سەكرەپ ئۆتۈپ، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئارقىدىكى ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ پولتۇڭ ـ پولتۇڭ قىلىپ سۇغا سەكرەۋاتقانلىقىنى، قېيىقلىرى بىلەن قولغا چۈشۈپ، ئادەملىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. خۇاڭ ئەن بىر قېيىقنى ھەيدەپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، قومۇشلۇق كۆل بويىدىكى بىر قېيىقتىن ليۇ تاڭ پەيدا بولۇپ، خۇاڭ ئەننىڭ قېيىقىنى چاڭگاك بىلەن بىر ئىلىپ توختىتىۋالدى ـ دە، سەكرەپ ئۇنىڭ قېيىقىغا ئۆتۈپ، ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلاپ دەس كۆتۈرگىنىچە: «قىمىرلىما !» دەپ ۋارقىرىدى، باشقا چېرىكلەردىن سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلىرى سۇغا چۈشۈۋالغاندا، ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، سۇغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىرى قېيىق ئىچىدە تىرىك تۇتۇلدى.

ليۇ تاڭ خۇاڭ ئەننى قىرغاققا سۆرەپ بېرىپ قاشقا ئاچىقتى، چاۋ گەي، گوڭسۇن شېڭلار قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئەللىك ـ ئاتمىش ئادەمنى باشلاپ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئات بىلەن تاغ ئېتىكىدىن ياردەمگە يېتىپ كېلىشتى. بۇلار تىرىك تۇتۇلغان بىر ـ ئىككى يۈز ئادەمنى، ئولجا ئالغان كېمە ـ قېيىقلارنى بىرنى كەم قىلماي تاغ تۆۋىنىدىكى كۆل تۇراغا ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. چوڭ ـ كىچىك سەردارلار تەڭلا تاغ تۇراغا كەلدى، چاۋ گەي ئاتتىن چۈشۈپ مەردلەر سارىيىغا كىرىپ، دىۋانغا ئولتۇردى. سەردارلار قورال ـ ياراغلىرىنى يېشىپ چۆرىدەپ ئولتۇردى. تۇتۇپ كېلىنگەن ھېلىقى خۇاڭ ئەن شاھ تۈۋرۈككە باغلاندى، ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلار

كەلتۈرۈلۈپ، ئاتارمەن - چاپارمەنلەرگە ئىنئام قىلىندى. ئىبدىتلاپ قارىسا، ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ياخشى ئات غەنىيمەت ئېلىنىپتۇ، بۇ لىن چۈڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىدى. كۈنچىقىش شاخاپچىدىكى غەلىبە دۇ چيەن بىلەن سۇڭ ۋەننىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىدى. كۈنپېتىش شاخاپچىدىكى غەلىبە رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ باتۇرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىدى. خۇاڭ ئەنىنىڭ تۇتۇلغانلىقى ليۇ تاڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىدى.

سەردارلار بىھېساب خۇشاللىقتا چۆمۈپ، مال - ۋاران سويۇپ، تۇرادا توي ئۆتكۈزدى. داستىخان ئۆزلىرى ياسىغان ئىسىل مەيلەر، كۆلدىن چىققان يېڭى نېلۇپەر يىمىشلىرى، بېلىقلار؛ تاغنىڭ تۆۋىنىدىكى دەرەخلەردە يېڭى پىشقان شاپتۇل، ئۆرۈك، ئەينۇلا، نەشپۇت، جىنەستە، چىلان، ھالۋۇدىت، كاشتانلار؛ ئۆزلىرى باققان توخۇ، چوشقا، غاز، ئۆردەك گۆشلىرىدىن ياسالغان نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلدى. سەردارلار تازا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇردى. بۇلارنىڭ تاغ تۇراغا يېڭى كېلىپ مۇنداق تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىشى تەڭدىشى يوق كارامەت ئىش ئىدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ئۆزگە قويغاچ تەمەننا قالدى ۋاڭ لۇن كۆلكىگە،
كاتتا ئىشنى كالتە پەم قانداقمۇ ئالغاي زىممىگە.
كونا سەردار تەرك ئېتىلدى يېڭىسى ئالدى ئورۇن،
كۆر بۇگۈن لياڭشەن چۆمۈلدى لالىزار گۈل ھۆسنىگە.

دەل مەي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، بىر چاپارمەن كىرىپ:

— تاغ ئېتىكىدىكى جۇ گۈي سەردار ئادەم چىقىرىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

چاۋ گەي چاقىرتىپ كىرىپ، نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى، چاپارمەن:

— جۇ گۈي سەردار ئۇن نەچچە كىشىلىك بىر كارۋاننىڭ بۇگۈن ئاخشام قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلاپتۇ، بۇنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، — دېدى.

— دەل خەج - خىراجىتىمىزگە پۇل - مال يېتىشمەي تۇراتتى. كىم باش بولۇپ بېرىپ كېلىدۇ؟ — دېدى چاۋ گەي.

— بىز ئاكا - ئۇكا ئۈچىمىز بارايلى، — دېدى رۈەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش.

— بارايسىلەر، سەگەك بولۇپ پات بېرىپ، پات قايتىپ كېلىڭلار، — دېدى چاۋ گەي.

ئۈچ قېرىنداش سارايدىن چىقىپ، ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلىدى، قوللىرىغا ئۇزۇن ساپلىق قىلىچلىرىنى، كۆتمەك قىلىچلىرىنى، چاپچا ۋە چاڭگاكلىرىنى ئالدى، يۈز نەچچە چاپارمەن تاللىدى، ئاندىن سارايغا كىرىپ سەردار - ئاتامانلار بىلەن خوشلىشىپ، تاغ تۇرادىن چۈشۈپ، جىنشاتەن ساھىلىدىن قېيىق بىلەن جۇ گۈينىڭ مەيخانىسىغا قاراپ كەتتى. چاۋ گەي ئۈچ قېرىنداشنى بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسمىكىن دەپ، لىيۇ تاڭغا يەنە يۈزنەچچە چاپارمەن قوشۇپ، ئۇلارغا بولۇشۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا:

— پۇل - مالنى ئۈستىلىق بىلەن قولغا چۈشۈرۈڭلار، كارۋانلارنىڭ جېنىغا ھەرگىز زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، — دەپ جېكىلىدى.

لىيۇ تاڭ يۈرۈپ كەتتى. تەڭ كېچىگىچە ئۇلاردىن جاۋاب كەلمىگەندىن كېيىن چاۋ گەي يەنە دۇ چيەن، سۇڭ ۋەنلەر باشچىلىقىدا ئەللىك نەچچە كىشىنى بولۇشۇشقا ئەۋەتتى.

چاۋ گەي ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لىن چۇڭلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە مەي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، بىر چاپارمەن كىرىپ:

— سەردار جۇ گۈينىڭ تەلىيىگە يارىشا، يىگىرمە نەچچە ھارۋىدا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىرىق - ئەللىك ئات - ئۇلاغنى

قولغا چۈشۈردۈق، ــ دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

ــ ئادەم ـ مادەم ئۆلتۈرمىگەنسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى چاۋ گەي يەنە.

ــ ئۇلار نۇرغۇن ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ سۈرىمىزنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، هارۋا، ئات ـ ئۇلاغ، كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى تاشلاپ قاچتى، بىرەرىگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىدۇق، ــ دەپ جاۋاب بەردى چاپارمەن.

ــ بىز تاغ تۇراغا يېڭى كەلدۇق، ئادەملەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسەك بولمايدۇ، ــ دېدى بۇنىڭدىن ناهايىتى خۇشال بولۇپ چاۋ گەي.

ئۇ چاپارمەنگە بىر يامبۇ سۆيۈنچە بەردى. ئاندىن كېيىن مەي ـ گېزەكلەر كەلتۈرتۈپ، توپتوغرا جىنشاتەن ساھىلىغا باردى، سەردارلار هارۋىلارنى قىرغاقتا چىقارغاندىن كېيىن كېمە بىلەن ئۇلاغلارنى يېسىپ كېلىشنى تاپشۇردى. سەردارلار ناهايىتى خۇشال ئىدى. چاۋ گەي ئۇلارغا مەي تۇتقاندىن كېيىن جۇ گۈينى تاغ تۇراغا بەزمىگە چىللاپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى.

چاۋ گەي باشلىق ئاتامان ـ سەردارلار تاغ تۇرادىكى مەردلەر سارىيىغا قايتىپ كېلىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. چاپارمەنلەر تاپشۇرۇقنا بىنائەن، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلەرنى كۆتۈرۈپ، سارايغا ئەكىرىپ بىر ـ بىرلەپ ئاچقاندىن كېيىن تاۋار ـ دۇردۇن، كىيىم ـ كېچەكلەرنى بىر تەرەپكە، قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەرنى بىر تەرەپكە، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى قاق ئوتتۇرىغا دۆۋىلىدى. ئاتامان ـ سەردارلار بۇنداق نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئولجا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولدى. دەررۇ خەزىنىچى بەگنى چاقىرتىپ كىرىپ، هەر خىلىنىڭ تېگىنى زۆرۈرىيەت ئۈچۈن سېلىپ قويۇشنى تاپشۇردى. قالغان تېگىنى ئىككى ئۈلۈش قىلىپ، بىر ئۈلۈشنى سارايدىكى ئون بىر سەردارغا، بىر ئۈلۈشنى تاغ ئۈستىدىكى ۋە تۆۋەندىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىشتى. يېڭىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇتۇلغان سەرۋاز ـ چېرىكلەرنىڭ يۈزىگە ئەن سېلىنىپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بارلىرى ھەرقايسى تۈرالاردا ئات ـ ئۇلاغ بېقىش، ئوتۇن يېرىشتەك ئىشلارغا قويۇلدى؛ ئاجىزراقلىرى ھارۋا ـ مەپە ھەيدەش، ئوت ـ چۆپ توغراشتەك ئىشلارغا قويۇلدى. خۇاڭ ئەن ئارقا تۈرانىڭ گۈندىخانىسىغا سولاندى.

— بىز تاغ تۈراغا يېڭىدىن كەلدۇق، — دېدى چاۋ گەي، — دەسلەپتە بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇۋېلىشنىلا كۆزلەپ، ۋاڭ لۇننىڭ دەرگاھىدا ئاددىي سەردار بولۇپ ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلغانىدۇق، ئەزىز ئىنىم مەشقاۋۇل لىن چۇڭ مېنى ئىززەتلەپ يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىرىپ قويدى، كۈتۈلمىگەندە ئىككى خۇشاللىققا مۇيەسسەر بولدۇق: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، خان لەشكەرلىرىنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، كېمە ـ قېيىقلارنى ئولجا ئالدۇق ۋە خۇاڭ ئەننى تۇتۇۋالدۇق. ئىككىنچىسى، يەنە بىرمۇنچە مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئىگە بولدۇق. بۇنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىجتىھاتىدىن بولمىدىمۇ؟

— ئاغا، بۇنىڭ ھەننىۋاسى ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا قولغا كەلدى، — دېدى سەردارلار.

چاۋ گەي يەنە ۋۇ يۇڭغا:

— بىز قېرىنداش يەتتىمىزنىڭ ھاياتىنى مىرزا سۇڭ جياڭ بىلەن جۇ گۈي قۇتقۇزۇپ قالغان، كونىلارنىڭ: «ۋاپا قىلغان ئادەمگە جاپا قىلغان ئادەم، ئادەم ئەمەس» دېگەن سۆزى بار. بۈگۈنكى دۆلەت ـ پاراغەت، راھەت ـ ھالاۋەت نەدىن كەلدى؟ بىز ۋاقتىدا ئاززاق ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يۇنچېيڭ ناھىيەسىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئادەم ئەۋەتىشىمىز كېرەك، بۇ بىرىنچى مۇھىم ئىش. ئۇنىڭدىن قالسا، بەي شېڭ جىجۇ ئايمىقىنىڭ گۈندىخانىسىغا چۈشۈپ قالدى، بىز ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— ئاغا، بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، بۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، —

دېدى ۋۇ يۇڭ، — مىرزا سۇڭ جياڭ مېھرىبان، دىيانەتلىك ئادەم، بىزدىن ھەق - پەق تەمە قىلمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قائىدە - يوسۇننى قىلماي بولمايدۇ، تاغ تۇرانىڭ ئىشلىرىنى ئانچە - مۇنچە سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرىنى ئەۋەتەيلى. بەي شېڭنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۇ يەرگە بىر ئادەم ئەۋەتەيلى، ئازراق پۇل - پۇچەك ئېلىپ بېرىپ، بەگ - سىپاھلارنى ئىنىدەككە كەلتۈرسۇن، ئۇنى بەندىلىكتىن بىرئاز بوشاتسىلا، ئۇنىڭ قۇتۇلمىقى ئاسان بولىدۇ، بىز ھازىرغىچە مەسلىھەت قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك تويلاپ، كېمە - قېيىق ياسىتىش، قورال - ياراغ ھازىرلاش، قاشا قۇرۇش، قەلئە - سېپىل سېلىش، ئۆي - ئىمارەت سېلىش، كىيىم - كېچەك، ئاياغلارنى رەتلەش، نەيزە، قىلىچ، كامالەك، ئوقيا ياسىتىش، شۇ يول بىلەن خان لەشكەرلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلساقمىكىن.

— خوپ مۇشاۋىر، ئۇنداق بولسا پۇتۇنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئاقىلانە كۆرسەتمىلىرى بويىچە بولسۇن، — دېدى چاۋ گەي.

ۋۇ يۇڭ دەرمەھەل سەردارلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

چاۋ گەي لياڭشەنگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ گۈللىنىپ روناق تاپقانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى جىجۇ ئايماق يامۇلىدىن باشلايلى، جىجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى خۇاڭ ئەنىنىڭ قېچىپ كەلگەن لەشكەرلىرى ئاغزىدىن لياڭشەن كۆلىدە خان لەشكەرلىرىنىڭ قىرىلغانلىقى، خۇاڭ ئەنىنىڭ تىرىك قولغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ قالتىس باتۇرلار بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا يېقىن يولىيالمايدىغانلىقى، ئۇلارنى تۇتماقنىڭ تەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلدىن يول تېپىشنىڭ تەس ئىكەنلىكى، شاخاپچىلار ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلارنى يەڭگىلى بولمايدىغانلىقى ۋەھاكازالارنى ئاڭلىدى، ئايماق ئامبىلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

زارلىنىپ، ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىسىگە:

— خې تاۋ نۇرغۇن لەشكەرلەرنى نابۇت قىلىپ، يالغۇز ئۆزىنىڭ جېنىنىلا قۇتۇلدۇرۇپ كەپتۇ ۋە ئىككى قولىقىدىن ئايرىلىپ قايتۇ، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنىدى، تېخىچە ساقىيىپ بولالمىدى؛ بارغان بەش يۈز ئادەمنىڭ بىرىمۇ قايتىپ كېلەلمىدى؛ شۇڭا قورىبېگى خۇاڭ ئەن بىلەن مەھكىمىمىزنىڭ تۇتقاۋۇل بېگىنى قاراقچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ بېرىشقا ئەۋەتكەنىدىم، ئۇلارنىڭمۇ ھەننىۋاسى قولغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. خۇاڭ ئەننى تىرىك تۇتۇپ تاغقا ئاچقىپ كېتىپتۇ، ئۆلگەن لەشكەرلىرىمىزنىڭ سانى يوق، شۇنچە چىقىم تارتىپمۇ ئۇلارنى يېڭەلمىدۇق، قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.

قورسىقىدا جىن پەيدا بولغان ئايماق ئامبىلىنىڭ بېشى قېتىپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا دورغا كىرىپ:

— كۇنچېڭش قوۋۇقتىكى قوبۇلگاھقا بىر يېڭى بەگ كېلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلاي دەپ كەلدىم، — دېدى.

ئايماق ئامبىلى ئالمان - تالمان ئاتلىنىپ، كۇنچېڭش قوۋۇق سىرتىدىكى قوبۇلگاھقا باردى. ئۇ بوغىناق كۆتۈرۈلگەن يەرگە تېخى نەزەر سالار - سالماستىنلا، يېڭى كەلگەن بەگ ئاللىقاچان قوبۇلگاھ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈش بىلەن ئامبال ئۇنى قوبۇلگاھقا باشلاپ كىرىپ كۆرۈشتى، يېڭى كەلگەن بەگ يېنىدىن مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىنى ئامباللىققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئالاقىسىنى چىقىرىپ، ئامبالغا سۇندى. ئامبال ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن يېڭى بەگنى ئايماق يامۇلىغا باشلاپ بېرىپ، تامغىنى ۋە مەھكىمىنىڭ خەزىنە ئامبىرىدىكى پۇل - مال، ئاشلىق - تۇلۇك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھېسابىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ئامبالنى مېھمان قىلدى. كونا ئامبال لياڭشەن كۆلىدىكى ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ خان لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن يېڭى بەگنىڭ رەڭگىرويى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىنى غەم باسقان ھالدا: «سەي جىڭ ۋەزىرئەزەم مېنى مەنسىپىمنى ئۆستۈردۇم دەپ، مۇشۇنداق بىر يەرگە ئەۋەتىپتۇ ـ دە، نە كۈچلۈك لەشكەر، نە جەسۇر سەركەردىلەر بولمىسا، بۇ قاراقچىلارنى قانداق تۇتقۇلۇق؟ ناۋادا ئۇ ھارامزادىلەر شەھەرگە ئۇزۇق ـ تۈلۈك دەپ كېلىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ ئويلىدى.

كونا ئامبال ئەتىسى كىيىم ـ كېچەك، كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، پېشانىمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئاستانىگە راۋان بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

يېڭى كەلگەن ئامبال ئەمەلگە ئولتۇرغاندىن كېيىن جىجۇ ئايمىقىنى قوغداشقا يېڭىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەن بىر سىپاھبەگنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چېرىك ئېلىش، ئات سېتىۋېلىش، ئوت ـ چۆپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلاش، ھاشا ئېلىش، يەم ـ پاراسەتلىك دانىشمەنلەرنى توپلاش، شۇ يول بىلەن لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنى يىغىشتۇرۇش ئۈستىدە كېڭەشتى؛ بىر تەرەپتىن يېقىن ئەتراپتىكى ئايماقبەگلىرىگە ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتۇشتا بىردەك كۈچ چىقىرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىپ، مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە مەلۇماتنامە يازدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيەلەرگە ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتۇش، ئۆز تەۋەسىنى قوغداش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ گەپلەر شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

مۇشۇ ئايماقنىڭ يەتتۋاچىسى ئۆزىگە قاراشلىق يۈنچېڭ يامۇلىغا ئۆز تەۋەسىنى لياڭشەن قاراقچىلىرىدىن چىڭ مۇداپىئە قىلىش ھەققىدە ئالاقە يېزىپ، بىر خادىمىدىن ئەۋەتتى. يۈنچېڭ ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى ئالاقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز تەۋەسىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا بىر يەڭدىن باش چىقىرىپ، ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ھەققىدە پۈتۈكچىگە

ئالاقە يازدۇرۇپ، ئۇنى سۇك جياڭغا چۇشۇرۇپ بەردى. سۇك جياڭ ئالاقىنى كۆرۈپ: «ئاپلا، چاۋ گەيلەر شۇ قاتارلىق چوك ئىشنى تېرىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇ، مەۋلۇت سوۋغىتىنى بۇلاپتۇ، خاننىڭ خادىملىرىنى ئۆلتۇرۇپتۇ، خې تاۋ تۇتقاۋۇلنى يارىدار قىپتۇ، نۇرغۇن خان لەشكەرلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇاڭ ئەننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، تاغقا ئاچىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ـــ يەتمىش پۇشتىنى قۇرۇتۇشقا لايىق جىنايەت. بۇ جىنايەتلەرنى ئىلاجسىزلىقتىن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قانۇن كەچۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر بالا ـ قازا يېتىپ قالسا نېمە قىلغۇلۇق؟» دەپ ئويلىنىپ قايغۇردى، ئۇ پۇتۇكچى جاڭ ۋېنيۈەنگە بۇ ھەقتە ئالاقە يېزىپ، ھەرقايسى يېزا ـ قىشلاقلارغا ئەۋەتىشنى تاپشۇردى. جاڭ ۋېنيۈەن ئالاقە يېزىشقا كىرىشتى، سۇك جياڭ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يامۇلنىڭ سىرتىغا چىقتى.

سۇك جياڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم ماڭغا ـ ماڭمايلا، ئارقىسىدىن بىراۋنىڭ: «ھوي مىرزىبېگىم» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، ئۇ دەللە ۋاڭ كەمپىر ئىكەن، ئۇ بىر كەمپىرنى يېتىلەپ كېلىۋېتىپتۇ ھەمدە ھېلىقى كەمپىرگە: «تەلىيىڭ بار ئىكەن، ئەنە شەيقەتچان مىرزا كېلىپ قالدى!» دەۋېتىپتۇ. سۇك جياڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇلاردىن:

ـــ ھە، نېمە گېپىڭلار بار؟ ـــ دەپ سورىدى.

ۋاڭ كەمپىر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يەن كەمپىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـــ مىرزىبېگىم، بۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى يوق، بۇلار بىر ئۆيلۈك ئۈچ جان ئادەم ئاستانىدىن مۇساپىر بولۇپ كەپتۇ. بۇنىڭ ئېرى يەن ئاتلىق كىشى ئىكەن، ئۇنىڭ يەن پوشى دېگەن بىر قىزى بار ئىكەن. يەن بوۋاي ئىلگىرىدىن ھاپىزلىق قىلىپ ئۆتكەن بوۋاي ئىكەن، شۇڭا قىزىغىمۇ كىچىككىدىنلا ھاپىزلىقنى ئۆگىتىپتۇ، ئۇ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ناخشا ـ ناۋالارنى

بىلىدىكەن، بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى خېلى كېلىشكەن بالا ئىكەن. بۇلار شەندۇڭغا بىر مەنسەپدارنى پاناھ تارتىپ كېلىپ تاپالماي، مۇشۇ يۇنچېڭ ناھىيەسىدە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ نەغمە ـ ناۋا بىلەن خۇشى بولمىغاچقا، بۇلار جان باقالماي قاپتۇ، ھازىر يامۇلنىڭ كەينىدىكى بىر خالىي مەھەللىدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ مەزلۇمنىڭ ئېرى كېسەل تېگىپ، تونۇگۇن قازا تېپىپتۇ، بۇ مەزلۇم ئۇنى ئۆزىتىشقا قول ـ ئىلكىدە ھېچنېمىسى بولمىغانلىقتىن، ھېچ ئىلاج قىلالماي، قىزىمغا لايىق تېپىپ بەرسىڭىز دەپ كەپتۇ. مەن: «بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنداق ئەپلىك ئىش نەدە؟» دېدىم. ئۆتنە ـ يېرىم قىلغۇدەك يەرمۇ يوق. بۇ يەردە بېشىمىز قېتىپ تۇراتتى، ئۆزلىرى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىلا، شۇڭا ئىككىمىز ئۆزلىرىنىڭ كەينىلىرىدىن كەلدۇق، مىرزىبېگىم بۇ بىچارىگە رەھىم قىلىپ، بىر جەسەت ساندۇقى ياسىتىپ بەرسىلە ئىكەن، — دېدى.

— شۇ ئىش دەڭا. يورۇڭلار، دوقمۇشتىكى مەيخانىغا بېرىپ دۇۋەت ـ قەلەم تېپىپ، ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرەي، ئۇنى يامۇلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى رەستىدە ئولتۇرىدىغان چېن سەنلاڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر جەسەت ساندۇقى ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ۋە يەنە، — نەزىر ـ چىراغقا پۇل ـ خىراجىتىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كەمپىردىن.

— ئۆزلىرىدىن نېمىسىنى يوشۇراي، جەسەت ساندۇقىغا كۆچۈم يەتمىگەن يەردە، نەزىر ـ چىراغقا نەدىكى پۇلۇم بولسۇن؟ — دەپ جاۋاب بەردى يەن كەمپىر.

— مەن سىزگە خىراجەت قىلىشقا ئون سەر كۈمۈش بېرەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئاتا ـ ئانام ئورنىدا ئاتىدارچىلىق قىلدىلا، بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاياغلىرىدا پايپېتەك بولۇپ، خىزمەتلىرىنى قىلارمەن، — دېدى يەن كەمپىر.

— هېچ گەپ يوق، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە يېنىدىن بىر يامبۇ چىقىرىپ، يەن كەمپىرگە بەردى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، چۇشكۇنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يەن كەمپىر خەتنى يامۇلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى رەستىدە ئولتۇرۇشلۇق چېن سەنلاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بىرىپ، بىر جەسەت ساندۇقىنى ئەكېلىپ ئۆلۈمنى ئۇزاتتى، قالغان بەش ـ ئالتە سەر كۈمۈشنى ئانا ـ بالا ئىككىسى خەج ـ خىراجەت قىلدى، بۇ توغرىدىكى ھېكايىمىز شۇ يەردە قالسۇن.

بىر كۈنى يەن كەمپىر رەھمەت ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن، سۇڭ جياڭنىڭكىگە كەلدى، سۇڭ جياڭنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئايال كۆرۈنمىدى، شۇڭا يەن كەمپىر قايتىپ كېلىپ، تام قوشنىسى ۋاڭ كەمپىردىن:

— سۇڭ مىرزىنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئايال ـ پايال كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ خوتۇن ـ بالىچاقىسى يوق كىشىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سۇڭ مىرزا ئەسلىي سۇڭ جەمەتلەر كەنتىلىك ئادەم ئىمىش، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — ئۇنىڭ بالىچاقىسى بارلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. ئۇ يامۇلدا مىرزا بولغاندىن تارتىپ يالغۇز ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دائىم جەسەت ساندۇقى، دورا ـ دەرمەكلەر سەدىقە قىلىپ، غېرىب ـ غۇرۋا، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە شەپقەت قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، خوتۇنى يوق چېغى.

— مېنىڭ قىزىم ناھايىتى چىرايلىق قىز بولدى، ناخشا ـ ناۋانى ئوبدان بىلىدۇ، خۇلقىمۇ ياخشى. ئاستانىدىكى چېغىمىزدا كىچىككىدىنلا ئەيش ـ ئىشرەتخانىلارنىڭ قايسىسىغا بارسا ئۇنى ياراتمايدىغىنى يوق ئىدى، بىرقانچە ئىشرەتخانا غوجايىنلىرى ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن مېنىڭ ئىشىكىمگە نەچچە رەت دوقۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، مەن بەرگىلى ئۇنىمىدىم. چۈنكى، بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككى قېرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، سوراپ كەلگەنلەرگە بەرمىگەن. ئەمدى ئۇنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قويىدىغانلىقىمىزنى ئويلىماپتىمىز. مەن

ئالدىنقى كۈنى سۇڭ مىرزىغا رەھمەت ئېيتىپ قوياي دەپ بارغانىدىم، ئۇنىڭ چۈشكۈنىدە خوتۇن - بالىچاقىسى كۆرۈنمىدى، شۇڭا سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي: مىرزىبېگىمگە بىرەر لايىق كېرەك بولسا قىزىمنى بەرسەم، ئېيتىپ باقسىڭىز. بۇرناكۈن سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىز بىلەن مىرزىبېگىمنىڭ خەيرخاھلىقىغا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ياندۇرۇشقا ھېچ قۇربىم يەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ، تۇغقان تۇتسام دېگەن ئويغا كەلدىم، — دېدى.

ۋاڭ كەمپىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەتىسى سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. سۇڭ جياڭ باشتا ئۇنىمىدى، كېيىن بۇ كەمپىرنىڭ تاشنىمۇ ئېرىتىدىغان سۆزلىرىگە دال تۇرالماي ئاخىر ئۇنىدى، يامۇلنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن بىر قورۇ - جاينى تېپىپ، ئۆي - بىساتلىرى بىلەن جابدۇپ، يەن كەمپىرنى قىزى بىلەن جايلاشتۇردى، يېرىم ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا، يەن كەمپىرنىڭ قىزىنى بېشىدىن - ئايىغىغىچە ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن شۇنداق چىرايلىق ياساندۇرۇۋەتتىكى:

ئەۋرىشىم، نازۇك بەدەنلىك بىر گۈلى رەنا ئۆزى،
كۆكتىكى قارا بۇلۇتتەك قاپقارا تۇرگەن چېچى.
يېڭى چىققان ئاي مىسال ئەگىم - ئەگىمدۇر قېشى،
ماڭسا نازۇك پۇتلىرى قوزغايدۇ ھەركىم ئىشقىنى.
كۆك قومۇشنىڭ نوتىسىدەك خۇددى قول بارماقلىرى،
كەشتىلىك يەڭنىڭ ئىچىدە تارتىدۇ دىل مېھرىنى.
كۆزلىرى گويا ئۈنىڭكى قارىمۇقنىڭ دانىسى،
خۇددى قايماقتۇر ۋە ياكى ئاق بۇلۇتتەك مەيدىسى.
ئۇ گويا باغى ئارامنىڭ خۇش پۇراقلىق بىر گۈلى،
ياكى ھۆر باغدىن كېلىپ قالغان پەرىزاتنىڭ ئۆزى.

يەنە نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ھەتتا ھېلىقى كەمپىرگىمۇ بىرمۇنچە ئۇستىباش قىلدۇرۇپ بەردى. يەن كەمپىرنىڭ قىزىنى ھەقىقەتەن راھەتكە چىقاردى.

سۇڭ جياڭ باشتا ھەر كېچىسى كەمپىرنىڭ قىزى بىلەن بىللە بولدى. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە بارا ـ بارا كەمرەك كېلىدىغان بولدى. نېمىشقا دېسىڭىز، ئەسلىدە سۇڭ جياڭ بىر مەرد ئوغلان ئىدى، ئۇ قىلچۋازلىقنى ئۆگىنىشكىلا ھەۋەس قىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئانچە قىزىقمايتتى. يەن كەمپىرنىڭ قىزى بولسا سۆيۈق بىرنېمە ئىدى، ئۇ ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلاردىكى تازا تولغان چوكان بولغاچقا، سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ كېتەلمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇڭ جياڭ پۈتۈكچى جاڭ ۋېنيۈەننى يەن كەمپىرنىڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە مەي ـ پەي ئىچىپ ئولتۇرۇپ كېلىشكە باشلاپ كەلدى. جاڭ ۋېنيۈەن سۇڭ جياڭ بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان پۈتۈكچى ئىدى، «جاڭ بالىخان» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يىگىتنىڭ قاش ـ كۆزى كېلىشكەن، چىشلىرى ئاپپاققىنا، لەۋلىرى قىزىل ئاناردەك ئىدى؛ ئۇ ئادەتتە كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ھېشىق① ئادەم ئىدى، تۈرلۈك سازلاردىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. يەن كەمپىرنىڭ قىزى شەھۋانىي چوكان بولغاچقا، جاڭ بالىخاننى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. جاڭ بالىخانمۇ ئۇ چوكاننىڭ مەنىلىككىنە كۆز تاشلىغىنىنى تۇيدى، سۇڭ جياڭ ھاجەتكە چىقىپ كەتكەندە، يەن كەمپىرنىڭ قىزى جاڭ بالىخانغا گەپ ئاتتى. «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىماس، قېيىق ماڭمىسا، سۇ بۇلغانماس» دېگەن گەپ بار. جاڭ بالىخانمۇ يەتكەن بىر زىناخور بولغاچقا، چوكاننىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتمەي قالامتىمۇ؟ ئۇ بۇ چوكاننىڭ ناھايىتى نازلىنىپ، قاش ـ كىرپىكىنى ئويىنىتىپ

① ھېشىق ــ شەھۋانىي. دېگەن مەنىدە

قىلغان خۇلقلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە سۇڭ جياڭ ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا، جاڭ بالىخان بۇ چوكاننىڭكىگە سۇڭ جياڭنى ئىزدىگەن بولۇپ كېلىدىغان بولدى. بۇ چوكان ئۇنى چايغا تۇتۇۋېلىپ، مۇڭدىشىدىغان بولدى، ئاخىر ئىككىسى تېپىشىپ قالدى. كۈتمىگەندە، بۇ چوكان جاڭ بالىخان بىلەن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. جاڭ بالىخانمۇ مۇنداق ئىشلار بىلەن قىتماللىشىپ كەتكەن بىرنېمە ئىدى، كونىلارنىڭ: «يامان ئادەمنى ئۆيۈڭگە يولاتما» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئەسلىدە سۇڭ جياڭ بۇ جاڭ بالىخاننى ئۆيگە زادىلا يولاتمىسا بولاتتى. ئۇنى ئۆيگە يولتىپ، مەي بىلەن مېھمان قىلغاچقا، ئۇ يەن كەمپىرنىڭ قىزى بىلەن تېپىشىۋالدى. كونىلار: «ھاۋايى - ھەۋەس بابىدا چاي تونۇشتۇرغۇچىدۇر، مەي تېپىشتۇرغۇچىدۇر» دەپتىكەن. دەرۋەقە شۇنداق بولدى. يەن كەمپىرنىڭ قىزى جاڭ بالىخان بىلەن تېپىشىپ قالغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭغا زەررىچە كۆڭلى قالمىدى. سۇڭ جياڭ كېلىپ قالسا، سېسىق گەپ بىلەن چېقىپ، دىل ئازار قىلىدىغان، بىرئازمۇ ئىلتىپات قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. سۇڭ جياڭ مەرد ئوغلان بولغاچقا، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمىگەچكە، ئون - ئون بەش كۈندە بىرەر قېتىم كېلىپ تۇراتتى. جاڭ بالىخان بولسا، يەن كەمپىرنىڭ قىزى بىلەن خۇددى شىلىمدەك بىر - بىرىگە چاپلىشىپ، كېچە كېلىپ، تاڭ ئاتقاندا كېتىپ يۈرگەچكە، ئەھلىمەھەللىگىمۇ پۇر كەتتى. بۇنىڭ شەپىسى سۇڭ جياڭنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىردى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي: «ئۇ مېنىڭ ئاتا - ئانام ئېلىپ بەرگەن خوتۇنۇم ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى بولمىسا، ئۇنىڭدىن رەنجىشكە نېمە ھەققىم؟ مەن ئۇنىڭكىگە دارىمىساملا بولمىدىمۇ» دېگەن خىيالغا كېلىپ، نەچچە ئايلاپ بارمىدى. يەن كەمپىر سۇڭ جياڭنى چىللاپ ئارقىمۇ ئارقا ئادەم ئەۋەتىپ باقتى، سۇڭ جياڭ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ بارمىدى.

## نەزم

گۈل سەتەڭنىڭ مەيلى ئوخشايدۇ گويا ئاققان سۇغا،
مەرد يىگىتنىڭ كۆڭلى ھېچ چۈشمەس بۇ توزغان غۇنچىغا.
پۇل ۋە مال ئىشقىدا كەمپىر، قىز يىگىتنىڭ كويىدا،
ئىككى دۇكاندىن سېتىلغان چاي بولار بىر چايچىغا.

ئەمدى گەپنى باشقا تەرەپتىن ئاڭلايلى. بىر كۈنى ئاخشىمى سۈك جياڭ يامۇلدىن چىقىپ، ئۆدۈلدىكى چايخانىغا كىرىپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، بېشىغا ئاق كىگىز قالپاق، ئۇستىگە قارا يېشىل چاپان كىيگەن، پاچىقىغا تىزلاپچا تارتقان، پۇتىغا سەككىز ئىزمىلىق چىگە چورۇق تارتقان بەستلىك بىر ئادەم بىلىگە يان قىلىچ قىستۇرۇپ، بىر بوغجۇمىنى يۈدۈگىنىچە، قارا تەرگە چۆمگەن، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن ھالدا توپتوغرا يامۇلغا كۆز تىكىپ كېلىۋاتاتتى. سۈك جياڭ ئالدىراپ كېلىۋاتقان بۇ بەستلىك ئادەمنى كۆرگەندىن كېيىن ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، چايخانىدىن چىقتى - دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ئارقىغا قاراپ، سۈك جياڭنى كۆرۈپ قالدى، لېكىن تونۇمىدى. سۈك جياڭنىڭ كۆزىگە بۇ ئادەم تونۇشتەك كۆرۈندى، ئۇ: «بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا تۇرىمەنغۇ... دەپ بىر پەس ئويلىدى، لېكىن ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. ئۇ: ئادەممۇ سۈك جياڭغا يەنە بىر قاراش بىلەن ئۇنى سەل تونۇغاندەك قىلىپ، ئورنىدا تۇرۇپ قېلىپ تىكىلىپ قارىدى، لېكىن يەنە سوراشقا پېتىنالمىدى. سۈك جياڭ: «بۇ ئادەم ئەجەب غەلىتە ئادەمكەنغۇ! ماڭالا قارايدىغۇ؟» دەپ ئويلىدى - يۇ، ئۇنىڭدىن كىم بولىسىز، دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئادەم يول بويىدىكى ساتىراشخانىغا بىرىپ، ساتىراشتىن: «ئاۋۇ كىشى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

— سۇلۇق مىرزا دېگەن شۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ساتىراش.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بېرىپ:

— مىرزىبېگىم، پېقىر ئىنىلىرىنى تونۇدىلىمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— سىزنى بىر ئاز تونۇغاندەك قىلىمەن، — دېدى سۇلۇق جياڭ.

— نېرىراق بىر يەرگە بېرىپ سۆزلەشسەك، — دېدى ئۇ ئادەم.

سۇلۇق جياڭ بۇ ئادەمنى بىر خالىي ئارقا كوچىغا باشلاپ باردى.

— پاراڭلاشقىلى مۇنۇ مەيخانا ئەپلىكتەك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ ئادەم بىر مەيخانىنى كۆرسىتىپ.

بۇ ئىككىيلەن مەيخانىغا كىرىپ، بىر خالىي ھۇجرىنى تاللاپ ئولتۇردى. ھېلىقى ئادەم قىلىچىنى يۆلەپ قويۇپ، بوغجۇمىسىنى چۇشۇرۇپ، شىرە ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ، سۇلۇق جياڭغا سالام بەجا كەلتۇردى. سۇلۇق جياڭ ئالمان - تالمان ئىلىك ئېلىپ:

— ئىسمىشەرىپىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى.

— ئۇلۇغ شاپائەتچىم، پېقىر ئىنىلىرىنى قانداقسىغا ئۇنتۇپ قالدىلا؟

— ئاغا، كىم بولىسىز؟ راستلا تونۇش تۇرىسىز، پېقىر ھېچلا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

— پېقىر ئىنىلىرى، — دېدى ئۇ ئادەم، — چاۋ گەي ئاقساقالنىڭ جاڭزىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان قىزىل چاچ شەيتان ليۇ تاڭ بولىمەن.

— قەدىردان قېرىندىشىم، — دېدى سۇلۇق جياڭ چۆچۈپ كېتىپ، — ئەجەبمۇ يۈرەكلىك ئىكەنسىز؟ ھېلىمۇ ياخشى، خانىنىڭ دورغا - يايىلىرى كۆرۈپ قالماپتۇ، چاتاق چىققىلى

تاسلا قاپتۇ!

— ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، بىر بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقماي، ئالاھىدە ئۆزلىرىگە تەشەككۈر ئىزھار ئەيلەشكە كەلدىم، — دېدى لىۋ تاڭ.

— چاۋ گەي ئاقساقال قاتارلىق قېرىنداشلىرىم يېقىندىن بويان قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ ئىنىم، سىزنى كىم ئەۋەتتى؟

— ئاتامان ئاكام چاۋ گەي ئۇلۇغ شاپائەتچىمىز بولغان ھەزرەتلىرىگە قايتا - قايتا سالام ئېيتتى، ئۆزلىرى نىجاتلىق بەرگەنلىرى ئۈچۈن، ئۇ ھازىر لياڭشەن كۆلى بويىدا باش ئاتامان بولدى. ۋۇ يوڭ خەلىپەت لەشكەر مۇشاۋىرى، گوڭسۇن شېڭ لەشكەر ھوقۇقىنى تۇتقۇچى بولدى. لىن چوڭ كۆچىنىڭ بارچە بىزگە بولۇشۇپ، ۋاڭ لۇننى جايلىۋەتتى. تاغ تۇرادا دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جۇ گۈي ۋە بىز يەتتىمىز بولۇپ، جەمئىي ئون بىر ئاتامان بار. ھازىر تاغ تۇراغا يەتتە - سەككىز يۈز كىشى جەم بولدى، ئاشلىق - تۇلۇكنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىرىغا ھېچبىر جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، ئۇلار مېنى ئالاھىدە بىر پارچە مەكتۇپ ھەم يۈز سەر ئالتۇن بىلەن ئۆزلىرىگە ۋە يۈزبېشى جۇ تۇڭ، لېي خېڭلارغا تەشەككۈر ئىزھار ئەيلەشكە ئەۋەتتى، — دېدى لىۋ تاڭ ۋە بوغجۇمىسىنى ئېچىپ، مەكتۇپنى چىقىرىپ سۇڭ جياڭغا سۇندى.

سۇڭ جياڭ مەكتۇپنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، قويندىن ھۆججەت تەللىسىنى ئېلىپ ئەمدىلا ئېچىشىغا، لىۋ تاڭ ئالتۇننى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. سۇڭ جياڭ ھېلىقى مەكتۇپنى، ئالتۇندىن بىر چوكىنى ئېلىپ ھۆججەت تەللىسىگە سالدى - دە، پېشىنى چۈشۈرۈۋېتىپ:

— قەدىردان ئىنىم، بۇ ئالتۇنلارنى بۇرۇنقىدەك ئورىۋېلىڭ، — دېدى ۋە مەيپۇرۇشنى لىۋ تاڭنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە گۆش توغراپ، ئازراق كۆك - گېزەك، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن مەي

ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

كۈن كەچ بولۇپ قالغانىدى، ليۇ تاڭ مەينى ئىچىپ بولۇپ، شىرە ئۈستىدىكى ئالتۇن سالغان بوغجۇمىنى ئېچىپ، يەنە ئالتۇننى تەڭلەشكە تەمشەلدى، سۆڭ جياڭ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئەزىز ئىنىم، مەن سىزگە ئېيتاي، سىلەر يەتتە قېرىنداش تاغ تۇراغا يېڭى باردىڭلار، سىلەرگە خەج - خىراجەت كېرەك؛ مېنىڭ يېنىم خېلى توم. سىلەر تاغ تۇرايىڭلاردا ساقلاپ قويۇڭلار، خىراجەتتىن قىسىلسام، ئىنىم سۆڭ چېڭنى ئەۋەتەرمەن! مەن ياتلىشىپ كەتكىنىم يوق، بىر چوكا ئالتۇننى ئېلىپ قالدىم، شۇ تېگىل بولدى، جۇ تۇڭنىڭمۇ ئاز - تولا پۇل - مېلىرى بار، ئۇنىڭغا بەرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭلارنى ئېيتىپ قويساملا بولىدۇ. لېي خېڭ دېگەن ئادەمنىڭ مېنىڭ ئاقساقالغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن خەۋىرى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم قىمارۋاز ئادەم، ئەگەر بۇ پۇل بىلەن قىمار ئويناپ، بىرەر ئىش تېرىپ قويسا، ئۇنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ ئالتۇن بەرمەڭلار، ئەزىز ئىنىم، مەن سىزنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلالمايمەن، باشقىلار تونۇپ تارتىپ قالسا چاتاق بولىدۇ. بۈگۈن ناھايىتى يورۇق ئايدىڭ كېچە بولۇۋاتىدۇ، بۇ يەردە تەخىر بولماي تاغ تۇراغا دەرھال كېتىۋېلىڭ، مەن ئاتامانلاردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن تەكرار شۇنى سورايمەنكى، تەبرىكلەپ بارالمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرسۇن، — دېدى.

— ئاغا، — دېدى ليۇ تاڭ، — ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىرىغا ھېچبىر جاۋاب قىلالماي، پېقىر ئىنىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆز ئەقىدىمىزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئازراق ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئەۋەتكەنىدى. ئاقساقال ئاغام ھازىر ئاتامان، ۋۇ يۇڭ بولسا مۇشاۋىر بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن نېمە دەپ جاۋاب

بېرەرمەن؟ تاغ تۇراغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن چوقۇم جازاغا تارتىلىدىغان بولدۇم.

ــ بۇيرۇق شۇنچە چىڭ بولسا، مەن سىزگە بىر پارچە جاۋاب مەكتۇپى يېزىپ بېرەي، شۇنى ئېلىپ قايتىڭ، ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ليۇ تاڭ سۇڭ جياڭدىن بۇ ئالتۇننى ئېلىپ قېلىشنى ئۆلتۈجا قىلىپ، شۇنچە يېلىنغان بولسىمۇ، سۇڭ جياڭ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئۇ دەرھال بىر پارچە قەغەز چىقىرىپ، مەيپۇرۇشنىڭ دۇۋەت ـ قەلىمىنى ئارىيەت ئېلىپ، ليۇ تاڭغا بىر پارچە تەپسىلىي جاۋاب مەكتۇپى يېزىپ بەردى، ليۇ تاڭ ئۇنى ئېلىپ بوغجۇمىغا سالدى. ليۇ تاڭ تۈز كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، سۇڭ جياڭنىڭ ئالتۇننى بۇنداق ئالغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئالغىلى ئۇنىمايدىغان بولدى، دېگەن يەرگە كېلىپ، بۇرۇنقىدەك بوغجۇمىغا سالدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ جاۋاب مەكتۇپلىرى بولغاندىكىن، پېقىر ئىنىلىرى كېچىلەپ بولسىمۇ قايتاي، ــ دېدى.

ــ ئەزىز ئىنىم، مېنى تۇتۇپ قالمىدى دەپ رەنجىمەي، كۆڭلىڭىزدە بىلىپ قالسىڭىزلا بولىدۇ، ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ليۇ تاڭ سۇڭ جياڭغا يەنە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. سۇڭ جياڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ:

ــ بۇ بەگ بۇ يەردە بىر سەر كۈمۈش قالدۇردى، ھېساب ـ كىتابنى ئەتە ئۆزۈم كېلىپ قىلىمەن، ــ دېدى.

ليۇ تاڭ بوغجۇمىنى يۈدۈپ، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، سۇڭ جياڭنىڭ كەينىدىن مېڭىپ مەيخانىدىن چىقىپ، كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ بارغاندا گۇگۇم چۈشتى، بۇ سەككىزىنچى ئاي كۈنلىرى بولۇپ، ئاي تولۇن بولغانىدى، سۇڭ جياڭ ليۇ تاڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

ــ ئەزىز ئىنىم، تەڭرىمگە ئامانەت، ئىككىنچى بۇ يەرگە

دارىماڭ. بۇ يەردە خاننىڭ دورغا ـ ياپىلىرى كۆپ، ئوينىشىدىغان جاي ئەمەس. مەن ئۇزۇنراققا ئۇزىتىپ بارالمايمەن. مۇشۇ يەردىلا خوشلىشاي، ــ دېدى.

ليۇ تاڭ يوروۇق ئايدىڭ كېچىدە گۇس ـ گۇس قەدەم تاشلاپ، كۇنپېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ، كېچىلەپ لياڭشەن كۆلى بويىغا قاراپ راۋان بولدى.

سۇڭ جياڭ ليۇ تاڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئۆز چۈشكىنى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، بىر تەرەپتىن: «ھېلىمۇ ياخشى دورغا ـ ياپىلار كۆرۈپ قالمىدى، كۆرۈپ قالغان بولسا چوڭ چاتاق چىقاتتى!» دەپ ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن: «چاۋ گەي ئاخىر غەلىيانچى بولۇپ چوڭ ئىش تەۋرىتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىككى دوقمۇشتىن بۇرۇلا ـ بۇرۇلماي، ئارقىدىن:

ــ ھوي مىرزىبېگىم، نەگە بېرىپ كېلىۋاتىدىلا، ئۆزلىرى كەم دىدارغۇ؟ ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سۇڭ جياڭ بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، يەن كەمپىر ئىكەن. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! مۇشۇنداق باھانە ـ سەۋەب بولمىغان بولسا، سۇڭ جياڭنىڭ مۇشتەك يورىكى قاپتەك بولماس ئىدى، مېھىر ـ شەپقەتلىك باغرى تاش بېغىرغا ئايلانمىغان بولاتتى. سۇڭ جياڭنىڭ يەن كەمپىرگە قانداق مادارا قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## قېرى دەللىنىڭ مەستلىكتە تاڭ نيۇرنى ئۇرغانلىقى سۇڭ جياڭنىڭ ئاچچىقىدا يەن پوشىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ لىيۇ تاڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئاي يورۇقىدا كوچا بويلاپ پىيادە ئۆز چۈشكۈنىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، يولدا نەق يەن كەمپىرگە ئۇچراپ قالدى، كەمپىر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مىرزىبېگىم، ئۇزاق بولدى كەلمىدىلە، چىللاپ ئادەم ئەۋەتسەكمۇ ئەجەب ئەتىۋار بولۇپ كەتتىلىغۇ، دىدار كۆرۈشمەك شۇنچە تەس بولۇپ كەتتىمىيا! كەمتىرىن جۇۋاينىمىكىمدىن بەزى ئېگىز ـ پەس، تاقا ـ تۇقا گەپلەر ئۆتۈلۈپ، ئۆزلىرىنى دىلئازار قىلىپ قويغان بولسا، مەن ئاجىزەلىرىنىڭ كىچىككىنە يۈز ـ خاتىرىنى قىلىپ كەچۈرسىلە، قىزىمنى ئەدەپلەپ، ئۆزلىرىگە ناماقۇل قىلاي. بۈگۈن ئاخشام ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى نېسىپ بولدى، يۈرسىلە، بىللە بىزنىڭكىگە بارايلى، — دېدى.

— بۈگۈن ياملۇدا ئىشىم ئالدىراش، چولام تەگمەيدۇ، باشقا كۈنى باراي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ياق بولمايدۇ. قىزىم ئۆيدە ئاتايىن ساقلاپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ، شاققىدە بېرىپ، بىر كۆرۈنۈپ قويۇپ كەلسىلە، ئۇنداق قىلمىسىلا بولمايدۇ، — دېدى كەمپىر.

— راستلا ئىشىم ئالدىراش، ئەتە چوقۇم باراي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بۈگۈن ئاخشام نېمە بولسىمۇ سىلىنى ئېلىپ بارىمەن، — دېدى كەمپىر ۋە سۇڭ جياڭنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، زەردە بىلەن

سۆزلىدى، — كىمكەن ئارىغا سوغۇقچىلىق سالغان؟ قىزىم بىلەن ئىككىمىز كېيىنكى ئۆمرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ پاناھلىرىدا ئۆتكۈزىمىز. يات خەقلەرنىڭ قىلغان يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ھەرگىز قۇلاق سالمىسىلا. قىزىمدىن بەزى سەۋەنلىكلەر ئۆتۈلگەن بولسا، مەن ئاجىزەلىرى ئۇستۇمگە ئالاي، ئۆزلىرى دىككىدە بېرىپ كەلسىلە.

— ماڭا ئىپسىلىۋالماڭ، راستلا چولام تەگمەيدۇ، — دېدى سۆك جياڭ.

— مىرزىبېگىم، ئىش ئاز - تولا ھايال قالغىنىغا ئامبال بېگىمۇ ئۆزلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇپ كەتمەس. بۇ پۇرسەت قولدىن كەتسە، ئىككىنچى كەلمەيدۇ. ئاجىزەلىرى بىلەن بىللە بارسىلا، قالدى گەپ - سۆزنى بارغاندىن كېيىن دېيىشەرمىز، — دېدى كەمپىر.

سۆك جياڭ كەسكىن ئادەم بولغاچقا، كەمپىردىن قۇتۇلالماي:

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، بارساممۇ باراي، — دېدى.

— مىرزىبېگىم، غۇيۇلداپ كېتىۋەرمىسىلە، مەن قېرى كىشى ئۆزلىرىگە يېتىشەلمەيمەن، — دېدى كەمپىر.

— قانداقسىغا ئۇنداق قىلاي؟ — دېدى سۆك جياڭ.

بۇلار سوڭدىشىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

## غەزەل

مەي كىشىنى مەست قىلالماس، مەست بولار ئادەم ئۆزى،
گۈل كىشىنى ئازدۇرالماس، ئازىدۇ ئادەم ئۆزى.
ئەسلىي پۇشايمانغا قېلىشنى ياخشى بىلگەن ئادىمى،
باشتا ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمىسا بولماسمىدى؟

سۆك جياڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى، يەن كەمپىر ئۇنى ئۆيگە زورلاپ:

— بۇ يەرگە كېلىپ كىرمىسىلە زادى بولمايدۇ، — دېدى.

سۆڭ جىياڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بۇ كەمپىر بوش كەمپىر ئەمەس ئىدى. كونىلاردا: «قېرى دەللىنىڭ قولىغا چۈشسەڭ قۇتۇلالمايسەن» دېگەن گەپ بار. ئۇ سۆڭ جىياڭنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ:

— قىزىم، ئوماق يىگىتىڭ كەلدى، — دەپ چاقىردى.

يەن پوشى ئۆزىنى كاتقا ئېتىپ، جىن چىراغقا قارىغىنىچە، خىيال سۈرۈپ جاڭ بالىخاننى كۈتۈپ ياتاتتى. «ئوماق يىگىتىڭ كەلدى» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان بۇ چوكان جاڭ بالىخان چېغى دەپ ئويۇل - تويۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، قولى بىلەن تۇرمە چېچىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپ: «بۇ ئۆلۈمتۈك مېنى ساقلىتىپ، شۇنداق قىينىدى - دە ! ئاۋۋال ئىككى كاچات يېگۈزمىگىنىمنى كۆرسۇن!» دەپ غودۇڭشىغىنىچە غويۇلداپ بالىخانىدىن چۈشتى، ئۇ پەنجىرىدىن قاراپ، ئاپئاندىكى يوپيورۇق چىراغنىڭ يورۇقىدا سۆڭ جىياڭنى كۆردى - دە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ يەنە بالىخانىغا چىقىپ، كاتقا بېرىپ بۇرۇنقىدەك يېتىۋالدى.

يەن كەمپىر قىزىنىڭ بالىخانىدىن تاراقلاپ چۈشۈپ، يەنە قايتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ:

— قىزىم، يىگىتىڭ كەلسە، نېمىشقا يەنە يېنىپ چىقىپ كېتىسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

— بۇ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئۇ چىقالمىغۇدەك شۇنچە يىراقمىكەن؟ يا ئۇ قارىغۇ بولمىسا، نېمىشقا مېنىڭ ئالدىغا چىقىشىمنى ساقلاپ تۇرىدۇ، تېخى يېلىنىپ - يالۋۇرۇپىزە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدىكەنمەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى كاتتا ياتقىنىچە يەن پوشى.

يەن كەمپىر: «بۇ ھاماقەت مىرزىنى كەلمىدى دەپ تازا خاپا بولغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنداق بولسا مىرزىنى چىقىراي، ئۇنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز سۆزىنى كۆتۈرسۇن» دەپ ئويلاپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— بېگىم، يۇرسىلە بىللە بالىخانىغا چىقايلى، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئۇ چوكانىنىڭ ھېلىقى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى بۆلەكچىلا بولۇپ قالغانىدى. كەمپىرنىڭ زورلىشى بىلەن نائىلاج يۇقىرىغا چىقتى.

ئەسلىدە بۇ ئالتە لىملىق بىر بالىخانا ئۆي بولۇپ، تېخى بىر دەھلىز ئۆي ئىدى، ئۇنىڭغا غىزا شىرەسى، ئورۇندۇق قويۇلغان؛ تېخى بولسا ياتاق ئۆي بولۇپ، ئۇچ تەرىپىگە گۇل قويۇلغان، ئىككى تەرىپىگە سالاسۇنلۇق بىر كات قويۇلغان، ئۇنىڭغا قىزىل تاۋار چىمىلدىق تارتىلغان، كاتنىڭ بىر تەرىپىدە كىيىم ئاسقۇچ بولۇپ، لۆڭگە ئېسىلغان؛ يەنە بىر تەرىپىگە قول يۇيىدىغان داس قويۇلغان؛ ساپسېرىق شىرە ئۈستىگە تۇچ چىراغپاي قويۇلۇپ، يان تەرىپىگە ئىككى پاكار ئورۇندۇق تىزىلغان؛ ئۇدۇلىدىكى تامغا بىر ھۆر قىزنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان؛ كاتقا قارىتىپ تۆت دانە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قويۇلغان.

سۇڭ جياڭ بالىخانىغا چىقىۋىدى، كەمپىر ئۇنى تارتىپ ئۆيگە ئەكىردى. سۇڭ جياڭ كات يېنىدىكى پاكار ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. كەمپىر كاتتىن قىزىنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ:

— مانا مىرزىبېگىم كەلدى. سېنىڭ خويمۇ بىر ئەسكى خۇيۇڭ بار قىزىم، ئېگىز - پەس سۆزلەپ، بۇ كىشىنى دىلئازار قىلىپ قويغان ئوخشايسەن، شۇڭا رەنجىپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كىشىنى شۇنچە تەسلىكتە چىللاپ ئەكەلسەم، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ناماقۇل بولماقتا يوق، خۇيلىنامسەن تېخى! — دېدى.

— سەن نېمانچە جاۋىلدايسەن ! يا مەن بىر ئەسكى ئىش قىلمىسام ! كەلمىسە ئۇ ئۆزى كەلمىدى، مەن نېمىشقا ناماقۇل بولغۇدەكمەن ! — دېدى يەن پوشى كەمپىرنىڭ قولىنى سىلكىپ.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپلەرگىمۇ يا ئاق، يا كۆك دېمىدى. كەمپىر بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ، سۇڭ جياڭنىڭ يېنىغا قويۇپ، قىزىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا زورلاپ:

www.uyghurkitap.com

— بىگىم بىلەن بىر يەردە ئولتۇر. ناماقۇل بولمىساڭمۇ مەيلى، تېرىكىپ كەتمە. ئىككىڭلار كۆرۈشمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولدى، بىردەم مۇڭدىشىۋېلىڭلار، — دېدى.

يەن پوشى سۇڭ جياڭغا ياندىشىپ ئولتۇرماي، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. سۇڭ جياڭ بېشىنى سىلىپ، لام - جىم دېمەي جىم ئولتۇردى. كەمپىر قىزىغا قارىسا ئۇمۇ تەتۈر قارىۋاپتۇ. كەمپىر:

— مەي - شارابىمىز ئىش پۈتمەيدۇ، بىر شىشە ئېسىل شارابىم بار، ئازراق مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكىرەي، شۇنىڭ بىلەن مىرزىبېگىمگە ناماقۇل بولايلى. قىزىم، مىرزىبەگدىن تارتىنماي ئولتۇرۇپ تۇر، ھېلى كىرىمەن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ: «بۇ كەمپىر ماڭا چاپلىشىۋالدى، قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم. ئۇ پەسكە چۈشۈپ كەتكەن ھامانلا تىكىۋېتەي» دەپ ئويلىدى. كەمپىر سۇڭ جياڭنىڭ كېتىش غەرىزىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئىشىك سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئىشىكنى زەنجىرلەپ قويدى. سۇڭ جياڭ: «بۇ دەللە مېنىڭدىن ئۇستا كەلدى» دەپ ئويلىدى.

ئەمدى گەپنى كەمپىردىن ئاڭلاڭ. كەمپىر بالىخانىدىن چۈشۈپ، ئاۋۋال ئوچاق بېشىغا بېرىپ چىراغ ياندۇردى، قازاندا پۇت يۇيىدىغان سۇ ئىسسىپ تۇراتتى. ئوچاققا بىرئاز ئوتۇن سېلىپ قويدى، ئاندىن يەنە بىرئاز پارچە پۇل ئېلىۋېلىپ، كوچىغا چىقىپ يېڭى مېۋە - چېۋە، يېڭى بېلىق، چۈجە گۆشى ۋە دورا - دەرمەكلەر بىلەن قاق سېلىنغان بېلىقلاردىن ئالدى. بۇلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ، تەخسىلەرگە تىزدى؛ مەينى قاچىغا قۇيۇپ، قازاندا ئىللىتقاندىن كېيىن ئاپقۇرغا تۆكتى. بىرنەچچە تەخسە كۆك - كېزەك، ئۈچ قەدەھ، ئۈچ كىشىلىك چوكا تەييارلىدى ۋە پەتنۇسقا سېلىپ بالىخانىغا ئاچىقىپ، دەھلىز ئۆيدىكى غىزا شىرەسىگە قويدى، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بۇلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ، شىرە

ئۈستىگە تىزدى. كەمپىر سۈڭ جياڭغا قارىسا، بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپتۇ؛ قىزىغا قارىسا، ئۇمۇ باشقا تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

ــ قىزىم، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مەي تۆت، ــ دېدى كەمپىر.

ــ ئىچمۈبىرىڭلار، مېنىڭ خۇشۇم يوق ! ــ دېدى قىزى.

ــ قىزىم، ئاتاڭ بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا كىچىكىڭدىن ئەركە چوڭ بولۇپ قالدىڭ، باشقىلار ئالدىدا بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ.

ــ مەي تۆتمىغانغا نېمە بوپتۇ؟ مەي تۆتمىسام كاللام كېتەمدىكەن؟

ــ خوپ، مېنىڭ دېگىنىم يەنىلا خاتا بولۇپ تۇرسۇن، مىرزىبېگىم بولسا كاتتا ئادەم، سەن بىلەن تەڭ بولمايدۇ. مەي تۆتمىساڭمۇ مەيلى، بۇيانغا قاراپ بىرەر قەدەھ ئىچكىن، ــ دېدى كەمپىر كۈلۈپ.

قىز بۇيانغا قارىمىدى. كەمپىر سۈڭ جياڭغا مەي تۆتتى، سۈڭ جياڭ نائىلاج قەدەھ كۆتۈردى. كەمپىر كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ مىرزىبېگىم، ئەيىب كۆرمىسىلە. يوقىلاڭ گەپلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئەتىلەتىن سۆزلىشىۋالايلى. خەقلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكلىرىنى كۆرۈپ، بىكارغا قىزغىنىپ، ھەرقانچە بىرنېمىلەر دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈسە جۆيلۈسۇن، ھەممىسى ئوسۇرۇقىا تەڭ، ئۆزلىرى قۇلاق سالمىسىلا. قىزنى مەيگە ئىلتىپات قىلسىلا، ــ دېدى ۋە ئۈچ قەدەھكە مەي قۇيۇپ، شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ــ قىزىم، بالىلىق قىلما، بىرەر قەدەھ ئىچكىن، ــ دېدى.

ــ مەن بىلەنلا قالدىڭغۇ ئەجەب ! قورسىقىم غىققىدە، ئىچەلمەيمەن.

ــ قىزىم، مىرزىبېگىمگە بېقىنىشىپ بولسىمۇ ئىچسەڭ بولاتتى.

قىز بۇنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئىچىدە: «مېنىڭ ئەس ـ يادىم جاڭ بالىخاندا تۇرسا، بۇنداق بىرنېمىگە كىم بېقىنىشسۇن!

ئۇنى ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويمىسام، جەزمەن ماڭا يېپىشىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، مەينى قولىغا ئېلىپ، زورمۇزور يېرىم قەدەھ ئىچتى. كەمپىر كۈلۈپ:

— قىزىم، خاپا بولۇپ ئولتۇرماي، كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭنى ئېچىپ، بىر ـ ئىككى قەدەھ كۆتۈرۈپ يېتىپ قالغىن. مىرزىبېگىممۇ خۇماردىن چىققۇدەك ئىچسۇن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ يەن كەمپىرنىڭ زورىدا كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ ـ تۆت قەدەھ كۆتۈرۈۋەتتى. كەمپىرمۇ كەينى ـ كەينىدىن نەچچە قەدەھ ئىچىۋېتىپ، پەسكە يەنە مەي ئىللىتىشقا چۈشۈپ كەتتى.

كەمپىر دەسلەپتە قىزىنىڭ مەي ئىچمىگەنلىكىدىن كۆڭلى پەرىشان بولغانىدى، كېيىن ئەيۋەشكە كېلىپ مەي ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا: «ئەگەر بۈگۈن ئاخشام قوندۇرۇپ قالالىساق، ئۇنىڭ خاپىلىقىمۇ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەنە ئازراق ھەپىلىشىپ، ئاندىن بىرنېمە دەي» دەپ ئويلىدى ۋە ئوچاق بېشىغا ئۆتۈپ، ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچتى، مەي ئۇنى سەل قىزىتقاندەك قىلدى ـ دە، ئۇ يەنە بىر ئاپقۇر قويۇپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن يەنە يېرىم ئاپقۇردىن كۆپرەك مەينى ئىللىتقاندىن كېيىن بالىخانىغا ئاچىقتى. چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، سۇڭ جياڭ بېشىنى سىلىپ، ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپتۇ، قىزىمۇ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تىرناقلاپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كەمپىر قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— ئىككىڭلار لايدا قاتۇرۇلغان بۇت بولمىساڭلار، نېمىشقا مىت قىلماي ئولتۇرىسىلەر؟ مىرزىبېگىم، سىلى ئەركەك بولغاندىكىن، ئېرىتكۈدەك گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ ئوينىشىپ ئولتۇرسىلا، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئوڭايسىزلىنىپ، ئاغزىدا بىرنېمە دېمىسىمۇ، كۆڭلىدە تەڭلىكتە قالدى. قىز ئۆزىچە: «ئۆزۈڭ ئالدىمغا كەلمەي، مېنى بۇرۇنقىدەك ئۆزرە ئېيتىپ، سۈركىلىپ كېلىپ كۆڭلۈڭنى

ئاچارمىكىن دەپ چاغلاۋاتامسەن، ئەمدى كۆڭلۈڭنى ئېچىشىم يوق گەپ» دەپ ئويلىدى، كەمپىر مەينى ھېلىلا ئىچكەچكە، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ، پالانچى ئۇنداق ئىكەن، پوستانچى مۇنداق ئىكەن، دەپ جۆيلۈگىلى تۇردى. بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

باشپاناھ بولغان يىگىتلا كەتمىسە ئۆيدىن چىقىپ،
مەيلىنى ئالغاي بۇ دەللە ياغلىما سۆزلەر قىلىپ.
كۆپ پاراسەت ئەھلىنى قىلدى خاراب قىلتاق قويۇپ،
ئۆلسە بۇ ئەبلەخ تىلىنى تۇۋىدىن كەسسە قىيىپ.

يۇنچىلىك شەھىرىدە تۇزلانغان يىمەكلىك ساتىدىغان تاڭ ئاكا دېگەن ئادەم بار ئىدى، ئۇنى تاڭ نيۇر دەپ ئاتىشاتتى، ئۇ دائىم بازاردا گۇپپاڭچىلىق قىلىپ يۈرەتتى، سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا پات - پات پۇل - پۈچەك ياردەم بېرىپ تۇراتتى، ئۇ پادىشاھلىقتا ئالاقىدار بەزى ئەھۋاللار چىقىپ قالسا، سۇڭ جياڭنى خەۋەردار قىلىپ، بىرنەچچە تىزىق يارماق سۆيۈنچە ئېلىپ خەجلەيتتى. سۇڭ جياڭ بۇنى ئىش - پىشكە بۇيرۇپ تارتىپ قالسا، جېنىنى پىدا قىلاتتى. بۈگۈن ئاخشام ئۇ قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ ئىلاجسىز قالغانلىقتىن، يامۇلنىڭ ئالدىغا سۇڭ جياڭنى ئىزدەپ باردى ۋە ئۇنىڭ چۈشكۈنىگىمۇ ئىزدەپ بېرىپ تاپالمىدى. قولۇم - قوشنىلىرى:

— تاڭ ئاكا، كىمنى ئىزدەپ يۈرىسىز شۇنچە ئالدىراش؟ — دېدى.

— گېلىم قىچىشىپ، تاقىتىم تاق بولۇپ كەتتى، باشپاناھىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، — دېدى تاڭ نيۇر.

— باشپاناھىڭىز كىم؟

— يامۇلدىكى سۇڭ جياڭ.

— ئۇ ھېلىلا يەن كەمپىر بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىغۇ.

— ھەببەللى، يەن كەمپىرنىڭ ئاشۇ پەسكەش جادۇ قىزى سۈك مىرزىغا تۇيدۇرماي جاڭ بالىخان بىلەن ئاپاق ـ چاپاق، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ يۈرىدۇ، سۈك مىرزىمۇ بۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ يەرگە يولىمىغىلى خېلى زامان بولۇپ قالغان. بۈگۈن ئاخشام چوقۇم ئاشۇ قىبرى يەجۈج يالغان ـ ياۋىداقتىن بىرنىمىلەرنى دەپ يېپىشىۋېلىپ ئەكەتكەن ئوخشايدۇ. خەجلەشكە پۇلۇم قالماي، گېلىم قىچىشىپ تۇراتتى، شاققىدە ئاشۇ يەرگە بېرىپ، خەج ـ خىراجىلارغا بىرنەچچە تىزىق يارماق تېپىپ كېلەي، ئىككى ئاپقۇر مەيگە ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى تاڭ نيۇر ۋە ئىككى سەكرەپ يەن كەمپىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، ئۆي ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، چىراغ يېنىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن دەرۋازىنى ئەتمەپتۇ. ئۇ تارتما①نىڭ يېنىغا باردى. بالىخاندا كەمپىرنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تاڭ نيۇر شىپ ـ شىپ مېڭىپ يۇقىرىغا چىقىپ، يەن تامنىڭ يوچۇقىدىن قارىغۇدەك بولسا، سۈڭ جياڭ بىلەن يەن كەمپىرنىڭ قىزى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ؛ ھېلىقى كەمپىر بولسا شىرەنىڭ يان تەرىپىدە كاپىلداپ ئولتۇرۇپتۇ.

تاڭ نيۇر غىپىدە ئۆيگە كىرىپ، يەن كەمپىر بىلەن سۈڭ جياڭغا ۋە يەن كەمپىرنىڭ قىزىغا سالام بېرىپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. سۈڭ جياڭ: «بۇ بىر نېمىنىڭ كەلگىنى ياخشى بولدى» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا تۇمشۇقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى. تاڭ نيۇر ناھايىتى چېچەن بولغاچقا، ئىشارەتنى چۈشەندى ـ دە، سۈڭ جياڭغا:

— ئۆزلىرىنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، بۇ يەردە يەپ ـ ئىچىپ تازا مەززە قىلىپ، بىغەم ئولتۇرۇپتىكەنلا ـ دە! —

---

① تارتما — شوتا، پەلەمپەي دېگەن مەنىلەردە.

دېدى.

— يامۇلدا بىرەر مۇھىم ئىش - كۈش چىقتىمۇ يا؟

— مىرزىبېگىم، نېمىشقا ئۈنتۈپ قالدىلا؟ ئامبال بېگىم ھېلىقى ئىش توغرىسىدا دىۋاندا كايىپ چۈشكۈنلىرىگە ئۆزلىرىنى ئىزدىتىپ تۆت - بەش قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، ھېچ يەردىن تاپالماي خاپا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تېزرەك بارسىلا بولارمىكىن.

— شۇنداق، مۇھىم ئىش بولسا بارماي نېمە ئىلاجىم، — دېدى سۈك جياڭ ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىخانىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋىدى، كەمپىر توسۇۋېلىپ:

— بۇنداق قىلىقنى قىلمىسىلا بېگىم، بۇ تاڭ نيۇرنىڭ تىكىپ توقۇغان گېپى، ھەي تاڭ نيۇر، مۇتتەھەم ئوغرى، خان ئاچاڭنى ئالدىماقچىمۇ سەن تېخى! بۇ «ئۇستىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋاپتۇ» دېگەننى قىلغىنىڭمۇ؟ بۇ ۋاق بولغاندا ئامبال ئاللىقاچان يامۇلدىن كېتىپ، ئۆيىدە خېنىم بىلەن مەي ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرماي، يامۇلدا كايىپ نېمە ئىش قىلغۇدەك؟ سەن بۇ مەككارلىقىڭ بىلەن شەيتاننى ئالدىغىن، خان ئاچاڭغا ئاقمايدۇ، — دېدى.

— راستىلا ئامبال بېگىم ساقلاپ قالدى، مەن يالغان ئېيتمايمەن.

— ۋاللاقشىما! خان ئاچاڭنىڭ كۆزى گۆھەردەك پارقىراق تۇرۇپتۇ، ھېلىلا مىرزىبېگىمنىڭ بىرنەرسە دېگىن دەپ، تۇمشۇقى بىلەن ساڭا ئىشارەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم، سەن مىرزىبېگىمنى مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىشكە دەۋەت قىلماقتا يوق، تېخى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋەتمەكچىمۇ؟ «دىلئازارى — تەڭرى بىزارى» دېگەن گەپ بار، — دېدى كەمپىر ۋە سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، تاڭ نيۇرنىڭ گېلىدىن سىققىنىچە دارقىرىتىپ بالىخانىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

— سەن نېمىشقا گېلىمنى سىقىسەن؟ — دېدى تاڭ نيۇر.

www.uyghurkitap.com

— خەقنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ، قاچىسىغا تۇپا سېلىش خەقنىڭ ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىچاقىسىنى چاقىسىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھۆتۈت ـ پۆتۈت قىلىدىكەنسەن، سەن قەلەندەرنى ئۇرىمەن تېخى! — دېدى كەمپىر ۋارقىراپ.

— قېنى ئۇرۇپ باقە! — دېدى تاڭ نيۇر ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

كەمپىر مەي كەيپىدە شاپىلىقىنى كېرىپ تاڭ نيۇرنىڭ كاچىتىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى كاچات ئۇرۇپ، ئۇنى مىلەڭزىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ دەرھال مىلەڭزىنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا قايرىپ قويۇپ، ئىشىكنىڭ قاناتلىرىنى ئېتىپ، كىلتاڭ① سېلىۋېتىپ، ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاشقا باشلىدى.

تاڭ نيۇر ئىككى كاچات يېگەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ:

— ھەي قېرى يەجۈج، ئالدىرىماي تۇرا! مەن بېگىمنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلمىسام بۇ يەردە سېنىڭ ۋەتۋەرىكىڭنى چىقىرىۋېتەتتىم! بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى جېنىڭنى ئالمىسام، تاڭ نيۇر بولماي كېتەي! — دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ قاتتىق تىللىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

كەمپىر يەنە بالىخانىغا چىقىپ سۇڭ جياڭغا قاراپ:

— بېگىم، ئۇ قەلەندەر بىلەن نېمە پەرۋالىرى؟ ئۇ ھارامزادە مەي تىلەپ ئىچىپ، يوقىلاڭ ئىش تېپىپ يۈرىدىغان بىر مۈتتەھەم. كوچا ـ كويلاردا تېنەپ يۈرىدىغان بۇ بېشىنى يېگۈرنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىپ كىشىنى بوزەك ئېتىۋاتقىنىنى كۆرسىلە! — دېدى.

سۇڭ جياڭ راستچىل ئادەم بولغاچقا، بۇ كەمپىرنىڭ

---

① كىلتاڭ — تۆمۈر ياكى ياغاچ ئىلغۇچ دېگەن مەنىدە.

سۆزلىرى ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگكەنلىكىدىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە پېتىنالمىدى.

— بېگىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، — دېدى كەمپىر، — ئۆزلىرىگە ئەقىدەم بار. قىزىم، بېگىم بىلەن مۇشۇ قەدەھنى ئىچىۋېتىڭلار، ئىككىڭلار ئۆزۈڭدىن بۇيان كۆرۈشمىدىڭلار. بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئېلىڭلار، مەن قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇراي. ئۇ سۇلۇڭ جياڭغا يەنە ئىككى قەدەھ ئىچۈرگەندىن كېيىن قەدەھ - تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، بالىخانىدىن چۈشۈپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

سۇلۇڭ جياڭ بالىخانىدا ئولتۇرۇپ: «بۇ كەمپىرنىڭ قىزىنىڭ جاڭ بالىخان بىلەن چاتىقى بار دەيدۇ، بۇ گەپ كۆڭلۈمگە گۇمان سالدى، لېكىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. كېتىپ قالسام مېنى ئەخمەق نېمىكەن دەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك كەچ بولۇپ كەتتى، يېتىپ قالسام قالاي، قېنى بۇ چوكاننىڭ ماڭا مەيلى بارمۇ، يوقمۇ، بۈگۈن ئاخشام سىناپ باقاي» دېگەن ئويلارنى خىيالىدىن كەچۈردى. كەمپىر يەنە بالىخانىغا چىقىپ:

— كەچ بولۇپ كەتتى، ئىككىڭلار بالدۇرراق يېتىپ قالساڭلارمىكىن، — دېدى.

— كارىڭ نېمە؟ يېتىۋەرمەمسەن، — دېدى چوكان.

كەمپىر كۈلگىنىچە بالىخانىدىن چۈشۈۋېتىپ:

— بېگىم، ئامان - ئېسەن يېتىپ، بۈگۈن كېچە كۆڭۈللىرىنى ئوبدان ئاچسىلا، ئەتە ئورنۇلىرىدىن ئالدىرىماي تۇرارلا، — دەپ قويۇپ پەسكە چۈشۈپ، ئوچاق بېشىدىكى قاچا - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ قالدى.

سۇلۇڭ جياڭ پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، چوكاننى بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك يېنىمغا كېلىپ نازلىنىپ، يېلىنىپ يالۋۇرارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بىر ھازا ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. كىم بىلسۇن، يەن كەمپىرنىڭ قىزى: «مېنىڭ ئەس - يادىم جاڭ بالىخاندا تۇرسا، بۇ ماڭا كاشىلا قىلىپ كېلىۋېلىپ، خوي

www.uyghurkitap.com

چىشمغا تېگىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ بىرنېمە تېخى مېنى بۇرۇنقىدەك ئالدىمغا كېلىپ بىرنېمە دەمدىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۆلتۈرۈپتۇ، خان ئاچاڭ ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. «كېمىنى ھەيدەپ بېرىپ قىرغاقتا چىققان ھەر يەردە بار، قىرغاقنى ھەيدەپ كېلىپ كېمىگە چىققان قەيەردە بار»، دېگەن گەپ بار. سەن ماڭا پەرۋا قىلمىساڭ، خان ئاچاڭغا تېخى ئارام بولىدۇ» دېگەن ئۆيدا ئۆلتۈراتتى.

خالايىق سىلەرگە ئايانكى، دىلبەر گۈزەللەر تولىمۇ خەۋپلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالسا، قولۇڭدا شەمشەر بولسىمۇ، بويۇڭدا ئوت كۆيۈپ تۇرسىمۇ، يولۇڭدا دەريا ئېقىپ تۇرغان بىلەنمۇ، ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا مەيلى بولمىسا، ئالتۇن - كۈمۈشكە پۈركەنگىنىڭ بىلەنمۇ، ئۇ ساڭا كۆز قىرىنى سالمايدۇ.

«نازىنىنلارنىڭ مەيلى بولسا، سەھرالىقمۇ نوچى كۆرۈنەر، سەتەڭلەرنىڭ كۆڭلى چۈشمىسە، نوچىلارمۇ سەھرالىق كۆرۈنەر» دېگەن گەپ بار. سۆڭ جياڭ باتۇر ئوغۇل بالا بولسىمۇ، خوتۇن - خەقلەرنىڭ ھىيلىسىنى بىلمەيتتى. جاڭ باليخان يەن كەمپىرنىڭ قىزىنى دېگىنىنى قىلىدىغان، قەدىرلەيدىغان، قۇچىقىمغا چىقىپ كۆڭلىنى ئالىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىۋالغان تۇرسا، ئۇ قانداقسىغا سۆڭ جياڭغا كۆڭلىنى بەرسۇن؟!

بۇ كېچە ئىككىسى چىراغ تۈۋىدە ئارىسالدىلىقتا چۈشۈپ، خۇددى ئامۇت سالغان خورجۇندەك، ئۇدۇلمۇئۇدۇل لام - جىم دېمەي ئۆلتۈرۈشتى. تۈن يېرىملىشىپ، پەنجىرىدىن ئاي يورۇقى چۈشتى.

## نەزم

سامانيولى پارقىرار، سۇ سائىتى تامچىلار،
قىيپاش بولۇپ روجەكتىن ئاي شولىسى چۈشەتتى،

تۇنىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئۆي ئارىلاپ كىرەتتى.
تاك ـ تاك ئۇنى سىپىلدىن،
كىلەر ھەردەم ئۇزۇلمەي، بارغانسىرى كۈچىيىپ؛
گادايلارنىڭ سوقىسى،
توختىماستىن سوقىلار، بارغانسىرى ئۇلغىيىپ.
گۇللۇك لەمپە ئاستىدا جىلدىر بەك جاراڭلايتتى،
غېرىب كارۋان ئەھلىنىڭ خىيالىنى بۇزاتتى؛
كۇمۇشپايە ئۇستىدە چىراغ پىل ـ پىل قىلاتتى،
سەتەڭ تۆشەك ئۇستىدە ئاھ ـ زارلىنىپ ياتاتتى.
شەھۋەتخۇمار سەتەڭنىڭ باغرى ئوتتا كۆيەتتى،
مەردۇمەردان يىگىتنىڭ جاسارىتى كۇلەتتى.

سۇڭ جياڭ پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چوكانغا قارىسا، ئۇ ئۇست ـ ئۇستىگە ئۇھ تارتىپ ئولتۇراتتى. ئالاھازەل ئىغىر ياتقۇ مەھەل يەتكەندە، چوكان كىيىمى بىلەنلا كاتقا چىقىپ، بىشىغا كەشتە تىكىلگەن ياستۇقنى قويۇپ، تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۇپ: «بۇ پەس ماڭا بىزەمۇ پەرۋا قىلماي يېتىۋالدى. مەن بۇگۇن كەمپىرنىڭ گەپ ئوينىتىشى بىلەن بىرنەچچە قەدەھ مەينى ئارتۇقراق ئىچىپ قويدۇم، بىشىم قېيىۋاتىدۇ، كەچمۇ بولۇپ كەتتى، يېتىپ ئۇخلاي» دەپ ئويلاپ، بىشىدىكى بوغمىچىنى ئېلىپ شىرەگە قويدى، ئۇستىدىكى كىيىمىنى سېلىپ ئاسقۇچقا ئىلىپ قويدى، بېلىدىكى بىر يان پىچاق ۋە خەت ـ ئالاقە تەللىسى ئىسىقلىق كەمىرىنى يېشىپ، كاتنىڭ شادىسىغا ئېسىپ قويدى، ئاندىن كېيىن يىپەك كەشى بىلەن پايپىقىنى سېلىپ كاتقا چىقىپ، چوكاننىڭ كەينىدە ياتتى.
بىر ھازادىن كېيىن چوكاننىڭ مەسخىرە كۇلكىسى ئاڭلاندى. سۇڭ جياڭ كۆڭلى غەشلىكتە قانداقمۇ ئۇخلىيالىسۇن. كونىلار: «كۆڭۇللەر ئىچىلغاندا تاڭ ئاتماس كېچە بولسا، غېرىبسىنىپ

ياتقاندا تۇن ئۇزارماي تاڭ ئاتسا» دەپتىكەن. تۇن نىسپى بولغاندا سۇڭ جىياڭنىڭ مەي كەيپى يېشىلدى، ئۇ سۇبھى تاڭغىچە ئاران چىداپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغۇق سۇ بىلەنلا يۈزىنى يۇيۇپ ئۈستىگە چاپىنىنى، بېشىغا بوغمىچىنى كىيدى ۋە: «ھەي پەس، ئەجەبمۇ بىئەدەپلىك قىلدىڭا !» دەپ تىللىدى.

يەن كەمپىرنىڭ قىزىمۇ ئۇخلىماي ياتاتتى، ئۇ سۇڭ جىياڭنىڭ تىللىغىنىنى ئاڭلاپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ:

— ھەي ئىمزا تارتمايدىغان ئۇياتسىز، — دەپ ئېغىز ياندۇردى.

سۇڭ جىياڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بالىخانىدىن پەسكە چۈشتى. كەمپىر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، كاتتا ياتقىنىچە:

— بېگىم، يېتىپ ئارام ئالسىلا، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن كەتسىلە، تاڭ يورۇماي تۇرۇۋېلىپ نېمە قىلىلا؟ — دېدى.

سۇڭ جىياڭ جاۋاب بەرمەي، بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋەردى.

كەمپىر يەنە:

— بېگىم، چىقىپ كەتسىلە ئىشىكنى يېپىۋەتسىلە، — دېدى.

سۇڭ جىياڭ ئىشىكتىن چىقىۋېلىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى ـ دە، دەردىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي، تۇپتوغرا چۈشكۈنگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ يامۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا پىلىلداپ تۇرغان بىر چىراغقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قارىغۇدەك بولسا شەربەت ساتىدىغان ۋاڭ بوۋاي يامۇل ئالدىدا ئەتىگەنلىك بازار قىلىشقا كەپتۇ.

بوۋاي سۇڭ جىياڭنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان:

— بېگىم، بۈگۈن قانداقىسىغا بۇنداق ئەتىگەن كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى.

— كەچتە مەي ئىچىپ كەيپ بولۇپ قالغاچقا، ۋاقىتنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى سۇڭ جىياڭ.

— بېگىم، ئۆزلىرىنى مەي چېقىلىۋالغان ئوخشايدۇ، بىر

سىركايە چۆچۈك شەربەت ئىچىۋەتسىلە، مەستلىكنى كېسىۋېتىدۇ.

— خوپ، — دېدى سۆك جياڭ ۋە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

بوۋاي قويۇق بىر سىركايە چۆچۈك شەربەت قۇيۇپ سۆك جياڭغا سۇندى. سۆك جياڭ ئۇنى ئىچىۋېتىپ، بىردىنلا كۆڭلىگە: «دائىم بۇنداق شەربەتنى ئىچىپ تۇرىمەن، مەندىن پۇلىنى ئالغىنى يوق. ئىلگىرى بۇنىڭغا بىر جەسەت ساندۇقى ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدىم، ئېلىپ بېرەلمىدىم. تۇنۇگۈن چاۋ گەي ئەۋەتكەن ئالتۇندىن بىر چوكىنى ئېلىپ، خەت ـ ئالاقە تەللىسىگە سېلىۋىدىم، شۇنى بوۋايغا جەسەت ساندۇقى ئېلىشقا بېرىپ، بىر خۇشال قىلاي» دېگەن خىيال كەلدى ـ دە:

— بوۋا، مەن سىزگە بىر جەسەت ساندۇقى ئېلىۋېلىشقا پۇل بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدىم، ئۇنى ئېلىپ بېرەلمەي كەلدىم. ئەمدى يېنىمدا ئازراق ئالتۇن بار، سىزگە بېرەي، سىز ئۇنى چېبىن سەنلاڭنىڭكىگە كۆتۈرۈپ بېرىپ، بىر جەسەت ساندۇقى ئېلىپ، ئۆيىڭىزدە ساقلاپ قويۇڭ. بېشىڭىز ياستۇققا يەتكەندە، سىزگە يەنە ئاخىرەتلىك پۇل ـ پۇچەك بېرەرمەن، — دېدى.

— شاپائەتچىم، ھەمىشەم مەن بىچارە قېرىغا غەمخورلۇق قىلىپ كەلدىلە، ھازىر يەنە ئاخىرەتلىك لازىمەتلىكىمنى ئىلتىپات قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا، پېقىرغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بۇ ئالەمدە ياندۇرالمىسام، ئاخىرەتتە بولسىمۇ ئاياغلىرىدا خىزمەتتە بولۇپ ياندۇرارمەن، — دېدى ۋاڭ بوۋاي.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى سۆك جياڭ ۋە يېشىنى قايرىپ خەت ـ ئالاقە تەللىسىنى ئالماقچى بولۇپ يېنىنى سىلىۋىدى، قولىغا چىقمىدى. ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ: «ئاپلا، چاتاق بوپتۇ! كېچە ئۇنى ھېلىقى پەسنىڭ ئۆيىدە كاتىنىڭ شادىسىغا ئىلىپ قويغانىدىم، ئاچچىقىمدا بېلىمگە باغلىۋالماي ئۇنتۇپ قېلىپ كېلىۋېرىپتىمەن. ئالتۇنىڭمۇ كارى چاغلىق ئىدى، چاۋ گەي ئەۋەتكەن ھېلىقى خەت شۇ ئالتۇنغا ئوراقلىق ئىدى. ئۇنى

مەيخانىدا لىۇ تاڭنىڭ ئالدىدىلا كۆيدۈرۈۋەتمەكچىدىم، لىۇ تاڭنى قايتىپ بېرىپ، سىلەرنى سېغىنماپتۇ، دەپ يۇرمىسۇن دەپ كۆيدۈرۈۋەتمەپتىمەن، چۈشكۈنۈمگە كېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكۈچە يەن كەمپىر ماڭا يېپىشىۋېلىپ، مېنى ئەكېتىپ قالدى. كېچە چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈۋېتەيمىكىن دەپمۇ ئويلاپ، يەنە ھېلىقى پەسىنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن دەپ كۆيدۈرمەپتىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن مېڭىشقا ئالدىراپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۇ چوكان ھەمىشە ناخشا كىتابلىرىنى ئوقۇپ يۈرەتتى، ئاز - تولا خەت ساۋاتى بار ئىكەن. مۇبادا ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ!» دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئاتا، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. يالغان ئېيتقىنىم يوق. ئالتۇن خەت - ئالاقە تەللىسىدە ئىدى، مېڭىشقا ئالدىراپ ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى.

— بولدى، ئەكەلمىسىلە، ئەتىلەتىن بەرسىلىمۇ كېچىكمەيدۇ.

— ئاتا، سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ يەنە بىرنەرسەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاپتۇ، ئۇنىمۇ ئەكەلمىسەم بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە ئالدىراپ - تېنەپ يەن كەمپىرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

## نەزم

قەھرىمانغا نېسىپ بولۇپ كەلدى نەسلىك كاساپەت،
تەقدىر بىلەن يوقالدى، دۇرداندىكى شۇ ئوقەت.
ئايان ئىدى سۆيگۈدىن رەقىبلىكنىڭ چىقىشى،
كىم ئويلىغان ياخشىلىقتىن تۇغۇلار دەپ چوڭ ئاپەت!

ئەمدى يەن كەمپىرنىڭ قىزىغا كەلسەك، ئۇ سۇڭ جياڭنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ، ئورنىدىن تۇردى، ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ بىرنېمە مېنى بىر كېچە ئاۋارە قىلىپ ئۇخلاتمىدى. ئۇ يۈزىنى قېلىن قىلىپ، مېنى يالۋۇرۇپ كۆڭلۈمنى ئالامدىكىن

دەپ كۆتۈپ باقتى. مېنىڭ ساڭا مەيلىم يوق، مەن جاڭ بالىخان بىلەن ياخشى ئۆتسەملا بولدى، سەن بىلەن نېمە پەرۋايىم! سەن كەلمىسەڭ تېخى ياخشى!» دېدى ۋە ئورۇن - كۆرپىلىرىنى سالدى، ئاندىن پەشمەت، پەشتاملىرىنى يېشىپ، ئىچ كۆڭلىكىنى سالدى. كات ئالدىدا چىراغ پىلىلداپ يېنىپ، كات بېشىدا شادىغا ئېسىقلىق سۆسۈن تاۋار چۈچىلىق كەمەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يەن كەمپىرنىڭ قىزى ئۇنى كۆرۈپ، كۈلگىنىچە: «ھەي ئىپلاس زەڭگىيەي، قارنى يېرىلغۇچە يەپ - ئىچىپ، كەمىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى خان ئاچاڭنىڭ قولىغا چۈشتى، جاڭ بالىخانغا بېرەي، باغلىسۇن» دېدى - دە، قولىنى بىر سۇنۇۋىدى، خەت - ئالاقە تەللىسى بىلەن پىچاق قولىغا چىقتى، تەللە ئېغىر ئۇرۇندى، ئۇنى دەرھال شىرە ئۈستىگە ئۆڭتۈرۈپ، ئالتۇن بىلەن خەتنى تۆكتى. چوكان قولىغا ئېلىپ چىراغقا تۇتۇپ قارىغۇدەك بولسا، ساپسېرىق يالتىراپ تۇرغان بىر چوكا ئالتۇن ئىكەن. چوكان خۇشال بولۇپ: «تەڭرى مەن بىلەن جاڭ بالىخانغا نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ يېسۇن دەپ، بۇ ئالتۇننى ئاتا قىپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزۈمگە جاڭ بالىخان ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئازراق نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتاي دەۋاتاتتىم» دەپ، ئالتۇننى ئېلىپ قويۇپ، ھېلىقى خەتنى ئېچىپ چىراغ يورۇقىدا ئوقۇدى، ئۇنىڭغا چاۋ گەي ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدىكى سۆزلەر پۈتۈلۈپتۇ. چوكان: «ئەجەپ ئوبدان بولدى! ‹سوغا قۇدۇققا چۈشىدۇ› دەپلا يۈرەتتىم، قارىسام ‹قۇدۇق سوغىغا چۈشىدىغان› چاغمۇ بولىدىكەن. جاڭ بالىخان بىلەن ئېلىشىپ - تېگىشىپ، ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتىدىغان بولدۇق دەپ يۈرسەم، سەن نىجىس ئارىمىزغا قىسىلىۋالغانىدىڭ، ئەمدى مېنىڭ قولۇمغا چۈشتۈڭغۇ! ئەسلىدە سېنىڭ لياڭشەن كۆلى بويىدىكى قاراقچىلار بىلەن كەلدى - باردىڭ بار ئىكەن، شۇڭا ساڭا يۈز سەر ئالتۇن سوۋغا قىپتۇ. خەپ ئالدىرىما، خان ئاچاڭ ئەدىپىڭنى

بەرمىگەننى كۆر» دەپ خەتنى ھېلىقى ئالتۇننىڭ تېشىغا بۇرۇنقىدەك ئوراپ، خەت ـ ئالاقە تەللىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى، ئۇ «قېنى ئەزرائىلغا ئەكەتكۈزگىنىڭنى كۆرەي» دەپ بالىخانىدا ئۆزىچە سۆزلەپ تۇرغىنىدا پەستىن ئىشىكنىڭ «غاچ» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى كەمپىر.

— مەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— تېخى ئەتىگەن دېسەم ئۆزلىرى ئىشەنمەستىن كەتكەنتىلە، قانداق، ئەتىگەنمىكەن؟ قايتىپ كەپلا يەنە. خېنىملىرى بىلەن يېتىپ تاڭ ئاتقۇزۇپ كەتسىلە، — دېدى كەمپىر.

سۇڭ جياڭ جاۋاب قايتۇرماي، تويتوغرا بالىخانىغا چىقىپ كەتتى.

چوكان سۇڭ جياڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھاپىلا ـ شاپىلا كەمەر، پىچاق، خەت ـ ئالاقە تەللىسىنى تۈرمەكلەپ يوتقىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، كاتىنىڭ ئىچكىرىسىدە يالغاندىن خور ـ خور خورەك تارتىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. سۇڭ جياڭ ئۆيگە كىرىپ، كاتىنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ قارىسا، ئۇ نەرسىلەر كۆرۈنمىدى. سۇڭ جياڭنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىرەك باستى، كېچىدىكى ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چوكاننى ئىرغىتىپ:

— مېنىڭ ئىلگىرىكى يۈز ـ خاتىرىمنى قىلىپ، خەت ـ ئالاقە تەللىسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى.

چوكان يالغاندىن ئۇخلاپ كەتكەن بولۇپ ئۈندىمىدى.

— سىز خاپا بولماڭ، مەن ئەتە ناماقۇل بولاي، — دېدى سۇڭ جياڭ يەنە ئىرغىتىپ.

— مەن ئۇخلاۋاتسام، كىمدۇر بۇ ئۇيقۇمغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقان؟ — دېدى چوكان.

— سىز مەن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يالغاندىن ئۈنداق قىلىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ھەي زەڭگى، نېمە دەيسەن! — دېدى چوكان بۇياقتا

ئۆرۈلۈپ.
— مېنىڭ خەت - ئالاقە تەللەمنى بېرىڭ.
— ئۇ نېمەڭنى قايسى ۋاقىتتا ماڭا تاپشۇرۇپ قويغانىدىڭ، بەرگىن دەيدىغان؟
— سىزنىڭ ئايغىڭىزدىكى شادىغا ئېلىپ قويغانىدىم. بۇ يەرگە باشقا ئادەم كەلمىسە، سىزدىن باشقا كىم ئېلىپ قويىدۇ؟!
— تۇفى ! شورۇڭ قۇرۇسۇن !
— ئاخشامقى خاتالىق مەندە، ئەتە سىزگە ناماقۇل بولاي، چاقچاق قىلماي ئۇنى ماڭا بېرىڭ.
— كىم ساڭا چاقچاق قىپتۇ؟ مەن ئالمىدىم !
— سىز باشتا كىيىم سالماي ياتقانىدىڭىزغۇ، ئەمدى يوتقان يېپىنىپ يېتىپسىز، جەزمەن سىز يوتقان سالغۇچە ئېلىپ قويدىڭىز.
چوكان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:
— خان ئاچاڭ ئېلىشنى ئالدىم، بەرمەيمەن ! سەن يامۇلدىن ئادەم ئەكېلىپ، مېنى ئوغرى دەپ تۇتۇپ بەرمەمسەن قېنى، — دېدى.
— سىزگە ئوغرى دەپ بوھتان چاپلىغىنىم يوققۇ.
— خان ئاچاڭ ئوغرى ئەمەس، بىلىپ قوي !
سوڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ دېلىغۇل بولۇپ:
— مەن ئانا - بالا ئىككىڭلارغا يامانلىق قىلغىنىم يوق، تەللەمنى بېرىۋېتىڭ ! مەن ئىشىمغا باراي، — دېدى.
— مېنى جاڭ بالىخان بىلەن چاتىقى بار، دەپ يامانلاپ يۈردۈڭ. ئۇنىڭ ساڭا يەتمەيدىغان يەرلىرى بولسىمۇ، ھەر ھالدا كاللىسىنى ئېلىشقا تېگىشلىك گۇناھكار ئەمەس، ئۇ ساڭا ئوخشاش ئوغرى - قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگىنى يوق.
— جېنىم خېنىم، ۋارقىرىماڭ، قوشنىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس.

— خەقنى ئاڭلىمىسۇن دېگەن ئادەم، قىلمىساڭ بولمامدۇ! خەتنى خان ئاچاڭ چىڭ ساقلاپ قويدى، مەندىن كەچۈرۈم تىلەيمەن دېسەڭ، مېنىڭ ئۈچ ئىشىمغا ماقۇل بول!

— ھېلىغۇ ئۈچ ئىش ئىكەن، ئوتتۇز بولسىمۇ دېگىنىڭىز بويىچە ئورۇنلاي.

— ئورۇنلىماسسەنمىكىنتاڭ؟!

— دەرھال ئورۇنلايمەن، قېنى قايسى ئۈچ ئىش؟

— بىرىنچىدىن، بۈگۈندىن باشلاپ ئىلگىرى مېنى ئەقىدە قىلىپ ئالغان ھۆججەتنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن مېنى جاڭ بالىخانغا تەگسە دەۋا ـ دەستۇرۇم يوق دەپ بىر تىلخەت يېزىپ بېرىسەن.

— بۇنى ئورۇنلايمەن.

— ئىككىنچىدىن، ئۇستىبېشىمدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىم، ئۆي سەرەمجانلىرىمنى سەن قىلىپ بەرگەن بولساڭمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ياندۇرۇۋالماسلىقتا بىر مۆھۈر خېتى يېزىپ بېرىسەن.

— بۇنىمۇ دېگىنىڭىزدەك بەجا كەلتۈرەي.

— ئېھتىمال، ئۈچىنچىسىگە كۆنمەسسەنمىكىن؟!

— ئىككىسىگە كۆنگەن تۇرسام، بۇنىڭغا نېمىشقا كۆنمەي؟

— ھېلىقى لياڭشەن كۆلىدىكى چاۋ گەي ساڭا ئەۋەتكەن يۈز سەر ئالتۇننى ماڭا بېرىسەن، ئەنە شۇ چاغدا مەن مۇشۇ چېكىگە يەتكەن چوڭ دەۋا ـ دەستۇردىن ئۆتىمەن، ئاندىن خەت ـ ئالاقە تەللىسىدىكى پۇل ـ پۇچەكنى، خەتنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— ھېلىقى ئىككىسىنى دېگىنىڭىزدەك بەجا كەلتۈرەي. بۇ يۈز سەر ئالتۇننى ماڭا ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى ئالماي، شۇ پېتى قايتۇرۇۋەتكەن. ئەگەر قولۇمدا بولغان بولسا، سىزگە ئىككى قوللاپ تۇتاتتىم.

— دېمىدىممۇ! «چىۋىن پوقتا يېيىشىدۇ، ئەمەلدار پۇلغا» دېگەن گەپ بار. ئۇ ساڭا ئالتۇن ھەدىيە قىلسا، سەنزە



www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇۋېتەمسىنا؟ بۇ گېپىڭ يالغان. «بەز يېمەيدىغان مۇشۇك بولامدۇ»، «ئەزرائىلنىڭ دەرگاھىدىن شەيتان قۇتۇلالامدۇ»، بەگ ـ بايلارنىڭ ھەننىۋاسى مۇشۇككە، ئەزرائىلغا ئوخشايدۇ، سەن بۇنى كىمدىن يوشۇرۇپ قالالايسەن ! يۈز سەر ئالتۇننى ماڭا بېرىۋەتسەڭ نېمە كېتەتتى ! سەن بۇنى ئوغرى مىلى دەپ قورقساڭ، ئۇنى دەرھال ئېرىتىپ ماڭا بەر.

— سىزگە مەلۇم، مەن راستچىل ئادەم، يالغان ئېيتالمايمەن. ئىشەنمىسىڭىز، ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىڭ، ئۆيۈمدىكى تەئەللۇقاتىمنى پۇللاپ، سىزگە يۈز سەر ئالتۇن قىلىپ بېرەي، خەت ـ ئالاقە تەللىسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭ.

— ھەي زەڭگى، ئەجەب ئۇستىكەنسىنا، مېنى كىچىك بالىنى گوللىغاندەك گوللىما. بوپتۇ، ئاۋۋال خەت ـ ئالاقە تەللەڭنى بېرىپ تۇراي، خېتىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالتۇن تاپشۇرغۇچە مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇپ تۇرىدۇ. «مۆردىنى ئۇزاتقاندا، مەرسىيەچىلەر ئىسقات ئالىدۇ» دېگەندەك، ئۇ قولدىن پۇلنى ئېلىپ، بۇ قولدىن مالنى تاپشۇرىمەن، سەن پات ئېلىپ كېلىپ، قولۇمغا تەگكۈز، — دەپ سوغۇققىنا كۈلدى چوكان.

— راستلا مەندە ئالتۇن يوق.

— ئەتە سوراقخانىغا كىرگەندىمۇ ئالتۇن يوق ئىدى دېيەلەمسەن؟ — دېدى چوكان.

سۆڭ جياڭ «سوراقخانا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، قويقا چېچى تىك تۇردى، ئۇ ئۆزىنى نەدە باسالىسۇن، شۇڭا چەكچەيگەن ھالدا:

— بېرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟ — دېدى.

— ئەلپازىڭ مۇشۇ بولىدىغان بولسا مېنىڭ بەرگىنىمنى كۆر!

— راستلا بەرمەمسەن؟

— بەرمەيمەن ! يەنە يۈز قېتىم ئەپۇ سورىساڭمۇ بەرمەيمەن ! بېرىشكە توغرا كەلسە، يۈنچېڭ يامۇلىدا بېرىمەن !

سۈك جياڭ چوكاننىڭ يېپىنغان يوتقىنىنى تارتتى، چوكاننىڭ يېنىدا بۇ نەرسىلەر بار ئىدى. چوكان يوتقىنىنى بىلەن كارى بولماي، ئۇ نەرسىنى ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىگە چىڭ بېسىۋالدى. سۈك جياڭ يوتقاننى قايرىۋەتكەندىن كېيىن كەمەرنىڭ ئۇچى خوتۇننىڭ كۆكرىكىدىن كۆرۈنۈپ قالدى، سۈك جياڭ:

— ھە، بۇ يەردىكەنغۇ ! — دېدى ـ دە، بولغۇلۇق بولدى، دەپ ئويلاپ، ئىككى قولى بىلەن تارتتى. چوكان نەدىكىنى قويۇپ بەرسۇن، سۈك جياڭ كات يېنىدا تۇرۇپ قەھرى بىلەن تارتتى، چوكان زادىلا قويۇپ بەرمەي، چىڭ چاپلىشىۋالدى. سۈك جياڭ تازا كۈچەپ بىر سىلكىپ تارتىۋىدى، يان پىچاق كات ئۈستىگە چاچراپ چۈشتى، سۈك جياڭ ئۇنى قولىغا دەرھال ئىلىۋالدى. چوكان سۈك جياڭنىڭ پىچاقنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— قارا زەڭگى ئادەم ئۆلتۈردى، — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ۋارقىراش بىلەن سۈك جياڭنىڭ كۆڭلىگە ئۇنى ئۆلتۈرۈش غەرىزى چۈشتى، ئۇ ھېلىقى پىغاننى چىقىرىدىغان جاي تاپالماي تۇراتتى. چوكان ئىككىنچى قېتىم ۋارقىرىغاندا، سۈك جياڭ سول قولى بىلەن چوكاننى بېسىپ، ئوڭ قولى بىلەن پىچاقنى ئۇنىڭ ھەلقۇمىغا سۇركىدى، قان شارىلداپ ئېتىلىپ چىقتى، ئۇ خوتۇن خىرىلداپ ياتاتتى. سۈك جياڭ ئۇنى ئۆلمەي قالمىسۇن دەپ، پىچاقنى يەنە بىر سۇركىدى، ئۇنىڭ كاللىسى گىلدىڭ ـ گىلدىڭ قىلىپ ياستۇق يېنىغا ئۈزۈلۈپ چۈشتى.

## غەزەل

تەگدى قول، بولدى ھالاك ياشلىق باھار تېنىمدىن،
تەگدى تىغ، قىلدى جۇدا گۈزەل سەتەڭنى جېنىمدىن.
ئاجرىلىپ ئەرۋاھى تەندىن قىلدى ساماغا سەپەر،

ناھەق ئۆلگەن مۇردىلار دەرگاھىغا ئۇچتى بەدەر.
يۇمۇلۇپ چولپان كۆزى،
سوزۇلۇپ كات ئۇستىدە ياتماقتا جەسەتنىڭ ئۆزى؛
ئېچىلىپ غۇنچە لېۋى،
قانسىراپ ياستۇق يېنىدا تاشلىنىپ ياتار بېشى.
ئاقىۋەت شېرىن ھەۋەسنىڭ گۈللىرى بولدى خازان،
ئەمدى ئاشىق بولغۇسى ئۇشبۇ گۈزەلگە قايسى جان.

سۇڭ جياڭ ئاچچىقىدا يەن كەمپىرنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈپ، خەت ـ ئالاقە تەللىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ھېلىقى خەتنى چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى؛ كەمىرىنى باغلاپ، بالىخانىدىن تۆۋەنگە چۈشتى. كەمپىر تۆۋەندە ئۇلارنىڭ تەگىشىپ قالغىنىنى ئۇقسىمۇ ئانچە ئېرەن قىلماي ياتقانىدى. قىزىنىڭ: «قارا زەڭگى ئادەم ئۆلتۈردى!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە ۋەقە بولغىنىنى بىلەلمەي، ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ، بالىخانىغا قاراپ يۈگۈردى ـ دە، سۇڭ جياڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ:
— ئىككىلىرى نېمىشقا تەگىشىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— قىزىڭىز ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىدىن ئۆلتۈرۈۋەتتىم! — دېدى سۇڭ جياڭ.
— ئۇ نېمە دېگەنلىرى؟ كۆزلىرىدىن خۇنخورلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، مەي ئىچكەندە بەتخۇيلۇق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغان پەيلىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى ئۇنداق قىلىدۇ دەپ ئىشەنمەيمەن، چاقچاقلىرىنى قويسىلا، — دېدى كەمپىر.
— ئىشەنمىسىڭىز ئۆيگە كىرىپ قاراپ بېقىڭ، راستىلا ئۆلتۈرۈۋەتتىم.
— ئىشەنمەيمەن، — دەپ كەمپىر ئىشىكنى ئاچتى،

www.uyghurkitap.com

قارىغۇدەك بولسا جەسەت قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ.

— ۋاي ئاتمەي! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى كەمپىر.

— مەن بولسام قەيسەر ئادەم ! ھېچ يەرگە قاچمايمەن، ئەمدى سىز نېمە قىلىمەن دېسىڭىز مەيلىڭىز.

— بۇ دەرۋەقە پەس بىر نېمە ئىدى، ئۆلتۈرگەنلىرى توغرا بوپتۇ، شۇنىسى مەن قېرىنى باقىدىغان ھېچكىمىم قالمىدى.

— ھېچقىسى يوق، گېپىڭىز شۇنداق بولسا، غەم قىلماڭ. مېنىڭ قول - ئىلكىمدە خېلى بىر نەرسەم بار. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى يەتكۈدەك ھازىرلاپ بېرەي، شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىڭىزنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىسىز.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى گەپ. سىلىگە كۆپ رەھمەت. قىزىمنىڭ جەسىتى كاتتا تۇرۇپتۇ، ئەمدى قانداق ئۆزىتىمىز؟

— بۇ ئاسان، مەن چىن سەنلاڭنىڭكىگە بېرىپ سىزگە بىر جەسەت ساندۇقى ئېلىپ بېرەي، ئۆلۈك تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ تەكشۈرۈپ - كېپەنلەيدىغان چاغدا، ئۇلارغا تاپىلاپ قويىمەن. سىزگە يەنە دەپنە ئۈچۈن خەجلەشكە ئون سەر كۈمۈش بېرەي.

— بېگىم، ئەڭ ياخشىسى، كۈن يورۇشتىن بۇرۇن جەسەت ساندۇقىغا مۇردىنى سېلىپ بولساق، قولۇم - قوشنا، ئەھلىمەھەللە ئۇقۇپ قالمىسا.

— خوپ، قەغەز - قەلەملەرنى ئەكېلىپ، جەسەت ساندۇقى ئېلىشقا خەت قىلىپ بېرەي.

— خەت كارغا يارىماسمىكىن، ئۆزلىرى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا چاققانراق بېرەتتى.

— مەيلى شۇنداق قىلاي.

ئىككىيلەن بىللە بالىخانىدىن پەسكە چۈشتى، كەمپىر ئۆيگە كىرىپ قۇلۇپنى ئاچىقتى - دە، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئىككىيلەن يامۇل تەرەپكە

ماڭدى! بۇ چاغدا ۋاقىت تېخى بەك ئەتىگەن بولۇپ، كۈن يورۇمىغان، يامۇلنىڭ قوۋۇقى ئەمدىلا ئېچىلغانىدى. يامۇلنىڭ سول يېنىغا كەلگەندە، كەمپىر سۇڭ جياڭنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تۇتۇپ كەلدىم، — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭ قورقۇپ، تېنەپ - تەمتىرەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇسۇپ:

— ۋارقىرىماڭ، — دېدى.

ئۇنى نەدە توسۇپ قالالىسۇن، يامۇلدىن بىرنەچچە دورغا - يايى چىقىپ كەلدى، ئۇلار قارىغۇدەك بولسا سۇڭ جياڭلار ئىكەن، ئۇلار سۇلھى - سالا قىلىپ:

— كەمپىر، ئاغزىڭىزنى يىغىڭ! مىرزىبېگىم ئۇنداق ئادەم ئەمەس، نېمە گەپ بولسا ئاستىراق دېگىنىڭىز ياخشى، — دېدى.

— بۇ قاتىلنىڭ نەق ئۆزى، ئۇنى تۇتۇپ يامۇلغا ئەكىرىپ بېرىڭلار، — دېدى كەمپىر.

سۇڭ جياڭ ئەسلىدە كىشىلەر بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتەتتى. يۇقىرىدىكىلەرمۇ، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ ياخشى كۆرەتتى، يامۇلدىكىلەرنىڭ ھەممىنىڭ ئۇنىڭغا يول قويياتتى، شۇڭا دورغا - يايىلارنىڭ ھېچقايسىسى كەمپىرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپلا ئۇنى تۇتۇشنى راۋا كۆرمىدى. ئۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

ياخشىلارغا دەرد كەلسە، ئەل ئاڭا قۇچاق ئاچقاي،
يامانلار بەخت كۆرسە، ئەل ئاڭا غەزەپ چاچقاي.
دېمەككى ئۆمرىدە ھەركىم ئۆزىنى سورىسا دائىم،
ھامىنى ئاقىۋەت بىر كۈن ئۆزىگە ياخشىلىق تاپقاي.

سۇك جياڭ كەمپىردىن قۇتۇلالماي تۇرغاندا، تاڭ نيۇر بىر تەلەڭگىدە تۇزلانغان پاكىز زەنجىۋىل كۆتۈرۈپ، يامۇلنىڭ ئالدىغا ساتقىلى كېلىپ، ھېلىقى كەمپىرنىڭ سۇك جياڭغا يېپىشىپ داد ـ پەرياد سېلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ زامانلا كۆڭلىگە كېچىدىكى قورساق كۆپۈكى چۈشتى ـ دە، تەلەڭگىنى شەربەتچى ۋاڭ بوۋاينىڭ ئورۇندۇقى ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، ئېتىلىپ كېلىپ:

— ھەي قېرى يەجۈمە، نېمىدەپ بېگىمگە ئېسىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— تاڭ نيۇر، بۇنىڭغا ئارىلاشما، ھېلى بىكار خۇن تۆلەپ قالىسەن، — دېدى كەمپىر.

تاڭ نيۇرنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى، نەدە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسۇن، ئۇ كەمپىرنىڭ قولىنى بىر سىلكىۋىدى، ئۇنىڭ قولى ئاجراپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن سەۋەب ـ سورىقىنى قىلىپ ئولتۇرمايلا، شاپىلىقىنى كېرىپ يۈزىگە تازا كەلتۈرۈپ بىر كاچات سالدى. كەمپىرنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن ئوت چاچراپ ئايلىنىپ كېتىپ، ئىلاجسىز قولىنى قويۇپ بەردى. سۇك جياڭ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كىشىلەر توپى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

كەمپىر دەرھال تاڭ نيۇرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— سۇك مىرزا قىزىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۇرسا، سەن ئۇنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، — دەپ چۇقان سالدى.

— مەن ئۇنى نەدىن بىلەي، — دەپ ئالاقزەدە بولدى تاڭ نيۇر.

— بەگلىرىم، قاتىلنى تۇتۇشۇپ بېرىڭلار! بولمىسا سىلەرمۇ چېتىلىپ قالىسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى كەمپىر.

يامۇل خادىملىرى سۇك جياڭنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلىپ، قول تەگكۈزەلمىگەنىدى. ئۇلار تاڭ نيۇرنى تۇتساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز دەپ ئويلاپ، بىرى كەمپىرنى باشلاپ ماڭدى، ئۈچ ـ

تۆتى تاڭ نېيۇرنى تۇتۇپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي سۆرىگىنىچە يۇنچېڭ يامۇلغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ دەل «بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ»، «پالاڭغا ئورىلىپ ئوت ئۆچۈرسەڭ، ئۆزۈڭگە تۇتىشار» دېگەندەك بولدى. تاڭ نېيۇرنىڭ يەن كەمپىرنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلغىنىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## يەن كەمپىرنىڭ يوڭچىڭ يامۇلىدا غوۋغا چىقارغانلىقى جۇ تۇڭنىڭ مەردلىك قىلىپ سۇڭ دانىشنى قويۇۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، يايلار شۇ ئەسنادا تاڭ نيۇرنى تۇتۇپ يامۇلغا ئەكىردى. ئامبال قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ، دەرھال دىۋانغا كىردى. يايلار تاڭ نيۇرنى ئالدىغا سېلىپ ئامبالنىڭ ئالدىغا ئەكىردى. ئامبال قارىغۇدەك بولسا، بىر كەمپىر چەپ تەرەپتە، بىر ئەر كىشى ئوڭ تەرەپتە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئامبال:

— بۇ قاتىللىق ۋەقەسى قانداق ۋەقە، — دەپ سورىدى.

— ئاجىزەلىرى يەن ئۇرۇقىدىن بولىمەن. يەن پوشى ئاتلىق بىر قىزىم بولۇپ، سۇڭ مىرزىغا تالالىق خوتۇنلۇققا ئەقىدە قىلىپ بەرگەنىدىم، ئاخشام قىزىم بىلەن سۇڭ جياڭ بىر يەردە بولۇپ، مەي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، مۇشۇ تاڭ نيۇر ئۇنى ئىزدەپ بىزنىڭكىگە كېلىپ، غوۋغا چىقارغاندىن كېيىن تىللاپ قوغلىۋەتكەنىدىم، بۇنى قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، بۈگۈن سەھەردە سۇڭ جياڭ بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ كېلىپلا قىزىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن ئاجىزەلىرى ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ يامۇلنىڭ ئالدىغا ئەكەلسەم، مۇشۇ تاڭ نيۇر قاچۇرۇۋەتتى، ھەزرەتلىرى ئاتىدارچىلىق قىلسىلا، — دېدى ئەرز بايان قىلىپ كەمپىر.

— سەن مۇتتەھەم قايسى ھەددىڭ بىلەن قاتىلنى قاچۇرۇۋەتتىڭ! — دېدى ئامبال.

— بۇ ئىشنىڭ باش - ئايىغىدىن خەۋىرىم يوق. ئاخشام بىرەر -

يېرىم پىيالە مەيگە داخىل بولارمەن دەپ، سۇڭ جىياڭنى ئىزدەپ بارغانىدىم، پېقىرنى بۇ كەمپىر قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بۈگۈن سەھەردە تۇزلانغان زەنجىۋىل ساتقىلى كوچىغا چىقىپ، بۇ كەمپىرنىڭ يامۇل ئالدىدا سۇڭ جىياڭغا ئېسىلىۋېلىپ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا سۇلھى - سالا قىلىپ، سۇڭ جىياڭنى كەتكۈزۈۋەتكەنىدىم. لېكىن، سۇڭ جىياڭنىڭ ئۇنىڭ قىزىنى نېمە ۋەجىدىن ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق، — دەپ داد - پەرياد قىلدى تاڭ نيۇر.

— جۆيلۇمە ! سۇڭ جياڭ ئالىيجاناب، سەممىيەتچىل بىر كىشى تۇرسا، قانداقسىغا قاتىللىق قىلسۇن؟ بۇ خۇن جەزمەن سېنىڭ ئۇستۇڭدە! ھەي، قېنى سىلەر؟ — دەپ دورغا - يايىلارنى چاقىردى ئامبال ۋارقىراپ.

شۇ ئەسنادا مىرزا جاڭ ۋېنيۈەن كىرىپ كەلدى. ئۇ يەن كەمپىرنىڭ ئاغزىدىن سۇڭ جياڭ قىزىمنى ئۆلتۈردى، دېگەن ئەرز - دادىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «دەل ئاشۇ مېنىڭ ئاشنام ئىكەنغۇ» دەپ ئويلىدى - دە، شۇ ھامان ھەربىرىنىڭ ئېغىز ئىقرارىنى ئېلىپ، يەن كەمپىرگە ئەرزنامە يېزىپ بېرىپ، ئۇنى ئەنگە ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرھال شۇ يەرلىك جەسەت تەكشۈرگۈچىلەرنى، ئەھلى - جامائەت ۋە يۇرت چوڭلىرىنى، مەھەللە ئاقساقىلى ۋە ئالاقىدار قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرتىپ يەن كەمپىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مۇردىنى تەكشۈردى. مۇردىنىڭ يېنىدا بىر قاتىللىق پىچىقى تۇراتتى. شۇ كۈنى يېنىش - يېنىشلاپ تەكشۈرۈپ كۆرۈش نەتىجىسىدە ئۇنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەنگە چىقىرىشتى. تەكشۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن جامائەت مۇردىنى جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ، ئىبادەتخانىغا قويۇپ قويدى. ئالاقىدار كىشىلەر ئامبال يامۇلىغا ئېلىپ كېتىلدى.

ئامبال سۇڭ جياڭ بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتۈشەتتى، شۇڭا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىدە تاڭ نيۇرنى يېنىش -

www.uyghurkitap.com

يېنىشلاپ سوراقىقا تارتتى. تاڭ نيۆر:

— كەمىنىلىرى بۆنىڭ باش ـ ئايىغىدىن خەۋىرىم يوق، — دېگەن ئىقرارىدا چىڭ تۆرۆۋالدى.

— سەن مۆتتەھەم نېمىشقا تۆنۆگۆن كېچە ئۆنىڭ ئۆيىگە بېرىپ غوۋغا چىقىرىسەن؟ بۆ يەردە جەزمەن بىر گەپ بار، — دېدى ئامبال.

— كەمىنىلىرى بىرەر پىيالە مەي ـ پەي تېگەرمىكىن دېگەن تەمە بىلەن كىرىپتىكەنمەن.

— جۆيلۆمە! ئۆرۆڭلار بۆ مۆتتەھەمنى!

ئوڭ ـ سول تەرەپتە بۆرە ـ قاۋاندەك تۆرغان يايىلار تاڭ نيۆرنى شاق ـ شۆق باغلاپ، يەرگە يىقىتىپ ئوتتۆز ـ قىرىق دەررە سالغان بولسىمۆ، ئۆنىڭ باشتىكى سۆزى بىلەن ئاخىرقى سۆزى ئوخشاش چىقتى. ئامبال ئۆنىڭ بۆ ۋەقەدىن خەۋىرى يوقلۆقىنى ئېنىق بىلىپ تۆرسىمۆ، لېكىن سۆڭ جياڭنى قۆتقۆزۆپ قېلىش كويىدا، ئۆنى سوراققا تارتىۋەردى، ئۆ بىر جازا تاتقۆسىنى ئالدۆرۆپ چىقىپ، ئۆنىڭ بويىنىغا سالدۆرۆپ گۆندىخانىغا تاشلىدى.

ھېلىقى جاڭ ۋېنيۈەن دىۋانغا كىرىپ:

— شۆنداق بولسىمۆ، سۆڭ جياڭنىڭ يان پېچىقى چىقىپ قالدى. سۆڭ جياڭنى تۆتقۆزۆپ كېلىپ، يۆزلەشتۆرسەك مەلۆم بولىدىغاندەك تۆرىدۆ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئۆنىڭ ئۆست ـ ئۆستىگە ئىلتىجا قىلىپ تۆرغانلىقىدىن ئامبال يوپۆتۆپ كېتەلمەي، نائىلاج سۆڭ جياڭنى تۆتۆپ كېلىش ئۆچۆن ئۆنىڭ چۆشكۆنىگە ئادەم ئەۋەتتى. سۆڭ جياڭ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەندى، يايىلار بىرنەچچە قوشنىلىرىنى تۆتۆپ كېلىپ:

— قاتىل سۆڭ جياڭ قېچىپ كېتىپتۆ، نەگە كەتكەنلىكى مەلۆم ئەمەس، — دېگەن جاۋابنى كۆتۆرۆپ كەلدى.

— گۆناھكار سۆڭ جياڭ قېچىپ كېتىپتۆ، ئۆنىڭ ئاتىسى

سۈك غوجام ھەم ئىنىسى سۈك چىك سۈك جەمەتلەر جاڭزىسىدا ئولتۇرىدۇ، شۇلارنى يامۇلغا ئەكىلىپ سۈك جىياڭنى تۇتۇپ بېرىش مۆھلىتى بەرسەك، تېپىپ كەلسە يامۇلدا سوراققا تارتساق، — دەپ ئىلتىجا قىلدى يەنە جاڭ ۋېنيۈەن.

ئامبال ئەسلىدە بۇ ھەقتە يارلىق چۈشۈرۈشنى خالىمايتتى، سىلاپ - سىيپاپ تاڭ نيۇرغا ئارتىپ، سۈك جياڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچىدى، جاڭ ۋېنيۈەن ئالاھىدە ئەنگە ئېلىپ، يەن كەمپىرنى دىۋانغا كېلىپ ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتۈۋەرگەنلىكىدىن ئامبال توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، سۈك جەمەتلەر جاڭزىسىغا بېرىپ، سۈك غوجا بىلەن ئىنىسى سۈك چىڭنى ئەكىلىش ئۈچۈن، ئۈچ - تۆت يايىنى ئالاقىنامە بىلەن ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى.

يايىلار ئالاقىنامىنى ئېلىپ، سۈك جەمەتلەر جاڭزىسىدىكى سۈك غوجا جاڭزىسىغا كەلدى. غوجا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. يايىلار يېنىدىن ئالاقىنامىنى چىقىرىپ غوجىغا كۆرسەتتى. سۈك غوجا:

— قېنى مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇشسىلا، ئەرز - دادىمغا يەتكەيلىكى، كەمىنىلىرى ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، مۇشۇ يەر - زېمىننى تېرىپ يەپ جان بېقىپ كېلىۋاتىمەن. ۋاپاسىز ئوغلۇم سۈك جياڭ كىچىكىدىن تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلماي، ئەمەلدار بولۇشنى خاھىش ئەتتى، شۇنچە گەپ - سۆز قىلساقمۇ گەپكە كىرمىدى، شۇڭا بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئامبال يامۇلغا بېرىپ، ئۇنىڭ تۇزكورلۇق قىلغانلىقى ئۈستىدە ئەرز قىلىپ، باللىقتىن چىقىرىۋەتكەنمەن، ھازىر ئۇ مېنىڭ پۇشتۇم قاتارىدا ئەمەس. ئۇ يامۇلدا ئولتۇرىدۇ، كەمىنىلىرى ئوغلۇم سۈك چىك بىلەن مۇشۇ سەھرايى چۆلدە ئازراق تېرىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمىز. ئۇ كەمىنىلىرىگە بىر تال دانچىلىك بىرنەرسە بەرمەيدۇ ھەم ھېچ كارىمۇ يوق. ئۇ بىرەر ۋەقە تېرىپ

قويسا، بىزمۇ ئۇنىڭ كاساپىتىگە كەتمەيلى دەپ سابىق ئامبال بېگىم ئالدىدا ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتكەنمەن، قولۇمدا مۆھۈر خېتىم بار، ئۇنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، كۆرۈپ بېقىڭسىلا، — دېدى.

دورغا ـ يايلارنىڭ ھەممىۋاسى سۈك جياڭ بىلەن ئەپ بولغاچقا، بۇنىڭ ئالدىن ھازىرلاپ قويۇلغان تەدبىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىشقا رايى تارتمايتتى. شۇڭا يايلار:

— غوجام، ئۆزلىرىنىڭ مۆھۈر خەتلىرى بولسا، بىز كۆرۈپ ئۇنى كۆچۈرۈپ يامۇلغا ئاپىرىپ ئۇچۇر قىلايلى، — دەپ جاۋاب قىلدى.

غوجا دەرھال توخۇ ـ ئۆردەك ئۆلتۈرۈپ، مەي ـ شاراب كەلتۈرۈپ، دورغا ـ يايلارنى مېھمان قىلدى ۋە ئۇن نەچچە سەر كۈمۈش بەردى، ئاندىن مۆھۈر خەتنى ئاچقىپ بەردى، يايلار ئۇنى كۆچۈرۈۋالدى. يايلار سۈك غوجا بىلەن خوشلىشىپ، يامۇلغا قايتىپ بېرىپ، ئامبالغا:

— سۈك غوجا ئۈچ يىل بۇرۇن سۈك جياڭنى بالىلىقتىن چىقىرىۋەتكەنىكەن، قولىدا مۆھۈر خېتى بار ئىكەن. ئۇنى تۇتۇش بىئەپ تۇيۇلۇپ، شۇ خەتنى كۆچۈرۈپ كەلدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئامبال يەنىلا سۈك جياڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىدە ئىدى، شۇڭا:

— قولىدا مۆھۈر خېتى بولۇپ، باشقا ئۇرۇق ـ جەمەتىمۇ بولمىسا، جاي ـ جايلارغا بىر مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام ئاتاپ، ئېلان چىقىرىپ تۇتايلى، — دېدى.

ھېلىقى جاڭ بالىخاننىڭ قوترىتىشى بىلەن يەن كەمپىر يەنە دىۋانغا كېلىپ، چاچلىرىنى يۇڭداپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— سۈك جياڭنى سۈك چىڭ يامۇلغا چىقىرىپ بەرمەي ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويىدى. بېگىم ھەزرەتلىرى، نېمىشقا ئاجىزەلىرىنىڭ

بېشىنى سىلاپ، سۆڭ جىياڭنى تۇتقۇزۇپ كەلمەيلا؟ — دەپ ئەرز - داد ئېيتتى.

— ئۇنىڭ ئاتىسى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۇنى تۇزكور دەپ يامۇلغا ئەرز قىلىپ، بالىلىقتىن چىقىرىۋەتكەنىكەن، قولىدا مۆھۈر خېتى بار ئىكەن، ئۇنداق تۇرسا، قانداقسىغا ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتىسى بىلەن ئۇكىسىنى تۇتۇپ كەلگۈلۈك؟ — دېدى ۋارقىراپ ئامبال.

— ئامبال بېگىم، ئۇنى «ۋاپادار قارا باتۇر» دېسە كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇنىڭ مۆھۈر خېتى يالغان خەت، ھەزرەتلىرى ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلسىلا! — دېدى كەمپىر.

— جۆيلۈمە! سابىق ئامبالنىڭ مۆھۈرلۈك خېتى قانداقسىغا يالغان بولسۇن؟ — دېدى ئامبال.

— قاتىللىق قىلىشتىنمۇ چوڭ ۋەقە بولامدۇ؟ — دېدى كەمپىر دىۋاندا داد - پەرياد چېكىپ زارلاپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ، — مەن ئاجىزەلەرگە باشپاناھ بولۇشقا ئۈنىمىسىلا، ئايماققا ئەرز ئېيتىپ بېرىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق، ئىست قىزىم!

— بېگىم! ئۆزلىرى ئۇنىڭغا قاتىلنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ بەرمىسىلە، كەمپىر يۇقىرىغا ئەرز قىلسا ئىش ئەپلەشمەي قالىدۇ، — دېدى جاڭ بالىخان يەنە دىۋانغا كىرىپ كەمپىرگە يان بېسىپ، — يۇقىرىدىن ئۇنىڭ سوراق - سوئالىنى قىلىپ قالسا، كەمىنىلىرىنىڭ جاۋاب بەرمىكىم تەس بولىدۇ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئامبال ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ يوللۇقلۇقىنى بىلىپ، نائىلاج بىر ئالاقە يېزىپ، جۇ تۇڭ بىلەن لېي خېڭ يۈزبېشىنى بۇ ئىشقا تەيىنلىدى ۋە ئۇلارغا:

— سىلەر كۆپرەك ئادەم ئېلىپ، سۆڭ جەمەتلەر مەھەللىسىدىكى سۆڭ غوجا جاڭزىسىغا بېرىپ، گۇناھكار سۆڭ جىياڭنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

بەرمىسەڭ ھەر ئىشقا دىل، ئىش يولىغا بولغاي راۋان،
يولدىن ئۆتكەن كىم ئىچىنغاي، گۇل سۇنۇپ بولسا خازان.
ئەتىۋارلىق گۇل كەبى يەن پوشىسى ئۆلگەچ بوگۇن،
ياخشى دوستى ئۆزگىرىپ بولدى بوگۇن يىرتقۇچ چايان.

جۇ تۇڭ بىلەن لىپى خىبىڭ يۇزبېشى ئالاقىنامىنى ئېلىپ، قىرىق نەچچە چېرىك تالىلاپ، سۇڭ جەمەتلەر جاڭزىسىغا كەلدى. سۇڭ غوجا بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن ئالمان ـ تالمان ئالدىغا چىقتى. جۇ تۇڭ بىلەن لىپى خىبىڭ:

— غوجام، بىزدىن كۆرمىسىلە، ئۆزىمىزچە ئەمەس، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدۇق. ئوغۇللىرى مىرزىبەگ ھازىر قەيەردىكىن؟ — دېدى.

— يۇزبېشى بەگلىرىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى، تۈزكۈر ئوغلۇم سۇڭ جياڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق. سابىق ئامبال ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتكەن، بۇ يەردە مۆھۈر خېتىم بار، سۇڭ جياڭ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق بولدى، مەن بىلەن بىللە ئەمەس، ئۆي ئايرىپ چىقىپ باشقا تۇرۇۋاتىدۇ، جاڭزىغىمۇ كېلىپ باقمىدى، — دېدى غوجا.

— بىز بولساق باغاقا بېقىپ مېھماندارچىلىق قىلىدىغان، بۇيرۇققا بىنائەن ئادەم تۇتىدىغانلارمىز، سىلىنىڭ جاڭزىدا يوق دېگەنلىرىگە ئىشىنەلمەيمىز، تۇرۇپ تۇرسىلا، بىز تەكشۇرۇپ باقايلى، قايتقاندىن كېيىن جاۋابىنى بېرىدىغان ئىش، — دېدى جۇ تۇڭ ۋە ئوتتۇز ـ قىرىق چېرىكنى بۇيرۇپ، ھويلىنى قورشىتىپ، — مەن ئالدى دەرۋازىنى توساي، لىپى خىبىڭ يۇزبېشى ئۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ ئاختۇرسىلا، — دېدى.

لىپى خىبىڭ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئالدى ـ ئارقىنى بىر قېتىم ئاختۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، جۇ تۇڭغا:

— دەرۋەقە يوق ئىكەن، — دېدى.

— مېنىڭ كۆڭلۈم تىنماي تۇرۇپتۇ، يۈزبېشىم سىلى يارەنلەر بىلەن دەرۋازىنى توسۇپ تۇرسىلا، مەن ئۆزۈم بىر مەرتەم تەپسىلىي ئاختۇرۇپ چىقاي، — دېدى جۇ تۇڭ.

— قانۇندىن خەۋىرىم بار، ھويلىغا يوشۇرۇپ قويۇشقا نېمە ھەددىم؟ — دېدى سۇڭ غوجا.

— بۇ بولسا بىر خۇن ۋەقەسى، بىزدىن رەنجىمىسىلە، — دېدى جۇ تۇڭ.

— يۈزبېشى، مەرھەمەت، خالىغانلىرىچە كىرىپ ئاختۇرسىلا.

— لېي خېڭ يۈزبېشى، سىلى بۇ يەردە غوجىنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرسىلا، قىمىرلىمىسۇن، — دېدى جۇ تۇڭ.

جۇ تۇڭ ئۆزى ھويلىغا كىرىپ، قىلىچىنى تام تۈۋىگە يۆلەپ قويۇپ، دەرۋازىنى چىڭ ئېتىپ، ئاندىن بۇرھانلار سارىيىغا كىرىپ، تاۋاپ شىرەسىنى بىر چەتكە تارتىۋېتىپ، بىر تاختاينى كۆتۈرۈپ ئاچتى. تاختاي تېگىدىن بىر تال ئارغامچىنىڭ ئۇچى چىقتى، ئارغامچا ئۇچىنى بىر تارتىۋىدى، تۇچ قوڭغۇراق جاراڭلاپ، سۇڭ جياڭ لەخمە ئىچىدىن چىقتى - دە، جۇ تۇڭنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

— دانىش ئاغا، سىلىنى تۇتقىلى كەلگەنلىكىمىزنى پېقىر ئەيىبلىمەيدىغانلىقىڭىزنى ... ئەيىبلىرىدىن كۆرمىسىلە. ئادەتتە ئۆزلىرى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتەتتۇق، قانداقلا ئىش بولسا، بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرمايتتۇق. بىر كۈنى مەي ئۈستىدە ئۆزلىرى: «ئۆيىمىزدىكى تاۋاپ شىرەسى ئاستىدا بىر لەخمە بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ زامان بۇرھان ئورنىتىلغان، بۇرھانلار سارىيىدىكى بۇ لەخمىنىڭ ئاغزى بىر تاختاي بىلەن يېپىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاۋاپ شىرەسى جايلاشتۇرۇلغان، بېشىڭىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ قالسا، ئاشۇ يەرگە كىرىپ پاناھلىنىسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدىلە، بۇ گەپلىرىنى شۇ چاغدا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. بۈگۈن ئامبال مېنى لېي خېڭ بىلەن بۇ ئىشقا بۇيرۇۋىدى، ئىلاجىسىز كەلدىم، باشقىلار ئالدىدا چاندۇرۇپ قويمايلى. ئامبال بېگىم

ئۆزلىرىگە غەمخورلۇق قىلىش نىيىتىدە تۇرۇپتۇ، بىراق جاڭ بالىخان بىلەن يەن كەمپىر دېۋاندا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، ئامبال بېگىم ئىگە بولمىسا، ئايماق يامۇلىغا ئەرز قىلىپ بارىمىز دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئامبال بىز ئىككىمىزنى ھويلىلىرىغا سىلىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. لىي خېنىڭ كاج، گىرى ئادەم، ئۆزلىرىنى ئۆچرىتىپ قالسا، پاناھلىق بەرمەي قالمىسۇن دەپ، ئۇنى ئالدى دەرۋازىدا تۇرۇپتۇر، دەپ گوللاپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىلەن سۆزلىشەي دەپ ئۆزۈم كىردىم. بۇ يەر ياخشى ماكان بولسىمۇ، خاتىرجەم پاناھداپ كەتكۈدەك ماكان ئەمەس ئىكەن، ئەگەر باشقىلار بىلىپ قېلىپ، بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ كېلىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى جۇ تۇڭ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. ۋاپادار قېرىندىشىم ئۆزلىرى شۇ قەدەر غەمخورلۇق قىلمىغان بولسىلا، مەن توقۇناق بالا، ئىلمەك قازاغا قالاتتىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاغا، ئەمدى قەيەرگە پاناھداپ بارسىلا ياخشى بولار؟

— مەن ئۈچ پاناھ جاينى ئويلاپ قويدۇم: بىرى ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ خېڭخەي تەۋەسىدىكى كالتە قۇيۇن چەي جىنىنىڭ جاڭزىسى. ئىككىنچىسى، چىڭجۇ ئايمىقىدىكى شامالتۇرالىق كىچىك لى گۇاڭ خۋا رۇڭنىڭ جاڭزىسى. ئۈچىنچىسى، شىرمەدلەر تېغىدىكى كۇڭ غوجىنىڭ جاڭزىسى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار: چوڭىنى تۇك باش كۇڭ مىڭ، ئىككىنچىسىنى تەنھا ئۇچقۇن كۇڭ لياڭ دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇلار يامۇلغا كەلگەندە ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. ئاشۇ ئۈچ جاينىڭ قايسىسىغا بارسام ياخشى بولاركىن دەپ ھېچ كۆڭۈل توختىتالماي تۇرىمەن.

— ئاغا، تېزرەك ئويلىشىپ، دەرھال ماڭسىلا، بۈگۈن ئاخشاملا يۈرۈپ كەتسىلە.

— مېنىڭ دەۋا ـ دەستۇر ئىشىمغا تامامەن ئۆزلىرىنىڭ پاناھ بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭغا قانچىلىك ئالتۇن ـ



www.uyghurkitap.com

كۆمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلار كېرەك بولسا، كېلىپ شۇنچىلىك ئېلىپ كېتىۋەرسىلە.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، مانا مەن بار، ئۆزلىرى يولنىڭ غېمىدە بولسىلا.

سۆڭ جياڭ جۇ تۇڭغا رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر بىلدۈرۈپ يەنە گەمىگە كىرىپ كەتتى.

جۇ تۇڭ لەخمىنىڭ ئاغزىدىكى تاختاينى بۇرۇنقىدەك يېپىپ، ئۇستىگە يەنە تاۋاپ شىرەسىنى قويۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ قىلىچىنى ئالدى ـ دە:

— راستلا يوق ئىكەن، — دەپ ئىچكىرىدىن ۋارقىراپ چىقتى ئۇ، — ھەي لېي خېنىڭ يۈزبېشى، ئىلاج بولمىغاندىكىن، سۆڭ غوجىنى تۇتۇپ ئاپارساق قانداق؟

لېي خېڭ «سۆڭ غوجىنى تۇتۇپ ئاپارساق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ: «جۇ تۇڭ سۆڭ جياڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن، نېمىشقا ئۇنىڭ ئورنىغا سۆڭ غوجىنى تۇتۇپ كېتەيلى دەيدۇ؟... بۇ چوقۇم تەنە گەپ. ئۇ يەنە شۇنداق دەپ قالسا، ئۆزۈم ياخشىلىق قىلغان ئادەم بولۇۋالاي» دەپ ئويلىدى.

جۇ تۇڭ بىلەن لېي خېڭ چېرىكلىرىنى يىغىپ، مېھمانخانىغا كىردى. سۆڭ غوجا قول ـ قولىغا تەگمەي، مەي ـ شاراب كەلتۈرۈپ، بۇلارنى مېھمان قىلماق بولدى. جۇ تۇڭ:

— غىزا ـ تائام تەييارلىمىسىلا، ئۆزلىرى ئوغۇللىرى سۆڭ چىڭ بىلەن يامۇلغا بېرىپ كەلسىلە، — دېدى.

— سۆڭ چىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى لېي خېڭ.

— ئۇنى قوشنا سەھراغا دېھقانچىلىق سايمانلىرى سوقتۇرغىلى ئەۋەتتىم، ئۆيدە يوق. سۆڭ جياڭ دېگەن ۋاپاسىز مۇتتەھەمنى بۇنىڭدىن ئۇچ يىل بۇرۇن ئەرز قىلىپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنىدىم، ھازىر قولۇمدا بۇ خۇسۇستا مۆھۈر خەت بار.

— بۇ گەپلىرى ئاقمايدۇ! بىز ئىككىمىز ئامبالنىڭ ئەمرىنى ئېلىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىلىرىنى تۇتقىلى كەلدۇق، يامۇلغا بېرىپ

جاۋاب بەرسلە.

— يۈزبېشى، ماڭا قارىسىلا، سۇلۇ مىرزىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدە سەۋەب بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگۈدەك گۇناھقۇ كەلمەس. غوجىنىڭ قولىدىكى مۆھۈر خېتى پادىشاھلىقتىن بېرىلگەن مۆھۈر خەت ئىكەن، يالغان خەت بولمىغاندىكىن، بىز سۇلۇ مىرزا بىلەن بولغان بۇرۇنقى دوستانىلىقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىپ، ھازىرچە دەردنى تەڭ تارتىشىپ، مۆھۈر خەتنى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ جاۋاب قىلايلى، — دېدى لىي خېڭ.

جۇ تۇڭ: «مېنىڭ تەنە سۆزۈمگە ئىشەندى» دەپ ئويلىدى - دە:

— ئىنىم، سىلى شۇنداق دېگەندىكىن، مەن نىمىدەپ يامان ئاتلىق بولاتتىم، — دېدى.

— يۈزبېشىم، ئىككىلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت، — دېدى - دە، سۇلۇ غوجا دەرھال مەي - تائاملار ھازىرلىدى، ئاندىن ئوتتۇز سەر كۈمۈش ئاچىقىپ، ئىككى يۈزبېشىغا تەقدىم قىلدى. بىراق، جۇ تۇڭ بىلەن لىي خېڭ ئالغىلى ئۇنىماي، ئۇنى قىرىق چېرىككە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە ھېلىقى مۆھۈر خېتىنى كۆچۈرۈۋېلىپ، سۇلۇ غوجا بىلەن خوشلىشىپ، سۇلۇ جەمەتلەر مەھەللىسىدىن چېرىكلەرنى باشلاپ يامۇلغا قايتتى.

ئامبال دەل دىۋاندا ئىشتا ئولتۇراتتى؛ جۇ تۇڭ بىلەن لىي خېڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدى. بۇ ئىككىسى:

— ھويلىنىڭ ئالدى - ئارقىسىنى، تۆت ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى ئىككى قېتىم ئاختۇردۇق، بۇ ئادەم چىقمىدى. سۇلۇ غوجا ئاغرىپ ئورنىدا يېتىپ قاپتۇ، قىمىرلىيالمايدىكەن، بۈگۈن - ئەتىلىكىلا قاپتۇ؛ سۇلۇ چىڭ ئۆتكەن ئاي باشقا ياققا كېتىپ قالغانىكەن، تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ؛ مۆھۈر خەتنى كۆچۈرۈپ ئەكەلدۇق، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دېدى ئامبال ۋە بىر تەرەپتىن

ئايماق يامۇلىغا مەلۇماتنامە، يەنە بىر تەرەپتىن سۈك جياڭنى تۇتۇش ئېلانى يازدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

يامۇلدا سۈك جياڭ بىلەن ياخشى ئۆتكەن ئادەملەر جاڭ بالىخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، سۈك جياڭغا رايە ـ خاتىر قىلىشنى ئۆتۈندى. جاڭ بالىخانمۇ ئۇلارغا يۈز كېلەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى چوكان ئۆلگەنلىكى، ئادەتتە ئۆزىمۇ سۈك جياڭنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، نائىلاج بۇ ئىشقا سالاۋات قىلدى. جۇ تۇڭ ئۆز يېنىدىن ئازراق پۇل ـ پۇچەك چىقىرىپ يەن كەمپىرگە بېرىپ، ئايماققا ئەرز قىلىپ بارماسلىققا دەۋەت قىلدى. بۇ كەمپىرمۇ قولىغا ئاز ـ تولا پۇل ـ مال تەگكەندىن كېيىن ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. جۇ تۇڭ يەنە بىرمۇنچە پۇل بىلەن ئايماققا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار بۇ پۇلغا ئايماقتىكىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى يامۇللارغا بۇيرۇق چۈشۈرمەسكە كۆندۈردى، بۇنىڭ ئۈستىگە ئامبالنىڭ دەۋىتى بىلەن مىڭ تىزىق ئىنئام پۇل ئاجرىتىپ، جاي ـ جايلارغا سۈك جياڭنى تۇتۇپ بېرىش ئېلانى چىقىرىلدى، تاڭ نيۇرغا «قاتىلنى قاچۇرۇۋەتكەن» دېگەن ئەيىب قويۇلۇپ، يىگىرمە پالاق ئۇرۇلۇپ، يۈزىگە خەت چېكىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەش يۈز يول نېرىغا پالاندى. دەۋاغا چېتىلىدىغان كىشىلەر كېپىل ئېلىنىپ قويۇپ بېرىلدى. بۇلار كېيىنكى ئەھۋال. ئۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

بولدى تەڭ ھالى پەرىشان گۈل سەتەڭنىڭ دەردىدە،
قولىغا چۈشمەك خەۋپىدە قالدى مۆكۈنگەن لەخمىدە.
قايتا ـ قايتا تاپشۇرۇپ جۇ تۇڭ پاناھداش يولىنى،
كەتتى ئاقلاپ مەردلىكىن كۆركە ساقال شۇ پەيتىدە.

سۈك جياڭ ئائىلىسى ئەسلىدە دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن ئائىلە تۇرسا، ئۇ يەردە قانداقسىغا بۇنداق لەخمە پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئەسلىدە سۈك خاندانلىقى زامانىدا ئەمەلدار بولماق ئاسان، خىزمەتكار بولماق تەس ئىدى. ئەمەلدار بولماق

قانداقسىغا ئاسان ئىدى؟ ئۇ زاماندا ئوردىدا ھوقۇق خىيانەتكار ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئۇلار كۆز بوياماچىلىق، ھاكىممۇتلەقلىق قىلاتتى، ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن باشقىلارنى ئىشقا قويمايتتى، پۇل - پارا ئېلىشتىن يانمايتتى. خىزمەتكار بولماق نېمىشقا تەس ئىدى؟ ئۇ زاماندا مىرزا بولغانلار گۇناھ ئۆتكۈزسە، يېنىكرەك بولسا، يۈزىگە خەت چېكىلىپ، يىراق يەرلەردىكى پالاندىلار كۆرەسگە پالىناتتى، ئېغىرراق بولسا، ئۆي - تەئەللۇقاتلىرى سورۇپ تاشلىنىپ، ئۆزى ئۆلتۈرۈلەتتى، شۇڭا ئالدىنئالا مۇشۇنداق پاناھ جاي تەييارلاپ قويۇشاتتى. ئاتا - ئانىمىز كاساپىتىمىزگە كەتمىسۇن دەپ، ئاتا - ئانىسىنى «بالىمىز يۈز ئۆرۈدى» دەپ ئەرز قىلدۇرۇپ، ئۆز جەمەتىدىن چىقارتقۇزۇپ، ھەرقايسىسى بۆلەك - بۆلەك ئۆي تۇتۇشاتتى. ئامبالدىن قولىغا مۆھۆر خېتى ئېلىۋېلىپ، كەلدى - باردى قىلمايتتى، لېكىن يەڭ ئىچىدە تىلى بىر ئىدى. سۈڭ خاندانلىقى زاماندا بۇنداق قىلىدىغانلار كۆپ ئىدى.

سۇڭ جياڭ لەخمىدىن چىقىپ، ئاتىسى ۋە ئىنىسىغا:

— بۇدا جۇ تۇڭ غەمخورلۇق قىلمىغان بولسا، جازاغا تارتىلاتتىم، ئۇنىڭ بۇ شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز. ئەمدى ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز قېچىپ كەتمىسەك بولمايدۇ. تەقدىر - ئىرادە بىلەن ئەپۇ ئومۇمىي بولۇپ، كەچۈرۈم بولۇپ قالسا، قايتىپ كېلىپ ئاتا - بالا بىللە ئۆتۈشەرمىز. ئاتا، ئۆزلىرى جۇ تۇڭغا يوشۇرۇنچە ئازراق ئالتۇن - كۈمۈش ئەۋەتسىلە، ئۇ يۇقىرى - تۆۋەندىكى ئەمەلدارلارغا خەجلىسۇن ۋە يەن كەمپىرگىمۇ ئازراق تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىسۇن، — دەپ مەسلىھەت سالدى.

— بۇنىڭدىن غەم قىلما. ئىنىڭ بىلەن يولدا پەخەس بول. بارار جايىڭلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشەنچلىك ئادەمدىن خەت ئەۋەتىڭلار، — دېدى غوجا.

شۇ ئاخشىمى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بوغجۇملىرىنى تاڭدى. باش توخۇ مەھەلدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىپ يولغا راسلاندى. سۇك جياڭ فەنياڭچە ئاق كىگىز قالپىقىنى، ئاق تاۋار يەكتەكىنى كىيىپ، بېلىگە قىزغۇچ پوتىسىنى باغلىدى، پاچىقىغا تىزلاپچا ئوراپ، پۇتىغا كۆپ قۇلاق چىگە چورۇقىنى تارتتى. سۇك چىڭ ئۇنىڭ خىزمەتكارى سىياقىدا ياسىنىپ، بوغجۇمىسىنى ئۈشىنىسىگە ئارتتى. بۇلار مېھمانخانا ئالدىغا چىقىپ، ئاتىسى سۇك غوجا بىلەن خوشلاشتى، ئۇچەيلەن كۆز يېشى قىلدى، غوجا:

— ئىككىڭلار ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋاتىسىلەر، سىلەرگە ئاقيول تىلەيمەن، — دېدى.

سۇك جياڭ بىلەن سۇك چىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئوتاقچىلارغا ئۆيگە ئوبدان قاراڭلار، ئاتامدىن ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئۆكسۈپ قالمىسۇن، دەپ تاپىلىدى. بۇ ئىككى قېرىنداش بىردىن خەنجەر ئېسىپ، بىردىن قول قىلىچىنى ئېلىپ مەھەللىدىن يۈرۈپ كېتىشتى.

بۇ ئىككىيلەن سەپەرگە چىققان چاغ دەل كەچ كۈز ۋاقتى ئىدى.

## غەزەل

كۆللەردىكى نىلۇپەرلەر قۇرۇپ قاغجىراپ،
بۈك چىنارلار غازاڭ بولۇپ ياپراق تۆككەن.
قۇرت ـ قوڭغۇز لاۋا ـ چاتقال ئىچىدە چاڭقاپ،
لەيلەك قۇشلار ئۆلكە يەرلەر سايان كۆچكەن.
سىم ـ سىم يامغۇر نېمى بىلەن ئېرەن كۆكلەپ،
قات ـ قەۋەتلەپ قىروۋ چۈشۈپ جۈت يېتىپ كەلگەن.
يولغا چىققان كارۋاندىن ئۆزگە كىملەرمۇ،
بۇنداق قاتتىق كۈز تەمىنى نەدىنمۇ بىلگەن.

سۇڭ جياڭلار بىرمۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ يول ئۈستىدە:

— بىز زادى كىمنىڭكىگە پاناھداپ بارساق بولار؟ — دېدى.

— مەن يۇرت كېزەرلەرنىڭ ئاغزىدىن ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ خېڭخەي تەۋەسىدىكى چەي جىن بەگنىڭ نامىنى ئاڭلىغانىدىم، ئۇنى ئۇلۇغ جۇ پادىشاھىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى دەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلۇقىمىز بولمىسىمۇ، نېمىشقا شۇنىڭكىگە پاناھداپ بارمايمىز؟ خەقنىڭ ھەنىۋاسى ئۇنى مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، ئالەمدىكى پالۋان ـ مەردلەرنىلا يار ـ دوست تۇتىدىغان، پالانغان مەھبۇسلارغا يار ـ ھەمدەم بولىدىغان ھازىرقى زاماننىڭ خىزىرى مېڭ شاڭجۇن① دېيىشىدۇ، ئىككىمىز شۇنىڭكىگە پاناھداپ بارايلى، — دېدى سۇڭ چىڭ.

— مەنمۇ كۆڭلۈمدە شۇنداق ئويلىغانىدىم. ئۇ مەن بىلەن ھەمىشە خەت يېزىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈشۈش نېسىپ بولماي كەلدى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۈپتۈغرا ساڭجۇ ئايمىقىغا يول ئالدى. يول ئۈستىدە تاغ ـ داۋانلار ئاشتى، سۇلارنى كېچىپ، يۇرت ـ شەھەرلەر ئارىلاپ ماڭدى. ئۆتەڭلەرگە چۈشۈپ ئۆتتى. ئېشىنىدى ـ تېشىنىدى تائاملارنى يېيىشتىن، مېيىت چارچاپلىرىدا يېتىشتىن خالىي بولالمىدى.

قۇرۇق گەپنى قويۇپ ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى. سۇڭ جياڭ بىلەن ئىنىسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساڭجۇ ئايمىقى پاسىلىغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار كىشىلەردىن: «چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسى قەيەردە» دەپ سورىۋېلىپ، ئۇنىڭ جاڭزىسى ئالدىغا كەلدى ۋە ئوتاقچىلاردىن:

— چەي جىن بېگىم جاڭزىسىدا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

---

① مېنىڭ شاڭجۇن — بۇرۇنقى زاماندا ياخشىلارغا شەپقەت قىلىدىغان ئۈچ مىڭ پالۋانغا باشپاناھلىق قىلغان ئادەم.

— بېگىم كۈنچىقىش جاڭزىدا ياقا[1] يىغىشقا كەتتى، بۇ جاڭزىدا يوق، — دېدى ئوتاقچىلار.
— بۇ يەردىن كۈنچىقىش جاڭزىغىچە قانچە چاقىرىم كېلىدۇ؟
— قىرىق نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ.
— قايسى يول بىلەن بارىدۇ؟
— بەگلىرىم، ئىككىلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپلىرى نېمىكىن؟
— مەن يۈنچېڭ ناھىيەسىدىكى سۈڭ جياڭ بولىمەن.
— شىپالىق يامغۇر سۈڭ مىرزا بولمىغايلا؟
— شۇنداق.
— بېگىم دائىم سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ كەلدى، كۆرۈشەلمەي ھەسرەتتە ئىدۇق. سۈڭ مىرزا بولسىلا، بىز باشلاپ بارايلى، — دېدى ئوتاقچىلار ۋە سۈڭ جياڭ بىلەن سۈڭ چىڭنى باشلاپ كۈنچىقىش جاڭزىغا ماڭدى، يېرىم كۈنچە مېڭىپ، كۈنچىقىش جاڭزىغا يېتىپ كەلدى، سۈڭ جياڭ قارىسا بۇ جاڭزا شۇنداق كېلىشكەن، ناھايىتى رەتلىك جاڭزا ئىكەنكى:

ئالدى كەڭ ـ كەڭ شاخاپچا،
كەينى تىك ئېگىز چوققا.
دەرەخلىرى باراقسان،
مېھمانخانا ھەممە يان.
مىغىلدايدۇ قوي ـ كالا،
خاماندا ئۆردەك، غاز تولا.
ھەشەمەتلىك تائامى،
خىجىل شاھنىڭ مېھمانى.
چەكسىز ئېتىز دالاسى،
ئىشتا سانسىز چاكاسى.
ئېشىپ تاشار ئاشلىرى،
سېمىز توخۇ، ئىتلىرى.

[1] ياقا ـ ئىجارە دېگەن مەنىدە.

ئالۋان ـ سىلىق دارىماس،
ئىشقا باللا يولىماس.

شۇ ئەسنادا ئوتاقچىلار:

— ئىككىلىرى مۇشۇ شىپاڭدا ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، بىز بېگىمگە خەۋەر قىلايلى، ئالدىلىرىغا چىقسۇن، — دېدى.

— خوپ، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە سۇڭ چىڭ بىلەن شىپاڭدا قول قىلىچىنى يۆلەپ قويۇپ، يان قىلىچىنى يېشىپ، بوغجۇمىسىنى چۈشۈرۈپ ئولتۇردى. ئوتاقچىلار كىرىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جاڭزىنىڭ ئوتتۇرا قوۋۇقى كەڭ ئېچىلدى ۋە چەي جىن بېگىم ئۈچ ـ تۆت ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ، شىپاڭدىكى سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

چەي جىن بېگىم سۇڭ جياڭنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— راستتىن ئۆزلىرىنى شۇنداق سېغىنغانىدىم، بەختىمگە ئۆزلىرىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئۆزلىرى كېلىپ مۇرادىمغا يەتكەنلىكىمگە مىڭ مەرتەم شۈكۈر! — دېدى.

— بىتايىن ناتىۋانلىرى بۈگۈن ئالاھىدە ھۇزۇرلىرىغا پاناھداپ كەلدى، — دېدى سۇڭ جياڭمۇ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ.

— تۈنۈگۈن ئاخشام چىراغ چېچەكلىگەن، بۈگۈن ئەتىگەن سېغىزغان سايرىغانىدى، ئەزىز ئاغا، ئۆزلىرى كېلەتتىكەنلا ـ دە، — دېدى چەي جىن سۇڭ جياڭنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن يۈزىنى تەبەسسۇم كۈلكىسى قاپلىغان ھالدا.

سۇڭ جياڭ چەي جىننىڭ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى تولىمۇ شادلاندى. ئىنىسى سۇڭ چىڭنىمۇ چاقىرىپ كۆرۈشتۈردى، چەي جىن چاكارلارغا سۇڭ مىرزىنىڭ كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى ئىچكىرىكى سارايىنىڭ

كۈنچىقىش ئايۋىنىغا سەرەمجانلاتقۇزدى، ئاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، تۆردىكى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. مېھمان ۋە ساھىبخانىلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. چەي جىن:

— ئاغا، ئۆزلىرىنى يۇنچېڭ يامۇلىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، قانداقسىغا بىزنىڭ بۇ چۆل، مىسكىن ماكانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى.

— بېگىم، ئۇزۇندىن بۇيان داڭقىلىرىنى ئاڭلاپ كەلدىم، نام - نىشانلىرى قۇلىقىمدا ھېلىمۇ جاراڭلاپ تۇرىدۇ. نەچچە قېتىم ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان بولسامىمۇ، شورى قۇرغۇر خىزمەتتىن بىكار بولالماي، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەي كەلدىم. يېقىندا قاملاشمىغان بىر ئىش تۇغدۇرۇپ قويۇپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزنىڭ بېشىمىز قاتتى، ھېچ پاناھ جاي تاپالماي، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ مەردلىكىنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغانلىقلىرى ئېسىمىزگە چۈشۈپ، ئالاھىدە پاناھداپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى سۇڭ جياڭ.

چەي جىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ:

— ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، ھەرقانداق چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىلىمۇ، پېقىرنىڭ جاڭزىسىغا كېلىپلا قالغاندىكىن، غەم قىلىشىنىڭ لازىمى يوق. چوڭ گەپ قىلماي، خانىنىڭ ھەرقانداق تۇتقاۋۇل بەگ - سىپاھلىرىنىڭ جاڭزامغا كۆز قىرىنى تاشلىمىقى ھەددى ئەمەس، — دېدى.

سۇڭ جياڭ يەن پوشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. چەي جىن كۈلۈپ:

— ئاغا، خاتىرلىرىنى جەم قىلسىلا، ئۆزلىرى خان ئوردىسىنىڭ بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، مەھكىمە خەزىنىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغان ھالەتتىمۇ، چەي جىن ئۆزلىرىنى ھويلىسىدا ساقلىيالايدۇ، — دېدى - دە، سۇڭ جياڭ بىلەن سۇڭ

چىڭنى سەرراپقا چۆشۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ئىككى قۇر كىيىم ـ كېچەك، بوغمىچا، يىپەك كەش، يېڭى پايپاق ئاچىقىپ، سەرراپتىن چىققان سۈك جياڭلارغا كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋېلىشىسىلا دەپ بەردى. سۈك جياڭلار يېڭى كىيىم يەڭگۈشلىدى. ئوتاقچىلار سۈك جياڭلارنىڭ كونا كىيىملىرىنى ئۇلارنىڭ ياتىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويىدى. چەي جىن سۈك جياڭنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ كىردى، ئۇ يەردە مەي ـ تائاملار تەييارلانغانىدى، سۈك جياڭنى تۆرگە چىقاردى. چەي جىن ئۆزى ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. سۈك چەك سۈك جياڭنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ئۈچەيلەن ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئون نەچچە ئوتاقچى ۋە بىرنەچچە غوجىدار نۆۋەت بىلەن قەدەھ تۇتتى. چەي جىن سۈك جياڭ بىلەن ئىنىسىنى بەھۇزۇر ئىچىشكە قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلدى، سۈك جياڭ بىھېساب رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر ئېيتتى، ئىچىپ خېلى تەڭشەلگەندە، ئۈچەيلەن بىر ـ بىرلىرىگە يۈرىكىدىكى ئەتە ـ ئاخشاملىق سېغىنىش ئەھۋاللىرىنى ئىزھار قىلىشتى. كەچ كىرگەندىن كېيىن چىراغ ياندۇرۇلدى. سۈك جياڭ تەكەللۇپ قىلىپ: «ئىچىشنى بولدى قىلساق» دېدى. چەي جىن نەدىكىنى ماقۇل دېسۇن، ئاۋۋال ئاخشامغىچە ئىچىشتى، سۈك جياڭ ئورنىدىن ھاجەتكە چىقىشقا قوزغىلىۋىدى، چەي جىن بىر ئوتاقچىسىنى چاقىرىپ، سۈك جياڭنى پانۇس بىلەن كۈنچىقىش ئايۋىنىنىڭ ئۇ چېتىگە ھاجەتكە ئاپىرىشقا بۇيرۇدى.

سۈك جياڭ: «مۈشۈ باھانىدە بىرنەچچە قەدەھنى ئۆتكۈزۈۋېتەي» دېدى ـ دە، ئالدىرىماي مېڭىپ، ئايۋاننى ئايلىنىپ ئالدى تەرەپكە ئۆتتى. ماڭا ـ ماڭا قايرىلىپ، كۈنچىقىش ئايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. سۈك جياڭ خېلى تەڭشىلىپ قالغانىدى، شۇڭا دەلدەڭشىپ ماڭدى. ئايۋاندا بىر دارازا بەزگەك كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغاچقا، سوغۇققا



www.uyghurkitap.com

چىداشلىق بېرەلمەي، بىر چوغداندا ئىسسىنىپ ئولتۇراتتى. سۇڭ جياڭ ئاسمانغا قاراپ كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ چوغدىنىنىڭ قۇلىقىغا دەسسىۋالغانىدى، چوغداندىكى ئوتلار دارازىنىڭ يۈزىگە چاچراپ كەتتى، دارازا چۆچۈپ قارا تەرگە چۆمدى.

دارازا ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سۇڭ جياڭنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:

— ھەي موخو، قانداق كىسپۇرۇشسەن؟ ئىچ پۇشۇقۇڭنى مەندىن چىقارماقچىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭمۇ چۆچۈپ كەتتى. بۇلار تاكاللىشىپ تۇرغاندا، پانۇس كۆتۈرگەن ئوتاقچى دەرھال:

— ئەدەپسىزلىك قىلماڭ! بۇ كىشى بولسا بېگىمنىڭ ناھايىتى ئەزىز مېھمىنى بولىدۇ، — دەپ توۋلىدى.

— «مېھمان»، «مېھمان!» دەيسىنا، مەنمۇ يېڭى كەلگەندە مېھمان ئىدىم، مېنىمۇ ئەزىزلىگەنىدى. ئەمدى خىمان بولۇپ قالدىم، خۇددى «ئادەم ھەمىشە كۆكۈلۈك ئۆتمەس، گۈل - گىياھلار بىر كۈنى تۇزۇماي قالماس» دېگەندەك، مانا ھازىر ئوتاقچىلارمۇ دەشنام بېرىدىغان بولدى، — دەپ يەنە سۇڭ جياڭغا دېۋەيلىۋىدى، ئوتاقچى قولىدىكى پانۇسنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ھاي بەردى. سۇلھى - سالا قىلىپ، ھېچ ئاجرىتالماي تۇرغاندا، يەنە ئىككى - ئۈچ پانۇس يورۇقى پەيدا بولۇپ، چەي جىن بېگىمنىڭ ئۆزى يېتىپ كەلدى. ئۇ:

— مەن مىرزىبېگىم كىرمەيۋاتىدىغۇ دەپ ئولتۇرسام، بۇ يەردە غوۋغا چىقىرىۋېتىپسىلەرغۇ؟ — دېدى.

ئوتاقچى سۇڭ جياڭنىڭ چوغدانغا پۇتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. چەي جىن كۈلۈپ كېتىپ:

— دارازا، سىز بۇ مەشھۇر مىرزىبېگىمنى تونۇمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەشھۇر ئىمىش تېخى، ھەرقانچە بولسا يۇنچېڭ شەھىرىدىكى سۇڭ مىرزىدىن ئارتۇق ئەمەستۇ! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— دارازا، سىز سۈك مىرزىنى تونۇمسىز؟ — دېدى قاقاھلاپ كۈلۈپ چەي جىن.

— مەن كۆرمىگەن بولسامۇ، ئەل ئارىسىدا ئۇنى شىپالىق يامغۇر سۈك دانىش دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، مەردلىكىنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، غېرىب - غۇرۋالارغا يار - يۆلەكتە بولىدىغان ئالەمگە مەشھۇر ئوغلان ئىكەنلىكىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنمەن، — دېدى دارازا.

— نېمىسىگە قاراپ ئۇنى ئالەمگە مەشھۇر ئوغلان دەيدىكەن؟

— ئۇنىسىنى بىلمەيمەن، ئۇ راستلا چىن ئوغۇل بالائىمىش، دېگەن - ئەتكىنى جايىدىكەن، كېسىلىم ساقايسا ئۇنىڭ يېنىغا پاناھلاپ بارىمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە كۆرۈشكۈم بار!

— ئەي دارازا يىگىت، ئۇ كىشىنى يىراقتىن سورىسىڭىز، ئالدىڭىزدا، — ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدە، يېقىندىن سورىسىڭىز، كۆز دېدى چەي جىن سۈك جياڭنى كۆرسىتىپ، — مانا شىپالىق يامغۇر سۈك دانىش دېگەن كىشى مۇشۇ بولىدۇ.

— راست شۇمۇ؟

— پېقىر سۈك جياڭ بولىمەن، — دېدى سۈك جياڭ.

دارازا ئوبدان سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئېڭىشىپ تەزىم قىلىپ:

— ئاغا، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ؟ — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىخلاسىڭىز بار؟

— باياتىن ئەدەپسىزلىك قىپتىمەن، گۇناھىمنى كەچۈرسىلە. كۆزۈم تۇرۇقلۇق ھەزرەتلىرىنى تونۇماپتىمەن! — دەپ دارازا سۈك جياڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى.

سۈك جياڭ دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— جانابلىرىنىڭ مۇبارەك نامىشەرىپلىرى نېمە؟ — دەپ

سورىدى.

چەي جىن دارازىنىڭ ئىسمىزاتىنى، لەقىمىنى ئېيتىپ بەردى. ئەيىۋھەنناس، ئىشتىگلار ئاموخاس! تاغ ئارىسىدا يىرتقۇچ يولۋاسلار ئۇنى كۆرسە، قورقىنىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىدۇ؛ جاڭگالدا قاراقچىلار ئۇچرىتىپ قالسا يۈرىكى يېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاي ۋە يۇلتۇزلار نۇرسىزلىنىپ خىرەلىشىدۇ، تاغلار كۆمتۈرۈلۈپ، دەريالار تەتۈر ئاقىدۇ. چەي جىن بەگ ئېيتقان دارازىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## خېڭخەي تەۋەسىدە چەي جىنىڭ مېھماندارچىلىق قىلغانلىقى جىڭياڭ داۋىنىدا ۋۇ سۇڭنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ بىر قەدەھ مەيدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مەقسىتىدە ھاجەتخانىغا يول ئالدى؛ ئۇ ئايۋاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ چوغدانىنىڭ قۇلىقىغا دەسسىۋالدى، ھېلىقى دارازا يىگىت ئاچچىقلىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۇڭ جياڭغا مۇشت ئاتماقچى بولدى. چەي جىن دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ: «ھوي سۇڭ مىرزا» دەپ چاقىرىپ سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالدى، ھېلىقى دارازا سۇڭ جياڭ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇئان يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، قوپماي تۇرۇپ:

— پېقىر «كۆزۈم تۇرۇقلۇق ھەزرەتلىرىنى تونۇماپتىمەن!» ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئىلتىپاتسىزلىق قىلىپ قويۇپتىمەن، گۇناھىمنى كەچۈرسىلە، — دېدى.

— جانابلىرى كىم بولىدىلا، نامىشەرىپلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ.

— بۇ كىشى چىڭخې ناھىيەسىدىن بولىدۇ، ۋۇ ئۇرۇقىدىن، ئىسمى سۇڭ، پەرزەنتلەرنىڭ كەنجىسى، بۇ يەردە تۇرۇپ قالغىنىغا بىر يىل بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى چەي جىن.

— ئەل ئارىسىدا كەنجىۋاي ۋۇ سۇڭ دېگەن ئىسمىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، ھالا بۈگۈن تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قاپتىمىز، ئامەت، چوڭ ئامەت! — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مەرد پالۋانلارنىڭ تاسادىپەن بىر جايدا ئۇچرىشىپ

قىلىشى ھەقىقەتەن كەم تېپىلىدۇ. قېنى بىر سورۇندا ھەمسۆھبەت بولايلى، ــ دېدى چەي جىن.

سۈك جياڭ شادلىنىپ، ۋۇ سۇڭنىڭ بىلىمدىن تولۇپ تاشقان نۇتقىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭغا باشلاپ، سۈك چىڭنى ۋۇ سۈك بىلەن كۆرۈشتۈردى. چەي جىن ۋۇ سۇڭنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، سۈك جياڭ دەرھال ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە تۆرگە باشلىدى. ۋۇك سۈك تۆردە ئولتۇرۇشتىن ئەيمەندى، بىردەملىك خوش ـ خوشتىن كېيىن ۋۇ سۈك ئۈچىنچى ئورۇنغا ئولتۇردى. چەي جىن يەنە داستىخان ھازىرلىتىپ، ئىچىملىك ـ يېمەكلىك بىلەن تولدۇرغۇزدى ـ دە، ئۈچەيلەننى زوق ـ شوق بىلەن ئىچىشكە دەۋەت قىلدى، سۈك جياڭ ۋۇ سۇڭغا چىراغ تېگىدىن سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋەقە ئۇ شۇنداق كېلىشكەن بىر ئەزىمەت ئىدىكى:

نەزم

قەددى ـ قامەتلىك، شەۋكەتلىك ئوغلان،
بۇلاق كۆزلىرى نۇر چاچار چولپان.
گويا قاپقارا سۈرمە تارتقاندەك،
ئېگىلگەن قېشى بەئەينى كامان.
سۆرى مىڭلىغان ئەر ـ يىگىتكە تەڭ،
كۆكرەك ـ تۆشلىرى ئۆسكىلەڭ يامان.
ئالەمشۇمۇلدۇر ئاززۇ ـ ئىستىكى،
چاقماق چاقتاندەك سۆزلىشى مەردان.
ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ـ جاسارەتتىن،
دومىلاپ چۈشەر ئەرشتىكى قاپلان.
مۇسكۇلىدىكى كۈچ ۋە قۇدرەتتىن،
كۈچتۇڭگۇر دېۋە بولىدۇ يەكسان.
گويا ئۇ كۆكتىن چۈشكەن شەھرىيار،
يا ئالەمدىكى ئەۋلىيا ـ غىلمان.

سۈك جياڭ چىراغ تېگىدىن ۋۇ سۇڭنىڭ ئاشۇنداق تەقلىدتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاجايىپ خۇشال بولۇپ:

— «كەنجىۋاي»، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغاندىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈم چىڭخې ناھىيەسىدە مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، يۇرتتىكى بىر مەسلىھەتچى بەگ بىلەن جاڭجاللىشىپ قالدىم؛ غوززىدە قەھرىم تېشىپ بىر مۇشت ئاتسام، ئۇ بەدرەك ئېسەنگىرەپ يىقىلىپ چۈشتى، مەن ئۇنى ئۆلدى چاغلاپ، بەدەر بۇياققا قېچىپ كېلىپ، تۆرە بېگىمنىڭكىدە پاناھداپ تۇرۇپ قالغانلىقىمغا مانا بىر يىلدىن ئاشتى، كېيىن ئاڭلىسام، ھېلىقى بەدرەكنىڭ جېنى چىقماپتۇ، نىجاتلىق تېپىپ ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئەمدى يۇرتۇمغا قايتىپ بېرىپ ئاكامنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلاي دەپ تۇرسام، بۇ بەزگەك كېسىلى چاپلاشتى، شۇنىڭ بىلەن قايتالماي قالدىم. ھېلى بەزگىكىم تۇتۇپ ئايۋاندا ئوتىسىنىپ ئولتۇرسام، ئۆزلىرى چوغدانغا دەسسەپ سالدىلا، چۆچۈپ كەتتىم، شۇ چۆچۈش بىلەن تېنىم شۇرقىراپ، سوغۇق تەر چىقتى، شۇنىڭ بىلەن تۈزۈلۈپ قالغاندەك تۇرىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

سۈك جياڭ بۇنى ئاڭلاپ قەۋەت شادلاندى. ئولتۇرۇش تۈن يېرىمىغىچە سوزۇلدى، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن سۈك جياڭ ۋۇ سۇڭنى كۈنپېتىش تەرەپتىكى يېپىق ئايۋانغا باشلاپ بېرىپ، بىللە ئارام ئېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندىن كېيىن چەي جىن مال سويۇپ، داستىخان سېلىپ، سۈك جياڭنى مېھمان قىلىپ شۇنداق كۈتۈۋالدىكى، ۋاي، بىر دېمەڭ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، سۈك جياڭ يېنىدىن ئازراق تەڭگە چىقىرىپ، ۋۇ سۇڭغا كىيىم قىلغۇزۇلۇش ئۈچۈن تۇتقۇزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چەي جىن ئۇنى يېنىدىن پۇل چىقىرىشقا قويماستىن، ئۆز ئۆيىدىن بىر ساندۇق تاۋار - دۇردۇنلارنى

چىقىرىپ، ئۆز جاڭزىسىدىكى تىككۈچىگە تازا يارىشىدىغان قىلىپ ئۈچ كىشىلىك سەرپاي تىكىپ تەييارلاشنى بۇيرۇدى.

ھە، ئېيتماقچى، چەي جىن قانداق بولۇپ ۋۇ سۇڭنى ياقتۇرماس بولۇپ قالغان؟ ئەسلىدە ۋۇ سۇڭ چەي جىننىڭكىگە كېلىپ قالغان دەسلەپكى كۈنلەردە چەن جىن ئۇنىمۇ خۇددى شۇنداق مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتكەنىدى. كېيىنچە بېرىپ، جاڭزىدا مەي ئىچىپ كەيىپ سۈرۈپ يۈردى، قېنى قىزىپ قالغانلىرىدا ئوتاقچىلاردىن بىرەرى ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپلا قالسا ئۇلارغا مۇشت ئاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئوتاقچىلاردىن ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى، ئۇلار ئۇنىڭدىن رەنجىشىپ، چەي جىننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە بەتقىلىقلىرىدىن شىكايەت قىلىشقانىدى. چەي جىن ئۇنى قوغلىۋەتمىدى ـ يۇ، ئەمما مۇئامىلىدە سۆرۈن كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى سۇڭ جياڭ ئۇنى ھەر كۈنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىپ، داستىخانلاردا بىللە بولىدىغان بولدى، ۋۇ سۇڭنىڭ كونا كېسىلىمۇ قوزغالماس بولۇپ قالدى.

ۋۇ سۇڭ سۇڭ جياڭغا ئون نەچچە كۈن ھەمراھ بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن يۇرتىنى سېغىنىدى، چىڭخې ناھىيەسىگە قايتىپ بېرىپ ئاكىسىنى يوقلىماقچى بولدى. چەي جىن بىلەن سۇڭ جياڭ ئۇنى يەنە بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇشقا دەۋەت قىلىۋىدى، ۋۇ سۇڭ:

— ئاكامدىن ئۇزۇندىن بۇيان خەت ـ خەۋەر ئالالمىدىم، شۇڭا ئۆزۈم بېرىپ يوقلىمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— كەنجىۋاي، زادى بارماي بولمايدۇ دېسىلە، ئۇھالدا تۇتۇپ قالالمىغۇدەكمىز، ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا، يەنە كېلىپ تۇرۇپ كېتەرلا، — دېدى چەي جىن.

سۇڭ جياڭ ۋۇ سۇڭ بىلەن خوشلاشتى.

چەي جىن ئازراق تەڭگە چىقىرىپ ۋۇ سۇڭغا تۇتقۇزدى، ۋۇ سۇڭ:

— تۆرە بېگىم، ئۆزلىرىنى تولىمۇ كۆپ بىسەرەمجان قىلدىم، — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىپ، توقماقنى بېلىگە ئېسىپ يولغا چىقماقچى بولدى، چەي جىن يەنە ئۆزىتىش زىياپىتى بەردى، ۋۇ سۈڭ ئۇچىسىغا يېڭى تىكىلگەن قىزىل تاۋار پەشمەت، بېشىغا ئاق فەنياڭ قالپىقىنى كىيدى، يۈك ـ تاقلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتتى، ئۇزۇن كالتىكىنى قولىغا ئالدى ـ دە، خەيرلىشىپ يولغا راۋان بولدى. سۇڭ جياڭ:

— ئەزىز ئىنىم، سەل توختاپ تۇرسىلا، — دەپ ئۆز خانىسىغا كىرىپ بىر ئاز تەڭگە ئالدى ـ دە، ئالدىراپ دەرۋازىغا چىقىپ، — مەن سىلىنى بىر ئۆتەڭ ئۇزىتىپ باراي، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئۆز ئۆكىسى سۇڭ چىڭ بىلەن ۋۇ سۇڭنى ئۇزىتىپ ماڭدى، ۋۇ سۇڭ چەي جىن بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىن سۇڭ جياڭمۇ:

— بېگىم، بىرىپلا كېلىمەن، — دېدى.

ئۇچەيلەن خوجايىن چەي جىندىن ئايرىلىپ، ئالتە ـ يەتتە چاقىرىم يول باستى، ۋۇ سۇڭ خوشلاشماقچى بولۇپ:

— ھۆرمەتلىك ئاغا، ئۇزاپ كەتتىلە، بولدى قايتسىلا. چەي جىن بېگىم يوللىرىغا قاراپ قالمىغاي، — دېدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، يەنە بىر ئاز ئۇزىتىپ باراي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

بۇلار كېتىپ بارغاچ، گەپ ـ پاراڭلار بىلەن بولۇپ، يەنە ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يول بېسىلغانلىقىنى بىلمەي قالدى، ۋۇ سۇڭ جياڭنى توختىتىپ:

— ھۆرمەتلىك ئاغا، ئەمدى ئۇزاتمىسىلىمۇ بولار. «مىڭ چاقىرىمغىچە ئۇزاتسىمۇ، ھامان جۇدالىق كېلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، — دېدى.

— يەنە بىرنەچچە قەدەم ھەمراھ بولاي، ئەنە ئاۋۇ چوڭ يول ئۈستىدە بىر مەيخانا بار، ئىككى ـ ئۈچ قەدەھ مەي ئىچىشىپ، ئاندىن جۇدالىشايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ ئىشارە قىلىپ.

ئۈچەيلەن مەيخانىغا كىردى. سۈك جياڭ تۆردە ئولتۇردى، ۋۇ سۈڭ توقمىقىنى شىرەگە يۆلەپ قويۇپ، ئاپىسىدا ئولتۇردى، سۈڭ چىڭ ئوتتۇرىدىن ئورۇن ئالدى. مەيپۇرۇشقا مەي، ئاش - غىزا، مېۋە - چېۋە، كۆك - گېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدۇرۇپ شىرەگە تىزدۇردى. ئۈچەيلەن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىشتى، كۈن مەغرىبكە قايرىلغاندا، ۋۇ سۈڭ:

— كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاغا، ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە، مېنىڭ تۆت مەررە تەزىم - تاۋاپىمنى قوبۇل قىلسىلا، مەن ئۆزلىرىنى ئاغا تۇتاي، — دېدى ۋۇ سۈڭ.

سۈڭ جياڭ ناھايىتى خۇشال بولدى. ۋۇ سۈڭ تۆت مەررە تاۋاپ - تەزىم قىلدى. سۈڭ جياڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۈڭ چىڭ ھەميانىدىن ئون سەرلىك يامبۇ چىقىرىپ ۋۇ سۈڭغا سۇنغانىدى، ۋۇ سۈڭ ئېلىشتىن باش تارتىپ:

— ئاغا، بۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ قالسىلا، — دېدى.

— ئەزىز ئىنىم، تارتىنمىسىلا، ئەگەر ياندۇرۇۋەتسىلە مەن سىلىنى ئۇكام دەپ بىلمەيمەن، — دېدى سۈڭ جياڭ.

ۋۇ سۈڭ نائىلاج قولىغا ئېلىپ، بوغجۇمىغا سالدى. سۈڭ جياڭ بىر ئاز يارماق چىقىرىپ، مەي پۇلىنى تۆلىدى. ۋۇ سۈڭ توقمىقىنى قولىغا ئالدى، ئۈچەيلەن مەيخانىدىن چىقىپ ئىشىك ئالدىدا خوشلاشتى. ۋۇ سۈڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ، خەيرلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. سۈڭ جياڭ بىلەن سۈڭ چىڭ مەيخانا ئالدىدا قاراپ تۇرۇپ، ۋۇ سۈڭ كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇرۇلۇپ ئۆز يولىغا قايتتى. ئۇلار تېخى بەش چاقىرىم يول باسا - باسمايلا چەي جىنىنى كۆردى، ئۇ ئات مىنىپ ئىككى سالتاڭ ئاتنى يېتىلەپ، بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېلىۋاتقانىكەن. سۈڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولغان ھالدا، ئاتقا مىنىپ جاڭزىغا بىللە قايتىپ كېلىشتى. ئاتتىن چۈشكەندىن كېيىن مېھمانخانىغا كىرىپ مەي ئىچىشتى. سۈڭ جياڭ بىلەن سۈڭ چىڭ شۇنىڭدىن كېيىن چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسىدا تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشتى.

گەپنى ئىككىگە بۆلۈپ، ھازىرچە سۆزنى ۋۇ سۇڭدىن ئاڭلاڭلار. ۋۇ سۇڭ سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن شۇ ئاخشىمى بىر ئۆتەڭدە قوندى، ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق ئېتىپ يېدى ۋە ساراي ھەققىنى تۆلەپ، كۆدە - كۆرپىسىنى تېڭىپ، توقمىقىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى، ئۇ كېتىۋېتىپ: «ئەل ئارىسىدا سۇڭ دانىش دەپ بىر شىپالىق يامغۇر بار دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم، دەرۋەقە يالغان ئەمەس ئىكەن. مۇشۇنداق بىر كىشىنى قېرىنداش تۇتسالا ئۆۋالدا قالمايسەن!» دەپ ئويلىدى.

ۋۇ سۇڭ بىرنەچچە كۈن يول بېسىپ، ياڭگۇ ناھىيەسى تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىن ناھىيە بازىرىغا تېخى يىراق ئىدى، ۋۇ سۇڭ شۇ كۈنى ماڭا - ماڭا پېشىن ۋاقتى بولغاندا قورسىقى ئاچقانلىقىنى سەزدى - دە، قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا بىر مەيخانا كۆرۈندى، مەيخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دانە مەي تۇغى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا «ئۈچ ئاپقۇر مەي بىلەن داۋاندىن ئاشالماس» دېگەن سۆز يېزىقلىق تۇرۇپتۇ.

ۋۇ سۇڭ مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، توقمىقىنى يۆلەپ قويۇپ:

— ئۇستام، قېنى چاققان مەي كەلتۈرۈڭ، — دەپ چاقىردى.

مەيپۇرۇش بىر ئاپقۇر، بىر جۈپ چوكا ۋە بىر تەخسە ئىسسىق قورۇما ئەكېلىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، بىر ئاپقۇرغا تولدۇرۇپ مەي قۇيۇپ قويدى. ۋۇ سۇڭ ئاپقۇرنى كۆتۈرگەن پېتى بىراقلا ئىچىۋەتتى ۋە يەنە:

— كارامەت كۈچلۈك مەي ئىكەنغۇ! ئۇستام، قېنى قورساق تويدۇرىدىغان نەرسىڭىز بولسا ئەكەلمەمسىز، — دېدى.

— پىششىق كالا گۆشى بار.

— مەيلى، ئىككى - ئۈچ جىڭ ئەكېلىڭ.

مەيپۇرۇش ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، پىششىق كالا گۆشىدىن ئىككى جىڭ توغراپ، چوڭ بىر تەخسىگە ئېلىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى ۋە يەنە بىر ئاپقۇر مەي قۇيۇپ بەردى، ۋۇ سۇڭ ئىچىپ بولۇپ:

— ئېسىل مەي ئىكەن! — دېدى.

يەنە بىر ئاپقۇر تولدۇردى. توپتوغرا ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مەيپۇرۇش يەنە مەي قۇيمىدى. ۋۇ سۇڭ شىرەنى تاقىلدىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇستام، نېمىدەپ مەي قۇيمايسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

— مېھمان، ئۆزلىرىگە گۆش كېرەك بولسا، مانا تەييار.

— مەي دەۋاتىمەن، گۆشنىمۇ ئەكېلىڭ.

— گۆش دېسىلە مانا شۇ تاپتا ئەكېلەي، ئەمما مەينى ئەمدى قۇيمايمەن.

— بۇ قانداق گەپ؟ نېمىدەپ ماڭا مەي سېتىپ بەرمەس بولۇپ قالدىڭىز؟

— مېھمان، ئىشىك ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان مەي تۇغىدىكى «ئۈچ ئاپقۇر مەي بىلەن داۋاندىن ئاشالماس» دېگەن سۆزنى كۆرگەنلا.

— «ئۈچ ئاپقۇر مەي بىلەن داۋاندىن ئاشالماس» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟

— دۇكىنىمىزدىكى مەي مەيزاپ بولسىمۇ، تەمى ئۇزۇن ئېچىلغان ئالىي مەيدىن قېلىشمايدۇ؛ ھەرقانداق بىر مېھمان دۇكىنىمىزغا كىرىپ ئۈچ ئاپقۇر ئىچسىلا كەيپى تۇتىدۇ - دە، ئالدىمىزدىكى داۋاندىن ئاشالمايدۇ. «ئۈچ ئاپقۇر مەي بىلەن داۋاندىن ئاشالماس» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى شۇ. يولۇچى مېھمانلاردىن بۇ يەرگە چۈشۈپ ئۆتكۈچىلەر ئۈچ ئاپقۇر ئىچسىلا شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىدۇ.

— مۇنداق ئىكەن - دە، — دېدى ۋۇ سۇڭ كۈلۈپ، — مەن ئۈچ ئاپقۇر ئىچىپ بولدۇم، ئەجەب تۇتمىدىغۇ؟

— مېنىڭ بۇ مېيىمنىڭ «ئاپقۇرنىڭ ئىچىدىن ئەتىر بۇيى چىقىپ تۇرىدۇ»غان، «بوسۇغىدا يىقىتىدۇ»غان مەي دېگەن نامىمۇ بار. دەسلەپ ئېغىزغا ئالغاندا شېرىن تېتىيدۇ، بىردەمدىن كېيىن يىقىتىدۇ.

— بولدى، جۆيلۈمەڭ! ھەققىنى بەرمەيدىغان ئىش يوق، يەنە ئۈچ ئاپقۇر قۇيۇڭ.

مەيپۇرۇش ۋۇ سۇڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئۈچ ئاپقۇر قۇيدى. ۋۇ سۇڭ ئىچىۋېتىپ:

— دەرۋەقە قالتىس مەي ئىكەنغۇ! غوجايىن، قانچە ئاپقۇر ئىچسەم شۇنچە ئاپقۇرنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن، قۇيىۋېرىڭ.

— مېھمان، مەيگە ئۆزلىرىنى بەك ئۇرۇۋەتمىسىلە، بۇ مەي ئادەمنى جەزمەن يىقىتىپ تاشلايدۇ، يىقىلىپ قالسىلا دورا ـ تېۋىپ يوق.

— تولا كوتۇلدىماڭ! مەيگە بېھوش دورىسى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىڭىزمۇ، بۇرنۇم بار، پۇراپ بىلەلەيمەن.

مەيپۇرۇش ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەندىن كېيىن كەينى ـ كەينىدىن يەنە ئۈچ ئاپقۇر مەي قۇيدى.

— گۆشتىن يەنە ئىككى جىڭ بېرىڭ، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

مەيپۇرۇش يەنە ئىككى جىڭ پىشىشىق كالا گۆشى ئەكەلدى، يەنە ئۈچ ئاپقۇر مەي قۇيدى. ۋۇ سۇڭنىڭ ئىچكەنسېرى ئىچكۈسى كەلدى. ئۇ ھەميانىدىن ئازراق پۇل چىقىرىپ:

— ئۇستام، بۇنىڭغا قاراڭا، مۇشۇ پۇل سىزنىڭ مەي، گۆشلىرىڭىزنىڭ ھەققىگە چىقشامدۇ؟ — دېدى.

— ئېشىپ قالىدۇ. ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ بېرەي.

— پۇل قايتۇرماڭ، مەي قۇيىۋېرىڭ.

— مېھمان، ئىچىدىغان ئىشلىرى بولسا، يەنە بەش ـ ئالتە ئاپقۇرغىمۇ يېتىدۇ! ئىچىپ بولالماي قالارلىمىكىن، دەيمەن.

— بەش ـ ئالتە ئاپقۇر بولسىمۇ ئارتۇق كەلمەيدۇ، تۈگىگۈچە قۇيۇڭ.

— ئەگەر يىقىلىپ قالسىلا، سىلىدەك بىر بەستلىك ئادەمنى قانداقمۇ يۆلىۋالغىلى بولار؟

— سىزگە يۆلەتسەم، يىگىت بولماي كېتەي.

شۇنداقتىمۇ، مەيپۇرۇش مەي قۇيۇشتىن باش تارتتى. ۋۇ سۇڭ خاپا بولۇپ:

— مېيىڭىزنى ھەقسىز ئىچىۋاتمايمەنغۇ! مېنىڭ سەپرايىمنى ئۆرلەتمەڭ، ھېلى بىكار مەلەق - مەلەق قىلىۋېتىمەن! بۇ نىجىس دۇكىنىڭىزنىمۇ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ تاشلايمەن! — دېدى. مەيپۇرۇش ئىچىدە: «بۇ بىرنېمە كەيپ بولۇپ قالدى، چىشىغا تەگمەي» دەپ ۋۇ سۇڭغا يەنە ئالتە ئاپقۇر مەي قۇيۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇ سۇڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئون بەش ئاپقۇر مەي ئىچتى. ئۇ ئاخىر توقمىقىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن كەيپ بولمىدىم تېخى! — دەپ ئىشىككە چىقتى - دە، كۈلكە ئارىلاش، — «ئۈچ ئاپقۇر بىلەن داۋاندىن ئاشالماس» دېمەڭ ئەمدى! — دەپ قويۇپ، توقمىقىنى كۆتۈرگىنىچە يولغا چۈشتى.

مەيپۇرۇش دەرھال چىقىپ:

— ھوي مېھمان، قەيەرگە؟ — دېدى.

— ھە نېمە گەپ؟ مەي پۇلىڭىزنى كەم بېرىپ قويدۇممۇ، نېمىگە قىچقاردىڭىز؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ توختاپ.

— مەن ياخشى نىيەت بىلەن دەۋاتىمەن، سىلى قايتىپ كېلىپ ئۆيۈمدىكى پادىشاھلىقنىڭ ئېلانىنى كۆرۈپ باقسىلا.

— قانداق ئېلان ئىكەن؟

— مۇشۇ كۈنلەردە، — دېدى مەيپۇرۇش، — ئالدى تەرەپتە چوقچىيىپ تۇرغان جىڭيالڭ داۋىنىدا چار كۆزلۈك، قاشقىلىق بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ قاپتۇمىش، كەچقۇرۇنلۇقى ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىكەن، يىگىرمە - ئوتتۇز ئەزىمەتنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. پادىشاھلىق ئوۋچىلارغا شۇ

يولۋاسنى تۇتۇشقا دەررە مۆھلىتى بېرىپتۇ. داۋاننىڭ ئېغىزىدا: سەپەر ئۈستىدىكى يولۇچىلار يىغىلىپ ـ توپلىشىپ، چاشكا، چۈش، پېشىن ۋاقىتلىرىدا ئۆتۈشسۇن؛ تاڭ سەھەر، ئەتىگەن، ئەسىر، زاۋال، ياتقۇ، ئېغىر ياتقۇ ۋاقىتلىرىدا ئۆتۈشكە ئىجازەت يوق، يالغۇز يولۇچىلار بولسا ساقلاپ تۇرۇپ، ئادەم كۆپەيگەندىن كېيىن ئۆتۈشى لازىم، دېگەن مەزمۇندا ئېلان چاپلاپ قويۇلغان. ھازىر دەل كۈن پېتىۋاتقان پەيت، قاراپ تۇرسام غەمسىز كېتىپ بارىدىلا، مۇنداق قىلسىلا ئۆزلىرىنى بىكار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىلا، ھازىر بىزنىڭكىگە كىرىپ يېتىپ، ئەتە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەم يىغىلغاندا، شۇلار بىلەن ئۆتكەنلىرى تۈزۈك.

— مەن ئۆزۈم چىڭخې ناھىيەسىدىن بولىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ جىڭياڭ داۋىنىدىن ئاز دېگەندىمۇ ئون ـ يىگىرمە قېتىم ئۆتكەندىمەن، يولۋاس بار دېگەننى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغاندىمغۇ؟ سىز ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلۈپ، مېنى قورقۇتماق دېمەڭ، يولۋاس بولغان ھالەتتىمۇ قورقۇپ قالمايمەن.

— مەن سىلىنىڭ غەملىرىنى يەپ، ياخشىلىق قىلىۋاتىمەن، ئىشەنمىسىلە، كىرىپ ئېلاننى كۆرۈپ باقسىلا.

— ھۇ شۇنداق دېگەن زۇۋانىڭنى دارغا تارتاي! راستتىن يولۋاس چىقسىمۇ، ئاكاڭ قورقۇپ قالمايدۇ! سەن مېنى نەس يولۋاس بىلەن قورقۇتۇپ، ئۆيۈڭدە قوندۇرۇپ قېلىپ، تۈن يېرىمى بولغاندا مال ـ مۈلكۈمنى بۇلاپ، جېنىمغا قەست قىلماقچىمۇسەن؟

— مەيلىلىرى! ياخشىلىق قىلاي دېسەم، يامانغا ئۆرۈلۈپ بېرمۇنچە تىل ـ ئاھانەت ئېشىتتىۋالدىم! ماڭا ئىشەنمىسىلە، ئىختىيار ئۆزلىرىدە! كېتىۋەرسىلە.

## نەزم

غۇلىغان ھاڭغا تۈمەن مىڭ ھارۋىلار بۇندىن بۇرۇن،
ئىز بېسىپ ماڭغانلىرىمۇ ئالغۇسى شۇندىن ئۇرۇن.
ئوپئوچۇق كۆرسەتسە يولنىڭ توغرىسىنى رەھنامە،
ياخشى گەپكە كىرمىدى ھېچ بىغەرەز تولغاپ بويۇن.

مەيپۇرۇش بېشىنى چايقىغىنىچە دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. ۋۇ سۇڭ بولسا توقمىقىنى ئېلىپ، گۇس - گۇس دەسسەپ جىڭياڭ داۋنىغا راۋان بولدى. ئالاھازەل تۆت - بەش چاقىرىم يول باسقاندىن كېيىن داۋاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى، قارىغۇدەك بولسا قوۋزىقىنى سويۇپ يالىڭاچلاپ قويغان بىر ئېگىز دەرەختە ئىككىلىك خەت يېزىقلىق تۇرۇپتۇ، ۋۇ سۇڭمۇ خەتنى ئوبدان ئوقۇيالايتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا مۇنداق سۆز ئىكەن:

يېقىندىن بۇيان جىڭياڭ داۋنىدا بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ، كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈۋېتىپتۇ. يولۇچىلار چاشكا، چۈش ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدا توپ بولۇشۇپ ئۆتۈڭلار، غاپىل بولماڭلار.

ۋۇ سۇڭ بۇنى كۆرۈپ: «بۇ مەيپۇرۇشنىڭ يولۇچىلارنى قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ خانىسىدا قوندۇرۇش كويىدا قىلغان ھىيلىسى. مەن نېمىدىن قورقاتتىم!» دەپ توقمىقىنى توغرا تۇتقىنىچە داۋانغا يول ئالدى.

بۇ ئەسىر ۋاقتى بولۇپ، قۇياش بارغانسېرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. ۋۇ سۇڭ مەينىڭ كۈچى بىلەن ھەدەپ داۋانغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. يېرىم چاقىرىمدىن كۆپرەك يول بېسىپ، بىر ۋەيرانە تاغ مۇئەككىلى بۇتخانىسىغا يېتىپ كەلدى. كېلىپ

قارىغۇدەك بولسا، بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسىغا بىر باسما ئېلان چاپلىنىپتۇ. ۋۇ سۇڭ توختاپ تۇرۇپ ئوقۇدى:

شۇ خۇسۇستا ياڭگۇ ناھىيەسىدىن ئېلان چىقىرىلدىكى، جىڭياڭ داۋىنىدا يېقىندا بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈۋېتىپتۇ. شۇل ۋەجىدىن يۇرت ئاقساقاللىرىغا ۋە ئوۋچىلارغا ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن دەررە مۆھلىتى بېرىلگەن، تېخى تۇتۇلمىدى. ئەگەرچەندە بۇ داۋاندىن ئۆتكۈچى كارۋان - يولۇچىلار بولسا، چاشكا، چۈش ۋە پېشىن مەزگىللىرىدە توپ - توپ بولۇپ ئۆتكەيسىلەر، ئاندىن باشقا مەزگىلدە ئۆتۈشكە ۋە ياكى يېگانە يولۇچىلارنىڭ داۋاندىن ئۆتۈشىگە ئىجازەت يوق، ئەكسى ھالدا جېنى شىكەس تاپقاي. ۋاقىپ بولغايسىزلەر.

ۋۇ سۇڭ ئېلاننى ئوقۇپ كۆرۈپ، دەرۋەقە يولۋاس بارلىقىغا ئىشەندى. كەينىگە بۇرۇلۇپ، مەيخانىغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، ئەمما: «ئەگەر قايتىپ بارسام، جەزمەن ئۇنىڭ نامەرد ئادەم ئىكەن دېگەن كۈلكىسىگە قالىمەن، قايتىپ بارمىغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپ: «نېمىدىن قورقاتتىم ! چىقىپ كۆرۈپ باقمايمۇ!» دېدى. ئۇ كېتىۋاتاتتى، كەيپى تۇتقىلى تۇردى، ئۇ قالپىقىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۈچىسىغا ئارتىۋالدى، توقمىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ داۋان ئۈستىگە قاراپ ماڭدى. بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا قۇياش ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇۋاتاتتى. بۇ دەل ئونىنچى ئاي كۈنلىرى بولۇپ، كۈن قىسقا، تۈن ئۇزۇن بولغاچقا ئوڭايلا كەچ كىرىپ كېتەتتى. ۋۇ سۇڭ ئۆزىچە: «بۇ يەردە يولۋاس نېمە ئىش قىلار؟! كىشىلەر ئۆز سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، داۋانغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسا كېرەك» دەپ توختىماي مېڭىۋەردى. كەيپى ئۆرلەپ گەجگىدىن قورۇغىلى باشلىدى. بىر قولى بىلەن توقمىقىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن چاپىنىنىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ، دەلدەڭشىپ ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى. ئورمانلىقتا كاتتا بىر

يالتىراق ۋە سىلىق قورام تاش تۇراتتى، ئۇ توقمىقىنى تاشقا يۆلەپ قويۇپ، تاش ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىپ، ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇرۇۋىدى، غۇرقىراپ قاتتىق بوران چىقتى. قەدىمكىلەر ئاشۇ بورانغا خاس مۇنداق بىر رۇبائىي يېزىپ قالدۇرغانىكەن:

كۆرۈنمەس سايىسى كۆزگە ۋە لېكىن ئۆتىدۇ جاندىن،
ئېچىلدۇرغاي تۇمەن رەڭ گۈل پەسىللەردە گۈلىستاندىن.
تېرەكلەرنى سوقۇپ ۋەيران خازان قىلدى تۆكۈپ ياپراق،
سۇرۇپ ئاپپاق بۇلۇتلارنى كۆچۈردى تاغۇبوستاندىن.

ئومۇمەن دۇنيادا بۇلۇتنىڭ پەيدا بولۇشى ئەجدىھانىڭ شەپىسى، بوران چىقىشى يولۋاسنىڭ بەلگىسى. ھېلىقى بوراننىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ چاڭگاكلىشىپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن شالدۇر - شۇلدۇر بىر ئاۋاز يېتىپ كەلدى - دە، ئاق قاشقىلىق چار كۆز بىر يولۋاس ئېتىلىپ چىقتى. ۋۇ سۇڭ بۇنى كۆرۈپ «ئوھوي!» دەپ ۋارقىراپ تاش ئۈستىدىن مولالاق ئېتىپ چۈشتى ۋە ھېلىقى توقمىقىنى قولىغا ئېلىپ، تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدى.

يولۋاس ھەم ئاچ، ھەم چاڭقىغانىدى، كەلگەن پېتى ئىككى پۇتىنى يەرگە قويا - قويمايلا، تۇگۈلۈپ تۇرۇپ بىرلا سىلكىندى - دە، ئۈستىدىن شۇڭغۇپ چۈشتى. ۋۇ سۇڭ چۆچۈپ كەتتى. مەينىڭ كەيپى بىردىنلا مۇزدەك تەر بىلەن تارقىلىپ كەتتى. كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىكمۇ پۇرسەت قالمىدى، ۋۇ سۇڭ يولۋاسنىڭ ھەملە قىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شارتتىدە قىيسايدى - دە، يولۋاسنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. يولۋاس كەينىدىكى ئادەمگە ئاسان قارىيالمايتتى، ئۇ ئىككى پۇتىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ، بىرلا شىلتىنىڭ ئاتتى - دە، شارتلا قىلىپ بىر تەرەپكە داجىپ ئۆتۈۋالغان ۋۇ سۇڭغا تېگەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇنداق بىر ھۆركىرىدىكى، گويا كۆكتە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى، پۇتكۇل

www.uyghurkitap.com

داۋانمۇ لەرزىگە كەلدى. يولۋاس لوم تۆمۈرگە ئوخشاش قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ كەلگىنىچە بىرلا ئېتىلىۋىدى، ۋۇ سۇڭ يەنە چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ قاچتى. بۇ يولۋاس ئادەمگە چاڭگال سالماقچى بولسا ھەملە قىلىپ شىلتىڭ ئېتىپ، قۇيرۇقى بىلەن ئادەمنى ساۋاپ يىقىتاتتى. بۇ ئۈچ ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ تەڭ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەھرى كېسىلىپ، زەھرى قالدى. ئاخىرىدا قۇيرۇقى بىلەن ساۋىيالمىغاندىن كېيىن قايتا ھۆۋلىغىنىچە بىرلا پىرقىراپ قايتىپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ قايتا ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، توقمىقىنى كۆتۈرگىنىچە غەزەپ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، توقماق ھاۋادىن ئۇشقىرتىپ چۈشتى - دە، قۇلاقنى يارغۇدەك سادا چىقتى، دەرەخلەرنىڭ شاخ - ياپراقلىرى توقماق زەربىسىدىن قاراس - قۇرۇس، شاراق - شۇرۇق قىلىپ قالدى. سىنچىلاپ قارىسا، توقماق يولۋاسقا تەگمەي بىر توپ قاقشال دەرەخكە تەگكەنىكەن، توقماق سۇنۇپ، ئوتتۇرىدىن ئىككى بولۇپ كېتىپتۇ، يېرىمى قولىدا تۇرۇپتۇ.

يولۋاس شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ، تېخىمۇ تەرسالاشتى - دە، ئايلىنىپ كېلىپ قايتا ھەملە قىلدى، ۋۇ سۇڭ بىرلا قاڭقىپ، ئون قەدەم كەينىگە داجىدى. يولۋاس ئىككى ئالدى پۇتىنى دەل ۋۇ سۇڭنىڭ مەيدىسىگە تەڭلەپ، چاڭ سېلىپ كەلگەنىدى، ۋۇ سۇڭ قولىدىكى ھېلىقى توقمىقىنىڭ قالغان يېرىمىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىككى قولى بىلەن يولۋاسنىڭ ئالىچىپار بويىنىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى - دە، بىرلا كۈچەپ يەرگە باستى. يولۋاس غەزەپ بىلەن ئۆزىنى ھەرياققا ئۇردى. ۋۇ سۇڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ، يولۋاسنى قاماللىۋالغىنىچە بوشىتىشقا ئىمكان بەرمىدى ۋە بىر پۇتى بىلەن يولۋاسنىڭ كاللا - باشلىرىغا، كۆزلىرىگە ئۇتتۇر كەلگىنىچە تېپىۋەردى. يولۋاس پۇشۇلداپ ئاياغلىرى ئاستىدىن سېغىز لايىنى ئىككى يېنىغا تاتىلاپ چىقارغىنىچە، ئازگال پەيدا قىلدى. ۋۇ سۇڭ يولۋاسنى

مىنىۋالغىنىچە ئاغزى - بۇرنىنى سېغىز لايغا پاتۇرۇپ خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. سول قولى بىلەن يولۋاسنىڭ ئالىچىپار بوينىنىڭ تېرىسىنى قورۇپ مەھكەم قاماللىۋېلىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى بوشىتىپ بازغاندەك مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، جان - جەھلى بىلەن مۇشتلاپ كەتتى. ھايھات! ئەللىك - ئاتمىش مۇشت تەگكەندە، يولۋاسنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن، ئېغىز - بۇرۇن ۋە قۇلاق تۆشۈكلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قان تېپىپ چىقىشقا باشلىدى. ۋۇ سۇڭ بارلىق قۇدرەت - كارامىتىنى نامايان قىلىپ، قورسىقىدىكى چامباشچىلىق گۈمپىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر ھازا تۇتۇشۇپ، يولۋاسنى مۇشتلاپ، خۇددى بىر تۇلۇم خېمىرغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. جىڭيالىڭ داۋىنىدا ۋۇ سۇڭنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدىغان مۇنداق بىر مەخسۇس غەزەل قەدىمدىن تارقىلىپ كەلمەكتە:

چىقسا زەپ چاپقۇن - بوران جىڭيالىڭ داۋىنى ئۈستىدە،
ئاپتاپنى قاپسىدى مىڭلاپ بۇلۇت كۆك ئىلكىدە.
كۆرۈنۈپ كەچكى شەپەق جىلۋىلەنسە جاڭگال ئارا،
قوغلىدى مۇدھىش تۇمان جانغا تېگىپ كۆك قەرىدە.
ناگاندا كۆك گۈلدۈرلەپ، گۈلدۈر - غاراس چىقسا چېقىن،
ھايۋاناتنىڭ شاھى ئۈندى شۇ ھامان تاغ كۆكسىدە.
تىك تۇتۇپ بېشىنى يولۋاس خىرىس قىلىپ چىقسا شۇدەم،
ئۈركۈشۈپ بۇغا - مارالنىڭ قالمىغاي جان تېنىدە.
كەلدى چىڭخې شەھىرىدىن بىر كەيپ ئارا مەرد پالۋان،
ھايۋانات شاھى بىلەن ئۇچراشتى تەنھا تۆپىدە.
ئېچىرقاپ - چاڭقاپ بۇ يولۋاس يەمنى دەپ كەزدى جاھان،
خىرىس بىلەن ئېتىلدى كۈچلۈك شۇنچە دەھشەت پەيلىدە!
تاغ يىقىلغاندەك بەئەينى كەلدى يولۋاس ھەملە قىپ،
پالۋان گويا قورام تاشتەك يىقىلدى ئۈستىگە.
يەلكىسى تاشلاندى گويا توپ ئوقىدەك غۇي ئۇچۇپ،

تېپچەك ئاتقاندا يولۋاس پاتتى ئازگال تەكتىگە.
مۈشت ــ تېپىك، ئۇمۇت كېلىپ چۈشتى شۇ دەم يامغۇرسىمان،
قىپقىزىل قانغا بويالدى تامچىلاپ مۈشت پەنجىدە.
قارىغايزارلىق ئىچىنى قاپلىدى قان بۇسلىرى،
ئۆچتى يولۋاس يۈكلىرى توزغاق كەبى تاغ ئىچىدە.
بىھېسابتۇر قۇدرىتى كۆرسەڭ يىپىندىن گەر ئۇنىڭ،
ھەيۋىسى يەر بىرلە يەكسان بولدى تاغنىڭ ئۆزىدە.
بولدى تالقان ئوت ــ گىياھلىقتا ئۇنىڭ چار گەۋدىسى،
يۇمۇلۇپ نۇر چاقنىماس بولدى شۇ دەم جۇپ كۆزىدە.

شۇ ئەسنادا ۋۇ سۇڭ جىڭياڭ داۋىنىدىكى ھېلىقى يىرتقۇچ يولۋاسنى بىر ئاش پىشىم ۋاقتىغىچە مۈشت ۋە تېپىك بىلەن ئاپلاندۇرۇپ قىمىرلىيالماس قىلىپ تاشلىدى. يولۋاس خىرقىراپ ياتاتتى. ۋۇ سۇڭ شۇ چاغدىلا مۈشتلاشتىن توختاپ، قارىياغاچ تۈۋىدىن ھېلىقى سۇنغان توقمىقىنى تېپىۋالدى ــ دە، يولۋاسنىڭ جېنى چىقماي قالدىمىكىن دەپ يەنە بىردەم دۇمبالىدى. يولۋاسنىڭ نەپسى ئۈزۈلدى، ۋۇ سۇڭ: «بۇ ئۆلۈك يولۋاسنى داۋاندىن سۆرەپ چۈشەيمۇ...» دەپ قانغا مىلىنىپ ياتقان يولۋاسنى سۆرەپ باقتى، لېكىن قىمىرلىتالمىدى، ئۇ پۈتۈن كۈچ ــ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىۋەتكەچكە، قول ــ پۇتىدا ماغدۇر قالمىغانىدى، ئۇ ھېلىقى قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ: «قاش قارىياي دەپ قالدى، يەنە بىرسى چىقىپ قالسا، قانداقمۇ تۇتۇشارمەن؟ ھازىرچە داۋاندىن چۈشۈپ كېتەي، ئەتىگەنلىككە بىرگەپ بولار» دېگەن خىيالغا كېلىپ، تاش تۈۋىدىن قالپىقىنى تېپىپ كىيىپ، چاڭگاك دەرەخلەرنى ئارىلاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ داۋاندىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى.
يېرىم چاقىرىم باسا ــ باسمايلا، چاتقاللىق ئارىسىدىن ئىككى يولۋاس چىقىپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ: «ئاپلا، ئەمدى مەن تۈگىدىم» دەۋەتتى. ھېلىقى ئىككى يولۋاس قاراڭغۇدا ئۆرە ــ تىك تۇراتتى،

ۋۇ سۇڭ تازا سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، يولۋاس تېرىسىنى چاپان قىلىپ تىكىپ، مەھكەم ئورىنىۋالغان ئىككى ئادەم ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قولىدا بىردىن چارمىخ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ۋۇ سۇڭنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ:

— ھەي كىشى، ئەجەب ئۆزلىرى يالغۇز كېچىلەپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىلا، قوللىرىدا قورالمۇ يوق، بۇ داۋاندىن قانداقچە ئۆتتىلە؟ سىلى تىمساھنىڭ يۈرىكىنى، قاپلاننىڭ جىگىرىنى، شىرنىڭ ئالىقىنىنى يېگەنمۇ نېمە؟ سىلى ئىنسانمۇ، جىنمۇ؟ — دېيىشتى.

— سىلەر نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— بىز مۇشۇ يەرلىك ئوۋچى.

— سىلەر بۇ چوققىدا نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— سىز تېخى بىلمەمسىز! — دېدى ئوۋچىلار ھەيرانلىق ئىچىدە جاۋاب بېرىپ، — مۇشۇ كۈنلەردە جىڭياڭ داۋىنىدا بىر يوغان يولۋاس پەيدا بولۇپ كېچىلىرى ئۇۋىسىدىن چىقىپ، كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈۋېتىپتۇ، بىز ئوۋچىلاردىنمۇ يەتتە ـ سەككىزىمىزنىڭ جېنىنى ئالدى؛ بۇ يولۋاس يەپ كەتكەن يولۇچىلارنىڭ بولسا ھەددى ـ ھېسابى يوق. ئامبال يۇرت ـ مەھەللە ئاقساقاللىرىغا بىزگە ھەمدەملىشىپ يولۋاسنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ لەنىتى مەخلۇقنىڭ ھەيۋىتىنىڭ زورلۇقىدىن ئۇنىڭغا يېقىن يولىغىلى بولمايۋاتىدۇ. كىممۇ ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشقا پېتىنالىسۇن ! مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن بىز سانسىز مۆھلەت كالتەكلىرى يەپ كەتتۇق. زادى تۇتالمايۋاتىمىز! بۈگۈن كېچە ئوۋچىلىق نۆۋىتى ئىككىمىزگە كەلگەنىكەن، بىز ئون نەچچە مەھەللىلىكىمىز بىلەن مۇشۇ ئەتراپقا تۇزاق ـ قاپقان قويۇپ كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ھېلى بىز مۇشۇ يەردە مۆكۈپ تۇرساق، سىز بىر ئۆزىڭىز پەرۋا قىلماي داۋاندىن چۈشۈپ كېتىۋاتىسىز، شۇڭا بىز ھەيرەتتە قالدۇق. سىز زادى كىم بولىسىز؟ يولۋاسنى كۆردىڭىزمۇ؟

— مەن چىڭخې ناھىيەسىدىن بولىمەن، ئىسمىم زاتىم ۋۇ سۇڭ، كەنجى ئوغۇلمەن. ھېلى داۋاندىكى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئاشۇ يولۋاس ئالدىمغا چىققانىدى، مەندىن مۇشت-تېپىك يەپ ئۆلدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دېدى ئوۋچىلار بۇنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ.

— ئىشەنمىسەڭلار كىيىملىرىمدىكى ماۋۇ قان داغلىرىغا قاراڭلار.

— قانداق ئۆلتۈردىڭىز؟

ۋۇ سۇڭ يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ماھارىتىنى قايتا سۆزلەپ بەردى. ئوۋچىلار بۇنى ئاڭلاپ، بىر ھەيران، بىر خۇشال بولۇپ، قالغان ئون نەچچە مەھەللىلىكنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلار قوللىرىدا قويۇچ چاڭگاك، تەپكىلىك يا، قىلىچ، نەيزە تۇتقىنىچە دەرمەھەل چىقىپ كېلىشتى.

— بۇ كىشىلەر نېمىدەپ سىلەر ئىككىڭلار بىلەن بىللە داۋانغا چىقمىدى؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— ئۇ يىرتقۇچ ھايۋان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ يولىيالىسۇن؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئوۋچىلار.

ئون نەچچە ئادەم ھازىر تۇراتتى. ھېلىقى ئوۋچى ۋۇ سۇڭنىڭ يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇلار ئىشەنمىدى، ۋۇ سۇڭ:

— ئىشەنمىسەڭلار مەن سىلەرنى باشلاپ بېرىپ كۆرسىتەي، — دېدى.

جامائەتنىڭ يېنىدا چاقماق ۋە چاقماق تېشى بار ئىدى، ئۇلار چاقماقتىن ئوت چىقىرىپ، بەش - ئالتە ئوتقاش ياقتى - دە، ۋۇ سۇڭنىڭ كەينىدىن ماڭغىنىچە داۋانغا چىقتى، ئۇ يەرگە چىقىپ قارىسا، ھېلىقى يولۋاس ئۆلۈك پېتى مەلەقشىپ يېتىپتۇ. جامائەت بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە بىرەيلەننى يۇرت ئاقساقاللىرىغا ۋە شۇ تەۋەدىكى تۆرىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە

ماڭدۇرۇۋېتىپ، يولۋاسنى باغلاپ ـ چىرماپ داۋاندىن ئېلىپ ماڭدى.

داۋاندىن چۈشۈشكە يەتمىش ـ سەكسەن كىشى گۇررىدە ئۇلاشتى. جامائەت ئۆلۈك يولۋاسنى ئالدىدا كۆتۈرۈپ، ئارقىدىن بىر تەختىراۋانغا ۋۇ سۇڭنى ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ مېڭىشتى ـ دە، ئۇدۇل شۇ تەۋەدىكى بىر تۆرىنىڭكىگە ئېلىپ كەلدى. تۆرە ـ ئاقساقاللار جاڭزا ئالدىدا كۈتۈۋېلىپ، يولۋاسنى ھويلىغا كىرگۈزدى. مۇشۇ يەرلىك تۆرە ـ ئاقساقاللار ۋە ئوۋچىلار بولۇپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەم ۋۇ سۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار:

— پالۋان، مۇبارەك ئىسمىلىرى نېمە؟ قايسى يۇرتتىن بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر مۇشۇ يەرگە يېقىن ئايماقنىڭ چىڭخې ناھىيەسىدىن بولىمەن، ئۆزۈم ۋۇ ئۇرۇقىدىن، نامىم سۇڭ، پەرزەنتىنىڭ كەنجىسىمەن. ساڭجۇ ئايمىقىدىن قايتىپ كېلىۋېتىشىمدا تۈنۈگۈن كەچ داۋاننىڭ ئۇ يېقىدىكى مەيخانىدا مەي ئىچىپ، تازا تەڭشىلىپتىمەن. داۋاندىن ئېشىپ كېتىۋاتسام، مۇشۇ مەخلۇق يولۇقۇپ قالدى، — دەپ، ۋۇ سۇڭ يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن چېغىدىكى ھالەتنى، مۇشت ۋە تېپىك بىلەن يىقىتقانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

— ئەجەبمۇ پالۋان يىگىت ئىكەنلا ! — دېيىشتى ئاقساقاللار.

ئوۋچىلار ئالدى بىلەن ۋۇ سۇڭغا ئوۋ گۆشلىرىدىن ئەكېلىپ مەي بىلەن سۇندى، ۋۇ سۇڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ ھېرىپ ـ چارچىغانلىقتىن، كۆز ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى ئېيتتى. تۆرە ئوتاقچىلارغا مېھمانخانىغا ئورۇن ھازىرلاشنى بۇيرۇپ، ۋۇ سۇڭنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى.

تۆرە ئەتىسى سەھەردە ناھىيەگە خەۋەرچى ئەۋەتتى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلۈك يولۋاسنى جايلاشتۇرىدىغان تاختا زەمبىل تەييارلىتىپ، ناھىيەگە ئېلىپ بارغۇدەك قىلىپ تەخمۇتەخ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. تاڭ يورۇغاندا ۋۇ سۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ

يۈز ـ قولىنى يۇدى، تۆرە ـ ئاقساقاللار بىر تۇياق قوي، بىر ئەپكەش مەي كەلتۈرۈپ، ساراي ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ۋۇ سۆلۈك كىيىنىپ، بوغجۇملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ، ئەل ـ جامائەت بىلەن كۆرۈشتى. تۆرە ـ ئاقساقاللار قەدەھ تۇتۇپ:

— بۇ مەخلۇق سانسىز ئادەملىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، ئۈۋچىلارمۇ ئۇنى تۇتالماي، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن نەچچە رەت مۆھلەت كالتىكى يېگەندى. ھالا بۈگۈن تەلىيىمىزگە سىلى يېتىپ كېلىپ، بۇ چوڭ ئاپەتتىن خالاس قىلدىلا. ئەۋۋىلىسى، ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ بەختى بار ئىكەن. ئاندىن قالسا سەپەر قىلغۇچىلارغا يول ئېچىلدى. بۇ سىلىنىڭ ھىممەتلىرىدىن بولدى ! — دېدى.

— ھەربىرلىرىدەك مويسىپىتلەرنىڭ ياخشىلىقىنىڭ بەرىكىتىدىن بولدى. پېقىرنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن، — دېدى ۋۇ سۆلۈك تەشەككۈر ئېيتىپ.

جامائەت مۇبارەكلەشتى.

ئىچىملىك ـ يېمەكلىك بىلەن ناشتا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يولۋاس ئاچقىلىپ زەمبىلگە ياتقۇزۇلدى. يۇرتنىڭ تۆرە ـ ئاقساقاللىرى ۋۇ سۆڭغا قىزىل شەلپەرلەر ئاستى. ۋۇ سۆلۈك كۆدە ـ كۆرپە، خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى جاڭزىغا ئامانەت قويۇپ قويدى. ھەممەيلەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىشتى، شۇ چاغدا ياڭگۇ ناھىيەسىنىڭ ئامبىلىمۇ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكەندى، ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن ئوتاقچىلاردىن تۆتەيلەنگە تەختىراۋان كەلتۈرۈپ، ۋۇ سۇڭنى ئولتۇرغۇزدى. يولۋاس ياتقۇزۇلغان زەمبىلگىمۇ شەلپەر تارتىلدى، ھەممەيلەن يولۋاسنى ئالدىغا سېلىپ، ياڭگۇ ناھىيەسىگە راۋان بولدى.

ياڭگۇ ناھىيەسىنىڭ خەلقى بىر پالۋان چىقىپ جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرۈپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئالدىغا چىقتى، پۈتۈن ناھىيە قوزغىلىپ

كەتتى. ۋۇ سۇڭ تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ چوڭ ـ كىچىك كوچىغا لىق تولغان مىغ ـ مىغ ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى نىقتاپ ـ ئارتىلىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ، يولۋاسنى كۆرۈشكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىپ باراتتى. يامۇل دەرۋازىسى ئىچىگە كىرگەندە، ئامبال دىۋان ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. ۋۇ سۇڭ تەختىراۋاندىن چۈشتى، جامائەت يولۋاسنى كۆتۈرگىنىچە دىۋان ئالدىدىكى ئۆتەر يولغا قويدى، ئامبال ۋۇ سۇڭنىڭ قەددى ـ قامىتىگە نەزەر تاشلاپ، ئالدىدا ياتقان چىپار يولۋاسقا قاراپ: «مۇشۇنداق باتۇر بولمىسا، بۇ يىرتقۇچ يولۋاسنى قانداقمۇ يوقاتقىلى بولاتتىكىن !» دەپ ئويلاپ، ۋۇ سۇڭنى دىۋانغا تەكلىپ قىلدى. ۋۇ سۇڭ دىۋانغا كىرىش ئالدىدا ئامبالغا سالام بەردى.

— خوش، يولۋاس باتۇر، قېنى سۆزلەپ بېرىڭا، يولۋاسنى قانداق قىلىپ ئۆلتۈردىڭىز؟ — دېدى ئامبال.

ۋۇ سۇڭ دىۋان ئالدىدا يولۋاسنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. دىۋاننىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئادەملەر بۇنى ئاڭلاپ، تەئەججۈپ ئىچىدە هاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. ئامبال دىۋاندىلا ۋۇ سۇڭغا بىرنەچچە قەدەھ مەي تۇتتى ۋە تۆرە ـ ئاقساقاللار يىغىش قىلغان مىڭ تىزىق ئىنئام يارماقنى سۇندى.

— ئامبال بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ بەرىكاتىدىن تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بۇ يولۋاسنى ئۆلتۈردۈم، پېقىر بىر ناتىۋانمەن، بۇ ئىنئامنى پېقىر قانداقمۇ ئالالايمەن؟ بۇ تۇرغان ئوۋچىلار مۇشۇ يولۋاسنىڭ كاساپىتىدىن سىلىنىڭ جازالىرىغا تارتىلغانىكەن، بۇ مىڭ تىزىق يارماقنى مۇشۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەم بولارمۇ؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئىختىيار ئۆزىڭىزدە بولسۇن، — دېدى ئامبال.

ۋۇ سۇڭ ئىنئام قىلىنغان يارماقنى دىۋاندىلا ئوۋچىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتتى. ئامبال ئۇنىڭ لۇتپۇ ـ كەرەملىكىنى

كۆردى ـ دە، مەرتىۋىسىنى زىيادە قىلماقچى بولۇپ:
— ئۆزىڭىز چىڭخې ناھىيەسىدىن بولسىڭىزمۇ، بىزنىڭ ياڭگۇ ناھىيەمىزگە چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن يەردە ئىكەنسىز. بۈگۈن مەن سىزگە ناھىيەمىزدىن يۈزبېشىلىق مەنسەپ بەرسەم دەيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دېدى.
— شاپائەتلىك بېگىم، ئۆزلىرى بەخش قىلغان ئالىي ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولغىنىمدا، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ماڭا قىلغان ئۆمۈرلۈك ئىلتىپاتى دەپ ھېسابلايمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ.
ئامبال دەرمەھەل مىرزا چاقىرتتۇرۇپ، قارارنامە چىقىرىپ، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ۋۇ سۇڭنى پىيادە لەشكەرلەرگە يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلىدى. تۆرە ـ ئاقساقاللار ۋۇ سۇڭغا مۇبارەكلەر ياغدۇرۇشتى. مەي بىلەن ئۇدا تۆت ـ بەش كۈن بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ۋۇ سۇڭ: «ئەسلىدە چىڭخې ناھىيەسىگە قايتىپ بېرىپ، ئاكامنى يوقلىماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدىم، ئويلىمىغان يەردە بۇ ياڭگۇ ناھىيەسىگە كېلىپ قېلىپ، يۈزبېشى بولۇپ قالغىنىمغا قارىمامدىغان» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامبالنىڭ نەزىرىگە سازاۋەر بولدى، داڭقى يۇرتقا پۇر كەتتى.
يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، بىر كۈنى ۋۇ سۇڭ سەيلە ـ تاماشا ئۈچۈن ياموۇل ئالدىدىكى رەستىگە چىققانىدى، كۈتۈلمىگەندە بىرسى كەينىدىن:
— ھوي يۈزبېشى، بەخت قۇشى باشلىرىغا قونغاندا، بىزنى تونۇماس بولۇپ قالدىلىمۇ، نېمە؟ — دەپ توۋلىدى.
ۋۇ سۇڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ، شۇنداق قاراپلا:
— ئوھوي! قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى.
ئەييۇھەنناس، ئىشتىگۈچىلار ئاموخاس! ۋۇ سۇڭ بۇ كىشىگە يولۇقمىغان بولسا ياڭگۇ ناھىيەسى جەسەت دۆۋىسى، قان دەرياسىغا ئايلانمىغان بولاتتى. قىلىچ گاچ ـ گۇچ ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

چىقارمىغان، ئادەملەرنىڭ كاللىسى ھارۋا چاقىدەك دۈگىلەپ چۈشمىگەن بولاتتى؛ زۇلپىقار كۆتۈرۈلگەندە، ئىسسىق قانلار شارقىراپ ئاقمىغان بولاتتى. «ھوي يۈزبېشى!» دەپ تووۋلىغان كىشىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ۋاڭ كەمپىرنىڭ پۇل - مالنى دەپ دەللاللىق قىلغانلىقى يۈن گېنىڭ ئاچچىقىغا چىدىماي چايخانىدا جېدەل چىقارغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى ۋۇ سۇڭ يۈزبېشى كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھېلىقى كىشىنى كۆردى - دە، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تەزىم قىلدى. ھېلىقى كىشى باشقا ئادەم ئەمەس، دەل ۋۇ سۇڭنىڭ بىر تۇغقان چوڭ ئاكىسى ۋۇ دا ئىدى، ۋۇ سۇڭ تەزىم قىلىپ بولۇپ:

— سىزنى كۆرمىگىنىمگە مانا بىر يىلدىن ئاشتى، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

— ئۇكام، سىز كەتكىلى ئۇزۇن بولدى، نېمىشقا بىرەر پارچە خەت - پەت يازمىدىڭىز؟ مەن سىزدىن ئاغرىندىم ھەم سىزنى سېغىندىم، — دېدى ۋۇ دا.

— ئاكا، ئاغرىنىشىڭىز ۋە سېغىنىشىڭىزنىڭ ۋەجى نېمە ئىدى؟

— سىزدىن ئاغرىنىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، دەسلەپ سىز چىڭخې ناھىيەسىدىكى چېغىڭىزدا، ھەمىشە مەي ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش - جېدەل چىقىرىسىپ، دەۋا - دەستۇرغا چۈشۈپ قالاتتىڭىز، بۇنداق چاغلاردا مېنىمۇ يامۇلغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىشاتتى، ئازراقمۇ ئارام بەرمەيتتى، دەردىڭىزنى بەك تارتقاندىم، سىزدىن ئاغرىنىدىغان يېرىم شۇ. ئەمدى سىزنى سېغىنغىنىمنى دېسىڭىز، مۇشۇ يېقىندا چىڭخې ناھىيەسىدىن بىر خوتۇن ئالغانتىم، شەرمەندە دەيۈزلەر مېنى ئانچە تاپتى، مېنىڭ بېشىمنى سىلايدىغان ئادەم چىقمىدى. سىز بولغان بولسىڭىز كىممۇ غىدىڭ - پىدىڭ قىلالايتتى؟ ئۇ يەردە ئارام

تاپالمىغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، سىزنى سېغىنغانلىقىمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

كىتابخانىلار قولاق سېلىڭلاركى، ۋۇ دا بىلەن ۋۇ سۇڭ ئەسلىدە بىر ئانىدىن تۇغۇلغان. ۋۇ سۇڭ قەددى ـ قامەتلىك، شانۇشەۋكەتلىك بولۇپ، ۋۇجۇدىدا مىڭ پاتمانلاپ كۈچ ـ قۇۋۋەت بار ئىدى، بولمىسا ئاشۇ يىرتقۇچ يولۋاسنى ئۆلتۈرەلەيتتىمۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ ئاكىسى ۋۇ دا بولسا بويى پاكار، كۆرۈمسىز، بېشى قاپاقتەك، بوينى ساپاقتەك بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ۋىجىكلىكىنى كۆرگەن چىڭخېلىقلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «قورۇق پىندەك» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى.

چىڭخې ناھىيەسىدە بىر تۆرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە پەن جىنلىيەن ئاتلىق بىر دېدەك قىز بار ئىدى؛ ئۇنىڭ يېشى ئەمدى يىگىرمىدىن ھالقىغان بولۇپ، خېلىلا ساھىبجامال قىز ئىدى. بىر كۈنى تۆرە ئۇنىڭغا قانات سۆرىگەندە، ئۇ بۇ ئەھۋالنى خېنىمىغا دادلاپ، ئۆزىنى تۇتقۇزمىغانىدى. شۇڭا تۆرە ئۇنى يامان كۆرۈپ قېلىپ، ۋۇ دانى بىر تىيىنمۇ چىقىم قىلدۇرماي، ھەتتا ئۆي سەرەمجان، تويلۇقچە ئۆزى چىقىرىپ ئۇنى چېتىپ قويغانىدى، ۋۇ دا ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن چىڭخې ناھىيەسىدە بىرنەچچە ئالقانات سولتەكلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىۋېلىپ، خاپا قىلىدىغان بولۇۋالدى. پەن جىنلىيەن ۋۇ دانى پاكار، سەت، كۆرۈمسىز، ئىشقى يوق دەپ ياراتمايتتى. ئۆزىنى بولسا سەتەڭ دەپ باشقىلارنى ئاشنا تۇتۇپ ئوينايتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

پەن جىنلىيەننىڭ ھۆسنى زىبا كېلىشكەن،
خۇش تەبەسسۇم ئوينار قەلەم قېشىدا.
سەتەڭ ـ نوچى يىگىتلەرنى كۆرگەندە،
قېنى كېلىڭ دەپ چىللايدۇ قېشىغا.

پەن جىنلىيەن ياتلىق بولغاندىن كېيىن ۋۇ دانى قورقۇنچاق ـ بوزەك دەپ قارايدىغان بۇ ئادەملەر ھەممىشە ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىۋېلىپ: «ۋاي ئىستەي، بىر پارچە لوق گۆش ئىتنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن ۋۇ دانىڭ چىڭخې ناھىيەسىدە ئورنى ئىسسىماي، مۇشۇ ياڭگۇ ناھىيەسىگە كۆچۈپ كېلىپ قوڭغۇرتاش رەستىسىدە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ھەر كۈنى يۇتازا ئېتىپ، ئەپكەش بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتاتتى.

ۋۇ دا بۈگۈن يامۇل ئالدىدا سودا قىلىۋاتاتتى، تۇساتتىن ۋۇ سۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ ۋۇ سۇڭغا:

— ئۇكام، ئۇلۇشكۈن كوچىدا خەقلەرنىڭ: «جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭ دېگەن بىر باتۇرنى ئامبال يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلەپتۇ» دەپ قىزىق گەپ قىلىشىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئېھتىمال مېنىڭ ئۇكام بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، دېگەندەك مانا ئەمدى دىدار كۆرۈشتۇق. ھازىر سودا ـ سېتىقىمنى يىغىشتۇرۇپ، سىزنى ئۆيگە باشلاپ باراي، — دېدى.

— ئاكا، ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— ئەنە ئاۋۇ قوڭغۇرتاش رەستىسىدە، — دېدى ۋۇ دا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

ۋۇ سۇڭ ۋۇ دانىڭ ئەپكىشىنى كۆتۈرۈۋالدى، ۋۇ دا ۋۇ سۇڭنى باشلاپ كوچا دوقمۇشلىرىدىن قايرىلىپ، ئۇدۇل قوڭغۇرتاش رەستىسىگە ئېلىپ ماڭدى.

ئىككى دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ ئۆتۈپ، بىر چايخانىغا ياندىش ئۆيگە كەلدى، ۋۇ دا:

— ھوي خوتۇن، ئىشىكنى ئاچ! — دەپ تۇۋلىدى. قومۇش پەردىنى قايرىپ، بىر ئايال چىقىپ كەلدى ۋە:

— ئەجەب بالدۇر قايتىپ كەپتىلىغۇ دادىسى؟ — دېدى.

— قېيىنئىنىڭ كەلدى، كۆرۈش، — دېدى ۋۇ دا ۋە

ئەپكەشنى ئەكىرىپ كېتىپ قايتا چىقىپ، — ئۇكام ئىچكىرىگە كىرىڭ، قېيىنئىنىڭچىڭىز بىلەن كۆرۈشۈڭ، — دېدى.

ۋۇ سۆك پەردىنى قايرىپ ئىچكىرىگە كىرىپ، ھېلىقى ئايال بىلەن كۆرۈشتى.

— خوتۇن، — دېدى ۋۇ دا، — ھېلىقى جىڭىياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرۈپ، يېڭىدىن يۈزبېشى بولغان كىشى مانا مۇشۇ مېنىڭ ئۇكام.

ھېلىقى ئايال ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بېرىپ:

— ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ قېيىنئىنى؟ — دېدى.

— قېيىنئىنىڭچە، ئولتۇرسىلا، — دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە قەددىنى پۈكۈپ، گەۋدىسىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى.

ئايال ئالدىغا سىلجىپ، ۋۇ سۇڭنى يۆلەپ:

— قېيىنئىنى، مېنى خىجىل قىلمىسىلا، — دېدى.

— قېيىنئىنىڭچە، ئىززەت - ئىكرامىمنى ئىلىك ئالسىلا.

— «يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن بىر باتۇر ناھىيەمىزگە كەپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كۆرۈپ كېلەي دەپ ئويلاپ، ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم. ئەسلىدە سىلى ئىكەنلا، قېنى بالىخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا.

ۋۇ سۇڭ بۇ ئايالغا نەزەر سالدىكى:

باش باھار چوكان تېلىنىڭ ياپرىقى گويا قېشى،
ھەر زامان ئۇندىن ئايان شەھۋانىيلىق دەرد - ھەسرىتى.
ئىككى مەڭزى نەۋ باھار شاپتۇل چېچەكىدۇر ئۇنىڭ،
چېھرىدە پىنھان تۇرۇپتۇ ئەيش - ئىشرەت شەھۋىسى.
قارلىغاچ، بۇلبۇل بولۇپ مەست ھالىدىن كەتكەي كۆرۈپ،
غۇنچە بويلۇق بۇ سەنەمنىڭ شۇنچە سازۇ جىلۋىسى.
مىسلى ئويماقتۇر چىرايلىق، ئەتىر بوي ئاغزى مەگەر،
ھەرە - كېپىنەكلەر ئۇنىڭ ئەگىپ ئۇچار پەرۋانىسى.

www.uyghurkitap.com

ئايمىكىن، غىلمانمىكىن يوق تەڭدىشى بۇ ھۆر سەنەم،
بويدۇر ئەنبەر، سۆزىكىم ئۈنچىلەردۇر دانىسى.

شۇ ئەسنادا بۇ ئايال ۋۇ ۋۇ سۇڭنى بالىخانىغا تەكلىپ قىلىپ، تۆرگە باشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇچەيلەن بالىخانىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئايال ۋۇ داغا قاراپ:

— مەن قېيىنئىنىمغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇراي، سىلى چاققان بېرىپ، ئاز - تولا ئىچمىلىك - يېمەكلىك ئەكەلسىلە، قېيىنئىنىنى مېھمان قىلايلى، — دېدى.

— خوپ ئۇكام، سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر يېتىپ كېلىمەن، — دېدى ۋۇ دا ۋە بالىخانىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئايال بالىخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ۋۇ سۇڭنىڭ قەددى - قامىتىگە نەزەر تاشلاپ: «ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداش ئىكەنۇ، ئەجەبمۇ تەمبەل ئىكەن. مۇشۇنداق كېلىشكەن ئادەمگە چۈشكىنىمدە، ئۆمۈر بويى ئارمانسىز ئۆتەتتىم! قارىسامدىغان، مېنىڭ ھېلىقى «قورۇق پىندەك» دېگەن بىرنېمەمنى! ئۇنىڭ ئادەم سىياقىدىن جىن سىياقى ئېشىپ چۈشىدۇ، مەن نېمىدېگەن شۇم تەلەي! بۇ ۋۇ سۇڭچۇ، يولۋاسنىمۇ مۇشتلاپ مەلەق قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولسا كېرەك... يەنە كېلىپ ئۆيلەنمىگەنىكەن، ئۆيىمىزگە كۆچۈرۈپ كەلسەك بولمامدۇ؟... تەلىيىم ئۇڭدىن كېلىدىغان بولدى - دە!» دەپ ئويلىدى.

بۇ ئايال تەبەسسۇم بىلەن:

— قېيىنئىنى، بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىرىغا قانچە كۈن بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالدى.

— نەدە تۇرۇۋاتىدىلا؟

— ھازىرچە يامۇل ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن.

— قېيىنئىنى، ئۇنداقتا ئۇ يەردە قىيىنىلىپ قالارلىمىكىن.

— ئۆزۈم يالغۇز بولغاچقا ھېچ گەپ يوق، ئەتىسى - ئاخشىمى چاپارمەن - قاراۋۇللار خىزمىتىمنى قىلىۋاتىدۇ.
— ئۇلار ئۆزلىرىگە دېگەندەك قاراپ كېتەلمەيدۇ، بىزنىڭكىگە كۆچۈپ كەلسىلە بولماسمۇ؟ ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئۆزلىرىگە ئۆز قولۇم بىلەن چاي قاينىتىپ، ئاش - تاماقلىرىنى ئېتىپ بەرسەم، ھەر ھالدا ئۇ سېپىسقلاردىن تۈزۈكرەك بولاتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇماچ ئىچسىلىمۇ، كۆڭۈللىرى غەمسىز ئۆتەتتى.
— رەھمەت، قېيىنئىنىچە.
— بالىچاقىلىق بولغان بولغىيتتىلا، باشلاپ كەلگەن بولسىلىمۇ كۆرۈشۈپ قالىدىكەنمەن.
— بالىچاقىلىق بولمىدىم.
— قېيىنئىنى، قانچىگە كىرگەنلا؟
— يىگىرمە بەشكە كىردىم.
— مەندىن ئۈچ ياش چوڭ ئىكەنلا، قېيىنئىنى، بۇ نۆۋەت نەدىن كېلىشلىرى؟
— ئاكامنى چىڭخي ناھىيەسىدىن تاپارمەن دەپ، ساڭجۇ ئايمىقىدا بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم، قارىسام بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىۋاپتۇ.
— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا ! ئاكىلىرىغا چۈشكىنىمدىن كېيىن ئۇ تولىمۇ ياۋاش بولغاچقا خەقلەر ئانىي تېپىپ، چىڭخېدا ئولتۇرالماي بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق. ئەگەر ئۆزلىرىدەك قاۋۇل بولغىنىدا، كىممۇ ھۆتۈت - پۆتۈت دېيەلەيتتى؟!
— ئاكام ئەزەلدىن شۇنداق ياۋاش، مەندەك توڭ - قوپال ئەمەس.
— بۆلەكچىلا گەپ قىلىۋاتىدىلىغۇ؟ — دېدى ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ، — جىگىرى يوق ئادەمنىڭ كۈنى تەس، دېگەن گەپ بار، مېنىڭ مىجەزىم شوخراق، بۇنداق تەپسە تەۋرىمەيدىغان دەلدۈش ئادەم بىلەن قاملىشالمايدىكەنمەن.
— ئۇنداق بولسا، ئاكام بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ

قالمىغاي، قېيىنئېگىچە، كۆپرەك غەمخورلۇق قىلسىلا.

بالىخانىدىكى پاراڭنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇشىغا، ۋۇ دا بىرمۇنچە مەي، گۆش، مېۋە - چېۋە كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويدى ۋە بالىخانىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھەي خوتۇن، قېنى چۈشۈپ تائام ھازىرلىغىن، — دەپ چاقىردى.

— قارىمامدىغان بۇ دېۋەڭنى، ئۆزلىرى بۇ يەردە ئولتۇرسىلا، مېنى ئۆزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ بۇياققا چۈشكىن دەۋاتقىنىنى! — دېدى ئايال.

— مەيلى، كېرەك يوق، چىقىۋەرسىلە، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— قارىسىلا بۇ تەلۋىنى ! تام قوشنىمىز ۋاڭ ئايالمۇنى قىچقىرىپ تەييارلاتقۇزۇپ تۇرسا بولاتتىغۇ؟! ئەنە شۇنداق ئېپى يوق بۇ بىرنېمىنىڭ، — دېدى ئايال.

ۋۇ دا تام قوشنىسى ۋاڭ كەمپىرنى چاقىرىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بېلىق، گۆش، مېۋە - چېۋىلەرنى تەخسىلەپ قىلدۇرۇپ، بالىخانىغا ئاچىقىپ شىرەگە تىزىپ قويدى، ئاندىن مەينىمۇ ئىسسىتىپ ئەكىردى. ۋۇ دا خوتۇننى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى، ۋۇ سۇڭغا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن بەردى. ئۆزى تۆۋەندە ئولتۇردى. ئۈچەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ۋۇ دا ھەرقايسىسىنىڭ ئالدىغا مەي قۇيۇپ قويدى. ئايال قولىغا قەدەھنى ئېلىپ تۇرۇپ:

— قېيىنئىنى، لايىقلىرىدا بىرنەرسە يوق، ئەيىبكە بۇيرۇماي، مەيگە مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى.

— رەھمەت، قېيىنئېگىچە، ئۇنداق بولمىدىغان، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

ۋۇ دا ھەدەپ مەي قۇيۇش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، باشقا ئىشلار بىلەن نېمە كارى بولسۇن. ئايال بولسا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تەبەسسۇمى بىلەن:

— قېيىنئىنى، بېلىق ۋە گۆشتىن تېتىپ باقمايدىلىغۇ؟ — دېگىنىچە، گۆشنىڭ لوق يېرىنى تاللاپ ۋۇ سۇڭغا تۇتقىلى

تۇردى. ۋۇ سۇڭ كۆڭلى تۇز يىگىت بولغاچقا، ئۇنى ئۆز كۆرۈپ مۇئامىلە قىلاتتى، بۇ چوكاننىڭ ئەسلىي دېدەك بولۇپ، ھەممىنى قاملاشتۇرۇشقا پىشىپ كەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى، ۋۇ دا ھەم ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، ئۇنداق - بۇنداق ئىشلارغا كۆز سېلىپ يۈرمەيتتى.

ئايال بىرنەچچە قەدەھ مەينى كۆتۈرگەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ۋۇ سۇڭغا تىكىپ ئولتۇراتتى. ۋۇ سۇڭ بولسا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغىنىچە، ئىشىنىڭ تېگىگە ئانچە يەتمەي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. شۇ كۈنى ۋۇ سۇڭ ئون نەچچە قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ، ئىنىم، يەنە بىرنەچچە قەدەھ ئىچىڭ، — دېدى ۋۇ دا.

— ئەمدى بولار، مەن يەنە يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

ۋۇ دا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋۇ سۇڭنى ئۇزىتىپ بالىخانىدىن چۈشتى. ۋۇ دانىڭ خوتۇنى:

— جەزمەن بىزنىڭكىگە كۆچۈپ كەلسىلە جۇمۇ، ئەگەر كۆچۈپ كەلمىسىلە، بىزنىمۇ قولۇم - قوشنىلار ئالدىدا كۈلكىگە قويىدىلا، ياتنى تۇغقانغا تەڭ قىلىپ بولامدىغان. ھوي دادىسى، قېيىنئىنىمىزغا بىر ئۆي تەييارلاپ بەرسىلە، كۆچۈپ كەلسۇن، ئەھلىمەھەللە بىزنىڭ كەينىمىزدىن گەپ توقۇپ يۈرمىگەي يەنە، — دېدى.

— دېمىسىمۇ بۇنىڭ دەۋاتقىنى راست. ئۇكام، سىز كۆچۈپلا كېلىڭ، مېنىڭمۇ سىزنى بار دەپ تىلىم ئۇزارسۇن، — دېدى ۋۇ دا.

— ھەر ئىككىڭلار مۇشۇنداق دەپ تۇرغاندىن كېيىن بوپتۇ مەيلى، ئاخشاملىققا كۇدە - كۆرپەمنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېلەي.

— قېيىنئىنى، ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتمىسۇن جۇمۇ، —

دېدى ئايال، — مەن يوللىرىغا قاراپ تۇرىمەن.
بۇ ئايال شۇ قەدەر يېقىنلىق قىلىپ كەتتىكى:

قېيىنئىنى يەڭگە بىلەن سۆزلەشمىكى ئەخلاقتا يوق①،
يەڭگىنىڭ ياردەم قولى بىلگىن مىكىر ـ ھىيلە ئوچۇق.
ئاجرىماس بىر شاخ قېرىنداش دەپ بىلىپ يۈرسە يىگىت،
ئاجراتماق بولدى شاخنى، نەپسىنى دەپ شۇ بۇزۇق.

ۋۇ سۇڭ ئاكىسى ۋە قېيىنئىبگىچىسى بىلەن خوشلىشىپ، قوغۇرتاش رەستىسىدىن چىقىپ يامۇلغا يېتىپ كەلدى، ئامبالمۇ دىۋاندا ئولتۇراتتى. ۋۇ سۇڭ دىۋانغا كىرىپ، ئامبالغا:

— پېقىرنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بار ئىدى، قوغۇرتاش رەستىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئاخشىمى شۇلارنىڭكىدە تۇرسام، كۈندۈزى يامۇلدا قوللۇق قىلسام دەيمەن. دېمەي كېتىشكە ئاجىزلىق قىلىپ، جانابلىرىدىن ئىجازەت سوراپ كەلدىم، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— بۇ قېرىنداشلىق ئەقىدىڭىزگە مەن نېمە دەيتتىم؟ يامۇلدىكى كۈندىلىك خىزمىتىڭىزدىن قېلىپ قالمىسىڭىزلا بولدى، — دېدى ئامبال.

ۋۇ سۇڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقتى ـ دە، كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇردى. يېڭى ئۇستىباشلىرىنى ۋە ئامبال ئىنئام قىلغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى چېرىكلەردىن بىرىگە يۈدۈتۈپ، ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئايال بۇنى كۆرۈپ، گويا قاراڭغۇ كېچىدە گۆھەر تېپىۋالغاندەك شادلىقتا چۈمۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ۋۇ دا بىر ياغاچچى ئۇستامنى چاقىرىپ كېلىپ، بالىخانىدا بىر ئۆي تەييارلاتتى ۋە ئۇنىڭغا بىر كات قويدى، بىر شىرە، ئىككى ئورۇندۇق ۋە مەش جايلاشتۇردى.

① كونا فېئودالىق قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە قېيىنئىنى بىلەن يەڭگە دەرقەمتە تۇرۇپ سۆزلىشىش ئەيىب دەپ قارىلاتتى.

ۋۇ سۇڭ كۇدە ـ كۆرپىلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چېرىكلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، شۇ كۇنى ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە قوندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋۇ سۇڭ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەنلا، ئايال ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ ئىسسىتىپ بەردى، ۋۇ سۇڭ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن بوغمىچىنى بېشىغا ئوراپ، يوقلىمىغا ئۇلگۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يامۇلغا قاراپ يول ئالدى. ۋۇ دانىڭ ئايالى:

— قېيىنئىنى، يوقلىمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ، ناشتا قىلىۋالسىلا، باشقا يەردە غىزاغا ئولتۇرۇپ قالمىسىلا، — دېدى.

— بېرىپلا كېلىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە يامۇلغا بېرىپ، يوقلىما دەپتىرىگە قول قويغاندىن كېيىن بىردەم يوليورۇق كۇتۇپ تۇردى ـ دە، كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ھېلىقى ئايال باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، سىپتا ياسانغاندىن كېيىن تائام ھازىرلىدى، ئۇچەيلەن بىللە غىزالاندى. ۋۇ سۇڭ تائام يەپ بولغاندا، ھېلىقى ئايال بىر پىيالە چاي قۇيۇپ، ئىككى قوللاپ ۋۇ سۇڭغا ئۇزاتتى.

ۋۇ سۇڭ ئايالغا:

— سىلىنى خىزمەتكە سېلىپ مالال قىلىپ قويسام، ئۆزۈممۇ بىئارام بولىدىكەنمەن. يامۇلدىن بىرەر چېرىك ئەكېلىپ خىزمەتكە سالسام بولامدىكىن، — دېدى.

ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۈندەرەپ:

— قېيىنئىنى، مېنى يات كۆرۈپ قالدىلىمۇ؟ سىلى ئۆزىمىزنىڭ تۇغقىنى، يا بىز باشقا بىراۋنى كۇتۇۋاتمىساق، چېرىكنى ئەكېلىپ خىزمەتكە قويسىلا، مەينەت قوللىرى بىلەن قازان ـ قومۇچلارنى بۇلغايدۇ، ئۇنداقلارنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

www.uyghurkitap.com

رىۋايىتىمىزنى شاخلاتمايلى. ۋۇ سۇك بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىدىن كېيىن ئاكىسىغا بىرئاز تەڭگە بېرىپ، قەنت ـ كېزەك، مېۋە ـ چىۋىلەر ئەكەلدۈرۈپ، قوشنا ـ قولۇملارغا چاي بەردى. ئەھلىمەھەللىدىكىلەرمۇ يىغىش قىلىپ، ۋۇ سۇڭغا يارىشقىنى قىلدى، ۋۇ دا بۇنىڭ ئۈچۈن جاۋاب چېيى بەردى، بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ۋۇ سۇڭ قېيىنئىنىسىگە ئۇستىباش قىلدۇرۇۋالسىلا دەپ، بىر توپ گۈللۈك دۇردۇن ئەكېلىپ بەردى. ئايالنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ:

— جۇۋىمىسىلا بولاتتى قېيىنئىنى! بۇنى ئەكەپتىلا، ئالىمسام تېخى، بوپتۇ ئالاي، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئاكىسىنىڭكىدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرىدىغان بولدى. ۋۇ دامۇ بۇرۇنقىدەكلا ئەپكەش بىلەن بازارغا يۈتازا ئاچىقىپ سېتىپ، سودىسىنى قىلىۋەردى، ۋۇ سۇڭ بولسا ھەر كۈنى يامۇلغا يوقلىمىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ قويۇپ، خىزمىتىنى ئارتقۇرۇش بىلەن بولدى. ئۇ بالدۇر قايتسىمۇ، كېيىن قايتسىمۇ ھېلىقى ئايال ئاش ـ پىشىنى تەييار قىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغان ھالدا ۋۇ سۇڭنى كۈتۈپ يۈرىدى. ۋۇ سۇڭ بۇنىڭدىن خىجىل بولاتتى. ئايال ھە دېسىلا ئانچە ـ مۇنچە گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ۋۇ سۇڭغا چېقىلىپ قوياتتى، ۋۇ سۇڭ ساپ ۋىجدانلىق يىگىت بولغاچقا، بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايتتى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بىلمىمەيلا بىر ئايدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئون بىرىنچى ئايمۇ كىرىپ قالدى. ئىمزغىرىن شامال كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى، ھەممە ياقتا قارا بۇلۇت ئەگىپ يۈرەتتى، ئارقىدىنلا لەپىلدەپ بىر كۈن قېلىن قار ياغدى. بۇ شۇنداق بەرىكەتلىك قار بولدىكى:

تاشلىغان كۆزدەك لەپىلدەپ، چۈشتى قار ئۇچقۇنلىنىپ،
چاپلىشىپ تال پوتلىسى چىڭ لايغا مەشۇقتەك كېلىپ.

ئاي سەتەڭ نازى بىلەن ئالەمنى مەپتۇن ئەيلىدى،
تاپسا ئاشىق مەشۇقىنى يۇرمىگىن ھىجران قىلىپ.

شۇ كۇنى قار ئەلياتقۇ ۋاقتىغىچە ياغدى، گويا پۇتكۇل جاھان كۇمۇش تونغا ئورالدى. ئەتىسى ۋۇ سۇڭ سەھەر تۇرۇپ، يامۇلغا يوقلىمىغا كەتكىنىچە چۇشتىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئايال ۋۇ دانى سودا ـ سېتىق قىلىپ كېلىشكە يولغا سېلىۋېتىپ، تام قوشنىسى ۋاڭ كەمپىرنى مەي ـ پەي، گۆش ـ پۆش ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇۋەتتى. ئۆزى ۋۇ سۇڭ ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ، چوغدانغا ئوت ھازىرلاپ قويۇپ: «بۇگۇن ئوبدان بىر چاقچاق قىلاي، قېنى ئۇنىڭ ئىشق ھەۋىسى قوزغالمىغىنىنى كۆرەي...» دەپ ئويلاپ، پەنجىرە ئالدىدا مۇڭغا پېتىپ، يەككە ـ يېگانە ساقلاپ ئولتۇرغىنىدا، ۋۇ سۇڭنىڭ قار ـ مۇزلارنى غاچىرلىتىپ دەسسەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، دەرھال بالىخانا ئۆيدىن پەسكە چۇشۇپ، كۇلكە چىراي بىلەن ئالدىغا چىقتى ۋە:
ــ توڭلاپ كەتتىلىغۇ دەيمەن قېيىنئىنى، ــ دېدى.
ــ غېمىمنى يېگەنلىرىگە رەھمەت، ــ دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ قالپىقىنى بېشىدىن ئالدى، ئايال ئۇنى ئېلىشقا ئىككى قولىنى ئۇزارتتى.
ــ جوۋىمىسىلا قېيىنئېگىچە، ــ دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە قالپاقتىكى قارنى قېقىۋېتىپ، قوزۇققا ئىلىپ قويدى. بېلىدىكى خالتا پوتىسىنى يېشىپ، ئۇستىدىكى يېشىل تاۋار پەشمىتىنى سېلىپ ئېسىپ قويدى.
ــ قېيىنئىنى، سىلىنى ئەتىگەندىن بېرى ساقلىدىم، ناشتىغا كەلمىدىلىغۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئايال.
ــ يامۇلدا بىر تونۇشۇم ئۇچراپ قېلىپ، ناشتىغا تەكلىپ قىلىپ قالدى، شۇنىڭغىچە باردىم، ھېلى يەنە بىرى چاقىرىۋىدى، ئايىغىم تارتماي، ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كەلدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى ۋۇ سۇڭ.

www.uyghurkitap.com

— ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە، قېنى ئوتىسىلا.

— ماقۇل، — دېدى ۋۇ سۇڭ ئايىغىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاندىن پايپاق يەڭگۈشلەپ قۇرۇق ئاياغ كىيدى ۋە ئورۇندۇقنى ئوتقا يېقىنراق قويۇپ ئولتۇرۇپ ئوتقا قاقلاندى.

ئايال تاشقىرىقى ئىشىكنى ئىلىپ قويدى، ئارا ئىشىكنىمۇ ئېتىپ قويدى، ئاندىن مەي، مېۋە، كۆك ـ گېزەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ۋۇ سۇڭ ياتىدىغان ئۆيدىكى شىرەگە تىزدى. ۋۇ سۇڭ:

— ئاكام ئەجەب كەلمەپتىغۇ، نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاكىلىرى ھەر كۈنكى قىلىدىغان سودىسىنى قىلغىلى چىقىپ كەتتى، كەلگۈچە ئۆزىمىز ئىچىپ تۇرايلى، — دېدى ئايال.

— ئاكام كەلگەندىن كېيىن بىللە ئىچەيلى، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئۇنىڭغا قاراپ تۇرامدىغان ! ساقلىمىساقمۇ بولىدۇ ! — دېدى ئايال ۋە گېپىنى تۈگىتە ـ تۈگەتمەيلا ئىلىلىتىلغان بىر قاچا مەينى كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئولتۇرسىلا قېيىنئېگىچە، مەينى مېنىڭ ئىللىتقىنىم تۈزۈك، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئىختىيار ئۆزلىرىدە قېيىنئىنى، — دېدى ئايال ۋە بىر ئورۇندۇقنى چوغدانغا يېقىن تارتىپ كېلىپ ئولتۇردى. چوغداننىڭ يېنىدىكى شىرەگە تەخسە ـ قەدەھلەر قويۇلغانىدى. ئايال بىر قەدەھ مەينى قولىغا ئېلىپ ۋۇ سۇڭغا تىكىلگىنىچە:

— قېنى قېيىنئىنى، مۇشۇنى كۆتۈرۈۋەتسىلە، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ قولىغا ئېلىپ، غۇرتتىدە ئىچىۋەتتى. ئايال يەنە بىر قەدەھ تولدۇرۇپ:

— قېيىنئىنى، ھاۋا سوغۇق، مانا بۇنىمۇ ئىچىۋەتسىلە، قوش بولسۇن، — دېدى.

— بوپتۇ قېيىنئېگىچە، — دېدى ۋۇسۇڭ ۋە ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، بۇ بىر قەدەھنىمۇ ئىچىۋەتتى. كېيىن ۋۇ سۇڭ بىر

قەدەھنى تولدۇرۇپ ئايالغا ئۇزارتتى. ئايال ئۇنى ئېلىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن بىر قەدەھ مەي قۇيۇپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— قېيىنئىنى، ئۆزلىرىنى يامۇلنىڭ كۇنچىقىش رەستىسىدە بىر سەتەڭ بىلەن ئويناپدىكەن دېگەن گەپ بار، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايال قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— قېيىنئېگىچە، خەقلەر ھەر نېمە دەۋېرىدۇ، قولاق سالمىسىلا، مەن ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس.

— ھىم، بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمەيمەن، ئاغزىلىرى بىلەن كۆڭۈللىرى ئوخشاش ئەمەسمىكىن.

— ئىشەنمىسىلە، ئاكامدىن سورىسىلا.

— ئۇ نېمىنى بىلسۇن! مۇنداق ئىشلارنى بىلسە يۇتازا سېتىپ يۈرمەيتتى. قېنى كۆتۈرۈۋەتسىلە قېيىنئىنى.

ۋۇ سۇڭ كەينى - كەينىدىن ئۈچ - تۆت قەدەھ كۆتۈرۈۋەتتى. ئايالمۇ ئۈچ قەدەھ مەي گېلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەدەپ گەپ ئويناتقىلى تۇردى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تەكتىگە خېلىلا يېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى.

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ مەي ئىللىتقىلى چىقىپ كەتتى، ۋۇ سۇڭ ئۆزى يالغۇز لاخشىگىر بىلەن چوغنى چۇخچىلاپ ئولتۇردى. ئايال بىر قاچا مەينى ئىللىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى، بىر قولىدا قەدەھنى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن ۋۇ سۇڭنىڭ يەلكىسىنى چىمدىپ:

— قېيىنئىنى، كىيىملىرى يېپىنىڭ ئىكەن، توڭلىمىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ۋۇ سۇڭ قاپىقىنى تۈردى - يۇ، گەپ قىلمىدى، ئايال ئۇنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى لاخشىگىرنى تارتىپ ئېلىپ:

— ئوت چۇخچىلاشنى بىلمەيدىكەنلا، مەن چۇخچىلاپ بېرەي، مۇشۇ چوغداندىكى چوغدەك قىزىق بولىۋەرسىلە بولاتتىغۇ، —

دېدى.

ۋۇ سۇڭنىڭ تازىمۇ ئەرۋايى ئۇچتى ـ يۇ، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى. ئايال ۋۇ سۇڭنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ئۇچقانلىقىدىن پەرۋاسىز، لاخشىگىرنى قويۇپ قويۇپ، بىر قەدەھ مەي قۇيدى ـ دە، ئۆزى ئازراقىنى يۇتۇۋېتىپ، كۆپ يېرىمىنى قالدۇرۇپ، ۋۇ سۇڭغا تىكلىپ تۇرۇپ:

ــ ئەگەر ئىشتىياقلىرى بولسا، مۇشۇ يېرىم قەدەھ مەينى ئىچىۋەتسىلە، ــ دېدى.

ۋۇ سۇڭ قەدەھنى ئايالنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالغىنىچە، مەينى يەرگە تۆكۈپ تاشلاپ:

ــ نومۇس قىلىسىلىچۇ قېيىنئېگىچە ! ــ دېدى ۋە مۇشتىنى تۈگدى، ئايال ئارقىسىغا داجىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. ۋۇ سۇڭ كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:

ــ مەن جىگەرلىك ئەركەكمەن، شەنىنى بۇلغاپ يۈرىدىغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن چوشقىلاردىن ئەمەس، قېيىنئېگىچە، مۇنداق نومۇسسىز شەرمەندىلىكلەرنى قىلىپ يۈرمىسىلە، ئەگەر قېلىپتىن چىقىپ كېتىدىغان بولسىلا، مېنىڭ بۇ مۇشتۇمۇم ئادەم تونۇمايدۇ ! مۇنداق قىلىقنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولمىسىلا، ــ دېدى.

ئايال پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ دەرھال تەخسە ـ تاۋاق، كاسە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

ــ ئۆزۈمچە چېقىشىپ قويسام، راستىقىلا چىقىرىۋالغىنىنى، ھەي ھۆرمەت قىلغاننى ئۇقمايدىغان! ــ دەپ غودۇڭشىغىنىچە قاچا ـ قومۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىسىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

قەدەھ ئەلچى بولۇپ قوزغاپ سەتەڭنىڭ زوقى ـ شوقىنى،
نومۇس ـ ئەخلاقىنى تەرك ئەيلەپ نىشانلاپ ئىشقى ـ
بەھرىنى.

جىمىگە كۆڭلىنى ئوتتەك يۇگۇرتۇپ داستىخان ئۆزرە،
يىگىتنىڭ قوزغىدى نەپرەت، چېقىندەك زەھرى ـ قەھرىنى.

پەن جىنلىيەن ۋۇ سۇڭنى قىلتىقىمىغا ئىلىندۇرىمەن، دەپ بىرمۇنچە تىل ـ ئاھانەت ئىشىتىۋالدى. ۋۇ سۇڭ غەزەپتىن بوغۇلۇپ، يالغۇز ئۆيدە قالدى. كۈن چۈش مەزگىل ئىدى. ۋۇ دا بالدۇرلا ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، تاشقىرىقى ئىشىكنى قاقتى، ئايال ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشىكنى ئاچتى. ۋۇ دا كىرىپ ئەپكەشنى قويۇپ، ئاشخانىغا ماڭدى. خوتۇنىنىڭ ئىككى كۆزى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:
— كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— سىلىنىڭ تىللىرىنىڭ قىسقىلىقىدىن خەق مېنى ئانىي تېپىۋاتىدۇ، — دېدى خوتۇنى.
— سېنى بوزەك قىلىشقا چىشى پاتقان كىم ئىكەن ئۇ؟
— كىم بولاتتى، ۋۇ سۇڭ دېگەن سولتەكچۇ ! قار يېغىۋاتقاندا قايتىپ كەلگەنىكەن، ئالدىراپ ـ تېنەپ چاي تەييارلاپ مېھمان قىلىپتىمەن، ئۆيدە باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ماڭا سۆز تاشلاۋاتىدۇ.
— ئىنىم ئۇنداقلاردىن ئەمەس، ئەزەلدىن ياۋاش. ئاغزىڭنى يۇم، قوشنا ـ قولۇملار مازاق قىلىدۇ!
ۋۇ دا خوتۇنىنى تاشلاپ قويۇپ، ۋۇ سۇڭ ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ:
— ئۇكام، سىز تېخى بىرنىمە يېمىگەن بولغىيدىڭىز، كېلىڭ، بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى، — دېدى.
ۋۇ سۇڭ ئۈن چىقمىدى. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن مەشۇت كەشىنى سېلىۋېتىپ، لاي ئايىغىنى يەنە كىيىپ، چاپىنىنى ئۇستىگە يېپىنىپ، قالپىقىنى ئالدى ـ دە، خالتا پوتىسىنى بېلىگە باغلىغىنىچە ئىشىككە قاراپ ماڭدى.
— ئۇكام نەگە؟ — دەپ سورىدى ۋۇ دا. ۋۇ سۇڭ جاۋاب

www.uyghurkitap.com

بەرمەي ئۇدۇل چىقىپ كەتتى.

ۋۇ دا ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ، خوتۇنىغا:

— ئۇنى قىچقارساممۇ ھە دېمەي، ئۇدۇل يامۇلغا قاراپ كېتىپ قالدى، زادى نېمە گەپ؟ — دېدى.

— بىلمەيدىغان نەرى بار، ھاماقەت كالۋا ! ئۇ بىرنېمە ئىزا تارتقىنىدىن، ساڭا قارايدىغان يۈزى يوق چىقىپ كەتكىنى ! ئۇ ھەرقاچان كۇدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئەكېتىش ئۈچۈن، ئادەم باشلاپ كەلگىلى كەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ يەردىمۇ تۇرمايدۇ، — دەپ ئايال تىل ياغدۇردى.

— ئۇ كۆچۈپ كەتسە باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالارمىزمىكىن، — دېدى ۋۇ دا.

— ھەي ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن كالۋا، ئۇ مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالسا، خەق ئۇنىڭغا كۈلمىگۈدەكمۇ! سەن بېرىپ ئۇكاڭغا ئېيت، ئۇنداق ئادەم بىلەن بىر يەردە تۇرمايمەن. سەن مېنىڭ پەتتە[1] خېتىمنى بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇۋال.

ۋۇدا ئېغىز ئاچالمىدى.

ئىككىيلەن ھەدەپ ئۆيدە گەپ تەگىشىۋاتقاندا، ۋۇ سۇڭ ئەپكەش كۆتۈرگەن چېرىكنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ، كۇدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاچىقىپ كەتتى. ۋۇدا ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھوي ئۇكام، نېمىدەپ كۆچۈپ كېتىۋاتىسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

— ئاكا، سىز سورىماڭ، دەپ بەرسەم خەقنىڭ ئالدىدا بەتنامغا قالىسىز، مەنلا كېتەي، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

ۋۇدا قايتا نېرى - بېرىسىنى سورۇشتۇرۇشقا پېتىنالماي، ۋۇ سۇڭنىڭ كۆچۈپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. ئايال ئۆيدە:

— كەتسە كېتىۋەرسۇن ! خەقلەر سىرتىدىن بىر قېرىندىشى

---

(1) پەتتە — توي خېتى دېگەن مەنىدە.

يۈزبېشى بولدى. ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنى يېدۈرۈپ - ئىچۈرۈپ بېقىۋاتىدۇ دەپلا بىلىشىدۇ، لېكىن ئۈنىڭ بىزنى مىتىدەك يەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ! «ياغاچ پەشمەت، قاپاق سۆلەت» دېگەن شۇ! كۆچۈپ كەتسە تېخى ياخشى، كۈنداشنىڭ كۆزۈمدىن يوقالغىنىغا شۈكۈر! — دەپ غوتۇلداپ ئولتۇراتتى. ۋۇدا خوتۇنىنىڭ شۇنداق تىللاپ ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي كۆڭلى غەشلىككە چۈشتى.

ۋۇ سۇڭ يامۇلغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ۋۇ دا بۇرۇنقىدەك كۈنلۈكى ئەپكەش بىلەن بازارغا يۈتازا ئاچىقىپ سودىسىنى قىلىپ تۇردى. يامۇلغا بېرىپ ئۇكىسىنى تېپىپ مۇڭدىشىشقا تەمشەلسىمۇ، لېكىن خوتۇنى ئۇنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ، ئۇكىسى بىلەن ئارىلاشماسلىقنى جېكىلەپ تۇرغاچقا، ئۇكىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمايتتى.

قار توختاپ هاۋا ئېچىلىپ، هەش - پەش دېگۈچە بىلىنمەيلا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يامۇلنىڭ ئامبىلى ئامباللىق مەنسىپىگە ئولتۇرغىنىغا ئىككى يېرىم يىلدىن ئاشقان بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى خېلى كۆپ ئالتۇن - يامبۇ توپلىغانىدى. ئۇنى بىر ئادەم ئارقىلىق ئاستانىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇرۇق - جەمەتىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇش ۋە شۇ دۇنيا - دەپىنە سايىسىدا تېخىمۇ چوڭراق مەنسەپ تېپىش كويىدا يۈرەتتى. ئەمما، يولدا قاراقچىلار قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرەر ئىشەنچلىك ئادەم تاللاپ يۈرەتتى. توساتتىن ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ: «مانا مۇشۇنداق ئادەم بارسا بولىدۇ. بۇنداق پالۋان بار يەردە كىم چېقىلالايدۇ!» دېگەن خىيال بىلەن شۇ كۈنىلا ئۇنى يامۇلغا قىچقارتىپ:

— ئاستانە شەهرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇغقىنىم بار ئىدى، ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام، خەت - چەكلەر ئەۋەتىپ، تىنچ - ئامانلىقىنى سورىماقچىدىم، يول ئۇستى خەۋپلىكرەك بولغاچقا، ئەندىشە قىلىپ تۇرىمەن. سىزدەك باتۇر ئەزىمەت بارغىنىدا

www.uygurkitap.com

ياخشى بولاتتى. جاپا ـ مۇشەققەت دېمەي، يولۇمنى مېڭىپ بەرگەن بولسىڭىز، قايتىپ كەلگىنىڭىزدە ئەلۋەتتە مول ئىنئام بېرەتتىم، ــ دېدى.

ــ پېقىر ئۆزلىرىدەك شاپائەتچى بەگنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا مۇيەسسەر بولغان تۇرۇقلۇق، نېمىدەپ ياق دەيتتىم؟ ئۆزلىرى بۇيرۇغان يەردە، پېقىر ئەلۋەتتە بارىمەن. ئۆزۈممۇ ئەزەلدىن ئاستانىگە بېرىپ باقمىغان، بارغاچ يۇرت كۆرۈپ كېلەرمەن. ئەتىلىككە راسلىنىپ يولغا چىقاي بېگىم، ــ دېدى ۋۇ سۇڭ.

ئامبال ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مول زىياپەت بەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ۋۇ سۇڭغا كەلسەك، ئۇ ئامبالنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ يامۇلدىن چىققىنىچە چۇشكۇنىگە كېلىپ، يېنىغا بىر ئاز پۇل سېلىۋېلىپ، بىر چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ، رەستىدىن بىر كوزا مەي، مېۋە ـ چىۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ئۇدۇل قوغۇرتاش رەستىسىدىكى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ۋۇ دامۇ دەل شۇ چاغدا سودىلىقىنى قىلىپ بولۇپ قايتىپ كەلدى، ئۇ قارىسا، ۋۇ سۇڭ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ، بىر چېرىك ئاشخانىدا بىرنېمە قىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئايال ۋۇ سۇڭدىن ئۈمىدىنى تېخى ئۈزمىگەن چېغى، ۋۇ سۇڭنىڭ مەي ـ گېزەكلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىچە: «بۇ نەرسە مېنى ئەسلەپ قالغانمۇ نېمە، يەنە قايتىپ كەپتىغۇ، ئاخىر بويىنىنى ئەگدۈرىمەن. بۇدا ئەمدى يەم بىلەن گەپكە سالاي !» دەپ ئويلىدى.

ئايال بالىخانىغا چىقىپ، يېڭىباشتىن يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ۋۇ سۇڭنى كۈتۈۋالدى.

ــ ئىنى، ــ دېدى ئۇ، ــ بىزدىن ئاغرىنىپ قالدىلىمۇ نېمە؟ نەچچە كۈندىن بۇيان كېلىپمۇ قويماي دېمەيلا، نېمە بولدىكىن دەپ خويمۇ غەملىرىنى يېدىم. سىلىنى چاقىرتىپ ناماقۇل بولاي دەپ ھەر كۈنى ئاكىلىرىنى يامۇلغا ئەۋەتسەم،

تاپالمىدىم دەپلا كېلىدۇ. بۈگۈن خۇش كېلىپتىلا. نىمىشقا ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا، مۇنچىۋالا نەرسىلەرنى ئەكېلىپ كايىپ يۈرىدىلا.

— ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، ئالايىتەن ئاكام بىلەن يەڭگەمگە دەپ قويای كېلىۋىدىم، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە كىرىلى، — دېدى ئايال.

ئۇچى بالىخانىغا چىقتى. ۋۇ سۇڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. چېرىك مەي ـ تائاملارنى ئاچىقىپ داستىخانغا تىزدى. ۋۇ سۇڭ ئاكىسى ۋە يەڭگىسىنى مەيگە تەكلىپ قىلدى. ئايال ۋۇ سۇڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئەمما، ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، مەينى ئىچىۋەردى. مەي بەش مەرتەم ئايلانغاندىن كېيىن ۋۇ سۇڭ چېرىككە بىر قەدەھ مەي قۇيدۇرۇپ، مەينى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ۋۇ داغا قاراپ:

— ھەي جېنىم ئاكا، مەن ئامبال بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش بىلەن ئاستانىگە بارماقچى بولدۇم، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمەن، كۆپ بولسا ئىككى ئايدا، بولمىسا بىر يېرىم ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن. بىر سۆزۈم بار ئىدى، سىزگە ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم، سىز ئەزەلدىن بىر بوزەك ئادەم، مەن يوق باشقىلار بوزەك تاپامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. بالدۇر كۈنىگە ئون قاسقان يۇتازا ساتقان بولسىڭىز، ئەتىدىن باشلاپ كۈنىگە بەش قاسقان ئاچىقىپ سېتىڭ؛ كۈندە بازارغا كەچرەك چىقىپ، بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ، بىرەرى بىلەن مەي ـ شارابلار ئىچىپ يۈرمەڭ. خەقنىڭ ئاغزىدا سۆز ـ چۆچەك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئىشىك ـ پەنجىرە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ، بالدۇرراق دەرۋازىنى تاقىۋېلىڭ. ناۋادا بىرەرى سىزنى بوزەك قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ يۈرمەڭ، مەن كەلگەندىن كېيىن ئۇنداقلار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. ئاكا، مېنىڭ گېپىمنى ماقۇل كۆرسىڭىز، قېنى بۇ مەينى ئىچىۋېتىڭ، —

www.uyghurkitap.com

دېدى.

ۋۇ دا قەدەھنى قولىغا ئالدى ـ دە:

— ئۇكام، گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا، مەن دېگىنىڭىز بويىچە قىلىمەن، — دەپ مەينى ئىچىۋەتتى.

ۋۇ سۇڭ يەنە بىر قەدەھ مەي قۇيۇپ، يەڭگىسىگە تۇتۇپ:

— يەڭگە، مەن دېمىسەممۇ ئۆزلىرى چىچەن، پۇختا ئايال، ئاكام بولسا تۇپتۇزلا كەتكەن بىر ئادەم، ھەممە ئىش سىلىنىڭ ئىگىدارچىلىقلىرىدا قالدى، ئاكامدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويسىلا. «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن گەپ بار. يەڭگە، ئۆزلىرى ئۆيىنى ئوبدان تۇتىدىغان بولسىلا، ئاكام نېمىدىن غەم يەيتتى؟ قەدىمكىلەرنىڭ: «ئىشىكىڭ چىڭ بولسا، ئىت كىرەلمەس» دېگەن ماقالى بار، — دېدى.

يەڭگىسى ۋۇ سۇڭنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە:

— سەن پاسكىنا كالۋا، — دەپ ۋۇ دانى تىللىدى، — مېنى بوزەك كۆرۈپ، خەقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىپسەن ـ دە! بىلىپ قويغىن، مەن بوغمىچا چىگمىگەن بىلەن، ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان، چەكسە جاراڭلايدىغان چوكانمەن! ئالىقىنىمدا ئادەم، بىلىكىمدە ئات ئويىنىتىپ، چېقىلغاننى مات قىلىدىغان ئادەممەن، ئۇنداق تەپسە تەۋرىمەي، جىم تۇرۇپ بېرىدىغان بوشاڭ خوتۇنلاردىن ئەمەس. ۋۇ داغا ياتلىق بولغىنىمدىن بېرى ھۇجرامغا ھەتتا چۈمۈلىمۇ كىرەلمىگەن تۇرسا، ئىشىكىڭ چىڭ بولسا ئىت كىرەلمەس، دېگەن نېمە گەپ ئىكەن ئۇ؟ دېگەن گەپكە ئىگە بولۇش كېرەك، «گەپنى قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ سىڭار يەرگە» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىكىن؟ گېپىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدىكەن.

— يەڭگە، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — دېگىنىڭىزدەك، ئۆزىڭىزگە شۇنچىلىك چىڭ ئىگە بولىدىغان بولسىڭىز تولىمۇ ياخشى، دىلىڭىز بىلەن تىلىڭىز بىر يەردىن چىقماي قالمىسىلا

بولاتتىغۇ. ھازىر دېگەن سۆزلىرىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن. خوش ئەمىسە، قېنى، بۇ مەينى ئىچىۋېتىڭ.

ئايال مەينى ئالماي ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، بالىخانىدىن چىقىپ كەتتى ۋە پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، يەنە تەگەپ:

— سىزنىڭ ئەقىل ـ ھوشىڭىز بولسا «يەڭگىڭىزنى ئانىڭىز ئورنىدا كۆرمەمتىڭىز !» ۋۇ داغا يېڭى ياتلىق بولغىنىمدا، ئىنىسى بار دېگەننى ئاڭلىمىغانىدىم، نەدىن كەلدى بۇ بىرنېمە! كېلەر ـ كەلمەيلا قېينىئاتىلىق قىلىۋاتقىنىنى تېخى، ۋاي شورلۇقۇمەي ! نېمىدېگەن تاپا ـ تەنە بۇ ! — دەپ يىغلاپ چۈشۈپ كەتتى.

بۇنىڭغا شائىرنىڭ مۇنۇ نەزمىسى دەلىل:

ياخشى گەپ ياقماي قۇلاقىغا دىلدا قالدى قەست،
بايىلا كۆلگەن چىرايدىن ياش تۆكۈلدى شۇ نەپەس.
پەس بۇزۇقنىڭ توختىماستىن ياش تۆكۈشى سەل كەبى،
ئار ـ نومۇستىن ياكى باشقا قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئەمەس.

ئەمدى بۇ ئايالنىڭ مەككارلىق، كاززاپلىقلىرى ھەققىدىكى گەپنى قويۇپ، ۋۇ دا بىلەن ۋۇ سۇڭغا كەلسەك، ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار يەنە بىرنەچچە قەدەھتىن مەي ئىچىشتى. ئاكىسى ئۇكىسى بىلەن خەيرلىشىۋېتىپ:

— ئۇكام، كېتىۋاتىسىز، پات ـ پات كېلىپ تۇرۇڭ، — دەپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈر ـ مۆلدۈر ياش تۆكتى. ۋۇ سۇڭ ئاكىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان مونچاق ياشلارنى كۆرۈپ:

— ئاكا، — دېدى ئۇ، — ئۇقەت قىلمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئۆيدىن ئايرىلماڭ، خەج ـ خىراجىتىڭىزنى ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ۋۇ دا ۋۇ سۇڭنى ئۇزىتىپ بالىخانىدىن چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ۋۇ سۇڭ يەنە:

— ئاكا، گەپلىرىمنى قۇلىقىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ، ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ چېرىكنى باشلاپ كېلىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سەھەر قوپۇپ، بوغجۇملىرىنى ئېلىپ يامۇلغا كېلىپ ئامبال بىلەن كۆرۈشتى. ئامبال ئاۋۋال بىر هارۋا تەييارلەپ، ئۇنىڭغا ساندۇق - قاچىلىرىنى باسقۇزدى. ئىككى قاۋۇل چېرىكنى ۋە يامۇلدىن ئىككى يېقىن ئادىمىنى قوشۇپ، ئۇلارغا ئوبدان تاپىلاپ قويدى، بۇ تۆتەيلەن ۋۇ سۇڭ بىلەن بىللە دىۋان ئالدىدا تۇرۇپ، ئامبال بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن تەخ بولۇپ، قىلىچ - خەنجەرلىرىنى ئېلىپ، بەشەيلەن هارۋا بىلەن بىللە ياڭگۇ ناھىيەسىدىن چىقىپ ئاستانىگە راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى ئىككى ياقتىن ئاڭلاڭ. ۋۇ داغا كەلسەك، ۋۇ سۇڭ كەتكەندىن كېيىن ئۈ ئۈچ - تۆت كۈن خوتۇنىدىن تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ يۈردى. ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ تىل - قارغىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇكىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر كۈنى ساتىدىغان يۇتازىسىنى بىر ھەسسە ئازايتىپ، كەچ بولمايلا ئۆيىگە قايتىپ، كېلىشى بىلەنلا پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ، دەرۋازا - ئىشىكلەرنى تاقاپ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بولۇۋالدى. خوتۇنى بۇ ھالنى كۆرۈپ، ناھايىتى تىت - تىت بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ:

— ھەي كالۋا سېسىق، — دەپ تىللىدى ۋۇ دانى، — كۈن ئاغمايلا ئىشىكنى تاقىۋالغاننى نەدە كۆرگەنتىڭ، خەق بىزنى ئۆيىگە جىن كىرىۋالىدىغانىدەك قورقىدىكەن دەپ زاڭلىق قىلمامدۇ؟ ئۇكاڭنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىگە كىرىپ، قولۇم - قوشنىلارغا كۈلكە بولۇشتىن قورقمامسەن؟

— خەق نېمىدەپ كۈلسە كۈلۈۋەرسۇن، ئۇكامنىڭ گەپلىرى ھەق گەپ، باش ئاغرىقىدىن نېرىراق بولايلى، — دېدى ۋۇ دا.

— تۈفى ! ماۋۇ پاسكىنا نىجىسنىڭ گېپىنى، — دېدى خوتۇنى، — ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماي، باشقىلارنىڭ سۆزىدىن

چىقمايدىغان سەندەكمۇ ئەر بولامدۇ!
— نېمە بوپتۇ، ئىنىمنىڭ گەپلىرى ئالتۇندەك سۆزلەر، — دېدى ۋۇ دا قولىنى شىلتىپ.

ۋۇ سۇڭ كەتكەندىن كېيىن ۋۇ دا ئون نەچچە كۈنگىچە بازارغا ۋاقچىرەك چىقىپ، بالدۇرراق قايتىدىغان ۋە قايتىپ كېلىپلا دەرۋازىنى تاقىۋالىدىغان بولدى. خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم تاكاللىشىپ - تەگىشىپ ئاخىر زېرىكتى بولغاي، كۆنۈكۈپمۇ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى ۋۇ دا بازاردىن قايتىپ كېلىشكە ئاز قالغان چاغدا، ئۆزى چىقىپ ئىشىك - پەنجىرە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ، دەرۋازىنى تاقايدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن ۋۇ دا ئىچىدە: «مانا ئوبدان بولدى !» دەپ خۇشال يۈرىدىغان بولدى.

يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتتى. قىش ئاخىرلىشىپ، ھاۋا ئىسسىپ قالدى. بىر كۈنى ۋۇ دا قايتىپ كېلىدىغانغا يېقىن، خوتۇنى ئادەتتىكىدەك بالىخانا ئۆينىڭ پەنجىرىسىنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرمەكچى بولۇپ، پەنجىرە ئالدىغا كەلدى، خۇددى پېشانىسىگە پۈتۈلگەندەك، دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدىن بىر كىشى غىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قەدىمكىلەر: «ئېپى كەلمىگۈچە جېپى كەلمەس» دېيىشكەن. بۇ خوتۇن پەردىنى چۈشۈرۈۋاتقاندا، پەردە تايىقى قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، توپتوغرا ھېلىقى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ بېشىغا تەگدى. ئۇ ئادەم دەرھال ئاچچىقىدا تازا تىللىماقچى بولۇپ ئۈستىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، كۆز ئالدىدا تۇرغان ھۆر - پەرىدەك سەتەڭ بىر خوتۇننى كۆردى - دە، شۇ ھامان قايماقتەك ئېرىپ، ئاچچىقى نە - نەلەرگە يوقاپ كەتتى ۋە يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى، ھېلىقى ئايال ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ ئېگىلىپ ئەپۇ سورىدى:

— كەچۈرگەيلا بېگىم، توساتتىن قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى.

ھېلىقى ئادەم بېشىدىكى بوغمىچىسىنى تۈزەشتۈرۈپ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق خېنىم، — دەپ قەددىنى پۈكۈپ جاۋاب قايتۇردى. بۇ ئىشنى قوشنا چايخانىدىكى ۋاڭ كەمپىر كۆرۈپ قېلىپ، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ:

— بېگىمنى كىم خەقنىڭ بوسۇغىسىدىن ياناپ ئۆتسۇن دەپتۇ، خوپ بولدى، — دەپ كۈلۈۋەتتى.

— ھە، ئۆزۈمدىن ئۆتتى، — دېدى كۈلۈپ ئۇ كىشى، — خېنىمنى خىجىل قىلىپ قويدۇم، كەچۈرسىلە خېنىم.

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا بېگىم، — دېدى ئايال جاۋابەن.

— يوقسۇ - يوقسۇ، — دېدى يەنە ھېلىقى ئادەم چوڭقۇر ئۆزرىخاھلىق بىلەن ھىجىيىپ.

ئۇ ئايالدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ماڭغىنىچە يەنە ھېلىدىن - ھېلىغا كەينىگە قايرىلىپ، بىرقانچە مەرتەم كۆز تاشلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئاستا ئىرغاڭلاپ - ئالچاڭلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئايال بولسا پەسكە چۈشۈپ پەردە تايىقىنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئېتىپ، ۋۇ دانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر غەزەل پۈتۈلگەن:

ئەتىمگەندە چىڭ ئىشىكنى ئىت بۆسۈپمۇ كىرگۈسى،
پەردە ياپقاندا خېنىمنىڭ قىلدى مەپتۇن جىلۋىسى.
بولسىمۇ قىلتاق قۇرۇشقا شۇنچە ماھىر ۋاڭ موماي،
باشقا چۈشكەن شۇ تاياقنى قىلدى قارماق دەستىسى.

ئەمدى ھېلىقى ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە قەيەردە تۇرىدىغانلىقىغا كېلەيلى. ئۇ ئەسلىدە ياڭگۇ ناھىيەسىدىكى بىر سۇنغان باي بولۇپ، ناھىيەدە دورىپۇرۇشلۇق قىلاتتى. كىچىكىدىن ھىيلىگەر، كاززاپ بولۇپ، چامباشچىلىقنى بىلەتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئامەتى ئوڭدىن كېلىپ، ناھىيەدە ئالاھىدە پادىشاھلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغانىدى. ئوغرى - يالغانغا تىرەك بولۇپ، قاقتى - سوقتى

قىلىپ، پارا يەپ، پارا بېرەتتى، ئۆزىگە ياقمىغان بەگ ـ سىپاھلارغا ئورا ـ خەندەكلەرنى كولايتتى، شۇڭا ناھىيەدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ يول قويياتتى، ئۇ شى جەمەتىدىن بولۇپ، ئىسمى مىڭچىڭ ئىدى، ئۇ تۇنجى ئوغۇل بولغاچقا، شى چوڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى. يېقىندىن بېرى ئامىتى كېلىپ، دۆلەتمەن بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەل ـ يۇرت ئۇنى شى بەگ دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالدى.

بىردەمدىن كېيىنلا شى مىڭچىڭ ئايلىنىپ كېلىپ، ۋاڭ كەمپىرنىڭ چايخانىسىغا كىرىپ قالدى ۋە ئىچكىرى ھۇجرىدىكى پەردىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى، ۋاڭ كەمپىر ئۇنى كۆرۈپ:

— بېگىم، بايا شۇنچىۋالا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ كەتتىلىغۇ! — دېدى كۈلۈپ.

— ئايلا، بېرى كېلىڭا، — دېدى شى مىڭچىڭمۇ كۈلۈپ، — بۇ قوشنىڭىز كىمنىڭ خوتۇنى بولىدۇ؟

— ئۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ سىڭلىسى، شاھى مەردانىنىڭ قىزى بولىدۇ، ئەجەب سوراپ قالدىلىغۇ؟

— چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، مەن سىزگە تۈز گەپ قىلىۋاتىمەن.

— بېگىم، تونۇمامدىلا؟ ئۇنىڭ ئېرى ھەر كۈنى يامۇل ئالدىدا پىششىق يېمەكلىك ساتىدىغۇ…

— چىلان سالغان ھورنان ساتىدىغان شۇ سەننىڭ خوتۇنى بولمىسۇن يەنە؟

— ياق، — دەپ قول چايقىدى ۋاڭ كەمپىر، — ئەگەر ئۇنىڭ خوتۇنى بولىدىغان بولسا «تەڭ تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن» دېگەندەك، ئۆزلىرىگە تازا پار كېلەتتىغۇ، تاپالمىدىلا بېگىم، يەنە ئويلاپ باقسىلا.

— كۆتۈرمىكەش لى ئېرنىڭ خوتۇنىمۇ يا؟ — دېدى شى مىڭچىڭ.

— ياق، — دەپ باش چايقىدى ۋاڭ كەمپىر، — ئەگەر ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

خوتۇنى بولغاندىمۇ، دەل ئۆزلىرىگە جۇپ بولاتتى.

— گۈل بىلەك لۇ شياۋيىنىڭ خوتۇنىغۇ دەيمەن؟

— تاپالمىدىلا، — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ، — ئەگەر ئۇنىڭ خوتۇنى بولغان بولسىچۇ تازا تېپىشقان بىر جۈپ بولاتتىلا. يەنە ئويلاپ كۆرسىلە بېگىم.

— تاپالمىغۇدەكمەن ئايلا، — دېدى شى مېنچىڭ.

— بېگىم، سىلىگە دېسەم، سىلى كۈلۈۋېتىدىلا. ئۇنىڭ ئېرى يۇتازا ساتقۇچى ۋۇ دا بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— ھە، ھېلىقى قورۇق پىنىدەك ۋۇ دانىڭ خوتۇنى ئىكەن ـ دە! — دەپ كۈلدى يەرگە تېپىپ تۇرۇپ شى مېنچىڭ.

— دەل ئۆزى شۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— ۋاي ئىسىت، — دېدى شى مېنچىڭ ھەسرەت بىلەن، — شۇنچە بەلەن گۆش ئىتنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە !

— شۇنى دېسىلىچۇ، «تۇلپار ئاتقا گومۇش يوك بوپتۇ، گۈزەل خوتۇنغا كومشا جۇپ بوپتۇ» دېگەن ماقال بار. تەقدىر ئىلاھىم ئەتەي شۇنداق جۈپلەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ئايلا، مەندە قانچىلىك چاي پۇلىڭىز قالدى؟

— كۆپ ئەمەس، كېيىنچىرەك ھېسابلاشمامدۇق.

— ئوغلىڭىز كىم بىلەن كەتكەندى؟

— نېمىسىنى سورايلا، بىر مېھمان بىلەن خۇەيخې تەرەپلەرگە كەتكەندى، ھېلىغىچە ئۆلۈك ـ تىرىكىدىن ھېچ ئۇچۇر يوق.

— ئۇنى ماڭا قوشۇپ قويسىڭىز بولمامتى؟

— بېگىمنىڭ سايىسىدا بىرەر مەرتىۋىگە ئۆلىشىپ قالغان بولسا، قەۋەتلا ئوبدان بولاتتى، — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇ كەلگەن چاغدا بىرنەرسە قىلارمىز، — دېدى شى مېنچىڭ.

ئۇلار يەنە بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن شى مېنچىڭ

تەشەككۇر ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتمۇ ئۆتمەي، شى مېنچىڭ يەنە ۋاڭ كەمپىرنىڭ چايخانىسىغا يېنىپ كېلىپ، پەردە يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ۋۇ دانىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئولتۇردى. بىر پەستىن كېيىن ۋاڭ كەمپىر كىرىپ:

— بېگىم، قارىئۆرۈك شورپىسى ئەكېلەيمۇ؟ — دېدى.

— ئاچچىق - چۈچۈك بولسۇن، — دېدى شى مېنچىڭ.

ۋاڭ كەمپىر بىر قاچا قارىئۆرۈك شورپىسىنى ئىسسىتىپ ئەكىرىپ، قوش قوللاپ شى مېنچىڭغا سۇندى، شى مېنچىڭ شورپىنى ئاستا ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قاچىنى شىرەگە قويۇپ قويۇپ:

— ئايلا، ئەجەبمۇ كېلىشتۈرۈپ ئېتىپسىز بۇنى، ئۆيىڭىزدە يەنە بارمۇ؟ — دېدى.

— ھە، مەن شۇنداق كېلىشتۈرىدىغان خوتۇن، كېلىشتۈرىدىغىنىم ئۆيدە نېمە قىلسۇن؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— مەن شورپىنى كېلىشتۈرۈپ ئېتىپسىز دېسەم، «ھە، مەن شۇنداق كېلىشتۈرىدىغان خوتۇن» دەپ گەپنى نەگە ئەكەتتىڭىز.

— بېگىم، ئۆزلىرى ئەجەبمۇ كېلىشتۈرىدىكەنسىز دېسىلە، مەن تېخى ئەر - خوتۇننى دەمدىكىن دەپتىمەن.

— ئايلا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى شى مېنچىڭ، — شۇنداق تېپىشتۇرۇشقا ئۇستا بولسىڭىز بىرنى تېپىپ بەرمەمسىز، ئوبدانىراق بىرى بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويسىڭىز، مىڭ - مىڭ رەھمەت ئېيتاتتىم.

— بېگىم، ئۆيلىرىدىكى خېنىم بىلىپ قالغۇدەك بولسا، قېرى يۈزۈمگە قارىماي، قۇلىقىمنى يۇلۇپ قولۇمغا بېرەر!

— بىزنىڭ خېنىمدەك كەڭ قورساق خوتۇن يوق، ھازىرمۇ يېنىمدا نەچچىسى بار، بىراق ھېچقايسىسى كۆڭلۈمگە ياقمايدۇ. سىز سەتەڭرەك بىرەرى بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويسىڭىز

بولاتتىغۇ. چوكان بولامدۇ، جۇۋان بولامدۇ مەيلى، كۆڭلۈمگە ياقسىلا بولدى، — دېدى شى مېنچېڭ.

— ئۇلۇشكۈن شۇنداق سەتەڭ بىر چوكان كەپتىكەن، بىراق بېگىمگە يارىمامدىكىن دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا مېنى شۇنىڭ بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويسىڭىز، سىزنى رازى قىلاتتىم.

— ئۇ سەتەڭ گۈزەللىكتە تېڭى يوق، ئەمما يېشى سەل چوڭراق، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— بىر - ئىككى ياشنىڭ كارى چاغلىق، قانچە ياش ئىكەن؟ — دېدى شى مېنچېڭ.

— ئۇ خېنىم يولۋاس يىللىق، يىل ئۆرۈلسە توقسەن ئۈچ ياشقا كىرىدۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— قارا بۇ ئالجىغۇرنى، ساراڭدەك چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى، — دېدى - دە، شى مېنچېڭ كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قاش قارايغان چاغدا ۋاڭ كەمپىر چىراغ يېقىپ، ئەمدىلا ئىشىكنى تاقاي دەپ تۇرۇشىغا، شى مېنچېڭ يەنە چايخانىغا كىرىپ، پەردە يېنىدىكى ھېلىقى جايغا كېلىپ، ۋۇ دانىڭ دەرۋازىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى.

— بېگىم، بىرەر قاچا شورپا ئىچەمدىلا؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ كەمپىر ئۈنىگىدىن.

— ھەئە، تاتلىقراق بولسۇن.

ۋاڭ كەمپىر بىر قاچا شورپا ئەكىرىپ شى مېنچىڭغا تۇتتى. شى مېنچېڭ شورپىنى ئىچىپ بولۇپ، بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئايلا، پۇلنى ھېسابلاپ قويارسىز، ئەتە بىراقلا تۆلەرمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، خەير ئەمىسە، خۇداغا ئامانەت، ئەتە ئەتىگەن يەنە كېلەرلا، — دېدى ۋاڭ كەمپىر. شى مېنچېڭ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.



uyghurkitap.com

شۇ كېچىسى تىنچ ئۆتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ۋاڭ كەمپىر چايخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تالاغا چىقتى، قارىسا، شى مېنچىڭ كوچىدا ئۇيان چۆرگۈلەپ، بۇيان ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ۋاڭ كەمپىر ئۇنى كۆرۈپ: «بۇ زىناخور ئەجەب بۇ يەردىن چۆرگۈلەپ كېتەلمەيدا! مەن سېنىڭ بۇرنۇڭغا تىلىڭ يەتمەيدىغان قىلىپ ھەسەل سۈركەپ قويىمىغىنىمنى كۆر، سەن پىخسىق يامۇلدىكىلەرنى يەپ ئۆگىنىپ قالغان بىرنېمىسەن، خەپ، ئەمدى سېنى بىر سىيرىۋالمىسام» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئەسلىدە بۇ چايچى كەمپىر ئۆز نېسىۋىسىگە شۇكۇر قىلمايدىغان شۇنداق موماي ئىكەنكى:

سۆزمەنلىكتە لۇ ـ جيا[1]غىمۇ سالار ئەلەم،
گەپدانلىقتا سۇي خېدىنمۇ يوق يېرى كەم.
قىز ـ يىگىتنى بىردەمدىلا ئەپلەشتۈرۈپ،
جۈپ قىلىدۇ كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ھەم.
ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن تۇل ـ بويتاقنى،
تېپىشتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە قىلار ھەمدەم.
ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتسە ئۇ ئارخات[2] يىگىت،
بىچيۇنى[3]نى قوينىغا ئەپ قۇچار مەھكەم.
ئۇنىڭ ھىيلە ـ نەيرىڭىدىن دامغا چۈشۈپ،
لى تەڭرىقۇت[4] گۇيزىمۇ[5]نى ئۆپەر شۇدەم،
شېرىن سۆزلەر ياغدۇرۇپ ئۇ ئازدۇرسا گەر،
فېڭ شېدەك ئەر ئىشرەت تامان قويار قەدەم.

① لۇ ـ جيا — خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئاتاقلىق دانىشمەن ۋە سۆزمەن كىشىلەر.
② ئارخات — بىر كاتتا راھىب نامى.
③ بىچيۇنى — بىر راھىبە.
④ لى تەڭرىقۇت — لى تيەنۋاڭ.
⑤ گۇيزىمۇ — ئايال يەكشا.

تاتلىق قەنتدەك گەپلىرىدىن بوۋى قىزنىڭ —
قوزغىلىدۇ ئىشتىياقى ئۆرلەپ ھەردەم.
ئىرىتسە بۇ جادۇ موماي جى نۇ قىزنى،
يار ئىشقىدا ئول پەرىزات چېكىدۇ غەم.
قىزنىقتۇرسا ئايدىكى ھۆر چاك ئىنى ئۇ،
ئۆزىگە جور ئىزدەيدۇ بۇ گۈزەل سەنەم.

ئەمدى گەپنى ۋاڭ كەمپىردىن ئاڭلاڭ. ۋاڭ كەمپىر چايخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئوچاقتا ئوت قالاپ، قازان - قومۇچ، قاچا - قۇچىلىرىنى يىغىشتۇردى. ئەتىگەندىن بېرى چايخانىنىڭ ئىشىكىنى ئەگىپ يۈرگەن شى مېنچىڭ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا چايخانىغا غىپلا قىلىپ كىرىپ، پەردە تۈۋىدە ۋۇ دانىڭ ئىشىكىگە كۆز تىكىپ ئولتۇردى. ۋاڭ كەمپىر ئۇنى كۆرمەسكەنگە سېلىپ، ئاشخانىدا ئوچاقتىكى ئوتنى پۈۋلەش بىلەنلا بولدى، ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ چىقىپ قويمىدى.

— ئايلا، چىپىڭىز بولسا ئەكىرىڭ، — دەپ چاقىردى شى مېنچىڭ.

— ھە، بېگىم كېلىپ قاپتىلا، كەم دىدارغۇ ئۆزلىرى، ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ھازىر ئەكېلىمەن، — دېدى ۋاڭ كەمپىر ۋە چىقىپ كېتىپ، زەنجىۋىل سېلىپ قويۇق دەملەنگەن ئىككى پىيالە چاي ئەكىرىپ شىرەگە قويدى.

— ئايلا، كېلىڭ بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيلى، — دېدى شى مېنچىڭ.

— ۋيەي، مەن سىلىنىڭ تەڭ خىللىرى ئەمەس، — دېدى ۋاڭ كەمپىر قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— قوشنىڭىز نىمىلەرنى ساتىدۇ، ئايلا؟ — دەپ سورىدى شى مېنچىڭمۇ كۈلۈپ.

— قوشنىمىز، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — قاسقاندا سۈيۈقئاش ئېتىپ، ئىلمان سۇدا شېكەر مانتىسى پىشۇرۇپ ساتىدۇ.

— ماۋۇ مومايىنىڭ ئالجىۋاتقىنىنى قارا، — دېدى شى مېنچىڭ كۈلۈپ.

— مەن ئالجىۋاتقىنىم يوق، ئۇ ئېرى بار خوتۇن، — دېدى ۋاڭ كەمپىر ھىجىيىپ.

— ئايلا، — دېدى شى مېنچىڭ، — مەن سىزگە تۈز گەپ قىلاي: قوشنىڭىزنى يۇتازا ئېتىشكە ئالامەت ئۇستا دەيدۇ، مەن ئۇنىڭ يۇتازىسىدىن قىرىق - ئەللىكنى ئالاي دەيمەن، ئۆيدە بارمىدۇ؟

— يۇتازا ئالىمەن دېسىلە، سەل تۇرۇپ تۇرسىلا، ئۇ بازاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالىملا، ئۇنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرۇپ نېمە قىلاتتىلا؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— بۇ گېپىڭىزمۇ دۇرۇس، — دېدى شى مېنچىڭ ۋە چاي ئىچىپ بولۇپ بىر ئازدىن كېيىن، — ئايلا، دەپتىرىڭىزگە يېزىپ قويۇڭ، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— ھېچقىسى يوق، دەپتىرىمگە مەھكەم يېزىپ قويدۇم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

شى مېنچىڭ ھىجىيىپ قويۇپ، چايخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ كەمپىر چايخانىدىن تالاغا سالقىن نەزەر بىلەن كۆز تاشلىدى، بۇ چاغدا شى مېنچىڭ يەنە ئىشىك ئالدىنى ئەگىپ، غىپىلا قىلىپ كۆنچىقىش تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، يەنە قاراۋاتاتتى، ئۇ بىردەمدىلا كەينىگە يېنىپ، يەنە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ شۇ يوسۇندا يەتتە - سەككىز قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن تويتوغرا چايخانىغا قاراپ كىرىپ كەلدى. ۋاڭ كەمپىر ئۇنى كۆرۈپ:

— بېگىم، كەم دىدار بولۇپ كەتتىلىغۇ، كۆرۈشمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى، — دېدى.

شى مېنچىڭ كۈلۈپ كېتىپ، يېنىدىن بىر - ئىككى سەر كۈمۈش پۇل چىقىرىپ:

— ئايلا، بۇنى چاي پۇلى ئۈچۈن ئېلىپ تۇرارسىز، — دەپ

سوْندى.

ــ نېمانچىلا جىق پۇل بېرىدىلا؟ ــ دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ.

ــ ياق، سىلىپ قويۇڭ.

ۋاڭ كەمپىر «ھە، مانا ئەمدى بۇ شەھۋەتپەرەس قىلتاقلىقنى ئىلىندى» دەپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە پۇلنى سىلىپ قويۇپ:

ــ بېگىم، چاققاپ كەتكەندەك تۇرىدىلا، تازا ئاچچىق بىر چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟ ــ دېدى.

ــ ئايلا، ئەجەبمۇ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىزغۇ؟

ــ تاپمايچۇ ئەمىسە، قەدىمكىلەر: «بازار كۆرۈپ مال سورا، چىراي كۆرۈپ ھال» دەپتىكەن، مەن قېرى، يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىمەن، ــ دېدى ۋاڭ كەمپىر.

ــ ئۇنداق بولسا، قېنى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ بېقىڭا، تاپالىسىڭىز سىزگە بەش سەر كۈمۈش تىكەتتىم.

ــ خان ئاچىلىرى ئۇيان - بۇيان ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا كۆڭۈللىرىدە نېمە بولسا شۇنى بىر تېپىشتىلا ئېيتىپ بېرەلەيمەن. ئىشەنمىسىلە، قېنى قۇلاقلىرىنى يېقىن تۇتسىلا، بېگىم نەچچە كۈندىن بۇيان ھەدەپ بۇ جايغا كېلىپ - چۆرگىلەپ كېتەلمەسلىكلىرى، قوشنىمىزنىڭ دەردىغۇ دەيمەن، قانداق تاپالىدىممۇ؟ ــ دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ.

ــ بارىكاللا ئايلا، ــ دېدى شى مېنچىڭ كۈلۈپ كېتىپ.

ــ سىز ئەقىل - پاراسەتتە سۈي خېنى، چېچەنلىكتە لۇ - جيانىمۇ بېسىپ چۈشىدىكەنسىز. ئايلا، سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئاشۇ كۈنى بېشىمغا پەردە تايىقى چۈشكەن چاغدا، ئۇنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئەس - يادىم شۇنىڭدا قالدى؛ مەن ئۆزۈم ھېچبىر ئېپىنى تاپالمىدىم. سىز بىرەر ئامالىنى قىلالامسىزكىن؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ كەمپىر قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— سىلىدىن يوشۇرمايمەن بېگىم: چايچىلىق دېگەن «جىنىنىڭ جېسەكچى بولغىنىدەك» ئىشەنچىسىز، تايىنى يوق ئوقەت، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى تومۇز ۋاقتى، ھېلىقى قار ياغقان ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنىدىن باشلاپ چاي سېتىپ ئوقەت قىلغىنىمدىن بۇيان، سودام ھېچ يۈرۈشمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئانچە ـ مۇنچە «قوشۇمچە تاپاۋەت» قىلىپ جان باقىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى.

— «قوشۇمچە تاپاۋەت» دېگىنىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى شى مېنچىڭ.

— مەن، — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ، — ئالدى بىلەن دەللاللىقنى شۇنداق قاملاشتۇرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا، دېدەك سودىسى قىلىش، كىندىك ئانىسى بولۇش، تۇغۇت ئانىسى بولۇش، تېپىشتۇرۇش ـ ئەپلەشتۈرۈش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قولۇمدىن كېلىدۇ.

— ئايلا، مېنى ئۇنىڭ بىلەن راستلا تېپىشتۇرۇپ قويسىڭىز، ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئون سەر كۈمۈش بېرەتتىم.

— بېگىم، بۇ ئىش ئۈچۈن بىرنەرسە كەم تۇرىدۇ، شۇڭا مېنىڭ بېشىم قېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭسىز باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

— نېمىگە بېشىڭىز قاتىدۇ؟ قېنى ماڭا دەڭ.

— بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — مېنى گەپنى ئېلىپ قالماي قىلىۋېرىدىغان موماي ئىكەن دەپ كايىمىسىلا، ئاشنا تېپىش ئاسان ئىش ئەمەس، تازا ئېپى ـ جېپىگە كەلگەندىمۇ، بىرەر يارماق كېمىيىپ قالسا، ئىش بىر باشقا چىقماي قالىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بەتخەج ئادەملەردىن ئەمەسلىكلىرى ماڭا مەلۇم. بىر تىيىنىنىمۇ كەلسە ـ كەلمەس خەجلىمەيلا، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىم قېتىۋاتىدۇ.

— بۇ ئاسان گەپقۇ. سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە قىلسام بولمىدىمۇ، — دېدى شى مېنچىڭ.

— پۆلنى ئايىمايدىغانلا بولسىلا، بېگىمنى بۇ چوكان بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويۇش قولۇمدىن كېلىدۇ، ئامالىم بار، شۇغىنىسى بېگىم مېنىڭ گېپىمگە كىرەمدىكىنتاڭ؟

— نېمە دېسىڭىز مەن تەييار. قانداق ئەپلىك ئامالىڭىز بار ئايلا؟

— بۇگۈن كەچ كىرىپ كەتتى، — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ، — هازىرچە قايتىپ تۇرسىلا، بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپ كەلسىلە ئاندىن بىرنەرسە دېيىشەيلى.

— جېنىم ئايلا، — دەپ يەرگە يۈكۈندى شى مېنچىڭ، — كۆڭلۈمنى ياندۇرماڭ، نېمە قىلىپ بولسىمۇ تېپىشتۇرۇپ قويۇڭ.

— نېمانچە ئالدىرايلا بېگىم، — دەپ كۈلۈپ سۆز باشلىدى ۋاڭ كەمپىر، — مېنىڭ شۇنداق بىر ئەپچىل پەنتىم باركى، ئۇندىن توققۇزى بىكار كەتمەيدۇ؛ ۋۇ چېڭۋاڭ①نىڭ پەنتىگە يەتمىسىمۇ، سۈن ۋۇزى②نىڭ ئايال لەشكەرلەرگە مەشىق ئۆگىتىش چارىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، بېگىم، مەن سىلىگە دەپ بېرەي: ئۇ ئايال ئەسلىدە چىڭخې ناھىيەسىدىكى بىر كاتتا تۆرىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن دېدەك ئىدى، يىڭنە ئىشلىرىغا قولى شۇنداق ئەپچىل. بېگىم، سىلى ماڭا بىر توپ ئاق چۈچۈنچە، بىر توپ كۆك تاۋار، بىر توپ ئاق شايى، يەنە ئون سەر مەشۇت يىپ ئېلىپ بەرسىلە. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «بىر شاپائەتچى بېگىم ماڭا بىر قۇر ئاخىرەتلىك كىيىم تىكتۈرۈۋېلىشقا رەخت بەرگەنىدى، خېنىم، ئۆيىڭىزدىكى رىسالىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ، شۇنىڭغا قاراپ خاسىيەتلىك كۈن تاللاپ بىر تىككۈچىگە تىكتۈرۈۋالاي» دەپ

---

① ۋۇ چېڭۋاڭ — جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىنتايىن پاراسەتلىك، چارە ـ تەدبىرلىك ئادەم.

② سۈن ۋۇزى — يەنى سۈن ۋۇ، ئەمىنىيە دەۋرىدە ئۆتكەن جۇڭگو تارىخىدىكى مەشھۇر چېرىكشۇناس.

باقاي، ئەگەر ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ پەرۋا قىلمىسا، بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ: «تىككۈچىگە بەرمەڭ، مەن تىكىپ بېرەي» دېسە، بۇ بىرىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. ئۇ چاغدا مەن ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە تەكلىپ قىلىمەن. ئۇ ئەگەر: «ئۆيۈمگە ئەكېلىپ بېرىڭ، ئۆيدە تىكەي» دەپ كېلىشكە ئۇنىمىسا، بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خۇشاللىق بىلەن: «ماقۇل، مەن بېرىپ تىكىپ بېرەي» دېسە، بۇ ئىككىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تىكىشكە ماقۇل بولسا، مەن ئۇنى مەي ـ شاراب، غىزا ـ تاماقلار بىلەن كۈتۈۋالىمەن. بىرىنچى كۈنى سىلى بۇ يەرگە كەلمەيدىلا، ئىككىنچى كۈنى ئەگەر ئۇ بۇ يەرنى قولايسىز ئىكەن، ئۆيۈمدە ئىشلەي، دەپ تۇرۇۋالسا، بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرىنچى كۈنىدىكىدەك بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشكە ئۇنايدىغان بولسا، بۇ ئۈچىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. ئۇ كۈنىمۇ كەلمىسىلە بولىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆزلىرى چىرايلىق ياسىنىپ كېلىپ، يۆتەل بىلەن بەلگە بېرىدىلا، ئاندىن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ: «ئايلا، نەچچە كۈندىن بۇيان كۆرۈنمەيدىلىغۇ؟» دەيدىلا. مەن چىقىپ سىلىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىمەن. سىلى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئەگەر ئۇ سىلىنى كۆرۈپ قاچماقچى بولسا، مەن ئۇنى تۇتۇۋالالمايمەن. ئۇ چاغدا بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قوزغالماي ئولتۇرسا، بۇ تۆتىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. سىلى ئولتۇرغاندىن كېيىن مەن ئۇ خېنىمغا سىلىنى تونۇشتۇرۇپ: «ماۋۇ ئاخىرەتلىك بەرگەن شاپائەتچى بېگىم مۇشۇ بولىدۇ. تەڭرى ئىشنى ئوڭ قىلغاي دەپ سىلىنىڭ نۇرغۇن ياخشى گەپلىرىنى قىلىمەن، ئۆزلىرىمۇ ئۇنى يىڭنە ئىشلىرىغا ئۇستا ئىكەنلا، دەپ ماختاپ قويسىلا. ئۇ چاغدا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالسا، بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېغىز ئېچىپ گەپلىرىگە جاۋاب بەرسە، بۇ بەشىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ

كەلگىنى، ئۇ چاغدا مەن: «بۇ خېنىمنىڭ ئېغىر كۆرمەي ماڭا ئىشلەپ بېرىشى ئاسان ئىش ئەمەس. ھېلىمۇ تەكرىم مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭ قىلىپ ئىككى شاپائەتچى نېسىپ قىلغانىكەن، مەن ئۇچۇن بىرلىرى پۇللىرىنى، بىرلىرى ھۇنەرلىرىنى ئايىماي ئاتتىلا. بېگىم مەن يوقسۇزچىلىقتىن ئۇزلىرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقىنىم يوق، بۇ خېنىم بۇ يەرگە ئاران بىر كەلگەن چاغدا، ئۇزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ، مەن قېرى مەزلۇم ئۇچۇن بۇ خېنىمغا ئىلتىپاتلىرىنى كۆرسەتسىلە» دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن سىلى ماڭا كۈمۈش تەڭگە بېرىپ، مېنى مەي ـ تائام سېتىپ ئەكېلىشكە بۇيرۇيدىلا. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ماڭىمەن دېسە، ئۇنى توتۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ ھالدا بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرىۋەرسە، ئىشنىڭ ئەپلەشكىنى شۇ. ئەنە شۇنداق بولسا، بۇ ئالتىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. مەن سىلىدىن پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «خېنىم، مالال كۆرمەي بېگىم بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ» دەيمەن. ئەگەر ئۇمۇ قوپۇپ، مەنمۇ كېتىمەن دېسە، مەن ئۇنى توسۇۋالالمايمەن، ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرىۋەرسە، ئۇ ھالدا ئىشنىڭ قاملاشقىنى شۇ. بۇنداق بولغاندا يەتتىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. مەن نەرسىلەرنى ئەكېلىپ داستىخانغا تىزغاندىن كېيىن: «خېنىم، ئىشنى بىردەم قويۇپ تۇرۇڭ. بىرەر قەدەھتىن مەي ئىچەيلى، بۇ بېگىم سىزنى دەپ شۇنچىلىك جوۋاپ بۇ نەرسىلەرنى ئەكەلدۇردى» دەيمەن. ئەگەر ئۇ سىلى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشنى راۋا كۆرمەي كېتىپ قالسا، بىز بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاغزىدا ۋاي كەتسەم بولاتتى دەپ قويۇپ، ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرىۋەرسە، بۇمۇ ئىشنىڭ ئەپلەشكىنى شۇ. بۇ سەككىزىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. ئۇ مەي ئىچىپ راسا كەيپ بولۇپ، تازا قىزىق پاراڭغا چۈشكەندە، مەن مەي تۈگەپ

قالدى دەپ، سىلىنى يەنە مەي ئەكېلىشكە جورۇيمەن، سىلى يەنە مېنى بۇيرۇيدىلا، مەن مەي ئەكېلىشكە كەتكەن بولۇپ، ئىشىكنى تېشىدىن تاقاپ، ئۆزلىرىنى ئىچىگە سولاپ قويىمەن. شۇ چاغدا ئەگەر ئۇ خاپا بولۇپ قاچسا، بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ. ئەگەر مەن ئىشىكنى تاقاپ قويغاندىن كېيىن ئۇ خاپا بولمىسا، بۇ توققۇزىنچى قەدىمىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى. يەنە بىر قەدەم ئوڭ كەلسە، ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ... ئەمما بۇ ئەڭ تەس قەدەم، بېگىم، سىلى ئۆيدە خالىي قالغاندىن كېيىن تاتلىق سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلىپ، ئۇنى ئېرىتسىلە. ئالدىراپ ھاپىلا ـ شاپىلا بېرىپ ئېسىلسىلا بولمايدۇ، ئىشنى بۇزۇپ قويسىلا ئۇ چاغدا مەن ئىگە بولالمايمەن. ئالدى بىلەن ئۆزلىرى يەڭلىرى بىلەن شىرەدىكى چوكىنى قاققان بولۇپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتسىلە، ئاندىن يەردىن چوكىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ خېنىمنىڭ پۈتىنى ئاستا چىمداپ قويسىلا، ئەگەر ئۇ: «ئاللا ـ توۋا» دەپ ۋارقىراپ قويسا، مەن كىرىپ ئارىغا چۈشىمەن، ئۇ ھالدىمۇ بۇ ئىشتىن قول ئۈزسەك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش توگىشىدۇ، ئەگەر ئۇ جىم تۇرۇپ بەرسە، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئون قەدىمىمىزنىڭ ھەممىسى ئوڭ كەلگەن بولىدۇ. ئۇ خېنىمنىڭمۇ مەيلى بارلىقى جەزمەنلىشىپ، ئىشىمىز تازا جايىدىن چىققان بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ئامالىمغا قانداق دەيدىلا؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شى مېنچىڭ خۇشاللىقىدىن:

ــ ھەي، ھەي، لىڭخەن راۋىقىغا لايىق ھېيلىدىنىمۇ قېلىشمايدىغان ھىيلە ئىكەن ـ دە! ــ دېدى.

ــ ماڭا ئاتىغان ئون سەر كۈمۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ــ دېدى ۋاڭ كەمپىر.

ــ ئۈزۈمنى يېگەندە، تېكىنى ئۇنتۇمىدىغان، ئىشنى قاچان باشلايمىز؟ ــ دېدى شى مېنچىڭ.

ــ بۈگۈن ئاخشاملا ئۇچۇرنى بېرىمەن، ــ دېدى ۋاڭ كەمپىر، ــ مۇشۇ تاپتا ۋۇ دا ئۆيدە يوق، بۇ غەنىيمەت ۋاقىتنى

www.uyghurkitap.com

قولدىن بەرمەي، ئۆنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆنىڭ خوتۇننى ئېرىتىپ باقاي، سىلى قايتىپ بېرىپلا ھېلىقى دېگەن تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئەۋەتىۋەتسىلە.

— ئايلا، سىز بۇ ئىشنى ئەپلەشتۇرۇپ بېرەلمىسىڭىز دەۋاتقان يەردە، ۋەدەمدە تۇرمىسام بولامدۇ؟ — دېدى ـ دە، شى مېيىنچىڭ ۋاڭ كەمپىر بىلەن خوشلىشىپ بازارغا بېرىپ، شايى ـ ئەتلەس دۇكىنىدىن بايىقى دېگەن تاۋار ـ دۇردۇن، شايى ـ چۇچۇنچىلەرنى ۋە ئون سەر ئېسىل مەشۇت يىپ سېتىۋالدى. ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، چاكىرىغا ماللارنى ئوبدان يۆگەتكۈزۈپ، بەش سەر كۆمۈش بىلەن چايخانىغا ئەۋەتتى. ۋاڭ كەمپىر نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، چاكارنى يولغا سېلىۋەتتى.

## غەزەل

نېمە ھاجەت ئىشق ـ ئىشرەت كويىدا جان كۆيدۈرۈپ،
جەڭگە چىققاندەك گوياكى بەلگى قاپقان قويدۇرۇپ.
ئاشنا تاپماق مىكرىسى ئون نەچچىگە يەتكەن بىلەن،
ئۆز ـ ئۆزىنى قىلدى ھالاك خەققە ئورا ئويدۇرۇپ.

ۋاڭ كەمپىر كەينى ئىشىكتىن چىقىپ، ۋۇ دانىڭ ئۆيىگە كىردى. ۋۇ دانىڭ خوتۇنى ئۇنى بالىخانىغا تەكلىپ قىلدى.

— خېنىم، بىزنىڭ غېرىبخانىمىزغا چاي ئىچكىلى بارمايدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مىجەزىم يوق، بىر ياققا چىقىشقىمۇ خۇشياقمىدى، — دېدى ئايال.

— ئۆيىڭىزدە رىسالىڭىز بارمۇ خېنىم؟ ماڭا بېرىپ تۇرسىڭىز، ئۆلۈمگە قاراپ كىيىم پىچتۇرۇشقا خاسىيەتلىك بىر كۈننى تالللىۋالاي دېگەنىدىم.

— قانداق كىيىم پىچتۇرماقچى بولۇۋاتىسىز، ئايلا؟

— ئاغرىق ـ سىزلاقتىن نېرى بولالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — بىرەر ھادىسە بولۇپ قالسا تېنەپ قالماي دەپ، ئاخىرەتلىك كىيىملىرىمنى تەييارلاپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم، ھېلىمۇ ياخشى يېنىمىزدىكى بىر باي مېنىڭ بۇ ھالىمغا يېتىپ، بىر قۇر كىيىملىك چۇچۇنچە، شايى، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە بىرئاز ئوبدان مەشۇت يىپ سەدىقە قىلغانىدى، ئۇنى بىرنەرسە قىلدۇرالماي، ئۆيدە ساقلاۋاتقىنىمغا بىرەر يىلدىن ئاشتى. بۇ يىل تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوش ئايلىق كۈنلەرمۇ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەرنى غەنىيمەت بىلىپ تىكتۈرۈۋالاي دەيمەن. تىككۈچىمۇ ئادەمنى قىيناپ، ئىش قاتىلاڭ دەپ، تىكىپ بېرىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، ھەي، مەندەك قېرى مەزلۇمنىڭ ھال ـ دەردىگە كىم يېتەتتى دەيسىز!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايال كۈلۈپ:

— مېنىڭ تىككىنىم ئايلامغا يارىماي قالارمىكىن، مەيلى دېسىڭىز، مەن تىكىپ بېرەيمۇ يا؟ — دېدى.

— خېنىم، مۇبارەك قولىڭىز بىلەن تىكىپ بەرسىڭىز، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى. ئۇزۇندىن بۇيان خېنىمنى يىڭنە ئىشلىرىغا قولى ئەپچىل دەپ ئاڭلاپ يۈرەتتىم، بىراق سىزگە تىكىپ بەرسىڭىز دېيىشتىن خىجىل بولدۇم، — دېدى كەمپىر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ.

— خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار دەيسىز ئايلا، تىكىپ بەر دېسىڭىز، گەپ يوق تىكىپ بېرىمەن. رىسالەمنى ئېلىپ بىرسىگە خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللىتىپ كېلىڭ، ئاندىن مەن ئىشقا تۇتۇش قىلاي.

— خېنىمنىڭ ماڭا تىكىپ بېرىشكە رازى بولۇشىنىڭ ئۆزى ياخشىلىقنىڭ نىشانىسى ئەمەسمۇ، خاسىيەتلىك كۈن تاللايمەن دەپ نېمە قىلاتتىم؟ بۇرناكۈن بىرسىدىن ئەتە خاسىيەتلىك كۈن دەپ ئاڭلىغان. مېنىڭچە كىيىمنى خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ پىچتۇرمىسىمۇ بولىۋېرەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاخىرەتلىك كىيىمنى خاسىيەتلىك كۈندە پىچتۇرغان ياخشى، كۈن تاللىماي بولامدۇ؟

— تىكىپ بېرىشكە ماقۇل بولسىڭىز، ئېغىر كۆرمەي ئەتە سىزنىڭ غېرىبخانىمىزغا ئىلتىپات قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، دېمەكچىمەنكى، ئۆزۈم بېرىپ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېلىپ، قىلغان ئىشىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ ياخشى بولاتتى، بىراق چايخانىغا قارايدىغان ئادىمىم يوق.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە ناشتىدىن كېيىن باراي.

ۋاڭ كەمپىر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي مىڭبىر تەشەككۈر ـ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ بالىخانىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قايتىپ شۇ كۈنى كەچتە شى مېنچىڭغا بەلگىلەنگەن كۈندىن قالماي كېلىشى ھەققىدە خەۋەر بېرىۋەتتى. شۇ كېچىسى ھېچ گەپ بولمىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ۋاڭ كەمپىر ئۆينى پاكىز يىغىشتۇرۇپ، يىپ ـ يىڭنە ئەكېلىپ، چاي ـ پاي تەييارلاپ قويۇپ، ئۆيدە كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ۋۇ دا شۇ كۈنى ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئەپكەشنى مۈرىسىگە ئالدى ـ دە، ئوقەت قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئايالى ئىشىك ـ پەنجىرە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ، كەينى ئىشىكتىن چىقىپ ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىگە كىردى. كەمپىر خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. قويۇق چاي دەملەپ، داستىخانغا پىستە، مېغىز تۆكۈپ، ئايالنى ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، شىرەگە بايىقى تاۋار ـ دۇردۇنلارنى يايدى. ئايال كىيىمنى ئۆلچەپ، پىچىپ بولۇپ تىكىشكە باشلىدى. كەمپىر ئۇنىڭ ئىشىنى كۆرۈپ ھەدەپ ماختاپ:

— قولىڭىز قەۋەتلا ئەپچىل ئىكەن! ئاتمىش ـ يەتمىش ياشقا كىرىپتىمەن، سىزدەك يىڭنە ئىشىغا ئۇستا ئايالنى

كۆرمەيتىكەنمەن، ـــ دېدى. ئايال چۈش بولغۇچە كىيىم تىكتى، ۋاڭ كەمپىر مەي ـ شارابلارنى تەييارلاپ، ئاش ئېتىپ ئۇنى مېھمان قىلدى. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئايال يەنە ئىشقا كىرىشتى. كەچ بولاي دېگەندە ئىشنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ئايال ئەمدىلا يېتىپ كېلىپ تۇرۇشىغا، ۋۇ دامۇ قورۇق ئەپكىشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئايال ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ۋۇ دا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ يۈز ـ كۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

ـــ نەدە مەي ئىچىپ كەلدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ قوشنىمىز ۋاڭ ئايلا ئاخىرەتلىك كىيىم تىكىپ بېرىڭ دەپ چاقىرىپتىكەن، چۈشتە شۇ يەردە غىزالىنىپ، ئاز ـ تولا ئىچكەنىدىم، ـــ دېدى خوتۇنى.

ـــ ھەي! بولماپتۇ، ـــ دېدى ۋۇ دا، ـــ ئۇنىڭ تاماقنى يېمەيدىغان ئىش ئىدى. بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز چۈشىدىغان كۈن بولۇپ قالىدۇ. كىيىم تىكىپ بېرىشكە چاقىرغان بولسا، ئۇنى ئاۋارە قىلماي، غىزانى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يېسەڭ بولاتتىكەن. ئەگەر ئەتە يەنە بارساڭ، يېنىڭغا پۇل سالغاچ بېرىپ، بىرئاز مەي ـ تائاملارنى ئېلىپ كىرىپ ئۇنى مېھمان قىلىپ قوي. «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن گەپ بار. ئادەمگەرچىلىكتىن قالما. ئەگەر ئۇ سېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىڭنى قوبۇل كۆرمىسە، ئىشنى ئۆيگە ئەكېلىپ ئىشلەپ، پۈتكۈزۈپ ئاپىرىپ بەر.

خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاق ياكى كۆك دېمىدى، شۇ كېچىسى تىنچ ئۆتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

نە ئىلاجدۇر، دەللە كەمپىر قويدى قىلتاق بەك يامان،
بىلمىدى ھېچ سىرنى ۋۇ دا تۇردى غاپىل بىگۇمان.

مەي ئېلىپ كۆت دەللىنى دەپ خوتۇنىغا پۇل بېرىپ،
سوۋغا قىلدى خوتۇننى خەققە مۇتلا ناتىۋان.

ئەمدى گەپنى ۋاڭ كەمپىردىن ئاڭلاڭ. ۋاڭ كەمپىرنىڭ پەن جىنلىيەننى ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىش ھىيلىسى تەخمۇتەخ بولدى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ۋۇ دا بازارغا چىقىپ كېتىشىگىلا ۋاڭ كەمپىر كېلىپ، پەن جىنلىيەننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. پەن جىنلىيەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئىشنى تىكىشكە باشلىدى. ۋاڭ كەمپىر ئۇنىڭغا چاي ئەكەلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. چۈش بولغان چاغدا ئايال يېنىدىن بىر تىزىق يارماقنى چىقىرىپ ۋاڭ كەمپىرگە سۇنۇپ:
— ئايلا، ماۋۇ پۇلغا مەي - پەي ئەكەلسىڭىز، بىللە ئولتۇرۇپ ئىچسەك، — دېدى.
— ۋىيەي، نەدىمۇ بۇنداق قائىدە - يوسۇن بار؟ مەن سىزنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ ئىشىمنى قىلدۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە پۇل ئالسام قانداق بولىدۇ؟
— ماڭا كۈيۈيىم شۇنداق قىل دېگەنىدى. ئەگەر قوبۇل كۆرمىسىڭىز، ئىشنى ئۆيگە ئاپىرىپ قىلىپ ئەكېلىپ بېرەي.
— كۈيۈيىڭىز ئۇنداق دېگەن بولسا، خېلى ئىش بىلىدىكەن، — دېدى كەمپىر دەرھال يانىدۇرۇپ، — مەيلى گېپىڭىزنى يەردە قويماي، ئالسام ئالاي.
ئىشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بۇ كەمپىر ئۆز يېنىدىنمۇ پۇل قوشۇپ، ئېسىل مەي، ئېسىل تائام ۋە قىممەتلىك مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكېلىپ، ئۇنى ئوبدان مېھمان قىلدى. ئوقۇرمەن، شۇنىڭغا قۇلاق سالغايسىزكى، دۇنيادىكى خوتۇن خەق ھەرقانچە چېچەن بولغىنى بىلەن، ئوندىن توققۇزى شېرىن - شېكەر سۆزلەرگە ئالدىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ كەمپىر داستىخان راسلاپ ھېلىقى ئايالنى مەي - تائاملار بىلەن كۈتۈۋالدى، ئايال يەنە بىردەم ئىش قىلغاندىن كېيىن كەچ كىرىپ



www.uyghurkitap.com

قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مىخبىر رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇچىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن ۋاڭ كەمپىر ۋۇ دانىڭ بازارغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، كەينى ئىشىكتىن كىرىپ، ۋۇ دانىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ:

— خېنىم، ئالدىڭىزغا يەنە كېلىپ قالدىم، — دېدى.

— مەنمۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم، — دېدى ئايال بالىخانىدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ.

ئىككىسى كۆرۈشۈپ، ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردى ۋە ئايال قولىغا ئىشنى ئېلىپ تىكىشكە باشلىدى. كەمپىر دەرھال چاي دەملەپ ئەكىردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. چۈش ۋاقتى بولاي دېگەندە تاقىتى تاق بولغان شى مېنچىڭ بېشىغا يېڭى بوغمىچىنى چىگىپ، پاكىز - چىرايلىق ئېگىنلىرىنى كىيدى، ئاندىن يېنىغا تۆت - بەش سەر كۈمۈش سېلىپ، توپتوغرا قوغۇرتاش رەستىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ چايخانا ئالدىغا كېلىپ، تامىقىنى قىرىپ يۆتىلىپ:

— ۋاڭ ئايلا، ئەجەب كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ — دەپ چاقىردى.

— كىم ئۇ مېنى چاقىرغان؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ.

— مەن، — دېدى شى مېنچىڭ.

— كىمكىن دېسەم، شاپائەتچى بېگىم ئىكەنغۇ، تازا خۇش ۋاقتىدا كەپتىلا، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، — دېدى كەمپىر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈلۈپ ۋە شى مېنچىڭنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئايالغا قاراپ:

— بۇ ماڭا كىيىملىك رەخت بەرگەن ھېلىقى شاپائەتچى بېگىم بولىدۇ، — دېدى.

شى مېنچىڭ ئايالغا تەزىم قىلىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. ئايالمۇ ئىشنى دەرھال قويۇپ قويۇپ، تەزىم بىلەن ئامان - ئېسەنلىك سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ۋاڭ كەمپىر شى مېنچىڭغا ۋۇ دانىڭ خوتۇننى كۆرسىتىپ:

— بېگىم، سىلى بەرگەن تاۋارلارنى بىر يىلدىن بۇيان تىكتۇرەلمەي يۇرەتتىم. مانا ئەمدى تەلىيىمگە بۇ خېنىم تىكىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنچىلا سىلىق ـ سىپتا تىكىپتۇكى، ھېچكىم بۇنچىلىك قىلالماس! ئۆزلىرى كۆرۈپ باقسىلا بېگىم، — دېدى.

شى مېنچىڭ كىيىمنى قولىغا ئېلىپ داڭلاپ:

— ۋاھ، بۇ خېنىم بۇنداق ئاجايىپ ھۇنەرنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيدى، قوللىرى پەرىشتىلەرنىڭكىدەك ئەپچىل ئىكەنا! — دېدى.

— زاڭلىق قىلمىسىلا بېگىم! — دېدى ئايال كۈلۈمسىرەپ.

— ئايلا، سوراشقا پېتىنالمايۋاتىمەن. بۇياق كىمنىڭ ئاغىچىسى بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى شى مېنچىڭ.

— قېنى ئۆزلىرى تېپىپ باقسىلا بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— پېقىر قانداقمۇ تاپالىسۇن؟ — دېدى شى مېنچىڭ.

— بۇياق قوشنىمىز ۋۇ دانىڭ كۆچەسى بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ، — ئاۋۇ كۈنى باشلىرىغا تەگكەن تاياق ئاغرىتماپتۇ ـ دە، ئەجەب ئۇنتۇپ قاپتىلا بېگىم.

— ئۇ كۈنى پەملىمەي تاياق قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا بېگىم، — دېدى ئايال بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۇپپىدە قىزىرىپ.

— ئۇنداق بولامدىغان، — دېدى شى مېنچىڭ.

— بۇ بېگىمنىڭ مىجەزى خويمۇ مۇلايىم، — دەپ گەپنى ئۇلاپلا داۋاملاشتۇردى كەمپىر، — قورسىقىدا ئەسلا ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، قەۋەتلا ئوبدان ئادەم.

— ئۇ كۈنى پېقىر ئۆزلىرىنى تونۇيالماي قاپتىمەن، ئەسلىدە، — دېدى شى مېنچىڭ، — ۋۇ دا چوڭىنىڭ ئاغىچىسى ئىكەنلا ـ دە، پېقىر ئۆيىنىڭ ئىگىسى بولغان چوڭنىلا بىلىدىكەنمەن، ئۇ كىشى بازاردا ئوقەت قىلىدۇ، چوڭ ـ كىچىك

ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقەتنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان، خۇي - پەيلىمۇ ئوبدان، تېپىلماس بىر ئادەم.

— شۇنى دېسىلە، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — بۇ خېنىم ۋۇ دا چوڭامغا ياتلىق بولغاندىن بۇيان، ۋۇ دا چوڭام بۇ خېنىمنىڭ دېگەن گېپىدىن، سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇ كىشى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم، بېگىم مازاق قىلمىسىلا، — دېدى ئايال.

— ئۇنداق دېمىسىلە خېنىم، قەدىمدىن قالغان «يۇمشاقلىق قىلساڭ پاناھ تاپارسەن، قاتتىقلىق قىلساڭ بالا تاپارسەن» دېگەن گەپ بار. ھەممە ئادەم كۇيۇلىرى ۋۇ دادەك مۆمىن، مۇلايىم بولىدىغان بولسا، ھېچكىم زىيان - زەخمەت چەكمەيدۇ.

— شۇنى دېسىلە، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ۋاڭ كەمپىر.

شى مېنچىڭ شۇ يوسۇندا ۋۇ دانى بىر پەس ماختىغاندىن كېيىن ئايالنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ كەمپىر:

— خېنىم، بۇ بېگىمنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى ئايال.

— بۇ بېگىم ناھىيەمىزدىكى داڭلىق بايلاردىن بولىدۇ، ئامبالبېگىم بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدىغان شى مېنچىڭ بېگىم دېگەن كىشى مۇشۇ بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر ھەدەپ ئۇنى يالغاندىن ماختاپ، — ئامبال يامۇلنىڭ ئۇدۇلىدا دورا - دەرمەك ساتىدىغان بىر دۇكىنى بار. ئۆيىدە پۇل - پۇچەك، سېغىدا ئاشلىق - تۈلۈك دېگەن تۆكۈلۈپ - چېچىلىپ ياتىدۇ، قىپقىزىل ئالتۇنلار، ئاپپاق كۈمۈشلەر، دانە - دانە ئۈنچە - مەرۋايىتلار، يالتىراپ تۇرغان گۆھەر - ياقۇتلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ ياتىدۇ. يەنە كەركىدان مۈڭگۈزى دەمدۇ، پىل چىشى دەمدۇ، ھەممىۋا نەرسە تېپىلىدۇ.

ئايال بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىشىنى تىكىپ

ئولتۇردى. شى مېنچىڭ پەن جىنلىيەنگە قارىغانسېرى ھەۋىسى قوزغىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئاتقۇسى كېلىپ كەتتى، ۋاڭ كەمپىر چىقىپ ئىككى پىيالە چاي ئەكىرىپ، بىر چىنىسىنى شى مېنچىڭغا، بىر چىنىسىنى پەن جىنلىيەنگە سۇنۇپ:

— خېنىم، بېگىم بىلەن بىللە مېھمان بولۇڭ، — دېدى.

ئۇلار چاي ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ كەمپىر پەن جىنلىيەننىڭ قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقىدى - دە، شى مېنچىڭغا بىر قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ ئىشارەت بەردى، شى مېنچىڭ ئىچىدە ئىشنىڭ بەشىنچى قەدىمى ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى پەملىدى.

— بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — ئۆزلىرى كەلمىگەن بولسىلا، سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىغىچە بېرىپ چىللاپمۇ ئەكەلگىلى بولمايتتى. بىرىنچىدىن، تەڭرىم كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ. ئىككىنچىدىن، دەل ۋاقتىدا كېلىپتىلا. «بىر مېھمان ئىككى ساھىبخانىنى ئاۋارە قىلماپتۇ» دېگەن گەپ بار. ئۆزلىرى پۇل چىقارغان بولسىلا، بۇ خېنىم كۈچ چىقىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قولۇم قىسقىلىقىدىن سىلىگە مالاللىق سېلىۋاتقىنىم ئەمەس، بۇ خېنىم بۇ يەرگە مېنىڭ تەسلىكتە ئاران بىر كەلگەندە، ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ، مەن ئاجىز موماي ئۈچۈن بۇ خېنىمغا ئىلتىپاتلىرىنى ئايىمىغايلا.

— بۇ ئىش پېقىرنىڭ يادىغا كەلمەپتۇ، مانا پۇل، — دېدى شى مېنچىڭ ۋە مەي - تائام ھازىرلاش ئۈچۈن، يېنىدىن پۇلىنى چىقىرىپ، ياغلىق بىلەن ۋاڭ كەمپىرگە سۇندى.

— جوۋىمىسىلا بولاتتى، — دېدى ئايال ئاغزىدا، لېكىن جايىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى.

ۋاڭ كەمپىر پۇلنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئايال ئورنىدىن قوپمىدى. ۋاڭ كەمپىر بوسۇغىدىن قايتىپ:

— خېنىم، مالال كۆرمەي بېگىمگە بىردەم ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇرغايسىز، — دېدى.

— بولىدۇ ئايلا، بارمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى ئايال يەنىلا ئولتۇرغان جايىدىن قوزغالماي.

ئەتىمالىم تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك، ھەر ئىككىسىنىڭلا كۆڭلى تارتىشىپ قالدى، شى مېنچىڭمۇ بۇ ئايالدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى، ئايالمۇ شى مېنچىڭغا يەر تېگىدىن تەبەسسۇم بىلەن كۆز تاشلاپ قوياتتى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە خېلىلا يېقىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىش تىكىپ ئولتۇرىۋەردى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ۋاڭ كەمپىر بازاردىن سېمىز ئۆردەك گۆشى، پىششىق گۆش ۋە ئېسىل مېۋىلەردىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدى. ئاندىن ئۇنى پەتنۇسقا كۆك ـ گېزەك بىلەن بىللە چىرايلىق تىزىپ، ئۆيگە ئەكىرىپ شىرەگە قويدى ۋە پەن جىنلىيەنگە قاراپ:

— خېنىم، ئىشنى بىردەم يىغىشتۇرۇپ قويۇپ تۇرۇڭ، بىرەر قەدەھتىن ئىچىشەيلى، — دېدى.

— ئايلا، ماڭا قارىماي بېگىمنى مېھمان قىلىۋېرىڭ، — دېدى ئايال ۋە جايىدىن قوزغالماي ئولتۇرىۋەردى.

— بۇ پەقەت سىزنىڭ شەرىپىڭىزگىلا ئاتالغان ئىلتىپات تۇرسا، ئۇنداق گەپلەرنى قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر ۋە پەتنۇستىكى تائاملارنى داستىخانغا تىزدى. ئۈچى ئولتۇرغاندىن كېيىن مەي قۇيۇش باشلاندى. شى مېنچىڭ بىر قەدەھ مەينى ئايالغا تۇتۇپ:

— خېنىم، خوش، قېنى بۇنى ئىچىۋەتسىلە، — دېدى.

— ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا، بېگىم، — دېدى ئايال.

— مەيگە خېلى ئىشتىياقىڭىز بار ئىدىغۇ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ، بىر ـ ئىككى قەدەھ ئىچىۋېلىڭ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

بولمىغان ئەرۋ ئاياللار مەرىكىدە بىر داستىخان،
هالىغا ۋاي، شۇ خېنىمنىڭ نازلىنىپ يارچىللىغان.
قىلمىدى كار يۇزبېشىنىڭ شۇنچە ئېيتقان سۆزلىرى،
كەلدى ئىتمۇ قوق① تۇۋىگە كۆز تىكىپ ئۇڭا شۇئان.
نەزمىدە يەنە مۇنداق تەرىپلەنگەن:

بىل شاراب شەھۋانىيلىقتا تا ئەزەلدىن ھەمقىياش،
قىز ـ يىگىتلەر جۇپلىشەر بىر داستىخاندا يېسە ئاش.
يۇزبېشى قىلسا نەسىھەت ئىلكىگە ئالماي خېنىم،
ئىت كىرىپ ياتسۇن دىبان قوقنى ئۇچۇق قويدى ئاراش.

ئايال مەينى قولىغا ئالدى، شى مېنچېڭ قولىغا چوكىنى ئېلىپ:

— ئايلا، مەن ئۇچۇن خېنىمنى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ قويۇڭ، — دېدى.

كەمپىر تائامنىڭ ئوبدىنىنى خىللاپ: «قېنى بېقىڭ» دەپ ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇچ قەدەھتىن ئىچىشكەندىن كېيىن ۋاڭ كەمپىر چىقىپ كېتىپ مەي ئېلىپ كىردى.

— خېنىم، غۇنچە ياشلىرى قانچىگە كەلدىكىن؟ — دەپ سورىدى شى مېنچىڭ.

— كۆنلەرنى مەنسىزلا ئۆتكۈزۈپ، يىگىرمە ئۇچكە كىرىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال.

— پېقىر سىلىدىن بەش ياش چوڭ ئىكەنمەن، — دېدى شى مېنچىڭ.

— ئاسمان بىلەن زېمىننى تەڭلەشتۈرۈۋاتىدىلا بېگىم، — دېدى ئايال.

— بۇ خېنىم شۇنداق چېچەنكى، — دېدى ۋاڭ كەمپىر گەپ

① قوق — ئىشىك، دەرۋازا مەنىلىرىدە.

قىستۇرۇپ، — قول ئىشىغا ئاجايىپ چېۋەر بولۇپلا قالماي، ھەر خىل ئىلىم - بىلىمدىنمۇ خەۋىرى بار.

— ۋۇ دا نېمىدېگەن تەلەيلىك - ھە، بۇ خېنىمنى نەدىنمۇ تاپقاندۇ؟ — دېدى شى مېنچېڭ.

— بېگىم، راست گەپنى قىلسام، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — ئۆيلىرىدە شۇنچە خېنىملار بولغىنى بىلەن ھېچقايسىسى بۇ خېنىمغا يېتەلمەيدۇ!

— شۇ ئەمەسمۇ، ئېيتسام گەپ تولا! شور پېشانە ئىكەنمەن، تۇزۇك بىرەرىگە ئۇلىشالمىدىم، — دېدى شى مېنچېڭ.

— بالدۇرقى ئاغىچا خېنىملىرى ئوبدان بولغنىيدى بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— نېمىسىنى ئېيتىسىز! مۇبادا بالدۇرقى كۆچەم بولغان بولسا، ئۆي ئىچىم بۇنچىلىك سورۇقچىلىق تارتمايتتى، — دېدى شى مېنچېڭ، — ھازىر ئۆيدە بىكار يېتىپ ئاش يەيدىغان يەتتە - سەككىزى بار، ھېچقايسىسى كارغا كەلمەيدۇ.

— بېگىم، چوڭ ئاغىچا خېنىم قاچان قازا تاپقان؟ — دەپ سورىدى ئايال.

— نېمىسىنى دەيدىلا، — دېدى شى مېنچېڭ، — رەھمەتلىك كۆچەم نامرات ئائىلىدىن بولسىمۇ، بىراق ئالامەت چېۋەر ئايال ئىدى، ھەممە ئىشلىرىمنى جاي - جايىدا ئورۇنلاپ تۇراتتى. بىتەلەيلىكىمدىن قازا تاپقىلى مانا ئۈچ يىل بولدى، ئۆي ئىشلىرىم سورۇقچىلىقتا قالدى، نېمە ئۈچۈن مېنى تالا - تۈزلەردە يۈرىدىغاندۇ دەپ ئويلاۋاتىدىغانلا؟ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسام، دېمىم سىقىلىپ ئولتۇرالمايمەن، — دېدى شى مېنچېڭ.

— بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — مېنى ئالدى - كەينىگە باقماي گەپ قىلىۋېرىدىغان نېمىكەن دەپ قالمىسىلا. سىلىنىڭ چوڭ خېنىممۇ يىڭنە ئىشلىرىغا بۇ خېنىمدەك چېۋەر ئەمەس بولغىيدى؟

— ھەئە، ئۇ رەھمىتىمۇ بۇ خېنىمغا يەتمەيتتى، — دېدى شى مېنچىڭ.

— بېگىم، سىلىنى كۇنچىقىش مەھەللىدە بىر تالالىق خوتۇن ئېلىپتۇ دەيدۇ، تويغا بىزنى چىللىمىدىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ كەمپىر ھىجىيىپ.

— ھە، ئەلنەغمىچى جاڭ لەۋەننى دەۋاتىدىغانسىز؟ قارىسام، قولى قىسقا بىرنېمىكەن، كۆڭلۈمگە ياقمىدى، — دېدى شى مېنچىڭ.

— بېگىم، ئۆزلىرى لى سەتەڭ بىلەن تېپىشىۋالغىلى ئۇزاق بوپتىغۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر يەنە.

— ھە، ئۇ خوتۇننى ھازىر ئۆيگە ئەكىلىۋالدىم. ئەگەر ئۆي تۇتۇشنى بىلگەن بولسىدى، ئاللىقاچان ئەمرىمگە ئېلىۋالغان بولاتتىم، — دېدى شى مېنچىڭ.

— ناۋادا مۇشۇ خېنىمدەك كۆڭۈللىرىگە ياقىدىغان بىرەرى چىقىپ قالسا، ئۇنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىۋالسىلا، ھېچ گەپ يوقتۇ؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— مېنىڭ ئاتا ـ ئانام يوق، ھەممە ئىش ئۆز ئەركىمدە، كىممۇ ماڭا ھۆتۈت ـ پۆتۈت دېيەلەيتتى! — دېدى شى مېنچىڭ.

— ئانچىكى چېقىشىپ قويدۇم، بېگىمنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەكلىرى نەدىنمۇ تېپىلسۇن؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— نېمىشقا تېپىلمايدىكەن؟ شۇغىنىسى مېنىڭ خوتۇندىن تەلىيىم يوقلۇقىدىن، ئۇدۇل كەلمەيۋاتىدۇ! — دېدى شى مېنچىڭ.

شى مېنچىڭ بىلەن ۋاڭ كەمپىر بىرى توختىسا، بىرى سۆزلەپ، بىر ھازا پاراڭلاشقاندىن كېيىن ۋاڭ كەمپىر:

— تازا قىزىپ كەلگەندە ئىچەيلى دېسەك، تۈگەپ قالدى. بېگىم، مېنى ئىشقا جورۇدى دەپ قالمىسىلا، يەنە بىر خۇمرا مەي ئەكەلسىلە قانداق؟ — دېدى.

— ياغلىقىمدا بەش سەردەك پارچە كۈمۈش بار، ئىچىدىغان بولساق، ھەممىسىنى بىراقلا ئاپىرىپ مەي ئېلىپ كېلىڭ، ئېشىپ قالغىنى سىزنىڭ بولسۇن، — دېدى شى مېنچىڭ.

ۋاڭ كەمپىر شى مېنچىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى، قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئايالنىڭ مەي زورىدىن ئىشىق - ھەۋەسلىرى قوزغىلىپ كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بىر - بىرىگە سۆز تاشلاپ، ئۆز مەيلىنى ئىزھار قىلىشقۇسى كەلسىمۇ، لېكىن قىمىر قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاڭ كەمپىرنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ:

— مەن چىقىپ بىر خۇمرا مەي ئەكېلەي، خېنىم بىلەن بىرەر قەدەھتىن ئىچىشسىلە. خېنىم، مالال كۆرمەي بېگىمگە ھەمدەم بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، خۇمرىدا يەنە ئازراق مەي بارغۇ دەيمەن، ئۇنى قۇيۇپ، بېگىم بىلەن ئىچكەچ تۇرارسىز. مەن بېرىپ ئامبال يامۇل ئالدىدىكى مەيخانىنىڭ ئېسىل شارابىدىن بىر خۇمرا ئەكېلەي، ئازغىنا ھايال بولۇپلا كېلىمەن، — دېدى.

— بولدى ئايلا، — دەپ قويۇپ، جايىدىن قوزغالماي ئولتۇرىۋەردى تۈزۈت قىلىپ ئايال.

كەمپىر چىقىپ كېتىپ ئىشىكنى تاقىدى - دە، ئىشىك ئالدىدا يولغا قاراپ ئولتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، شى مېنچىڭ ئۆيدە خالىي قالغاندىن كېيىن مەي قۇيۇپ يەن جىنلىيەنگە تۇتتى، ئۇ يېڭىنى بىر پۇلاڭلىتىۋىدى، يېڭى شىرەدىكى چوكىنى قېقىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئەزىل قىسمەتتە پۈتۈلگەندەك، چوكا دەل ئايالنىڭ پۇتىغا بېرىپ چۈشتى، شى مېنچىڭ چوكىنى ئالماق بولۇپ ئېڭىشكەندى، ئايالنىڭ كىچىككىنە ئۇچلۇق پۇتىنىڭ شۇ چوكا يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ چوكىنى ئالماي تۇرۇپ، ئايالنىڭ كەشتىلىك كەشىنىڭ ئۇستىدىن پۇتىنى چىمدىپ قويدى. ئايال كۈلۈپ كېتىپ:

www.uyghurkitap.com

— ۋيەي، بېگىم ! نېمە قىلغانلىرى بۇ! چاقچاق قىلىۋاتامدىلا نېمە؟ — دېدى.

— خېنىم، دەردىمگە يەتسىلە، — دېدى شى مېنچىڭ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ.

ئايال دەرھال شى مېنچىڭنى قۇچاقلىدى.

دەل شۇ ئەسنادا ۋاڭ كەمپىر ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى ۋە ئاچچىقى بىلەن:

— بەللى، ئىككىڭلار ئوبدان ئويۇن چىقىرىپسىلەر - دە ! — دەپ ۋارقىرىدى.

شى مېنچىڭ بىلەن ئايال بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن پېتى تۇرۇپلا قالدى.

— بەللى، بەللى، مەن سىزگە بۇ يەرگە ئاداش ئويىنىسۇن دەپ چاقىرمىدىم، كىيىم تىكىپ بېرىدۇ دەپ چاقىردىم ! ۋۇ دا بۇنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا، ماڭىمۇ بالاسى تېگىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزۈم بېرىپ تۇتۇپ بەرگىنىم ياخشى، — دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئايلا، گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز ! — دەپ يالۋۇردى ئايال دەررۇ بېرىپ ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ.

— ئايلا، ئاستىراق گەپ قىلىڭ، — دېدى شى مېنچىڭ.

— گۇناھىمدىن ئۆتسۇن دېسەڭلار، — دېدى ۋاڭ كەمپىر كۈلۈپ، — مەن دېگەن بىر شەرتكە كۆنۈشۈڭلار كېرەك.

— بىر ئەمەس، ئون شەرتىڭىز بولسىمۇ كۆنەي، — دېدى پەن جىنلىيەن.

— سىز بۈگۈندىن باشلاپ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — ۋۇ داغا تۇيدۇرماي، ھەر كۈنى ۋەدىدە تۇرۇپ، بېگىم بىلەن بىللە بولىسىز، شۇنداق قىلسىڭىزلا پەيلىمدىن يانىمەن، مۇبادا بىر كۈن كەلمەي قالسىڭىز، مەن ۋۇ داغا ئېيتىپ قويىمەن.

— دېگىنىڭىزدەك قىلاي، — دېدى پەن جىنلىيەن.

— بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — سىلىگە دېسەممۇ بولار، بۇ ئىش شۇنداق چىرايلىق ئەپلەشتى، ۋەدە قىلغان نەرسىلىرىنى گەپلىرىدە تۇرۇپ بېرىلا جۇمۇ. مۇبادا لەۋزىلىرىدە تۇرمىسىلا، ۋۇ داغا دەپ قويىمەن.

— كۆڭلىڭىز توق بولسۇن ئايلا، لەۋزىمدىن يانمايمەن، — دېدى شى مېنچىڭ.

ئۈچى يەنە باشقىدىن ئولتۇرۇپ، بىرەر قەدەھتىن شاراب ئىچىشتى، دېگەن ۋاقتى بولاي دېگەندە، ھېلىقى ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋۇ دا دېگەن كومشانىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، مەن قايتاي، — دەپ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ ئۆيگە كىردى، ئۇ ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا، ۋۇ دامۇ بازاردىن يېنىپ كەلدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلىغايسىز، ۋاڭ كەمپىر شى مېنچىڭغا:

— قانداق، ئوبدان چارىمىكەن؟ — دېدى.

— ئايلا، بارىكاللا سىزگە! ئۆيگە قايتىپ سىزگە بىر يامبۇ ئەۋەتىمەن، ۋەدە قىلغان نەرسىنى بەرمەسكە قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن، — دېدى شى مېنچىڭ.

— ئۇلۇغ ھېيت - ئايەم كۈنلىرى كېلىۋاتىدۇ. سىلىنىڭ خۇش خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن. «مېيىتنى ئۇزىتىپ بولۇپ، ئىسقات بېرىپتۇ» دېگەندەك، مېنى گوللاپ قويمىسىلا يەنە، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

شى مېنچىڭ كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

پەن جىنلىيەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ۋاقتىنى شى مېنچىڭ بىلەن

ئۆتكۈزىدىغان بولدى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە يىلىمدەك چاپلىشىپ، ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپلا كەتتى. قەدىمدىن: «ياخشى ئىش ئۆيدىن چىقماس، يامان ئىش ئالەمگە پاتماس» دېگەن گەپ بار. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى بىلىپ كەتتى، پەقەت ۋۇ دالا تۇيمىدى، بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

بىر دەمى ئىشرەت سۈرۈپ ئالغان سىنىڭ پايداڭ نىمە،
ئارزۇلاپ ماختاشقا يەتمەس تەمىمۇ بىر دەمگىنە.
چىقتى چوڭ غوۋغا بۇگۈن قاپلاپ ئۆيۈڭنى تەزيىە،
ئەسقاتقاي ئاھ ـ نادامەت، پۇشايمانىڭ ئەمدى نە.

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى. بۇ ناھىيەدە يېشى تېخى ئون بەش ـ ئون ئالتىلەرگە كىرگەن بىر بالا بار ئىدى، ئۇ ئەسلىي چياۋ جەمەتىدىن ئىدى. ئۇ يۈنجۇ ئايمىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا يۈن گې دېگەن ئات قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ يالغۇز بىر قېرى دادىسىلا بار ئىدى. بۇ بالا ناھايىتى زېرەك بولۇپ، ئامبال يامۇل ئالدىدىكى مەيخانىلاردا يۈرۈپ، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساتاتتى، شى مېنچىڭ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا پارچە ـ پۇرات خەج ـ خىراجەت بېرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ سېۋەتمىگە ئامۇت قاچىلاپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ، شى مېنچىڭنى ئىزدەپ يۈرگىنىدە، تازا بىر كاپكاپ ئادەم ئۇنىڭغا:

— يۈن گې، شى مېنچىڭنى ئىزدىسەڭ، ئۇنىڭ بار يېرىنى مەن دەپ بېرەي، شۇ يەرگە بارساڭ تاپالايسەن، — دېدى.

— ئېيتىپ بېرىڭا، تاغا، ئۇنى قەيەردىن ئىزدەي، ئۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك يارماق تىلەپ ئېلىپ، قېرى ئاتامنى باقاي، — دېدى يۈن گې.

— شى مېنچىلىك مۇشۇ كۈنلەردە يۇتازىچى ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بىلەن تېپىشىۋالدى، — دېدى ئۇ كاپكاپ، — ھەر كۈنى قوغۇرتاش رەستىسىدىكى ۋاڭ كەمپىرنىڭ چايخانىسىغا بېرىپ ئوينايدۇ، ھازىر شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن. سەن كىچىك بالا بولغاندىكىن، ئۇسۇپ كىرىۋەرسەڭ ھېچنېمە بولمايدۇ.

يۈن گې بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. بۇ شۇمتەك سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل قوغۇرتاش رەستىسىگە كەلدى - دە، چايخانىغا كىردى، چايخانىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ كەمپىر كىچىك ئورۇندۇقتا يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغانىكەن. يۈن گې سېۋەتنى يەرگە قويۇپ:

— «سالام، ئايلا !» — دېدى.

— يۈن گې، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى كەمپىر.

— بېگىمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئۇنىڭدىن قىرىق - ئەللىك يارماق ئېلىپ، قېرى ئاتامنى باقاي دەيمەن.

— قايسى بېگىمنى دەيسەن؟

— ئايلا، ئۆزلىرى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە قايسى بېگىمنى دەيدىلىغۇ.

— بېگىم دېگىنىڭنىڭ ئېتى - پېتى باردۇ؟

— ئېتى تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپتۇ.

— دېمەمسەن قېنى؟

— ئايلا، ئۆزلىرى بىلمەسكە سېلىۋالمىسىلا، مېنىڭ شى بېگىمگە گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— ھەي شۇم، نەگە بارسەن؟ خەقنىڭ ئۆيىگە قارا - قويۇق ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىغان قانداق نېمىسەن؟ — دېدى كەمپىر ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ.

— ئۆيدىن ئۇنى تېپىپ چىقاي دەيمەن، — دېدى يۈن گې.

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان مايمۇننىڭ بالىسى، ئۆيۈمدە شى

ئۆتكۈزىدىغان بولدى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە يىلىمدەك چاپلىشىپ، ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپلا كەتتى. قەدىمدىن: «ياخشى ئىش ئۆيدىن چىقماس، يامان ئىش ئالەمگە پاتماس» دېگەن گەپ بار. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى بىلىپ كەتتى، پەقەت ۋۇ دالا تۇيمىدى، بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

بىر دەمى ئىشرەت سۈرۈپ ئالغان سىنىڭ پايداڭ نىمە،
ئارزۇلاپ ماختاشقا يەتمەس تەممۇ بىر دەمگىنە.
چىقتى چوڭ غوۋغا بۇگۈن قاپلاپ ئۆيۈڭنى تەزىيە،
ئەسقاتقاي ئاھ ـ نادامەت، پۇشايمانىڭ ئەمدى نە.

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى. بۇ ناھىيەدە يېشى تېخى ئون بەش ـ ئون ئالتىلەرگە كىرگەن بىر بالا بار ئىدى، ئۇ ئەسلى چياۋ جەمەتىدىن ئىدى. ئۇ يونجۇ ئايمىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا يون گې دېگەن ئات قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ يالغۇز بىر قېرى دادىسىلا بار ئىدى. بۇ بالا ناھايىتى زېرەك بولۇپ، ئامبال يامۇل ئالدىدىكى مەيخانىلاردا يۈرۈپ، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساتاتتى، شى مېنچىڭ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا پارچە ـ پۇرات خەج ـ خىراجەت بېرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ سېۋەتكە ئامۇت قاچىلاپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ، شى مېنچىڭنى ئىزدەپ يۈرگىنىدە، تازا بىر كاپكاپ ئادەم ئۇنىڭغا:

— يون گې، شى مېنچىڭنى ئىزدىسەڭ، ئۇنىڭ بار يېرىنى مەن دەپ بېرەي، شۇ يەرگە بارساڭ تاپالايسەن، — دېدى.

— ئېيتىپ بېرىڭا، تاغا، ئۇنى قەيەردىن ئىزدەي، ئۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك يارماق تىلەپ ئېلىپ، قېرى ئاتامنى باقاي، — دېدى يون گې.

— شى مېنچىك مۇشۇ كۈنلەردە يۇتازىچى ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بىلەن تېپىشىۋالدى، — دېدى ئۇ كاپكاپ، — ھەر كۈنى قوڭۇرتاش رەستىسىدىكى ۋاڭ كەمپىرنىڭ چايخانىسىغا بېرىپ ئوينايدۇ، ھازىر شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن. سەن كىچىك بالا بولغاندىكىن، ئۇسۇپ كىرىۋەرسەڭ ھېچنېمە بولمايدۇ.

يۇن گې بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. بۇ شۇمتەك سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل قوڭۇرتاش رەستىسىگە كەلدى ـ دە، چايخانىغا كىردى، چايخانىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ كەمپىر كىچىك ئورۇندۇقتا يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغانىكەن. يۇن گې سېۋەتنى يەرگە قويۇپ:

— «سالام، ئايلا !» — دېدى.

— يۇن گې، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى كەمپىر.

— بېگىمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك يارماق ئېلىپ، قېرى ئاتامنى باقاي دەيمەن.

— قايسى بېگىمنى دەيسەن؟

— ئايلا، ئۆزلىرى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە قايسى بېگىمنى دەيدىلىغۇ.

— بېگىم دېگىنىڭنىڭ ئېتى ـ پېتى باردۇ؟

— ئېتى تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپتۇ.

— دېمەمسەن قېنى؟

— ئايلا، ئۆزلىرى بىلمەسكە سېلىۋالمىسىلا، مېنىڭ شى بېگىمگە گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— ھەي شۇم، نەگە بارىسەن؟ خەقنىڭ ئۆيىگە قارا ـ قويۇق ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىغان قانداق نېمىسەن؟ — دېدى كەمپىر ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ.

— ئۆيدىن ئۇنى تېپىپ چىقاي دەيمەن، — دېدى يۇن گې.

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان مايمۇننىڭ بالىسى، ئۆيۈمدە شى

بېگىم نېمە قىلسۇن؟

— ئايلا، نەپنى ئۆزلىرىلا ئالمىسىلا! بىزگىمۇ ئاز - تولا تەگسۇن! مەنمۇ بىلمەن!

— هۇ هايۋاندىن بولغان شۇمتەك، نېمىنى بىلەتتىڭ! — دەپ تىللىدى ۋاڭ كەمپىر.

— ئۆزلىرى بەئەينى «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان ئادەم» ئىكەنلا، كىچىككىنىمۇ نەپ بەرگىلىرى كەلمەيۋاتىدۇ. ھېلى بىكار يۈتارچى ئاكامغا دەپ قويىدىغان بولسام، ئاچچىقىنى شۇ چاغدا كۆرىدىلا.

بۇ گەپ ۋاڭ كەمپىرنىڭ يېغىرىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، چىچاڭلاپ:

— هۆي بېشىڭنى يەيدىغان مايمۇننىڭ بالىسى، نېمە مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىۋېلىپ ۋالاقلاۋېرىسەن! — دەپ قارغاپ - تىللاپلا كەتتى.

— مەن مايمۇننىڭ بالىسى بولسام، سەن بىر سولامچى! — دېدى يۈن گې.

ۋاڭ كەمپىر يۈن گېنى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى چوقۇپ ئۇرغىلى تۇردى.

— نېمىشقا ئۇرىسەن خەقنى، — دەپ توۋلىدى يۈن گې.

— ئوغرى مايمۇن، ۋارقىرايسىنا تېخى، ھېلى بىكار قۇلىقىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن!

— ۋاي قاقباش مىتە، ئادەمنى بىكاردىن - بىكار ئۇرۇۋاتىسەنغۇ، — دېدى يۈن گې.

كەمپىر بىر قولى بىلەن يۈن گېنى سۆرەپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا مۇشتلاپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ سېۋىتىنى كوچىغا ئېتىۋەتتى. ئامۇتلار كوچىنى بىر ئېلىپ چېچىلىپ كەتتى. بالا يىغلىغان پېتى چېچىلغان ئامۇتلارنى تېرىپ:

— قىرى قاقباش مىتە، ئالدىرىماي تۇر تىخى ! ئۇنىڭغا ئىيتىمىغىنىمنى كۆر ! — دەپ يىغلا - يىغلا ۋاڭ كەمپىرنى تىللىغان پىتى ئامۇتلىرىنى تىرىپ سىۋىتىگە سالدى - دە، ھىلىقى ئادەمنى ئىزدەپ كەتتى. كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، ئۆزۈڭگە يوق ئامانلىق. ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس ! تۇلكە - توشقانلارنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلدى. قىرغاقتا ياتقان قوشماق ئۆردەكنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلدى. زادى يۇن گې كىمنى ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى كىينكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ۋاڭ كەمپىرنىڭ شى مېنچىڭغا يامانلىق ئۆگەتكەنلىكى
## پاھشە خوتۇننىڭ ۋۇ دا چوڭغا ئوغا بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، يۈن گې ۋاڭ كەمپىردىن تاياق يېگەندىن كېيىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئامۇت سېتىۋاتقىنى ئالدى ـ دە، ۋۇ دا چوڭنى ئىزدەپ، توپتوغرا كوچىغا قاراپ چاپتى ۋە ئايلىنىپ ئىككى كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆپچۆرىسىگە قارىدى، قارىسا، دەل ئالدىدىكى كوچىدىن يۇتازا سالغان ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ ۋۇ دا چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. يۈن گې كۆرۈپ دەرھال توختىدى ۋە:

— كۆرۈنمەيسىزغۇ ئاكا، نېمانچە سەمرىپ كەتتىڭىز؟ — دېدى ۋۇ داغا قاراپ.

— مەن ئەزەلدىن شۇنداققۇ، نەرىم سەمرىپ كېتىپتۇ؟ — دېدى ۋۇ دا ئەپكىشنى قويۇپ.

— مەن بىرئاز كېپەك ئالماقچىدىم، — دېدى يۈن گې، — ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، ئاڭلىشىمچە سىزدە بار ئىمىش.

— مەن يا غاز، يا ئۆردەك باقمىسام، كېپەك نېمىش قىلسۇن مەندە؟

— سىزدە كېپەك بولمىسا، نېمىشقا مۇنچىۋالا سەمرىپ كەتتىڭىز، شۇ تاپتا قازانغا سېلىپ دۈملىسەم، ھور چىقمىغۇدەك، دۈپدۈگىلەكلا بولۇپ كېتىپسىز.

— ھەي بېشىڭنى يەيدىغان مايمۇننىڭ بالىسى، مېنى ئەجەبمۇ تىللىۋالدىڭا! مېنىڭ خوتۇنۇم يا ئاشنا ئوينىمىسا، يا باشقا بىر ئىش قىلمىسا، مېنى نېمىشقا ئۆردەككە ئوخشىتىسەن؟

— ھە، سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئاشنا ئوينىمىغۇدەك؟ ياق، ئوينىغاندىمۇ تازا ئويناىدىكەن.
— كىم بىلەن ئويناىدىكەن؟ — دەپ تۇتۇۋالدى يۈن گېنى ۋۇ دا.
— ماڭا ئىپسىلىۋالغىنىڭىز بىكار، ئەمچەكنى تۇتىمەن دەپ باشقا يەرگە ئىپسىلىۋالدىغان كىشى ئىكەنسىز، — دېدى يۈن گې.
— جېنىم ئۇكام، مەن ساڭا يۇتازىدىن ئوننى بېرەي، ئىيتىپ بەرگىنە، كىم ئىكەن ئۇ؟
— يۇتازىڭىزنىڭ كېرىكى يوق. ماڭا بىرئاز مەي ئىلىپ بەرسىڭىز بولدى، ئاندىن ئېيتىپ بېرىمەن.
— سەنمۇ مەي ئىچەمسەن تېخى! يۈر ئەمىسە.
ۋۇ دا ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ، يۈن گېنى بىر كىچىك مەيخانىغا باشلاپ باردى ۋە مەيخانىغا كىرىپ ئەپكىشىنى قويدى-دە، ئىچىدىن بىرنەچچە يۇتازىنى ئىلىپ شىرەگە قويدى، ئاندىن بىرئاز گۆش بىلەن بىر قاچا مەي سېتىۋىلىپ كېلىپ، يۈن گېنى مېھمان قىلدى.
— مەي مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى بولسۇن، گۆشتىن يەنە بىرئاز يېسەك بولاتتى، — دېدى ھېلىقى شۇمتەك.
— جېنىم ئۇكام، — دەپ يېلىندى ۋۇ دا، — ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن.
— ئالدىرىماڭ، ئاۋۋال گۆشنى يەپ، مەينى ئىچىۋالاي، ئاندىن ئېيتىپ بېرەي، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن. مەن چوقۇم شۇ ئادەمنى سىزگە تۇتۇشۇپ بېرىمەن.
— ئەمدى ئېيتىپ بەر، ئۇكام، — دەپ يېلىندى يەنە ۋۇ دا مەي بىلەن گۆش يەۋاتقان شۇمتەككە قاراپ.
— بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۋال بېشىمدىكى ھۆررەكلەرنى سىلاپ بېقىڭ، — دېدى يۈن گې.
— نەدىن كەلگەن ھۆررەكلەر بۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ دا.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئېيتاي، سىز ئاڭلاڭ، — دەپ سۆز باشلىدى يۇن گې، — مەن بۈگۈن مۇشۇ سېۋىتىمنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئانچە - مۇنچە تاپاۋەت قىلىپ كەلمەيمۇ دەپ، شى مېنچېڭنىڭ چوڭقامنى ئىزدەپ بارغانىدىم، بارسام ئۇ كىشى ھېچ يەردە يوق ئىكەن. كوچىدا بىرى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى: «ۋاڭ كەمپىرنىڭ چايخانىسىدا ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بىلەن ئاشنا ئوينىشىپ ئولتۇرىدىغان بولماسمۇ، ئۇ ئادەم ھەر كۈنى شۇ يەردىن كېتەلمەيدۇ» دەپ ئېيتىپ بەردى. شۇ يەردىنزە ئەمدى بابلايدىغان بولدۇم، قىرىق - ئەللىك يارماق بولسىمۇ ئۇندۇرۇۋالايمۇ دەپ ئالدى - كەينىمگە قارىماي چايخانىغا يۈگۈرۈپ باردىم، بارسام، نەدىكىنى، ھېلىقى ۋاڭ كەمپىر دېگەن ئىپلاس قېرى قانجۇق ئۆيىگە كىرگۈزگىلى قويامدىغان، يەنە كېلىپ ئۇرۇپ - دۇمبالاپ چېنىمنى ئارانلا قويدى، شۇڭا سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ھېلىلا سىزنى خاپا قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىم شۇ ئىدى، ئەگەر مەن سىزنى خاپا قىلمىغان بولسام، بۇ ئىشنى سىزمۇ مەندىن سوراپ يۈرمەيتتىڭىز.

— بۇ زادى راست گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ دا.

— يەنىلا ئىشەنمەيۋاتقىنىنى قاراڭ! تازا لامزەللە بىر ئادەم ئىكەنسىز، ئۇ ئىمىلەر سىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىڭىز بىلەنلا ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىشىدىكەن، ئىشەنمىسىڭىز باشقىلاردىن سوراپ بېقىڭ، راستمىكىن - يالغانمىكىن، — دېدى يۇن گې.

— ئۇكام، — دېدى ۋۇ دا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، — مەن ساڭا راستىنى ئېيتسام، خوتۇنۇم ھەر كۈنى كىيىم - كېچەك تىكىمەن دەپ ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ، قايتىپ چىقىشىدا يۈزلىرىنى قىپقىزىل قىزارتىپ چىقىدۇ، بۇنىڭغا قاراپ سەل گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم. مېنىڭ بۇ گۇمانىم راست بولۇپ چىقتى! ئەمدى مەن ئەپكەشمەنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ، بۇ زىناخورلارنى تۇتقىلى بارسام قانداق؟

— سىز چوپچوڭ بولۇپ قالغان بىلەن ئانچە پەمىڭىز يوق ئىكەن، — دېدى يۈن گې، — ۋاڭ كەمپىر دېگەن قېرى قانجۇق ئۆتۈپ كەتكەن بىر ھازازۇل خوتۇن، سىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيسىز. ئۇ ئۇچىسىنىڭلا ئۆزلىرى بىلىشىدىغان بەلگىسى بار، سىزنىڭ تۇتقىلى كەلگەنلىكىڭىزنى كۆرگەن ھامان، خوتۇنىڭىزنى ئاللىقاياقلارغا يوشۇرۇۋېتىدۇ. شى مېنچىڭ دېگەن نەرسە بوش نەرسە ئەمەس، سىزدەكتىن يىگىرمىنى كۆرمىدىم دەپ نەچچىنى پۇرلىۋېتىدۇ. ئۇنى تۇتالماي قالسىڭىز ياندۇرۇپ ئۆزىڭىزنى دۇمبالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ پۇلى بار، يۈزى بار، قايتۇرۇپلا ئۆزىڭىزنى ئەرز قىلىپ، يامۇلغا سولىتىۋېتىشتىن يانمايدۇ، ئۇ چاغدا سىزگە كىم ئىگە بولىدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۆزىڭىز تۇگىشىسىز.

— ئۇكام، سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا. ئەمىسە، قانداق قىلسام ئۆچۈمنى ئالالايمەن؟

— مەنمۇ ئۇ قېرى قانجۇقتىن تاياق يەپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرىمەن. مەن سىزگە بىر ھىيلە ئۆگىتەي: بۈگۈن ئۆيىڭىزگە كەچرەك قايتىڭ، خوتۇنىڭىزغا ھۆتۈت - پۆتۈتمۇ قىلماڭ، ھېچقانداق چاندۇرماي، ئادەتتىكىدەك يۈرىۋېرىڭ، ئەتە ئەتىگەن تۇرۇپ ئازراقلا يۇتازا پىشۇرۇۋېلىڭ - دە، بازارغا قاراپ مېڭىڭ. مەن تۆت كوچا دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرىمەن. شى مېنچىڭنىڭ چايخانىغا كىرىپ كېتىشى بىلەنلا، سىزنى چاقىرىمەن. سىز ئەپكىشىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، چايخانىنىڭ سول يېقىدا كۈتۈپ تۇرىسىز، مەن ئاۋۋال كىرىپ ھېلىقى قېرى قانجۇق بىلەن ئېيتىشىمەن. ئۇ ماڭا چوقۇم قول سالىدۇ. مەن سېۋىتىمنى كوچىغا قارىتىپ ئاتىمەن، سىز سېۋەتنى ئالىمەن دەپ يۈگۈرۈپ كېلىسىز. مەن ئۇ قانجۇقنى توسۇپ تۇرۇۋالىمەن، شۇ ئارىدا سىز يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىسىز - دە، بولۇشىغا ۋارقىرايسىز، مېنىڭ بۇ مەسلىھەتىم قانداق؟

— بۇنداقتا سېنى خېلى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ئىنى، —

www.uyghurkitap.com

دېدى ۋۇ دا، ـــ مەن ساڭا بىرەر يارماق بېرەي، سەن بېرىپ گۇرۇچ ـ پۇرۇچ ئېلىۋال، ئەتە ئەتىگەندە قوڭۇرتاش رەستىسىگە بېرىپ مېنى ساقلاپ تۇرغىن.

يۇن گې يارماق بىلەن بىرنەچچە يۇتازىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. ۋۇ دا مەينىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ ئەپكىشىنى كۆتۈردى ـ دە، يۇتازىسىنى سېتىپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ئەسلىدە ۋۇ دانىڭ خوتۇنى ئۇنى ھەمىشە تىللاپ ـ تۇكۇرۇپ بەكمۇ ئانىي تاپاتتى، يېقىندىن بۇيان بىرئاز ئىنسابقا كېلىپ، سەل يۇمشاپ قالغانىدى.

## غەزەل

پەيلىدىن يانسۇن نېچۈك، چۈشسە بۇزۇق كويغا خوتۇن،
كۆرۈنەر سادىق ئېرىگە، كۆڭلىدە باشقا ئويۇن.
كەتمىسە ئەگىپ قېشىدىن قوشنىتام ئاشنا يىگىت،
پەيلى شەيتان مىكرىسىگە تولغىغاي قانداق بويۇن.

شۇ كۈنى كەچتە ۋۇ دا ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىپ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

ـــ ھوي كىشى، ـــ دەپ سورىدى خوتۇنى، ـــ مەي ـ پەي ئىچمىدىڭلا؟

ـــ ھېلىلا بىر ئاغىنەم بىلەن بىرئاز ئىچىشكەنىدىم، ـــ دېدى جاۋابەن ۋۇ دا.

خوتۇنى ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئېتىپ بەردى، شۇ كېچىسى تىنچ ئۆتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ۋۇ دا بىرئاز يۇتازا پىشۇرۇپ ئەپكىشىگە سالدى، ئەس ـ يادى شى مېنچىڭدا تۇرغان بۇ خوتۇننىڭ ۋۇ دانىڭ قانچىلىك يۇتازا سالغىنىنى بىلەن كارى

بولمىدى. شۇ كۈنى ۋۇ دا ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ يۇتازا ساتقىلى بازارغا چىقىپ كەتتى. ئېرىنى قاچان چىقىپ كېتەركىن دەپ بىتاقەت بولۇپ تۇرغان بۇ خوتۇن ۋۇ دانىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، غىپپىدە ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، شى مېنچىڭنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئەمدى گەپنى ۋۇ دادىن ئاڭلاڭ ۋۇ دا ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل قوڭغۇرتاش رەستىسىگە باردى، بېرىپ قارىسا، يۈن گې سېۋەتنى كۆتۈرۈپ شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ۋۇ دا.

— تېخى بالدۇرراق، — دېدى يۈن گې، — سىز ئاۋۋال يۇتازىڭىزنى ساتقاچ بىر قۇر ئايلىنىپ كېلىڭ، ئۇ كەلمەي قالمايدۇ، سىز قايتىپ كېلىپلا چايخانىنىڭ سول يېقىدا كۈتۈپ تۇرۇڭ.

ۋۇدا ئۇچقاندەك بېرىپ، بىر قۇر ئايلىنىپ قايتىپ كەلدى.

— سىز مېنىڭ سېۋەتنى كوچىغا ئېتىشىم بىلەنلا ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىڭ، — دېدى يۈن گې.

ۋۇ دا ئەپكىشىنى قويۇپ كۈتۈپ تۇردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى يۈن گېگە كەلسەك، ئۇ سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە چايخانىغا كىردى ۋە كىرىپلا:

— قۇۋ قېرى قانجۇق، تۈنۈگۈن نېمىشقا مېنى ئۇرىسەن ! — دەپ تىللىغىلى تۇردى.

ئۆگەنگەن خۇيىدىن ئۆلگۈچە قالمىغان بۇ كەمپىر:

— ھۇي ھارام سۈيدۈك مايمۇن، نېمە مەن بىلەن قېرىشىپ قالدىڭ، يەنە كېلىپ مېنى تىللاۋاتىسىنا ! — دەپ سەكرەپ - سەكرەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— سەندەك سولامچى قېرى قانجۇقنى تىللىسام نېمە بوپتۇ، قانچىلىك نېمىدىڭ ! — دېدى يۈن گې.

كەمپىرنىڭ ئوغىسى قايندى ۋە يۈن گېنى تۇتۇۋېلىپ يەنە

ئۇرغىلى تۇردى. يۇن گې: «ئۇرە قىپنى!» دەپ ۋارقىراپ، سىۋېتىنى كوچىغا قارىتىپ ئاتتى ۋە ۋاڭ كەمپىرنىڭ بىلىدىن تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، بۇرنىغا بىرنى ئۇستى ــ دە، يىقىلىپ چۇشكىلى تاسلا قالدى، ئەمما تامغا تىرىلىپ قېلىپ يىقىلىپ چۇشمىدى، ئۇ كەمپىرنى تامغا نىقتاپ تۇسۇپ تۇرغاندا، ۋۇ دا كىيىم ــ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، چايخانىغا قويۇندەك ئېتىلىپ كىردى.

ۋاڭ كەمپىر ۋۇ دانى كۆرۈپلا ئالمان ــ تالمان بېرىپ توسماقچى بولدى، بىراق يۇن گې جان ــ جەھلى بىلەن كەمپىرنى توسۇۋېلىپ ئۇنى زادى قويۇپ بەرمىدى، كەمپىر: «ۋۇ دا كەلدى» دەپ ۋارقىراپ ــ جارقىرىدى. ئۆيدىكى ۋۇ دانىڭ خوتۇنى شاپاشلاپ بېرىپ ئىشىكنى تىرەپ تۇرۇۋالدى، شى مېنچىڭ بولسا غىپلا قىلىپ كاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. ۋۇ دا ئۇچقاندەك بېرىپ ئىشىكنى ئىتتەردى، ئىشىك ئېچىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ئوبدان ئويۇن چىقىرىپسىلەر ــ دە! — دېدى.

ئىشىكنى تىرەپ تۇرۇۋالغان ۋۇ دانىڭ خوتۇنى ئالاق ــ جالاق بولۇپ:

— ئادەتتە ئاغزىڭلاردا شەھەر ئېلىپ، پاختىنى زەي سالماي ئاتىدىلا، مۇنداق چاغلاردا موللا مۇشۇك بولۇپ كېتىدىكەنلا، — دەپ كوتۇلدىدى. خوتۇنىنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭ ۋۇ دانى ئۇرمامسەن دەپ، شى مېنچىڭنى كۇشكۇرتۇۋاتقانلىقىدىن بىشارەت ئىدى. كاتنىڭ ئاستىدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ياتقان شى مېنچىڭ قايتىدىن غەيرەتلىنىپ، كاتنىڭ ئاستىدىن ئۇمىلەپ چىقتى ــ دە:

— خېنىم، مېنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن دېمىسىلە، ئەسلىدە كەم ئەقىللىك قىلىپ قويۇپتىمەن، — دەپ دەرھال ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپلا:

— قولۇڭنى تارت! — دەپ ۋارقىرىدى. ۋۇ دا ئۇنى تۇتىمەن دەپ قولىنى شۇنداق ئۇزىتىۋىدى، شى مېنچىڭ چاققان كېلىپ ئوڭ پۇتى بىلەن بىرنى تەپتى. ۋۇ دا پەتەك بولغانلىقى ئۇچۇن شى

مىنچىقنىڭ تېپىكى دەل بىرىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى ـ دە، ۋۇ دانى ئانداق يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىتىلىۋەتتى، شى مىنچىڭ ۋۇ دانىڭ ئوڭدىسىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپلا غىپپىدىلا تىكىلىۋەتتى. يۈن گې ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ۋاڭ كەمپىرنى تاشلاپ قاچتى، شى مىنچىقنىڭ يامانلىقىنى بىلىدىغان قولۇم ـ قوشنىلارنىڭمۇ ھېچقايسىسى كېلىپ بۇ ئىشقا قول تىقمىدى!

ۋاڭ كەمپىر ۋۇ دانى يۆلەپ ئورنىدىن قوپۇردى، قارىسا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋېتىپتۇ، چىرايلىرىمۇ سارغىيىپ تاتىرىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋۇ دانىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ چىقىپ، بىر پىيالىگە سۇ قۇيدۇرۇپ كەلدى ۋە ۋۇ دانى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سەپتى، ئاندىن ئىككىسى ۋۇ دانى يۆلەپ، ئارقا ئىشىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ بالىخانىسىغا ئاچىقىپ، كاتقا ياتقۇزۇپ ئۇخلىتىپ قويدى.

## غەزەل

ئۆز پالاكەتلىكى بىرلە بولدى گۇم پىندەك ۋۇ دا،
چىقتى شى مىنچىڭ ئىشەك تەلۋىلىكىدە ئۈچىغا.
ئىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ئاشناسىغا بۇ پەس خوتۇن،
ئاچتى يول زەھەر بىلەن كەڭ، شۇم زىناخورلۇقىغا.

شۇ كېچىسى تىنچ ئۆتتى. ئەتىسى شى مىنچىڭ تىڭتىڭلاپ باقتى، ھېچقانداق گەپ ـ سۆز ئىشىتمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ۋۇ دانىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ ئولتۇردى.

ۋۇ دانىڭ شۇ يىقىلغىنىچە قوپالماي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بەش كۈنچە بولۇپ قالدى. ئۇ يا بىرەر چىنە سۇيۇق ـ سەلەڭ بىرنەرسە، يا بىرەر چىنە سۇ كۆرمىدى. خوتۇنىنى

www.uyghurkitap.com

قىچقارسىمۇ يوق ئىدى. ھەر كۈنى ياسىنىپ ـ تارىنىپ چىقىپ كېتەتتى. قايتىشىدىمۇ يۈزلىرىنى قىزارتىپ كېلەتتى. ۋۇ دا ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ، نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ۋۇ دا خوتۇنىغا جېكىلەپ:

— سېنىڭ جالاپلىقىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇۋالدىم؛ سەن ئاشنائىڭنى كۈشكۈرتۈپ مېنىڭ يۈرىكىمگە بىرنى تەپتۈردۇڭ، شۇنىڭ بىلەن يا ئۆلۈك ئەمەس، يا تىرىك ئەمەس يېتىپتىمەن مانا، ئەمدى ئوينىشىۋېلىش ! مەن ساقىيالمايمەن، سەنلەرگە كۈچۈممۇ يەتمەيدۇ ! ئۇكام ۋۇ سۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلىدىغانسەن. ئۇ قاچان بولسۇن قايتىپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلسە، بوش قويىدۇ دەمسەن؟ ئىچىڭ ئاغرىسا، ياخشىراق قاراپ قوي ماڭا، ئۇكام قايتىپ كەلگەندىمۇ، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتمايمەن. ئەگەر ماڭا ياخشىراق قاراپ قويمايدىكەنسەن، ئۇكام كەلگەندە سەنلەر بىلەن تۈزۈك سۆزلىشىۋالىمەن، — دېدى.

ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لام ـ جىم دېمىدى ۋە غىپپىدە چىقىپ، ۋاڭ كەمپىر بىلەن شى مېنچىڭغا بۇ گەپلەرنى ئېغىزمۇ ـ ئېغىز ئۆز ئەينى بىلەن ئېيتىپ بەردى. شى مېنچىڭ ئاڭلاپ، ئۆكسۈلى قالماي:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ! جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن يۈزبېشى ۋۇ سۇڭنى ياخشى بىلىمەن، ئۇ چىڭخې ناھىيەسىدىن چىققان بىر باتۇر ! بىز ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە كۆڭلىمىز چۈشۈپ قېلىپ، ئوينىشىپ يۈرگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، بۇنداق بولۇشىنى ئويلىماپتىمەن. ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ چاتاق بولىدىغان بولدى ! — دەپ زارلاندى.

— مەن سىلىگە ئوخشىغان قورقۇنچاق ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن، — دېدى ۋاڭ كەمپىر سوغۇق كۈلۈپ، — سىلى بولسىلا قېيىقنى ھەيدىگۈچى، مەن بولسام قېيىقتا

ئولتۇرغۇچى، مەن چېغىمدا قورقمايۋاتىمەنۇ، سىلى ئەجەب قورقۇپ كېتىۋاتىدىلىغۇ؟

— مەن ئەر تۇرۇپ مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە ئەقلىمنى ئىشلىتەلمەيۋاتىمەن، سىزنىڭ قانداق چارە ـ ئامالىڭىز بار، بېشىمىزنى ساقايتسىڭىز بولاتتى.

— ھەرقايسىلىرىغا ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇنچىلىق كېرەكمۇ ياكى ۋاقىتلىق ئەر ـ خوتۇنچىلىق كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ كەمپىر.

— ئايلا، قانداق قىلغاندا ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولغان بولىدۇ ۋە قانداق قىلغاندا ۋاقىتلىق ئەر ـ خوتۇن بولغان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى شى مېنچىڭ.

— ئەگەر، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — ۋاقىتلىق ئەر ـ خوتۇن بولىمىز دېيىشسىلە، ھازىرچە يىراقراق يۈرۈشكەنلىرى ياخشى. ۋۇ دا ساقايغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزرىخاھلىق سوراشسىلا، ئۇ چاغدا ۋۇ سۇڭ قايتىپ كەلسىمۇ گەپ ـ سۆز تۇغۇلمايدۇ. كېيىن ۋۇ سۇڭ قايتىپ كېلىپ يەنە سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە، ئاندىن ئويناشسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ. ۋاقىتلىق ئەر ـ خوتۇنچىلىق دېگىنىم شۇ. ئەگەر ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ھېچقانداق ئەندىشە قىلماستىن ھەر كۈنى بىللە ئوينىشىپ ئۆتسەك دېيىشىدىكەنلا، مېنىڭ مۇنداق بىر ياخشى ئامالىم بار، بىراق ئۇنىڭ بىرئاز جاپاسىمۇ بار.

— بېشىمىزنى ئۆزىڭىز ئوڭلاڭ ئايلا، ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولساق دەيمەن، — دەپ يېلىندى شى مېنچىڭ.

— بۇ ئىشقا، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — بىرلا نەرسە كېتىدۇ، بۇ نەرسە ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە يوق، تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا ئۆيلىرىدە بار، بېگىم.

— ئىككى كۆزۈمنى ئالسىڭىزمۇ بېرەتتىم، زادى قانداق نەرسە ئۇ؟ — دېدى شى مېنچىڭ.

— بۇ گاداي، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — شۇ تاپتا قاتتىق

www.uyghurkitap.com

ئاغرىق يېتىپتۇ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق گاڭگىراپ ياتقان چېغىدىن پايدىلىنىپ قول سېلىش تازا پەيتى. جانابلىرىنىڭكىدىن بىرئاز مەرگىمۇش ئېلىپ كېلىلى، ئاندىن پەن جىنلىيەن خېنىم بازارغا بېرىپ بىرئاز يۇرەك دورىسى سېتىۋېلىپ كەلسۇن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنى قوشۇپ ئىچۈرىمىز ـ دە، بۇ پەتەك شۇ يەردىلا تۈگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى پاك ـ پاكىز كۆيدۈرۈپ، ئىز ـ تىزىنىمۇ قويماي يوقىتىۋېتىمىز، ۋۇ سۇڭ قايتىپ كەلسىمۇ نېمە قىلالايتتى دەيلا؟ قەدىمدىن: «قېيىنئىنى بىلەن قېيىنئېنىگچە بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلەشمەس»، «دەسلەپكى توي ئاتا ـ ئانىدىن، كېيىنكى تويۇڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن گەپ بار. قېيىنئىنى بولغۇچىنىڭ نېمىگە چىشى پاتسۇن؟ بىر يىل ـ يېرىم يىل پىنھانىي كېلىپ ـ بېرىپ يۈرۈپ، قىرقى، يىلى ئۆتكەندىن كېيىن جانابلىرى ئاستا ئۆيگە ئاپىرىۋالىدىلا ـ دە، ئۆمۈر بويى ھۇزۇر قىلىپ ئۆتۈشىدىلا، مانا بۇ ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن دېگىنىم شۇ. مېنىڭ بۇ ئامالىم قانداق ئىكەن؟

— ئايلا، سىزنىڭ بۇ ئامالىڭىز بەك ياخشى ئامال ئىكەن، — دېدى شى مېنچىڭ، — قەدىمكىلەر: «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس» دەپتىكەن. تەۋەككۇل! ئەمسە گېپىمىز گەپ، سۆزىمىز سۆز بولسۇن !

— مانا ئەمدى ئىش ئوخشايدىغان بولدى ! ئوتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋەتسە، بىخ ئۈرۈپ چىقالمايدۇ. ئەگەر يىلتىزىنى قومۇرۇۋەتمىسە، ئەتىياز كەلگەندە بەرىبىر بىخ ئۈرۈپ چىقىدۇ. ئاۋۋال ئۆزلىرى مەرگىمۇشتىن بىرئاز ئەكەلسىلە، قالغىنىنى پەن جىنلىيەن خېنىمنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىمىز. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ماڭا چوڭ رەھمەت ئوقۇمىسىلا ئۇنىمايمەن بېگىم، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى شى مېنچىڭ . بۇنىڭ دەلىلى قىلىپ مۇنداق بىر غەزەل يېزىلغان:

ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ خۇمارى دىلنى شادمان ئەيلىدى،

جۆپ بولۇپ ئۆتمەكنى مەڭگۈ ئارزۇ ـ ئارمان ئەيلىدى.
كىم بىلىپتۇ خەنجىرىنى باتۇر ۋۇ سۆڭنىڭ شۇدەم،
مەرگىمۇشتىنمۇ زەھەرلىك كۆچنى ئايان ئەيلىدى.

ئەمدى گەپنى شى مىنچىڭدىن ئاڭلاڭ. ئۇ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر بولاق مەرگىمۇشنى ئېلىپ كېلىپ، ۋاڭ كەمپىرگە بەردى. ۋاڭ كەمپىر ۋۇ دانىڭ خوتۇنىغا قاراپ:
— جىنلىيەن خېنىم، ئۆزىڭىزگە دورىنى قانداق ئىچۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياي: سىزگە يېقىندىن بۇيان ۋۇ دا ماڭا قاراپ قوي دېمىدىمۇ، ئەگەر شۇنداق دېسە، مۇشۇ مەرگىمۇشنى يۈرەك دورىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ قويۇڭ. ئانچە ـ مۇنچە ئىلتىپات كۆرسىتىپ قويۇڭ، دورا دەپ ئىچىمىز ئاچقان ھامان، ئاۋۋال ئۇ قىمىرلاپ بىر يېنىغا ئۆرۈلگەندە، دەرھال دورىنى ئاغزىدىن قۇيۇۋېتىپ، نېرىراق جايغا كېتىڭ. ئۇنى ئىچىپ كىرىپ بىر ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇچەي ـ باغرى ئۈزۈلۈپ، «ۋايجان» دەپ چىدىماي ۋارقىرايدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئۈستىگە يوتقاندىن بىرنى يېپىپ دۇملۇۋېتىڭ، بۇنى ھېچ كىشى ئاڭلاپ قالمىسۇن. ئاۋۋال بىر قازان سۇنى قاينىتىپ، ئىچىگە بىر پارچە لاتىنى چىلاپ قويۇڭ، ئۇغا تازا كۆچىنى كۆرسەتكەندە، ئۇنىڭ يەتتە ئەزايىدىن تىرىلداپ قان چىقىشقا باشلايدۇ ـ دە ، ئۇ كالپۇكلىرىنى چىشلەپ يارا قىلىۋېتىدۇ. جېنى چىققاندىن كېيىن دەرھال يوتقاننى ئېچىۋېتىپ، ھېلىقى چىلاپ قويغان لاتىنى ئالىسىز ـ دە، ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى پاكىز سۈرتۈپ، قىلچە قانىنىڭ ئىزىنى قويمايسىز، شۇنىڭ بىلەن جەسەت ساندۇقىغا قاچىلاپ ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىمىز، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسىز، — دېدى.
— ئەجەب ياخشى بولغۇدەك، — دېدى ۋۇ دانىڭ خوتۇنى، — بىراق قولۇم تىترەپ قېلىپ، ئۆلۈكنى بېسىقتۇرالماي قالامدىمەنمىكىن دەپ قورقىمەن.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئاسان گەپ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — تامنى چېكىپلا قويسىڭىز، مەن شۇ يەردە هازىر بولۇپ سىزگە هە ـ هۇ دېيىشىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئاۋايلاپ بىر ئىش قىلىڭ، ئەتە تاڭ ئېتىشىغىلا كېلىپ جاۋاب ئالىمەن، — دەپ شى مېنچىڭ كېتىپ قالدى.

ۋاڭ كەمپىر مەرگىمۇشنى ئۆز قولى بىلەن ئېزىپ ـ يۇمشىتىپ، ئۇنى ئوبدانراق بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇڭ دەپ پەن جىنلىيەنگە بەردى.

پەن جىنلىيەن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ بالىخانىغا چىقتى، قارىسا، ۋۇ دا گاس ـ گاراخ بولۇپ ئۆلەي دەپ يېتىپتۇ، پەن جىنلىيەن كاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، يالغاندىن يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى ۋۇ دا خوتۇنىدىن.

— مەن ئېزىپتىمەن، — دېدى خوتۇنى كۆزىدىكى يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، — هېلىقى كاساپەت مېنى ئالداپ كېتىپتۇ، سىلىنى تېپىپ مۇنداق قىلىۋېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن! مەن بىر ياخشى دورا تېپىپ قويدۇم، ئەكېلىپ سىلىنى ئەملەپ قويسام دېيمەن، بىراق سىلىنى گۇمانلىنامدىكىن دەپ ئەكېلەلمەيۋاتىمەن.

— ئەگەر مېنى ئەملەپ ساقايتىپ قويساڭ، قىلچە دەۋايىم يوق، هەممىنى كۆڭلى ـ كۆكسۇمدىن چىقىرىۋېتىمەن، ۋۇ سۇڭ كەلگەندىمۇ قايتا ئاغزىمغا ئالمايمەن. چاپسان بېرىپ دورىنى ئەكەل، مېنى ساقايتىپ قوي خوتۇن! — دېدى ۋۇ دا.

پەن جىنلىيەن بىرنەچچە تومپۇرنى ئېلىپ، تويتوغرا ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا دورىنى ئەكەلدۇردى، ئاندىن بالىخانىغا چىقىپ دورىنى ۋۇ داغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ يۈرەك دورىسى ئىكەن، ئەمچى موللامنىڭ

ئېيتىشچە، بۇ دورىنى يېرىم كېچىدە ئىچكۈدەكلا، ئىچكەندىن كېيىن ئۈستىلىرىگە يوتقان - كۆرپىلەرنى يېپىپ تەرلەتكۈدەكمىز، شۇنىڭ بىلەن ئەتىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتكۈدەكلا.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولغۇدەك، جېنىم خوتۇن، بۈگۈن ئاخشام ئېغىر كۆرمەي سەگەكرەك يېتىپ، يېرىم كېچە بولغاندا، ماڭا دورىنى ئىچۈرۈپ قوي ئەمسە، — دېدى ۋۇ دا.

— خاتىرجەم ئۇخلاۋەرسىلە، مەن سىلىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن، — دېدى پەن جىنلىيەن.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، كەچ كىردى. پەن جىنلىيەن ئۆيگە چىراغ يېقىپ قويۇپ، پەسكە چۈشۈپ بىر قازان سۇ قايناتتى ۋە قازاننىڭ ئىچىگە بىر پارچە لاتىنى چىلاپ قويدى، بۇ چاغدا تاشقىرىدىن تاك - تاكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، قارىسا، تازا ئېغىر ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. پەن جىنلىيەن ئوغنى بىر قاچىغا قۇيدى، ئاندىن بىر چىنىگە قايناق سۇ قۇيۇپ بالىخانىغا كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە چىقىپلا:

— هوي كىشى، هېلىقى دورا قېنى؟ — دەپ ۋۇ دانى چاقىردى.

— تېگىمگە سېلىقلىق بورىنىڭ ئاستىدىكى ياستۇقنىڭ يېنىدا، چاپسان تەييارلاپ ئىچۈرۈپ قويغىن، — دېدى ۋۇ دا.

خوتۇنى بورىنى قايرىپ، دورىنى ئالدى - دە، هېلىقى ئوغا سالغان قاچىنىڭ ئىچىگە تۆكتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيدى؛ ئاندىن چېچىدىكى كۈمۈش جىغىسى بىلەن دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەپ، سول قولى بىلەن ۋۇ دانى يۆلەپ تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن دورىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيدى. ۋۇ دا «ئاھ» دەپ بىر ئىڭراپ:

— خوتۇن، نېمىدېگەن قىرتاق دورا بۇ ! — دېدى.

— كېسەللىرىنى ساقايتسىلا بولمىدىمۇ، ئۇنىڭ قىرتاق - پىرتىقى بىلەن كارلىرى نېمە، — دېدى خوتۇنى.

www.uyghurkitap.com

ۋۇ دانىڭ ئىككىنچى قېتىم ئىگرىشىغا خوتۇنى چاقچاقلىق بىلەن قاچىنى يەنە بىر كۆتۈرۈۋىدى، دورىنىڭ ھەممىسى غۇرتلا قىلىپ ۋۇ دانىڭ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كەتتى. خوتۇنى ۋۇ دانى دۈم ياتقۇزۇپ، كاتتىن لىككىدە چۈشۈپ كەتتى. ۋۇ دا ۋايجان دەپ بىر ۋارقىراپ:

— خوتۇن، بۇ دوراڭ قورسىقىمنى بەك ئاغرىتىۋەتتى، ۋايجان! ۋاي قانداق قىلاي! چىدىغۇچىلىك يېرىم قالمىدى! — دەپ داد - پەرياد قىلدى.

خوتۇنى دەرھال بېرىپ ئىككى يوتقاننى ئەكەلدى - دە، ۋۇ دانىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، قازاننى دۈملىگەندەك دۈملىۋەتتى.

— دېمىم تۇتۇلۇپ كەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى ۋۇ دا.

— ئەمچى موللام مۇشۇنداق دۈملەپ بىر تەرلىتىۋەتسىڭىز، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېگەنىدى، — دېدى خوتۇنى.

ۋۇ دانىڭ يەنە بىرنەرسە دېيىشىگە قارىماي، خوتۇنى ئۇنى ئورنىدىن قوپۇۋېلىپ جان تالىشىپ يۈرمىسۇن دەپ، دەرھال كاتقا سەكرەپ چىقىپ، ۋۇ دانىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى ۋە قىلچە يوچۇق قويماي، يوتقاننىڭ بۇرجەكلىرىنى چىڭ بېسىپ ئولتۇرۇۋالدى.

## نەزم

ئۆرتىنەتتى قەلب - كۆكسى، ياغدا داغلانغانسىمان،
ئوتتا كۆيگەندەك ياناتتى ھەممە ئەزايى يامان.
سانجىغاندەك خۇددى خەنجەر، تىلغىناتتى يۈرىكى،
پارە بولغاچ باغرى شۇنچە، قىينىلاتتى بىئامان.
ئىچ - ئىچىدىن شۈركۈنۈپ ئۇ، قاتتى جىسمى مۇز بولۇپ،
ئاقتى شۈرقىراپ ئەت - بېنىدىن قىپقىزىل قانلار شۇئان.
چىش كىرىشتى، مۇشت تۈگۈلدى، كەلدى ھەلقۇمغا جېنى،
ئۆچتى روھى يول ئېلىپ، ئۇدۇل جەھەننەمگە راۋان.

كەتتى چاڭقاپ تىل - تاماقى، كەتتى دەرمان تېنىدىن،
تىنىقى توختاپ تومۇققا، يەتتى روھى شۇ زامان.
كەتتى ئاخىر بۇ جاھاندىن قان - زەھەر يۇتۇپ شۇ ئەر،
شۇ بۇزۇقلارنى تۇتۇش يولىغا تەقدىم قىلدى جان.

ۋۇ دا ئىككى قېتىم ئىڭرىغاندىن كېيىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە ئۈچەي - باغىرلىرى ئۈزۈلۈپ، قىمىرلاشقىمۇ ماجالى قالمىدى. خوتۇنى يوتقاننى ئېچىپ قارىسا، ۋۇ دانىڭ چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا ئاغزى - بۇرنى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى، بۇنى كۆرۈپ خوتۇنى قورقۇنچ باستى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تامنى چەكتى. ۋاڭ كەمپىر ئاڭلاپ ئارقا ئىشىككە كېلىپ يۆتەلدى.

خوتۇن بالىخانىدىن چۈشۈپ، ئارقا ئىشىكنى ئاچتى.

— بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ كەمپىر.

— بولۇشىنىغۇ بولدى، بىراق قولۇم تىترەپ ھېچ ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ۋۇ دانىڭ خوتۇنى.

— ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان نېمىسى بار، مەن قارىشىپ بېرەي، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

كەمپىر يەڭلىرىنى تۈرۈپ، بىر سوغىغا قايناق سۇ ئۇستى ۋە ئىچىگە ھېلىقى بىر پارچە لاتىنى چىلاپ، بالىخانىغا ئاچىقتى، ئۇ يوتقاننى ئېچىپ، ئالدى بىلەن ۋۇ دانىڭ ئېغىز - كالپۇكلىرىنى سۈرتتى ۋە ئۇنىڭ يەتتە ئەزايىدىن چىقىپ ئۇيۇپ قالغان قان - زەردابلارنىمۇ قويماي تازىلاپ، چاپىنىنى ئۈستىگە يېپىپ قويدى. ئىككىسى ۋۇ دانى كۆتۈرۈپ ئىنجىقلاپ پەسكە ئەپچۈشتى - دە، بىر كونا ئىشىكنىڭ قانىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، بېشىغا بوغمىچىنى چىگىپ، كىيىم - كېچەك ۋە كەش - پايپاقلىرىنى كىيدۈرۈپ قويدى. يۈزىنى بىر ئاق ياغلىق بىلەن يېپىپ، ئۈستىگە پاكىز بىر يوتقاننى ئارتىپ قويدى؛ ئاندىن ئۆگزىگە چىقىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى سۈپۈرۈپ -

تازىلاپ، پاك ـ پاكىز قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ كەمپىر ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ۋۇ دانىڭ خوتۇنى ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلىغان بولۇپ، ۋۇ دانىڭ بېشىدا ئولتۇردى. ئەي ئوقۇرمەن! دۇنيادا خوتۇنلارنىڭ يىغىسىنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز: بەزى خوتۇنلار ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ، بۇ ئاشكارا يىغلاش دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى خوتۇنلار ئۈن چىقارماي يىغلايدۇ، بۇ ئىچىدە يىغلاش دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى خوتۇنلار ياش چىقارماي قۇرۇق يىغلايدۇ ، بۇ ئىچىدە ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلاش دەپ ئاتىلىدۇ، ۋۇ دانىڭ خوتۇنى يالغاندىن ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردى. بىر چاغدا تاڭ قاراڭغۇسى بولۇپ، تاڭ ۋاقتىغا يېقىنلىشىپ قالدى، بىردىنلا شى مېنچىڭ كىرىپ كەلدى ۋە كىرىپلا ئەھۋالنى سورىدى، ۋاڭ كەمپىر ھەممە ئەھۋالنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرى بىلەن سۆزلەپ بەردى. شى مېنچىڭ جەسەت ساندۇقى بىلەن بىرئاز كۈجە ـ ئىسرىقلار سېتىۋېلىپ كېلىڭ دەپ، ۋاڭ كەمپىرگە يېنىدىن بىرئاز كۈمۈش پۇل چىقىرىپ بەردى ۋە پەن جىنلىيەننى مەسلىھەتلىشىشكە چاقىردى. پەن جىنلىيەن شى مېنچىڭنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ۋۇ دايىم ئۆلدى، ئەمدى ئۆزلىرى باشپاناھ بولسىلا، — دېدى ئۇنىڭغا.

— بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى شى مېنچىڭ.

— ھەممىدىن مۇھىم بىر ئىش بار تېخى، — دېدى ۋاڭ كەمپىر، — مەھەللىدىكى كېپەنلىگۈچى خې جيۇشۇ بەك زېرەك ئادەم، ئۇ ئەگەر بىزنىڭ ھىيلىمىزنى تۇيۇپ قالىدىغان بولسا، دەپنە قىلدۇرمايدۇ.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق. مەن دەپ قويسىلا بولىدۇ. مېنىڭ گېپىمنى ئۇ يىرمايدۇ، — دېدى شى مېنچىڭ.

— بېگىم، چاپسانراق ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويسىلا، بۇ ئىشنى

ھەرگىز كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

شى مېنچىڭ كەتتى.

تاڭ يورۇپ، كۈن خېلى ئۆرلىگەن بىر چاغدا، ۋاڭ كەمپىر بىر جەسەت ساندۇقى بىلەن بىرمۇنچە كۈجە ـ ئىسرىق ۋە شام ـ قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى، كېلىپلا پانۇسنى يورۇتۇپ، ۋۇ دانىڭ خوتۇنىغا ئاش ئېتىپ بەردى. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ پەتە قىلىپ كىرىشتى. ۋۇ دانىڭ خوتۇنى يۈز ـ كۆزىدىكى پەردىزىنى ئۆزگەرتىپ، يالغاندىن يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— چوڭام بولالماپتۇ، نېمە كېسەل بولۇۋىدىكىن؟ — دەپ سوراشتى جامائەت.

— يۈرىكى ئاغرىيتتى، كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ ئاغرىقى ھېچ قويۇپ بەرمەي، ئاخىر تۈنۈگۈن كېچە ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە جان ئۈزدى، — دەپ ھېق تارتىپ يالغاندىن يىغلاپ جاۋاب بەردى پەن جىنلىيەن.

بۇ ئادەمنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايقىغان جامائەت، ئېرى ـ بېرىنى سۈرۈشتۈرمىدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۆلدى كەتتى، قالغانلىرىمىز ئامان بولايلى، كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلماڭ خېنىم، — دەپ تەسەللى بەردى.

پەن جىنلىيەن يالغاندىن رەھمەت ئوقۇدى، جامائەت تارقاپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ۋاڭ كەمپىر جەسەت ساندۇقىنى راستلاپ قويۇپ، كېپەنلىگۈچى خې جيۈشۈنى چاقىرغىلى كەتتى. كېپەن ـ كېچەك ھەممىسى سېتىۋېلىندى، ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرمۇ سېتىۋېلىندى. كېچىدە مېيىتكە ھەمراھ بولۇپ ئوقۇيدىغانغا ئىككى راھىبمۇ چاقىرىلدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خې جيۈشۈ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ئادىمىنى ھە ـ ھۇ دېيىشكە ئەۋەتتى.

ئەمدى گەپنى خې جيۈشۈدىن ئاڭلاڭ. خې جيۈشۈ كەچ كىرگەندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ قوڭغۇرتاش رەستىسىگە كەلدى ۋە بۇ يەردە شى مېنچىڭغا ئۇچرىشىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

— نەگە كېتىۋاتىسىز جيۇشۇ ئاغا، — دەپ سورىدى شى مېنچىڭ.

— پېقىر ھېلىقى يۇتازا پىشۇرۇپ ساتىدىغان ۋۇ دانىڭ جەسىتىنى كېپەنلىگىلى كېتىۋاتىمەن، — دېدى خې جيۇشۇ جاۋابەن.

— يۇرۇڭا، كىچىككىنە گېپىم بار ئىدى، — دەپ باشلىدى شى مېنچىڭ.

خې جيۇشۇ شى مېنچىڭنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەيخانىغا كېلىپ، ئىككىسى بىر ھۇجرىغا كىردى.

— ئولتۇرۇڭ جيۇشۇ ئاغا، — دەپ ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى شى مېنچىڭ.

— پېقىر ئۆزلىرى بىلەن قانداقسىغا بىر يەردە ئولتۇراي بېگىم، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى خې جيۇشۇ.

— تارتىنماڭ، ئاغا، ئولتۇرۇۋېرىڭ، — دېدى شى مېنچىڭ.

ئىككىسى ئولتۇردى. شى مېنچىڭ بىر خۇمرا مەي ئالدۇرۇپ كەلدى، مەيپۇرۇش بالا شىرەگە كۆك - گېزەك، مېۋە - چېۋە ۋە قورۇمىلارنى ئەكېلىپ تىزدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئولتۇرۇپ ئىچىشتى.

خې جيۇشۇ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە: «بۇ ئادەمنىڭ مەن بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ مەي - شاراب ئىچىشىپ باقىنىنى زادى بىلمەيمەن، بۈگۈنكى ئىشىنىڭ تېگىدە بىر گەپ بارەي» دەپ گۇمانلاندى. بىردەم ئىچىشكەندىن كېيىن شى مېنچىڭ يېنىدىن ئون سەرلىك كۈمۈشنى چىقىرىپ، خې جيۇشۇغا قاراپ:

— ئاغا، بۇنى ئاز كۆرمەڭ، ئەتە يەنە رازى قىلىمەن، — دەپ كۈمۈشنى شىرەگە قويۇپ قويدى.

— پېقىرنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن بىرەر خىزمىتى بولمىسا، بۇ ئىنئاملىرىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلاي؟ ئەگەر جانابلىرىنىڭ پېقىرغا بۇيرۇيدىغان بىرەر خىزمەتلىرى بولسا،

ئۇنىڭغىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن، بېگىم، — دېدى خې جيۇشۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ.

— خې جيۇشۇ ئاغا، تارتىنماي ئېلىڭ، قالغان گەپنى كېيىن قىلىشىۋالىمىز، — دېدى شى مېنچىڭ.

— ئۇنداق بولسا بېگىم، ھېچقىسى يوق، جانابلىرى نېمە دېسىلە شۇ، — دېدى خې جيۇشۇ.

— ھېچقانداق ئىش يوق، سەل تۇرۇپ ئۇلارمۇ سىزگە تاپان ھەققى بېرىشى مۇمكىن. ۋۇ دانىڭ جەسىتىنى كېپەنلەشتە كەڭرەك ئويلىنىپ، بىر دانە تاۋار يوتقاننى يېپىپ قويسىڭىزلا بولىدى. ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمىغايسىز، — دېدى شى مېنچىڭ.

— قانچىلىك ئىش ئىدى، بۇنىڭغىمۇ ئىنئام ئېلىش كېتەمدىكەن؟ — دېدى خې جيۇشۇ.

— ئاغا، ئەگەر بۇنى ئالمىسىڭىز، گېپىمگە كىرمىگەن بولىسىز، — دېدى شى مېنچىڭ.

خې جيۇشۇ شى مېنچىڭنىڭ يامۇلنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان چاتاقچى بىرنېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئالماي تۇرالمىدى. ئىككىسى يەنە بىرئاز ئىچىشتى، شى مېنچىڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ: «دەپتىرىڭگە پۇتۇپ قوي، پۇلۇڭنى ئەتە دۇكانغا بېرىپ ئېلىۋال» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بالىخانىدىن چۈشۈپ، مەيخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— جيۇشۇ ئاغا، شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، بۇ ئىشنى ھەرگىز ئاشكارا قىلىپ قويماڭ، كېيىن يەنە ھەق بېرىمەن، — دەپ جېكىلەپ قويدى شى مېنچىڭ ۋە ئۇدۇل ئۆز يولىغا كەتتى.

خې جيۇشۇ گۇمانلىنىپ، ئىچىدە: «بۇ زادى قانداق ئىشتۇ! مەن ۋۇ دانى كېپەنلىگىلى كېتىۋاتسام، نېمە ئۇچۇن ئۇ ماڭا شۇنچىۋالا پۇل بېرىدۇ؟ ھەي، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر گەپ بار» دەپ ئويلا ـ ئويلا مېڭىپ، ۋۇ دانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا كىلىپ قالدى، قارىسا، ھىلىقى ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ، خې جيۇشۇ ئۇلاردىن:
— ۋۇ دا زادى نىمە ئاغرىق بىلەن ئۆلۈپتۇ؟ — دەپ سورىدى.
— خوتۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، يۈرەك ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپتىمىش، — دەپ جاۋاب بەردى ئادەملىرى.
خې جيۇشۇ مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىردى، كىرىشىگىلا:
— نەۋاق، سىزنى ساقلىغىلى تاغا، — دەپ تاپا قىلىدى ۋاڭ كەمپىر.
— كىچىككىنە بىر ئىشقا تۇتۇلۇپ قىلىپ كىچىكىپ قالدىم، — دىدى خې جيۇشۇ جاۋابەن.
ۋۇ دانىڭ خوتۇنى ئاددىي كىيىملەرنى كىيگەن پېتى يالغاندىن يىغلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.
— ئۆزىڭىزنى بەكمۇ ئالدۇرۇپ قويماڭ، ئاغىچا، چوڭامنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىسىز بىكار! — دىدى خې جيۇشۇ.
— ئېيتىپ كەلسەم گېپىم تۈگىمەيدۇ! — دىدى ۋۇ دانىڭ خوتۇنى يالغاندىن يىشىنى ئېرتقان بولۇپ، — بىچارە يولدىشىم يۈرەك ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولۇپ قىلىپ، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا تۈگەپ كەتتى، يىقىر ئاجىز خورلۇقتا قالىدىغان بولدۇم.
خې جيۇشۇ بۇ چوكاننىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قاراپ چىقىپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «مەن ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بارلىقىنىلا ئاڭلاپتىكەنمەن، ئەمما ئۆزىنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئەسلىدە ۋۇ دانىڭ خوتۇنى دىگەن مۇشۇ ئىكەن - دە! شى مىنچىڭنىڭ ئون سەر كۈمۈشىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن» دىدى.
خې جيۇشۇ ۋۇ دانىڭ جەسىتىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەڭگۈلۈك يوپۇقنى كۆتۈرۈپ، يۈزىدىكى ئاق ياغلىقنى ئاچتى - دە، ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ، سىرلىق كۆزى بىلەن ۋۇ دانىڭ تۇرقىغا سىنچىلاپ بىر قارىۋېتىپ: «ۋايجان» دەپ

ۋارقىرىغىنىچە ئارقىسىغا پۇلاڭلاپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىدى. كۆرۈڭلاركى، كۆزلىرى خۇددى تاڭ ئالدىدا تاغ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان كەنجى ئايدەك، ئېغىر ياتقۇدا مېيى تۈگەپ خىرەلەشكەن چىراغدەك نۇرسىزلاندى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تىرناقلىرى قارىيىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، چىرايلىرى سارغىيىپ كەتتى ، خې جيۇشۇنىڭ ئاخىرى زادى نېمە بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## خې جيۇشۇنىڭ دەپنە ئۈستىدە جەسەت سۆڭىكىدىن بىر پارچىنى سوقۇۋالغانلىقى
## كەنجىۋاي ۋۇ سۇڭنىڭ كېسىك باش بىلەن نەزىر - چىراغ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا خې جيۇشۇ پۇلاڭشىدە يەرگە يىقىلىپ چۈشتى، ئادەملىرى ئۇنى يۆلىۋېلىشتى.

— بۇنىڭغا تۇتقاق كېسەل تېگىپتۇ، دەرھال سۇ ئەكېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ۋاڭ كەمپىر.

سۇ كەلگەندىن كېيىن كەمپىر ئۇنىڭغا ئىككى يۇتۇم سۇ پۈركۈدى، خې جيۇشۇ ئاستا قىمىرلاپ، بىرئاز ھوشىغا كەلدى.

— خې تاغامنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، ئوڭشىلىپ قالىدۇ، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

خې جيۇشۇنىڭ ئىككى ئادىمى ئۇنى ئىشىكنىڭ قانىتىغا ياتقۇزۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ باردى، بالىچاقىلىرى ئۇنى قولمۇقول يۆلەپ ئاپىرىپ كاتقا ياتقۇزۇپ قويدى.

— خۇشال - خۇرام چىقىپ كېتىۋىدىڭغۇ دادىسى، قانداق بولۇپ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭلا! كېسەللىرى يوق ئىدىغۇ؟! — دەپ خوتۇنى ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

خې جيۇشۇ ئادەملىرىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، خوتۇنىنى پۇتى بىلەن تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— قايغۇرما، مەن ھېچنېمە بولمىدىم، بايا ۋۇ دالاڭنىڭكىگە دەپنە ئىشى بىلەن كېتىۋېتىپ، شۇلار ئولتۇرۇشلۇق رەستىگە بارىدىغان دوقمۇشقا بارغىنىمدا، يامۇلنىڭ ئالدىدا دورا دۇكىنى



www.uyghurkitap.com

ئاچىدىغان شى مېنچىڭ ئالدىمغا چىقىپ، مېنى مەيخانىغا
ئەكىرىپ مەي بىلەن مېھمان قىلدى ۋە ماڭا ئون سەر كۈمۈش
بېرىپ: «جەسەتنى كېپەنلىگىنىڭىزدە بىرەر ئىشنى سېزىپ
قالسىڭىز يوتقان بىلەن يېپىۋېتەرسىز» دېدى. كېيىن ۋۇ
دالاڭنىڭكىگە باردىم، ئۇنىڭ خوتۇنى بۇزۇق بىرنېمىدەك
كۆرۈنۈپ، كۆڭلۈمدە قاتتىق گۇمان پەيدا قىلدى. ئۆيىگە كىرىپ
مەڭگۈلۈك يوپۇقنى قايرىپ قارىغۇدەك بولسام، ۋۇ دالاڭ رەڭگى
كۆكىرىپ، يەتتە ئەزايىدىن قان ئېقىپتۇ، لەۋلىرىنى چىشلەپ
يارا قىلىۋېتىپتۇ، ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرگەنلىكى جەزمەن. شۇئان
داۋراڭ سالغۇم كەلدى، ئەمما ئىگە بولىدىغان تۇغقىنى چىقماي
قالسا، شى مېنچىڭنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ئەندىشە
قىلدىم، ئۇ جايانغا چېقىلغىلى بولمايدۇ. پومىلاپلا
كېپەنلىۋېتەيلىمىكىن دېسەم، ۋۇ دالاڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى
جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭ يۈزبېشى دەيدىغان
بىر ئىنىسى بار، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدىغان بىر
ئەزىمەت، ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كېلىدۇ، بۇ ۋەقە
چۇۋۇلۇپ چىقماي قالمايدۇ، — دېدى.

— مەنمۇ، — دېدى خوتۇنى، — تۈنۈگۈن خەقتىن: «ئارقا
كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق چىياۋ ئاتلىق بوۋاينىڭ ئوغلى يۈن گې
قوغۇرتاش رەستىسىدىكى چايخانىدا ۋۇ داغا زىناخورلارنى
تۇتۇشۇپ بېرىمەن دەپ ئالتوپىلاڭ چىقىرىپتۇ» دېگەن گەپلەرنى
ئاڭلىغانىدىم، مۇشۇ گەپ ئىكەن ـ دە، بۇ ۋەقەنى ئالدىرىماي
پۇختىلاپ سۈرۈشتۈرسىلە، بۇ ئىشتىن بېشىمىزغا بالا كېلىپ
قالمىسۇن، كېپەنلەشكە ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، قايسى كۈنى دەپنە
قىلىدىغانلىقىنى سورىتىپ ئۇقۇۋالسىلىلا بولىدۇ. ئەگەر
مۇردىنى ۋۇ سۇڭ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ كەلگەندىن كېيىن
دەپنە قىلسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق چىگىش يۈز بەرمەيدۇ. مۇردىنى
ۋۇ سۇڭنىڭ ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ كۆمۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن،
ئۇنداقتىمۇ ھېچ گەپ بولماس، ئەگەر ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان

بولسا، ئۇنىڭدا جەزمەن گەپ بار. سىلى ئۇ يەرگە بارغاندا مېيىت ئۇزاتقۇچى سىياقىدا بولۇۋېلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئاداشتۇرۇپ، ئىككى پارچە سۆڭەكنى تۇيدۇرماي ئېلىۋالسىلا، ئۇنى بۇ ئون سەر تەڭگە بىلەن بىللە ساقلاپ قويساق، مانا بۇ كاتتا ئىسپات بولىدۇ. ئەگەر ۋۇ سۇڭ قايتىپ كېلىپ ئىز-دېرىكىنى سۈرۈشتە قىلمىسا، مەيلى، ئۇنداقتا شى مېنچىڭنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىمۇ ساقلاپ قالىمىز، بىزنىڭ رىزقىمىزغا توپا چېچىلمايدۇ.

خې جيۇشۇ: «خوتۇنۇڭ چېچەن بولسا، دىلىڭ روشەن بولىدۇ» دېگەن مۇشۇ ئىكەن دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى چاقىرىپ:

— ماڭا تۇتقاق كېسەل تېگىپتۇ، بارالمىغۇدەكمەن، ئۆلۈكنى سىلەر بېرىپ كېپەنلەڭلار. مېيىتنى قاچان ئۇزىتىدىغانلىقىنى سورىۋېلىپ ماڭا تېزرەك خەۋەرىنى بېرىڭلار. ئىسقات ئۇچۇن قويغان پۇل - پۇچەك، رەخت - يەختىنى ئۆزۈڭلار بۆلۈشۈۋېلىڭلار، ھەممە ئىش جايىدا بولسۇن. ئەگەر مېنىڭ نامىمغا ئىسقات بەرسە ئالماڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

خې جيۇشۇنىڭ ئادەملىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ۋۇ دانىڭكىگە كېتىشتى، ئۇلار ۋۇ دانىڭ مۇردىسىنى كېپەنلەپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ خې جيۇشۇغا:

— ئۇنىڭ خوتۇنى «ئۇچ كۈندىن كېيىن ئۇزىتىمىز، شەھەر سىرتىغا ئاچىقىپ كۆيدۈرىدىغان بولدۇق» دەيدۇ، — دەپ ئۇچۇر بەردى.

ئىسقات ئۇچۇن بەرگەن پۇل - پۇچەكنى ئۇنىڭ ئادەملىرى بۆلۈشۈۋېلىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى. خې جيۇشۇ خوتۇنىغا:

— دېگىنىڭ دەل ھەقىقەت راست ئىكەن، ئەمدى ۋاقتى كەلگەندە بېرىپ، ۋۇ دانىڭ بىرەر پارچە سۆڭىكىنى تۇيدۇرماي ئېلىۋالاي، — دېدى.

ئەمدى گەپنى ۋاڭ كەمپىردىن ئاڭلايلى. ۋاڭ كەمپىرنىڭ ھە - ھۇ دېيىشى بىلەن ھېلىقى ئايال شۇ كىچىسى مېيىتكە ھەمراھ بولۇپ ساقلىدى. ئەتىسى تۆت راھىبنى چاقىرتتۇرۇپ، خەتمە ئوقۇتتى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە خې جيۇشۇنىڭ ئادەملىرى جەسەت ساندۇقىنى كۆتۈردى، ئەھلىمەھەللىدىنمۇ بىرنەچچە ئۆيلۈك چىقىپ ئۇزىتىشتى. ھېلىقى ئايال بىلىگىچە قارلىق چىگىپ، ۋاي مۇرەببىيىم دەپ يالغان يىغلاپ ماڭدى. بۇلار شەھەر سىرتىدىكى كۆيدۈرۈش مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ، جەسەتنى ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا خې جيۇشۇ قولىدا بىر دەستە قەغەز پۇلنى تۇتقىنىچە مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ۋاڭ كەمپىر بىلەن ھېلىقى ئايال ئۇنى كۆرۈپ:

— تاغا، ئوڭلىنىپ قاپلا، تەڭرىگە شۈكۈر، — دېدى.

— ۋۇ دا چوڭئام ھايات چېغىدا ئۇنىڭدىن بىر قاسقان يۇتازا ئېلىپ پۇلى قالغانىدى، ھەققى قالمىسۇن دەپ مانا بۇ قەغەزنى ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆيدۈرۈشكە ئەكەلدىم، — دېدى خې جيۇشۇ.

— تاغا، ئەجەبمۇ ئەقىدىلىك ئادەم ئىكەنلا، — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

خې جيۇشۇ قەغەز پۇلنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ، ھە - ھۇ بىلەن جەسەت ساندۇقىنىمۇ ئوت تۇتاشتۇردى.

— تاغا، ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇزىتىشىپ بېرىپ ئوبدان قىلدىلا، ئۆيگە قايتىپ بارغاندا خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرىمىز، — دېدى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ۋاڭ كەمپىر بىلەن ھېلىقى ئايال.

— ھەر ۋاقىت جان كۆيدۈرۈپ ياردەم قىلىمەن، ئىككىلىرى بىئارام بولماي، ئىبتىكاپخانىغا كىرىپ، ئەھلى - جامائەتنى ئۇزىتىشسىلا. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئورنىدا بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەن بار، — دېدى خې جيۇشۇ ۋە ئايال بىلەن كەمپىرنى يولغا سېلىۋېتىپ، كۆيۈۋاتقان جەسەتتىن ئىككى پارچە سۆڭەكنى لاخشىگىر بىلەن قىسىپ ئېلىپ، كۆلچەككە چىلىغانىدى،

www.uyghurkitap.com

سۆڭەك قارىداپ كەتتى. ئۇنى ئوراپ تىقىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئىتتىكلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ يەردە بىردەم مەلىكە بولدى. جەسەت ساندۇقى كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن ئەھلىمەھەللە ئوتنى ئۆچۈرۈپ، مۇردا سۆڭەكلىرىنى كۆلچەككە چېچىۋېتىپ تارقاپ كېتىشتى. خې جيۇشۇ ھېلىقى ئىككى پارچە سۆڭەكنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئاندىن بىر ۋاراق قەغەزگە ۋاقىت ـ مەزگىلىنى ۋە مېيىتنى ئۇزاتقىلى چىققانلارنىڭ ناملىرىنى يۇتۇپ، ھېلىقى كۈمۈش بىلەن بىر قىلىپ ئوراپ، بىر خالتىغا سېلىپ ئۆيىدە ساقلاپ قويدى.

ئەمدى ھېلىقى ئايال ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەنجىرىلىك ئىشىكى ئالدىغا ئەرۋاھ تاختىسىنى ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا: «مەرھۇم مۇرەببىيىم ۋۇ دانىڭ ياتقان يېرى» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويدى. ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا ساپال چىراغ ياندۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايەت پۈتۈلگەن تۇغ، قەغەز پۇل، قەغەز زىخچە ئالتۇن ـ يامبۇ ۋە رەڭدار بېزەك قەغەزلەرنى قويۇپ قويدى. ئەمما ، ئۆزى بالىخانىدا شى مېنچىڭ بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك خالىغىنىچە كۆڭۈل ئېچىپ يۈردى، ئىلگىرى ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيىدە ئوغرىلىقچە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىغان بولسا، مانا ئەمدى ئۆيىدە گۇمان قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، كۈن ـ تۈنلەپ بەخۇدۇك ئوينايدىغان بولدى. شى مېنچىڭ بىرنەچچە كېچىلەپ ئۆيىگە قايتمىغاندىن كېيىن ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭدىن باتناپ قالدى. بۇنداق نازىنىنلارنىڭ شەيدالىقى بىلەن باغلىنىپ قالغانلار ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكىمۇ تويمايتتى، نەس بېسىشتىنمۇ قۇتۇلالمايتتى، بۇنىڭغا مۇنۇ غەزەل دەلىل:

> سىڭسە گەر شەھۋەتپەرەسلىك ھەر كىشىنىڭ جىسمىغا،
> قىلمىغاي جۇپلۇكتە پەرق ھالال ـ ھارامنى ئىشىدا.
> يارۇ مەشۇقلار تۇتۇپ ئويناشنى ئادەت قىلسا ئۇ،
> غەم قىلامدۇ پۇل ۋە دەردتىن يارى بولسا قېشىدا.

شى مېنىڭ ھېلىقى ئايال بىلەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ كۆڭۈل ئېچىپ، يەپ ـ ئىچىپ، كەيىپ ـ ساپا بىلەن بولۇپ كەتتى. باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. ئەھلىمەھەللە، يىراق ـ يېقىندىكىلەردىن بۇنى بىلمەيدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمىدى. ئەمما، شى مېنچىڭ دېگەن بۇ مەلئۇن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆكتەم بولغاچقا، كىممۇ بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالىسۇن؟

«خۇشاللىقنىڭ يىغىسى بار» دېگەن سۆز بار. ۋاقىت غۇيۇلداپ ئۆتۈپ مانا قىرىق نەچچە كۈنمۇ بولۇپ قالدى. ۋۇ سوڭ ئامبالنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سوۋغا ـ سالام ھارۋىسىنى قورۇقداپ، ئاستانىدىكى شىرەم تۇغقانلىرىنىڭكىگە يەتكۈزدى، يېنىدىكى مەكتۇپنى چىقىرىپ، ساندۇقلارنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن بازار سەيلىسى قىلدى، ئاندىن جاۋاب خەتنى ئېلىپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ياڭگۇ ناھىيەسىگە قايتىپ كەلدى. بېرىپ ـ كېلىشى ئۈچۈن توپتوغرا ئىككى ئاي كەتتى، بارغان مەزگىلى باش باھار ئىدى، قايتقان ۋاقتى ئۈچىنچى ئاينىڭ بېشىغا توغرا كەلدى، قايتىشىدا كۆڭلى پەرىشان، دىلى بىئارام بولۇپ، ئاكىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش نىيىتىدە قەدىمىنى تېزلەتتى، كېلىشى بىلەنلا يامۇلغا بېرىپ جاۋاب خەتنى تاپشۇردى، ئامبال بۇنىڭغا ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇ جاۋاب خەتنى ئوقۇپ ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئېنىق تاپشۇرۇۋالغانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ۋۇ سوڭغا چوڭ بىر يامبۇ ئىنئام قىلدى ۋە مەي ـ تائاملار بىلەن ناھايىتى كاتتا مېھمان قىلدى.

ۋۇ سوڭ ئۆز چۈشكۈنگە كېلىپ ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلىدى، بېشىغا بوغمىچا چىگدى، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئۇدۇل قوڭۇرتاش رەستىسىگە قاراپ يول ئالدى. رەستىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئەھلىمەھەللە ۋۇ سوڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ ۋە سوغۇق تەرگە چۆمۈپ: «ھىم، ئەمدى يان تامدىن يېغى

چىقىدىغان بولدى! بۇ ئەۋلىيا كەپتۇ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويامدۇ؟ ئۇ چوقۇم ئىش تېرىيدۇ!» دەپ بىر ـ بىرى بىلەن كۇسۇلداشتى.

ۋۇ سۇڭ ئىشىككە كېلىپ مىلەڭزىنى قايرىپ ئېچىۋېرىشكە كىردى، كىرىپلا ئەرۋاھ شىرەسىنى كۆردى، ئۇنىڭدىكى «مەرھۇم مۇرەببىيىم ۋۇ دالاڭ ياتقان يېرى» دېگەن خەتلەرگە كۆزى چۈشۈپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ: «كۆزۈم تورلىشىپ قالدىمۇ يا؟» دەپ كۆزلىرىنى يوغانراق ئېچىپ:

ــ قېيىنئېگىچە، مەن قايتىپ كەلدىم! ــ دەپ توۋلىدى.

دەل شۇ تاپتا شى مېنچىڭ ھېلىقى ئايال بىلەن بالىخانىدا كۆڭۈل ئېچىشىپ ئولتۇراتتى، شى مېنچىڭ ۋۇ سۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان زامان قورققىنىدىن شاخىنا قويۇۋەتتى ۋە ئۇدۇل چاپقان پېتى ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، ۋاڭ كەمپىرنىڭ ئۆيى بىلەن بەدەر تىكىۋەتتى، ھېلىقى ئايال بولسا:

ــ قېيىنئىنى، سەل تەخىر قىلسىلا، مەن ھازىر چىقاي، ــ دېدى.

ئەسلىدە بۇ ئايال ۋۇ دانى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قارىلىق تۇتۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەر كۈنى يۈز ـ كۆزىنى ئوپا ـ ئەڭلىك بىلەن پەردازلاپ، شى مېنچىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىپ، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى، ۋۇ سۇڭنىڭ «قايتىپ كەلدىم» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شاپۇر ـ شۇپۇر داس يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈز ـ كۆزىدىكى ئوپا ـ ئەڭلىكنى يۇيۇۋەتتى، سىرغا ـ سۆكە، جىغا ـ بىلەزۈكلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى، چاچلىرىنى پاخپايتىپ تۇگدى، قىزىل تاۋار پەشمىتىنى سېلىپ تاشلاپ، قارىلىق كۆڭلەكنى كىيىپ، يالغاندىن ئىڭىلداپ يىغلىغىنىچە بالىخانىدىن چۈشۈپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ:

ــ قېيىنئېگىچە، سەۋر قىلسىلا، يىغلىمىسىلا! ئاكام قاچان تۇگەپ كەتتى؟ نېمە كېسەلگە يولۇققانىدى؟ كىمدىن دورا ئېلىپ يېگەنىدى؟ ــ دېدى.

— ئاكىلىرى سىلى كېتىپ يىگىرمە - ئوتتۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا قاتتىق يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتتى، — دېدى ئايال يىغلاپ تۇرۇپ، — سەككىز - توققۇز كۈن بولغۇچە دۇئا ئوقۇتۇپ، سۈپكۆچ قىلدۇردۇم، ھېچقانداق دورا يېمىدى. شىپا تاپالماي قازا قىلدى، مېنى ناھايىتى قايغۇ - ھەسرەتتە تاشلاپ كەتتى!

تام قوشنا ۋاڭ كەمپىر ئاڭلاپ، چاتاق چىقىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئالدىراپ كىرىپ ئايالغا گەپ ياسىشىپ بەردى. ۋۇ سۇڭ يەنە:

— ئاكامنىڭ ئىلگىرى مۇنداق كېسىلى يوق ئىدى، قانداق بولۇپ يۈرەك ئاغرىقى بىلەن قازا تاپتى؟ — دېدى.

— يۇزبېشى، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولنى ساڭگىلىتىپ» دېيىشىدۇ. ئادەمگە بىر ھادىسە كەلمەيدۇ دەپ كىممۇ ھۆددە قىلالايدۇ؟ — دېدى ۋاڭ كەمپىر.

— ھېلىمۇ تەلىيىمگە بۇ ئايالىم ئەسقاتتى، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغۇدەك ئادىمىمۇ يوق ئىكەن، بۇ ئايالىم كېلىپ ھە - ھۇ دېيىشىپ بەرمىسە، قولۇم - قوشنىلاردىن كىممۇ قارىشاتتى؟ — دېدى ئايال.

— نەگە دەپنە قىلدىڭلار؟

— مەن يالغۇز تۇرسام، گۆرلۈك ئىزدەپ نەگىمۇ باراتتىم، ئۈچ كۈن ساقلاپ، ئىلاج تاپالمىغاندىن كېيىن ئاچىقىپ كۆيدۈردۇق.

— ئاكامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا قانچە كۈن بولدى؟

— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن يەتتىسى بولىدۇ.

ۋۇ سۇڭ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن دەرۋازىدىن چىققىنىچە ئۇدۇل يامۇلغا كەلدى، قۇلۇپنى ئېچىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇستىبېشىغا قارىلىق كىيىملىرىنى كىيدى، چېرىكلەرگە چىگىدىن بىر تال شوينا ئەشتۈرۈپ بېلىگە چىگدى؛

قوينىغا تىغى ئۇزۇن، سېپى كالتە، قىرى قېلىن، بىسى نېپىز بىر خەنجەرنى تىقىپ، يانچۇقىغا بىر ئاز تەڭگە سالدى؛ چېرىكلەردىن بىرىگە ئىشىكنى تاقاتتۇرۇپ، يامۇلنىڭ ئالدىدىكى رەستىدىن بىر ئاز گۆرۈچ، ئۇن، دورا ـ دەرمەك، ئىسرىق، شام، گۈللۈك قەغەز سېتىۋېلىپ، كەچ كىرگەندە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى قاقتى.

ھېلىقى ئايال ئىشىكنى ئاچتى، ۋۇ سۇڭ چېرىككە بىر قازان غىزا قىلىشنى بۇيرۇدى، ۋۇ سۇڭ ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا شام ـ چىراغ ياقتى، مەي ـ گېزەكلەرنى تىزدى. ئەل ياتار مەزگىلگىچە ھەممىنى تەخمۇتەخ قىلىپ قويدى ۋە سەجدە قىلىپ تۇرۇپ: «ئاكا، بۇ ئالەمدە روھىڭىز يىراقتا كەتمەيتۇ ! ناتوۋان زەئىپ ئىدىڭىز ، ئەمدى ۋاپات بولغىنىڭىزدا ھەق ـ ناھەق مەجھۇل بولدى. ئەگەر بىراۋ خورلۇق، دەرد ـ ئەلەم كەلتۈرۈپ جېنىڭىزنى ئالغان بولسا، چۈشۈمگە ئايان قىلىڭ. سىز ئۈچۈن قىساس ئالماي قويمايمەن !» دەپ مۇناجات ئوقۇپ، مەينى سەپتى، ئاخىرەتلىككە ئاتىغان قەغەز پۇلنى كۆيدۈردى ـ دە، ھۆڭگۈرەپ يىغلاپ كەتتى، ئىككى تەرەپتىكى تام قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يىغا ئاۋازىدىن ئەنسىرەپ، ئالاقزەدە بولدى. ھېلىقى ئايالمۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە يالغاندىن يىغلاپ ئولتۇردى. ۋۇ سۇڭ يىغا ـ زار ئىچىدە چېرىك بىلەن بىللە غىزا يەپ، مەي ئىچتى، ئاندىن كېيىن بورىدىن ئىككىنى ئېلىپ، چېرىكنى ئوتتۇرا ئىشىك تۈۋىدە يېتىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى بورىدىن بىرنى سېلىپ ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىدا ياتتى. ئايال بالىخانىغا چىقىپ، ئىشىكنى تاقاپ يېتىپ قالدى.

ئالاھازەل تون يېرىمىغىچە ۋۇ سۇڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. چېرىككە قارىغۇدەك بولسا خورەك تارتقىنىچە ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ۋۇ سۇڭ ئورنىدىن قوپۇپ، ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىدىكى ساپال چىراغقا قارىدى، چىراغ پىلىلداپ، خىرە يورۇپ تۇراتتى. ئۇ قۇلاق سالغۇدەك

بولسا، ئېغىر ياتقۇ تاكتىكى ئۇرۇلـۇۋېتىپـتۇ. ۋۇ سۇلۇك ئۇلـۇغ ـ كىچىـك تىنىـۋېلىـپ، بـورىدا ئولـتـۇرۇپ: «ئاكا، هـايـاتىڭـىـزدا قورقۇنچاقلىق بىلەن ئۆتتىڭىز، ئۆلۈمىڭىز تولىمۇ ئېچىنىشلىق بـوپتـۇ» دەپ ئـۆز ـ ئـۆزىـچـە پـىـچىـرلـىـدى. ئـۇنـىـڭ سـۆزى ئاخىرلاشمايلا ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىدىن شىۋىرغان چىقىپ، ۋۇ سۇڭـغا بەئـەينى تىـكـەن سانجىـلغانـدەك تـېگىـپ، تـېنـىـنـى جۇغۇلـداتتى. چـىراغ نۇرى بارغـانـسېرى غـۇۋالـىشـىـپ، ئـەرۋاھ شىرەسى ئالـدىنى گۇڭـگا باستـى، تامدىكـى قەغەز پۇل تـەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇپ توزۇپ كەتتى. هېلىقى سوغۇق شامال ۋۇ سۇڭنىڭ چاچلىرىنى دىڭگايتىپ قويدى، ئۇ سىنچىلاپ قارىغانىدى، ئەرۋاھ شىرەسى ئاستىدىن بىر ئادەم چىقىپ: «ئۇكام، مېنىـڭ ئۆلۈمـۈم ئاجايىپ ئېچىنىشلـىق بولدى !» دەپ تـوۋلـىدى. ۋۇ سۇڭ روشـەن پەرق ئېتەلمەي، ئالدىغـىراق سىلجىپ گەپ سوراي دەپ تۇرغۇچە، سوغۇق شامال تاراپ، هـېلىقـى ئادەم كۆزدىن غـايىب بولـدى. ۋۇ سۇڭ دەلدەڭلەپ، يەنە بورىدا ئولـتۇرۇپ قالدى ۋە بـۇ چۈشۈمـمـۇ، ئـوڭـۇممۇ دەپ هـاڭ ـ تاڭ قالدى. قـايرىلـىپ كەينىـگە قارىـسا، هېلىقى چېرىـك ئۇخلاۋېتـىپتۇ. ۋۇ سـۇڭ : «ئاكامـنـىڭ ئۆلۈمـى تەهقىـق بىئـەجـەل بوپتـۇ، ئـەمدىلا مـېنى خەۋەردار قـىـلغـىلـى تۇرۇۋىدى، روهى مېنىڭ بۇ پەيلىمدىن ئـۇركۇپ قاچتـى...» دەپ ئويلاپ، بۇنىڭ سىرىنى تاڭ يورۇغاندا ئېچىشقا نىيەت قىلدى.

نەزم

ئات قويۇپتۇ ئاڭا پىندەك دەپ كىشىلەر بۇ ئەجەب؟
دۆت ئىدى هاياتىدا بوپتۇ چېچەن ئۆلسە ئەجەب؟
بولمىسا كۆڭۈلدە بىر يول روهى نە بولغاي ئايان،
بىئەجەل ئۆلگەن كىشى روي بەرگىنى تۇندە ئەجەب؟

تاڭ يورۇپ كەلدى، چېرىك ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ ئىسسىتتى. ۋۇ سۇڭ يۈز ـ قوللىرىنى يۇدى، هېلىقى ئايالىمۇ بالىخانىدىن

www.uyghurkitap.com

چۆشۈپ، ۋۇ سۇڭغا:

— قېيىنئىنى، ئۇيقۇلىرىغا مالامەت يەتمىگەندۇ؟ — دېدى.

— قېيىنئېگىچە، ئاكام زادى نېمە كېسەل بىلەن قازا تاپتى؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— قېيىنئىنى، ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ نېمە، ئاخشام ئىيتقان ئەمەسمىدىم، يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا تاپتى.

— كىمدىن دورا ئېلىپ يېدى؟

— دورا قەغىزى مانا بۇ يەردە تۇرۇپتۇ.

— جەسەت ساندۇقىنى كىم ئېلىپ بەردى؟

قوشنا تامدىكى ۋاڭ ئايلىغا ئەكەلدۇردۇم.

— جەسەت ساندۇقىنى كىم كۆتۈرۈپ ئاچىقتى؟

— مۇشۇ يەرلىك كېپەنلىگۈچى خې جيۇشۇ. باشتىن - ئاياغ شۇ كىشىنىڭ قولى بىلەن چىقتى.

— ھە، شۇنداق ئىكەن - دە، مەن يامۇلغا بېرىپ يوقلىمىدىن ئۆتۈپ كېلەي، — دېدى - دە، ۋۇ سۇڭ چېرىكنى كەينىگە سېلىپ، قوڭۇرتاش رەستىسى ئاغزىغا كەلدى، ئۇ چېرىكتىن:

— خې جيۇشۇ دەيدىغان كېپەنلىگۈچىنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— يۇزبېشى، ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ ئۆتكەن سەپەر ئۆزلىرىنى مۇبارەكلىگەنلەر قاتارىدا ئۇمۇ كەلگەنىدىغۇ، ئۆيى ئارسلان رەستىسىدىكى تار كوچىدا.

— مېنى باشلاپ بار.

چېرىك ۋۇ سۇڭنى خې جيۇشۇنىڭ ئىشىكىگە باشلاپ بارغاندىن كېيىن ئۇ چېرىككە:

— سەن قايتىپ تۇر، — دېدى.

چېرىك كەتتى. ۋۇ سۇڭ ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ:

— خې جيۇشۇ ئاكا بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

خې جيۇشۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغانىدى، ۋۇ سۇڭنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن شاپاشلاپ كەتتى،

بوغمىچىنى چىگىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراپ - تېنەپ كۈمۈش تەڭگە بىلەن سۆڭەك پارچىسىنى قوينىغا تىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— يۈزبېشى قاچان، قايتىپ كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن قايتىپ كەلدىم، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — سىزگە دەيدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى، مالال كۆرمەي مەن بىلەن بىللە بارسىڭىز.

— پېقىر تەييار يۈزبېشى، چاي ھازىرلاي.

— ياق جوۋىماڭ.

ئىككىسى تار كوچا ئاغزىدىكى مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ۋۇ سۇڭ مەيپۇرۇشقا ئىككى ئاپقۇر مەي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

— پېقىر ئۆزلىرىدەك يۈزبېشىدىن ھاردۇق سوراپ بارماقتا يوق، تېخى سىلى جوۋاپ كېتىۋاتىلىغۇ؟ — دېدى خې جيۇشۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەكەللۇپ بىلەن.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

خې جيۇشۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانىدى، مەيپۇرۇش مەي قۇيۇپ تۇردى، ۋۇ سۇڭ گەپ - سۆز قىلماستىن ھەدەپ ئىچىۋەردى. خې جيۇشۇ ئۇنىڭ ئۈن چىقماي تۇرغانلىقىغا قاراپ قاتتىق دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، ئۇياق - بۇياقتىن سۆز كوچىلاپ باقتى. ۋۇ سۇڭ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرىۋەردى. مەي بىرنەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن ۋۇ سۇڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىدى - دە، شارتلا قىلىپ قوينىدىن بىر خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، شىرەگە غاچچىدە سانجىپ قويدى. مەيپۇرۇش بۇنى كۆرۈپ قورقىنىدىن داڭقېتىپلا قالدى، قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلىسۇن. خې جيۇشۇنىڭ رەڭگىرويى تامدەك تاتىرىپ دېمىنى چىقىرالماي ئولتۇراتتى، ۋۇ سۇڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، خەنجەرنى تۇتۇپ خې جيۇشۇغا قاراپ:

— ئۆزۈم تومپاي بولغىنىم بىلەن، «ئۇۋالچىلىقنىڭ سورىقى، قەرزنىڭ ئىگىسى بار»لىقىدىن خەۋىرىم بار، سىز قورقۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتمەڭ، ئەگەر سىز راستىنى ئېيتسىڭىز، ئاكام ۋۇ دانىڭ ئۆلۈش سەۋەبلىرىنى ماڭا بىر - بىرلەپ ئەينەن ئېيتىپ بەرسىڭىز، سىزگە چېقىلمايمەن! ئەگەر سىزگە زەخمەت يەتكۈزسەم، مەن ئەر ئەمەس! ئەگەر يېرىم - يارتىسى يالغان بولۇپ قالىدىغان بولسا، مانا بۇ خەنجىرىم بىلەن بەدىنىڭىزنى تىلىم - تىلىم قىلىپ تاشلايمەن! سىز باشقىسىنى قويۇپ، ئاكامنىڭ جەستى قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى ۋە ئىككى قولى بىلەن تىزىغا تايىنىپ، ئىككى كۆزىنى چۆچەكتەك قىلىپ، خې جيۇشۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى.

— يۇزبېشى، غەزەپلىرىنى بېسىۋالسىلا، مانا بۇ خالتىنىڭ ئۆزى كاتتا دەلىل - ئىسپات، — دېدى خې جيۇشۇ قولتۇقىدىن بىر خالتىنى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ.

ۋۇ سۇڭ خالتىنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ قارىدى. خالتىغا قارىداپ كەتكەن ئىككى پارچە سۆڭەك، ئون سەرلىك بىر يامبۇ سېلىنغانىدى. ۋۇ سۇڭ بۇنى كۆرۈپ:

— نېمىشقا كاتتا دەلىل - ئىسپات دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر ۋەقەنىڭ باش - ئايغىنى ئۇقمايمەن، — دېدى خې جيۇشۇ، — بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى ئۆيۈمدە ئولتۇرسام، چايچى ۋاڭ كەمپىر كىرىپ، پېقىرنى مېيىتنى ئۆزىتىپ بېرىشكە چاقىردى. شۇ كۈنى قوڭغۇرتاش رەستىسى ئېغىزىدا كېتىۋېتىپ، يامۇل ئالدىدا دورىپۇرۇشلۇق قىلىدىغان شى مېنچىڭ چوڭام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئالدىمنى توسۇپ، مېنى مەيخانىغا تەكلىپ قىلدى، مەيخانىغا كىرىپ بىر خۇمرا مەي ئىچتۇق. شى مېنچىڭ مۇشۇ ئون سەرلىك يامبۇنى پېقىرغا تۇتقۇزۇپ: «جەسەتنى كېپەنلىگىنىڭىزدە بىرەر نەرسىنى سېزىپ قالسىڭىز يوتقان بىلەن يېپىۋېتەرسىز» دەپ تاپىلىدى، ئۇ ئادەمنىڭ قىزىل كۆز، ئۆكتەم ئىكەنلىكىنى، ياق دېيىشىمگە

يول قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەي ئىچىلىپ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ يامبۇنى ئېلىپ ۋۇ دانىڭكىگە باردىم، ئۇ يەرگە بېرىپ مەڭگۈلۈك يوپۇقنى قايرىپ قارىسام، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدا، قۇلاق تۆشۈكلىرىدە ئۇيۇپ قالغان قان ئىزلىرى تۇرۇپتۇ، لەۋلىرىدە چىشنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ جەسەتتىن ئۇنىڭ زەھەرلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ داۋراڭ سالغۇم كەلدى، لېكىن ئىگە بولىدىغان تۇغقىنى يوق ئىكەن؛ ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى، دەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن پېقىر تىن ـ دېمىمنى چىقارماي، تىلىمنى گاچ قىلىپ چىشلەپ، تۇتقاق كېسىلى تەگكەن بولۇۋالدىم، شۇنداق قىلىپ خىزمەتكارلىرىم قولتۇقۇمدىن يۆلىگىنىچە ئۆيۈمگە ئەكېلىپ قويۇشتى. جەسەتنى خىزمەتكارلار كېپەنلىدى، پېقىر بىر تىيىنمۇ ئالمىدىم. ئۈچىنچى كۈنى جەسەتنى ئاچقىپ كۆيدۈرگۈدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىر دەستە قەغەز سېتىۋېلىپ قەبرىستانغا چىقىپ، يالغاندىن ئادەمگەرچىلىك قىلدىم؛ ۋاڭ كەمپىر بىلەن قېيىنئىنىگىچىلىرىنى بىر ئىلاج بىلەن كەتكۈزۈۋېتىپ، مانا بۇ ئىككى پارچە سۆڭەكنى يېنىمغا تىقىۋېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغان. مانا بۇ سۆڭەكنىڭ قارىداپ تۇرغانلىقى زەھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ ئىسپاتى. مانا بۇ قەغەزگە ۋاقىت ـ سائىتى، مېيىتنى ئۇزىتىشقا چىققانلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان. پېقىرنىڭ دەيدىغانلىرىم مۇشۇ. يۇزبېشى، قالغىنىنى ئۆزلىرى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەيلا.

— زىناخور ئەر زادى كىم ئىكەن؟

— كىملىكىنى بىلەلمىدىم، ئاڭلىشىمچە، يۈن گې ئىسىملىك ئامۇت ساتىدىغان بىر بالا بار ئىكەندۇق. شۇ شۇمتەك ۋۇ دا بىلەن بىللە چايخانىدا شۇ زىناخورنى تۇتۇۋالغانىمىش. بۇ ۋەقەنى مۇشۇ كوچىدا بىلمەيدىغان كىشى يوق ئىكەن. يۇزبېشى، ئەگەر بۇ ئىشنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە بىلەي دېسىلە، يۈن گې دېگەندىن سورىسىلا.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇنداق بولسا شۇنىڭكىگە بىر بېرىپ باقايلى.

ۋۇ سۇڭ خەنجىرىنى ئالدى، سوڭخەك بىلەن يامبۇنى قويىنىغا سالدى ۋە ئىچىلگەن مەينىڭ پۇلىنى تۆلەپ، خې جيۇشۇ بىلەن بىللە يۈن گېنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

يۈن گېنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىشىغا، ئۇ شۇمتەك چۈۋىق سېۋەتكە سېتىۋالغان گۈرۈچنى قاچىلاپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن.

خې جيۇشۇ:

— يۈن گې، بۇ يۈزبېشىنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يولۋاسنى ئېلىپ كەلگىنىدە تونۇۋالغانىدىم. مېنى ئىزدەپ كېلىپ قاپسىلەرغۇ، ئىشىڭلار بارمۇ؟ — دېدى يۈن گې ۋە ئەھۋالىنىڭ تېگىگە يېتىپ، — شۇغىنىسى دادام ئاتمىشقا كىرىپ قالدى، مەندىن باشقا قارايدىغان ئادىمى يوق، مەن سىلەر بىلەن دەۋا ـ دەستۇرغا بارالمايمەن.

— جېنىم ئۇكا، — دەپ ۋۇ سۇڭ يېنىدىن بەش سەردەك تەڭگە چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، — يۈن گې، بۇنى داداڭغا بەرگىن، خەج ـ خىراجىتىگە سەرپ قىلسۇن، يۈر، ساڭا گېپىم بار.

يۈن گې ئۆز ئىچىدە: «بۇ بەش سەر تەڭگىنى خىراجەت قىلسام، تۆت ـ بەش ئايغا يەتمەمدۇ؟ مەيلى، بىللە بېرىپ دەۋالىشىپ بەرسەم بېرەي» دەپ ئويلاپ، ھېلىقى تەڭگە بىلەن گۈرۈچنى بوۋايغا بېرىپ، ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، كوچا ئېغىزىدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى، ۋۇ سۇڭ ئاشپەزگە ئۈچ كىشىلىك تائام بۇيرۇدى، ئاندىن يۈن گېگە:

— ئۇكا، يېشىڭ كىچىك بولسىمۇ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان نىيىتىڭ بار ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن خىراجەت قىلسۇن دەپ، ساڭا ھېلىقى پۇلنى بەردىم. مېنىڭ

ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ئىش پۈتكەندىن كېيىن مەن يەنە ساڭا ئون تۆت - ئون بەش سەر كۈمۈش بېرىمەن، دەسمايە قىلىۋالىسەن. قېنى، ماڭا بىرنىمۇ ئېلىپ قالماي ئېيتىپ بەرگىن: سەن قانداق قىلىپ ئاكام بىلەن چايخانىغا بېرىپ زىناخورلارنى تۇتۇۋالغانىدىڭ؟ — دېدى.

— مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن. مۇشۇ يىل بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچى بىر سېۋەت ئامۇت كۆتۈرۈپ، شى مېنچىڭ چوڭامدىن ئاز - تولا بىرنەرسە ئۈندۈرەي دېگەن مەقسەتتە، ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. خەقتىن سورىسام، «ئۇ قوڭغۇرتاش رەستىسىدىكى ۋاڭ كەمپىر دېگەننىڭ چايخانىسىدا يۇتازا ساتىدىغان ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بىلەن تېپىشىۋاپتۇ، ھەر كۈنى شۇ يەردە ئوينايدىكەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل شۇ يەرگە ئىزدەپ باردىم. ۋاڭ كەمپىر دېگەن بۇ قېرى قانجۇق ئىشىكنى توسۇۋېلىپ، مېنى ئۆيگە كىرگۈزمىدى. ئۇنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋەتكەنىدىم، ئۇ قانجۇق مېنى مۇشتلاپ، ياقامدىن سىقىپ تالاغا ئىتتىرىپ چىقاردى. ئامۇتلىرىمنى كوچىغا چېچىۋەتتى. مەن ئاچچىقلىنىپ، ئاكىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋەقەنى بىر - بىرلەپ دەپ بەردىم، ئۇ بېرىپ زىناخورنى تۇتماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا: «يالغۇز سىزنىڭ چېڭىڭىز چىقمايدۇ. شى مېنچىڭ دېگەن بۇ دۆيۈزگە تەڭ كېلەلمەيسىز، ئۇنى تۇتۇۋالساڭ تۇتۇۋالدىڭ، تۇتۇۋالالماي قالساڭ، تېخى سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىپ، سىزنى ئېغىر كۈنگە قالدۇرىدۇ. ئەتە ساتىدىغان يۇتازىڭىزنى ئازراق قىلىپ چىقىڭ، ئەتە مەن كېلەي، ئىككىمىز كوچا ئاغزىدا تېپىشايلى. مۇبادا مەن شى مېنچىڭنىڭ چايخانىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالسام، ئالدىڭىزدا كىرەي، سىز ئەپكەشىڭىزنى بىرسىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن سېۋەتنى تالاغا چۆرۈۋەتكەن ھامان، چېپىپ كىرىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىڭ» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ كۈنى يەنە بىر سېۋەت

www.uyghurkitap.com

ئامۇت كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل چايخانىغا باردىم، ھېلىقى قېرى قانجۇقنى تىللىسام، ئۇ مېنى ئۇرماقچى بولۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، مەن سېۋەتتىكى ئامۇتنى كوچىغا چىچىۋېتىپ، ئۇ قانجۇقنى بېشىم بىلەن تامغا نىقتاپ تۇرۇۋالدىم. ۋۇ دا ئىچكىرىگە ئېتىلىپ كىردى، كەمپىر ئۇنى توسماقچى بولۇۋىدى، مەن تېخىمۇ بەكرەك نىقتاپ تۇرۇۋالدىم، ئۇ نائىلاج «ۋاي، ۋۇ دا كېلىپ قالدى !» دەپ ۋارقىرىدى. ئۆيدىكى ئىككىسى ئاللىقاچان ئىشىكنى تىرىۋالغانىكەن. ۋۇ دا ئىشىك تېشىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى، بۇ چاغدا شى مېنچىڭ دېگەن دۆيۈز ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىپ، ئېتىلىپ چىققىنىچە ۋۇ دانى بىر تېپىپ بىلەن ئۆرۈۋەتتى. ئارقىدىن ھېلىقى ئايال چىقىپ ۋۇ دانى يۆلەپ تۇرغۇزالمىدى، مەنمۇ ھودۇققىنىمچە كېتىپ قالدىم. بەش ـ ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاڭلىسام، ۋۇ دا ئۆلۈپتۇ. ئەمما، قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم.

— مۇشۇ دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟ يالغان ئېيتىۋاتمايدىغانسەن؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سوڭ.

— يامۇلغا ئاپارسىڭىزمۇ دەيدىغىنىم شۇ.

— بۇ دېگىنىڭ راست، ئۇكا.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋۇ سوڭ پۇلىنى تۆلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن ئاشپۇزۇلدىن چىقتى.

— ئەمدى مەن قايتاي، — دېدى خې جيۇشۇ.

— مەن بىلەن بىرىپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشۈپ بېرىڭلار، — دېدى ۋۇ سوڭ ۋە ئىككىيلەننى ئۇدۇل يامۇلغا باشلاپ كەلدى.

— يۈزبېشى نېمە دەۋا بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئامبال بۆلارنى كۆرۈپ.

— بىر تۇغقان ئاكام ۋۇ دانىڭ خوتۇنى بىلەن شى مېنچىڭ زىنا قىلىپ، ئاكامنى زەھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. مانا بۇ ئىككىيلەن گۇۋاھ، ئامبال بېگىم، ئادىل قارار چىقىرىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن، — دەپ ئەرز بايان قىلدى.

— ئامبال ئاۋۋال خې جيۇشۇ بىلەن يۈن گېيدىن گەپ سوراپ، شۇ كۈنلا يامۇل سىپاھلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئەسلىدە شى مېنچىڭ بىلەن يامۇل سىپاھلىرىنىڭ تىللى بىر ئىدى، بەگلەر ئابايىلا شۇنداق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن بەگ - سىپاھلار بىردەكلا: «بۇ دەۋانى سورىغىلى بولمايدۇ» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىشتى. ئامبال:

— ۋۇ سۇڭ، سىزمۇ مۇشۇ ناھىيەنىڭ يۈزبېشى، قانۇندىن خەۋىرىڭىز بار. قەدىمدىن: «زىناخورنى تۇتساڭ جۈپتىنى كۆرسەت، ئوغرىنى تۇتساڭ مېلىنى كۆرسەت، قاتىلنى تۇتساڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەت» دېگەن گەپ بار، ئاكىڭىزنىڭ جەسىتىمۇ يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىناخورنىمۇ تۇتۇۋالماپسىز؛ ئەمدى قويۇپ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ گېپى بىلەن بىراۋنى جاۋابكارلىققا تارتساق، ئۇۋۇال بولارمىكىن؟! ئۆزىڭىزگە هاي بېرىپ ئوبدان ئويلىنىپ، ئاققۇدەك ئىشنى قىلىڭ، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ قويىنىدىن ئىككى پارچە قارىداپ كەتكەن سۆڭەك بىلەن ئون سەرلىك بىر يامبۇنى ۋە بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ:

— داد، بېگىم ، بۇ نەرسىلەر پېقىر ياساپ چىققان نەرسىلەر ئەمەس، — دېدى تەزىم بىلەن.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن بەگ - سىپاھلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي، بولغۇدەك يېرى بولسا، تۇتقۇزۇپ كېلىپ سورايمىز، — دېدى ئامبال.

ۋۇ سۇڭ خې جيۇشۇ بىلەن يۈن گېنى ئۆيىدە ئېلىپ قالدى. شۇ كۈنى شى مېنچىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى يامۇلغا ئەۋەتىپ، بەگ - سىپاھلارنىڭ گېلىنى پۇل بىلەن مايلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋۇ سۇڭ يامۇلدا ئامبال قاتىلنى تۇتۇپ بەرسۇن، دەپ يەنە داد ئېيتتى. بۇ ئامبالنىڭ پارىغا دۈم چۈشكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئامبال سۆڭەك پارچىسى بىلەن

يامبۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ:
— ۋۇ سۇڭ، سىز غەيرىي كىشىلەرنىڭ سىزنى شى مېنچىڭ بىلەن زىنتىلەشتۇرىدىغان ۋەسۋەسىسىگە قۇلاق سالماڭ، بۇ ۋەقە بىزگە قاراڭغۇ، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش تەس. ئەۋلىيالىرىمىز: «كۆزدىن ئۆتكەن ئىش ھەقىقەت بولمايمۇ چىقىدۇ؛ ئارقىدىن قىلىنغان غەيۋەتكە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ» دەپتىكەن، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، — دېدى.
— يۇزبېشى، جان بىلەن ھېسابلىشىدىغان ئىشتا جەسەت، زەخمەت، كېسەل، نەرسە، ئىز مانا بۇ بەش نەرسە تەل بولسا، ئاندىن ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ، — دېدى زىندانبېگى.
— بېگىم، ئەرزىمنى سورىمىسىلا بوپتۇ، كېيىن بىر گەپ بولار، — دېدى ۋۇ سۇڭ بىر يامبۇ بىلەن سۆڭەك پارچىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، خې جيۇشۇغا تاپشۇردى. دېۋاندىن چىقىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، چېرىككە غىزا تەييارلىتىپ، خې جيۇشۇ بىلەن يۈن-گېگە يېگۈزدى ۋە ئۇلارغا:
— سىلەر ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھېلى كېلىمەن، — دېدى.
ۋۇ سۇڭ ئىككى - ئۈچ چېرىكنى باشلاپ يامۇلدىن چىقتى، قەلەم، دۇۋەت، سىياھلىرىنى ئالدى، تۆت - بەش ۋاراق قەغەز سېتىۋالدى ۋە بۇلارنى يېنىغا سالدى. چېرىكلەردىن ئىككىسىگە ئۆيگە بىر چوشقا كاللىسى، بىر غاز، بىر توخۇ، بىر ئەپكەش شاراب ۋە مېۋە - چېۋىلەر سېتىپ ئەكېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئالاھازەل چاشكا ۋاقتىدا چېرىكلىرى بىلەن بىللە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھېلىقى ئايال ئەرزىنىڭ سورالمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن ۋە نىمە قىلالايتتىڭ دېگەندەك قىلىپ، قورقماي يۈرىكى توم يۈرۈۋېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ۋۇ سۇڭ:
— قېيىنئېگىچە، بۇياققا چۈشسىلە، گېپىم بار ئىدى، — دەپ چاقىردى.

— نېمە گەپلىرى بار ئىدى؟ — دېدى ئايال ئېرىنچەكلىك بىلەن بالىخانىدىن چۈشۈپ.

— ئەتە مەرھۇم ئاكامنىڭ يەتتىسى بولىدۇ، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — ئۆلۈم كۈنى قولۇم - قوشنا، ئەھلىمەھەللىنى خېلى كۆپ ئاۋارە قىلىپتىلا، مەن بۈگۈن چاي بېرىپ سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا ئۇلارغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم.

— ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ نېمە بوپتۇ ! — دېدى تەكەببۇرلۇق بىلەن ئايال.

— بىئەدەپلىك قىلغۇلۇق ئەمەس ! — دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە چېرىكلەرنى بۇيرۇپ ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا ئىككى دانە شام، بىر ئىسرىقدانغا ئىسرىق ياقتۇردى، بىر دەستە قەغەز پۇلنى تىزدۇردى؛ نەزىر - چىراغ ئۇچۈن ئاتىغان يېمەكلىك، مەي - شاراب ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى تىزىپ قويدى. چېرىكلەردىن بىرىنى ئارقىدا مەي ئىللىتىشقا، ئىككىسىنى ئىشىك ئالدىغا مېھمانلارغا چاي ھازىرلاشقا بۇيرۇدى، يەنە ئىككىسىنى ئىشىك بېقىشقا جورۇدى. ۋۇ سۇڭ بۇئىشلارنى تەيىن تاپتۇرغاندىن كېيىن:

— قېيىنئېگىچە، قېنى مېھمانلارنى كۈتسىلە، مەن باشلاپ كېلەي، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئاۋۋال تام قوشنا ۋاڭ كەمپىرنى چىللىدى. كەمپىر:

— يۇزبېشىم، ئۆزلىرىنى رەھمەت ئېيتقۇزۇپ جوۋاتقۇدەكمىز، — دېدى.

— ئايلا، كۆپ ئاۋارە بوپتىلا، كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالارمەن. ھازىرچە ئازراق چېيىم بار ئىدى، ئۆزرە ئېيتماي كىرسىلە، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

كەمپىر تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ چايخانا ئىشىكىدىكى تاختىنى ئېلىۋېتىپ، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېتىپ، كەينى ئىشىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردى. ۋۇ سۇڭ:

www.uyghurkitap.com

— قېيىنئېگىچە، ئايلا، قېنى ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى.

كەمپىر بولسا شى مېنچىڭدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولغانىدى، شۇڭا كەمپىرمۇ، پەن جىنلىيەنمۇ ئۆز ئىچىدە: «قېنى نېمە قىلالايدىكىن» دەپ خاتىرجەم شاراب ئىچىپ ئولتۇردى. ۋۇ سۇڭ يەنە شۇ مەھەللىدىكى سەرراپخانا ئاچىدىغان ياۋ ۋېنچىڭ ئاتلىق بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلدى، ئۇ:

— پېقىرنىڭ ئىشىم ئالدىراش، يۈزبېشى، جوۋىمىسىلا بولاتتى، — دېدى.

— ئەرزىمەس چېيىم بار ئىدى، ئۇزۇن هايال بولمايدىلا، قېنى مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ.

ياۋ ۋېنچىڭ نائىلاج كەلدى، ئۇنىڭغا ۋاڭ كەمپىرنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىلدى. ۋۇ سۇڭ ئۇدۇلدىكى هويلىدىن ئىككى ئۆيلۈكنى تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ بىرى قەغەز ئات دۇكىنى ئاچىدىغان جاۋ جۇڭمىڭ ئىدى، ئۇ:

— دۇكىنىمدىن نېرى كېتەلمەيمەن، رەنجىمىسىلە، — دېدى.

— بۇ قانداق بولغىنى! قولۇم ـ قوشنىلار ئىچىدىكى مويسىپىتلەر تامامەن شۇ يەردە، — دەپ ۋۇ سۇڭ ئۇنى ئۇنىمىغانىغا قويماي ئۆز ئۆيىگە سۆرەپ كەلدى ۋە:

— ئۆزلىرى ئاتامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، قېنى قېيىنئېگىچىمنىڭ يېنىغا ئولتۇرغايلا، — دېدى.

كېيىن ۋۇ سۇڭ ئۇدۇل هويلىدىكى سوغۇق مەي دۇكىنى ئاچىدىغان خۇ جېڭچىڭنى تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئەسلىي خىزمەتچى بولۇپ ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا، ئەھۋالنى بايقاپ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، كىرىشنى خالىمىدى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىمۇ رايىغا قويماي، سۆرەپ ئەكىلىپ، جاۋ جۇڭمىڭنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ۋۇ سۇڭ:

— ۋاڭ ئايلا، سىلىنىڭ تام قوشنىلىرى كىم بولىدۇ؟ — دەپ

سوردى.

— ئۇ كىشى توقاچ ساتىدىغان جالڭ غوجام بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ۋالڭ كەمپىر.

ئۇ كىشى دەل ئۆيىدە ئىدى، ۋۇ سۇڭنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈگەن هالدا:

— يۈزبېشى، نېمە گەپ؟ — دېدى.

— ئۆيدىكىلەر ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارىگەرچىلىككە سېلىپتۇ. كىچىككىنە چېيىم بار ئىدى، ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كىردىم.

— ۋاي - ۋۇي ! يۈزبېشى، مەن يا قائىدە - يوسۇننى قىلىپ ئۆزلىرىنىڭكىگە بارمىسام، قانداق بولۇپ كەمىنىنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قالدىلا؟

— ھېچقىسى يوق، مەرھەمەت قىلغايلا، — دەپ ۋۇ سۇڭ بۇ ئادەمنىمۇ باشلاپ كېلىپ، ياۋ ۋېنچىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

ھە راست، ئالدىدا كەلگەنلەر نېمە ئۈچۈن كېتىپ قالمىدى؟ ئەسلىدە چېرىكلەر ئالدى - ئارقا ئىشىكنى خۇددى گۇندىخانا دەرۋازىسىنى باققاندەك بېقىپ تۇراتتى.

ۋۇ سۇڭ تۆت ئۆيلۈك قوشنىسىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ۋالڭ كەمپىر ۋە قېيىنئىنىگىچىسى بىلەن قوشۇلۇپ سورۇندا ئالتە كىشى هازىر بولغانىدى. ۋۇ سۇڭ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ توغرىسىغا ئولتۇردى ۋە چېرىكلىرىنى ئالدى - ئارقا ئىشىكنى بېكىتىشكە بۇيرۇدى، ئارقىدا تۇرغان چېرىكلەر مەي قۇيۇشقا باشلىدى، ۋۇ سۇڭ تەكەللۇپ بىلەن:

— مېنى ئەيىبكە بۇيرۇشمىسىلا قوشنىلار، غورىگىللا بولۇپ قالدى، ئىلتىپات قىلىشسىلا، — دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— ئاۋۋال بىز هاردۇق سورىماي، ئەكسىچە ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىپتۇق، — دېدى قوشنىلىرى.

— ھېچقىسى يوق، ئەيىب كۆرمىسىلە.

www.uyghurkitap.com

چېرىكلەر ھەدەپ مەي قۇيدى، قوشنىلارنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، زادى نېمە ۋەقەلىكنى بىلمەي ئولتۇراتتى، قەدەھ ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن خۇ جېڭچىڭ : «مەن ئالدىراپتىمەن» دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ياق، كەتسىلە بولمايدۇ! كەلگەندىكىن ئالدىراش بولسىلىمۇ ئولتۇرسىلا، — دەپ توۋلىدى ۋۇ سۇڭ.

خۇ جېڭچىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنى نەگە قويارىنى بىلمەي ئىچىدە: «بىزنى كۆڭۈل ئىزدەپ چايغا تەكلىپ قىپتۇ ـ يۇ، يەنە مۇنداق مۇئامىلە قىلغىنى نېمىسى، يا كىشىنى قوزغالغىلى قويمىسا؟» دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ۋۇ سۇڭ:

— يەنە مەي قۇيۇڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى چېرىكلىرىگە.

چېرىكلەر تۆتىنچى قەدەھنى تۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىي يەتتە قەدەھتىن مەي ئىچىلىپ بولدى. قوشنىلار① مىڭ قېتىم داخىل بولغاندەك بولدى.

ۋۇ سۇڭ چېرىكلەرگە:

— تەخسە ـ قەدەھلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىچىشەرمىز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزى شىرەنى سۈرتۈپ تازىلىدى. قولۇم ـ قوشنىلار قوزغىلىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، ۋۇ سۇڭ غولىچىنى كىرىپ ئۇلارنى توسۇپ:

— گېپىم بار، ھەرقايسىلىرى بۇ يەردە ھازىر تۇرۇۋۇشۇپتىلا، ئارىلىرىدا كىم خەت ـ ساۋاتلىقكىن؟ — دېدى.

— مانا خۇ جېڭچىڭ دېگەن كىشى ناھايىتى ئۇستا خەتتات، — دېدى ياۋ ۋېنچىڭ.

---

① خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لىيۇ باڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى خانىكە لۈجى تەختكە ئولتۇرغان. ئۇ بارلىق ئەمەلدارلارنى زىياپەتكە چاقىرىپ، لەشكىرىي بۇيرۇق بىلەن مەي ئىچۈرگەن. ئارىدىن بىرى مەي ئىچكىلى ئۇنىمىسا، شۇ سورۇندىلا كاللىسىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن «خانىكە لۈجىنىڭ زىياپىتى» دېگەن تەمسىل كېلىپ چىققان.

— ئۆزلىرىنى خىزمەتكە سالىدىغان بولدۇم، — دېدى ۋۇ سۇڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ ۋە چاپىنىنىڭ ئىچىدىن شارتلا قىلىپ ھېلىقى خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ چىقاردى؛ ئوڭ قولىنىڭ تۆت بارمىقى بىلەن سېپىنى قاماللاپ، باشمالتىقىنى قىنىغا تىرەپ تۇتقىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك قوشنىلىرىم، ھەرقايسىلىرى مانا بۇ يەردە ھازىر تۇرۇپتىلا، ناھەقچىلىكنىڭ سورىقى، قەرزنىڭ ئىگىسى بار، ھەرقايسىلىرى بۇنىڭغا گۇۋاھچى بولۇشۇپ بېرىشسىلە! — دېدى ۋە سول قولى بىلەن قېيىنئېگىچىسىنى تۇتتى، ئوڭ قولىنى ۋاڭ كەمپىرگە شىلتىدى، تۆت قوشنىسى چۆچۈگىنىدىن ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ، ھېچنېمە دېيەلمەي تۇراتتى.

— ھۆرمەتلىك قوشنىلىرىم، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — ئەيىبكە بۇيرۇشمىسىلا، چۆچۈشمىسىلە. پېقىر ۋۇ سۇڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، تومپاي ئادەم بولساممۇ، ئۇۋاللىق ئۇچۇن قانغا قان، جانغا جان ئېلىشنى بىلىمەن. ھەر قايسىلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، ھەرقايسىلىرى گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشۈپ بېرىشسىلە بولدى، ئەگەر كىمكى كېتىپ قالماقچى بولىدىكەن، مەندىن يامانلىمىسۇن، خەنجەر بىلەن ئىچ - قارنىنى چۇۋۇۋېتىمەن، بۇنىڭ ئۇچۇن خۇن تۆلىسەممۇ ئارمىنىم يوق.

بۇنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولغىنىچە قىمىر - سىمىر قىلالماي ئولتۇرۇشتى.

— ھەي قېرى قانجۇق، بىلىپ قوي ! ئاكامنىڭ قىساسى تامامەن سېنىڭ بوينۇڭدا، ئالدىرىما، سەندىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئالىمەن ! — دەپ ۋارقىراپ ۋاڭ كەمپىرنى تىللىدى ۋۇ سۇڭ، ئاندىن قايرىلىپ، پەن جىنليەنگە قاراپ، — ھەي رەسۋا جالاپ، ئېيتە ! ئاكامنىڭ جېنىغا قانداقسىغا قەست قىلدىڭ؟ راستى بىلەن ئىقرار قىلساڭ، گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن ! — دەپ

تىللاپ كەتتى.

— قېيىنئىنى، نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىدىلا؟ ئاكىلىرى يۈرەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قازا تاپقان تۇرسا، مېنى چىشلەپ تارتقانلىرى نېمىسى... ! — دېدى پەن جىنلىيەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە، ۋۇ سۇڭ خەنجىرىنى شىرە ئۈستىگە غاچچىدە سانجىپ قويۇپ، سول قولى بىلەن ئۇنىڭ چېچىدىن، ئوڭ قولى بىلەن كۆكرىكىدىن ئالدى ـ دە، شىرەنى بىر تېپىش بىلەن ئۆرۈۋېتىپ، پەن جىنلىيەننى پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي كۆتۈرگىنىچە ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا دەسسىتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇ يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالدى؛ ۋۇسۇڭ ئوڭ قولى بىلەن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ۋاڭ كەمپىرگە قىلىپ:

— ھەي قېرى قانجۇق ! راستىنى ئېيت ! — دېدى.

— يۈزبېشى، غەزەپلىرىنى بېسىۋالسىلا، بوپتۇ، ئېيتسام ئېيتاي، — دېدى ئاخىر قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن كەمپىر نائىلاج.

ۋۇ سۇڭ چېرىكىگە قەغەز ـ قەلەم، سىياھ ـ دۇۋەتلەرنى شىرە ئۈستىگە ھازىرلاتقۇزدى، ئاندىن كېيىن خەنجىرىنى خۇ جېڭچىڭغا قىلىپ:

— ئېغىر كۆرمەي، ئاغزىدىن نېمە چىقسا شۇنى پۈتۈپ قويسىلا، — دېدى.

— خوپ، يازاي، — دېدى خۇ جېڭچىڭ دىر ـ دىر تىترەپ ۋە بىرئاز سۇ ئەكەلدۈرۈپ، دۇۋەتكە قۇيۇپ، سىياھنى ئەزدى، قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، قەغەزنى رۇسلاپ:

— ۋاي ئايلا، قېنى راستىنى ئېيتىڭ ! — دېدى.

— ماڭا چېتىشلىق بولمىسا، مەن نېمىنى دەيمەن؟ — دېدى كەمپىر.

— ھەي قېرى قانجۇق! ماڭا ھەممە ئىش مەلۇملۇق، تانماقچىمۇ سەن؟ ئەگەر ئېيتمايدىغان بولساڭ، مەن بۇ جالاپنى

بوغـۇزلاپ تاشلاپ، سەن قـانجۇقنـىمۇ ئۆلـتۈرىمەن، ـــ دېـدى ۋۇ سۇڭ ۋە خەنجىرىنى پەن جىنلىيەنگە قارىتىپ شىلتىدى.

ـــ قېيىنئىنى، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! مېنى قويۇپ بەرسىلە، مەن دەپ بېرەي، ـــ دەپ ئالاقزەدە بولۇپ چىرقىرىدى پەن جىنلىيەن.

ۋۇ سۇڭ پەن جىنلىيەننى ياتقان يېرىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ، ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا يۈكۈندۈرۈپ قويۇپ:

ـــ ئېيتە جالاپ ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

پەن جىنلىيـەن قورقـقىنىدىن پـۇت ـ قولـىدا جـان قالـمىدى، ئىلاجسىـز راستـىنى ئېـيتـىپ، ئـۆز ۋاقـتـىدا مـىلـەڭـزىـنى چۈشۈرۈۋېتىمەن دەپ مىلەڭزە تايىقىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ شى مېنچىڭغا تېگىپ كەتكەنلىكىدىن تارتىپ، تاكى ئۆزىنىڭ كىيىم تىكىشكە بېرىپ شى مېنچىڭ بىلەن زىنا قىلغانلىقى؛ كېيىن شى مېنچىڭنىڭ ۋۇ دانى تەپكەنلىكى، ۋۇ داغا زەھەر ئىچۈرگەنلىكى، ۋاڭ كەمپىرنىڭ نېمىلەرنى ئۆگىتىپ، نېمىلەرنى قىلغانلىقىغىچە باشتىن ـ ئاخىر بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭدىن ئالغان ھەربىر جاۋابنى شۇ پېتى خۇ جېڭچىڭغا يازدۇردى.

ـــ ھۇ چايان، ھەممىنى ئىقرار قىلىپ مېنى بالاغا قويدۇڭ، ئەمدى مەن قانداق تېنىپ كېتەلەيتتىم؟! ـــ دەپ ۋاڭ كەمپىرمۇ ئىقرار قىلدى.

ۋۇ سۇڭ بۇ كەمپىرنىڭ ئىقرارىنىمۇ خۇ جېڭچىڭغا يازدۇردى. باشتىن ـ ئاياغ ھەممىسى قەغەزگە پۈتۈلۈپ بولدى، ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭغا ئىككىسىنىڭ قولىنى باستۇردى، تۆت قولۇم ـ قوشنىسىغىمۇ ئىمزا قويدۇرۇپ قولىنى باستۇردى، ئاندىن كېيىن چېرىكلەرنىڭ پوتىلىرىنى يەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قېرى قانجۇقنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاتتى، ئىقرارنامىنى قاتلاپ قوينىغا سالدى. ئۇ پەن جىنلىيەننى سۆرەپ ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپ يۈكۈندۈردى، كەمپىرگىمۇ ۋارقىراپ

ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا يۈكۈندۈردى. «ئاكا، روھىڭىز يىراقتا كەتمەپتۇ، پېقىر ئىنىڭىز سىز ئۈچۈن قىساس ئالىمەن!» دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە چېرىكنى بۇيرۇپ قەغەز پۇلغا ئوت ياقتۇردى. پەن جىنلىيەن ئەھۋالنىڭ يامىنىغا تارتقىنىنى كۆرۈپ، نالە ـ پەرياد قىلىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ چېچىدىن ئالغىنىچە ئۆيدىسىغا يىقىتىپ، ئىككى بىلىكىدىن دەسسەپ تۇرۇپ، «چارت» قىلىپ ئېگىنىنىڭ ئالدىنى يىرتتى؛ ئېيتماق ئاستا، قىلماق تېز دېگەندەك، خەنجەر بىلەن شارت قىلىپ ئۇنىڭ كۆكسىنى يېرىپ تاشلىدى ۋە خەنجەرنى ئاغزىدا چىشلەپ تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن كۆكرەك قەپەسنى ئارقىسىغا قايرىپ تۇرۇپ، يۈرەك ـ باغىرلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئاكىسىنىڭ ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا قويۇپ قويدى؛ ئاندىن كېيىن شارت قىلىپ كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى، يەر قانغا بويالدى. تۆت قوشنىسى قورقۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى تورسۇيلىشتى؛ ئۇلار ۋۇ سۇڭنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ، قىمىر ـ سىمىر قىلالماي، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ جىم تۇرۇشتى. ۋۇ سۇڭ چېرىككە بالىخانىدىن بىر يوپۇق ئالدۇرۇپ چۈشۈپ ئايالنىڭ بېشىنى ئوردى. خەنجەرنى سۈرتۈپ، قىنىغا سالدى ۋە قولىنى يۇيۇپ ئېھتىرام بىلەن:

— ھۆرمەتلىك قوشنىلىرىم، ئەيىبكە بۇيرۇشمىسىلا، مەن قايتىپ كەلگۈچە بالىخانىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا، — دېدى.

تۆت قوشنا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ نائىلاج ۋۇ سۇڭنىڭ دېگىنىچە بالىخانىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ۋۇ سۇڭ چېرىكلىرىگە كەمپىرنىمۇ ئالدىغا سېلىپ بالىخانىغا ئاچىقىشنى بۇيرۇدى. ئىككى چېرىك ئۇنى بالىخانىغا ئاچىقىپ قويۇپ، بالىخانا ئىشىكىنى تاقاپ تۆۋەندە كۆزەت قىلىپ تۇردى.

ۋۇ سۇڭ پەن جىنلىيەننىڭ بېشىنى قولتۇقلاپ، تۇيتوغرا مېنچىڭنىڭ دورىپۇرۇشلۇق دۇكىنىغا باردى. ئۇ دۇكاندا ئولتۇرغان غوجىدارنى كۆرۈپ سالام بېرىپ:

— بېگىم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھېلىلا چىقىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار.
— بۇ ياققا چىقىڭچۇ، سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى.
غوجىدار ۋۇ سۇڭنى ئانچە - مۇنچە تونۇيتتى، شۇڭا ئەيمەنمەي دۇكاندىن چىقتى. ۋۇ سۇڭ ئۇنى بىر خالىي كوچىغا باشلاپ بېرىپ يۈزىنى ئۆرۈدى - دە:
— ئۆلۈمگە تۇرامسەن، كۆرۈمگىمۇ؟ — دېدى.
— يۈزبېشى بېگىم، پېقىر ئۆزلىرىگە چېقىلمىغانىدىمغۇ؟! — دېدى ھودۇقۇپ.
— جېنىڭدىن تويغان بولساڭ، شى مېنچىڭنىڭ كەتكەن يېرىنى دەپ بەرمەيسەن. ئەگەر جان كېرەك بولسا، ماڭا شى مېنچىڭنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق دەپ بېرىسەن.
— تې... تې... تې... تېخى، ھېلىلا بىر تو... تو... تونۇش بىلەن شىر كۆ... كۆ... كۆۋرۈكتىكى مە... مە... مەيخانىغا كە... كە... كەتكەن.
ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. غوجىدار يەرگە مىخلاپ قويغاندەك بىر پەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى.
ئەمدى سۆزنى ۋۇ سۇڭدىن ئاڭلايلى. ۋۇ سۇڭ ئۇدۇل شىر كۆۋرۈك تۈۋىدىكى مەيخانا ئالدىغا بېرىپ، مەيپۇرۇشتىن:
— شى مېنچىڭ چوڭام كىم بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بىر ئادەتتىكى باي بىلەن بالىخانىدىكى رەستىگە قاراپ تۇرىدىغان ھۇجرىدا ئىچىشىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مەيپۇرۇش.
ۋۇ سۇڭ ئۇدۇل بالىخانىغا چېپىپ چىقىپ، ھۇجرا يېنىغا بېرىپ، پەنجىرە سىرتىدىن قارىغۇدەك بولسا، شى مېنچىڭ غوجا بىر مېھمان بىلەن ئولتۇرۇپتۇ، ئىككى ئەلنەغمىچى سەتەڭ

ئىككى ياندا ئولتۇرۇپتۇ، ۋۇ سۇك قولتۇقىدىكى بوغچىنى قولىغا ئېلىپ، شۇنداق بىر سىلكىگەنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كېسىك باش قانلىرى تامچىلىغان پېتى دومىلاپ چۈشتى. ۋۇ سۇك سول قولى بىلەن باشنى ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن خەنجەرنى كۆتۈرۈپ، مىلەڭزىنى قايرىپ كىردى ـ دە، پەن جىنلىيەنىڭ كېسىك بېشىنى شى مېنچىڭنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى. شى مېنچىڭ ۋۇ سۇڭنى تونۇپ چۆچۈپ كېتىپ، «ۋاي ئاللىيەي» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، ئورۇندۇق ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى ـ دە، بىر پۇتىنى پەنجىرە تەكچىسىگە ئېلىپ قاچماقچى بولدى، پەنجىرىنىڭ ئاستى رەستە ئىدى، سەكرەپ چۈشۈشكە بولمىدى، شۇڭا ئۇ قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. ئېيتماق ئاستا، قىلماق تېز دېگەندەك، ۋۇ سۇك قولى بىلەن تۇتا ـ تۇتمايلا تاقلا قىلىپ سەكرەپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شىرە ئۈستىدىكى قەدەھ ـ جاملار، چىنە ـ قاچىلارنى تېپىپ چۈشۈرۈۋەتتى، ھېلىقى ئىككى ئەلنەغمىچى سەتەڭ ئالاقزەدە بولۇشۇپ قىمىرلىيالمىدى. ھېلىقى مېھمان بەگمۇ چۆچۈپ قورققىنىدىن يىقىلىپ چۈشتى. مېھمان بەگ بىلەن شى مېنچىڭ ۋۇ سۇڭنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولىنى ئۇياق ـ بۇياققا شىلتىغان بولۇپ، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرگەنىدى، ۋۇ سۇك قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن پۇتىدىن ئۆزىنى سەل قاچۇرغاچقا، ھېلىقى پۇت دەل ۋۇ سۇڭنىڭ بىلىكىگە تېگىپ، خەنجەر قولىدىن ھالقىپ چىقىپ، رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. شى مېنچىڭ خەنجەرنىڭ تېپىكتە ۋۇ سۇڭنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن پۇت ـ قوللىرىغا جان كىردى ـ دە، ئوڭ غۇلچىنى كېرىپ، سول مۇشتىنى ۋۇ سۇڭنىڭ كۆكرىكىگە قارىتىپ ئاتتى. ۋۇ سۇك بولسا ئۆزىنى سەل بىر يانغا ئېلىپ، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا كىرىپ، ئوڭ قولى بىلەن شى مېنچىڭنىڭ پۇتىدىن تۇتۇشى، سول قولى بىلەن بېشىدىن يۆگەپ قاق بەلدىن

كۆتۈرۈپ، يەردىن يۈلۈۋالغىنىچە «چۈش !» دەپ ۋارقىرىدى. شى مېنچىلىڭ بىرىنچىدىن، قىساس تۇتۇپ، ئىككىنچىدىن، تەڭرىنىڭ قەھرىگە ئۇچرىشى، ئۈچىنچىدىن، ۋۇ سۇڭ پالۋاننىڭ غەزەپ بىلەن پەسكە ئېتىشى ئارقىسىدا ، ئاسمان تاپىلاق بولغىنىچە رەستىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دومىلاپ چۈشتى ـ دە، كۆزلىرىدىن چاقماق چېقىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويدى. رەستىنىڭ ئىككى يېقىدىكىلەر ھەيران بولۇشۇپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

ۋۇ سۇڭ ھېلىقى پەن جىنلىيەن جالاپنىڭ ئورۇندۇقنىڭ يېنىدا ياتقان كاللىسىنىمۇ ئالدى ـ دە، پەنجىرىدىن يەرگە سەكرەپ، رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، دەرھال خەنجىرىنى قولىغا ئالدى، قارىغۇدەك بولسا، شى مېنچىڭ غۇلاپ چۈشكەن يېرىدە چالا ئۆلۈك ھالەتتە ئۈزىراپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىلا پىلدىرلاپ تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ ئۇنى ئاستا بېسىپ تۇرۇپ خەنجەر بىلەن شارتتىدە كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئىككى كېسىك باشنى بىر قىلىپ تېڭىپ كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ھېلىقى خەنجىرىنى تۇتقىنىچە ئۇدۇل قوڭغۇرتاش رەستىسىگە قايتىپ كەلدى ۋە چېرىكلىرىگە دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ كىرىپ، ئىككى كېسىك باشنى ئەرۋاھ شىرەسى ئالدىغا نەزىر ـ چىراغقا قويدى. بىر ئاپقۇر سوغۇق شارابنى ماتەم كۆركى قىلىپ: «ئاكا، روھىڭىز يىراققا كەتمەپتۇ، جايىڭىز جەننەتتە بولسۇن. سىز ئۈچۈن قىساس ئالدىم، بۇ زىناخورلارنى جېنىدىن جۇدا قىلدىم، بۈگۈن نەزىر ـ چىرىغىڭىزنى بېرىمەن» دېدى. كېيىن چېرىكلىرىگە بالىخانىدىكى قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چىللىتىپ چۈشۈپ، كەمپىرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزدى ۋە بىر قولىدا خەنجىرنى تۇتۇپ، بىر قولىدا كېسىك باشنى كۆتۈرۈپ تۆت قوشنىسىغا:

— يەنە بىر ئېغىز سۆزۈم بار، ھەرقايسىلىرىغا ئېيتاي، — دېدى.

— يۈزبېشى بېگىم، ئېيتسىلا، بىز ئەمرلىرىگە تەييارمىز، —

دېدى تۆتەيلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تەڭلا.

ۋۇ سۇڭ دېمەكچى بولغان سۆزىنى ئېيتتى. ئەيۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئاموخاس ! جىڭياڭ داۋىنىنىڭ پالۋىنى قاتىلغا ئايلاندى، ياڭگۇ ناھىيەسىنىڭ يۇزبېشى دەرۋىش بولۇپ قالدى. نامى پۇر بولدى جىمى يۇرتقا ، شۆھرىتى تارقالدى مەڭگۇلۇككە.

ۋۇ سۇڭنىڭ زادى نېمە دېگىنىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## چىشى يەكشانىڭ مېڭجۇ ئۆتكىدە ئادەم گۆشى ساتقانلىقى ۋۇ سۇڭنىڭ چاسا داۋاندا جاڭ چىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ئەلقىسسە، شۇل ئەسنادا ۋۇ سۇڭ تۆت ئۆيلۈك قولۇم - قوشنىسىغا:

— پېقىر ئاكامنىڭ قانلىق قىساسىنى ئالدىم، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىم ھەققانىيەت يولىدىكى گۇناھ، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. لېكىن ھەقەمسايىلىرىم، ھەرقايسىلىرىنى ناھايىتى چۆچۈتۈۋەتتىم، بۇدا كەتسەم نە تىرىك، نە ئۆلۈك كېلىشىمنى بىلمەيمەن. ئاكامنىڭ ئەرۋاھ شىرەسىنى تەگرى يولىغا ئاتاپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن. ئۆيدىكى بەزى لاقا - لۇقىلىرىنى مالال كۆرمەي پېقىرغا سېتىپ پۇل قىلىپ بېرىشسىلە، يامۇلدا لازىمەتلىكىمگە سەرپ قىلاي، بۈگۈن يامۇلغا بېرىپ ئۆز جىنايىتىمنى مەلۇم قىلىمەن، بېشىمغا قانداق جازا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىلەن كارىلىرى بولۇشمىسۇن، پەقەت مەن ئۇچۇن بىر لىللا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپلا قويۇشسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، — دېدى ۋە ئەرۋاھ تاختىسى بىلەن قەغەز تەڭگىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئاندىن بالىخانىدىن ئىككى ساندۇقنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سېتىش ئۇچۇن قولۇم - قوشنىلىرىغا ئامانەت قويۇپ، ھېلىقى كەمپىرنى ئالدىغا سېلىپ، كېسىلگەن ئىككى ئادەم كاللىسىنى كۆتۈرگىنىچە يامۇلغا قاراپ ماڭدى.

شۇ چاغدا بۇ ۋەقە پۈتۈن ياڭگۇ ناھىيەسىنى لەرزىگە كەلتۈردى، رەستىدىكى كۆرگۈچىلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىدى،

ئامبال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ هاڭ - تاڭ بولۇپ، دەرهال دىۋانغا هازىر بولدى. ۋۇ سۇڭ ۋاڭ كەمپىرنى دىۋان ئالدىغا ئەكىلىپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى، هېلىقى خەنجەرنى ۋە ئىككى ئادەم كاللىسىنى تاپسىغا قويدى. ۋۇ سۇڭ سول تەرەپتە، كەمپىر ئوتتۇرىدا، قولۇم - قوشنىلار بولسا ئوڭ تەرەپتە تىزلىنىپ ئولتۇردى. ۋۇ سۇڭ قوينىدىن خۇ جىڭچىڭ يېزىپ بەرگەن ئىقرارنامىنى چىقىرىپ، باشتىن - ئاخىرغىچە بىر قېتىم بايان قىلىپ ئۆتتى. ئامبال مۇنشىنى چاقىرىپ، ۋاڭ كەمپىرنى سوراق قىلدۇردى، ئۇ يەنە بۇرۇنقى گەپلىرىنى ئېيتتى. قولۇم - قوشنىلارمۇ ناهايىتى ئېنىق گۇۋاهلىقتىن ئۆتتى، ئاندىن خې جيۇشۇ بىلەن يۈن گېنى چاقىرتىپ كېلىپ ئېنىق گۇۋاهلىق ئالدى. ئامبال جەسەت تەكشۈرىدىغانلارنى چاقىرتىپ، بىر ئەمەلدارغا دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى قوغۇرتاش رەستىسىگە ئېلىپ بېرىپ، ئايالنىڭ جەستىنى تەكشۈرۈپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار شىر كۆۋرۈك تۆۋىدىكى مەيخانا ئالدىدا شى مېنچىڭنىڭ جەستىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە جەسەت ئەهۋالىنى ئېنىق يېزىۋېلىپ، يامۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئەنگە ئالدۇردى. ئامبال ۋۇ سۇڭ بىلەن كەمپىرگە هازىرچە ئۇزۇن تاقاق سېلىپ گۇندىخانىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى، دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر دەرۋازىۋەن ئۆيىگە نەزەربەند قىلىپ قويۇلدى.

ئەمدى گەپنى ئامبالدىن ئاڭلايلى. ئۇ ۋۇ سۇڭنىڭ مەردانە ئوغلان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاستانىگىمۇ بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلغۇسى كەلدى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئېسىگە چۈشتى - دە، دەرهال بۇ مەسىلىگە مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «ۋۇ سۇڭ بىر مەردانە ئوغلان، بۇ ئادەملەرنىڭ دېلوسىنى يېڭىباشتىن ئىشلەپ چىقىپ ، ‹ۋۇ سۇڭ ئۆزىنىڭ رەھمەتلىك ئاكىسى ۋۇ داناڭ نەزىر - چىرىغىنى قىلماقچى بولغىنىدا، قېيىنئىگىچىسى

يول قويمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تاكاللىشىپ قالغان، ئايال ئەرۋاھ شىرەسىنى ئۆرۈپ تاشلىغان، ۋۇ سۇڭ ئاكىسىنىڭ ئەرۋاھىنى خۇش قىلىمەن دەپ قېيىنئىنىگىچىسى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، شى مېنچىڭ بۇ ئايال بىلەن زىنا قىلىشىپ يۇرگەنلىكىدىن، ئۇنى قۇتقۇزىمەن دەپ كېلىپ ۋۇ سۇڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان؛ بۇلار بىر - بىرىگە بوي بەرمەي شىر كۆۋرۈك تۈۋىگىچە سۆرىشىپ بارغان، نەتىجىدە شى مېنچىڭ مۇشت يەپ ئۆلگەن، دەپ ئۆزگەرتىش» ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. بۇ ئەرزنامە پۈتكەندىن كېيىن ۋۇ سۇڭغا ئوقۇپ بېرىلدى، يەنە بىر پارچە ئالاقە يېزىلىپ ۋۇ سۇڭ ۋە بۇ دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر دۇڭپىڭ دىيارى مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاندى.

ياڭگۇ ناھىيەسى كىچىك ناھىيە بولغىنى بىلەن، بۇ يەردە مەرد ئادەملەر تېپىلاتتى، باي - تۆرىلەر ۋۇ سۇڭغا كۆمۈش پۇل ياردەم قىلدى. گاھىلىرى مەي - تائام، پۇل - پۈچەك، ئاشلىق - تۈلۈك يوللۇق تۇتتى. ۋۇ سۇڭ چۇشكۈنگە بېرىپ، كۆدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چېرىكلەرگە تاپشۇرۇپ قويدى، يېنىدىن ئون نەچچە سەر كۆمۈش چىقىرىپ يۈن گېنىڭ دادىسىغا بەردى. ۋۇ سۇڭنىڭ قولىدا ئىشلىگەن چېرىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋۇ سۇڭغا ئارقا - ئارقىدىن مەي، گۆش - گېزەكلەرنى يوللۇق تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن چىرىك يامۇلبېگى ئالاقىنى ئېلىپ، ھۆججەتلەرنى ئوبدان ئورىدى ۋە خې جيۇشۇ بەرگەن كۆمۈشنى، سۆڭەك پارچىلىرىنى، ئىقرارنامە ۋە خەنجەرنى ئېلىپ، دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئالدىغا سېلىپ، دۇڭپىڭ دىيارى مەھكىمىسىگە قاراپ يول ئالدى.

بۇلار دىيار مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تاماشا كۆرگۈچىلەر گۇركىرەپ يامۇلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلاندى.

ئايماق ئامبىلى چېن ۋېنجاۋ خەۋەرچىدىن بۇنى ئاڭلىغان ھامان دىۋانغا ھازىر بولدى. ئۇ شۇنداق بىر بەگ ئىدىكى:

تۆرىلىشتىن كۆڭلى تۈز بىر خۇش خۇلق دانا ئىدى،

www.uygurkitap.com

كۆپ ئوقۇپ ئىلىم يېتىشكەن، ئەقلى ئۆز مولىلا ئىدى.
كەلتۈرۈپ ئەلگە روناقلىق، يۇرتقا ئۇ مەمۇرچىلىق،
ئەلدە ئەخلاقۇ دىيانەت كوچىدا ئەھيا ئىدى.
تۈگىتىپ دەۋايى دەستۇرنى، يوقاتقاچ ئوغرىنى،
ئەل ـ خالايىق ئاغزىدا تەرىپ ـ قوشاق دەريا ئىدى.
قەلىمى ئالدىدا لى بەي، دۇ فۇ① مۇ بولغاي خىجىل،
گۇڭ ۋە خۇاڭ② ساپ دىلى ئادىللىقتا بىچارە ئىدى.

ئامبال چىن ۋېنجاۋ ئاقىل ۋە دانا بەگلەردىن ئىدى، ئۇ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ھامان گۇناھكارلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى دىۋانغا ئالدۇرۇپ كىرىپ، ئاۋۋال ياڭگۇ ناھىيەسىنىڭ ئالاقىسىنى كۆردى؛ ئاندىن ھەربىر كىشىنىڭ ئىقرارنامىلىرىنى ۋە ئەرزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆتۈپ، گۇناھكارلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سوراق ـ سوئال قىلدى؛ پۇل پارىلارنى خەنجەر بىلەن بىللە پېچەتلىتىپ، خەزىنىدارغا تاپشۇردى. ۋۇ سۇگىغا سېلىنغان ئۇزۇن تاقاقنى يەڭگىل گۇناھ تاقىقىغا يەڭگۈشلەپ، ئۇنى گۇندىخانىغا سولىدى؛ ھېلىقى كەمپىرگە سېلىنغان تاقاقنى ئېغىر گۇناھ تاقىقىغا يەڭگۈشلەپ، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان قاتىللار زىندانىغا تاشلىدى. ئاندىن چېرىك يامۇل بېگىنى چاقىرىپ، جاۋاب خەتنى تاپشۇردى ۋە:

— خې جيۇشۇ، يۈن گې ۋە قولۇم ـ قوشنىلار ناھىيەگە كەتمەي مۇشۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇپ تۇرسۇن. ھەقدار شى مىنچىڭنىڭ خوتۇنى مەھكىمىمىزدە نەزەربەندىلىكتە تۇرسۇن، ئوردىدىن ئېنىق بۇيرۇق چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ھۆكۈم قىلىنىدۇ، — دەپ جېكىدى.

چېرىك يامۇل بېگى خې جيۇشۇ، يۈن گې ۋە قولۇم ـ

---

① تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب لى بەي، دۇ فۇ.
② تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ۋالىيلاردىن گۇڭ سۈ، خۇاڭ با.

قوشنىلار بىلەن بىرلىكتە دۆكىنىڭ دىياردا ئوردىنىڭ بۇيرۇقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

ۋۇ سوڭ گوندىخانىغا سولانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر نەچچە چېرىك تاماق توشۇپ بېرىپ تۇردى.

ئايماق ئامبىلى چېن ۋېنجاۋ: ۋۇ سوڭ بولسا مەردانە ئوغلان ئىدى دەپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، شۇڭا زىندانبېگى ۋە گوندىپايلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن بىر يارماقمۇ پۇل تەلەپ قىلمىدى، ئەكسىچە، ئۇنى مەي ـ تائام بىلەن باقتى. ئايماق ئامبىلى ئەرز ـ ئىقرارنامىلەرنى يېڭىۋاشتىن تۈزۈپ، يۇقىرىنىڭ تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ گۇناھ كېسىشىگە يوللىدى؛ بۇ ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرىنى بىر پارچە خۇپىيانە خەت بىلەن كېچىلەپ ئاستانىگە يولغا سالدى. دادخاھ بولسا چېن ۋېنجاۋنىڭ ئاغىنىسى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ دەۋانى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاستانە دادخاھ مەھكىمىسىنىڭ بېگىگە مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، مۇنۇ ھۆكۈمنى چىقاردى: «ۋاڭ كەمپىر يوقىلاڭ ئىشلارنى تېرىغان، مەزكۇر خوتۇننى ئېزىقتۇرۇپ زىنا قىلدۇرغان ۋە ئۇنى كۈشكۈرتۈپ ئېرىگە زەھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرتكەن. بۇ خوتۇنغا ۋۇ سوڭنى قوغلاتقۇزۇپ، ۋۇ سوڭنىڭ قېرىندىشىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشكە يول قويىدۇرماي، نەتىجىدە ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا، زىناخورلۇق سەۋەبى بىلەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا زامىن بولغان. شۇڭا، ئۇ قىيما ـ چىيما قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە مۇناسىپ. ۋۇ سوڭ ئاكىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن زىناخور شى مېنچىڭنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆز جىنايىتىنى ئۆزى مەلۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قىرىق دەررە ئۇرۇپ، يۈزىگە خەت چېكىپ، يىراق ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىش

لازىم. زىناخور ئەركەك بىلەن پاھىشە خوتۇن ئېغىر جازاغا لايىق ئىدى، بۇلار ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەگمەيدۇ. قالمىش مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ. بۇ ھۆكۈمنامە يېتىپ بارغان ھامان ئىجرا قىلىنسۇن».

دۇڭپىڭ دىيارىنىڭ ئامبىلى چېن ۋېنجاۋ بۇ ھۆكۈمنامىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ، خې جيۇشۇ، يۈن گې ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنى، شى مېنچىڭنىڭ خوتۇنىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ھۆكۈمنى ئاڭلىسۇن دەپ دىۋانغا چاقىرتتى، گۇندىخانىدىن ۋۇ سۇڭنى ئاچىقتۇرۇپ، ئوردىنىڭ يارلىقىنى ئوقۇپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بويىنىدىكى تاقاق شالنى ئالدۇرۇۋېتىپ، دۈمبىسىگە قىرىق دەررە ئۇردۇردى. يامۇلنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدار ۋە خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا غەمخور بولغاچقا، دەررە قاتتىق ئۇرۇلمىدى. ياىلار ۋۇ سۇڭغا يەتتە يېرىم پاتمان كېلىدىغان قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان يۇمىلاق تاقاقنى سالدى، يۈزىگە ئىككى قۇر قىلىپ خەت چېكىپ، مېڭجۇ ئايمىقىنىڭ مەھبۇسلار كۈرەسىگە سۈرگۈن قىلماقچى بولدى، قالغان مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئاستانە يارلىقىغا بىنائەن ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلدى.

زىنداندىن ۋاڭ كەمپىر دىۋانغا ئاچىقىلىپ، ئوردىنىڭ يارلىقى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئۇنىڭ جىنايەتلىرى تاختىغا يېزىلىپ، ئۇنىڭغا بارمىقى باستۇرۇلدى، ئاندىن كېيىن ياغاچ ئېشەككە مىندۈرۈلۈپ، ئەتراپى تۆت تال ئۇزۇن مىخ بىلەن مىخلاندى ۋە ئۈچ تال ئارغامچا بىلەن باغلىنىپ، دۇڭپىڭ دىيارى ئامبىلىنىڭ «سەڭگىسار» دېگەن ھۆكۈم خېتى چاپلىنىپ كوچىغا ئاچىقىلدى. ئالدىدا ئەسكى داس، ئەسكى چېلەكلەر چېلىندى؛ ئالدىدىن سۈرەپ، كەينىدىن تاياق بىلەن ھەيدەپ مېڭىلدى؛ ئىككى تەرىپىدە ئىككى قولۇپ، بېشىدا بىر قەغەز گۈل ئورنىتىلغان پېتى دۇڭپىڭ دىيارى رەستىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ «سەڭگىسار» قىلىندى.



www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدا پەقەت ۋۇ سۇڭغا تاقاق سېلىنغانلىقىنى، ۋاڭ كەمپىرنىڭ سەگگسار قىلىنغانلىقىنىلا بايان قىلدۇق، ئەمدى ۋۇ سۇڭنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ قوشنىسى ياۋ ئېرلاڭ ۋۇ سۇڭ پۇل قىلىپ بېرىشكە قويغان مال ـ بىساتلىرىنى سېتىپ، پۇلنى ۋۇ سۇڭغا ئەكېلىپ بېرىپ ئۆيىگە قايتتى. دېۋاندىن ئالاقە يېزىلىپ، ۋۇ سۇڭنى مېڭجۇ ئايمىقىغا ئاپىرىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئىككى يايىغا تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئايماق ئامبىلىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ئاياغلاشتى. ئىككى يايى ۋۇ سۇڭنى ئالدىغا سېلىپ يولغا چىقتى، ئەسلىدە ۋۇ سۇڭنى ئەكەلگەن چېرىكلەر ۋۇ سۇڭنىڭ كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆز ناھىيەسىگە قايتقانىدى. ۋۇ سۇڭ ئىككى يايى بىلەن دۇڭپىڭ دىيارىدىن چىقىپ يىراق مەنزىللەرنى كېزىپ مېڭجۇ ئايمىقىغا كەلدى. ئىككى يايى ۋۇ سۇڭنىڭ مەرد ئوغلانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يول ئۈستىدە ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ماڭغانلىقتىن، ۋۇ سۇڭ ھېچ نەرسىسىنى ئايىمىدى، ئۇنىڭ بوغجۇمىسىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش دېسە بار ئىدى، شۇڭا ئۇ يول ئۈستىدە ئۇچرىغانلا مەيخانىلارغا كىرىپ مەي ـ شاراب، كۆك ـ گېزەكلەرنى ئېلىپ ئىككى يايىغا يېگۈزۈپ ـ ئىچۈرۈپ ماڭدى.

ئەمدى گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلى. ۋۇ سۇڭ ئۈچىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا قاتىللىق گۇناھى ئۈچۈن ئىككى ئاي گۇندىخانىدا ياتقاندىن كېيىن ئەمدى مېڭجۇ ئايمىقىغا كەلگەنىدى، بۇ دەل ئالتىنچى ئاي كۈنلىرى ئىدى، كۈندۈزى ئاپتاپ خۇددى تاشلارنى ئېرىتكۈدەك ئىسسىپ كېتەتتى، پەقەت سەھەر سالقىن ۋاقىتتىلا يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئالاھازەل يىگىرمە نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر چوڭ يولغا چىقتى، ئۇچەيلەن چاشكا ۋاقتى بىلەن بىر چوققىنىڭ ئۈستىگە ئۇلاشتى. ۋۇ سۇڭ:

— ئازراق دەم ئېلىۋېلىڭلار، چوققىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاز ـ تولا مەي ئىچىپ تائام يەيلى، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— راست ئېيتتىڭىز، — دېدى ئىككى يايى.

ئۇچەيلەن چوققىدىن ئۆتۈپ قارىغۇدەك بولسا، يىراقتىكى داۋان تۇۋىدە ئون نەچچە كەپە كۆرۈندى، بۇ كەپىلەرنىڭ يېنىدا ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ئېرىق بويىدىكى تال ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن مەي تۇغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ مەي تۇغىنى كۆرگەندىن كېيىن قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە مەيخانا بار ئىكەن! — دېدى.

ئۇچەيلەن چوققىدىن ئىتتىك چۈشۈپ تۆپىلىك يېنىدا ئوتۇن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئوتۇنچىغا ئۇچراشتى. ۋۇ سۇڭ:

— يىگىت، بۇ يەر قەيەر بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ چوققا مېڭجۇ ئۆتىڭى بولىدۇ. چوققىنىڭ ئالدىدىكى ئاۋۇ دەرەخزارلىق يېنىدىكى داۋان ئاتاقلىق چاسا داۋان دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى ئوتۇنچى.

ۋۇ سۇڭ سورىۋالغاندىن كېيىن ئىككى يايى بىلەن توپتوغرا چاسا داۋان تۇۋىگە باردى، بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق بىر تۈپ يوغان تېرەك تۇرۇپتۇكى، ئۇنىڭغا تۆت ـ بەش ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىنى بولسا قۇرۇق شاخ ـ پىلەكلەر چىرماپ كەتكەنىدى. تېرەكنى ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر مەيخانا كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى شادىنىڭ يېنىدا بىر چوكان ئولتۇراتتى. ئۇ يېشىل شايىدا كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ساپسېرىق جىغا، چېكىسىگە تاغ گۈلى قىستۇرۇۋالغانىدى. بۇ چوكان ۋۇ سۇڭ بىلەن ئىككى يايىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارشى ئالدى. چوكان قىپقىزىل بەل كۆڭلەك كىيىپ، يۈزىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، مەيدىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ياپيېشىل شايى كۆڭلىكىدىن بەللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئالتۇن تۈگمىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. بۇ چوكاننىڭ قانداقلىقىنى تۆۋەندىكى نەزمىدىن كۆرۈڭ:

قار ياغاتتى تەرىدىنكىم، كۆزىدىن خۇنخورلۇقى،
چاقا ئوخشاش بېلى مايماق، مىسلى بازغان قول ـ پۇتى.
ئۇپا سۈرتۈپتۇ يۈزىگە چوقۇرىنى يوشۇرۇپ،
قىپقىزىل ئەتلىك يۈزىدە، چېچىنى ئاپتۇ تۇرۇپ.
قولىدا ئالتۇن بىلەزۈك يەلكىسى دۈشمان،
قىپقىزىل كۆڭلىكىدىن يەكشالىقى چىققان بۆسۈپ.

بۇ چوكان ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ:
— مېھمانلار، ھاردۇق ئېلىۋېلىپ مېڭىشىلا، خانىمىزدا ئېسىل مەي ـ شاراب، ئېسىل گۆش، شېكەر توقاچ، ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان گۆش مانتىلىرىمىز بار! — دېدى.
ئىككى يايى بىلەن ۋۇ سۇڭ ئىچكىرىگە كىردى، ئۇ يەردە ئارچا ياغىچىدىن قىلىنغان بىر يۇرۇش شىرە ـ ئورۇندۇق بار ئىدى، ئىككى يايى تاياق ـ توقماقلىرىنى تىكلەپ قويۇپ، خالتىلىرىنى يېشىپ ئۆز رېتى بويىچە ئورۇن ئالدى. ۋۇ سۇڭ بوغجۇمىسىنى يېشىپ شىرە ئۈستىگە قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بېلىدىكى خالتا پوتىسىنى يېشىپ، بۆز يەكتىكىنى سالدى. يايىلار:
— بۇ يەردە كۆرۈپ قالغۇدەك كىشىمۇ يوق ئىكەن، بىز سىزگە رەھىم قىلىپ بويىنىڭىزدىكى تاقاقنى ئېلىۋېتەيلى، كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇپ بىر ـ ئىككى ئاپقۇر مەي ئىچىۋېلىڭ، — دېدى ـ دە، ۋۇ سۇڭنىڭ تاقىقىنىڭ پېچىتىنى سويۇپ، بويىنىدىن ئېلىپ شىرەنىڭ تەكتىگە قويۇپ قويدى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئۈست كىيىملىرىنى سېلىپ پەنجىرىگە قويۇپ قويدى، ھېلىقى چوكان تەبەسسۇم بىلەن:
— مېھمانلارغا قانچىلىك مەي كەلتۈرىمىزكىن؟ — دېدى.
— سورىماستىن ئەللىتىپ ئەكىرىۋېرىڭ، گۆشتىن ئۈچ ـ تۆت جىڭ توغراپ كىرىڭ، بىراقلا ھېسابلىشىمىز، — دېدى ۋۇ

www.uyghurkitap.com

سۈلۈك.

— ئوخشىغان مانتىمۇ بار، — دېدى ئايال.

— ناشتىلىق ئۈچۈن ئۈنىڭدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇزنى ئەكىرىڭ، — دېدى ۋۇ سۈلۈك.

چوكان خۇشال ئىچكىرىگە كىرىپ بىر سوغا مەي كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاندىن ئۈچ ئاپقۇر، ئۈچ كىشىلىك چوكا، ئىككى تەخسە توغرالغان گۆش كەلتۈردى؛ ئارقا ـ ئارقىدىن مەي قۇيۇپ تۆت ـ بەش قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن بىر قاسقان مانتىنى ئاچىقىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئىككى يايى ئۇنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ۋۇ سۈلۈك مانتىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ كۆرۈپ:

— ئۇستام، بۇ مانتىڭىز ئادەم گۆشىدە ئەتكەن مانتىمۇ ياكى ئىت گۆشىدە ئەتكەن مانتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېھمان، چاقچاق قىلمىسىلا، بۇ تېپتىنچ دۇنيا، پاك ـ پاكىز ئالەمدە نەدىمۇ ئادەم گۆشىدە ئەتكەن، ئىت گۆشىدە قىلغان مانتا بولغاي؟ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ كالا گۆشى مانتىسى سېتىپ كېلىۋاتىمىز.

— مەن ئەزەلدىن يۇرت ئارىلاپ يۈرگەن ئادەممەن، ئادەملەردىن: «يوغان تېرەك تۈۋىدىكى چاسا داۋاندىن ئۆتۈشكە قايسى كارۋاننىڭ ھەددىكەن؟ سېمىزلەرنى چاناپ مانتىغا قىيما ئېتىدۇ، ئورۇقلىرىنى دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ» دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىدىم.

— مېھمان، بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىلىكىن؟ تايىنلىق يانچۇقلىرىدىن چىقىرىۋاتىلىغۇ دەيمەن.

— قارىسام، مانتىنىڭ قىيمىسىدىن ئەر كىشىنىڭ جان يېرىنىڭ تۈكىدەك نەچچە تال تۈك چىقتى، شۇنىڭغا قاراپ گۇمانلاندىم. يەڭگە، كۈيۈيىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— كۈيۈيىم مېھماندارچىلىققا كېتىپ، قايتىپ كەلمىدى

تېخى.

ــ ئۇنداق بولسا يالغۇز قېلىپ زېرىككەنسىز.

چوكان كۆڭلۈپ: «بۇ پالاندىنىڭ ئۆلگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ، خان ئاچىسىغا چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى قارا! خۇددى ‹پەرۋانە ئۆزىنى چىراغقا ئۇرۇپتۇ، تېنىنى كۆيدۇرۇپ كۈل قىلىپتۇ› دېگەندەك ئىش قىلىۋاتىدۇ. مەن سېنى ئىزدەپ بارمىدىم، ئۆزۈڭ ئالدىمغا كەلدىڭ، تازا ئەدىپىڭنى بېرەي» دەپ ئويلاپ:

ــ مېھمان، چاقچاقلىرىنى قويسىلا. يەنە نەچچە ئاپقۇر مەي ئىچىپ، ئارقا تەرەپتىكى تېرەك تۈۋىگە چىقىپ سەگىدىسىلە، يېتىپ ئارام ئالىمەن دېسىلە ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ، ــ دېدى.

ۋۇ سۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچىدە: «بۇ چوكاننىڭ نىيىتى يامان تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي» دەپ ئويلاپ:

ــ ئېگىچە، بۇ شارابىڭىز تازا قۇۋۋەتلىك ئەمەس ئىكەن. ئېسىلراقىدىن بولسا بىرنەچچە ئاپقۇر كەلتۈرمەمسىز، ــ دېدى.

ــ ناھايىتى خۇشخۇي مەيدىن ئازراق بار، لېكىن سەل ـ پەل دۇغى بار.

ــ ئەمىسە ئوبدان ئىكەن. قانچىكى دۇغلۇق مەي بولسا، شۇنچە ئىچىشلىك بولىدۇ.

بۇ چوكان كۆڭلىدە خۇشال بولغىنىچە ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ ، بىر خۇمرىدا دۇغلۇق مەي كۆتۈرۈپ چىقتى. ۋۇ سۇڭ ئۇنى كۆرۈپ:

ــ بەللى، تازا كۈچلۈك مەي ئىكەن، ئىللىتىپ ئىچسە بەلەن بولىدۇ، ــ دېدى.

ــ مانا مۇشۇ مېھمان بىلىدىكەن، مەن ئىللىتىپ چىقاي، تېتىپ باقسىلا، ــ دېدى چوكان ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ پالاندى

ئوغرى مەينى ئىللىتىپ ئىچىپ ئۆلگۈسى كەپتۇ. بۇ دورا ناھايىتى تېز تۇتىدۇ، بۇ مۇتتەھەم ئەمدى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى ـ دە، مەينى ئىللىتىپ ئۇچ ئاپقۇرغا قۇيۇپ:

— قېنى، مېھمانلار تېتىپ بېقىشسىلا، — دېدى.

ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن ئىككى يايى ھېچنېمىگە باقماي ئىچىۋەردى، ۋۇ سۇڭ:

— ئېگىچە، مەن مەينى ئەزەلدىن قۇرۇق ئىچمەيمەن. يەنە ئازراق گۆش توغراپ چىقسىڭىز. تېتىق قىلىپ ئىچسەم، — دېدى.

چوكان ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كىرىپ كېتىشىگە ۋۇ سۇڭ مەينى بىر بۇلۇڭغا تۆكۈۋېتىپ يالغاندىن ئاغزىنى تەمشىپ:

— ئەجەب بەلەن مەي ئىكەن، مەي دېگەن مۇشۇنداق بولسا، ئادەمگە جان كىرىدۇ ـ دە ! — دەپ قويدى.

چوكان گۆشنى توغراپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئاچىقىپ:

— ھە، بەللى، يىقىلىپتۇ! يىقىلىپتۇ ! — دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. ھېلىقى ئىككى يايىنىڭ كۆزىگە ئاسمان ئايلانغاندەك كۆرۈنۈپ، ئاغزى يۇمۇلۇپ ئارقىغا گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشكەندى. ۋۇ سۇڭمۇ يالغانلاردىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا يىقىلىپ ئاسمان تاپىلاق بولۇپ ياتاتتى. چوكان كۈلۈپ مەسخىرە قىلغىنىچە: «تۇزاقا چۈشتۈڭلارغۇ! ھەي مەككار شەيتان، خان ئاچاڭنىڭ يۇندىسىنى ئىچتىڭ» دېدى ـ دە:

— شياۋئېر، شياۋسەن، ئىتتىك چىقىڭلار بۇياققا! — دەپ چاقىردى.

ئىچكىرىدىن ئىككى ھاماقەت چىقىپ ئاۋۋال ئىككى يايىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى، چوكان شىرە ئۈستىدىن ۋۇ سۇڭنىڭ بوغجۇمىسىنى ھەم يايلارنىڭ خالتىلىرىنى قولىغا

ئېلىپ سىقىپ بېقىپ ، ئىچىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بارلىقىنى بىلدى. ئۇ خۇشال بولغىنىچە: «بۈگۈن بۇ تېگىمەك ئۈچ مالنى تازا ئىككى كۈن مانتا ئېتىپ سېتىۋالىدىغان بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىرمۇنچە تەئەللۇققا ئىگە بولدۇم» دېدى ـ دە، خالتىلارنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ قويۇپ قايتىپ چىقتى، قارىسا، ھېلىقى ئىككى خىزمەتكار ۋۇ سۆڭنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ ھەپىلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار نەدىكىنى قىمىرلىتالىسۇن، ئۇ تۈپتۈز ئۈزىرىپ نەچچە يۈز پاتمان كېلىدىغاندەك ياتاتتى. چوكان بۇ ئىككى ھاماقەتنىڭ قىمىرلىتالمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي نان قېپىلار، كۈنبويى يەپ ـ ئىچىشنىلا بىلىسىلەر، بىر تىيىن كارغا كەلمەيسىلەر، خان ئاچاڭلار ئۆزى كۆتۈرمەي بولمىدى. بۇ كالۋا دارازا خان ئاچىسىنى كۆرۈپ قويسۇن. بۇ خام سېمىزنى بەلەن كالا گۆشى ئورنىدا ساتايلى. ئاۋۇ ئىككى ئورۇق ئۆچكىنى سۇ كالىسى ئورنىدا ساتىدىغان بولدۇق، ئىچكىرىگە ئەكىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال بۇ مۇتتەھەمنى سويۇڭلار، — دېدى.

ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاچ يېشىل شايى كۆڭلىكىنى سېلىپ، قىزىل بەل كۆڭلىكىنى يېشىپ يېڭىنى شىمايلىدى ـ دە، ۋۇ سۆڭنى ئاستا ـ ئاستا دەڭسەپ كۆتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ۋۇ سۆڭ كاپلا قىلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ مەيدىسى تەرەپكە تارتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن چاترىقىغا قىسىپ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، چوكان خۇددى بوغۇزلاۋاتقان چوشقىدەك چىرقىراشقا باشلىدى. ھېلىقى ئىككى ئەركەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە تەمشىلىۋىدى، ۋۇ سۆڭ قاتتىق بىر ۋارقىرىدى ـ دە، ئۇلار چۆچۈگەن پېتى ئورنىدا قېتىپلا قالدى. چوكان ۋۇ سۆڭنىڭ ئاستىدا يېتىپ:

— رەھىم قىلسىلا، باتۇرۇم! — دەپ زارلىنىشقا باشلىدى، ئۇ ۋۇ سۆڭغا نەدە تەڭ كېلەلىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## غەزەل

بىھوش ئەيلەپ مەي بىلەن يولۋاس سوقار پالۋاننى ئۇ،
مانتىغا قىيما قىلىپ تۇگمەكچى بولدى گۆشنى.
كىم بىلىپتۇ بۇ ھەقىقىي پالۋاندىن چىقىدۇ —
دەپ خوتۇننى مەسخىرىگە قالدۇرار، بۇ كۈلكىنى.
كالا گۆشىمۇ تەگمىدى قىيما قىلىپ ئۇ ساتقۇدەك،
قالدى ئاخىر ئۆزىنىڭلا چوشقىدەك چىرقىرغىنى.

شۇ ئەسنادا ئىشىكتە ئوتتۇن كۆتۈرگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى، ئۇ ئەپكىشىنى بوسۇغىدا قويۇپ ۋۇ سۇكىنىڭ چوكاننى ئاستىغا بېسىپ ياتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، گۈس ـ گۈس مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ:

— سەۋر قىلسىلا، پالۋان ! رەھىم قىلسىلا، ئۇنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋۇ سۇك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سول پۇتى بىلەن چوكاننى دەسسەپ مۇشتىنى تۈگكىنىچە ئۇ ئادەمگە قارىدى، ئۇ بېشىغا كۆك شايى بوغمىچا چىگكەن، ئۇستىگە ئاق يەكتەك كىيگەن، پۇتىغا تىزلاپچا تارتقان، سەككىز قولاقلىق چىگە چورۇق كىيگەن، بېلىگە خالتا پوتا باغلىۋالغان يۇزى تاۋاقتەك، ئۆچكىنىڭكىدەك نەچچە تالغىنا ساقىلى بار ئوتتۇزبەش ـ ئوتتۇز ئالتە ياشلار قورامىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇ ۋۇ سۇكىنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ:

— پالۋان، نامىشەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ نەدە بولسىمۇ نامىم پەقەت بىر، ۋۇ سۇك يۇزبېشى دېگەن مەن بولىمەن !

— جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇك يۇزبېشى

بولمىغايلا يەنە؟

— ھە، بەللى، مەن شۇ.

— نامىشەرىپلىرىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلدىم، بەختىمگە بۈگۈن دىدار كۆرۈشمەك نېسىپ بوپتۇ، — دېدى ھېلىقى ئادەم تەزىم قىلىپ.

— سىز مۇشۇ چوكاننىڭ كۈيۈسى ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، «كۆزى تۇرۇقلۇق ئۇلۇغۇمنى تونۇماپتۇ»، بىلمەي ئۆزلىرىگە چېقىلىپ قويۇپتۇ. پېقىرنىڭ كىچىككىنە يۈز - خاتىرىنى قىلىپ، گۇناھىدىن ئۆتسىلە، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

## نەزم

مۇشتى بىرلەن ھېيلىگەرنىڭ بارىنى يەڭگەندى،
ھەرنە پاسىقلارنىمۇ ئۆزىگە ئۇ تەن ئەيلىدى.
ئۆزى مەرد، چىن پالۋان بولغانلىقىدىن ئەمدى ئۇ،
شۇنچە ياۋۇز چىشى يەكشا دۈشىنى ئەل ئەيلىدى.

ۋۇ سۇك ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇ قەدەر ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال چوكاننى قويۇۋېتىپ:

— قارىسام، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلارمۇ بوش - بىكار ئادەملەر ئەمەستەك تۇرىسىلەر، ئىسمىڭلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم خوتۇنىغا كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ، يۈزبېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىشنى بۇيرۇدى. ۋۇ سۇڭ:

— سىزگە تېگىپ قويدۇم ئېگىچە، مەندىن ئاغرىنماڭ، — دېدى.

— كۆزۈم تۇرۇقلۇق ئۇلۇغۇمنى تونۇماپتىمەن. بىلمەي سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، ئاغا، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە. قېنى

ئىچكىرىگە ئىلتىپات قىلسىلا، — دېدى چوكان.
— ئەر - خوتۇن ئىككىڭلارنىڭ ئىسمىزاتى كىم بولىدۇ؟ مېنىڭ نامىمنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپ يەنە سورىدى ۋۇ سۇڭ.
— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتىم جاڭ چىڭ بولىدۇ، ئەسلىدە نۇرانە ئىبادەتخانىسىدا كۆكتاتلىقنى باقاتتىم، — دېدى جاڭ چىڭ، — بىر قېتىم بىر ئۇششاق ئىش ئۈستىدە مۇشۇ ئىبادەتخانىنىڭ راھىبى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، ئىتتىككىلىك قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئىبادەتخانىنى كۆيدۈرۈۋەتتىم. كېيىن ئۇنىڭ ھەقداسىمۇ چىقمىدى، پادىشاھلىقمۇ سوئال - سوراق قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن پېقىر مۇشۇ يوغان تېرەك داۋىنىدا يول توسۇپ يولۇچىلارنى بۇلاپ - تالاپ ئوقەت قىلىپ ياتتىم. بىر كۈنى بىر بوۋاي ئەپكەش كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى، پېقىر ئۇنى بوزەك ئېتىپ، ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم، يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندا بوۋاي ئەپكىشى بىلەن بىرنى سېلىپ تەتۈر ئۆرۈۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ بوۋاي كىچىك چېغىدا يول توسۇپ مەخسۇس قاراقچىلىق قىلغانىكەن ئۇ بوۋاي پېقىرنىڭ چەبدەسلىكىمنى كۆرۈپ، مېنى شەھەرگە ئەكىرىپ نۇرغۇن گۇمپىلارنى ئۆگىتىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ قىزىنى بېرىپ، مېنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. شەھەردە قانداقمۇ تۇرالاي دېسىلە، يەنە مۇشۇ ماكانغا كېلىپ بىرنەچچە ئېغىز كەپە ئۆي سېلىپ مەي سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمىز؛ دەرۋەقە يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ كۆزگە ئىلىنغۇدەكلىرىگە بىھوش دورىسى بېرىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ لوق گۆشلىرىنى چاناپ كالا گۆشى ئورنىدا ساتىمىز، پارچە - پۇرات گۆشلىرىنى قىيما قىلىپ مانتا تۈگۈپ ساتىمىز. پېقىر ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن مەھەللە ئىچىگىمۇ ئاپىرىپ سېتىپ كېلىمەن، بىز ئەنە شۇ تەرىقىدە كۈن كەچۈرىمىز. مەن ئەلكېزەر پالۋانلار بىلەن تونۇشۇشقا خۇشتار بولغانلىقىمدىن، خەقلەر مېنى كۆكتاتچى

جاڭ چىلىك دەپ ئاتىشىدۇ. خوتۇنۇم سۇن ئۇرۇقىدىن بولىدۇ، ئۇ ئاتىسىنىڭ گۇمپىلىرىنىڭ ھەننىۋاسىنى ئۆگىنىۋالغان، شۇڭا خەقلەر ئۇنى چىشى يەكشا — سۇن چوكان دەپ ئاتىشىدۇ. ھېلى كەلسەم خوتۇنۇم داد - پەرياد قىلىۋېتىپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي، مەن خوتۇنۇمغا: ئۇچ خىل كىشىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمە، بىرىنچىسى، تەركىدۇنيا راھىبلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمە، ئۇلار ئارتۇقچە ئىشلارنى قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار قول بېرىشكە چىققان ئادەملەر، دەپ تاپىلىغانىدىم. قانداق بولغان، بىر كۈنى يەر - زېمىنلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ يۈرگەن بىر ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ قاپتۇ، ئۇ ئەسلىدە يەنئەن دىيارى مەھكىمىسىنىڭ پېشقەدەم باسقاقبېگىنىڭ ھۇزۇرىدىكى باقاۋۇل بولۇپ، ئىسمىزاتى «لۇ دا» دەپ ئاتىلىدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ ئۇچ مۇشت بىلەن غەرب غوجىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن ۋۇتەيشەن تېغىغا قېچىپ بېرىپ چېچىنى ئالدۇرۇپ راھىب بولىۋۇالغانىكەن، ئۇنىڭ دۈمبىسىدە گۈل چېكىلگەن بولغانلىقىدىن ئەل - يۇرت ئۇنى گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ بىر تۆمۈر گۈرزىسى بار ئىكەن، ئاتمىش نەچچە پاتمان كېلىدىكەن. مانا مۇشۇ كىشى بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقاندا خوتۇنۇم ئۇنىڭ توپاقتەك سېمىزلىكىنى كۆزلەپ، مەيگە بىھوش دورىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ بىھوش قىلىۋېتىپ، سويىدىغان ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرىپ سويااي دەپ تۇرغاندا، مەن ئۇستىگە كېلىپ قالدىم. قارىسام، ئۇنىڭ گۈرزىسى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ گۈرزىسىدەك كۆرۈنمىدى، شۇڭا ئالمان - تالمان بىھوش دورىسىنى يېشىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن قەسەم ئىچىشىپ قېرىنداش بولۇشتۇق. ئاڭلىسام، ئۇ يېقىندا ئېرلۇڭشەن تېغىدىكى مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، مەڭلىك ياۋا دېگەن ياڭ جى بىلەن شۇ يەردە غەلىيانچى بولۇپ ياتقۇدەك ئىمىش. پېقىر ئۇنىڭ ئۆز يېنىغا چاقىرىپ يازغان

نەچچە پارچە مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدىم ـ يۇ، بارالمىدىم...

— بۇ ئىككىسىنىڭ نامىنىمۇ مەن ئەل ـ يۇرت ئىچىدە كۆپ ئاڭلىدىم، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئەپسۇسكى، بوي ـ تۇرقى ئۈچ ـ تۆت گەز كېلىدىغان بىر دارازا شەيخقىمۇ بىھوش دورىسى بېرىپ زىيان ـ زەخمەت ساپتۇ، — دېدى جاڭ چىڭ، — مەن كېچىكىپرەك كېلىپ قاپتىمەن. مەن كەلسەم ئۇنىڭ ئىچ ـ باغىرلىنى ئاللىقاچان چۇۋۇپ تاشلاپتۇ، ھازىر ئۇنىڭ چېچىنى قىسىدىغان تۆمۈر چەمبىرىكى، بىر قارا يەكتىكى، بىر دەستىكى بۇ يەردە بار. باشقىسىنىڭمۇ كارى چاغلىق، پەقەت تېپىلماس ئىككى نەرسىسى بار؛ بىرى، بىر يۈز سەككىز دانە ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۇستىخىنىدىن ئىشلەنگەن تەسۋىسى؛ يەنە بىرى ، ئاق يالتىراق تۆمۈردىن سوقۇلغان قىلىدچى، پەرىزىمچە، بۇ شەيخنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادىمى ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. يېقىنغىچە ھېلىقى قىلىچلاردىن تۈن كېچىدە ئاۋاز چىقىدۇ. مەن بۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالالمىغىنىمغا ئېچىنىمەن، دىلىمدا ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرىمەن. خوتۇنۇمغا: ئىككىنچىسى، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئويۇنخانىلىرىدىكى پاھىشە ئاياللارغا تەگمە، ئۇلار يۇرتمۇيۇرت كېزىپ ئويۇن ئويناپ مىڭبىر رىيازەتلەرنى چېكىپ پۇل تاپىدۇ؛ ئەگەر ئۇلارغا تېگىپ قويساڭ، ئۇ بەدرەكلەر سەھنىلەردە ئەلكېزەر پالۋان دېگەن مەرد نېمىلەر ئەمەس ئىكەن دەپ ناخشىسىغا قېتىۋېلىپ، بىزنىڭ چاۋىمىزنى چىتقا يېيىپ رەسۋا قىلىدۇ، دەپ جېكىلىگەنىدىم. ئۇنىڭغا يەنە: ئۈچىنچىسى، جايلاردىن پالاندى بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدىمۇ مەردلەر كۆپ، ھەرگىز ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمە، دەپ جېكىلىگەنىدىم. ئويلىمىغاندا، خوتۇنۇم پېقىرنىڭ گېپىنى قولىدا تۇتماي، بۈگۈن ئۆزلىرىگە چېقىلىپ قويۇپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى مەن كېلىپ قالدىم. ئەمدى ئىچىمدىكىنى قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ كېتەرمەن ئۆزلىرىگە؟

— ئەسلىدە ئۆزلىرىگە قول سېلىشنى راۋا كۆرمىگەنىدىم.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ بوغجۇملىرىنىڭ ئېغىر تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى، ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرى چىشىمغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلغانلىقلىرىدىن شۇ نىيەتكە كېلىپ قالدىم، — دېدى چىشى يەكشا.

— مەن ئەسكىلەرنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، قېنىنى تۆكىدىغان ئادەم تۇرسام، قانداقمۇ ياخشى ئادەملەرنى كولدۇرلىتىشقا دىلىم بارسۇن! سىزنىڭ بوغجۇمامدىن كۆزىڭىزنى ئۈزمىگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، گۇمانلىنىپ قالدىم، شۇڭا ئەتەي چىشىڭىزغا تېگىدىغان بەزى گەپلەرنى قىلىپ، سىزنى سىنىماقچى بولدۇم. ھېلىقى ئاپقۇردىكى مەينى تۆكۈۋېتىپ يالغاندىن بىھوش بولۇپ يېتىۋالدىم. دېگەندەك، سىز مېنى كۆتۈردىڭىز، بىردىنلا سىزگە ئىسىلدىم، ھەتتا قاتتىق تېگىپ قويدۇم. مەندىن ئاغرىنماڭ، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

جاڭ چىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ، ۋۇ سۇڭنى ئىچكىرىكى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى.

— ئاغا، ھېلىقى ئىككى يايىنى قويۇپ بېرىڭ، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

جاڭ چىڭ ۋۇ سۇڭنى قاساپخانىغا باشلاپ كىردى، ۋۇ سۇڭ قارىغۇدەك بولسا، تامدا بىرنەچچە ئادەمنىڭ تېرىسى، لىمدا ئالتە ـ يەتتە ئادەمنىڭ شىرىقى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئىككى يايى ئادەم سويىدىغان تاختا ئۈستىدە ئاسمان تاپلاق بولۇپ تېڭىقلىق يېتىپتۇ.

— ئاغا، بۇ ئىككىسىگە ئىجاتلىق بېرىڭ، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— خوش، يۈزبېشى، ئۆزلىرى ئىچۈك گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدىلىكىن؟ قەيەرگە پالاندىلىكىن؟ — دېدى جاڭ چىڭ.

ۋۇ سۇڭ شى مېنچىڭ بىلەن قېيىنئىگىچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. جاڭ چىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇنى ماختاپ:

— پېقىرنىڭ ئازراق بىرنېمە دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، بىلمەيمەن،

ئۆزلىرىگە خوپ كېلەرمىكىن؟ ــــ دېدى ۋۇ سۇڭغا.
ــــ ئاغا، ئېيتىشۋېرىڭ، ــــ دېدى ۋۇ سۇڭ.
جاڭ چىڭ ئالدىرىماي ـ شاشماي ۋۇ سۇڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. ئەيىۋھەنناس، ئىشىنىشلار ئاموخاس! ۋۇ سۇڭ مېڭجۇ شەھىرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ، ئامانتورانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. پىل ـ ئۆكۈزلەرگە بوي بەرمەيدىغان پالۋانلارنى يەرگە ئۇرۇپ، ئەجدىھا تۇتار، يولۋاس سوقار مەردلەرنىئاسمان تاپان قىلىۋەتتى. جاڭ چىڭنىڭ ۋۇ سۇڭغا زادى نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ۋۇ سۇڭنىڭ ئامانتۇرانى ھەيۋە بىلەن ئالغانلىقى
## شى ئېنىنىڭ ئارامجاڭگالنى مەردلىك بىلەن تارتىۋالغانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ چىڭ ۋۇ سۇڭغا:

— پېقىردا سىلىگە يامان نىيەت يوق، ئۆزلىرى مەھبۇسلار كۇرەسىگە بېرىپ ئازاب - ئوقۇبەت چەككەندىن كۆرە، ئىككى يېنىمى مۇشۇ يەردىلا جايلىۋېتىپ، بىرنەچچە زامان مېنىڭكىدە تۇرغانلىرى تۈزۈك. مۇبادا غەلىيان قىلىشنى خالىسىلا، ئېرلۇڭشەن تېغىدىكى مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىغا ئۆزۈم ئاپىرىپ قويسام، لۇ جىشېنىنىڭ توپىغا قوشۇلسىلا قانداق؟ — دېدى.

— پېقىر ئىنىڭىزغا خەيرخاھلىق قىلىپ، شۇنچە ئوبدان نىيەتتە بوپسىز، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — شۇغىنىسى مەن ۋۇ سۇڭ ئالەمدىكى نى - نى باتۇرلارنى سوقۇپ كەلگەن ئادەممەن، بۇ ئىككى يايى يولدا مېنى ئىززەتلەپ - ئاۋايلاپ ئەكەلدى. مۇبادا ئۇلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويىدىغان بولسام، كۆك ئۇستۇمدىن ئۇرىدۇ. مېنى قەدىرلەيدىغان بولسىڭىز، ئۇلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، نىجاتلىق بەرگەيسىز.

— يۇزبېشىم، ئۆزلىرى شۇنچىلىك مەردلىك قىلىۋاتقان يەردە، پېقىر ئۇلارغا نىجاتلىق بېرەي، — دېدى جاڭ چىڭ.

جاڭ چىڭ دەرھال ئادەملىرىنى بۇيرۇتۇپ، ئىككى يايىنى ئادەم سويىدىغان تاختا ئۇستىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. سۇن چوكان شۇ زامان بىر چىنە زەھەر قايتۇرىدىغان تىرياق كەلتۇردى. جاڭ چىڭ ئۇنى يايىلارنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ تۇرۇپ ئاغزىغا قويدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئىككى يايى گاراخلىقتىن ھوشىغا كېلىپ

ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ۋۇ سۇڭغا:
— بىز قانداقسىغا بۇ يەردە مەست بولۇپ قالدۇق؟ بۇ مەيخانىنىڭ مېيى ئەجەبمۇ بەلەن مەي ئىكەن ـ ھە! ئانچە ئىچمەيلا شۇنچە كەيپ بولۇپ قاپتىمىز! ئېسىمىزدە تۇرسۇن، قايتىشتا يەنە كېلىپ ئىچەيلى، — دېدى.
ۋۇ سۇڭ كۈلۈپ كەتتى، جاڭ چىڭ بىلەن سۇن چوكانمۇ كۈلۈشتى، يايلار نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئىككى خىزمەتكار توخۇ ـ ئۆردەك ئۆلتۈرۈپ پىشۇرۇپ چىنە ـ تەخسىلەر بىلەن كۆتۈرۈپ كەلدى. جاڭ چىڭ ئىچكىرىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا شىرە قويۇپ ۋۇ سۇڭ بىلەن ئىككى يايىنى تەكلىپ قىلدى.
ۋۇ سۇڭ ئىككى يايىنى تۆرگە چىقاردى، جاڭ چىڭ ئۆزى پەستە تۆرگە قاراپ ئورۇن ئالدى، سۇن چوكان ياندا ئولتۇردى. ئىككى يىگىت نۆۋەت بىلەن مەي قۇيۇپ تۇردى ۋە غىزا ـ تائام توشۇدى. جاڭ چىڭ ۋۇ سۇڭنى مەي ئىچىشكە سالا قىلدى. كەچقۇرۇن ھېلىقى ئىككى قىلىچنى ئاچىقىپ ۋۇ سۇڭغا كۆرسەتتى. قىلىچلار دەرۋەقە قۇيۇچتىن سوقۇلۇپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن قىلىچلار ئىكەن. ئىككىيلەن يۇرت كېزەر پالۋانلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوت قويغان ئىشلىرى ئۈستىدىمۇ پاراڭلاشتى. ۋۇ سۇڭ:
— شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان پالۋان تۇرۇقلۇقمۇ، ھالا بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسىغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.
— ئىككى يايى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپ، ئۈست ـ ئۈستىگە تەزىم قىلغىلى تۇردى، ۋۇ سۇڭ:
— ئىككىڭلار مېنى تەسلىكتە مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەن تۇرساڭلار، مەن قانداقمۇ سىلەرگە يامانلىق سانايي؟ بىز يۇرت

كىزەر پالۋانلارنىڭ گىپىدىن ئەجەبلىنىپ چۆچۈپ كەتمەڭلار، بىز ئاق نىيەت كىشىلەرگە ھەرگىز زىيان ـ زەخمەت سالمايمىز. بىمالال مەي ئىچىڭلار، ئەتە مىڭجۇ ئايمىقىغا بارغاندا ياخشىلىق قىلىشىۋالارمىز، ــ دىدى. بۇ كىچە جاڭ چىڭنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى.

ئەتىسى ۋۇ سۇڭ ماڭماقچى بولۇۋىدى، جاڭ چىڭ زادىلا قويۇپ بەرمەي تۇتۇۋېلىپ، ئۈچ كۈنگىچە مىھمان قىلدى، ۋۇ سۇڭ جاڭ چىڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇشۇنداق غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى. ياش قۇرامىدىن ئالغاندا، جاڭ چىڭ ۋۇ سۇڭدىن بەش ياش چوڭ ئىدى، شۇڭا ۋۇ سۇڭ جاڭ چىڭنى ئاغا تۇتتى. ۋۇ سۇڭ قايتا ـ قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، يولغا راۋان بولماقچى بولدى. جاڭ چىڭ يەنە ئۇنى ئۇزىتىپ مەي تۇتتى؛ كۈدە ـ كۆرپە، بوغچا، قۇر ـ پوتىلىرىنى ئاچىقىپ بەردى؛ ئىككى يايىغا ئىككى ـ ئۈچ سەر پارچە كۈمۈش بەردى. ۋۇ سۇڭ ئۆزىگە بەرگەن ئون سەر كۈمۈشنىڭ ھەننىۋاسىنى ئىككى يايىغا بىرىۋەتتى. ئاندىن ۋۇ سۇڭغا قايتىدىن تاقاق سېلىنىپ، بۇرۇنقىدەك پېچەتلەپ تاشلاندى. جاڭ چىڭ بىلەن سۈن چوكان ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ۋۇ سۇڭ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، يايلار بىلەن مىڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

## غەزەل

ئانت ئىچىپ بولدى ۋاپادار بىر قېرىنداشتەك گويا،
كۆنمىدى غەلىيانچى بول دەپ قىلسىمۇ قانچە سالا.
بىل، زىناخورنى غەزەپتىن قەتل ئەيلىگەن كىشى،
قائىدە ـ قانۇن يولىدىن ئازماقنى ھېچ كۆرمەس راۋا.

چاشكا ۋاقتىغا قالمايلا ئۇلار شەھەرگە يېتىپ بېرىشتى. ئايماق يامۇلىغا يېتىپ كىرگەندىن كېيىن دىۋانغا دۈگىپىلىك

دىيارى مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىسىنى سۇندى، ئايماقبېگى ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ۋۇ سۇڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جاۋاب خېتى يېزىپ، ئۇنى ئىككى يايىغا تۇتقۇزۇپ ياندۇردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى ۋۇ سۇڭنى دەرھال مەھبۇسلار كۇرەسىگە ئەۋەتتى. شۇ كۈنى ۋۇ سۇڭ مەھبۇسلار كۇرەسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قوۋۇقى ئۈستىگە «ئامانتۇرا» دېگەن چوڭ خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. يايى ۋۇ سۇڭنى گۇندىخانىنىڭ يەككە كىشىلىك گۇندىخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ، خەتنى گۇندىپايغا تاپشۇرۇپ، خەت ئېلىپ قايتتى، بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆزلىمەيمىز.

ۋۇ سۇڭ گۇندىخانىغا كىردى. گۇندىخانىدا ئون نەچچە گۇناھكار ئولتۇراتتى. ئۇلار ۋۇ سۇڭنى كۆرۈپ:

— پالۋان، سىز بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلدىڭىز، يېنىڭىزدا ئادەمگەرچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن يېزىپ بېرىلگەن خەت - چېكىڭىز ۋە پۇل - پۇچەكىڭىز بولسا، تەييار قىلىپ قويۇپ تۇرۇڭ، بىردەمدىن كېيىن گۇندىپاي كېلىدۇ، ئۇلارنى شۇنىڭغا بەرسىڭىز دەررە - تاياق ئۇرغاندا بوشراق ئۇرىدۇ. ئادەمگەرچىلىك قىلمىسا تازا تەلۋىلىك قىلىدۇ! بىز سىزگە ئوخشاش گۇناھكارلارمىز، بۇ ئىشلاردىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ قويغىنىمىز تۈزۈك. «توشقان ئۆلسە تۈلكە ھازا تۇتۇپتۇ، ھەركىم ئۆز قاياشىغا يىغلاپتۇ» دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، بىز سىزنى يېڭىياچە كەلدى، بىلمەي تۇرمىسۇن دەپ ئۇقتۇرۇپ قويۇۋاتىمىز، — دېدى.

— رەھمەت، ھەرقايسىڭىزلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەلىمىگە، يېنىمدا ئاز - تولا بىرنەرسىمۇ بار. ئەگەر ئۇ مەندىن ياخشىلىقچە تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭدىن ئازراق بېرىمەن؛ مەگەر يامانلىقچە ئالىمەن دېسە، ئۇنىڭغا بېرىدىغان بىر تىيىنىممۇ يوق، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— پالۋان، — دېدى مەھبۇسلار، — ئۇنداق دېمەڭ!

قەدىمكىلەرنىڭ: «ئەمەلدىن قورقما، ئەلەمدىن قورق»، «خەقنىڭ پاكار لەمپىسىدىن ئېگىشىپ ئۆتمەسكە نېمە ھەددىڭ» دېگەن گېپى بار، پەخەسرەك بولغىنىڭىز تۈزۈك.

بۆلارنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلە ـ ئۈزۈلمەيلا بىرسىنىڭ: «زىندانبېگى كەلدى» دېگىنى ئاڭلاندى ـ دە، ئۇلار تارقاپ كېتىشتى.

ۋۇ سۇڭ ئۆستىدىكى بوغجۇمىسىنى يېشىپ يەرگە قويۇپ ئولتۇردى. ھېلىقى ئادەم كىرىپ:

— يېڭى كەلگەن گۇناھكار قايسىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بولىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— سەنمۇ ئەقىل ـ ھوشۇڭ بار ئادەم بولغاندىكىن، مېنى ئېغىز ئاچتۇرماي، ئۆزۈڭنى بىلسەڭ بولاتتى. سەن جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ئەر، ياڭگۇ ناھىيەسىدە يۈزبېشى بولغان، ھەممە ئىشنى بىلىدىغان ئادەم تۇرۇقلۇق، قانداقسىغا بىمەھەل بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ بۇ يەرگە كەپسەن، ئەمدى مېنىڭ ئىت ـ مۈشۈكلىرىمگىمۇ چېقىلالمايسەن، — دېدى زىندانبېگى.

— سەن بۇ يەرگە كېلىپ دوق ـ داۋراڭ قىلىپ، غوجىكاڭدىن بىرنېمە چىقارمىكىن دېگەن تەمەنى قىلىۋاتىسەن، مەندە ساڭا بېرىدىغان قوش مۈشتتىن بۆلەك يېرىم يارماقمۇ يوق. يېنىمدىكى پۇل ـ پۇچەكلىمگە مەي ئېلىپ ئىچىمەن، قېنى قانداق قىلىسەنكىن، كۆرۈپ باقاي، بەرىبىر مېنى ياڭگۇ ناھىيەسىگە قايتۇرماي ئىلاجىڭ يوق! — دېدى ۋۇ سۇڭ.

گۇندىپاينىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرغىنىچە چىقىپ كەتتى. گۇناھكارلار يەنە يىغىلىشىپ:

— پالۋان، سىز ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالمايسىز، ئازراق ئېيتىشقىنىڭىز ياخشى! ئۇ مۇبادا كۆرەبېگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېيتسا، جېنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز! — دېدى.

— قورقمايمەن! خالىغىنىنى قىلسۇن، ياخشىلىقچە كەلسە

ياخشىلىقچە، يامانلىقچە كەلسە يامانلىقچە تاقابىل تۇرىمەن ! — دېدى ۋۇ سۇك.

گەپ ئەمدىلا ئاياغلىشىشىغا گۈندىخانىغا ئۈچ - تۆت ئادەم كىرىپ:

— يېڭى كەلگەن گۇناھكار قايسىڭ؟ — دەپ توۋلىدى.

— غوجائاكاڭ مانا بۇ يەردە، مەن قېچىپ كەتمىسەم نېمانچىلا ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىشتىڭ ! — دېدى ۋۇ سۇڭ جاۋاب قايتۇرۇپ.

كەلگۈچىلەر ۋۇ سۇڭنى سوراقخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، بۇ چاغدا كۆرەبېگى دېۋاندا ئولتۇراتتى. بەش - ئالتە چېرىك ۋۇ سۇڭنى يالاپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا، ئۇ توۋلاپ:

— ھەي خۇنپەر، شۇنى بىلگىنكى، بوۋاكالانىمىز ۋۇ دي خاننىڭ ھەرقانداق پالاندى يېتىپ كېلىشىگىلا يۈز دەررە ھەيۋە غولدىسى سالىدىغان كونا يوسۇن - قائىدىسى بار. ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دەررە ئۇرۇلىدۇ، قېنى ئۇنى يۇدۇشمەمسەن ! — دەپ تاقاقنى ئالدۇرۇۋەتتى.

— ھەممە ئادىمىڭنى قوزغاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇرساڭ ئۇرىۋەر، مانا مەن، يۇدۇتۇشمۇ كەتمەيدۇ. مەن ناۋادا غولدىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي، بۇرۇنقى ئۇرغىنىڭلار ھېساب بولمىسۇن. يېڭىدىن ئۇرۇڭلار. مەگەر ۋايجان دېسەم، ئەركەك ئەمەس ! — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— بۇ دۆتنىڭ ئۆلگۈسى كەپتۇ، قېنى قانداق چىدايدىكىن، كۆرىمىز ! — دەپ مەسخىرە قىلىپ كۇلۇشتى ئىككى تەرەپتە قاراپ تۇرغانلار.

— ئۇرساڭلار ماڭا رەھىم قىلماي قاتتىق ئۇرۇڭلار، ئۆلگۈدەك ئۇرۇڭلار، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

ئىككى تەرەپتە تۇرغان خالايىق كۇلۇشۇپ كېتىشتى.

ھېلىقى چېرىك غولدىنى ئېلىپ ئۇرۇشقا تەمشەلگىنىدە، كۆرەبېگىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى.

بۇ ئادەم ئىگىز بوي، يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەشلەر قۇرامىدىكى ئاق يىشماق، چۇپۇر ساقال كەلگەن، بېشىغا ئاق بوغمىچا چىگكەن، ئۇچىسىغا كۆك شايى پەشمەت كىيگەن، ئاق ياغلىق بىلەن قولىنى تېڭىۋالغان ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم كورەبېگىنىڭ قولىغا بىر تېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن كورەبېگى:

— ھەي يېگىدىن كەلگەن گۇناھكار ۋۇ سۇڭ، سېنى يولدا ئاغرىپ قاپتۇ دەيدىغۇ؟ — دېدى.

— سەپەردە ئاغرىپ قالغىنىم يوق، مەن مەي ـ شارابىنىمۇ ئىچىپ، گۆش ـ پۆش، غىزا ـ تائامىنىمۇ يەپ، يولنىمۇ مېڭىپ كەلدىم، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— بۇ مۇتتەھەم يولدا ئاغرىپ قېلىپ كەپتۇ، رەڭگىرويى يېگىدىن ئوڭلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلىدىغان بۇ ھەيۋە غولدىسى باقىي قېلىپ تۇرسۇن، — دېدى كورەبېگى.

ئىككى تەرەپتە دەررە تۇتۇپ تۇرغان چېرىكلەر ۋۇ سۇڭغا شىۋىرلاپ:

— چاققان ئاغرىق مەن دىگىن، بۇ بېگىمىنىڭ ساڭا قىلىۋاتقان شەپقىتى، چاپسان بول، ئۆزۈڭنى ئاغرىققا چىقارغىن، — دېدى.

— ئاغرىققا چىقمايمەن، چىقمايمەن، ئۇرغىنى ئەۋزەل! ماڭا بۇ غولدىنى باقىي قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ كېرىكى يوق. باقىي قالدۇرغىنى بىلەنمۇ كېيىن بەربىر ئۇرىدۇ! — دېدى ۋۇ سۇڭ.

ئىككى تەرەپتە قاراپ تۇرغان كىشىلەر كۈلدى. كورەبېگىمۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ بىرنىمە تەرلىيەلمەس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، تەر چىقىپ كېتەلمىگەنلىكتىن ئالجىپ جۆيلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، يەككە كىشىلىك گۇندىخانىغا سولاپ قويۇڭلار، — دېدى.

ئۈچ ـ تۆت چېرىك ۋۇ سۇڭنى يەنە بۇرۇنقىدەك يەككە كىشىلىك گۇندىخانىغا ئاپىرىپ قويدى. گۇناھكارلارنىڭ

ھەننىۋاسى ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىز كۈرەبىگىمگە قانداقتۇر بىر تونۇش كىشىدىن خەت - پەت ئالغاچ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

— ياق، ئۇنداق قىلمىدىم.

— ناۋادا ئۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز، بۇ تاياقنى باقىي قالدۇرغىنى ياخشى نىيەتتە قالدۇرغىنى ئەمەس، كېيىنچە سىزنى چوقۇم بېسىقتۇرۇۋېتىدۇ!

— ئۇ مېنى قانداق بېسىقتۇرۇۋېتىدۇ؟

— ئۇ كەچقۇرۇن ئىككى چىنە تۇگە ئاش ۋە قورۇتۇلغان سېسىق بېلىقتىن ئازراق ئەكېلىپ سىزگە يېگۈزۈپ، قورسىقىڭىزنى تويدۇرغاندىن كېيىن گۇندىخانىغا ئاپىرىدۇ - دە، ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، بىر بورىغا ئوراپ، يەتتە ئەزايىڭىزنى چۈمكەپ، تام تۈۋىگە دومىلىتىۋېتىدۇ؛ بىردەمدىن كېيىنلا جان - پىنىڭىز چىقىپ تۈگىشىسىز. مانا بۇ «يۆگەپ ئۆلتۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

— ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق قىلىدۇ؟

— يەنە بىر خىل جازاسى باركى، سىزنى باغلايدۇ، ئاندىن بىر خالتىغا قۇم قاچىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سىزنى باستۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدىمۇ بىردەمدىن كېيىنلا ھالاك بولىسىز، مانا بۇ «بوز خالتىغا بېسىپ ئۆلتۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

— ماڭا يەنە قانداق يوللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— پەقەت مۇشۇ ئىككى خىلى سەل قورقۇنچلۇق، قالدىسىنىڭ كارى چاغلىق، — دېدى كۆپچىلىك.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشمايلا، بىر چېرىك بىر تاماقدانىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— يېڭىدىن پالىنىپ كەلگەن ۋۇ سۇڭ يۈزبېشى قايسىڭ بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن شۇ ، نېمە گېپىڭ بار؟

— كۆرەبېگى تاماق كىرگۈزدى ساڭا.

ۋۇ سۇڭ كېلىپ قارىسا، بىر چوڭ خۇمىرىدا ئىللىتىلغان مەي، بىر تەخسە گۆش، بىر تەخسە ئاش، يەنە بىر ئاپقۇر شىرنە ئىكەن. ۋۇ سۇڭ: «مۇشۇ تائامنى ماڭا يېگۈزۈپ، ئەدىپىمنى بېرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟... مەن ئاۋۋال يەي، ئاندىن كۆرمەيمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ۋۇ سۇڭ ئاشۇ ئىللىتىلغان مەينى غۇرتلا قىلىپ ئىچىۋەتتى، گۆشنى ۋە ئاشنىمۇ يەۋەتتى. چېرىك قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ چىقتى.

ۋۇ سۇڭ گۇندىخانىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىچە سوغۇققىنا كۈلۈپ: «قېنى مېنى قانداق قىلىدىكىن، كۆرۈپ باقارمەن!» دەپ ئويلىدى، كەچ بولغاندا دەسلەپ كىرگەن ھېلىقى چېرىك يەنە بىر تاماقدانىنى كۆتۈرۈپ كىردى، ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭدىن:

— سەن يەنە نېمىدەپ كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مانا يەنە كەچلىك تائام كىرگۈزدى، — دېدى كىرگەن كىشى ۋە نەچچە تەخسە كۆك - گېزەك، يەنە بىر خۇمىرىدا ئىللىتىلغان مەي، بىر لېگەن پىشۇرۇلغان گۆش، بىر ئاپقۇر بېلىق شورپىسى، بىر ئاپقۇر ئاشنى ئەكىرىپ قويدى، ۋۇ سۇڭ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىچە: «بۇ تائامنى يېگەندىن كېيىن چوقۇم مېنى بېسىقتۇرىدىغان بولدى... — مەيلى ئۆلسەممۇ تويۇپ ئۆلەي، يېگەندىن كېيىن ئاندىن كۆرەرمەن» دەپ ئويلىدى.

ھېلىقى كىشى ۋۇ سۇڭ ئاش - تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئانچە ئۆتمەيلا ھېلىقى چېرىك يەنە بىر ئەر كىشى بىلەن كىردى، ئۇلارنىڭ بىرسى غۇسۇل قىلىدىغان داس، بىرسى چوڭ بىر سوغا ئىسسىق سۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ، ۋۇ سۇڭغا قاراپ:

— يۇزبېشى، غۇسۇل قىلىۋالسىلا، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ: «مېنى غۇسۇل قىلىۋېلىشقا بەند قىلىپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئاندىن جايلامدۇ نېمە... ئۇنىسىدىنمۇ قورقمايمەن، ئاۋۋال يۇيۇناي» دەپ ئويلىدى.

ھېلىقى ئىككى كىشى سۇنى تەڭشەپ بەردى، ۋۇ سۇلۇڭ غۇسۇل قىلىدىغان داس ئىچىگە چۈشۈپ يۇيۇندى، ئاندىن ئۇلار سەرراپ پەشتامىسى ۋە لۆڭگىلىرىنىمۇ ئەكىرىپ بەردى، ۋۇ سۇلۇڭ ئۇنىڭ بىلەن بەدىنىنى سۈرتۈپ، كىيىم ـ كېچەكنى كىيىۋالدى، ھېلىقىلارنىڭ بىرسى يۇندىنى تۆكۈۋېتىپ داسنى ئاچىقىپ كەتتى. بىرسى بىر بورا بىلەن بىر تور چىمىلدىقنى ئەكىرىپ چىمىلدىقنى ئاستى؛ بورىنى سېلىپ سالقىن تەكىيە قويۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ۋۇ سۇلۇڭ ئىشىكنى يېپىپ ئىلىپ قويۇپ: «بۇ نېمە قىلغىنى؟ مەيلى تەۋىخاھ، قانداق قىلسا قىلىۋەرسۇن، قېنى كۆرۈپ باقارمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، تەكىيەگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ كېچىسى تىنچ ئۆتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئىشىك ئېچىلىپ ئاخشامقى ئادەم بىر سوغىدا ئىسسىق سۇ كۆتۈرۈپ كىردى، ۋۇ سۇلۇڭ بۇ سۇدا يۈز ـ كۆزنى يۇيۇپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى چايقىدى، ئاندىن بىر ساتىراشنى چاقىرىپ كىردى، ساتىراش ۋۇ سۇڭنىڭ چاچلىرىنى ياساپ ـ تاراپ، كوكۇلا قىلىپ تۇرمىلەكلىدى ۋە بېشىغا بوغمىچىنى ئوراپ قويىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كىشى تاماقدانني كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئىچىدىن كۆك ـ كېزەك، غىزا ـ تائام ۋە بىر ئاپقۇر شورپا بىلەن بىر ئاپقۇر ئاشنى ئېلىپ، ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويىدى. ۋۇ سۇلۇڭ: «قېنى، سەن ئەكىرىۋەر، مەن يەۋېرەي» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ۋۇ سۇلۇڭ غىزا ـ تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئادەم بىر سىركايە چاي ئەكىرىپ بەردى. چاينى ئىچىپ بولۇشىغىلا، بايىقى تائام ئەكىرگەن كىشى پەيدا بولۇپ:

— يۇزبېشىم، بۇ يەر ئارام ئېلىشقا ئەپسىز، يان تامدىكى ئۆيگە چىقىپ ئارام ئېلىۋالسىلا، ئۇ يەردە چاي دىسىلە چاي، غىزا ـ

تائام دېسىلە غىزا ـ تائام تەييار، ـــ دېدى.

ۋۇ سۇڭ: «ھە، ئەمدى بېشىمغا كەپتۇ ـ دە! ئۇنىڭ بىلەن چىقىپ كۆرەي، قېنى قانداق قىلاركىن!» دەپ ئويلىدى، ھېلىقى ئادەملەرنىڭ بىرى كۇدە ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇردى، بىرى ۋۇ سۇڭنى باشلاپ يەككە كىشىلىك گۇندىخانىدىن چىقىپ، ئالدى تەرەپتە بىر يەرگە كېلىپ توختىدى ـ دە، ئۇ يەردىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆينىڭ ئىچىگە پاك ـ پاكىز چىمىلدىقلىق بىر كات قويۇلغان، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يېڭىلا تىزىپ قويۇلغان شىرە، ئورۇندۇق قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەر تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ ئۆيگە كىرىپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن: «مەن گۇندىخانىغا ئەكىرىدىغۇ دەپتىمەن، ئەجەبا مۇنداق بىر ماكانغا ئەكىرىپ قويدى؟ بۇ يەر يەككە كىشىلىك گۇندىخانىغا قارىغاندا كۆپ ئەلا ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلىدى:

كۇلمە چىللىغان خورازۇ، قاۋىغان ئىت ئوغرىدىن،
ئۆتكۇزۇپ قويغان ئۇلار مىڭ شاڭنى خەنگۇەن① شەھرىدىن.
پالىنىپ كەلگەن چېرىك بولدى ئەزىز مېھمان بۇگۇن،
پۇر بولۇپ كەتكەي ئۇنىڭ نامى شۇ مىڭجۇ باغرىدىن.

ۋۇ سۇڭ ئۇ يەردە چۈش مەھەلگىچە ئولتۇردى، بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم يەنە بىر قولىدا تاماقدان، بىر قولىدا بىر خۇمرا مەي كۆتۇرۇپ كىرىپ كەلدى ـ دە ، تاماقداننى ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ئاچتى، ۋۇ سۇڭ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئىچىگە تۆت خىل مېۋە ـ چىۋە، پىشۇرۇلغان بىر توخۇ، يەنە بىرمۇنچە يۇتازلار تىزىلغانىدى، ئۇ ئادەم پىشۇرۇلغان توخۇنى قولى بىلەن تىتىپ، خۇمرىدىكى مەينى قەدەھكە قۇيۇپ يۇزبېشىنى تەكلىپ قىلدى. ۋۇ سۇڭ كۆڭلىدە: «زادى نېمە قىلماقچى بۇلار؟» دەپ ئويلىدى، ئاخشىمى يەنە نۇرغۇن غىزا ـ

① قەدىمكى بىر رىۋايەتكە تەمسىل قىلىنغان.

تائام كەلتۈردى؛ ئۈنىڭ ئۈستىگە ۋۇ سۇڭنى يۇيۇندۇرۇپ، سەگىتىپ ئارام ئالدۇردى. ۋۇ سۇڭ: «مەھبۇسلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ دېگەنىدى، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، زادى مېنى نېمىشقا شۇنچىۋالا ئىززەتلەيدىغاندۇ؟» دېگەن ئويلارنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە يەنىلا بۇرۇنقىدەك غىزا ـ تائام، مەي ـ شاراب كەلتۈردى. ۋۇ سۇڭ شۇ كۈنى ناشتا قىلىپ بولۇپ قاشا ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزىگە ئوخشاش گۇناھكارلارنىڭ ئەپكەشتە سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى، بۇ دەل بەشىنچى، ئالتىنچى ئايدىكى تومۇز كۈنلىرى بولۇپ، ئىسسىقلىقىدىن پاناھلىنىشقا ھېچ ماكان يوق ئىدى. ۋۇ سۇڭ قولىنى ئارقىغا قىلغىنىچە:

— بۇ قاتتىق ئىسسىقتا قانداق ئىشلەۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

گۇناھكارلار كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەي پالۋان، سىز بىلمەيسىز، بىزنىڭ بۇنچىلىك كۈنگە ئۇلاشقىنىمىز جەننەتكە ئۇلاشقىنىمىزا! بۇ يەرنى ئىسسىق دېيىشكە قانداقمۇ ھەددىمىز؟ بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق رەھىمسىزلىكلىرى بار، قارا زىندانغا تاشلاپ، زەنجىر بىلەن بېكىتىۋەتسە، تىرىك دېسە، تىرىك ئەمەس، ئۆلۈك دېسە، ئۆلۈك ئەمەس ياتىدىغان گەپ. شۇنىڭغىمۇ ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئىلاج يوق! — دېدى.

ۋۇ سۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ، تەڭرىقۇت سارىيىنىڭ ئالدى ـ ئارقىنى ئايلىنىپ چىقتى، ئۇ يەردە قەغەز كۆيدۈرىدىغان ئوچاق يېنىدا بىر كۆك تاش تۇراتتى، ئۇ خادا ياغاچ باغلايدىغان بىر تۆشۈكى بار كارامەت چوڭ تاش ئىكەن. ۋۇ سۇڭ ئاشۇ تاش ئۈستىدە بىر پەس ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خىيالغا چۆشۈپ كەتتى، بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم يەنە مەي ۋە گۆش ئېلىپ

كىردى.
گەپ يورغىلىتىپ ئولتۇرمايلى. ۋۇ سۇڭ بۇ ئۆيگە يۆتكەپ قويۇلغاندىن كېيىن نەچچە - نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ھەر كۈنى چېرىكلەر ئېسىل مەي - شاراب، ئېسىل غىزا - تائاملار ئەكېلىپ ۋۇ سۇڭنى باقتى، ئۇنى ئۆلتۈرىدىغاندەك بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى، بۇنىڭغا ۋۇ سۇڭنىڭ كۆڭلى دىلىغۇل بولۇپ قالدى. بىر كۈنى چاشكا ۋاقتىدا ھېلىقى ئادەم يەنە مەي - تائام ئېلىپ كىردى، ۋۇ سۇڭ تاقەتسىزلىنىپ ئۇنىڭ قولىدىن تاماقداننى ئېلىپ:
— سىز كىمنىڭ خىزمەتكارى بولىسىز؟ نېمىشقا مۇنچىۋالا مەي - تائام ئەكېلىپ مېنى كۈتۈپ كېتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— پېقىر يېقىندىلا ئۆزلىرىگە كۈرەبېگىمنىڭ يېقىن خىزمەتكارى بولىمەن، دەپ ئېيتتىمغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم.
— ھەر كۈنى ئەكېلىۋاتقان مەي - تائامنى كىم ئەۋەتىدۇ؟ يېسەم نېمە قىلىدىكەن؟
— كۈرەبېگىمنىڭ ئوغلى كىچىك كۈرەبېگىم ئەۋەتىۋاتىدۇ.
— مەن قاتىللىق قىلغان بىر گۇناھكار تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈرەبېگىمگە قىلچە پايدام تەگمىگەن تۇرسا، ماڭا نېمىشقا غىزا - تائام ئەۋەتىدۇ؟
— پېقىر نەدىن بىلەي؟ كىچىك كۈرەبېگىم ماڭا يېرىم يىلدىن كېيىن ئاندىن ئېيتىسەن، دەپ تاپىلىدى.
ۋۇسۇڭ: «ئاجايىپ ئىش - دە ! مېنى سەمرىتىپ بېسىقتۇرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ بۇ لەنىتى سىرنىڭ تېگىنى قانداق ئاچارمەن؟ » دەپ ئويلىدى - دە:
— بۇ مەي - تائامنى ھېچ سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپ، يەپ - ئىچىۋېرىپ قانداق كۆڭلۈم تىنسۇن؟ سىز ماڭا كىچىك كۈرەبېگىمىزنىڭ تەقى - تۇرقى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، مەن

بىلەن نەدە كۆرۈشكەنلىكىنىلا ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن ئۇنىڭ تائامىنى يەۋېرەي.

— ئاۋۇ كۈنى سىلى يېڭى كەلگەندە دېۋاندا ھېلىقى ئاق ياغلىق بىلەن ئۇڭ قولىنى تېڭىۋېلىپ ئۆرە تۇرغان كىشى شۇ.

— كۆك شايى يەكتەك كىيىپ كۈرەبېگىنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى ئادەم بولمىسۇن يەنە؟

— ھە، بەللى، دەل ئاشۇ يىگىت شۇ.

— مەن ھەيۋە تايىقى يەيدىغان بولۇپ تۇرغان چېغىمدا، كۈرەبېگكە دەپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەم شۇمۇ؟

— بەللى شۇ، كىچىك كۈرەبېگىم دادىسىغا دېگەنلىكتىن ئۆزلىرىنى ئۇرمىدى.

— بۇنىڭدا بىر گەپ بار ! مەن چىڭخېلىق تۇرسام، ئۇ مېڭجۇلۇق تۇرسا، زادى بىر - بىرىمىز بىلەن ئەزەلدىن تونۇش بولمىساق، ماڭا نېمانچە بۇنداق غەمخورلۇق قىلىپ كېتىدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. قېنى دەڭا، كىچىك كۈرەبېگىمنىڭ ئىسمىزاتى كىم بولىدۇ؟

— شى ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئېتى ئېن، ئۇستا قىلىچۋاز بولغاچقا، خەقلەر ئۇنى پالكۆز يولۋاس شى ئېن دەپ ئاتىشىدۇ.

— قىياسىمچە، ياخشى ئوغلاندەك تۇرىدۇ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈرسىڭىز، بۇ مەي - تائامىڭىزنى يەيمەن، ناۋادا ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈرمىسىڭىز، بىر چىشلەممۇ يېمەيمەن، — دېدى ۋۇ سوڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— كىچىك كۈرەبېگىم پېقىرغا: بېرىپ ھەممە گەپنى دەپ ئولتۇرما، يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆرۈشۈشتىن سۆز ئاچ، دەپ جېكىگەن، — دېدى ئۇ ئادەم.

— يالغان ئېيتماڭ ! نېرى - بېرىنى قويۇپ يۈگۈرۈڭ، كىرىپ كىچىك كۈرەبېگىمنى چاقىرىپ چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ ، — دېدى ۋۇ سوڭ.

ئۇ ئادەم قورقۇپ كىرگىلى ئۇنىمىدى. ۋۇ سۇڭ خاپا بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ كىچىك كۆرەبېگىمگە مەلۇم قىلىشقا كىرىپ كەتتى.

بىر ھازادىن كېيىن شى ئېن ئىچكىرىسىدىن چىقىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. ۋۇ سۇڭ ئالمان - تالمان ئىلىك ئېلىپ:

— پېقىر ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىلىرىدىكى گۇناھكار بولسامۇ، ئىززەت - ئىكراملىرىنى قىلىپ ئالدىلىرىغا سالامغا بارالمىدىم؛ ئاۋۇ كۈنى مېنى قاتتىق تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قويغانىدىلە، ئەمدى يەنە ھەر كۈنى ئېسىل مەي - شاراب ۋە ئېسىل غىزا - تائاملار بىلەن كۈتۈۋاتىدىلا، مۇنچىلىك قىلغۇچىلىكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلچە ئەجىر كۆرسەتكىنىم يوق، شۇڭا بىئەجىر ھالاۋەت كۆرۈپ، قىمىرلىيالماي غىزا - تائاملارنى يەپ ياتقانلىقىمغا بىئارام بولۇۋاتىمەن، — دېدى.

— ئاغا، پېقىر ئۇزۇندىن بۇيان داڭقىلىرىنى ئاڭلاپ كەلدىم، — مۇبارەك ناملىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا تۇرۇپتۇ؛ شورى قۇرۇغۇر يول يىراقلىقى توسقۇن بولۇپ كۆرۈشەلمىدۇق. ئەمدى تەلىيىمگە ئۆزلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قېلىپ، ھۆسن مۇبارەكلىرىگە مۇلاقەت بولۇش نېسىپ بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن قولۇم قىسقىلىق قىلىپ، خىجالەتچىلىكتە تەپ تارتىپ ئالدىلىرىغا كېلىپ كۆرۈشەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى شى ئېن.

— خىزمەتكارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يېرىم يىلدىن كېيىنلا ئېيتىدىغان گېپىم بار دەپتىلا، ماڭا نېمە دېمەكچىلىكىن؟

— بۇ سەھرالىق دۆت ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، شۇنىمۇ ئۆزلىرىگە دەۋېتىپتۇ، ئۇنى قانداقمۇ ئۆزلىرىگە دېگىلى بولسۇن؟

— بېگىم، شۇنداق قىلىدىغان بولسىلا مەخسۇم مىجەزلىك قىلغان بولىدىلا! پېقىر ئىچىم پۇشۇپ دىمىقتا بولۇپ كەتتىم، قانداقمۇ چىداي؟ ئېيتسىلىرا، مېنى زادى نېمە قىلماقچى؟

— ھېلىقى سەھرالىق دۆت ئېيتىپ تاشلاپتۇ، پېقىر

ئېيتمىسام بولماس: ئۆزلىرى بولسىلا مەرد ئوغلان، چىن ئەر، ئۆزلىرىگە بىر ئىشنى ئىلتىجا قىلماقچىمىز، ئۇ پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا قوللىرىدىن كېلىدۇ؛ لېكىن ئۆزلىرى ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنلىكلىرىدىن يولدا كۆپ رىيازەت چەكتىلە، تېخى ماغدۇرلىرىغا كېلىپ بولالمىدىلا. يېرىم يىلچە ئارام ئېلىپ ماغدۇرلىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئېيتماقچىمىز.

ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۇلۇپ كېتىپ:

— بېگىم، مەلۇم بولغايكى، بۇلتۇر ئۇچ ئاي بەزگەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولدۇم، جىڭياڭ داۋىنىدا مەستلىكتە بىر يولۋاسنى يەرگە يىقىتىپ ئۇرۇپ، ئۇنى بىرنەچچە مۇشت ـ تېپىك بىلەنلا ئۆلتۇرۇۋەتتىم، ئەمدى بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى!

— ھازىرچە ئېيتماي تۇراي. يەنە بىر مەھەل ئۆزلىرىنى ئاسراپ مۇبارەك تەنلىرى كامال ـ قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن ئاندىن ئېيتاي.

— مېنى ماغدۇرلىرى يوق دەۋاتىدىلا. خەيرىيەت، شۇنداقمۇ دەپ تۇرسىلا، تۇنۇگۇن تەڭرىقۇت سارىيىنىڭ ئالدىدا بىر تاشنى كۆردۇم، ئالاھازەل قانچە پاتمان كېلەر؟

— ۋاي، ئۇ بەك ئېغىر، تۆت ـ بەش پاتمان كېلىدۇ.

— ئىككىمىز بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، مەن قوزغىتالايمەنمىكىن.

— بىرئاز مەي ئىچىۋالسىلا، ئاندىن بارايلى.

— پېقىر قايتىپ كېلىپ ئىچسەممۇ بولىۋېرىدۇ.

ئىككىسى تەڭرىقۇت سارىيى ئالدىغا باردى. گۇناھكارلار ۋۇ سۇڭنىڭ كىچىك كۇرەبېگە بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئېگىلىپ سالام قىلدى، ۋۇ سۇڭ تاشنى سەل ئىرغىتىپ بېقىپ، قاقاھلاپ كۇلۇپ:

— پېقىر راستىلا لەقۋالىشىپ كېتىپتىمەن، قىمىرلىتالمىغۇدەكمەن، — دېدى.

— ئۈچ - تۆت پاتمان كېلىدىغان تاش تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ سەل چاغلىغىلى بولىدۇ!

— كۇرەبېگىم، ئۆزلىرىمۇ راستىلا تەۋرىتەلمەيدۇ دەمدىلا؟ خالايىقنى يىراقراق كەتكۈزۈۋەتسىلە، مەن يۆتكەپ باقاي، — دېدى - دە، ئۈستى كىيىمىنى سېلىپ بېلىگە باغلىدى، ئاندىن تاشنى مىدىرلىتىپ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈپ، ئىككى قولى بىلەن بىر ئېلىپلا يەرگە تاشلىۋەتتى، تاش ئىككى - ئۈچ غېرىچچە يەرگە پېتىپ كەتتى. گۇناھكارلار بۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. ۋۇ سۇڭ ئوڭ قولى بىلەن يەنە يەردىن يۇلۇۋېلىپ ئۇنى كۆككە بىر تاشلىۋىدى، بىرنەچچە گەز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ يەنە ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئاستا - ئاستا ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويۇپ، قايرىلىپ شى ئېن بىلەن خالايىققا قارىدى، ۋۇ سۇڭنىڭ يۈزىدە قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى، يۈرىكىمۇ سالمىدى، ھاسىراپمۇ كەتمىدى. شى ئېن ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ:

— ئاغا، قالتىس ئادەم ئىكەنلا! چىن مالائىكە ئىكەنلا! — دەپ ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈردى. گۇناھكارلارمۇ تەزىم قىلىپ:

— راست مالائىكە ئىكەنلا! — دېدى.

## نەزم

سېھرىي كۈچتىن قىلدى ھاڭ - تاڭ ھەر يۈرەكنى جىنغ ئېتىپ،
پالۋاننىڭ كۈچ - جاسارەت ، مەردلىكى ئۇرغۇپ تېشىپ.
كۆكنى ئىلكىدە تۇتار، يەرنى يۇلار قاۋۇل قولى،
تاشنى كۇمىلاچتەك گويا ئوينايتتى ئالىقانغا ئېلىپ.

شى ئېن ۋۇ سۇڭنى ئۆز سارىيىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى. ۋۇ سۇڭ:

— بېگىم، مېنى نېمە ئىشقا بۇيرۇيدىغانلىرىنى ئەمدىغۇ ئېيتارلا؟ — دېدى.

— ئازراق ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، پېشۋايىم چىقىپ كۆرۈشكەندە ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلىدۇ، — دېدى شى ئېن.

— سىلى كىشىنى ئىشقا سالماقچى بولسىلا، مۇنداق لامزەللىك قىلمىسىلا. مۇنداق قىلىش بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. باش كېسىدىغان ئىش بولغان ھالەتتىمۇ ئاشكارا دېسىلە، مەن سىلىگە قىلىشىپ بېرىمەن! ناۋادا ھارامزادىلىك قىلسىلا، ئۇ پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس! — دېدى ۋۇ سۇڭ.

شى ئېن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ئاندىن بۇ ئىشنى ئېيتتى. ئەيىۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! ۋۇ سۇڭ جان قىيىش كارامىتىنى كۆرسىتىپ، يولۋاس ئۆلتۈرۈش ھەيۋىسىنى قايتىدىن ئىشقا سالغۇسى. ئۇ قوش مۇشتىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى، گوياكى كۆكتە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك، پۈتى بىلەن شۇنداق تېپىۋىدى، خۇددى بوران - چاپقۇنلار چىققاندەك بولۇپ كەتتى. شى ئېننىڭ ۋۇ سۇڭغا زادى قانداق ئىش ئۈستىدە سۆزلىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## شى ئېننىڭ مېڭجۇ ئۆتىكىنى يېڭىباشتىن ئىلگىگە ئالغانلىقى ۋۇ سۇڭنىڭ جياڭ مېنشىننى كەيپلىكتە دومبالىغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا شى ئېن يەنىمۇ يېقىنراق بېرىپ:

— ئاغا، ئازغىنا تەخىر قىلىپ ئولتۇرغاچ تۇرسىلا، پېشۋايىم بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ، — دېدى.

— كىچىك كۇرەبېگىم، تولا تۇزۇت قىلماي، مۇھىملىكى بولغان گەپ - سۆزلىرىنى دەۋەرسىلە، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— پېقىر كىچىكىمدىن يۇرت كېزەر پىر - ئۇستازلاردىن ئاز - تولا نەيزىۋازلىقنى ئۆگىنىۋالغاندىم، شۇڭا مېڭجۇ ئايمىقى تەۋەسىدە مېنى پالكوز يولۋاس دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدۇ، — دېدى شى ئېن، — مۇشۇ يەرنىڭ كۇنچىقىش دەرۋازىسى سىرتىدا بىر دۇكىنىم بار ئىدى، ئۇنى ئارامجاڭگال دەپ ئاتىشىدۇ؛ شەندۇڭ، خېبېينىڭ كارۋان - سودىگەرلىرى مۇشۇ يەرگە دائىم سودا - سېتىق قىلغىلى كېلىپ تۇرىدۇ؛ يۈزنەچچە ئورۇندا چوڭ - چوڭ سارايلار، يىگىرمە - ئوتتۇز ئورۇندا قىمارخانا، گۆرۈخانىلار بار. پېقىر بىرىنچىدىن، ئۆز گۇمپامغا، ئىككىنچىدىن، كۇرەدىكى جان تىكەر سەكسەن - توقسان گۇناھكارغا تايىنىپ ئۇ يەردە بىر ئاشخانا ئاچقاندىم، شۇ ئاشخانىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئەتراپتىكى سارايۋەنلەرگە ۋە قىمارخانا - گۆرۈخانىلارغا نەپ بېرىپ تۇراتتىم. يولۇچى پاھىشە ئاياللار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان ئاۋۋال مېنى تاپاتتى ، مەن ئۇلارغا غىزا - تائاملار بېرىپ قورسىقىنى باقاتتىم. ئاشۇ ئورۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن ھەر كۇنى، ھەر سائەتتە نۇرغۇن پۇل

چۈشۈپ تۇراتتى، ئاي ئاخىرىدا بولسا ئىككى ـ ئۈچ يۈز سەر كۆمۈش تاپاۋەت بولۇپ تۇراتتى. پېقىر ئەنە شۇنداقسىغا پۇل تېپىپ كەلدىم. يېقىندا مۇشۇ كۇرەمىزدىكى جاڭ قۇرېيگى دۆڭلۈ ئايمىقىدىن يېڭى كەلگەندە بىر كىشىنى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىزاتى جياڭ مىڭجۇڭ ئىكەن، ئۇنىڭ بوي ـ بەستى قاۋۇل بولغاچقا، ئەل ـ يۇرت ئۇنىڭغا: «جياڭ ئىشىك مۇئەككىلى» دەپ لەقەم قويۇۋالدى. ئۇنىڭ بوي ـ بەستى قاۋۇل بولۇپلا قالماي، ئۇبدان گۆمپىسىمۇ بار ئىكەن، ئۇ نەيزىۋازلىقنى ئۇبدان بىلىدىكەن، چامباشچىلىق ۋە چېلىشۋازلىقنىڭ پىرى ئىكەن. ئۇ داۋراڭ سېلىپ: «تەيشەن قاتارلىق ئۈچ تاغقا چىقىپ باتۇرلار بىلەن چېلىشىپ باقتىم، ماڭا ھېچقايسىسى تەڭ كېلەلمىدى، ئالەمدە ماڭا تەڭ كېلەلىگۈدەك ئادەم يوق !» دەپ ئۆزىنى ماختاپلا كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق گۆمپىسىغا تايىنىپ مېنىڭ ئوقتىمگە چاڭ سالماق بولدى، مەن ئۇنىڭغا يول قويمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن مۇشت ـ تېپىك يەپ، ئىككى ئاي ئورنۇمدىن تۇرالماي ياتتىم. ئۆزلىرى كەلگەن كۆنلەردىمۇ تېخى باش ـ قوللۇرۇم تېڭىقلىق ئىدى، ھازىرغىچە جاراھەت ـ يارىلىرىمنىڭ ئىزى تېخى يېتمىدى. ئادەم باشلاپ بېرىپ ئۇنى تازا پومىلىسام بولاتتى، بىراق جاڭ قۇربېگىنىڭ لەشكەرلىرى قوزغىلىپ كېتىپ قالسا، كۆچۈم يەتمەي قالارمىكىن دەپ بۇ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئىنتىقامىمنى ئالالماي كېلىۋاتىمەن. ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ مەرد ئوغلان دېگەن داڭقىلىرىنى ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەنمەن، شۇڭا بۇ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بېرىپ، مېنى پۇخادىن بىر چىقىرىپ قويغان بولسىلا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى دەپ ئويلىدىم، بىراق ئۆزلىرىنى يىراق يول بېسىپ رىيازەت چەكتى، ھاردۇق ـ پاردۇقى چىقىپ، ماغدۇر ـ پاغدۇرىغا كېلىپ بولالمىدى، يېرىم يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن مۇبارەك تېنى ماغدۇر ـ پاغدۇرىغا ئوبدان كەلسە ئاندىن مەسلىھەت سالارمەن دەپ تۇراتتىم، سەھرالىق دۆتلەر بىۋاقىت ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىپ

قاپتۇ، پىقىر ئىنىلىرى ئۆزلىرىگە راستىنى ئېيتىمىسام بولمىدى.

ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇ جىياڭ ئىشىك مۇئەككىلى دېگەن نېمىنىڭ باش ـ بىلەكلىرى بىرنەچچىدىنمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، ئۇنىڭمۇ بېشى بىر، بىلىكى ئىككى، قانداقسىغا نەچچىدىن بولسۇن؟ — دېدى شى ئېن.

— مەنزە ئۇنى ئۈچ بېشى، ئالتە بىلىكى، يالماۋۇزدەك گۇمپىسى بار بىرنەرسە دەپ قورقۇپ كېتىپتىمەن؛ ئۇمۇ بىر باشلىق، ئىككى بىلەكلىككلا بىرنېمىكەنغۇ! يالماۋۇز سىياق بولمىغاندىكىن ، ئۇنىڭدىن نېمىشقا قورققۇلۇق؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ كۈلۈپ.

— پىقىر ئىنىلىرى كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئاجىز، گۇمپىغا خام بولغانلىقىمدىن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمەن.

— ئۆزۈمنى ماختىغانلىق ئەمەس، مەن گۇمپامغا تايىنىپ ئۆمرۈمدە ئالەمدىكى نى ـ نى زوراۋان نوچىلار، ھاياسىزلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپلا كەلگەنمەن. ئۇنداق بولسا نېمە ئىش قىلىمىز؟ مەي ـ پەي بولسا يولدا ئىچىشكە تەييارلىسىلا، مەن ئۆزلىرى بىلەن دەرھال باراي، مېنىڭ بۇ مۇتتەھەمنى يولۋاسقا ئوخشاش ئۇجۇقتۇرمىغىنىمنى بىر كۆرسىلە، قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويسام، ئۇنىڭ ھۆددىسى ئۆزۈمگە ھېساب.

— ئاغا، ئازغىنا تەخىر قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا. پېشۋايىم چىقىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن تۇتۇش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئەتە، ئاۋۋال بىر ئادەمنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپ ئۇقۇپ باقايلى، ئەگەر ئۇ ئۆيدە بولسا، ئۆگۈنلۈككە بارايلى. ئەگەر ئۇ مۇتتەھەم ئۆيدە بولمىسا، يەنە ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز. قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق بېرىپ «ئۇركۈتۈپ» قويساق، ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالىمىز، ئۇ چاغدا ياخشى بولمايدۇ.

— كىچىك كۆرەبېگىم، سىلىنى ئۇنىڭ ئۇرغانلىقى

ئۆزلىرىگە مەلۇملۇقۇ! شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇنداق ئولتۇرۇش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس! بارساق بارايلى، يەنە نېمىشقا بۇگۈن ـ ئەتە دەپ ئولتۇرىمىز! بارىدىغان ئىش بولسا ماڭىلى، يا ئۇنىڭ تەييارلىقى پۈتمەي قالارمىكىن دەمدىلا ! — دېدى ۋۇ سۇڭ رەنجىپ. دەل شۇ يەردە ئۇنىڭغا گەپ چىشلىتەلمەي تۇرغاندا، دەرپەردە ئارقىسىدىن چوڭ كۈرەبېگى چىقىپ كەلدى. ئۇ:

— ھەي مەرد ئوغلان، پېقىر ئۆزلىرىنى ئۇزاق زاماندىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، بۈگۈن كەمىنىلىرى ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ، خۇددى بىر نادان ئادەم بۇلۇت يىرىپ چىققان ئاپتاپنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. قېنى ئىچكىرىكى سارايغا ئىلتىپات قىلسىلا، كىچىككىنە ھال ـ مۇڭ قىلىشايلى، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئىچكىرىگە كىردى، چوڭ كۈرەبېگى:

— مەرد ئوغلان، ئولتۇرسىلا، — دېدى.

— پېقىر بىر گۇناھكار تۇرسام، قانداقسىغا ئۆزلىرى بىلەن روبىرو ئولتۇرالايمەن؟

— ئۇنداق دېمىسىلە مەرد ئوغلان. پېقىر جانابلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمگە ئۆزۈمنى بىھېساب بەختىيار ھېسابلاۋاتىمەن، نېمىشقا مۇنداق تەكەللۇپ قىلىدىلا؟

ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوش ـ خوش دەپ ئولتۇرمايلا ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن ئالدى. شى ئېن بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ:

— كىچىك كۈرەبېگىم، نېمىشقا ئولتۇرماي ئۆرە تۇرىدىلا؟ — دېدى.

— پېشۋايىم ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرىدۇ، ئاغا ئۆزلىرى بەھۇزۇر ئولتۇرىۋەرسىلە، — دېدى شى ئېن.

— ئۇنداق بولسا، مەن قورۇنۇپ ئولتۇرالمايدىكەنمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— پالۋىنىم مۇنداق دەپ تۇرغاندىكىن، ئولتۇر ئوغلۇم، بۇ



www.uyghurkitap.com

يەردە يات ئادەممۇ يوققۇ، — دېدى چوڭ كۈرەبېگى.
شۇنىڭ بىلەن شى ئېن ئولتۇردى. خىزمەتكارلار مەي - گېزەك، مېۋە - چېۋە، غىزا - تائاملارنى كەلتۇردى، چوڭ كۈرەبېگى ۋۇ سۇڭغا ئۆز قولى بىلەن مەي تۇتۇپ:
— ئۆزلىرى شۇ قەدەر شىرمەت تۇرسىلا، كىممۇ قول قويۇپ ھۆرمەت قىلمىغاي. كەمىنىلىرى بۇرۇن ئارامجاڭگالدا ئاز - تولا سودا - سېتىق قىلغان بولسامۇ، مال - دۇنيا، پايدا - مەنپەئەت ئارقىسىدىن قوغلىشىپ كەتمىگەنىدىم، پەقەت مېڭجۇ ئايمىقىغا شانۇشۆھرەت كەلتۈرۈش كويىدىلا بولغانىدىم؛ ئەمدى كۇتۇلمىگەندە جياڭ ئىشىك مۇئەككىلى زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ بۇ ماكاننى ئۆكتەملىك بىلەن تارتىۋالدى، مەرد ئوغلان، ئۆزلىرىسىز بۇ قىساس - ئىنتىقامىمىزنى ئالالمايمىز. پالۋىنىم، كەمىنىلىرىنى پەسەنتلىرىگە ئالسىلا، پېقىرنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرام يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە تۇتقان بۇ شارابىمغا ئېغىز تېگىپ، تاۋاپ - تەزىمىمنى قوبۇل قىلىپ ، پېقىرنى ئىنى تۇتقايلا، — دېدى.
— كەمىنىلىرىدە ھېچ بىلىم - ئىقتىدار بولمىسا، بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىراملىرىنى نېچۈك قوبۇل قىلالىغايمەن؟ مەن بۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس، — دەپ ۋۇ سۇڭ مەينى ئىچىۋەتتى، شى ئېن ئېگىلىپ تۆت مەرتەم تەزىم قىلدى، ۋۇ سۇڭ دەرمەھەل ئىلىك ئېلىپ ئىنى تۇتۇشقا قول بەردى. شۇ كۈنى ۋۇ سۇڭ خۇشلۇقىدا مەي ئىچىۋېرىپ قاتتىق مەست بولۇپ قالدى. ساھىبخانا ئۇنى كىشىلەرگە يۆلىتىپ قونالغۇسىغا يەتكۈزۈپ قويدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.
ئەتىسى شى ئېن دادىسى بىلەن كېڭىشىپ: «ۋۇ سۇڭ تۈنۈگۈن ئاخشام قاتتىق مەست بولۇپ قالدى، ئۇنى چوقۇم مەي چېشىلىۋالدى، بۈگۈن ئۇنىڭغا قانداق بار دېگىلى بولىدۇ؟ ۋۇ سۇڭغا ھېلىقى بىرنېمىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقۇشتۇق، ئۇ ئۆيىدە يوق ئىكەن، دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ بىر كۈن ئارقىغا

www.uyghurkitap.com

سۇرەيلى، ئاندىن بىر گەپ بولار» دېگەن يەرگە كەلدى. شۇ كۈنى شى ئېن ۋۇ سۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بۈگۈنچە بارماس بولدۇق ، پىقىر ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقۇشسام، ئۇ مۇتتەھەم ئۆيىدە يوق چىقتى، ئەتە ناشتىدىن كېيىنلا ئۇزلىرىنى چاقىرسام بىرىپ كەلسەڭ، — دېدى.

— ئەتە بارساقمىغۇ ھېچقىسى يوق، بۈگۈن يەنە بىر كۈن دىمىقتا بولىدىغان بولدۇم - دە، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

شى ئېن بىلەن ۋۇ سۇڭ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن دەملەنگەن چايلارنى ئىچىۋېلىپ، كۇرە ئالدىغا ئىستىراھەتكە چىقتى، بىر پەس ئىستىراھەت قىلغاندىن كېيىن مېھمانخانىغا قايتىپ كىرىپ ، نەيزىۋازلىقنىڭ قائىدە - يولىلىرى ئۈستىدە سۆزلەشتى، چامباشچىلىقتا سىنىشىپ كۆردى. كۈن قىيىلغاندا شى ئېن ۋۇ سۇڭنى ئۆيىگە چىللاپ ئەكىرىپ، ئۇنى ھەددى - ھېسابسىز غىزا - تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى، لېكىن مەينى بولسا بىرنەچچە قەدەھلا تۇتتى. ۋۇ سۇڭنىڭ مەينى تازا ئىچكۈسى بار ئىدى، بىراق شى ئېننىڭ مەينى كىچىك قەدەھتە بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى. چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋۇ سۇڭ خوشلىشىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى خىزمەتكار يەنە يۈز - قوللارنى يۇيىدىغان سۇ ئىسسىتىپ كىردى. ۋۇ سۇڭ:

— كىچىك كۇرەبېگىم مېنى نېمىشقا غىزا - تائاملار بىلەنلا مېھمان قىلىپ، كۆپرەك مەي ئىچۈرمەيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— يۇزبېشىم، ئۆزلىرىدىن يوشۇرالمايمىز، بۈگۈن ئەتىگەندە چوڭ كۇرەبېگىم بىلەن كىچىك كۇرەبېگىم مەسلىھەت قىلىشتى، ئەسلىدە ئۆزلىرىدىن بۈگۈن ھېلىقى يەرگە بىرىشنى ئىلتىجا قىلماقچىكەن، بىراق ئۆزلىرىنى ئاخشام مەينى كۆپ ئىچىۋەتتى، بۈگۈن مەي چىشلىۋالغان بولسا رەسمىي ئىشقا دەخلىسى يېتىپ

قالارمىكىن دەپ مەيگە زورلىمىدى. ئەتە رەسمىي ئىشنى بېجىرىپ كېلىش ئۈچۈن بېرىشقا ئىلتىجا قىلماقچى، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكارلار.
— ئۇنداق بولسا، مەست بولۇپ قالسام ئۇنىڭ چوڭ ئىشىغا دەخلى يېتىدىكەن ـ دە؟
— ھەببەللى، ئاشۇنى كۆزلىدى.
شۇ كېچىسى ۋۇ سۇڭ تاڭنى تەقەززالىق بىلەن ئاتقۇزۇپ، سەھەر تۇرۇپ يۈز ـ كۆزنى يۇغاندىن كېيىن بېشىغا توشقان قۇلاق بوغمىچىنى ئوراپ، ئۈستىگە توپا رەڭ بۆز كۆڭلىكنى كىيىپ، بېلىگە قىزىل شايى پوتىسىنى باغلىدى، تىزلاپچىلىرىنى يۆگەپ، سەككىز قۇلاقلىق چىگە چورۇقىنى تارتتى. كىچىككىنە مەلھەم دورا تېپىپ، يۈزىگە چېكىلگەن خەتنىڭ ئۈستىگە چاپلىدى. بۇ چاغدا شى ئېن ئۇنى ئۆيىگە ناشتا قىلىشقا چىللاپ كەلدى، ۋۇ سۇڭ چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، شى ئېن:
— ئوقۇردا ئات توقۇقلۇق، مىنىپ بارارلا، — دېدى.
— مەن كىچىك ئاياغ بولمىسام، ئات مىنىپ نېمە ئىش قىلىمەن؟ پەقەت بىرلا ئىش بار، شۇنىڭغىلا ماقۇل بولسىلا بولىدى.
— ئاغا، تارتىنماي دەۋەرسىلە، پېقىرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ماقۇل بولمايمەن دېيىشكە نېمە ھەددىم؟
— مەن ئۆزلىرى بىلەن شەھەردىن چىققاندا، مېنىڭ «ئۈچ ئاپقۇر كۆتۈرمىگۈچە تۈغ ئالدىدىن ئۆتمەيمەن» دەيدىغان ئىرادەمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا كاپالەتلىك قىلىسىلىلا بولىدى.
— ئاغا، «ئۈچ ئاپقۇر كۆتۈرمىگۈچە تۈغ ئالدىدىن ئۆتمەسلىك» دېگەنلىرى قانداق گەپ؟ مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدىم.
— مەن ئۇنى ئۆزلىرىگە چۈشەندۈرەي، ئۆزلىرى جياڭ ئىشىك مۇئەككىلىنى بابلىماق بولسىلا، شەھەردىن ئۇ يەرگە بېرىشقا

www.uyghurkitap.com

توغرا كېلىدۇ، يولدا مەيخانىلا ئۇچرايدىكەن، ھەربىر مەيخانىدا ماڭا ئۈچ ئاپقۇردىن مەي ئىچۈرىدىلا، ئەگەر ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچۈرمىسىلە، مەي تۇغى ئالدىدىن ئۆتمەيمەن. مانا بۇ «ئۈچ ئاپقۇر كۆتۈرمىگۈچە تۇغ ئالدىدىن ئۆتمەيمەن» دېگەنلىك بولىدۇ، — دېدى ۋۇ سۇڭ كۈلۈپ.

شى ئېن ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ كېتىپ:

— كۈنچىقىش دەرۋازىسىدىن چىقىپ بۇ ئارامجاڭگالغا بارغۇچە ئون تۆت - ئون بەش چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، يول بويىدىكى مەيخانىلارنى ساناپ كەلسەك، ئون ئىككى - ئون ئۈچ ئۆيلۈككە يېتىدۇ؛ ئەگەر ھەربىر مەيخانىدا ئۈچ ئاپقۇردىن مەي ئىچسىلە، ئوتتۇز نەچچە ئاپقۇر مەي ئىچىپ ئاندىن يېتىپ بارىدىلا. ئاغا، بۇنداقتا مەست بولۇپ قالسىلا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— ئۆزلىرى مېنى مەست بولۇپ قالسا، كۈچ - قۇدرىتى قالمايدۇ، دەمدىلا؟ ئۇنداق ئەمەس، مەن تېخى مەي ئىچمىسەم كۈچ - قۇدرەتسىز بولۇپ قالىمەن. بىر سەر مەي ئىچسەم بىر ھەسسە كۈچ - قۇۋۋەت كىرىدۇ، بەش سەر مەي ئىچسەم بەش ھەسسە كۈچ - قۇدرەت كىرىدۇ، ئەگەر ئون سەر مەي ئىچمىدىغان بولسام شۇنچىلىك قۇدرەت كىرىدۇكى، ئۇ كۈچ - قۇدرەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالىمەن. ناۋادا مەي كەيپىدە شۇنچىلىك كۈچ - قۇدرەت كىرمىگەن بولسا، جىڭياڭ داۋىنىدا ھېلىقى يولۋاسنى قانداق ئۆلتۈرەلەيتتىم؟ ئاشۇ چاغدا مەن تازا كەيىپ بولغانلىقىمدىن ئۇنىڭغا قول سالالىدىم، ۋۇجۇدۇمغا شۇنچە كۈچ - قۇدرەت كىردى، — دېدى ۋۇ سۇڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ مىجەزلىرى ئۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن، — دېدى شى ئېن، — ئۆيۈمدە ئېسىل مەي دېگەن كوزا - كوزىلاپ تۇرۇپتۇ، ئۆزلىرىنى مەست بولۇپ قالسا، خېيىم - خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ، ئاخشام مەيگە زورلاشقا پېتىنالمىدىم، ئاغا، ئىچكەنلىرىچە ئىچۈۋەرسىلە، ئۆزلىرىگە مەي

ئىچكەندىن كېيىن شۇنچىلىك كۈچ - قۇدرەت كىرىدىغان بولسا، ئىككى خىزمەتكارنى ئالدىدىن ماڭدۇرۇۋېتەيلى، ئۇلار ئۆيدىكى ئېسىل مەي - شاراب، مېۋە - چىۋە، كۆك - گېزەكلەرنى ئاپىرىپ يولدا ساقلاپ تۇرسۇن، ئۆزلىرى بارغاندىن كېيىن كۆڭۈللىرى تارتقىنىچە ئىچسىلە، — دېدى.

— ھەببەللى، مۇشۇنداق بولسا ئاندىن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك بولىدۇ! جىياڭ ئىشىك مۇئەككىلىنى بابلاشتىمۇ مەن خېلى يۈرەكلىك بولۇپ قالىمەن. مەي بولمىسا، ھۈنەر - پۈنەرلىرىمنى نېچۈك ئىشلىتەلەي؟ بۈگۈن سىلىگە بۇ مۇتتەھەمنى بابلاپ بېرىپ، خالايىقنى بىر خۇش قىلاي! — دېدى ۋۇ سوڭ.

شى ئېن دەرمەھەل نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىككى خىزمەتكارغا يېمەكلىك ۋە مەي - شارابلارنى قاچىلىتىپ ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتتى، ئاندىن ئۆزى يېنىغا ئازراق پۇل - پۈچەك ئېلىۋېلىپ يولغا چىقتى، چوڭ كۆرەبېگىمۇ جىمجىتلا ئون - يىگىرمە قاۋۇل دارازىنى تاللاپ، ئاستاغىنا ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ بولۇشۇشقا بۇيرۇدى.

ئەمدى شى ئېن بىلەن ۋۇ سوڭ ئامانتۇرادىن ئايرىلىپ مېڭجۇ ئايمىقىنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسى سىرتىغا چىقتى. بۇلار ئۈچ - تۆت يۈز قەدەم ماڭغاندىن كېيىنلا خانلىق يول بويىدا بىر مەيخانا كۆرۈندى، ئۇنىڭ لەمپىسىگە مەي تۇغى ئېسىلغانىدى، ھېلىقى ئەپكەش كۆتۈرۈپ مېڭىپ كەتكەن خىزمەتكارلار ئۇ يەرگە بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شى ئېن ۋۇ سوڭنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن خىزمەتكارلار كۆك - گېزەكلەرنى كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن مەي كەلتۈردى. ۋۇ سوڭ:

— كىچىك قەدەھلەرگە قۇيماي، ئۈچ چوڭ ئاپقۇرغىلا قۇيۇپ ئەكىرىڭلار، — دېدى.

خىزمەتكارلار چوڭ ئاپقۇرلارنى تىزىپ مەي قۇيدى. ۋۇ سوڭ تۈزۈت - پۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئاپقۇر

بوشتىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. خىزمەتكارلار شاق ـ شۇق چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇردى ـ دە، يولغا راۋان بولدى، ۋۇ سۇڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— مەينى ئەمدىلا ئىچتۇق، قورساقتا كىرىپ قىزىتسۇن، يۇرسىلە بېرىپ بىردەم ئارام ئالايلى، — دېدى ـ دە، ئىككىسى مەيخانىدىن چىقىپ سارايغا كەلدى. بۇ دەل تومۇز ئىسسىقى تېخى يانمىغان، كۈز شامىلى ئەمدىلا چىقىۋاتقان يەتتىنچى ئاي مەزگىللىرى ئىدى. ئىككىيلەن كىيىملىرىنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ يەنە بىر چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرە ـ يۈرمەيلا، بىر جايغا يېتىپ كەلدىكى، ئۇ نە سەھرا، نە قەلئە ئەمەس، باشقىچە بىر ماكان بولۇپ، يىراقتىن دەرەخزارلىق ئىچىدە بىر مەيخانا تۇغى لەپىلدەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرەخزارلىققا يېقىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ مەيزاپ ساتىدىغان شۇنداق بىر مەيخانا ئىكەنكى:

خان يولىدا شۇ يېزا، سۇ بويىدا مەيخانىسى،
ئىشىك ئالدى بۈك ـ باراقسان كۆلىدە شوخ لەيلىسى.
كۆكتە لەرزان يەلپۈنەر مەيىن شامالدا مەي تۇغى،
بويىتۇ كالتە چىغ پەردە پىژ ـ پىژئاپتاپنىڭ توسۇقى.
سۇپسۇزۇك مەيزاپ تۇرۇپتۇ لوڭقا ئىچرە تەكچىدە،
خۇمرىدىن گۈپ ـ گۈپ پۇرايدۇ يېڭى مەي ئاشخانىدا.
ئاچسا خۇمرا ئاغزىنى ئون يولغا كەتكەي پۇرىقى،
مەست بولۇپتۇ شۇ شارابقا مەيپۇرۇش تام قوشنىسى.

شۇ ئەسنادا شى ئېن بىلەن ۋۇ سۇڭ يېزا مەيخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى، شى ئېن ئۇ يەردە توختاپ:

— بۇ مەيزاپ ساتىدىغان مەيخانا ئىكەن، ئىچمەلمىكىن، ئاغا؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ مەيلى ئاچچىق بولسۇن ياكى قىرىق بولسۇن، مەيلا

بولغاندىكىن ئۈچ ئاپقۇر ئىچمەي بولماس، ناۋادا ئۈچ ئاپقۇر ئىچمىسەم ، مەي تۇغى ئالدىدىن ئۆتمەيمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

بۇ ئىككىيلەن مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، خىزمەتكار مېۋە - چېۋە، مەيزاپلار كەلتۈردى. ۋۇ سۇڭ ئارقىمۇئارقا گۈپ - گۈپ ئۈچ ئاپقۇر ئىچىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا قوزغالدى. خىزمەتكار قاچا - قۇچىلارنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ ئۇلاردىن ئاۋۋال يولغا چىقتى. شى ئېن بىلەن ۋۇ سۇڭ مەيخانىدىن چىقىپ بىر - ئىككى چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا يەنە بىر مەيخانىغا كېلىپ قالدى، ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭغىمۇ كىرىپ يەنە ئۈچ ئاپقۇر ئىچىۋېلىپ ماڭدى.

قۇرۇق گەپنى قويايلى. شى ئېن ۋۇ سۇڭ بىلەن كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە ئۇچرىغانلىكى مەيخانىغا كىرىپ ۋۇ سۇڭغا ئۈچ ئاپقۇر ئېسىل مەي ئىچۈرۈپ ماڭدى، ئالاھازەل ئون نەچچە ئورۇندىكى ئېسىل مەي ساتىدىغان مەيخانىغا كىرىپ مەي ئىچكەندىن كېيىن شى ئېن ۋۇ سۇڭغا قارىدى، ئۇ ئۇنچىۋالا مەست بولۇپ كەتمەپتۇ. ۋۇ سۇڭ شى ئېندىن:

— بۇ يەردىن ئارامجاڭگالغا يەنە قانچىلىك يول بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئانچە ئۇزۇن قالمىدى، ئالدىمىزدىكى ئاشۇ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان جاڭگاللىق شۇ، — دېدى شى ئېن.

— خوپ، كېلىپ قالغان بولساق، ئۆزلىرى باشقا بىر ئورۇندا مېنى كۈتۈپ تۇرسىلا، ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈم باراي.

— بۇ ئوبدان گەپ بولدى. پېقىر ئىنىلىرىدىن غەم قىلمىسىلا. ئاغا، ئۆزلىرىگە پەخەس بولسىلا، رەقىبنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

— ھېچقىسى يوق، سىلى خىزمەتكارغا مېنى ئاپارغۇزۇپلا قويسىلا بولدى، ئالدىمىزدا مەيخانا بولسا يەنە ئىچىمەن.

شى ئېن خىزمەتكارلارغا ۋۇ سۇڭنى بايىقىدەكلا خەۋەر ئېلىپ يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى يۈرۈپ كەتتى.

ۋۇ سۇڭ ئۇچ ـ تۆت چاقىرىم ماڭغا ـ ماڭمايلا يەنە ئۇن نەچچە ئاپقۇر مەي ئىچتى. بۇ ھاۋا تازا قىزىپ كەتكەن، لېكىن ئاز ـ پاز سالقىن شامال چىقىپ تۇرغان چۈش ۋاقتى ئىدى، مەي ۋۇ سۇڭنى قىزىتتى، ئۇ كۆڭلىكىنى سىيلىۋەتتى. ئۇ يەتتە ـ سەككىز سەر مەي ئىچكەن بولسىمۇ، ئۇن سەر ئىچىپ مەست بولغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئالدى ـ كەينىگە دەلدەڭشىپ، غالداڭ ـ غۇلدۇڭ قىلىپ ماڭدى، جاڭگاللىقنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، خىزمەتكار:

— ئالدىمىزدىكى ئاشۇ دوقمۇشتا تۇرغان مەيخانا جياڭ ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ مەيخانىسى بولىدۇ، — دەپ ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.

— خوپ، يېتىپ كەلگەن بولساق، يىراقتا بىرىپ ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار، مەن ئۇنى بابلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كېلىڭلار، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

ۋۇ سۇڭ دەرەخلىكتىن ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىسا، ئاپپاق كۆڭلەك كىيگەن بىر شىرمەت دارازا يۈلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئىككى پۇتىنى يەنە بىر ئورۇندۇققا مىنگەشتۇرۇۋېلىپ، قولىغا يەلپۈگۈچ تۇتقان ھالدا ياپيېشىل باراقسان تۇخۇمەك تېرەك تۈۋىدە سەگدەۋېتىپتۇ.

ۋۇ سۇڭ بۇ ئادەمگە قارىسا، ئۇ شۇنداق ئادەم ئىكەنكى:

رەڭگى ياۋۇز، تەقى ـ تۇرقى شۇنچە تومپاي سەت ئىكەن،
يۈزى مىڭ قورۇق، تېنى ياغاچقا ئوخشاش ئەت ئىكەن.
ياخپىيىپ سارغۇچ ساقىلى ئېڭىكى ئەتراپىدا،
پۈلتىيىپ ئىككى كۆزى ۋال ـ ۋۇل قىلار قاش ئاستىدا.
ئۇ ئەمەس قاۋۇل دارازا، نە زېمىن كۈچتۇڭگۇرى،
دەر ھەقىقەت تەقى ـ تۇرقى مۇت ئىشىك مۇئەككىلى.

ۋۇ سۇڭ يالغاندىن مەست بولۇۋېلىپ، كۆزىنىڭ قىرى بىلەن

ئۇنىڭغا قاراپ: «بۇ دارازا چوقۇم ئاشۇ جياڭ ئىشىك مۇئەككىلى دېگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ئۇدۇللا ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ ئوتتۇز ـ قىرىق قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا بىر دوقمۇشتا چوڭ مەيخانا كۆرۈندى، ئۇنىڭ لەمپىسىدىكى خادىغا مەي تۇغى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، مەي تۇغىغا: «ئارامگاھ» دېگەن سۆزلەر چوڭ ـ چوڭ قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى، ئايلىنىپ ئۆتۈپ قارىسا، ئىشىك ئالدىدىكى يېشىل سىرلانغان شادىغا ئىككى زەر تۇغ قادالغان بولۇپ، ئۇلارغا «كەيىپ سۈرۈپ ئالەمنى كېزەرسەن، مەي ئىچىپ ئۇزۇن ياشارسەن» دېگەن سۆزلەر ھەل بىلەن يېزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە چاچەپ، دۆشە، قىڭراق قاتارلىق سايمانلار؛ يەنە بىر بۇرجىكىدە مانتا ـ پانتا پىشۇرىدىغان ئوچاق، ئۆينىڭ ئىچىگە مەي قاچىلانغان ئۈچ چوڭ كۈپ جايلاشقان، بۇ كۈپلەر يېرىمىغىچە يەرگە كۆمۈپ قويۇلغان، ھەربىرىنىڭ ئىچىگە يېرىمدىن كۆپرەك مەي قاچىلانغانىكەن؛ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پوكەي قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ياشقىنا بىر چوكان ئولتۇرۇپتۇ، بۇ چوكان جياڭ ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ مېڭجۇ ئايىمىقىغا كېلىپلا نىكاھىغا ئېلىۋالغان كىچىك خوتۇنى ئىكەن، ئۇ ئەسلىدە ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىدا ناخشا ـ قوشاقلار ئېيتىدىغان ئۇستا ھاپىز چوكان ئىدى، ئۇنىڭ سىياقىنى قانداق دېسىڭىز:

قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، كۆزلىرى ياقۇت ـ لەھەل،
بارمىقى يۇمران قەلەمچە، كالپۇكى جىنەستە دەل.
تاج كىيگەن گۈل ـ چېچەك ئەيلەپ بېلىقنىڭ پوستىنى —
چاچىدۇ چاچ ئۇستىدە گويا قۇياشتەك ئالتۇن ھەل.
خوپ ياراشقان تېنىگە قىزىل ئانار رەڭ كۆڭلىكى،
تېنى يۇمران كۆكتىكى گوياكى ئاق بۇلۇت مەسەل.
قىستۇرۇپ ئالتۇندا جىغا چېچىغا شۇ نازىنىن،

www.uyghurkitap.com

قولىغا ساپتۇ بىلەزۈك كۆز قويۇپ ياقۇتتا تەل.
مەينى دەپ ئىشق ئوتىغا چۈشكەن كۆيۈپ گۈي خۇ①غۇ بۇ،
يارنى دەپ مەيخانا ئاچقان ياكى ئۇ ۋىن جۇن② گۈزەل.

ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭغا كەيىپ كۆزى بىلەن نەزەر تاشلاپ ئىشتىك مەيخانىغا كىرىپ، پوكەينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۇدۇل بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ـ دە، پوكەيگە يۆلەنگىنىچە چوكاندىن كۆزنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، چوكان ئۇنى كۆرۈپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

ۋۇ سۇڭ دۇكاننىڭ ئۇياق ـ بۇيىقىغا نەزەر تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە خىزمەت قىلىپ يۈرگەن بىر نەچچە مەيپۇرۇش چېلىقتى.

ۋۇ سۇڭ شىرەنى تاقىلدىتىپ:

— ھەي، مەينى قايسىڭلار ساتىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەيپۇرۇشلارنىڭ باشلىقى كېلىپ، ۋۇ سۇڭغا:

— مېھمان، سىلىگە قانچىلىك مەي كەلتۈرىمىزكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككى جام مەي كەلتۈرۈڭلار، ئاۋۋال تېتىپ باقاي، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

مەيپۇرۇش پوكەي ئارقىغا ئۆتۈپ ھېلىقى چوكانغا ئىككى جام مەي قۇيدۇردى ۋە ئۇنى شارابدانغا تۆكۈپ ئۇنىڭدىن بىر ئاپقۇر ئىللىتىپ ئەكېلىپ:

— قېنى مېھمان، تېتىپ باقسىلا، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ قولىغا ئېلىپ پۇراپ بېقىپ، بېشىنى چايقاپ:

— ياخشى ئەمەس ئىكەن، باشقىنى ئەكەل، — دېدى.

مەيپۇرۇش ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال پوكەي ئالدىغا كېلىپ:

— خېنىم، بۇنى شاققىدە يەڭگۈشلەپ بەرسىلە، — دېدى.

①② گۈي خۇ، ۋىن جۇن — قەدىمدە يار ئىشقىدا شەيدا بولۇپ، ئاخىر مۇرادىغا يەتكەن ئەر ـ ئاياللار.

چوكان مەينى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۇپكە تۆكۈۋېتىپ، ئېسىل مەيدىن قۇيۇپ بەردى، مەيپۇرۇش ئۇنى ئىللىتىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ۋۇ سۇڭ قولىغا ئېلىپ بىر يۇتۇم ئوتلاپ:

— بۇمۇ ياخشى مەي ئەمەس ئىكەن، چاپسان باشقىنى ئەكەل، ئاندىن كەچۇرىمەن سېنى ! — دەپ ۋارقىرىدى.

مەيپۇرۇش ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مەينى كۆتۇرگىنىچە پوكەينىڭ يېنىغا بېرىپ:

— خېنىم، بۇنى شاققىدە ياخشىراقىغا يەڭگۇشلەپ بەرسىلە، ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەردەك چاغلىغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ مېهمان مەست بولۇپ قاپتۇ، چاتاق چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئېسىلراق مەيگە يەڭگۇشلەپ بېرەيلى، — دېدى.

چوكان مەيپۇرۇشقا يەنە بىرىنچى دەرىجىلىك مەيدىن قۇيۇپ بەردى، ئۇ شارابدانىنى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىغا ئەكېلىپ ، يەنە بىر ئاپقۇر ئىللىتىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

— هە، بۇ مەي بىرە تۇزۇك ئىكەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ ئۇنى ئىچىپ، — ماڭا قارىغىنا، ئاۋۇ غوجايىنىڭ كىمنىڭ ئۇرۇقىدىن بولىدۇ؟

— ئۇ جياڭ ئۇرۇقىدىن بولىدۇ.

— نېمىشقا لى ئۇرۇقىدىن ئەمەس؟

— بۇ مۇتتەهەم، نەلەردە مەي ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، بۇ يەرگە چاتاق چىقارغىلى كەپتۇ - دە ! — دېدى چوكان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— هېچنېمىنى بىلمەيدىغان يېزىلىق بىر مۇتتەهەمدەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا ! — دېدى مەيپۇرۇش.

— نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— ئۆز گېپىمىزنى قىلىشىۋاتىمىز، مېهمان، كارىڭىز بولماي، مەيلىرىنى ئىچىۋەرسىلە، — دېدى مەيپۇرۇش.

— ماڭا قارىغىنا، ئاۋۇ پوكەيدە ئولتۇرغان چوكاننى

چاقىرىۋەت، ماڭا ئۆلپەت بولسۇن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئالجىما! ئۇ غوجايىنىمىزنىڭ خېنىمى، — دېدى مەيپۇرۇش.

— غوجايىنىڭنىڭ خېنىمى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ماڭا ئۆلپەت بولۇشۇپ بەرسە ھېچقىسى يوق!

— ھەي، ئەبلەخ! بېشىنى يەيدىغان ئوغرى! — دەپ تىللاپ پوكەينى ئىتتىرىۋېتىپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى چوكان غەزەپكە كېلىپ.

ۋۇ سۇڭ ئاللىقاچانلا توپا رەڭ بۆز كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، ئىشتىنىغا قىستۇرۇۋالغانىدى. شارابداندىكى مەينى يەرگە ئۆكتۈرۈپ تۆكۈۋېتىپ، يوگۇرۇپ پوكەينىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ ھېلىقى چوكاننى تۇتۇۋالدى. ۋۇ سۇڭنىڭ ئاشۇنداق قاتتىق قولىدىن ئۇ قانداقمۇ قۇتۇلۇپ چىقالىسۇن؟ ۋۇ سۇڭ بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن ئېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۆرە بۆكىنى مىجىقلاپ تىت - تىت قىلىۋېتىپ كوكۇلىسىدىن تۇتتى - دە، پوكەينىڭ ئارقىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، كۆپنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋەتتى. بۇ بىچارە چوكان پولتۇڭ قىلىپ يوغان كۆپنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ۋۇ سۇڭ شاققىدە پوكەينىڭ ئالدىغا ئۆتتى. خىزمەت قىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە مەيپۇرۇشنىڭ چاققانراقىدىن بىرى ئېتىلىپ كېلىپ ۋۇ سۇڭ بىلەن تۇتۇشتى. ۋۇ سۇڭ بۇنى قولىدا لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، يوغان كۆپ ئىچىگە تاشلىۋېدى، قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ قالدى. يەنە بىر مەيپۇرۇش كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى، ئۇنىمۇ بېلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كۆپ ئىچىگە تاشلىۋەتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئىككى مەيپۇرۇشنى مۇشتلاپ - تېپىپ يەرگە يىقىتتى. ئۈچ كۆپكە تاشلىۋېتىلگەن باشتىكى ئۈچەيلەن كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقالماي تىپچەكلەپ ياتاتتى. كېيىنكى ئىككىسىمۇ يەرگە چاپلاشقىنىچە قىمىرلىيالماي ياتاتتى. بۇ بىرنەچچە بىكار تەلەپلەر شاتراق

ئۇرۇپ غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى. ۋۇ سۇڭ: «بۇ مۇتتەھەملەر چوقۇم جياڭ ئىشىك مۇئەككىلىگە مەلۇم قىلىپ ئۇنى باشلاپ كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ چوڭ يولدا خالايىقنىڭ ئالدىدا تازا ئەدىپىنى بېرىپ شەرمەندە قىلاي» دەپ ئويلىدى ـ دە، گۇس ـ گۇس قەدەم تاشلاپ مەيخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھېلىقى مۇتتەھەملەر جياڭ ئىشىك مۇئەككىلى ئالدىغا بېرىپ مەلۇم قىلدى. جياڭ مۇئەككەل بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئورۇندۇقنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، يەلپۈگۈچىنى تاشلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ۋۇ سۇڭ بولسا ئوبدان رۇسلىنىپ تۇراتتى، ئىككىسى چوڭ يولدا دوقۇرۇشۇپ قالدى. جياڭ مۇئەككەل قەددى ـ قامەتلىك ئادەم بولسىمۇ، يېقىندىن مەيگە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن تېنى زەئىپلىشىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ خېلى چۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ توختاپ قالدى ـ دە، يولۋاستەك تەمبەل ۋۇ سۇڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەرمەن دەپ ئويلىدى. ئۇ ۋۇ سۇڭغا قاراپ، ئۇنى مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ چاغلاپ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. ئېتىماق ئاستا، قىلماق تېز بولدى دېگەندەك، ۋۇ سۇڭ جياڭ مۇئەككەلنىڭ يۈزىگە قوش مۇشتىنى تۇرتۇپ قويۇپ، شاققىدە ئۆرۈلۈپ ئارقىغا ياندى. جياڭ مۇئەككەلنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، ۋۇ سۇڭ تازا كەلتۈرۈپ دوۋسۇنىغا بىرنى تەپتى ـ دە، ئۇ ئىككى قولى بىلەن دوۋسۇنىنى تۇتقىنىچە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. ۋۇ سۇڭ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ كېلىپ ، ئوڭ پۇتى بىلەن جياڭ مۇئەككەلنىڭ دوقا ماڭلىيىغا بىر تېپىۋىدى، تېپىك ماڭلىيىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تەگدى ـ دە، ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مەيدىسىنى چەيلەپ تۇرۇپ، چويۇندەك مۇشتى بىلەن جياڭ مۇئەككەلنىڭ يۈز ـ كۆزىگە سېلىۋەردى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جياڭ مۇئەككەلگە ھۇجۇم قىلىپ قول سالغاندا، ئاۋۋال مۇشت بىلەن تۇرتۇپ قويۇپ، بىر پىرقىراپ

سول پۇتى بىلەن تازا كەلتۈرۈپ بىرنى تېپىۋېتىپ، يەنە بىر پىرقىراپ ئوڭ پۇتى بىلەن تېپىش — ئاتاقلىق «چەرخ قەدەم قوش تېپىك» دەپ ئاتىلىدۇ — مانا بۇ ۋۇ سۇڭنىڭ ئۆمۈر بويى ئەجىر قىلىپ ھاسىل قىلغان، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان چىن ماھارىتى، پۇختا ھۈنىرى ئىدى. ئۇ جياڭ مۇئەككەلنى يەرگە چاپلاشتۇرۇۋەتتى، جياڭ مۇئەككەل يەردە ۋايجان، ۋايجان، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، دەپ زارلىنىپ ياتاتتى. ۋۇ سۇڭ:

— ئەگەر تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشقا ماقۇل دېسەڭ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن ! — دېدى.

— باتۇرۇم، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، ئېيتسىلا، ھېلىغۇ ئۈچ ئىش ئىكەن، ئۈچ يۈز ئىش بولسىمۇ ماقۇل دەيمەن ! — دېدى جياڭ مۇئەككەل يەردە يېتىپ زارلىنىپ.

ۋۇ سۇڭ جياڭ مۇئەككەلگە قولىنى تورتۇپ تۇرۇپ ئۈچ ئىشنى بايان قىلدى. ئەيىۋەھەنناس، ئىشىتىڭلار ئاھۇخاس ! تۇرقى - سىياقىنى ئۆزگەرتىپ باشپاناھ ئىزدەيدۇ، چاچ - ساقىلىنى چۈشۈرۈپ جان قىيىدۇ. ۋۇ سۇڭنىڭ زادى قايسى ئۈچ ئىشنى ئېيتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇزىنچى باب

## شى ئېنىڭ ۋۇ سۇڭنى يوقلاپ ئۈچ قېتىم زىندانغا كىرگەنلىكى ۋۇ سۇڭنىڭ بۆلۈتلۈق كۆلدە ئىنتىقام ئالماقچى بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ۋۇ سۇڭ ئىشىك مۇئەككىلى جياڭ مېنشىننى دەسسەپ تۇرۇپ:

— ئەگەردە سەن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشقا ماقۇل دېسەڭ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن ! — دېدى.

— خوش باتۇرۇم، نېمە دېسىلە ماقۇل، — دېدى ئىشىك مۇئەككىلى يالۋۇرۇپ.

— بىرىنچى ئىش شۇكى، — دەپ سۆز باشلىدى ۋۇ سۇڭ، — پالكۆز يولۋاس شى ئېنىنىڭ مال - بىساتلىرىنى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، دەرھال بۇ ئارامجاڭگال تەۋەسىدىن يوقىلىسەن. ئەسلىدە بۇ نەرسىلەر شۇنىڭكى، كىم سېنى تارتىۋال دەپتۇ؟

— ماقۇل، ۋاي ماقۇل ! — دەپ جاۋاب بەردى ئىشىك مۇئەككىلى شۇ هامان.

— ئىككىنچى ئىش شۇكى، — دېدى ۋۇ سۇڭ يەنە، — هازىر مەن رەھىم قىلىپ سېنى قويۇپ بېرىمەن، سەن دەرھال بېرىپ هېلىقى گاڭگۇڭ - نوچىلىرىڭنى چاقىرىپ كەل، ئۇلار كېلىپ شى ئېنغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتسۇن.

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل ! — دېدى ئىشىك مۇئەككىلى.

— ئۈچىنچى ئىش شۇكى، — دېدى ۋۇ سۇڭ ئاخىرىدا، — تاپشۇرىدىغىنىڭنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ، كېچىچە ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىپ كېتىسەن، ساڭا مېڭجۇ ئايمىقىدا تۇرۇشقا رۇخسەت يوق !

ئەگەر قايتىپ كەتمەيدىكەنسەن، سېنى بىر قېتىم كۆرسەم بىر قېتىم دۇمبالايمەن، ئون قېتىم كۆرسەم ئون قېتىم دۇمبالايمەن. شۇنى بىلىپ قويكى، يېنىكرەكى دۇمبالاپ چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىمەن، ئېغىرراقى دۇمبالاپ جېنىڭنى ئالىمەن.

— ۋاي ماقۇل! ۋاي ماقۇل! نېمە دېسىلە ماقۇل! — دېدى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن غال - غال تىترەپ ياتقان ئېشەك مۈئەككىلى ئىڭراپ.

ۋۇ سۇڭ ئېشەك مۈئەككىلىنى تۇرغۇزۇپ قارىدى، قارىسا، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆكىرىپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ، بوينى سىڭار يېنىغا قىڭغىيىپ، ماڭلىيىدىن تىرىڭلاپ قان چىقىۋېتىپتۇ.

— ئاغزىڭنى ئاچقۇچى بولمايسەن، ئوغرى! — دېدى قول شىلتىپ تۇرۇپ ۋۇ سۇڭ، — جىڭياڭ داۋىنىدىكى يامان يولۋاسنى ئىككى مۇشت بىلەنلا تىك چۈشۈرگەن ۋۇ سۇڭ دېگەن مەن بولىمەن! بىلىپ قوي، سەن قانچىلىك نېمىدىڭ! خەقنىڭ نەرسىسىنى دەرھال قايتۇرىسەن! بولمىسا يەنە دۇمبا يەيسەن، ئۇ چاغدا سېسىق جېنىڭغىمۇ ئىگە بولالماي قالىسەن!

بۇ ئادەمنىڭ ۋۇ سۇڭ ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەن ئېشەك مۈئەككىلى قورقۇشىدا: «خوش، خوش!» دەپ تېخىمۇ يىلىنغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا شى ئېن يىگىرمە - ئوتتۇز ئوغلاننى باشلاپ ۋۇ سۇڭغا ياردەملەشكىلى كېلىپ قالدى. بۇ كەلگەنلەر ۋۇ سۇڭنىڭ ئېشەك مۈئەككىلىنى يېڭىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالدى.

— مەيخانىنىڭ ئەسلىي ئىگىسى كەلدى مانا. سەن ھازىرلا جامائەتنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقۇزۇپ، بۇ مەيخانىنى دەررۇ ئۆز ئىگىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن، — دەپ جېكىلىدى ۋۇ سۇڭ ئېشەك مۈئەككىلىنىڭ كۆزىگە قولىنى سانجىپ تۇرۇپ.

— ئاۋۋال مەيخانىغا ئىلتىپات قىلىشسىلا، باتۇرۇم، — دەپ

تەكلىپ قىلدى ئىشىك مۇئەككىلى.

ۋۇ سۇڭ ئۆز يارەنلىرىنى باشلاپ مەيخانىغا كىردى، كىرىپ قارىسا، مەيخانىنىڭ ئىچىگە مەيلەر تۆكۈلۈپ، ھەممە يەرنى بىر ئاپتۇ، بايىقى ئىككى ئەبلەخ تېخىچە كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقالماي، ئۆزىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇرۇپ، تېپىرلاپ يېتىپتۇ. ھېلىقى خوتۇن بولسا ئۆمىلەپ ئاران تەسلىكتە كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاپتۇ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرى يېرىلىپ، قاپىرىپ، بېلىگىچە مەيگە چىلىنىپ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ؛ خىزمەتكار ـ مەيپۇرۇشلارنىڭ بىرىمۇ قالماي ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كېتىپتۇ.

ۋۇ سۇڭ ئۆز يارەنلىرى بىلەن مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— چاپسان بولۇش، يىغىشتۇرىدىغىنىڭنى يىغىشتۇرۇپ يولۇڭغا مېڭىش ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ بىر ياقتىن بىر ھارۋىنى تەييارلىتىپ، ھېلىقى خوتۇننىڭ كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى تاڭدۇردى ۋە مۇشۇ ھارۋا بىلەن ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنى ماڭدۇرۇۋەتتى. يەنە بىر ياقتىن بايىقى مۇشت ـ تېپىكتىن قۇرۇق قالغان مەيپۇرۇشلارنىڭ بىرىنى بۇيرۇپ، جياڭ مۇئەككەلنىڭ بازار ئىچىدىكى ئون نەچچە گاڭگۇڭ ـ نوچىلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى، ئۇلار كېلىپ، ئىشىك مۇئەككىلى ئۇچۇن شى ئېنىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەڭ ياخشى مەي قاچىلانغان خۇمرىلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، بەزىلىرى شىرەلەرگە مەي ـ گېزەك تىزدى، ئاندىن ھەممەيلەن داستىخانغا تەكلىپ قىلىندى. ۋۇ سۇڭ شى ئېنىنى ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزدى. ھەر كىشىنىڭ ئالدىغا بىردىن ئاپقۇر قويدۇرۇپ، ئۇلار مەي ـ شارابلارنى بىمالال قۇيۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلىندى.

مەي بىرنەچچە ئاپقۇردىن قۇيۇلغاندىن كېيىن ۋۇ سۇڭ سۆز باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، سىلەر بۇ يەردە ھازىر تۇرۇۋېسىلەر: پېقىر ۋۇ سۇڭ ياڭگۇ ناھىيەسىدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمدىن سۈرگۈن قىلىنىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغان، بۇ يەرگە كېلىپلا كىشىلەردىن: «ئارامجاڭگالدىكى بۇ مەيخانا ئەسلىدە كىچىك كۆرەبېگى شى ئېن ئوقەت قىلىپ كەلگەن مەيخانا ئىدى؛ ئۇنى جياڭ مۇئەككەل زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، شى ئېننى زار - زار قاقشاتقان» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. سىلەر ئۇنى پېقىرنىڭ غوجايىنىمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشىم يوق. مەن ئەزەلدىن جاھاندىكى مۇشۇنداق نائەھلىلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپ كەلگەن ئادەممەن. كىمكى ئۇۋالچىلىققا قالىدىكەن، دەرھال قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ، ئۇنىڭغا شەپقەت قولۇمنى سوزىمەن، مەن ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن. ئەسلىدە بۈگۈن بۇ ئەبلەخنى مۇشتلاپلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بىر زىيانكەشنى تۈگەتتەي دېگەنىدىم، بىراق ھەرقايسىڭلاردەك كاتتىلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىغا قارىدىم، ھازىرچە بۇ ئەبلەخكە رەھىم قىلاي، ئۇ بۈگۈنلا باشقا جايغا كەتسۇن، ئەگەر كەتمەي، ئىككىنچى بىرەر جايدا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولسام، جىڭياڭ داۋىنىدىكى يولۋاسنىڭ مىجىقىنى چىقارغاندەك مىجىقىنى چىقىرىۋېتىمەن.

جامائەت ئۇنىڭ جىڭياڭ داۋىنىدىكى يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن يۈزبېشى ۋۇ سۇڭ ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى، شۇڭا ئۇلار دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ:

— ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، باتۇرۇم. مەيخانىنى ھازىرلا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دەرھال بۇ يەردىن كەتسۇن، — دەپ ئۆزرىخاھلىق بىلەن ۋەدە بېرىشتى.

ئىشىك مۇئەككىلى قورقۇشىدا ئۈن - تىنىنى چىقىرالماي شۈك ئولتۇردى. شى ئېن مال - بىساتلىرىنى ئېبدىتلاپ، مەيخانىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، ئىشىك مۇئەككىلى خىجالەت بولۇپ، جامائەتكە رەھمەت ئوقۇدى ۋە بىر ھارۋىنى چاقىرىپ، يۈك -

تاقلىرىنى باستى ـ دە، يولغا ماڭدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ۋۇ سۇڭ جامائەتنى مەي ـ شاراب بىلەن كۈتۈۋالدى، جامائەت بۇرنى ـ قۇلىقىدىن چىققۇچە ئىچىشىپ، كەچ كىرگەندىن كېيىن قايتىشتى، ۋۇ سۇڭ ئۇيقۇغا چۆكتى، شۇ ئۇخلىغىنىچە ئۇخلاپ، ئەتىسى چاي ۋاقتىدا ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى چوڭ كۇرەبېگى شى بوۋايغا كەلسەك، شى بوۋاي ئوغلى شى ئېنىنىڭ ئارامجاڭگالدىكى مەيخانىسىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۇدۇل مەيخانىغا كەلدى ۋە كېلىپلا ۋۇ سۇڭغا رەھمەت ـ تەشەككۇرلەر ئوقۇدى، ئاندىن مەيخانىدا قوت شارابى ئىچىشىپ، بىرنەچچە كۈنلەرگىچە بەزمە ـ ئولتۇرۇشلارنى قىلدى.

ۋۇ سۇڭنىڭ قالتىس ئادەم ئىكەنلىكى ئارامجاڭگال تەۋەسىدىكى جىمى ئادەمگە پۇر كەتتى، شۇڭا ئۇنى يوقلاپ، زىيارەتكە كەلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. چوڭ كۇرەبېگى مەيخانىنى قايتىدىن جۆندەشتۇرۇپ ۋە رەسمىي يولغا سېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئامانتۇراغا قايتىپ كەتتى. شى ئېن جياڭ مۇئەككەلنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ قاياققا كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى ۋە كارى بولماستىن، ئۆز ئوقىتىنى قىلىۋەردى، ۋۇ سۇڭ مەيخانىدا تۇرۇپ قالدى. شى ئېن ئوقەتنى قايتا تىكلىگەندىن كېيىن تاپاۋەت بۇرۇنقىدىن تۆت ـ بەش ھەسسە ئېشىپ كەتتى، ھەرقايسى مەيخانا ۋە قىمارخانا ـ گۆرۈخانىلاردىن ئۇنىڭغا ئۆسۈمى بىلەن ئۆتنە پۇللار كەلگىلى تۇردى. ۋۇ سۇڭنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرە قوپقان شى ئېن ئۇنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ مىڭجۇ ئايمىقىدىكى ئارامجاڭگالنى قايتىۋاشتىن ئىگىلەيدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. بۇ خۇددى تۆۋەندىكى نەزمىدىكىدەك بولدى:

دەككىسىنى خويمۇ يېدى زوراۋانلار،
كىشىلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ قىلغاچ ئۇۋال.
تاپتى نۇسرەت روناق تېپىپ مەردانىلەر،
ئاجىزلارغا بېرىپ مەدەت بولغاچقا دال.
يامانلارنى بابلىغاچقا مەرد ـ يامانلار،
بولدى ئەجەب خۇش شادىمان ئارامجاڭگال.

سائەتلەر كۈنلەرنى قوغلىشىپ، ئۇنداق ـ مۇنداق دېگۈچە بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كۈننىڭ تەپتى يېنىپ، شەبنەم چۈشۈپ ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. كۈز شامىلى يازنى سۈرۈپ، كەچ كۈز پەسلى باشلاندى. ئۇزۇن گەپنى قىيىپ، قىسقا گەپنى باشلايلى. بىر كۈنى شى ئېن مەيخانىدا چامباشچىلىقنىڭ ھېكمەتلىرى توغرىسىدا ۋۇ سۇڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا بىر ئاتنى يېتىلىگەن ئۈچ چېرىك ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ:
— يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭ يۈزبېشى دېگەن كىشى قايسى؟ — دەپ سورىدى مەيخانا ئىگىسىنى چاقىرىپ.
شى ئېن ئۇلارنىڭ مېڭجۇ ئايمىقىدىكى قاراۋۇل چېرىكلەر سۈركاۋۇلى① جاڭ مېڭفاڭ يامۇلىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ:
— ۋۇ سۇڭ يۈزبېشىنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ.
— سۈركاۋۇل بېگىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ۋۇ سۇڭ يۈزبېشىنى چىللاپ كەلدۇق، — دېدى چېرىكلەرنىڭ بىرى، — ۋۇ سۇڭ يۈزبېشى ياخشى ئەر ئىمىش، ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىڭلار دەپ بىزنى ئالاھىدە بىر ئات بىلەن ئەۋەتتى. مانا بېگىمىزنىڭ باغىقى.
شى ئېن باغاقنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «جاڭ سۈركاۋۇل بولسا

① سۈركاۋۇل — لەشكەرلەر نازىرى.

ئاتامنىڭ ئۈستىدىكى ئەمەلدار، ئاتام شۇنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋۇ سۇڭ ھازىر سۈرگۈن قىلىنغان بىر گۇناھكار، ئۇمۇ شۇنىڭغا قاراشلىق، بارمىسا بولماس» دەپ ئويلىدى ـ دە، ۋۇ سۇڭغا قاراپ:

— ئاغا، سۈركاۋۇل بېگىم ئۆزلىرىنى ئەكېلىڭلار دەپ بۇ يىگىتلەرنى ئالاھىدە بىر ئات بىلەن ئەۋەتىپتۇ، قانداق دەيدىلىكىن؟ — دېدى.

ۋۇ سۇڭ كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى دەۋېرىدىغان تۈز كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا ، ئازار يەپ قېلىشىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا:

— ئەگەر مېنى ئالغىلى كەلگەن بولسا، بېرىپ باقاي، قېنى نېمە گېپى باركىن، ئاڭلاي، — دېدى توپتوغرىسىغىلا ۋە دەرھال كىيىملىرىنى ۋە بېشىدىكى بوغمىچىنى يۆتكەپ، ياش بىر يىگىتنى ھەمراھ قىلىپ ئاتقا مىندى ـ دە، ئالغىلى كەلگەن ئادەملەر بىلەن مېڭجۇ شەھىرىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ جاڭ سۈركاۋۇلنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ھېلىقى چېرىكلەرگە سوڭدىشىپ، ئۇدۇل ئايۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، جاڭ سۈركاۋۇلغا كۆرۈندى. ئايۋاندا تۇرغان سۈركاۋۇل جاڭ مېڭفاڭ ۋۇ سۇڭنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتىپ، ئۇنى: «كېلىڭ، كېلىڭ» دەپ قارشى ئالدى. ۋۇ سۇڭ پەستە تۇرۇپ جاڭ سۈركاۋۇلغا سالام بەردى ـ دە، قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە تۇردى، سۈركاۋۇل ۋۇ سۇڭغا قاراپ:

— مەن سىزنى كاتتا باتۇر، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، يېڭىلمەس، زەبەردەس ئەر ئىمىش دەپ ئىشىتتىم. ماڭا سىزدەك بىر ئەزىمەت كېرەك ئىدى، پېقىرغا خاس يىگىت بولۇشنى خالامسىز؟ — دېدى.

— پېقىر بولسام، — دېدى ۋۇ سۇڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ رەھمەت بىلەن، — مەھبۇسلارنىڭ كۈرەسىگە پالانغان گۇناھكارمەن. ئەگەر جانابلىرى لايىق كۆرگەن بولسىلا، خىزمەتلىرىدە بولۇشقا باش ئۈستىگە تەييارمەن.

جاڭ سۈركاۋۇل خۇشاللىقىدا خىزمەتچىلىرىگە دەرھال قەنت ـ گېزەك ۋە مەي ـ شارابلار ئەكەلدۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن تۆپە ـ تۆپىلەپ مەي تۇتۇپ، ۋۇ سۇڭنى مەست ـ ئەلەس قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئالدى ئايۋاننىڭ ئارىلىقى يېنىدىكى يان ئۆيلەردىن بىرىنى راسلىتىپ، ۋۇ سۇڭنى ياتقۇزۇپ قويدى. ئەتىسى يەنە شى ئېنىنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزدى. ئەتە ـ ئاخشاملىرى پات ـ پاتلا ئارقا سارايغا چاقىرتىپ كىرىپ، ئاش ـ تاماق ۋە مەي ـ شارابلار بىلەن مېھمان قىلىپ تۇردى ۋە ئىختىيارىچە ئۆيمۇئۆي كىرىپ چىقىپ يۈرۈشكە يول قويۇپ، ئۆز تۇغقىنىدەك يېقىن كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى ۋە تىككۈچى چاقىرتىپ ئىچى ـ تېشىغا يېڭىباشتىن ئېگىن تىكتۈرۈپ كىيدۈردى. ۋۇ سۇڭ بۇلارنى كۆرۈپ ئىچىدە: «سۈركاۋۇل بېگىم مېنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن بېرى بىر دەممۇ يېنىمدىن ئاجرىغىنى يوق. ئارامجاڭگالغا بېرىپ، شى ئېن بىلەن پاراڭ ـ ماراڭ سېلىشىپ كېلىشكىمۇ چولام تەگمەيۋاتىدۇ. شى ئېن مېنى يوقلىتىپ نۇرغۇن قېتىم كىشى ـ ئەۋەتكەندۇ. بىراق، ئۇلار بۇ قورۇغا كىرەلمەي قايتىپ كېتىۋاتسا كېرەك...» دەپ خۇش بولدى.

ۋۇ سۇڭ جاڭ سۈركاۋۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بەك ئارزۇلۇق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەرز ـ ھالىنى ئېيتىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ۋۇ سۇڭ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەرز ـ ھاللىرىنى جاڭ سۈركاۋۇلغا بىرمۇبىر يەتكۈزۈپ تۇردى، سۈركاۋۇل ئۇنىڭ سۆزىنى يەرماي ھەل قىلىپ بەردى. كىشىلەر ۋۇ سۇڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ، ئۈزۈلدۈرمەي ئەكەلگىلى تۇردى. ۋۇ سۇڭ بىر دانە چىغ ساندۇق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ساندۇققا قاچىلاپ ئاغزىنى قۇلۇپلاپ قويدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.



www.uyghurkitap.com

ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتۈۋاتاتتىكى، ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە سەككىزىنچى ئاي كىرىپ، تاۋۇز چاغىنى كېلىپ قالدى. تاۋۇز چاغىنى كۈنلىرى شۇنداق پەيزى بولۇپ كېتەتتىكى، ھاي ـ ھاي:

تامچىلاپ شەبنەم پەلەكتىن، كۈز شامىلى چىقتى ھەم،
كۆلدە لەيلى غوزىلاپ، تۆكتى چىنار ياپراق شۇ دەم.
كۈزدە قايتقان تۇرنىلار مۇڭلۇق سادادا سايرىشىپ،
كۈز قۇرت ـ قوڭغۇزلىرىمۇ كەتتى ئىڭراپ ـ زارلىنىپ.
كۈز شامىلى تال ـ گىياھلارنى سوقۇپ قىلسا خازان،
يېيىلىپ ياشنايدۇ نېلۇپەر كۆرۈپ يامغۇر ھامان.
ئايرىغاي پەسلىنى كۈز مەنزىرىسى قاق ئورتىدىن،
تاغۇدەرياغا چاچار نۇرىن تولۇن ئاي تۆپىدىن.

شۇ كۈنلەردە جاڭ سۇركاۋۇل ئارقا سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قوشماق ئۆردەك راۋىقىدا بەزمە قۇرۇپ، تاۋۇز چاغىنىنى قۇتلۇقلىدى، بەزمىگە ۋۇ سۇڭنى چاقىرىپ مەي ـ شارابلار بىلەن كۈتتى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە يېقىن جەمەتلىرىنىڭ داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر قەدەھ مەي ئىچىپلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى جاڭ سۇركاۋۇل.

— ھەزرىتى بېگىم، بۇ يەردە جانابلىرىنىڭ ئائىلە ـ خېنىملىرى ئولتۇرۇپتۇ، پېقىر تارتىنىۋاتىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ جاۋابەن.

— يېڭىلىشىۋاتىسىز، مەن سىزنى مەردانە ئوغلان دەپ ھۆرمەتلەپ ئالاھىدە بۇ ئولتۇرۇشقا چاقىرتتىم. ھەممىمىز ئۆز ئادەم تۇرساق، نېمىشقا تارتىنىسىز؟ — دەپ ئولتۇرۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدى سۇركاۋۇل.

— مەن بولسام بىر قاتىل، ھەرقايسىلىرى بىلەن قانداقمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرالايمەن؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئەي مەردانە يىگىت، — دېدى سۆركاۋۇل، — نېمىشقا يېتىرقايسىز؟ بۇ يەردە سىز تارتىنغۇدەك يات ئادەم بولمىسا.

ۋۇ سۆك قايتا - قايتا ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى، سۆركاۋۇل نەدىكىنى ئۆنىسۆن، ۋۇ سۆك ئاخىر بولماي خوش - خوش دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، بىر چەتتە قىيپاشلاپ ئولتۇردى. سۆركاۋۇل دېدەك - كۆڭۈللىرىنى مەي - شارابلار قۇيۇپ، ۋۇ سۆڭنى تەكلىپ قىلىپ ئىچۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئالتە - يەتتە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن، سۆركاۋۇل مېۋە - چىۋە، مەي - شارابلارنى كەلتۈرۈڭلار، دەپ خىزمەتكارلىرىنى بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر يۈرۈش ئاش - تائام كەلتۈردى، ئاندىن ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلار سېلىندى، نەيزىۋازلىقنىڭ بىرمۇنچە ئۇسۇل - يوللىرى سورالدى.

— شۇنداق كاتتا ئەر تۇرۇپ، كىچىككىنە قەدەھتە مەي ئىچسىڭىز بولامدىكەن! — دېدى سۆركاۋۇل ۋە دەررۇ كۈمۈش قەدەھ كەلتۈرۈپ، باشقىدىن مەي قۇيۇشقا باشلىدى. ۋۇ سۆك كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قەدەھ ئىچتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى پەنجىرىدىن يورۇق ئاينىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. شىركەيپ بولۇپ قالغان ۋۇ سۆك تۈزۈت - پۈزۈت دېگەننى ئۇنتۇپ ھەدەپ ئىچكىلى تۇردى. سۆركاۋۇل ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يۇ لىيەن دېگەن دېدىكىنى قوشاق ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. يۇ لىيەن شۇنداق كېلىشكەن بىر نازىنىن قىز ئىدىكى:

يۇزلىرى خۇددى ئاناردەك، لەۋلىرى ئەينۇل سىياق،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، كۆزلىرى گويا بۇلاق.
بەللىرى نازۇك چىۋىقتەك، پۇتلىرى بارماق مىسال،
تەنلىرى بەئەينى سۈتتەك چاچىدۇ خۇشبۇي پۇراق.
ئۈستىگە كىيگەن تاۋاردىن ئەۋرىشىم كۆڭلەكنى ئۇ،
يەڭلىرى ئىچرە گوياكى قوللىرى بەرگى قىياق.
چاچلىرىغا قىستۇرۇپ سۇمۇرغقا ئوخشاش جىغىنى،
قوزغىدى چاق - چۇق چېلىپ بەزمە ئەھلىدە زور ئىشتىياق.

جاڭ سۇركاۋۇل يۇ لىيەنگە قاراپ:

— بۇ يەردە بىزنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىمىز بولغان ۋۇ سۇڭ يۇزبېشىدىن باشقا، ھېچقانداق يات كىشى يوق، سەن بىزگە تاۋۇز چاغىنىدىكى ئاي سەيلىسىدە ئېيتىلىدىغان قوشىقىڭنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى.

يۇ لىيەن پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان چاق - چۇقىنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن لەۋەن سوتۇق[①] لىرىنى ياڭرىتىپ، ئاتاقلىق دۇڭپۇ مىرزىنىڭ تاۋۇز چاغىنىغا بېغىشلاپ يازغان شۇيدياۋ قوشىقىنى ئېيتتى.

## قوشاق

چىققۇسى قاچانمۇ كۆككە تولۇن ئاي —
دەپ قولۇمدا مەي تۇتۇپ كۆكتىن سوراي:
قايسى يىلنىڭ ئاخشىمى بۇ بىلمىدىم،
نەدىدۇر ئاسماندىكى مەرمەر ساراي؟
ئات قىلىپ كۇزلۇك شامالنى كۆككە چىققۇم كېلىدۇ،
قورقىمەن ياقۇت راۋاق، مەرمەر ساراي ئېگىز بىراق،
ئۇڭا مەن سوقنى يېتىپ قانداق چىقاي.
چۇشسىمۇ كۆكتە پەرىزاتلار ئۇسسۇلغا شوخ - لەۋەن،
يەردىكى زىباغا قانداق ئوخشىتاي.
قىپقىزىل پەردەمنى قايرىپ مەن ئېگىز ياتتىم كېچە،
چاچسا ئاي شولا نېچۈك كىرپىك قاقاي؟
نە ئۇچۇن خەقلەر ۋىدالاشقاندا ئاي بولدۇڭ كۇرە؟
رەنجىمە مەندىن قېتى ئېيتقىن ئۇقاي.
ھە، كىشىدە قايغۇ، شادلىق، ئايرىلىش ھەم جەم بولۇش،
ئايدىمۇ گاھى تۇتۇقلۇق، ئېچىلىش، تۆرۈك بولۇش —

---

① سوتۇق — ئاھاڭ، كۇي، ئاۋاز دېگەن مەنىلەردە

www.uyghurkitap.com

بەزىدە كەمتۈك بولۇشمۇ تا ئەزەلدىن بار ھامان،
ھەممىنىڭ تەل بولمىقى كەم ئۇچرىغاي.
ئەي كىشى بولغاي سىنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن،
مەڭگۈلۈك گۈزەل ھايات تىلەپ قالاي.

يۇ ليەن قوشاقنى ئېيتىپ بولۇپ، چاق ـ چۇقمىنى قويىدى ۋە يەنە تەزىم قىلىپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ ئۆرە تۇردى.

— يۇ ليەن، — دېدى يەنە سۇركاۋۇل، — ھەممەيلەنگە بىر قۇر مەي تۇتۇپ چىق.

يۇ ليەن ماقۇل دەپ، قولىغا بىر پەتنۇسنى ئالدى، دېدەك قىز مەي قۇيدى، يۇ ليەن ئالدى بىلەن پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەي تۇتتى، ئاندىن ئاغىچا خېنىمغا تۇتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ۋۇ سۇڭغا تۇتتى. سۇركاۋۇل مەينى تولدۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ۋۇ سۇڭ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يىراقتا تۇرۇپ قولىغا قەدەھ ئېلىپ، بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دەپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىككى قېتىم كۆتۈردى ـ دە، گۈپ قىلىپ ئىچىۋەتتى ۋە دەررۇ قەدەھنى قايتۇرۇپ يۇ ليەنگە بەردى.

سۇركاۋۇل ۋۇ سۇڭغا يۇ ليەننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ بەكمۇ ئەقىللىك قىز، قولىدىن ھەممە ساز كېلىدۇ، يىڭنە ئىشىغىمۇ ئاجايىپ ئۇستا. ئەگەر سىز لايىق كۆرسىڭىز، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سائادەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، سىزگە قوشۇپ قويىمەن، — دېدى.

— پېقىردەك بىر گادايي قانداقمۇ جانابلىرىغا كۈيئوغۇل بولالايمەن؟ مەن ئۆزلىرىنىڭ لايىقلىرى ئەمەس بېگىم، — دېدى ۋۇ سۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە تەزىم بىلەن.

— ياق، مەن بۇ قىزنى سىزگە بېرىمەن دەپ ئېغىزلاندىممۇ، چوقۇم سىزگە بېرىمەن. سىز ياق دېمەڭ، مەن بۇ گېپىمدىن يانمايمەن، — دېدى سۇركاۋۇل كۈلۈپ.

ۋۇ سۇڭ كېيىنى ـ كېيىندىن يەنە ئون نەچچە قەدەم ئىچىۋەتتى. مەي ئۇنى تۇتتى بولغاي ئېھتىمال، ۋۇ سۇڭ بىئەدەپلىك قىلىپ قويماي دەپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغا تەزىم قىلىپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى ۋە ئالدى ئايۋاننىڭ ئارىلىقىدىكى ھۇجرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. شۇ يەردە بىرئاز كۆڭلى ئايىنىغاندەك بولۇپ ئۆيگە كىردى، ئۇستىدىكى كەمزۇلنى سېلىپ، بېشىدىكى بوغمىچىنى يەشتى، ئۇخلاشقا كۆزى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن توقمىقىنى ئېلىپ، ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى ـ دە، تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا توقمىقىنى بىرنەچچە قېتىم پىرقىرىتىپ ئويناتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە قارىدى. قارىسا، ئالاھازەل ئېغىر ياتقۇ مەھەل بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ يەنە ئۆيگە كىردى، ئەمدىلا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ ئۇخلاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئارقا سارايدىن: «ۋاي ئوغرى كەلدى !» دەپ ۋارقىرىغان بىرىنىڭ ئاۋۇشى ئاڭلاندى. ۋۇ سۇڭ ئىچىدە: «سۇركاۋۇل بېگىم مېنى شۇنداق ياخشى كۆرۈۋاتسا، ئارقا سارايغا ئوغرى كىرگەن يەردە بۇ ئوغرىنى تۇتماي قاراپ تۇرىمەنمۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، غاچ ـ غۇچ توقمىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل ئارقا سارايغا بېسىپ كىردى. قارىسا، ھېلىقى قوشاق ئېيتىپ بەرگەن يۇ ليەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چىقىپ ۋە باغچە تەرەپنى كۆرسىتىپ: «بىر ئوغرى باغچە تەرەپكە كەتتى !» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

ۋۇ سۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، توقمىقىنى كۆتۈرگەن پېتى ئىتتىك باغچىغا كىرىپ بىر ئايلىنىپ چىقتى، لېكىن بىرمۇ ئادەم يولۇقمىدى. ۋۇ سۇڭ غاچچىدە ئۆرۈلۈپ كەينىگە ياندى ۋە قاراڭغۇدا ئاۋايلىماي بىر ئورۇندۇققا پۇتلىشىپ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى، شۇ ئارىدا يەتتە ـ سەككىز چېرىك چىقىپ «تۇت ئوغرىنى !» دەپ ۋارقىرىشىپ، يەردە ياتقان ۋۇ سۇڭنى دەرھال بىر ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى، ۋۇ سۇڭ: «ۋاي

مەن !» دەپ توۋلىدى. چېرىكلەر نەدىكىنى قۇلاق سالسۇن ، ئىچكىرىكى سارايدىكى شام چىراغلار يورۇپ كەتتى، جاڭ سۇركاۋۇل ئايۋاندا ئولتۇرۇپ: «ئەكىلىش !» دەپ ۋارقىرىدى.

چېرىكلەر ۋۇ سۇڭنى هەر قەدەمدە بىر توقماقلاپ، ئايۋاننىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ:

— مەن ئوغرى ئەمەس، ۋۇ سۇڭ، — دەپ توۋلىدى.

جاڭ سۇركاۋۇل ۋۇ سۇڭنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن چىرايىنى تۈرۈپ:

— هەي پالاندى ئوغرى، سەن تەن - تېنىڭگە سىغىپ كەتكەن بىر قاراقچى ئىكەنسەن، شۇنىڭغا قارىماي، مەن سېنى ئەتىۋارلاپ قىلمىغىنىم قالمىدى، ساڭا قىلچە يامانلىق قىلمىدىم، يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ، مەي - شارابلار بىلەن مېھمان قىلدىم، مەن سېنى ئۆستۈرۈپ بىرەر ئەمەل بېرەي دېگەن ئۈمىدتە يۈرسەم، نېمىشقا مۇنداق ئەسكىلىك قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ تىللىغىلى تۇردى ۋارقىراپ.

— بېگىم، مەن ئۇنداق ئىشنى قىلغىنىم يوق ! ئەسلىدە مەن ئوغرىنى تۇتىمەن دەپ چىققاندىم، ئەكسىچە چېرىكلەر كېلىپ مېنى ئوغرى دەپ تۇتۇۋالغىنى نېمىسى؟ مېنى ئاتام ئوغۇل دەپ تاپقان، هەرگىز مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ ئۈنلۈك قىلىپ.

— شۆلتەڭلىمە① ! — دەپ ۋارقىرىدى جاڭ سۇركاۋۇل، — بۇنى ئاپىرىپ ئۆيگە سولاپ قويۇش، بۇلاپ كەلگەن نەرسىلىرى بولسا ئاختۇرۇپ كۆرۈش.

چېرىكلەر ۋۇ سۇڭنى ئالدىغا سېلىپ، تۈپتوغرا هېلىقى ئۆيگە ئېلىپ باردى ۋە ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ چىغ ساندۇقىنى ئېچىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە كىيىم - كېچەك، كىيىملەر ئاستىدا بولسا كۈمۈش قاچا - قۇچىلار تۇراتتى. بۇنىڭ

① كاپشىما، ۋالاقلىما دېگەن مەنىلەردە.



www.uyghurkitap.com

بارى - يوقىي ئىككى يۈز سەر كۆمۈشلۈك نەرسىلەر ئىدى، ۋۇ سۈك بۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭلا قالدى ۋە «بۇ ناھەقچىلىك» دەپ ئاللا - توۋا سالدى، چىرىكلەر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئايۋاننىڭ ئالدىغا ئاچىقتى، جاڭ سۇركاۋۇل كۆرۈپ:

— ھەي پالاندى ئوغرى، نېمىدېگەن ئۇياتسىز نېمىسەن، بۇ ئوغرىلانغان نەرسىلەر سېنىڭ ساندۇقۇڭدىن چىقتى، بۇنىڭدىن تانالامسەن! «كونىلار ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر» دەپ توغرا ئېيتقان. ئەسلىدە سەن ئادەم چىراي، ھايۋان سۈپەت توغما ئوغرىكەنسەن! ئوغرىلىغان نەرسىلىرىڭ قولغا چۈشتى مانا، ئەمدى گەپ قىلىدىغان يېرىڭ يوق، — دەپ راسا تىللاپ كەتتى.

بۇ نەرسىلەر كىچىلەپ يېچەتلەندى، جاڭ سۇركاۋۇل: «بۇ ئەبلەخ بىلەن ئەتە سۆزلىشىمەن» دەپ ۋۇ سۈڭنى مەسلىھەتچىلەر ئۆيىگە قاماپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ۋۇ سۈڭ ئۆزىگە ئۇۋال بولغانلىقىنى ئېيتىپ زار - زار قاقشىغان بولسىمۇ، نەدىكىنى قۇلاق سېلىشسۇن، چىرىكلەر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، ۋۇ سۈڭ بىلەن بىللە ئاپىرىپ مەسلىھەتچىلەر ئۆيىگە تاپشۇرۇپ بەردى. جاڭ سۇركاۋۇل كېچىچە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى ئايماق ئامبىلىغا مەلۇم قىلدى ۋە مىرزا - پەتىۋاچىلاردىن تارتىپ چوڭ - كىچىك ھەممە ئەمەلدارلارغا پۇل پارا بەردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايماق ئامبىلى ئەمدىلا دىۋانغا كىرىپ ئىشقا ئولتۇرۇشىغا، تۇتقاۋۇل، مىرشاپلار ۋۇ سۈڭنى ئالدىغا سېلىپ، ھېلىقى ساندۇق بىلەن بىللە دىۋان ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئالاقە خېتىنى ئايماق ئامبىلىغا تۇتتى. ئامبال ۋۇ سۈڭنى باغلاڭلار دەپ ۋارقىراپ، ئادەملىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى. زىندانبېگى ئۆزىنىڭ قىيىن - قىستاق قىلىدىغان جابدۇقلىرىنى ئەكېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، ۋۇ سۈڭ گەپ قىلماقچى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئەمدىلا ئاغزىنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئامبال:

— بۇ بولسا يىراقتا سۇرگۈن قىلىنغان بىر پالاندى، ئوغرىلىق قىلماي قالمايدۇ، بۇ ئەبلەخ چوقۇم پۇل - مالنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزغان. ئۇنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىلىرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ مانا، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بولۇشىغا ئۇرۇڭلار بۇ ئوغرىنى ! — دەپ ۋارقىرىدى.

گۇندىپايلار قومۇش پالاقنى ئېلىپ ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، ۋۇ سۇڭ ئەھۋالنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يالغاندىن ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە «مۇشۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى يامۇل بېگىنىڭ بىرمۇنچە كۈمۈش قاچا - قۇچىلىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قېلىپ نىيىتىم بۇزۇلدى - دە، شۇ كېچىسى كىرىپ غەيىپىدىلا ئېلىۋالدىم» دېگەن ئىقرارنامىنى يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردى.

— بۇ مۇناپىقنىڭ، — دېدى ئايماق ئامبىلى، — پۇل - مالنى كۆرۈپ راستلا كۆزى قىزىرىپ قالغان، بۇنىڭدا گەپ يوق، دەرھال بوينىغا تاقاق سېلىپ، زىندانغا تاشلاڭلار.

گۇندىپاي تاقاقنى ئەكېلىپ ۋۇ سۇڭنىڭ بوينىغا سالدى ۋە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپ زىندانغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

## نەزم

ئاشتى سۇركاۋۇل بېگىمنىڭ چېكىدىن پارىخورلۇقى،
خوتۇنى - چۆرىلىرىنى قىلدى قۇربان شۇملۇقى.
ئوغرى دەپ مۆمىن خەلقنى تاشلىدى زىندانغا بەگ،
قەلبىنى ساتتى نىمىشقا بۇ ۋىلايەت - يۇرت بېگى.

ئەمدى گەپنى ۋۇ سۇڭدىن ئاڭلاڭ. ۋۇ سۇڭ زىنداندا يېتىپ، «بۇ ھەرقاچان جاڭ سۇركاۋۇل دېگەن ئىپلاسنىڭ ھىيلىسى، بۇ مۇناپىق مېنى ئالداپ، ئاخىر تۇزاققا چۈشۈردى. خەپ توختاپ

تۇر، زىنداندىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغانلا بولسام، سەن بىلەن شۇ چاغدا سۆزلىشىۋالىمەن» دەپ ئويلىدى.

گۇندىپايلار ۋۇ سۇڭنى باش زىندانغا ئەكىرىپ، پۇتىغا كىچە ـ كۇندۇز ئېلىنمايدىغان كىشەن سېلىپ، قولىنى ياغاچ لوك بىلەن ئىسكەنجىلەپ، قىلچە مىدىرلىيالمايدىغان قىلىۋەتتى.

ئەمدى شى ئېنغا كېلەيلى، قانداقتۇر بىر كىشى كېلىپ، ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى، شى ئېن ئالمان ـ تالمان شەھەرگە كىرىپ، ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئاتىسى:

— بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، جاڭ قۇربېگى ئىشنىڭ مۇئەككىلىگە ئۈچ ئېلىپ بېرىمەن دەپ جاڭ سۇركاۋۇلنى سېتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ بۇ ھىيلىنى تېپىپ چىقىپ، ۋۇ سۇڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان. ئۇ چوقۇم چوڭ ـ كىچىك سىپاھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىنى ياغلىدى، ئۆزى بولسا پۇل ـ پارا ئالدى، ئەمدى ئۇ جامائەتنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ، چوقۇم ۋۇ سۇڭغا قەست قىلىدۇ، مېنىڭچە، ۋۇ سۇڭغا ئۆلۇم كەلمەيدۇ، ئىككى كۆرەنىڭ زىندانبېگىنى سېتىۋالساقلا، ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ. قالغان ئىشنى كېيىن يەنە بىرنەرسە قىلىش مۇمكىن، — دېدى.

— ھازىرقى زىندانبېگى، — دېدى شى ئېن، — كاڭ ئۇرۇقىدىن. ئۇ كىشى مەن بىلەن ناھايىتى يېقىن. شۇنىڭغا بېرىپ يېلىنىپ باقساق قانداق؟

— ۋۇ سۇڭ سېنى دەپ گۇناھقا قالدى، ئۇنى قۇتۇلدۇرماي قانداق قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى ئاتىسى.

شى ئېن بىر ـ ئىككى يۈز سەر كۈمۈشنى ئېلىپ، دەررۇ كاڭ زىندانبېگىنىڭ ئۆيىگە باردى، بارسا ئۇ كىشى تېخى زىنداندىن قايتىپ كەلمەپتۇ. شى ئېن ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بىرىنى زىندانغا ئەۋەتتى. كۆپ ئۆتمەيلا زىندانبېگى قايتىپ كېلىپ شى ئېن بىلەن كۆرۈشتى. شى ئېن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىردىن سۆزلەپ بەردى.

— راست گەپنى ئېيتسام، ئاغا، — دېدى كاڭ زىندانبېگى، — بۇ ئىشنى پۇتۇنلەي جاڭ سۇركاۋۇل بىلەن جاڭ قۇربېگى قىلغان. ئۇلار بىر ئۇرۇقتىن بولغاچقا، ئاكا - ئۇكا بولۇپ قول بېرىشكەن. يېقىندا ئىشىك مۇئەككىلى جاڭ قۇربېگىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، جاڭ سۇركاۋۇلنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېلىنغانىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ، بۇ ھىيلىنى تېپىپ چىقىپتۇ، ئىشىك مۇئەككىلى چوڭ - كىچىك ھەممە سىپاھلارغا پارا بېرىپتۇدەك، بىزمۇ بۇ پارىدىن قۇرۇق قالمىدۇق. ئايماق ئامبىلى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قوللاپ، ۋۇ سۇڭنى چوقۇم جايلىۋەتمەكچى بوپتۇ، پەقەت پەتىۋاچى يې بېگىملا ئۇنىماي تۇرۇۋاپتىمىش، شۇڭا ۋۇ سۇڭنى جايلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. بۇ كىشى ھەققانىي ۋە مەردانە ئادەم بولغاچقا، ياخشى ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا يول قويمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ۋۇ سۇڭ ئامان قالغان.

دېگەنلىرىڭىزنى چۈشەندىم، زىنداندىكى ئىشلارنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ. ئۇنى قىلچىمۇ جاپا تارتقۇزمايمەن، ئەركىن تۇتىمەن. سىز چاپسانراق بېرىپ پەتىۋاچىبېگىمگە يېلىنىپ بېقىڭ، ئۇ كىشى بالدۇرراق تۈتۈش قىلسۇن، شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسىز.

شى ئېن يۈز سەر كۈمۈشنى چىقىرىپ زىندانبېگىگە سۇندى، زىندانبېگى نەدىكىنى ئالسۇن، قايتا - قايتىلاپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندىن كېيىن ئاران تەسلىكتە ئالدى.

شى ئېن خوشلىشىپ ئىشىكتىن چىقتى - دە، تويپتوغرا كۈرەگە قايتىپ بېرىپ، پەتىۋاچى يې بېگىم بىلەن تونۇشىدىغان بىر كىشىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا يۈز سەر كۈمۈشنى بېرىپ، ۋۇ سۇڭنىڭ ئىشىنى تېزرەك بىر تايىن قىلىشنى ئۆتۈندى، پەتىۋاچىبەگ ۋۇ سۇڭنىڭ ياخشى ئەر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئۇزۇنغا تارتىشقا تىرىشتى، بىراق جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ پۇل



www.uyghurkitap.com

پارىسنى ئالغان ئايماق ئامبىلى ئىشنى چىڭىغا تارتىپ تۇرۇۋالدى. ۋۇ سۇڭغا ئوغرىلىق قىلغان دېگەن گۇناھنى ئارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمىغانلىقتىن، ئىشنى كەينىگە سوزۇپ، زىنداندىن چىقارماي جايلىۋېتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئەمما، ھازىر يەنە يۈز سەر كۈمۈش چۆنتىكىگە كىردى، ۋۇ سۇڭغا ئۇۋال بولغانلىقىنىمۇ بىلدى، شۇڭا ئۇنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللەتتى. شۇنىڭ بىلەن شى ئېن غەم - غۇسسىدىن خالاس بولۇپ، پەقەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى ھۆكۈمگىلا قاراپ قالدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

مۇھىم مەنسەپ تۇتۇپ پارىخور، ھېسابسىز رەزگى پاسىقلار،
يېدى ئالتۇن - كۈمۈش پارا، ئەيمەنمەي تاپتى بايلىقلار.
پەتىۋاچى بېگىم كۆڭلى گويا سۇدەك سۈزۈك بولغاچ،
ياۋاش خەقنى قاراقچى دەپ تۇتالمىدى مۇناپىقلار.

ئەمدى گەپنى شى ئېندىن ئاڭلاڭ. شى ئېن ئەتىسى بىرمۇنچە تاماق ۋە مەي - شارابلار راسلاپ، كاڭ زىندانبېگىنىڭ قېشىغا باردى. زىندانبېگى ئۇنى باشلاپ ئۇدۇل زىندانغا ئەكىردى، شى ئېن زىندانغا كىرىپ ۋۇ سۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەكەلگەن غىزا - تاماقلارنى ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ چاغدا ۋۇ سۇڭ زىندانبېگىنىڭ غەمخورلۇقى ئارقىسىدا پۇت - قوللىرىدىكى كويزا - كىشەنلەردىن بوشىنىپ خېلى يەڭگىللىشىپ قالغانىدى. شى ئېن يەنە يىگىرمە - ئوتتۇز سەر كۈمۈشنى ئېلىپ، گۇندىپايلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. داستىخاننى ئېچىپ، ۋۇ سۇڭنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ: «بۇ ئىشنى تاپتايىنلىق جاڭ سۈركاۋۇل قىلغان ئىش ئىكەن، ئۇ جانابلىرىنى بابلاپ، جياڭ مۇئەككەلگە ئۆچ ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ، كۆڭۈللىرىنى كەڭ تۇتۇپ، ھېچقانداق غەم - ئەندىشە قىلمىسىلا. مەن پەتىۋاچى بېگىمگە ئېيتتىم. ئۇ كىشى ئۆزلىرىدىن ئوبدان

خەۋەر ئېلىپ قويىدىغان بولدى. ۋاقىت ـ قەرەللىرى توشۇپ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن يەنە سۆزلىشەرمىز» دېدى.

ۋۇ سۇڭ بۇ چاغدا خېلى يەڭگىللىشىپ، زىنداندىن قېچىش كويىغا چۈشۈپ قالغانىدى، شى ئېنىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ نىيىتىدىن ياندى، شى ئېن ۋۇ سۇڭنى خاتىرجەملەندۈرۈپ قويۇپ كۆرەگە قايتىپ كەتتى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شى ئېن يەنە بىر ئاز غىزا ـ تاماق، مەي ـ شاراب ۋە پۇل ـ پۈچەكلەر راسلاپ، كاڭ بېگىمنىڭ قېشىغا كەلدى، كاڭ بېگىم ئۇنى باشلاپ زىندانغا ئەكىردى، ئۇ ۋۇ سۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى ۋە داستىخاننى ئېچىپ، ۋۇ سۇڭنى مەزەگە تەكلىپ قىلدى؛ ئاندىن مەي ـ شاراب ئىچىشىسىلە، دەپ گۇندىپايلارغا بىر ئاز كۈمۈش پۇل ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن چېپىپ يۈرۈپ، ۋۇ سۇڭنىڭ ئىشىنى چاپسانراق بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىراتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شى ئېن يەنە ئاش ـ تائام، مەي ـ شاراب راسلاپ ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر تىكتۈرۈپ، يەنە كاڭ بېگىمنىڭ قېشىغا باردى. كاڭ بېگىم ئۇنى باشلاپ يەنە زىندانغا ئەكىردى. شى ئېن ۋۇ سۇڭغا ئوبدانراق قاراپ قويامدىكىن دەپ، گۇندىپايلارغا مەي قويۇپ بەردى، ئاندىن ۋۇ سۇڭنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۆتكىتىپ، ئەكەلگەن غىزا ـ تاماقلىرىنى قويۇپ بەردى. مۇشۇنداق ئەركىن ـ ئازادە كىرىپ ـ چىقىپ، شى ئېن ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ۋۇ سۇڭنى ئۈچ قېتىم يوقلاپ كىرگەن بولدى. ئەمما، كىرىش ـ چىقىشتا ئاۋايلىمىغانلىقتىن، جاڭ قۇربېگىنىڭ يېقىنلىرى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، جاڭ قۇربېگىگە ئېيتىپ قويدى. قۇربېگى بېرىپ بۇ ئەھۋالنى سۇركاۋۇلغا ئېيتتى. سۇركاۋۇل يەنە ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلار ئەۋەتىپ بۇ ئەھۋالنى ئايماق ئامبىلىغا مەلۇم قىلدى. ئايماق ئامبىلى پارىخور سىپاھ بولغاچقا، پارىنى ئالدى ـ دە، زىندانىنى دائىم پايلاپ تۇرۇشقا كىشى قويۇپ قويدى.

پايلاقچىلار بۇ يەرگە بىكارچى بىرەر ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھامان، يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سوراپ - تەگەپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان شى ئېن شۇنىڭدىن كېيىن ۋۇ سۇڭنى يوقلاپ بارالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما ۋۇ سۇڭغا كاڭ بېگىم بىلەن گۇندىپايلار بۇرۇنقىدەكلا ياخشى قاراپ تۇردى. شى ئېن ئەتە - ئاخشىمى كاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ تۇردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، پەتىۋاچى يې بېگىم ۋۇ سۇڭغا بولۇشۇپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئايماق ئامبىلى ئاخىر پەيلىدىن ياندى ۋە جاڭ قۇربېگىنىڭ ئىشىك مۇئەككىلىدىن پارا ئالغاندىن كېيىن جاڭ سۇركاۋۇل بىلەن بىرلىشىپ ۋۇ سۇڭغا قەست قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە: «كۈمۈشىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ، زىيانكەشلىكنى ماڭا قىلدۇرماقچىمۇ!» دەپ ئويلىدى - دە، كۆڭلى لاسىدە يېنىپ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزمەكچى بولدى.

ۋۇ سۇڭ دەل ئاتمىش كۈن تولغان كۈنى زىنداندىن چىقىرىلدى. دىۋانغا كەلتۈرۈلۈپ بويىنىدىكى تاقاقمۇ ئېلىپ تاشلاندى. پەتىۋاچى يې بېگىم: «ۋۇ سۇڭ يىگىرمە پالاق ئاستىغا ئېلىنىپ، ئېنجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار كورەسىگە سۈرگۈن قىلىنسۇن. ئۇ ئوغرىلىغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن» دەپ يېزىلغان پەتىۋانى ئوقۇدى.

جاڭ سۇركاۋۇل ئوغرىلانغان نەرسە - كېرەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئادەملىرىدىن بىرنى يامۇلغا ئەۋەتتى. ۋۇ سۇڭغا يىگىرمە پالاق ئۇرۇلدى ۋە ماڭلىيىغا خەت چېكىلىپ، بويىنىغا يەتتە يېرىم جىڭلىق ياپىلاق تاقاق سېلىندى. سۈرۈك بەلگىلىنىپ، ئۇنى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن بىر پارچە ئالاقە بىلەن ئىككى ياي تەيىنلەندى. ئىككى ياي ئالاقىنى ئېلىپ، ۋۇ سۇڭنى ئالدىغا سېلىپ، ئايماق يامۇلىنىڭ

دەرۋازىسىدىن چىقتى.

ئەسلىدە ۋۇ سۇڭنى پالاق ئاستىغا ئېلىشتىن بۇرۇن، چوڭ كۆرەبېگى پالاقچىلارغا پۇل تىقىپ، پالاقنى بوشراق ئۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەتىۋاچىبېگىمۇ كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇراتتى، ئايماق ئامبىلىمۇ ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئانچە قاتتىق ئۇرماسلىقنى ياقىلايتتى، شۇ ۋەجىدىن بۇ قېتىملىق پالاق ۋۇ سۇڭ ئۈچۈن ئاسان چۈشتى.

ۋۇ سۇڭ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بويىنىغا تاقاق سېلىنغان هالدا شەھەردىن چىقتى، ئىككى يايىمۇ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ بىللە ماڭدى. ئالاھازەل بىر چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول ماڭغاندىن كېيىن بىردىنلا پادىشاھلىق يولنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر مەيخانىدىن شى ئېن چىقىپ:

— بۇ يەردە پەقەت ئۆزلىرىنىلا ساقلاپ تۇرغانىدىم، — دېدى ۋۇ سۇڭغا قاراپ.

ۋۇ سۇڭ شۇنداق قارىسا، شى ئېن باش - كۆزىنى تېڭىپ، قولىنى ئېسىۋالغانىدى.

— نەگە يوقالدىلا، كۆرۈنمەيلا كەتتىلىغۇ، قانداقچە بولۇپ قالغانلىرى بۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— ئاغا، سىلىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىم، — دەپ سۆز باشلىدى شى ئېن، — پېقىر ئۆزلىرى بىلەن زىنداندا ئۈچ قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئايماق ئامبىلى بىلىپ قېلىپ، زىندانغا پايلاقچى ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى، جاڭ سۇركاۋۇلمۇ زىنداننىڭ ئىشىكىنى چارلاپ تۇرىدىغان ماراقچى قويۇپ قويدى، شۇڭا پېقىر ئۆزلىرىنى يوقلاپ زىندانغا بارالمىدىم، پەقەت كاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگىلا بېرىپ، جانابلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردۇم. بۇنىڭدىن يېرىم ئاي ئىلگىرى، بىر كۈنى ئارامجاڭگالدىكى مەيخانىدا تۇرسام، جياڭ مۇئەككەل دېگەن ئوغرى بىرمۇنچە چېرىكنى باشلاپ كېلىپ، مېنى ئۇر - ئۇرغا

uyghurkitap.com

سىلىقۋەتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق دۇمبا يېدىم. ئۇ تېخى يەنە جامائەتنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتقۇزدى، ئاندىن مەيخانىنى يەنە تارتىۋالدى. مەيخانىدىكى مال ـ بىساتلىرىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆيۈمگە كېلىۋېلىپ ياتتىم. ئۆزلىرىنىڭ ئېنچۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىگە ئىككى قۇر پاختىلىق چاپان ئالغاچ كەلدىم، يوللاردا توڭلىغاندا كىيەرلا، يەنە ئىككى غاز كاۋىپىنى پىشۇرۇپ كەلدىم، قورساقلىرى ئاچقاندا يەرلا، ئاغا.

شى ئېن ئىككى يايىنى مەيخانىغا تەكلىپ قىلدى، يايلار نەدىكىنى ئۇنىسۇن.

— ۋۇ سۇڭ دېگەن بىر قاراقچى تۇرسا، — دېدى يايلار قوپاللىق بىلەن، — سېنىڭ شارابىڭنى ئىچىپ، تامىقىڭنى يەپ قويساق، ئەتىلا بالاغا قالىمىز. تاياقتىن قورقساڭ، بۇ يەردىن چاپسان كەت.

شى ئېن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، يېنىدىن ئون نەچچە سەر كۆمۈشنى ئالدى ـ دە، ئىككى يايغا سۇندى. يايلار نەدىكىنى ئالسۇن، ئۇلار ئاچچىقى بىلەن ۋۇ سۇڭنى ھەيدەپ مېڭىشقا ئالدىراتتى. شى ئېن ئىككى پىيالە مەي ئەكېلىپ، ۋۇ سۇڭغا تۇتتى ۋە بىر بوغجۇمنى ئۇنىڭ بېلىگە چىگىپ، ھېلىقى پىشۇرۇلغان ئىككى غاز كاۋىپىنى بوينىدىكى تاقىقىغا ئىلىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ: «بوغجۇمىدا ئىككى پاختىلىق چاپان بار، يەنە بىر ياغلىقتا بىر ئاز كۆمۈش پۇل چىگىپ قويدۇم، يولدا خىراجەت قىلارلا، يەنە ئىككى دانە سەككىز قۇلاقلىق چىگە چورۇقمۇ بار. يوللاردا ئېھتىيات قىلسىلا، بۇ ئىككى ئوغرى پەيلى يامان بىرنېمىلەردەك كۆرۈنىدۇ» دەپ جېكىلەپ قويدى، ۋۇ سۇڭ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— سىلى دېمىسىلىمۇ ئاللىقاچان بىلگەنىدىم، بۇلاردەك يەنە ئىككىسى بولسىمۇ قورقۇشۇم يوق. سىلى ئەمدى قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كەتسىلە، خاتىرجەم بولسىلا، بۇلارنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دېدى.

شى ئېن ۋۇ سۇڭ بىلەن خوشلىشىپ، يىغلىغان پېتى كېتىپ قالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ.

ۋۇ سۇڭ بىلەن ئىككى يايى مېڭىپ بىرنەچچە چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى يايى: «ھېلىقى ئىككىيلەن كەلمەيدىغۇ» دەپ ئاستاغىنا پىچىرلىشىۋالدى. ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلاپ بىر پەس ئويلاندى ۋە ئىچىدە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ: «پالانى نېمەمگە پىچىرلىشامسەن، ھالىڭغا بېقمىشماي، غوجائاكىسىڭغا قەست قىلىشماقچى بولۇۋاتقىنىڭنى تېخى!» دېدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى تاقاق بىلەن بىللە مىخلاقلىق بولۇپ، سول قولى بوش ئىدى. ئۇ تاقاقتا ئىلىقلىق تۇرغان ھېلىقى غاز كاۋىپىدىن بىرنى ئېلىپ، يايىلار بىلەن كارىمۇ بولماستىن ماچىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى، يەنە تۆت - بەش چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن غازكاۋىپىنىڭ يەنە بىرىنى ئېلىپ، ئوڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن تىتىپ يېگىلى تۇردى. بۇ ئىككى غاز كاۋىپىنى بەش چاقىرىمچە يەرگە بارا - بارمايلا يەپ بولدى. شەھەردىن ئالاھازەل سەككىز - توققۇز چاقىرىمچە يول يىراقلىقتىكى بىر يەرگە بارغاندا، ئالدىدىن بەللىرىگە خەنجەر ئېسىپ، قوللىرىغا قىلىچ تۇتۇپ، يول بويىدا كۈتۈپ تۇرغان ئىككى ئادەم كۆرۈندى. ئۇلار ۋۇ سۇڭنى ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتقان ئىككى يايىنى كۆردى - دە، ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىللە ماڭدى. ۋۇ سۇڭ بۇ ئىككى يايىنىڭ ھېلىقى قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان ئادەم بىلەن قاش - كۆز ئىشارىتى قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇ نەيرەڭلىرىنى ئالللىقاچان سېزىۋالغان ۋۇ سۇڭ قورسىقىغا پۈكۈپ قويۇپ، كۆرمەسكە سېلىپ يولىغا مېڭىۋەردى.

ئانچە كۆپ ماڭمايلا، ئالدىدىن ئەتراپىنى ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئورىۋالغان، بېلىقلار مىغىلداپ ئويناپ يۈرگەن چوڭ بىر كۆل كۆرۈندى. بەشيلەن بىللە مېڭىپ كۆلنىڭ بويىدىكى يوغان بىر

كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۆۋرۈكنىڭ ئالدىدا ماڭلىيىغا «بۇلۇتلۇق كۆل» دەپ خەت يېزىپ قويۇلغان بىر زىننەت دەرۋازىسى تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ كۆرۈپ، يالغانلاردىن:

— بۇ يەر نېمىدەپ ئاتىلىدۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— كۆزۈڭ قارىغۇمىدى، كۆۋرۈك بويىدىكى زىننەت دەرۋازىسىغا يېزىپ قويۇلغان «بۇلۇتلۇق كۆل» دېگەن خەتكە قارىمامسەن، — دېدى ئىككى يايى جاۋابەن.

— تەرەت قىلىۋالاي، — دېدى ۋۇ سۇڭ توختاپ.

قوللىرىدا قىلىچ تۇتقان ھېلىقى ئىككى ئادەم ۋۇ سۇڭغا يېقىنلاپ كەلدى، ۋۇ سۇڭ «يوقال!» دەپ ۋارقىراپ، بىرىنى تېپىۋىدى، ئۇلارنىڭ بىرى پولتۇڭغىدە قىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىرى قاچىمەن دەپ كەينىگە ئەمدىلا بۇرۇلۇشىغا، ۋۇ سۇڭ ئوڭ پۇتى بىلەن بىرىنى تەپتى، ئۇمۇ پولتۇڭلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى ئىككى يايى قورقۇشىدا ئالاقزادە، بولۇپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا قاراپ بەدەر قاچتى. ۋۇ سۇڭ:

— نەگە قېچىشىسەن ! — دەپ ۋارقىراپ، بوينىدىكى تاقاقنى بىرلا قايرىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى ۋە ئۇلارنى قوغلىشىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرى قورقۇشىدا گۈپ قىلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ۋۇ سۇڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان يەنە بىرىنىڭ كۆكرىكىگە كەلتۈرۈپ تازا بىر مۇشت سېلىۋىدى، شۇ يەردىلا دومىلاپ چۈشتى، ۋۇ سۇڭ كۆلنىڭ بويىدا تاشلىنىپ ياتقان قىلىچتىن بىرنى ئالدى ـ دە، ئۇنى شارت قىلىپ چېپىپ تاشلىدى، ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېلىپ ھېلىقى يىقىلىپ چۈشكەن جاڭۋانىمۇ چېپىۋەتتى.

بايىقى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككىيلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ سۇدىن چىقىپ، ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ۋۇ سۇڭ قوغلىشىپ كېلىپ شارت قىلىپ بىرىنى چېپىۋەتتى. ئاندىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كېلىپ، يەنە بىرىنىڭ گەجگىسىدىن ئالدى ـ دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ:

— راستىڭنى ئېيت، ئەبلەخ، راستىڭنى ئېيتساڭ بىر قوشۇق

قېنىڭدىن كېچىمەن ! — دەپ توۋلىدى.
— بىز ئىككىمىز جىياڭ ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ شاگىرتى بولىمىز، — دەپ راستىنى ئېيتتى ئۇ، — ئۇستازىمىز بىلەن جاڭ قورېيگى مەسلىھەتلىشىپ، بىز ئىككىمىزنى ھېلىقى ئۆزلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئىككى يايىغا ياردەملىشىپ، باتۇر جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى.
— ئۇستازىڭلار ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.
— بىز بۇياقىقا قاراپ ماڭغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار ھەممىسى جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ ئىچكىرىكى سارىيىدىكى قوشماق ئۆردەك راۋىقىدا مەي - شاراب ئىچىشىپ، بىزنىڭ ئىشنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ قالغانىدى، — دېدى جاۋاب بېرىپ ئۇ.
— ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن - دە، — دېدى - دە، ۋۇ سۇڭ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، شارت قىلىپ ئۇنىمۇ چېپىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ بېلىدىكى قىلىچىنى چىقىرىۋېلىپ، قىلىچلارنىڭ ياخشىراقىدىن بىرىنى تاللىۋالدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئىتتىرىپ كۆلگە تاشلىۋەتتى. ۋۇ سۇڭ ئۇلارنى ئۆلمەي قالمىسۇن دەپ، قىلىچىنى ئالدى - دە، يەنە بىرنەچچە قېتىمدىن چانىۋەتتى؛ ئاندىن كۆۋرۈك بېشىدا تۇرۇپ: «بۇ تۆت ئوغرىنىڭغۇ ئۆلتۈردۈم، ئەمدى جاڭ سۇركاۋۇل، جاڭ قورېيگى، جىياڭ ئىشىك مۇئەككىلى دېگەن ئوغرىلارنى ئۆلتۈرمىسەم ئۆچۈم چىقمايدۇ !» دەپ ئويلىدى - دە، قىلىچنى كۆتۈرۈپ، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا ئويلىنىپ، تۇپتوغرا مېڭىپ مېڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەتتى.
ئەيىۋھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! بۇ ۋەقە بولمىغان بولسا، ۋۇ سۇڭ بۇ بىرنەچچە ئاچ كۆزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆچىنى ئالالمىغان بولاتتى. گۈللۈك سارايىنىڭ ئىچى ئۆلۈك - جەسەتكە تولمىغان، ئېگىز راۋاقنىڭ ئىچى قىزىل قانغا بويالمىغان بولاتتى. ۋۇ سۇڭ مېڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق نەشرىياتىنىڭ 1975 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،
1975 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海人民出版社1975年11月第1版，1975年11月第1次
印刷本翻译出版。

# سۇ بويىدا (1)

ئاپتورى: شى نەيئەن، لو گۋەنجۇڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: «سۇ بويىدا» تەرجىمە گۇرۇپپىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ
مۇھەررىرلىرى: باباخان، ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 － 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېخېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 25.25
قىستۇرما بېتى: 16
نەشرى: 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 － 13600
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 － 7 － 228 － 15829 － 4
باھاسى: 43.00 يۈەن (1 ـ كىتاب)